# قەشقەر يىلنامىسى

1985

# قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش ھەيئىتى

مۇدىرى: ئابدۇغوپۇر سىدىق.

1 - مۇئاۋىن مۇدىرى: ۋاڭ ۋېنچى.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى : تۇردى سوپى، جاڭ شىنمياۋ، لۈمىڭجاۋ، ئىمىنجان.

ھەيئەت ئەزالىرى: ھىسامىددىن ئۆمەر، ئابدىرېھىم قۇربان، ليۇگېنچىڭ، رەنۋۇچۈەن، ئابلەي زاھىر، ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا، ئەمەتجان، يۈجاۋشى، ليۇشۇەنلى، ليۇچېڭك، نامەتجان بەكرى، ۋاڭ يۇڭچاڭ، لياڭچاڭسۇڭ.

«قەشقەر يىلنامىسى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مەسلىھەتچىلىرى: ئىيسا شاكىر، مامۇت ھوشۇر، ئىزىز خۇدابەردى.

# كىرىش سۆز

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تارىختىن بۇيانقى تۇنجى يىلنامىسى رەسمىي دۇنياغا كېلىپ، كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

«قەشقەر يىلنامىسى» — ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان ئۇنۇۋېرسال، ماتېرىيال خاراكتېرلىك ۋە ئاددىي ئوقۇشلۇق خاراكتېرلىك پايدىلىنىش كىتابى. بۇنىڭدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى بىرقەدەر مول، ماتېرىيالى ئەمەلىي، بىلىم دائىرىسى كەڭ. بۇ، تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلاپ ۋە تەمىن ئېتىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە تارماقلىرى، مەدەنىيەت - تارىخ ئورۇنلىرى ۋە كەڭ كىتابخانىلارنى ئۇنۇۋېرسال تەھلىل قىلىدىغان ماتېرىياللار ۋە ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ھازىر نەشر قىلىنغان 1985 - يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى» قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق يېڭى ئەھۋالى، يېڭى نەتىجىسى، يېڭى ماتېرىياللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ، تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، بەزى تارىخىي خاراكتېرلىك ماتېرىياللار مۇۋاپىق ھالدا كىرگۈزۈلدى.

بىز بۇ يىلنامىنى تەھرىرلەش داۋامىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ توغرا يېتەكلىشىگە، قىزغىن غەمخورلۇق قىلىشىغا ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق تارماقلار، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ پائال ياردىمىگە ئېرىشىپ، بۇ كىتابنى بىر قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

يىلنامە تۈزۈپ نەشر قىلىش تەجرىبىمىز كەم بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىنغان 1985 - يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى»نى تۇنجى قېتىم قىلىپ باققان ئىشىمىز دېيىشكىلا بولىدۇ، كەمچىلىك ۋە نۇقسانلاردىن ساقلىنالمىشىمىز تەس، كەڭ كىتابخانلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

1985 - يىل ئاپرېل.

# [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# مۇندەرىجە

بەت


كىرىش سۆز

## ئالاھىدە بېرىلگەن ماقالىلار

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە غەمخورلۇق قىلدى ................................ 1

جاۋ زىياڭ زۇڭلى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى ................ 3

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى فاڭ يى قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى ................................ 7

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى كاڭ شىئېن قەشقەر ۋىلايىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى ................................ 8

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بەنچەن ئېردېنى چۆجىجيەنزەن قەشقەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى ................................ 10

لۇ جېڭساۋ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى...... 12

دۆلەتلىك ھاۋا رايى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى زۇجېڭمىڭ قەشقەرگە كېلىپ ھاۋارايى خىزمىتىنى كۆزدىن كۆچۈردى ................................ 14

كوۋۇيۇەن كۆكيار نېفىت - گاز كانىنى رەسمىي ئېچىشنى تەستىقلىدى ................ 14

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، شەھەر نۇقتا قىلىنغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئورۇنلاشتۇردى ................ 15

يولداش گوگاڭنىڭ ۋىلايەتلىك 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا بەرگەن دوكلادى (2 - قىسمى) قوشۇمچە قىلىندى................................ 17

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق ۋەزىيىتى ................................ 38

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى ................................

يولداش جاڭ چىڭيۇنىڭ ۋىلايەتلىك پىلان يىغىنىدا قىلغان سۆزى (قىسقارتىلمىسى)... 43

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1983 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1984 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدىكى پىكرى (1 - قىسمىنىڭ قىسقارتىلمىسى) ................

ئابدۇغوپۇر سىدىق ................................ 48

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە يىغىن ئېچىپ، شەھەر خىزمە- تىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى ........ 52

يولداش گوگاڭنىڭ ۋىلايەتلىك شەھەر خىزمىتى يىغىنى ئاخىرلاشقاندا قىلغان سۆزى ( قىسقارتىلمىسى ) ........ 53

يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ ۋىلايەتلىك شەھەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزى ( قىسقارتىلمىسى ) ........ 60

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگاڭنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىقتىسادىي تېخنىكا ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىكى توغرىسىدا قىلغان دوكلادى ........ 64

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىسى يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىقتىسادىي تېخنىكا ئەھۋا- لىنى تەكشۈرگەنلىكى توغرىسىدا قىلغان دوكلادى ........ 74

يولداش ياڭ جىيەنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈشنى تەكشۈرۈش يىغىنىدا قىلغان سۆزى ( 2-قىسمى ) ........ 86

يولداش ئىلەۋالدى توختىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايىي ھەركە- تىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرەشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر- نى تەقدىرلەش يىغىنىدا بەرگەن دوكلادى (قىسقارتىلمىسى) ........ 92

يولداش ئىمىن توختىنىڭ ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈ- رۈش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان خۇلاسە سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ........ 98

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھۆججەتلىرىنى ئەستا- يىدىل ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ........ 103

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ 7 جايلاردىن مەركەزنىڭ «1984-يىللىق يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ........ 105

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى- نى ئىزچىللاشتۇرۇشتا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى پىكرى ( سىناق تېرىقىسىدا يولغا قويۇلىدىغانلىرى ) ( قىسقارتىلمىسى ) ........ 107

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە ناھىيە ( شەھەر ) لىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش لايىھىسىگە تەستىق جاۋاپ بەردى ........ 118

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم قارار چىقىرىپ ، كادىر باشقۇرۇش ھوقۇق چېكى- نى تۆۋەنلەككە چۈشۈردى ........ 120

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ........ 122

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يولداش جاڭ يۇخۇادىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ........ 124

ۋىلايەتلىك پارتكوم پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ئۆز - ئارا
تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە ئۈندەشتۈرۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى ...... 126
ۋىلايەتلىك پارتكوم پۈتۈن ۋىلايەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى
ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى ...... 128
قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا
جىددىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ...... 130
قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە تاشيول باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قاتناش بىخەتەرلى-
كىگە ھەقىقى تۈردە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ...... 131
قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە، قەشقەر شۆبە ھەربى رايونى 1984 - يىل قىش پەسلىدە
ئەسكەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق تارقاتتى ...... 132
ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە 1985 - يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى»
نى نەشىر قىلىشنى تەستىقلىدى ...... 134

## ئومۇمى ئەھۋال

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ...... 135
جۇغراپىيەۋى ئومۇمى كۆرۈنۈشى ...... 135
تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ...... 135
كىلىمات ئالاھىدىلىكى ...... 137
مىللەتلەر ۋە نوپۇسى ...... 138
مەمۇرى رايونلىرى ...... 138
ئاساسلىق بايلىقى ...... 138
ئىقتىسادىي ئەھۋالى ...... 140
قاتناش، پوچتا - تېلېگىراف ...... 141
ئاسارە - ئەتىقە، قەدىمىي يادىكارلىقلىرى ...... 142
ناھىيە ( شەھەر ) لەرنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ...... 142
قەشقەر شەھىرى ...... 142
ئىسلاھاتتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ...... 147
قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ...... 149
«4 خىل» يەردىن پايدىلىنىپ، يېقىلغۇ ئورمىنى ئەھيا قىلىش ...... 155
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ...... 158
ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش ...... 162
يېڭىسار ناھىيىسى ...... 166
يېڭىسارنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى — بادام ...... 170
داڭدار قول ھۈنەر سەنئەت بويۇمى — يېڭىسار پىچىقى ...... 173
يوپۇرغا ناھىيىسى ...... 175
ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى تۇنجى بولۇپ
ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە ...... 179

پەيزىۋات ناھىيىسى ........ 183
پەيزىۋات قوغۇنى ........ 187
يەكەن ناھىيىسى ........ 188
يەكەن ناھىيىسىنىڭ مۇداپىئە ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى ........ 195
پوسكام ناھىيىسى ........ 198
پوسكام ناھىيىسىنىڭ شەھەر ـ بازار قۇرۇلۇشى ........ 204
قاغىلىق ناھىيىسى ........ 206
كۇئېنلۇن تېغى باغرىدا مېۋىلەر خۇش پۇراق چاچتى — قاغىلىقنىڭ
باغۋەنچىلىكى ........ 211
مەكىت ناھىيىسى ........ 212
مەكىت ناھىيىسىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ........ 217
مارالبېشى ناھىيىسى ........ 219
مارالبېشىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى قاتلاندى ........ 225
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 229
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى
تەبرىكلەش پائالىيىتى ........ 235

## سىياسىي

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ........ 238
جۇڭگو كومپارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى ........ 238
قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ........ 238
جۇڭگو كومپارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ........ 241
ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى ........ 241
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ........ 241
ۋىلايەت تارماقلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى ........ 241
ناھىيە (شەھەر) لەردىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 247
پارتىيە قۇرۇلۇشى ........ 252
ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئورگان ئىسلاھاتىنى ياخشى ئىشلەيلى
........ ياڭ جيەنجاڭ ........ 252
ئورگان ئىسلاھاتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش ........ 254
پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىلگىرىكى
تەييارلىق خىزمەتلەر ........ 255
3 ـ سەپ قۇرۇلۇشى ........ 257
كادىرلارنى تەربىيىلەش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەشنىڭ
مۇنتىزىملىشىشى ........ 258
پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ........ 259

ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ دەم ئالغان، پىنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ...... 260
تەشكىلات، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى ...... 260
قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىۋى ...... 261
پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ...... 262
يوپۇرغا ناھىيىسى پارتىيە ئىستىلىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى ...... 265
ئەمگەك، كادىرلار ...... 268
كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ...... 268
كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى ...... ئىسمايىل تىلىۋالدى ...... 269
ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ...... 275
زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، زىيالىيلارنىڭ تەمىناتى ياخشىلاندى ...... 276
1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىدىكى ئۆزگىرىش ...... 278
مەنىۋى مەدەنىيەت ...... 279
سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا خوشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى ...... ۋاڭ ۋېنچى 279
5بولۇش، 4گۈزەل، 3نى قىزغىن سۆيۈش پائالىيىتى ...... 274
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ...... 287
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى ...... 287
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشى بولدى ...... 289
قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ...... 291
قوشۇمچە: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ۋەكىللەر ئىسىملىكى ...... 293
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار ...... 296
مىللىي، دىنىي خىزمەت ...... 302
مىللىي خىزمەت توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ...... 302
ئارىلاش، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى ...... 303
تاجىك مىللىي ئاپتونوم يېزىسىدىن ئىككىسى قايتا قۇرۇلدى ...... 303
دىنىي خىزمەت توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ...... 304
قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ھاياتى ...... 306
قەشقەردىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەسچىتلەر ...... 307
ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ...... 309
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى ...... 317
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ...... 317

ئىسلاھاتتا لايىقلىشىپ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى ۋە ياشلار خىزمىتى ...... 319

يېزىلاردىكى ياشلارنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىشى ، ئىلىم - پەن ئىشلىتىشى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ، ئىلغار شەخسلەر ...... 321

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 323

سىياسى - قانۇن ...... 325

جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىۋى روشەن ياخشىلاندى ...... 325

ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەت چاقىرىلغان سىياسىي قانۇن سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى ...... 326

يوپۇرغا ناھىيىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە چىڭ تۇردى ...... 328

ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى ...... 329

جىنايى ئىشلار رازۋېتكىسىنىڭ تېخنىكىلىق خىزمىتى تېز راۋاجلاندى ...... 331

پانۇس چاغىنىدا خەتەردىن قۇتقۇزۇش ...... 332

جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭ ، تاڭ كېچۇەنلەرنى يوقىتىش ...... 333

ئەدلىيە خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ...... 335

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ، تەربىيىلەش خىزمىتى ...... 337

ئىچكى ۋە تاشقى ھەق - تەلەپ جامائەت گۇۋالىقى ...... 339

ئادۋوكاتلىق خىزمىتى ...... 340

ئەنزە مىساللىرى ...... 341

قەشقەر شەھرىدە زور ئوغرىلىق گۇرۇھى پاش قىلىندى ...... 341

مەمتىمىن ئىسمايىل بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى ...... 342

... بۇلاڭچى ، باسقۇنچى جىنايەتچى ۋاڭ شىڭگو قەتلى قىلىندى ...... 342

جاڭ جىڭگۇاڭ مۇھەببەت تىلىشىپ ۋوجۇتقا چىقىرالماي ، ئۆچ ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈردى ...... 343

3 «پوچتا چاشقىنى» جازالاندى ...... 344

خەلق ئىشلار ...... 345

خەلق ئىشلار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 345

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 347

يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ، ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتى ...... 351

يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى ...... 353

## ئىقتىسات


ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە قەشقەرنى ئېچىش توغرىسىدا …………… ئابدۇغوپۇر سىدىق 354
1984 ـ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان …………… 358
پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك …………… لى دېڭجيې 362
يېزىلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇ ـ
رۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە لايىقلىشايلى …………… لى دېخۇڭ 366
ئومۇمىي بايان …………… 370
يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى ۋە نەتىجىسىنىڭ تەدبىق قىلىنىشى …………… 370
مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى
( جەدۋەل قوشۇمچە قىلىندى ) …………… 373
يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلىلەر ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەر …………… 379
يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ مالىيە ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىندى …………… 383
يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى …………… 385
ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش …………… 387
يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا مائارىپى …………… 389
يېزىلاردىكى قۇۋۋەت مەنبەسى …………… 391
تۇپراق تەكشۈرۈش ھەققىدە ئومۇمىي بايان …………… 393
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك كىلىمات بايلىقى …………… 395
يېزىلاردىكى " 5 تە ياخشى " قۇرۇلۇش …………… 398
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك سېستىمىسىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قى ـ
لىنىش ئەھۋالى …………… 401
تېرىقچىلىق …………… 403
تېرىقچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان …………… 403
تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى …………… 406
پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىدا " بىر مىليون دەن " ئۆتكەلدىن بۆسۈپ
ئۆتۈلدى …………… 408
يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش …………… 410
قاغىلىقنىڭ يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىشى …………… 412
ياغلىق دان ۋە باشقا ئاز مىقداردىكى ئىقتىسادىي زىرائەتلەر …………… 415
ئۇرۇقچىلىق خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان …………… 416
باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك …………… 419
باغۋەنچىلىكنىڭ يېڭى قىياپىتى …………… 419
ئەسلىگە كېلىپ گۈللىنىۋاتقان قەشقەر پىلىچىلىكى …………… 423
ئورمانچىلىق …………… 424
ئورمانچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى …………… 424
ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى نەتىجىلەر …………… 428

«3 شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى ........ 429
تەبىئىي ئورمانلىقلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى، ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ........ 431
ئورمانچىلىق سىياسىتى ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى ........ 433
چارۋىچىلىق ........ 436
چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 436
چارۋا، قۇش نەسلىنى كەلتۈرۈش ۋە ياخشىلاش ........ 440
قوش قەۋەتلىك ئوتلاق ........ 443
قويلاردا بولىدىغان پارازىت قۇرۇتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ........ 444
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ........ 445
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........ 445
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى ........ 447
سۇ ئىشلىرى ........ 449
سۇ ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 449
سۇ باشقۇرۇش ........ 454
كاچۇڭ، ئۈچ كۆۋرۈك سۇ باشلاش توغان قۇرۇلۇشى ........ 457
گىدرومېتىرىيە خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........ 460
سۇ ئېلېكتىر ئىشلىرى ........ 462
سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ........ 464
يېزا - بازار كارخانىلىرى ........ 466
تەرەققىي قىلىۋاتقان يېزا - بازار كارخانىلىرى (1) ........ 466
تەرەققىي قىلىۋاتقان يېزا - بازار كارخانىلىرى (2) ........ 468
سانائەت ........ 472
قەشقەر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 472
قوشۇمچە: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ........ 473
كەسكىن ئىسلاھ قىلىپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ........ 477
شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى ........ 480
كۆمۈر سانائىتى ........ 482
ئېلېكتىر سانائىتى ........ 483
سېمونت سانائىتى ........ 484
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتى ........ 485

بىمەكلىكلەر سانائىتى …… 487
2 ـ يېنىك سانائەت …… 488
مىللىي قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى …… 489
ئاز سانلىق مىللەتلەر بۇيۇملىرى، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى ئىشلەيدىغان پىششىقەدەم ھۈنەرۋەنلەر ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنى …… 492
قەشقەر بوستانلىقىدىكى مەرۋايىت ـ قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق زاۋۇتى …… 493
كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش …… 495
كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى …… 497
ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق …… 499
قاتناش …… 502
تاشيول قۇرۇلۇشى …… 502
قوشۇمچە: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشيول مۇساپىسى خەرىتىسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشيول مۇساپىسى جەدۋىلى، قەشقەر شەھىرىنىڭ يەرلىك يوللىرىنىڭ مۇساپە جەدۋىلى ……
ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىشلىرى …… 503
پوچتا ـ تېلېگىراف …… 504
پوچتا ـ تېلېگىراف ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان …… 504
پوچتا ـ تېلېگىراف كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش …… 508
خەلقارا پوچتا ـ تېلېگىراف خەۋەرلىشىشى …… 510
گېزىت ـ ژورنال تارقىتىش ئىشلىرى …… 510
شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش …… 511
ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى …… 511
ئاساسىي قۇرۇلۇشتا پۇل ئاجرىتىشنى ئىسلاھ قىلىپ، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش …… 515
شەھەر قۇرۇلۇشى …… 516
يېزا ـ بازار گۈيخۇا قۇرۇلۇشى …… 519
ناھىيە بازارلىرىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى …… 520
ھېيتكار مەسچىتى …… 521
مۇھىت ئاسراش ھەققىدە ئومۇمىي بايان …… 523
مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى …… 528
مالىيە ئومۇمىي ئەھۋالى …… 528
مالىيەدىن ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ …… 533
ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى ياخشىلاندى …… 533
خامچوت سىرتىدىكى مەبلەغ …… 535
مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى …… 535

مۇپەتتىشلىك ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ئىلگىرى
سۈرەيلى ...... 536
باج خىزمىتى ...... 539
پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ...... 540
پۇل ئوبوروتى ...... 543
شەھەر ـ يېزىلاردىكى پۇل ئامانىتى ...... 545
يېزا پۇل مۇئامىلىسى ...... 546
جۇڭگو بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبە باشقارمىسى ...... 547
خەۋپسىزلەندۈرۈش خىزمىتى ...... 550
خەۋپسىزلەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 550
سودا ...... 551
سودا ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بارايلى ... سەيدىخان بارات
قەشقەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىۋاتقان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىسى ...... 553
ئاشلىق سېتىۋېلىش ، سېتىپ بېرىشتىكى ئۆزگىرىش ...... 555
يەككە سودىگەرچىلىك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا ...... 558
يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرى ...... 560
تەمىنات ـ سودا ...... 562
تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ، سېتىش شەكلىدىكى
ئۆزگىرىش ...... 562
يېزا تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ...... 563
مال باھاسى ...... 566
مال باھا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 566
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مال باھا سىياسىتىنى كەڭ قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى بىر
قانچە بەلگىلىمىسى ...... 569
1984 ـ يىلى ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ...... 573
مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئورنى ...... 576
تاشقى سودا ...... 577
تاشقى سودا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 577
پاكىستانغا قارىتىلغان چېگرا سودىسى ...... 580
سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان سودىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ...... 581
تاشقى سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ...... 581
ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلار ...... 582
قەشقەر گىلىمى ...... 582
زىرە ...... 583
قوللىياق ...... 584
قەشقەر تاموژنىسى ...... 585

ماددى ئەشيا ........ 586
ماددى ئەشيا ئوبورۇتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ........ 586
قوشۇمچە : 1984 ـ يىلى كىرگۈزۈلگەن ۋە سېتىلغان ئاساسلىق ماددى ئەشيالار ........ 588

## ھەربى ئىشلار

قەشقەر شۆبە ھەربى رايونى ........ 590
تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ........ 590
ھازىرقى تۈزۈلمە ........ 591
رەھبەرلىك ئورگانلىرى ........ 591
ھەربى تەلىم ـ تەربىيە ........ 594
ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ، ئالدىن تەشكىللەش مەشقى بويىچە سىناق ئۆتىمى ........ 595
سىياسى خىزمەت ........ 596
سىياسى تەربىيە ........ 596
مەدەنىيەت ئۆگىنىش ........ 597
قەشقەر شەھرىدە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتتى ........ چاقى شىنمياۋ ........ 598
ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ........ 601
قېرىنداش مىللەت كادىرلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش ........ 603
ئاساسى قاتلام قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى ........ 604
ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى تەقدىرلەندى ........ 605
ئاخبارات ـ خەۋەرچىلىك ........ 605
ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى ........ 606
ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى ........ 606
خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى ........ 607
خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ........ 607
خەلق ئەسكەرلىرى ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتى يىغىنى ........ 608
خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك كەنت قۇرۇشى ........ 609
خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى باشقۇرۇشتا 100 كۈن ۋەقە تۇغدۇرماسلىق پائالىيىتى ........ 610
خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ........ 611
كونىشەر ناھىيىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى تەلىم ـ تەربىيىسى بازىسى ........ 611
تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىپ ، ئۈنۈملۈك تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى ........ 612
پولك ـ مەيدانلارنىڭ قوراللىق خىزمىتى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ........ 612
چېگرا مۇداپىئەسى خىزمىتى ........ 613
مۇداپىئە رايونىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ........ 613

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئارمىيە، ساقچى، خەلق 3 تەرەپ بىر گەۋدە بولغان بىرلەشمە مۇداپىئە
تۈزۈلمىسى ........................................ 614
چارلاش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ........................................ 615
چېگرا مۇداپىئە سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش ........................................ 615
چېگرا مۇداپىئە گەزىرمە قۇرۇلۇشى ........................................ 616
چېگرا مۇداپىئەسىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق
مەيدان يىغىنى ........................................ 617
ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ........................................ 617
يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەر يەتكۈزۈپ بېرىشى ........................................ 617
بوشانغان ھەربىيلەرنى زاپاستىكى ھەربىيلىككە تىزىملاش، ئىستاتىستىكا
قىلىش ........................................ 618
تاشقى ئىشلار ........................................ 618
قوماندان دۇەن شكاڭ پاكىستان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ شتاپ باشلىقى،
گېنېرال پولكوۋنىك ھارىپنى دوستانە كۈتۈۋالدى ........................................ 618

## بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

يېقىن ئىتتىپاقلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەيلى ........................................ ۋاڭ چۈنجاۋ 620
كۆللىنىۋاتقان يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى ........................................ 622
شوركۆل بوز يەر رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................................ 626
44 ـ پولك ........................................ 626
49 ـ پولك ........................................ 627
50 ـ پولك ........................................ 628
51 ـ پولك ........................................ 629
52 ـ پولك ........................................ 630
53 ـ پولك ........................................ 631
قۇرۇلۇش پولكىنىڭ شوركۆل دېخانچىلىق مەيدانى ........................................ 632
شوركۆل سۇغۇرۇش قۇرۇلۇشى ........................................ 633
مەكىت بوز يەر رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................................ 634
43 ـ پولك ........................................ 634
45 ـ پولك ........................................ 636
چىڭگىلىك دېخانچىلىق مەيدانى ........................................ 636
48 ـ پولك ........................................ 637
قەشقەر بوز يەر رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................................ 638
41 ـ پولك ........................................ 638
«ما ئاتامىسىنىڭ بېغى» نىڭ يېڭى قىياپىتى ........................................ 640
42 ـ پولك ........................................ 640
پەيزاۋات باش مەيدانى ........................................ 641

شەرق شامىلى دېخانچىلىق مەيدانى ...... 642
قىزىل بايراق دېخانچىلىق مەيدانى ...... 642
چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئەھۋالى ...... 643
قاغىلىق 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى ...... 643
قىزىلسۇ ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق فېرمىسى ...... 643
ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرى ...... 644
پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ...... 647
يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى ...... 650
ئۆلچەش - لايىھىلەش ئەترىتى ...... 652
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قوشۇن... 653
بىناكارلىق شىركىتى ...... 654
3 يىل ئىسلاھ قىلىنىپ، 3 يىل ئۆزگىرىش ياساش ...... 655
ترانسپورت شىركىتى ...... 658
سېتىپ بېرىش شىركىتى ...... 659
8 - مارت قىزىلبايراق كوللېكتىۋى - ترانسپورت شىركىتىنىڭ خىمىيە سا -
نائىتى ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى ...... 661
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كېلە -
ۋاتقان يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى دوختۇرخانىسى ...... 663
سىياسىي-قانۇن، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى ...... 665

## پەن - تېخنىكا

ئاساسىي ئەھۋال ...... 666
پەن - تېخنىكا كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 666
پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 668
جانلىنىۋاتقان يېزىلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى ...... 670
قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنى ...... 672
يېزا ئىگىلىك پەن- تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن- تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى ...... 673
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەملىكەتلىك تۈنجى قېتىملىق ئىلىم - پەن چوڭ يىغىنىدا
مۇكاپاتلانغان مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ...... 676
1978 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىلىم - پەن چوڭ يى -
غىنىدا مۇكاپاتلانغان مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ...... 677
1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇكاپاتلىغان پەن - تېخنىكا
مۇۋەپپەقىيەتلىرى ...... 679
1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇكاپاتلىغان پەن - تېخنىكا
مۇۋەپپەقىيەتلىرى ...... 680
ھاۋا رايى ...... 681

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھاۋا رايى پەن - تېخنىكىسى خىزمىتىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ............ 681
ھاۋا رايى خىزمىتى ئىسلاھاتى ............ 683
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاۋا كىلىماتى ............ 684
1984 - يىللىق ھاۋا كىلىماتى ............ 687
ئاز ئۇچرايدىغان قەھرىتان قىش ............ 690
ھاۋا رايى ماتېرىياللىرىنى خەلقئارادا ئالماشتۇرۇش ............ 691
گېئولوگىيە، يەر تەۋرەش، ئۆلچەم ............ 692
گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............ 692
قەشقەر يەر تەۋرەش خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ............ 693
ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ............ 695
ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن (يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش)
قىلىش ............ 697
قاغىلىق سېرىقشاپتۇلىدىن ياسالغان كونسېرۋا ............ 699
تەبىئىي پەنلەرگە دائىر تۈرلۈك ئىلمىي جەمئىيەتلەر ............ 701

## مەدەنىيەت - مائارىپ

ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............ 705
قوشۇمچە: قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى ............ 707
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ............ 709
ھىكايىچىلىق ............ 709
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ............ 710
«چىكرا يېزىسىدىكى مۇھەببەت» فىلىمىنىڭ ئىجات قىلىنىشى ۋە فىلىمگە ئې-
لىنىشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ............ 711
قوشۇمچە: «چىكرا يېزىسىدىكى مۇھەببەت» كىنوسىنىڭ ئاساسى
مەزمۇنى ............ 712
تىياتىر ............ 714
مۇزىكا ............ 714
ئۇسسۇل ............ 715
قوشۇمچە: تاقلىما ئۇسسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىش ............ 719
فوتو سۈرەت ............ 726
خەتتاتلىق ۋە ئويمىچىلىق ............ 727
مەدەنىيەت - سەنئەت تەشكىلاتلىرى ............ 728
كەسپىي سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى ............ 728
قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ............ 729
يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ............ 730
ۋىلايەتتىكى كۇتۇپخانىلار ............ 731

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ........................ 731
مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئاسارە-ئەتىقىلەر ........................ 733
قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئاسارە-ئەتىقىلەر ........................ 733
مائارىپ ........................ 735
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بارايلى ........ ئېيسا شاكىر ........................ 735
مائارىپ خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........................ 738
قوشۇمچە : مائارىپ خىزمىتى ھەققىدىكى ئىستاتىستىكا جەدۋەللىرى ........................ 743
بالىلار مائارىپى ........................ 748
باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ........................ 748
ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ........................ 751
نۇقتىلىق ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ........................ 752
ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى ........................ 754
چوڭلار مائارىپى ........................ 756
تومئۆستەڭنىڭ دېخانلار مائارىپى ھەققىدىكى تەجرىبىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........................ 763
پەۋقۇلئاددە مائارىپ ( ئەما، گاس، گاچىلار مەكتىپى ) ........................ 764
قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ........................ 765
قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى ........................ 767
شىنجاڭ رادىيو تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى ........................ 768
ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ........................ 769
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشى ........................ 770
ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق ........................ 771
قەشقەر گېزىتخانىسى ........................ 771
ئىسلاھات يىللىرىدىكى «قەشقەر گېزىتى» ........................ 773
سىملىق رادىيو ........................ 775
سىمسىز رادىيو ........................ 777
تېلېۋىزىيە ........................ 778
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ........................ 779
قەشقەر شىنخۇا كىتابخانىسى ........................ 779

**تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار خىزمىتى ۋە تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت**

تاشقى ئىشلار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ 781
كۈنسايىن راۋاجلىنىۋاتقان ساياھەت ئىشلىرى ........................ 782
قوشۇمچە : قەشقەردىكى ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........................ 783

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چېگرىغا ئائىت باشقا ئىشلار ...... 789
مۇھاجىرلار خىزمىتى ...... 790
تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت ...... 791

## سەھىيە، تەنتەربىيە

سەھىيە ...... 792
سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ...... 792
پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ...... 795
ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى ...... 799
يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ...... 800
يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى ...... 803
ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ۋە مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پا -
ئالىيىتى ئەھۋالى ...... 805
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى ...... 806
قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى ...... 807
قەشقەر تىببىي مەكتەپ ...... 809
قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى ...... 811
مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا قۇرۇش ...... 812
دىمىرتا تەسىيمدىن تاللانما ...... 813
شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 909 نەپەر ئۆزبېكنى قىزىل قان ئاقسىلى
كېسەلى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات ...... 813
تەنتەربىيە ...... 819
تەنتەربىيە خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ...... 819
1984 - يىللىق تەنتەربىيە نەتىجىلىرى ...... 821
پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى
تەنتەربىيىسىگە يېڭى ھايات ئېلىپ كەلدى ...... 823
ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى ...... 824
ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ...... 826
تاققا چىقىش ھەرىكىتى ...... 828
«چېلىشىش ماكانى» دا يەنە ۋاسكېتبولغا ھەۋەس قوزغالدى ...... 828

## چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ...... 829

## شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە قەشقەردە ئىشلىگەن كومپارتىيە ئەزالىرىنى تونۇشتۇرۇش ...... 849
چېۋچۇنىلىن ...... 849
كاۋ دىڭباڭ ...... 850
لى يۈنياڭ ...... 851
ۋۇ نەيىن ...... 852
شۈليالڭ ...... 853
چېن پىڭ ...... 854
جېڭ يىشېڭ ...... 854
ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا شۇجى بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى ...... 855
ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى ...... 855
ئاتاقلىق كىشىلەر ...... 856
ئىسمايىل ئەھمەت ...... 856
شۈي دىيەنۇبي ...... 856
جاڭ يۈخۇا ...... 859
ئەزىزوپ ...... 861
ئەيساخان سابىت ...... 862
مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پوچتالىيون — ئەكرەم ...... 864
1-دەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش نەمۇنىچىسى — قەمبەرگۈل ...... 866
لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى ئىستىل تىكلەش بويىچە نەمۇنىچى ياش ئابدۇ-
راخمان ئابدۇللا ...... 867
دۇ بىڭچيەن ...... 869
يۈسۈپ ھاجى قادىر ھاجى ...... 869
سەيدۇللا يۈسۈپ ...... 870
خې شۇمىن ...... 781
تۇرانىسا سادىق ...... 872
قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسىملىكى ...... 872
قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەملىكەتلىك 8-مارت قىزىل بايراقدارلىرىنىڭ ئىسىملىكى ...... 873
قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 8-مارت قىزىل بايراقدارلىرى ...... 874
قەشقەر ۋىلايەتلىك 2-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى ...... 874

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۈرەشى جەھەتتىكى ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسملىكى ...... 875

1984 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شەھەر بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىلغار شەخسلەر، كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئىلغار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ...... 877

1984 ـ يىلى 12 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى "مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى" دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى ...... 878

قەشقەر ۋىلايىتىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئىسملىكى ...... 878

1984 ـ يىلى مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ سانلىق يىغىنىغا قاتناشقان قەشقەر ۋەكىللىرى ...... 879

1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ سانلىق يىغىنىغا قاتناشقان قەشقەر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ ئىسملىكى ...... 879

قەشقەر ۋىلايىتىدىن 1984 ـ يىلى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ سايلانغانلارنىڭ ئىسملىكى ...... 880

قوشۇمچە: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق سان ئىستاتىستىكىلىرى ...... 881

ئاخىرقى سۆز ...... 897

# ئالاھىدە بېرىلگەن ماقالىلار

## پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە غەمخورلۇق قىلدى



1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى خاتىرە يىلى. 30 يىلدىن بۇيان، بېسىپ ئۆتكەن يولنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مەڭگۈ ئۇنتۇلمىغۇسىز سەممىي غەمخورلۇق قىلدى.

قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى شۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇكى، 1952 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى يەر ئىسلاھاتى غەلىبىسىنى خۇشال تەبرىكلەۋاتقان چاغدا، ئۇلۇغ داھىيىمىز رەئىس ماۋزېدۇڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى پاختەكلى يېزىسىدىكى بارلىق دېھقانلارغا يازغان جاۋاپ خېتىدە «ۋەتەننى سۆيۈش، مول ھوسۇل ئېلىش چاقىرىقى ئاستىدا، تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزەڭلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشىلاڭلار ھەمدە مۇشۇ ئاساستا، ئۆزەڭلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەڭلەرنى قەدەممۇقەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈڭلار» دەپ بىزگە ئىلھام بەرگەن ئىدى. 1956 - يىلى، رەئىس ماۋزېدۇڭ

«يېزا، كەنت كادىرلىرى كوپېراتىپ قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە» دېگەن ماقالىغا شەخسەن ئۆزى ئىلاۋە يېزىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىش ئاكتىپلىقىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەپ، ئازسانلىق مىللەتلەرگە كەمسىتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدىغان كىشىلەرنىڭ خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىگە رەددىيە بەردى.

قەشقەرنىڭ ھەممە يېرىگە مەركەزدىكى رەھبەرىي يولداشلارنىڭ مۇبارەك قەدىمى يەتتى. 1949 - يىلى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىنغان غەلىبىلىك يۈرۈش ساداسى ئىچىدە، يولداش ۋاڭ جېن 2 - كورپۇسنىڭ كەڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى باشلاپ، قەشقەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئېچىپ، نەنىۋەندىكى زور ئىشلەپچىقىرىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر قولىغا مىلتىق، بىر قولىغا كەتمەن ئېلىپ، شىنجاڭنى قوغداش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كارامەت تۆھپە قوشتى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە، كومىتېت باشلىقى جۇدې ھەمدە يې جيەنيىڭ، نېي رۇڭجېن قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سالامىنى ۋە غەمخورلۇقىنى ئېلىپ كەلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۇلارنىڭ ئۆچمەس سۆزلىرى، خۇشخۇي چىرايلىرى قالدى.

1965 - يىلى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز بىر يىل بولدى. ئەۋۋەل، قەدىرلىك زۇڭلى جۇئېنلەي ۋە مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى چەتئەلدىكى زىيارەتتىن قايتىپ كەلگەندە قەشقەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاندىن كېيىن، مۇئاۋىن زۇڭلى خې لۇڭ مەركەزنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. جۇزۇڭلى مۇنداق دېدى: شىنجاڭدا دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىككى تەرەپ تىرىشىشى لازىم، خەنزۇ يولداشلار ئارىسىدا مۇتەئەسسىپلىك خاھىشىنى پەپەن قىلىش، مىللىي يولداشلار ئارىسىدا ئىشىكنى تاقىۋېلىش خاھىشىنى پەپەن قىلىش كېرەك.» جۇزۇڭلىنىڭ سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بۇ سۆزى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىر نىيەتتە ئىتتىپاق قىلىشىپ قەشقەرنى ئېچىشقا، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈشكە ھازىرغىچە رىغبەتلەندۈرمەكتە. 10 يىللىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا، قەشقەر پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش، مىسلىسىز بالايى - ئاپەتكە ئۇچرىدى. لېكىن، پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى يەنىلا قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قەلبداش بولۇپ تۇردى. 1975 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 20 يىل بولغاندا، يولداش ئۇلەنفۇ مەركەزنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مەخسۇس يوقلىدى.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلدى ۋە غەمخورلۇق قىلدى. 1983 -، 1984 - يىللىرىلا، زۇڭلى جاۋ زىياڭ، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى فاڭ يى، كاڭ شىئېن، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن ئەردىنى، مۇئاۋىن رەئىس لۇ جىڭساۋ باشچىلىقىدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئېكىسكۇرسىيىدە بولدى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى

# جاۋ زىياڭ زۇڭلى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى



جاۋ زۇڭلى ئاپپاق خوجا مازىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

چېن نىيۇ فوتوسى.

1983 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جاۋ زىياڭ ۋە جكپ مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇچىلى، كاندىدات شۇجىسى خاۋجيەنشيۇ قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمايىل ئەھمەت، چىگو، چېن شى قاتارلىق رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان قەشقەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە ئۈمىت ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاۋ زىياڭ زۇڭلى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ — ۋەتىنىمىزنىڭ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان گۆھەر ماكان. غەربىي شىمالنى ئېچىشتا، شىنجاڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پائال تۈردە ئېچىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەرتىپ بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — شىنجاڭنى زور كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى «ئىككى ئايرىلالماسلىق» نۇقتىئىنەزىرىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى قىلىشى كېرەك.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ بېيجىڭغا تەلپۈنۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، قەشقەرنى ئېچىش، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشقا بەل باغلىدى. (ليۇ ياۋخۇا)

www.uyghurkitap.com

جاۋ زىياڭ زۇڭلى قاتارلىقلار قەشقەردىكى مەزگىلدە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوملىق شۇجىسى جاڭ چىڭيۈننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلىي يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، پاختەكلە يېزىسى، قەشقەر شەھىرىنىڭ سودا بازىرى، ئاپپاق خوجا مازىرى، مەھمۇت قەشقەرى مازىرى، ھېيتكار جامەسىگە بېرىپ تەكشۈرۈش، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى، يەنە ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆردى.

جاۋ زىياڭ زۇڭلى قەشقەردە تەكشۈرۈش، زىيارەتتە بولۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دوكلات يىغىنىدا، شىنجاڭنى ئېچىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە موھىم سۆز قىلدى.

جاۋ زىياڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: غەربىي شىمالنى ئېچىشتا، شىنجاڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنى يەككە ئىقتىسادىي رايون سۈپىتىدە ئويلىنىش كېرەك. چۈنكى شىنجاڭنىڭ دۆلەت مۇداپىئە جەھەتتە ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى موھىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئورنى تەبىئىي ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان گۆھەر ماكان، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شىنجاڭنى كەلگۈسىدە موھىم بولغان چارۋا مەھسۇلاتلىرى بازىسى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ( پاختا، شېكەر خام ئەشياسى، مېۋە ) بازىسى ۋە نېفىت ئېنېرگىيىسى بازىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ھېساپلاشقا ئاساسىمىز بار.

جاۋ زىياڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنى ئېچىش فاڭجېنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى پائال تۈردە ئېچىش، موھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەرتىپ بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپ ھېساپلىدى: شىنجاڭنى ئېچىشنى ئومۇمەن ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ: 80- يىللاردا ئاساسلىقى، تەييارلىقنى ئوبدان قىلىش ھەمدە مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ۋاقتى قىسقا، ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغان، دۆلەتكە ۋە خەلق تۇرمۇشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان بەزى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش لازىم. 90 - يىللاردا قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تەدرىجىي يېيىپ، قۇرۇلۇش قەدىمىنى مۇۋاپىق تېزلىتىش لازىم. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭنى ئېچىشنى ھازىردىن تارتىپلا پۈتۈن مەملىكەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش لازىم.

جاۋ زىياڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا تۈۋرۈك بولىدىغان ئىگىلىك، نۇقتىلىق ئىگىلىك تۆۋەندىكى 5 خىل بولىدۇ: بىرىنچى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق. ئىككىنچى، نېفىت ۋە نېفىتكە ئىش قوشۇش. ئۈچىنچى، يېمەكلىك سانائىتى ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى. تۆتىنچى، ئېنېرگىيە سانائىتى. بەشىنچى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ بىر نەچچە نۇقتىلىق ئىگىلىك راۋاجلانسا، باشقا ئىگىلىككە تۈرتكە بولۇپ، بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنى تەدرىجىي گۈللەندۈرگىلى، خەلقنى تەدرىجىي بېيىتقىلى بولىدۇ.

جاۋ زىياڭ شىنجاڭنى زور كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن تەييارلىقنى ئوبدان قىلىش ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مۇندىن كېيىن تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئىشنى نۇقتىلىق

ھالدا ياخشى تۇتۇش كېرەك: بىرىنچى، پىلان تۈزۈش. ئىككىنچى، بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ۋە زور تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش. ئۈچىنچى، شارائىت ئىمكانىيىتىگە ئاساسەن، بەزى زۆرۈر قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش. تۆتىنچى، ئەقلىي بۇلىقىنى ئېچىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش. بەشىنچى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەشكە ئىنتايىن دىققەت قىلىپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق قېزىپ، مەبلەغ جۇغلاش لازىم.

جاۋ زىلى تۆۋەندە شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: قەتئىي نىيەتكە كېلىپ كارخانىلارنى ياخشى تەرتىپكە سېلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىش، تېخنىكىنى ئىلغارلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۇ مۇنداق دېدى: سانائەتتە مۇھىم نۇقتىنى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىشقا، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىش كېرەك، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىقتىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى — بىرىنچىدىن سىياسەتكە، ئىككىنچىدىن ئىلىم - پەنگە تايىنىش فاڭجېنىنى يەنىمۇ ئەمەللەشتۈرۈشتە.

جاۋ زىياڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەردە ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاشقا دىققەت قىلىشى كېرەك. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكى ناھايىتى روشەن، لېكىن ئاجىزلىقىمۇ ناھايىتى روشەن. گەۋدىلىك بولغىنى شۇكى، چېگرا رايونغا جايلاشقان، دېڭىزدىن يىراق، توشۇش ئارىلىقى بىر قەدەر ئۇزۇن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئويلاشقاندا، مۇشۇ مەسىلىنى تولۇق ھېساپقا ئېلىش كېرەك. مۇشۇ پايدىسىز ئامىلنىڭ رولىدىن مىڭبىر چارە - ئۇسۇللار بىلەن چەتنەپ ۋە ئۇنى ئازايتىپ، ئۆز ئۈستۈنلىكىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

جاۋ زىياڭ مۇنداق دېدى: بىز ئىقتىسادىي خىزمەتتە ھەممە ئىشنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى دەۋر قىلغان ھالدا ئويلىشىشىمىز كېرەك. ئۇ مۇنداق دېدى: ھەر بىر رايون شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا باپ كېلىدىغان، ئۈستۈنلىككە ئىگە بولغان، ئىگىلىكتە تۆۋرۈك بولالايدىغان كەسىپنى تەتقىق قىلىپ تەسىس قىلىشى، ئەرزان باھالىق، كۆركەم تاۋارلارنى ئىشلىشى ۋە سىرتقا چىقىرىشى، ئۆز رايونىدا ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقى يۇقىرى بولۇپ قالىدىغان ياكى يوق تاۋارلارنى كىرگۈزۈشى كېرەك.

جاۋ زىياڭ تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دېدى: شىنجاڭ دېڭىزدىن يىراق بولغىنى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، دېڭىز قولتۇقىدىكى دۆلەتلەرگە دېڭىز ياقىسى رايونلىرىدىن يېقىن، يەنە كېلىپ، ئۆرپ - ئادەت مۇناسىۋىتى بار، مۇشۇ تەرەپلەرگە قارىتىلىدىغان تاشقى سودىنى ئېچىشنىڭ ئىستىقبالى بار.

ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ يەردىن خام ئەشيا چىقىدۇ. پاختا، قوي يۇڭى ناھايىتى داڭلىق. ھازىر، ھەممە ئادەم پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئويلاشتەك بىرخىل خاھىش بار. ئەلۋەتتە، بىر قىسمىنى پىششىقلاپ ئىشلىمەي بولمايدۇ، لېكىن پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى قارىغۇلارچە راۋاجلاندۇرماسلىق كېرەك. خام ئەشيانى سىرتقا چىقىرىشتىمۇ پايدا ئالغىلى بولىدىغۇ.

جاۋ زىياڭ يەنە شىنجاڭنى ئېچىشتا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا، مۇھىتنى ئاسراشقا دىققەت قىلىشنى تەكىتلىدى.

جاڭ زېمىن مۇنداق دېدى: شىنجاڭنى ئېچىشتا، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئۆلچۈنمۇ ئۈستۈنلۈكنى قانداق جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى مەۋجۇت. ئۇ مۇنداق دېدى: يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، بىڭتۇەن ئەمدىيىدە يەنىمۇ ئازات بولۇپ، تۈزۈلمە، ئىگىلىك شەكلى جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەم پۈتۈن رايون خاراكتېرلىق ئۇنىۋېرسال شىركەتكە ئايلىنىشى، ھەم چوڭ قۇرۇلۇش تەرەققىيات شىركىتىنىڭ رولىنى ئوينىشى كېرەك. بىڭتۇەن بىر چوڭ شىركەت، چوڭ كارخانا سۈپىتىدە، ئىچكى قىسمىدا كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قوللىنىشى كېرەك، بولۇپمۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ئائىلە بويىچە مەسئۇلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشى، يەنى "چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئىچىدە كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇشى" كېرەك. بۇ خىل كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى شەكلىدە بولىدۇ، لېكىن ئۇ "كىچىك ھەم تولۇق" ئەمەس، بەلكى كەسىپلەشكەن بولىدۇ.

جاڭ زېمىن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — شىنجاڭدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ ئىش، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى. شىنجاڭدا، ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق جايدا بۇ ئاچقۇچتىن ئايرىلغاندا، بارلىق خىزمەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مۇندىن كېيىن شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇنداق ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ھەر جەھەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى، جۈملىدىن ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، يېڭى كادىرلار بىلەن كونا كادىرلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقى ۋە كادىرلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىش كېرەك. بۇ، شىنجاڭنى زور كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى.

ئۇ مۇنداق دېدى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ، بۇ يەردە ئىدىيە جەھەتتە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك ئىككى نۇقتىئىنەزەرنى، يەنى: بىرىنچى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا «ئىككى ئايرىلالماسلىق»نى، ئىككىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوقۇم ۋەتەننىڭ چوڭ ئائىلىسىدە زىچ ئىتتىپاقلىشىشى كېرەكلىكىنى يەنە تەكىتلەپ ئۆتىمەن. مۇنداق ئىچكى تارتىش كۈچىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ قېتىم بىز شىنجاڭغا كېلىپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق»نى، يەنى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، خەنزۇلاردىن ئايرىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەممە يەردە ئاڭلىدۇق. بۇ سۆز ناھايىتى توغرا، تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ قىسقىچە يەكۈنى.

جاڭ زېمىن مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ئۇزاقتىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى قېرىنداشلارچە ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ئىگە، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئىگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلىپ كەلدى. بىرتەرەپتىن،

بىز شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، ئىستىراتېگىيە جەھەتتە، ئىقتىسادىي جەھەتتە، شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم جايى، شىنجاڭدىكى كەڭ زېمىن، مول بايلىق، ئەمگەكچان، باتۇر خەلق ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ ئېچىلىشى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بېيىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولۇشى پۈتكۈل دۆلىتىمىز بىلەن باغلىنىشلىق.

جاۋ زىياڭ مۇنداق دېدى: پائال تۈردە شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، مەركەز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن ۋە كەڭ كادىرلاردىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى قىلىشنى، بارلىق سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇشىنى، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىگە پايدىلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ، ئەخلاقىمۇ، قابىلىيىتىمۇ تەڭ يېتىشىشىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم بىر بەلگە، كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ، پارتىيىۋىلىكىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى.

(شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى خەۋىرىدىن)

## دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى فاڭيى قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى



يولداش فاڭ يى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدا ئەزالار بىلەن سەممىي پاراڭ ـ لاشماقتا.

چېن لىۋ فوتوسى

1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە، جكپ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى فاڭيى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى.

فاڭ يى قەشقەردىكى مەزگىلىدە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىدىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەر شەھىرىدىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسى، ئاپپاق خوجا مازىرى، ھېيتكاھ جامەسى ۋە قەشقەر شەھەرلىك ھۈنەر ـ سەنئەت بويۇملىرى زاۋۇتىنى كۆزدىن كۆچۈرگەن ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ياڭ جيەنجاڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، قەشقەردىكى 50 نەپەردىن ئارتۇق پەن ـ تېخنىكا خادىمىنى قوبۇل قىلدى. فاڭ

يى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن، چىگرا رايونىدا ئۇزاققىچە ئىشلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن زىيالىيلار، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىدىن سەممىي ھال سورىدى.

فاڭ يى دوكلات ئاڭلىغاندىن ۋە قوبۇل قىلىشتىن كېيىن موھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ يەر ئۈستى، يەر ئاستى بايلىقلىرى ناھايىتى مول، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقمۇ ناھايىتى ياخشى. شىنجاڭ ماڭا چوڭقۇر، ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇردى. شىنجاڭدا راسا ئۈمىت بار.

ئۇ مۇنداق دېدى: قەشقەرنىڭ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت يولداشلار خەنزۇ يولداشلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىشى لازىم. ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، بىر ئادەمدەك ئىتتىپاقلىشىش لازىم، شۇندىلا كۈچ- قۇۋۋەتكە ئىگە بولالايمىز.

ئۇ مۇنۇلارنى ئالاھىدە تەكىتلىدى: شىنجاڭ، قەشقەر قېرىنداش ئۆلكە، رايونلار بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ئۇچۇرلۇشۇپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇ مۇنداق دېدى: تەكلىپ قىلساڭلار بولامدۇ، ئىچكىرىگە ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۆگىنىشكە ئادەم ئەۋەتسەڭلارمۇ بولامدۇ، بۇ پۇلنى خەجلەشتىن قورقماڭلار. ئۇچۇرنى ئىگەللىمىگەندە، ئالغا باسقىلى بولمايدۇ، ئۇچۇر كۆپ بولسا، مەنبە ئېچىش يوللىرىمۇ كۆپىيىدۇ. سىرتقى ئۆلكە، رايونلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىگە، ئىلغار تېخنىكىسىغا قارىتا، «ئەككېلىش مەسلىكى»نى قوللىنىش كېرەك ھەمدە باشتىن باشلىماسلىق لازىم. قېرىنداش ئۆلكە، رايونلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى ياخشى يولغا قويغاندىن تاشقىرى، چەتئەللەر بىلەنمۇ ھەمكارلىشىشنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. ئۇچۇردىن خەۋەردار بولۇنسا، ھەمكارلىشىش ياخشى يولغا قويۇلسا، تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ئىقتىساسلىق خادىملار ھەققىدە توختالغاندا ئۇ مۇنداق دېدى: بىز شىنجاڭنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆگىنىپ، ئىچكىرى جايلاردىن ئىختىساسلىق كىشىلەرنى جەلپ قىلساق بولىدۇ. شىنجاڭ بىر نەچچە يىل خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئەسلى جايىغا قايتۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئىچكىرى جايلاردىن ئىختىساسلىق خادىملارنى جەلپ قىلىشتا، دەسلەپتىلا ۋاقىتنى بەك ئۇزۇن بېكىتمەسلىكىڭلار، ئۇنداقتا، خەقنى قورقۇتۇپ قويىسىلەر. خەق بۇ يەرگە كېلىپ 3 ئاي دەرس سۆزلىسىمۇ قارشى ئېلىشىڭلار كېرەك. ئۇ مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئۇزاققىچە ئىشلىگەنلىكىڭلار ئاسانغا چۈشمەيدۇ ۋە قىممەتلىك ھەم ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. مەن كۆپچىلىكنىڭ بۇ يەردە ئوبدان ئىشلىشىنى، 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(«قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1984 ـ يىل 16 ـ ئاۋغۇست سانىنىڭ 1 ـ بېتىگە .. قارالسۇن)

## دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى كاڭ شىئېن قەشقەر ۋىلايىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى

1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى كاڭ شىئېن نېفىت مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مەسئۇل يولداشلاردىن خۇاڭ كەي، لى جىڭ، سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەر ۋىلايىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى.

مۇشۇ مەزگىلدە، كاڭ شىئېن ۋىلايەتتىكى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قېدىرىپ تەكشۈ-


رۇش قوماندانلىق شتابىدىكى رەھبىرى يولداشلارنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىدى، كۆكيار نېفىتلىكىنى كۆزدىن كەچۈردى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نېفىت سانائىتىنى ۋە باشقا خىزمەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرۇلۇق ئۈمىت ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كاڭ شىئېن كۆكيار نېفىتلىكىنى ئېچىش مەسىلىسى ھەققىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: كۆكيار نېفىتلىكىنى ئېچىش كېرەكمۇ - يوق؟ جاۋاب شۇكى، ئېچىش كېرەك. قاچانلىكى چوڭلۇقتا ئېچىش كېرەك؟ ئەۋۋەل 3 يىللىق، يەنى 1984 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بولغان ۋەزىپىلەرنى بېكىتىش كېرەك. ئۇ مۇنداق دېدى: ھازىر، ئىگەللىگەن ئەھۋال ۋە بايلىقلارغىلا ئاساسەن، بىرىنچى قەدەمدىكى قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئېچىشتا 3 كۆرسەتكۈچكە يېتىش لازىم: بىرىنچى، 1986 - يىللىق نېفىتنىڭ مەھسۇلاتىنى150 مىڭ تونىغا يەتكۈزۈش، 150 مىڭ تونىلىق نېفىت ئايرىش زاۋۇدى قۇرۇش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن، ئالى قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ مايغا بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش: ئىككىنچى، 60 مىڭ تونىلىق بىرىكمە ئاممىياك زاۋۇدى قۇرۇش، 60 مىڭ تونىلىق بىرىكمە ئاممىياك زاۋۇدىغا بىر يىلدا تەخمىنەن 200 مىليون كۇب مېتىر گاز كېتىدۇ، مۇنداق بولغاندا، بۇ يەردىكى دېھقانلارغا خىمىيىۋى ئوغۇتنى بىر ئاز كۆپەيتىپ بەرگىلى، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى بىر ئاز كۆپەيتكىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، كۆرسەتكۈچ سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گازدىن ئىبارەت، نېفىتلىكنىڭ تەبىئىي گازى تەركىبىدىكى كۆپلىگەن يېنىك ماي، سۇيۇق ھىدرو كاربونلارنى ئامال قىلىپ ئېلىپ، يېقىلغۇ قىلىش ئۈچۈن بىر قەدەر مەركەزلىك بولغان بىر نەچچە شەھەرنى سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم. 3 يىل ئىچىدە بۇ 3 كۆرسەتكۈچ ئورۇنلىنىدۇ، بۇ — بىرىنچى قەدەم. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: نېفىتلىكنى ئېچىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا كەلسەك، جەنۇبىي شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سۈپىتى يەنە ئۆستۈرۈلىدۇ، نېفىت ئايرىش زاۋۇدى، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇدى كېڭەيتىلىدۇ، ئۇ — ئىككىنچى باسقۇچتا ئويلىنىلىدىغان مەسىلە.

كاڭ شىئېن نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش قوماندانلىق شتابىدا يەنە مۇنداق دېدى: قېدىرىپ تەكشۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش، پۈتكۈل ئويمانلىقنىڭ يەر قاتلىمىنى تەۋرىتىپ تۇرۇپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم، تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، نېفىتلىكنىڭ يەر ئاستى ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىش ئۈچۈن تەجرىبە بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم؛ نېفىت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، سىياسىي، تېخنىكا جەھەتلەردە بىر قەدەم زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتىرىپ، مۇندىن كېيىنكى تېخىمۇ زور ۋەزىپىلەرنى كۈتۈۋېلىش لازىم؛ نېفىت بازىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش، ئىشچىلار، كادىرلارغا قارىتا نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش لازىم.

ئۇ يەنە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى خۇياۋباڭ، جاۋزىياڭ يولداشلارنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش، غەربىي شىمالنى ئېچىش توغرىسىدىكى سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بەنچەن ئېردېنى چۆجىجيەنزەن قەشقەرگە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى



بەنچەن ئېردېنى قەشقەر شەھرىدىكى [illegible] قورۇسىدا.

چېن لىز فوتوسى

1984 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بەنچەن ئېردېنى چۆجىجيەنزەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بادەي، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شارشىبېكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەرگە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى. بەنچەن ئېردېنى ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمىدىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەر شەھرىدىكى دىخانچىلىق مەھەللىلىرى سودا بازىرى، ھېيتگاھ جامەسى، خەلق باغچىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى، ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، زىيارەتتە بولدى. بەنچەن ئېردېنى قەشقەردىكى مەزگىلىدە دەل ئىسلام دىنىنىڭ قۇربان ھېيتى مەزگىلىگە دوچ كەلگەن ئىدى، ئۇ كادىر، زىيالىي، شەھەر ئاھالىسى بولۇپ 6 ئۇيغۇر ئائىلىسىگە پەتە ئوقىدى ۋە كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە قۇربان ھېيت ئۆتكۈزدى.

بەنچەن ئېردېنى قەشقەردىكى مەزگىلىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە يوليورۇق بەردى، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە چاقىردى، قەشقەر كۆپ مىللەتلىك رايون، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تولىمۇ مۇھىم. ئىتتىپاق قىلالمىغاندا جەمئىيەت تىنچ بولمايدۇ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشكىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەندىلا، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئۇ بۇرۇن قەشقەردە يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەر ئۈستىدە، بولۇپمۇ 1981 - يىلى يۈز بەرگەن 30 - ئۆكتەبىر ۋەقەسى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: مۇنداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى بەكمۇ كۆڭۈلسىزلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىققا ئوڭايلا زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇ، ئىلگىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياخشى يولغا قويۇلمىغانلىقىنى، مىللىي زىددىيەت مەسىلىلىرى كۆپ يىل دۆۋىلىنىپ كېتىپ، ئومۇمىي پارتلاش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى:


پارتىيە مەركىزى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ بۇ مە-
سىلىنى ھەل قىلىشى ئىنتايىن توغرا بولدى. بۇ — مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە. مۇندىن كېيىن
مۇبادا سۈركىلىش بولسا، ۋاقتىدا ھەل قىلمىساق، تېخىمۇ زور پارتلاش يۈز بېرىشى مۇمكىن.
شۇڭا بىز مۇشۇنداق «مىنا» نى كۆمۈۋېتىشنىمىز. ئۈمىت قىلىمىز، ئەگەر كۆمۈلگەن بولسا،
پارتلاشتىن ئىلگىرى دەرھال قېزىپ چىقىرىۋېلىش لازىم.

بەنچەن ئەردېنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى
قاتارلىقلار ھەققىدە توختالغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت
ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ھەققىدە
توختالغاندا مۇنداق دېدى: ھازىر «ئىككى ئايرىلالماسلىق» دېگىنىمىز خەنزۇ كادىرلار ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ خەنزۇ كا-
دىرلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكىرى جايلى-
رىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج، ئىچكىرى جايلارمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ياردىمىگە
مۇھتاج دېگەنلىك. خەنزۇ كادىرلار ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، چېگرا رايونني گۈللەندۈرۈشكە
كەلدى، ئاز سانلىق مىللەت يولداشلار قارشى ئېلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشى كېرەك، ئۇلارنى
چەتكە قېقىشقا ۋە كەمسىتىشكە، «بىزنىڭ جايىمىزنى ئىگەللىۋالدى» دەپ قاراشقا بولمايدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇ يولداشلار چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن
جان دىلى بىلەن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك. «ئازات قىلغۇچى» قىياپىتىدە ئۆزىگە
تەمەننا قويسا بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆزىگە ئىلماي، «قالاق»، «يېيىلماس»
دەپ قارىسا بولمايدۇ. ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش كېرەك. بولۇپمۇ، رەھبەرى
كادىرلار ئارىسىدا، تېخىمۇ ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش كېرەك. ئىككى مىللەت
ئۆز ئارا ماسلىشىشى، بىر ئادەمدەك ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، خىزمەتنى
ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

دىنىي مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ رايوندا دىننىڭ تەسىرى نا-
ھايىتى چوڭ ئىكەن. ئىلگىرى دىنىي مەسىلىدە مەملىكەت بويىچە خىزمەت ئانچە ياخشى ئىشلەن-
مىدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ بۇنىڭغا بەكمۇ پىكرى چىققان ئىدى. دىننى يو-
قىتىشقا يەنە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېرەك، بۇ، ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كېيىن
ھەل بولىدىغان مەسىلە. ئامىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول
قويۇلىدۇ. سەن ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ، دىن يەر ئاستى پائالىيىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەلۋەت-
تە، بەزى دىنىي پائالىيەتلەر بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە خىلاپ-
لىق قىلدى، بىز بۇنىڭغا ياردەم ۋە تەنقىت بېرىشىمىز لازىم؛ ئۇنىڭدىن باشقا، دىنغا ئېتىقات
قىلىش ئەركىنلىك، ئۇخشاشلا، دىنغا ئېتىقات قىلماسلىقمۇ ئەركىنلىك. دىنغا ئېتىقات قىلغان
كىشىلەر دىنغا ئېتىقات قىلمىغان كىشىلەرنى كەمسىتسە بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقات قىلمىغان
كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقات قىلىشقا زورلىسا بولمايدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: دىنىي خىزمەت-
نى ياخشى ئىشلەش لازىم. چۈنكى، دىن بىلەن مىللەت زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇلارغا نوقۇل ھال-
دا قاراشقا بولمايدۇ، بىرلەشتۈرۈپ قاراش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# لۇجېڭشاۋ مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى



يولداش لۇ جېڭشاۋ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدا.

جېن ئىزۇ فوتوسى

1984 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لۇجېڭشاۋ ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى، مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋەن كوچۈەن، يې جۈشەنلەرنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ رەئىسى ئىسمايىل ياسىنوپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى لى جىڭشۈەن، مېلىق شۈلىن، خەن يۈۋېنلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەرگە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى. ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمە رەھبەرلىرىدىن كوكاڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، ياڭ جېيەنجاڭ، ئىمىن ئاۋالدى توختىنى، لى دېڭجېي، ئىيسا شاكىر قاتارلىق يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پاختەكلە يېزىسى، ئاپپاق خوجا مازىرى، ھېيتگاھ جامەسى، مەخمۇت قەشقەرى مازىرى ۋە قەشقەر دىخانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئۇ يەرلەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە شەھەرلىك بالىلار يەسلىسى، بالىلار باغچىسىنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆردى.

ئېكىسكۇرسىيە قىلىش، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈش داۋامىدا، ئۆمەك باشلىقى لۇجېڭشاۋ مۇنداق دېدى: يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى، خەلق تۇرمۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، لېكىن بىز قانائەتلىنىپ قالساق بولمايدۇ، مەيلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا بولسۇن ياكى ئىشلەپچىقىرىشتا بولسۇن، قانائەتلىنىپ قالساق

---

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، مىللەتلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشى يولغا قويغاندىن تاشقىرى، يەنە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنىمۇ ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، كادىرلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئۇ مۇنداق دېدى: بىز ئەگەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ ئىتتىپاقلىقنى ناھايىتى ياخشى يولغا قويىدىغان بولساق، باشقا ئىشلارنى قىلىش ئوڭايغا چۈشىدۇ.

بولمايدۇ. شىنجاڭنى زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇن كۆپلەگەن ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچنى چىڭ تۇتقانلىقى تامامەن توغرا. ئىتتىپاقلىقنى ھەقىقىي تۈردە تەكىتلەش كېرەك. گەرچە خەنزۇ يولداشلار قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاز سانلىق بولۇپ، ئاران 4.9% نى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن، خەنزۇلار ئالدى بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا خەنزۇلاردا، چۈنكى خەنزۇلار مەملىكەت بويىچە كۆپ سانلىق . شۇڭا، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ئارا ئۆگىنىشى، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئىتتىپاق،دوستانە ئۆتۈشى، باراۋەر بولۇشى، ھەمكارلىشىشى لازىم. بىر مىللەتنىڭ ھازىرغىچە ياشاپ كېلىشىدە چوقۇم ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، ھالبۇكى ھەر قانداق بىر كىچىك مىللەتنىڭمۇ ئۆز كەمچىلىكى بولىدۇ، خۇددى بىر ئادەمگە ئوخشاش، دۇنيادا تاكامۇل ئادەم بولمايدۇ. گەرچە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى، تۇرمۇش سەۋىيىسى تېخى بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ مىللەت ئەمگەكچان، سەممىي، ئوچۇق كۆڭۈل، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇپ، نۇرغۇن تەرەپلىرى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ھازىر دېيىلىۋاتقان «ئىككى ئايرىلالماسلىق»سۆزىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى ناھايىتى كۆپ.

خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا لۇجيەنشاۋ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنمەسلىكىمىزنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ كەمچىلىك. پارتىيە بىزدەك خەنزۇ يولداشلارنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەن ئىكەن، ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنمىسەك قانداقسىگە خىزمەت ئىشلەيمىز؟ چېگرا رايوندا يەرلىك تارتىشتىن قانداقسىگە سۆز ئاچالايمىز؟ تىل ــ ئىنسانىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشنىڭ قورالى. شىنجاڭدا «ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگەنمىسە، كادىر بولۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ» دېيىلگەن سۆز بار. بۇ 50 ـ يىللاردا دېيىلگەن سۆز. لېكىن، بۇ ياخشى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. چېگرا رايوندا خاتىرجەم ئىشلەپ، پارتىيىگە جاۋابكار بولىدىغانلا بولساق، بىز ئاندىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى كەمتەرلىك بىلەن ياخشى ئۆگىنەلەيمىز. ئۆز ئارا ئۆگىنىش ــ تىل ئۆگىنىشنى، مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇمۇ بىر خىل مەنىۋى مەدەنىيەت.

قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، لۇجيەنشاۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سۇ ــ شىنجاڭنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلىرىنىڭ جان تومۇرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۇنى ئىلمىي يوسۇندا تېجەش، قاچىلاش، ئىشلىتىش كېرەك، سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشتە يالغۇزلا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىققا تايانغان بىلەن بولمايدۇ، سانائەتنى ئىمكان قەدەر تېز راۋاجلاندۇرۇش، يەن تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## دۆلەتلىك ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى زۇجېڭمېڭ قەشقەرگە كېلىپ ھاۋارايى خىزمىتىنى كۆزدىن كۆچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، دۆلەتلىك ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى زۇجېڭمېڭ ھاۋارايى خىزمىتى بويىچە تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېيدېڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، 8-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە، ۋىلايىتىمىزگە كېلىپ، ھاۋارايى خىزمىتىنى كۆزدىن كۆچۈردى.

قەشقەردىكى مەزگىلدە، زۇجېڭمېڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمىدىكى رەھبەرى يولداشلارنىڭ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتى ۋە يىراق كەلگۈسى گۈيخۋاسى توغرىسىدىكى دوكلادىنى ئاڭلىدى، ۋىلايەتلىك ھاۋارايى باشقارمىسىنىڭ ۋە ھاۋارايى ئىستانسىسىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كۆچۈردى. ئۇ كۆپچىلىكنى چەگرا رايوندا خاتىرجەم بولۇپ، ھاۋارايى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى. قەشقەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى، ئىدارە باشلىقى زۇجېڭمېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يول ئۈستىدە پوسكام، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيىلەردە ھاۋارايى خىزمىتىنى تەكشۈردى. (پەن جىپېڭ)

## گوۋۇيۈەن كۆكيار نېفىت-گاز كانىنى رەسمىي ئېچىشنى تەستىقلىدى


كۆكيار نېفىتلىكىدىن نېفىت-گاز ئېتىلىپ چىقتى.

لى جۇڭقىڭ فوتوسى

«شىنجاڭ گېزىتى»1984-يىل ئۆكتەبىردە مۇنۇلارنى خەۋەر قىلدى: گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، كۆكيار نېفىت-گاز كانى رەسمىي ئېچىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ. دۆلەت بۇنى 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى نۇقتىلىق تۈرگە كىرگۈزىدۇ. بۇنىڭغا نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى 600 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سالىدۇ.

1983-يىل 8-ئايدا، جاۋزىياڭ زۇڭلى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەن مەزگىلدە، جەنۇبى شىنجاڭدا نېفىت مەھسۇلاتلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە خەلق ئىشلىتىدىغان يېقىلغۇ ئىنتايىن قىس بولۇۋاتقان ئەھۋالغا قارىتا، كۆكياردىكى نېفىت-گاز بايلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىش، نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇدىنى قۇرۇش لازىملىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى كاڭ شىئېن قەشقەر ۋىلايىتىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كونكرېت تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەت پىلان كومىتېتى كۆكيار نېفىت-گاز كانىنى ئېچىش ۋە پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇدىنى قۇرۇشنى 1984-يىللىق دۆلەت ئاساسى قۇرۇلۇشىنىڭ نۇقتىلىق تۈرىگە كىرگۈزدى. ئالدىنقى قارارلىق خىزمەت پىلانى جەھەتتە، نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى، خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى، نېفىت-خىمىيە سانائى-

## ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، شەھەر نۇقتا قىلىنغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئورۇنلاشتۇردى

1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمە 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىرىپ، پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 3 - قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، شەھەر مەركەز قىلىنغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى يولغا قويۇپ، قەشقەرنىڭ ئىگىلىگىنى گۈللەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يەنىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش مەسىلىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇنۇلارنى بىردەك بىلدۈرۈشتى: «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرىمىز، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، يۈرەكلىك ئىسلاھ قىلىپ، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش بويىچە يېڭى يول بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمىز.

بۇ يىغىنغا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرى، ناھىيە، شەھەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ، ۋىلايەتتىكى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، باشقارما، ئىدارىلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كوممۇنا، يېزىلارنىڭ، ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 450 كىشى قاتناشتى. يولداش گوگاڭنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغان چاغدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە ئورگىنىدىكى بارلىق پارتىيىلىك كادىرلار ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى چوڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن مەزگىلىدە، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ ۋىلايەتلىك پارتكومغا، مە -

---

تى باش شىركىتى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ھازىر كۆكيار نېفىت - گاز كېنىنى ئېچىشنى لايىھەلەش خىزمىتى ئورۇنلاندى؛ پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇدىنىڭ ئورنى بېكىتىلدى ۋە ئىمكانىيەت ئۈستىدىكى تەتقىقات دوكلادى ماقۇللاندى، پىلان، ۋەزىپە مەكتۇبىنى تۈزۈش ئورۇنلاندى، لايىھەلەش ۋەزىپىسى ۋە قۇرۇلۇش سۈرئىتى ئەمەلىلەشتۈرۈلدى.

3 يىلدا پۈتۈش مۆلچەرلەنگەن پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇدى ھەر يىلدا 150 مىڭ توننا نېفىتنى چەككىلەيدۇ، بىرلا ۋاقىتتا 60 مىڭ توننا بىرىكمە ئاممىياك ۋە 10 مىڭ توننا سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىپ، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتىغا، خىمىيە ئوغۇتىغا بولغان ئېھتىياجىنى ۋە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىغا كېرەكلىك يېقىلغۇ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرالايدۇ. كۆكيار نېفىت- گاز كېنىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇدىنىڭ قۇرۇلۇشى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(«قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 18 - ئۆكتەبىر سانىنىڭ 1 - بېتىگە قارالسۇن).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇرى مەھكىمىگە ۋاكالىتەن، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يەنىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن سەرلەۋھىدە دوكلات بەردى. بۇ دوكلات؛ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى ئەسلەش؛ ئىمدىيىدە ئازات بولۇپ، ئىسلاھ قىلىنىشقا ئىرادە باغلاپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى؛ ئۈۋۈتتىكى خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى تۇتۇپ، 1985 - يىللىق يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى دېگەن 3 قىسىمغا بۆلۈندى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى ياڭ جيەنجاڭ، تىلىۋالدى توختى، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىمىن توختى ۋە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى جاڭ شىنمياۋ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆز قىلدى. قەشقەر شەھرى ۋە قاغىلىق، يەكەن، مارالبېشى، يېڭىشەر قاتارلىق ناھىيىلەرھەمۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىندا سۆزگە چىقتى. مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لى دېيگجيې يىغىندىن خۇلاسە چىقاردى.

يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان يولداشلار ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، مەركەزنىڭ «قارارى» نىڭ زور ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتەردى، ۋىلايىتىمىزدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. بىر مۇنچە ئىلغان يېزا (كوممۇنا) لارنىڭ مەسئۇللىرى ئەسلىدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى شەھەرنىڭ ئىشى، يېزىلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغان. ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئۇلار مۇنۇلارنى تونۇۋالدى: يېزا ئىسلاھاتى گەرچە بىر قەدەم ئەۋۋەل ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى ئورنىتىلغان يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ، يېزا ئىقتىسادى كەسىپلىشىش، تاۋارلىشىش، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، شەھەر - يېزىلارنىڭ ئوبۇروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان دېخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن بازار ئېچىش تەلەپ قىلىنىدۇ؛ شەھەر ئىسلاھاتىنى ياخشى يولغا قويغاندىلا، يېزا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ. كۆپچىلىك مۇنداق دەپ ھېساپلىدى: ۋىلايىتىمىز ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان جاي، بىز ھازىرقى ھالەتكە رازى بولمىغان ۋە مەغرۇرلۇق قىلمىغان، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلەنمىگەن كەيپىياتلارنى چوقۇم تۈگىتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، سانائەتنى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، دېخانلارنى بېيىش يوللىرىنى ئېچىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك. بىز ھەر خىل بايلىق مەنبەسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۈرەكلىك ھالدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىسلاھ قىلىشقا ئىرادە باغلاپ، سىرتقا قاراپ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى قىسىمدا ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى قەتئىي يولغا قويغاندىلا بولساق، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائىتى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى چوقۇم جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش يېڭى ۋەزىيىتى چوقۇم ناھايىتى تېز بارلىققا كېلىدۇ.

بۇ يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، يىغىن ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەردىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: پۈتۈن ۋىلايەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى مەركەزنىڭ «قارارى»نى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «پىكرى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يولداش گوگاڭنىڭ دوكلادىنى ئۆگىنىش، يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق كۆپچىلىكنى يولغا بۇراش، ئىشلارنى توغرىلاشنىڭ موھىملىقىنى تونۇتۇش، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئۇل سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. جايلار تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆيخۇاسى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم؛ ئۆزگەرگەن ۋەزىيەتكە ئاساسەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك: خام ئەشيا بولۇش، سېتىش يولى بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، سانائەتنى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش تورلىرىنى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا بېكىتىش لازىم؛ ئىمكانىيەت ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى ۋە ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇپ، تېگىشلىك بولمىغان زىيانلاردىن ساقلىنىش كېرەك. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك رەھبەرىي ئورگانلار ۋە ھەرقايسى كەسپتارماقلار ھەرىكەتكە كېلىپ، پائال تۈردە ئىسلاھاتنى قوللىشى، ئىسلاھاتقا ئاتلىنىشى، ئىسلاھات ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى كۆللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

**يولداش گوگاڭنىڭ ۋىلايەتلىك 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا بەرگەن دوكلادى (2 - قىسمى) قوشۇمچە قىلىندى**

## ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، ئىسلاھ قىلىشقا ئىرادە باغلاپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى



پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن چاقىرىلغان چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق يىغىن، ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىدىكى يېڭى بىر ئامايەندە. ئومۇمىي يىغىن چىقارغان «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار» دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈردى. بىز «ئىتتىپاقلاشقان، باي، مەدەنىيەتلىك» زامانىۋىلاشقان قەشقەر قۇرۇپ چىقىشنى نىشان قىلىپ، ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر تۈزۈپ چىقىپ، تەرەققىيات قەدىمىنى تەڭشەپ، يېڭى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم، ئەسلىدە 1990 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت - يېزا ئىگـ

www.uyghurkitap.com

گىلەمنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى 1980 ـ يىلدىكى ئاساسىتا بىر قاتلاش پىلانلانغان ئىدى، پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، ھازىر بۇ نىشانىنى 1988 ـ يىلى، يەنى مۇددەتتىن 2 يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 30 پىرسەنتتىن كۆپرەكنى ئىگەللىشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 15 پىرسەنتتىن كۆپرەك بولۇشى لازىم. ۋىلايىتىمىزنىڭ 4 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيىتىگە قارىغاندا، بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايمىز. بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىمىز شۇكى، 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، دادىل ئىسلاھ قىلىپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش، "سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش، ئىچكى قىسىمدا ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش" جەھەتتە چارە ئويلاش، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر بىردەك ئاتلىنىش، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)، كەنت، ئائىلىلەردىن ئىبارەت 5 چاق تەڭ ئايلىنىش، ئاممىغا، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە بارلىق كادىرلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىش لازىم. نۆۋەتتە، تۆۋەندىكى ئىشلارنى ياخشى تۇتۇش كېرەك:

## بىرىنچى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ «قارارى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك

پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى بىردەك ماقۇللىغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» دا شەھەر مۇھىم نۇقتا قىلىنغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە تەخىرسىزلىكى شەرھىيلەنگەن، ئىسلاھاتنىڭ يۆنىلىشى، خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە تۈرلۈك ئاساسىي فاڭجېن، سىياسەتلىرى بەلگىلەنگەن. ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىلىق ھۆججەت. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى (مۇزاكىرىگە قويۇلغان كۆپىيە)» ـ «قارار» نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلغان. ئۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ يېتەكچىلىك ئاساسى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى تەشكىللەپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ «قارارى» نى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ "پىكرى"نى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش ھەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «قارار» بىلەن "پىكىر" نىڭ روھىنى ئۆز جاي، ئۆز ئورنىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ شەھەر مۇھىم نۇقتا قىلىنغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەرخىل بايلىق مەنبەلىرى ئىنتايىن مول بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنالمىدۇق. قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، تەبىئىي بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، «قارار»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشتا دادىل بولۇپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئورنىتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن بولغان پەرقىنى تېزدىن ئازايتىشىمىز لازىم. قەشقەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ئالاھىدە ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك:

1. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاپاراتلىرىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ۋىلايىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاپاراتلىرى ئاساسلىقى ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ سانائەتنى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ۋە توۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنى سىستېمىلىق ئىسلاھ قىلىش زۆرۈر.

بىرىنچى، قەشقەرنى ئېچىشنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاپاراتلىرىنى قۇرۇش لازىم. ۋىلايىتىمىزدە «قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەركىزى»، «يەل - يېمىش ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزى»، «سۇ - ئېلېكتىر تەرەققىيات شىركىتى» قۇرۇش قارار قىلىندى. بۇ ئاپاراتلار دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدا كەسپىي ئورۇن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ، كېيىن پەيدىن - پەي شەرت - شارائىت ھازىرلاپ، مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسىنىڭ كۈچى كۈچەيتىلىپ ۋە تولۇقلىنىپ، سىرتتىن ئەكىرىش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش كەسپلىرى قانات يايدۇرۇلىدۇ. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)، يېزىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇناسىپ ئاپاراتلارنى قۇرۇشى لازىم.

ئىككىنچى، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى ھەر خىل مۇلازىمەت ئاپاراتلىرىنى، مەسىلەن: پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت مەركىزى، ئۇچۇر مۇلازىمەت مەركىزى، مەسلىھەت مۇلازىمەت مەركىزى، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىنى تەدرىجىي قۇرۇش لازىم. پەن-تېخنىكىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تېخنىكا كىرگۈزۈش، ئالماشتۇرۇش، كېڭەيتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئىگىلىكنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇڭا بىز ئۇچۇر توپلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇچۇرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە تىجارەتكە بولغان يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ھەر قايسى سىستېمىلار ۋە ھەر قايسى كەسپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇچۇر مۇلازىمەت تورلىرىنى قۇرۇشى، ھەر قايسى كارخانىلار كەسپىي ياكى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان ئۇچۇرچى قويۇش لازىم. تۈرلۈك چارىلار ئارقىلىق ئۇچۇر قايتۇرۇش نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، بازار رىقابىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش لازىم. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورگانلىرى دەرىجىمۇ ـ دەرىجە ئۇچۇر يەتكۈزۈش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ، رەھبەرلىكنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىر تۈزۈپ چىقىشىغا ئاساس يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى كۆز ـ قۇلىقى ئىتتىك، سىياسىتى توغرا، قوماندانلىقى تېز بولۇش مەقسىتىگە يەتكۈزۈش لازىم.

ئۈچىنچى، تاۋار ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنى ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىن ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت تىپىدا بولۇشقا پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش لازىم. تاۋار ئوبوروتى جەھەتتە ئىشىكنى ئېتىۋالغان، يولى ئاز، ھالقىسى كۆپ بولغان توپ تارقىتىش تۈزۈلمىسىنى ئىشىكنى ئېچىۋېتىدىغان، يولى كۆپ، ھالقىلىرى ئاز بولغان ئوبوروت تۈزۈلمىسىگە پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، شەھەرلەر مەركەز قىلىنغان، شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە راۋانلاشقان، رايونلار بويىچە ئالماشتۇرۇش بولغان گىرەلەشمە ئوبوروت يوللىرىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

ۋىلايەت سانائەت بۇيۇملىرى سودا مەركىزى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودا مەركىزى قۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئىچكىرىدە تەدرىجىي ھالدا ئەۋرىشكە قويۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىشنى، مەملىكەت ئىچىدىكى بازارغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. ناھىيىلەردىكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى تاۋار ئوبوروتىغا پايدىلىق بولۇش، دېھقانلارنىڭ سېتىۋالمىقى ۋە ساتمىقى قىيىن بولۇشتەك مەسىلىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىش بازىرى قۇرۇشى لازىم. يېزا سودا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش، كۆپ خىل تىجارەت شەكىللىرى، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى ۋە كۆپ خىل ئوبوروت يوللىرىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا يېتەكچى قىلىنغان، دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر تەڭ يۈكسەلدۈرۈلىدىغان سودا ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىش لازىم. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشنى يولغا قويۇپ، سودا كارخانىلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاش لازىم. پۈتكۈل سودا سېستىمىسى تىجارەتنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ھەر خىل ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇپ، ئىچكى قىسمىدا «داشقازان تامىقى» يەيدىغان ھالەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، ھەر بىر ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش لازىم.

كارخانىلار بۇرۇنقى خام ماتېرىيالىنى دۆلەت بىر تۇتاش يەتكۈزۈپ بېرىدىغان، مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغان، ھۆددىگە ئېلىپ ساتىدىغان ھالەتنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىشى كېرەك. تەمىنات ـ سودا خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تەمىنات ـ سودا خادىملىرىنىڭ كۈچىنى تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق خام ماتېرىيال سېتىۋېلىپ، مەھسۇلاتلارنى سېتىپ، نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى كارخانىلارنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تىپىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىش لازىم.

2. ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى، ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىسلاھ قىلىش لازىم. بىز جىياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى ۋۇشى شەھىرى يەنچاۋ يېزىسىنىڭ كارخانىلاردا «بىرنى ھۆددىگە

بېرىپ، ئۇچىنى ئۆزگەرتىش»، يەنى جىڭلى، زاۋۇت باشلىقى ئاساس قىلىنغان ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، مۇقىم ئىشچىنى توختاملىق ئىشچىلارغا ئۆزگەرتىش، مۇقىم ئىش ھەققى تۈزۈمىنى تۇراقسىز ئىش ھەققى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تۈزۈمىنى سايلاش، تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ ۋە كېڭەيتىپ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇپ، كەڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى كۈچەيتىش لازىم.

بۇندىن كېيىن ناھىيە دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت 1 - قول باشلىقلىرىنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندىن تاشقىرى، ناھىيىدىن تۆۋەن كارخانىلاردا جىڭلى، زاۋۇت باشلىقلىرىنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى ياكى سايلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، تەكلىپ قىلىش دائىرىسىگە چەك قويۇلمايدۇ. مەيلى ئۆز ئورنى، ئۆز جايىدىكى ياكى باشقا ئورۇن، باشقا جايدىكى كادىر ۋە ئىشچى، دېھقان، ۋاقىتلىق ئىشچى، توختاملىق ئىشچى بولسۇن، ھەممىسىدىن تەكلىپ قىلىشقا بولىدۇ. نۇمۇئەن دېھقانلاردىن تەكلىپ قىلىنىپ كارخانىلارنىڭ جىڭلىسى، زاۋۇت باشلىقى بولغانلارنىڭ نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتى يۆتكەلمەيدۇ. كارخانىلارنىڭ تەكلىپ قىلىنغان جىڭلى، زاۋۇت باشلىقلىرىدىن قەرەللىك ئىمتىھان ئېلىپ سىناش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھەم يۇقىرىغا چىقالايدىغان، ھەم تۆۋەنگە چۈشەلەيدىغان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، كارخانىلارنىڭ جىڭلى، زاۋۇت باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. كادىر، ئىشچى، دېھقانلاردىن نۇمۇئەن يېڭى زاۋۇت قۇرۇشنى ئىختىيار قىلغانلار تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، خادىملارنى ئۆزى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى زاۋۇت قۇرسا بولىدۇ. كارخانىلارنىڭ جىڭلى، زاۋۇت باشلىقلىرى تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزى بەنزە تەشكىل قىلىپ، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى كادىرلارنى كۆرسەتسە، ئوتتۇرا قاتلام مەمۇرى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، باشقۇرۇش، تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

كارخانىلار دۆلەتنىڭ «داشقازان تامىقى»نى يېمەسلىك، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانىنىڭ «داشقازان تامىقى»نى يېمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈشىنى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىلەن باغلاش كېرەك. ئىش ھەققىنىڭ ئېشىش نىسبىتى كارخانىلارنىڭ ئەمگەك - ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ۋە پايدىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئىش ھەققى شەكلىنى كارخانا ئۆزى بەلگىلىسە بولىدۇ. 2 - قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى مۇكاپات تارقىتىشنى تېزگىنلەش چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «يۇقىرى چېكىنى بېكىتمەسلىك، تۆۋىنىگە كاپالەتلىك قىلماسلىق» يولغا قويۇلىدۇ. لېكىن دۆلەتنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن مۇكاپاتتىن باج ئېلىش بەلگىلىمىسىنى چوقۇم قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك، ئىشچانلارنى مۇكاپاتلاپ، ھورۇنلارغا جەرىمانە قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىدە پەرقنى ئايرىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئالدىن باي بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

3. مەمۇرى ئورگانلارنى ئىخچام قىلىپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تېگىمىنى بوشىتىۋېتىش لازىم.

كارخانىلارنىڭ تىزگىنىنى بوشۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى كۈچەيتىش — پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى مەركىزىي ھالقا، بىز چوقۇم دۆلەتنىڭ بۇرۇن كارخانىلارنى باشقۇرۇشتا بەك كۆپ، بەك ئۆلۈك بولۇشتەك ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، سىياسەتنى يەنىمۇ كەڭ قويۇۋېتىپ، كارخانىلارنى تۈرلۈك چەرماق ۋە چەكلىمىلەردىن ئازات قىلىشىمىز لازىم.

كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش چارىسىنى بېكىتىشكە ھوقۇقى بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلىتىش مۇددىتى بىر يىلدىن تۆۋەن بولغان ۋاقىتلىق ئىشچىلارنى ئۆزى تەكلىپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇشى، يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ ئىشچىلىرى ۋە ھازىر بار كارخانىلارنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئىشچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە پىرىنسىپ جەھەتتە توختام تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى، كارخانىلار ياخشىلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە، ئىشچى-خىزمەتچىنى تەكلىپ قىلىشقا ۋە ئىشتىن بوشۇتۇشقا ھوقۇقلۇق بولۇشى لازىم. مۇستەقىل ھېساۋات يۈرگۈزگەن، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولغان، تىجارەتنى كوللېكتىپ ھۆددە ئالغان كىچىك تىپتىكى كارخانىلار ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىشلىتىدىغان ئىشچىلارنى ئۆزى بېكىتسە، ئۆزى ئالسا، ئۆزى باشقۇرسا بولىدۇ، يېزىلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىشچى ئىشلىتىشتە يېزىدىن ياخشىلىرىنى تەكلىپ قىلسا بولىدۇ. لېكىن، يېزا نوپۇسى يۆتكەلمەيدۇ، تۇۋار ئاشلىق يېمەيدۇ.

كارخانىلار جانلىق، كۆپ خىل تىجارەت شەكلىنى تاللاشقا ھوقۇقلۇق بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىرلەشمە تىجارەت، ھەمكارلىق تىجارىتىگە قاتناشسا بولىدۇ. ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكى، كوللېكتىپ، شەخسىي ئىگىلىك ئوتتۇرىسىدا جانلىق، كۆپ خىل ھەمكارلىق تىجارىتى ۋە ئىقتىسادىي بىرىكمىنى راۋاجلاندۇرسا بولىدۇ. كارخانىلار ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۆلەت پىلانىنى ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە بازار ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلاتلارنى كۆپەيتىپ ئىشلەشنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. كېرەكلىك ماددىي ئەشيانى ئەركىن ھالدا تاللاشقا، مال بىلەن تەمىنلەش ئورنىنى تاللاشقا، مالنى بىۋاسىتە يەتكۈزۈپ بېرىشنى يولغا قويۇشقا ھوقۇقلۇق؛ گوۋۇيۈەننىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۆز كارخانىسىنىڭ مەھسۇلاتىنى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزى سېتىشقا ھوقۇقلۇق.

كارخانىلار ئۆزىدە بار سەرمايىدىن پايدىلىنىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، يېتەكچى خاراكتېرىدىكى پىلانىنى يولغا قويىدۇ، ئومۇمەن قەرز ئېلىپ يېڭىدىن قۇرغان كارخانىلار ۋە قەرز ئالغان پۇلدىن پايدىلىنىپ كونا زاۋۇتلارنى ئۆزگەرتكەنلەردىن ئۆز ناھىيىسىنىڭ قەرز ئېلىش كۆرسەتكۈچى دائىرىسى ئىچىدىكىلەرنى ئالدى بىلەن ناھىيە (شەھەر) لەر ئۆزى تەكشۈرۈپ تەستىقلىسا بولىدۇ. لېكىن، ۋىلايەتلىك پىلان، ئىقتىسادىي كومىتېتنىڭ بىر تۇتاش ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇشىغا يوللىشى لازىم. قەرز ئېلىش كۆرسەتكۈچىدىن ئېشىپ كەتكەنلەر ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ. ئۆزى تەييارلىغان سەرمايىدىن پايدىلانغان ياكى بىرلىشىپ سەرمايە سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ سېلىنىدىغان مەبلىغى 500

مىڭ يۇەندىن تۆۋەن بولغانلىرىنى ناھىيىلەر ئۆزى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ . 500 مىڭ يۇەن-
دىن يۇقۇرىلىرىنى ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللايدۇ.

ئىقتىسادنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلار،
يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى ، مەسىلەن: ئاشخانا ، مېھمانخانا ، سەتىراچخانا ھەممە
باشقا مۇلازىمەت كەسىپلىرى خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، شەخسى تىجارەتچىلەرگە
ھۆددىگە ياكى ئىجارىگە بەرسە بولىدۇ.

مەركەزدىكى رەھبىرى يولداشلار يېقىندا دۆلەت خادىملىرىنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇل-
لىنىشى نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتتا پەيدا بولغان بىر يېڭى ناتوغرا ئىستىل ، ئۇ ، ئىسلاھاتقا تە-
سىر يەتكۈزۈپ،ئىسلاھاتنى بۇزىدۇ، ئۇنىڭغا قول قويۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ
كۆرسەتتى . بىز ج ك پ مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى
ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كارخانا ئېچىشىنى قەتئىي
مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» نى ۋە مەركىزى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ
1984 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈندىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىنى چوقۇم قەتئىي ئىزچىل ئىجرا
قىلىشىمىز كېرەك . نۆۋەتتە يەنە سىرتتىن ئەكىرىش ، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ئالاقىلىرىدا
نا توغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەكىتلەش كېرەك . زۆرۈر بولغان كۆتۈۋېلىش يەنىلا
كېرەك ، لېكىن ، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا ، كۆتۈۋېلىشنى باھانا قىلىپ چوڭ يەپ، چوڭ
ئىچىشكە بولمايدۇ . پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئومۇمنى شىلىپ ، ئۆزىنى سەمرىتىشكە تېخىمۇ
بولمايدۇ . ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ئوتتۇرىغا چىققان نا توغرا ئىستىللارنى قەتئىي
تۈزۈتۈپ ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك
قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرى كادىرلىرى بايرىقى روشەن ھالدا ئىسلا-
ھاتنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولۇشى كېرەك. ئىسلاھاتقا توسالغۇ بولىدىغان ئىشلارنى قى-
لىشقا ھەرگىز بولمايدۇ . كارخانىلارغا ئۆز مەيلىچە ئادەم ئورۇنلاشتۇرماسلىقى كېرەك. كار-
خانىلارنىڭ مالىيە ، ماددى ئەشيالىرىنى خالىغانچە تەڭشۈۋېتىشكە ، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بول-
مايدۇ.كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا قەتئىي تۈردە ھۆرمەت قىلىش لازىم.

## ئىككىنچى، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، رەھبەرلىكنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساش، نىشاننى توغرىلاش كېرەك

مەركەزنىڭ ئىككى 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ بولۇپمۇ 12 - نۆۋەتلىك مەركىزى كو-
مىتېت 3 - ئومۇمى يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ، پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ تە-
رەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى . ئىگىلىك كۆللەپ ياشناشتەك يېڭى ۋەزىيەت مەيدانغا كەل-
دى. ئەگەر تەرەققىيات قەدىمىمىزنى تېزلەتمەيدىغان بولساق ، ئىلغار رايونلارنى خام ئەشيا
بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بېرىش ھالىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايمىز.
ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىق ، نامراتلىق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلمەيمىز، ئىلغار را-
يونلار بىلەن ئىقتىسادى ، مەدەنىيەت جەھەتتە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەمىلىيەتتىكى تەڭسىز-

لىكنى تۈگىتەلەيمىز. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، نۆۋەتتە ئەڭ
مۇھىم بولغىنى — رەھبەرلىكنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساش، نىشاننى توغرىلاش. بۇرۇنـ
قىدەك ئاساسىي جەھەتتىن كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى تۇتۇشتىن بېيىش مەسىلىسىنى
تۇتۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش كېرەك. دېمەك، بۇرۇنقىدەك نوقۇل ھالدا يېزا ئىگىلىكىنى تۇتۇشتىن
يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودىنى بىللە تۇتۇشقا ئۆزگەرتىش، ئىقتىساتتىن ئىبارەت ئومۇمـ
لۇقنى تۇتۇش لازىم. مەملىكەت بويىچە نۇرغۇن ئىلغار رايونلارنىڭ تەجرىبىسى شۇنى ئىسپاتـ
لىدىكى، يېزا ئىگىلىكى بولمىسا، مۇقىملىق بولمايدۇ، سانائەت بولمىسا، بېيىغىلى بولمايدۇ،
سودا بولمىسا، جانلىقلىق بولمايدۇ. مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە دۆلىتىمىز ھازىر
ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىدىن زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە، ئۆزىنى تەمىنلەش، ئۆزىنى يېرىم
تەمىنلەش ئىگىلىكىدىن توۋار ئىگىلىكىگە قاراپ ئۆزگىرىش دەۋرىدە تۇرماقتا، دەپ ئېنىق
كۆرسىتىلگەن. دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شەرھىيلەنـ
گەن ھەم ئالغا بېسىش نىشانىمىز ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان بىزنىڭ
كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىمىز ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولماي كەلگەن ئىدى. يېقىنقى 3 يىلدىن
بۇيان بىز يېزىلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويغاندىن كېيىن، ۋەزىـ
يەتتە تېز ئۆزگىرىش بولدى. بۇ، يېزا ئىسلاھاتىدىكى بىرىنچى زور بۆسۈش بولدى. ھازىر
كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى. بۇ يېزا ئىسلاھاتىدىكى ئۇنـ
جى چوڭ بۆسۈش. ھازىرقى ۋەزىپە — يېزا ئىسلاھاتى جەھەتتە 2- بۆسۈشنى تەشكىللەش، ئۇـ
نىڭ بەلگىسى 4 ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت: (1) يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى
نوقۇل ھالدا يېزا ئىگىلىكىنى تۇتۇشتىن يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودىنى ئومۇملاشتۇرۇپ
راۋاجلاندۇرۇشقا قاراپ ئۆزگەرتىش؛ داۋاملىق تۈردە يېزا ئىگىلىكىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن
بىر چاغدا، سانائەتنى ياخشى تۇتۇش، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ياخشى تۇتۇش، سودىـ
نى ياخشى باشتۇرۇپ، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇش؛ (2) يېزا مەھسۇلات قۇرۇلمىلىرىنى بۇرۇنقىـ
دەك ئاساسلىقى خام ئەشيا چىقىرىش ۋە دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئۆزگەرتىپ ئىنچـ
چىكىلەپ ئىشلەش، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بويۇملارنى چىقىرىشقا ئايلاندۇرۇش؛ (3) مەھسۇلات بويۇمـ
لىرىدا ئىلگىرىكى بۇرۇنقىدەك ئاساسلىقى سانائەت، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ
ئىشلەشتىن جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ساھەلەرگە كېڭەيتىشكە قاراپ ئۆزگەرتىش.
يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىش؛
(4) يېزا ئىقتىسادىنى ئىشىكنى ئېتىۋېلىش شەكلىدىن سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش، ئىچكى قىسمىـ
نى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئېچىۋېتىش شەكلىگە ئۆزگەرتىش.

رەھبەرلىكنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساش ۋە نىشاننى توغرىلاشنى ئوڭۇشلۇق ئەـ
مەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە شۇكى، «سول» لۇق ئىدىيىنى داۋاملىق تازىـ
لاش لازىم. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز «سول» لۇق
ئىدىيىنىڭ تەسىرلىرىنى تازىلاپ چىقىرىش جەھەتتە نۇرغۇن
خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولساقمۇ، «سول» لۇق ئىدىيە تېخى ئۈزۈل - كېسىل
تازىلاپ چىقىرىلمىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى ماۋۇلار: بەزى يولداشلارنىڭ ئىدىيىـ
سى تېخى ئازات بولمىغاچقا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئىدىيەۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرالماي، كۆپىنچە ھاللاردا
«سول» لۇق ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن بەزى خاتا ياكى ۋاقتى ئۆتۈپ
كەتكەن ئۇقۇم-ئىنئەنىلەر ۋە ئۇسۇللارغا ئېسىلىۋالغان. ئىقتىسادىي قۇرۇلما جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىگە
ئەھمىيەت بېرىپ، سانائەت، يېزا-بازار كارخانىلىرىغا ۋە سودىغا سەل قارالغان. ئىقتىسادىي
تەركىب جەھەتتە دۆلەت ئىگىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە سەل قارالغان،
يەككە ئىگىلىكنىڭ ئۆۋەتتىكى تارىخى شارائىت ئاستىدىكى رولىغا سەل قارالغان؛ پىلان تۈ-
زۈلمىسى جەھەتتە بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى پىلانغا ئادەتلىنىپ قېلىپ، بازار ئارقىلىق تەڭ-
شەشكە ۋە قىممەت قانۇنىغا سەل قارالغان؛ ئىقتىسادىي شەكىل جەھەتتە، تاۋار ئىشلەپچىقى-
رىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن، ھەتتا كاپىتالىزم پەيدا بولىدۇ، دەپ ئەن-
سىرىگەن؛ ئىقتىسادىي باشقۇرۇش جەھەتتە، مەمۇرى ۋاستىلارغا ئادەتلىنىپ، ئىقتىسادىي ۋاس-
تىلارنى قوللىنىشقا ماھىر بولالمىغان. كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى جەھەتتە، سىياسىغا ئەھمى-
يەت بېرىپ، قابىلىيەتكە سەل قارالغان. تىجارەت شەكلى جەھەتتە، ئۆزىگىلا تايىنىپ، يەككە
ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرلىشىپ ئىشلەش ۋە سىرتقا قارىتا ئېچى-
ۋېتىشكە سەل قارىغان. بىرلىشىش مەسىلىسىدە پايدا قوغلۇشۇشقا ھەددىدىن زىيادە كۆپ بې-
رىلىپ كەتكەن. سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش جەھەتتە، باشقىلارنىڭ بايلىق
مەنبەسىنى ئىگىلىۋېلىشىدىن قورققان. بىلىمگە ۋە زىيالىيلارغا مۇئامىلە قىلىش
جەھەتتە، بىلىمگە سەل قاراپ، زىيالىيلارنى كەمسىتىپ، پارتىيىمىزنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى
ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن. ئىختىساسلىق كىشىلەرنى قوبۇل قىلىش جەھەتتە، ئاكتىپ پوزىتسى-
يىدە بولمىغان، ھەتتا ئىدىيەجەھەتتە قارشىلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن؛ ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈ-
مى جەھەتتە، دۆلەتنىڭ ئىشچى قوبۇل قىلىش كۆرسەتكۈچىنى قوغلىشىپ، «دوگۇۋار ئىشچى» قو-
بۇل قىلىشنى خالىمىغان؛ مەبلەغ توپلاش جەھەتتە، دۆلەتكە تايىنىۋېلىپ، ھەر خىل ئىجتىمائى-
ئى مەبلەغلەردىن تولۇق پايدىلىنىشقا سەل قارىغان؛ ئىش ھەققى ۋە مۇكاپات سوممىسى مەسى-
لىسىدە، دادىل ئىش كۆرمىگەن، مۇكاپات سوممىسى كۆپرەك تارقىتىلسىلا، ئولتۇرالماي قېلىش-
تەك ئەھۋال كۆرۈلگەن. يۇقىرىدا سوللۇق ئىدىيىنىڭ 15 خىل ئىپادىلىرى مىسالغا ئېلىندى.
بۇنىڭ بەزىلىرى «سول» لۇق ئىدىيە، بەزىلىرى «سول» لۇق ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا
شەكىللەنگەن نەرسىلەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. شۇنى تو-
نۇپ يېتىشىمىز لازىمكى، «سول» لۇق ئىدىيىنىڭ تەسىرلىرى يەنىلا بىزنىڭ ئىگىلىكنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇشىمىزدىكى ئاساسلىق پۇتلىكاشاڭ، ئۇنى قەتئىي ئېرادىگە كېلىپ، ئۈزۈل-
كېسىل تازىلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك. ئۇندىن قالسا، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ۋە فېئودال
پاترىيالخانلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرلىرىنى تازىلاپ چىقىرىش لازىم. ئۇزۇندىن بۇيان، ئەنئە-
نىۋى يېزا ئىگىلىكى ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى كىشىلەرگە ناھايىتى
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، بەزى يولداشلارنىڭ ئىدى-
يىسى كۆپىنچە ھاللاردا كونسېرۋاتىپ بولۇپ، كونا قائىدە-تۈزۈملەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ھازىر-
قى ھالەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالغان. ئۇلاردا ئۇلۇغۋار غايە ۋە ئىسلاھ قىلىش روھى كەم
بولغان، كونا رامكا، كونا ئادەت، كونا ئۇسۇللار بويىچە ئادەتلىنىپ قالغان، خىزمەتتە بەك-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، ساداپ دەسسەپ يۈرگەن. ئۇلار دادىل ئىشلەشكە، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، بولۇپمۇ ئىسلاھاتقا قارىتا ئىدىيە جەھەتتە سەزگۈر بولمىغان، ھەتتا قارشىلىشىش كەيپىياتىدا بولغان، يېڭى ئىشلارنى يارىتىشتا قىزغىن بولمىغان، بۇنداق قىلىش بەكمۇ زىيانلىق، ئۇنى تۈگىتىش لازىم.

بۇ يەردە يەنە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بىز تۆۋەندىكى 3 مەسىلىگە چوقۇم توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم: (1) بىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمىزنى، شارائىتىمىزنى توغرا تونۇش لازىم؛ (2) بىلىم، تېخنىكا، قويۇق مەركەزلىشىپ قالغان كەسىپ ۋە ساھەلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم: (3) تارىخى تەجرىبىلەر ۋە ساۋاقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

بەزى يولداشلار، قەشقەر يىراق، چەت جايغا جايلاشقان، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن، بازارلىرى چەكلىك بولغاچقا، پەقەت كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىلا قۇرۇشقا بولىدۇ، ئۆزىنى-ئۆزى تەمىنلىسىلا بولىدى، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كارخانا قۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىسى ۋە جاسارىتى كەم بولغان. بۇ، ماھىيەتتە بىر خىل ئۇششاق دېھقانلار ئېڭىنىڭ ئىپادىسى. ھازىر ۋىلايىتىمىزنىڭ قاتناش ئەھۋالى تەدرىجى ياخشىلانماقتا. ھازىر ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە بولغان تاشيول پۈتۈنلەي ئاسپالتلاشتۇرۇلۇپ بولۇندى. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى كورلىغا تۇتاشتۇرۇلدى. قەشقەر ئايرودورومىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تاۋار ئەۋەتىپ چىقىرىشىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشىمىز ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى. پاكىستان بىلەن ئارىلىقىمىز 400 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغىمۇ ئاران 160 كىلومېتىر بولغاچقا، تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىستىقبال پارلاق. بازارنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر مەھسۇلاتلىرىمىز بازارلىق بولسا، مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ سۈپىتى ياخشى بولسا، ئۇنى ۋىلايىتىمىزدە سېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۈرۈمچى بازىرىغىچە ئاپىرىپ ساتقىلى بولىدۇ. ۋىلايىتىمىزنىڭ يېرىم دىيامېتىرى 500 كىلومېتىر بولغان دائىرىسىدە ئاھالە زىچ، چىڭخەيلەردىن ئېشىپ كەتتى. بازىرىمىزمۇ كىچىك ئەمەس، ئەگەر مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسا، ئۇنى پاكىستان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرگۈزگىلى، ھەتتا پاكىستان ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق، غەربىي ئاسىياغا ئاپىرىشقا پۈتۈنلەي مۇمكىن بولىدۇ.

يەنە بەزىلەر: بىلىم - تېخنىكا زىچ مەركەزلەشكەن ساناائەتنىڭ تەلەپ يۇقۇرى، قىيىنچىلىقى زور بولغاچقا بۇنى قىلالمايمىز، دەپ قارايدۇ. بۇمۇ بىر خىل كونسېرۋاتىپلىق ئىدىيە. بىلىم - تېخنىكا زىچ مەركەزلەشكەنلىك ئومۇمىي كەۋدىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايرىپ قارالسا، كونكرېت خىزمەت تەرتىۋى جەھەتتە، تېخنىكا تەلىۋى ئۇنچىۋالا يۇقۇرى بولمايدۇ. ھۈنەر-سەنئەتنى ئىگەللەش بىرقەدەر ئوڭاي بولىدۇ، بىز سىرلىق تۇيغۇنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە تېخنىكىنىڭ موھىملىقىغا سەل قاراشقىمۇ بولمايدۇ، قىيىنچىلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئامال قىلىپ يېڭىپ ئۆتۈش كېرەك، بىز ئاددىي مەشغۇلات سەۋىيىسىدە مەڭگۈ توختاپ قالساق بولمايدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئۇرغۇن يېزا - بازار كارخانىلىرى ئېلىكتىرون،

خىمىيەۋى سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يەردە، بىز ئىدىيىمىزنى ئازات قىلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلا بولساق، چوقۇم بىلىم-تېخنىكا زىچ مەركەزلەشكەن سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرالايمىز.

يېقىنقى بىر نەچچە ئايلاردىن بۇيان، ھەرقايسى جايلارنىڭ سانائەت بىلەن ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. لېكىن، يەنە بەزى كىشىلەر 1958-يىلدىكى پولات-تۆمۈر تاۋلاش ۋە ئالدىنقى قار-قۇر زاۋۇدى قۇرۇشتا ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى قايتا سادىر قىلىشتىن ئەنسىرىمەكتە. تارىختىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ناھايىتى زۆرۈر. لېكىن شۇنىڭ بىلەن كېلىمىزغا نان تۇرۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەسلىكىمىز كېرەك. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھازىر كارخانىلارنى قۇرۇشىمىز — ئۆز جايلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغانلىق بولۇپ، بازار، بايلىق مەنبەسى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم قاتارلىق جەھەتلەردە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ، پولات-تۆمۈر تاۋلاش بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىككى ئىشنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىز تارىختىكى تەجرىبە-ساۋاقلارغا سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. بىز كارخانا قۇرغان چاغدا چوقۇم كاللىمىز سەگەك بولۇشى، تارىختىكى خاتالىقنى قايتا سادىر قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز ھەم ئاكتىپ، دادىل بولۇپ، توغرا تاپقان ئىشنى قەتئىي تىرىشىپ ئوبدان ئىشلىشىمىز، ھەم ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، پۇختا ھالدا، قۇرۇلۇش تەرتىۋى بويىچە ئىش قىلىشىمىز، ھەقىقىي ئىشەنچ بولغاندا، ئاندىن قەتئىي ئىرادىگە كېلىشىمىز لازىم. شىنجىنلىقلاردەك «تەۋەككۇلچىلەرنىڭ جاسارىتى، ئالىملارنىڭ مېڭىسى، ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەرنىڭ روھى بولۇش» كېرەك.

ھازىر رەھبەرلىكنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساش، ئىشاننى توغرىلاش مەسىلىسىگە قارىتا كۆپچىلىكنىڭ ئوخشىمايدىغان پىكرى قالمىدى. لېكىن، بۇنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا بەزى خاتا ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تازىلاش-تازىلىماسلىققا باغلىق. كۆپچىلىكتىن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى بارلىق توسالغۇلارنى ئۈزۈل-كېسىل چىقىرىپ تاشلاپ، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس سېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئۈچىنچى، پۈتۈن پارتىيە ھەركەتكە كېلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائىتى ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىدا تېزدىن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم

ۋىلايىتىمىزدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگەللىگەن سالمىقى بەكمۇ كىچىك بولۇپ، ئۆتكەن يىلى ئاران 26.8 پىرسەنت بولدى. بۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمى پاختىغا ئىش قوشۇش مەھسۇلات قىممىتى بولۇپ، سانائەتنىڭ ساپ مەھسۇلات قىممىتى ناھايىتى تۆۋەن، گەرچە ۋىلايىتىمىزدە 319 كارخانا بولسىمۇ، لېكىن سانائەت قۇرۇلمىسى جەھەتتە، كۆمۈر، ئېلېكتىر، سېمونت قاتارلىق ئاساسلىق سانائەت ئىنتايىن ئاجىز بولغانلىقتىن، سانائەتنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا ۋە ھازىر بار كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا ئېغىر دەر-

www.uyghurkitap.com

جىددىي تەسىر كۆرسەتمەكتە. ھازىر بار كارخانىلارنىڭ تولىسى كۆلىمى كىچىك، مەھسۇلات قىممىتى تۆۋەن، ئۈسكۈنىلىرى كونا، تېخنىكىسى قالاق، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىزنىڭ سانائىتىمىزدە رادىئاكتىپلىق كۈچى بولغان تايانچ كارخانىلار ئاز.

بۇنداق قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، دەرھال ھەركەتكە كېلىپ، جىددىي قوغلاپ يېتىشىۋېلىشىمىز، ئىلگىرىلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

1 . نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە شۇكى، پۈتۈن پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردا ئىدىيە جەھەتتىن زور قوزغىلىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ يىل كۈز پەسلىدىن بۇيان، ھەر قايسى ناھىيىدىكى يولداشلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بولغان تونۇشى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئۆستى، ئىدىيىسى جانلاندى، پىكىر قىلىش يولىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى كەڭرى بولدى، تەخىرسىزلىك ھېسسىياتىمۇ كۈچەيدى. لېكىن، يېزا - كەنتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورۇن يەنىلا تىمتاس ھالەتتە تۇرماقتا. بەزى كادىرلار نېمە ئىش قىلىشنى بىلمەيۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى جانلىق ئەمەس، پىكىر قىلىش يولى كەڭ ئەمەس، ھەتتا، بەزىلىرىنىڭ ئىدىيىسىدە قىلچىمۇ مىدىرلاش بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا - كەنتلەردە ۋە ھەر قايسى ئالاقىدار كەسپىي تارماقلاردا ئىدىيە جەھەتتىن چوڭ سەپەرۋەر قىلىشىمىز، چوڭ بىر مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭدا ئاساسەن 3 مەسىلىنى نۇقتىلىق ھالدا مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك: (1) بىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىلغار رايونلار بىلەن ئاساسەن قانداق پەرقىمىز بار، ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ (2) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشنىڭ چىقىش يولى نېمە؟ يەرلىك سانائەت بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قانداق ئورۇنغا قويۇش كېرەك؟ (3) ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائىتىنى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگىلى بولامدۇ - يوق؟ بۇنىڭدا قانداق يوللار بار؟ قانداق قىلغاندا پايدىسىز ئامىللارنى يېڭىپ، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ بىز، بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن ۋىلايەتتىن تارتىپ ناھىيە، يېزا، كەنتلەردىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ئىشچىلار، دېھقانلار ئاممىسىغىچە، پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا، يۇقىرىدىكى 3 مەسىلىنى كەڭ تۈردە مۇھاكىمە قىلىش لازىم. مۇھاكىمە ئارقىلىق، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىنى قوزغاپ، نىشان ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يوللارنى تېپىپ، سانائەتنى گۈللەندۈرۈشكە ئىدىيىۋى ئاساس سېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

2 . ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئۆز يېرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈپ، يېڭى سانائەت ساھەلىرى ۋە تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم.

يەرلىك سانائەتنى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئىككى ئۈستۈنلۈكنى تۇتۇش كېرەك. بىرى، بايلىق مەنبەسىدىكى ئۈستۈنلۈك، يەنە بىرى، ئىجتىمائىي ئۈستۈنلۈك. بايلىق مەنبەسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك سۇ، تۇپراق، ھاۋا رايى، ماددىي مەھسۇلاتلار ۋە كان بايلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پايدىلىنىش شارائىتى بولغانلىرىدىن تولۇق پايدى-

لىنىش، پايدىلىنىش شارائىتى ۋاقىتىنچە ھازىرلانمىغانلىقىدىن قارىغاندا، پائال تۈردە شارائىت ھازىرلاپ، بايلىق مەنبەلىرىمىزنى خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىدىغان، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىلىشىمىز لازىم. ئىجتىمائىي ئۈستۈنلۈك — ئاساسەن ئەمگەك بايلىقى ۋە بازارنى كۆرسىتىدۇ، بىر نەچچە مىليون كىشىلىك بازارنىڭ ئېھتىياجى ناھايىتى زور بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلات تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. مانا بۇلار — دەل سانائەتنى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى ۋە بىپايان زېمىنى. بۇندىن كېيىن يەرلىك سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىغا جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ساھەلەرنى كەڭرى كۆزىتىشىمىز، جەمئىيەتكە قانداق مەھسۇلات لازىم بولسا، شارائىتلا بولىدىكەن، شۇنداق كەسىپنى ۋە مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بىز ھازىر ھەر يىلى باشقا جايلاردىن 300 مىليون يۈەنلىكتىن ئارتۇق مالنى سېتىۋېلىپ كىرگۈزىۋاتىمىز. بۇ ماللارمۇ بىر نەچچە مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ. بىز مۇشۇ 300 مىليون يۈەنلىك بىر نەچچە مىڭ خىل مەھسۇلات - بويۇملاردىن يول تېپىپ، زاۋۇت قۇرۇشىمىز لازىم.

ۋىلايىتىمىزدە سانائەتنى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا: بىرى، ئۆز يېرىمىزدىكى بازارغا يۈزلىنىش؛ ئىككىنچى، ۋىلايىتىمىزنىڭ سىرتىدىكى بازارغا يۈزلىنىش؛ ئۈچىنچىسى، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق بازارلىرىغا يۈزلىنىش كېرەك. ھەر قايسى ناھىيىلەر مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ئۆز جايلىرىنىڭ بازارلىرىنى تەتقىق قىلىشى كېرەك. ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ۋىلايىتىمىز سىرتىدىكى ۋە دۆلەت سىرتىدىكى بازارلارنى تەتقىق قىلىشى، بازار ئۇچۇرى ئارقىلىق سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشى، بىزنىڭ كەسپىي ساھەلىرىمىز ۋە ئىش تۈرلىرىمىزنى بېكىتىشى لازىم.

يەرلىك سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى نۆۋەتتە نۇقتىلىق ھالدا قۇۋۋەت مەنبەئى، ئېنېرگىيە، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، مۇنگە ئىش قوشۇش، يېمەكلىكلەر، ئىچىملىكلەر، كىيىم - كېچەك، ئارىلاشما يەم - بوغۇز، كۆن - خۇروم، سۇلياۋ بويۇملىرى، كۈندىلىك مېتال بويۇملىرى، پار - پۇر بويۇملار، ئىلما - توقۇلما بويۇملار، بىناكارلىق، قۇراشتۇرۇش - قاچىلاش، تىببىي دورىگەرلىك، كۈندىلىك تۈرلۈك ماللار ۋە كان ئېچىش قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. نۆۋەتتە، ئاساسلىق سانائەت، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ۋە 3 - ئىگىلىكنى نۇقتىلىق ھالدا تۇتۇش كېرەك. ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قوغۇن ۋە يەل-يېمىشلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىدا ئىمكانقەدەر تېز بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، كەلگۈلىمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، كان بايلىق مەنبەلىرىنى پائال ئېنىقلاپ چىقىش كېرەك. ئەگەر بۇ جەھەتتە زور بۆسۈشلەر بولىدىكەن، ۋىلايىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ. سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلاردا مۇھىم نۇقتا بولۇشى كېرەك. ۋىلايەتتە قۇۋۋەت مەنبەئى، توك، سېمونت، شۇنىڭدەك ناھىيە ۋە يېزىلار قۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەن رادى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاكتىپلىق سانائەتلەرنى ئۇقتىملىق ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ناھىيىلەردە بولسا، تايانچلىق سانائەتلەرنى شۇنىڭدەك قۇرۇلۇشقا ئىقتىدارلىرى يېتىدىغان، رادىئاكتىپلىق كۈچكە ئىگە بولغان سانائەتلەرنى ئۇقتىملىق ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. يېزا- بازار، كەنتلەردە دىخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يەم - خەشەك سانائىتى ۋە ئۇششاق توۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇقتىملىق ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

ۋىلايىتىمىز سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىش زۆرۈر:

(1) سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

ۋىلايىتىمىز ئېچىشنى كۈتىۋاتقان رايون، ئەگەر يەككە ھالدا ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەملىكەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىمىز دەيدىكەنمىز، بۇنىڭغا ئىمكانىيەت يار بەرمەيدۇ. ئىچكى جايلارغا قارىتا ئېچىۋېتىش، چەتئەللەرگە قارىتا ئېچىۋېتىشنى ئاكتىپ يولغا قويۇپ، چەتئەللىنىڭ، ئىچكىرىنىڭ سەرمايىسى ۋە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ۋىلايىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم. بىز چوقۇم مەملىكەت ئىچىنىڭ ۋە چەتئەللىنىڭ ئىككى خىل بايلىق مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە مەملىكەت سىرتىدىكى ئىككى بازارنى ئېچىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى قۇرۇلۇش ۋە چەت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش ماھارەتنى ئۆگىنىۋېلىپ، ۋىلايىتىمىزنى سانائەت، يېزا ئىگىلىك، سودا بىرگە ئېلىپ بېرىلغان، ئىچكى - تاشقى بايلىق مەنبەئى بىرلەشتۈرۈلگەن، مىللىي يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادىي رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

سىرتنىڭ سەرمايىسى ۋە تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، سىرتنىڭ سەرمايىسى ۋە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇلغان كارخانا تىپىدىكىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ تىجارەت شەكلىگە بىردەك چەكلىمە قويماسلىقىمىز، بىرلەشمە تىجارەت، ھەمكارلىق، تولۇقلىما سودا، مۇستەقىل سەرمايە بىلەن قىلىنىدىغان تىجارەتكە يول قويۇشىمىز كېرەك. باج ئېلىش، پايدا تەقسىماتىدا بىردەك ئېتىبار بېرىشىمىز، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى سىرتنىڭ سەرمايىسىغا تايانغان ھەمدە ئەڭ يېڭى تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتكەنلەرگە، شۇنداقلا كارخانىلارغا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم.

سىرتنىڭ مەبلىغىنى ۋە تېخنىكىسىنى تېخىمۇ ئوبدان كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ۋىلايەت ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەر ھەمكارلىشىش ئىشخانىلىرىنى تولۇقلىشى ۋە كۈچەيتىشى، ئىقتىدارى بولغان بىر قانچە ئادەمنى مۇقىم بېكىتىپ، كۆپ قىسىم ۋاقىت ئاجرىتىپ، سىرت بىلەن ئالاقە باغلاپ، سىرت بىلەن بىرلىشىش جەھەتتىكى ۋەزىيەتنى ئىمكانقەدەر تېز يارىتىشى لازىم.

(2) مەركىزىي شەھەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يەرلىك سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، شەھەر - يېزىلار بىر - بىرىنى تايانچ قىلىش، شەھەر بىلەن يېزىنى بىر - بىرىگە سىڭدۈرۈش يولىدا مېڭىشى لازىم. شەھەرلەر يېزىلارنى تېخنىكا، قۇۋۋەت مەنبەئى ۋە ئېنېرگىيە كۈچى بىلەن تەمىنلىشى، يېزىلارمۇ

شەھەرنى خام ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش كېرەك. قەشقەر شەھىرى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇپ، مەركىزىي شەھەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. پۈتۈن ۋىلايەتكە يۈزلىنىپ ھەمدە پىلانلىق تۈردە بەزى يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى يېتەكلەشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا 2 ـ يېنىك سانائەتنى ئوبدان يولغا قويۇش، بولۇپمۇ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بەزى مەھسۇلاتلارنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شەھەر سانائىتىدىمۇ دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر بىردەك سەپكە ئاتلىنىش يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇش، شەخسلەرنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. جايلار يېزا ـ بازار قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى، گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، بازار قۇرۇش شەرتىگە توشىدىغان يېزىلاردا بازار قۇرۇپ چىقىشى، بازارلار كەنتلەرگە رەھبەرلىك قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن، يېزىلاردا بىر تۈركۈم كىچىك بازارلارنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، بازارلارنى شەھەر بىلەن ئالاقە باغلايدىغان بەلۋاققا ئايلاندۇرۇش لازىم.

(3) يەرلىك سانائەت ۋە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلەر سانائەت قۇرۇلۇشىدا بىردەك كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانا قۇرۇشى كېرەك. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا ئوخشاشلا، دېخانلاردىن ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىشقا، دېخانلارنى ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشقا بولىدۇ. كارخانىلارمۇ پاي چېكى تارقىتىشقا بولىدۇ، مەبلەغ ئارقىلىق ئەمگەك كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياكى ئەمگەك كۈچى ئارقىلىق مەبلەغ توپلاشنى يولغا قويۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىدىن كارخانا قۇرۇشتا، دۆلەتتىن پۇل ئاجرىتىلمايدۇ، ئۆزى مەبلەغ توپلاشتىن باشقا، ئاساسەن قەرز پۇل ئىشلىتىش كېرەك. خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى يەرلىك سانائەت شۇنىڭدەك، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا پائال مەدەت بېرىشى لازىم؛ قەرز رەسمىيىتىنى ئىخچاملاشتۇرۇش، پايدا نىسبىتى جەھەتتە ئېتىبار بېرىش لازىم. خەلققە چىندى ئېھتىياجلىق بولغان ياكى پايدىسى ئاز بولغان كارخانىلارغا ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە يەرلىك مالىيىدىن قوشۇمچە ئۆسۈم بەرسە بولىدۇ. 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ، نامراتلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇل، ئالاھىدە ئەھۋاللاردىن باشقا، بىردەك ھەقلىق مەبلەغقە ئۆزگەرتىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭغا ياردەم بېرىش پۇلى ھەقلىق مەبلەغقە ئۆزگەرتىلىدۇ ياكى قوشۇمچە ئۆسۈمگە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەبلەغ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ناھىيىگە قالدۇرۇلۇپ ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن يەرلىك مالىيىگە قوشۇۋېتىلىپ، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

(4) كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تېخنىكا كۈچى مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك. تېخنىكا كۈچلىرىنى پائال تۈردە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەندىن سىرت، باشقا جايلاردىن تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن، ھەقىقىي بىلىمى ۋە قابىلىيىتى بار بولغان تېخنىك خادىملار ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى يېزا نوپۇسىدا بولغان بولسا، شەھەر نوپۇسىغا ئېلىشقا بولىدۇ. خىزمەتكە ئورۇنلاشمىغان پەرزەنتلىرىدىن بىرنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئەمگەك ـ كادىرلار ۋە ج خ، ئاشلىق تارماقلىرى بۇنىڭغا ماسلىشىشى لازىم. شەھەرلەردىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى يېزىلاردىكى

www.uyghurkitap.com

يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا بېرىپ ئىشلىمىسە، ئۇنىڭ دۆلەت كادىرلىق تەمىناتى ئۆزگەرمەيدۇ، ئىش ھەققىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. باشقا جايلاردىن تەكلىپ قىلىنىپ كەلگەن پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىغا، شۇ جايدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىغا قارىتىلغان چارىدىن پايدىلىنىپ، ئېتىۋار بېرىشكە بولىدۇ. خىزمەتتىن ئۆزلىكىدىن ئايرىلىپ، ئىچكىرىدىن چېگرا رايونىغا خىزمەت قىلغىلى كەلگەن ھەقىقىي بىلىم، قابىلىيىتى بار بولغان پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى يۇقىرىقى تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ئەسلى ئىش ھەققى دەرىجىسى بىلەن ۋەزىپىسىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى بىز بىلەن بىرلىكتە قەشقەرنى ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، جايلار يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىدىن ئادەم ئېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بەزى يولداشلار يەرلىككە كېلىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلسا، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىشى كېرەك.

(5) يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلىلەرنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. جايلار ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە، كەسپىي ئائىلىلەرگە ئاكتىپ يار-يۆلەك بولغاندىن تاشقىرى، كەسپىي ئائىلىلەرنى ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىسىنى يولغا قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ نۇقتا قۇرۇشىغا ۋە يېزا ـ بازارلارغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشىغا رۇخسەت قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوڭ كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرىش ھەمدە ئۇلارنى دېھقانلارنى يېتەكلەپ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى قۇرۇشقا ياكى شەھەر ـ بازار زاۋۇتلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ بىرلەشمە تىجارەت قىلىش ــ ھەمكارلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. يەنە يېزا ياكى كەنتنى بىرلىك قىلغان ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇقتىلىق كەسپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەمدە ئۇنى تەدرىجىي ھالدا مەلۇم مەھسۇلات بويىچە ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپىي بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، يېزىلارنى كەسپلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

(6) كونا كارخانىلاردا تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى ياخشى تۇتۇش لازىم. كونا كارخانىلار سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش بازىسى، شۇنداقلا يېڭى كارخانىلارغا لازىم بولغان باشقۇرۇش خادىملىرى، تېخنىكا خادىملارنىڭ مۇھىم مەنبەسى. شۇڭا، يېڭى كارخانا قۇرۇش بىلەن بىرچاغدا، كونا كارخانىلارغىمۇ ئوخشاشلا ئېتىۋار بىلەن قاراش، ھەتتا كونا كارخانىلارنى ياخشى باشقۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. نۆۋەتتە كونا كارخانىلار تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى ئالاھىدە ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تېخنىكا كىرگۈزۈپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىشى، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشى، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشى، ئىگىلىك دائىرىسىنى كېڭەيتىشى لازىم. ئىلغار ئۈسكۈنە كىرگۈزگەن، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئاچقان كونا كارخانىلار يېڭى كارخانىلارغا ئوخشاشلا قەرز پۇل، باج جەھەتلەردە بېرىلىدىغان ئېتىۋاردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.

## تۆتىنچى، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىپ، بىر ئەۋلات يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى ياخشى تۇتۇش لازىم

ئىختىساسلىق كىشىلەرنى پىلانلىق تۈردە تەربىيىلەش ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى توغرا ئىشلىتىش — ۋىلايىتىمىز ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى زور بىر تۈركۈم تېخنىكا جەھەتتىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئىقتىساتنى باشقۇرىدىغان زور تۈركۈمدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ۋە رەھبەرلىك قىلالايدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىردىن باشلاپ، بىز ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ۋىلايىتىمىز ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىر ئەۋلات يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشىمىز لازىم.

شەرت – شارائىت يارىتىپ، قەشقەردە ئىشچى – خىزمەتچىلەر ئالىي مەكتىۋىنى قۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆرۈش لازىم. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى خىزمەتتىكى كادىرلار ۋە ئىشچىلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋىلاشقان ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ مەكتەپنى قۇرۇش مەبلىغىنى ھەر قايسى ئورۇنلار پۇل چىقىرىش، يەرلىك مالىيىدىن بىر ئاز پۇل ئاجرىتىش ۋە ئوقۇغۇچىلار تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئوقۇش راسخودى تۆلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم. مەكتەپنىڭ كۆلىمى كىچىكلىكتىن چوڭىيىشقا قاراپ تەدرىجى راۋاجلىنىشى لازىم. ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى يۇقۇرىغا پىلان بېرىپ، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت مائارىپ تارماقلىرى تەستىقلاپ دۆلەتنىڭ چوڭلار مائارىپى پىلانى ئىچىگە كىرگۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1985 – يىلى رەسمىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا تىرىشىش لازىم.

ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەخسۇس پەنلەر مەكتەپلىرىنى تەڭشەش ۋە تولۇقلاش كېرەك. قەشقەر سانائەت مەكتىۋىنى قۇرۇشقا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت قۇرۇلۇشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەخسۇس كەسپىي ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم. ھازىر بار بولغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەخسۇس پەنلەر مەكتەپلىرىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كەسپلەرنى تەڭشەش، شەرت – شارائىت يارىتىپ قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچى سانىنى كېڭەيتىش كېرەك.

ھازىر بار بولغان رادىيو – تېلېۋىزىيە ئالىي مەكتەپلىرىنى، بىلىم ئاشۇرۇش ئۇنىۋېرسىتېتى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى ۋە ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىۋىنى ئاكتىپلىق بىلەن ياخشى باشقۇرۇش لازىم. قەشقەر تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئوقۇتۇش ئۇسكۈنىلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتى كۆپەيتىش كېرەك، يەكەن ۋە يېڭىشەھەردىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىدە تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پونكىتنى تەشكىللەپ قۇرۇش پىلانلاندى. قەشقەر تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا فۇداۋ قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى بىر تۇتاش ئويۇشتۇرۇش ھەمدە زۆرۈر بولغان ئوقۇتۇش ئۇسكۈنىلىرى ۋە ئوقۇتۇش ماتې–

رىيالىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، تىلپۆدىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەنۇپتىن 4 ناھىيە، شىمالدىن 5 ناھىيىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كېرەك.

ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت ۋە سودا باشقارمىسى باش بولۇپ، زاۋۇت باشلىقى، جەمئىللارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئېچىپ، 2 - 3 يىل ئىچىدە ۋىلايىتىمىزدىكى بارلىق زاۋۇت باشلىقلىرى، جەمئىللارنى ئاساسىي جەھەتتىن نۆۋەت بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى نۇقتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ھەر بىر قارارنىڭ ۋاقتى 3 ئايدىن يېرىم يىلغىچە بولۇپ، شەرت - شارائىت بار بولغان تارماق ۋە ئورۇنلارمۇ مۇتەخەسسىسلەر، پروفېسسورلار، ئالىملارنى ۋىلايىتىمىزگە كېلىپ دەرس سۆزلەشكە ۋە قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىشقا تەكلىپ قىلىپ، ھازىر بار بولغان تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ئىچكىرى ئۆلكىلەر، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون ئاچقان ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەخسۇس پەنلەر مەكتەپلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ۋىلايىتىمىز ئۈچۈن ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش لازىم. ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت دەرسىنى تولۇقلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ھازىرقى بار بولغان كادىر، ئىشچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى مۇمكىن قەدەر تېز ئۆستۈرۈش لازىم. ياش ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ئايلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق، لاياقەتلىك بولغۇچىلارنىڭ تەمىناتى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش جەھەتتە دۆلەت بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىش، ھەر قايسى ئورۇنلار سىرتقى جايلارغا ئېۋەتىپ بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان كەسپىي تېخنىك خادىملار بىلىم ئاشۇرۇش مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىغا ئۆز ئورنىدا تۇرغان ۋاقىتتىكىدەك ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك لازىم.

يېزىلارنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە ئۆزگەرتىش لازىم. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئاشلىق تېرىدىپ ئۆستۈرىدىغان يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىن سىناق تەرىقىسىدە باشقۇرۇپلا قالماستىن، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق كەسپىي مەكتەپلىرىنىمۇ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ باشقۇرۇشقا بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە 3 - خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك كەسپىي مەكتەپلىرىنى ئېچىش، دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ، ئۇنى ئەمگەك ئارقىلىق ھالال بېيىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېزا مەكتەپلىرىدە پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇش تۈزۈمى، يېرىم كۈنلۈك ئوقۇش تۈزۈمى، ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن كەسپىي مائارىپنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش، دۆلەت بىلەن كوللېك-

تىپ مەكتەپ باشقۇرۇشنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش فاڭجېنىنى يولغا قويۇش لازىم. يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مائارىپقا يارىتىپ بەرگەن پايدىلىق شەرت - شارائىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېزىلاردىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بىلەن، باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت، بىلىم سەۋىيىسىنى ئىمكان قەدەر تېز يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش تولىمۇ مۇھىم، ھازىرقى بار بولغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاش ۋە توغرا ئىشلىتىش تېخىمۇ مۇھىم. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا، ۋىلايىتىمىزدە زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى ۋە يېتىشىپ چىقىۋاتا. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار چوقۇم ئۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايقىشى ۋە چوڭقۇر كۆزۈتۈشى كېرەك. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن كونا كۆز قاراش، كونا رامكىلارنىڭ ئۇلارنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ قويۇشىغا يول قويماسلىق، چاكىنا پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاكامۇل بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىق لازىم. تەرەپبازلىقنىڭ ۋە ھەرخىل مىش - مىش گەپلەرنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىماسلىقىمىز لازىم. بىز مۇشۇنداق قىلىدىغانلا بولساق، زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر كادىرلار ئالدىمىزدا ھازىر بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردە ئىختىساسلىقلارنى ياخشى كۆرىدىغان قەلب بولۇشى، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتەلەيدىغان ئۇسۇل بولۇشى، ئىختىساسلىقلارنى سىغدۇرىدىغان جۈرئەت بولۇشى، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بولۇشى لازىم. نۆۋەتتىكى بىر گەۋدىلىك مەسىلە-يۈرەكلىك، بىلىملىك، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشالايدىغان، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايدىغان، يول ئاچالايدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇش كېرەك. بىز ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدە ھازىر بار بولغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ھەقىقى تۈردە ئىشقا سېلىشىمىز لازىم.

## بەشىنچى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ياخشى تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشقا كۈچ سەرپ قىلىش لازىم

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكىتلىگەن ۋاقتىمىزدا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. گەرچە ۋىلايەت بويىچە ئاشلىقتا ئۆزىمىزنى تەمىنلىگەن بولساقمۇ، پەقەت دېھقانلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنىلا ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلالىدۇق. يېزا ئىگىلىك سەۋىيىمىز يەنىلا تۆۋەن، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىز ناھايىتى ناچار بولۇپ، ئاساسىمىز بەك مۇقىم بولمىغاچقا، بۇنىڭغا سەل قاراشقا ۋە ھازىرقى ئەھۋال بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ۋىلايىتىمىز ھازىر بىر يېزا ئىگىلىك رايونى بولغاچقا، 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق خەلقنىڭ يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ھالىتىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرتىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ، يېزا

ئىگىلىگىيە ئىلا ۋىلايىتىمىز خەلق ئىگىلىگىنىڭ چوڭ بىشى، 12 - قۇرۇلتايى ئوتتۇرىغا قويغان ئىستىراتىگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدىكەنمىز، يېزا ئىگىلىكىگە داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ياخشى تۇتۇشىمىز زۆرۈر. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا، يېزا ئىگىلىكىدە، ئاساسلىقى ئاشلىق ۋە پاختىنى تۇتۇپ، دىخانلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى، باي بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان ئىدۇق. ھازىر يېمەك - ئىچمەك ئاساسەن ھەل بولدى. بىز چوقۇم بازاردا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، يېتەكچى ئىدىيىمىزنى ۋە شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىمىزنى تەڭشەپ، ئۆز - ئۆزىمىزنى تەمىنلەشنى ھەل قىلىشتىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈزلەندۈرىشىمىز كېرەك. بۇنى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىمىزنى ئىزچىل ئۆستۈرۈش، قۇرۇلمىمىزنى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەم يەرلىكنىڭ ئۈستۈنلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن يېڭىۋاشتىن تەڭشەش لازىم. ئومۇمىي فاڭجېن: ئاشلىق كۆلىمىنى تۇراقلاشتۇرۇش، پاختا كۆلىمىنى قىسقارتىش، باغۋەنچىلىكنى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ۋە دەرەخ، ئوغۇت، ئوت - چۆپ كۆلىمىنى كېڭەيتكەندىن كېيىن، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە ئىگىلىك، بېلىقچىلىق قاتارلىق ھەر خىل كەسىپلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

1. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش لازىم. كۆلىمىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئاساسىدا، قەتئىي نەيەتكە كېلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى كۆپەيتىش كېرەك. ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئاشلىقنى 800 جىڭغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىش، 9 - بەشيىللىق پىلان جەريانىدا ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئاشلىقنى 1000 جىڭغا يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ئاشلىقتا باياشات بولغاندىن كېيىن، ئاساسلىقى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا، گۆش، تۇخۇم، سۈتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۆزگەرتىش، تەدرىجىي ھالدا ئىستېمال قۇرۇلمىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئاشلىق ئىستېمال قىلىش سەرپىياتىنى ئازايتىش، گۆش، تۇخۇم، سۈتنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇش لازىم. بۇ، بۈگۈندىن كېيىنكى مەزگىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەۋەررەنمەس فاڭجېنى بولۇشى كېرەك.

2. پاختا كۆلىمىنى قىسقارتىپ، باغۋەنچىلىك، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمىنى كېڭەيتىش لازىم. دەسلەپكى پىلان بويىچە 1985 - يىلى پاختا كۆلىمىنى قىسقارتىپ، بىر مىليون موغا چۈشۈرۈش، ۋىلايەت بويىچە پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتىدا بۇ يىلقى سەۋىيىنى ساقلاپ قېلىش، يەنى بىر مىليون دەنگە يەتكۈزۈش لازىم. قىسقارتىلغان يەر كۆلىمىدە، ئاساسلىقى، باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بۇ يىل 8 - ئايدىكى ۋىلايەتلىك باغۋەنچىلىك خىزمەت يىغىنىدا بۈگۈندىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە يەنە 800 مىڭ مو كۆپەيتىپ، باغۋەنچىلىك ئومۇمىي كۆلىمىنى بىر مىليون موغا يەتكۈزۈش بەلگىلەندى. قوغۇن - تاۋۇز تېرىش كۆلىمىنىمۇ مۇناسىپ ھالدا كېڭەيتىش، بولۇپمۇ پەيزىۋات پاختا كۆلىمىدىن قىسقارتىلغان يەرنى قوغۇن - تاۋۇز تېرىش كۆلىمىگە ئۆزگەرتىش بەلگىلەندى. ئەگەر بۇ پىلان ئىشقا ئاشسا، باغۋەنچىلىك ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىدىكى ئىنى

تايىن مۇھىم بىر تۈۋرۈك بولۇپ قالىدۇ. بىز چوقۇم ئىستىراتېگىيىلىك قاراشنى تىكلەپ، باغۋەنچىلىك خىزمىتىنى تېز يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، دېھقانلارنى ئائىلىۋى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئاكتىپ يېتەكلەپ، ئەزالارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

3. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە ئىگىلىك، بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت بىرىنىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ياخشى تەڭشەش لازىم. چارۋىچىلىقنى نۇقتىلىق ھالدا راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە ۋىلايىتىمىز گۆشتە تېخى ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيدۇ. بىر نەچچە يىل ئىچىدە ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. چارۋىچىلىقنىڭ رادىئاكتىپلىق كۈچىگە ئىگە كەسىپ ئىكەنلىكىنى تونۇش لازىم. ئۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ گۆش ئىستېمال قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ تېرىسى، يۇڭى، سۆڭەكلىرىدىن ھەتتا كاللا - پاقالچاق، ئۆپكە، قېرىن، ئۈچەي، يۈرەكلىرىگە ئىش قوشۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەھسۇلاتلارنى مەيدانغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، چارۋىچىلىقنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم.

نۆۋەتتە ۋىلايىتىمىزنىڭ چارۋىچىلىقىدا بەش چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا باغلاش لازىم. بىرىنچى، تۇغۇش يېشىدىكى چارۋىلارنىڭ نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، نەسىللەندۈرۈش، ئەي قىلىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. بىر نەچچە يىل ئىچىدە تۇغۇش يېشىدىكى چارۋىلارنىڭ نىسبىتىنى 50 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇش، نەسىللەندۈرۈش، ئەي قىلىش نىسبىتىنى 80 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇش، قوتاندىن چىقىرىش نىسبىتىنى 30 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇش لازىم. ئىككىنچى، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، يەم - خەشەك ساناتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە ھەممە ناھىيىدە يەم - خەشەك شىركىتى بولۇشنى، كۆپ قىسىم يېزىلاردا يەم - خەشەك زاۋۇتى بولۇشنى، 70 پىرسەنتتىن ئارتۇق چارۋىنى بېرىكمە يەم - خەشەك بىلەن بېقىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئۈچىنچى، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ، ھەم سۈت، ھەم گۆش بېرىدىغان كالىلارنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شارائىتى بار جايلاردا شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى پائال كېڭەيتىپ، نەسلىنى ياخشىلاشنى تېزلىتىپ، يۇڭ توقۇمىچىلىق ساناتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلىگەن سۈپەتلىك خام ماتېرىيال تەييارلىشىمىز لازىم. يەنە قوينى سەمرىتىشنى كېڭەيتىپ، قوينىڭ ساپ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇپ، گۆش چىقىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. تۆتىنچى، ئوتلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوت-چۆپ يېتىشمەسلىكنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. بېدىنى كۆپ تېرىپ، 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بېدە كۆلىمىنى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 10 پىرسەنتى چامىسىغا يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بەشىنچى، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا، قوي - كالىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ قالماستىن، بەلكى چوشقا، توشقانلارنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ توخۇ بېقىش، بېلىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، گۆش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش — ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ئورمانچىلىقنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان مۇھىم ئورنىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئورمانچىلىق-

www.uyghurkitap.com

نى ھەقىقى تۈردە يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم. ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. ۋىلايەت بويىچە تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا 11 ناھىيە (شەھەر) 1988 - يىلىدىن بۇرۇن ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاش - تۇرۇشنى، ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم. ئورمانچىلىق سىياسىتىنى تېخىمۇ كەڭ قويۇۋېتىش لازىم. ھەر خىل شەكىلنى قوللىنىپ، شەخسى، كوللېكتىپ ۋە دۆلەت، كارخانا، كەسپى ئورۇنلارنى ئورمان ئەھيا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. كۆچەت يېتىشتۈرۈشنى ياخشى تۇتقان ئاساستا، بىر پەسىلدىلا ئورمان ئەھيا قىلىشنى كۆپ پەسىل ئورمان ئەھيا قىلىشقا ئۆزگەرتىش كېرەك. كەلكۈندىن پايدىلىنىپ ئۈرۈق سېلىشنى ياخشى تۇتۇپ، توغراق، يۇلغۇن ئورمانزارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورماننىڭ يەر يۈزىنى قاپلاش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

پىلىچىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىق - تىسادىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى. 7 - بەش يىللىق پىلان ئىچىدە ھەر نوپۇسقا 30 تۈپ - تىن ئۈژمە كۆچىتى تىكىش، ھەر بىر ئائىلە بىر قۇتىدىن پىلە بېقىش پىلانىنى ئەمەلگە ئا - شۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. كۆز ئالدىمىزدا كېلىپ چىققان بەزى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن، ئىشەنچىمىزنى تەۋرىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

4. «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشىنى قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسى شەرت - شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلى - كىنىڭ تەبىئى ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. سۇ ئىنشائات قۇ - رۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىز - مىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، جايلارنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا قاراپ، سۈپەتلىك ئۇرۇق ۋە يالتىراق يېيىپ كېۋەز تېرىش، يېشىل ئوغۇتنى كۆپ تېرىش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكى - لارنى كېڭەيتىشىمىز، يېزا پەن - تېخنىكا يېتەكچى سىستېمىسىنى قۇرۇشنى تېزلىتىشىمىز، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، يېزا ئى - گىلىك پەن تېخنىكا چوڭ قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا خىزمەت قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق ۋەزىيىتى

1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 كۈنى، ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجى - سى يولداش گوكاڭ ۋىلايەتلىك پارتكومغا، مەمۇرى مەھكىمىگە ۋاكالىتەن، ۋىلايەتتە ئې - چىلغان 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ 1984 - يىللىق خىزمىتىدىن تۆۋەن - دىكىچە خۇلاسە چىقاردى:

بىر يىلدىن بۇيان، بىز پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتو - نوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىدى - يىدە يەنىمۇ ئازات بولۇپ، يۈرەكلىك ھالدا ئىسلاھ قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇ - تۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر جەھەتتە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، سىياسى، ئىقتىسادى ۋەزىيەت يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

1. خەلق ئىگىلىكى يۈكسەك قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 978 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 128 مىليون 590 مىڭ يۈەن، يەنى 15.18% كۆپىيىپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيەگە يارىتىلدى. مەركەزنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزىلاردا ھەر جەھەتتىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئىشقا سېلىنغانلىقتىن، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق قاتارلىق ئەھۋاللار بولغان بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن يەنىلا مول ھوسۇل ئېلىندى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى بىر مىليارت 660 مىليون 155 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.45% ئاشتى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى بىر مىليون 23 مىڭ دەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكىنىڭ 3 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 32.2% ئاشتى؛ ياغلىق دانىنىڭ كۆلىمى ئازىيىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن پاختا مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە ئاشقاچقا، ماي يەنىلا كۆپەيدى؛ چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 3 مىليون 985 مىڭ تۇياق بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.8% ئازايدى. يىل بويى شەھەر ـ يېزىلاردا ئەمەلىي قىلىنغان ئورمان 282 مىڭ 698 مو بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 56.6% كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 743 مىليون 270 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 118 مىليون 326 مىڭ 100 يۈەن، يەنى 19% كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىنى خوشال قىلىدىغىنى شۇكى، يېزىلاردىكى كەسىپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلە ۋە بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇلۇشىدا چوڭقۇر بۆسۈپ ئۆتۈش بولدى، ۋىلايەت بويىچە كەسىپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلە 22383 كە يېتىپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 4.8% نى ئىگەللىدى.

يېزىلاردىكى ئوبوروت ساھەسى داۋاملىق كېڭەيدى، بازار سودىسى يەنىمۇ گۈللەندى. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ بازارلىرىدا قىلىنغان سودا مىقدارى 243 مىليون 948 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.92% كۆپەيدى، 1978 ـ يىلدىكىدىن 5.7 ھەسسە كۆپەيدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى، يېزىلاردا ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان كىرىم 213 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.6% كۆپەيدى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش، زىياننى پايدىغا بۇراش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرى چىڭ تۇتۇلدى، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە تاكامۇللاشتۇرۇلدى، كارخانىلارنىڭ سۈپىتى كۈچەيتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە تەرتىپكە سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 319 كارخانىنىڭ 240 ى تەرتىپكە سېلىنىپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغىنى 213 بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تېگىشلىك كارخانىلارنىڭ 67% نى ئىگەللىدى. ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 235 مىليون 220 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، بۇلتۇرقىدىن 4.57% كۆپەيدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدا پۈتۈن يىللىق پىلان ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر مەھسۇلاتى 293300 توننىغا يېتىپ،

ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.35% كۆپەيدى، توك ھاسىل قىلىش مىقدارى 115 مىليون 355 مىڭ 600 كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.79% كۆپەيدى، سېمونت مەھسۇلاتى 63700 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.03% كۆپەيدى، پايدىمۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆپەيدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق تۇرمۇشى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بازارلار ئاۋات، مال باھاسى مۇقىم بولدى، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش تەڭ جانلاندى.

بىر يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشى بولدى، بولۇپمۇ، يېقىنقى بىر نەچچە ئايدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىدا ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭى كەيپىياتلار بارلىققا كەلدى: بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىپ تۇتۇش — يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودىنى تەڭ تۇتۇشقا قاراپ بۇرۇلۇشقا باشلىدى؛ ئىككىنچىدىن، يېرىم يېپىق شەكىلدىكى ئىگىلىك ئوچۇق شەكىلدىكى ئىگىلىككە قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى؛ ئۈچىنچىدىن، كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىن ئىشلەپچىقىرىش — تىجارەت خاراكتېرىدىكە بۇرۇلۇشقا باشلىدى؛ تۆتىنچىدىن، ئىلگىرىكى «داشقازاننىڭ تامىقى» نى يېيىشتىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدىغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا ئۆزگەردى؛ بەشىنچىدىن، مۇستەقىل تىجارەتتىن كۆپ خىل شەكىللىك بىرلەشمىشكە باشلىدى. قىسقىسى، پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە يەنە بىر قېتىم قەدەم قويدى.

2. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدۇق، ئادەتتىكى چاغلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغاندىن تاشقىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقى بويىچە، مايدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى داۋامىدا، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى ئۆگىنىشكە ئېتىۋار بىلەن ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس سالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى بولغان يولداش جاڭ يۈخۇادىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇردۇق، ناھىيىلەردە ۋە ۋىلايەتتە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنلىرى ئېچىلدى، ۋىلايەتلىك پارتكوم خەنزۇ كادىرلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆز ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىشى توغرىسىدا ۋە ۋىلايەت مىقياسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇنلارنى قۇرۇشنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى، كەڭ كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى

قوغداش ئاڭلىقلىقى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىگە تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭدى.

بىز يەنە «5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش» ۋە «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئۈچۈن» پائالىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، مەدەنىيەتلىك كەنت، بازار قۇرۇش ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. تولۇق بولمىغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە 1670 مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇلدى. بولۇپمۇ، «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئۈچۈن» پائالىيىتىدە، پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىقنى تۈزەشنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى روھىي قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ياساش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، بىز پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە قاتارلىق خىزمەتلەرنى پائال ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەردۇق، تۈرلۈك پەن-تېخنىكا پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردۇق، زىيالىيلار سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەللەشتۈردۇق، پەن-تېخنىكا ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق، تېخنىكا ئۆتكۈزۈشكە ھۇجۇم قىلىشقا ئۇيۇشتۇردۇق، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتۇق. بۇ يىل ۋىلايەت بويىچە 10 خىل پەن-تەتقىقات تۈرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ۋىلايەت بويىچە 7 ناھىيە، 57 كومۇنىدا 85 % تىن ئارتۇق ساۋاتسىزلار ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 83.6% كە يەتتى. مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، تېبابەت داۋالاش، سەھىيە، ئانا ۋە باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قاتارلىق خىزمەتلەردىمۇ بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

3. تەشكىلات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ يىل، ۋىلايىتىمىزدە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنىڭ ئىسلاھاتى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئاپپاراتلارنىڭ ئىسلاھاتى نۇقتىلىق تۇتۇلدى، ھازىر يېزا قۇرۇش خىزمىتى ئىشلەنمەكتە، ئاپپارات ئىسلاھاتى ئارقىلىق، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ئورۇنلار تېخىمۇ ئىخچام بولدى، يېشى تۆۋەنلىدى، خادىملىرى ئازايدى، بىلىم قۇرۇلمىسى خېلى ياخشىلاندى، خىزمەتتە ئورغۇن يېڭى كەيپىياتلار بارلىققا كەلدى. پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى، كادىرلار تەربىيىسى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ياچېيكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى تۈس ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق. پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىنتىزامىغا خىلاپ بەزى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيە ئىستىلىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ياخشىلىدۇق.

4. قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيگەچكە، جەمئىيەت ئامانلىقى يەنىمۇ ياخشىلاندى. مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، بىز ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەركىتىگە زەربە بې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىش كۆرسىتىشنى قەتئىي قانات يايدۇردۇق، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى كۈچەيتتۇق، جەمئىيەت ئامانلىقى يەنىمۇ ياخشىلاندى. بۇ يىل 1 – ئايدىن 11 – ئايغىچە، ۋىلايەت بويىچە جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىدىن 18.3% تۆۋەنلىدى، ئەنزە پاش قىلىش نىسبىتى 4.6% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بۇ يىل ۋىلايىتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىدە مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئاز بولمىغان مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۈرئىتى بۇلتۇرقى شۇ مەزگىلدىكىدىن تۆۋەنلەپ قالدى، پاختا رەختلەر كاسات بولۇپ بېسىلىپ قالدى، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش سۈرئىتى ئاستا بولدى، يېزا – بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولمىدى، مالىيە چىقىمىدىكى ئېشىپ كېتىش بىر قەدەر كۆپ بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ پەيدا بولۇشىدا، ئوبيېكتىپ ئامىللاردىن باشقا، سوبيېكتىپ جەھەتتىنمۇ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئىدىيىمىز دىگىدەك ئازات بولالمىدى، ئىسلاھات قەدىمىمىز چوڭ ئەمەس، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىمىز كەمچىل بولدى. بىز نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئېتىراپ قىلىشىمىز، دۇچكەلگەن قىيىنچىلىقلارنى تەھلىل قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىرىشىپ، تېزدىن يېتىشىۋېلىشىمىز كېرەك.

1985 – يىلدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىزمەتنى ئىرىشىپ ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم:

(1) كېلەر يىلى يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەش لازىم. كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ چىقىش كېرەك، يېزىلارنىڭ "بەشتە ياخشى"قۇرۇلۇشىنى، بولۇپمۇ سۇ قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك، يېزا ئىگىلىك پەن – تېخنىكىسى خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ئالدى – كەينىدە، جايلار تېرىلغۇ تەييارلىقى بويىچە بىر قېتىملىق چوڭ تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇشى، دىخانلارنىڭ ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

(2) كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى پائال، ياخشى تۇتۇش لازىم. جايلار كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى كېلەر يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(3) ۋىلايەت 1 – ئايدىن تارتىپ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى باشلىۋېتىشنى پىلانلىدى، ناھىيىلەر پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئاساسى جەھەتتىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن باشلىشى لازىم. ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ رەھبەرلىك ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

(4) مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئۈزمەي ياخشى تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇنلار پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش ۋە ئامما بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

# قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى

## يولداش جاڭ چېڭيۇنىڭ ۋىلايەتلىك پىلان يىغىنىدا قىلغان سۆزى ( قىسقارتىلمىسى )

1984 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، يولداش لى دېڭجېيىنىڭ پىلان يىغىنى ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلادىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇزاكىرە قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ دوكلادىدا سۆزلەنگەنلەرى بىر قەدەر ئەتراپلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن دەپ ھېساپلاپ، بۇ دوكلاتقا قوشۇلدى، يولداشلارنىڭ قايتىپ بارغاندىن كېيىن شۇجايىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىنى سورايمەن. ھازىر مەن بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلاي.

1983 - يىلى پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە مەركەزدىكى رەھبەرى يولداشلارنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بەرگەن بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇردى، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى، ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى، جەمئىيەت ئامانلىقى روشەن ھالدا ياخشىلاندى، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلات ئاشتى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يۈكسەلدى، بازارلار ئاۋات، مال باھاسى ئاساسى جەھەتتىن مۇقىم بولدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مالىيە كىرىمى كۆپەيدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى ياخشىلىنىش بولدى. 1983 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.7% كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان «5%گە كاپالەتلىك قىلىش، 6 % نى قولغا كەلتۈرۈش» دېگەن كۆرەش نىشانىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇدا 3 يىل مەھسۇلات ئاشقان ئاساستا، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا مەھسۇلاتلىرىدا يەنە تارىختىكى يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، ئاشلىق مەھسۇلاتى 140 مىليون جىڭدىن كۆپرەك ئېشىپ، 10% كۆپەيدى؛ پاختا مەھسۇلاتى 50000 دەندىن كۆپرەك ئېشىپ، 8% كۆپەيدى؛ ياغلىق دان مەھسۇلاتى 930 مىڭ جىڭ ئېشىپ، 2% كۆپەيدى؛ چارۋا 90000 تۇياق ئېشىپ، 2.2% كۆپەيدى؛

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمى قىممىتى 22 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئېشىپ، 10.86% كۆپەيدى؛ مالىيە كىرىمى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇلۇپ، 15.2% كۆپەيدى. قىسقىسى، 1983 ـ يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى دەۋرلەرنىڭ بىرى بولدى.

لېكىن، ئىقتىسادى خىزمەتتە ئاز بولمىغان مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى. بۇ بىزنىڭ يېتەرلىك دىققەت ـ ئېتىۋارىمىزنى قوزغىشى كېرەك. ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنۇلار: بىرىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسى شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولمىغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە تووار نىسبىتى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە 90% كە يېقىن دىخان ئائىلىلىرى كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ھەقىقى بېيىغانلار يەنىلا ئاز ساندا بولۇپ، يەنە 10% تىن 15% كىچە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى تېخى تۈپتىن ھەل بولمىدى؛ ئىككىنچىدىن، ۋىلايىتىمىزدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يەنىلا بىر قەدەر ناچار بولۇپ، ئاپتونوم رايون سەۋىيىسىگە تېخى يەتمىدۇق. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى ناچار، باھاسى يۇقۇرى بولۇش ئەھۋالى تېخى تۈپتىن بۇرۇۋېلىنمىدى، ھازىرغىچە زىيان تارتىۋاتقان يەنە 57 كارخانا بولۇپ، زىيان سوممىسى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يېتىدۇ، تىجارەت خاراكتېرلىك زىيان تېخى يوقىتىلمىدى؛ ئۈچىنچىدىن، سانائەت ـ قاتناش ئىشلەپچىقىرىشىدا، كۆمۈر، سېمونتىنىڭ يوچۇق چوڭ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇشقا ۋە سۇ قۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزدى؛ تۆتىنچىدىن، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېز بولمىدى، بىر مۇنچىلىغان كارخانىلارنىڭ سۈپىتى تېخى تېگىشلىك ھالدا ئۆزگەرمىدى.

ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، 1984 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىگىدىكى تۈرلۈك پىلانلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇندىن كېيىن ئاساسلىقى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەك:

1. ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. يېقىندا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسى تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىش، ئۇ ئىلگىرىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى توغرا يەكۈنلىدى، مۇندىن كېيىنكى كۆرەش قىلىش نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى، ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ دوكلادىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنى كۆرسەتتى، بۇ، خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بىز ئىقتىسادى خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقى رەۋىشتە كۈچەيتىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ھەقىقى تۈردە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكىشىمىز لازىم، ۋىلايىتىمىز يېزا ئىگىلىك رايونى، يېزا ئىگىلىك ــ مۇھىم نۇقتا، يېزا ئىگىلىكنى چوقۇم پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ياخشى تۇتۇش كېرەك، ھەر ـ

كەزلەك 1983 ـ يىللىق ، 1984 ـ يىللىق بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججەتلەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ، ھەممە ئائىلىلەرنى خەۋەردار قىلىپ ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ ئىشقا سېلىش كېرەك. ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى، بولۇپمۇ، چارۋىچىلىقتىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم ، "ئىككى ئائىلە" (كەسىپىي ئائىلە، ئۇقتىلىق ئائىلە) نى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ، ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش لازىم ، سانائەت ـ قاتناش ، مالىيە ـ سودا قاتارلىق ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى چىڭ، ياخشى تۇتۇش كېرەك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەلگىلىگەن ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى يېتەكچى ئىدىيە بويىچە ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

2 . ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىپ ، ۋىلايىتىمىزنىڭ 1984 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكىدىكى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاش لازىم . بۇ قېتىمقى پىلان يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي پىلان كۆرسەتكۈچلىرىدە ئىمكانىيەت قالدۇرۇلدى ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەدبىرلەرنى پائال قوللىنىپ، ئۇنى تىرىشىپ ئورۇنلاشتا ھەمدە ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك، سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە "6% كە كاپالەتلىك قىلىش، 7% نى قولغا كەلتۈرۈش" نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق تېرىش كۆلىمىنى تۇراقلاشتۇرۇش كېرەك. يەنە ئازايتىشقا بولمايدۇ ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 10% ئاشۇرۇپ، بىر مىليارت 700 مىليون جىڭغا يەتكۈزۈشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك ، كېۋەز تېرىش كۆلىمىنى بىر مىليون 100 مىڭ مودا تېزگىنلەپ ، بىرلىك مەھسۇلاتنى 75 جىڭغا كۆتۈرۈشنى، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 850 مىڭ دەنگە يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. چارۋىچىلىقتا تەدبىر قوللىنىپ ، 1984 ـ يىلى كوللېكتىپنىڭ ئۆشتاق چارۋىلىرىنى ئاۋۇتۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. 1984 ـ يىلى پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، 20000 قۇتا پىلە ئۇرۇقى تارقىتىش ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 250 تونىغا يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم، 1985 ـ يىلى 30000 قۇتا پىلە ئۇرۇقى تارقىتىپ ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 400 توننىدىن ئاشۇرۇپ ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىگە يېتىش كېرەك. 1984 ـ يىلى يېزىلاردا ھەر نوپۇسنىڭ كوللېكتىپتىن كەلتۈرىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 150 يۈەندىن ئاشۇرۇپ ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇلتۇرقى ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش لازىم، سانائەت ـ قاتناش، مالىيە ـ سودا سىستېمىسى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ ، تىجارەت خاراكتېرلىك زىياننى يوقىتىشنى ، سىياسەت خاراكتېرلىك زىياننى ئازايتىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

3 . ئاشلىقتىن غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىشنى چوقۇم ياخشى ئىشلەپ ، بۇ قېتىمقى پىلان يىغىنىدا بېكىتىلگەن ئاشلىقتىن غەللە ـ پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشنى 247 مىليون جىڭغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇنلاپ ، ۋىلايىتىمىزدە ئاشلىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىمىزنى تەمىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچىمىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى تۈزەپ قىلىشىمىز كېرەك. 1983 - يىلى ۋىلايىتىمىزدە ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋە كىلىشىم باھادا سېتىۋېلىش جەمئىي 254 مىليون جىڭ ئورۇنلانغان ئىدى، ھالبۇكى 1984 - يىلى سېتىۋالىدىغان ۋە كېلىشىم باھادا سېتىۋالىدىغان ئاشلىق 247 مىليون جىڭلا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ، بۇلتۇرقى ئەمەلىي ئورۇنلانغىنىدىن 7 مىليون جىڭ ئاز، غەللە - پاراق ئېلىنىدىغان، سېتىۋېلىنىدىغان ۋە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىدىغان قىسمى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ ئاران 16% چىسىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەس، مۇشۇنداق ئاساسمۇ بار. ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا، ئاپتونوم رايون ۋىلايىتىمىزنى ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، شىمالدىكى بىر نەچچە ناھىيىنىڭ ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تۆۋەنرەك ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، ھازىر تەڭشەش ئارقىلىق بىر ئاز كۆپەيتىلدى، لېكىن، ئوتتۇرىچە ئۈستىگە ئېلىش سەۋىيىسىگە تېخى يېتەلمىدى. جەنۇبتىكى بىر نەچچە ناھىيىنىڭ ئىلگىرىكى ۋەزىپىسى كۆپ ئىدى، ھازىر تەڭشىلىپ ئازراق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، مېنىڭچە بۇ مۇۋاپىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قېتىم بەلگىلەنگەن ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى قاتلاممۇ - قاتلام ئەمەللەشتۈرۈش كېرەك، ۋىلايەت ناھىيىلەرگىچە، ناھىيىلەر كوممۇنالارغىچە، كوممۇنالار ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگىچە ۋە ھۆددىگە ئالغان ئائىلىلەرگىچە ئەمەللەشتۈرۈشى كېرەك.

4. كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، كارخانىلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ياخشى سەپلەش لازىم. ھازىرغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە 425 كارخانىدىن تەرتىپكە سېلىنىشقا باشلانغىنى 186 بولۇپ، 44% نى ئىگىلەيدۇ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغىنى ئاران 26 بولۇپ، بارلىق كارخانىلارنىڭ 6% نى ئىگىلەيدۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەرەققىيات بەكمۇ تەكشى ئەمەس، سانائەت - قاتناش تارماقلىرىنىڭ ياخشىراق، مالىيە - سودا، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تارماقلىرىنىڭ ناچارراق بولدى، مەركەز كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشتا، سانائەت - قاتناش، مالىيە - سودا، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەرتىپكە سېلىشنى، 1983 - يىلىدىن باشلاپ، 3 يىلغا بۆلۈپ تەرتىپكە سېلىپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر قەدەمنى تېزلەتمىسەك، مەركەزنىڭ بۇ تەلىۋىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى شەخسەن ئۆزى تۇتۇشى، كۈچلۈك بەنزە تەشكىللەپ كونكرېت تۇتۇشى كېرەك.

5. مالىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلارنىڭ زىيىنىنى پايدىغا بۇراشنى ياخشى تۇتۇش لازىم. يېقىندا، بەزى جايلار بۇ يىللىق مالىيە كىرىمى ۋەزىپىسى ئېغىر دەپ ئىنكاس قىلدى، ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق: ۋىلايىتىمىزنىڭ 1984-يىللىق مالىيە كىرىمى ۋەزىپىسى 47 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولۇپ، سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان قىسمى بويىچە ھېسابلىغاندا، 1983- يىلدىكى ئەمەلىي ئورۇنلانغان سانىدىن 0.5% ئاز، كۆپچىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، زىياننى پايدىغا بۇراش

خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، مەھسۇلاتنىمۇ، كىرىمنىمۇ ئاشۇرۇپ، باج ئېلىش - باج تاپشۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە كۈچەيتىدىغانلا بولساق، بۇ كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلاشتا شارائىتقا ئىگىمىز. بۇ يىل، ۋىلايىتىمىزدە تىجارەت خاراكتېرلىك زىياننى يوقىتىش، زىياننى پايدىغا بۇرۇۋېلىش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك، بىر ناھىيە (شەھەر)، بىر قارماق زىياننى بۇراش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىسا، ئالدى بىلەن شۇ ناھىيە (شەھەر)نىڭ، شۇ قارماقنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك، مالىيە - ئىقتىسادىي ئىنتىزامى بويىچە چوڭ تەكشۈرۈشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك مۇپەتتىشلىك ئاپاراتلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مالىيە - ئىقتىسادىي ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، تېجەشلىك بولۇشنى، بولۇپمۇ، مەمۇرىي راسخوتنى تېجەشنى قاتتىق يولغا قويۇش، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا قارشى تۇرۇش لازىم. مۇكاپات پۇلىنى، نەرسە - كېرەكلەرنى ۋە ھەر خىل ياردەم پۇلىنى كەلسە - كەلمەس تارقىتىشنى مەنئى قىلىش لازىم، تەكشۈرۈپ چىقىلغان، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ قىلمىشلارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

6. پىلاننىڭ قەتئىيلىكى ۋە ئېلاستىكلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس قىلىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش فاڭجېننى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش كېرەك. پىلان بېكىتىلگەن ھامان، ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك، بۇ قېتىمقى يىغىندا، جايلار، تارماقلار ئاساسىي قۇرۇلۇش ھەققىدە ئاز بولمىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەر جەھەتتىن قارىغاندا بۇلار ئېھتىياجلىق ھەم ئەقىلگە مۇۋاپىق. كۆپچىلىك، ۋىلايىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىراق ئېلىپ بېرىشنى، قىياپىتىنى تېزراق ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ، مۇنداق ھېسسىياتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن، بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچى چەكلىك، يەرلىكنىڭ ئۆزى تەييارلىيالايدىغان مەبلىغىمۇ كۆپ ئەمەس، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا كاپالەتلىك قىلىش فاڭجېنى ۋە بۇ قېتىمقى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى بويىچە ئىشلەش كېرەك، بۇ قېتىم تېخى پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەنلەرنى بىز ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونغا يوللايمىز، ئاپتونوم رايون تەستىقلىغاندىن كېيىن، جايلارغا چۈشۈرىمىز. سېمونت، ياغاچ، پولات ماتېرىياللىرىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، مۇھىم نۇقتىغا ۋە پىلان ئىچىدىكى قۇرۇلۇشقا ئەۋۋەل كاپالەتلىك قىلىش لازىم، باغاقچىنى كەلسە - كەلمەس تەستىقلىماسلىق لازىم، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىش، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزۈش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

بىز تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى داۋاملىق قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، 1984 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى ئورۇنلاش ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1983 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1984 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدىكى پىكىر (1 - قىسىمىنىڭ قىسقارتىلمىسى)

ئابدۇغوپۇر سىدىق

1984 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى



مەن، ۋىلايىتىمىزنىڭ 1983 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1984 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ ئۆتىمەن.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1983 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى.

1983 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىلھامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرگە تۇتۇپ، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەردە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى، جەمئىيەت تەرتىۋى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يۈكسەلدى، بازارلار ئاۋات، مال باھاسى ئاساسى جەھەتتىن مۇقىم بولدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مالىيە كىرىمى ئاشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى ياخشىلىنىش بولدى. ئەستا تەستىقلىغان قارىغاندا، ۋىلايىتىمىزنىڭ 1983 - يىلىدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 814 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 7.7% ئېشىپ، ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان «5% كە كاپالەتلىك قىلىپ، 6% نى قولغا كەلتۈرۈش» تەلىپىنى بارات كۆرەش نىشانىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ ئاساسلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، توك، كۆمۈر، پاختا يىپ، پاختا رەخت مەھسۇلاتلىرىدا، ئاپتونوم رايون «6 - بەشيىللىق» پىلان بويىچە چۈشۈرۈپ بەرگەن كۆرسەتكۈچ مۇددەتتىن 2 يىل بۇرۇن ئورۇنلاندى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ۋىلايىتىمىزنىڭ 1983 - يىلدىكى سىياسى، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى يىللاردىن بىرى بولۇپ قالدى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە : 1983 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى جەمئىي589 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولۇپ ، يىللىق پىلان 4.8% ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىنىپ ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 6.8% كۆپەيدى . ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليارت 559 مىليون 450 مىڭ جىڭغا يېتىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 143 مىليون جىڭ، يەنى 10.1% ئاشتى. پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 776 مىڭ دەنگە يېتىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 57 مىڭ دەن، يەنى8% ئاشتى. ياغلىق دانلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 47 مىليون 410 مىڭ جىڭغا يېتىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن930 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك، يەنى2% ئاشتى. چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى 4 مىليون 140 مىڭ تۇياق بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 90 مىڭ تۇياق ، يەنى 2.2% كۆپەيدى . 1983 - يىلى ۋىلايىتىمىزدە ئەمەلىيەتتە قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 130 مىڭ مو بولۇپ ، پىلاندىكىدىن16.5% ئاشۇرۇپ ئورۇندىلاندى. 1983 - يىلى ، كوممونا - ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 45 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلىشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە .

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە : 1983 - يىلى ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى پۇختا قەدەم بىلەن ئاشتى . سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 224 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22 مىليون يۈەن ، يەنى 10.86% ئاشتى . پاختا يىپ ، پاختا رەخت ، بويالغان رەخت ، ئىلما توقۇلما بويۇملار ، سېمونت ، كۆمۈر، سوپۇن، توك قاتارلىق 11 خىل ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن پىلان ئورۇنلانغان ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغانلىرى 7 خىل . بولۇپمۇ كۆمۈر ، توك ، سېمونت مەھسۇلاتى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن ئاشۇرۇۋېتىلدى ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 23.3%، 11.24% ۋە 9.66% ئاشتى ، ۋىلايىتىمىزنىڭ خامچوت ئىچىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا 1983 - يىلى ئىچىدە ئورۇنلانغان پايدا 4 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 مىليون150 مىڭ يۈەن، يەنى 94.6% ئاشتى. قاتناش - تىرانسپورت جەھەتتە ئورۇنلانغان يۈك توشۇش مىقدارى 81 مىڭ 119 توننا بولۇپ ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 10.3% ئاشتى . ئورۇنلانغان ئوبوروت مىقدارى 49 مىليون 390 مىڭ توننا-كىلومېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.9% ئاشتى .

ئاساسىي قۇرۇلۇش جەھەتتە : 1983 - يىلى ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى جەھەتتە 31 مىليون 710 مىڭ يۈەن ئورۇنلاندى . قۇرۇلۇش باشلاش كۆلىمى 192 مىڭ كۋادرات مېتىر ، قۇرۇلۇش پۈتتۈش كۆلىمى 11 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر بولدى . مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىگە دىققەت قىلىنغاچقا، ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى خېلى ئوبدان ئورۇنلاندى .

مالىيە - سودا خىزمىتى جەھەتتە : 1983 - يىلى ، ۋىلايىتىمىزدىكى ئومۇمخەلق مۈلكچىلىكى تۈزۈمىدىكى سودىنىڭ ئىچكى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 206 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ ، يىللىق پىلان 110.1% ئورۇندىلىنىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.6% كۆپەيدى . ئىچكى سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 264 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولۇپ ، يىللىق پىلان 108.3% ئورۇندىلىنىپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.5% ئاشتى ، پايدا 9 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 350 مىڭ يۈەن ، يەنى 3.7% ساپ كۆپەيدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مول ھوسۇل ئېلىنىپ مەھسۇلات ئاشقاچقا، 1983 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاساسلىق دېخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى يىللىق پىلاندىكىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. ئاشلىقتىن غەللە-پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 179 مىليون 540 مىڭ جىڭ ئورۇنلىنىپ، يىللىق پىلانىنىڭ 109.8% نى تەشكىل قىلدى، بۇ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15 مىليون 650 مىڭ جىڭ ئارتۇق، بۇغدايدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى 49 مىليون جىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 56.2% ئاشۇرۇلدى. كۆزلۈك ئاشلىقتىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى 13 مىليون 510 مىڭ جىڭ بولۇپ، يىللىق پىلانىنىڭ 45% ئورۇنلاندى؛ سېتىۋېلىنغان پاختا 732 مىڭ 800 دەن بولۇپ، يىللىق پىلان 117.7% ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4500 دەن ئاشتى؛ ياغلىق دان سېتىۋېلىش جەھەتتە، 9 مىليون 30 مىڭ جىڭ ئورۇنلىنىپ، يىللىق پىلان 180.6% ئورۇنلاندى؛ سېتىۋېلىنغان چىگىت 35 مىليون 630 مىڭ جىڭ بولۇپ، يىللىق پىلانىنىڭ 93.8% ى ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14 مىليون جىڭ ئارتۇق سېتىۋېلىندى. سېتىۋېلىنغان چارۋا 180 مىڭ تۇياق بولۇپ، يىللىق پىلان 110% ئورۇنلاندى.

مالىيە - پۇل مۇئامىلە جەھەتتە: بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا يولغا قويۇلدى. مالىيە ئىنتىزامىنى چوڭ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەھسۇلات ۋە كىرىم ئاشۇرۇلدى. 1983 - يىلى، ۋىلايىتىمىزدە مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 45 مىليون 130 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، يىللىق ۋەزىپىنىڭ 113.9% نى تەشكىل قىلدى. 5 مىليون 510 مىڭ يۈەن ئارتۇق يىغىۋېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.2% كۆپەيدى؛ مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 172 مىليون 420 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، يىللىق ۋەزىپىنىڭ 89.5% نى تەشكىل قىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.52% ئاشتى. 1983 - يىل ئاخىرىغىچە، ۋىلايىتىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى پۇل ئامانەت سوممىسى 189 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 42 مىليون 580 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتە: بىر يىلدىن بۇيان، بىز كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تۇتتۇق. ۋىلايىتىمىز بويىچە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى تاماملانغان كارخانا 26 بولۇپ، بۇ كارخانىلار تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن رەھبەرلىك بەنزىسى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئەمگەك ئىنتىزامى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بولۇپمۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا سودىسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى 1983 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق سىناق ئارقىلىق، كېيىنكى يېرىم يىلدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 128 ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىۋىدىن 74 ىدە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى ئىشلىنىپ بولدى. يەكەن ۋە كونىشەھەردىن ئىبارەت 2 ناھىيىدە ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپ قۇرۇلدى.

مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى جەھەتتە: 1983 ـ يىلى، ۋىلايىتىمىزدە ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 93.1%، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 93.5%، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 85.6% بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققانلار 54.5% نى، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تولۇق ئوتتۇرىغا چىققانلار 52.8% نى ئىگىلىدى. ئالىي مەكتەپكە چىققانلار 1007 نەپەر بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 16.3% نى ئىگىلىدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا چىققانلار 1273 نەپەر بولدى. ئىشچى ـ دىخانلار مائارىپى، سەھىيە، پەن ـ تېخنىكا ۋە رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرىدىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بولدى.

خەلق تۇرمۇشى جەھەتتە: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى. 1983 ـ يىلى، ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىدىكى ئەزالارنىڭ كوللېكتىپتىن كەلتۈرىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 136 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20 يۈەن، يەنى 17% كۆپەيدى. يېزىلاردىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 623 جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 54 جىڭ كۆپەيدى. نۇرغۇن ئەزالارنىڭ ئۆيلىرىدە ئېشىنچە ئاشلىق بار بولدى، ئاق ئاشلىقنى كۆپ يەيدىغان، قارا ئاشلىقنى ئاز يەيدىغان بولدى. دىخانلار خۇشاللىق بىلەن: «ھازىر ئاغارلىرىمىزدا ئاشلىق، يانچۇقلىرىمىزدا پۇل، ئۈچىمىزدا يېڭى كىيىم، بانكىدا ئامانەت پۇلىمىز بار بولدى!» دېيىشمەكتە.

ۋىلايىتىمىزنىڭ 1983 ـ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمىتىدە گەرچە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاز بولمىغان مەسىلىلەر ساقلاندى. مېنىڭچە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى تېگىشلىك دەپ قارالغان مۇنداق 3 مەسىلە مەۋجۇت:

بىرىنچىسى، ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە ھازىر بار بولغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسى شارائىتىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن، توۋار نىسبىتى تۆۋەن.

ئىككىنچىسى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ناچار. 1983 ـ يىلى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 301 جىڭ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىنمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ. چارۋا ھەر بىر ئادەمگە ئاران 1.8 تۇياقتىن توغرا كېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىن يېرىم تۇياققا يېقىن ئاز. سانائەتتە، 1983 ـ يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر يۈز يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى تەمىنلەيدىغان باج ئاران 21.80 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سەۋىيىسىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ؛ ھەر يۈز يۈەنلىك مۇقىم مەبلەغ تەمىنلەيدىغان مەھسۇلات قىممىتى ئاران 31.70 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكىدىن 63.30 يۈەن تۆۋەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىن 23.70 يۈەن تۆۋەن تۇرىدۇ؛ ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ـ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئاران 9072 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكىدىن 3071 يۈەن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىكى خام ئەشيا، يېقىلغۇ، توك كۈچى سەرپىياتى كۆپ، تەننەرقى يۇقىرى، سۈپىتى ناچار، رەڭگى ۋە تۈرى كونا بولۇپ، نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى قىممەت، سۈپىتى ناچار، رى-

قا بەتلەشمەس ئىقتىسادىي ئاجىز. سودا جەھەتتە، ۋىلايىتىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تەمىنلەيدىغان باج پايدىسى يىلسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى، تۆۋار ئوبوروت راسخودى يىلسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ. 1983 - يىلى، ۋىلايىتىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدا، ھەر يۈز يۈەنلىك سېتىش سوممىسى تەمىنلەيدىغان باج پايدا 4.58 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.85 يۈەن ئاز؛ ھەر يۈز يۈەنلىك سېتىش سوممىسىنىڭ ئوبوروت راسخودى 20.70 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.85 يۈەن كۆپ بولدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش جەھەتتە 1983 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش تەننەرقى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆرلەپ كەتتى، قۇرۇلۇش سۈپىتى بولسا تۆۋەنلەپ كەتتى. قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش نىسبىتى 60% كە يەتمىدى. مالىيە جەھەتتە 1983 - يىلى ۋىلايىتىمىزدە يەنە 57 كارخانا زىيان تارتتى. زىيان سوممىسى 3 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان مەبلەغ، يەرلىكنىڭ تەرەققىيات مەبلىغى ۋە سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئىشلىتىش جەھەتتە، ئۈنۈم ناچار بولۇش، زىيان ۋە ئىسراپچىلىق ئېغىر بولۇشتەك ھادىسىلەر كۆرۈلدى.

ئۈچىنچىسى، بازار ئۇچۇرى دىگەندەك راۋان ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبوروت مۇناسىۋىتى دىگەندەك راۋان ئەمەس، پۈتكۈل ئىگىلىك دىگەندەك جانلىنىق ئەمەس. شۇڭا، نۆۋەتتىكى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش، ئىچكى قىسىمدا ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇۋېتىشتەك يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشالمايۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، ۋىلايىتىمىزنىڭ 1984 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى (قالدۇرۇلدى).

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە يىغىن ئېچىپ، شەھەر خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى

1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلارنى چاقىرىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشنىڭ قەشقەر شەھىرى خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلادىنى ئاڭلاپ، شەھەر خىزمىتى ۋە شەھەر ئىسلاھاتى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، مۇندىن كېيىنكى قەشقەرنىڭ شەھەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسىنى بەلگىلىدى. ئۇ: ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەدرىجىي ھالدا قەشقەر شەھىرىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلانغان، ئىقتىسادىي گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپقان، تېخنىكىسى ئالغا باسقان، مۇھىتى گۈزەل بولغان، قويۇق يەرلىك تۈسكە ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا تەدرىجىي ھالدا مەركىزىي شەھەرلىك رولىنى ئوينايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.

يىغىندا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگالىڭ ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىق سۆز قىلدى.

## قوشۇمچە 1 -: يولداش گۇگاڭنىڭ ۋىلايەتلىك شەھەر خىزمىتى يىغىنى ئاخىرلاشقاندا قىلغان سۆزى ( قىسقارتىلمىسى )

( 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى )

بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزدا، قەشقەر شەھىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق، قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلدۇق، شەھەر خىزمىتىدىكى ۋەزىپىلەرنى بەلگىلىدۇق. بۇ، كۆپ يىللاردىن بۇيان شەھەر خىزمىتى تۇنجى قېتىم مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىنغان يىغىن بولدى.

قەشقەر ۋىلايىتىمىز يېزا ئىگىلىكى ئاساس قىلىنىدىغان رايون، ئالدىنقى يىللاردا، ئاساسلىق زېھنىمىزنى يېزا مەسىلىسىنى، دېھقانلارنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىنى، يېزىلاردىكى بىر قاتار جىددى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قاراتتۇق، بۇ تامامەن توغرا. يېزا مەسىلىسى مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن، شەھەر خىزمىتىنى تۇتۇش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئاساسىي جەھەتتىن يېزىلار شەھەرنى ئىلگىرى سۈردى، مۇندىن كېيىن شەھەر خىزمىتى تەشەببۇسكارلىق ئورنىغا ئۆتۈشى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم، مەركىزىي شەھەرنىڭ رولىنى ھەقىقىي رەۋىشتە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەھەردىكى ئادەم كۈچى، تېخنىكا، مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ناھىيەلەر ناھىيە بازىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى، ۋىلايەت قەشقەر شەھىرىنىڭ خىزمىتىنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ياخشى تۇتۇشى كېرەك. بۇمۇ بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ بىرى.

قەشقەر شەھىرى — تارىخى ئۇزۇن، جۇڭگوغا ۋە چەت ئەلگە مەشھۇر، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا جايلاشقان، سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر. تارىختا، قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ تارىختا مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي ئاسىيا بىلەن سودا باردى - كەلدىسى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشىدىكى ئىستىراتېگىيىلىك مۇھىم جاي بولغان. قەشقەر شەھىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا، خەلقارا باردى - كەلدىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇندىن كېيىنكى قۇرۇلۇش خىزمىتىدە قەتئىي تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قەشقەر شەھىرىنى مەدەنىيەتلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى قارارىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنى تەدرىجىي ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، ئىق-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىسادى گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپقان، ئىجتىمائىيسى ئالغا باسقان، مەنىۋى جەھەتتە مەدەنىيەتلىك بولغان، مۇھىتى گۈزەل بولغان، ئامما قولايلىق يارىتىلغان، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ھەمدە تەدرىجىي زامانىۋى شەھەر بولۇشقا قەدەم قويغۇزۇش لازىم.

ھازىرقى باسقۇچتا، قەشقەرنىڭ شەھەر خىزمىتىدىكى 4 جىددىي ۋەزىپە مۇنداق:

بىرىنچى، ئىدىيىدە ئازات، سىياسەتتە كەڭ، ئىزدىنىشكە جۈرئەتلىك بولۇپ، يۈرەكلىك ئىسلاھ قىلىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتتە تېزدىن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم.

خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەپكە يۆتكەش — 3 ـ ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم بىر فاڭجېن، 12 ـ قۇرۇلتايدا بۇ يېتەكچى ئىدىيە يەنە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك نىشانى، مۇھىم نۇقتىسى ۋە قەدەم باسقۇچى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مانا بۇ — قەشقەر شەھىرىنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتلىرىنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە چىقىش نۇقتىسى. بىز زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنى ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە 3 بۇرۇلۇشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش لازىم: بىرىنچى، ئىلگىرىكى مەمۇرى باشقۇرۇشنى ئېتىۋار بىلەن تۇتۇشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى نۇقتىلىق تۇتۇش تەرەپكە بۇرۇلۇش؛ ئىككىنچى، ئىلگىرىكى ئاساسەن ئۆز شەھىرىگە يۈزلىنىشتىن پۈتۈن ۋىلايەتكە يۈزلىنىشكە بۇرۇلۇش؛ ئۈچىنچى، ئىلگىرىكى ئىستېمالغا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىستېمال ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلىكتە تۇتۇشقا بۇرۇلۇش لازىم. بىز قەشقەر شەھىرىدىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە ناھايىتى زور جاسارەتكە ئىگە بولۇشنى، قىسقىراق ۋاقىت ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمىز. مېنىڭچە، بۇ مۇمكىن بولىدۇ. بىرىنچى، ۋىلايەت بويىچە قەشقەر شەھىرىنىڭ مەبلىغى، تېخنىكا كۈچى، ئىختىساسلىق خادىملىرى نىسپىي ھالدا بىر ئاز مەركەزلەشكەن، بۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم بىر شەرت؛ ئىككىنچى، ۋىلايەت بويىچە مەركىزىي ئورۇندا تۇرۇۋاتىسىلەر، پۈتۈن ۋىلايەت سىلەرنى خام ئەشيا بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ، سىلەر پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ بازارلىرىنى ئىگىلىيەلەيسىلەر؛ ئۈچىنچى، قەشقەر شەھىرى ئاللىقاچان مەلۇم سانائەت ئاساسىغا ئىگە بولدى، مۇشۇ پايدىلىق شارائىتلار تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدىغانلا بولسا، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى چوقۇم تېزلەتكىلى بولىدۇ.

ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئىمكان قەدەر تېز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن:

(1) قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆز شەھىرىگە يۈزلىنىش، ۋىلايەتكە يۈزلىنىش، پۈتۈن شىنجاڭغا، پۈتۈن مەملىكەتكە، ھەتتا چەت ئەلگە يۈزلىنىشنى ئاساس قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىنى قايتىدىن تۈزۈشنى تەكلىپ قىلىمىز.

(2) يېڭى تىجارەت، ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى ئېچىش لازىم. تەپەككۇر يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىپ، تەكشۈرۈش — تەتقىق قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، يېڭى كەسپلەرنى ئېچىش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى دۇنياغا كەلتۈرۈش كېرەك. پۈتۈن ۋىلايەتتىن چىقىش يولى ئىزدەپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ بايلىق مەنبەسى ئۈستۈنلۈكىدىن، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھ-

سۇلاتلىرىدىن چىقىش يولى ئىزدەپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك. قەشقەرنىڭ ئۆزۈمتىكى ئەھۋاللىرىدىن قارىغاندا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە كەسىپنى ئاۋال ئويلۇشۇش كېرەك:

1) يىمەكلىكلەر سانائىتى. ئاھالىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يىمەكلىكلەرنىڭ خىللىرىغا، سۈپىتىگە بولغان تەلەپمۇ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بىز چوقۇم بۇ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆرۈشىمىز، يىمەكلىكلەر سانائىتى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

2) يىمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەتلىق كەسپى. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھازىرقى كارخانىلارنى ياخشى باشقۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى پوزىتسىيە ئېچىپ، كۆڭۈلدىكىدەك يىمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەتلىق كەسپى بىلەن ھەقىقىي شۇغۇللىنىپ، بازارنىڭ ۋە ئىچكى - تاشقى ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش لازىم.

3) كىيىم - كېچەك كەسپى. ھازىر قەشقەرنىڭ كىيىم - كېچەك سانائىتىنىڭ كۆپ قىسمى سىرتتىن ۋاقىتلىق كەلگەن بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگەللەپ كېتىلدى، سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرنى چەتكە قاقماسلىقىمىز لازىم، لېكىن، نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ كىيىم - كېچەك سانائىتىمىزنى راۋاجلاندۇرالمايدىكەنمىز؟ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ جەھەتتە يەنە ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، شۇڭلاشقا، بۇمۇ تازا شۇغۇللانغۇچىلىقى بار كەسپ.

4) بىناكارلىق كەسپى.

5) پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى. قەشقەر شەھىرىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىدە يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى چوڭ، پىششىقلاپ ئىشلەشكە بولىدىغان خام ئەشيا ناھايىتى كۆپ، مۇندىن كېيىن ئىنچىكە پىششىقلاپ، ئاخىرقى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

6) قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۇچۇق شەھەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پايدىلىق شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى كۆپلەپ ئېچىش كېرەك. قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى، ئويمىچىلىق، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك، بۇنىڭ چەتئەللىكلەر ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ جەلپ قىلىش كۈچى بار. ھازىر چەتئەللىكلەر سېتىۋالىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى ئاز، بەزىلىرى ئاتلاچ ياغاچ قوشۇق، ساپال تاۋاققا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېلىۋاتىدۇ. چەتئەللىكلەر ئۇنى بىر تەرەپتىن ئاجايىپ بىلىپ، يېڭىچە نەرسە دەپ ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى جۇڭگو ئىگىلىكىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ دەلىلى قىلىدۇ، بىز چەتئەللىكلەرگە مۇشۇ ساپال تاۋاق، ياغاچ قوشۇقلارنى سېتىۋېرەمدۇق؟ بىز بەزى يۇقىرى سۈپەتلىك ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىيەلمەسمىزمۇ؟ قەشقەر شەھىرى مۇشۇ جەھەتتە تەپەككۇر يولىنى كەڭ ئېچىشى كېرەك، مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىت بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن پايدىلانماسلىققا بولمايدۇ. ھازىر قەشقەر ئۇچۇق شەھەر بولدى، ساياھەتكە كېلىۋاتقان چەتئەللىكلەر كۈنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى چوڭ، يول ناھايىتى كەڭ، ئوبدان تۇتۇش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(3) تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش لازىم. «سول» تەسىرلەرنى تۈگىتىپ، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، يۈرەكلىك ئىسلاھ قىلىش — بىردىن-بىر چىقىش يولى. ئىسلاھ قىلغاندىلا، ئاندىن سۈرئەت، ئۈنۈم، ئىختىساسلىق خادىم، يېڭى قىممەت ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ مەقسىدى ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىمىزنى، تەسىر كۈچىمىزنى، جەلپ قىلىش كۈچىمىزنى ۋە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

شەھەر ئىسلاھاتى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، «تۆمۈر ئورۇندۇق»نى يوقىتىۋېتىش، «تۆمۈر قاچا»نى چېقىۋېتىشنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى، ھەر جەھەتنىڭ ئاكتىپچانلىقى تولۇق ئىشقا سېلىنىشى كېرەك.

كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، مۇكاپات پۇلى جەھەتتە يۇقىرىدىغا چەك قويماسلىق، تۆۋەنگە كاپالەتلىك قىلماسلىق يولغا قويۇلىدۇ، كارخانىلارغا پىلان، مەبلەغ ئىشلىتىش، ئەمگەك-ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش، كادىرلارنى تەيىنلەش-قالدۇرۇش، ئاپپارات تەسىس قىلىش ھوقۇقىدىن ئىبارەت 5 ھوقۇق بېرىلىدۇ. بىرىنچىدىن، كارخانا تەرتىپكە سېلىنىپ بولغان، رەھبەرلىك بەنزىسى ياخشى سەپلەنگەن بولۇشى، ئىككىنچىدىن، زىيان تارتمايدىغان بولۇشى كېرەك.

ۋىلايەتلىك پارتكوم مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، قەشقەر شەھىرىنى سىرتقى ئۆلكە، رايونلارغا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، سىرتقى ئۆلكە، رايونلار بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىش بىلەن، تولۇقلىما سودا بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ، ھەتتا سىرتقى ئۆلكە، رايونلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىپ كارخانا تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى قارشى ئالسا، بەلكى باج، پايدا جەھەتتە بىردەك ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويسا بولىدۇ. قەشقەر شەھىرى ئىچكىرىدىكى بىرەر شەھەر بىلەن ئاچا-سىڭىل شەھەر بولۇپ، ھەمكارلىشىشنى يولغا قويۇپ، ئۆز ئارا ياردەم بېرىپ، ئۈچنى كىرگۈزۈشنى، يەنى: مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم كىرگۈزۈشنى يولغا قويۇپ، ئىچكىرىنىڭ مەبلەغ، تېخنىكىسى، ئىختىساسلىق خادىملىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرسا بولىدۇ.

ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن، مۇندىن كېيىن كارخانا قۇرۇشتا دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر تەڭ ئاتلىنىش فاڭجېنىنى يولغا قويۇش كېرەك، دۆلەت بىلەن كوللېكتىپ، كوللېكتىپ بىلەن شەخسى، دۆلەت بىلەن شەخسى شېرىكلىشىپ كارخانا قۇرۇش چارىسىنى قوللىنىشقا، شەخسلەرنى بىرلىشىپ ھەمكارلىق كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرسا بولىدۇ.

ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كەمچىل بولۇشى يەنە بىر چوڭ قىيىنچىلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر خىل چارىلارنى قوللىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش لازىم. بىرىنچىدىن، ئۆز رايونىمىزدىكى ئىختىساسلىق خادىم بايلىقىنى قېزىش، ھازىرقى ئىختىساسلىق خادىملاردىن تولۇق پايدىلىنىش لازىم. ئىككىنچىدىن، تەربىيىلەشنى بالدۇراق ئويۇشتۇرۇش لازىم. ئىچكىرىدىن تەكلىپ قىلىپ، ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىپ، ئىچكىرىدىكى ئىختىساسلىق تېخنىكا خادىملىرىنى قەشقەرگە كېلىپ خىزمەت قىلىشقا جەلپ قىلسىمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى، شەھەر كۆيخواسى ۋە قۇرۇلۇشىنى ياخشى بولغا قويۇش لازىم.

شەھەر كۆيخواسى — شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە شەھەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسى. بۇ — ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، قىيىن ۋەزىپە. شەھەرنى ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۈۋەتتە ئالدى بىلەن كۆيخوانى ياخشى تۈزۈش لازىم. شەھەر كۆيخواسىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ھەم ھازىرقى ھالەتنى كۆزدە تۇتۇش، ئاممىنىڭ ئادىتىگە ئېتىۋار بېرىش، ھەم مۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇش، سوبيېكتىپچىلىق قىلماسلىق لازىم. بولۇپمۇ، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار كۆز قارىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش لازىم. زامانىۋى شەھەر قۇرۇشتا كالتە پەملىك قىلىشقا، ھازىرقى ئەھۋال بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشقا، ئېپلەپ - سېپلەپ ئىش كۆرۈشكە، قالاقلىققا مادارا قىلىشقا، كونا ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا بولۇشقا بولمايدۇ. تارىختىن قەپقالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇش، ئۆزگەرتىش داۋامىدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە ماھىر بولۇش كېرەك، يۇقۇرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش لازىم، يىراق نەزەر دائىرىگە ئىگە بولۇپ، مۇندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي، تېخنىكا شارائىتى تەرەققىياتىنى تولۇق مۆلچەرلەش كېرەك. كۆيخوا تەلۋى تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى، مۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتتا يېڭى مەسىلىلەرنى قالدۇرۇپ بەرمەسلىكى كېرەك. قىسقىسى، زامانىۋى شەھەرنىڭ تەلۋىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

كۆيخوانى ياخشى بولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەر شەھىرىنى قەدەم باسقۇچلۇق، پىلانلىق، تەدرىجى، ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئۆزگەرتىش، قەشقەر شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك.

1) يولنى ئۆزگەرتىش لازىم. يول — شەھەر كۆيخواسىنى تۈزگىلى بولىدىغان ئاساسى لىنىيە. قەشقەر شەھىرىنىڭ يوللىرىنى 4 دەرىجىگە ئايرىشقا بولىدۇ، ياۋاغ كۆۋرۈكىدىن قىزىل كۆۋرۈككىچە، دارىلمۇئەللىمىندىن يېڭى مېھمانخانىغىچە بولغان يول ۋە شەھەرنى ئايلىنىدىغان يول بىرىنچى دەرىجىلىك ئاساسلىق يول، بىر نەچچە كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ ئاساسلىق يولى ئىككىنچى دەرىجىلىك تارماق يول، ئاساسلىق كوچا يوللىرى ئۈچىنچى دەرىجىلىك يول، كىچىك كوچا يوللىرى تۆتىنچى دەرىجىلىك يول بولىدۇ. بۇ 4 دەرىجىلىك يوللارنى تەدرىجى ئۆزگەرتىش، ھەر خىل چارىلارنى قوللىنىپ، تۇپا يوللارنى يوقىتىش كېرەك. ئۈۋەتتە كۈچنى توپلاپ، بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك يوللارنى ئۆزگەرتىش لازىم. ئۈچىنچى، تۆتىنچى دەرىجىلىك يوللار ھەققىدە لايىھە غۇلغۇلا قىلىنىپ، كېيىن تەدرىجى ئەمەلگە قويۇلسا بولىدۇ.

2) چوڭ يوللارنى ئۆزگەرتىش لازىم. ياۋاغ كۆۋرۈكىدىن قىزىل كۆۋرۈككىچە، دارىلمۇئەللىمىندىن يېڭى مېھمانخانىغىچە بولغان ئىككى يولنى كېڭەيتىش كېرەك. ئىككىنچى دەرىجىلىك يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يۈزىنىمۇ تەدرىجى ئۆزگەرتىش كېرەك. بىر نەچچە يىل ئىچىدە ھازىرقى بىر نەچچە بازار يوللىرىنى ۋە 4 كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ ئاساسلىق يوللىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

مۇندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا مىللىي بىناكارلىق سەنئىتىنى كەڭ قوبۇل قىلىش لازىم. شەكلى، تۈسى كۆركەم بولۇشى، ماس كېلىشى لازىم. شەكلى بىر خىل، قاتمال بولۇپ قالمىغان، كىشىگە ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇسىنى بېرىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. جامائەت سورۇنلىرى مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئۇسلۇبنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم.

3) سۇ ۋە يۇندا تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. ھازىر 30% ئاھالە رايونىغا سۇ تۇرۇبىسى تېخى ئاپىرىلمىدى، ھەممىسىگە سۇ تۇرۇبىسىنى ئىمكان قەدەر تېز ئاپىرىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. يۇندا تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش لازىم، يۇندىنى بىر ياقلىق قىلىش مەيدانىنى بالدۇراق پۈتكۈزۈپ، ئىشلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

4) شەھەرنى كۆكەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. ئوخشاش بولمىغان دەرەخ خىللىرىنى مۇۋاپىق جۈپلاش كېرەك. ھەممە كوچىنى ئوخشاش قىلىۋالماي، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆكەرتىش رايونلىرىنى بەرپا قىلىش لازىم.

5) ئاھالىلەر رايونىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىش لازىم. ئاھالىلەر رايونىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىش گۈيخۇاسىنى تۈزۈپ، كۈچكە ئاساسەن، تەدرىجىي ئۆزگەرتىش كېرەك. كۈچنى توپلاپ، ئاھالىلەر مەھەللىسى بويىچە بىر نۇسخا يارىتىپ، ئاندىن كېيىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تەدرىجىي كېڭەيتىش كېرەك.

6) باغچا، تەنتەربىيە مەيدانى، سۇ ئۈزۈش كۆلى، ساياھەت نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. خەلق باغچىسىنىڭ گۈيخۇاسىنى ئىلمىي ئەمەس، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىش كېرەك. مەنزىرە رايونلىرى بىر نەچچە ئوچاستكىغا ئايرىلسا، بىر ئوچاستكا بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسا بولىدۇ، ئۇنى كىشىلەر كۆرگەندىن كېيىن قارنى - كۆكسى ئېچىلىدىغان بولۇپ، بۇ بىر خىل مەنىۋى بەھرىلىنىشكە ئايلانسا. دۆڭۋاغ باغچىسى توغرۇلۇق، ياخشى بىر قۇرۇلۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىش لازىم، ھەم تەبىئىي مەنزىرىنى يېتىشتۈرۈش، ھەم ساياھەت قىلغۇچىلارنى ئارام ئېلىش، ئويناش، كىچىك يېمەكلىك، چاي، ئويۇن بىلەن تەمىن ئېتىدىغان، ئۆزى نەپىس، مىللىي ئۇسلۇبقا، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە، كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بەزى ئىمارەتلەرنى سېلىش كېرەك. دۆڭۋاغ باغچىسىدىن دەريانى بويلاپ ياۋاغ كۆۋرۈكىگىچە بولغان سۇ ئۈستىگە باغچە قۇرۇش لازىم. ئۇ، شەھەر ئايلانمىسى باغچىسى دەپ ئاتالسا بولىدۇ. شەھەرنىڭ غەربىدە مىۋىلىك، مىۋىسىز دەرەخلەر باغچىسى قۇرۇپ، ياكى ئۇنى ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى دەپ ئاتاپ، ئۇ يەرگە قەشقەردىكى بارلىق ئۆسۈملۈك خىللىرىنى توپلاش، قەشقەردە ئۆسۈشكە باپ كېلىدىغان بەزى ئۆسۈملۈك خىللىرىنى كىرگۈزۈش لازىم، مۇنداق بولغاندا، ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنى يېڭى بىر گېن ئىسكىلاتىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

ئاسارە ئەتىقىلەر ۋە ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئاسراش، بەرپا قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئۈچىنچى، شەھەر مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. قەشقەر B دەرىجىلىك ئوچۇق شەھەر. شەھەر مەمۇرىيىتى باشقۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى - ناچار بولۇشى مۇشۇ شەھەر-دىكى ئاھالىلارنىڭ كۈندىلىك پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، خەلقارا تە-سىرگە، دۆلىتىمىز، مىللىتىمىزنىڭ ئابرۇيىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلىشىمىز، باشقۇرۇش سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈ-رىشىمىز كېرەك.

(1) جەمئىيەت ئامانلىقىنى ۋە قاتناش تەرتىۋىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش لازىم، بىز قاتناشنىڭ قالايمىقانچىلىق ھالىتىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى ئۈمىت قىلى-مىز. قاتناش ساقچىلىرى ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىشى كېرەك.

(2) مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇش لازىم. ھازىر مۇھىت تازىلى-قىمىزدا مەسىلە ناھايىتى كۆپ بولۇپ، داۋاملىق يامانلىشىش يۈزلىنىشى مەۋجۇت. سۇ ۋە ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر بولدى، توپا - چاڭ ئۆلچەمدىن 10 نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى، قاتتىق ئاۋاز چوڭ، بەزى جايلاردا 75 دېتسىبېلغا، ئادەم تېنىگە زىيان يەتكۈزىدىغان دە-رىجىگە يەتتى، قاتتىق ئاۋاز مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم، مۇھىت ئاسراشنى ياخشى تۇ-تۇشتا، بۇلغاش مەنبەسىنى ئېنىقلاپ، تېزگىنلەش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى مۇھىت تازىلىقى، دەل-دەرەخلەرنى باشقۇرۇشتا، ئىشىك ئالدى-دىكى ئۈچ ئىشنى ھۆددىگە بېرىشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋە مۇ-كاپاتلاش - جازالاش چارىسىنى ئورنىتىش كېرەك.

(3) شەھەر قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇشنى ياخشى يولغا قويۇپ، قۇرۇلۇش قىلىشتا قائىدە بولۇش، رەتلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

شەھەر باشقۇرۇش ھەققىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، شەھەر باشقۇرۇش نىزامىنىڭ ئىجرىچىللاشتۇرۇلۇپ ئەمەلىلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئارقىلىق قانۇن چىقىرىش كېرەك، يۇقىرى ئۆلچەمدە، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، نوچىلارغا چېقىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، شەھەر باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش لازىم.

(4) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىز-امچان بولغان يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

1) مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىشنى ياخشى تۇتۇش لازىم. ئۆزى قۇرۇشنى ئا-ساس قىلىش، 3 يىل ئىچىدە بارلىق ئورۇنلارنى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ۋىلايەت ۋە شەھەر گۇيخۇا تۈزۈپ، قەرەللىك تۈردە تەكشۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشتا ئاساس-لىق بىر مەزمۇن قىلىش كېرەك.

2) ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. كىتاب ئو-قۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، ئۇلارنى قىزىقتۇرىدىغان ئىشتىن سىرتقى پەن-تەتقىقات گۇرۇپپىلىرىنى، تېخنىكا ئۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىنىش كۆرسىلىرىنى، مەدەنىي - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە جاسارەت بىلەن يۇقۇرى ئۆرلەش، مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈش، كىشىلەرگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى ھەم جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھادىتىگە ئىگە بولغان، ھەم يۈكسەك ئىدىيىۋى پەزىلەتكە ئىگە بولغان يېڭى ئەۋلات قىلىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

3) ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. ۋىلايەت، شەھەر دەرىجەلىك مائارىپ، تەشۋىقات، رادىيو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تارماقلار ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىنى ئورتاق ھالدا ياخشى تۇتۇشى لازىم، ئىشتىن سىرتقى مەكتەپ، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، رادىيو سىنىپ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ياخشى باشقۇرۇش، ھەر خىل كەسپىي كۇرسلارنى ئېچىش ئارقىلىق، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت، تېخنىكا سەۋىيىسىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

## قوشۇمچە 2 - : يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ ۋىلايەتلىك شەھەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزى (قىسقارتىلمىسى)

بۇ قېتىم ۋىلايەتلىك پارتكوم 3 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ خىزمەت دوكلادىنى ئاڭلىدى، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر خىزمىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. ۋىلايەتنىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار ناھايىتى ياخشى پىكىرلەرنى بەردى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق خىزمىتىدە نەتىجە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، مەيلى ئىقتىسادىي قۇرۇلما ياكى باشقا جەھەتتە بولسۇن، ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، مەن ھازىر تۆۋەندىكى 3 مەسىلىنى تەكىتلىمەكچىمەن:

بىرىنچى، كۆپچىلىك قەشقەر شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ موھىم ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرىشى لازىم. قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي شەھەر شىنجاڭدا، مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادا تەسىرگە ئىگە، ھازىر يەنە كېلىپ ئوچۇق شەھەر بولدى، چەتئەلدىن كېلىدىغان مېھمانلار ناھايىتى كۆپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى - ناچار بولۇشى دۆلەتنىڭ ئابرۇيىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قەشقەر شەھىرى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەتتىكى موھىم جاي، قەشقەر شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، قەشقەر ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشتا موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالدى بىلەن، تەشۋىق - تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئاندىن قالسا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ياخشى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش لازىم، يەرلىك كادىرلاردىن پايدىلىنىپ خىزمەت ئىشلىگەندە، ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، خىزمەتكە ناھايىتى كۆپ قولايلىقلار يارىتىلىدۇ.

ئىككىنچى، «سول» ئىدىيىنى تازىلاپ، ئىسلاھاتنى يۈرەكلىك ئېلىپ بېرىش لازىم. «سول» ئىدىيىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاپ، ئىسلاھاتنى يۈرەكلىك ئېلىپ بېرىش دېگەن سۆزنى ئېيتىش ناھايىتى ئوڭاي، لېكىن، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، كونكرېت مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇش ئانچە ئوڭاي ئەمەس. جاۋ زىياڭ زۇڭلىنىڭ مەملىكەتلىك 6- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2- يىغىنىدىكى دوكلاتىدا ۋە رەئىس ئىسمايىل ئەھمەتنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 6- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2- يىغىنىدىكى دوكلاتىدا ئىسلاھات ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن. بۇ، مۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇشى كېرەك. قەشقەر شەھىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئىسلاھات ئىدىيىسى ئانچە گەۋدىلىك بولمىدى. بۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك.

ئىسلاھاتنى دادىل، يۈرەكلىك ھالدا ئېلىپ بارمىغاندا، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە يېتىشىپ ماڭغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ قەشقەر شەھىرىدە، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەپكە يۆتكەشتە، شەھەر ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تۇتۇشقا مەلۇم كۈچ ئاجرىتىلمىسا، قەشقەر شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنچىلىكى چوڭ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، يۈرەكلىك ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىنى يەنە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈر.

ئۈچىنچى، بىر نەچچە كونكرېت مەسىلە:

1) شەھەرنىڭ ئومۇمىي كۆيخۇاسى مەسىلىسى. ھازىر، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئومۇمىي كۆيخۇاسى تېخى تولۇق شەكىللەنگىنى يوق، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىمكان قەدەر تېز تۈزۈش لازىم. كۆيخۇا بېكىتىلگەندىن كېيىن، خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، رەھبەرلەرنىڭ ئالمىشىشى سەۋەبىدىن شەھەرنىڭ ئومۇمىي كۆيخۇاسىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. قەشقەر شەھىرى مۇندىن كېيىنكى شەھەر قۇرۇلۇشىنى كۆيخۇانى ئۆلچەم قىلىپ، پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىشى كېرەك، بۈگۈنى بۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلىپ، مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ئەتىسى ھېس قىلىپ، چېقىۋېتىپ قايتىدىن سالسا، نەتىجىدە ھېچقايسىسىنى ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ. ئازات بولغىنىمىزغا 34 يىل بولدى، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتا قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا كىشىنى قانائەتلەندۈرگىدەك ئۆزگىرىش بولمىدى، قەشقەر شەھىرىنىڭ نىسبىي مۇقىم بىر يىراق كەلگۈسى كۆيخۇاسىنىڭ بولمىغانلىقى شۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بىرى.

2) دېخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش مەسىلىسى. قەشقەر شەھىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىنى تولدۇرۇشى لازىم. قەشقەر ۋىلايىتىمىز — يېزا ئىگىلىك رايونى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى ئىنتايىن پايدىلىق شارائىتقا ئىگە، مەبلەغ ئاز كېتىدۇ، سۈرئىتى تېز بولىدۇ، شۇنداقلا، ئۈنۈمى چوڭ بولىدۇ، مەبلەغنى ئىمكان قەدەر تېز جۇغلاپ، باشقا كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە، بەزى پىچىنە - پىرەنىدەك زاۋۇتلىرىنى قۇرۇشقا بولىدۇ، بىزدە ئاشلىق، ماي بار، خام ئەشيا تولۇق، نەرسە - كېرەك بولغاندىكىن، پىششىقلاپ ئىشلەشكە بولىدۇ. مېۋە - چې-

ۋىگەنمۇ ئىش قوشۇشقا بولىدۇ، بۇ جەھەتتىمۇ بىزدە ئۈستۈن شارائىت بار، ھازىر مىۋە - چىۋىگە ئىش قوشۇش يەرلىك ئۇسۇل بىلەن بولىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس، مەھسۇلاتى ناھايىتى تۆۋەن، بۇ، بىزنىڭ تېخنىكا كىرگۈزۈپ، مىۋە - سەبزىنى ياخشىلاپ، ئىش قوشۇلىدىغان مىۋە - چىۋىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىزگە مۇھتاج.

3) ئوتىياش بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى. ئوتىياش بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى باشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ھازىردىن تارتىپ تەييارلىق قىلىپ، ئوتىياش تېرىيدىغان دېھقانلارنى بېكىتىپ، ئۇلار بىلەن دوگوۋار تۈزۈش ھەمدە ئۇنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بازاردىكى ئوتىياشنىڭ چەكلىك بولۇشى - بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، دوگوۋار كۈچىدىن قالماسلىقى، ئوتىياش ئاز بولغان ۋە كۆپ بولغان چاغلاردا ئوخشاشلا سېتىۋېلىشى كېرەك، ئوتىياش تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش لازىم. ھازىر مۇنداق ئەھۋال بار: ئوتىياش قىس چاغدا ماگىزىنلار تالىشىپ تۇرۇپ ئالىدۇ، ئوتىياش كۆپەيگەندە ئالمايدۇ، مۇنداق قىلسا دوگوۋار كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ، ئوتىياش باھاسىنى تۇراقلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، بىز ئوتىياش تېرىيدىغان دېھقانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ھەمدە دوگوۋارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىدىغانلا بولساق، ئوتىياش بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلالايمىز.

4) مۇھىت ئاسراش مەسىلىسى. قەشقەر شەھىرىدە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر، بولۇپمۇ تۈمەن دەرياسىنىڭ بۇلغىنىشى تېخىمۇ بەتتەر. مۇھىت ئاسراش جەھەتتە، بىز بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، لېكىن ئۈنۈمى چوڭ بولمىدى. ھازىردىن تارتىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈشى، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا قوللىنىپ، تېزگىنلەش لايىھەسىنى ئىمكان قەدەر تېز تۈزۈپ چىقىپ، چاپسان بىر ياقلىق قىلىشى كېرەك. تۈمەن دەرياسىغا دوختۇرخانا، زاۋۇتلارنىڭ يۇندىلىرى قويۇلىدىكەن، بۇنى ئىمكان قەدەر تېز تەدبىر قوللىنىپ، ھەل قىلىش لازىم.

5) قاتناش تەرتىۋى مەسىلىسى. قەشقەر شەھىرى ئوچۇق شەھەر، كېلىۋاتقان چەتئەللىك مېھمانلار ئاز ئەمەس، ئىچكىرىدىن كېلىۋاتقانلارمۇ كۆپ، قاتناش تەرتىۋىنىڭ ياخشى - ناچار بولۇشىنىڭ تەسىرى چوڭ، ئۇ، مۇشۇ شەھىرىمىزنىڭ قىياپىتىنى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يېقىندا قاتناش تەرتىۋى خېلى ياخشىلاندى، لېكىن، تېخى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. يوللار بىر قەدەر تار بولۇش قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سۇبيېكتىپ سەۋەب شۇكى، ئامانلىق ئورگىنى ۋە بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولغان يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولمىدى، بىردەم سوۋۇپ بىردەم قىزىش ئىللەتلىرى بولدى، بىر ئاز تۇتۇپ، بىر نەچچە كۈن ياخشىلانغاندىن كېيىن بوشاشتۇرۇپ قويۇش نەتىجىسىدە، قاتناش تەرتىۋى ئەسلى ھالىتىگە قايتتى. ئامانلىق باشقۇرۇش تارماقلىرى خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىشى، قاتناش تەرتىۋىنى باشتىن - ئاخىر چىڭ، ياخشى تۇتۇشى ھەمدە بىر تۈزۈم شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. يول راۋان بولۇشى لازىم. ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرى قائىدە بويىچە، قوماندىغا بويسۇنۇپ يول يۈرۈشى كېرەك، ۋېلسىپىت مىنگۈچىلەرنىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەۋەبسىز توختۇشىغا، چوقان كۆتۈرىشىگە يول قويماسلىق لازىم. بولۇپمۇ، قاتناش ساقچىلىرىنىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاراڭلە-

شىپ تۇرۇپ، قاتناشقا توسالغۇ بولۇشىغا تېخىمۇ يول قويماسلىق، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

6) ئۆي ـ مۈلۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى. ئۆي ـ مۈلۈك مەسىلىسى پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە كىرىدۇ. بىز ئۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، قەشقەر شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئۆيلەر ئۆزگەرتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئۆزگەرتىلىشكە تېگىشلىك، ئەمما ئۆزگەرتىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان بەزىلىرى تەكشۈرۈلمەي، تەتقىق قىلىنمايلا ئۆزگەرتىلگەن. ئۆزگەرتىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئۆيلەرنى ھازىر ئالاقىدار سىياسەت، بەلگىلىمە بويىچە ئىگىسىگە قايتۇرۇش كېرەك. ھازىر ئۆي سىياسىتىنى ئەمەلىلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. قولنى بوشىتىپ، كۈچنى توپلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەسىلىلىرىنى تۇتۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان چارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىياسەتتە كەڭ بولۇپ، ئۆي ـ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى بالدۇرراق ھەل قىلىشنى سورايمىز.

7) مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچنى توپلاپ شەھەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت قەشقەر شەھىرىگە بىرمۇنچە پۇل ئاجرىتىپ بەردى. بەزى پۇللار جايىدا ئىشلىتىلمەي، كۆپ ئىسراپ بولۇپ كەتتى. مۇندىن كېيىن مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشلىتىش كېرەك. مەيلى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ياكى ئاساسىي قۇرۇلۇشتا بولسۇن، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچنى توپلاپ، يوقىتىش جېڭى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزغا ئاساسەن، ئىشنى بىر ـ بىرلەپ قىلىش، ھەر بىر ئىشنى ياخشى قىلىش، ئۈزۈل ـ كېسىل قىلىش كېرەك. بىر يىلدا قىلىدىغان تۈرلەر بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، مالىيە كۈچى چېچىۋېتىلسە، نەتىجىدە ھېچ ئىشنى ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ جەھەتتە بىز ساۋاق قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇندىن باشقا، يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسىدە بولۇشقا بولمايدۇ، يۇقىرىدىن پۇل بەرسە ئاندىن ئىش قىلىمىز دەپ كۈتۈپ تۇرسا بولمايدۇ، ئۆزى ئامال ئويلاپ، مالىيە مەنبەسىنى قېزىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. ئۆز شەھىرىنىڭ مالىيە كۈچىنى توپلاپ، تەدرىجىي ھالدا شەھەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك، بىزدە ئەۋۋەل مۇشۇنداق ئىرادە بولۇشى كېرەك، مېڭىنى كۆپرەك ئىشلىتىش، مەسىلىنى كۆپرەك ئويلاش لازىم. يۆلىنىۋالىدىغان، ھورۇنلۇق قىلىدىغان ئىدىيىنى تۈگىتىش لازىم. يېڭى ۋەزىيەت يارىتىدىغان روھ بولۇشى كېرەك.

ئىشىنىمەنكى، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، دادىل ئىشلەپ، ئىسلاھاتنى يۈرەكلىك ئېلىپ بېرىپ، ھەر تەرەپنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغانلا بولساق، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنى چوقۇم يۈكسەلدۈرەلەيمىز.

# ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگاڭنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىقتىسادىي تېخنىكا ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىكى توغرىسىدا قىلغان دوكلادى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش، ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش ئۆمىكى ناھىيە (شەھەر)لىك پارتكوم شۇجىلىرى ۋە ۋىلايەتلىك ئالاقىدار تارماقلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار بولۇپ، 20 كىشىدىن تەركىب تاپتى.

تەكشۈرۈش ۋەزىپىمىز تۆۋەندىكى 3 نۇقتىدىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە مەركەزنىڭ ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈش؛ ئىككىنچى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ۋىلايىتىمىز قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يولىنى تەتقىق قىلىش ۋە تېپىش؛ ئۈچىنچى، ئىمكانىيەت بولغان ئەھۋالدا كەڭ كۆلەمدە دوست تۇتۇپ، دوستلۇق ئىزدەپ، ئالاقە باغلاپ، ھەمكارلىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يول ھازىرلاش.

بىز 4 ئۆلكە ۋە شەھەرگە بېرىپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك 8 شەھەر ۋە رايوننى، 14 ناھىيە ياكى ناھىيە دەرىجىلىك رايوننى، 17 يېزا ياكى يېزا دەرىجىلىك رايون ۋە 100 زاۋۇتنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق، 27 شەھەر، ناھىيە، بازار، يېزىنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشلارنى ئاڭلىدۇق.

## 1. ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى

ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپتۇ.

ئومۇمەن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ يەرلىك سانائىتى، يېزا - بازار كارخانىلىرى مەيلى تەرەققىيات سۈرئىتى، كۆلىمى جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتە بولسۇن، قىياسىمىزدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپتۇ، ھەتتا كىشىنى ھەيران قىلغىدەك دەرىجىگە يېتىپتۇ.

بىرىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشقا كۆتۈرىدىغان ۋاقىتتىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. شاڭخەينىڭ باۋشەن ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 يىلدا بىر يېرىم قاتلانغان. ۋۇشى شەھىرىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۆتكەن يىلى 2 مىليارت يۈەن كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ بىر يىلدا ئاشۇرغىنى بىزنىڭ ۋىلايىتىمىزنىڭ پۈتۈن بىر يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2 يېرىم ھەسسىسىگە تەڭ كەلگەن. تەيساڭ ناھىيىسىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 920 مىليون يۈەن بولۇپ، بىر ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئى-

گىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىزنىڭ پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىن ئېشىپ كەتكەن. تەيساڭ ناھىيىسىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتى 3 يىلدا بىر قاتلانغان. جياشىەن ناھىيىسىدىكى خۇاشى چوڭ ئەترىتىدە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 يىلدا 3 يېرىم قاتلانغان.

ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى چوڭ ئىكەن. ۋۇشى شەھىرىدە 5 مىڭ 700 يېزا - بازار كارخانىسى، نەنتۇڭ شەھىرىدە 8 مىڭ 700 يېزا - بازار كارخانىسى بار ئىكەن. ۋۇشى شەھىرىنىڭ ھەر بىر يېزىسىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 47 زاۋۇت بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون يۈەنگە يەتكەن. بۇ سان قەشقەرنىڭ 1983 - يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىگە تەڭ كېلىدۇ. گۇاڭدۇڭنىڭ شۈندې ناھىيىسىدىكى گۈيجۇ رايونىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتىگە تەڭ كېلىدىكەن.

ئۈچىنچى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كەسىپ تۈرلىرى كۆپ ئىكەن. شاڭخەينىڭ باۋشەن ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدا 100 نەچچە كەسىپىي تۈرلەر بولۇپ، 2 مىڭ خىلدىن ئوشۇق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن، نەنتۇڭ شەھىرىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات خىللىرى 2 مىڭ 200 خىلدىن ئاشىدىكەن. ئۇلار يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلارغا ئىش قوشۇش دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ چىقىپ، جەمئىيەت ئېھتىياجىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە قەدەم تاشلىغان، بىز ئۇچراتقان ساھەلەردىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب، مېتاللىچىلىق، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، توقۇمىچىلىق، تىكىمچىلىك، مەتبەچىلىك، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش، كۆن - خۇرۇم، ئاياغ كىيىمى، لازىمەتلىك مېتال بۇيۇملىرى، ئۆيلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرى، بىناكارلىققا ئىشلىتىلىدىغان چىنە - قاچا، ھۈنەر سەنئەت پار - پۇر سايمانلىرى، گىرىم بۇيۇملىرى، ئاليۇمىن بۇيۇملار، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىكى، ساياھەت، سۇلياۋ بۇيۇملىرى، رەڭلىك مېتال، ئوراش بۇيۇملىرى، خىمىيەۋى تالا، يېمەكلىك، ئىچىملىك، گۈل بېسىش - بوياش، قەغەزچىلىك، دورىگەرلىك كەسىپلىرى بار ئىكەن.

تۆتىنچى، باشقۇرۇشى ياخشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى ئىكەن. شاڭخەينىڭ خۇڭكۇ رايونىدا 141 كوللېكتىپ كارخانىسى بار بولۇپ، مۇقىم مۈلكى ئاران 17 مىليون يۈەن بولسىمۇ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 180 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇ سان ئۇلارنىڭ مۇقىم مۈلكىنىڭ 10 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىكەن، يىللىق باج پايدىسى 40 مىليون يۈەن بولۇپ، مۇقىم مۈلۈكىنىڭ ئىككى يېرىم ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدىكەن. تەيساڭ ناھىيىسىدىكى توقۇش زاۋۇدى قۇرۇلۇشقا 1979 - يىلى ئىش باشلانغان، 1981 - يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، دېھقانلار ۋە ئىدارە - ئورگانلاردىن 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلانغان، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يىلى 37 مىليون يۈەن قىممەت ياراتقان، 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىنغان. ھازىر بۇ زاۋۇتنىڭ مۇقىم مەبلىغى 12 مىليون يۈەنگە يەتكەن. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جياڭمېن شەھىرىدىكى 3 - سىمسىز رادىيو زاۋۇدى ۋە

جياڭمېن شەھەرلىك سوپۇن زاۋۇتىدا ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ياراتقان پايدىسى 10 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

بەشىنچى، مەھسۇلات ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرغان. ۋۇشى شەھىرىدە 30 نەچچە يىلدىن بۇيان سانائەت مەھسۇلاتلىرىدا 4 قېتىم ئۆزگىرىش بولغان. توقۇمىچىلىق كەسپىدىن كۈندىلىك لازىمەتلىك بۇيۇملىرى سانائىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان، كېيىن يەنە ماشىنىسازلىق سانائىتىنى راۋاجلاندۇرغان، ھازىر ئۇلار ئېلېكترون سانائىتىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇپ، نۇقتىلىق ھالدا ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى، ئېلېكترونلۇق مىكىرە تېلېۋىزور ئاپاراتى ئىشلىمەكتە ئىكەن. شاڭخەيدىكى «شەرق» يېشىك زاۋۇتىدا لايىھىلىگۈچى خادىملارنىڭ ھەر بىرى ھەر ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدىغان بىر خىل يېڭى مەھسۇلات تۈرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىكەن، بۇ زاۋۇتتا مەھسۇلاتنىڭ يېڭىلىنىپ، ئالمىشىپ تۇرۇش سۈرئىتى كىشىنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئالتىنچى، رىقابەت كەسكىن ئىكەن. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى بەييۈنشەن دورا زاۋۇتى رىقابەتلىشىش ئۈچۈن "خېرىدار بىرىنچى، سۈپەت بىرىنچى، ئىناۋەت بىرىنچى" دېگەن شۇئار ئاستىدا 5 تە تۆلەش، يەنى: دورا چىرىپ قالسا تۆلەش، توشۇش داۋامىدا، قاچىلاش ياخشى بولماي بۇزۇلۇپ كەتسە تۆلەش، دۆلەت باھانى چۈشۈرگەنلىكتىن، زىيان چىقسا تۆلەش، شاللىۋېتىلگەن دورىلاردىن كۆرۈلگەن زىياننى تۆلەش، دورىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ پايدا قىلمايدىغان بولۇپ قالسا تۆلەش چارىسىنى قوللانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆسكەن، سېتىش دائىرىسى كېڭەيگەن، مەبلەغ ئوبوروتى تېزلەشكەن، دورىلارنىڭ ئامباردا تۇرۇش ۋاقتى 5 كۈندىن ئېشىپ كەتمىگەن. گۇاڭدۇڭدا كۆپلىگەن كارخانىلارنىڭ تەجرىبىسى شۇكى: "باشقىلاردا يوقلىرى بىزدە بولۇش، باشقىلاردا ئازلىرى بىزدە كۆپ بولۇش، باشقىلاردا كۆپ بولسا، بىزدە ياخشىسى بولۇش، باشقىلاردا ياخشىسى بولسا، بىز باشقا جايلارغا چىقىرىدىغان بولۇش."

يەتتىنچى، كارخانىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن كۈرەش قىلىش روھى ئۈستۈن ئىكەن. شاڭخەي، جياڭسۇ قاتارلىق جايلاردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك خام ئەشيا، يېقىلغۇ كەم بولغان ئەھۋالدا تەرەققىي قىلغان، ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى توخۇ يىلىلىق بولۇپ، داننى ئۆزلىرى تېپىپ يەيدىكەن. خام ئەشيانى ئۆزلىرى تېپىپ، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرى ساتىدىكەن. ۋۇشى شەھىرىدىكى رۇڭشىڭ يېزىسىغا ھەر يىلى 40 مىڭ توننا پولات ماتېرىيالى، 50 مىڭ توننا كۆمۈر، 6 مىڭ توننا مىس، 5 مىڭ توننا ئاليۇمىن كېرەك بولۇپ، ھەممىسىنى ئۆزى تاپىدىكەن، مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى دۆلەت ھۆددە ئالمايدىكەن.

قىسقىسى، بىز بارغانلىكى جايلار سانائەتنىڭ مەدەنىيەتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغان. ئۇلار يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ "يېزا ئىگىلىكىنى دەۋر قىلىپ سانائەت باشقۇرۇش، سانائەتنى ياخشى باشقۇرۇش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش" تەك مۇنداق رامكىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، سانائەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى تېخىمۇ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىتىشكە تۈرتكە بولماقتا. كونا ئەنەنىۋى يېزا ئىگىلىكى ۋە ئۆز - ئۆزىنى قامداشتىن ئىبارەت ئىگىلىك پارچە-

لازىماقتا، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا بولغان، بەزى جايلار يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلماي، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا يۈزلەنگەن بولغان.

يېزىلاردا سانائەت تېز راۋاجلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، 3 چوڭ پەرق پەيدىن-پەي ئازايغان، بەزى يېزىلار شەھەرگە ئوخشاپ قالغان، بەزى يېزا-بازارلىرى بىزنىڭ ئادەتتىكى شەھەرلىرىمىزدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. خۇاشى چوڭ ئەترىتىدە رەتلىك كوچىلار ۋە ماگىزىن، باغچا، كىنوخانا، كۈتۈپخانىلار بار ئىكەن. بۈگۈنكى دېھقانلار بۇرۇنقى دېھقانلارغا ئوخشىمايدىكەن، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەيدىن-پەي تۈگىگەن. ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ناھايىتى زور ياخشىلىنىش بولغان. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى ئومۇمىي تۇردە 400 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە بولغان. يېزا-بازار كارخانىلىرىدا ئىش ھەققىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى يۇقىرىلىرىنىڭ 150 يۈەنگە يېتىدىكەن. بۈگۈنكى دېھقانلار قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا قاتراپ يۈرىدىغان دېھقانلاردىن ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئوبدان راھەت كۆرۈش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدىغان دېھقانلارغا ئايلانغان. خۇاشى چوڭ ئەترىتىدىكى ئەزالارنىڭ ھەر تۈپۈسقا كوللېكتىپ تەقسىماتى 800 يۈەندىن توغرا كېلىدىكەن، ھەممە ئائىلىلەردە تېلېۋىزور ئاپاراتى، كىر ئالغۇ بار ئىكەن، ھەر بىر ئېغىز ئۆيدە بىردىن توك شامالدۇرغۇچ بار ئىكەن. بەزى ئائىلىلەردە تېخى توڭلاتقۇ، رادىيولۇق ئۈنئالغۇمۇ بار ئىكەن. تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆسكەن. ئىقتىسادىي سەۋىيىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلگەن. يېزىلاردا كىنو-تىياتىرخانىلار، كۈتۈپخانىلار بار ئىكەن، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، كىتاب ئوقۇش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەر يېتىشتۈرۈلمەكتە ئىكەن. بۇ قېتىمقى ئېكىسكۇرسىيە ئارقىلىق، بىز سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ كۆرۈۋالدۇق، سوتسىيالىستىك يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قىلىپىنى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالىنى كۆرۈۋالدۇق، ئۇ بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتتى، كۈچىمىزنى ئاشۇردى.

## 2. نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى بۇنداق تېز بولىدۇ؟

بىز ئېكىسكۇرسىيىدە بولغان بۇ جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى ناھايىتى مول ئىكەن، ئۇنى يىغىنچاقلاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى بىر قانچە ماددىدىن ئىبارەت:

بىرىنچى، ئۇلارنىڭ پارتىيە II-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىككى 1-نومۇرلۇق ھۆججەتلىرىدە بولغان چۈشەنچىسى بىزدىن چوڭقۇر ئىكەن، ئىدىيىسى بىزدىن سەزگۈر ئىكەن، ئاڭ-تونۇشى بىزدىن ئۈستۈن ئىكەن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشلەش جۈرئىتى ۋە شىجائىتى بىزدىن چوڭ ئىكەن.

ئۇلار 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي خىزمەتكە يۆتكىگەن، يەنە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىككى 1 - نومۇرلۇق ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەۋۋار ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشقا، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تۇتۇشقا يۆتكەپ، بىر قەدەر تېز ھالدا يول ۋە نىشاننى بۇرىغان. ئۇلار ئەمدىيمدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش جەھەتتە ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلغان. تەيساڭ ناھىيىسى - جياڭسۇ ئۆلكىسى بويىچە مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىشى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر ناھىيە. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق سۈرئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدى؟ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى 4 - 5 يىل ئىچىدە 3 قېتىم ئېنىقلاش، 4 قېتىم بۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان. بىرىنچى قېتىملىق ئېنىقلاش "4 كىشىلىك گورۇھ" يوقۇتۇلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىپ، "4 كىشىلىك گورۇھ" بىلەن چېتىشلىقى بار ئادەم ۋە ئىشلارنى ئېنىقلاپ، تەشكىلىي جەھەتتە ئىقتىسادىي خىزمەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يول تۈزلەپ بەرگەن، توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلىغان، قوچقۇيتىشكە خاتىمە بەرگەن؛ ئىككىنچى قېتىمقىسى — يېزىلاردىكى "سول"لۇق ئىدىيىنىڭ تەسىرلىرى تازىلىنىپ، ئىدىيە جەھەتتە بىر قېتىم قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشىغان؛ ئۈچىنچى قېتىمقىسى — ئۆز - ئۆزىنى قامداش ئىگىلىكىدىن قانائەتلىنىپ قېلىپ، ھازىرقى ھالەتكە شۈكرى قىلىشتەك ئۇششاق دېھقان ئىدىيىسى ئېنىقلانغان، بۇ 3 قېتىملىق چوڭ ئېنىقلاش ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئاساسى جەھەتتىن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەنىگە بۇرالغان. 3 - قېتىملىق ئېنىقلاش ئاساسىدا، يەنە 4 قېتىملىق بۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان. بىرىنچى قېتىملىق بۇرۇلۇش 1979 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان: نوقۇل ھالدىكى يېزا ئىگىلىكى بۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، قوشۇمچە كەسىپنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش يولىغا سېلىنغان. ئۇلار ناھىيە بويىچە 4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، قوشۇمچە كەسىپنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلغان، ئۇنىڭدا نۇقتىسى گەۋدىلىك، بايرىقى روشەن بولغان. ئۇلار يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، سانائەتنى يېتەكچى قىلىپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، قوشۇمچە كەسىپتىن ئىبارەت 3 كەسىپنى بىللە يۈكسەلدۈرۈش، ناھىيە، يېزا، كەنت، ئائىلىدىن ئىبارەت 4 چاقنى تەڭ ئايلاندۇرۇشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىككىنچى قېتىملىق بۇرۇلۇش 1981 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئاساسىدا 3 دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك، ئەترەتنى ئاساس قىلىش چەمبىرىكىدىن چىقىپ، مەھسۇلات ئائىلىلەرگە ھۆددە قىلىنغان، كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر يولغا قويۇلغان. 1982 - يىلى ئۇلار ئىككى خىل ئائىلە بويىچە مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، بۇرۇن يېپىق قىلىنغان، ئەدىۋى بېرىلگەنلەرنى ناھىيە بويىچە چوڭ يىغىندا ئاقلىغان. مۇشۇ قېتىم ئاقلاش بىلەنلا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى بىردىنلا جانلىنىپ كەتكەن، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتەرە بېرىشكە يول ئېچىلغان، ئىككى خىل ئائىلە راۋاجلىنىپ، ئىگىلىك يېڭى يولغا سېلىنغان. ئۈچىنچى قېتىمقى بۇرۇلۇش 1982 - يىلدىن كېيىن بولغان،

ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولسىمۇ، لېكىن مەھسۇلاتلىرى سېتىلـ مەي، يېزىلاردا «سېتىش قىيىن» بولۇشتەك مەسىلە كېلىپ چىققان. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلار يەنە سودا ئىشلىرىنى تۇتۇپ، ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان يېزا ئىگىلىكى، سانا ـ ئەت، قوشۇمچە كەسىپنى يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودىغا ئۆزگەرتكەن. 1983 ـ يىلى ئۇلار يېڭىدىن ئېچىپ، ئىگىلىك خىزمىتىدە ئىشلەپچىقىرىش خا ـ راكتېرىدىن ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت خاراكتېرىگە بۇرۇلۇشنى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش، ھەم سېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. كوپ خىل تىجارەت شىركىتى، يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت شىركىتى، سانائەت مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىق نۇرغۇن شىركەتلەرنى قۇرغان. تۆتىنچى قېتىمقى بۇرۇلۇش بۇ يىل بولغان. ئۇلار بازاردىكى رىقابەتنىڭ كەسكىنلىكىنى كۆرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تېخنىكىنى ئالغا باستۇرۇش، ئىختىساسلىق خا ـ دىملارنى كۆپەيتىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار 3 يىل ئىچىدە ھەر بىر يېزىدا بىر ـ دىن 2 كىچە ئالى تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى، ھەر بىر كەنتتە بىردىن 2 كىچە ئوتتۇرا تېخنى ـ كوم ئوقۇغۇچىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا بىر پىلان تۈزۈپ چىققان. ھازىر بۇ پىلان ئەمەلگە قويۇلماقتا ئىكەن. ئۇلار بۇ خىزمەتلەر ئارقىلىق بۇرۇلۇش ياساپ، نە ـ شانىنى تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىگىلىك خىزمىتىنى 3 ـ ئومۇمى يىغىنىنىڭ لۇشيەنىگە، مەركەزنىڭ ئىككى 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى يولغا سالغان.

ئىككىنچى، ئىسلاھات بىر قەدەر بالدۇر، بىر قەدەر ئۆزۈل ـ كېسىل ئېلىپ بېرىلىپ، ئۆزۈندىن بۇيانقى «سول» خاتا لۇشيەن شارائىتىدا شەكىللەنگەن بىر يۈرۈش باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، باشقۇرۇش چارىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات دادىل ئېلىپ بېرىلغان. ئۇلار نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەندىكىلەرنى تۇتقان:

1. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، تۈۋار ئوبوروتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تۈزۈلمىنى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى سانائەت تەرەققىياتى، تۈۋار ئوبوروتى يولىغا سېلىپ، ئۇستقۇرۇلمىنى ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇنـ لاشتۇرۇش مەسىلىسىنى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلغان. ئۇلار ئىسلاھاتتا، ئالدى بىلەن ئەسلىدىكى كونا ئاپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن يېڭى ئاپاراتلارنى تەسىس قىلغان، بولۇپمۇ پەن ـ تەتقىقات ئاپاراتلىرىنى قۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار سانائەت مەدەنىيەتى دەۋرىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەش ـ پەش دېگىچە بولـ غان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ئۆزگەرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈپ، ئىقتىسادىي تەتقىقات خىزمىتىگە تولۇق ئەھمىيەت بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پەنـ تەتقىقات خىزمىتىگىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. پەن ـ تەتقىقات ئاپاراتلىرىنىڭ ھەر بىرىدە شىركەت قۇرۇلغان، نۇرغۇن زاۋۇتلاردىمۇ پەن ـ تەتقىقات ئاپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان. ھەر بىر ناھىيە، يېزىلاردىمۇ يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەرەققى قىلدۇرۇش شىركىتى ۋە مۇلازى ـ مەت شىركەتلىرى قۇرۇلغان. بۇ بىر يۈرۈش تۈزۈلمە ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىسنى ئۇيغۇنلاشتۇرغان.

2. ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى، ئىش ھەققى تۈزۈمى بىر قەدەر ئۆزۈل ـ كېسىل ئىسـ لاھ قىلىنغان. بۇنىڭدا ئومۇمىي نىشان ـ "تۆمۈر ئۇستەل" نى ئېلىۋېتىش، "تۆمۈر

قاچا » نى چىقىۋېتىشتىن ئىبارەت . بۇ ــ كارخانىلارنىڭ ھاياتىنى بەلگىلىگەن. «تۆمۈر ئۇستەل»، «تۆمۈر قاچا» نىڭ كىشىگە كەلتۈرگەن زىيىنى ئاز ئەمەس ، ئۇ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ راك كېسىلى . ئۇلار مۇشۇ جەھەتتە بىر قەدەر تەل-تۆكۈس ئىسلاھات ئېلىپ بارغان . بۇ جەھەتتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى ــ ۋۇشى شەھىرىنىڭ يەڭچياۋ يېزىسى . ئۇلار «بىرنى كۆتىرە قىلىش ، 3 نى ئۆزگەرتىش» نى ئوتتۇرىغا قويغان: «بىرنى كۆتىرە قىلىش »ــ زاۋۇتلاردا جىگلى ، زاۋۇت باشلىقى ئاساس قىلىنغان ئىقتىسادى كۆتىرە قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ؛ «3 نى ئۆزگەرتىش »ــ مۇقىم ئىشچىنى توختام ئىشچىغا ئۆزگەرتىش . بۇنداق بولغاندا ياخشى ئىشلىمىگەنلەرنى خىزمەتتىن بوشۇتۇۋەتكىلى ، «تۆمۈر ئۇستەل » نى ئېلىۋېتكىلى بولىدىكەن، مۇقىم مۇئاش تۈزۈمىنى تۇراقسىز مۇئاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىپ ، تۇراقسىز مۇئاشنى يۈزدە ـ يۈز يولغا قويۇپ ، ئەمەكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش پىرىنسىپىنى ھەقىقى يوسۇندا كەۋدىلەندۈرۈپ، «تۆمۈر قاچا» نى چېقىپ تاشلىغان؛ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىنى تاللاپ ئىشلىتىش، تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىپ، مۇددەت بويىچە ۋەزىپە ئۆتەش بولغا قويۇلغان. بۇنداق قىلىش كارخانىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرغان، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنىمۇ ئۇستۇرگەن، ئۇلار ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە، بۇرۇنقى بەزى كونا قاراشلاردىن بۆسۈپ چىقىپ، ياشلار ۋە تېخنىك خادىملارنى ئىشقا سالغان. ئۇلار مۇنداق دېيىشكەن: قابىلىيەتلىك ئادەمدىن بىرسى تەكلىپ قىلىنسا، بىر كەنتنى بېيىتقىلى بولىدىكەن؛ بىر زاۋۇت باشلىقى ئوبدان ئىشقا سېلىنسا، بىر زاۋۇتنى جانلاندۇرغىلى بولىدىكەن. ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلىش، بولۇپمۇ ئىقتىدارى بار، تارىختا بەزى مەسىلىلەرنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، ھازىر تۈزەتكەن، پارتىيىنى قىزغىن سۆيىدىغان، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغان كىشىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

3. مەمۇرى ئورگانلارنى ئىخچام قىلىپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرگەن. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقى، ماددى ئەشيالار ھوقۇقى، مالىيە ھوقۇقى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىلگەن. كارخانىلارنى باغلاپ تۇرغان ھەر خىل ئاغامچىلارنى يېشىۋېتىپ، كارخانىلارنى بىر قەدەر چوڭراق ئايلىنىپ يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقى جەھەتتە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، زاۋۇت باشلىقىغا رەھبەرلىك بەنزە تەشكىللەش ھوقۇقى، ئىشچى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقى، ماددى ئەشيالار ھوقۇقى، مالىيە ھوقۇقى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىغا ھەقىقى يوسۇندا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. شىنجىن كارخانا باشقۇرۇشتا شەھەرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەن، لېكىن، تەستىقلىغاندىن كېيىن، شەھەر كارخانىلارنىڭ پائالىيىتى بىلەن كارى بولمايدىكەن، كارخانىنىڭ جىگلىرىنىڭ ھوقۇقى چوڭ ئىكەن، شۇڭا ئۇلار كارخانىلارنى ناھايىتى جانلىق باشقۇرغان، ئۈنۈمى يۇقۇرى بولغان.

4. كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىن ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت خاراكتېرىگە ياكى ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت، پەن ـ تەتقىقات خاراكتېرىگە ئۆزگەرتىلگەن. بەزىلەرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش خاراكتېرىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئىشلەپچىقىرىش ـ تى-

جارەت خاراكتېرى دېگەن سۆز. كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىش دېگەنلىك، مەھسۇلاتلارنى سېتىش، خام ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى كارخانىلار ئۆزى باشقۇرۇش دېگەنلىك. بۇنداق ئۆزگەرتىش نەتىجىسىدە، ئۇلار كارخانىلارنى جانلاندۇرغان، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. كارخانىلاردا 6 چوڭ كۆز قاراشنى كۈچەيتكەن: بىرىنچىسى، تاۋار كۆز قارىشى—ئىشلەپچىقىرىلغان نەرسىلەردە ئىناۋەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، خېرىدارلارنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش. ئىككىنچىسى، بازار كۆز قارىشى—بىرزاۋۇت ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات بازارغا ئېھتىياجلىقمۇ – ئەمەسمۇ، مەھسۇلاتىمىزغا بازار چىقامدۇ – چىقمامدۇ دېگەننى ئويلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى بازار ئېھتىياجى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش. ئۈچىنچىسى، قىممەت كۆز قارىشى— تەننەرقنى ھېساۋاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، قىممەت قانۇنىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىش. تۆتىنچىسى، ئۇچۇر كۆز قارىشى، ئۇلار ئۇچۇرلىشىشنى ناھايىتى چىڭ تۇتقان، ئۇچۇرلىشىش— كارخانىنىڭ ھاياتى بولۇپ قالغان. بەشىنچىسى، تېخنىكا كۆز قارىشى، رىقابەتلىشىش ئۈچۈن سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئالتىنچى، ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆز قارىشى، كارخانىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئەستايىدىل كۈچەيتىپ، تەننەرقنى چۈشۈرۈپ، سۈپىتى ئەلا،مەھسۇلاتى يۇقىرى، سەرپىياتى تۆۋەن بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. بۇنداق بولغاندا، كارخانىلارنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى تەجرىبە شۇكى، تېخنىكىنى ئالغا باستۇرۇش چىڭ تۇتۇلغان، ئەقلىي كۈچ جەھەتتە مەبلەغ سېلىنغان. پەن – تېخنىكا ھەقىقىي تۈردە ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن، ھەممە جايدا تېخنىكىلىق ئىختىساس ئىگىلىرى قوبۇل قىلىنغان، ھەممە كارخانىلار مائارىپنى تۇتقان، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەقلىي كۈچ جەھەتتە مەبلەغ سېلىشنى تۇتقان. ئۇ يەرلەردە بىلىمگە ۋە زىيالىيلارغا سەل قارايدىغان كۆز قاراش سۈپۈرۈپ تاشلانغان. بۇ جەھەتتە ئۇلار ماۋۇ چارىلارنى قوللانغان:

1. كۆپ پۇل ۋە ئېتىبار بېرىش شەرتىگە قاراپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى كەڭ تۈردە توپلىغان. نەنتۇڭ، ۋۇشى شەھەرلىرى شاڭخەيگە يېقىن بولۇپ، شاڭخەيدىن تېخنىكىلىق ئىختىساس ئىگىلىرى كەلتۈرۈلگەن، ئۇلار كېلىشنى خالىسىلا، ئېتىبار بېرىش شارائىتى بەرگەن. مەسىلەن: ۋۇشى، نەنتۇڭ شەھەرلىرى ئېچىۋېتىلگەن شەھەر بولۇپ، نوپۇس ئولتۇرغۇزۇش قىيىن ئىكەن. ئۇلار 4- دەرىجىدىن يۇقىرى تېخنىك ئىشچى ۋە تېخنىكتىن يۇقىرى كەسپىي خادىملاردىن بۇ شەھەرلەرگە كەلگەنلەرنى ياندۇرماسلىقنى بەلگىلىگەن. تەيجاڭدا، ئۆتكەن بىر يىلدا 4- دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىشچى ۋە تېخنىكتىن يۇقىرى كەسپىي خادىملاردىن 570 كىشى قوبۇل قىلىنغان، بۇ يىل 1 – ئايدىن 9 – ئايغىچە يەنە 390 كىشى قوبۇل قىلىنغان، 21 ئاي ئىچىدە جەمئىي 960 كىشى قوبۇل قىلىنغان، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا 40 نەچچە كىشى قوبۇل قىلىنغان.

2. ئالىي مەكتەپلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ يېتىشتۈرگەن. شاڭخەي شەھىرىدىكى باۋشەن ناھىيىسى ئۆتكەن يىل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆ-

تەلىمگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى توپلاپ دەرس تەكرارلاتقان، ئۇلاردىن 107 كىشى بۇ يىل ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگەن. بەزى ناھىيىلەر ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ياكى تېخنىك ئىشچىلاردىن مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تاللاپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ۋۇشى شەھىرى مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرگە 706 كىشىنى ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. بەزى ئېچىق بويىچە ھەمكارلىشىدىغان ئورۇنلارغىمۇ تەربىيىلىنىشكە ئادەم ئەۋەتكەن. ۋۇشى شەھىرى 1982 ـ ۋە 1983 ـ يىللىرى بىر مىڭ 513 كىشىنى ھەمكارلىشىدىغان ئورۇنلارغا تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتكەن. ۋۇشى ناھىيىسىنىڭ دۇڭتىڭ يېزىسى ئۆزى 40 كىشىلىك ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئېچىپ، ئوقۇتۇشقا پروفېسسور تەكلىپ قىلغان. ۋۇشى شەھىرى ئۆزى مەبلەغ تەييارلاپ ۋۇشى ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرغان. تەيساڭ ناھىيىسى ھەر بىر يېزىدا بىردىن رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سىنىپى قۇرۇپ، ئېھتىياجلىق تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرگەن، جەمئىي 470 ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى، مەسىلەن: زاۋۇت باشلىقى تەربىيىلەش كۇرسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى قاتارلىقلارنى ئاچقان.

بېيۇنشەن دورا زاۋۇدى ۋە خۇاشى چوڭ ئەترىتى ئەقلىي كۈچنى ئېچىش جەھەتتە مەبلەغ سېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئەقلىي كۈچكە مەبلەغ سېلىشنى ھەقىقىي تۈردە ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويغان.

ئۆتمىچى، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر قاتار توغرا يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرغان.

بىرىنچىدىن، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ساھەلىرىنى كېڭەيتىشكە ئىرادە باغلىغان. بىزنىڭ بۇ يەردە "3 نى شۇ يەردە ئىشلەش، 4 ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بىرىنچىدىن تېرىقچىلىق قىلىش، ئىككىنچىدىن بېقىش، ئۈچىنچىدىن پىششىقلاپ ئىشلەش"، "يېزا ئىگىلىكىنى دەۋر قىلغان ھالدا سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش" ۋاھاكازالار بىلەن شۇغۇللىنىمىز، ئۇلار نېمىنى قىلالىسا شۇنى قىلىدىكەن، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى، جايلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرىدىكەن. جياڭيىن شەھىرى ئۆتكەن يىلى مەخسۇس 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، كادىرلار ئىچىدە ساقلانغان "3 نى شۇ يەردە قىلىش"، "4 ئۈچۈن خىزمەت قىلىش" ئىدىيىسىنى ھەل قىلىپ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ساھەلەرگە يۈرۈش قىلىش كېرەك، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىككىنچىدىن، تەمىنلەش ـ سېتىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار تەمىنلەش، سېتىشنى تۇتۇشقا ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىپتۇ، بىز بارغان بەزى زاۋۇتلاردا، ئادەتتە تەمىنلەش، سېتىش خادىملىرى كارخانىدىكى ئادەم سانىنىڭ 4 ، 5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇلار يەنە تەمىنلەش، سېتىش خادىملىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەمىنلەش، سېتىش خادىملىرىغا بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتكەن. باۋشەن ناھىيىسىدە بۇ يىل تەمىنلەش، سېتىش خادىملىرى بويىچە ئىلغار شەخسلەر قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، بىر مىڭ 600 ئادەم قاتناشتۇرغان، ھاكىم، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ئۇلارغا ئۆز قولى بىلەن قىزىل گۈل تاققان. بۇ تەمىنلەش ـ سېتىش خادىملىرىنىڭ ئىگىسى ناھايىتى چوڭ ئىكەن،

ئۇلار تيەنجىن، شاڭخەي، سەنشى، شەندۇڭ، شەرقىي شىمال قاتارلىق چوڭ جايلارغا بارغان. ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق بولغان، ئۇلاردا مېڭىلغان تاغ ـ دەريالاردىن ئېشىش، ھەممە يەردە كەڭ سۆزلەش، مېڭىلغان چارە ـ تەدبىرلەرنى ئىزدەش، مەجبۇر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىش ئىرادىسى بولغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تەمىنلەش ـ سېتىش ئورۇنلىرىنى قۇرغان.

ئۈچىنچىدىن، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا قارىتا بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن بىر يۈرۈش يېتەكچى فاڭجېن بولغان، مەسىلەن: باۋشەن ناھىيىسى 6 نى تۇتۇپ، 6 نى ھاسىل قىلغان، يەنى ئىسلاھاتنى تۇتۇپ، سۈرئەتنى ھاسىل قىلغان؛ تەرتىپكە سېلىشنى تۇتۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلغان؛ ئېچىشنى تۇتۇپ، كېيىنكى غەيرەتنى ھاسىل قىلغان؛ تەمىنلەش ـ سېتىشنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ ئىلىم ـ پەننى تۇتۇپ، ھۈنەر ـ سەنئەتنى ھاسىل قىلغان؛ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى تۇتۇپ، سۈپەتنى ھاسىل قىلغان. خېيىەن ناھىيىسى يەم ـ خەشەك سانائىتىنى يولغا قويغان، ئۇلارنىڭ چارىسى « ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىش، پىلان كومىتېتى باشلامچى بولۇش، ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرۇش، قالغان تارماقلار ھەمكارلىشىش ھەمدە يېزىدا ئومۇملاشتۇرۇش، ھەممە كەنتتە نۇقتا قۇرۇش » تىن ئىبارەت بولغان. سىناق تەرىقىسىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ھۆددە قىلىشنى يولغا قويغان، ئارىلاشما يەم ـ خەشەكنىڭ ئىشلىتىلىشىنى پۈتۈن ناھىيە بويىچە 70 پىرسەنتكە يەتكۈزگەن. يەم ـ خەشەك ئىشلەش ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بىلەنلا، بېقىش كۆپەيتىش كەسىپىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئۇلار باققان چوشقىنىڭ 5 ئايدىكى ئومۇمى ئېغىرلىقى 90 كىلوگىرام بولۇپ، گۆش چىقىش نىسبىتى 70 پىرسەنتتىن 80 پىرسەنتكىچە بولغان. بۇ ناھىيە بىر يىلدا بازارنى 40 مىليون جىڭ تۇخۇم بىلەن تەمىنلىگەن، ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توخۇ، تۇخۇم، گۆش قاتارلىقلار 144 جىڭدىن توغرا كېلىپ، بازارنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانغان.

ئۇلار يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا قارىتا ئۆزىنى ئوخشۇبلىش سىياسىتىنى يولغا قويغان، دېمەك، كارخانىلار تېخى تەرەققى قىلىپ بولالمىغان چاغلاردا ئۇلاردىن پايدا ئالمىغان، مەسىلەن، بەي يۈنشەن دورا زاۋۇدى ئۆز زۇندىن بۇيان پايدا ئالماسلىق چارىسىنى قوللانغان، ئۇلاردا بۇرۇن ئارانلا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ بولسىمۇ، بۇ يىل مەھسۇلات قىممىتىنى 100 مىليون يۈەنگە، پايدىنى 26 مىليون يۈەنگە يەتكۈزەلەيدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلاردىن پايدا ئالماسلىقنى بەلگىلىگەن. 300 مىڭ يۈەندىن بىر يۈمۇلاپلا 100 مىليون يۈەنگە يەتكۈزگەن بولسىمۇ، يەنە ئۇلاردىن پايدا ئالمىغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك نەزەر دائىرىسىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ توپلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەبلەغ مەسىلىسى چوڭ مەسىلە. ئۇلار مەبلەغ توپلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، ناھايىتى ياخشى چارىلارنى قوللانغان، ئۇنىڭ بىر خىلى خۇددى شاڭخەينىڭ ئەسلىدىكى سودا ـ سانائەت ساھەلىرىدىكى پۇلى بارلارنى تەشكىللىگەنگە ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەرلىك قۇرۇلۇش ھەيئىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. مۇشۇ بىر تۈردىلا 50 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ، 62 زاۋۇت قۇرغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ زاۋۇت-

قا بىر مىڭ 800 ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان. ئىككىنچى خىل چارىسى، خۇددى تەيسالۇ ناھىيىسى- نىڭ توقۇش، ئىلما-توقۇلما فابرىكىسىنىڭ 3 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە ئېھتىياجلىق بولۇپ، 10 مىڭ يۈەننى بىر پاي قىلغىنىغا ئوخشاش، دىخانلارنى مەبلەغ توپلاپ پاي قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ 370 پاي قوشۇشتىن ئىبارەت بولغان، شۇنىڭ بىلەن، كارخانا قۇرۇشتىكى پۇل ھەل قىلىنغان. ئۈچىنچى خىل چارىسى — ئەمگەك بىلەن مەبلەغنى يېتەكلەش ياكى مەبلەغ بىلەن ئەمگەكنى يېتەكلەشتىن ئىبارەت بولغان، ھەر 5 مىڭ يۈەن مەبلەغ قوشقانلاردىن بىر كىشى زاۋۇتقا كىرگەن بولۇپ، پاي قوشقانلارغا ئوخشاش ئورۇندا بولغان. تۆتىنچى خىل چارىسى — قەرز ئېلىش، تەيسالۇ ناھىيىسى چەنجىڭ يېزىسى بۇ يىل سانائەت ئاساسى قۇرۇلۇشقا 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان، بۇنىڭدىن ئەزالار بىر مىليون يۈەن مەبلەغ توپلىغان، يېزا - بازار كارخانىلىرى 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان، 8 مىليون يۈەن قەرز ئالغان. بەشىنچى خىلى — مەبلەغ كىرگۈزۈپ، چەتئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش. نەنتۇڭ شەھىرى 5 يىلدا چەتئەل مەبلىغىدىن 70 مىليون يۈەن كىرگۈزگەن، گۇاڭدۇڭ ئاساسى جەھەتتىن خامئەشيا بېتىپ كەلگەن ھامان پىششىقلاپ ئىشلەش، ماتېرىياللار كەلگەن ھامان قۇراشتۇرۇش، ئەۋرىشكىسى كەلگەن ھامان پىششىقلاپ ئىشلەش، سودىنى تولۇقلاش بىلەن شۇغۇللانغان، بەزىلەر شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىپ، ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىپ، بىرلىشىپ باشقۇرۇپ، سودىنى تولۇقلاش قاتارلىق چارىلارنى قوللانغان. بۇ چارىلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن ئەينەك قىلىش قىممىتىگە ئىگە.

بەشىنچىدىن، ئاساسەن كوللېكتىپ كارخانىنى راۋاجلاندۇرغان. ناھىيە باشقۇرغان كارخانىلارمۇ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە بولۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدە، ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان، كوللېكتىپ كارخانىلىرىنى باغلىۋالىدىغان ئاغامچىلار نىسپى ھالدا ئازايغان. ئاپلىنىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى كېڭەيگەن، تەرەققىياتى تېزلەشكەن. شۇڭا، بىزمۇ بۇندىن كېيىن كوللېكتىپ كارخانىلىرىنى كۆپلەپ قۇرۇشىمىز لازىم.

## ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىسى يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىقتىسادى - تېخنىكا ئەھۋالىنى تەكشۈرگەنلىكى توغرىسىدا قىلغان دوكلادى

(1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى)

### I

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمىنىڭ قارارىغا بىنائەن، مەن ۋە مەمۇرى مەھكىمىنىڭ نازارەتچىسى يولداش لىۋسىلىن باشچىلىقىدىكى ھاكىم (شەھەر باشلىقى)لار، ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىقتىسادىي تېخنىكا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىز بېيجىڭ، تيەنجىن، شەندۇڭ، شاڭخەي، جياڭسۇ ۋە گۇاڭ-

دۆڭدىن ئىبارەت 6 ئۆلكە، شەھەر، 9 ۋىلايەت ۋە ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەر، 16 ناھىيە، 38 زاۋۇت، يېزا - بازاردا 1984 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 1985 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئېلىپ باردۇق.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىز ئۇيغۇر، تاجىك ۋە خەنزۇ 3 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قېتىم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىمىز ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، ھەمكارلىشىش يوللىرىنى ئىزدەش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش يولىنى ئىزدىنىش، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگاڭ 1984 - يىلى 9 - ئايدا ھەر قايسى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرىنى يېتەكلەپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۆگەنگەن، تەكشۈرگەن، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش مەقسىدىمىزنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش، نۇقتا ئېنىق گەۋدىلىك بولۇش، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشتىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت ئاساسىي گەۋدە قىلىنغاچقا، بارغانلىكى جايدا شۇ جايدىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىۋار بېرىشىگە ۋە قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتۇق. بەزى جايلار ھەر كۈنلۈك كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسى ئىنتايىن كۆپ ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن، مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇردى. بەزى جايلار دەرىجىمىزنى ئاشۇرۇپ كۈتۈۋالدى. تيەنجىن، شەندۇڭ، جياڭسۇ، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلىك، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى، مىللىي ئىشلار كومىتېتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار پائالىيەت كۈنتەرتىۋىمىزنى ۋە ياتاق، تاماقلىرىمىزنى ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئەھۋال تونۇشتۇردى. ئۇلار: " شىنجاڭ ياخشى جاي، تەبىئىي بايلىق مەنبەسى مول، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمالنى ئېچىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز. گەرچە شىنجاڭ بىزدىن يىراق، تىل ۋە ئۆرپ - ئادەت ئوخشاش ئەمەس، قاتناش قولايسىز بولسىمۇ، قەلبىمىز تۇتاش، بىزنىڭ ئورتاق نىشانىمىز 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش. بىزنىڭ ياردەم بېرىشىمىزگە تېگىشلىك قانداق قىيىنچىلىقلار بولسا، بىز ھېچ نەرسىنى ئايىمايمىز " دېيىشتى. بىز ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك جايلار بىلەن ئىقتىسادىي تېخنىكا مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشتۇق، پىكىرنامە ئىمزالىدۇق، مۇندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئۈچۈن ئاساس ياراتتۇق.

تۇرمۇشىمىزغا قولدىن كېلىشىچە كۆڭۈل بۆلدى . شائىخەي، جياڭسۇ ، گۇاڭدۇڭ قاتار-
لىق جايلارنىڭ ياتاقلىرىدا قىش كۈنلىرى ئادەتتە ئىسسىنىش ئۈسكۈنىلىرى يوق بولىدۇ،
بىزنىڭ توڭۇپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ ، پار بار مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇردى ، بىزنى
قىزغىن ، ئەتراپلىق كۈتۈۋالدى . ئۆرۈپ-ئادىتىمىزگە ئېتىبار قىلىش يۈزىسىدىن ، بەزى
جايلار قوي گۆشى، كالا گۆشى قىس ئەھۋال ئاستىدا، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تاماقتا بىزنى
رازى قىلدى . بەزى يولداشلار كېسەل بولۇپ قالغاندا ماشىنا بىلەن دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ
داۋالىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىز بىر قېتىملىق جانلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەر-
بىيىسىگە ئىگە بولدۇق، بىزگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت چوڭ
ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەقىقەتەن ھېس قىلدۇق .

بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋالنى ئاڭلاش، كار-
خانىلارنى تەكشۈرۈش ، پىكىر-نامە ئىمزالاش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ،
نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق . ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئۆلكە، شە-
ھەرلەرنىڭ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ ئىلھا-
مىدا ، قىسقىغىنە 6 يىل ئىچىدە، ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى،
كۆپلىگەن رايون ۋە ناھىيىلەرنىڭ سانائەت ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ھەس-
سىلەپ ئېشىۋاتقانلىقىنى ، خەلقنىڭ ماددىي ، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەسسىلەپ يۇقىرى
كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقى-
نى كۆرۈپ ، ناھايىتى زور ئىلھاملاندۇق ۋە تەربىيىگە ئىگە بولدۇق. پارتىيە 11 - نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، گەرچە ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت،
يېزا ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن قېرىنداش ئۆلكە ، رايونلارغا سېلىشتۇ-
رغاندا ، پەرق ناھايىتى چوڭكەن ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمىز خېلىلا ئارقىدا ئى-
كەن . بۇرۇن ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزگىرىش چوڭ ، يامان ئەمەس دەپ تونۇغان بول-
ساقمۇ، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنى كۆرۈپ ، ئۆزىمىزگە سېلىشتۇرۇپ ، چۆچۈدۇق .
بەزى جايلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېز بولغانلىقىنى ، ئۆزگىرىشىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى
ئويلاپ يەتمەپتىكەنمىز .

ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى : ئۇلار پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كو-
مىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى تۈزۈپ چىققان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى قەتئىي ئىزچىل-
لاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىپ ، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ ، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، شەھەرلەر-
گە يۆلىنىپ ، ئۆز ئۈستۈنلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئىقتىسادنى جانلاندۇرغان . بىز بارغا-
نلىكى جايدا شەھەردىن يېزىغىچە ، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئوبوروتقىچە، ماددىي مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىدىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىچە، يېتەكچى ئىدىيىدىن كونكرېت سىيا-
سەتكىچە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاش ، مۇشۇ ئەسىر-
نىڭ ئاخىرىغىچە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا
كەڭ كۆلەمدە تۇتۇش قىلغان ، ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇش قىلغان ،
ئۇلار ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، بەزى كون-
كرېت بەلگىلىمە ۋە تەدبىرلەرنى (مەسىلەن: مۇكاپاتلاش، جازالاش، ئەمگەك، كادىرلار

مەسىلىسى، ئوبوروت، ئۇچۇر قاتارلىقلارنى) تۈزۈپ چىقىشقا جۈرئەتلىك بولغان، ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ھەر قايسى كەسىپ، ھەر قايسى ساھەلەرنى دادىل ئىشلەپ، ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. 2 ئايلىق ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇتۇغىمىز زور بولدى، بۇنى يىغىنچاقلاشتۇرغاندا، ئىدىيىمىز ئازات بولدى، نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى، تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق، پەرقلەرنى تاپتۇق، ئىشەنچىمىز كۈچەيدى، غەيرەتكە كەلدۇق، بارلىق يولداشلار بۇ قېتىم ئۆگىنىۋالغان تەجرىبىلەرنى ئېلىپ كېتىپ، قەشقەر ۋىلايىتىمىزدە چېچەكلىتىپ مېۋە بەرگۈزىدىغانلىقىنى بىردەك بىلدۈرۈشتى.

## I

بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش جەريانى پارتىيىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىش جەريانى، قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلەش جەريانى بولدى. ئۆگىنىش داۋامىدا، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئوخشاشلا يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ تۇرۇغلۇق نېمە ئۈچۈن قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تېز بولىدۇ؟ ئۆزگىرىشى شۇنچە چوڭ بولىدۇ؟ بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزنىڭ سۈرئىتى ئاستا، ئۆزگىرىشى زور بولمايدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. دەرۋەقە، شەرت-شارائىتتا پەرق بار، لېكىن تۈپ پەرقى ھۆججەت روھىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرەلمەسلىكتە، ئىدىيىمىزنى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئازات قىلالمىسلىقتا دەپ تونىدۇق.

ئىچكىرىنىڭ يېزىلىرىدا قايسى تەرەپلەردە ئۆزگىرىش بولغان؟ بۇ يەردە بىر قانچە سان-سىفىرلارنى سۆزلەپ ئۆتىمەن: جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ 1983-يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليارت 400 مىليون يۈەن بولغان (يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليارت 500 مىليون يۈەن، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليارت900 مىليون يۈەن بولغان)، مالىيە كىرىمى 7 مىليارت 300 مىليون يۈەن بولغان. 1984-يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى94 مىليارت يۈەنگە (يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليارت يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 65 مىليارت يۈەنگە)، مالىيە كىرىمى8 مىليارت يۈەنگە يەتكەن. 1983 - يىللىق تاۋار نىسبىتى 55% بولغان، 1984- يىللىق تاۋار نىسبىتى65% بولغان. ساچۇ ناھىيىسىنىڭ تاۋار نىسبىتى90%گە يەتكەن، 1983-يىلى ئۆلكە بويىچە يېزا بازار سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليارت 200 مىليون يۈەنگە يەتكەن. تاپشۇرۇلغان باج بىر مىليارت500مىليون يۈەن، پايدا بىر مىليارت500مىليون يۈەن، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل بىر مىليارت860مىليون يۈەن بولغان. 1983-يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى2 مىليارت يۈەندىن ئاشقان ناھىيە 3 بولۇپ، 1984- يىلى 5 كە كۆپەيگەن. بىر مىليارت يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتكەن ناھىيە 19 غا يەتكەن. 1983-يىلى 100 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتكەن يېزا 7 بولۇپ، 1984- يىلى 24 كە يەتكەن. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شۈندې ناھىيىسىنىڭ 1983-يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھـ

سۇلات قىممىتى بىر مىليارت 530 مىليون يۈەن بولۇپ، 1984- يىلى بىر مىليارت 900 مىليون يۈەنگە يەتكەن، 1983- يىلى ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىمى 780 يۈەن بولۇپ، 1984- يىلى 850 يۈەنگە يەتكەن. نەنخەي ناھىيىسىنىڭ 1978- يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى740مىليون يۈەن بولۇپ،1983- يىلى بىر مىليارت 590 مىليون يۈەنگە، 1984- يىلى بىر مىليارت 890 مىليون يۈەنگە يەتكەن. 1978- يىلى ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىمى 252 يۈەن بولۇپ، 1983- يىلى 760 يۈەنگە يەتكەن. يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئامانەت سوممىسى 1983- يىلدىكى 280 مىليون يۈەندىن 410 مىليون يۈەنگە يەتكەن. بىر كەسپىي ئائىلىنىڭ ئامانىتى 400 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ يېڭىدىن سالغان ئۆي كۆلىمى بىر مىليون كۋادرات مېتىر بولۇپ، ھەر نوپۇسقا 18 – 20 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلگەن. سانائەتنىڭ تووار نىسبىتى 95%، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تووار نىسبىتى 79% بولغان. شەندۈڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇپىڭ ناھىيىسى شىگۇەن چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەمگەك كۈچى يېتىشمەي، سىرتتىن ئىشچى قوبۇل قىلغان، ئىقتىسادلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە، ئۆز ئەترىتىدىكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەر يېتىشمەي، سىرتتىن قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇپ، تۇرمۇش پۇلى، ئوقۇتۇش راسخودىنى پۈتۈنلەي ئەترەتتىن بەرگەن. يېزىلاردا ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى ۋە ئەمەللىشىشى تۈپەيلىدىن، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە قوزغۇتۇلغان. دۆلەت ۋەزىپىسى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنغان. مانا بۇ ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش تىپىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن تووار ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتۈشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، ئىش قوشۇش كەسپى ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كىرىمى ئاشقانلىقتىن، بىر قىسمىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىپ، يەنە بىر قىسمىنى ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتكەن. كەڭ ئامما "بۇرۇن نامرات بولغانسېرى شۇنچە ئىنقىلاب قىلىدۇ دېيىلەتتى، ھازىر تۇرالغۇ جايىمىزنىڭ كەڭ بولۇشىنى، يەيدىغىنىمىزنىڭ قۇۋۋەتلىك بولۇشىنى، ئىشلىتىدىغىنىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي سۈپەتلىك بولۇشىنى تاللايدىغان بولدۇق" دېيىشكەن. بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ھەممىلا جايدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇشىدىكى سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى مۇنداق بىر نەچچە ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: ئىدىيە جەھەتتىكى سەزگۈرلىكى يۇقىرى، سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان رەھبەرلىك بەنزىگە ئىگە بولغان، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىشقا جاسارەتلىك بولغان، رەھبەرلىك ئۇسۇلى جەھەتتە، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسەت تۈزۈپ، قىلىش لازىملىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغان ئىشلاردا ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇ ئىشنى چوقۇم بىر باشقا ئېلىپ چىققان. چاقىرىق خاراكتېرىدىكى يېڭى ئىشلار مەيدانغا چىققاندا، ئاساسىي رەھبىردي كادىرلار شەخسەن ئۆزى تۇتقان، زور كۈچ بىلەن تەقدىرلىگەن، ئاممىغا تايىنىپ ھەر جەھەتتىكى ئاكتىپچانلىقنى قوزغاتقان، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بولغان، بىر قەدەم باسقاندا، ئالدىدىكى ئۈچ قەدەمگە نەزەر تاشلىغان، قەدەمنى قەدەمگە

ئۇلاشتۇرۇپ ماڭغان. يۇمۇلاتسا يوغىنايدىغان قار پومزىگىدەك، ئۇلارنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى بارغانسېرى زورىيىپ بارغان، ئاما سوتسىيالىزىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەقىقى يوسۇندا كۆرسىتىۋالغان، بۇ، كىشىلەرنى تېخىمۇ يۇقۇرى نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرغان.

### بىزنىڭ تەسىراتلىرىمىز

1. مۇجەبەتلەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، "سول" ئىدىيىۋى تەسىرنى تازىلاپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشىمىز كېرەك.

ئۇزۇن مۇددەتتىن بۇيان، "سول" ئىدىيىنىڭ تەسىرلىرى ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، نەزىرىيىدىن تا ئەمەلىيەتكىچە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى مۇجمەللىشىپ كەتكەن. قانداقتۇ سوتسىيالىزىم ئوتى كاپىتالىزىم مايسىسىدىن ياخشى؛ بىلىمى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ئەكسىيەتچى بولىدۇ؛ كوممۇنا، ئەترەتلەر سانائەت بىلەن شۇغۇللانسا، سانائەتكە ئەھمىيەت بېرىپ يېزا ئىگىلىكىگە سەل قارىغانلىق بولىدۇ؛ يېقىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، پۇلغا ئەھمىيەت بېرىپ ئاشلىققا سەل قارىغانلىق بولىدۇ؛ قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، خۇسۇسقا ئەھمىيەت بېرىپ، كوللېكتىپقا سەل قارىغانلىق بولىدۇ؛ قالدۇرۇق چارۋا چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتسە كاپىتالىزىم بولىدۇ دېيىلگەن. بۈگۈن پېچەن قىلمىمىز دېسە، ئەتىسى قۇيرۇقىنى كېسىمىز دېپ، ئەتىجىدە ئاز بولمىغان جايلار تۇرمۇشتا قۇتقۇزۇشقا، ئىشلەپچىقىرىشتا قەرز ئېلىشقا تايىنىپ، پۈتكۈل ئىگىلىكى يۈكسەلمىگەن، خەلق باي بولالمىغان، دۆلەت قۇدرەت تاپمىغان. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، "سول" ئىدىيىنىڭ تەسىرلىرىنى ياخشى تازىلىغان جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز بولغان. جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى تەيساڭ ناھىيىسىنىڭ 3 قېتىم سوللۇقنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، 4 قېتىم بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغانلىق تەجرىبىسى يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. سوللۇق ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلىغاندىلا، ئاندىن ئىقتىساتنى تەرەققى قىلدۇرۇش يولىدىكى ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

2. ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى ئىدىيىسىدىن قۇتۇلۇپ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى دادىل راۋاجلاندۇرىشىمىز كېرەك.

يېزا-بازار كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، يېتەكچى ئىدىيە ۋە سىياسەت جەھەتتىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن، بىر قانچە قېتىملىق ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېشىدىن كەچۈردى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنى ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئۇ ئومۇم خەلق مۇلۇكچىلىك ئىقتىسادىنىڭ يېقىندىسى ۋە تولۇقلىمىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېزا ئىقتىسادىنىڭ موھىم تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن تونۇش ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئىش كۆرۈش، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىنى تۈگىتىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئاساس قىلىش پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. باشقۇرۇش جەھەتتە: "بىرنى مۇددىگە بېرىش،

3 نى ئۆزگەرتىش» نى يولغا قويۇشىمىز، قاتلام جەھەتتە 5 چاقنى تەڭ ئايلاندۇرۇشىمىز، قۇرۇلما جەھەتتە ئېھتىياج نېمىگە چۈشسە شۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز كېرەك. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئەنخەي ناھىيىسى يېزا-بازار كارخانىسىنى پارتىزانلار قوشۇنى دەپ ئاتىغان.

يېزا-بازار كارخانىلىرى تەرەققىي قىلغانلىقتىن، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولغان. ۋۇشى، سۇجۇ، نەنتۇڭدىن ئىبارەت 3 شەھەرنىڭ يېزىلىرىدا سانائەت،سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئەمگەك كۈچىنىڭ 50%ىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. ۋۇشى ناھىيىسىنىڭ چيەنجۇ يېزىسىدا سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي سانىنىڭ 70%ىنى تەشكىل قىلغان. شەندۇڭ ئۆلكىسى مۇپىڭ ناھىيىسى شىڭگۇەن چوڭ ئەترىتىدە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەمگەك كۈچى 98% نى ئىگىلىگەن. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، سانائەت،سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچىنىڭ نىسبىتى قانچە يۇقىرى بولسا، ئەزالارنىڭ كىرىمىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

يېزا-بازار كارخانىلىرى تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئەزالارنىڭ كىرىمى ئېشىپلا قالماستىن، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغقە ئىگە بولغان. مائارىپ، دېھقانچىلىق، شەھەر-بازار قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ مەبلەغ يەتكۈزۈپ بەرگەن. شەندۇڭ ئۆلكىسى يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن 330 مىليون يۈەن پۇل چىقىرىپ دېھقانچىلىققا ياردەم بەرگەن، جىنەن شەھىرىنىڭ بېيۈەن ئىش باشقارمىسى 1983-يىلى 440 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئوقۇتۇش بىناسى سالغان، 840 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ دېھقانچىلىق ۋە شەھەر يول قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەن. ۋېيفاڭ شەھىرىنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىكىگە 60 مىليون يۈەن مەبلەغ، 310 مىڭ يۈەنلىك خىمىيىۋى ئوغۇت، 187 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاپچاسلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. يېزا-بازار كارخانىلىرى بولمىغان بولسا، بىر يىل ئىچىدە مۇنچىۋالا مەبلەغنى توپلاش مۇمكىن بولمايتتى.

يېزا-بازار كارخانىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شەھەر - يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى. بىز ئېكسكۇرسىيە قىلغان ناھىيە، يېزا، ئەترەتلەردە شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ھەقىقەتەن كىچىكلىگەن. زاۋۇت،كارخانا، سودا دۇكىنى ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرىنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. قىلىدىغانغا ئىش بولغان، ئىشتىن چۈشكەندە كۆڭۈل ئاچىدىغانغا جاي بولغان، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى، كىيىنىشى، ياسىنىشى شەھەردىكىلەر بىلەن ئوخشاش بولغان، يېزىلاردا ئەزالارنىڭ تۇرار جاي شارائىتىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلانغان. مەسىلەن: بېيجىڭ شەھىرى شۇنيى ناھىيىسى بەيگېجۇاڭ چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئۈچۈن سېلىنغان تۇرار جاي كۆلىمى 242 كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلىگەن. يېزىدىن 3 مىڭ يۈەن، ئەزا ئۆزى 6 مىڭ يۈەن پۇل چىقارغان. شەندۇڭ ئۆلكىسى مۇپىڭ ناھىيىسى شىڭگۇەن چوڭ ئەترىتىدە ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن تەقسىمات كىرىمى يىلدىن-يىلغا ئاشقان. 1977- يىلىدىن ئىلگىرى 100 يۈەندىن، 1977- يىلى 170 يۈەندىن، 1980-يىلى 500 يۈەندىن، 1981-يىلى مىڭ يۈەندىن، 1983 - يىلى 2 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلگەن. بىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرار جاي كۆلىمى 80 - 90 كۋادرات

راتېچىمەردىن بولغان. 200 دىن ئارتۇق ئائىلىگە تېلېفون بېكىتىلگەن، $\frac{2}{3}$ قىسمى ئائىلە تېلېۋىزور، تونغلاتقۇ، كىر ئالغۇ، رادىيولۇق ئۈن ئالغۇ سېتىۋالغان. كىم يۇقۇرى باھالىق بويۇملاردىن سېتىۋالسا، ئەترەتتىن 20% دىن 30% كىچە ياردەم بەرگەن. ئەترەت بويىچە 30 دىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك ئاپتوموبىل بار ئىكەن. بۇ ئەترەتنىڭ 1983-يىللىق دېخاندى-چىلىق كىرىمى ئومۇمى كىرىمىنىڭ 20% ىنى ئىگىلىگەن، 1984-يىلى 1% نى ئىگىلىگەن. 1984-يىللىق ئومۇمى كىرىمى 1983- يىلىنىڭكىدىن بىر قاتلانغان بولۇپ، 3 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن 7 مىليون يۈەنگە يەتكەن. ئۇ كىرىملەرنىڭ ھەممىسى ئەترەت باشقۇرغان 12 كارخانىدىن كەلگەن. ئەترەت باشقۇرغان كارخانىدا 1700 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1200 ئىشچى - خىزمەتچىنى باشقا جايدىن قوبۇل قىلغان. 60 كىشىلىك بىر دېخانچىلىق مەيدانى 1984-يىلى 120 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرغان، ئەترەت باشقۇرۇشىدىكى تۈرلۈك ماللار بىناسى ھەر يىلى 400 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرغان. ئۆتكەن يىل بۇ ئەترەتنىڭ جامائەت جۇغلانمىسى 15 مىليون يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭدىن، سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش، كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتىش، يېڭى تىپتىكى يېزا بازارلىرىنى قۇرۇشتا كېتىدىغان مەبلەغنىڭ ھەممىسىنىڭ يېزا بازار-كارخانىسىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش ئارقىلىق، تونۇشىمىز ئۆستى، ئىدىيە جەھەتتىكى نۇرغۇن چىگىش مەسىلە ھەل قىلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەر خىزمىتى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە بىرىر بۆسۈش بولىدۇ.

3 . يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز جايىمىزنىڭ شارائىتىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئىش كۆرگەن ھالدا كونكرېت ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، ئامىمنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلدىغان قىلىش لازىم.

ئۇلار كۆپ خىل چارىلارنى قوللىنىپ مەبلەغ توپلىغان. يۇمۇلاتسا يوغىنايدىغان قار پومزىكىدەك، مەبلەغنى بارغانسېرى ئاۋۇتۇپ بارغان. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى ناھىيىسى چيەنجۇ يېزىسىدىكى بوياقچىلىق ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى (كەنت باشقۇرغان) ئەسلىدە 1969 - يىلى 8 نەپەر ئەزا 200 يۈەن پۇل چىقىرىپ قۇرغان دېخانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى ئىكەن. كېيىن قار پومزىكىنى يۇمىلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆز - ئۆزىنى قورااللاندۇرغان. 1983-يىلىغا كەلگەندە، بۇ زاۋۇت خېلى كۆلەملىك ئىگە بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون يۈەنگە، مۇقىم مۈلۈك 4 مىليون يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى 27 ئۆلكە، شەھەردىكى 3 مىڭدىن ئارتۇق ئورۇنغا سېتىلغان، بەزى جايلار ئىشچى زاۋۇتتا مەبلەغ ئېلىپ كىرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئىشتىياندىن ئۆتۈپ قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلار مەبلەغنى پاي سۈپىتىدە زاۋۇتقا ئېلىپ كىرگەن. ئۇلار بۇ خىل چارىنى "ئىشچىلار مەبلەغ ئېلىپ زاۋۇتقا كىرىش، ئۆسۈمگە كېپىللىك قىلىپ نىسبەت بويىچە تەقسىملەش" تىن ئىبارەت مەبلەغ توپلاش چارىسى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، سانائەت، دېخانچىلىق ئورۇنلىرى بىرلىشىپ مەبلەغ توپلاش چارىسىنى قوللاند-

غان. بېيجىڭ تۆگشيەن ناھىيىسىدىكى يۇلىيەن كۆبىنەك زاۋۇدى 1981-يىلى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ (سانائەت ئورۇنلىرى 500 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق ئورۇنلىرى 600 مىڭ يۈەن چىقارغان)، شۇ يىلى زاۋۇت قۇرۇپ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگەن. بۇ زاۋۇتتا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ 90%دىنى ئېكسپورت قىلىدىكەن. مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون يۈەنگە، پايدىسى بىر مىليون يۈەنگە يەتكەن.

مەيلى قايسى خىل مەبلەغ توپلاش ئۇسۇلىنى قوللانسۇن، ئىش ھەققى، مۇكاپاتلاش، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش، باج تاپشۇرۇش، دەسمايىسىنى قايتۇرۇش، ئۆسۈمىنى بېرىش جەھەتلەردە ئېنىق بەلگىلىمە چىقارغان. قىسقىسى، بىز بارغان كارخانىلارنىڭ ھەممىسى مەبلەغنى ئۆزى تەييارلاش ياكى قەرز ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلغان، بىرمۇ كارخانىغا دۆلەتتىن مەبلەغ سالمىغان. بۇ جەھەتتە بىز چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدۇق ۋە ئىلھاملاندۇق.

تېخنىكا كۈچىنى ھەل قىلىش ھەققىدە. قېرىنداش ئۆلكە، رايونلاردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدا تېخنىكا كۈچى كەمچىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەر خىل ئۈنۈملۈك چارىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق تېز ھەل قىلغان. ئۇلارنىڭ قوللانغان چارىسى:

تەكلىپ قىلىش: تەكلىپ قىلىش دېگەنلىك يۇقىرى تەمىنات ئارقىلىق، مەسىلەن، يۇقىرى مائاش، ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئىككى ئارىلىق بولۇپ قېلىشىنى ھەل قىلىش، شەھەر نوپۇسىغا ئېلىش، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى يۇقىرى قىلىش ئارقىلىق تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىش دېگەنلىك. بېيجىڭ تۆگشيەن ناھىيىسى 708 نەپەر تېخنىكا خادىمىنى تەكلىپ قىلىپ كىرگۈزگەن. (بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر 324 نەپەر، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنژېنېر 6 نەپەر، باش تېخنىك 58 نەپەر، ياردەمچى ئىنژېنېر 320 نەپەر). ئۇنىڭدىن باشقا، 3149 نەپەر تېخنىك ۋە تېخنىك ئىشچى بولۇپ جەمئىي 4771 كىشىنى تەكلىپ قىلىپ كىرگۈزگەن. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ كۆپ قىسمى تەكلىپ قىلىنغان تېخنىكلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق بولغان. مۇپىڭ ناھىيىسى لاۋچياۋ كەنتى دېڭ چىڭ چوڭ ئەترىدى پىرىسلاش قېلىپلىرى زاۋۇدىنى ئىشقا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، 6-دەرىجىلىك باش تېخنىكتىن بىرنى تەكلىپ قىلىپ، ئالدى بىلەن 10 مىڭ يۈەن پۇل بەرگەندىن باشقا، ئايدا 1000 يۈەندىن مائاش بەرگەن. بۇ زاۋۇت ئىشقا كىرىشىپ بىرىنچى يىلدا 80 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالغان، 1984-يىلدىكى پايدا 200 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى نەنخەي ناھىيىسى ئىختىساسلىق خادىملارنى قېزىش جەھەتتە "3 نى ئېنىقلاش، 3 نى ھەركەتلەندۈرۈش" چارىسىنى قوللانغان. 3 نى ئېنىقلاش، 3 نى ھەركەتلەندۈرۈش دېگەنلىك ئۆز ناھىيىسىدىن باشقا جايلاردا زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتور، بۆلۈم باشلىقى، ئىنژېنېر، تېخنىك بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىختىساسلىق خادىملارنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنى ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئارقىلىق ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىشكە ھەركەتلەندۈرۈش، ئۇلارغا پەۋقۇلئاددە تەمىنات بېرىش، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنى ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئارقىلىق ئۆز يۇرتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە ھەركەتلەندۈرۈش، سىرتتا ئىشلەپ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچىلار ۋە ھەربىي سەپتىن بوشىغانلاردىن تېخنىكا

ئارتۇقچىلىقى بارلىقلىرىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنى يۇرتىغا قايتىپ يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۈچىنى تۆھپە قىلىشقا ھەركەتلەندۈرۈش دېمەكتۇر.

ئالاقە باغلاش: ئالاقە باغلاش ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئالاقە باغلاش دېمەكتۇر. يېزا-بازارلار ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەپ بېرىشنى ئالىي مەكتەپلەرگە ھاۋالە قىلغان؛ زاۋۇتلار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەڭ يېڭى پەن-تەتقىقات سىناقلىرىنى زىممىسىگە ئالغان. ئالىي مەكتەپلەر زاۋۇت ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى مەسىلىلەرنى قوبۇل قىلغان. بۇ چارىلار پەن-تەتقىقاتنى، سىناپ ئىشلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرگەن.

ئۆگىنىش: خادىملارنى باشقا جايلارغا بېرىپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەخسۇس ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغان. ئوقۇغۇچىلارنى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۇزاق مۇددەت ئوقۇشقا تاللاپ ئەۋەتكەن. شۇ يەر ئوقۇش تارىخىنى ئېتىراپ قىلغان.

تەربىيەلەش: ئۆزلىرى مەكتەپ ئېچىپ تايانچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن.

4. يېزا - بازار كارخانىلىرى «بىرنى ھۆددىگە بېرىش، 3 نى ئۆزگەرتىش» تىن ئىبارەت باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشى كېرەك.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئاساس قىلىش، پايدا كۆرسەتكۈچىنى يادرو قىلىش ئاساسىدا ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويغان. ھۆددىگە بېرىش مەزمۇنىدا ئالدى-كەينىگە قاراپ ئۇزاق مۇددەتلىك تەسەۋۋۇر ۋە قىسقا مۇددەتلىك كۆيخۇا پىلانى بولغان. بۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، شۇ يىللىق پىلانىنى ھۆددىگە بەرگەن. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھۆددىگەرلىكتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ۋە شەخسلەرگىچە ئەمەللەشتۈرگەن. ھۆددىگەرلىك توختام كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەنپەئەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن. «بىرنى ھۆددىگە بېرىش، 3 نى ئۆزگەرتىش» دېگەنلىك: زاۋۇت باشلىقى ۋە دىرېكتورلارغا ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، كادىرلارنى تەيىنلەش تۈزۈمىنى سايلاش، تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش، مۇقىم ئىشچىلىق تۈزۈمىنى توختام تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش، مۇقىم مائاش تۈزۈمىنى تۇراقسىز مائاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش دېمەكتۇر. «بىرنى ھۆددىگە بېرىش، 3 نى ئۆزگەرتىش» تە، ھۆددىگە بېرىش يادرو، ئۆزگەرتىش ئالدىنقى شەرت ۋە ئاساس. مەسئۇلىيەتلا تاپشۇرۇلۇپ، ھوقۇق بېرىلمىسە، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەللەشمەي قالىدۇ. جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋۇشى ناھىيىسى يەنچياۋ يېزىسى ئەمەلىيەت ئارقىلىق، «ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىرىنچى بولۇش، ھۆددىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئىسلاھ قىلىشنى سىڭدۈرۈش، ماھىرلارنى، ئىقتىدارلىقلارنى ئىشقا قويۇش كېرەك» دەپ ناھايىتى ياخشى يەكۈنچا قىلغان. كادىرلارنى تاللاپ تەكلىپ قىلغاندا، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايدىغان ماھىرلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا قويۇپ، كارخانىلارنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ «بىرنى ھۆددىگە بېرىش، 3 نى ئۆزگەرتىش» نى يولغا قويۇشتا قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىسىنى ئىككى تەرەپتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىرىنچى: ھەقىقىي تۈردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش روھى بولۇپ، ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى چۆرىدىگەن ھالدا، كادىرلار، ئەمگەك، تەق-

سىمات تۈزۈمى جەھەتتە يۈز بېرىش خاراكتېرلىك ئىسلاھات ئېلىپ بارغان. كادىرلار تۈزۈمى جەھەتتىكى ئىسلاھات ئاچقۇچ ۋە كاپالەت. ئىككىنچى: ماھىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ھەقىقەتەن ئىگە بولغان. رەھبەرلىك بىلەن ئامما مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرگەن، تەقسىماتتا، ئىككى داشقازاننى چېقىپ، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تۈگىتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

5. تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى تۈزۈپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىغا بولغان رەھبەرلىك ۋە مەدەتنى كۈچەيتىش كېرەك.

يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، كۈچلۈك رەھبەرلىك ۋە مەدەت غەمخورلۇق قىلىش - قىلالماسلىقتىكى ئاچقۇچ. ئىچكىرىدە ئىككى خىل شەكىل قوللىنىلغان: بىرىنچى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ چارىسى: ئۇلار ئىككىنچى ئىقتىسات كومىتېتى تەشكىل قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرغان، ئۇ، خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشتا پايدىلىق، بۇ تەشكىلات يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ پۈتۈن كەسپىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان. كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ۋە مەخسۇس شىركەتلەرنى تەسىس قىلغان. ئىككىنچى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى رايونلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى: ئۇلار يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى قۇرۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا مەخسۇس شىركەت تەسىس قىلغان، ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسى يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش بولغان. مەيلى قايسى خىلدىكى شەكىل بولسۇن، ئاچقۇچ، ھەقىقىي يوسۇندا يول ئېچىش روھىغا ئىگە ماھىرلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا قويۇپ، كەسپىي كادىرلاردىن تەركىب تاپقان خىزمەت بەنزىسىنى تەشكىللەشتە.

پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە بىر نەپەر ئاساسلىق رەھبىرىي كادىر پۈتۈن زېھنى بىلەن يېزا - بازار كارخانىسىنى تۇتۇشى، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، كونكرېت سىياسەت، پىلانلارنى تۈزۈپ، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، بەزى زور مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ ھەر تەرەپتىن كەلگەن توسالغۇلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى، ئىقتىسات كومىتېتى، مالىيە، باج، كادىر - ئەمگەك، قاتناش، ماددىي - ئەشيا، مال باھاسى، سودا، تاشقى سودا، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۈچۈن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ياردەم كۈچى كۆپىيىدۇ، توسالغۇ ئازىيىدۇ.

## I

ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكىچە ئىقتىسادىي-تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتۇق.

(1) تيەنجىن شەھىرىدىن خىروم ئىشلەش، گىلەمچىلىك، يۇڭ يىپ، يىپ بوياش، ئەتىرە سوپۇن ئىشلەش جەھەتلەردە ئەللىك يېڭى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، پۈتۈن ئىشلەش تېخنىكا ئۇسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش جەھەتتە پىكىرنامىگە كېلىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا، تېيەنجىن بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، 25% زىيان تارتىش ئاساسىدا، 4 مىليون 620 مىڭ مېتىر داكا سېتىپ بېرىشكە قوشۇلدۇق.

(2) شاڭخەيدە، شاڭخەي شەھەرلىك 2 ـ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى تەرەققىيات مەركىزى، شاڭخەي ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات مەركىزى بىلەن ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ھەققىدە پىكىرنامە ئىمزالىدۇق. ئىككى تەرەپ قەشقەردە مەكتەپ ئېچىشقا قوشۇلدى، بۇ، جۇڭگو تىلى- ئەدەبىياتى، ئىنگلىز تىلى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، بىناكارلىق، مېتاللىچىلىق، كارخانا باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەكتەپ مۇدىرىنى ۋە قىسمەن كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى شاڭخەيدىن ئەۋەتمەكچى، ئۇلار مەكتەپ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق.

(3) سۇجۇدا يىپەكچىلىك كەسپىي خادىملىرىنى، كەشتىچىلىك كەسپىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى دۇڭگۇاغ باغچىسىنى لايىھىلەش مەسىلىسى ھەققىدە ئالاقىلاشتۇق. سۇجۇ شەھەرلىك ئىقتىسادىي- تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسى ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى، كونكرېت ئىشلارنى خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىدىغان بولدۇق.

(4) نەنتوڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئىقتىسادىي- تېخنىكا ھەمكارلىق مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىرنامە ئىمزالىدۇق. ئاساسىي مەزمۇنى: نەنتوڭ شەھىرىدىكى رەھبەرلەرنى قەشقەرگە كېلىپ، ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، يەرلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ ياخشى خاراكتېرلىك دەۋر قىلىشى جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلدۇق. نەنتوڭ شەھەرلىك بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئادەملىرىنى قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنىڭ مەلۇم قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەكلىپ قىلدۇق. قەشقەر شەھىرى، يەكەن ناھىيىسى، كونىشەھەر ناھىيىسى بىلەن نەنتوڭ ناھىيىسى، خەيئەن ناھىيىسى مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، بېرىش-كېلىشنى كۈچەيتمەكچى بولدى.

(5) شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيفاڭ شەھىرىدە بىز ئاساسەن 4 چاقلىق كىچىك تىراكتور بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلەشتۇق. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان كىچىك 4 چاقلىق تىراكتورى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، پاكىستان، تايلاند قاتارلىق 15 دۆلەتتە سېتىلىدىكەن، سۈپىتى مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇلار بىزنىڭ كونا زاۋۇتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشتە تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە جەھەتتە ياردەم بېرىشنى ماقۇل كۆردى.

(6) گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ خەيجۇ ناھىيىسى بىلەن بىرلەشمە تەرەققىيات شىركىتى قۇرۇش، بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش، سودا ئورنى بىلەن تەمىن ئېتىش، ئىككى تەرەپ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردۇق. ئۇلار ئۇزۇن مۇددەت ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا قوشۇلدى.

(7) شېنجېندا. پاختا يىپ، داكا ئېكسپورت قىلىش، ئۇزۇن مۇددەت تەمىنلەش مۇناسىۋىتى ئورنىتىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇلدى. ئۇلار ئىمكان قەدەر تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قوشۇلدى.

يۇقىرىقى ئىقتىسادىي- تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى ئىشقا ئاشسا، ۋىلايىتىمىزنىڭ تېخنىكا، ئۈسكۈنە، ئىختىساسلىق كىشىلەر، تاۋار ئوبوروتى جەھەتلىرىدە ئىجابىي رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

# يولداش ياڭ جيەنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈشنى تەكشۈرۈش يىغىنىدا قىلغان سۆزى ( 2 - قىسمى )

( 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى )

2 . زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈشنى تەكشۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدا.

قانداق قىلغاندا زىيالىلار سىياسىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئەمەللەشتۈرۈپ، زىيالىلارنىڭ « 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىمىز مۇھاكىمە قىلىدىغان مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرسى. يولداشلار بۇ مەسىلىنى ناھايىتى قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى، نۇرغۇنلىغان ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنى ئاساسلىغى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 ) پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈش تەكشۈرۈش خىزمىتىدە نەتىجىلەر بار. يولداشلار بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: « 4 كىشىلىك گۇرۇھ » ئۆزۈل - كېسىل تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان،ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن،سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈش تەكشۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئىپادىلىرى: (1) بۇرۇنقى تارىخى سىياسىي ھەركەتلەر جەريانىدا زىيالىلار ئارىسىدا پەيدا قىلىنغان ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر ئۆزۈل - كېسىل ئاقلىنىپ تۈزۈتۈلدى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان زىيالىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇۋاپىق ئېتىۋار بېرىلدى، خىزمەت جەھەتتە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. (2) زىيالىلار ئارىسىدىن پارتىيىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە زىيالىلاردىن پارتىيىگە 924 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى. يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە 1979 - يىلىدىن بۇيان تەرەققىي قىلدۇرۇلغان يېڭى پارتىيە ئەزاسى 489 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە زىيالىلار 18.4% نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان پارتىيە ئەزالىرى 113 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە زىيالىلار 49 نەپەر، بۇ، 47.43% نى ئىگىلەيدۇ. يەكەن ناھىيىسىدە ئىنژېنېرغا تەڭ كېلىدىغان تېخنىكا خادىملىرى جەمئىي 97 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەرت ھازىرلاپ پارتىيىگە كىرگەنلەر 63 نەپەر، بۇ، 64.95% نى ئىگىلەيدۇ. ياردەمچى ئىنژېنېرغا تەڭ كېلىدىغان تېخنىكا خادىملىرى 131 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەرت ھازىرلاپ پارتىيىگە كىرگەنلەر 36 نەپەر، بۇ، ئوخشاش دەرىجىلىك تېخنىكا خادىملىرىنىڭ 27.48% نى ئىگىلەيدۇ. (3) بىر تۈركۈم زىيالىلار ھەر دەرىجىلىك ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە دادىللىق بىلەن ئۆستۈرۈلدى. بۇلتۇر قىش، بۇ يىل ئەتىيازغىچە،ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە ، شەھەردە ئورگانلار ئىسلاھاتى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلە-

رىنى تەكشۈرۈشتە جەمئىي ئۆستۈرۈلگەن ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 49 نەپەر ( مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلەردىن جىق ۋەزىپىگە ئۆستۈرۈلگەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان زىيالىيلار 34 نەپەر بولۇپ، 70% نى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان زىيالىيلار 10 نەپەر بولۇپ، 20% نى ئىگىلەيدۇ. تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر ئاران 5 نەپەر بولۇپ، 10% نى ئىگىلەيدۇ. كونەشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات ناھىيىلىرى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئورگان ئىسلاھاتىدا جەمئىي ئۆستۈرۈلگەن ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ئىدارە، بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر جەمئىي 262 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە زىيالىيلار 147 نەپەر بولۇپ، 56.1% نى ئىگىلەيدۇ. (4) زىيالىيلارنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانىنى ئەستايىدىل باھالاپ بېكىتىلدى. ھازىرغىچە پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدە دوتسېنت، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى، ئالىي دەرىجىلىك ئاگرونوم، مۇئاۋىن مۇدىر، ۋىراچ قاتارلىق ئۇنۋاننى بارلار 23 نەپەر، ئىنژېنېر 367 نەپەر، ئاگرونوم 259 نەپەر، باش مالدوختۇرى 765 نەپەر، ياردەمچى تەتقىقاتچى 2 نەپەر، باش ۋىراچ 188 نەپەر، لېكتور 174 نەپەر، باش بوغالتىر 58 نەپەر، باش ستاتىستىكىچى 5 نەپەر، تەھرىر - مۇخبىر 4 نەپەر، باش ئىقتىساتچى 19 نەپەر، كۇتۇپخانا خادىمى 2 نەپەر، تەرجىمان 21 نەپەر، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە زور بىر تۈركۈم تۆۋەن دەرىجىلىك تېخنىك خادىملار ئۇنۋانى بېكىتىلدى. (5) ھازىرقى ماددىي ئاساسقا ئاساسەن، بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىندى. يېقىنقى 5 يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىز بويىچە 508 نەپەر زىيالىينىڭ تۇرار جايى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەڭشەلدى. زىيالىيلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن قەشقەر 1 - خەلق دوختۇرخانىسى، دىخانچىلىق باشقارمىسى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا باش ۋىراچ، ئاگرونوم، ئىنژېنېرلار ياتاق بىناسى سېلىنىپ، 72 ئائىلىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۆي شارائىتى ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدە ئەر - خوتۇن ئىككى ئايرىلىق بولۇپ قالغان 138 نەپەر زىيالىينىڭ يۆتكىلىشى ھەل قىلىندى. ئوخشاش شەرت ئاستىدا ئالدىن ئېتىۋار بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان زىيالىيلارنىڭ پەرزەنتى جەمئىي 628 نەپەر. ئومۇمەن، بىز زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، نەتىجە بار، لېكىن ھازىرقى نەتىجىلەردىن قانائەتلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. غەيرەت قىلىپ، داۋاملىق ئىزدىنىپ، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى بوشاشتۇرماستىن تۇتۇشىمىز، نەتىجە يارىتىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە، بولۇپمۇ، زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى تەكشۈرۈشتە، رەھبەرلىك بەنزىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى، تەشكىلات، كادىرلار خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك. ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، زىيالىيلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا توسالغۇ بولىدىغان سىياسەت ۋە قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك.

2) زىيالىيلار سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، زىيالىيلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىگىنى گۈللەندۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز لازىم. يولداشلار مۇزاكىرە جەريانىدا بىردەك مۇنداق قارىدى: قەشقەر ۋىلايىتىمىزدە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە يەنە ئاز بولمىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: ئۆگەنگەن كەسپىگە قويماسلىق مەسىلىسى، پارتىيىگە كىردۈش قىيىن بولۇش مەسىلىسى، بىلىمىنى يېڭىلاش مەسىلىسى، خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى ناچار بولۇش، ئائىلە تەۋەسى، پەرزەنتلىرىنى نوپۇسقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىقلار بەزى ئورۇن ۋە تارماقلاردا مۇۋاپىق ھالدا، ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىغان. بۇ خىل ئەھۋال قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا بەكمۇ پايدىسىز. كۆپ يىللاردىن بۇيان مەركەز زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قايتا - قايتا تەكىتلەۋاتسا، نېمە ئۈچۈن بەزى ئورۇنلار ۋە تارماقلار تاكى ھازىرغىچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ؟ ساقلانغان مەسىلىلەر ئۇزاققىچە ھەل بولمايدۇ؟ بىزنىڭچە بەزى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەردىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك نەزەر دائىرىسى كەمچىل بولدى. زىيالىيلارنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم رولى، زىيالىيلارنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش، كەسپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم مەسىلىنى ئىدىيە جەھەتتە ھەقىقىي تۇردە چۈشىنىشى ۋە تونۇشى كەمچىل بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەركەت جەھەتتە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئانچە ئاكتىپ، ئەستايىدىل بولالمىدى، بەلكى كۆرۈنۈشكە ئىشلەپ قويۇپ بولدى قىلدى، ھەتتا ئايرىم رەھبىرىي يولداشلار زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەكشۈرۈشنى تەكىتلەشكە بىر ئاز زىت كەيپىياتتا بولدى. زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇزاكىرە قىلغاندا، بەزى يولداشلار زىيالىيلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرمەي، زىيالىيلارنىڭ كەمچىلىكىنى ۋە يېتەرسىزلىكىنىلا سۆزلىگەن. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق، بىزنىڭ بىلىمگە ۋە زىيالىيلارغا بولغان تونۇشىمىزدا ئىدىيە جەھەتتە يېڭىدىن چۈشىنىش ۋە يېڭىدىن سەكرەش بولۇشى لازىم. بىز شۇنى تولۇق تونۇشىمىز لازىمكى، قەشقەردىن ئىبارەت مۇنداق ئىقتىسادىي ئارقىدا قالغان جايدا، پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىستىراتېگىيە جەھەتتىن، ئومۇملۇق جەھەتتىن زىيالىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلمىغاندا، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى قىيىن. شۇڭلاشقا، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە، قەشقەرنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق مەسىلە. زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ قانداق ئىشلەنگەنلىكىنى، سىياسىي جەھەتتە مەركەز بىلەن بىردەك بولغان-بولمىغانلىقىنى بىر ئورۇندىكى رەھبەرلىكنىڭ خىزمىتىنىڭ ياخشى-يامان بولغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىش لازىم. ئەگەر بىز مەسىلىنى مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇساق، مۇشۇنداق تونۇمىساق، ئىدىيە جەھەتتە يۈكسەك دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىيالمايمىز، ھەركەت جەھەتتە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنالمايمىز، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرەلمەيمىز، زىيالىيلارنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تولۇق

جارى قىلدۇرالمايمىز. قىسقىسى، بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلىرىمىز ۋە تارماقلار، ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي يولداشلىرىمىز تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ موھىم تەركىبىي قىسمى، يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنى كۈتۈۋېلىش ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ تۆتلەشىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتىكى چوڭ ئىش دەپ قاراپ، ئۇنى پارتكوملارنىڭ كۈندىلىك موھىم ئىش تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، قەرەللىك مۇزاكىرە قىلىشى، ئەھۋالنى ئانالىز قىلىشى، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، چارىلارنى ئويلاپ چىقىشى كېرەك. رەھبىرىي ئەزالار ئېنىق ئىش تەقسىماتى قىلىپ، بۇ خىزمەتنى ياخشى تۇتۇشقا مەخسۇس مەسئۇل بولۇشى، ئاخىرىغىچە مەسئۇل بولۇشى، تۇتۇپ نەتىجە يارىتىشى كېرەك.

3) زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك. يولداشلار مۇزاكىرە جەريانىدا يەنە مۇنداق قارىدى: نۆۋەتتە زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ساقلانغان بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ كونكرېت مەسىلىلەر مۇنۇلار:

(1) ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، توسالغۇنى تۈگىتىش لازىم. نۆۋەتتە زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىدە، پارتىيىمىز ئىچىدە ۋە جەمئىيەتتە ئىككى خىل خاتا ئىدىيىنىڭ كاشىلىسى ساقلانماقتا: بىر خىلى، مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىدىيىسى بولۇپ، زىيالىلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، باشقا ئادەملەرنىڭ مەسىلىسىنىمۇ بىر تۇتاش ھەل قىلىش كېرەك، ئۇنداق بولمىسا ئادىللىق بولمايدۇ، نامۇۋاپىق بولىدۇ، سۈنئىي ھالدا زىددىيەت پەيدا قىلىنغانلىق بولىدۇ دەپ قاراش؛ يەنە بىر خىلى، «سول» خاتا ئىدىيە بولۇپ، زىيالىلاردىن توققۇزى تەل بولۇشنى تەلەپ قىلىش، زىيالىلارنى بۇ ئىللىتى بار، ئۇ كەمچىلىكى بار دېيىشتىن ئىبارەت. ئۇلار زىيالىلارغا قارىتىلغان «سىياسىي جەھەتتە تولۇق ئىشىنىش، خىزمەت جەھەتتە يۈرەكلىك ئىشقا قويۇش، تۇرمۇش جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈش، ئېتىبار بېرىش» دېگەن سۆزنى تېخىچە چۈشىنەلمىگەن. بىز بۇ ئىككى خىل خاتا ئىدىيىنى ھەل قىلمىسا، زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى مۇقەررەر ھالدا كاشىلىغا ئۇچرايدۇ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ، دەپ قارايمىز. شۇڭلاشقا، بىز سەۋرچان ھالدا سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى ئارقىلىق، زىيالىلارنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى موھىم ئورنى ۋە رولىنى قايتا ئىزاھلاپ، پۈتۈن پارتىيىمىزنى ۋە پۈتكۈل جەمئىيىتىمىزنى زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا تونۇش ۋە پوزىتسىيىدە بولۇش، كۆپچىلىكنى بىلىمگە ۋە زىيالىلارغا ئەھمىيەت بېرىش، زىيالىلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئورتاق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

(2) «سول» ئىدىيىۋى تەسىرلەرنى تۈگىتىپ، زىيالىلارنىڭ پارتىيىگە كىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى پائال ھەل قىلىش لازىم. ھازىر، پارتىيە ئەزالىقى شەرتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلىغان بەزى زىيالىلارنىڭ پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسى ھەل بولمايۋاتىدۇ، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب يەنىلا «سول» ئىدىيىۋى تەسىردىن ئىبارەت بولۇپ، بەزى زىيالىلارنىڭ گەرچە ئىقتىدارى بار، خىزمەت ئىپادىسى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن «سىياسىي ئېڭى-

تۆۋەن»، بەزىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ياخشى ئەمەس، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتى مۇرەككەپ ۋا-
ھاكازالار، دەپ قارىغان، شۇڭا ئۇلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلمىغان. بۇنداق «سول» ئىدىيىۋى
تەسىرلەرنى تۈگىتىش كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، زىيالىيلارنىڭ پارتىيىگە كىرىشى قىيىن بو-
لۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قىيىنغا چۈشىدۇ. بىز چوقۇم زىيالىيلارغا توغرا قارىشىمىز كې-
رەك، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ۋە ئاساسلىق تەرىپىنى كۆرۈشىمىز لازىم.
توققۇزى تەل بولۇشىنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ، ئىدىيىۋى ئاڭ بىلەن ئىنقىلاۋىي ئىش-
ۋازلىقنى، قىزىللىشىش بىلەن ئىختىساسلىشىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش
ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن تىرىشىپ تۆھپە قوشۇشنىڭ ئۆزى ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ يۇقىرى بولغانلى-
قىنىڭ ئىپادىسى؛ بىز ئائىلە كېلىپ چىقىشىدا ئۆزگىچە قاراش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدە تە-
سىرگە قاراش، تارىخىي مەسىلىدە رېئال ئىپادىسىگە ئېتىۋار بىلەن قاراش پرىنسىپىدا
چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىدىغانلا بولساق، زى-
يالىيلارغا توغرا قارىيالايمىز، ئۇلار پارتىيە ئەزاسىلىق شەرتىنى ھازىرلىغاندا، ئۇلارنى پار-
تىيىگە ۋاقتىدا قوبۇل قىلالايمىز.

(3) زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى يەنىمۇ تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تەك-
شۈرۈش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشتى-
نى، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى تەكىتلەش لازىم. ئىلگىرى ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرى-
جىلىك ئورگان خىزمەت گورۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى-
نى بىر تۇتاش تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، گەرچە مەلۇم ئۇتۇققا ئېرىشكەن بولساقمۇ،
لېكىن، بەزى مەسىلىلەر تېخى ئەمەلىيلەشمىدى، بولۇپمۇ بەزى جايلار ۋە ئورۇنلار زىيالىيلار
سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى گويا يۇقىرىنىڭ ئىشى، ئۆز سېستىمىمىز، ئۆز ئورنىمىز بىلەن مۇ-
ناسىۋەتسىز دەپ قاراپ، ھەل قىلالايدىغان مەسىلىلەرنىمۇ كەينىگە سۈرۈپ بېجىرمىگەن. مۇشۇنداق
ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، بىز زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى
ئىلگىرىكى ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك ئورگان خىزمەت گورۇپپىسىنى بىر تۇتاش
تەشكىللەپ تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىشتىن ئۆز سېستىمىسى، ئۆز ئورنى تەكشۈرۈپ ئەمەلى-
لەشتۈرۈشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتتۇق. تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى ھەر قايسى
سېستىمىلار، ئورۇنلار چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كونكرېت تەھلىل قىلىشى لازىم.
ئۆز ئورنى ھەل قىلالايدىغانلىكى مەسىلىلەرگە قارىتا، مەخسۇس ئادەمنى مەسئۇل بولۇشقا
بېكىتىپ، چەكلىك مۇددەتتە ھەل قىلىشى لازىم. ئومۇملۇق خاراكتېرىدىكى، سىياسەتچانلىققا
ئىگە مەسىلىلەرگە قارىتا مەخسۇس ئادەم ئېنىق تەكشۈرۈپ، تەدرىجىي يۇقىرىغا يوللاپ،
مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش لازىم؛ ھازىرقى باسقۇچتا ھەل قىلىشقا شارائىت يوق مەسىلى-
لەر ئۈستىدە، بىر تەرەپتىن، زىيالىيلارغا ئەھۋالنى ئېنىق ئىزاھلاپ، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىنى
قولغا كەلتۈرۈش لازىم، يەنە بىر تەرەپتىن، پائال تۈردە شارائىت يارىتىپ، ئىمكان قە-
دەر تېز ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن
تۈزىتىش، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىشنى كۆپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ۋىلا-
يەتلىك، ناھىيىلىك زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسى
ئىشخانىسى زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ۋاقتىلىق تەكشۈرۈشى، بولۇپ-
مۇ سېستىمىلار، ئورۇنلارنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا ئوتتۇرىغا

قويغان مەسىلىلەرنى ۋە شۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى كونكرېت چارىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشى، مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك.

(4) زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە مۇھىم نۇقتا بولۇشى لازىم، مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىقنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ. ۋىلايىتىمىزدە ھازىر تېخنىكا ئۇنۋانى بار يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا خادىملىرى جەمئىي 19828 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار 23 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىيلار 1194 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىك زىيالىيلار 18611 نەپەر. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ھازىرقى مالىيە كۈچى، ماددى كۈچ شارائىتىدا، زىيالىيلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، بىزدە پەرقلەندۈرۈش بولۇشى، مۇھىم نۇقتا بولۇشى لازىم، ھەممىگە تەلەپنى بىر خىل قويۇشقا، مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىقنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ. مۇھىم نۇقتا بولمىغاندا، تەڭ تەقسىماتچىلىق چارىسىنى قوللانغاندا، زىيالىيلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلمىسىمىز دېمىسە، ھېچ قانداق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بىز مۇنداق دەپ ھېساپلايمىز: ھازىرقى باسقۇچتا زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئىنژېنېر ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنژېنېرغا باراۋەر كېلىدىغان پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى ھەل قىلىش لازىم؛ ياردەمچى ئىنژېنېر ۋە تېخنىككە باراۋەر كېلىدىغان پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ مەسىلىسىنى شارائىت يارىتىپ، تەدرىجىي ھەل قىلىش لازىم، مۇنداق قىلغاندا، مالىيە كۈچىنى، ماددى كۈچىنى توپلاپ، زىيالىيلار ئارىسىدىكى تايانچ كۈچلەرنىڭ مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاكتىپچانلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجاتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

(5) سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، زىيالىيلارغا ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا قوللاش، خەلقنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى تولدۇرۇش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ھەركىم تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىش لازىم. ھازىر ۋىلايىتىمىزدىكى زىيالىيلار قوشۇنىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى يولداشلارنىڭ ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆز ئارا ئۆگىنىشى، ئۆز ئارا قوللىشى يېتەرسىز. ھەتتا ئايرىملار ئۆستۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىش، پارتىيىگە كىرىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۆز ئارا ئىچى تارلىق قىلغان، ئۆز ئارا قايىل بولۇشمىغان، ھەتتا كىچىك ھەرىكەتلەرنى ئىشلەپ بارغان. بۇ، زىيالىيلار سىياسىتىنى توغرا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى بىر خىل كاشىلا ۋە توسالغۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىدە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، زىيالىيلارغا ھەم ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ بىلىمىنى ھۆرمەتلەش، ھەم باشقىلارنى ۋە باشقىلارنىڭ بىلىمىنى ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا قوللاش، خەلقنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولدۇرۇش، ئورتاق ئۆسۈش، ئوخشاش بولمىغان جەڭگىۋار ئورۇنلاردا 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەك.

# يولداش ئىلمۇالدى توختىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەركىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا بەرگەن دوكلادى (قىسقارتىلمىسى)

سىياسى ـ قانۇن سېپىدە مۇشۇنداق كاتتا، داغدۇغىلىق خىزمەت نەمۇنىچىلىرى يىغىنىنى چاقىرىش قەشقەر ۋىلايىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش. بۇ يىغىن جىنايى ئىشلار جىنايى ھەركىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى زور غەلىبىگە ئېرىشكەن، جەمئىيەت ئامانلىق تەرتىپىدە رۇشەن ياخشىلىنىش بارلىققا كەلگەن، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت يەنىمۇ مۇستەھكەملەنگەن ۋە راۋاجلانغان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدا چاقىرىلدى. يىغىننىڭ مەقسىتى ئىلغارلارنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەش ئارقىلىق، كەڭ كادىر ـ ساقچىلارنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، كۈرەش ئىرادىسىنى قوزغاپ، ئۇدا جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەركىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەش ۋە سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت.

تۆۋەندە، مەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، يىغىنغا دوكلات بېرىمەن.

1. جىنايى ئىشلار جىنايى ھەركىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىدە قولغا كەلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر

بىز جىنايى ئىشلار جىنايى ھەركىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى بۇلتۇر 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە ئومۇمييۈزلۈك قانات يايدۇرغان ئىدۇق. بىر يىل ئىككى ئاي جىددىي جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ناھايىتى زور نەتىجىنى قولغا كەلتۈردۇق، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق.

1) ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈچلۈك بولماسلىق خاھىشى تۈزىتىلدى. قولغا ئېلىنغان، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگەن، مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇلغان، شىكايەت قىلىنغان، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ سانى ۋىلايىتىمىزدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئون مىڭدىن 8.7 سىنى ئىگىلەيدۇ. قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى يەنچىۋېلىنغان، قولغا ئېلىنغان كىشىلەر سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. جىنايىتى ئېغىر، خەلقنىڭ غەزىپى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر ئۆلتۈرۈلۈپ، ھەركەتنىڭ قانۇن بويىچە قاتتىق، تېز بولۇش فاڭجېنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

2) تىنچ بولماسلىقنىڭ بىر تۈركۈم ئامىللىرى تۈگىتىلدى. مىڭدىن ئارتۇق ئەنزە پاش قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈركۈمى چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزە ۋە بىر تۈركۈمى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان رازۋېدكا قىلىنىپ پاش بولماي يېتىپ قالغان ئەنزىلەر ئىدى؛ جىنايەتچىلەر گۇرۇھىدىن بىر نەچچە ئونى تارمار قىلىندى، زور بىر تۈركۈم گۇرۇھ ئەزا ـ

ـمۇرلىرى يىغىۋېلىندى، قولغا چۈشۈرۈلگەن قورال 8 تال، ئوق 4104 پاي، گىرانات 23 دانە، پارتلاتقۇچ دورا 265 كىلوگىرام، كاپسۇل 294 تال، پىلىك 74 مېتىر، قاتىللىق سايمىنى 14 دانە، يەنە يىغىۋېلىنغان نەشە 53 كىلوگىرام، قايتۇرۇۋېلىنغان ئۇلاغ 190 تۇياق، زالۇ مال، زالۇ پۇل جەمئىي 240 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق.

3) جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆسۈپ كېتىش خورىكى ئېلىۋېتىلدى، جەمئىيەت ئامانلىق تەرتىپى روشەن ياخشىلاندى. «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالنى سېلىشتۇرغاندا، ۋىلايەت بويىچە جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنىڭ يۈز بېرىش سانى 33.2% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزە 18% تۆۋەنلىدى، 1983- يىلى يۈز بەرگەن ئەنزە سانى تارىختا ئەنزە ئازراق يۈز بەرگەن 1963- يىلدىكى سەۋىيىگە يېقىنلاشتى، تارىختا ئەنزە ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن 1974- يىلدىكىدىن تەڭدىن كۆپ تۆۋەنلىدى. ئامانلىق ئەنزىلىرىمۇ روشەن ئازايدى، 1- ئايدىن 9- ئايغىچە، ئامانلىق ئەنزىسى 1983- يىلدىكى شۇ مەزگىلدىكىدىن 28% ئازايدى. بولۇپمۇ، جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، لۈكچەكلىك قىلىش، ئاياللارنى ھاقارەتلەش، شەھۋانىي كىتاب، سۈرەتلەر ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى تارقىتىش ۋە كۆچۈرۈش قاتارلىق ئەنزىلەر بىر قەدەر زور ھەجىمدە تۆۋەنلىدى. بۇنداق رەزىل ھادىسە ۋە جىنايى قىلمىشلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىلگەنلىكى مەنىۋى بۇلغىنىشنى تۈگىتىش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى پاكلاشتۇرۇشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

4) جىنايەتچىلەرگە تەھدىت سېلىندى. ئامىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش ئاكتىپچانلىقى كۈچەيدى. ۋىلايەت بويىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 580 جىنايەتچى سىياسىي قانۇن، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىغا ئەنزىسىنى تاپشۇرۇپ باش ئەگدى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن 460 نەپەردىن ئارتۇق كىشى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىدارە ياكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغا مەسىلە تاپشۇردى. ئاممە ئۆزلۈكىدىن ئاپىرىپ بەرگەن جىنايەتچىلەر 36 نەپەر، پاش قىلىنغان جىنايەت يىپ ئۇچى 1200 پارچىدىن ئارتۇق، پاش قىلىنغان جىنايەتچىلەر 1400 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) بولۇپ، جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشتا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئىش ئىزلار مەيدانغا كەلدى.

5) ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى باشقا تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئالغا سىلجىتىلدى. ئازغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئەسىلىدىكى كىشىۋېرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، نەسىھەت ۋە ياردەمنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان بولدى. ئورگانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئامانلىقنى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيدى، ئىنتىزامغا، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغانلار كۆپەيدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىنتىزامنى بۇزىدىغانلار ئازايدى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغانلار كۆپەيدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلار ئازايدى؛ ماجىرا تۇغۇلغاندا كېلىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلار كۆپەيدى، لاغايلاپ يۈرىدىغانلار ئازايدى؛ كۆپ ساندىكى ئورۇنلار بىخەتەرلىكنى قوغداش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى.

6) پۈتۈن پارتىيە جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈگەتكەن چاغلىق ۋەزىيەت شەكىللەندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار "پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىش، باشلىق مەسئۇل بولۇش، ئۆزى قول تەۋرىتىش" تىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش ھەرىكەتلىنىپ، تۈجۈپىلەپ تەشكىللەپ، تۈجۈپىلەپ يېتەكچىلىك قىلىپ، كۈرەشنىڭ ئۈنۈملۈك ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. ھەر قايسى تارماقلار ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، راسخوت يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ۋە سولاپ قويۇش ئورنى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يەكدىللىك بىلەن ياردەملىشىشىگە تايانغانلىقىمىز ئۈچۈن، كۈرىشىمىز مۇشۇنداق زور غەلىبىگە ئېرىشەلىدى.

7) پارتىيە ئىستىلى، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھازىر، بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك ۋىلايىتىمىزدە، "ئىككى ئايرىلالماسلىق" ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش شەرەپلىك" ئىكەنلىكى جەمئىيەتنىڭ ياخشى خىسلىتى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، قەشقەر شەھەر رايونىدىلا تۈزۈلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى 7271 نۇسخە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوستلۇق ئورناتقان كوللېكتىپ 298 جۈپ، شەخس 5689 جۈپ بولدى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىشتىن ئىبارەت بۇ كۈرەش جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىغا پايدىلىق، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىڭ ئالغا سىلجىشىغا پايدىلىق، سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق بولۇپ، "3 نىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشى" نى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت خاتىرجەم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى بارغانسېرى روشەن ھالدا نامايەن قىلدى.

2. سىياسىي قانۇن قوشۇنىمىز — پارتىيە ۋە خەلق ئىشىنىدىغان، جەڭگىۋارلىققا ئىگە قوشۇن.

«قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنىڭ تۈشمۇ - تۈش غەلىبىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ قۇدرەتلىك رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ۋە كەڭ سىياسىي-قانۇن كادىر - ساقچىلىرىنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن. بۇ كۈرەش جەريانىدا، كەڭ كادىر - ساقچىلار بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، قوماندانلىققا ئىتائەت قىلىپ، چاقىرغان ھامان يېتىپ كېلىپ، كەسكىن جەڭ قىلالايدىغان، جەڭ قىلسىلا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئىنقىلابىي ئاكتىپچانلىقنى ئىپادىلىدى، جەبدەس - باتۇر بولۇپ، قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھ بىلەن، تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەسىرلىك ئىش - ئىزلارنى ياراتتى، ھۆرمەتلەشكە،

ئىززەتلەشكە ئەرزىيدىغان ئالاھىدە كۆپ قەھرىمان ـ ئەمگەكچىلەر مەيدانغا كەلدى. ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكى 5 جەھەتتىن ئىبارەت:

1) ئومۇمنى دەپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ، پاتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلدى. كەڭ كادىر ـ ساقچىلار قانۇن بويىچە "قاتتىق بولۇش، تېز بولۇش" فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئىندىيە، ھەركىتىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلاش مەسىلىسى سۆيىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، پارتىيە قەيەرگە بۇيرۇسا، شۇ يەرگە بېرىپ كۆرەش قىلدى، تەشكىلدىن تەقسىم قىلىپ بەرگەن ۋەزىپىلەرنى بارلىق ئامال بىلەن ئورۇنلىدى. بۇ يىل 2- ئايدا، بىر قاتىللىق ئەنزىسىنى پاش قىلىش ئۈچۈن، يەكەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش ئابلا ھامۇت 4 نەپەر رازۋېتچىكنى باشلاپ، چېلىقتۇرغان يىپ ئۇچىنى قويۇپ بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، ئۇدا 3 كۈن جاسارەتلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، 27 چوڭ ئەترەتنى زىيارەت قىلىپ، 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپ، ئاخىرى قاتىلنى قولغا چۈشۈردى. بۇلتۇر 10- ئايدا، قاغىلىقتا 82 تۇياق قوي ئوغۇرلىنىشتەك چوڭ ئەنزە يۈز بەرگەندە، جىنايى ئىشلار ساقچىسى يولداش ھېزىم ياقۇپ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم بىلىپ، بارلىق ئامالار بىلەن يىپ ئۇچىنى تەكشۈرۈپ، قوسقىنىڭ ئاچقانلىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، 110 كىلومېتىردىن ئارتۇق يەرگىچە ئىزىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، 3 كۈن ئىچىدە جىنايەتچىنى تۇتۇۋېلىپ، قويلارنى قايتۇرۇپ كەلدى. مەيلى جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرى بولسۇن، ياكى ئەدلىيە كادىرلىرى بولسۇن، كۆپچىلىكنىڭ ئويلايدىغىنى بىر يەردىن چىقىپ، كۈچىنى بىر يەرگە ئىشلىتىپ، كېچە ـ كۈندۈز ھاردىم ـ تالدىم دېمەي جەڭ قىلدى. تەكشۈرۈش، تەكتىنى ئىگەللەش، رازۋېتكا قىلىش، ئىزكاۋ قىلىش، شىكايەت قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىق ھەر قايسى باسقۇچتا، ھەممەيلەن ئاكتىپ ھالدا قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشنى ھەركىتىنىڭ مىزانى قىلدى، ئەقەللىي تۈزۈملەرنىمۇ قاتتىق ئىجرا قىلدى: كەڭ كادىر ـ ساقچىلار ئۆزىگە مۇشۇنداق يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن تەلەپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قوشۇننىڭ ئىدىيىدە تاۋلىنىش، خىزمەت ئىستىلى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئارقىمۇ ـ ئارقا غەلىبىگە ئېرىشتى.

2) جاسارەتلىك، قەيسەر، پىداكار بولدى. بۇ يىل 6- ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ كادىر ـ ساقچىلىرى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش تەۋەسىدە قاچقان قاتىل ساۋ خۇڭگۇاڭ ۋە جىنايەتچى تاڭ كىجۈەننى تۇسۇپ قولغا چۈشۈرمەكچى بولىۋاتقاندا، ئىككى جىنايەتچىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە قېچىپ بېرىپ تەرسالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، جەڭگە قاتنىشىپ ياردەم بېرىشنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەلەپ قىلىشتى. جەڭگە قاتناشقان 2 ـ ئوت لىنىيىدىكى بارلىق جەڭچىلەر ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا جەڭگە كىرىشىپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن قورقماي، جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭنىڭ يوشۇرۇنىۋالغان جايىنى ئېنىقلىدى. كادىر ـ ساقچىلاردىن شېن شىنتاڭ، جاۋ داجۈڭ، لى فەن، ليۇ شياۋجۈن قاتارلىق 8 كىشى ئۆز ھاياتىنى قىلچە ئويلىماستىن، ئۆڭكۈرگە چىقىپ، جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭغا كەپ قىلىپ، سىياسىي ھۇجۇمنى تاكى جەڭ باشلانغىچە ئېلىپ باردى. قوماندانلىق ئىشتاۋى جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭنى قورشاپ يوقى-

تىش بۇيرۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن، جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭ يوشۇرۇنىۋالغان مويلا ئىچىدە مۆكۈنۈپ تۇرغان 2- ئوت لىنىيە جەڭچىلىرى ئالاقىزادىلىك بىلەن سىرتقا قاچقان جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭنى تەڭلا ئوق چىقىرىپ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بۇ جىنايەتچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتتى. 6- ئاينىڭ 19 - كۈنى، پەيلو دىخانچىلىق مەيدانىدىن قاچقان، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان 6 نەپەر جىنايەتچى مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات كوممۇناسىغا بارغاندا، ئامانلىق قوغداش نەمۇنىچىسى مۇمىن ھېسكىن ۋە كوممۇنىنىڭ ئەدلىيە ياردەمچىسى يولداش كېرىم ئابلا ھوشيارلىق بىلەن ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، باتۇرلۇق بىلەن قوغلاپ، قاچقۇنچى جىنايەتچىلەر بىلەن پىداكارانە ئېلىشتى. يولداش مۇمىن ھېسكىننىڭ قولىنى جىنايەتچى چىشلەپ يارا قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، قولىنى قويۇۋەتمەي، ئاخىرى كەڭ ئاممىنىڭ ياردىمى بىلەن، قاچقۇنچى جىنايەتچىلەرنىڭ بىرنىمۇ توردىن چۈشۈرۈپ قويماي ھەممىسىنى تۇتتى.

3) بېجانىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، خىزمەت بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلدى. پەيزىۋات ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۇرسۇن روزى 2 قېتىم شەرەپ بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن پىشقەدەم نەمۇنىچى ئىدى، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشى جەريانىدا، ئۇ كادىر - ساقچىلارنى يېتەكلەپ، ئەھۋال مۇرەككەپ بولغان پەيزىۋات باش مەيدان قاتارلىق 4 ئورۇندا تەكتىنى ئىنقىلاپ تەكشۈرۈپ، 19 نەپەر جىنايەتچىنى قېزىپ چىقتى؛ ئۇنىڭ يېتەكلىشى ۋە قوماندانلىقىدا، بۇلتۇر 9 - ئايدىن ھازىرغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قاتىللىق ئەنزىسىدىن ئىككىسى، باسقۇنچىلىق ئەنزىسىدىن ئۈچى پاش قىلىندى، جىنايەتچىدىن 13ى قولغا چۈشۈرۈلدى، ئۇ يېڭى خىزمەت كۆرسەتتى. پوسكام ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يولداش ئابدىكېرىم داۋۇت كېسەل تۇرۇپمۇ خىزمەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى، بىر يىل ئىچىدە سوت مەھكىمىسى بېجىرگەن 77 ئەنزىدىن ئۇ 21 پارچە ئەنزىنى بىۋاسىتە بېجىرىشكە قاتناشتى، ئۇ يەنە جازا ئۆلچەش مۇۋاپىق بولمىغان ۋە خاراكتېرىنى بېكىتىش توغرا بولمىغان ئەنزىدىن 8 نى تۈزۈتۈپ، بىر رەھبەرى كادىر ئويناشقا تېگىشلىك بولغان باشلامچىلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى ئوينىدى.

4) نوچىلارغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چىڭ بولدى. پوسكام ناھىيىسىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىك كادىرى يولداش قادىر تۇردى بىر پارچە باسقۇنچىلىق ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىدا، مەلۇم كوممۇنىدىكى رەھبەرى كادىر ئۇنى جىنايەتچىگە كەڭچىلىك قىلىشقا دەۋەت قىلغان ھەمدە مەنسەپ بېرىشنى ۋەدە قىلىش يولى بىلەن ئازدۇرماقچى بولغان. يولداش قادىر تۇردى تەھدىتتىن قورقماي، ھەققانىي سۆزلەر بىلەن رەت قىلىپ، بۇ جىنايەتچىنى قانۇن بويىچە قولغا ئالدۇرۇپ بىر تەرەپ قىلغان. قەشقەر شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كادىرى يولداش روزى ساۋۇت رەھبەرى كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە چېتىشلىق بولغان ئىككى قېتىملىق لۈكچەكلىك، باسقۇنچىلىق قىلىش ئەنزىسىگە قارىتا، ئايرىم يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىدە ئەندىشە بولۇپ، ئەنزىنى بېجىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ۋاقىتتا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەنزىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ھەر تەرەپتىن كەلگەن كاشىلا ۋە توسقۇنلۇقلارغا تاقابىل تۇرۇپ، بۇ ئىككى ئەنزىنى قانۇن بويىچە توغرا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى.

5) خەۋپ- خەتەرگە قارىماي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، خەلق ئۈچۈن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ بەردى. 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كەچتە، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئامما خەلق مەيدانىدا پانۇس بايرىمىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، مەيداندىكى رەئىس مۇنبىرىنىڭ تېمى ئۈشتۈمتۇت ئۆرۈلۈپ كېتىپ، بەزى ئامما تامنىڭ ئىچىدە قالدى. مۇشۇنداق ئىنتايىن خەتەرلىك پەيتتە، مەيداننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن 300 دىن ئارتۇق جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرى، قوراللىق ساقچىلار دەرھال ئۇ يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ، قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ، بەدىنى بىلەن ئادەم تېمى ھاسىل قىلىپ، قىستاپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى توسۇۋېلىپ، قىستى - قىستاڭ بولۇپ كەتكەن قالايمىقان ۋەزىيەتنى كونترول قىلغاچقا، قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. كەڭ كادىر-ساقچىلار ھايات - ماماتى بىلەن كارى بولماي، خەتەرنى ئۆزىگە قالدۇردى. يارىلانغان، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئاممىنى پىششىق خىش، سېمونت تاختاي ئاستىدىن تاتىلاپ يۈرۈپ قۇتقۇزۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن، بەزى جەڭچىلەرنىڭ ئىككى قولىدىن قان چىقىپ كەتتى. بەزى جەڭچىلەر يارىلانغان 10 نەچچە ئاممىنى يۈدۈپ چىقىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇشتەك يۈكسەك پەزىلەتنى ئىپادىلىدى.

ئۇرغۇلغان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى شۇنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدىكى، سىياسىي- قانۇن قوشۇنىمىز- پارتىيىگە سادىق، خەلققە سادىق قوشۇن. بۇ قېتىمقى يىغىندا تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر سىياسىي- قانۇن قوشۇنىمىزدىكى تايانچ ئاكتىپلار ۋە مۇنەۋۋەر ۋەكىللەر. ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى بارلىق كادىر، ساقچىلار ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كەڭ كادىر - ساقچىلارنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ پارتىيە، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى قوغداش ئۈچۈن، پۈتۈن نىيىتىنى خىزمەتكە بېغىشلىغان ئالىجاناپ پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ بارلىق زېھنىمىزنى ۋە ئەقىل- پاراسىتىمىزنى "4 لەشتۈرۈش" قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا تەقدىم قىلايلى؛ ئۇلارنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇش، قوماندانلىققا ئىتائەت قىلىش، جاسارەتلىك، قەيسەر بولۇش، ئىككىلەنمەسلىك - سۇنماسلىق، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئىنقىلاۋىي روھىنى ئۆگىنىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىپ، جاسارەت بىلەن كۈچۈنۈپ ئىشلەپ، خىزمەتنى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ھالدا ئىشلەيلى؛ ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ھەر ۋاقىت پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش، خەتەر ۋە قىيىنچىلىقنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ قويۇش، بىخەتەرلىك ۋە قولايلىقنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتەك كوممۇنىستىك خىسلىتىنى ئۆگىنىپ، ئاڭلىق ھالدا شەخسىي مەنپەئەتنى كوللېكتىپ مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇپ، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى شەخسكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئەلا بىلىپ، جان دىلىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قوغداشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە جۇشقۇنلۇق بىلەن كۈرەش قىلايلى.

ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتىش پائالىيىتى ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ سىياسىي-قانۇن قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كادىر - ساقچىلارنىڭ سىياسىي سۈپىتىنى ۋە كەسپىي سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇ قوشۇننى

ھەقىقىي تۈردە سىياسىي-ئىدىيىدە كۈچلۈك، كەسپىي مۇكەممەل بىلىدىغان، خەلق ياخشى كۆرىدىغان، دۈشمەنلەر قورقىدىغان، جەڭگىۋارلىققا ئىگە قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

3 . نەتىجىنى جارى قىلدۇرۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى (قىسقارتىلدى).

سىياسىي قانۇن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي-قانۇن، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ئۆزىنى ئاكتىپ ھالدا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇپ، كەڭ كادىر - ساقچىلارنى پارتىيىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنى ھۆججەتلىرىنى چوڭقۇر، ياخشى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بويسۇنۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى فاڭجېن- سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشى؛ ئاممىۋى لۇشيەن بىلەن كەسپىي خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، خەلقنى قوغداشتەك ئىبارەت فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، رەھبەرلىك بەنزىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، سىياسىي-قانۇن، جامائەت خەۋپسىزلىك قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى؛ ھەر بىر كادىر - ساقچىنىڭ ئىجات قىلىش ئىقتىدارىنى، مەسئۇل بولۇش روھىنى ۋە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا روھنى ئۇرغۇتۇپ، كۈرەش ئىرادىسىنى قوزغاپ، خىزمەت بۆرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىدا تۈپتىن ياخشىلىنىش بولۇشنى ئىمكان قەدەر تېز ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشى لازىم (جاڭ يى).

## يولداش ئىمىن توختىنىڭ ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان خۇلاسە سۆزى ( قىسقارتىلمىسى )

( 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى )

ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنى 3 كۈن ئېچىلدى، يىغىندا، بۇ يىلقى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا پارتىيە ئىستىلىنىڭ رۇشەن ياخشىلىنىشىنىڭ پايدىلىق شارائىتلىرى ۋە كونكرېت تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. نۇرغۇن يولداشلار ئۆز سۆزلىرىدە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پەرقلەرنى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقتى. ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت چارىلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆگىنىش، مۇزاكىرە ئارقىلىق، كۆپچىلىك نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى، تونۇشىنى يۇقىرى كۆتەردى، يۈنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، ئىشەنچىنى كۈچەيتتى. يىغىن دا-

ۋاقىتتا، يولداشلار ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ناھايىتى ياخشى تەنقىدىي پىكىرلەرنى بەردى، بىز مۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز داۋامىدا ئەستايىدىل ياخشىلايمىز.

1984 ـ يىلى پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى 5 يىل ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق بىر يىلى.

بۇ يىل پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1983 ـ يىللىق خىزمەت ئەھۋالىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ، تەجرىبىلەرنى كۆرۈۋېلىشقا، ئىشەنچىسى ئاشۇرۇشقا قولايلىق، شۇنداقلا، پەرقلەرنى تېپىپ، خىزمەتنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىتىشكە پايدىلىق.

1983 ـ يىلى، بىز ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنىڭ يەنىمۇ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىزمەتنى ئىشلىدۇق:

1 . مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ موھىم نۇقتىسىنى ئىلگىرىكى ئاساسلىقى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتىن پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىشكە يۆتكىدۇق.

2 . ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتا ئەستايىدىل ھەيدەكچىلىك قىلدۇق. بۇلتۇر 5 ـ ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە ( شەھەر ) ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇتلەق زور كۆپچىلىك ئورۇنلارنىڭ پارتكوملىرى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، تەنقىت ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىتنى قانات يايدۇرۇپ، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

3 . مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ " ئوچۇق خېتى " نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىپ، ئۆي سېلىش، ئۆي تەقسىم قىلىش داۋامىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەتتۇق. ھازىرغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 1660 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئۆي سېلىشتا ئىگەللىۋالغان دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلكى، ئەمگەك كۈچىنىڭ پۇلغا سۇندۇرۇلىشى 405964 يۈەن بولغانلىغى ئېنىقلاپ چىقىلىپ، كۆپىنچىسى بىر تەرەپ قىلىندى، 255.85 مو يەر، تۆلەپ قايتۇرۇلغان 366852 يۈەن پۇل يىغىۋېلىندى، 30 نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلدى.

4 . ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەركەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ھازىرغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 381 پارچە ئەنزە تۇرغۇزۇلدى، 318 پارچە ئەنزە ئاخىرلاشتۇرۇلدى، ئەنزە ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 83% گە يەتتى. تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئەنزىلەر ئىچىدە چوڭ، ئاساسلىق ئەنزىلەر 37 پارچە، ئاخىرلاشتۇرۇلغىنى 29 پارچە بولۇپ، ئەنزە ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 80% گە يېقىنلاشتى.

5. ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش خىزمىتىنى تۇتتۇق. 1983 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەر خىل قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق ئەنزىلىرىدىن جەمئىي 424 پارچە تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىندى، 137 نەپەر پارتىيە ئەزاسى جازالاندى، 1575 پارچە خەت تاپشۇرۇۋېلىندى، 250 ئادەم- قېتىم ئاممە قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 877 پارچىسى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىندى، 337 پارچىسى ئەۋەتىپ بېرىلدى. ۋىلايىتىمىزدە ساقلانغان كەۋدىلىك مەسىلىلەرگە ئاساسەن، تىپلارنى تاللاپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. يەنە، ئالاقىدار تارماقلارغا ياردەملىشىپ، ئورمانىنى قالايمىقان كېسىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىنى قالايمىقان ئۆستۈرۈۋېلىش مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلدۇق، پارتىيىمىز تەرتىپكە سېلىش سىناق خىزمىتىگە قاتناشتۇق.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزدە پارتىيە ئىستىلى ناھايىتى زور ياخشىلاندى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پىرىنسىپى ئىزچىللاشتى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلىدىغان ناتوغرا ئىستىللار خېلى بېسىقىشقا چۈشتى، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇش تۈزۈمى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي كۆز قارىشى ۋە ئىنتىزام كۆز قارىشى كۈچەيدى، پارتىيە ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ زىچلاشتى.

خىزمەت نەتىجىلىك، لېكىن، بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىمىزنىڭ ئۆزىدىن ئالساق، ئاساسلىقى، نوچىلارغا چېقىلىش روھى تېخى يېتەرلىك بولمىدى، بەزى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتى بولدى، ئىدىيە، ئىستىل ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى ناپاكلىق مەسىلىلىرى تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنمىدى، بەزى جايلار ۋە تارماقلاردا ناتوغرا ئىستىللار تېخى خېلى ئېغىر. بەزى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئىشچى، كادىر قوبۇل قىلىش، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش قاتارلىق جەھەتلەردە نەپسانىيەتچىلىك قىلدى، بەزى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بىيوروكراتلىقى ئېغىر بولۇپ، بىرلا كىشى سۆزلەشنى يولغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى گەپ قىلىپ، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، دۆلەتكە ۋە كوللېكتىپقا ئېغىر ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ بەردى؛ بەزى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر كىچىك كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، قولىدىكى كادىر ئىشلىرى، مالىيە، ماددىي ئەشيا قاتارلىق ھەر خىل ھوقۇقلاردىن پايدىلىنىپ، پارا بېرىپ، پارا ئېلىپ، ئاقتى - سوقتى قىلىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى؛ بەزى پارتىيىلىك كادىرلار ئىنتايىن ئېغىر خۇسۇسىي غەرەزدە بولۇپ، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىپ، يولداشلارنى رەنجىتىپ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزدى؛ بەزى پارتىيىلىك كادىرلار ھەر خىل نام ۋە باھانىلار بىلەن، ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىپ چوڭ يەپ، چوڭ ئىچتى، بەزىلىرى ھەدەپ مېھمان چاقىرىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى، سوۋغا قوبۇل قىلدى؛ يەنە بەزى پارتىيە ئەزالىرى ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلماي، دىنىي خۇراپاتلىققا ئېتىقاد قىلىپ، دىنىي خۇراپاتلىق ھەركەتلەرگە قاتناشتى ۋە مەدەت بەردى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بىز قاتتىق ھالدا مەركىزيي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان پارتىيە ئىستىلىنىڭ رۇشەن ياخشىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى 4 شەرت بويىچە، تۆۋەندىكى بىر نەچچە كونكرېت خىزمەتنى ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك:

1. «تەرتىپكە سالغاچ تۈزىتىش، تەرتىپكە سالماي تۇرۇپ ئاۋۋال تۈزىتىش» روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلەش، «3 خىل ئادەم» لەرنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىپ، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

2. ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلىشتەك ناتوغرا ئىستىللارنى قاتتىق تۈزىتىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان، ئىنتىزامنى بۇزىدىغان ھەر خىل قىلمىشلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش لازىم. چوقۇم ئاممىنىڭ ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان، زىيىنى ئەڭ زور بولغان ئېغىر ئەنزىلەرنى تۇتۇپ، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، داغدۇغىلىق ھالدا تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، مەركىزيي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ «ئوچۇق خېتى» نى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆي سېلىشتەك تەتۈر شامالLARنى تۈزىتىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇنى بۇ يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئون كۈنلەردە ئىشلەپ بولۇش لازىم، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 6 - ئاينىڭ ئىككىنچى ئون كۈنلىرىدە تاللاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالماقچى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، چوقۇم كەسكىن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش لازىم. يەر قايتۇرۇشقا تېگىشلىكلەر يەرنى چەكلىك مۇددەتتە قايتۇرۇشى، ئۆي قايتۇرۇشقا تېگىشلىكلەر ئۆينى چەكلىك مۇددەتتە قايتۇرۇشى، تۆلەپ قايتۇرۇشقا تېگىشلىكلەر چەكلىك مۇددەتتە تۆلەپ قايتۇرۇشى كېرەك، تىركىشىپ بېجىرمىگەنلەر، ئۆز كۈچىنى يورغىلىتىپ تۇرۇۋالغانلارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، پەرزەنتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئۆزگەرتىش، پەرزەنتلىرىنى ئالىي مەكتەپكە ئالدۇرۇش قاتارلىق نەپسانىيەتچىلىك قىلمىشلىرىغا ئاممىنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى كۈچلۈك. بىز بۇ يەردە ئاۋۋال بىشارەت بېرىپ قويايلى، مەركىزيي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆي سېلىش تەتۈر شامالللىرىنى تۈزەتكەندىن كېيىن، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىشنى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز «3 نى قوبۇل قىلىش، 3 كە ئۆزگەرتىش» تە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلمىشلىرىدا بولغان يولداشلارنىڭ دەرھال توختىتىشىنى، قانۇن بىلەن ئېپىتىشماسلىقىنى، بۇ جەھەتتە قايتا خاتالىق سادىر قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بەزى رەھبىرىي كادىرلار توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىمدا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېھمان چاقىرىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش بىلەن ھەدەپ شۇغۇللىنىپ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزدى، ئىستىلنى بۇزدى. پارتىيىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار بۇ تەتۈر شامالنى ئاكتىپ توسۇشى لازىم. ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىپ چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىش، مېھمان چاقىرىپ سوۋغا تەقدىم قىلىش، سەيلى - تاماشا قىلىش، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىش ۋە ھەر

خىل ناملار بىلەن مۇكاپات پۇلى ۋە ماددى بويۇملارنى كەلسە - كەلمەس تارقىتىش قاتارلىق ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلار ئۈستىدە تىپلارنى تۇتۇشتا دىققەت قىلىش لازىم، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، بىر تەرەپتىن يەنە سادىر قىلغان، تەربىيە بېرىلسىمۇ تۈزەتمىگەن، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئىنتىزام جازاسى بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەقىل كۆرسەتكۈچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك.

ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلىش قاتارلىق نا توغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتە، تىپىك ئەنزە مىساللاردىن پايدىلىنىپ پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا، بولۇپمۇ، ئىجابى تىپلارنى تاللاپ كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ھەققىدىكى "3 خىل ئاۋاز" نى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

3 . ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەركەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. بۇ - ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي ۋەزىپە. بۇ خىزمەتنى بەزى ئورۇنلار تا ھازىرغىچە قانات يايدۇرمىدى. بەزى ئورۇنلار دائىرىدە لەيلەپ تۇرغان مەسىلىلەرنىلا تۇتۇپ، چوڭقۇر قازمىدى، ئىزدەنمىدى، خىزمەتنى توختاپ قېلىش ياكى يېرىم توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرۇپ قالدى. مۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مۇكەممەل بولمىغانلىرىنىڭ ئۇنى يېڭىۋاشتىن ياخشى تەڭشىشىنى، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەركەتلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسىنىڭ كۈچى ئاجىز بولغانلىرىنىڭ كۈچىنى تولۇقلاشنى چىڭ تۇتۇشىنى، بۇ خىزمەتنى ئىشلەشكە لايىق كېلىدىغان كادىرلارنى بۇ خىزمەتنى ئۇزاققىچە ئىشلەشكە سەپلەشنى، بوشۇشۇپ قېلىش كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، چوڭ، ئاساسلىق ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تېزلىتىشنى، "ئاق قالغان جايلار" نىڭ تەلتۆكۈس يوق بولۇشىنى، ئىلگىرى ئەنزە تۇرغۇزۇلۇپ، ئاخىرلاشتۇرمىغانلىرىنىڭ بۇ يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىمىز.

4. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. نۆۋەتتىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش خىزمىتى داۋامىدا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنى ئىمكان قەدەر تېز تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ناھىيە، پولك دەرىجىلىك زاۋۇت، كان، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى چوقۇم بۇ يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى پۈتۈنلەي قۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ھەمدە تەلەپ بويىچە مۇئەييەن كادىر كۈچلىرىنى سەپلەشنى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ كادىر شتاتىنى ئىمكان قەدەر تېز بېكىتىپ چىقىشنى ۋە شتات بويىچە كادىر سەپلەشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. "3 خىل ئادەم" لەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىسە بولمايدۇ.

5 . ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش لازىم. پاش قىلىش، ئەرز-شەكايەت قىلىش خەتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۆپ تەكشۈرۈش، ئاز يوللاپ بېرىش لازىم. يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشنى ھاۋالە قىلغان، نەتىجىسىنى تەلەپ قىلغانلىرىنى ۋاقتىدا كۈچ ئويۇشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش ھەمدە يۇقىرىغا نەتىجىسىنى يوللاش لازىم. ئەرزىيەت خىزمىتىدە دەرىجىگە بۆلۈپ مەسئۇل بولۇش، ئىشلار بويىچە ئەنزە

بېجىرىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كىم بېجىرىشكە تېگىشلىك بولسا شۇ بېجىرىش لازىم، بىر - بىرىگە ئىتتىرىشكە، ئۇزاققىچە بېجىرمەي سۆرەشكە بولمايدۇ.

6. پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى دائىملىق تۈردە تەشكىلات، تەشۋىقات قاتارلىق تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش، پارتىيە دەرسى ئۆتۈش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ يېڭى نىزامنامىسى، «مىزان»، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نى ئاساسلىق دەرسلىك قىلىپ، تىپلار(ماقالىلار)نى، بولۇپمۇ ئىلغار تىپلارنى تەدبىق قىلىشقا دىققەت قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك كۆز قارىشىنى ۋە تەتۈر شاماللارنى توسۇش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم 1984 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىدىن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، پارتىيىنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ۋىلايىتىمىزدە ئومۇميۈزلۈك ھالدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش بۇ يىل قىش پەسلىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ. لېكىن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش ھازىردىن تارتىپ باشلىنىدۇ. مەركەزنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلگەن: بارلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ قارار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرىنى مەركەز بەلگىلىگەن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە، تەشكىلىي تۈزۈلۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك. ھۆججەتلەرنى ياخشى ئۆگىنىش — پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى ئاساسىي دەرس، زۆرۈر دەرس، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى مۇھىم باسقۇچ. ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگەنگەندىلا، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇشى، بۇ خىزمەتنى ياخشى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا ئالدى بىلەن مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھۆججەتلەرنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى قوراللاندۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىينى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارى» نى، دېڭشياۋپىڭ، چېن يۈن يولداشلارنىڭ پارتىيىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى، «پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق» نى، «11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەردىن قىسقىچە توپلام» نى، «يولداش ماۋزېدۇڭ پارتىيە ئىستىلى ۋە پارتىيە تەشكىلى توغرىسىدا» نى، «دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، شۇنىڭدەك باشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش ھەمدە مەركەزنىڭ پارتىينى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى لازىم.

ئۇقتۇرۇشتا يەنە ئۆگىنىشنى 4 باسقۇچقا بۆلۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى: شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ھەر بىر باسقۇچتىكى ئۆگىنىش مەزمۇنى، مۇھىم نۇقتىسى ۋە يېتىدىغان مەقسەت ھەققىدە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلدى: ئۆگىنىش ئارقىلىق، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىۋىلىكىنى كۈچەيتىش، تىرىشىپ لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش ھەمدە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. تۈزۈمنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەر ھەپتىدە يېرىم كۈندىن ئىككى قېتىم ئۆگىنىش قىلىشى لازىم (تەشكىلىي تۇرمۇش كۈنى ۋاقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدۇ). زاۋۇت، كان - كارخانىلار ۋە مەكتەپلەردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئۆگىنىشتە «ئۆگەنگەچ غولغولا قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش، «تەرتىپكە سالغاچ تۈزىتىش» روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئوقۇش قابىلىيىتى بارلىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئەستايىدىل ھالدا ئۆزى ئۆگىنىشى، كوللېكتىپ ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرىگە قاتنىشىشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىشچىلار ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئوقۇش قابىلىيىتى يوق پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا، نۇقتىلىق ھالدا فۇداۋ قىلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارغا «پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى سۆزلەپ بېرىش لازىم. ۋىلايەت، ناھىيە، كوممۇنادىن ئىبارەت 3 دەرىجە تايانچلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى، قىش پەسلىدىكى ئارىسال ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۈركۈملەپ، مۇددەتكە بۆلۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىشى كېرەك. يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسلىقى، كوممۇنانى نۇقتا قىلغان ھالدا، قىسقا مۇددەت ئىچىدە پارتىيە ئەزالىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسىنى ئېچىش كېرەك. ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە چوڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىنى ئېچىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىشتىن ئايرىپ ئۆگىنىش قىلدۇرسىمۇ بولىدۇ.

ئۇقتۇرۇشتا يەنە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش

لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەركەزنىڭ تەلەپىگە ئاساسەن، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى توغرا ئانالىز قىلىشى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئېنىقلىشى، مۇندىن كېيىنكى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى مۇھىم نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك. ئاممىنىڭ پىكرى كۆپ بولغان، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن مەسىلىلەر ۋە خىزمەتتە ھەل قىلىش جىددىي زۆرۈر بولغان، بەلكى ھەل قىلىشقا بولىدىغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىش كېرەك، پارتىيىنى تەرتىپكە سالغان چاغدا ھەل قىلىمىز دەپ كۈتۈپ تۇرماسلىقى كېرەك. ئۆگىنىش داۋامىدا، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىت قىلىشنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ئۆز-ئۆزىنىڭ كەمچىلىك-خاتالىقلىرىغا قارىتا، ھەم سەممىي ھالدا ئۆز-ئۆزىنى تەنقىت قىلىشى، ھەم كەمتەرلىك بىلەن باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، باشقىلارنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا، ھەم پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، تەنقىت قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى، ھەم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىشى، سىياسەت ۋە ئۇسۇلغا دىققەت قىلىشى كېرەك. تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىت قىلىش ئارقىلىق، ھەم ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، ھەم يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك.

ئۆگىنىشنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلار تەلەپ قىلىنىدۇ: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىۋىگە كىرگۈزۈشى لازىم. بىر نەپەر رەھبەر بۇ خىزمەتنى ئاساسلىق باشقۇرۇشى، تەشۋىقات، تەشكىلات، سىياسىي خىزمەت تارماقلىرى كونكرېت تۇتۇشى كېرەك. ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەسىلە سېزىلسە ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك. ياخشى ئۆگەنگەنلەرنى تەقدىرلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش، ئۆگىنىشى ناچارلارغا تەنقىت-تەربىيە بېرىش كېرەك. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۈلگە بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتنى باشلامچىلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشى، ناتوغرا ئىستىللارنى باشلامچىلىق بىلەن تۈزىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆز خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا يېتەكلىشى كېرەك.

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلاردىن مەركەزنىڭ «1984 - يىللىق يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم 1984 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلاردىن مەركەزنىڭ « 1984 - يىللىق يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى » نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىدا بۇ يىللىق خىزمەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە 1983 - يىلدىكى 1 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يېزا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان رەسمىي ھۆججەت قىلىپ، داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش كۆرسىتىلدى. بۇ- مەركەزنىڭ يېزا خىزمىتىدە يارىتىلغان يېڭى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتا قوللانغان يەنە بىر مۇھىم تەدبىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشتىكى يەنە بىر يېتەكچى خاراكتېرلىك ھۆججەت. ۋىلايەتلىك پارتكوم ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملاردىن ۋە ۋىلايەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىن مەركەزنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ يىللىق يېزا خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

1. پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا مەركەزنىڭ ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش دولقۇنىنى دەرھال قوزغىۋېتىش لازىم. جايلار 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن زور تۈركۈمدە كادىر ئاجرىتىپ، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كومۇنا، ئەترەتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججەتنى يەتكۈزۈپ، تەشۋىق قىلىپ، مەركەز ھۆججىتىنىڭ روھى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ يېزا ۋەزىيىتى ۋە سىياسىتىگە بولغان تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ئەگەشتۈرۈشى ۋە لايىقلاشتۇرۇشى كېرەك. كادىرلار ۋە ئاممىغا شۇنى تونۇتۇش كېرەككى: مەركەزنىڭ ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىدە بېكىتىلگەن تۈرلۈك فاڭجېن - سىياسەتلەر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججەتنى قېلىپنامە قىلىپ، ئىدىيىدە داۋاملىق ئازات بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىشىمىز، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا، يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا پايدىسىز بولغان ئۇستقۇرۇلمىلارنى ئىسلاھ قىلىشىمىز، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى داديل تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەمگەك قىلىپ باي بولۇشتىن ئىبارەت سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىمىز لازىم.

2. مەركەزنىڭ ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ھۆججەت روھىنى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 1983 - يىللىق يېزا خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، يەكۈنلەپ، 1984 - يىللىق يېزا خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل تۇتۇشلىرى كېرەك: بىرىنچى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ كۆتۈرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ كۆتۈرە بېرىشنى ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېزا- بازار كارخانىلىرى قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەرگىچە كېڭەيتىش كېرەك. ئىككىنچى، يېزىلاردىكى «ئىككى ئائىلە» نىڭ تەرەققىيات خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. «ئىككى ئائىلە» يېزىلاردا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى كۆپەيتىش، ئىككى بۆرۈلۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرىنىڭ بىرى، ئۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش، ئاكتىپ يار - يۆلەكتە بولۇش، ئۇلارنى زور

كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئۈچىنچى، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشتا، ئوبوروتنى تۇتۇش لازىم. تەمىنات ـ سودا كوپېراتىۋىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ۋە يېزا ئوبوروت يوللىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى باشقا خىزمەتلەرنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، ئوبوروت يوللىرى راۋان بولماسلىق، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تۇۋارغا ئايلاندۇرۇشقا لايىقلىشالماسلىق مەسىلىسىنى تېز ھەل قىلىش كېرەك. تۆتىنچى، يېزىلاردىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىشلاشقان ئىقتىسادىي مۇلازىمەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئۇچۇر، تېخنىكا، ساقلاش-توشۇش، ئىش قوشۇش، سېتىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بەشىنچى، سۇ ئىنشائاتى مەركەز قىلىنغان " بەشتە ياخشى" يېزا قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك.

3 . مەركەزنىڭ ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، نۆۋەتتىكى يېزىلاردىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. سۈپەتكە، سانغا كاپالەتلىك قىلىنغان ھالدا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ پىلانىنى ئورۇنلاپ، ئەتىياز پەسلىدىكى ئورمان ئەھيا قىلىش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋە چارۋىلارنى ئەتىيازدىن ئۆتكۈزۈش، تۆل ئېلىش، تۆل بېقىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، بۇ يىلقى يېزا ئىگىلىكىمىزدىن ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى پىكرى

( سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھە ) [قىسقارتىلمىسى]

مەركەزنىڭ 1983 ـ يىلى ۋە 1984 ـ يىلىدىكى ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى 10 تۈرلۈك پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ھۆججەتنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا تۇۋار ئىشلەپچىقىرىش، تۇۋار ئالماشتۇرۇش جەھەتلەردىكى تەرەققىيات بىر قەدەر ئاستا، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، رەھبەرلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتە ھازىرقى يېزا ۋەزىيىتىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق تونۇپ يېتەلمەسلىكى، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشالماسلىقى، بۇرۇنقى كونا ئىدىيە، كونا تەجرىبە، كونا ئىستىلدىن بۇرۇلالماسلىقىدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ئەستايىدىل ياخشى تەشكىللەش، مەركەزنىڭ ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىككى يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، يېتەكچى ئىدىيە، خىزمەت نۇقتىسى، خىزمەت ئىستىلى قاتارلىق جەھەتلەردە، ئۈزۈل ـ كېسىل بۇرۇلۇش ياساپ، يېزىلاردىكى ئۈچ ـ

قانداق تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتكە يېتىشىۋېلىپ، تووار ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش، يېزا خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك.

1. بىر ئالدىنقى شەرتنى، يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى ھازىر ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىدىن زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان، ئۆز-ئۆزىنى يېرىم تەمىنلەيدىغان ئىگىلىكتىن چوڭ كۆلەملىك تووار ئىشلەپچىقىرىشقا بۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. بۇ ئىككى بۇرۇلۇش ھازىرقى تارىخىي ئالاھىدىلىك، ھەم يېزا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىزدىكى تۈپ ئالدىنقى شەرت. ئەگەر بىز يېزا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا بۇ ئىككى بۇرۇلۇشقا سەل قارايدىغان بولساق، ھازىرقى يېزا ۋەزىيىتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىنى تۇتالمىغان بولىمىز-دە، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالدىدا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، يېزا ۋەزىيىتىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىمىز.

2. تۆت كۆز قاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك: (1) يېزا ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تووار ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ، ياخشى تۇتۇش كېرەك. (2) ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشتا، ئوبوروتنى تۇتۇش كېرەك. (3) ئوبوروتنى تۇتۇشتا، ئىسلاھ قىلىشنى تۇتۇش كېرەك. (4) تووار ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشتا، «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» نى تۇتۇش كېرەك.

ۋىلايىتىمىزدە ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بېرى، كۆپ ساندىكى ئەزالارنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى. بۇنىڭدىن كېيىنكى مەسىلە يەنىمۇ باي بولۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. باي بولۇش ئۈچۈن، تووار ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشىمىز، يېزا ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا، بايلىق مەنبەئى ئۈستۈنلىكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. تووار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا، نۆۋەتتە يېزىلاردا ئاساسلىقى «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» نىڭ تەرەققىياتىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. بۇ — مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈشتىن كېيىنكى پارتىيىمىزنىڭ يېزىلاردىكى ئىككىنچى چوڭ سىياسىتى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىنىڭ يېڭى باسقۇچى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كەسپىلىشىشكە، ئىجتىمائىيلىشىشقا قاراپ مېڭىشىدىكى مۇقەررەر يول، شۇڭلاشقا بۇ ئىشنى ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى تۇتۇش كېرەك.

3. رەھبەرلىكنىڭ ئىدىيىسىدە 5 بۇرۇلۇش بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك: (1) بۇرۇنقىدەك ئاساسلىقى ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دانىنى تۇتۇشتىن ھەم ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دانىنى تۇتۇش، ھەم سانائەت، قوشۇمچە كەسىپنى، كۆپ خىل ئىگىلىكنى تۇتۇشقا بۇرۇلۇش لازىم. (2) بۇرۇنقىدەك ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكىنى تۇتۇشتىن ئىگىلىك ئومۇملىقىنى ئەتراپلىق ئىگەللەپ، ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش، ھەم ئوبوروتنى تۇتۇشقا بۇرۇلۇش لازىم. (3) بۇرۇنقىدەك ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىشنىلا تۇتۇش، مەھسۇلاتقا ئەھمىيەت بېرىشتىن ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش، ھەم باشقۇرۇشنى تۇتۇشقا، ھەم سانىنى تۇتۇش، ھەم

سۈپىتىنى تۇتۇشتا، ھەم مەھسۇلات مىقدارىنى تۇتۇش، ھەم تەننەرق ھېساۋاتىنى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تۇتۇشقا بۇرۇلۇش لازىم. (4) كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى تۇتۇشتا، «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» نى گەۋدىلىك ھالدا ياخشى تۇتۇش لازىم. (5) بۇرۇنقىدەك ماددىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇشقا بۇرۇلۇش لازىم.

4. ئۈچ تونۇشنى توغرىلاش كېرەك:

(1) «ئىككى ئائىلە» گە بولغان تونۇشنى توغرىلاش كېرەك. «ئىككى ئائىلە» نىڭ پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەنىنى ئىجرا قىلغان باشلامچىلار، يېزىلاردا ئەمگەك قىلىپ باي بولغانلارنىڭ ئۈلگىسى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىجتىمائىلىشىش، كەسىپلىشىش، زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىنى ئىزدەنگەن ئىلغارلار ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىش لازىم. شۇڭلاشقا، «ئىككى ئائىلە» نى قىزغىنلىق بىلەن قوللاش، ئۇلارغا يېتەكلىك رەھبەرلىك قىلىش، ئۇلارنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

(2) يېزىلاردا كەلگۈسىدە مەيدانغا كېلىدىغان ھەر خىل ھەمكارلىق سودىسىغا ۋە ئاللىقاچان مەيدانغا كەلگەن يەككە سودىغا بولغان تونۇشنى توغرىلاش كېرەك. ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى سودىسىنىڭ تولۇقلىمىسى، يېزىلاردىكى تۇۋار ئوبوروتىنىڭ مۇھىم يولى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنى چېتىپ تۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىش لازىم، شۇڭا، ئوخشاشلا ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلىشىمىز، قىزغىن قوللىشىمىز كېرەك.

(3) يېزىلاردا ئادەم ياللاشقا قارىتا توغرا قاراشتا بولۇش لازىم. ئادەم ياللاش مۇقەررەر ھالدا ئېكسپىلاتاتسىيە بولىدۇ، لېكىن، ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىدا ئۇنىڭدىن ساقلىنىش تەس، ئەگەر ئادەم ياللاشقا رۇخسەت قىلىنمىسا، بىر قىسىم «ئىككى ئائىلە» نىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭلاشقا، «ئىككى ئائىلە» نىڭ ئادەم ياللىشىنى ئالدىراپ - تېنەپ چەكلىمەسلىك كېرەك. پائال تۈردە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ئادەم ياللىغۇچىلارنى ياللانغۇچىلارنىڭ پاراۋانلىق تەمىناتىنى ئۈستۈرۈشكە، زۆرۈر بولغان باشقۇرۇش ۋە تەقسىم قىلىپ بېرىشكە قاتنىشىشقا، مەلۇم مىقداردا جامائەت جۇغلانمىسى قالدۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم، مۇنداق بولغاندا ياللىغۇچى بىلەن ياللانغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى كاپىتالىزىم شارائىتىدىكى ئىشچى ياللاشتىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىقى بەزى ئاساسىي قاراش ۋە تونۇش مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. بۇ — مەركەزنىڭ ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىككى يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.

ئىككىنچى، يېزىلاردىكى «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» نى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

1. «ئىككى ئائىلە» نىڭ ئۆلچىمى ۋە «ئىككى ئائىلە» نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇقۇمى توغرىسىدا. ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ، «ئىككى ئائىلە» گە قارىتا، بىر تۇتاش ئۆلچەم بەلگىلەش ناھايىتى تەس، بىرىنچى جەھەتتە «ئىككى ئائىلە» نىڭ ئۆلچىمى ئائىلىۋى ئىگىلىكىنى ئا-

ساسى شەكىل قىلغان ، تۆۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولۇشى كېرەك . ۋىلايىتىمىزدە ھازىر « ئىككى ئائىلە » نى تەرەققىي قىلدۇرۇش نۇقتىسى— دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ( كالا بېقىش ، قوي بېقىش ، چوشقا بېقىش ، توخۇ بېقىش ، بېلىق بېقىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، ئورمانچىلىق ۋە تىرانسپورت كەسپىي ئائىلىلىرى جەمەتكە قارىتىلىشى كېرەك . ئېچىش خاراكتېرىدىكى « ئىككى ئائىلە » نى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئەزالارنى ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى ، ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ، باشقا « ئىككى ئائىلە » نىمۇ پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك .

2. ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازات بولۇپ ، « ئىككى ئائىلە » گە قارىتىلغان سىياسەتتە كەڭ بولۇش لازىم . نۆۋەتتە ، « ئىككى ئائىلە » گە تۆۋەندىكى 6 تەرەپتىن سىياسەتتە كەڭ بولۇش كېرەك :

(1) ئېچىش خاراكتېرىدىكى « ئىككى ئائىلە » ( دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) گە قارىتا ، بىر تۇتاش پىلانلاش شەرتى ئاستىدا ، ئۇلارغا كېرەكلىك بىنام يەر ، ئوتلاق ، ئورمان ئەھيا قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان جاڭگال ، قۇملۇق ، دەريا ساھىلىنىڭ سانىچە كىلىمىگە ئۆچرىمايدۇ ، لېكىن ئۇنى ئىككى — ئۈچ يىل ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك ، ئەگەر ئايرىپ بېرىلگەن يەر ۋە ئوتلاقنى ئىككى — ئۈچ يىل ئىچىدە ئاچمىسا ، كوللىكتىپ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىپ ، ئېچىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەزالارغا بېرىشكە ھوقۇقلۇق .

(2) ئېچىش خاراكتېرىدىكى « ئىككى ئائىلە » دىن بەش يىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىك بېجى ئېلىنمايدۇ ، ئۈچ يىل ئىچىدە جامائەت فوندى ، پاراۋانلىق فوندى ، باشقۇرۇش پۇلى تۇتۇپ قېلىنمايدۇ . ئۇلار يەرگە ئاساسەن قىلىنىدىغان خالىسانە ئەمگەكنى ئۈستىگە ئالمايدۇ .

(3) كەلكۈن سۇ ئىشلىتىپ ، لايلاتمىلارنى دائىرىگە ئېلىپ ئورمان ئەھيا قىلغانلار بولسا ، مەنپەئەتلىنىشتىن ئىلگىرى ئىشلەتكەن كەلكۈن سۇ ئۈچۈن سۇ پۇلى ئېلىنمايدۇ .

(4) ئېچىش خاراكتېرىدىكى « ئىككى ئائىلە » باشقۇرغان ئوتلاقلار 30 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ . ئورمانچىلىقتا دەرەخنى كىم قويغان بولسا ، شۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشتا ، ئەۋلاتلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىدا چەك تۇرۇلىدۇ .

(5) ئىش قوشۇش ، مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان « ئىككى ئائىلە » لەرنىڭ ئۆزى ئاشلىق نورمىسىنى ئېلىپ كېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ، يېزا بازارلىرىدا ماكانلىشىشقا ، ئۆي سېلىشقا ، تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ .

(6) « ئىككى ئائىلە » لەرنىڭ قالدۇرۇق يېرىنىڭ باشقا ئەزالارغا ئوخشاش ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇلۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ ، لېكىن ئۆي سېلىشقا بولمايدۇ .

3 . « ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە » گە 8 جەھەتتىن يار — يۆلەكتە بولۇش يولغا قويۇلىدۇ .

(1) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن تەمىنلەشتە ئاۋۋال ئېتىبار بېرىلىدۇ .

(2) تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك تېخنىكا كۇرسلىرى ئېچىلغاندا ، ئالدىن ئېتىبار بېرىلىدۇ ، تەربىيىلىنىش پۇلى ئېلىنمايدۇ .

(3) ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان «ئىككى ئائىلە» گە قارىتا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن ھەر مىڭ جىڭ تاۋار ئاشلىقى ئۈچۈن (ئاشلىق 80% تىن ئارتۇقىنى ئىگەللىشى كېرەك) پىلان سىرتىدا بىر قاپ خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ۋەزىپە قويۇپ چارۋا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن باشقا، دېخانچىلىق رايونلىرىدا سېتىپ بەرگەن ھەر بىر ئۆلچەملىك قوي ئۈچۈن 40 جىڭ يەم - خەشەك، 10 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلىدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەر بىر قوي ئۈچۈن 50 جىڭ بۇغداي مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلىدۇ.

(4) چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلىلەرگە شەرت - شارائىت بار بولسا، ئالدىن ئوتلاق ئايرىپ بېرىلىدۇ.

(5) سودا تارماقلىرى تېرىش، بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئىككى ئائىلە» بىلەن مەھسۇلات سېتىۋېلىش توختامىنى ئاۋۋال تۈزىدۇ.

(6) تەمىنات-سودا كوپېراتىۋى «ئىككى ئائىلە» لەرنى بازار ئۇچۇرى بىلەن ھەقسىز تەمىن ئېتىدۇ. پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» نى قەرز پۇلى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىدۇ.

(7) يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تارماقلىرى «ئىككى ئائىلە» نى تېخنىكا يېتەكچىلىكى بىلەن ئاۋۋال تەمىن ئېتىدۇ.

4. «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» نىڭ مال - مۈلكى ۋە ئەمگەك تاپاۋىتى باشقا ئەزالار ئىگىلىكىگە ئوخشاش دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىمايدۇ؛ سىياسىي جەھەتتە كەمسىتىشكە بولمايدۇ؛ ئۇلارنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن دائىرە ئىچىدىكى قانۇنلۇق تىجارىتى قوغدىلىدۇ.

5. ئورگانلارنى قۇرۇپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» گە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك. تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، ئىش قوشۇش، ترانسپورت قاتارلىق ساھەلەردىكى «ئىككى ئائىلە» لەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا كەسپىي تارماقلارنىڭ مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇشىدا ۋە رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيىلەر «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» گە رەھبەرلىك قىلىش، ئۇلارنى باشقۇرۇش، قوللاش ئەھۋاللىرىنى ئىگەللەپ تۇرۇش، «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» نى راۋاجلاندۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئالماشتۇرۇشى، مۇناسىۋەتلىك سان - سىپىرلارنى ستاتىستىكا قىلىشى، پىلان تۈزۈشى كېرەك.

ئۈچىنچى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە تاۋار ئوبوروتىنى پائال چىڭ تۇتۇش لازىم.

1. نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە تەمىنات-سودا كوپېراتىۋىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى تۇتۇش، تەمىنات-سودا كوپېراتىۋىنى تەدرىجىي يوسۇندا تىجارەت تىپىدىن مۇلازىمەت تىپىغا ئۆزگەرتىش، يېزىلارنىڭ مۇلازىمەت مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ھەقىقىي تۈردە يېزا ئىقتىسادىنىڭ يۈلىنىچۈكىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. جايلارنىڭ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتلەرگە قاتنىشىدىغان بىر يۈرۈش مۇكەممەل مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىش كېرەك. تەمىنات-سودا كوپېراتىۋىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، تاۋار ئىش-

لەپچىقىرىشقا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، توۋار ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىنى قۇرۇش، ئەزالار بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ياكى سېتىشنى كۆتىرە بېرىش قاتارلىق ھەر خىل تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش توختىمىنى تۈزۈپ چىقىش، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىۋىنى ھەققىي تۈردە يېزىلاردىكى مۇلازىمەت مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

2. يېزا سودا تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىش لازىم. تاشقى سودا، تەبىي دورا شىركەتلىرىنىڭ يېزىلاردىكى سېتىۋېلىش پونكىتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كەسپىنى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىۋىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك، ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلار ھەققىدە، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىۋى بىلەن تەمىنلەش توختىمى تۈزسە بولىدۇ. بەزى ئورۇنلارنىڭ زىيان تارتىش مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تاشقورغان ناھىيە بازىرىدىكى سودا ئاپپاراتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ (ناھىيىلىك يەمەكلىكلەر شىركىتى باشقۇرۇشىدىكى گۆش قىسمى ساقلاپ قېلىنىدۇ)، كەسپىنى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىۋىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك.

3. كوللېكتىپ سودا، ھەمكارلىق سودا ۋە يەككە سودىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلاردا كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك، كۆپ ئېقىملىق ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلىدۇ، شەخسلەرنىڭ ياكى شېرىكلەشكەنلەرنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلىدۇ، لېكىن دۆلەت رۇخسەت قىلغان دائىرىدە تىجارەت قىلىشى لازىم ھەمدە سودا ـ سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش تارماقلىرى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ كېنىشكە تارقىتىپ بېرىش كېرەك.

4. ئۇچۇر سېستىمىسىنى قۇرۇپ چىقىش، ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىش لازىم. ۋىلايەتلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىۋى ئۇچۇر ئاپپاراتىنى قۇرۇپ، مەخسۇس ئادەم سەپلەپ، ۋىلايەت ئىچى، ئاپتونوم رايون ئىچى، دۆلەت ئىچى، ھەتتا چەتئەللەرنىڭ بازار ئۇچۇرىنى تەتقىق قىلىشقا، قەرەلسىز ھالدا ئۇچۇر ئاخباراتىنى تارقىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىدا ئۇچۇر بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان بىردىن كادىر بولۇشى، ئۇلار ئۆز جايىدىكى بازارنىڭ ئېھتىياج ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ، ۋىلايەتلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىۋىغا يوللاپ تۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۆز ۋاقتىدا ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر خىل توۋار تەشكىلاتلىرى (تەمىنات ـ سودا كوپېراتىۋىدىن باشقىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە "ئىككى ئائىلە بىر كەۋدە" گە ئۇچۇر يەتكۈزۈشى، توۋار ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

5. تەبىئىي ئۈستۈنلۈك ۋە بايلىق مەنبەئى ئۈستۈنلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، توۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇش، توۋار ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. تېرىقچىلىق ۋە بېقىش ئىشلىرى جەھەتتە بىزدە ئاساسلىقى، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا، ئورمان، باغ، پىلە ۋە سۇ مەھسۇلاتىدىن ئىبارەت 8 تەرەپ بار. بۇرۇن كىشىلەر ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋىدىن ئىبارەت 4 چوڭ كۆرسەتكۈچكىلا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭدىن كېيىن، پىلان چۈشۈرگەندە، 8 جەھەتتىكى كۆرسەتكۈچنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە، ئالدى بىلەن ئۈژمە ـ پىلىچىلىك ۋە باغۋەنچىلىكنى تۇتۇش كېرەك. 1990 ـ يىلىغا بارغاندا، ۋىلايىتىمىزدە ھەر بىر نوپۇسقا 30 تۈپتىن ئۈژمە توغرا كەلتۈ ـ

رۇشنى، شەرت- شارائىتى بار جايلاردا، ھەر بىر ئائىلە بىر قوتىدىن پىلە بېقىشنى ھەددە بىر مەزگىل ئىچىدە ۋىلايىتىمىزنىڭ باغ كۆلىمىنى ھازىرقى 160 مىڭ مودىن بىر مىليون موغا يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، ئالما، ياڭاق، چىلان، فەينۇلە، ئانار، بادام، ئەنجۈر، پىستە قاتارلىقلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، قەشقەرنى ھەقىقىي تۈردە مېۋە ماكانى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارغا كۆزدىن مەھسۇلاتلارنى سېلىش، رىقابەتچىسى كەم بولغان، ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئالدى بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

6. مەھسۇلاتلارغا ئىش قوشۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېقىن ئارىدا شەرت- شارائىتى بار جايلار بىر نەچچە ياخشىراق ھاراق زاۋۇتى (ئۈزۈم ھارىقى، گاز ھارىقى، شامپانىسكى ئىشلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مېۋە قېقى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، قويۇلدۇرۇلغان مېۋە شىرنىسى زاۋۇتىنى قۇرۇپ، ئىش قوشۇش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، ئىش قوشۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، قاچىلاشنى ياخشىلاپ، تازىلىق ئۆتكۈلىدىن ياخشى ئۆتۈپ، مەھسۇلاتلارنى سېتىش يولىنى ئېچىپ، داڭ چىقىرىش لازىم.

ئۈچىنچى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ۋىلايىتىمىزدە يەرنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى. لېكىن يېزىلاردىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1. چارۋىچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى (قىسقارتىۋېتىلدى).

2. ئورمانچىلىق جەھەتتە، ئاساسلىقى، ئىككى ئىشنى تۇتۇش لازىم. بىرىنچىسى، ئورمانچىلىق سىياسىتىدە يەنىمۇ كەڭ بولۇش، چاڭگال، شورلۇق يەر، دەريا ساھىلىنى ئېچىپ، بىر تۇتاش پىلانلاش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، كىم تىككەن بولسا شۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، ئەۋلاتلىرى ۋارىسلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىش لازىم. ۋىلايىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۇغۇرۇش ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەزالارنىڭ ئېچىشقا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش شارائىتى بولمىسا، كوللېكتىپ مەسئۇل بولۇپ بىر تۇتاش تەشكىللەپ، ئۈستەڭ ئېلىپ، ئېرىق ئېلىپ، يول ياساپ، يەر تۈزلەپ، ئەزالارغا ئېچىش شارائىتىنى يارىتىپ بەرسە ياكى كوللېكتىپ ئاممىنى بىۋاستە تەشكىللەپ ئەھيا قىلغۇزغاندىن كېيىن، ئەزالارغا بۆلۈپ بەرسە بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئېتىز - ئېرىق مۇداپىئە ئورمىنىدا ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەھيا قىلىشنى، باشقۇرۇشنى ئەزالارغا ھۆددىگە بېرىپ، پەرسەنتىنى ئۈلەشسە، يېڭىدىن ئەھيا قىلىنغانلىرىنى 4 ۋە 6 ئۈلۈش ياكى 3 ۋە 7 ئۈلۈش بويىچە بۆلۈپ، چوڭ بېشىنى ئەزالارغا بەرسە بولىدۇ. لېكىن، بىر تۇتاش كۆيخۇالاش، دەرەخ خىللىرى بىر تۇتاش بولۇش، ئەھيا قىلىش ۋاقتى بىر تۇتاش بولۇش، بىر تۇتاش ئۆلچەم بولۇش، بىر قۇتاش كېسىشتە چەك تۇرۇش كېرەك.

3. باغ جەھەتتە، بىر ئائىلىگە بىر نەچچە تۈپتىن مېۋىلىك دەرەخ بۆلۈپ بېرىدىغان چارىنى ئۆزگەرتىپ، بىر باغنى بىر گەۋدە قىلىپ، بىر ئائىلىگە ياكى گۇرۇپپىغا ھۆددىگە بېرىپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش لازىم.

4. يەرنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىدە، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.

5. ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى 5% تىن 10% كىچە زاپاس يەر قالدۇرۇشى، بۇرۇن قالدۇرۇلغانلىرىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. زاپاس يەر قالدۇرمىغان جايلار ھۆددە يەرنى ئېلىشنى خالىمىغان ئائىلىلەر تاپشۇرۇپ بەرگەن يەردىن ھەل قىلسا ياكى كوللېكتىپنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئاچقان بىنام يەردىن ھەل قىلسا بولىدۇ.

6. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېزا- بازار كارخانىلىرىنى ھۆددىگە بەرمىگەن جايلار ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويۇشى كېرەك. سۇ قۇرۇلۇشى، سۇ ئەسلىھەلىرى، سۇ باشقۇرۇش جەھەتتە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ياخشىراق بولغان بىر يۈرۈش ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى، يېزىلاردىكى بەشتە ياخشى قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە تۆۋەندىكى 8 جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولۇش كېرەك.

(1) ئۆستەڭلەرنى سىڭمەسلەشتۈرۈشنى تېزلىتىش لازىم. ئوتتۇرا ئۆستەڭدىن يۇقىرى (ئوتتۇرا ئۆستەڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئانا ئۆستەڭدىن تۆۋەن ئۆستەڭلەرنى سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى 5 - 6 يىل ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاپ بولۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

(2) سۇغۇرۇش رايونلىرىدىكى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، سۇغۇرۇش رايونلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى 5 يىل ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاپ بولۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

(3) زەيكەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا، زەي رايونلارنىڭ زەي چىقىرىۋېتىش سىستېمىسىنى 1990 - يىلىدىن بۇرۇن ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

(4) سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ يىل بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى كۆپ مىقدارى بويىچە پۇل ئېلىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشى ھەمدە كۆپ مىقدارى بويىچە پۇل ئېلىشنىڭ 50% ىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەللەشتۈرۈشى، يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئىلگىرىدىكى سۇغۇرۇش نورمىسىنى ھەر يىلى تۆۋەنلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

(5) سالا ئېتىزى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. سالالاشتۇرۇشنى 5 يىل ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

(6) مۇداپىئە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئېتىز - ئېرىق مۇداپىئە ئورمىنىنى بىر ئاز تۆۋەنلىتىشنى 3 يىلدىن 5 يىلغىچە ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

(7) لايلاتمىلارنى دائىرىدىكە ئېلىپ ئورمان ئەمىيا قىلىپ، پېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى كېڭەيتىش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا، ھەر يىلى 100 مىڭ مو يۇلغۇن ئۆس-

ئۇرۇلۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ۋەيران بولغان تۇغراق ئورمىنىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم.

(8) سۇ ئىشلىرى جەھەتتىكى كۆپ خىل ئىگىلىكتە چوڭراق بۆسۈپ ئۆتۈش بولۇشى لازىم. ناھىيە، كوممۇنادىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك سۇ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ مەمۇرى خىراجەت ئېھتىياجى جەھەتتە، ئاساسەن ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

ئالتىنچى، نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يېزىلاردىكى نامرات ئەترەت، نامرات ئائىلىلەرگە يار-يۆلەكتە بولۇش — يېزىلاردىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى بىر مۇھىم مەزمۇن، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئەۋزەللىكىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار چوقۇم بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۆز ئارا ماسلىشىشى، نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇش پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، جەمئىيەت ۋە كوللېكتىپ كۈچىنى نامراتلىق قىياپىتىدىن ئىمكان قەدەر تېز، تۈپتىن قۇتۇلۇشقا سەپەرۋەر قىلىشى كېرەك. 3 يىلدىن 5 يىلغىچە، ھازىرقى نامرات ئەترەتلەرنىڭ قىياپىتىنى ئاساسى جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ، ھازىرقى نامرات ئائىلىلەردىكى ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 100 يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش (ئائىلە قوشۇمچە كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھەر نوپۇسنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى 360 جىڭدىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش (قالدۇرۇق يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى ئىردىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم. نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇش خىزمىتىدە، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىشەنچلىك بولغان ھالدا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىش، تەبىئىي شارائىتى ناچار ئەترەتلەرگە قارىتا، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېتىز-ئېرىق، سۇ ئاساسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، زور كۈچ بىلەن چىرىم تىكىپ، ئوت-چۆپ تېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى قوللاش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش فاكتورىنى جەھەتتە، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئىش كۆرگەن ھالدا، كۆپ خىل ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش مەقسىتىگە يېتىش لازىم. قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قارىتا، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ھۆددىگە ئېلىش چارىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەك. نۇقتىلىق ھالدا ئىرادىسىگە يار-يۆلەكتە بولۇش لازىم. ئۇلارغا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش، ھۆددە يەرنى ياخشى تېرىش، ئائىلىۋى قوشۇمچە كەسپنى ياخشى قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەك. ئەزالارنىڭ دېموكراتىك يوسۇندا مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق، كوللېكتىپنىڭ تۇتۇپ قالىدىغىنى ۋە خالىسانە ئەمگەكنى مۇۋاپىق ئازايتىشقا، كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك، مالىيە، خەلق ئىشلىرى، مائارىپ تارماقلىرى نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ئايرىم-ئايرىم ھالدا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ياردەم قىلىشى ھەمدە ئېلىنىدى-

غان ھەر خىل پۇل جەمەتتە مۇۋاپىق ئېتىۋار بېرىشى كېرەك. دۆلەتتىن ھەر يىلى چۈشۈ-
رۈپ بېرىلگەن نامرات ئەترەتلەرگە ياردەم بېرىش پۇلى ۋە قۇتقۇزۇش پۇلىنىڭ كۆپ قىسـ-
مىنى نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بولۇشقا سەرپ قىلىش ھەمدە پىلانلىق تۈردە مەركەزلەشـ-
تۈرۈپ ئىشلىتىپ، تۈركۈمگە بۆلۈپ، نۆۋەتلىك ھالدا يار- يۆلەكتە بولۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىـ-
چە ئۇلارنى بىر يىلدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك.

يەتتىنچى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش لازىم. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىـ-
كى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەمگەك ۋە خالىسانە ئەمگەكنى قاتتىق تىزگىنلەش لازىم.
خالىسانە ئەمگەك — ئەزالارنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، يەرلىك
ھۆكۈمەت باشقۇرغان جامائەت ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىدىغانلىرىنى ناھىيىلىك خەلق
ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش ئىنگەللەپ ئىشلىتىشى، يىلدا ئەزالارنىڭ ئاساسىي ئەمگەك كۈنى سا-
نىنىڭ 1% دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. باشقا ئەزالارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋې-
تىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خالىسانە ئەمگەكنى ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، ئازايتىشقا، كې-
چىرىم قىلىشقا بولمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان ئەمگەك-
كوللېكتىپ ئىگىلىگىنىڭ ئەمگەك جۇغلانمىسىغا مەنسۇپ بولىدۇ. بىز ئىلاردىكى "بەشتە ياخشى"
ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان ئەمگەكنى ئەزالارنىڭ يىللىق ئاساسىي ئەمگەك كۈنى سا-
نىنىڭ 10%ى ئەتراپىدا، يەنى، 30 — 40 ئەمگەك كۈنى قىلىپ تىزگىنلەش كېرەك. ئۇنىڭدىن
باشقا، شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان ئەمگەكنى، مەسىلەن: ئېرىق - ئۆستەڭ-
لەرنى چېپىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، خەتەردىن قۇتقۇزۇش، سۇ باشلاش قاتار-
لىقلارنى خالىسانە ئەمگەك ۋە ئەمگەك جۇغلانمىسى ئىچىگە ھېسابلىماسلىق كېرەك. ئېھتىياجى-
غا ئاساسەن، بارلىق ئەزالار مۇۋاپىق ھالدا ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن
باشقا، كوممۇنا، چوڭ ئەترەتلەرنىڭ ھەر قانداق
نام بىلەن ئامىغا ئەمگەك كۈچى ئالۇۋېلىشىنى چېچىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىل-
غۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى پارتىيە ئىنتىزامى، ھۆكۈمەت ئىنتىزامىغا ئاساسەن سۈرۈشتە قىلى-
نىشى كېرەك.

چوڭ ئەترەت كادىرلىرىنى يېنىمۇ ئىخچاملاش كېرەك. نۆۋەتتە، بەزى جايلاردا چوڭ
ئەترەت، كىچىك ئەترەت كادىرلىرى يەنىلا كۆپ، قوشۇمچە ياردەم خېلىلا يۇقىرى بولۇپ،
دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى نامۇۋاپىق ھالدا ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. شۇڭلاشقا، بىرىنچىدىن، چوڭ-
كىچىك ئەترەت كادىرلىرىنى ئىخچاملاش كېرەك. چوڭ ئەترەت كادىرلىرى ئادەتتە 5 تىن
7 كىچە بولۇشى لازىم، دائىرىسى بىر قەدەر كىچىك بولغان چوڭ ئەترەتلەردە 5تىن ئاز بولـ-
سىمۇ بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كادىرلىرى 1 دىن 2 كىچە بولۇشى لازىم، شارائىتى
بار جايلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ بوغالتىرى قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە ياكى بىرلەش-
مە ئەترەت بوغالتىرى تەسىس قىلىنسا، ياكى چوڭ ئەترەت بوغالتىرى قوشۇمچە باشقۇرسا
بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، باشقا كادىرلارغا بېرىدەك ئىشتىن قېپقالغىنىغا قوشۇمچە ياردەم
بېرىشنى يولغا قويۇش، مۇقىم قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى يولغا قويماسلىق كېرەك. ئىككىنچى-
دىن، قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق بېكىتىش لازىم. مۇنداق 3 خىل ئۇسۇل
بار : (1) ئۆز ئەترىتىنىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى

تۈپ سان قىلىش، چوڭ ئەترەت كادىرلىرىنىڭ خىزمەت مىقدارىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن، قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى مۇشۇ تۈپ ساننىڭ 60 ــ 80% ىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، كىچىك ئەترەت كادىرلىرىنىڭكىنى 50% تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك، ھەممە مۇشۇنى تۈپ سان قىلىپ، يەنە شۇ يىللىق ئاشلىق، پاختا، چارۋا ۋە ھەر دوپپىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ ئېشىش سانى بويىچە مۇكاپات پۇلى ئېلىپ قېلىش، يىل ئاخىرىدا خىزمىتىنىڭ ياخشى ــ ناچارلىقىغا، نەتىجىسىنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكىگە قاراپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك مۇكاپات پۇلى سوممىسىنى باھالاپ بېكىتىش. (2) شۇ ئەترەتنىڭ شۇ يىلقى ئەمگەك كۈچىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى تۈپ سان قىلىپ، چوڭ ئەترەت كادىرلىرىنىڭ خىزمەت مىقدارىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن، بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمنى تۈپ ساننىڭ 60 ــ 80% ىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، كىچىك ئەترەت كادىرلىرىنىڭكىنى 50% تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ھەممە بارلىق كادىرلارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمنىڭ ئومۇمىي سانىنى تۈپ سان قىلىپ، ياردەم ساننىڭ 10% ىنى ئېلىپ مۇكاپات سوممىسى قىلىپ، يىل ئاخىرىدا خىزمىتىنىڭ ياخشى ــ ناچارلىقىغا، نەتىجىسىنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكىگە قاراپ، ھەر بىر كادىرغا مۇكاپات سوممىسى باھالاپ بېكىتىش. (3) چوڭ ــ كىچىك ئەترەتلەرنىڭ كۆلىمى ۋە ئەزالارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىگە قاراپ، چوڭ ــ كىچىك ئەترەت كادىرلىرىنىڭ تۇراقلىق قوشۇمچە ياردىمىنى دېموكراتىك يوسۇندا بېكىتىش ھەممە كادىرلارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمنىڭ 10% ىنى مۇكاپات سوممىسى قىلىپ، يىل ئاخىرىدا خىزمىتىنىڭ ياخشى ــ ناچارلىقىغا، نەتىجىسىنىڭ چوڭ ــ كىچىكلىكىگە قاراپ، ھەر بىر كادىرنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك مۇكاپات سوممىسىنى باھالاپ بېكىتىش. يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن چوڭ ــ كىچىك ئەترەت كادىرلىرىدىن باشقا، بۇنىڭدىن كېيىن، قوشۇمچە ياردەمدىن بەھرىمەن بولىدىغان خادىملارنى ھەر خىل ناملار بىلەن تەسىس قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە تۇتۇپ قېلىنىدىغان جامائەت فوندى، پاراۋانلىق فوندى، مەمۇرىي راسخوت، كادىرلارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ۋە دۆلەت بەلگىلىگەن بىر تۇتاش راسخوتتىن باشقا، ئەزالارغا پۇل، ئاشلىق، ماددىي ئەشيا ئالۋاڭلىرىنى خالىغانچە چېچىشقا بولمايدۇ. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا، ھەقىقەتەن مەبلەغ توپلاش زۆرۈر تېپىلسا، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. يېزا ــ بازار كارخانىلىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە تەۋە، بەلگىلىمە بويىچە كوممۇنا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارغا جۇغلانما پىرسەنتى ۋە مۇناسىۋەتلىك راسخوتنى تاپشۇرغىنىدىن باشقا، تارماقلارنىڭ يېزا ــ بازار كارخانىلىرىغا نەرسە ــ كېرەك ئالۋېلىش چېچىشىغا بولمايدۇ. ناھىيە، كوممۇنادىكى كەسپىي تارماقلارنىڭ چوڭ ــ كىچىك ئەترەتلەردىن تۈرلۈك ناملاردا پۇل، ماللارنى ئېلىۋېلىشىغا تېخىمۇ بولمايدۇ.

سەككىزىنچى، يېزا ئىگىلىك پەن ــ تېخنىكىسىنى تېرىشىپ ئومۇملاشتۇرۇش لازىم.

يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، بىرىنچىدىن، سىياسەتكە تايىنىش، ئىككىنچىدىن، ئىلىم ــ پەنگە تايىنىش لازىم. پارتىيىنىڭ يېزىلار سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك پەن ــ تېخنىكا خادىملىرىغا سىياسىي، خىزمەت ۋە تۇرمۇش

جەمەتلەردە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئېتىبار بېرىش، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ھەر قايسى كوممۇنىلار يەنىلا ئومۇملاشتۇرۇش گەۋدىسىدىن بىردىن سەپلىشى كېرەك. بۇ يىل ئىچىدە كوممۇنىلارنىڭ يەنىلا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتلىرىنى مۇددەتتە، تۈركۈمگە بۆلۈپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەدبىق قىلىش جەمەتلەردىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. تېخنىكا ھۆددىگەرلىكى پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى ۋە زىرائەت ئۆستۈرۈش بويىچە ئىلغار تېخنىكىلارنى كېڭەيتىپ، تېخنىكا لېكسىيىسى سۆزلەشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېخان تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈپ، پەن - تېخنىكا بويىچە ئوقتىملىق ئائىلە قۇرۇپ چىقىپ، دېخانلارغا تېخنىكا ئۆگىتىپ، دېخانلارنى تېخنىكا مەسلىھەتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، توۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم.

توققۇزىنچى، يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ماددى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش بىلەن بىر چاغدا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقى تۈردە ياخشى تۇتۇشى كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، مەركەز كۆرسەتكەن بەشنى تۇتۇپ، بەشنى تۈزەپ، بەشكە ئۆزگەرتىشنى: يەنى، ئىدىيىۋى تەربىيىنى تۇتۇپ، كونىنى تۈزەپ يېڭىغا ئۆزگەرتىش، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، بىخەتەرلىككە ئۆزگەرتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى تۇتۇپ، نامراتلىقنى تۈزەپ، باي بولۇشقا ئۆزگەرتىش قاتارلىقلارنى مەركەز قىلىش كېرەك.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، مەدەنىيەتلىك كەنت - بازار قۇرۇشنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش كېرەك. جايلار مەدەنىيەتلىك كەنت - بازار قۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، مۇددەتتە، تۈركۈمگە بۆلۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ بارلىق كەنت - بازارلىرىنى تەدرىجى ھالدا مەدەنىيەتلىك ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، جايلاردا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىنى پائال تۈردە قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئونىنچى، بۇ يىل بىر ناھىيە ئالدى بىلەن بىر يېزا بازىرىنى سىناق قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى، پىلان تۈزۈپ، ئۇنى تەدرىجى ھالدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشى لازىم؛ ناھىيىلەر ناھىيە بازارلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر باغچىنى پىلانلاپ، تەدرىجى قۇرۇشى كېرەك. مەيلى يېزا بازىرى ياكى ناھىيە بازىرىدا بولسۇن، پىلانلاش ئۆلچىمى مۇۋاپىق ھالدا يۇقىرىراق بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ، يېزا بازارلىرىنىڭ يولى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېز ماشىنا يولى، ئاستا ماشىنا يولى، پىيادىلار يولى قىلىپ ياسىلىشى كېرەك.

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە ناھىيە (شەھەر)لىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش لايىھىسىگە تەستىق جاۋاپ بەردى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە 1984 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان پارتىيە - ھۆكۈمەت ئاپپارا -

تىسىنىڭ تەسىس قىلىنىش لايىھىسىگە تەستىق جاۋاپ بەردى ھەمدە بۇ توغرىلىق ئۇقتۇرۇش چىقاردى .

تەستىق جاۋاپقا ئاساسەن ، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئاپارات تەسىس قىلىشى مۇنداق:

ج ك پ ناھىيە (شەھەر) لىك كومىتېتلىرىدا 6 خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىندى ، ئۇلار: ئىشخانا ، تەشكىلات بۆلۈمى ، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ خىزمىتى بۆلۈمى، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى (ياكى ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمى)، سىياسىي قانۇن كومىتېتى.

ج ك پ ناھىيە (شەھەر)لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى .

ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئۇنىڭ قارمىقىدا بىردەك ئىشخانا تەسىس قىلىندى .

ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى : قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا 28 خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىندى ، يېڭىشەھەر ، كونىشەھەر ، قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قارمىقىدا 25 خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىندى، يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا 26 خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىندى ، يېڭىسار، پوسكام ، پەيزىۋات ، يوپۇرغا ، مارالبېشى ، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قارمىقىدا 24 خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىندى ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا 19 خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىندى . ناھىيە (شەھەر)لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قارمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرى : ئىشخانا، پىلان كومىتېتى، ئىستاتىستىكا ئىدارىسى ، سانائەت-قاتناش ئىدارىسى ، پەن - تېخنىكا كومىتېتى ، ئەمگەك-كادىرلار ئىدارىسى (ياكى ئەمگەك ئىدارىسى ، كادىرلار ئىدارىسى)، خەلق ئىشلار ئىدارىسى ، ئەدلىيە ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش ۋە مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ، دېخانچىلىق ئىدارىسى ، ئورمانچىلىق ئىدارىسى ، چارۋىچىلىق ئىدارىسى (ياكى چارۋىچىلىق- دېخانچىلىق ئىدارىسى ) ، كوچا - مەھەللە كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى ، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى (ياكى سۇ ئىدارىسى)، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى ، باج ئىدارىسى ، مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى،سودا ئىدارىسى ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى ، سەھىيە ئىدارىسى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ، تەنتەربىيە كومىتېتى ، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى ، ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇش ئىدارىسى ، مىللىي ئىشلار ئىدارىسى ، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى قاتارلىقلار .

ناھىيە (شەھەر) لىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ، ئۇنىڭ قارمىقىدا بىردەك ئىشخانا تەسىس قىلىندى .

قانۇن بويىچە تەسىس قىلىنىدىغان ئاپاراتلار : ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق سوت مەھكىمىسى ، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى .

خەلق ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى : قەشقەر شەھىرىدە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇ-

نىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەسىس قىلىنىدۇ؛ يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، پەيزىۋات، يوپۇرغا، مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىدە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەسىس قىلىنىدۇ؛ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى تەسىس قىلىنىدۇ.

ئىقتىسادىي كەۋدە ئورۇنلىرى ياكى كارخانا ئورۇنلىرى: قەشقەر شەھىرى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئاشلىق ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىۋى، ماددىي ئەشيا شىركىتى، تاشقى سودا شىركىتى، رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىنىدۇ؛ يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، پەيزىۋات، يوپۇرغا، مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىدە بىردەك ئاشلىق ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىۋى، ماددىي ئەشيا شىركىتى، تاشقى سودا شىركىتى، قول سانائەت بىرلەشمىسى، رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىنىدۇ.

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم قارار چىقىرىپ، كادىر باشقۇرۇش هوقۇق چېكىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم 1984 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قارار چىقىرىپ، كادىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، كادىر باشقۇرۇش هوقۇق چېكىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش، قاتلاممۇ - قاتلام مەسئۇل بولۇش چارىسىنى قوللىنىدىغان بولدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم پىرىنسىپ جەھەتتە ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاساسلىق رەھبەرىي كادىرلارنىلا باشقۇرىدىغان بولدى.

قاراردا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ۋىلايەتلىك پارتكوم كادىرلار خىزمىتىدە بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. لېكىن، كادىر باشقۇرۇش جەھەتتە، هوقۇق زىيادە مەركەزلىشىپ كېتىدىغان، ئىختىساسلىق خادىملارنى چېلىقتۇرۇشقا ۋە مۇۋاپىق ئىشقا قويۇشقا پايدىسىز بولغان ئىللەتلەر يەنىلا ساقلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك. كادىر باشقۇرۇش هوقۇق چېكى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم باشقۇرىدىغان كادىرلارنىڭ سانى ئەسلىدىكى 2500 دىن 800 ئەتراپىغا ئازىيىدۇ. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەسلىدە تەيىنلەپ، قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان ناھىيە (شەھەر) لەردىكى يېزا دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىسى ۋە مۇئاۋىن شۇجىلىرى، مەمۇرىي جەھەتتىكى جىلىڭ ۋە ۋەزىپىدىكىلەر، ناھىيە (شەھەر)لىك پارتكوملاردىكى بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىرى، مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى ئىدارە باشلىقى، مۇدىر ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى جىلىڭ ۋە مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلەر بىردەك ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملارنىڭ باشقۇرۇشىغا، تەيىنلىشى ۋە قالدۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قارايدىغان، پارتكوم قۇرۇلغان ناھىيە دەرىجىلىك

كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرىي كادىرلاردىن پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلات قارمىقىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇن پارتكومى بىۋاستە باشقۇرۇپ تەيىنلەيدۇ، قالدۇرىدۇ؛ مەمۇرى كادىرلارنى زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) تەيىنلەيدۇ، قالدۇرىدۇ؛ ۋىلايەتكە بىۋاستە قارايدىغان، پارتكوم قۇرۇلمىغان ناھىيە دەرىجىلىك كارخانا ئورۇنلىرى قارمىقىدىكى ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرىي كادىرلارنى زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) تەيىنلەيدۇ، قالدۇرىدۇ. پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، دېموكراتىك يوسۇندا سايلاش بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈپ، ۋىلايەت ئورگانلىرى پارتكومىنىڭ تەكشۈرۈپ - تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ. ۋىلايەتكە بىۋاستە قارايدىغان،پارتكوم قۇرۇلمىغان ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرىي كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇشتا، ئۆز ئورنىدىن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى باشقارما، ئىدارە، كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ. ۋىلايەتتىكى يېزا دەرىجىلىك كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ئاساسلىق رەھبەرىي كادىرلارنى يۇقىرىدىن تەۋسىيە، تەكلىپ قىلىش ياكى دېموكراتىك يوسۇندا سايلاش چارىسىنى قوللىنىپ بېكىتىپ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى باشقارما، ئىدارە پارتىيەگۇرۇپپىسى تەيىنلىسە، قالدۇرسا بولىدۇ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، دېموكراتىك يوسۇندا سايلاش بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈپ، ئورگانلار پارتكومىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمىنىڭ باشقارما، ئىدارە، كومىتېتلىرىنىڭ قارمىقىدىكى بۆلۈم، ئىشخانىلىرىدىكى جىڭ ۋە مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلەرنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا باشقارما، ئىدارە، كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىلىرى باشقۇرۇپ تەيىنلەيدۇ، قالدۇرىدۇ. مۇنداق قىلغاندا، كادىر باشقۇرۇش جەھەتتە ئاز باشقۇرۇش، ياخشى باشقۇرۇش، جانلىق باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تارماقلارنىڭ كادىر باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىشكە پايدا يەتكۈزۈپ، كادىرلار قوشۇنىنى 4 لەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە باشقا سەپلەر ئىسلاھاتىنى تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ.

كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتىشىدىكى باقمىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم يەنە مۇنۇلارنى قارار قىلدى: باشقارما، ئىدارە، كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار تەيىنلىگەن، تەكلىپ قىلغان ۋە سايلاپ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ئىلگىرى قايسى ۋەزىپىنى ئۆتىگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ۋەزىپە ئۆتىگەن، تەكلىپ قىلىنغان مەزگىلدە شۇ دەرىجىلىك كادىرنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ، ۋەزىپە ئۆتىمىگەن چاغدا ئەسلى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ، يۇقۇرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان، كادىرمۇ، ئىشچىمۇ بولالايدىغان بولىدۇ.

قاراردا مۇنۇلار تەكىتلەپ كۆرسىتىلدى: كادىر باشقۇرۇش ھوقۇق چېكى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا، نازارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئەگەر پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پىرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىش سەۋەبىدىن كادىر تەيىنلەش، قالدۇرۇش، سەپلەشنىڭ نامۇۋاپىق بولغانلىقىنى چېكلەتتۈرسا،

تۈزۈش، دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ قارارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىينىڭ كادىرلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئۆزلىرى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان خىزمەتتىكى كادىرلارنى ۋە زاپاس كادىرلارنى ياخشى باشقۇرۇشى كېرەك.

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم 1984 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بۇ يىل ۋىلايىتىمىزدە ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە كەڭ ئاممە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، «5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش» ۋە «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

مەركىزىي «5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى كومىتېتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق «5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، بۇ يىلقى «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتىنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈپ، چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى جەھەتتە بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بۇ يىلقى ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىدە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق» نى داۋاملىق تۈزەپ، «3 تە ئەلا بولۇش، 1 دىن ئۆگىنىش» پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلدى: مەركىزىي «5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى كومىتېتىنىڭ جايلار، تارماقلار، ئورۇنلار مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنى بۇ يىلقى ۋە مۇندىن كېيىنكى «5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكلى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى قىلىشى كېرەك، دېگەن تەلىپىگە ئاساسەن، جايلار، ئورۇنلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش بويىچە تەرەققىيات كۆيخۇاسى ۋە تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ، «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى بىلەن مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

«پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق» نى داۋاملىق تۈزەپ، «3 تە ئەلا بو-

لۇش، 1 دىن ئۆگىنىش» نى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە، ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: (1) ناچارلىقنى تۈزەپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى ياخشى يولغا قويۇش لازىم. ھەر قايسى كەسىپ ـ تارماقلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كادىرلارغا، ئاممىغا سوتسىيالىستىك كەسىپ ئەخلاقى، كەسىپ مەسئۇلىيىتى ۋە كەسىپ ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنى جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، يولداشلارغا قىزغىن بولىدىغان، خىزمەتكە چەكسىز مەسئۇل بولىدىغان ئىدىيىنى تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. سودا، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى، تېببى داۋالاش ـ سەھىيە، پوچتا ـ تېلېگىراف، كىنو ـ تىياتىرخانا قاتارلىقلارنىڭ «مەدەنىيەتلىك نۇقتا ئېتىزى» ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا تارماق، كەسىپلەرنىڭ مۇلازىمەتلىك خىزمىتىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك كادىرلار ئىستىلنى بۇراشتىن قول سېلىپ، ئاممە بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، پائال تۈردە ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن، ئاممە ئۈچۈن غەم ـ غۇسسىلەرنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېشىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك. (2) قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، ياخشى تەرتىپ ئورنىتىش لازىم. قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقاتى ۋە جىنايى ئىشلار جىنايى ھەركىتىگە قاتتىق زەربە بېرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا ئىنتىزام ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىش، قاتناش تەرتىۋىگە ۋە جامائەت سورۇنلىرى تەرتىۋىگە رىئايە قىلىش، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقنى قوغداش ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەك. داۋاملىق تۈردە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىنايىتى يەڭگىل ۋە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى بار ئازغان ياشلارغا ياردەم، تەربىيە بېرىش، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. (3) پاسكىنىچىلىقنى تۈزەپ، گۈزەل مۇھىت يارىتىش لازىم. ھەر قايسى كەسىپ ـ تارماقلارنى، ھەممە ئائىلە، ھەممە كىشىلەرنى ھەركەتلەندۈرۈپ مۇھىت تازىلىقىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، تازىلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم، دەرەخ تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشنى داۋاملىق ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم، ھەر بىر يۇقىرىدا دەرەخ تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشى، يۇقۇرىدىن بەلگىلەنگەن مەجبۇرى دەرەخ تىكىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىشى كېرەك. گۈل ئۆستۈرۈش، ئوت ـ چۆپ تېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، خىزمەت ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، كۆكەرتىش، پاكىزلەشتۈرۈش، گۈزەللەشتۈرۈش نىشانىغا يەنە بىر قەدەم قويۇش كېرەك. (4) لېي فېڭدىن، ئۈلگىلەردىن ئۆگىنىش لازىم. 5 ـ مارتنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئاممىنى، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى كەڭ ھەركەتلەندۈرۈپ، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، يېڭى خىسلەت تىكلەش، ياخشى ئىش قىلىش، ئىلغارلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلدى: «ئومۇم خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتىدە، ھەر مىللەت كادىرلارغا، ئاممىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە باشقا تەربىيىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى ئەۋلادلاردىن بولۇشقا

يېتەكلەش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى موھىم بىر مەزمۇن سۈپىتىدە ئەستايىدىل، ياخشى تۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى « ئىككى ئايرىلالماسلىق » ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. رۇس ئىشلارغا يار - يۆلەكتە بولۇپ، ناچار ئىشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، يېڭى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن قىڭغىر كەيپىياتنى توسۇشنى بىرلەشتۈرۈش، كوممۇنىستىك ئەمگەك پوزىتسىيەسىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىنقىلاپ مەنپەئەتى بىلەن شەخسى مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىپ، "ھەممىدە پۇلغا قاراش" قا قارشى تۇرۇش كېرەك؛ ئاۋۋال ئومۇمنى، كېيىن شەخسنى كۆزلەشنى، ئومۇمىيەتچىل، شەخسىيەتسىز بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى سېتىپ ئۆزى پايدا ئېلىشقا، ئومۇمغا زىيان سېلىپ ئۆزىنى سەمرىتىشكە قارشى تۇرۇش كېرەك؛ تىرىشچانلىق، ئىختىساتچانلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك؛ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، دوستلۇقىنى تەشەببۇس قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز - ھەركەتلەرگە قارشى تۇرۇش كېرەك، ۋاھاكازالار.

ئۇقتۇرۇشتا يەنە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: « ئومۇمى خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى » پائالىيىتىدە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، پۇختا بولۇشتىن ئىبارەت خىزمەت ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئەيرەتكە كېلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش كېرەك. جايلار، ئورۇنلار پائالىيەتنىڭ ئاساسى مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئۆز ئورنىنىڭ پائالىيەت پىلانىنى ۋە ھەقىقى يولغا قويغىلى بولىدىغان تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، كۆڭۈل قويۇپ ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك. پائالىيەت داۋامىدا، مەۋقەنى ئاساسى قاتلامغا قويۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھەركەتلەندۈرۈش بىلەن نۇقتىلىق تۈزەشنى بىرلەشتۈرۈپ، زەربىدارلىق خاراكتېرىدىكى پائالىيەت بىلەن دائىملىق خاراكتېرىدىكى پائالىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزلىك، بىر تۇتاش پائالىيەت بىلەن ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، پائالىيەتنى ھەم داغدۇغىلىق، ھەم پۇختا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئورۇنلار رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، « ئومۇمى خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى » پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى نۆۋەتتىكى چوڭ ئىش سۈپىتىدە ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇشى، تەكشۈرۈشى، يەكۈنلەشنى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، "5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش" پائالىيىتىنىڭ كەڭ، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يولداش جاڭ يۈخۇادىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئازاتلىق ئارمىيەنىڭ يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن ھەربى ۋىراچ يولداش جاڭ يۈخۇادىن ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق

مەلۇم دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن ھەربىي ۋىراچ يولداش جاڭ يۈخۇا شىنجاڭغا كىرگەن 20 نەچچە يىلدىن بېرى، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئارمىيە ۋە خەلق ئۈچۈن جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپ، بولۇپمۇ، تۇرۇشلۇق جاي ئەتراپىدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئامما تەرىپىدىن " قەشقەردىكى بېتيۈن " دەپ تەرىپلەندى. ئۇ ئازاتلىق ئارمىيىدىكى كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپلا قالماي، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭمۇ ئۆگىنىش ئۈلگىسى.


ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يولداش جاڭ يۈخۇانىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرى « قەشقەر گېزىتى » گە ئارقا - ئارقىدىن بېسىلغاندىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزدىكى ئورۇن، كادىرلار، ئامما ئاكتىپ تۈردە ئۆگەنمەكتە. جاڭ يۈخۇانىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرى ۋە ئىلغار ئىدىيىسىنى يەنىمۇ تارقىتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم يولداش جاڭ يۈخۇادىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى پۈتۈن ۋىلايەت مىقياسىدا كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: جايلار، تارماقلار، ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھەر خىل تەشۋىقات قورالى ۋە تەشۋىقات شەكلىدىن پايدىلىنىپ، يولداش جاڭ يۈخۇانىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ھەممە ئائىلىگە بىلدۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، كۆپچىلىكنى جاڭ يۈخۇانى چۈشىنىپ، ئاكتىپ تۈردە يولداش جاڭ يۈخۇانى ئۈلگە قىلىپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يولداش جاڭ يۈخۇانىڭ نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش ئاساسىدا، ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى كادىرلار ۋە ئاممىنى مۇزاكىرە ئارقىلىق، يولداش جاڭ يۈخۇانىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرى بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، پەرقلەرنى تېپىپ، تىرىشىش يۆنىلىشىنى بېكىتىپ چىن ئەستايىدىل ئۆگىنىشتۇرۇشى كېرەك. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى، ھەر بىر كادىر، ئامما يولداش جاڭ يۈخۇاغا ئوخشاش، چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈپ، ئۆزىنى چېگرا رايونغا بېغىشلاپ، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى، غەم - غۇسسىلارنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى، چېگرا رايونىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك كۈچىنى بېغىشلىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا يەنە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: جايلار جاڭ يۈخۇادىن ئۆگىنىشنى " مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى " نىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا يولداش جاڭ يۈخۇاغا ئوخشاش، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپ قوغداپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىشى كېرەك.

# ۋىلايەتلىك پارتكوم پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى



ئۆز ئارا ياردەم بېرىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق ئالغا بېسىش.

باۋدې فوتوسى

1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى "پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدا قارار" چىقاردى.

"قارار" دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ۋىلايىتىمىز ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، كۆپ مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، پەن سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كادىرلار ئارىسىدا ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

"قارار" دا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇشى كېرەك. مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش ئوخشاش بولمىغان مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق خىزمىتى، ئورتاق ئەمگىكى داۋامىدا، پەن - مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، ئىدىيىنى ئالماشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، مىللەتلەر مۇھەببىتىنى كۈچەيتىشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. خەنزۇ كادىرلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىدىن تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنەلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلالايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، خەنزۇلار رايونىنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسىنى ۋە چەتئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە پايدا يەتكۈزىدۇ (چەتئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى، ئاساسەن، خەنزۇچە يېزىق ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ). ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدا يەتكۈزىدۇ. ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئېھتىياجى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىشنىڭ ئېھتىياجى، مىللىي خىزمەتتىكى مۇھىم بىر ئۇل خىزمەت.

«قارار» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم.

1. خىزمەتتىكى بارلىق كادىرلار تىل - يېزىقنى ھەپتىدە 3 سائەت ئۆگىنىش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىشى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۇ ۋاقىت ئىگىلىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى، ئوقۇتۇش خادىملىرىنى ئورۇنلار ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. زاۋۇت، كان، كارخانا ئورۇنلىرى ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن جانلىق ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. لېكىن، ھەپتىدە 3 سائەتتىن ئاز بولماسلىقى كېرەك.

2. سېستىمىلار، ئورۇنلار تىل - يېزىق ئاساسى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىشى لازىم. 3 يىل ئەتراپىدا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەپ چىقىشى، ھەر قاراردا 2 _ 3 ئاي ئوقۇتۇپ، كېيىنكى قەدەمدىكى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇل سېلىشى كېرەك.

3. خىزمەتتىكىلەرنى تەربىيىلەش ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ پارتىيە مەكتىپىدە خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ تىل - يېزىق كۇرسى ئېچىلىپ، كوممۇنىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار تەربىيىلىنىدۇ. ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولىدۇ، ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك ئۆتكەندىن كېيىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ياكى قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانى كۆپەيتىلىپ، ھەر يىلى بىر خەنزۇ سىنىپ ( 40 نەپەر )، بىر ئۇيغۇر سىنىپ ( 40 نەپەر ) قوبۇل قىلىنىپ، 45 ياشتىن تۆۋەن، خىزمەتتىكى كادىرلار تەربىيىلىنىدۇ، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولىدۇ. ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك ئۆتكەندىن كېيىن ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

4. ئىشتىن سىرتقى چاغدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. مىللى، خەنزۇ كادىرلار ئارا ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلىشىپ، جۈپ بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە ئۆگەتسە، بىر - بىرىدىن ئۆگەنسە بولىدۇ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىقتىساسلىق بولغانلاردىن ئىمتىھان ئېلىنىپ لاياقەتلىك بولغانلارنىڭ ئوقۇش تارىخى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، خەنزۇ ئوتتۇرا ياش كادىرلارنىڭ يېزىلارغا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى بىلەن ئورتاق خىزمەت قىلىشى، تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئۇنى پائال تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

«قارار» دا يەنە كونكرېت تەلەپ ۋە ئۆلچەم بەلگىلەندى: 50 ياشتىن تۆۋەن، خىزمەتتىكى بارلىق كادىرلار ۋە مۇلازىملىق كەسپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 5 يىل ئۆگىنىش ئارقىلىق، سۆزلىشەلەيدىغان ۋە ئادەتتىكى ھۆججەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان سەۋىيىگە يېتىشى كېرەك. ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك ئۆتكەندىن كېيىن لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ھازىر كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە، ئىشقا قويۇشتا، كادىر، ئىشچى قوبۇل قىلىشتا ئوخشاش بولغان شارائىتتا، ئىككى خىل تىل - يېزىقنى بىلىدىغانلارنى ئاۋۋال قوبۇل قىلىش لازىم؛ 5 يىلدىن كېيىن، ئىككى خىل تىل - يېزىقنى ئىگەللىشىنى كادىر تاللاش، ئۆس-

يۈرۈشنىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرى قىلىش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرى شۇ جايدا قوللىنىلىدىغان ئىككى خىلدىن ئارتۇق تىل - يېزىقنى پىششىق ئىشلىتەلىسە، مۇكاپاتلاش كېرەك» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىككى خىل تىل - يېزىقنى تەرجىمانسىز ئىشلىتەلەيدىغان خىزمەتچى خادىملارغا يىل ئاخىرىدىكى مۇكاپاتتىن تۇتۇلغان مەلۇم سوممىدىن چىقىرىلىپ مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەجمى باشقا خادىملارنىڭكىدىن 10% كۆپ بولسا بولىدۇ. ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى كېرەك.

«قارار» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي رەۋىشتە كۈچەيتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار كادىرلارنى ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش سۈپىتىدە تۇتۇشى كېرەك. تەشكىلات، تەشۋىقات، كادىرلار، مەدەنىيەت - مائارىپ تارماقلىرى كونكرېت مەسئۇل بولۇشى، تەشكىلات بۆلۈمى باشچى بولۇشى، مەسئۇل بولۇپ تۇتۇشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلىنىشى لازىم؛ ئورۇنلار مەسئۇل بولۇشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلىشى ھەمدە تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئۆز ئورنى، ئۆز تارمىقىنىڭ كادىرلار ئۆگىنىشى، ئۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ، تەكشۈرۈپ تۇرۇشمۇ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك، ئۆگىنىش تۈزۈمىنى تۈزۈپ، ئۆگىنىش ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ئۆگىنىش ۋەزىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش فۇداۋسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئۆگىنىشتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، بۇ خىزمەتنى قەتئىي بوشاشماي ئىشلەش، ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

«قارار» دا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن ئۆگىنىشكە باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىپ، كۆپچىلىككە ئۈلگە بولۇش تەلەپ قىلىندى.

## ۋىلايەتلىك پارتكوم پۈتۈن ۋىلايەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى

«قارار» دا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، 1984- يىلى 11 - ئاينىڭ 20- كۈنى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پۈتۈن ۋىلايەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

«قارار» دا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇننىڭ شەرتلىرى بەلگىلەندى:

1 . رەھبەرلىك بەنزىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى دائىم پارتكومنىڭ كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزگەن، بولۇپمۇ، ئاساسلىق رەھبەرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى شەخسەن ئۆزى تۇتقان بولۇش.

2 . رەھبەرلىك بەنزىسى پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىز-

چىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلغان بولۇش، رەھبەرىي ئەزالار ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا قوللاش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى يولغا قويۇلغان بولۇش، رەھبەرىي كادىرلار ۋەزىپىسۇ، ھوقۇقىسۇ، مەسئۇلىيەتىسۇ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان بولۇش، مىللىي، خەنزۇ رەھبەرلەر دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى، سىردىشىش يىغىنى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئۆز ئارىسىدىكى مەسىلىلەرنى توغرا بىر ياقلىق قىلىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىشنى، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغان بولۇش.

3 . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ تۇتۇپ، ئۇنى دائىملاشتۇرغان، تۈزۈملەشتۈرگەن بولۇش، كادىرلار ۋە ئاممە ماركسىزىملىق مىللەت قارىشىنى تەدرىجىي تىكلىگەن بولۇش.

4 . ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي، تېخنىكا ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان بولۇش، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنىڭ ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى بولغان بولۇش، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدىكە ئەستايىدىل ھۆرمەت قىلغان بولۇش.

5 . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلاردىن پائال ئۆگەنگەن ۋە ئۇلارنى تەقدىرلىگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان سۆز - ھەركەتلەر بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىشقا جۈرئەتلىك بولغان بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان كادىرلار ۋە ئاممە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزگەن قىلمىشلار توسۇلغان بولۇش، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارا يېقىن ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا دوستانىلىق كەيپىياتى قويۇق بولغان بولۇش.

6 . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرگەن، كادىرلارنىڭ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشى مول، كۆپ خىل بولغان، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى خوشاللىنارلىق ھالدا ئۆزگەرگەن بولۇش.

ۋىلايەتلىك پارتكوم مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، پىلان تۈزۈپ، بىر نەچچە يىل ئىچىدە بارلىق ئورۇنلارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى، مۇشۇ ئاساستا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە (شەھەر) ۋە نەمۇنىچى ۋىلايەت قۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇ ھەقتە، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملار ۋە ئورۇنلارنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىمكان قەدەر تېز ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ھەمدە گۈيخۇا، تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تۈردە تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. جايلار، سىستېمىلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇشتىكى مۇسابىقە پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئۆز جايى، ئۆز سىستېمىسى قارمىقىدىكى ئورۇنلارنى بالدۇرراق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇ-

نىچى ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇشقا پائال تۆھپە قوشۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇنلارنى ۋىلايىتىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرىغا تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

## قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى

قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە 1984 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جىددىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ناھىيە (شەھەر) لەر، ئورۇنلاردىن بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: قەشقەر شەھىرىدە 16-فېۋرالدا ئادەم زەخىملەنگەن زور ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇشنى دەرھال تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشى ناھايىتى مۇھىم، بىز قەتئىي، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

جىددىي ئۇقتۇرۇشتا، مەمۇرى مەھكىمە ۋىلايەت، شەھەرنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇرغانلىق ۋە ۋىلايەت، شەھەردىكى ھەر قايسى ئورۇنلار بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، پائال ھەرىكەتكە كېلىپ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ياخشى تۇتقانلىق ئەھۋالى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، ۋەقەنىڭ داۋاملىق پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بولۇپمۇ چوڭ ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دۆلەت، خەلق ئاممىسىنىڭ ھايات، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جايلاردىن، ئورۇنلاردىن دەرھال تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

بىرىنچى، بىخەتەرلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن چوقۇم بىخەتەرلىك بىرىنچى ئىدىيىسىنى تىكلەش، بىخەتەرلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە بىخەتەرلىك خىزمىتىنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇش، ھەرگىز سەل قارىماسلىقنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم. ناھىيە (شەھەر) لەر، ئورۇنلار بىردىن مەسئۇل يولداشنى بىخەتەرلىك خىزمىتىنى تۇتۇشقا بېكىتىشى، بەلكى بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى تۇتۇشى كېرەك، ھەر يىلى ھەرىكەتلىك ھالدا بىر - ئىككى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، دائىم ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تۈگىتىپ، بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ تەكشۈرۈپ چىقىش لازىم. ناھىيە، شەھەرلەر ۋە ۋىلايەتتىكى ئورگان، زاۋۇت، مەكتەپ، سودا دۇكىنى، ئىسكىلات قاتارلىق ئورۇنلار ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى تەكشۈرۈشنى ئويۇشتۇرۇشى لازىم. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ئۆز سېستىمىسىنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تۈزۈشىگە دائىم يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. چوڭ تەكشۈرۈش جەريانىدا، مۇھىم نۇقتىنى، يەنى بىرىنچى، زاۋۇت، سېخ، سودا دۇكىنى، ئاشخانا، مېھمانخانا، كىنو-تىياتىرخانا قاتارلىق جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ئىمارەتلىرىنى، ئىككىنچى، شەھەر-يېزىلاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىخەتەرلىك ئۆيلىرىنى، ئۈچىنچى، چوڭ-كىچىك سۇ ئامبىرىنى؛ تۆتىنچى، كۆمۈر كان ۋە ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى پار قازانلىرىنى؛ بەشىنچى، قاتناش بىخەتەرلىكىنى تۇتۇش كېرەك. تەكشۈرۈش جەريانىدا چېلىققان مەسىلىلەرنى تەدبىر قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، بىخەتەرلىكنى چوڭ تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە، ھەر مىللەت ئاممىسىغا بىر قېتىم بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، تۈزۈك بىخەتەرلىك خىزمىتى بويىچە قائىدە-تۈزۈم ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. تەكشۈرۈش جەريانىدا، بىخەتەرلىك خىزمىتىدىكى قائىدە-تۈزۈملەرنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلغان ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرغان خادىملارنى تەقدىرلەش، قائىدە-تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرگە تەنقىد-تەربىيە بېرىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە (شەھەر)لەر، ئورۇنلاردىن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بىخەتەرلىك خىزمىتىنى دەرھال كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

## قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە تاشيول باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قاتناش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمە 1984-يىلى 10-ئاينىڭ 25-كۈنى تاشيول باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قاتناش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلدى: ۋىلايىتىمىزنىڭ قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا، موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېغىر قاتناش ۋەقەلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. گوۋۇيۈەننىڭ (1983) 105-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تاشيول باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قاتناشنىڭ بىخەتەر، راۋان بولۇشىغا ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، ئالاھىدە مۇنۇلارنى ئۇقتۇرۇش قىلىمىز:

1. تاشيول ۋە تاشيولغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەر، يول ئاسراش ئۆيلىرى، تاشيول ئورمان بەلۋېغى، شۇنىڭدەك تاشيولنىڭ بارلىق قوشۇمچە ئەسلىھەلىرى دۆلەتنىڭ مال - مۈلكى بولۇپ ھىمايىلىنىدۇ؛ ھەممە كىشىنىڭ ئۇلنى ئاسراش مەسئۇلىيىتى بار؛ تاشيولنىڭ مال - مۈلكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئىگىلىۋېلىش قىلمىشلىرىنى ھەقىقىي تۈردە چەكلەش ۋە پاش قىلىش لازىم.

2. تاشيول قاتناش بىخەتەرلىكىنىڭ راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تاشيول ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىدە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئەخلەت، ھەر خىل ئەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قويۇش ۋە ئوغۇت توپلاش، ئۆستەڭ، ئېرىق ئېلىش، سۇ قاچىلاش، خامان تېپىش، كېسەك قۇيۇش، ئاشلىق قۇرۇتۇش، چەللە سېلىش، تاش ئېلىش مەيدانى قۇرۇش، خۇمدان سېلىپ ئاھاك پىشۇرۇش، ئاشخانا سېلىش، يايما يېيىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆي ئىمارەت سالماقچى بولغاندا، تاشيول ياقىسىدىن 10 مېتىر يىراقلىقتا سېلىنىشى كېرەك. تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورنىتۇلغان خەۋەرلىشىش ۋە رادىيو سىملىرى تاشيول يۈزىدىن 6 مېتىر ئېگىز بولۇشى، توك سىمى تاشيول يۈزىدىن 6.5 مېتىر ئېگىز بولۇشى كېرەك. يۇقۇرقى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا، تاشيول باشقۇرۇش تارماقلىرى چۇۋۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق. تاشيول باشقۇرۇش تارماقلىرى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بىرلىكتە چەددى تەدبىر قوللىنىپ، تاشيول ۋە ئۇنىڭغا تەۋە قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى لازىم؛ ئەگەر بىر تەرەپ قىلىشقا قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بولسا، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۇنىڭ تىجارىتىنى توختىتىشى ھەمدە تىجارەت قىلىش كىنىشكىسىنى ئىناۋەتسىز قىلىشى؛ ھەتتا جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇشى كېرەك.

3. تاشيوللاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بارلىق موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى نومۇرى ئېنىق بولۇشى، ئوت ئالدۇرۇش، يۆنىلىشىنى بۇراش سىستېمىلىرى جانلىق، ئىشەنچىلىك بولۇشى، چوڭ - كىچىك چىراقلىرى تولۇق بولۇشى، كانىيى ياڭراق بولۇشى، ماللارنى قاچىلاش - چۈشۈرۈش بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى، شوپۇر خادىملارنىڭ ماشىنا ھەيدەش رەسمىيىتى قانۇن-بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. خىلاپلىق قىلغۇچىلاردىن 5 يۈەندىن 30 يۈەنگىچە جەرىمانە ئېلىنىدۇ ھەمدە تۇتۇپ تۇرۇش، شوپۇرلۇق پىراۋىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ.

4. تىراكتورلارنىڭ يولۇچىلارنى توشۇشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار كۆرۈلسە، قائىدىدىكى خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شۆبە ھەربى رايونى 1984 - يىلى قىش پەسلىدە ئەسكەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق تارقاتتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شۆبە ھەربى رايونى 1984 - يىلى قىش پەسلىدە ئەسكەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا 1984- يىلى 9- ئاينىڭ 25- كۈنى بۇيرۇق تارقاتتى.

بۇيرۇقتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايوننىڭ 1984 ـ يىللىق ئەسكەر قوبۇل قىلىش بۇيرۇقىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئەسكەر تولۇقلاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 1984 ـ يىل قىش پەسلىدە ئەسكەر قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇيرۇقتا ئۆلىنىپلا، ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسى بار ئورۇنلارغا، يەنى: قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، كونىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، پەيلودىغا لچىلىق مەيدانىغا ۋە قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار، خەلق قوراللىق ساقچىلىرى كادىرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدىكە ئەسكەر قوبۇل قىلىش سانى كونكرېت تەقسىم قىلىنىدى.

بۇيرۇقتا قوبۇل قىلىنىش ئوبيېكتى ۋە دائىرىسى، قوبۇل قىلىنىش يېشى، شەرتى ۋە ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى، ۋاقتى ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. بۇيرۇقتا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېزىلار، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى بىر قەدەر تولۇق بولغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ياشلار قوبۇل قىلىنىدۇ، شەھەرلەردىن 1983 ـ يىلى ۋە 1984 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، شەھەر ـ بازارلار (ناھىيە بازارلىرى) دىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ياشلار قوبۇل قىلىنىدۇ، 1984 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن قىزلار قوبۇل قىلىنىدۇ. نوپۇسى ئاز بولغان ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى قوشۇنغا مۇۋاپىق ھالدا قوبۇل قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. تەيۋەنلىكلەر ۋە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرى بار ناھىيىلەر ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە مۇشۇ كىشىلەردىن بىر ئاز قوبۇل قىلىشى لازىم. قوبۇل قىلىنىش يېشى مۇنداق: ئوغۇللار 1984 ـ يىلى 18 ياشتىن 20 ياشقىچە بولۇشى، قىزلار 1984 ـ يىلى 18 ياشتىن 19 ياشقىچە بولۇشى لازىم. بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ يېشى 17 گە توشقان بولسىمۇ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. قوبۇل قىلىنىش شەرتى، سىياسىي شەرتى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، باش سەنمۇبۇ، باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ 1984 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى «قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ سىياسىي شەرتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. تەن سالامەتلىك شەرتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ 1975 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تارقاتقان «قوبۇل قىلىنىدىغان ياشلارنىڭ تەن سالامەتلىك شەرتى» ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. قوبۇل قىلىنىدىغان ياشلار نوپۇسى بار جايدا ئىسمىنى مەلۇم قىلىدۇ، بەدەن تەكشۈرۈش، سىياسىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، ناھىيە، شەھەرلەر ياكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قوشۇنغا كىرىدۇ. ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋاقتى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باشلىنىدۇ، 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن ئارتۇق يېڭى ئەسكەرلەر توشۇلىدۇ.

بۇيرۇقتا يەنە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى يەرلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئىشلىنىدۇ. ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسى بار ناھىيە

(شەھەر)لەر، دىخانچىلىق مەيدانلىرى ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي رەۋىشتە كۈچەيتىشى كېرەك. يېڭى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش يېشىدىكى كەڭ ياشلار ۋە ئاممىنى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش، قانۇن بويىچە ھەربىي خىزمەت ئۆتەشنىڭ ھەر بىر پۇقرانىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە ئۆتەشكە تېگىشلىك شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، ئاكتىپلىق بىلەن ئىسمىنى مەلۇم قىلىپ ئەسكەر بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئورۇنلار قوبۇل قىلىنىدىغان ياشلارنى مۆلچەرلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر جەھەتتە شەرتى بىر قەدەر ياخشى بولغان ياشلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ ئەۋەتىشى، سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. قوبۇل قىلغۇچى ئورۇنلار ياخشىلىرىنى تاللاپ ئەسكەر بېكىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، بېكىتىلىدىغانلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى، شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ قىسىمغا كىرىپ قېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك.

## ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1985 - يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى»نى نەشر قىلىشنى تەستىقلىدى

1984 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە نامىيە، شەھەرلەرگە رەسمىي ھۆججەت تارقىتىپ، ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تەھرىر ھەيئىتىنىڭ «قەشقەر يىلنامىسى»نى نەشر قىلىش توغرىسىدىكى دوكلادىنى تەستىقلىدى.

ھۆججەتتە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «قەشقەر يىلنامىسى» ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك، ماتېرىيال خاراكتېرلىك ۋە ئاددىي ئوقۇشلۇق خاراكتېرلىك پايدىلىنىش كىتابى، قورال كىتابى بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىنى ھەر جەھەتتىن ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىنىدىغان ماتېرىياللار ۋە ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىدۇ. بۇنداق كىتابنى نەشر قىلىش ناھايىتى زۆرۈر. «قەشقەر يىلنامىسى»نى تەھرىرلەپ نەشر قىلىش ناھايىتى مۇھىم خىزمەت، جايلار، تارماقلار يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ھەر جەھەتتىكى ماتېرىيال، ھۆججەت، ژۇرنال ۋە ئىستاتىستىكىلىق سان-سانلار بىلەن پائال تۈردە تەمىن ئېتىشى كېرەك؛ ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تەھرىر ھەيئىتى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەر بويىچە، جايلار، تارماقلار بۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، يېزىش ياكى ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشى كېرەك.

ھۆججەتتە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئالاقىدار تەرەپلەر «قەشقەر يىلنامىسى»نى تەھرىرلەش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشى لازىم. جايلار، تارماقلار مۇندىن كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكومغا، مەمۇرىي مەھكىمىگە خىزمەت خۇلاسىسى، ئەھۋالدىن دوكلاتنى يوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماتېرىيال توپلاشقا، ئەھۋاللارنى ئومۇملاشتۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تەھرىر ھەيئىتى ئىشخانىسىغا بىر ئۈزۈكسىز كۆچۈرمىسىنى ئەۋەتىپ بېرىشى كېرەك.

# ئومۇمىي ئەھۋال

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**[جۇغراپىيىۋى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى]** قەشقەر ۋىلايىتى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىگە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىۋى ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 73°20′ تىن 79°50′ قىچە، شىمالىي پاراللېل 35°20′ تىن 39°40′ قىچە بولغان ئارىلىقتا. شەرقىي تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالىي تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن، ئاۋات ناھىيىلىرىگە تۇتىشىدۇ. غەربىي شىمالىي تەرىپى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش، ئۇلۇغچات، ئاقتو ناھىيىلىرىگە تۇتىشىدۇ، شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتى 4 خوشنا دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ: غەربىي قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي جەنۇبىي تەرىپى ئافغانىستان، پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبىي قىسمى ھىندىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 162 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربىي، جەنۇبىي، شىمالىي تەرەپلىرى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، يەر شەكلىنى تۈزلەڭلىك، قۇملۇق، ئېگىز تاغلىق ۋە ئېگىزلىك رايونلىرى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. تەبىئىي يەر شەكلىنى 3 دەرىجىگە ئايرىشقا بولىدۇ. (1) جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېگىزلىك تاغ رايونى 1 ـ دەرىجە ھېساپلىنىدۇ. جەنۇبىي قىسمىدا شەرق بىلەن غەرپنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان قارا قۇرۇم تېغى، غەربىي قىسمىدا غەربى ئېگىز، شەرقى پەس بولغان پامىر ئېگىزلىكى بار بولۇپ، ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىز تۇرىدۇ. بۇ رايوندا تاغلار ئېگىز ھەم خەتەرلىك، جىلغىلار گىرەلىشىپ كەتكەن، تىك يار، چوڭقۇر ھاڭلار ۋە مۇزلۇق ئېقىن، قارلىق تاغلار كۆپ. (2) ئېگىز تاغلىقتىن تۈزلەڭلىككە سوزۇلغان ئېدىرلىق جايلار 2 ـ دەرىجە ھېساپلىنىدۇ، بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىردىن 4000 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ. ئايرىم جايلاردا ئېپتىدائىي ئورمانلىقلار بار. (3) ئويمانلىق گىرۋەكلىرىگە ئورالغان ئېقىندا تۈزلەڭلىك جايلار 3 ـ دەرىجە ھېساپلىنىدۇ، بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 1000 مېتىردىن 1500 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى جەنۇپتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ قىڭغىيىدۇ، سەل ـ پەل ئېگىز ـ پەس جايلار بار. بوستانلىق جايلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە ئورغۇنلىغان قۇم دۆڭلۈكلىرى، قۇم تۆپىلىكلىرى، چۆل شورلۇقلار ۋە ئاز ساندا ساسلىقلار بار. قەشقەر شەھىرى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 1289 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ.

**[تارىخىي تەرەققىيات جەريانى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، قەشقەر غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەت ئىچىدىكى سۇلې (ھازىرقى قەشقەر

شەھىرى، كونىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، پەيزىۋات ناھىيىسى تەرەپلەر)، پۇلى(ھازىر-
قى تاشقورغان)، يەكەن، يېڭىسار، كۆكيار، قاغىلىق قاتارلىق دۆلەتلەر ئىدى.
بۇ يەرلەر ھونلارنىڭ كۈچىيىپ كەلگەن رايون ئىدى. خەن سۇلالى-
سىنىڭ ۋۇدى دەۋرىدىكى يۈەندىڭ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى) خەن سۇلا-
لىسىنىڭ بوۋاڭ بېگى جاڭ چيەن يارلىققا بىنائەن غەربىي دىيارغا كەلگەندە سۇلېدا تۇر-
غان، بۇ يەر خەن سۇلالىسىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولۇشقا باشلىغان. خەن سۇلالىسىنىڭ شۈەندى
دەۋرىدىكى شېنجۆ 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 59 - يىلى) جىلفجى غەربىي دىيارنىڭ
دۇخۇلىغا تەيىنلەنگەن، قەشقەر خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن.
شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، سەركەردە بەن چاۋ مىڭدى دەۋرىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى
(مىلادى 73 - يىلى) دىن خېدى 14 - يىلى (مىلادى 102 - يىلى) غىچە غەربىي دىيارنىڭ دۇ-
خۇلىغىنى ئارتقۇرۇپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىچكى قىسمىدا توپىلاڭلارنى تىنچىتىپ،
سىرتقا قارىتا ھونلارغا قارشى تۇرۇپ، ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاج-
لاندۇرۇپ، ھىمايىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، رېن شاڭ، دۇەن شىلەر دۇخۇلۇقنى ئارت-
قۇرغان. ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلار، سۇي دەۋرلىرىدە، بۇ يەردە يىلمۇ - يىل
ئېغىملىقلار بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكىرى جايلىرى بىلەن ئالاقىسى
ئۈزۈلمەي ساقلاپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ دەۋرىدىكى شاڭيۈەن 2 - يىلى (مىلادى
675 - يىلى) سۇلې دۇدۇ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ (ھازىرقى كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدە)، ئەي-
نى چاغدىكى ئەنشىدىكى مەشھۇر 4 شەھەرنىڭ بىرى بولغان. ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى
غەربتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە، شەرقتە كۇسەن دۇدۇ مەھكىمىسىگىچە، جەنۇپتا قاغىلىق ناھى-
يىسى تەۋەسىدىكى كۆئېنلۇن تېغى ئېتەكلىكىگىچە بولغان. تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 9-
ئەسىرگە كەلگەندە، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى قاراخانىلار پادىشالىقى كۈچ بولۇپ، قەبىلىلىرى
كۆچۈشكەن، كۆپ قىسمى جەنۇپقا ئۆتۈپ غەربىي دىيار (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەش-
قەر، ئاقسۇ تەرەپلەر) غا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، تەدرىجىي ھالدا مۇشۇ جايلاردىكى يەرلىك ئا-
ھالىلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ، ئۇيغۇرلار ئاساسى گەۋدە قىلىنغان ھەر مىللەت ئارىلى-
شىپ ئولتۇراقلاشقان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. مىلادى 10 - ئەسىردىن ئىلگىرى، بۇ
يەردىكى خەلقنىڭ تولىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن، 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرى-
لىرىدا، ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىپ، تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن.
سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەر مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھاكىمىيەت - غەربىي
لياۋ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، سۇلې دېگەن نامنىڭ ئورنىغا قەشقەر دېگەن نام
تەدرىجىي دەسسىگەن. 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇل ھۆ-
كۈمرانلار قەشقەر ئايمىقىنى قۇرغان، بۇ يەر چىڭگىزخاننىڭ 2 - ئوغلى چاغاتاينىڭ تەئەل-
لۇق جايى بولغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر غەربىي دىياردىكى 4 چوڭ مۇسۇلمان شەھە-
رىنىڭ بىرى بولغان، چېڭزۇ دەۋرىنىڭ يۇڭلې 6 - يىلى (مىلادى 1409 - يىلى) سوۋغا ھەدى-
يە قىلىشقا ئەلچى كەلگەن، 11 - يىلى (مىلادى 1414 - يىلى) پايتەختكە ئەلچى ئەۋەتىلىپ
پادىشاھقا سوۋغا تۇتۇلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25 - يىلى (مىلادى 1760 - يىلى)
قەشقەردە مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلىنغان، گۇاڭشۇ 8 - يىلى (مىلادى 1882 - يىلى)

چىڭ ئوردىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى قۇرۇشنى تەستىقلىغان، 2 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. مىنگو يىللىرىدا قەشقەر مەمۇرى رايونى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇرى باشلىق مەھكىمىسى كونىشەھەردە تەسىس قىلىنغان. مىنگو 32 - يىلى (1943 - يىلى) نامى شىنجاڭ 3 - (قەشقەر) مەمۇرى رايونى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتى ۋە يەكەن ۋىلايىتى قۇرۇلغان. 1956 - يىلى يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلىپ، ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلدى.

**[كىلىمات ئالاھىدىلىكى]** قەشقەر ۋىلايىتى ئىسسىق - مۆتىدىل، چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىنى ئالغان كىلىمات رايونىغا جايلاشقان. يەر شەكلى مۇرەككەپ بولغاچقا، كىلىمات پەرقى ناھايىتى چوڭ، ئۇنى 5 كىلىمات رايونىغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1 . تۈزلەڭلىك كىلىمات رايونى. بۇ، ئوتتۇرا قىسىم، شىمالىي قىسىمدىكى كەڭ ئېقىندا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11℃ تىن يۇقىرى. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40℃ تىن 43℃ قىچە، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 22℃ تىن 25℃ قىچە. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 40$mm$ دىن 60$mm$ غىچە. 4 پەسىل ئېنىق، تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى ۋە كۈنلۈك ئۆزگىرىشى زور، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ، ھاۋاسى قۇرغاق. ئەتىياز پەسلىدە ھارارەت تېز ئۆرلەيدۇ، كۆپ ھاللاردا ئەتىيازدا سوغۇق بولۇپ تۇرىدۇ؛ ياز پەسلى ئۇزۇن ھەم ئىسسىق، لېكىن پىژ - پىژ ئىسسىق ۋاقتى قىسقا؛ كۈز پەسلى قىسقا، ھارارەتنىڭ تۆۋەنلىشى تېز؛ قىش پەسلىدە تۆۋەن ھارارەت مەزگىلى ئۇزۇن، ئايرىم يىللاردا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە بوران ۋە قۇم- بوران تولا چىقىدۇ، چاڭ - توزاڭ كۈن سانى كۆپ بولىدۇ.

2 . قۇملۇق، چۆللۈك كىلىمات رايونى. بۇ، مارالبېشىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، مەكىتنىڭ شەرقىي قىسمى، قاغىلىقنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوندا چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىمات روشەن، سوغۇق - ئىسسىق ئۆزگىرىشى تېز، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11℃ تىن ئارتۇق، ھۆل - يېغىن مىقدارى 40$mm$ دىن تۆۋەن، قۇم-بوران كۆپ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى كۈچلۈك.

3 . تاغلىق، دۆڭلۈك كىلىمات رايونى. بۇ، قاغىلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى، مارالبېشى ۋە پەيزاۋاتنىڭ شىمالىي قىسمىنى، كونىشەھەر، يېڭىسار ۋە يەكەننىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11℃ تىن تۆۋەن، قىش پەسلى ئۇزۇنراق، ياز پەسلى قىسقا، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 70$mm$ دىن ئارتۇق. ياز پەسلىدىكى ئايىچاغلاردا يامغۇر، ھەتتا قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ.

4. پامىر ئېگىزلىكى كىلىمات رايونى. بۇ، ئاساسلىقى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 5℃ تىن تۆۋەن، قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم سوغۇق، ياز پەسلى سۆرۈن، ھۆل - يېغىن ئاز، كۆرۈنۈش دەرىجىسى ياخشى، نۇرنىڭ چۈشۈشى تولۇق.

5. كۈنلۈن تېغى كىلىمات رايونى. بۇ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ۋە قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 0℃ تىن تۆۋەن، تاغ چوققىلىرىدا يىل بويى قار جۇغلىنىپ تۇرىدۇ، ھاۋا بېسىمى

تۈۋەن، ئوكسىگېن كەم، بوران كۆپ، قار تولا، ھاۋاسى جىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن يىلنى سوغۇق، سۆرۈن دەپ ئىككى پەسىلگە ئايرىشقا بولىدۇ.

**[مىللەتلەر ۋە نوپۇسى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدۇ، باشقىلىرى خەنزۇ، تاجىك، خۇيزۇ، قىرغىز، ئۆزبېك، قازاق، مانجۇ، شىۋە، موڭغۇل، تاتار، مياۋزۇ، بەيزۇ، زاڭزۇ، تۇزۇ، رۇس، داغۇر قاتارلىقلاردۇر.

1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 324 مىڭ 375، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ بازار نوپۇسى 328 مىڭ 206 بولۇپ، 14.12% نى ئىگەللەيدۇ؛ يېزا نوپۇسى بىر مىليون 996 مىڭ 169 بولۇپ، 85.88% نى ئىگەللەيدۇ. مىللەتلەر بويىچە ئايرىغاندا: ئۇيغۇر 2 مىليون 155 مىڭ 683 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 92.74% نى ئىگەللەيدۇ؛ خەنزۇ 134 مىڭ 786 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5.8% نى ئىگەللەيدۇ؛ تاجىك 23915 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 1.03% نى ئىگەللەيدۇ؛ باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 9991 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.43% نى ئىگەللەيدۇ.

1984 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 13.8%، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى 7.5% بولدى.

**[مەمۇرىي رايونلىرى]** قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى ئورگانلىرى قەشقەر شەھىرى ئىچىگە تەسىس قىلىنغان. ۋىلايەت بويىچە قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى، پەيزىۋات ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئىبارەت 1 شەھەر، 11 ناھىيە بار. ناھىيە (شەھەر) لەرگە قاراشلىق 122 يېزا، 21 بازار بار؛ ۋىلايەت بويىچە 2124 كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى بار.

## [ئاساسلىق بايلىقى]

**ھاۋا رايى بايلىقى:** نۇر قىزۋۇنتى بايلىقى مول. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2700 سائەتتىن 3000 سائەتكىچە، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش نىسبىتى 65% ئەتراپىدا، ئوتتۇرىچە ئومۇمىي نۇر چېچىلىشى 139 كالورىيە كۋادرات سانتىمېتىر. 10℃ تىن يۇقىرى بولىدىغان ياكى 10℃ قا باراۋەر كېلىدىغان يىللىق (ئوتتۇرىچە) جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4060℃ تىن 4360℃ قىچە بولىدۇ، ئەڭ يۇقىرى بولىدىغان يىللىرى 4500℃ ـ 4600℃ بولىدۇ. يىللىق قىروسىز مەزگىلى 200 كۈندىن 220 كۈنگىچە بولىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق سېلىشتۇرما پەرقى چوڭ بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساۋى 14℃ تىن 16℃ قىچە، ئەڭ چوڭ بولىدىغان كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقى 25℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ.

**سۇ بايلىقى:** ۋىلايەت بويىچە يەكەن دەرياسى ئېقىنى ۋە قەشقەر دەرياسى ئېقىنىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئېقىن بار، چوڭ ـ كىچىك دەريادىن جەمئىي ئونى بار، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭراق دەريالار يەكەن، تىزناپ، قىزىل، گەز، كۆسەن دەريالىرىدىن ئىبارەت، ۋىلايەت

بويىچە دەريا سۇيىنىڭ يىللىق ئېقىش مىقدارى 114 مىليارت 570 مىليون ± كۇب مېتىر كېلىدۇ، يەر ئاستىدىن ئېلىنىدىغان سۇ بىر مىليارت كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۇيى زاپىسى 5 مىليارت كۇب مېتىر. سۇ ئېلېكتىرنىڭ ساقلىنىش تۈرۈش مىقدارى 7 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات، ئېچىلغىنى بىر مىليون 200 مىڭ كىلوۋات. ئېقىنلارغا سۇ كېلىش ئالاھىدىلىكى مۇنداق: سۇ ئارتىلىدىغان، كەلكۈن كېلىدىغان مەزگىللەرنىڭ پەرقى بىر قەدەر چوڭ. 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بولغان كەلكۈن مەزگىلىدىكى ئېقىن مىقدارى يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ 60 - 80% نىگە باراۋەر كېلىدۇ، بۇ مەزگىلدە سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلىشى، پەسىيىشى تېز، كېچە - كۈندۈزدىكى ئۆزگىرىشى روشەن.

**كان بايلىقى:** كۆمۈر، چەرۋىتال، تاش پاختا، گەج، سېمونت تېشى، تەبىئىي گۈڭگۈرت، ۋانادىي، تىتان، تۆمۈر، مىس، سىنىك، نىكېل، پوسفور، بېرىلليي، ئاق قاش تېشىسىمان ھەر - ھەر تاش قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ، نېفىت زاپىسى يېتەرلىك، يېقىنقى يىللاردا قاغىلىقتىكى كۆكياردا نەچچە ئون نېفىت قۇدۇقى قېزىلدى.

**يەر بايلىقى:** قەشقەرنىڭ يەرى كەڭ، ھازىر 6 مىليون 234 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يەر بار، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان 14 مىليون مو يەر بار. تۇپراقنىڭ ئورگانىك تەركىبى تۆۋەن، ئادەتتە، 1% تىن تۆۋەن. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 33 مىليون 828 مىڭ مو ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا سۈپەتلىك ئوتلاق 3 مىليون 592 مىڭ مو، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوتلاق 10 مىليون 617 مىڭ مو، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوتلاق 17 مىليون 651 مىڭ مو، ناچار ئوتلاق بىر مىليون 968 مىڭ مو. ياخشىلاش ۋە ئېچىش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى چوڭ.




قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاشلىقتىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى.

لۇ پېيتيەن فوتوسى

**جانلىقلار بايلىقى:** ئۆسۈملۈكلەر بايلىقىدىن ئىگىز تاغ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى، ئۆزلەڭ بوستانلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى، چۆللۈك يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى، سازلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى قاتارلىقلار بار. ۋىلايەت بويىچە ھازىر تەبىئىي ئورمان بىر مىليون 430 مىڭ مو، سۈنئىي ئورمان بىر مىليون 617 مىڭ 900 مو. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1.7%. دەرەخ خىللىرىدىن تېرەك، سۆگەت، ئۈژمە، جىگدە، ئاكاتسىيە، چىنار، قارىغاي، قىيىن، ئارچا، يۇلغۇن، توغراق قاتارلىق كۆپ خىلى بار؛ مېۋىلىك دەرەخلەردىن شاپتۇل، ئۆرۈك، ئامۇت، ئالما، بادام، ئەنجۈر، ئانار، گىلاس، پىستە قاتارلىقلار بار. دېخانچىلىق زىرائەتلىرىدە بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز ئاساسىي قىلىنىدۇ. يەنە، شال، ئارپا، ئاق قوناق، يالغاچ ئارپا، قىچا، زىغىر، خۇاسىڭ، كۈنجۈت، زىرە قاتارلىقلار بار؛ دورىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، قان تېپەر، چاكاندا، قارلەيلىسى قاتارلىق نەچچە ئون خىلى بار. ھايۋانات،

ئۆي ھايۋانلىرىدىن قوي، كالا، ئات، ئېشەك، تۆگە، خېچىر، چوشقا، توشقان قاتارلىقلار بار؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، ياۋا توڭگۇز، جەرەن، يىلپىز، ئۇلار، ياۋا توشقان، تىيىن قاتارلىقلار بار، يەنە، ئورغۇن خىلدىكى ئۇچار قاناتلار بار.

**[ئىقتىسادىي ئەھۋالى]** قەشقەرنىڭ ئىگىلىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى، لېكىن، ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئارقىدا. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 978 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 15.12% كۆپەيدى، 1978 - يىلدىكىدىن 72.6% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 742 مىليون 710 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 18.91% كۆپەيدى؛ سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 235 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 4.6% كۆپەيدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 76% نى ئىگەللەيدۇ، سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى ئاران 24% نى ئىگەللەيدۇ.



كۆئېنلۇن تېغىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانى.
باۋدې فوتوسى

1984 - يىلى قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى داۋاملىق زور دەرىجىدە راۋاجلانغان بىر يىل بولدى. ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق ئومۇمى مەھسۇلاتى بىر مىليارد 660 مىليون 155 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.45%، 1978 - يىلدىكىدىن 34.9% ئاشتى؛ پاختا ئومۇمى مەھسۇلاتى 10 مىليون 233 مىڭ 900 جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 32.2%، 1978 - يىلدىكىدىن 213.2% ئاشتى؛ ياغلىق دان كۆلىمى تەڭشەلگەنلىكى ئۈچۈن، مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.82% كەملىدى، لېكىن، پاختا مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئاشقانلىقتىن، ياغ يەنىلا ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆپەيدى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 3 مىليون 984 مىڭ 800 تۇياق بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.8% كەملىدى، 1978 - يىلدىكىدىن 37.3% كۆپەيدى. يېزىلاردا ئىقتىسات جانلىق بولدى، ۋىلايەت بويىچە يېزا سودا بازارلىرىنىڭ ئالدى - ساتتى سوممىسى 243 مىليون 948 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.92%، 1978 - يىلدىكىدىن 5.7 ھەسسە كۆپەيدى، ئىجتىمائى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ 45.5% نى ئىگەللىدى ( بازار باھاسى بويىچە ). يېزىلاردا خەلق تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى، ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا كەسپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلىدىن 22910 ى بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە 7378 ئائىلىنىڭ ھەر نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولدى. ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 213.57 يۈەنگە يې-

تىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.6% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپتىن بىر تۇتاش باشقۇ-
رۇلغان ۋە مۇددەتكە رىلىك ئىگىلىكى قىسمىدىكىسى 163.88 يۈەن بولۇپ، 1978 - يىلدىكىدىن
140% كۆپەيدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائىتى ئازاتلىقتىن كېيىن تەرەققىي قىلغان. 1984 - يىلغا
كەلگەندە، پۈتۈن ۋىلايەت كۆمۈر، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى، سېمونت، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى،
خىمىيىۋى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، توقۇمىچىلىق، كۆن - خۇرۇم، چىنە - قاچا،
قەغەزچىلىك، يېمەكلىك، چېگىت ئايرىش ۋە ئاشلىق، ياغلىق دانغا ئىش قوشۇش قاتارلىق
كارخانىلارغا ئىگە بولدى. چوڭ تىپتىكى تايانچ كارخانىلاردىن قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق-
بوياقچىلىق فابرىكىسى، قەشقەر سېمونت زاۋۇتى، كۆمۈركان ۋە توك سىغىمچانلىقى 19500
كىلوۋات كېلىدىغان قەشقەر 1 - بالداق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار. يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، 1984 - يىلى
ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى جەمئىي 2418 بولۇپ، خادىملىرى 26667 گە، يىل-
لىق مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون 614 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى 12 - ئايدا
قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە ئاچقان 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا
قەشقەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت
3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، قەشقەرنىڭ سانائىتىنى ۋە
يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئىسلاھات روھى بىلەن راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى بېكىتىلدى.
بۇ قېتىمقى يىغىن قەشقەرنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشتا، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى
گۈللەندۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى.

**[ قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ]** قەشقەر ۋىلايىتى تاشيول ترانسپورتىنى
ئاساس قىلىدۇ. ئازاتلىقتىن بۇيان، تاشيول قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بو-
لۇپ، قەشقەر شەھرى مەركەز قىلىنغان تاشيول قاتنىشى تورى شەكىللەندى. ھازىر ۋىلا-
يەت بويىچە ناھىيەدىن يۇقىرى ئوللۇق تاشيولدىن بەش بار، ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 1184
كىلومېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى تەۋەيىمىزدە ئۇزۇنىغا كېسىشكەن بولۇپ،
قاغىلىقتىن شەرققە يۈرگەندە خوتەنگە بارغىلى بولىدۇ، جەنۇبقا يۈرۈپ كۇئېنلۇن تېغىغا
ئۆدۈل چىقسا شىزاڭنىڭ ئالى ۋىلايىتىگە بارغىلى بولىدۇ. قەشقەردىن كونىشەر ئارقىلىق
تاشقورغانغا بارىدىغان تاشيول، يەنى جۇڭگو-پاكىستان خەلقارا تاشيولى (جۇڭگو تەۋەسىدىكى
ئۇزۇنلىقى 420.6 كىلومېتىر ) شۈيبۇلاڭگۇ ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىدۇ. قەشقەردىن ئۇلۇغچات
ناھىيىسى ئارقىلىق سىمخانىغا ۋە قەشقەردىن تورغاتقا بارىدىغان تاشيوللار جۇڭگو -
سوۋېت چېگرىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. ناھىيە بىلەن ناھىيە ئارىسىدىكى تاشيوللار مۇنداق:
مارالبېشىدىن يەكەنگە 221 كىلومېتىر، يېڭىشەھەردىن پەيزاۋاتقا 64 كىلومېتىر، يېڭىشەھەردىن
يوپۇرغا ئارقىلىق مەكىتكە 166 كىلومېتىر، پوسكامدىن مەكىتكە 102 كىلومېتىر. يەكەن دەر-
ياسى قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا ئۇزۇنىغا ئاقىدىغان بولۇپ، دەريادىن ئۆتە-
دىغان ئاساسلىق يول ئۇزۇنلىقى 540 مېتىر كېلىدىغان يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئىبا-
رەت، كاچۇڭ، ئىگەچى، مەكىت، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ 48 - پولكى قاتارلىق
جايلاردا كېچىك بار. ۋىلايەت بويىچە يېزا ( بازار )، كەنتلەر ئارىسىدا ئاددىي تاشيول

ياكى چوڭ يوللار بار. قەشقەردە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايرودورومى بار بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئايروپىلان قاتنايدۇ.


ئازادلىقتىن بۇيان قەشقەرنىڭ پوچتا - تېلېگىراف ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، قەشقەر شەھىرى مەركەز قىلىنغان پوچتا - تېلېگىراف تورى شەكىللەندى. يېزا (بازار) لاردىن يۇقىرى پوچتا يوللىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15566 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل قاتنىيالايدىغان غول لىنىيە 1964 كىلو مېتىر كېلىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 9481 جۈپ كىلومېتىر تېلېفون سىم يولى بولۇپ، 10180 دانە يەككە ئاپپارات ئورنىتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا پوچتا - تېلېگىراف، خەۋەرلىشىش كەسپى قانات يايدۇرۇلۇپ، 5 قىتئەدىكى 60 دۆلەت بىلەن پوچتا ئالاقىسى قىلىندى.

**[ئاسارە - ئەتىقە، قەدىمى يادىكارلىقلىرى]** قەشقەردە تارىختىن قېپقالغان مەدەنىي،قەدىمىي يادىكارلىقلار بىر قەدەر كۆپ. مەشھۇرراقلىرىدىن قەشقەر شەھىرىدىكى ئاپپاق خوجا مازىرى (ردۋايەتتە ئىپارخان مازىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ھېيتگاھ جامەسى، ئەسكى ھىسارنىڭ كونا ئورنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، بەنچاۋ قەلئەسى، بۇلاق بېشى كونا ئورنى،كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى خانۇي قەدىمى قەلئەسى، مەخمۇت قەشقەرى مازىرىنىڭ كونا ئورنى؛ يەكەن ناھىيىسىدىكى بايدۇۋە؛ قاغىلىق ناھىيىسىدىكى شىپىتىبا قەدىمى قەلئەسىنىڭ كونا ئورنى؛ مارالبېشى ناھىيىسىدىكى توققۇز ساراي قەدىمى قەلئەسىنىڭ كونا ئورنى قاتارلىقلار بار. مۇشۇ قەدىمى يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرنىڭ سىياسى، تارىخى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ئاساسلاردۇر.

1984 - يىلى 2 - ئايدا، گوۋۇيۈەن قەشقەر شەھىرىنى ئوچۇق شەھەر قىلىشنى قارار قىلدى، يۇقۇرىدىكى قەدىمى يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى چەتئەللىك مېھمانلارغا ئېچىپ بېرىلدى. (ئۇيپىتيەن)

# ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

## قەشقەر شەھىرى



باڭ يېڭۇ فوتوسى

قەشقەر دوڭغۇزاغ كۆلى.

**[جۇغراپىيىۋى ئورنى كورۇنۇشى]** قەشقەر شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جايلاش-

قان. ئۇنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°56′ تىن 76°04′ قىچە، شىمالىي پاراللېل 39°25′ تىن 39°35′ قىچە. ئۇنىڭ شەرقىي، غەربىي قىسمى كونا شەھەر ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالىي تەرىپى خۇما تاغ ئارقىلىق قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن خوشنا تۇرىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ.

قەشقەر شەھىرى ئوتتۇرا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي بەلۋىغىدىكى قەشقەر دەرياسى دېلتىسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. يەر قىياپىتى قۇرۇلمىسى قەشقەر دەرياسى سېپتىمىسى شەكىللەندۈرگەن تاشقىن - ئېقىندا تۈزلەڭلىككە تەۋە. بۇ يەر شىنجاڭ بويىچە ئەڭ قەدىمىي بوستانلىقلارنىڭ بىرى. يەر شەكلى، يەر قىياپىتى مۇرەككەپ، جەنۇبىي، شىمالىي تەرىپىدە ئىككى دەريا شەھەر رايونىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسى مۇز - قارلارنىڭ ئېرىشىدىن ۋە يول بويلىرىدىكى يامغۇر، بۇلاق سۇلىرىنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، شىمالىي قىرغىقى ئېگىز، جەنۇبىي قىرغىقى پەس. بۇلاق سۈيىنى ئاساس قىلىدىغان تۈمەن دەرياسى غەربتىن شەرققە ئېقىپ شەھەر رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئۆتىدۇ، شەھەرنىڭ مەركىزىي رايونى تۈمەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى، قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىز جايغا جايلاشقان. ئوتتۇرا قىسمى ئېگىزرەك، جەنۇبى ۋە شىمالى پەسرەك، پۈتكۈل يەر تۈزلۈكىدىن ئالغاندا، شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز تۇرىدىغان ئەڭ ئېگىز جاي 1502 مېتىر، ئەڭ پەس جاي 1264 مېتىر كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1285 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ.

[ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ] تارىختىكى قەشقەر ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنى ۋە يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەلۇم تارىخىي مەزگىللەردە ھازىرقى پەيزىۋات، مارالبېشى، يېڭىسار ناھىيىلىرى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش، ئاقتو قاتارلىق ناھىيىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كەڭ زېمىنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. قەشقەر غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي دىيارىدىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان سۇلې دۆلىتى ئىدى، خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 3 - يىلى ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 59 - يىلى ) غەربىي دىيار دۇخۇ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، سۇلې غەربىي خەن سۇلالىسىغا تەۋە بولۇشقا باشلىغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 17 - يىلى ( مىلادى 74 - يىلى ) دىن كېيىن، بەن چاۋ غەربىي دىيارغا ئىككى قېتىم كېلىپ، سۇلېنى بۆيۈك لاگىر قىلىپ غەربىي دىيارنى 30 يىل سورىغان. شۇڭا، غەربىي دىيارنىڭ مەنسەپدارى بولغاندا سۇلېدا تۇرغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاڭيۈەن 2 - يىلى ( مىلادى 675 - يىلى ) بۇ يەردە سۇلې دۇدۇ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ئەينى چاغدىكى غەربىي دىيارنىڭ داڭلىق " ئەنشى 4 شەھىرى " نىڭ بىرى بولغان. سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، بۇ يەر تارىختىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىقلىرىغا تەۋە جاي بولغان، " سۇلې " دېگەن نام تەدرىجىي ھالدا " قەشقەر " گە ئۆزگەرگەن. مىڭ سۇلالىسىمۇ " قەشقەر " دەپ ئاتىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 8 - يىلى ( 1882 - يىلى ) شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغان، ئىككىنچى يىلى كونىشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە

قاراشلىق يېڭىشەھەر ئايىمىغا تەۋە بولغان. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىلى (مىلادى 1912 ـ يىلى) كونىشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە قارايدىغان بولغان، 1927 ـ يىلى شىنجاڭ قەشقەر مەمۇرى باشلىق مەھكىمىسىگە قاراشقا ئۆزگەرتىلگەن، 1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ 3 ـ دۇسا مەھكىمىسىگە قاراشقا ئۆزگەرتىلگەن. تارىختىن بۇيان بۇ يەر ۋىلايەت، مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ كەلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، كونىشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە قارىدى. 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ قەشقەر شەھىرى قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمە ۋە قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ كەلدى.

[ **مەمۇرى رايونلىرى** ] قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىدا چاسا، ياۋاغ، ئۆستەڭبويى، قۇمدەرۋازىدىن ئىبارەت 4 كوچا ئىش باشقارمىسى، 38 ئاھالە كومىتېتى بار؛ شەھەر ئەتراپى رايونىدا شامالباغ، نەزەرباغ، دۆلەتباغدىن ئىبارەت 3 يېزا، ئىككى دىخانچىلىق مەيدانى بار.

[ **كىلىمات ئالاھىدىلىكى** ] قەشقەر شەھىرىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل نەم بەلۋاغ، چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە، 4 پەسىل ئېنىق، ياز ئۇزۇن، قىش قىسقا، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃، بىرىنچى ئاي ئەڭ سوغۇق بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 6.5℃ ـ، چېكىگە يېتىدىغان ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 24.4℃ ـ؛ يەتتىنچى ئاي ئەڭ ئىسسىق بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.8℃، چېكىگە يېتىدىغان ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.1℃؛ يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىل 210 كۈن. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2784 سائەت. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 62mm. يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2487mm غا يېتىدۇ. غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 2 مېتىر سېكۇنت، بەلگىلىك چاغدىكى ئەڭ يۇقىرى شامال سۈرئىتى 25 مېتىر سېكۇنت، كايى چاغدىكى ئىنتايىن يۇقىرى شامال سۈرئىتى 35 مېتىر سېكۇنت. يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم ـ بوران چىقىدىغان ۋاقىت 10.2 كۈن، قۇم ئۇچۇپ يۈرىدىغان ۋاقىت 25.6 كۈن، چاڭ ـ توزاڭ ۋاقتى 106.8 كۈن بولىدۇ. ئاساسلىق ئاپەتلەردىن تۆۋەن تېمپېراتۇرا، تولۇ، قۇرغاقچىلىق، بوران ـ توپا، قۇرۇق ئىسسىق شامال قاتارلىقلار بار.

[ **مىللەتلەر ۋە نوپۇسى** ] قەشقەر شەھىرىدە 37327 ئائىلە، 186134 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردە 27827 ئائىلە، 138820 نوپۇس بار، يېزىدا 9500 ئائىلە، 47314 نوپۇس بار؛ ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 73.3% ىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، خەنزۇلار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 25.3% ىنى ئىگىلەيدۇ؛ خۇيزۇ، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 1.4% نىلا ئىگىلەيدۇ.

قەشقەر شەھىرىنىڭ ئازاتلىق ھارپىسىدىكى شەھەر رايون كۆلىمى تەخمىنەن 4 كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى، ھازىر پۈتۈن شەھەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 96.3 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونى كۆلىمى 9.45 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر رايونى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزگەرتىلىپ ياسىلىش، كېڭەيتىلىپ ياسىلىش ئارقىلىق، كوچىلىرى كرېست شەكىللىك كىرەلەشكەن ئازات يولى ۋە خەلق يولى ئوق لىنىيىسى قىلىنغان ئارىلاشما يول



قەشقەر شەھەرلىك گۈزەللەشتۈرۈش، باشقۇرۇش، لايىھەلەش ئىشخانىسىدىكى تېخنىكا خادىملىرى پۈتۈن شەھەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدە گۈزەللەشتۈرۈشىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا.

جېن ئىز فوتوسى

تورلىرىنى شەكىللەندۈردى، ئازات يولى ۋە خەلق يولىغا سېمونت ياتقۇزۇلغان بولۇپ، يولىنىڭ كەڭلىكى 32 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر رايونىدا ھازىر 1143 مو جامائەت كۆكەرتىلمە يېرى بار، كوچا ـ دەمىداللاردىكى كۆكەرتىلمە يېرى (يول بويلىرىدىكى دەرەخ) نىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ھەر خىل دەرەخلەر جەمئىي 560 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق، پۈتۈن شەھەرنىڭ كۆكەرتىش بويىچە قاپلىنىش نىسبىتى 20.5% كە يېتىدۇ. شەھەر ئىچىدە يۇندا تۈرۈبىسى يولىدىن 4 كىلومېتىر ياتقۇزۇلدى؛ سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈرۈبا يولى 26.4 كىلومېتىر بولۇپ، يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى بىر مىليون 200 مىڭ تونىغا يېتىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى غول يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بىنالار قارىشىپ تۇرىدۇ. ھازىر بىر مىليون 60 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ھەر خىل تۇرالغۇ ئۆيلەر بار.

[ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ] ئازادلىقتىن بۇرۇن قەشقەر شەھىرىدە زامانىۋى سانائەت يوق ئىدى، كىچىك قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشلا بار ئىدى. 30 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، قەشقەر شەھىرى يېنىك سانائەتنى ئاساس قىلغان، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان، يېڭى تىپتىكى شەھەر بولۇپ تەرەققىي قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. پۈتۈن شەھەردە يېمەك، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، كۆن خۇرۇم، سېمونت، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى، ھەر خىل پىششىقلاپ ئىشلەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ياساش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش ۋە ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق 19 خىل كەسىپ، 104 ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانا بار، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر باشقۇرغان 78 كارخانا بار. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 52000 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 41300، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 10700. قەشقەر شەھىرىنىڭ 1984 ـ يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 812 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكى 17 مىليون 133 مىڭ يۈەندىن 17.48% كۆپەيدى. شەھەر ئىچىدە ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر ـ سەنئەت بويۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلدى، ئىشلەپچىقىرىلغان زىبۇزىنەت بويۇملىرى، دوپپا، كەشتە، كەش ـ ئۆتۈك ۋە مىللىيچە ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچكى ـ تاشقى بازارلاردا ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى 3 يېزا، 2 دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىمۇ بىر قەدەر تېز بولۇۋاتىدۇ. ئاساسلىقى، بۇغداي، كۆممە قوناق ۋە پاختا قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدۇ. 1984 ـ يىللىق يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممى-

تى 12 مىليون 492 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكى 11 مىليون 61 مىڭ 400 يۈەنلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىدىن 11.45% كۆپەيدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قەشقەر شەھىرىنىڭ سودا ئىگىلىكى كۆلىمى ئاۋاتلاشتى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەدەر، شەھەر بويىچە سودا مۇلازىمەتلىق تورنۇقتىلىرى 814 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 227، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 99، يەككە ئىگىلىكىدىكىسى 318؛ يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتلىق نۇقتىسى 170 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 63، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 72، يەككە ئىگىلىكىدىكىسى 35 بولدى. 1984 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كارخانىلار تەرتىپكە سېلىنىش داۋامىدا 22 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك سېتىشنى ئورۇنلىدى، بىر مىليون 100 مىڭ يۈەن پايدىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

[ **مەدەنىيەت، مائارىپ** ] قەشقەر شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىن 24 ى (ۋىلايەتنىڭ 4)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 18 ى (ۋىلايەتنىڭ 5)، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ۋە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىۋىدىن 7سى (7 لىسىنى ۋىلايەت باشقۇرىدۇ)، ئالىي مەكتەپتىن 2سى (2 لىسىنى ئاپتونوم رايون باشقۇرىدۇ) بار. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر جەمئىي 3385 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار جەمئىي 20014 نەپەر. يەنە، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى ۋە شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى، ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى، ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرى ئورۇنلىرى بار. شەھەر بويىچە كىنو-تىياتىرخانىلاردىن 13ى، سەنئەت كوللېكتىۋىدىن 3 ى بار. 1982 يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ياۋتوپ ئىشقا كىرىشتى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈستى ئوچۇق تەنتەربىيە مەيدانى، ئۆلچەملىك، يېرىم يۇمۇلاق شەكىللىك، 400 مېتىرلىق يۈگۈرۈش يولىغا ئىگە يېپىنىك ئاتلېتىكا مەيدانى ۋە پۇتبول مەيدانى بار.

شەھەر بويىچە ھازىر ھەر خىل سەھىيە ئاپاراتىدىن 22 سى ( ۋىلايەتنىڭ 12) ، دوختۇرخانىدىن 13 ى ( ۋىلايەتنىڭ 5 ) بار. شەھەر بويىچە داۋالاش ئاپاراتلىرىدا جەمئىي 1123 كارۋات، 1777 نەپەر سەھىيە خىزمەتچىسى بار ، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىك خادىمى 1085 نەپەر، دوختۇر 354 نەپەر.

[**ئاسارە ـ ئەتىقە، قەدىمىي يادىكارلىقلىرى**] قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ئۇزۇن. 10 نەچچە ئورۇندا تارىختىن بۇيانقى ئاسارە ـ ئەتىقىلەر بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى مىلادى 11ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىر ۋە ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن جاي بولۇپ، تەنتەربىيە يولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە، ھازىرقى 12ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇسى ئىچىگە جايلاشقان ، بۇ مازار مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق يادىكارلىقلار ئىچىدىكى قوغدىلىدىغان ئورۇن ؛ ئاپپاق خوجا مازىرى (ئىپارخان مازىرى ) شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا 3 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. شەھەر مەركىزىدىكى ھېيتگاھ جامەسى 500 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە، ئۇ، مەملىكىتىمىز ئىچىدە ئىسلام دىنى بويىچە ئەڭ چوڭ مەسچىت ، بۇ ئىككىلىسى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق يادىكارلىقلار ئىچىدىكى قوغدىلىدىغان ئورۇنلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن . ( ليۇشىجاڭ )

# ئىسلاھاتتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش



قەشقەر شەھەرلىك ئاپتوۋوز بېكەتلىرىدە، سايىۋەنلەر بېكىتىلىپ، ئادەملەرگە قولايلىق يارىتىلدى.

جېن نيۇ فوتوسى

قەشقەر شەھەرلىك ئاپتوۋوز شىركىتى 1984- يىلى كونا قائىدىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، يۈرەكلىك ئىسلاھ قىلىپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلۈپ ھەق ھېساپلىنىدىغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى، ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى، بىردەرىجە ئىلگىرى دەرىجىنى باشقۇرىدىغان ھېساۋات تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، "داشقازاننىڭ تامىقى"نى بىكار قىلىپ، "تۆمۈر تاۋاق"نى چېقىپ تاشلاپ، مۇكاپاتنىڭ يۇقۇرىسىغا چەك قويماسلىق، ئىش ھەققىنىڭ تۆۋىنىگە كاپالەتلىك قىلماسلىقنى يولغا قويۇپ، كارخانا تەرەققىياتى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈردى. ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق:

رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. ئۇلار ياش، قاۋۇل، كەسپىنى، تېخنىكىنى بىلىدىغان، ئىمتىيازلىقتا ئىگە كىشىلەرنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە قويدى. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى شىركەت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 42 ياشتىن 35.6 ياشقا چۈشتى.

مەمۇرىي باشقۇرغۇچى خادىملارغا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت يۈكلەندى، تارماقلار بويىچە تەكشۈرۈلۈپ نومۇر قويۇلدى، 60 تىن يۇقۇرى نومۇر ئالغانلار مۇكاپاتلاندى، 40 تىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلارنىڭ ئىش ھەققىدىن 5% تۇتۇپ قېلىندى. خىزمەتكە ئېتىبارسىز قاراپ ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ بەرگەنلەردىن قىسمەن زىيان تۆلىتىۋېلىنغاندىن تاشقىرى، ئۇلارغا مەمۇرىي جازامۇ بېرىلدى.

رېمونت ئىشچىلىرىغا نورما، ئىش سائىتى يولغا قويۇلدى. سۈپەت، ۋاقىت، ۋەزىپە ئادەملەرگىچە ئەمەلىلەشتۈرۈلدى، ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ئىككى ھەسسىسى مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچى قىلىنىپ، نورمىدىن ئاشۇرغان قىسمىدىن 3% بويىچە ئېلىپ قېلىنىپ، ئۆزىگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلدى، كەم قالغان قىسمى 5% بويىچە ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىندى.

شوپۇر، كوندۇكتورلارغا ئاپتوۋۇز، ئادەم، ئىقتىسادىي كىرىم كۆرسەتكۈچى بېكىتىلىپ، ئۈنۈمى بىرسال مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسى يولغا قويۇلدى: شوپۇرلارغا كىرىم، كىلومېتىر-

تىر، تەننەرق، ماي سەرپىياتى، پايدا، بىخەتەر يول يۈرۈشتىن ئىبارەت 5 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ بويىچە، كوندۇكتورلارغا كىرىم، بېلەت ۋە پۇلدىن چاتاق چىقماسلىق، نۆۋەتچىلىككە ۋە ئىشقا دەخلى يەتكۈزمەسلىك، مۇلازىمەتلىك پوزىتسىيىسى ياخشى بولۇش، ئاپتوۋۇز پاكىز بولۇشتىن ئىبارەت 5 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ بويىچە پىرسەنتلىك ئىش ھەققى ھېساپلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلۈپ ھەق ھېساپلىنىدىغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش داۋامىدا، ئۇلار ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە «ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت تۈزۈمى»، «مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمى»، «ئامانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى» ھەم زاۋۇت، ئەترەت، ئىستانسا، گۇرۇپپىلارنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى قاتارلىق 39 خىل تۈزۈمنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتا كۆرسەتكۈچ بولۇش، تەكشۈرۈلىدىغان نورمىسى بولۇش، مەھسۇلات ئاشۇرسا مۇكاپات ئېلىش، ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغانلاردىن جەرىمانە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، «داشقازاننىڭ تامىقى»نى يەيدىغان، «تۆمۈر تاۋاق»قا يۆلىنىۋالىدىغان ئىدىيىنى تۈگىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سالدى.

1984 - يىلى ئىقتىسادىي ئۈنۈم روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتىرىلدى. 8 تۈرلۈك ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى مۇنداق:

تىجارەت ترانسپورت كىرىمى بىر مىليون 77 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلاننىڭ 125.3%ى ئورۇنلىنىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 2.8% كۆپەيدى، 1978 - يىلدىكىدىن 100% كۆپەيدى.

تىجارەت ترانسپورت پايدىسى 302 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلاننىڭ 143.8% ى ئورۇنلىنىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 5.9% كۆپەيدى، 1978 - يىلدىكىدىن 403% كۆپەيدى.

بىرلىك تەننەرقى ھەر بىر مىڭ كىلومېتىرنىڭ 742.60 يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلاندىن 1% تۆۋەنلىدى، 1983 - يىلدىكىدىن 1.3% تۆۋەنلىدى، 1978 - يىلدىكىدىن 11.6% تۆۋەنلىدى.

يول يۈرۈش مۇساپىسى 9 مىليون 77 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 2.8% كۆپەيدى.

تىجارەت ترانسپورت ئادەم-قېتىمى 4 مىليون 238 مىڭ ئادەم-قېتىم بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 3.8% كۆپەيدى، 1978 - يىلدىكىدىن 100% كۆپەيدى.

ئاپتوۋۇزلارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى 92.9% بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 4.3% كۆپەيدى، 1978 - يىلدىكىدىن 11% كۆپەيدى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا چىقىشى 101.7% بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 0.7% كۆپەيدى، 1978 - يىلدىكىدىن 18% كۆپەيدى.

ماي سەرپىياتى ھەر 100 كىلومېتىر ئۈچۈن 29.5 كىلولىتىر بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 0.6% كۆپەيدى، 1978 - يىلدىكىدىن 10.7% تۆۋەنلىدى.

ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەلگەنلىكى، پايدا كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت 3 تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە، شىركەت پايدىنى

بۇۋاپەق تەقسىم قىلدى ، دۆلەتكە 261500 يۈەن تاپشۇردى ، كارخانىدا 87900 يۈەن ئېلىپ قالدى ، شەخسىلەرگە 32000 يۈەن بەردى . ھەر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە مۇكاپاتى 196 يۈەندىن بولدى. ئەڭ يۇقىرى مۇكاپات پۇلى شوپۇرلارنىڭ 1600 يۈەن ، رېمونت ئىشچىلىرىنىڭ 1200 يۈەن ، كوندۇكتورلارنىڭ 450 يۈەن بولدى.

## قەشقەر كونشەر ناھىيىسى

**[جۇغراپىيىۋى ئومۇمىي كورۇنۇشى]** كونشەر ناھىيىسى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىيان $75^\circ 18'$ تىن $76^\circ 56'$ قىچە، شىمالىي پاراللېل $38^\circ 55'$ تىن $39^\circ 40'$ قىچە، شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 113 كىلومېتىر، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 91 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 4146 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرى قەشقەر شەھىرىگە 15 كىلومېتىر، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1490 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ شەرقىي تەرىپى پەيزىۋاتقا، يېڭىشەھەرگە تۇتىشىدۇ، غەربىي تەرىپى ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن خوشنا تۇرىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى يېڭىشەھەر، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ 41 - پولكى، ئاقتو ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالىي تەرىپى قاراتاغ، قۇمال تاغ ئارقىلىق ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرىسىدا قەشقەر شەھىرى قىستۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ناھىيىنى شەرق ۋە غەرپتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تۇرىدۇ.

كونشەرنىڭ جەنۇپ، شىمال، غەرپ 3 قىسمىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، شەرقىي قىسمى قىزىل دەرياسى، گەز دەرياسىنىڭ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىسى ۋە قىزىل دەرياسى ئېقىندىسى تۈزلەڭلىكى بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇپقا قىڭغىيىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ قىيپاشلىقى مۇنداق: شەرقىي ۋە غەربىي $\frac{1}{30}$ دىن $\frac{1}{700}$ غىچە، جەنۇپ ۋە شىمالىي $\frac{1}{50}$ دىن $\frac{1}{600}$ غىچە. ئىككى دەريا تاغدىن چىققاندىن كېيىن ناھىيە ئىچىدە كىرەلىشىپ تۇرغاچقا، يەر شەكلى پەۋقۇلئاددە بولۇپ، تىك يار، ھاڭلار، چوڭقۇر جىرا - جىلغىلار چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەرلەردە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ، تاققا يېقىن جايلاردا سۇ بىلەن تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىر. دېھقانچىلىق رايونلىرى دېڭىز يۈزىدىن ئادەتتە 1220 مېتىردىن 1550 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ، ئەڭ يۇقىرى پەللىسى (قاراتاغ) 3244 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ. تاغلىق رايونلار پۈتۈن ناھىيە كۆلىمىنىڭ 54.4% نى ئىگەللەيدۇ.

**[تارىخىي تەرەققىيات جەريانى]** كونشەر ناھىيىسىنىڭ 1952 - يىل 9 - ئايدىن بۇرۇنقى ناھىيە بازىرى، يەنى، ھازىرقى قەشقەر شەھىرى قەدىمى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ، ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم، تارىخى ئۇزۇن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قەدىمى سۇلې دۆلىتىگە، تاڭ **سۇلالىسى** دەۋرىدە سۇلې دۇدۇ ھەكىمىيىتىگە تەۋە بولۇپ، مەشھۇر ئەنسى 4 شەھىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قاراخانىلار پادىشالىقىنىڭ شەرقىي پايتەختى بولغان، كېيىنكى مەزگىللىرىدە غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنىڭ

باشقۇرۇشىدا بولغان. چىڭگىزخان غەربىي دىيارنى تىنجىتىپ، ئاۋۋال دارۇغاچ (ئەمەلدار) تەيىنلەپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان، كېيىن ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا زېمىن قىلىپ بۆلۈپ بەرگەن. سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، سۇلې دېگەن نامنىڭ ئورنىغا تەدرىجىي ھالدا قەشقەر دېگەن نام دەسسىگەن. مىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكىچە بولغان ئۇزاق ۋاقىتتا، چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ كېسىۋالغان زېمىنى بولۇپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 25 - يىلى (مىلادى 1760 - يىلى) قەشقەردە تەسىس قىلىنغان مەسلىھەتچى ئامبال، قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان ھەمكارلاشقۇچى ئامبال قەشقەر ۋە يېڭىسارنىڭ ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرغان. گۇاڭشۇ 8 - يىلى (مىلادى 1882 - يىلى) شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغان، 9 - يىلى (مىلادى 1883-يىلى) ئۇلانۇسۇ دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىدىكى 11 كەنتنىڭ ئايرىلىشى بىلەن، قەشقەر كونا قەلئەسىدە كونىشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە قارايدىغان يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە بولغان. مىنگو 1 - يىلى (مىلادى 1912-يىلى) قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە قارايدىغان بولغان. مىنگو22-يىلى (مىلادى 1933 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قەشقەر مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىگە قاراشقا ئۆزگەرتىلگەن. مىنگو 32 - يىلى (مىلادى 1943 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 3 - دۇسا مەھكىمىسىگە قاراشقا ئۆزگەرتىلگەن. ئازاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. 1952 - يىلى 9 - ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر رايونى (ھازىرقى قەشقەر شەھرى ۋە شەھەرنىڭ يېقىن ئەتراپى) ئاساس قىلىنىپ قەشقەر شەھرى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 1955 - يىلى كۈزدىن كېيىن ھازىرقى ناھىيە بازىرى - توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈپ چىققان.

[**كىلىمات ئالاھىدىلىكى**] كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغ، چۆل‌قۇرغاقلىق خاراكتېرلىك كىلىماتقا تەۋە. كۈن نۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2870.6 سائەت، قۇياش نۇرىنىڭ ئومۇمىي تارقىلىش مىقدارى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 148 كىلوكالورىيە كۋادرات سانتىمېتىر، جانلىقلار ئۈچۈن تارقىلىدىغان نۇر مىقدارى (فوتوسىنتېز ئۈنۈملۈك نۇر تارقىلىشى) يىلىغا 75.5 كىلوكالورىيە كۋادرات سانتىمېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا مۇنداق: تۈزلەڭلىكلەردە 11.2℃ ئەتراپىدا، تاغلىق رايونلاردا 9℃ ئەتراپىدا. چېكىگە يەتكەن ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 39.6℃ (1973 - يىلى)، چېكىگە يەتكەن ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -25.2℃ (1959 - يىلى). ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقى 12℃ تىن 13℃ قىچە، تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق سېلىشتۇرما پەرقى 29℃ تىن 33 ℃ قىچە. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 72.2mm، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2537.8mm، پارغا ئايلىنىش مىقدارى ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 35 ھەسسىسىدىن كۆپرەك كېلىدۇ. يىللاردا كۆپىنچە شەرقىي جەنۇب شامىلى، ئۇندىن قالسا غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 2 مېتىر سېكۇنتتىن 3.5 مېتىر سېكۇنتقىچە بولىدۇ. قىروسىز مەزگىل كۆپ يىللاردىن بۇيان 206 كۈن بولۇپ كەلدى. تۇپراقنىڭ ئوتتۇرىچە توڭلاش مەزگىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ياندۇرقى يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە بولىدۇ،

تۇپراقنىڭ ئەڭ قېلىن توڭلاش چوڭقۇرلۇقى 64 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئاپەتلەردىن مۆلدۈر، بوران، قۇرۇق ئىسسىق شامال، ئۈششۈك قاتارلىقلار بار.

**[مەمۇرى رايونلىرى]** ناھىيە تەۋەسىدە سەمەن، قوغان، لەڭگەر، مۇش، خاڭدى، بەدكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاقتاش، پاختەكلە، ئوغۇساق، زەمىن، سايۋاغ، بۇلاقسۇ، تېرەم، ئوپال، تاشمىلىقتىن ئىبارەت 17 يېزا بار، بۇنىڭدىن سىرت، سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، يېڭىشەھەر دىق چارۋىچىلىق مەيدانى، ئورمانچىلىق مەيدانى، بېلىقچىلىق مەيدانى، ھەسەلچىلىك مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، كۆچەتزارلىقتىن ئىبارەت 6 مەيدان، 1 كۆچەتزارلىق، 1 بازار (ئۇققۇزاق بازىرى)، 211 كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى، 1572 كەنت ئاھالىلىرى گۇرۇپپىسى بار.

**[مىللەتلەر ۋە نوپۇسى]** مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، قىرغىز، موڭغۇل، قازاق، ئۆزبېك، تاجىك، تۇجيا، سالا، خەنزۇ، خۇيزۇ، جۇاڭزۇ، زاڭزۇدىن ئىبارەت 12 مىللەت بولۇپ، نوپۇسى جەمئىي 284374 (ئەر 146473، ئايال 137901)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 277016، شەھەر - بازار نوپۇسى 7358؛ ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.7% نى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇلار 0.69% نى ئىگىلەيدۇ، قىرغىزلار 0.19% نى ئىگىلەيدۇ، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 0.04% نى ئىگىلەيدۇ. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇس 160837 ئىدى، 35 يىلدىن بۇيان 123110 ى كۆپەيدى، يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 2.2% بولدى.

**[ئاساسلىق بايلىقى]** يەر بايلىقى: ئومۇمىي كۆلىمى 6 مىليون 220 مىڭ مو. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 889 مىڭ 727 مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 14.3% نى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق ئىچىدە لايلاتما تۇپراق، نەم تۇپراق، شاللىق تۇپراق بار، ئورگانىك ماددا تەركىبى مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.8%، تولۇق ئازوت تەركىبى 0.056%، تېز ئازوت تەركىبى 33PPm، تېز پوسفور تەركىبى 2ppm، تېز كالىي تەركىبى 352PPm.

ئوتلاق بايلىقى: 128 جايدا تەبىئىي ئوتلاق بار بولۇپ، جەمئىي 853 مىڭ مو كېلىدۇ. بۇ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 13.7% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، چۆللۈكتىكى شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر رايونى ئاز كەم بىر مىليون 800 مىڭ مو بولۇپ، بۇ يەرلەردە چارۋا باققىلى بولىدۇ.

سۇ بايلىقى: ئاساسلىق دەريالاردىن قىزىل دەرياسى كەز دەرياسى بار، ئۇنىڭدىن قالسا، چاقماق دەرياسى، تۈمەن دەرياسى بار، نورمال يىللاردىكى ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى (50% كاپالەتلىك نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا) 859 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭغا 233 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر بۇلاق سۈيىنى قوشقاندا، جەمئىي بىر مىليارت 93 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ھەر نوپۇسقا 4013 كۇب مېتىردىن سۇ توغرا كېلىدۇ. ئىشلىتىلىشكە بولىدىغان 86 قۇدۇق، 9 سۇ ئامبىرى بولۇپ، يىللىق سۇ قاچىلاش مىقدارى 41 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ. بېلىق بېقىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى 8887 مو كېلىدۇ.

ئورمان بايلىقى: تۈزلەڭلىكتىكى سۈنئىي ئورمان، چۆل - باياۋاندىكى تەبىئىي ئورمان، جىرادىكى ئۆزى ئۆسكەن ئورمان جەمئىي 365379 مو، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5.87%.

جانلىقلار بايلىقى: ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، شال، كۆممە قوناق، ئاقنوناق، زىغىر، زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس، كېۋەز، بېدە، شوخلا، پېتىنگان، مۇچ، بەسەي، تۇرۇپ، چەگىسەي، پالەك، كۆدە، سەۋزە، چامغۇر، تەرخەمەك، كاۋا، تاۋۇز، قوغۇن قاتارلىقلار بار. بەشكېرەم يېزىسى ئىشلەپچىقارغان ئەنجۈر، ئۈزۈم ۋە ھەر خىل مېۋە، ئاۋات يېزىسى ئىشلەپچىقارغان تاتلىق ئانار، يېڭىئۆستەڭ يېزىسى ئىشلەپچىقارغان كۆك پىشتى توغاچ ۋە نېپىز پوستلۇق كۆك ئامۇت، سەمەن، قوغان يېزىلىرى ئىشلەپچىقارغان قوقان گىلاس، تاشمىلىق يېزىسىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى قارا كۆلە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خېلى داڭلىق. ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن 31 ئائىلە، 103 تۈر بار. ئۆي ھايۋانلىرىدىن كالا، ئات، قوي، چوشقا، خېچىر، ئېشەك، توشقان، توخۇ، غاز، ئۆردەك قاتارلىقلار بار؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، بۆرە، جەرەن، ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆردەك، كىرپە، چاشقان، تۆمۈر تۇمشۇق، ۋۇشۇك ياپىلاق، قارا قۇشقاچ، ئاق قۇشقاچ، ھۆپۈپ، سېغىزخان، پاختەك، قاغا قاتارلىقلار بار.

ئېنېرگىيە بايلىقى: ئاساسلىقلىرىدىن سۇ ئېنېرگىيىسى، جانلىقلار ئېنېرگىيىسى، قۇياش ئېنېرگىيىسى، شامال ئېنېرگىيىسى، ياتقاق گازى قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈپ مۆلچەرلىنىشىچە، قىزىل، گەز دەريالىرىنىڭ بۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئومۇمىي پەسىيىش پەرقى 467 مېتىر، ساقلىنىپ تۇرغان سۇ ئېنېرگىيىسى جەمئىي 112590 كىلوۋات.

كان بايلىقلىرى: تاش تۇز، گەج، ئاھاك، نېفىت، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

**[ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ]** پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش، ئۆز - ئۆزىنى يېرىم تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى يېزا ئىقتىسادى ئىجتىمائىيلاشقان، كەسىپلەشكەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ قەدەم تاشلاشقا باشلىدى.

1984 - يىللىق يېزا ئىگىلىك تېرىلغۇ كۆلىمى 683500 مو بولۇپ، 1949 - يىلدىكى 439800 مودىن 55.41% كۆپەيدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 178 مىليون 63 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 1.2%، 1978 - يىلدىكىدىن 38%، 1949 - يىلدىكىدىن 206.4% ئاشتى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7 مىليون 231 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 17.3%، 1978 - يىلدىكىدىن 2.01 ھەسسە، 1949 - يىلدىكىدىن 34.1 ھەسسە ئاشتى؛ ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون 741 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 4.5% كېمەيدى، 1978 - يىلدىكىدىن 70.2%، 1949 - يىلدىكىدىن 12.2 ھەسسە ئاشتى. 1984 - يىلى دۆلەتكە 19 مىليون جىڭ ئاشلىق، 69583 دەن پاختا، بىر مىليون 200 مىڭ جىڭ ياغلىق دان، 10027 تۇياق تىرىك چارۋا سېتىپ بېرىلدى.

ئورمانچىلىق: ھازىرقى ساقلىنىپ تۇرغان كۆلىمى 365379 مو بولۇپ، ئورمانچىلىققا باپ كېلىدىغان كۆلەمنىڭ 42.2% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق

مۇداپىئە ئورمىنى 54531 مو، يېقىلغۇ ئورمىنى 247742 مو، ئىقتىسادىي ئورمان قاتارلىقلار 36629 مو، تۆت ئەتراپقا قويۇلغان دەرەخلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرغان سانى 24 مىليون 33 مىڭ 200 تۈپ.

چارۋىچىلىق: 1984- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، چارۋىنىڭ قوتاندىكى ئومۇمىي سانى 390600 تۇياق بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.3% كەمەيدى، 1978- يىلدىكىدىن 49%، 1949- يىلدىكىدىن 1.08 ھەسسە كۆپەيدى.

سانائەت كارخانىلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا قاراپ راۋاجلاندى. ھازىر 41 كارخانا ئورنى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 7، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 34. 1984- يىللىق سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 159 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ، ئىككىنچى يېنىك سانائەت سېستىمىسىدىكى 5 سانائەت كارخانىسىنىڭ 675 مىڭ يۈەنلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يېزا - بازار كارخانىلىرى 225 بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 541 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق كەسىپلەردىن تۇز ئىشلەش، خىش پىششۇرۇش، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى، دېخانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، ئاشلىق، ياغلىق دانغا ئىش قوشۇش، قۇيمىچىلىق ۋە ياغاچ، تۆمۈر مەھسۇلاتلارنى ئىشلەش قاتارلىقلار بار.

1980- يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ناھىيە بويىچە 1984- يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 99 مىليون 888 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.28% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 7.16% ىنى ئىگىلىدى؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 92.84% ىنى ئىگىلىدى.

كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7194 كىلومېتىر كېلىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدە يېزا-بازارلارغا بارىدىغان 6 تاشيول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 224 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، بەشكېرەم يېزىسىغا بارىدىغان 18 كىلومېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. ناھىيە بازىرىدا يۈك ئاپتوموبىلىدىن 76 سى بار، يولۇچى توشۇش ئاپتوموبىللىرى قەشقەرگە ۋە ئوپال، تاشمىلىق قاتارلىق يېزا - بازارلارغا قاتنايدۇ.

1984- يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مالىيە كىرىمى كۆپەيدى. شەھەر - يېزىلاردا بانكا پۇل ئامانىتى 11 مىليون 11 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1983- يىلدىكىدىن 29.7% كۆپەيدى، 1978- يىلدىكىدىن 6.96 ھەسسە كۆپەيدى.

ناھىيە بويىچە 1984- يىللىق سودىدا ساپ سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈش مىقدارى 20 مىليون 854 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983- يىلدىكىدىن 37.97% كۆپەيدى. ساپ سېتىپ چىقىرىش مىقدارى 25 مىليون 525 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983- يىلدىكىدىن 10.45% كۆپەيدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش مىقدارى 30 مىليون 693 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983- يىلدىكى-

دىن 25.73% كۆپەيدى. بازار سودىسىدىكى ئېلىش-سېتىش مىقدارى 8 مىليون 903 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983-يىلدىكىدىن 35.99% كۆپەيدى.

ساناەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق تۇرمۇشى پەيدىنپەي ياخشىلاندى، 1984-يىلى دېھقانلارنىڭ ھەر تۈتۈنىگە ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن تەقسىمات كىرىمى 144.84 يۈەن بولۇپ، 1983-يىلدىكىدىن 13.13% كۆپەيدى، 1978-يىلدىكى 45.83 يۈەندىن 2.16 ھەسسە كۆپەيدى. دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 498.9 جىڭ بولۇپ، 1983-يىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى، 1978-يىلدىكىدىن 51.87% كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 143 ى، 10 مىڭ جىڭ ئاشلىققا ئىگە ئائىلىدىن 462 سى بارلىققا كەلدى.

[مەدەنىيەت، مائارىپ] مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. 1949-يىلى ناھىيە بويىچە ئاران 80 باشلانغۇچ مەكتەپ، 611 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى، مەكتەپتە 10104 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. 1984-يىلى 22 ئوتتۇرا مەكتەپ، 162 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 2732 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىرى 43002 گە يەتتى. 1984-يىلى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار 205 بولۇپ، 1983-يىلدىكى 145 تىن 41.37% كۆپەيدى. ھازىر، 12 يېزىدا قىرائەتخانا مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆيى، تەنتەربىيە سورۇنى، تېلېۋىزور ئۆيى، كىنوخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلدى. 208 كەنتتە قىرائەتخانا ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆيى قۇرۇلدى. 157 كەنتتە تەنتەربىيە پائالىيىتى سورۇنى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا قىرائەتخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلار 115 مىڭدىن ئارتۇققا يەتتى. شەھەر، يېزىلاردا سىملىق رادىيو بار، 13000 دىن ئارتۇق ئائىلىدە رادىيو كاناي بار. 1982-يىلى 1-ئايدا قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە پىروگراممىسى تارقاتقاندىن كېيىن، 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە شەھەر-يېزىلاردا ئومۇمنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ تېلېۋىزورى 1050 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھازىر 2690 نەپەر تېخنىك خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر 11، ئاگرونوم 5، ياردەمچى تەتقىقاتچى 2، باش ۋىراچ 2، باش چارۋىچى 1، باش مال دوختۇرى 2.

1984-يىلى ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىن ئېچىلدى. جەمئىي 65 تۈرى مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 2 تۈر، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 4 تۈر، ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 11 تۈر. بۇ 65 تۈر ئىچىدە: دېھقانچىلىق 47 تۈر، ئورمانچىلىق 5 تۈر، سۇ ئىشلىرى 4 تۈر، تېبىي داۋالاش 4 تۈر، ساناەت-قاتناش 2 تۈر، پەن-تېخنىكا مۇلازىمىتى 3 تۈر. 1984-يىلى 22 تۈر پەن تەتقىقاتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق 13 تۈر، ئورمانچىلىق 3 تۈر، چارۋىچىلىق 1 تۈر، سۇ ئىشلىرى 2 تۈر، ساناەت-قاتناش 2 تۈر، تېبىي داۋالاش 1 تۈر. يالتىراق ئىشلىتىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى؛ شالنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقى بولغان «جوڭگېڭ-129» نى، بۇغداينىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقى بولغان «تاڭشەن-6898» نى كېڭەيتىپ تېرىش؛ ئۈستەڭلەرگە يالتىراق، تاش ياتقۇ-

زۆپ سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ كاللىلارنى توغلاتقا ئىسپىرما بىلەن ئەسلەندۈرۈش: ھېلىمىسنىڭ ئالكو ھولىنىڭ دېغا ئېچىلمىقتا تەدبىق قىلىنىشىدىكى 10 تەدبىر ئۇقتىلىق كېڭەيتىلدى.

[سەھىيە] ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئايرىم شەخسلەر تېۋىپلىق قىلغاندىن تاشقىرى، ناھىيە بويىچە بىرمۇ دوختۇرخانا يوق ئىدى. ئاز بولمىغان بىمارلار ئەرۋاھ - جىنغا ئىشىنىپ، خەققە رەم سالدۇرۇپ ئوقۇتاتتى. 1984 - يىلىغا كەلگەندە، سەھىيە ئورگىنى 16 گە، كارۋات 631 گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 418 گە يەتتى. 338 نەپەر سەھىيە تېخنىك خادىمى ئىچىدە باش ۋىراچ 2، باش دوختۇر (باش دورىگەر، باش تېخنىك) 41، ئىشچى دوختۇر (ئىشچى دورىگەر، ئىشچى تېخنىك) 212، باشقا سەھىيە تېخنىك خادىمى 83. يېزىلاردا جەمئىي 286 نەپەر يېزا دوختۇرى، سانىتار ۋە تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچى بار.

**[ئاسارە - ئەتىقە، قەدىمىي يادىكارلىقلىرى]** كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئاسارە - ئەتىقىلەر بار. داڭلىقلىرىدىن: ئوپالدىكى ھەزرىتى مەۋلام تېغىدا جايلاشقان مەخمۇت قەشقەرى مازىرى — ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق يادىكارلىقلار ئىچىدىكى قوغدىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، 1105 - يىلى ياسىلىشقا باشلىغان. بەشكېرەم يېزىسىغا جايلاشقان خانئۆي قەدىمىي قەلئەسىمۇ ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق يادىكارلىقلار ئىچىدىكى قوغدىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، كونا ئورنى ھېلىغىچە مەۋجۇت. مۇش يېزىسىدىكى مىڭ يولدا بىر پارچە ئابىدە تاش بار، بۇ نىچىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 3 - يىلى (مىلادى 1877 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى



مۇش يېزىسىنىڭ مىڭ يول كەنتى.
جورى قادىر فوتوسى

ليۇجىنتاڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ مىڭ يولدا ياقۇپ بەگنىڭ قالدۇق قوشۇنىنى تولۇق يوقاتقانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئورناتقۇزغان، بۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. يەنە، ئوپال يېزىسىنىڭ ئۈپۈلات دېگەن يېرىگە جايلاشقان، مىلادى 1 - ، 2 - ئەسىردىكى قەدىمىي قەلئەنىڭ كونا ئورنى بار؛ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئەچچىلىنىدىغان تاش قوراللار (1972 - يىلى چىقىرىۋېلىنغان) مۇ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## „4 خىل“ يەردىن پايدىلىنىپ، يېقىلغۇ ئورمىنى ئەھيا قىلىش

### جى يۇ

كۆپ يىللاردىن بۇيان، كونىشەھەر ناھىيىسى قۇملۇق، دەريا ساھىلى، جاڭگال، شورلۇق يەرلەردىن پايدىلىنىپ، يېقىلغۇ ئورمىنى ئەھيا قىلىپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھا-

سەل قىلدى. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا ، 1977 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېقىلغۇ ئورمىنىنىڭ ساقلىنىش كۆلىمى 69853 مو ، 1981 ـ يىلى ساقلىنىش كۆلىمى 161948 مو بولغان . 1984 ـ يىلى ساقلىنىش كۆلىمى 247742 مو بولۇپ ، 1977 ـ يىلدىكىدىن 2.5 ھەسسە كۆپەيگەن . سايۋاغ يېزىسى ئەھيا قىلغان يېقىلغۇ ئورمىنى 52400 مو بولۇپ ، ھەر نوپۇسقا 2.7 مودىن توغرا كەلگەن . ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ بۇ يېزىدىكى تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا ، ھەرمو يەرنىڭ 4 ـ 5 يىل بولغان جىگدە يېقىلغۇ ئورمىنىنىڭ ئوتۇن مىقدارى 787 كىلوگىرامدىن 2505 كىلوگىرامغىچە ئىكەن . ئورمان بىلەن ئوت ـ چۆپ بىرلەشتۈرۈلگەن بەزى يېقىلغۇ ئورمىنىنىڭ ھەر موسىدىن 200 كىلوگىرامچە يېڭى ئوت ـ چۆپ ، 300 كىلوگىرامچە جىگدە چىقىدىكەن . يېقىلغۇ ئورمىنى ئەھيا قىلىش ئارقىلىق يېزىلارنىڭ ئوتۇن مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولۇپلا قالماي ، بەلكى چارۋىچىلىقتا ، سۇ بىلەن تۇپراقنىڭ ساقلىنىشىغا بىۋاستە پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ . 1977 ـ يىلى سايۋاغ يېزىسى مەھەللە ئىچىدە چارۋا بېقىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى ، چارۋىلار تاققا ئېلىپ چىقىلمايدىغان بولدى. 1984 ـ يىلى چارۋا 37341 تۇياققا يېتىپ ، 1976 ـ يىلدىكى 22519 تۇياقتىن 65.8% كۆپەيدى . سايلىقتا ، دەريا ساھىلىغا يېقىن بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ ئارال كەنتى دەريانىڭ مەركىزىدىكى يەككە ئارالغا جايلاشقان ، كەلكۈننىڭ چايقىشى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، 1970 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە كەلكۈن 700 مودىن ئارتۇق يەرنى چېقىپ بۇزۇۋەتكەن، بۇ ، كەنتنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئۇلار كۈچنى توپلاپ ، دەريا بويىغا دامبا ئېتىپ ئورمان ئەھيا قىلدى ، ئەھيا قىلغان يېقىلغۇ ئورمىنى 4100 مو بولۇپ، ھەر نوپۇسقا 8.4 مودىن توغرا كەلدى. يەككە ئارالنىڭ ئىككى قىياسىدىكى دەريا ساھىلىغا قويۇق جىگدە قويۇپ ، كەلكۈننىڭ ھوجۇمىغا كۈچلۈك قارشى تۇردى. ناھىيە بويىچە ئاز بولمىغان يېزا ، كەنتلەردە بۆك ئورمان، قويۇق ئوت ـ چۆپلەرگە تولغان ، مەمىيە زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىنغان ئاۋات مەنزىرە بارلىققا كەلدى .

كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ 3 تەرىپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، كىلىماتى مۆتىدىل ، قىروسىز مەزگىلى يىللاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 206 كۈن ، سۇ مەنبەسى تولۇق بولۇپ ، دېھقانچىلىقتا ، ئورمانچىلىقتا ، چارۋىچىلىقتا باپ كېلىدۇ . ئۇزاق مۇددەتلىك " سول " ئىدىيىۋى تەسىرلەر تۈپەيلىدىن ، بۇ ئەۋزەل شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىلمىدى. ئورمانچىلىقنى مىسالغا ئالساق ، تىكىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ ، باشقۇرۇشقا سەل قارالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئاممىنىڭ تاماق ئېتىش، ئىسسىنىشقا ئىشلىتىدىغان ئوتۇن مىقدارى زور بولۇپ ، كۆپ كېسىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ، ئورماننىڭ ساقلىنىش كۆلىمى يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىپلا قالماي ، بەلكى كۆپلىگەن شاخ ـ شامبىلار ، مايۋان قىغلىرىمۇ ئوچاققا كىرىپ كەتتى . بۇنىڭ بىلەن ، دېھقانچىلىقتا ئوغۇت ، چارۋىغا ئوت قىس بولۇپ ، ئېكولوگىيىنىڭ يامان خاراكتېرلىك دەۋر قىلىشى شەكىللىنىپ ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاممىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ، "4 خىل" يەردىن پايدىلىنىپ ، كەڭ تۈردە يېقىلغۇ ئورمىنى ئەھيا قىلىشنى قارار قىلدى.

يېقىلغۇ ئورمىنىنى ئەڭ بۇرۇن ئەھيا قىلغان جاي بەشكېرەم يېزىسىنىڭ سايۋاغ كەنتى ئىدى. بۇرۇنلا 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتىكى خەلق ئاممىسى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، جاڭگال لايلاتمىلىرىدىن پايدىلىنىپ جىگدە ئورمىنى ئەھيا قىلىپ، ناھايىتى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى ناھىيىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى نەق مەيدانغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى ۋە ئىلھاملاندۇردى، بۇ، كۆپچىلىكنى ناھايىتى چوڭ رىغبەتلەندۈردى.

ئاۋۋال ئاۋاز قوشقىنى سايۋاغ يېزىسىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىسى بولدى. ئۇلار 1966 - يىلىدىن باشلاپ، پۈتۈن يېزىدىكى 20000 مو جاڭگال، 60000 مودىن ئارتۇق ساي ۋە 30000 مو ئەتراپىدىكى دەريا ساھىلى شورلۇقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك كۆيخۇالاپ، مۇددەتتىكە بۆلۈپ ئورمان ئەھيا قىلدى. ھەر قېتىم جىرىم تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەن ھامان، كادىرلارنى ۋاقتىدا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوچاستىكىلارغا بۆلۈپ ھۆددە قىلىپ، ئەمەلىلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. مەغلۇپ بولۇشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقىچە قايتا - قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، 1978 - يىلغا كەلگەندە يېزا بويىچە يېقىلغۇ ئورمىنى كۆلىمى 28000 موغا يېتىپ، ھەر نوپۇسقا 1.5 مودىن توغرا كەلدى. ئەزالار ئوتۇن، ئوت - چۆپ، غازاڭ، جىگدە يىغىش، چارۋا بېقىش ۋە ئوغۇت توپلاش قاتارلىق جەھەتلەردە بۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆردى.

سايۋاغ يېزىسىنىڭ ساي، قۇملۇق، شورلۇقلاردىن پايدىلىنىپ يېقىلغۇ ئورمىنى ئەھيا قىلغانلىق تەجرىبىسى پۈتۈن ناھىيىگە ئۈلگە بولۇپ، ناھىيە بويىچە يېقىلغۇ ئورمىنى ئەھيا قىلىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

1977 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان «شىمالىي 3 رايون» مۇداپىئە ئورمان سىستېمىسى سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە يېقىلغۇ ئورمىنى ئەھيا قىلىش خىزمىتى باشقىچە تۈس ئالدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سۇ بىلەن تۇپراقنى ساقلاپ قېلىش، كىلىماتنى تەڭشەش، سۇ تەركىبىنى ساقلاپ قېلىش، شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، چارۋا بېقىش، ئاممىنىڭ ئوتۇن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى چىقىش قىلىپ، جىرىم تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك كۆيخۇالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيە بويىچە ئورمانچىلىقتا «3 نى بېكىتىش» نى ئېلىپ بېرىپ، كوممۇنا ئەھيا قىلغىنى كوممۇنانىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، ئەترەت ئەھيا قىلغىنى ئەترەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش، بىرلىشىپ ئەھيا قىلغىنى شېرىك ئىگىدارچىلىقتا بولۇش، شەخسلەر ئەھيا قىلغىنى شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشتىن ئىبارەت ئورمانچىلىق سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىلەشتۈردى ھەمدە ئورمانغا باپ كېلىدىغان 60000 مو يەرنى شەخسلەرگە ئايرىپ بەردى. كوللېكتىپنىڭ ئورمانلىرىمۇ كەسمەي ھۆددىگە بېرىلدى، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئورمان ئەھيا قىلىش، ئورمان ئاسراش ئاكتىپچانلىقى تېخىمۇ يۇقىرى بولدى.

# قەشقەر يېڭىشەر ناھىيىسى

**[ جۇغراپىيىۋى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ]** يېڭىشەر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە، پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى قەشقەر ئېقىمىدا تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1484 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە 9 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىۋى ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°47′21″ تىن 76°47′50″ قىچە، شىمالىي پاراللېل 38°50′19″ تىن 39°27′57″ قىچە. شەرقىي تەرىپى پەيزىۋات، يوپۇرغا بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي تەرىپى قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاقتو ناھىيىسى بىلەن خوشنا تۇرىدۇ، شىمالىي تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق قەشقەر شەھىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 106 كىلومېتىر، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 69 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 2193.2 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە قۇملۇق كۆلىمى 832800 مو بولۇپ، 25.3% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ناھىيە دېڭىز يۈزىدىن 2515 مېتىردىن 1310 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ. يەر شەكلى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇپقا قىيپىيىدۇ، يەر تۈزلۈكى تەكشى، ئۆرلەش - پەسلىشى چوڭ ئەمەس، ئۇزۇنسىغا قىيپاشلىقى ئونمىڭدىن بىر.

**[ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ]** قەدىمقى چاغدىكى سۇلې دۆلىتى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنى ۋە يېڭىشەر، كونىشەر ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كونىشەر، يېڭىشەر، پەيزىۋات، يېڭىسار قاتارلىق رايونلارنى باشقۇرغان، خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۇ 2 - يىلى ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى ) غەربىي دىيار دۇخۇ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، سۇلې غەربىي خەن سۇلالىسىغا تەۋە بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 7 - يىلى ( مىلادى 74 - يىلى ) دىن كېيىن، بەن چاۋ سۇلېنى بۈيۈك لاگېر قىلىپ، غەربىي دىيارنى 30 يىل سورىغان، غەربىي دىيارنىڭ مەنسەپدارلىقىدا تەيىنلەنگەن شۇگەن سۇلېدا تۇرغان. سەنگو دەۋرىدە سۇلې يەكەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە كۇسەن ( ھازىرقى كۇچار ) دۆلىتى تەرىپىدىن يوقىتىۋېتىلگەن، شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە سۇلې دۆلىتى بولۇپ ئەسلىگە كەلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ زامانىدىكى شاڭيۈەن 2 - يىلى ( مىلادى 675 - يىلى ) بۇ يەردە سۇلې دۇدۇ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ئەنشى 4 شەھىرىنىڭ بىرى بولغان، ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلار غەرپتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە، شەرقىي شىمالدا كۇسەن ( ھازىرقى كۇچار ) غىچە، شەرقىي جەنۇبىي ۋىسا ( ھازىرقى خوتەن) گىچە تۇتاشقان. سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، سۇلې دېگەن نامىنىڭ ئورنىغا تۈرك تىلىدىكى قەشقەر دېگەن نام دەسسەشكە باشلىغان، شۇڭا، ئۆتمۈشتە سۇلې قەشقەرنىڭ باشقىچە نامى بولغان، ھازىرقى يېڭىشەر قەشقەرگە قاراشلىق جاي بولغان. 1828- يىلى سەركەردە ياڭيۈبي ياقۇپ بەگنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، بۇ يەرگە يېڭىشەر سالدۇرۇپ "خۇيۇۋەن" دەپ نام بەرگەن، بۇنىڭ مەنىسى خاندانلىقنىڭ قورال كۈچى ئىشلىتىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىپ، خاتىرجەملىكنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكنى دېمەكتۇر، ئۇيغۇرچىلىدا بۇ يەر يېڭىشەر دەپ ئاتالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 8 - يىلى ( مىلادى

1882 - يىلى ) شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭىشەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا بىۋاستە قارايدىغان بولغان، گۇاڭشۈ 28 - يىلى (مىلادى 1902 - يىلى) يېڭىشەر مەھكىمىسى بولۇپ كۆتۈرۈلگەن. مىنگو 2 - يىلى ( مىلادى 1913 - يىلى) يېڭىشەر ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاستە قارايدىغان بولغان. 1927 - يىلى قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىگە قاراشلىق ئۆزگەرتىلگەن. 1943 - يىلىدىن ئازاتلىق ئەرپىسىگىچە 3 - دۆرسا ۋالى مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئۆزگەرتىلگەن. 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن، يېڭىشەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمىگە قارىدى.

[**كىلىمات ئالاھىدىلىكى**] يېڭىشەر ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى چوڭ قۇرۇغلۇق خاراكتېرلىك كىلىماتقا تەۋە، كېچە - كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ھۆل - يېغىن شالاڭ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃ بولىدۇ. 7 - ئاي ئەڭ ئىسسىق، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.8℃ بولىدۇ، 1958 - يىلى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چېكىگە يەتكەن ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.1℃ بولدى، 1 - ئاي ئەڭ سوغۇق، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 6.5℃- بولىدۇ، 1959 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چېكىگە يەتكەن ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 24.4℃- بولدى. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2784 سائەت. ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن 62mm، يىللاردىكى ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىل 210 كۈن، ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە كۆپىنچە غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ، ئەڭ يۇقىرى شامال سۈرئىتى 27 سېكۇنتقا يېتىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم - بوران چىقىدىغان ۋاقىت 13 كۈن بولۇپ، ئاساسلىقى 3 - ئايدىن 7 - ئايغىچە مەركەزلىشىدۇ.

[ **مەمۇرى رايونلىرى** ] ناھىيە بويىچە جەمئىي 12 يېزا، يەنى: بارىن، ياندۇرما، يامانيار، باغچى، تازغۇن، يېڭىئېرىق، قومۇشئېرىق، تاغاچى، ئەرمىدۈن، ئارال، يېڭىئاۋات، ھاراپ يېزىلىرى، 3 بازار، يەنى: يېڭىشەر، خانئېرىق، ياپچان بازارلىرى، 205 كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى بار.

[ **مىللەتلەر ۋە نوپۇسى** ] 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 54473 ئائىلە، 214871 نوپۇس ( يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ 41 - پولكى ۋە كونېنلۇن يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 189252. جەمئىي 13 مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 92.98%ىنى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇلار، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 7.02% ىنى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار 92.8% نى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ.

[ **ئاساسلىق بايلىقى** ] يەر بايلىقى: يېڭىشەر ناھىيىسىنىڭ يەر بايلىقى بىر قەدەر مول، تېرىلغۇ يەرلەر تۈز، تۇپا قاتلىمى چوڭقۇر، كۆپ قىسىم يەرلەرنىڭ ھەيدىلىش خاراكتېرى بىر قەدەر ياخشى، ئوغۇت، سۇ ساقلاپ قالالايدۇ، كۆپ خىل زىرائەت ۋە دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە باپ كېلىدۇ. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن مەشغۇلات قىلىشقا بولىدۇ. ناھىيە بويىچە ھازىر يەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 3 مىليون 289 مىڭ مو، بۇنىڭ ئى-

چىدە قۇملۇق كۆلىمى 832 مىڭ مو بولۇپ، 25.3% نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمى كۆلەم ئىچىدە دىخانچىلىققا باپ كېلىدىغان يەر 847 مىڭ مو بولۇپ، 25.8% نى ئىگىلەيدۇ، چارۋىچىلىققا باپ كېلىدىغان يەر بىر مىليون 185 مىڭ مو بولۇپ، 36% نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر تېرىلغۇ يەر 580 مىڭ 800 مو بولۇپ، ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ 17.66% ىنى ئىگىلەيدۇ، ھەر نوپۇسقا 3.1 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. ناھىيە بويىچە تۇپراقلار لايلاتما تۇپراق، نەم تۇپراق، شاللىق تۇپراق، چىملىق تۇپراق، تۇزلۇق تۇپراق، ساسلىق تۇپراق ۋە قۇم تۇپراقتىن ئىبارەت 7 تۇپراق تۈرىگە، 33 تۇپراق خىلىغا ئايرىلىدۇ. ئاساسلىقى تۆۋەندىكى 2 تۇپراق تۈرىدىن ئىبارەت:

لايلاتما تۇپراق يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرى ئىچىدە تارقالغان كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان تۇپراق تۈرىدۇر. ئۇنىڭ كۆلىمى 710860.4 مو بولۇپ، ئومۇمى يەرنىڭ 21.6% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ تۇپراققا ئايلىنىش جەريانى مۇنداق: ئاساسلىقى، لايلاتما، لاتقىلاردىن يېتىشىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئوغۇت بېرىش، تېرىقچىلىق قىلىش، توپا ـ قۇم قۇيۇش ئارقىلىق، تەدرىجىي پىشىپ ھاسىل بولىدۇ.

نەم تۇپراق ــ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە لايلاتما تۇپراقتىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئاساسلىق تۇپراق تۈرى.

سۇ بايلىقى: ناھىيە تەۋەسىدە 3 دەريا بار، يەر يۈزى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 540 مىليون كۇبمېتىر؛ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان زاپىسى 321 مىليون كۇبمېتىر كېلىدۇ؛ 9 سۇ ئامبىرى بار، سىغىمچانلىقى 51 مىليون 600 مىڭ كۇبمېتىر كېلىدۇ؛ ئانا ئۆستەڭ 18 بولۇپ، ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 209 كىلومېتىر. تارماق ئۆستەڭ 77 بولۇپ، ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 551 كىلومېتىر، كىچىك ئۆستەڭ 37 بولۇپ، ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 977 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق سۇ مەنبەسى: بىرىنچى، قىزىل دەرياسى بولۇپ، ھەر يىلى كىرىدىغان سۇ 150 مىليون كۇبمېتىر، مەنپەئەتلىنىدىغان كۆلەم 210 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 140 مىڭ مو؛ ئىككىنچى، گەز دەرياسى بولۇپ، ھەر يىلى كىرىدىغان سۇ 235 مىليون كۇبمېتىر، مەنپەئەتلىنىدىغان كۆلەم 360 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 270 مىڭ مو؛ ئۈچىنچى، كۇسەن دەرياسى بولۇپ، ھەر يىلى كىرىدىغان سۇ 63 مىليون كۇبمېتىر، مەنپەئەتلىنىدىغان كۆلەم 250 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 160 مىڭ مو كېلىدۇ. 1144 قۇدۇق قېزىلىپ، 563 ى ماشىنا ـ پومپا بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. باشقۇرۇشقا قولايلىق يەتكۈزۈپ، سۇنى تېجەشلىك ئىشلىتىش ئۈچۈن، يەر ئاستى سۈيى مول بولغان ماچاڭ تاللىنىپ مەركەزلىك ھالدا قۇدۇق قېزىلدى، 1982 ـ يىلىدىن باشلاپ 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جەمئىي 30 قۇدۇق قېزىلىپ، 78 مىليون كۇبمېتىر سۇ تارتىلىپ، كۇسەن دەرياسى ۋادىسىدىكى 4 يېزا، بازارنىڭ ئەتىياز ۋە كۈزدىكى قۇرغاقچىلىق مەسىلىسى ئاساسى جەھەتتىن ھەل قىلىنىپ، دەريا سۈيى بىلەن سۇغۇرۇشنى ئاساس قىلىدىغان، يەر ئاستى سۈيىنى قوشۇمچە قىلىدىغان سۇغۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندى. ھاۋا نورمال بولغان ئەھۋال ئاستىدا، دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سۇ ئېھتىياجىنى ئاساسى جەھەتتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى: ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ يۈزى 55700 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ مەھسۇلاتى بېقىشقا باپ كېلىدىغان سۇ يۈزى 18100 مو (سۇ ئامبىرى 4900 مو، سازلىق بېلىق كۆلى 2299 مو). يىلىغا 4 مىليون بېلىقچان يېتىشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە كۆپەيتىش ئۆيى بار. سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى بىر قەدەر مول، قېزىشقا بولىدىغان كۆپ يوشۇرۇن كۈچ بار.

ئورمان بايلىقى: ئورمان كۆلىمى 280 مىڭ مو (پارچە - پۇرات قويۇلغان دەرەخلەرنىڭ سۇندۇرۇلغان كۆلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 8.5%.

ئوتلاق بايلىقى: ئومۇملۇق ئوتلاق بايلىقى بىر مىليون 185 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 36% ىنى ئىگەللەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، تەبىئىي ئوتلاق بىر مىليون 141 مىڭ مو بولۇپ 96.3% ىنى ئىگەللەيدۇ؛ سۈنئىي ئوتلاق 44 مىڭ 300 مو بولۇپ، 3.7% ىنى ئىگەللەيدۇ. ھەممىسى تۈزلەڭلىك ئوتلىقى بولۇپ، پەس يەر چىملىق ئوتلىقى، سازلىق ئوتلىقى ۋە سۈنئىي ئوتلاقتىن ئىبارەت 3 چوڭ خىلغا بۆلىنىدۇ. ئوتلاقلارنىڭ تۇپراق تەركىۋىنىڭ تولىسى شورلاشقان چۆپ ۋە چۆپ تۈز بولۇپ، تۇپراقنىڭ سۈپىتى ناچار، ئوت - چۆپنىڭ يىللىق ئۆسۈش مىقدارى ئاز، ئوت - چۆپ سۈپىتى ناچار، پايدىلىنىلىش نىسبىتى تۆۋەن، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئوت - چۆپ 698 مىليون جىڭ، چارۋىنىڭ سىغىش مىقدارى 222 مىڭ تۇياق.

جانلىقلار بايلىقى: يېڭىشەر ناھىيەسىدە جانلىقلار بايلىقى بىر قەدەر مول، ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، ياغلىق داننى ئاساس قىلىدۇ؛ ئاندىن قالسا، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئامۇت، ئالما، ئۈزۈم، كەسلاس، ياڭاق، ئەنجۈر، بادام، قوغۇن، تاۋۇز، بېيە، زىرە، چۈچۈك بۇيا قاتارلىقلار بار، ھايۋاناتلار خىللىرىدىن سېغىزخان، قۇشقاچ، قالغاچ، كاككۇك، ئۆدەك، ياۋا توشقان، تىيىن، قاغا قاتارلىقلار بار. پىلىچىلىك جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ناھىيەلەرنىڭ بىرى.

**[ئىقتىسادىي ئەھۋالى]** يېڭىشەر ناھىيەسىنىڭ ئىگىلىكى «ئۈچ ئارقۇش تىپىدىكى» ئىگىلىك قۇرۇلمىسىغا تەۋە، ئاساسىي گەۋدىسى يېزا ئىگىلىك، ئىككى قانىتى يېزا-بازار كارخانىلىرى ۋە كۆپخىل ئىگىلىكتىن ئىبارەت. كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. 1984 - يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 283 مىڭ 200 يۈەن (1980-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندە ئوخشاش) بولۇپ، 1983 - يىلدىكى 70 مىليون 904 مىڭ يۈەندىن 16% كۆپەيدى، 1978 - يىلدىكى 49 مىليون 40 مىڭ يۈەندىن 18.65% كۆپەيدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 131 مىليون 121 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 18.65% ئاشتى، 1978 - يىلدىكىدىن 34.2% ئاشتى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8 مىليون 829 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 40.6% ئاشتى، 1978 - يىلدىكىدىن 176.9% ئاشتى؛ ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9 مىليون 262 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 1.8% ئاشتى، 1978 - يىلدىكىدىن 62.3% ئاشتى؛ چارۋا 394 مىڭ تۇياق بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 6.3% كېمەيدى، 1978 - يىلدىكىدىن 55.8% ئاشتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن

6.3% كۆپەيدى، 1978 ـ يىلدىكىدىن 82.6% كۆپەيدى. ناھىيە باشقۇرغان يەرلىك سانائەتتىن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى، كۆمۈر سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى، ئېلېكتىر قۇۋۋىتى سانائىتى، يېمەكلىكلەر سانائىتى، توقۇمىچىلىق سانائىتى، قەغەزچىلىك سانائىتى قاتارلىقلار بار. سودىدا 1984 ـ يىلى تاۋارنىڭ ساپ سېتىۋېلىنىپ كىرگۈزۈلۈش مىقدارى 27 مىليون 273 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكى 13 مىليون 20 مىڭ يۈەندىن 109.51% كۆپەيدى؛ تاۋارنىڭ ساپ سېتىلىش مىقدارى 24 مىليون 67 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 38.5% كۆپەيدى؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش مىقدارى 1984 ـ يىلى 34 مىليون 227 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 81.7% كۆپەيدى.

**[قاتناش ـ ترانسپورتى]** يېڭىشەھەر ناھىيىسى قەشقەر شەھىرىگە ناھايىتى يېقىن، قاتنىشى قولايلىق، قەشقەردىن خوتەن، يەكەن، پەيزىۋات، يوپۇرغا، ئاقتو، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيىلەرگە بارىدىغان تاشيوللار ناھىيە تەۋەسىدىن كېسىپ ئۆتۈپلا قالماستىن، بەلكى ناھىيە بويىچە ھەممە يېزا، بازارلارغا ئاپتوموبىل قاتنايدۇ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشى بىر قەدەر قولايلىق.

**[ خەلق تۇرمۇشى ]** سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ نىسبىي ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىم 182 يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 41.1% كۆپەيدى، 1978 ـ يىلدىكىدىن 219.3 % كۆپەيدى. شەھەر ـ يېزا خەلقىنىڭ پۇل ئامانىتى 17 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 8.1% كۆپەيدى؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى بويىچە ئومۇمىي سومما 35 مىليون 818 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 14.2 % كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ئىقتىدارى 1983 ـ يىلدىكىدىن 14.8% كۆپەيدى. (جاڭ خۇاچېن)

## ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش

### جاڭ خۇاچېن

يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئۇيغۇرلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي. بۇ يەر تارىختا ئەسكەر تۇرغۇزۇلىدىغان مۇھىم بازار، ئازاتلىقتىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ كەلدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئەتىگەندىن كەچكىچە بىللە بولۇپ، چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ياردەم بېرىپ، بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن مۇھەببەت ئورناتتى. يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا ئالاش ـ تارتىش بولۇپ كەلگەن 20 نەچچە تارىخىي مەسىلە ھەل بولغان، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى

كۆچە يېڭەن ئاساستا قانات يايدۇرۇلدى. 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بۇ ئاھىيىگە «ئىككى نى ھىمايە قىلىش» بويىچە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى ھەمدە بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى بويىچە ئېچىلغان ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. كېيىن يەنە ئاز كەم ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق، بىرلىكتە قۇرۇلۇش نۇقتىلىرى نۇقتىدىن دائىرىگىچە ئومۇمىي يۈزلۈك ئەۋج ئالدى. ھازىر بىرلىكتە قۇرغان مەدەنىيەتلىك كەنت، مەدەنىيەتلىك زاۋۇت، مەدەنىيەتلىك مەكتەپ، مەدەنىيەتلىك ماگىزىن، مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا ۋە مەدەنىيەتلىك كوچا ـ مەھەللە قاتارلىقلار 47 ئورۇنغا يەتتى. قىسىمدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر تەشەببۇسكار، ئاكتىپ بولغانلىقى، يەرلىك زىچ ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن، بىرلىكتە قۇرۇلغان نۇقتىلار نەتىجە ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىلىك بولغانلىرى: 36129 ـ قىسىم بىلەن يېڭىشەھەر بازىرى كونا بازار، ئاچۇق دەرۋازا كەنتىدىكى ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە قۇرغان مەدەنىيەت مەركىزى؛ 36129 ـ قىسىم بىلەن يېڭىشەھەر بازىرى 2 ـ ئاھالە كومىتېتى بىرلىكتە قۇرغان مەدەنىيەتلىك كوچا ـ مەھەللە؛ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ مەلۇم دوختۇرخانىسى بىلەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى بىرلىكتە قۇرغان مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا؛ مەلۇم قىسىم باش پونكىتى بىلەن 1 ـ ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى بىرلىكتە قۇرغان مەدەنىيەتلىك مەكتەپتىن ئىبارەت. بىرلىكتە قۇرۇلغان نۇقتىلار «5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش»، «3 تە ئەلا بولۇش، 1 دىن ئۆگىنىش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشنى ئاساسى مەزمۇن قىلىپ، شۇ جاينىڭ شارائىتىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئىش كۆرۈپ، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش كۆپخىلاشتى تۈزۈپ چىقتى. ئۇلار 3 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنى دۆلەت پېكى قەدەمدە مەدەنىيەتلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا يول ياغلىدى.



ئىللىق بىلەن سىزدەك يېقىن.

بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئارمىيە بىلەن يەرلىك زىچ ئالاقىلىشىپ، مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى پىلانلىق، تەدرىجىي ھالدا تۈركۈمگە بۆلۈپ قۇرۇپ چىقتى. كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق:

1. ئامما ئىنىڭ دەرت ـ ئەلەمىنى چۈشىنىپ، ئاممىنىڭ غەم ـ غۇسسە، قىيىنچىلىقلىرىنى يېشىپ بەردى. 36129 ـ قىسىمنىڭ 1 ـ باتالىيونى يېڭىشەھەر بازىرىنىڭ 2 ـ ئاھالە كومىتېتىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاھالىلەرنىڭ ئېچىدىغان سۈيىنىڭ ئۈستەڭدىكى لاي سۇ ئىكەنلىكىنى، پاكىز ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، پولك پارتكومىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، قىسىم 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ، كازارمىدىن 200 نەچچە مېتىرلىق ۋودوپروۋوت تۇرۇبىسى

ئۇلاپ بېرىپ ۋە تولۇقلاشنىڭ ئالدىنى ئالمىدىغان سۇ ئۆيى سېلىپ بېرىپ، ئاھالىلەرنى ئۇزاققىچە مەنپەئەتلەندۇردى. ئاھالىلەر ھاياجانلانغان ھالدا: «بۇ، ئازاتلىق ئارمىيە بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن خەلقنى سۆيۈش سۈيى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلالمىغان مەسىلىنى بۈگۈنكى كۈندە ئازاتلىق ئارمىيە ھەل قىلىپ بەردى، ھەقىقەتەن خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى ئىكەن» دېيىشتى. بۇ قىسىمنىڭ 2 ـ ، 3 ـ باتالىيونى نامراتلىقنى تۈزەپ بېيىتىشنى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى قىلىپ، بارىن يېزىسىنىڭ قىچىچى كەنتىنى بىرلىكتە قۇرۇش نۇقتىسى قىلىپ، ئامىنىڭ زەي يەرلەرنى ئېزگىلىلەشكە ياردەم قىلدى. بۇلتۇر 4 ـ ئايدا 400 نەچچە كىشى ئىشقا چىقىپ، ۋاقتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قىچىچى كەنتى ئۈچۈن زەيكەش چېپىپ، ئۈستىگە ياساپ، سېمونت سۇ ئۆتكۈزگۈچ كۆمۈپ بېرىپ، شۇ يىلى مەنپەئەتلەندۇردى. 400 مو زەي يەردە كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 50 جىڭ ئاشتى. قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، لېيفېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىن 13 نى قۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.

2. ئازغانلارغا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ، ياخشى يولغا ماڭغۇزدى. 1980 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يېڭىشەھەر بازىرىدىكى ئاھالىلەردىن 40 نەچچە كىشىنى توختۇتۇپ قويدى، 10 كىشىگە قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئاساسەن، بىرلىكتە قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئازغانلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇلار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش ئارقىلىق، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن تۈزۈمنى ئۆگىنىشكە، لېي فېڭ، جاڭ خەيدى، جاڭ يۈخۇالارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، ياشلارنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىۋېلىش، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تەدرىجى تونۇۋېلىش، گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ يېڭىۋاشتىن ئادەم بولۇشقا بەل باغلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. نەتىجىدىن قارىغاندا، تۆۋە قىلىش ئىرادىسى بارلارغا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى تۇغدۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ھالال ياشايدىغان ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇردى. ئازغان ياش دۇچمېپى تەربىيە ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ داغلىرىنى تەر بىلەن يۇيۇۋېتىشكە بەل باغلاپ، شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولى قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئەمگەكچى بولۇپ باھالاندى. تۇرغۇن تاش ئىسىملىك بىر ياش دائىم قىمار ئويناپ، مۇشلۇشۇپ يۈرەتتى، تەربىيە ئارقىلىق، ئۇ يامان يولدىن قايتىپ ياخشى يولغا مېڭىپ، كۆڭلىنى ئەمگەك بىلەن بېيىشقا بۇراپ، مەنىۋى مەدەنىيەت بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

3. مەدەنىيەت ئۆيلىرىنى بەرپا قىلىپ، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بىرلىكتە قۇرۇش نۇقتىلىرىدا بەرپا قىلىنغان 17 مەدەنىيەت ئۆيىدە ئادەتتە كىتاپ، گېزىت، ژورنال، مەدەنىي تەنتەربىيە سايمانلىرى بار. بەزىلىرى تېلېۋىزور سېتىۋالماقتا. يېڭىشەھەر بازىرى 2 ـ ئاھالە كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت ئۆيى ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كەچكى كۇرس ئاچتى، 160 كىشى مەدەنىيەت پائالىيىتىگە قاتناشتى.

4. لېپى فېڭدىن ئۆگىنىپ، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. بىرلىكتە قۇرۇش نۇقتىلىرى لېپى فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىن بىر نەچچىنى قۇرۇپ، خەلققە ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، ياخشى ئىش قىلىپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلدى. 36129 - قىسىم «خەلققە قولايلىق يەتكۈزۈش» گۇرۇپپىسىدىن 241 نى قۇرۇپ، ئامما ئۈچۈن دىخانچىلىق سايمانلىرى، ئاپتوموبىل، تىراكتور، دېزىل رېمونت قىلىپ بېرىپ، خالىسانە كېسەل كۆرۈپ، خالىسانە چاچ ئېلىپ، خالىسانە ۋېلسىپىت ساقلاپ، ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا چوڭقۇر مۇيەسسەر بولدى.

ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئاساسلىقى 4 جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولدى:

بىرىنچى، جەمئىيەت كەيپىياتى ياخشىلاندى. قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق، مۇشلىشىش قاتارلىق ھادىسىلار زور دەرىجىدە ئازايدى، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى روشەن ھالدا تۆۋەنلىدى. مەسىلەن: يېڭىشەھەر بازىرى 2 - ئائىلە كومىتېتىدا ئەسلىدە ئازغۇنچىلاردىن 25 ى بار ئىدى، تەربىيە ئارقىلىق، ئۇلار ئىدىيىدىن ھەركەتكىچە ئۆزگىرىش ياسىدى. يېڭىشەھەر بازىرى كونا بازاردا ۋە بارىن يېزىسىنىڭ قىچچى كەنتىدە بىر يىل ئىچىدە «5 تە ياخشى ئائىلە» ۋە «مەدەنىيەتلىك ئائىلە» دىن 205 ى، مەدەنىيەتلىك ئىلغار شەخسىدىن 387 سى بارلىققا كەلدى.

ئىككىنچى، مۇھىت تازىلىقى قىياپىتى ئۆزگەردى. بىرلىكتە قۇرۇش نۇقتىلىرى پاسكىنىچىلىقنى تۈزەش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلەت ئېرىقداش، يۇندا ئازگاللىرىنى تىندۇرۇش، گۈل ئۆستۈرۈش، چىرىم تىكىش، مۇھىتنى رەتلەشنى چىڭ تۇتتى. بازار 2 - ئائىلە كومىتېتىدىكى ئىككى يول بۇرۇن تۈز ئەمەس ئىدى، ئەخلەت كوچىغا تولۇپ تۇراتتى، قاتناش ۋاسىتىلىرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، توپا - چاڭلار توزۇپ تۇراتتى. 2 - قېتىملىق «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتىنىڭ تۈرتكىلىكىدە، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە 100 كۈپمېتىردىن كۆپرەك ئەخلەتنى ئېرىقدىدى، 75 ماشىنا شېغىل توشۇدى، يۇندا ئازگىلى ۋە يولنى تىندۇرۇپ تۈزلىدى، كوچا تاملىرىنى ئاقلىدى، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىقنى رېمونت قىلدى، ئاممىۋى ھاجەتخانا سالدى. ئائىلىلەرنىڭ ھويلىلىرىمۇ رېمونت قىلىندى، ئۇزۇنلۇقى 400 مېتىر كېلىدىغان ئىككى كوچا رەتلىك، پاكىزە بولۇپ، پۈتۈنلەي يېڭى تۈس ئالدى.

ئۈچىنچى، يەرلىك شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ مەدەنىي مائارىپ ۋە سىياسىي مائارىپىنى قانات يايدۇرۇشىغا، ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئەسقاتىدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ياردەملەشتى. 1984 - يىلىدىن بۇيان، 36127 - ۋە 36129 - قىسىملىرىغا ياردەم قىلىپ، ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئەسقاتىدىغان ئىختىساسلىق خادىملاردىن 201 نەپەرنى ئورتاق يېتىشتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالغانلار 101 نەپەر. ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەن كەسپى فوتوچىلىق، ئاخباراتچىلىق، سەتىراشلىق، ئاشپەزلىك، كېسمىچىلىك، ماشىنىچىلىق، بېقىش - كۆپەيتىش، ئېلېكتىر سايمانلىرىنى

رېمونت قىلىش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، تىراكتور رېمونت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يولداشلار ھەربىر سەپتىن قايتقاندىن كېيىن، شۇجايدىكى ئاممىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولدى، بەزى ئورۇنلار ئۇلارنى تالىشىپ تۇرۇپ تەكلىپ قىلدى.

ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى. بىرلىكتە قۇرۇش نۇقتىلىرى پائالىيەت قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم مەزمۇن قىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتى. 1984 - يىلى ئىككى ئورۇن، يەتتە شەخس ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس ۋەكىلى بولۇپ قاتناشتى. مۇشۇ يىلى يەنە يېزىلاردا «5 تە ياخشى ئائىلە» دىن 10500 دىن ئارتۇقى باھالاپ سايلاپ چىقىلدى، بۇ، يېزا ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 20% ىنى ئىگىلىدى. بازار 2 - ئاھالە كومىتېتىدىن 4 كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، 13 ئائىلە «5 تە ياخشى ئائىلە» بولۇپ، 8 ئاھالە قورۇسى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قورۇسى» بولۇپ باھالاندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى ئىلغار ۋەكىللەردۇر. قاتناش ۋەقەلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەر مىللەت خەلقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئومۇملىقىنى چىقىش قىلدى. 1984 - يىلى 5 - ئايدىن 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، جەمئىي 14 قېتىم ئاپتوموبىل ۋەقەسى يۈز بەردى، 4 قېتىمى مىللىيلار بىلەن خەنزۇلارغا چېتىشلىق بولدى. بىر ئادەم ئۆلدى، ئۈچ ئادەم يارىلاندى. بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەر قايسى تەرەپلەر قانۇن - قائىدە بويىچە ئىش كۆردى، داۋالغۇش كېلىپ چىقمىدى. ھازىر، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئىناق ئۆتۈش، ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا قوللاش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا چۈشىنىشتەك كەيپىياتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىگە تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭدى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئومۇمىي يۈزلۈك كۈچەيدى.

## يېڭىسار ناھىيىسى

**[جۇغراپىيىۋى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى]** يېڭىسار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 75°45′ تىن 76°53′ قىچە، شىمالىي پاراللېل 38°25′ تىن 39°03′ قىچە. شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 125 كىلومېتىر، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 70 كىلومېتىر، ھازىرقى ئومۇمىي كۆلىمى 3900 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربىي جەنۇبىي تەرىپى، غەربىي شىمالىي تەرىپى ئاقتۇ ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ، شىمالىي تەرىپى يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن خوشنا تۇرىدۇ، شەرقىي قىسمى، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى يەكەن ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي يەر شەكلى جەھەتتە غەربىي جەنۇبى ئېگىز، شەرقىي شىمالى پەس. يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىڭغىيىدۇ. غەربىي قىسمىدا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز

تۇرىدىغان ئەڭ يۇقۇرى جاي 2256 مېتىر، شەرقىي قىسمىدا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز تۇرىدىغان ئەڭ پەس جاي 1212 مېتىر، تاغلىق ـ دۆڭلۈك رايونلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1643 مېتىردىن 2256 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئۇزۇنلىقى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدىغان قارا دۆڭلۈكى ئەگۈس يېزىسىدىن باشلىنىپ غەربتىن شەرققە ناھىيە تەۋەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن ناھىيىنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسمىغا ئايرىپ تۇرىدۇ.

**[تارىخىي تەرەققىيات جەريانى]** يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەت ئىچىدىكى يىنەي دۆلىتى بولغان ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قاغىلىققا تەۋە بولغان، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلېغا تەۋە بولغان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەشبالىق (هازىرقى ئاقسۇ تەرەپلەر) گە تەۋە بولغان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەرگە تەۋە بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى (مىلادى1883 ـ يىلى) هازىرقى ناھىيە بازىرى تەرەپلەرگە ئىچكى قەلئە سېپىلى سوقۇلغان. ئىچكى ـ تاشقى قەلئە سېپىللىرى سوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، "يېڭىھىسار" دەپ ئاتالغان (يېڭى قەلئە دىگەن مەنىدە)، مىنگو 2 ـ يىلى (مىلادى 1913 ـ يىلى) قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە بولغان. ئازاتلىقتىن كېيىن هازىرغىچە قەشقەر ۋىلايىتى (كېيىنكى قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە) گە تەۋە بولدى.

**[كىلىمات ئالاھىدىلىكى]** يېڭىسار ناھىيىسىدە كۈننىڭ يىللىق ئومۇمى چۈشۈش ۋاقتى 2975 سائەت، ئەڭ ئاز بولغاندا 2411 سائەت بولىدۇ. ئەڭ يۇقۇرى تېمپېراتۇرا 40.4℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 24.6℃ـ بولىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ مۇقىملىقى 0 گىرادۇس جۇغلانما تېمپېراتۇرىدىن ئۆتىدۇ؛ تۈزلەڭلىك رايونلاردا 9761.9℃ بولىدۇ. تۈزلەڭلىك رايونلاردا ئوتتۇرا هېساپ بىلەن 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى دەسلەپكى قىرو چۈشىدۇ، ئەڭ دەسلەۋىدىكىسى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئەڭ كېيىنكىسى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشىدۇ؛ ئوتتۇرا هېساپ بىلەن ئاخىرلىشىدىغان كۈنى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئەڭ دەسلەپتە كۆرۈنىدىغىنى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئەڭ كېيىن كۆرۈنىدىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى هېساپلىنىدۇ؛ ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىل 223 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل ـ يېغىن مىقدارى 63 mm، ئومۇمى پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2271.1 mm، پارغا ئايلىنىش مىقدارى هۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 36 هەسسىگە تەڭ كېلىدۇ.

**[مەمۇرى رايونلىرى]** يېڭىسار ناھىيىسىدە ئەسلىدە 12 خەلق كوممۇنىسى، 158 چوڭ ئەترەت بار ئىدى، 1984 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن هۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 12 كوممۇنا ماڭشىن، ساغان، يېڭىيەر، سېيتىلە، توپلۇق، سۆگەت، قىزىل، ئوچار، ئەگۈس، لومپا، چولپان، شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىغا ئۆزگەرتىلدى، شەھەر بازىرىدا بازارلىق خەلق هۆكۈمىتى تەسىس قىلىندى، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا جەمئى 158 كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى بار. ناھىيىگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، بادام ئورمانچىلىق مەيدانى، كۆچەتزارلىق، ئەسلىلىك چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە بېلىقچىلىق مەيدانى بار.

**[مىللەتلەر ۋە نوپۇسى]** يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئومۇمى نوپۇسى 157 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 143 مىڭ، ئەمگەك كۈچى 56 مىڭ ؛ ناھىيە بويىچە 9 مىللەت بار،

بۇنىڭ ئىچىدە، : ئۇيغۇرلار 96.8% نى، خەنزۇلار 1.45% نى، قىرغىز، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاجىك، قازاق، زاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەر 1.75% نى ئىگىلەيدۇ.

**[ئاساسلىق بايلىقى]** تۇپراق بايلىقى : يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، تۇپراق بايلىقى مول، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 393 مىڭ مو، ئورمان يېرى 93 مىڭ مو، ئوتلاق 980 مىڭ مو (بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلانغىلى بولىدىغىنى 469 مىڭ مو)، سۇ يۈزى 23 مىڭ مو كېلىدۇ. تۇپراق تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، قۇمسىز تۇپراق ۋە قۇملۇق تۇپراق 99.4% نى ئىگىلەيدۇ، بۇ يەرلەر كۆپ خىل دېخانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە باپ كېلىدۇ. لېكىن تۇپراق قۇۋۋەتسىز بولۇش، شورلىشىپ كېتىش ئېغىر بولۇش ۋە ئاساسىي كەۋدە قۇرۇلمىسى ناچار بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. شورلىشىپ كېتىش كۆلىمى 216 مىڭ مو بولۇپ، تۇز تەركىبى 0.4% تىن 0.5% كىچە، يۇقىرى بولغىنىنىڭ 1.25% تىن ئاشىدۇ.

سۇ بايلىقى: ئاساسلىق دەريالاردىن كۆسەن دەرياسى، ئىگىز يەر دەرياسى بار. كۆسەن دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 632 مىليون كۇب مېتىر، ناھىيە تەۋەسىگە كىرىدىغان قىسمىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 294 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ؛ ئىگىز يەر دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى تەخمىنەن 70 مىليون كۇب مېتىر. ناھىيە تەۋەسىگە كىرىدىغان دەريا سۇلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 364 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، يىللىق سۇ كىرىش مىقدارىنىڭ 77.4% نى ئىگىلەيدۇ. بۇلاق سۈيى بايلىقى تولۇق، ئېقىن مىقدارى تولۇق، يىللىق ئېقىن مىقدارى 106 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، دەريا سۈيىنىڭ ئەمەلىي كىرىش مىقدارىنىڭ 22.6% نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاققىر، ياشلار، تېتىر مېچىت، لەڭگەر، شەرق قىزاردىدىن ئىبارەت ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى 5 سۇ ئامبىرى ياسالدى. بۇ سۇ ئامبارلىرىغا كۆسەن دەرياسىغا كېلىدىغان كەلكۈن سۇ ۋە قىشلىق بىكار بۇلاق سۈيى قاچىلىنىدۇ، لايىھىلەنگەن سۇ قاچىلاش مىقدارى 74 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. سۇ ئامبارلىرى كۆپ يىل ئىشلىتىلىپ ئېغىر ھالدا تىنىپ كەتكەچكە، ھازىرقى ئەمەلىي سىغىمچانلىقى 37 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بويىچە ئېچىشقا بولىدىغان سۇ كۈچى بايلىقى جەمئىي 21000 كىلوۋات، يىللىق ئومۇمىي توك چىقىرىش مىقدارى 110 مىليون كىلوۋات سائەت كېلىدۇ. ھازىر شەرق قىزاردى، ئىگىز يەر قاتارلىق ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى 7 سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، ئومۇمىي توك بېرىش مىقدارى 1789 كىلوۋات، يىللىق توك مىقدارى 2 مىليون 60 مىڭ كىلوۋات سائەت كېلىدۇ، 165.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى سىملىق توك بېسىمى يولى بار.

جانلىقلار بايلىقى : ئۆسۈملۈكلەردىن دېخانچىلىق زىرائەتلىرى، دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپ قاتارلىقلار بار؛ ھايۋاناتلاردىن ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرى، ياۋايى ھايۋان قاتارلىقلار بار. ئۆسۈملۈكلەر بايلىقىدىن 80 نەچچە خىلى بار، ئاساسلىقى؛ كۆزگى بۇغداي، كۆممە قوناق، قورۇقلۇق پاختىسى، دېڭىز ئارىلى پاختىسى: قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە، ئوتياش قاتارلىقلار، ئاندىن قالسا ئاپتاپپەرەس، زىغىر، كۈنجۈت، زاراڭزا، پىدە، قاشقا پىدە، يۇلغۇن، كەندىر، تېيەنچىلىق، ئامرۇپا، قومۇش ۋە كۆپ خىل باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئارىلاشما ئوت-چۆپ، قۇملۇق ئوت-چۆپى قاتارلىقلار. ھايۋاناتلار

ئىچىدە ئۆي ھايۋانلىرى قويىنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە، كالا، ئېشەك، تۆگە، چوشقا، ئىت، مۈشۈك، توشقان قاتارلىقلار بار، ئۆي قۇشلىرى توخۇنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە، ئۆدەك، غاز قاتارلىقلار بار، سۇ جانلىقلىرىدىن كارىپ بېلىقى، تاپان بېلىق، چىم بېلىق قاتارلىقلار بار، ياۋايى جانلىقلاردىن قىرغاۋۇل، ئۇلار، لاچىن، قاغا، قۇشقاچ، سېغىزخان قاتارلىقلار بار.

ئورمان بايلىقىدىن 48 خىلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ماتېرىيال دەرىخى 52 خىل، مېۋىلىك دەرەخ 12 خىل. بۇ ناھىيە ئىشلەپچىقىرىدىغان سەمەت ئۆرۈك كۆلىمى، بادام پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق.

كان بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، پولات، ئالىيۇمىن، ئاھاك تېشى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈرنىڭ يۈزە قاتلام زاپىسى 25 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ئاھاك تېشى زاپىسى 15 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ.

[ئىقتىسادىي ئەھۋالى] بۇ ناھىيە سۇغۇرۇلىدىغان دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تارىخى ئۇزۇن، بۇرۇنلا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1- ئەسىردىكى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بارلىققا كەلگەن؛ ئازادلىقتىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. 1978 - يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 87 مىليون 2000 جىڭغا، 1983 - يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 111 مىليون 90 مىڭ جىڭغا يەتتى، 1984 - يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 105 مىليون جىڭغا يېتىپ، 1983- يىلدىكىدىن 5.48% كەملىدى؛ 1984- يىلى 38820 دەن پاختا ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 18.5% ئاشتى؛ 1984- يىلى 5 مىليون جىڭ ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 3.8% كەملىدى؛ 1984- يىلى چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى 220 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1983- يىلدىكىدىن 16300 تۇياق كەملىدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 28 مىليون 637 مىڭ 559 يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 8% كۆپەيدى؛ دېھقانلارنىڭ ھەر نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 142.62 يۈەن بولۇپ، 11% كۆپەيدى؛ ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 538 جىڭغا يەتتى.

سانائەت - قاتناش يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېلى تەرەققىي قىلدى، مەھسۇلات قىممىتى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، ناھىيە بويىچە 1984 - يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 332 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 - يىلدىكىدىن 107.8% كۆپەيدى، 1983- يىلدىكىدىن 13.37% كۆپەيدى.

سودا : 1984 - يىللىق ساپ سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈش ئومۇمىي مىقدارى 15 مىليون 94 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983- يىلدىكى 11 مىليون 365 مىڭ 800 يۈەندىن 24.7% كۆپەيدى، 1984- يىلدىكى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىلىش ئومۇمىي مىقدارى 17 مىليون 686 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلدىكى 16 مىليون 531 مىڭ يۈەندىن 6.53% كۆپەيدى.

مالىيە - پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتە : 1984 - يىللىق مالىيە كىرىمى ئومۇمىي مىقدارى بىر مىليون 602 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت بېجى كىرىمى 810 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى كىرىمى 710 مىڭ يۈەن، كارخانا كىرىمى 43000 يۈەن،

باشقا كىرىم 39000 يۈەن بولدى. خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شەھەر-بازار-لاردا توپلىغان پۇل ئامانىتى 3 مىليون 839 مىڭ يۈەن، ئەزالارنىڭ پۇل ئامانىتى 4 مىليون 398 مىڭ يۈەن بولدى.

[مەدەنىيەت-مائارىپ] 1984-يىلىغىچە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 12 گە يەتتى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 3114 كە يېتىپ، 1978-يىلدىكىدىن 40% ئازايدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 62 گە يەتتى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 20076 گە يېتىپ، 1978-يىلدىكىدىن 27% كۆپەيدى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 1420 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1105 كە، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار 61 گە يەتتى. يەنە 1 مەدەنىيەت يۇرتى، 1 شىنخۇا كىتابخانىسى، 1 كۇتۇپخانا، 2 كىنوخانا بار. كىنو قويۇش ئەترىتىدىن 20 سى بولۇپ، خىزمەتچى خادىمى 24 كە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1296 نەپەر پەن-تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر 93 نەپەر، ئاگرونوم 6 نەپەر، باش ۋىراچ 5 نەپەر، باش بۇغالتېر 1 نەپەر.

[سەھىيە] يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانىدىن 15 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن بىرسى، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن بىرسى، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىدىن بىرسى بار. جەمئىي 508 كارۋات، 246 نەپەر تىببىي خادىم بار. پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتە، 1984-يىلى ناھىيە بويىچە 5060 كىشى تۇغۇلدى، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 18.5% بولۇپ، 1983-يىلدىكىدىن 0.5% كۆپەيدى.

## يېڭىسارنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى — بادام

### ماۋەنشىڭ

بادام ئەسلىدە پېرسىيەدىن چىققان، پارسچە «پودام» دەپ ئاتىلىدۇ. بادام دەرىخى يوپۇرمىقى چۈشىدىغان ئولۇق دەرەخ بولۇپ، دەرەخ تاجى، يوپۇرمىقى شاپتۇلنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. 4-ئايدا چېچەكلىرى ئېچىلىدۇ، 8-ئايدا پىشىپ مېۋىسى يېرىلىدۇ، مېۋىسى شاپتۇلغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى يېرىلغاندىن كېيىن سېرىق ئاقۇش مېۋە ئۆچكىسى چىقىدۇ.

«چيۇ ياڭ پارچىلىرى» دا خاتىرىلىنىشىچە، 1300 نەچچە يىل ئىلگىرىكى تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇنداق ئەتىۋارلىق مېۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كىرىپ، ئاساسلىقى، يېڭىسار، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ماكانلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئارىسىدا جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ دوستلۇقىغا ئائىت مۇنداق تارىخىي قىزىق پاراڭمۇ تارقالغان: پېرسىيىلىك سودىگەر يېڭىساردىن ئۆتەشىدە كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، خەۋەر سودىگەرنىڭ ئائىلىسىگە يېتىپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئايالى ياقا ئەلدە ئوبدان دوختۇر، شىپالىق دورىنىڭ تېپىلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، بىر سىۋەت بادام ئېلىپ ئېرىنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ يىراق ئارىلىقنى بېسىپ، بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئېرى قازا تېپىپتۇ. يەرلىك خەلقلەر ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادىتى بويىچە سودىگەرنى تەنتەنىلىك هالدا دەپنە قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ دەپنە قىلىنغان-

لىمىدىن ئىبارەت بۇ شەپقەتكە تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن، ئېلىپ كەلگەن بادامنى يېڭىسارلىقلارغا ھەدىيە قىپتۇ ھەمدە ئۇنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەر بادام ماكانىغا ئايلىنىپتۇ.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، يېڭىسارلىقلار بادامنى ئەتىۋارلىق مېۋە دەپ قاراپ، ئۇنى مېھمان كۈتۈشكە، دوستلىرىغا ھەدىيە قىلىشقا ئىشلىتىپ كەلگەن، يەنە، ئۇنىڭ ئۆرنىكىنى كىيىم، دوپپىلارغا كەشتىلىگەن، ئىمارەتلەرگە ئويغان. كىشىلەر پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆزىنىڭ باغلىرى، ھويلىلىرىدا ئۇنى ئۆستۈرۈپ كېڭەيتكەن. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يېڭىسار ناھىيىسىدە بادامنىڭ 7 باققا بىر قەدەر مەركەزلەشكەنلىكى، دەرەخنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 50 مو، دەرىخى مىڭ تۈپقا يېقىن ئىكەنلىكى تەكشۈرۈلگەن ئىدى. 60-يىللارغىچە ئاران 500 موغىچە راۋاجلاندۇرۇلدى. ئاساسلىق سەۋەبى، ئۆستۈرۈش شەرتى يۇقۇرى، مەھسۇلاتى تۆۋەن، مەنپەئەتى ئاز بولغاچقا، تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاز ئۇچرايدىغان مېۋىلىك دەرەخكە ئايلىنىپ قالدى.

يېڭىسار بادىمى ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقۇرى بولغان، ئاز ئۇچرايدىغان قۇرۇق مېۋە، مېۋىسىنىڭ پوستى نېپىز، مېغىزى تولۇق، مېغىزىنىڭ تەمى تاتلىق. مىڭ سۇلالىسىدىكى لى شىجېن «ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» دېگەن كىتاۋىدا بادام ھەققىدە مۇنداق بايان قىلغان: "بادام ئۇيغۇرلار دىيارىدىن چىقىدۇ، ھازىر غەربىي جايلاردىمۇ بار. دەرىخى ئۈرۈككە ئوخشايدۇ، يۇ، يوپۇرماق پەرقى كىچىك، ئۆزى ئۇچلۇق، كىچىك، ئەمما ئېتى نېپىز، ئۇنىڭ شاكىلى قارۈرۈك شاكىلىغا ئوخشايدۇ، شاكىلى نېپىز، ئەمما مېغىزى تاتلىق. چايغا سېلىپ ئىچسە، تەمى ئورمان ياڭىقىغا ئوخشايدۇ. غەرپلىكلەر ئۇنى رېتسېپتىكى دورا قاتارىدا كۆرىدۇ." ئۇ دورا رولى جەھەتتە يۆتەلنى توختىتىدۇ، يۈرەك سىقىلىشنى يوقىتىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى پەندە تەھلىل قىلىنىشىچە، بادام تەركىبىدە مول ئاقسىل ماددىسى، شېكەر، ئۈرۈك مېغىزى تاق فېرمېنتى، ئۈرۈك مېغىزى گىلىكوزىدى ۋە كالتسىي، ماگنىي، ناترىي، تۆمۈر قاتارلىق مىنېرال ئېلېمېنتلار بار. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ئوخشاش مىقداردىكى كالا گۆشىدىن 6 ھەسسە يۇقۇرى تۇرىدۇ.

بادام بىر خىل ئوزۇقلۇق يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك قوشۇندا دورا سۈپىتىدە، خەلقارا بازارلاردا چوڭ ئېھتىياجلىغا ئىگە. بادام ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پەن - تەتقىقاتنى ئوخشاش قەدەمدە تەڭ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، يېڭىسار ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تېخنىكا خادىملىرى 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، پۈتۈن ناھىيىدىكى بادامنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، بادامنىڭ كۈننىڭ يورۇتۇشىغا ئامراق بولۇش، سۇ چىقىرىۋېتىشى ياخشى بولۇش ۋە زەيگە بەرداشلىق بېرىدىغان، سوغۇققا قارشى تۇرىدىغان بولۇش قاتارلىق لايىقلىشىش خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىنام يەردىن پايدىلىنىپ بادامنى كەڭ تۈردە تىكىش كۆيخۇاسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ كۆيخۇا ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. جەمئىي 45000 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1973 - يىلى، دېڭىز يۈزىدىن 1726 مېتىر ئېگىز تۇرىدىغان كۆئېنلۇن تېغى باغرىدىكى ئېگىز يەر كەنتىدە لايىلاتما ئېتىز بەرپا قىلىنىپ، 2100 مو يەر ئېچىلىپ، بادام ئورمانچىلىق مەيدانى قۇ-

رولدى. 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە، يېڭىدىن تىكىلگەن بادام دەرەخلىرى مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ھازىر، ناھىيە بويىچە نورمال يىللاردا بادامدىن 4000 كىلوگىرام ئەتراپىدا ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.


جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىئەن ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دىخانچىلىق ئىدارىسى 1978 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق بادام پەن تەتقىقات يىغىنىنى ئېچىپ، پەن تەتقىقات ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. يولداش ۋاڭ جېن مەملىكەتلىك ئورۇق مېغىزى يىغىنىدا مەملىكىتىمىزنىڭ بادام ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈكسەلدۈرۈشنى تەكىتلىدى، جاۋ زىياڭ زوڭلى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، زور كۈچ بىلەن ئوت ـ چۆپ تېرىشقا، جىمردم تىكىشكە چاقىرىق قىلغاندىمۇ، بادامنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

يېڭىسار ئورمانچىلىق تەتقىقات پونكىتىدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىمۇ بادام پەن تەتقىقات خىزمىتىدە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇلار بايلىق تەكشۈرۈش، ئىقلىمغا ماسلىشىشنى كۆزىتىش، سىناق قىلىش، خىمىيىلىك تەھلىل قىلىش ۋە ئۈستۈرۈپ كۆندۈرۈش، ناچارلىرىنى تاشلىۋېتىپ ياخشىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر بادامنىڭ 150 نەچچە يەككە تۈپىدىن ياخشى بولغان 31 يەككە تۈپىنى تاللىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى سورتلار خەلقارالىق ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشىلىرىنى تاللاش ئارقىلىق، «شىنجاڭ يېڭىسار 4 ـ نومۇرلۇق»، «شىنجاڭ يېڭىسار 16 ـ نومۇرلۇق»، «شىنجاڭ يېڭىسار 11 ـ نومۇرلۇق» تىن ئىبارەت ئۈچ ئەلا سورتنى تاللىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى «شىنجاڭ يېڭىسار 4 ـ نومۇرلۇق» سورت ئۆزىنىڭ چېچىكى بىلەن چاڭلىشىشنى قوبۇل قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەلا سۈپەتلىك يەككە تۈپ ھېساپلىنىپ، خەلقارادا بادام ئۆزگىچە چېچەك بىلەن چاڭلىشىشنىلا قوبۇل قىلالايدۇ دەپ ئىزچىل قارىلىپ كەلگەن نەزەرىيىنى تەۋرىتىۋەتتى.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، يېڭىسار ناھىيىسى شەنشى، گەنسۇ، خېبېي، لياۋنىڭ، خېنەندىن ئىبارەت 5 ئۆلكىنىڭ پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى كۆپلىگەن ئېسىل ئۇرۇق ۋە ئۇلانمىلار بىلەن تەمىن ئەتتى. پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، كۆچەتنى تېز سۈرئەتتە يېتىشتۈرۈش، مول ھوسۇللۇق دەرەخلەرنى شەكىللەندۈرۈش، كېسەللىك، ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى تىزگىنلەش ھەم ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنىڭ ئانىلىق تۈپى باغچىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى مەسىلىلەرگە قاراپ قەدەم قويماقتا.

يېڭىسار ـ شىنجاڭدا بادام بىر قەدەر مەركەزلىك ھالدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جاي، كۆپ خىل ئىگىلىك رايونلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش نىشانىغا ئاساسەن، 1985 ـ يىلى يېڭىدىن 3000 مو باداملىق ئېچىلىدۇ. يىراق كەلگۈسى گۈيخۇاسى بويىچە، 1990 ـ يىلىغا بارغاندا، بادامنى 20000 موغا يەتكۈزۈشتىن ئۈمىت كۈتكىلى بولىدۇ.

# داڭدار قول ھۈنەر سەنئەت بويۇمى — يېڭىسار پىچىقى



يېڭىسار پىچىقى.

جېن يۈ فوتوسى

يېڭىسار پىچىقى ئەنئەنىۋى ھۈنەر سەنئەت بويۇمى بولۇپ، تەخمىنەن 200 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۈنەرى يۇقىرى ئۇستىكارلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يار - يۆلەكتە بولۇشى ئارقىسىدا، ئالدىنقىلارنىڭ ئېسىل ھۈنەر سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە سىرتقى جايلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پىچاق ئىشلەش ھۈنەر-سەنئەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى. ھازىر، ئۇلار 15 — 16 خىل پىچاق ئىشلىيەلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرىدىغان سۇمۇرۇغ قۇيرۇقى شەكلىدىكى، سوپىتوغاي بېشى شەكلىدىكى، سوپسوپىياڭ بېشى شەكلىدىكى، سېغىزخان بېشى شەكلىدىكى پىچاقلار، قازاقلار ياخشى كۆرىدىغان قىزىل ئۈمچۈقلۇق تاغ قاغىسى بېشى شەكلىدىكى پىچاق، خەنزۇلار ياخشى كۆرىدىغان خەنجەر شەكلىدىكى پىچاق، موڭغۇللار ياخشى كۆرىدىغان ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزى، سۆڭىكىگە نەقىش قىلىنغان دەستىلىك پىچاقلاردىن ئىبارەت. ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە زىننەتلىنىشىدىن قارىغاندا، ھەر بىر ئۇستىكار ئۆزىنىڭ خاس ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ، كارامەت نەپىس قىلىپ ئىشلەيدۇ. پىچاقنىڭ دەستىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، كۈمۈش، مىس ئىشلىتىلگەنلىرى، ياللان ياقۇت ئورنىدا ھەر رەڭدىكى سۇلياۋ ئىشلىتىلگەنلىرى، ھايۋان سۆڭىكى، كالا مۈڭگۈزى ئىشلىتىلگەنلىرى بار، بەزىلىرى قېتىشقان مايدەك سۈت رەڭ، بەزىلىرى زۇمرەتتەك ئاپپاق، بەزىلىرى تۇمۇر پۈرمىلىك، بەزىلىرى قاراپاقىراق قىلىپ سوقۇلىدۇ. پىچاق يۈزىگە مىس، كۈمۈشتىن بادام چېچەكى، مېخۇا گۈلى ياكى بۇغداي باشىقى قاتارلىق نەقىشلەر ئويۇلىدۇ ۋە قۇيۇلىدۇ. پىچاق دەستىسىگە ئويۇلغان سۆگەت يوپۇرمىقى، ئەنجۈر گۈل يوپۇرمىقى، سۇ دولقۇنى قاتارلىقلارنىڭ پوسۇنى ئازادە، يەرلىك تۈسى قويۇق، مىللىي ئالاھىدىلىكى تولۇق، ساددا - سۈزۈك بولۇپ، زىيارەتكە كەلگەن سەنئەتكارلار، رەسساملار، ئاتاقلىق زاتلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

يېڭىسار پىچىقىنىڭ يۇرتى ماڭشىن يېزىسىنىڭ لەڭگەر كەنتىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بۇ يەردە ماھىر بىر ئۇستىكار ئۆتكەن، ئۇ مىتالنى سۇدەك ئېرىتىپ پىچاق سوققان. بۇ خەۋەر ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ، ئۇنىڭ داڭقى چىققان. شۇنىڭ بىلەن، پىچاق ئىشلەش قول سانائىتى تەرەققى تاپقان. ئۇ چاغلاردا خامئەشيا قىممەت بولۇپ، داتسىز پولات ماتېرىيالىنى تاپقىلى بولمايتتى، باشقا خامئەشيامۇ قىس ئىدى، سوقۇلغان پىچاقلارنى كەمبەغەللەرنىڭ ئېلىشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى، بايلار ئۇنىڭ باھاسىنى سوراپمۇ قويمايتتى. ئۇستىكارلار يا كەسپىنى ئۆزگەرتىشكە، يا بەزى پارچە - پۇرات رېمونت ئىش-

لىرىنى قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئازاتلىقنىڭ ئەرپىسىدە پىچاقچى ئۇستىلار ئازىيىپ قېلىپ، پىچاق ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتى يوقىلىپ كەتكەن.

ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يار-يۆلەكتە بولۇشى ئارقىسىدا، پىچاقچىلىق تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. 1956-يىلى پىچاقچى ئۇستا تۇر ئېلى نىياز، ۋاخاپ تۇردى (ھازىر پىچاقچىلىق كارخانىسىنىڭ باشلىقى) قاتارلىق 13 كىشى تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپىنى تەشكىللەپ چىقتى. 1959-يىلى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتنى مەخسۇس تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 19 نەپەر ئۇستا-شاگىرتنىڭ تەشكىللىنىشى بىلەن، پىچاقچىلىق كارخانىسى قۇرۇلدى. 1984-يىلغا كەلگەندە، بۇ كارخانىنىڭ ئادىمى 34 كە كۆپەيدى، ھۆكۈمەت ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 290 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، كارخانا ئۆيلىرىنى سېلىپ بەردى، ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ بەردى؛ ماتېرىيال جەھەتتىمۇ يېتەرلىك تەمىنلەتتى. جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك مېھمانلارغا ئېھتىياجلىق بولغان كۆمۈش دەستىلىك پىچاقنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، كارخانىنى كۆمۈش بىلەن ئالاھىدە تەمىنلىدى، 1984-يىلى 800 سەرگە يەتكۈزۈلدى. ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئالىي دەرىجىلىك پولات، مىس ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشكىمۇ كاپالەتلىك قىلىندى. يېڭىسار پىچىقىنى ئىشلەپچىقىرىشتا كۆپ قىسىم ئىش تەرتىۋى قول مەشغۇلاتى بىلەن بولىدۇ، ئۇنىڭ مەھسۇلات مىقدارى كۆپ ئەمەس بولۇپ، ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋار بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. 1984-يىلى ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق ئۇستا 13476 پىچاق، 4800 خىروم قىلاپ ئىشلەپ چىقتى. ناھىيە بويىچە پىچاق ئومۇمىي كىرىمى تەخمىنەن 31،115647 يۈەن بولدى.

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ماڭشىن يېزىسىدا پىچاق ئىشلەشنى ئاساس قىلغان ئائىلىۋى قوشۇمچە كەسىپ ئەۋج ئالدى. لەڭگەر كەنتىدىكى 210 ئائىلىدىن 110 ئائىلە ئائىلىۋى پىچاقچىلىق كارخانىسى قۇرۇپ چىقتى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. توك بىلەن ھەركەتلىنىدىغان كۆيەك تېرە كۆيەكنىڭ ئورنىنى ئالدى، توك بىلەن ھەركەتلىنىدىغان قۇمچاق قول بىلەن تارتىدىغان تاسمىلىق چاقنىڭ ئورنىنى ئالدى.

پىچاق تۇرمۇشتا زۆرۈر ئېھتىياجلىق بۇيۇم. ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك ئاممىسى ئۆز يېنىدا شەكلى كۆركەم، بېسى ئۆتكۈر پىچاقنى ئېلىپ يۈرۈشنى ئىنتايىن شەرەپ دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ پىچاقنى يېنىدىن چىقىرىپ چىرايلىقلىقىنى سېلىشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىدىغانلىقىنى دائىم كۆرگىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولۇچىلار ۋە چەتئەللىك مېھمانلار جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەنلىك خاتىرىسى قىلىش ۋە ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن، پىچاق سېتىۋالىدىغان بولۇشتى. بۇ، پىچاقنىڭ سېتىلىش يولىنى ئېچىپ بەردى. 1984-يىلى ئامېرىكا، ياپونىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، كانادالىق ۋە شىياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق ئەرباپلاردىن 52 كىشى 16 قېتىم ھەۋەس بىلەن زىيارەتكە كەلگەندە، 101 پىچاقنى تاللاپ سېتىۋالدى. بەزىلەر: «ياخشى ئىكەن! ئېرىشمەك تەس ئىدى، دوست-بۇرادەرلىرىمىز بۇنى ياخشى كۆرىدۇ، سىلەرنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشلارنى تىلەيمىز» دېگەن سۆزلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىشتى.

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئىزدىنغا ئالدۇرۇلغان سوداماركىسى يوق، شۇڭلاشقا، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى كوچا ـ كوچىلاردا ئۆزىنىڭ سۈپىتى تۆ ـ ۋەن پىچاقلىرىنى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ پىچىقى نامىدا سېتىپ، يېڭىسار پىچىقىنىڭ ئىناۋى ـ تىنى ئېغىر ھالدا زىيانغا ئۇچراتقانلىق ئەھۋاللىرىنى چىقىتقۇزغىلى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش جەريانى، ئالاھىدە ياسىلىدىغان ئىشەك تېرىسى غىلىپى ئىز ـ تىرسىز يو ـ قالدى، كالا مۈڭگۈزىدىن غىلاپ ياسايدىغان ئۇستىكار ئەيسا نىياز 85 ياشقا كىرىپ، تولا كېسەل بولۇپ، ھۈنەر قىلىش قۇربىتىدىن قېپقىلىپ، ئوغلى مەمەت ئىملىغا ئۆگەتكەن ئىدى. لېكىن، غىلاپ ياساشقا ئىش كۆپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ باھاسى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، مەمەت ئىملى كەسپىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىنمىسا، ئەنئەنىۋى غىلاپ ھۈنەر سەنئىتى يوقۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. (ۋۇشى)

## يوپۇرغا ناھىيىسى

**[جۇغراپىيىۋى ئومۇمى كۆرۈنۈشى]** يوپۇرغا ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، كەز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جاي ـ لاشقان. جۇغراپىيىۋى ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 76° 30′ دىن 77° 25′ قىچە، شىمالىي پاراللېل 38° 49′ تىن 39° 8′ قىچە. دېڭىز يۈزىدىن 1180 مېتىردىن 1225 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ. يەر قىيا ـ پىتىنىڭ ئېپىلىرى مۇنداق: چوڭ رايونلار غەربىي كۆتۈرۈلۈنتېغى ئېتىكىدىكى يەكەن ـ يېڭىسار ئېقىندىسىنىڭ بىرىككەن دېلتىسى تۈزلەڭلىكىگە تەۋە. ئوتتۇرا رايونلار چوڭ يەر شەكلى ـ نىڭ تېزگىنلىشىگە ئۇچرايدىغان بولۇپ، قەشقەر تۈزلەڭلىكىدىكى يوپۇرغا قۇرۇق دېلتىسى ـ نىڭ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىسىنىڭ ئالدىنقى بۆرجىكىگە تەۋە. ناھىيە دائىرىسىدە جەنۇپ بىلەن شىمالنىڭ يەر شەكلىنىڭ كۆتىرىلىشى ـ پەسىيىشى بىر قەدەر چوڭ، قىيپاشلىقى بىر قەدەر كىچىك؛ شەرق بىلەن غەربنىڭ قىيپاشلىقى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، $\frac{1}{1000}$ دىن $\frac{1}{4000}$ كىچە كېلىدۇ.

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپى پەيزىۋاتقا تۇتىشىدۇ، غەربىي تەرىپى يېڭىشەھەرگە تۇ ـ لىشىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى يەكەن بىلەن خوشنا تۇرىدۇ، شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى مەكىتكە تا ـ قىشىدۇ، شەرقىي شىمالىي تەرىپى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قەشقەر ـ مەكىت تاش يولى پۈتۈن ناھىيىنى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقى بىـ لەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 93 كىلومېتىر، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 47 كىلو مېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 3000.7 كۋادرات كىلو مېتىر.

**[ تارىخي تەرەققىيات جەرياني ]** يوپۇرغا ناھىيىسى 1943 ـ يىلى ( مىنگو 32 ـ يىـ لى ) يوپۇرغا پەۋقۇلئاددە مەمۇرى رايونىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، قەشقەر مەمۇرى مەھكى ـ مىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، يوپۇرغا پەۋقۇلئاددە مەمۇرى رايونى 1940 ـ يىلى ( مىنگو 29 ـ يىلي ) يېڭىشەھەر، يېڭىسار، پەيزىۋات ناھىيىلىرىدىن ئايرىلىپ تەسىس قىلىنغان.

شىنجاڭ 3-(قەشقەر) دۇساۋالى مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1949-يىلى ئازات بولغاندىن كېيىن، بۇ ناھىيە شىنجاڭ ئۆلكىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، 1954-يىلى 8-ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولغان، 1956-يىلى 6-ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمە يەكەن ۋىلايىتى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر ۋىلايىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھازىرغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

[ **كىلىمات ئالاھىدىلىكى** ] يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك كىلىماتقا تەۋە. 4 پەسىل ئېنىق، كىلىمات قۇرغاق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃، چېكىگە يېتىدىغان ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 23.4℃-، چېكىگە يېتىدىغان ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 41.8℃. 1-ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 6.9℃-، 7-ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26.3℃، قىروسىز مەزگىل 241 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 478mm. كۈن نۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2800 سائەت. بوران ۋاقتى 19 كۈن.

[ **مەمۇرى رايونلىرى** ] 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى 8 كوممۇنىسى، 5 دېخانچىلىق مەيدانى ئاساسىدا، 8 يېزا، بىر بازار، 4 مەيدان قۇرۇلدى، ئۇلار: يوپۇرغا، سىيەك، يەكشەنبازار، ئەشمە، ئاچچىق، تېرىم، بايناۋات، ئاخۇنلۇغۇم يېزىلىرى، يوپۇرغا بازىرى، سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، دېخانچىلىق 2-مەيدانى، ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت.

[ **مىللەتلەر ۋە نوپۇسى** ] يوپۇرغا ناھىيىسى تەۋەسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، جۇاڭزۇ، تاجىك، مانجۇ، موڭغۇل، شىۋە، قازاق، قىرغىزدىن ئىبارەت 10 مىللەت ياشايدۇ. ئومۇمى نوپۇسى 94579، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 86807، شەھەر-بازار نوپۇسى 7772. ئۇيغۇرلار ئاساسى گەۋدە بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسنىڭ 95.37% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاندىن قالسا، خەنزۇلار ئومۇمى نوپۇسنىڭ 4.51% نى ئىگىلەيدۇ، تىل ئاساسلىقى ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت.

[ **ئاساسلىق بايلىقى** ] يوپۇرغا ناھىيىسىدە يەر بايلىقى مول، ئومۇمى كۆلىمى تەخمىنەن 4 مىليون 500 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 301 مىڭ 700 مو، ئورمان يېرى 53 مىڭ مو، باغ 3300 مو، ئوتلاق 593 مىڭ مو، سۇلۇق يەر 30 مىڭ مو كېلىدۇ. سۇ قىس بولغاچقا، ئومۇمى سۇغۇرۇلۇش كۆلىمى 340 مىڭ مو كېلىدۇ. 1984-يىللىق ئومۇمى تېرىش كۆلىمى 273 مىڭ 400 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى 183 مىڭ 300 مو، ئىقتىسادىي زىرائەت 66900 مو بولدى، ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرىچە 3.04 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ.

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ 90.8% تېرىلغۇ يېرى زەيلەشكەن يەر. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر دەرىجىدە زەيلەشكەن يەر كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 21.7% نى، ئوتتۇرا دەرىجىدە زەيلەشكەن يەر كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 69% نى ئىگىلەيدۇ. تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىسى تۆۋەن، «پوسفور كەم، ئازوت ئاز، كالىي ئارتۇق» بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

يوپۇرغا دەرياسى گەز دەرياسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېقىنى بولۇپ، كۆپ ھاللاردا يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 436 مىليون كۇب مېتىر، سۇ كۆپ كەلگەن يىلى 690 مىليون كۇب مېتىر، سۇ ئاز كەلگەن يىلى 320 مىليون كۇب مېتىر بولىدۇ. 7 - ئايدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 79 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىردىن 83 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىرغىچە بولىدۇ. 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە سۇ تارتىلىدىغان مەزگىل بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى ئاران 19 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر بولىدۇ. دەريا سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى پەسىل ۋە كىلىماتنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر زور دەرىجىدە ئۇچرايدۇ، كۆپ ھاللاردا ئوتتۇرىچە باھار سۈيى يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 15.75% ىنى ئىگىلەيدۇ، ياز سۈيى يىللىق سۇ مىقدارىنىڭ 46.09% ىنى ئىگىلەيدۇ، كۈز سۈيى 22.01% نى، قىش سۈيى 16.15% نى ئىگىلەيدۇ. دەريا سۈيى تەركىبىدە لاي - قۇم بار، ئادەتتىكى قۇم تەركىبى مىقدارى 7.32 كىلوگىرام كۇب مېتىر؛ دەريا سۈيىنىڭ مېنېراللىشىش دەرىجىسى 0.6 گىرام لىتىردىن 0.82 گىرام لىتىرغىچە، سۇنىڭ پايدىلىنىلىش نىسبىتى 32% تىن 35% كىچە.

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ سۇ گېئولوگىيە ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاتلىق سۇ خېلى چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇنى ئېچىش بىر قەدەر قىيىن، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئومۇمىي زاپىسى 110 مىليون كۇب مېتىردىن 130 مىليون كۇب مېتىرغىچە، سۇنىڭ تولىسى كۈچلۈك مېنېراللىق سۇ ( 3 گىرام لىتىردىن 10 گىرام لىتىرغىچە ) بولۇپ، ھەم ئىچكىلى بولمايدۇ، ھەم يەر سۇغارغىلى بولمايدۇ. چوڭقۇر قاتلامدىكى تاتلىق سۇنىڭ يىللىق ئېلىنىش مىقدارى 50 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئادەم ۋە ئۇلاغلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنىلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ ناھىيىنىڭ جانلىقلار بايلىقى بىر قەدەر مول، ئۆسۈملۈكلەر خىلى ئىچىدە دېخانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ئاساسلىقى كۆزگى بۇغداي، يازغى بۇغداي، ئارپا، كۆممە قوناق، ئاق قوناق، تېرىق، ماش، سېرىق ماش قاتارلىقلار بار؛ ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن ئاساسلىقى ئاپتاپپەرەس، ئاندىن قالسا زىغىر، كەندىر ۋە كۈنجۈت قاتارلىقلار بار؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا، تاماكا، زىرە قاتارلىقلار بار؛ كۆك ئوتيەم - خەشەك زىرائەتلىرىدىن بېدە، قاشقا بېدە، يۇلغۇن كەندىر، ماشاۋزى قاتارلىقلار بار. ئوتياشتىن بەسەي، تۇرۇپ، چامغۇر، شوخلا، مۇچ، پىدىگەن، كاپۇستا، ئوسۇڭ، چىگىسەي، كاۋا، تەرخەمەك، قىسقا چاكىدۇ قاتارلىق 30 نەچچە خىلى بار، قوغۇن - قاپاق تۈرلىرىدىن ئاساسلىقى قوغۇن ۋە تاۋۇز بار.

دەرەخ خىللىرىدىن سۇۋادان تېرەك، ئاق تېرەك، تاغ تېرىكى، جىگدە، سۆگەت، قارىياغاچ، جۇڭگو ئاكاتسىيىسى، تۇخۇمەك، كىچىك يوپۇرماقلىق ئادىسىيە، ئۈژمە، پاۋلونىيە، توغراق، يۇلغۇن قاتارلىقلار بار. ئىقتىسادىي دەرەخ خىللىرىدىن ئاساسلىقى ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، ئەنجۈر، ئانار، ياڭاق، بادام قاتارلىقلار بار. ئۇندىن باشقا، يەنە 122 خىل ياۋا ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈك بار. دورا ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسەن چۈچۈك بۇيا، زىغىر، ئالقات، قىچا قاتارلىق جەمئىي 50 نەچچە خىلى بار. ھەسەل مەنبەسى ئۆسۈملۈكلىرىمۇ ناھايىتى مول، 3 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئېچىلىپ تۇرىدۇ، ھەسەلچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا باپ كېلىدۇ. ناھىيە بويىچە جەمئىي 3 مىليون 240 مىڭ مو ئوتلاق بار.

يوپۇرغا ناھىيىسىدە بېقىلىدىغان ئۆي ھايۋانلىرى يۆك سۆرەش ئېتى، دون ئېتى، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، گۇەنجۇڭ ئېشىكى، چىپار بۇغا، ئەلتېرە قوي، تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى قاتارلىق 10 نەچچە خىلدىن ئىبارەت، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىممېنتال نەسىللىك سېمىز كالىسى كىرگۈزۈلدى. ئۆي قۇشلىرىدىن توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، ئىپار چاشقىنى، قىرغاۋۇل، جەرەن، ياۋا توڭگۇز، بۆركۈت قاتارلىقلار بار. قۇرۇت - ھاشاراتلاردىن 200 نەچچە خىلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە زىيانداش قۇرۇت - ھاشاراتتىن 160 نەچچە خىلى، كۆشەندە قۇرۇت-ھاشاراتتىن 60 خىلى بار.

**[ئىقتىسادىي ئەھۋالى]** يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئىگىلىكىدە يېزا ئىگىلىك ئاساس قىلىنىدۇ. 1984 - يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 44مىليون 920 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون 318 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 78.62%نى ئىگەللىدى. ئاشلىق ئومۇمى مەھسۇلاتى 61 مىليون 486 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 3% ئاشتى. پاختا ئومۇمى مەھسۇلاتى 74900 دەن بولۇپ، 1983- يىلدىكىدىن 67.6% ئاشتى. ياغلىقدان ئومۇمى مەھسۇلاتى 3مىليون 660 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1983-يىلدىكىدىن 1.37% ئاشتى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىردىكى سانى 194 مىڭ 500 تۇياق بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 1700 تۇياق، 0.08% كۆپەيدى.

ناھىيە بويىچە 1984 - يىللىق سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 602 مىڭ يۈەن بولۇپ، خەلق ئىگىلىكى ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 21.38 %نى ئىگەللىدى. سانائەت ئاساسلىقى دېخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىقلارغا بېقىنىدۇ. ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمى توك تارقىتىش مىقدارى 655 كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتىر 280 كىلوۋات، سۇ ئېلېكتىر 375 كىلوۋات. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان 42 ئاپتوموبىل، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تىراكتوردىن 112 سى بار، ئومۇمى ئات كۈچى 7162 گە يېتىدۇ. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە مالىيە كىرىمى 851 مىڭ يۈەنگە يەتتى.


**[مەدەنىيەت، مائارىپى]** پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر كۆرۈنەرلىك بولدى. 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.2%گە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 98.6% كە، لاياقەتلىك نىسبىتى 98.5%گە يەتتى، 12 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان بالىلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 99.4%كە، 16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى 96.3%گە يەتتى. 1977 - يىلى ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە جەمئىي 1359 نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 316 نەپىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىندى. 1984 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمە-

شى يوپۇرغا ناھىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، يوپۇرغا ناھىيىسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى تۇنجى ئىلغار ناھىيە قىلىپ بېكىتتى.

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ھەممە يېزىلىرىدا مەدەنىيەت پونكىتى، كىنو قويۇش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. ناھىيە بازىرىدا 1984 ـ يىلى ھاۋا تەڭشىگۈچ ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە كىنو-تىياتىرخانا سېلىندى، بۇنىڭغا 900 ئادەم سىغىدۇ. 1983 ـ يىلى قۇرۇلغان تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى قەشقەر ۋىلايىتى تارقاتقان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ. (لۇكاك)

## ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى تۇنجى بولۇپ ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە

شېي لىندۇلە



1984 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھاميت (ئالدىدا ئوڭدىن 1 ـ)، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئېھيا شاكىر (ئالدىدا سولدىن 1 ـ) قاتارلىق يولداشلار يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن سەمىمى پاراڭلاشتى.

شېي لىندۇلە فوتوسى

1984 ـ يىلى سىنتەبىردە، ئاپتونوم رايوننىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى يىغىنى يوپۇرغا ناھىيىسىدە چاقىرىلدى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدىكى مائارىپ تارماقلىرىدىن كەلگەن 170 تىن ئارتۇق ۋەكىل بۇ ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.2%، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يىللىق مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 98.7%، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 98.48%، 12 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.6%، 16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغانلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 92.8% كە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى تۇنجى بولۇپ ئومۇملاشتۇرغان ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغان ئىلغار ناھىيە بولۇپ قالدى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ تەقدىرلىشى، مۇكاپاتلىشىغا سازاۋەر بولدى.

پوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىكى ئاساسلىق تەجرىبىلىرى مۇنداق:

1. تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش. 1979-يىلى، ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇزۇندىن بۇيان قەد كۆتىرەلمىگەن بەزى دىخانلار كەمبەغەللىكتىن بالدۇراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى بەس-بەس بىلەن مەكتەپتىن قايتۇرۇپ چىقىپ، ئەمگەككە قاتناشتۇرغان ياكى ھۈنەر ئۆگىنىشكە بەرگەن. شۇ چاغدا 20.5% ئوقۇغۇچى مەكتەپ سىرتىدا ئېقىپ يۈرگەن، بەزى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش نىسبىتى 40% بولۇپ، نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكەن. ئوقۇتقۇچىلار ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە چاقىرسا، بەزى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىغا ئۇچرىغان، تىلىنى ئىشتقان، ھەتتا، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇرۇشتەك ھادىسىلار يۈز بەرگەن. شۇ چاغدا، ناھىيەدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدە خېلى بىر قىسىملار ئىشلەپچىقىرىشنىلا تۇتۇپ، مائارىپ بىلەن كارى بولمىغان. ئۇلار: مائارىپ دېگەن مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ئىشى دەپ قارىغان. ھالبۇكى، مائارىپ تارماقلىرى رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن، ئۇلار چارىسىز قالغان، مائارىپ ئىشلىرى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغان.

1980-يىلى، ج ك پ مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، يېڭى دەۋردىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، مائارىپ خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل-تەتقىق قىلىپ، تەدبىر قوللاندى. بىرىنچىدىن، ھەر خىل تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدا تەشۋىقات، تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر خىل سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ تونۇشىنى يۇقىرى كۆتەردى. ئىككىنچىدىن، مائارىپ، تەشۋىقات، كومسومول، ئاياللار بىرلەشمىسى، بىرلىكسەپ قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى قاتناشتۇرغان ھالدا، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى، پارتكومدىكى ئاساسلىق رەھبەر شەخسەن ئۆزى قوماندان بولۇپ، ئىش تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىپ مەسئۇل بولدى. ناھىيە رەھبەرلىرى دائىم مەكتەپلەرگە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشۇپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى. 1981-يىلى 3-ئايدا، ناھىيىلىك پارتكوم 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، مائارىپ خىزمىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ يەكۈنلىدى ھەمدە "باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى 8 تۈرلۈك تەدبىر" نى ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى. 1981-يىلدىن 1984-يىلغىچە، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يەكشەنبە بازار، ئاچچىق يېزىلىرىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 8 قېتىم ئىش ئۈستى يىغىنى ئېچىپ، تەجرىبىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ كېڭەيتتى. پۈتۈن جەمئىيەتنى مائارىپقا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە مەدەت بېرىدىغان قىلىش ئۈچۈن، ھەر يىلى 9-ئاينى "مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئېيى" قىلىپ بې-

كەتتى ھەمدە ھەر خىل يىغىنلارنى قاتلاممۇ ـ قاتلام ئېچىپ، مائارىپ خىزمىتىنى قوللىغان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ئائىلە باشلىقلىرى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە «3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى»لارنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇرۇپ، تىللىغانلار، تەربىيە بېرىلگەن بولسىمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشىغا مەدەت بەرمىگەنلەرنى جىددىي بىر تەرەپ قىلدى. ھەر قايسى مەكتەپلەرمۇ ھەر خىل ئۆگىنىش تۈزۈملىرىنى ئورناتتى، مۇكەممەللەشتۈردى.

2. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ناھىيە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ئۆلچەملىك مەكتەپ باشقۇرۇش شەكىللىرىنى قوللىنىپ، شارائىت ھازىرلاپ، ئوقۇغۇچىلارنى يېقىن يەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، مۇستەقىل باشلانغۇچ مەكتەپ، شۆبە مەكتەپلەرنى قۇردى. يەنە، يىراق ـ چەت جايلاردا ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىنى قۇردى. دىھانچىلىقنىڭ مەۋسۇملىرىغا ئاساسەن، ئوقۇتۇش ۋاقتىنى تەڭشەپ، مەركەزلەشتۈرۈش، نۆۋەت بىلەن قويۇپ بېرىش، يىغىش ۋە مەكتەپكە كىرىش ئالدىدىكى سىنىپ ئېچىش، بالىلار يەسلىسى قۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى ئاز بولغان بالىلارنى ۋە مەكتەپكە بېرىش ئالدىدىكى بالىلارنى بېقىپ، مەكتەپنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى. ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى دەرسلەر ۋە ئوقۇتۇش تەلەپلىرىدىمۇ پەرقلىق مۇئامىلە قىلدى.

3. يېزا مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولغان، لاياقەتلىك بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش. 1980 ـ يىلىدىن بۇرۇن، ناھىيە بويىچە 967 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىچىدە، ئوقۇش تارىخى جەھەتتىن ئېيتقاندا 38% كىشى لاياقەتلىك بولمىغان ئىدى. ناھىيىلىك پارتكوم مائارىپ خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، يېزا مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولغان، لاياقەتلىك بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا سىياسىي جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈش، خىزمەتتە ئۇلارنى ئەتىۋالاپ ئىشلىتىش، تۇرمۇشتا ئۇلارغا ئېتىبار بېرىش، كەسپىي جەھەتتىن سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ناھىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى 1981 ـ يىلىدىكى مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا: «پۈتكۈل جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك» دېگەن ماۋزۇدا دوكلات بېرىپ، پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىدى. 1980 ـ يىلىدىن بۇيان، 160 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈردى. 76 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى، 89 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇزۇن مۇددەتتىن بۇيان 2 ئايرىلىق بولۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نوپۇس مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى، ھۆكۈمەت، خەلق باشقۇرغان مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر خىل سېلىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلدى، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەمىنات ـ مۇئامىلە مەسىلىسىنى ئەمەللەشتۈردى. 1980 ـ يىلى، ناھىيىلىك ئوقۇتقۇـ

چىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنى ۋە بىلىم ئاشۇرۇش پونكىتىدىن 8 نى قۇرۇپ، بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدىن 45 نى ئېچىپ، خىزمەتتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇش، خىزمەتتە تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇش ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھانلىق بولىدىغانلارغا ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت 3 تەرەپ بىر گەۋدە بولىدىغان بىلىم ئاشۇرۇش تورلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى پىلانلىق ھالدا يۇقىرى كۆتەردى. 1984 - يىلى، 384 نەپەر ئوقۇتقۇچى خىزمەتتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن سەۋىيىسىگە يەتتى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 65% ئوقۇتقۇچىلىرى ھەر خىل بىلىم ئاشۇرۇش ئۆگىنىشلىرى ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىمتىھانىدا ئۆتكەلدىن ئۆتتى، سىياسىي، كەسپىي سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

4. كۆپ جەھەتلەردىن مەبلەغ توپلاپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش. بۇ ناھىيىدە يەرنىڭ شورلىشىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر بولغاچقا، ئۆيلەرنىڭ ئىشلىتىلىش مۇددىتى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن، مائارىپنىڭ قەرزى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، مەكتەپ ئۆيلىرى ۋە ئۈسكۈنىلەر كونىراپ كېتىپ، قىس بولۇپ، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكەن. 1982 - يىلى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ "4 ئازراق" (دۆلەت، يەرلىك مالىيە، كوللېكتىپ، مەكتەپلەر ئازراقتىن پۇل چىقىرىش) تىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنى مەكتەپ باشقۇرۇشقا مەدەت بېرىشكە، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، جەمئىي 1 مىليون 455 مىڭ 112 يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، 8091 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆيلىرى سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، كوللېكتىپنىڭ توپلىغان مەبلىغى 36% نى ئىگىلىدى. مەكتەپلەر تىرىشچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 91 مىڭ 330 يۈەن پۇل چىقىرىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنىمۇ ھەل قىلدى. ناھىيە مالىيىسىمۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، مەكتەپ باشقۇرۇشقا مەدەت بەردى.

5. مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى بىرگە تۇتۇش. 1981 - يىل بېشىدا ناھىيىلىك ئىشچى - دېھقانلار مائارىپى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى مۇدىرلىقنى ئۆتىدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، 3 نەپەر مەخسۇس كادىر سەپلەندى. ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردە ئىشچى - دېھقانلار مائارىپى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، 18 نەپەر مەخسۇس كادىر بېكىتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقانلار مائارىپى 5 يىللىق گۈيخۇاسى، ئوقۇتۇش تۈزۈمى ۋە كادىرلار،

ئوقۇتقۇچىلار، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئوبيېكتلىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈمى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ تۈزۈملەر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئوبيېكتلىرىدىن 2830 نەپىرى قىش پەسلىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسىنىڭ مەدەنىيەت دەرسى ئۆگىنىشىگە قاتناشتى. دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا

سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن، 104 قارار تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ، 4175 نەپەر تېخنىكا ئاپاراتچىسىنى تەربىيىلەپ چىقتى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۆگىنىشىگە قاتنىشىش ۋە پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشىنى دېخانلارنىڭ ئاڭلىق ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار تەشۋىقى - تەربىيە خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

## پەيزىۋات ناھىيىسى

**[ جۇغراپىيىۋى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ]** پەيزىۋات ناھىيىسى قەشقەر ئېقىندا تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا ، تۆۋەن قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىدىكى بوستانلىقلارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى شىمالىي پاراللېل 39°16′ تىن 40°00′ قىچە، شەرقىي مېرىدىيان 76°20′ تىن 78°00′ قىچە . پەيزىۋات شىمالدا مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرپتە يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇپتا يوپۇرغا بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا تيانشان تېغىغا تاقىشىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى كەلپىن تېغىنىڭ ئالدىنقى بەلۋاغلىرى بىلەن، غەربىي شىمالىي تەرىپى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن خوشنا تۇرىدۇ. شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 140 كىلومېتىر ، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 80 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 6715.4 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 628 مىڭ 500 مو كېلىدۇ. ناھىيە بازىرى قەشقەرگە 76 كىلومېتىر ، ئۈرۈمچىگە 1500 كىلومېتىر كېلىدۇ، ناھىيە بازىرى دېڭىز يۈزىدىن 1190 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ.

پەيزىۋات ناھىيىسى قىزىل دەرياسىنىڭ چۆكمە ئېقىندىسى ، كەلكۈن ئېقىندىسىنىڭ يەلپۈگۈچسىمان قۇيرۇق قىسمىدىن تەركىب تاپقان ئېقىندا تۈزلەڭلىكىگە تەۋە بولۇپ، ئومۇمىي يۈزلىنىشى مۇنداق: غەربى ئېگىز، شەرقى پەس، شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، يانتۇلىقى $\frac{1}{1000}$ ، يەر شەكلى بوران - قۇملۇق تۆپىلىك ، شور - قۇملۇق ، ھازىرقى زاماندىكى دەريا ئېقىندىسى بوستانلىقىدىن ئىبارەت 3 خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. غەربىي جەنۇپتىن شەرقىي شىمالغا قىڭغىيىدۇ ، شىمالدىن جەنۇپقا دولقۇنسىمان ئېقىندا تۈزلەڭلىك ھاسىل قىلىدۇ.

**[ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ]** پەيزىۋات ناھىيىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا غەربىي دىياردىكى سۇلې قەدىمىي دۆلىتىگە تەۋە بولغان . خەن سۇلالىسىنىڭ شۈەندى دەۋرىدىكى شېنجۆ 2 - يىلى ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) دىن ئېتىبارەن، غەربىي دىيار دۇخۇ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ دەۋرىدىكى شاڭيۈەن زامانىسىدا ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم بىر بازار بولغان، شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە باشقا غەرپ ئەللىرىگە بارىدىغان مۇھىم يوللارنىڭ بىرى بولغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ دەۋرى 29- يىلى 7- ئاي (1903- يىلى 8- ئاي) دىن تارتىپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ئايمىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ناھىيە بولۇپ قۇرۇل-

غان. مىنگو دەۋرىدە قەشقەر ۋىلايىتى (مەمۇرىي مەھكىمە) نىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. ئازاتلىقتىن كېيىن، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. 1977- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن تارتىپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارىغان، 1980- يىلى 7- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولۇپ كەلدى.

**[كىلىمات ئالاھىدىلىكى]** پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغدىكى قۇرغاق ئىپتىكى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىق كىلىماتقا تەۋە. ناھىيە بويىچە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃، چېكىگە يەتكەندىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 41.2℃؛ چېكىگە يەتكەندىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -22.5°C بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 54mm بولىدۇ، ھۆل يېغىن مىقدارى ئۆزگىرىشى چوڭ، ئەڭ كۆپ ھۆل-يېغىن مىقدارى 1971-يىلدىكى 109mm، ئەڭ ئاز ھۆل يېغىن مىقدارى 1970-يىلدىكى 15mm بولدى. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، ئىسسىقلىق مىقدارى مول. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2923.3 سائەت؛ ≥10℃ جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4277℃ قا يېتىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچىسى 14.3℃؛ قىروسىز مەزگىل ئۇزۇن، يىللىق ئوتتۇرىچىسى 233 كۈن؛ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2251.1mm بولۇپ، ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 42 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ.

**[مەمۇرىي رايونلىرى]** پەيزىۋات ناھىيىسىدە ھازىر 11 يېزا، 2 بازار بار. 11 يېزا پەيزىۋات، جامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، تېرىم، مىشا، شاپتۇل، خوشاۋات، قىزىلسۇ، كۆللۈك، ئۈدەكلىكتىن ئىبارەت؛ 2 بازار — بارىن، شېكەر كۆلدىن ئىبارەت. 272 كەنت ئاھالىلەرى كومىتېتى ۋە 1451 كەنت ئاھالىلىرى گۇرۇپپىسى بار.

**[مىللەتلەر ۋە نوپۇسى]** جەمئىي 9 مىللەت بار. 1984- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 220 مىڭ 868، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 99.19% نى ئىگىلەيدۇ، ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىچىدە خەنزۇ، مانجۇ، جۇڭگوزۇدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ، 1984- يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ناھىيە بويىچە چوڭ-كىچىك مەسچىتتىن 460ى، دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىن 396 سى بولغان. ھازىر ھەر ئايدا ياكى ھەر پەسىلدە تۇرمۇش پۇلى بېرىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن 72سى بار. ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلەر ئادەتتە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ناھىيە بويىچە چەتئەللەردە ئولتۇرۇشلۇق مۇھاجىرلار 114 ئائىلە، 240 نوپۇس.

**[ئاساسلىق بايلىقى]** يەر بايلىقى: تۇپراقنى لايلاتما تۇپراق، ئەم تۇپراق، چىملىق تۇپراق، توزلۇق تۇپراق، ساسلىق تۇپراق، قۇم تۇپراق ۋە قوڭۇر چۆل تۇپراقتىن ئىبارەت 7 خىل تۇپراققا ئايرىشقا بولىدۇ. پەيزىۋات ناھىيىسىدە يەرنىڭ شورلىشىپ كېتىشى ئىنتايىن ئېغىر، پۈتۈن ناھىيە قەشقەر دەرياسى ۋادىسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا جايلاشقاچقا، ناھىيە بويىچە شورلۇق يەر 3 مىليون 560 مىڭ 57 مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 38.30% نى ئىگىلەيدۇ، شورلاشمىغان تېرىلغۇ يەر ئاران 19846 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ 1.9% نى ئىگىلەيدۇ، قالغىنىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى زەي يەر.

سۇ بايلىقى: پەيزىۋات ناھىيىسى ئەزەلدىن سۇغۇرۇشنى ئاساس قىلىپ كەلگەن، ئاساسلىق

دەريالار مۇنۇلار: قىزىل دەرياسى قاپقىدىن باشلىنىپ بوگكۆلگىچە كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 280 كىلومېتىر، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئېقىن مىقدارى 710 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ؛ پەيزىۋات دەرياسى تاغدىن باشلىنىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ تەلۋىچۇق دەرياسى تەلۋىچۇق ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ ناھىيە تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر كېلىدۇ. 3 دەريانىڭ پەيزىۋاتتىكى ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 900 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بويىچە ئاساسلىق ئۆستەڭ 11 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 452 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئورمان بايلىقى: 1984 ـ يىللىق ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ناھىيە بويىچە ھازىرقى ئورماننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 701 مىڭ 700 موغا، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 7.029% گە يەتتى، ئازادلىقنىڭ دەسلىۋىدە 10.49% ئىدى. ئورمان ئىچىدە تەبىئىي ئورمان يېرى 395 مىڭ 700 مو، سۈنئىي ئورمان 306 مىڭ مو، مۇداپىئە ئورمىنى 38 مىڭ مو، يېقىلغۇ ئورمىنى 174 مىڭ مو، ماتېريال ئورمىنى 9 مىڭ مو، مۇھىت ئاسراش ئورمىنى 53 مىڭ مو، ئىقتىسادىي ئورمان 29 مىڭ مو، 4 تەراپىقا قورۇلغان دەرەخ 220 مىڭ تۈپ، كۆچەت كۆلىمى 6000 مودىن 8000 موغىچە، ياغاچنىڭ جۇغلىنىش مىقدارى 53 مىڭ كۇب مېتىر، ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئورمان كۆلىمى 3.1 مو، ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ياغاچ 0.28 كۇب مېتىر. 1984 ـ يىلى ئەمىيا قىلىنغان ئورماننىڭ ساقلىنىش كۆلىمى 60 مىڭ مو، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن يۇلغۇن 50 مىڭ مو، ناھىيە بويىچە دەرەخ بايلىقى 25 ئائىلە، 37 ئۇرۇقداش، 63 تۈر.

ئوتلاق بايلىقى: ناھىيە بويىچە 3 مىليون 600 مىڭ مودىن كۆپرەك ئوتلاق بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 46.29% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىش كۆلىمى بىر مىليون 450 مىڭ مو بولۇپ، يايلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق ئىچىدە تەبىئىي يايلاق كۆلىمى 526 مىڭ 500 مو بولۇپ، 58.59% نى ئىگىلەيدۇ، سۈنئىي يايلاق 215 مىڭ 400 مو بولۇپ، 24.05% نى ئىگىلەيدۇ، قوش قەۋەت يايلاق 156 مىڭ 600 مو بولۇپ، 17.42% نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئىقتىسادىي مەنپەئەتى يوق ئوتلاق 551 مىڭ 500 مو بولۇپ، پايدىلىنىدىغان يايلاق كۆلىمىنىڭ 38.04% نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە قۇرغاق ۋە شور يەرلەردە ئۆسىدىغان ئوت-چۆپ خىللىرى كۆپ ئەمەس، 28 خىللا بار بولۇپ، يانتاق، قومۇشنى ئاساس قىلىدۇ.

ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى: بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەزنى ئاساس قىلىدۇ. يەنە، ئاپتاپپەرەس، كۈنجۈت، زاراغزا، كەندىر، تاماكا، زىرە، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالۇچا، ئۈزۈم، ئامۇت، ئالما، قوغۇن، تاۋۇز، چۇچۇك بۇيا، ئەنجۈر، بېھىە، ئانار، ئۈژمە، غەينۇلە، گىلاس، جىگدە، قوتۇر ئامۇت، ياڭاق، بادام قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇننىڭ شېكەر تەركىبى يۇقىرى، تەمى ھەسەلدەك تاتلىق؛ قوتۇر ئامۇتنىڭ ئېتى كۆپ، تەمى تاتلىق، شېكەر تەركىبى يۇقىرى، بازارغا كىرىشى بالدۇر، ئوزۇقلۇقى مول بولۇپ، پەيزىۋاتنىڭ خاس ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېساپلىنىدۇ. ھايۋاناتلار بايلىقى ئاساسەن كالا، قوي، ئات، ئېشەك، خېچىر، چوشقا، ئۆي ھايۋانلىرى قاتارلىقلار. يەنە، ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار بار.

سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى جەھەتتە ھازىر ئاز مىقداردىكى بېلىقچىلىق ئىشلىرىلا بار.

[ئىقتىسادىي ئەھۋالى] 1984-يىللىق ساناتەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 24 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1983-يىلدىكىدىن 8.88% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 700 مىڭ 200 يۈەن، ساناتەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 324 مىڭ 600 يۈەن بولدى.

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پەيزىۋاتنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. 1984-يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 127 مىليون 256 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1949-يىلدىكىدىن 3 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلات 277.4 جىڭ بولۇپ، 1949-يىلدىكىنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى، ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 586 جىڭغا يەتتى. پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 936 مىڭ 981 جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 53.6 جىڭ بولدى. ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون 6347 جىڭ، ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغىنى 27 جىڭ بولدى. پاختا، ياغلىق دان مەھسۇلاتلىرىدا تارىختىكى يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى، چارۋا ئومۇمىي سانى 329 مىڭ 500 تۇياق بولۇپ، 1983-يىلدىكىدىن 9.6% كۆپەيدى.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى پەيزىۋات ناھىيىسىدە ساناتەت يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئۇششاق-چۈششەك قول ساناتەت دۇكانلىرىلا بار ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ساناتەت ئىشلەپچىقىرىشى پەيدىن-پەي راۋاجلاندى. ھازىر ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئاشلىق-ياغلىق دان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش-ياساش زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، كېلەمچىلىك كارخانىسى، ئۇن زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق كارخانىلار بار. ئىشچى-خىزمەتچىسى جەمئىي 517، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى 174.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. 1984-يىلى ناھىيە بويىچە يېزا-بازار كارخانىلىرى 135كە، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 659غا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 481 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.


پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلق تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1984-يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 128 يۈەنگە يېتىپ، 1983-يىلدىكىدىن 20% كۆپەيدى، 1978-يىلدىكىدىن 3 ھەسسە كۆپەيدى. شەھەر-يېزىلاردا پۇل ئامانىتى 27 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980-يىلدىكىدىن 12 ھەسسە كۆپەيدى. شەھەر-يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئەتىۋار تۇرمۇش بويۇملىرى تېز كۆپەيدى، ھازىر 232 تېلېۋىزور (يېقىنقى ئىككى يىلدا سېتىۋېلىنغان)، 9122 ۋېلىسىپىت (بۇنىڭ ئىچىدە 1984-يىلى يېڭىدىن سېتىۋېلىنغىنى 2559)، 3044 تىككۈ ماشىنىسى، 101 رادىيولۇق ئۈنئالغۇ بار.

# پەيزىۋات قوغۇنى

ھەبىبۇللا قاسىم، خۇ چۈەن، ئېزىز ئىمىن

پەيزىۋات ناھىيىسى ئەزەلدىن قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشتا داڭ چىقىرىپ كەلگەن. تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلار دەۋرى (مىلادى 4-، 5-ئەسىرلەر) دىلا، پەيزىۋات قوغۇنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە داڭ چىقارغان. يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان، پەيزىۋات قوغۇنى تېخىمۇ يۇقىرى شۆھرەت قازانماقتا. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەشھۇر رەھبەرلىرىدىن جۇ ئېنلەي، لىيۇ شاۋچى، جۇدې، خې لۇڭ، چېن يى، جاۋ زىياڭ قاتارلىقلار پەيزىۋات قوغۇنىنىڭ تاتلىق، پۇراقلىق ئىكەنلىكىنى ماختىغان ئىدى. زىيارەتكە كەلگەن چەتئەللىك بىر مۇنچە ساياھەتچىلەرمۇ پەيزىۋات قوغۇنىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي تەرىپلەشكەن ئىدى.

قوغۇننىڭ مۇشۇنداق ئوخشۇشى ئەۋزەل، خاس سۇ، تۇپراق، كىلىمات شارائىتىدىن بولىدۇ. بۇ جاي قۇرغاق، يامغۇرى ئاز، كۈن نۇرى يېتەرلىك، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، تۇپراقنىڭ تېز ئۈنۈملۈك كالىي تەركىبى ئىنتايىن مول ($210\ ppm$ دىن يۇقىرى) بولۇپ، شېكەر تەركىبىنىڭ توپلىنىشىغا پايدىلىق. پەيزىۋات قوغۇنىنىڭ شېكەر تەركىبى ئادەتتە 12-17% گە، ئەڭ يۇقىرىسى 19% گە يېتىدۇ.



قوغۇندىن مول ھوسۇل.

باۋدى فوتوسى

پەيزىۋات قوغۇنىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك سورتلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

1964-يىلى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەيزىۋات ناھىيىسىدە نۇقتا بېكىتىپ، 22 سورتنى قايتا تەكشۈرۈپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 6 سورتنى شىنجاڭ بويىچە كېڭەيتىدىغان ئەلا سورت قاتارىغا كىرگۈزدى. 1965-يىلى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ 1-ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقاتى ئورنى بىرلىشىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، پەيزىۋاتنى ھەقىقەتەن قوغۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان داڭلىق رايونلارنىڭ بىرى دەپ قارىدى. 1980-يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە قوغۇن، تاۋۇز باھالاش ھەيئىتىنى قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 6 ۋىلايەت (ئوبلاست) نىڭ نۇقتىلىق ھالدا قوغۇن، تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان 86 نۇقتىسىدىن تاللاپ چىققان 12 ئەلا سورت ئىچىدە پەيزىۋاتنىڭ سورتى 5 نى ئىگەللىدى.

1984-يىلى، پەيزىۋات قوغۇنىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى 400 موغا، سورتى 35 كە يەتتى، بۇلار بالدۇر پىشىدىغىنى، ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدىغىنى، كېيىن پىشىدىغىنىدىن ئىبارەت 3 چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بالدۇر پىشىدىغان قوغۇن سورتى 8 خىل، ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدىغان قوغۇن سورتى 18 خىل، كېيىن پىشىدىغان قوغۇن سورتى 4 خىل. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سىرتقى جايلاردىن كىرگۈزۈلگەن ئاق چۈرۈك، تۆمۈر شاپاق، توپ ئوقى

قاتارلىق سورتلارمۇ ناھايىتى ئوبدان ئۆسىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئىقتىسادىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدۇ دەپ قارىغان سورت 8 خىل:

قارا چىلگە: بالدۇر پىشىدىغان سورت، ئۆسۈش مەزگىلى ئادەتتە 80—90 كۈن بولىدۇ، قوغۇن شەكلى يۇمىلاق، شاپىقىنىڭ ئاستى سېرىق، شاپىقى نېپىز، ئېتى يۇمشاق ۋە سۇلۇق، بىر ئاز پۇراقلىق، شېكەر تەركىبى 7—12%.

ئاق كۆكچە: ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدىغان سورت، شەكلى سوقۇچاق ياكى ئۇزۇن سوقۇچاق، شاپىقىنىڭ ئاستى ئاق، ئېتى بوش ـ چۈرۈك، شەربىتى كۆپ، نەشپۈت پۇرىقى بار، شېكەر تەركىبى 11 ـ 15%، ئۆسۈش مەزگىلى 110—120 كۈن.

قارا كۆكچە: ئوتتۇرا مەزگىلدە پىشىدىغان سورت، شەكلى ئۇزۇن سوقۇچاق ياكى ئۇزۇنچاق، ئېتى سىلىق، چۈرۈك، چىڭراق، بەك پىشىپ كەتسە يۇمشاقراق بولىدۇ، نەشپۈت پۇرىقى بار، شەربىتى نورمال، شېكەر تەركىبى 10 ـ 15%، سۈپىتى ياخشى، ساقلاشقا، توشۇشقا چىدامىلىق، قوغۇن قېقى ئىشلىگىلى بولىدۇ، قاق چىقىش نىسبىتى 15 ـ 20%.

قوتۇر كۆكچە: ئوتتۇرا مەزگىلدە كېيىنرەك پىشىدىغان سورت، شەكلى ئۇزۇن، سوقۇچاق، يەككە ئېغىرلىقى 5—10 كىلوگىرام كېلىدۇ، ئېتى سىلىق، ناھايىتى چۈرۈك، چىڭ، شەربىتى نورمال، شېكەر تەركىبى 11 ـ 15%، بۇ، پەيزىۋاتنىڭ خاس سورتى ھېسابلىنىدۇ.

قارا كۆسەي: ئوتتۇرا مەزگىلدە كېيىنرەك پىشىدىغان سورت، شەكلى سوقۇچاق ياكى ئۇزۇن سوقۇچاق، يەككە ئېغىرلىقى 4—7 كىلوگىرام كېلىدۇ، ئېتى سىلىق، چۈرۈك، چىڭ، شەربىتى نورمال، شېكەر تەركىبى 11 ـ 16%، ساقلاشقا، توشۇشقا چىدامىلىق.

كۆك بەل: كېيىن پىشىدىغان سورت، شەكلى يۇمىلاق ياكى ئۇزۇن سوقۇچاق، يەككە ئېغىرلىقى 6—10 كىلوگىرام كېلىدۇ، ئېتى چىڭ، شەربىتى نورمال، بادام پۇرىقى بار، شېكەر تەركىبى 10 ـ 16%، ساقلاشقا، توشۇشقا چىدامىلىق، ياندۇرقى يىلنىڭ 5 ـ ئېيىغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

پىسون: كېيىن پىشىدىغان سورت، شەكلى يۇمىلاق، ئېتى چىڭ، شەربىتى نورمال، شېكەر تەركىبى 10—16%، ساقلاشقا، توشۇشقا چىدامىلىق.

قارىغاش: كېيىن پىشىدىغان سورت، شەكلى يۇمىلاق، ئۇزى كىچىك، شېكەر تەركىبى 10—15%، ئېتى چىڭ، شەربىتى نورمال، ساقلاشقا، توشۇشقا چىدامىلىق.

پەيزىۋات قوغۇنىنى ئىستېمال قىلغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئېتى، ئۇرۇقى، پىلىكىنى دورا ماتېرىيالى قىلغىلى بولىدۇ، پەيزىۋات قوغۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتىدا كۆپۈلدىكىدەك ئىقتىسادىي زىرائەت ھېسابلىنىدۇ.

## يەكەن ناھىيىسى

[ **جۇغراپىيىۋى ئورنى كۆرۈنۈشى**] يەكەن شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرا جايىدىكى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ باغرىدا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكى بىلەن بۇغرا قۇملۇقى ئوتتۇرىسىدىكى يەكەن دەرياسى ئېقىنىدا تۈزلەڭلىكنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىمىرا يونىلىرىدا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76 1′ 57″ تىن 77 46′ 30″ قىچە، شىمالىي پاراللېل 37 30′ تىن 39 15′ قىچە. ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىي يەكەن دەرياسىنى پاسىل قىلغان ھالدا پوسكام، قاغىلىق بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالى مەكىت ناھىيىسىنىڭ شېيتدۆڭ يېزىسى بىلەن خوشنا تۇرىدۇ، غەربىي شىمالى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ تىرىم يېزى-

سى ۋە يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ھاراپ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي قىسمى يېڭىسارنىڭ قىزىل سېپىلى ۋە ئاقتو ناھىيىسىنىڭ كوسراپ يېزىسىغا تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبى تاشقورغان ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ھەممە زېمىنى دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 1231.2 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ، جەنۇبى بىلەن شىمالى ئۇزۇن، ئەمما شەرقى بىلەن غەربى تار، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 190 كىلومېتىر، شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 56 كىلومېتىر، ئۇنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىڭغىيىپ، يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندا تۈزلەڭلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ئومۇمى يەر كۆلىمى 8195.6 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايون 3245.9 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يەر كۆلىمىنىڭ 39.6% نى ئىگەللەيدۇ، تۈزلەڭلىك 4949.9 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يەر كۆلىمىنىڭ 60.39% نى ئىگەللەيدۇ. تۈزلەڭلىك ئىچىدە شېغىل ـ تاشلىق جاڭگال، قۇم دۆڭلىرى 15.74% نى، بىنام ۋە چۆللۈك 41.83% نى، ئۆستەڭ، يول، مەھەللىلەر 3.76% نى، ئورمان يېرى 3.25% نى، سۇ ئامبارلىرى، ئويمانلار 7.45% نى، دەريا 1.51% نى ئىگەللەيدۇ.

**[تارىخي تەرەققىيات جەريانى]** يەكەننىڭ تارىخى ئۇزۇن، غەربىي جۇ پادىشالىق بولغاندا، يەكەن غەربىي دىياردىكى داڭلىق بىر قەبىلە دۆلىتى ئىدى، جۇ سالنامىسىدا يەكەن پادىشاسىنىڭ ئەلچىسىنىڭ جۇ تەڭرىقۇتىغا سوغا تۇتقانلىقى ھەققىدىكى ئەھۋال خاتىرىلەنگەن، بۇ، 3 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن يەكەن ئارقىلىق ئۇلۇغ ياۋچىلار تەرەپكە بارغان، خەن سۇلالىسىنىڭ شۈەندى دەۋرىدىكى يۈەنكاڭ بىرىنچى يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 65 ـ يىلى) يەكەن پادىشاسى ئۆلگەن، خەن سۇلالىسى مەلىكە شىيې يۈنىڭ ئوغلى ۋەن نيەننى يەكەننىڭ پادىشالىقىغا ئېرىشتۈرگەن (كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن)، شىنمالىڭ تيەنفېڭ 5ـ يىلى (مىلادى 18 ـ يىلى) يەكەن پادىشاسى يەن ئۆلگەن، خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋادار ئەمەلدارى ئۆزىنىڭ ئوغلى كاڭنى ۋارىسلىق قىلدۇرغان، خەن سۇلالىسىنىڭ گۇاڭۋۇ دەۋرىدىكى جيەنۋۇ 5ـ يىلى (مىلادى 29 ـ يىلى) خېشىنىڭ باش قوماندانى دۇرۇڭ كاڭنى يەكەننىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن پەزىلەتلىك ۋاڭى قىلىپ تەيىنلەپ تامغۇ پۆپۈكى ئىنئام قىلغان. خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 4 ـ يىلى (مىلادى 61 ـ يىلى) ئۇدۇنغا ئەل بولغان، خەن سۇلالىسىنىڭ جاڭدى دەۋرىدىكى جيەنچۇ 5ـ يىلى (مىلادى 80 ـ يىلى) يەنە كۇسەن (ھازىرقى كۇچار) گە ئەل بولغان، جاڭدى دەۋرىدىكى جاڭخې 1 ـ يىلى (مىلادى 87 ـ يىلى) بەنچاۋ يەكەننى سۇلې دۇخۇ مەھكىمىسىگە قارايدىغان قىلغان. 3 دۆلەت ۋېيدا تەئەللۇق بولۇپ چۆشا دەپ ئاتىلىپ، سۇلې بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن، پادىشا يەكەن قەلئەسىدە تۇرغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «جوجۈجيا» دەپ ئاتىلىپ، 5 قەبىلىگە ئايرىلغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قاراخانىلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان، كېيىن غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قىتان ياللۇغ تاشىن قەبىلىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان، ئاندىن كۈچلۈك خان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دازۇڭ 6 ـ يىلى (مىلادى 1234 ـ يىلى) بۇ يەر چاغىتاي خانلىقىنىڭ ئارغۇ قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇدۇن (خوتەن)، قەشقەر بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 چوڭ شەھەر بولغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەۋىدە، ئۇدۇننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، بەشبالىق (تۇرپان) بىلەن بىرلىكتە غەربىي دىيار بۇيۇك ئېلى دەپ ئاتالغان، ئارغۇ يەكەن

يېڭى شەھەردە تۇرغان، نامى ياركەنت دەپ ئاتالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا (مىلادى 1543 ـ يىلى) يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇپ، يەكەن قەلئەسى يەركەن خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان، ئۇ غەربىي‌دىياردىكى قەبىلىلەرنى بىر تۇتاش باشقۇرغان، تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجۇ 13 ـ يىلى (مىلادى 1656 ـ يىلى) غىچە قۇمۇل (بابەرخان)، تۇرپان (سەئىدخان) لارنىڭ تۆھپە دەپتەرلىرىدە يەركەندىكى ئابدۇللاخاننىڭ قولى قويۇلۇپ كەلگەن. كاڭشى 35 ـ يىلى (مىلادى 1696 ـ يىلى) قەشقەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مىلادى 1859 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەكەننى باشقۇرۇش ئۈچۈن 7 بەگ تەسىس قىلغان. مىلادى 1860 ـ يىلى ياقۇپبەگ يەكەنگە تاجاۋۇز قىلىپ، بۇ يەرنى 21 يىل بېسىپ ياتقان. گۇاڭشۇ 8 ـ يىلى (مىلادى 1882 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنغان، گۇاڭشۇ 9 ـ يىلى (مىلادى 1883 ـ يىلى) بىۋاستە قاراشلىق يەكەن ئايمىقى قۇرۇلۇپ، قاغىلىق ناھىيىسىنى باشقۇرغان. گۇاڭشۇ 29 ـ يىلى (مىلادى 1903 ـ يىلى) يەكەن مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، پولى ۋازارىتى، مارالۋېشى ئايمىقى، گوما ناھىيىسىنى باشقۇرغان. مىلادى 1912 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1927 ـ يىلى يەكەن يېڭىشەھەر، كونىشەھەر دەپ 2 ناھىيىگە ئايرىلغان، 1943 ـ يىلى بىرلەشتۈرۈلۈپ يەكەن ناھىيىسى بولۇپ، قەشقەر مەمۇرى باشلىق مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولغان. 1943ـ يىلى 3ـ ئايدا يەكەن 10ـباشلىق مەھكىمىسى بولۇپ قۇرۇلۇپ، تا ئازاتلىققا قەدەر يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىتتىن ئىبارەت 4 ناھىيىنى باشقۇرۇپ كەلگەن، ئازاتلىقتىن كېيىن، 1949 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە يەكەن ۋالى مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھازىرغا قەدەر قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

**[كىلىمات ئالاھىدىلىكى]** يەكەن ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغ، چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك كىلىماتقا تەۋە، 4 پەسىل ئېنىق، كىلىماتى قۇرغاق، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ئۇزۇن، پارغا ئايلىنىش مىقدارى زور، تېمپېراتۇرىنىڭ كۈنلۈك، يىللىق ئۆزگىرىشى چوڭ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.4℃، چېكىگە يەتمەيدىغان ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 23.5℃ـ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 41.5℃. ئىسسىقلىق مىقدارى مول، ≥0℃ دىكى ئوتتۇرىچە جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4595℃ قا يېتىدۇ، ≥10℃ دىكى جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4163℃ قا يېتىدۇ. ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 43mm، تاغلىق رايونلاردا ھۆل ـ يېغىن روشەن ھالدا كۆپىيىدۇ، ھۆل ـ يېغىن 4ـ9ـ ئايلارغا مەركەزلىشىدۇ. بىر كۈنلۈك ئەڭ چوڭ ھۆل-يېغىن مىقدارى 27mm غا يەتكەن. يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2245 mm بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 50 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە نىسبىي نەملىك 53% بولىدۇ. يىل بويى غەربىي‌شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 1.8 مېتىر سېكونت، ئەتىياز، ياز كۈنلىرىدە بوران كۆپ چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 4ـ6ـ ئايلاردا قۇم بوران كۆپ بولۇپ، بوراننىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان سۈرئىتى 40 مېتىر سېكونتقا يېتىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2970 سائەت بولۇپ، نۇر چۈشەلەيدىغان سائەت سانىنىڭ 67% نى ئىگىلەيدۇ. قىروسىز مەزگىل ئۇزۇن، يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 212 كۈن، ئەڭ ئۇزۇنى 235 كۈن، ئەڭ قىسقىسى 168 كۈن بولۇپ، ھەر خىل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە ماس كېلىدۇ. يەر-

نىڭ توڭلاش مەزگىلى ئادەتتە 11- ئاينىڭ 1-، 2- ئون كۈنلىرىدىن تارتىپ ياندۇرقى يىلى 3- ئاينىڭ 1-، 2- ئون كۈنلىرىگىچە بولۇپ كەلدى. توڭلىغان تۇپراقنىڭ ئەڭ زور چوڭقۇرلۇقى 98 سانتىمېتىر بولۇپ، 1975 - يىلى 1- ئاينىڭ 31- كۈنى كۆرۈلدى.

**[مەمۇرى رايونلىرى]** يەكەن ناھىيىسىدە گۈللۈك، مشا، ئارال، تومشۇستەڭ، ئودالىق، ئارسلانباغ، چارەك، ئىشقول، تاغارچى، كاچۇڭ، قوشراپ، ئاۋات، ئالمەت، ئازاتباغ، ئىگەچى يېزىلىرى ۋە زەرەپشان تاجىك مىللى يېزىسىدىن ئىبارەت جەمئى 16 يېزا بار. شەھەر، ئىلىشقۇ، خاڭدى، بەشكەندىن ئىبارەت 4 بازار بار. جەمئى 477 كەنت، 2243 ئاھالىلار گۇرۇپپىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، باغۋەنچىلىك، سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق، يىلقىچىلىك، نەسىللىك ئۆي قۇشلىرى، ئورمانچىلىق ۋە كۆچەتزارلىقتىن ئىبارەت 7 مەيدان بار.

**[مىللەتلەر ۋە نوپۇسى]** ناھىيە بويىچە جەمئى 122842 ئائىلە بار، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىكىلەر 112030 ئائىلە، شەھەر - بازار نوپۇسىدىكىلەر 0759؛ ئائىلە؛ ئومۇمى نوپۇس 448323، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 389785 بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسنىڭ 90% ىنى ئىگەللەيدۇ. جەمئى 17 مىللەت بار، ئۇيغۇرلار ئاساسلىق بولۇپ، 96.78% نى ئىگەللەيدۇ؛ خەنزۇلار 2.65% نى ئىگەللەيدۇ؛ تاجىكلار 0.45% نى ئىگەللەيدۇ؛ ئۆزبېكلەر 0.2% نى ئىگەللەيدۇ؛ خۇيزۇ، قىرغىز، قازاق، موڭغول، شىبە مىللەتلىرى يەرلىكلەر ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇاڭزۇ، مانجۇ، مياۋزۇ، دۇڭشياڭزۇ، زاڭزۇ، بەيزۇ، باۋئەنزۇ بولۇپ، بۇلار يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قېرىنداش ئۆلكە، رايونلاردىن كەلگەن كادىرلار، ئىشچىلاردۇر، يەنە، جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى 22 نەپەر چەتئەللىك بار.

مۇشۇ ئازسانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار كۆپ، يەكەندە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار ئىچىدە سۈننى مەزھىپىدىكىلەر كۆپ، شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئىنتايىن ئاز، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىشان، سوپى، 12 ئىمام مەزھىپىدىكىلەردىن خېلى بار. تىل جەھەتتە، يەرلىك خەنزۇلارنىڭ تولىسى شەرقىي شىمال، تيەنجىن شىۋىسىنى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ئارىلاش خەنزۇ يەرلىك شىۋىسىنى قوللىنىدۇ، ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئۇيغۇر تىلىنى ئورتاق قوللىنىدۇ.

**[ئاساسلىق بايلىقى]** يەكەن قەدىمىي دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، بايلىقى ئىنتايىن مول، ئۇنى يەنىمۇ ئېچىشقا، گۈللەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

يەر بايلىقى: ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، تۇپراق خىللىرىنىڭ جايلىشىشى بويىچە ئايرىغاندا، لايلاتما يەر 170مىڭ مو بولۇپ، 7.41% نى ئىگەللەيدۇ، لايلاتما، يەڭگىل زەيلەشكەن، كۆلرەڭ نەم يەر 757 مىڭ مو بولۇپ، 32.36% نى ئىگەللەيدۇ، يەڭگىل زەيلەشكەن نەم يەر بىر مىليون150مىڭ مو بولۇپ، 50.84% نى ئىگەللەيدۇ، ئېغىر زەيلەشكەن نەم يەر 370 مىڭ مو بولۇپ، 16.24% نى ئىگەللەيدۇ، ئېغىر زەيلىك - ئوتلۇق يەردىن 630 مىڭ مو، ئۇنىڭدىن باشقا، 927 مىڭ مو بىنام يەر بار. ئومۇمى ئەھۋال مۇنداق: تۇپراقنىڭ ئورگانىك تەركىبى ئاز ( 0.5% تىن 1.2% گىچە بولغان ئارىلىقتا ) بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئازوت تەركىبى 0.053%، ئوتتۇرىچە پوسفور تەركىبى $PPm$ 2.56، ھازىرقى تېرىلغۇ يەر

بىر مىليون 360 مىڭ مو بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 3 مودىن توغرا كېلىدۇ.

سۇ بايلىقى: يەكەن دەرياسى مۇشۇ ناھىيىنىڭ تاغلىق رايونىدىكى قاراقۇرۇم داۋىنى ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ، دەريا سۈيى مۇشۇ ناھىيىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، قاغىلىق ناھىيىسى چېگرىسىدىن كىرىدىغان تىزناپ دەرياسى بار، بۇ ئىككىلى دەريا مۇز، قارنىڭ تولۇقلىما ئېقىنى بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپ، ئەتىيازدا سۇ تارتىلىدۇ، يازدا كەلكۈن كېلىدۇ. يەكەن دەرياسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 6 مىليارت 374 مىليون كۇپمېتىر بولىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا 8 مىليارت 805 مىليون كۇپمېتىر، ئەڭ ئاز بولغاندا 4 مىليارت 468 مىليون كۇپمېتىر بولىدۇ، ئەتىياز پەسلىدە يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ 6.8% نى، ياز پەسلىدە 67% نى، كۈز پەسلىدە 20% نى، قىش پەسلىدە 6.2% نى ئىگىلەيدۇ. يەكەن دەرياسىنىڭ ئېقىن ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ناھىيە ئىچىدە 10 چوڭ ئاتا ئۆستەڭدىن سۇ باشلىنىدۇ. تىزناپ دەرياسىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ باشلىنىش مىقدارى يەكەن دەرياسىنىڭكى ئاران سەككىزدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇ يەكەننىڭ قوشۇمچە سۇ ئۆتكۈزۈش دەرياسى ھېساپلىنىدۇ. يەكەندە دەريا سۈيىنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، كۆپ يىللار مابەينىدىكى تەكشۈرۈلۈشچە، PH قىممىتى 7.8 بولۇپ، ئاجىز زەيسىمان رىئاكسىيە ھېساپلىنىدۇ، ئوتتۇرىچە ئېرىتمە ئومۇمى مىقدارى 251.9mm دىن 526.9mm گىچە، سۇنىڭ قاتتىقلىقى 1.817 مىللىگرام (ئېكۋىۋالېنت) لېتىردىن 4.010 مىللىگرام (ئېكۋىۋالېنت) لېتىرغىچە، سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 362.6 مىللىگرام لېتىر. يەكەننىڭ يەر يۈزىدىن باشلايدىغان سۈيى بىر مىليارت 880 مىليون كۇپمېتىر، ئۇنىڭغا 21 سۇ ئامبىرىغا قاچىلىنىدىغان 175 مىليون كۇپمېتىر سۇنى قوشقاندا، جەمئىي 2 مىليارت 55 مىليون كۇپمېتىر بولىدۇ. يەكەندە يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسىمۇ ناھايىتى مول، ئۇ تەخمىنەن 500 مىليون كۇپمېتىر كېلىدۇ، ئۇ تېخى ئېچىلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇ كۈچى بايلىقىمۇ ناھايىتى مول.

سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى: يەكەندە پايدىلىنىشقا بولىدىغان جەمئىي 553209 مو سۇ يۈزى بار. بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئامبىرى 254716 مو كېلىدۇ. سۇ يىغىلىدىغان قومۇشلۇق، ئويمانلىقلار 298493 مو بولۇپ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور. ناھىيە باشقۇرغان بېلىقچىلىق – بېلىق مەيدانىدىن بىرسى، يېزىلار باشقۇرغان بېلىقچىلىق مەيدانىدىن 4 ى، بېلىق كۆلچىكىدىن 223 ى بار. يىللىق ئوتتۇرىچە بېلىق تۇتۇش مىقدارى 32 توننا.

ئورمان بايلىقى: يەكەننىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى ئورمانلارنى ۋىلايەت باشقۇرىدۇ. تۈزلەڭلىك ئورمىنىنىڭ تەرەققىياتى 1964 – يىلىدىن بۇيان تېز بولدى. ھازىر، جۇغلانما ساقلىنىۋاتقان سۈنئىي ئورمان كۆلىمى 327000 موغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز – ئېرىق مۇداپىئە ئورمىنى 144000 مو، يېقىلغۇ ئورمىنى 146000 مو، ئىقتىسادىي ئورمان 37000 مو؛ پارچە – پۇرات تېكىلگەن دەرەخ 43 مىليون 680 مىڭ تۈپ، دەل – دەرەخنىڭ ساقلىنىش مىقدارى 111 مىليون 400 مىڭ تۈپ، ياغاچنىڭ جۇغلانما مىقدارى بىر مىليون 490 مىڭ كۇپمېتىر. ھازىر كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدىغان يەردىن 20000 مو بار، 64 جايدا كۆچەتخانا بولۇپ،

83 مىليون 280 مىڭ تۈپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئورمانچىلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 163 مىليون يۈەن، مۇداپىئە ئۈنۈمى رۇشەن. ناھىيە بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 18.66%، بوستانلىقلارنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5.5%، زېمىننىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 3.2%، قۇم - بوران ئاپىتى بولىدىغان چاغلار 1969 - يىلىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 105 كۈن ئازايدى، قىروسىز مەزگىل 3.8 كۈن ئۇزاردى، نەملىك 2.5 مىللىبار كۆپەيدى، ھۆل - يېغىن مىقدارى 9.3 mm كۆپەيدى.

ئوتلاق بايلىقى: ناھىيە بويىچە جەمئىي 3 مىليون 8 مىڭ 39.1 مو ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايوندىكى چۆل - باياۋانلىق ئوتلاق 307016 مو بولۇپ، 10.2% نى ئىگىلەيدۇ. تاغلىق جايلاردىكى چۆل - باياۋانلىق يايلاق، ئوتلاق 406316.5 مو بولۇپ، 13.5% نى ئىگىلەيدۇ. تاغلىق جايلاردىكى يايلاق، ئوتلاق 142576 مو بولۇپ، 4.7% نى ئىگىلەيدۇ. قاتتىق سوغۇق جايلاردىكى يايلاق، ئوتلاق 169852 مو بولۇپ، 5.6% نى ئىگىلەيدۇ، تۈز - لەڭلىكتىكى پەس جاي چۆپلۈك، ئوتلاقلىرى بىر مىليون 970 مىڭ 979 مو بولۇپ، 65.5% نى ئىگىلەيدۇ، ساسلىق ئوتلاقلىرى 11497 مو بولۇپ، 0.4% نى ئىگىلەيدۇ.

جانلىقلار بايلىقى: ئۆسۈملۈكلەر بايلىقىدا ئاساسلىقلىرىدىن يۇلغۇن، چۈچۈك بۇيا، يانتاق، تۆگە قويرۇق، چىغ، سوك - سوك، قارا يانتاق، پېيزەك، پىچان، يېكەن، لوپنۇر كەندىرى، قامغاق، يۆگىمەچ، ئوغرى تىكەن قاتارلىق كۆپ خىلى بار. دورا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈك بۇيا، قان تېپەر، چاكاندا قاتارلىق 15 خىلى بار. دېخانچىلىق ئۆسۈملۈكلىرىدىن بۇغداي، ئارپا، يالىڭاچ ئارپا، كۆممە قوناق، شال، قىچا، زىغىر، سېرىق ماش، ماش، جاگدۇ، دادۇر، تېرىق، ھەر خىل قوغۇن - تاۋۇزلار بار. ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈكلەردىن كېۋەز، خۇاسىڭ، كۈنجۈت، بەيشۇ ۋە ھەر خىل ئوتياشلار، مەسىلەن: بەسەي، شوخلا، تەرخەمەك، مۇچ، پىتىنگان، كاۋا قاتارلىقلار بار. كۆك ئوغۇتتىن قاشقا بىدە، يۇلغۇن كەندىر، پەلەس، بىدە قاتارلىقلار بار. مېۋىلىك دەرەخلەردىن شاپتۇل، ئامۇت، ئۆرۈك، ئالما، يىگدە قاتارلىقلار بار. مېۋىسىز دەرەخ خىللىرىدىن تېرەك، سۆگەت، ئۈژمە، ئاكاتسىيە، چىنار، پاۋلونىيە، قارىياغاچ، قېيىن، ئارچا قاتارلىق 50 خىلى بار، ئۇنىڭدىن باشقا، ئېتىز - ئېرىقتا ئۈنىدىغان ئوت - چۆپلەردىن لەيلاپ، كىچىك خوخا، ياۋا سۇلۇ، پاقا يوپۇرماق، تاجىلىق ئەمەن، سېمىز ئوت، ماسكاپ، سۈتلۈك ئوت، بۇيا، كۈرمەك قاتارلىقلار بار.

ھايۋاناتلار بايلىقى: ئىچىدە ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئۆچكە، قوي، ئات، كالا، قوتاز، ئېشەك، خېچىر، قوش ئۆركەشلىك تۆگە، ئىت، مۈشۈك، توشقان قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن تۈلكە، ياۋا توڭگۇز، ئارقار، بۆرە (ئىنتايىن ئاز)، يىلپىز، ياۋا توشقان، تىيىن، قارىغۇچاشقان، سېرىق چاشقان قاتارلىقلار بار. ئۆي قۇشلىرىدىن توخۇ، ئۆدەك، غاز، كۈركە توخۇ، ئۆي كەپتىرى قاتارلىقلار بار. ياۋا قۇشلار ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، خىللىرى بەك كۆپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تولا ئۇچرايدىغانلىرىدىن پاختەك، سېغىزخان، قۇچقاچ، قاغا، لاچىن، بۈركۈت، قۇرغۇي، سوپىتوغاي قاتارلىقلار بار، تاغلىق رايوندىكى ئۇلار ئەڭ ئەتىۋارلىق، سۇ قۇشلىرىدىن ئاق قۇتان، چوڭ تۇمشۇقلۇق قۇش، ياۋا ئۆدەك قاتارلىقلار بار. قۇرۇت - ھاشارات بايلىقىدىن ھازىرغىچە بىلىنگەنلىرىدىن 300 خىلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە

زىيانداش ھاشارات 220 خىلدىن ئارتۇق، كۆشەندە قۇرۇت - ھاشارات 100 خىل، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق ئىسسىق قويۇلغانلىرى 10 ئەترەت، 24 ئائىلە، 74 تۈر.

كان بايلىقلىرى: ھازىرغا قەدەر بېلىنگەنلىرىدىن كېمەك ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىنىك، پوسفور، كۈڭگۈرت، گەج، چىرۇمتال، ئىسلاندىيە تېشى، كۋارتس، خرۇستال، كۆك قاش تېشى قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ زاپىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. تۆنلۈك كۆمۈر، تۆتتۆنىمز كۆمۈر 1953 - يىلى قېزىلىشقا باشلانغان، ھازىر يىللىق مەھسۇلاتى 100000 توننىغا يېقىنلىشىدۇ.


[قاتناش - ترانسپورت ئەھۋالى] يەكەننىڭ ئورنى يەكەن - قەشقەر، يەكەن - خوتەن تاشيولى لىنىيىسىنىڭ مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان ئېغىزىدا بولۇپ، قاتناش - ترانسپورتنى قولايلىق دېيىشكە بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا، كەنتلەرنىڭ ئاساسلىق غوللۇق يوللىرى ئارقا - ئارقىدىن ياسالدى، تاغلىق رايونلاردىكى ئىنتايىن ئازساتلىق كەنتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممە كەنتلەرگە تاشيول تۇتۇشۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

[ئىقتىسادىي ئەھۋالى] 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 183 مىليون 875 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 1.3 ھەسسە، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %3.1 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 139 مىليون 2 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، %75.5 نى ئىگىلىدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %7.5 كۆپەيدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 401 مىليون جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %5.5 ئاشتى، پاختا 220 مىڭ دەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى. چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى 681 مىڭ تۇياق، ئەمىيا قىلىنغان ئورمان 44000 مو، ئومۇمىي تۈپ سانى 13 مىليون تۈپ بولدى. ئەزالارنىڭ ساپ كىرىمى 195 يۈەنگە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن %19.6 كۆپەيدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 873 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %5.1 كۆپەيدى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 250 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، %17.8 كۆپەيدى، مالىيە كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %4.6 كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە 25 كارخانا بار. توك تارقىتىش مىقدارى %11.61 كۆپەيدى، كۆمۈر %22.91 كۆپەيدى. سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى ئورۇنلىنىشقا يېقىنلاشتى. يىل ئاخىرىدىكى سانائەتنىڭ ساپ مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 408 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %9.52 كۆپەيدى. سودا - تور نۇقتىلىرى كۆپەيدى، ئوبوروت يوللىرى راۋانلاشتى، يەككە سودىگەرلەر 2451 گە يەتتى. يىللىق سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ، سېتىش پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىشى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %8 كۆپەيدى. تەمىنات - سودا سېستىمىسىنىڭ سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىشى %102.35 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %51 كۆپەيدى. سېتىش پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىشى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %6.75 كۆپەيدى، پايدىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %6.75 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىشى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.2 ھەسسە كۆپەيدى، سېتىلىشى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 ھەسسە كۆپەيدى، پايدىسى %40 كۆپەيدى. خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ سېتىلىشى 14859 توننىغا يېتىپ، %46 كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سېتىلىشى %43.2 كۆپەيدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ

تەرەققىياتىمۇ بىر قەدەر تېز بولدى، 47 خىل كەسپى بار، ھازىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 15000 بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17.8% كۆپەيدى. ھازىر، تەرتىپكە سېلىنغان كارخانىلار تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىۋاتقان ۋە ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلىۋاتىدۇ. (ياڭ يۇساڭ)

## يەكەن ناھىيىسىنىڭ مۇداپىئە ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### مايىڭۇ، جۇفاڭ



ھەممە ئەتراپ كۆكەرتىلىپ، دەرەخ سايە تاشلىدى.

باۋدى فوتوسى

يەكەن ناھىيىسى تەكلىماكان، بۇغرا قۇملۇقلىرىغا تۇتاش، يەكەن، تىزناپ دەريالىرى پۈتۈن ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ناھىيە بويىچە 370 مىڭ مو زېمىن بار، بوستانلىق ئىچىدە 300 مىڭ مو دۆڭلۈك، قومۇلۇق بار. شۇڭا قۇم - بوران، قۇرغاقچىلىق، زەي، قۇرۇق ئىسسىق شامالدىن ئىبارەت 4 چوڭ تەبىئىي ئاپەت شەكىللىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزدى. مۇنداق نامرات، قالاق قىياپەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يەكەن ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت تارماقلىرى "5 تە ياخشى" يېزا قۇرۇش يوليورۇقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1963-يىلدىن بۇيان، ئېتىز-ئېرىق مۇداپىئە ئورمان تورىنى ئاساس قىلغان ئورمان ئەھيا قىلىش قۇرۇلۇشىنى راسا تۇتتى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى قۇرۇلۇشى بىر قەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بۇ قېتىمقى "شىمالىي 3 رايون" 2-قارارلىق قۇرۇلۇشى گۇيخۇاسىدىكى ئىگىلىكنى تەكشۈرۈش ۋە دەل - دەرەخلەرنى ئېنىقلاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ناھىيىمىزدە يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن سۈنئىي ئورمان كۆلىمى جەمئىي 327 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە: ئېتىز-ئېرىق مۇداپىئە ئورمىنى 144 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 44% نى ئىگىلەيدۇ، يېقىلغۇ ئورمىنى 146 مىڭ مو بولۇپ، 44.6% نى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي ئورمان 37000 بولۇپ، 11.3% نى ئىگىلەيدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە باغ 25000 مو بولۇپ، 6.7% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۈزۈمزارلىق 3000 مو بولۇپ، 0.9% نى ئىگىلەيدۇ؛ ياڭاق، بادام 7000 مو بولۇپ، 2.1% نى ئىگىلەيدۇ، چىلان 2000 مو بولۇپ، 0.6% نى ئىگىلەيدۇ). 4 تەراپقا پارچە - پۇرات قويۇلغان دەرەخ 43 مىليون 680 مىڭ

تۈپكە، دەل - دەرەخ ئومۇمى سانى 111 مىليون 400 مىڭ تۈپكە يېتىپ، ھەر نوپۇسقا 247 تۈپتىن توغرا كەلدى، ياغاچنىڭ جۇغلانمىش مىقدارى بىر مىليون 490 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ھەر نوپۇسقا 3.3 كۇب مېتىردىن توغرا كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 10000 كۇب مېتىر كېسىپ ئىشلىتىش پىلانلانغان ئىدى، ئەمەلىيەتتە كېسىلگىنى 30000 كۇب مېتىرغا يېقىنلاشتى، سېتىۋېلىنغان ياغاچ 400 كۇب مېتىر بولۇپ، 1975- يىلدىكىدىن ئاز كەم بىر ھەسسە كۆپەيدى، يېقىلغۇ ئورمىنىدىن چىققان ئوتۇن 100 مىليون جىڭغا يېقىن بولۇپ، ھەر ئائىلىگە 1000 جىڭدىن توغرا كەلدى. ناھىيە بويىچە ھازىر 20000 مو كۆچەتخانا بار، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچلىق كۆچەتخانا 64 بولۇپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 8328 مو كېلىدۇ.

دەل - دەرەخلەر كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، ئېتىز-ئېرىق مۇداپىئە ئورمىنى سىستېمىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى غايەت زور مۇداپىئە ئۈنۈمىنى نامايان قىلدى، قۇم - بوراندىن، قۇرغاقچىلىقتىن مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتتى، كىچىك ئىقلىمنى ئۆزگەرتتى، تەبىئى ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. ناھىيىلىك ھاۋا رايى ئىستانسىسى، يېزا ئىگىلىك ھاۋا رايى ئىستانسىسى ۋە ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئورمانچىلىق پەن تەتقىقاتى يۇرتى، قۇم تېزگىنلەش پونكىتىنىڭ نۇقتا، ئورۇن بېكىتىپ كۆزىتىش خاتىرىسىگە قارىغاندا، تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق ئامپلىتۇداسى 1967 - يىلدىكى 56.6°C تىن ئاجىزلاپ ھازىرقى 54.9°C قا چۈشكەن؛ يىللىق بوران چىقىش كۈنى(8 بالدىن يۇقۇرىسى)1969- يىلدىكى ئوتتۇرىچە بولغان 16.8 كۈندىن 1970- يىلدىن ھازىرغىچە ئوتتۇرىچە 6.3 كۈن بولۇپ، 10.5 كۈن ئازايغان، بەلكى ئاساسلىق ئاپەتلەر روشەن ھالدا ئازايغان، قىروسىز مەزگىل 1969- يىلدىن بۇرۇنقىدىن 8.8 كۈن ئۇزارغان، ھۆل - يېغىن مىقدارى 9.3mm كۆپەيگەن، مۇتلەق نەملىك 2.5 مىللىبار كۆپەيگەن، نىسپى نەملىك 10.25% كۆپەيگەن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ ناھىيىدە 1976- يىلىدىن بۇيان، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى پۇختا قەدەم بىلەن ئاشتى. 1976- يىلىدىن 1984- يىلىغىچە بولغان 9 يىلدا، ئاشلىق مەھسۇلاتى 220 مىليون جىڭ، يەنى ئاز كەم بىر ھەسسە ئاشتى، ياغلىق دان مەھسۇلاتىمۇ زور ھەجىمدە ئاشتى، 1984- يىلى ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 229 يۈەن بولۇپ، 1976- يىلدىكىدىن 3 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى. 1964- يىلدىن 1984- يىلغىچە بولغان 21 يىلدا، ناھىيە بويىچە ئورمانچىلىق ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 163 مىليون يۈەن بولدى، 20 يىلدا جەمئى 39 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭدىن ساپ پايدا مەھسۇلات قىممىتى 123 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەر نوپۇسقا 275 يۈەندىن توغرا كەلدى. ئاز مەبلەغ سېلىپ، چوڭ ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. مۇداپىئە ئورمىنىدىكى تېرەككە 15 يىلدا بىر يۈەندىن مەبلەغ سېلىنسا، يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم ئادەتتە 6.90 يۈەندىن بولىدىكەن، يېقىلغۇ ئورمىنىدىكى جىگدىگە 6 يىلدا بىر يۈەندىن مەبلەغ سېلىنسا، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 2.64 يۈەنگە يېتىدىكەن.

ئۇزاق مۇددەتلىك جىرىم تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، يەكەن ناھىيىسى سىناق قىلىش، نەمۇنە كۆرسىتىش، كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئۈچنى بىرلەشتۈرۈدىغان خىزمەت ئۇسۇلىدا چىڭ تۇردى، شۇڭلاشقا، جىرىم تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشنى

بىر قەدەر تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى، بۇ ھەقتە، بىزنىڭ تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەسە-
راتىمىز بار: 60- يىللاردا ئېتىز - ئېرىق مۇداپىئە ئورمىنى قۇرۇلۇشىدا «ئورمان بەلۋىغى
تار، تورلار كىچىك بولۇش» يولغا قويۇلۇپ، ئۆستەڭ ئاسراش ئورمىنى، يول ئاسراش ئور-
مىنى ئاساسىدا ئېتىز - ئېرىق مۇداپىئە ئورمىنى ئاساسى جەھەتتىن تەشكىللىنىپ، ئەلا سۈ-
پەتلىك، يەرلىك سۆۋادان تېرەكنى لايىھىلەش، ئەھيا قىلىش تېخنىكىسى ۋە سۇ، ئېتىز،
ئورمان، ئۆستەڭ، يوللارنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش گۈيخۇاسى گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ 70- يىللاردا
ئېتىز - ئېرىق ئورمان تورى ئاساسى گەۋدە قىلىنغان، ياپسا ئورمان پوزىتسىيە قىلىنغان،
غوللۇق ئورمان بەلۋىغى تايانچ قىلىنغان، پارچە - پۇرات تىكىلگەن دەرەخلەر قوشۇمچە قى-
لىنغان، تور، ياپسا، بەلۋاغ، غوللۇق دەرەخ، چاتقال، ئوت-چۆپلەر بىرلەشتۈرۈلگەن مۇدا-
پىئە ئورمىنى سىستېمىسىنى لايىھىلەش، ئەھيا قىلىش تېخنىكىسى يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۆۋادان تېرەكنى زور كۆلەمدە قەلەمچە قىلىپ كۆچەتنى يېتىشتۈرۈشنى
ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، جىردىم تىكىپ ئورمان
ئەھيا قىلىش ئاساسى گەۋدە قىلىنغان بىئولوگىك يوسۇندا قۇم تىزگىنلەش تېخنىكىسى كې-
ڭەيتىلدى، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇپ ئورمان ئەھيا قىلىش كۈچەيتىلدى. 80- يىللاردا دەل-دە-
رەخلەرنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ ئەمەللىشىپ، ئاممىنىڭ ئورمان ئەھ-
يا قىلىش ئاكتىپچانلىقى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا سېلىندى. سالا ئېتىزلىرىدىكى ئورمان بەلۋاغ-
لىرىدا، دەرەخ يەرگە ئەگىشىپ مېڭىش، ئورمان ھوقۇقى ئۆزىدە بولۇش، باھاغا سۇندۇرۇپ
دەپتەرگە يېزىش، ئائىلىگىچە ھۆددىگە بېرىش، مەنپەئەتنى ئۈلۈشۈش (شەخسلەر چوڭ
تەربىيىنى ئېلىش، كوللېكتىپ كىچىك تەربىيىنى ئېلىش) مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

ئۆستەڭ، چوڭ يول بويىدىكى ئورمان، ياپسا ئورماندا ئورمان ھوقۇقى كوللېكتىپتا
بولۇش، كەسپىي ھۆددىگەرلىكتە بولۇش، مەسئۇلاتنى ئائىلىگىچە ھۆددىگە بېرىش، باھاغا
سۇندۇرۇپ دەپتەرگە يېزىش، مەنپەئەتنى ئۈلۈشۈش (كوللېكتىپ چوڭ تەربىيىنى، شەخس-
لەر كىچىك تەربىيىنى ئېلىش) مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ياپسا ئورماننى يېڭىلى-
سا، كىم ئەھيا قىلسا شۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولدى، 4 خىل يەرگە ئورمان ئەھيا قىلىشتا
كىم ئەھيا قىلسا شۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولدى، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، ۋارىسلىق قىلىشقا
رۇخسەت قىلىندى. دېخانلار ھۆددىگە ئالغان يەرلەردە تېرىقچىلىق قىلىنماي ئورمان ئەھيا
قىلىنسا، دەرەخ يەرگە ئەگىشىپ ماڭىدىغان بولدى، كىم ئەھيا قىلسا شۇنىڭ ئىگىدارچىلى-
قىدا بولدى، ۋارىسلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. باغلارنى كەسپىي ئائىلە، كەسپىي گۇرۇپپى-
لارغا چوڭ كۆتىرە بېرىش يولغا قويۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركەزنىڭ ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتى پائال ئىز-
چىللاشتۇرۇلۇپ، ئورمان ئەھيا قىلىشتا شەخسنى ئاساس قىلىش، شەخسى، كوللېكتىپ، دۆ-
لەت تەڭ ئاتلىنىش فاڭجېنى يولغا قويۇلدى ھەمدە ھەقسىز ياردەم ۋە ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى
بېرىش شەكلى ئارقىلىق كۆچەت، تېخنىكا جەھەتلەردىن يار - يۆلەكتە بولۇپ، كەسپىي ئا-
ئىلىلەر ئېچىش خاراكتېرلىك ئورمان ئەھيا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى.

كۆچەت يېتىشتۈرۈش جەھەتتە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەتخانا (مەيدان)، كوللېك-

بىرنىڭ تايانچ كۆچەتخانىسى، كەسپىي ئائىلىلەر كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە تەڭ ئاتلىنىش فاكتىنى يولغا قويۇلدى، بولۇپمۇ، كەسپىي ئائىلىلەر كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇلدى. ئورمانچىلىق تارمىقى ئەمگەكنىيەتىنىڭ بىردىچە قەلەمچە، تېخنىكا، دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق ئەشيا پىچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە كۆچەتلەرنى سېتىش ئۇچۇرى جەھەتتىكى ئەشيا پىچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ تۇۋارلاشتۇرۇش تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىشىغا يار - يۆلەكتە بولدى.

## پوسكام ناھىيىسى

**[جۇغراپىيىۋى ئومۇمى كورۇنۇشى]** پوسكام ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە، يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىغا جايلاشقان. قەشقەر شەھرىگە 222 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىۋى ئورنى شەرقىي مېردىيان 76° 52′ 30″ تىن 77° 29′ قىچە، شىمالىي پاراللىل 37° 57′ 30″ تىن 38° 19′ 30″ قىچە. گە، دېڭىز يۈزىدىن 1215 مېتىردىن 1490 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ. غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغىچە بولغان قىسمى يەكەن دەرياسىنى پاسىل قىلغان ھالدا يەكەن ناھىيىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي، غەربىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي تەرەپى تىزناپ دەرياسىنى پاسىل قىلغان ھالدا قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن خوشنا تۇرىدۇ، شەرقىي شىمالىي تەرىپى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئېگەچى يېزىسى بىلەن چېگرىدىنىدۇ. غەربىي جەنۇبىي بىلەن شەرقىي شىمالىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 61 كىلومېتىر، غەربىي شىمالىي بىلەن شەرقىي جەنۇبىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 23 كىلومېتىر، ئومۇمى كۆلىمى 923.68 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

پوسكام ناھىيىسى يەكەن دەرياسى ئېقىندا تۈزلەڭلىكنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، يەر شەكلى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىڭغىيىدۇ، يەر تۈزلۈكى بىر قەدەر تۈز، ئۇنىڭ يەر شەكلى، يەر قىياپىتىنى تۆۋەندىكى 4 رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ:

1. غەربىي جەنۇب چۆللى گىرۋىكىدىكى ئېگىزلىك: يەر تۈزلۈكى ئېگىزرەك بولۇپ، تۆپىلىك ھاسىل قىلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 1315 مېتىردىن 1490 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ، يەر يۈزىدە شېغىل - قۇم كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە 7 يايپادا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان قۇم دۆڭى بار.

2. ئوتتۇرا قىسىم تۈزلەڭلىكى: يەر تۈزلۈكى تۈز، تۇپرىقى مۇنبەت، كۆپىنچىسى لايلاتما تۇپراق بولۇپ، سۇغۇرۇشقا قۇلايلىق. دېڭىز يۈزىدىن 1235 مېتىردىن 1315 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ، بۇ يەر ناھىيىنىڭ ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك رايونى.

3. شەرقىي جەنۇبتىكى زەي يەر: تىزناپ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر تۈزلۈكى پەس، يەر ئاستى سۈيى ئورنى يۇقىرى، يەر يۈزىدە شور كۆپ، دېڭىز يۈزىدىن 1225 مېتىردىن 1280 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ. تۇپرىقى ئاساسەن نەم تۇپراق بولۇپ، ساسلىق، قومۇشلۇقلار ئۇنىڭ ئارىسىدا جايلاشقان، تۇپرىقى ئاجىز، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى مەھسۇلاتى بىر قەدەر تۆۋەن.

4. يەكەن دەرياسى بويلىرىدىكى غەربىي شىمال يەللىمە يىلىدا يەر يەر ئۈزلۈكسىز، يەر يۈزى بىر قەدەر تۈز بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1215 مېتىردىن 1260 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ. تۇپرىقى يەڭگىل زەيلەشكەن دەم تۇپراقلىق ئەۋە، بۇ يەرلەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۇ چىقىرىۋېتىش يوللىرى ياخشى، بۇ جاي مۇشۇ ناھىيىنىڭ پاختا، شال ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونى.

[تارىخىي تەرەققىيات جەريانى] پوسكام خەن سۇلالىسىدا قاراشلىق غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان قەدىمىي يەكەن دۆلىتىنىڭ بىر كەنتى ئىدى، 3 پادىشالىق دەۋرىدە سۇلې دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە، چۇشا بەگلىكىگە تەئەللۇق بولغان، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇنغا تەئەللۇق بولغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جوجۇجىياغا تەئەللۇق بولغان، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قاراخانىلار سۇلالىسىغا تەئەللۇق بولغان، كېيىن غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قىتان ياللۇغ تاشىن قەبىلىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، موڭغۇللار يۈەن سۇلالىسىنى گۈللەندۈرگەندىن كېيىن، يەكەن ياركەنت دەپ ئاتالغان، پوسكام ياركەنتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يەكەننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. گۇاڭشۈ 8 - يىلى ( مىلادى 1882 - يىلى ) شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغان، 2 - يىلى بىۋاستە قاراشلىق يەكەن ئايمىقى قۇرۇلۇپ، پوسكام بىۋاستە قاراشلىق يەكەن ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، گۇاڭشۈ 30 - يىلى ( مىلادى 1904 - يىلى ) قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن، مىنگو 10 - يىلى ( مىلادى 1921 - يىلى ) مالىيە، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قاغىلىقتىن ئايرىلىپ چىقىپ پوسكام ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1943 - يىلى 10 - رايوندىكى يەكەن ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەكەن ۋالى مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، 1956 - يىلى يەكەن ۋالى مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن تا ھازىرغىچە قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى.

[كىلىمات ئالاھىدىلىكى] پوسكام ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغدىكى قۇرغاق تىپتىكى چوڭ قۇرۇغلۇق خاراكتېرلىك كىلىماتقا تەۋە. زېمىنى كىچىك بولغاچقا، ناھىيە بويىچە كىلىمات پەرقى چوڭ ئەمەس. غەربىي جەنۇب قىسمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى شەرقىي شىمال قىسمىنىڭكىدىن سەل - پەل تۆۋەن تۇرىدۇ، ھۆل - يېغىن مىقدارى شەرقىي شىمال قىسمىنىڭكىدىن سەل - پەل كۆپ بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.4℃ بولىدۇ، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 6.2℃ -، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.9℃ بولىدۇ، چېكىگە يەتكەندىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 23℃ -، چېكىگە يەتكەندىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 38.8℃. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 43.6mm، كۈنلۈك ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 25.5mm. يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2320.1mm بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 50 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2716.6 سائەت، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش نىسبىتى 61% بولىدۇ. دەسلەپكى قىرو 10 - ئاينىڭ ئۈچىنچى ئون كۈنلىرىدە باشلىنىدۇ، كېيىنكى قىرو 3 -

ئاينىڭ بىرىنچى ئون كۈنلىرىدە ئاخىرلىشىدۇ. يىل بويى قىروسىز مەزگىل تەخمىنەن 217 كۈن بولىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، كۆپىنچە 4-، 7- ئايلاردا ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 2 مېتىر سېكۇنتتىن 3 مېتىر سېكۇنتقىچە بولىدۇ، بوران چىقىش ۋاقتى 21 كۈنگە يېتىدۇ. قۇرۇق ئىسسىق شامال بىلەن قۇرغاقچىلىق بۇ ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسلىق ئاپەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، كايىدا مۆلدۈر ئاپىتى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يامغۇرنىڭ تۇپراقتا شور ئورلىتىشىمۇ ئاپەت كەلتۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ ھال بۇ ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، شەرقىي شىمالى تەرەپلىرىنىڭ تىزناپ دەرياسى بويىدىكى جايلىرىدا تېخىمۇ روشەن.

**[ مەمۇرى رايونلىرى ]** پوسكام ناھىيىسىدە ھازىر 9 يېزا، 1 مىللىي يېزا، 4 مەيدان، 2 بازار بار، يەنى: پوسكام، ژىما، كۆلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ، توغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل يېزىلىرى؛ بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى؛ پوسكام دېخانچىلىق مەيدانى، ناھىيىلىك سۇپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، ئورمانچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى؛ پوسكام بازىرى، كۆيباغ بازىرىدىن ئىبارەت.

**[ مىللەتلەر ۋە نوپۇسى ]** ناھىيە بويىچە جەمئىي 115136 نوپۇس، 17 مىللەت بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 84.34% نى، خەنزۇلار 12.8% نى، تاجىكلار 2.4% نى، خۇيزۇ، قىرغىز، جۇاڭزۇ، موڭغۇل، مانجۇ، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر تەخمىنەن 0.5% نى ئىگىلەيدۇ. يېزا نوپۇسى 97829، شەھەر - بازار نوپۇسى 17307.

**[ ئاساسلىق بايلىقى ]**

1 . يەر بايلىقى: ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمى بىر مىليون 386 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 674 مىڭ مو ( پىلانغا كىرگۈزۈلگەن كۆلەم 422800 مو ) بولۇپ، 48.63% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئورمان يېرى، باغ، كۆچەتزارلىق، ئۈجمىزارلىق 75900 مو بولۇپ، 5.48% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتلاق، بىنام يەر 158300 مو بولۇپ، 11.41% نى ئىگىلەيدۇ؛ دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە ھەر نوپۇسقا 6.33 مودىن تېرىلغۇ يەر، ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 7.76 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ، بۇ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 3 ھەسسىدىن كۆپرەك يۇقىرى تۇرىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى، قېتىش خاراكتېرى بىر قەدەر ياخشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى مۇۋاپىق، سۇ چىقىرىۋېتىش يوللىرى راۋان، شور ئاپىتى يەڭگىل بولۇپ، كۆپخىل زىرائەتلەرنى تېرىشقا باپ كېلىدۇ. ناھىيە بويىچە تۇپراق خىللىرىنى جەمئىي 7 خىلغا، يەنى: لايلاتما تۇپراق، نەم تۇپراق، چۆللۈك تۇپراق، ساسلىق تۇپراق، شور تۇپراق، قوڭۇر رەڭلىك چۆللۈك تۇپراققا ئايرىشقا بولىدۇ.

2 . سۇ بايلىقى: (1) دەريا سۈيى: تەبىئىي دەريادىن ئىككىسى بار، يەكەن دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئېقىمى 56 كىلومېتىر، تىزناپ دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئېقىمى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن ناھىيە ئاساسلىقى يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىلىدىغىنى 550 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. تىزناپ دەر-

پاسسىدىن يىلىغا ئوتتۇرىچە كىرىدىغان سۇ مىقدارى 80 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، بۇ دەريا پوسكامنىڭ سۇ ئالىدىغان قوشۇمچە دەرياسى ھېساپلىنىدۇ. (2) بۇلاق سۈيى: يىللىق بۇلاق سۈيى 126 مىليون كۇب مېتىر، پايدىلانغىلى بولىدىغان بۇلاق سۈيى 100 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. (3) يەر ئاستى سۈيى: مۆلچەرلىنىشىچە، پوسكامنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق تەمىنلەپ بېرىش مىقدارى 500 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئېلىنغىنى ۋە پايدىلىنىلغىنى 130 مىليون كۇب مېتىر (بۇلاق سۈيى) كېلىدۇ، 370 مىليون كۇب مېتىرى تېخى ئېچىلمىدى، بۇنىڭ ئەچىدە ئەڭ ئاسان ئاچقىلى بولىدىغىنى 100 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. يۈزە قەۋىتىدىكى يەر ئاستى سۈيى سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇش نىسبىتى 82%، سۇغورۇشقا ئىشلىتىشكە بولمايدىغىنى 18% نى ئىگىلەيدۇ. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان يەر يۈزى سۇلىرى جەمئى 930 مىليون كۇب مېتىر، ئەمەلىيەتتە سۇ باشلاش مىقدارى يىللاردا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 650 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ كەلدى، ئەگەر يەر ئاستى سۈيى قوشۇلسا، ھەر يىللىق سۇ بىر مىليارت 300 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان سۇ چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان سۇ مىقدارىدىن 80%، خۇاڭخې، خۇيخې، خەيخې دەرياسى ۋادىسىدىكىدىن 10 ھەسسىدىن ئارتۇق يۇقۇرى تۇرىدۇ. (4) سۇ ئامبىرى: ناھىيە بويىچە سۇ ئامبىرىدىن ئىككىسى بولۇپ، يىللىق سۇ قاچىلاش مىقدارى 8 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە بۇلاق سۈيى 5 مىليون كۇب مېتىر، دەريا سۈيى 3 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، بۇ سۇلار سۇ قىس مەزگىلدە تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. (5) سۇ ئېنېرگىيىسى: پوسكام ناھىيىسىدە سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى بىر قەدەر مول بولغاچقا، تارىختا يەرلىك ئامما سۇ ئېنېرگىيىسىدىن كەڭ پايدىلىنىپ تۈگمەن چۆرۈپ، سوقا ئورنىتىپ كەلگەن. ناھىيە بويىچە 308 جايدا تۈگمەن بار. 60- يىللاردىن باشلاپ، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ 50 كىلوۋاتلىقتىن 150 كىلوۋاتلىققىچە بولغان كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن 12 سى، 4800 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن بىرسى قۇرۇلدى، ئومۇمىي توك چىقىرىش مىقدارى 5600 كىلوۋاتقا يېتىدۇ. بايلىق شارائىتىغا ئاساسەن، 200 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن ئىككىنى، 400 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن ئۈچنى، 12000 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن بىرنى قۇرغىلى بولىدۇ. (6) سۇ يۈزى: ناھىيە بويىچە پايدىلانغىلى بولىدىغان تەبىئىي سۇ يۈزى 12 جايدا بولۇپ، جەمئى 4110 مو كېلىدۇ.

3. جانلىقلار بايلىقى:

(1) دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى بايلىقى: ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى بۇغداي، كۆممە قوناق، شال، زىغىر، ئاندىن قالسا، ئاق قوناق، تېرىق، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، قىچا، كۆنجۈت، ماش، نوقۇت، سېرىق ماش، دادۇر، پاختا، قىزىلچا، تاماكا، كەندىر، زىرە، بىدە، قاشقا بىدە، يۇلغۇن كەندىر، تاتلىق ياڭيۇ، ياڭيۇ، بەسەي، تۇرۇپ، سەۋزە، چامغۇر، شوخلا، مۇچ، پىتىنگان، پالەك، پىياز، سامساق، كاپۇستا، سۆكپىياز، تەرخەمەك، كاۋا، كۈدە، سۆگزا، قىسقا جاڭدۇ، چىگىسەي، شۆلغۇك ۋە تاۋۇز، قوغۇن.

(2) ئورمان بايلىقى: ھازىرقى مۇداپىئە ئورمىنى، يېقىلغۇ ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى ۋە ياۋا ئورمان جەمئى 101500 مو، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 7.2%. دەرەخ خىللىرىدىن سۇۋادان تېرەك، ئاق تېرەك، تاغ تېرەكى، سۆگەت، جىگدە، تۇخمەك، جۇڭگو

ئاكاتسىيەسى، قارىياغاچ، ئارچا، سېسىق چۆللۈك، شەمشات، چىنار، پاۋلونىيە، توغراق، يۇلغۇن، ياۋا ئالقات، جەن چاتقىلى قاتارلىقلار بار.

ھازىر 13400 مو ئىقتىسادىي ئورمان بار، ئاساسلىقى ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما، ئامۇت، ياڭاق، بادام، ئانار، ئالۇچا، چىلان، بېھە، گىلاس، ئەنجۈر، دولانا، كاۋاۋىچەن قاتارلىقلار بار.

4 . ئوتلاق بايلىقى: بۇ ناھىيىنىڭ تەبىئىي ئوتلاق بايلىقى تاغلىق ئوتلاق ۋە تۈزلەڭلىك ئوتلىقىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

تاغلىق چۆل ئوتلاق: كۆئېنلۇن تېغىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ناھىيىنىڭ تارىختىن قېپقالغان تاغلىق ئوتلىقى، ئۇ، ئايرىم ھالدا قاغىلىق، يەكەن، ئاقتو تەۋەسىدە بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 200000 مو كېلىدۇ، چارۋا باققىلى بولىدىغان كۆلىمى 100000 مو، ئوت-چۆپنىڭ ئېگىزلىكى 4 سانتىمېتىردىن14 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ، ھەر موسىدىن 660 جىڭدىن 1500 جىڭغىچە يېڭى ئوت - چۆپ چىقىدۇ، 20000 تۇياق ئەتراپىدا چارۋا سىغىدۇ.

شورلاشقان چۆپلۈك ئوتلاق: ناھىيە تەۋەسىدىكى يەكەن دەرياسى، تىزناپ دەرياسى بويلىرىدىكى پەس جايلار، ساسلىق گىرۋەكلىرى، قۇرۇپ قالغان ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ ئورنى بۇقۇردىراق بولغان زەي يەرلىرىدە، ئېچىش تەس بولغان چۆپلۈك ئوتلاق شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۆسۈملۈك تەركىبىنىڭ كۆپىنچىسى شورغا بەرداشلىق بېرىدىغان، كۆپ يىل ئۆسىدىغان ۋە بىر يىل ئۆسىدىغان ئوت - چۆپلەردىن ئىبارەت. ساسلىق ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەردە يېكەن ۋە ياپسا قومۇشلار بار. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 30% تىن 50% كىچە كېلىدۇ، ھەر موسىدىن 100 جىڭدىن 160 جىڭغىچە ئوت - چۆپ چىقىدۇ، بۇ، داچار ئوتلاق بولۇپ، كۆلىمى 140000 مو كېلىدۇ.

يېڭىلىنغۇ ئورمان ئوتلىقى: 1978 - يىلدىن بۇيان تەدرىجىي بەرپا قىلىنغان ئوتلاق بولۇپ، ھازىرقى كۆلىمى 26000 مو كېلىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 80% تىن ئارتۇققا يېتىدۇ. ئوت - چۆپنىڭ ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ، ھەر موسىدىن 1000 جىڭدىن 1500 جىڭغىچە يېڭى ئوت - چۆپ چىقىدۇ.

5 . ياۋا ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى: دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۇزاپ، سېرىدىق ئوت، چۈچۈك بۇيا، چاكاندا، پاقا يوپۇرمىقى، ئالقات، شومبۇيا، ئوغرى تىكەن، مامكاپ، قوچقاچ تىلى، بۇدۇشقاق، بەڭگى دېۋانە قاتارلىقلار بار. چۈچۈك بۇيا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان، ياستۇن چۆلدە قومۇلۇق گىياسى دەپ ئاتالغان، قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكى — توشقان زەدىكى بار. گۈلباغ، ئىككىسۇ، تۇغچى قاتارلىق يېزىلاردا ۋە ناھىيىلىك دېخانچىلىق دەيدانىدا كۆلىمى چوڭراق بولغان قومۇشلۇق بار. لوپنور كەندىردىمۇ ئاندا - ساندا تارقالغان.

6 . ھايۋاناتلار بايلىقى: ھايۋاناتلار ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرى ۋە ياۋايى ھايۋاناتلاردىن ئىبارەت. ئۆي ھايۋانلىرىدا كالا، قوي ئاساس قىلىنىدۇ، ئاندىن قالسا، ئات، ئېشەك، تۆگە، خېچىر، توشقان بار. ئۆي قۇشلىرىدىن توخۇ، ئۆدەك، غاز، كۈركە توخۇ، كەپتەر قاتارلىقلار بار، توخۇ ئەڭ كۆپ. يەنە، پىلە، ھەسەل ھەرىسى بار. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن ئاساسلىقى تۈلكە، ئىپار چاشقىنى بار. ئۇندىن باشقا، كىرپە، ياۋا توشقان،

ئىلان، چاشقان تۈرلىرى بار. ياۋا قۇشلاردىن دائىم ئۇچرايدىغانلىرىدىن پاختەك، سېغىزخان، قۇچقاچ، قاغا، لاچىن، ھۆپۈپ، ياۋا ئۆدەك قاتارلىقلار بار. قۇرۇت ـ ھاشاراتلاردىن 14 ئەترەت، 65 تۈر، 155 خىلى تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە زىيانداش قۇرۇت ـ ھاشارات 114 خىل، كۆشەندە قۇرۇت ـ ھاشارات 41 خىل. يەنە، 200 نەچچە خىلنى باھالاپ بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

7 . كان بايلىقى: بۇ ناھىيىنىڭ يەكەن قارا تۈزدا بىر كۆمۈر كانى بار، يىللىق كۆمۈر قېزىش مىقدارى 30000 ـ 40000 توننىدىن ئارتۇق.

**[ئىقتىسادىي ئەھۋالى]** سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى: 1984 ـ يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 527 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 32.6% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 917 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 83.86% نى ئىگىلىدى، 1983 ـ يىلدىكىدىن 32.9% كۆپەيدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 610 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن بىردىن كۆپرەك قاتلاندى، 1983 ـ يىلدىكىدىن 37.9% كۆپەيدى.

يېزا ئىگىلىكى: 1984 ـ يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 153 مىليون جىڭ بولۇپ، 1949 ـ يىلدىكىنىڭ 4 ھەسسىگە تەڭ بولدى، 1983 ـ يىلدىكىدىن 19.9% كۆپەيدى، ھەر بىر يېزا نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشلىقى 1806 جىڭ، ناھىيە بويىچە ھەر بىر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشلىقى 1300 جىڭ بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8 مىليون جىڭ بولۇپ، 1949 ـ يىلدىكىنىڭ 15 ھەسسىگە تەڭ بولدى، 1983 ـ يىلدىكىدىن 34.1% ئاشتى. ياغلىق دان 1983 ـ يىلدىكى بىر مىليون 946 مىڭ جىڭدىن سەل ـ پەل كەملىدى، لېكىن، پاختا مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئاشقاچقا، ماي يەنىلا كۆپەيدى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى سانى 182000 تۇياق بولدى. 1984 ـ يىلى، ناھىيە بويىچە ھەر خىل يېزا ـ بازار كارخانىسى 200، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 4107، ئومۇمىي كىرىمى 12 مىليون 110 مىڭ يۈەن، پايدىسى 2 مىليون 573 مىڭ يۈەن بولدى.


سانائىتى: پوسكام ناھىيىسىدە ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئاران بىر نەچچە كىچىك كارخانا بار ئىدى، ئازاتلىقتىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، پاختا زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى، كۆمۈر كان، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئاپتوموبىل كالونىسى، سېمونت زاۋۇتى، خىش زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، بىناكارلىق شىركىتى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلار ئىچىدە، كۆمۈرنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 43000 توننا، يىللىق توك مىقدارى 11 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت بولدى، 276 كىلومېتىرلىق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 107 كەنتكە توك يەتكۈزۈلدى.

**[مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە]** ناھىيە بويىچە 51 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ بار، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 16500 گە يېتىدۇ، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە

كىرىش نىسبىتى 99.8% گە يەتتى. ناھىيە بازىرىدا سەنئەت ئۆمىكى، كىنوخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، تېلېۋىزىيە ئۇلاپ كۆرسىتىش ئىستانسىسى بار، يېزا، مەيدانلاردا كىنو قويۇش ئەترەتلىرى بار. ناھىيە بازىرىدا مۇنتىزىم دوختۇرخانا بولغاندىن تاشقىرى، يېزا، مەيدانلاردا دوختۇرخانىلار بار، كارىۋات جەمئىي 455.

## پوسكام ناھىيىسىنىڭ شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى

### ۋاڭ فېڭشى



پوسكام ناھىيىسىدە يېقىندىن سېلىنغان تۈرلۈك ماللار بىناسى.

گوۋمىڭشياڭ فوتوسى

يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان، پوسكام ناھىيە بازىرىغا بارغان كىشىلەر " ناھىيە بازىرى چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ" دەپ تەرىپلەشمەي قالمىدى. كەڭ ئازادە ئاسفالت يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قۇرۇلمىسى يېڭى بولغان بىنالار سېلىندى. كوچا بويىلىرىدىكى قارىياغاچلىق يېشىل چىتلار، گۈللۈكلەر ۋە مەنزىرە دەرەخلىرىنىڭ تەرتىۋى بۆلەكچە بولۇپ، مەنزىرىسى كىشىلەرنى خۇشال قىلىدۇ. كېچىسى، يۇقىرى ناترىي، يۇقىرى ئازوتلۇق نەچچە ئونلىغان يول چىراغلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ، بۇ باش ناھىيە بازىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل قىلىپ بېزىدۇۋېتىدۇ.

پوسكام ناھىيە بازىرى قەشقەر - خوتەن تاش يولىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان، شىمالىي تەرىپى يەكەنگە تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى قاغىلىققا خوشنا تۇرىدۇ. جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىر، شەرقى بىلەن غەربىنىڭ كەڭلىكى 1.8 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 3.6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرىدا جەمئىي 3015 ئائىلە، 11925 نوپۇس بار. مەمۇرىي، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن 56 سى بار، بۇ يەر بىر ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، سودا مەركىزى، شۇنداقلا، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا كېتەرلىك ماددىي نەرسىلەرنىڭ توپلىنىش، تارقىلىش جايى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى، پوسكام ناھىيىسى ناموات، ئارقىدا قالغان بولغاچقا، شەھەر بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن ئاستا بولدى. 1978 - يىلىغىچە، پۈتكۈل ناھىيە بازىرىدا ئاران بىر كوچا، بىر بىنا، ئون نەچچە غۇۋا يول چىرىغى بار ئىدى. كوچىلاردا توپا - چاڭ توزۇپ تۇرغان، ئۆيلەر پاكار، كونا بولۇپ، كىشىلەرگە پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار ئىكەن دىگەن تەسىرنى قالدۇراتتى.

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش تېز راۋاجلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى بېيىغاچقا، كىشىلەر ناھىيە بازىرىنى چىرايلىقراق گۈللەندۈرۈپ، ئۆزىنى گۈزەل مۇھىتتا خىزمەت قىلىش، ئۆگىنىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە

قىلدۇرۇشنى قىزغىن ئۈمىت قىلىشتى. 1982 - يىلى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋە نېفىت ئارمىيە ئورتاق مەبلەغ سېلىپ ھەمدە كادىرلارنى، ئاممىنى ۋە قىسىمدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى خالىسانە ئەمگەككە ئۇيۇشتۇرۇپ، تۇنجى ئاسفالىت يولنى ياساپ، ناھىيە بازىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ياسىدى. ئۆي، يول، سۇ، توك، كۆكەرتىش خىزمەتلىرىدە قاتتىق ھالدا لايىھە تەلەپ بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 6450 مېتىر كېلىدىغان 6 ئاسفالىت يول ياسالدى؛ 25 بىنا سېلىنىپ ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، يەنە 11 بىنا سېلىنىۋاتىدۇ؛ كوچىلارغا يۇقۇرى ناترىي، يۇقۇرى ئازۇتلۇق يول چىرىغىدىن جەمئىي 73 ى ئورنىتىلدى؛ 3.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ۋودوپىروۋوت غول تۇرۇبىسى كۆمۈلۈپ، ناھىيە بازىرىدىكى 65% ئائىلە ۋودوپىروۋوت سۈيى ئىشلىتىدىغان بولدى؛ شەھەرنى كۆكەرتىش خىزمىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە، ئورگان قورۇلىرى ئىچىگە 840 تۈپ چىنار، مەجنۇن تال تىكىلدى، 4800 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا قارا ياغاچلىق يېشىل چىت ئەھيا قىلىندى، 23900 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان گۈللۈك بەرپا قىلىندى. ناھىيە بازىرىدا 15000 تۈپ ھەر خىل دەرەخ، 12000 تەشتەك گۈل بار.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ بازار قۇرۇلۇشى شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشتىكى:

بىرىنچى، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بەردى. مەبلەغ سېلىشتىن ئارتىپ لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىشقىچە، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىشلار كۈنتەرتىۋىگە كىرگۈزۈلۈپ، بىر - بىرلەپ مۇزاكىرە بىلەن ھەل قىلىندى. ناھىيە رەھبەرلىكى ناھىيە بازىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئائىلىلەرنى ناھىيە بازىرىنى ئۆزىنىڭ ئىككى قولى بىلەن گۈزەللەشتۈرۈشكە چاقىردى، ئۇلار يول ياساش، ئەخلەت ئېرىقداش، چەرىم تىكىش، گۈل تېرىش قاتارلىق خالىسانە ئەمگەكلەرگە ئاكتىپلىق، باشلامچىلىق بىلەن قاتناشتى. ئۇلارنىڭ تۈرتكىلىكىدە، ناھىيە بازىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما پائال ھەركەتكە كېلىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

ئىككىنچى، شەھەرنىڭ ئومۇمى گەۋدە كۆيخۇاسىنى ياخشى تۈزۈش — بازار قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى. شەھەر قۇرۇلۇشى خىزمىتى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمى گەۋدە كۆيخۇاسى خەرىتىسىنى لايىھىلەپ چىقىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئەمەلگە قويدى. ئاسفالىت يولنى ياساشتىن ئىلگىرى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى ناھىيە بازىرىنى ئۆلچەپ، "#" شەكىللىك گىرەلەشكەن كوچىلارنى لايىھىلەپ چىقتى، كوچا بويلىرىدىكى ئۆي، تاملار ھەققىدە بىر تۇتاش كۆيخۇا ۋە تەلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. شەھەر تەرەققىياتى يۈزلىنىشى، ئاساسلىق ۋە ئاساسلىق بولمىغان غول يوللارنىڭ جايلىشىشى، يۈزلىنىشى، كەڭلىكى ھەققىدە كۆيخۇا لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە يىلمۇ - يىل لايىھە بويىچە ئەمەلگە قويدى، ھازىرغىچە يول ئىسكىلىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەھەردىكى تۈرلۈك ئەسلىھەلەر ۋە تۇرۇبا، ئېلېكتىر سىمىنىڭ قالايمىقان بولماسلىقىغا، ئۆزگەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئۈچىنچى، ئورتاق مەبلەغ توپلاپ، بىنانى بىر تۇتاش سېلىش — شەھەر قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان چارە. پوسكام ناھىيە بازىرى كىچىك، ئورۇنلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىمۇ كۆپ ئەمەس، ئەگەر بىر ئورۇن بىر بىنا سالماقچى بولسا، ئۆزى سالالمايتتى، زومۇ - زو سالغان تەقدىردىمۇ، كىچىك، كۆركەمسىز بولۇپ قېلىپ، شەھەر مەنزىرىسىگە تەسىر يەتكۈزەتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىر نەچچە ئورۇننى تەشكىللەپ، مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چىرايلىق، يارىشىملىق بىنا سالدى. ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىۋى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى 3 ئورۇن ئورتاق ھالدا 200 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ياساتقان ئومۇملاشقان مۇلازىمەتلىك بىناسى ئەنە شۇنداق پۈتتۈرۈلدى. ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قاتارلىق 4 ئورۇن 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ ئورتاق ياساتقان 3 قەۋەتلىك بىنا — پوسكام سودا سارىيى 1985 - يىلى يېڭى يىلدىن تارتىپ رەسمىي تىجارەتكە كىرىشتى.

## قاغىلىق ناھىيىسى

**[جۇغراپىيىۋى ئومۇمىي كورۇنۇشى]** قاغىلىق ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا، قارا قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىۋى ئورنى شىمالىي پاراللېل 35°28′ تىن 38°34′ قىچە، شەرقىي مېرىدىيان 76°08′ تىن 78°30′ قىچە. ئۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىگە تۈز سىزىق بويىچە 1080 كىلومېتىر كېلىدۇ، قەشقەر شەھىرىگە تۈز سىزىق بويىچە 260 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 326 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 120 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھەلال ئاي ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 28300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي مەكىت ناھىيىسىگە تۇتاش، شەرقىي گۇما ناھىيىسىگە خوشنا، غەربىي شىمالىي پوسكام، يەكەن ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇبىي يەكەن، تاشقورغان ناھىيىلىرى بىلەن پاسىل تۇرىدۇ، جەنۇبىي قىسمى كەشمىر بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

بۇ ناھىيىنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، جەنۇبىي قىسمىدا تاغ چوققىلىرى تۇتاشقان، جىلغىلار گىرەلەشكەن، شىمالىي قىسمى پەس بولۇپ، جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇشتەك يەر شەكلىنى شەكىللەندۈرگەن، جەنۇبتىن شىمالغىچە رەت بويىچە 4 خىل يەر قىياپىتى ھالىتىگە بۆلۈنىدۇ. جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېگىز تاغلىق رايونلار: بۇ، شىنشۇ يېزىسىنى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ يەر قارا قۇرۇم تېغى ۋە كۇئېنلۇن تېغى تىزمىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ، ئەڭ ئېگىز جايى دېڭىز يۈزىدىن 7464 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ (تىرام كەنلى چوققىسى). ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئوتتۇرا تاغلىق رايونلار: بۇ، ئۇششاقباش، كۆكيار، چىپان قاتارلىق يېزىلارنى ۋە پۇسا چارۋىچىلىق مەيدانىنى، بوز يەرنىڭ 2 - چارۋىچىلىق مەيدانىنى، ۋىلايەتلىك كۇئېنلۇن ئورمانچىلىق مەيدانىنى ۋە ھەربىي قىسىمنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ يەر كۇئېنلۇن تېغى تىزمىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دېڭىز يۈزى-

دىن 1500 — 3500 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ. شىمالىي قىسمىدىكى يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندا رايونلار: بۇ، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 15 يېزا (بازار) ۋە 5 دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 1200 — 1500 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ. ئۆتەڭنىڭ يۇقىرى قىسمى قەدىمىي بوستانلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك رايونى. شەرقىي شىمال قىسمىدىكى قۇملۇق رايونلار: بۇ، بوستانلىقلارنىڭ گىرۋىكىدىكى قارا باسما، ئاقتاش، قارا قۇدۇق، چاچقۇم قاتارلىق يېڭى بوز يەر رايونلىرىنى ۋە ئۆتەڭ سىرتىدىكى كەڭ قۇملۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**[تارىخىي تەرەققىيات جەريانى]** قاغىلىق — يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆتەڭگە جايلاشقان مۇھىم بازار، خەن سۇلالىسىنىڭ شۈەندى دەۋرىدىكى شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) غەربىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي دىيار دۇخۇسىنى تەسىس قىلغاندىن بۇيان، بۇ يەر ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان قاغىلىق دۆلىتى ئىدى، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، قاغىلىق ۋە كۆكياردىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت بولۇۋالغان، 3 پادىشالىق دەۋرىدە، سۇلېنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدە شىخۇبەن دۆلىتى بولغان، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە قاغىلىق دەپ ئاتالغان، قاغىلىق، يېكەنسار، تاشقورغان تەڭ مەۋجۇت تۇرغان. مىلادى 1124 — 1218 - يىللىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، ئەينى چاغدىكى قاغان دىيارى ھازىرقى قاغىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 9 كىلومېتىر كېلىدىغان موڭگال دېگەن جايدا بولغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيادىڭ 11 - يىلى (مىلادى 1218 - يىلى) چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا بۇ يەر چۆۋبىغا تەئەللۇق بولغان، قاغان دىيارىغا تەۋە بولغاندىن كېيىن، شەھەر غەربكە، ھازىرقى قاغىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 6 كىلومېتىر كېلىدىغان ساپېرىق دېگەن جايغا يۆتكەلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن چاغتاينىڭ ئەۋلادى تەۋەلىكىدىكى يەركەن خانلىقىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (مىلادى 1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، قاغىلىق يەكەندىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامبالنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولغان. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (مىلادى 1884 - يىلى) قاغىلىق ناھىيىسى رەسمىي قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى يەكەن مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق بولغان، مىنگو دەۋرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خوتەن مەمۇرى رايونىنىڭ ۋە يەكەن مەمۇرى رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق بولغان. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسى ئازات بولدى، 1950 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، يەكەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1956 - يىلى يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ناھىيە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

**[مەمۇرى رايونلىرى]** قاغىلىق ناھىيىسىدە 17 يېزا، 2 بازار، 300 كەنت، 1255 يېزا ئاھالىلىرى گۇرۇپپىسى، 16 ئاھالە كومىتېتى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 5 دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى بار. قاغىلىق ناھىيىسىدە لوق، بەشېرىق، تېتىر، تۆگىچى، چاسا مېچىت، چاڭگىلەسكى، جايتېرەك، بارىن، غوجېرىق، شاخاپ، يىلقىچى، سايۋاغ، يېتىملىقۇم، ئۆششاق-

باش، كۆكيار، شىخشۇ ۋە چىپاندىن ئىبارەت 17 يېزا، قاغىلىق، چاۋاغدىن ئىبارەت 2 بازار، ناھىيىلىك سۇ پەتىلىك ئورۇقچىلىق مەيدانى، ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى، ناھىيىلىك پوسا چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە ناھىيىلىك نەسىللىك چارۋىچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 5 ئورۇن بار. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ 2 - چارۋىچىلىق مەيدانى، قەشقەر ۋىلايەتلىك كۆئېنلۈن ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بازا دېھقانچىلىق مەيدانى بار.

[مىللەتلەر ۋە نوپۇسى] ناھىيە بويىچە جەمئىي 64974 ئائىلە، 267304 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 244219 نەپەر، خەنزۇ 19724 نەپەر، خۇيزۇ 553 نەپەر، قىرغىز 708 نەپەر، تاجىك 1483 نەپەر، مانجۇ 5 نەپەر، ئۆزبېك 557 نەپەر، باشقا مىللەتلەر 25 نەپەر، يېزا نوپۇسىدىكىلەر 224198 نەپەر، شەھەر نوپۇسىدىكىلەر 43106 نەپەر.

[كىلىمات ئالاھىدىلىكى] قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغ، چۆل قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە، يەر شەكلى مۇرەككەپ بولغاچقا، كىلىمات پەرقى چوڭ. شىمالىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4°C، يىللىق چېكىگە يەتكەندىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 39.5°C، يىللىق چېكىگە يەتكەندىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 22.7°C– بولىدۇ. 7 - ئاي ئەڭ ئىسسىق بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.6°C؛ 1- ئاي ئەڭ سوغۇق بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 6.0°C– بولىدۇ. ≥10°C نىڭ جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 4061°C. تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق سېلىشتۇرما پەرقى 30.6°C، كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقى 13.3°C. دەسلەپكى قىرو مەزگىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاخىرقى قىرو مەزگىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بولىدۇ، ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 234 كۈن. يەر توڭلاش مەزگىلى 11 - ئاينىڭ بىرىنچى ئون كۈنلىرى باشلىنىپ، يادۇرقى يىلى 3-ئاينىڭ ئىككىنچى ئون كۈنلىرىدە ئاخىرلىشىدۇ، يەرنىڭ ئادەتتىكى توڭلاش چوڭقۇرلۇقى 50cm ئەتراپىدا، ئەڭ چوڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقى 78cm بولىدۇ. شىمالىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكتە كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش سانى 2742 سائەت بولۇپ، نۇرنىڭ يىللىق چۈشەلەيدىغان سائەت سانىنىڭ 62%ىنى ئىگەللەيدۇ. جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار جەنۇپ بىلەن شىمالدىكى پاراللېل تىزىلىدىغان تاغ قىرلىرىنىڭ ۋە ئىگىز يەرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بۇ يەرلەردە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش سائەت سانى 5 — 15% ئازىيىدۇ، تارراق جىلغىلاردا 23 — 30% ئازىيىدۇ. شىمالىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك رايونلاردا يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 53mm، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردا ھۆل - يېغىن بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 3000 — 3500 مېتىر ئىگىز تۇرىدىغان، شامالغا قارشى جايلاردا يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 350 — 400 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق ئاپەتلەردىن قۇرغاقچىلىق، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىن بولىدىغان سوغۇق زىيانداشلىقى، قىرو توڭى، بوران، قۇم - بوران، قۇرۇق ئىسسىق شامال، قاتتىق يامغۇر (قار)، كەلكۈن ۋە ئانچە ئېغىر بولمايدىغان مۆلدۈر زىيانداشلىقى قاتارلىقلار بار.

[ئاساسلىق بايلىقى] قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول.

يەر بايلىقى: ئومۇمىي يەر كۆلىمى 42 مىليون 399 مىڭ 500 مو، بۇنىڭ ئىچىدە بوستانلىق بىر

مىليون 575 مىڭ 600 مو بولۇپ، 3.7% نى ئىگىلەيدۇ؛ تاغلىق جاي 32 مىليون 390 مىڭ 100 مو بولۇپ، 76.39% نى ئىگىلەيدۇ، قۇم ـ شېغىللىق ساي 8 مىليون 433 مىڭ 800 مو بولۇپ، 19.89% نى ئىگىلەيدۇ. بىر مىليون 575 مىڭ 600 مو بوستانلىق ئىچىدە، ئېتىز بىر مىليون 114 مىڭ 400 مو (پىلانغا كىرگۈزۈلگەن كۆلەم 781700 مو)، ئورمان يېرى 123600 مو، ئېتىز چۆپلۈكى 148300 مو، يول ۋە ئۆي قاتارلىق غەيرى دېھقانچىلىق يەرلىرى 82700 مو، ئەمدى، 32 مىليون 390 مىڭ 100 مو تاغلىق جاي ئىچىدە، تەبىئىي ئورمان 300000 مو، تاغ ئوتلىقى 8 مىليون 49 مىڭ مو. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تۇپراقنىڭ سۈپىتى قۇمسال تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ. يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ يۇقىرى قىسمى ئېگىز تاغ چۆل تۇپرىقى ۋە قوڭۇر چۆل تۇپراق ھېساپلىنىدۇ، يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى قوڭۇر چۆل تۇپراقتىن لايلاتما قوڭۇر چۆل تۇپراققا ۋە لايلاتما تۇپراققا ئۆزگەردى، يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى لايلاتما تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ، يەلپۈگۈچ بويىدىكى جايلار نەم تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ، چۆل-جاڭگال گىرۋەكلىرىدە ئاز مىقداردا چىملىق تۇپراق، ساسلىق تۇپراق ۋە قۇم تۇپراقلارمۇ بار. تۇپراق قۇۋۋىتى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئايرىلغان دەرىجىنىڭ 5 ـ 6 ـ دەرىجىلىرىگە كىرىدۇ. 96% ئېكىن يەرنىڭ ئورگانىك تەركىبى 1% كە يەتمەيدۇ، 94% ئېكىن يەرنىڭ تولۇق ئازوت تەركىبى 0.075% كە يەتمەيدۇ، 72% ئېكىن يەرنىڭ تېز ئۈنۈملۈك پوسفور تەركىبى 3PPm دىن تۆۋەن، ھالبۇكى تېز ئۈنۈملۈك كالىي تەركىبى مول، 87% ئېكىن يەرنىڭ تەركىبى 298PPm.

سۇ بايلىقى: ئاساسلىق دەريالاردىن تىزناپ دەرياسى، ئۇلۇغ ئۆستەڭ دەرياسى، چېپان دەرياسى ۋە كۆكيار دەرياسىدىن ئىبارەت دەريالار بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۇئېنلۇن تېغىدىن باشلىنىدۇ، ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 964 مىليون كۇب مېتىر. ھەر نوپۇسقا 1299 كۇب مېتىردىن سۇ توغرا كېلىدۇ. سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران 35% ئەتراپىدا. ناھىيە بويىچە 100600 مو سۇ يۈزى بار، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى 12600 مو.

ئورمان بايلىقى: جەمئىي 423600 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايوندىكى تەبىئىي ئورمانلىق 300000 مو، ئاساسلىقى، تېرەك قاتارلىق دەرەخ خىللىرى بار. تۈزلەڭلىكتىكى سۈنئىي ئورمان 86800 مو، بۇنىڭ ئىچىدە مۇداپىئە ئورمىنى 24200 مو؛ يېتىلگۈ ئورمىنى 9900 مو؛ جەمئىي 37 مىليون 857 مىڭ تۈپ دەل ـ دەرەخ بار، بوستانلىقلارنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 12%؛ توغراق، يۇلغۇن قاتارلىقلارنىڭ قاپلىنىشى 10900 مو. ناھىيە بويىچە جەمئىي 34700 مو باغ بولۇپ، شاپتۇل، ئامۇت، ئۆرۈك، ئالما، ياڭاق، ئۈزۈم، ئانار، بادام، گىلاس، پىستە، بېھى، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق ئون نەچچە تۈر، 500 خىل مېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇزلىرى بار. قاغىلىق ياڭىقى پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر بولۇپ، يىلىغا 500 توننا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆزى چوڭ، شاكىلى نېپىز، مېغىزىنى ئېلىش ئوڭاي، مېغىز چىقىرىش نىسبىتى يۇقىرى، مېۋە بېرىشى بالدۇر، مول ھوسۇللۇق بولۇشتىن ئىبارەت.

جانلىقلار بايلىقى: ئۆي ھايۋانلىرىدىن قاغىلىق قويى بار بولۇپ، بۇ، ئەلا سۈپەتلىك يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلىگە كىرىدۇ، ئۆزى قاۋۇل، ئېغىرلىقى 30 ـ 50 كىلوگىرام، گۆشى مېزىلىك ـ تاتلىق، يىللىق قىرقىۋېلىنىدىغان يۇڭ مىقدارى 1 ـ 1.5 كىلوگىر‍ـ

رامغا يېتىدۇ. قوي يۇڭىنىڭ قالاسى ئۇزۇن بولۇپ، گىلەم ۋە ئەدىيال ئىشلەپچىقىرىشتا ئېسىل خامئەشيا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا توڭگۇز، تۈلكە، ئىت ئېيىق، بۆرە، سۇغۇر، قارغۇ ياپىلاق، ئۇلار، ئاققۇ قاتارلىقلار بار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن لوپنۇر كەندىرى، سېرىق كەندىر، ئەگىلىك ئوت، چۈچۈك بۇيا، قان تېپەر قاتارلىقلار بار.

كان بايلىقى: ھازىرغىچە چېلىقتۇرۇلغانلىرىدىن مىس، ئالتۇن، قورغۇشۇن، قاش تېشى، مەرمەر تاش، ئىسلاندىيە تېشى، بېرىل، خرۇستال، چىرىمتال، تاش پاختا، گەج، كۋارتس، گۈڭگۈرت، كۆمۈر، نېفىت قاتارلىقلار بار. نېفىت 1976 - يىلىدىن باشلاپ تەكشۈرۈلۈشكە باشلىغان، 1977 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كۆكيار يېزىسى تەۋەسىدە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز چىقتى. ھازىر، نېفىت تەركىبى بار 20 كۇۋادرات كىلومېتىر كۆلەم بېكىتىپ چىقىلدى، 22 مىليون 730 مىڭ توننا نېفىت زاپىسى، 8 مىليون 250 مىڭ توننا قاتما ماي، 31 مىليارت 300 مىليون كۇبمېتىر تەبىئىي گاز بارلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى. چوڭقۇر قاتلاملاردىن تېخىمۇ كۆپ زاپاسلارنى تېپىپ چىقىشتا بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. 1984 - يىلى ئېچىش لايىھىسى بېكىتىلدى، شۇ جايدا ئىستېمال قىلىنىدىغان دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ، تۆۋەنرەك بولغان ئېچىش سۈرئىتى قوللىنىلماقچى.

**[ئىقتىسادىي ئەھۋالى]** قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئىگىلىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان، ئۆز-ئۆزىنى يېرىم تەمىنلەيدىغان خاراكتېردىكى ئىگىلىك. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. 1984 - يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 106 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) 1949 - يىلدىكىدىن 3 ھەسسە، 1978 - يىلدىكىدىن 59%، 1983 - يىلدىكىدىن 16.9% كۆپەيدى. ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 398 يۈەن بولدى، مالىيە كىرىمى 1984-يىلى 15 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1950 - يىلدىكىدىن 11 ھەسسە، 1978 - يىلدىكىدىن 1.5 ھەسسە، 1983 - يىلدىكىدىن 30% كۆپەيدى. يېزىلاردا ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە تەقسىمات كىرىمى 1984 - يىلى 199 يۈەن بولۇپ، 1978- يىلدىكىدىن بىر ھەسسە، 1983- يىلدىكىدىن 18% كۆپەيدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1984- يىلى 40 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولدى، 1984 - يىلدىكى شەھەر - يېزا پۇل ئامانىتى 30 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 54.5% كۆپەيدى.



قاغىلىق ناھىيىسى يېتىملىقۇم يېزىسى 17 - كەنتى پاختىدىن مول ھوسۇل ئالدى.


يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1984- يىلى 84 مىليون 827 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) 1949- يىلدىكىدىن 2.1 ھەسسە، 1983- يىلدىكى-

دىن 16.4% كۆپەيدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1984 ـ يىلى 217 مىليون 61 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 2.7 ھەسسە، 1978 ـ يىلدىكىدىن 29%، 1983 ـ يىلدىكىدىن 3% ئاشتى. پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 10 مىليون 5 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 29 ھەسسە، 1978 ـ يىلدىكىدىن 2.6 ھەسسە، 1983 ـ يىلدىكىدىن 41.9% ئاشتى. ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 672 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 1.5 ھەسسە، 1978 ـ يىلدىكىدىن 52.4% ئاشتى. 1983 ـ يىلدىكىدىن 8.7% كەمىدى. چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى 621000 تۇياق بولۇپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 51.4%، 1978 ـ يىلدىكىدىن 24% كۆپەيدى، 1983 ـ يىلدىكىدىن 3.3% كەمىدى.

1984 ـ يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 563 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 20.26% نى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە 28 ئورۇندا كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 2370 كىلوۋات. 1984 ـ يىلى 7 مىليون 133 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى. 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 3205 توننا سېمونت، 7834 توننا كۆمۈر، 8 مىليون 542 مىڭ توننا كىرسىن ئىشلەپچىقىرىلدى.

## كۆئېنلۈن تېغى باغرىدا مېۋىلەر خۇش پۇراق چاچتى
## ـ قاغىلىقنىڭ باغۋەنچىلىكى

### لى تۇچۈن



قاغىلىق ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ مېۋىلىرى ئۈزۈلمەكتە.
باردى فوتوسى

قاغىلىق ناھىيىسىدە تەبىئىي شارائىت ئەۋزەل، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش مەۋسۇمى ئۇزۇن، تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۈندۈلۈك پەرقى زور، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىگە باپ، مېۋىنىڭ رەڭگە كىرىشى ۋە ئوزۇقلۇق توپلىشىغا پايدىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا خاس ئەۋزەللىككە ئىگە. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1984 ـ يىلى مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى 19241 موغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە مېۋە بەرگەن كۆلەم 18900 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 13 مىليون 20 مىڭ جىڭ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 688.8 جىڭ بولدى، ھەر نوپۇسقا 50 جىڭدىن مېۋە توغرا كېلىپ، مەملىكەت بويىچە ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن 13.8 جىڭنىڭ 3.6 ھەسسىگە تەڭ بولدى.

قاغىلىق باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش بويىچە ئۇزۇن تارىخقا ۋە مول سورت بايلىقىغا ئىگە. «جاتلىقلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسىنىڭ

ئەلچىسى جاڭ چيەن ئۈزۈم، ئانار، ياڭاق قاتارلىق مېۋە سورتلىرىنى غەربىي دىياردىن ئىچكىرىگە كىرگۈزگەن. «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي دىيار خاتىرىسى»دە: غەرپتىكى جۇجۇيا دۆلىتى (ھازىرقى قاغىلىق) «تاغ - دۆڭلەرگە تۇتىشىپ كەتكەن، تاش - شېغىللارغا تولغان، ئىككى دەريا بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈزۈم، ئانىرى كۆپ تىكەتتى. ئۇنىڭ مېۋىسى جىق ئىدى» دېيىلگەن. «ئىككى دەريا» دېگىنى يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ، قاغىلىق دەل ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا. شۇڭا، قاغىلىقتا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا كۆپخىل مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن. ھازىرقى ئۇششاقباش يېزىسىنىڭ 10 - چوڭ ئەتىرىتىدە 7 تۈپ قېرى ياڭاق دەرىخى بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر تۈپىنىڭ سۇيەمى 5.6 مېتىر، تاجىسىنىڭ كەڭلىكى 17 × 17 مېتىر، ئېگىزلىكى 16 مېتىر كېلىدۇ، نەچچە قېتىم يېڭىلانسىمۇ مېۋىسى مول بولىۋەردى، دەرەخنىڭ يېشىنىڭ 500 يىلدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مۆلچەرلەندى. يەنە بىر تۈپ چىپان نەشپۈتى بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 مېتىر، سۇيەمى 3.8 مېتىر، دەرەخنىڭ يېشى تەخمىنەن 300 يىللىق كېلىدۇ. مېۋىلىك دەرەخنىڭ خىللىرى بىر قەدەر كۆپ، ئەنئەنىۋى ئەلا سۈپەتلىك سورتلاردىن چوڭ دانلىق ئانار، قارا ياپراقلىق ئۆرۈك، نېپىز پوستلۇق ياڭاق، ئالما، ئامۇت قاتارلىقلار بار؛ كېيىن كىرگۈزۈلگەن ئەلا سۈپەتلىك مېۋىلىك دەرەخلەر ئىچىدە ئالمىدىن ئالتۇن مارشال، سېرىق مارشال، قىزىل يۇلتۇز، فۇس، دۆلەت نۇرى، كۆك بادام، قىزىل قاشتېشى، جۇگوالى، چىن تاجىسى قاتارلىقلار بار؛ ئامۇت تۈرىدىن نەشپۈت، داڭسەن ئامۇتى، ئۆدەكسىمان ئامۇت، سىلى ئامۇت قاتارلىقلار بار؛ شاپتۇلدىن ئالماس چىلگە شاپتۇلى، چۆشياڭمېي، سۇلۇق چىلگە شاپتۇل، سۇلۇق ياما شاپتۇل، چوڭ توقاچ شاپتۇل، ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدىغان چوڭ شاپتۇل، سېرىق توقاچ شاپتۇل، فېڭخۇا زەمزەم شاپتۇلى، شەنخەي سۇلۇق شاپتۇلى قاتارلىقلار بار؛ ئۆرۈكتىن ئاق قۇم ئۆرۈك، ئاق يېمىش قاتارلىقلار بار. ئۈزۈمدىن ئەتىرگۈل پۇراقلىق ئۈزۈم، ئىسكەندەرىيە ئۈزۈمى، خانىش ئۈزۈم، ئاق بادان، كىشمىش قاتارلىقلار بار.

قاغىلىقتا ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى، يېزىلاردا يېزىلىق باغۋەنچىلىك مەيدانى بار، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، نەچچە مىليون تۇپلاپ مېۋىلىك دەرەخ يېڭى سورتى كۆچەتلىرىنى كۆپەيتىپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ ۋە بايىنغولىندىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

## مەكىت ناھىيىسى

**[جۇغراپىيىۋى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى]** مەكىت ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي قىسمىدا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 22′ 77 تىن 12′ 79 غىچە، شىمالىي پاراللېل 23′ 38 تىن 36′ 39 غىچە. دېڭىز يۈزىدىن 1155 مېتىردىن 1195 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ، يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىدا بولۇپ، جەنۇبىي تەرىپى يەكەن ناھىيىسى بىلەن خوشنا تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى يوپۇرغا ناھىيىسىگە، پەيزىۋات دېخانچىلىق مەيدانىغا تۇتىشىدۇ، شىمالىي تەرىپى مارالبېشى ناھىيىسىگە تاقىشىدۇ، شەرقىي تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ، جەنۇبىي بىلەن شىم

مالىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 136 كىلومېتىر، شەرقى بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 160 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمى كۆلىمى 15200 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمى 830 مىڭ مو، تېرىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمى ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ 3.6% نى ئىگەللەيدۇ. ھازىرقى تېرىلغۇ يەر 530 مىڭ مو بولۇپ، تېرىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ 64% نى ئىگەللەيدۇ.

[تارىخىي تەرەققىيات جەريانى] مەكىت ناھىيىسى مىنگو 17 ـ يىلىدىن ئىلگىرى مارالۋېشى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى چوڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، مارالۋېشى ناھىيىسىگە قاراشلىق ئىدى. مىنگو 17 ـ يىلى 3 ـ دەرىجىلىك ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. مىنگو 32 ـ يىلى يەكەندە مەمۇرى رايون تەسىس قىلىنىپ، بۇ ناھىيە 10 ـ رايون تەۋەسىدە بولۇپ، 10 ـ رايون مەمۇرى باشلىق مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى. مىنگو 33 ـ يىلى مەمۇرى باشلىق مەھكىمىسى مەمۇرى دوسا ۋالى مەھكىمىسى دەپ ئاتىلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، مەكىت ناھىيىسى يەنىلا ئۇنىڭغا قاراشلىق بولدى. 1956 ـ يىلى يەكەن ۋالى مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەكىت ناھىيىسى شۇندىن ھازىرغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

[كىلىمات ئالاھىدىلىكى] مەكىت ناھىيىسى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە، شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقى ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. غەربىي جەنۇبىنى قاراقۇرۇم تاغلىرى توساپ تۇرىدۇ، شىمالىدا تيانشان تېغى توسقى بار. يەر شەكلى قولايسىز، دېڭىز ـ ئوكياننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، تىپىك ھالدا چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك قۇرغاق كىلىمات بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئىسسىقلىق ئىنتايىن مول، جۇغلانما تېمپېراتۇرا يۇقىرى، كۆپ ھاللاردا يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃ بولىدۇ. 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 60℃ ـ بولىدۇ. 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.5℃ بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا چېكىگە يەتكەندىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 42.1℃، چېكىگە يەتكەندىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 22.4℃ ـ بولىدۇ. يەرنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدىكى توڭلاش چوڭقۇرلۇقى 58 سانتىمېتىر. كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ تۇراقلىق ھالدا 10℃ تىن ئۆتىدىغان دەسلەپكى كۈنى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاخىرقى كۈنى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بولىدۇ. 10℃ قا باراۋەر كېلىشتىن يۇقىرى تۇرىدىغان يىللىق جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4285.2℃ بولىدۇ. مۆل ـ يېغىن ناھايىتى ئاز، يىللىق ئوتتۇرىچە ھول ـ يېغىن مىقدارى 39.4 mm بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 87mm غا، ئەڭ ئاز بولغاندا 6.9mm غا يېتىدۇ. پارغا ئايلىنىش ئىنتايىن كۈچلۈك، ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2349mm بولىدۇ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى مۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ 60 ھەسسىگە تەڭ كېلىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2806 سائەت. قىروسىز مەزگىل 217 كۈن. ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە شامال كۆپ چىقىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە بوران ۋاقتى 13 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 1.9 مېتىر سېكونت بولىدۇ. ھاۋا بىر قەدەر مۆتىدىل، 4 پەسىل ئېنىق، ياز پەسلى ئىسسىق، قىش پەسلى سوغۇق، كۈز پەسلى سۈرۈن، ھارارەتنىڭ تۆۋەنلىشى تېز، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

[مىللەتلەر ۋە نوپۇسى] ناھىيە بويىچە نوپۇس 124642، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 102141، غەيرى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 22501، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.1%. ناھىيە بويىچە جەمئىي 13 مىللەت بار. ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 91.4% ىنى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 8.2% ىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا خۇيزۇ، جۇاڭزۇ، ئۆزبېك، مانجۇ، زاڭزۇ، تۇزۇ، شىبە، قازاق، قىرغىز، داغۇر، ئېلىنچۇن مىللەتلىرى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.4% ىنى ئىگىلەيدۇ.

مەكىت ناھىيىسىدە قوللىنىلىدىغان تىل ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر تىلى تۈرك تىلى سىستېمىسىغا كىرىدۇ، خەنزۇ تىلىدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر يەر ـ ھەر يەرلىرىنىڭ شېۋىسى بار، غەربىي شىمال رايونىنىڭ شېۋىسى كۆپرەك.

[مەمۇرىي رايونلىرى] مەكىت ناھىيىسى تەۋەسىدە بىر بازار، 8 يېزا، 4 دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى بار. ئۇلار: ناھىيە بازىرى، بازارجەمى، يېڭىئاۋات، ھاڭگۇتلۇق، يانتاق، تۇمەنتال، غاز كۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقسار يېزىلىرى، 1 ـ ماي ئورمانچىلىق مەيدانى، توغراق ئورمانچىلىق مەيدانى، سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن ئىبارەت.

[بايلىقى] دېھقانچىلىق بايلىقىدىن ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممەقوناق ۋە ئاز ساندا شال، ئاققوناق، سېرىق ماش، ماش قاتارلىق زىرائەتلەر بار، ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن ئاساسلىقى كېۋەز، زىرە، ئابدىممىلەك، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، تاماكا، زىغىر قاتارلىقلار بار. مەكىت ـ ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىش سالمىقى ئەڭ ئېغىر بولغان ناھىيە، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا بازىسى بولغان ناھىيىلەرنىڭ بىرى. مەكىت ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، يەر بايلىقى ئىنتايىن مول، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 5.4 مودىن تېرىلغۇ يەر، ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە 15 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. سۇ بايلىقى تولۇق، ناھىيە تەۋەسىدە ئىككى دەريا بار، بىرى يەكەن دەرياسى بولۇپ، ناھىيە دائىرىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 180 كىلومېتىر، يەنە بىرى تىزناپ دەرياسى بولۇپ، ناھىيە دائىرىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 56 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىككى دەريانىڭ ئادەتتىكى يىللاردىكى ئېقىن مىقدارى 800 مىليون كۇپمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرىدىن 7 سى بولۇپ، 120 مىليون كۇپمېتىر سۇ قاچىلىغىلى بولىدۇ. يەنە، تېيىز قۇدۇقتىن 414 ى بار. يەر ئاستى سۈيىنىڭ پايدىلىنىلىش مىقدارى تەخمىنەن 100 مىليون كۇپمېتىردىن ئاشىدۇ.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ «قوملۇقتىكى بوستانلىق» دەيدىغان نامى بار. ئورمانچىلىق بايلىقىنى تەبىئىي توغراق ئورمىنى ۋە سۈنئىي ئەھيا قىلىنغان ئورماندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ. تەبىئىي توغراق ئورمىنى 211160 مو، باغاچنىڭ توپلىنىش مىقدارى 131023 كۇپمېتىر كېلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ ئوتلاق كۆلىمى 84200 مو، سۈنئىي قوش قەۋەت ئوتلىقى 18900 مو كېلىدۇ. 1984 ـ يىلدىكى ھەر خىل چارۋا سانى 263555 تۇياق. بۇنىڭ ئىچىدە كالا 36180، ئات 5432، ئېشەك 10440، خېچىر 88، تۆگە 145، چوشقا 900، ئۆشكە 71448، قوي 138935. بۇ ناھىيىنىڭ سۇ يۈزى كۆلىمى چوڭ. ئومۇمىي كۆلىمى 25000 مودىن



مەكىت ناھىيىسىنىڭ چىرتىگلىما سۇ ئامبىرى بويىدا يېشۇرۇۋاتقان بېلىق كاۋدۇي.

لى جۇقىڭ فوتوسى

ئارتۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە دەريا ئېقىمى سۇ يۈزى 96000 مو، سۇ ئامبىرى سۇ يۈزى 53000 مو، تەبىئىي ئازگاللاردىكى سۇ يۈزى 79000 مو بولۇپ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش شارائىتى ناھايىتى ياخشى. 60 - يىللاردىن ئىلگىرى ئۆزى كۆپىيىدىغان يەرلىك ياۋايى چىم بېلىقنى بېقىش ئاساس قىلىنغان، 70 - يىللاردىن كېيىن چىم بېلىق، لېيەنيۈ بېلىقى، كارپ بېلىقى، تاپان بېلىق قاتارلىق ئۆي بېلىقلىرى سىرتتىن كىرگۈزۈلدى، سۈنئىي كۆپەيتىش يولغا قويۇلدى. ئىككى جايدا سۇ مەھسۇلاتلىرى بازىسى قۇرۇلدى، يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بېلىقچان 12 مىليونغا يېتىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى چوڭ - كىچىك سۇ ئامبارلىرىغا ۋە ئازگال كۆللەرگە سېلىنىپ، روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ھازىر يىلىغا 100 توننىدىن ئارتۇق تاۋار بېلىق تۇتۇلىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ سۇ - تۇپرىقى مۇۋاپىق، كىلىماتى مۆتىدىل بولغاچقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆي بېلىقى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ناھايىتى تېز بولۇپلا قالماي، بەلكى سۇ ئامبارلىرىنىڭ دامبىلىرىدا كۆپلىگەن راك، قۇلۇلىلارنىڭ كۆپەيگەنلىكى بايقالدى. بۇ، بۇ ناھىيىنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلىرىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ۋە پارلاق ئىستىقبالىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. ناھىيە تەۋەسىدە ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىر قەدەر كۆپ. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن ياۋا توڭگۇز، جەرەن، تۈلكە، ئاقمىخان، ئىلان، ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆدەك، سۇ چاشقىنى، كەپە قاتارلىقلار بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن سۆزاپ، ئالقات، چۈچۈك بۇيا، ياۋا كەندىر، يېكەن، پاقا يوپۇرماق، بۇدۇشقاق، سېرىق ئوت، شۇمبۇيا، ئىت ئۈزۈمى، ياۋا جوخوا قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىممەتلىك جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكلىرىدۇر. قوغۇن - تاۋۇزنىڭ 30 نەچچە خىلى بار، ئوتياشنىڭ 133 خىلى بار. گۈلنىڭ 40 نەچچە خىلى بار. مېۋىلەرنىڭ ئۇششاق ئۇرۇقلۇق مېۋە تۈرى، ئۈچكىلىك مېۋە تۈرى، شىرنىلىك مېۋە تۈرى قاتارلىق 123 خىلى بار.

مەكىتنىڭ 30 نەچچە خىل قوغۇن - تاۋۇز سورتى بار، قوغۇنى پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق. سورتى ئېسىللىرىدىن "مەكىت قوغۇنى"، "ھامۇت قازى"، "كۆكچى" قاتارلىقلارنىڭ شېكەر تەركىبى 15% تىن 20% گىچە يېتىدۇ. ئامۇتتىن "كۆك ئامۇت" بار، ئۇرۇكتىن "قۇر ئۇرۇك" بار، مۇنداق ئۇرۇك شاختا تەبىئىي قۇرۇيدۇ، پىشقاندىن كېيىن تۆكۈلۈپ چۈشمەيدۇ، سورتى ناھايىتى ئېسىل. مەكىتنىڭ دولان قويى ئاممە كۆپ يىل شالغۇتلاشتۇرۇپ تاللاپ يېتىشتۈرۈپ چىققان يەرلىك سۈپەتلىك نەسىللىك قوي بولۇپ، چوڭىيىشى تېز، گۆشى سېمىز، قوشكېزەك پاقلان نىسبىتى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

[قاتنىشى] مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاشيول مۇساپىسى 760 كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئاپتوموبىللارنىڭ يىللىق ئورۇنلايدىغان يۈك توشۇش مىقدارى 2 مىليون تونىنا كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ھازىر ناھىيە بازىرى مەركەز قىلىنغان تاشيول تىرانسپورت تورى شەكىللەندى، جەنۇپتا يەكەن ناھىيىسىگىچە، غەربتە پەيلو دىخانچىلىق مەيدانىغىچە، يوپۇرغا ناھىيىسىگىچە، شىمالدا 43 ـ پولك، 45 ـ پولك ۋە چاسا دىخانچىلىق مەيدانىغىچە، مارالۋېشى ناھىيىسىگىچە ئاپتوموبىل قاتنايدۇ، ناھىيىدىن يېزىلارغا، يېزىلاردىن يېزىلارغا ئاپتوموبىل قاتناش، يولۇچى ئاپتوموبىلى سېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى (يېڭىشاۋات يېزىسىنىڭ كەلكۈن مەزگىلىنى ھېساپقا ئالمىغاندا).

[ئىقتىسادىي ئەھۋالى] 1984 ـ يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 18.17% كۆپەيدى. 1984 ـ يىلدىكى يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 724.88 يۈەن بولدى.

پۈتۈن ناھىيىنىڭ 1984 ـ يىللىق يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 66 مىڭ يۈەن بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 82.48% نى ئىگەللەپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 22.15% كۆپەيدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 120 مىليون جىڭغا يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 35% ئاشتى. ناھىيە بويىچە ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ئاشلىق 1196 جىڭغا يەتتى. پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 132500 دەنگە يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 26.1% ئاشتى. 130000 مو كېۋەزلىكنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 101 جىڭغا يەتتى. ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن پاختا 132 جىڭغا يەتتى. ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 820000 جىڭغا يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 28% ئاشتى.

1984 ـ يىللىق چارۋىنىڭ قوتاندىكى سانى 263000 تۇياققا يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 0.4% كۆپەيدى.

1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 22678 مو يەرگە جىرىم تىكىلىپ ئورمان ئەھيا قىلىنىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 34.6% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە 5539 مو يەرگە پارچە ـ پۇرات جىرىم قويۇلدى، 16652 مو يەرگە يېقىلغۇ ئورمىنى ئەھيا قىلىندى. بۇندىن باشقا، ساھىللارنى توساش بىلەن 10750 مو يەرگە ئورمان ئەھيا قىلىندى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 7 مىليون 880 مىڭ تۈپ دەرەخ، 812 مىڭ تۈپ مەجبۇرى دەرەخ قويۇلدى.

1984 ـ يىللىق يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 217 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 27.2% كۆپەيدى.

1984 ـ يىلى ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 416 يۈەنگە يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 96 يۈەن كۆپىيىپ، 30% ئاشتى. ماددىي تۇرمۇش كۈنسېرى يۇقىرى كۆتىرىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ دىخانلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتىرىلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى ئىككى يىلدا شەخسىلەر 109100 كۋادرات مېتىر يېڭى ئۆي سالدى، يۈك ئاپتوموبىلىدىن 44 نى، چوڭ، ئوتتۇرا

تىپتىكى تىراكتوردىن 58 ئارىلاشما تىراكتورنى، قول تىراكتورىدىن 123 نى، ئورۇن تارتىش ماشىنىسىدىن 75 نى، توك ھەرىسىدىن 27 نى، پاختا ماشىنىسىدىن 83 نى، ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن 76 نى، توك تۈگمىنىدىن 145 نى، موتوتسىكلىتتىن 135 نى، ۋېلىسىپىتتىن 15133 نى، تىككۈ ماشىنىسىدىن 6185 نى سېتىۋالدى، تېلېۋىزور، كىر ئالغۇ قاتارلىق قىممەت باھالىق تاۋارلارمۇ دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىگە ئۈزلۈكسىز كىردى.

1984 ـ يىللىق سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 974 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 17.52% نى ئىگىلەپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 2.46% كۆپەيدى. سانائەتتە ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى كۆپەيدى، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش 10150 توننا ئورۇنلىنىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 1% كۆپەيدى، توك بېرىش مىقدارى بىر مىليون 141 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 25% كۆپەيدى، نېفىتتىقا ئىش قوشۇش 719 تونىنغا يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 4% كۆپەيدى. ئۇن تارتىش 4688 تونىنغا يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 5% كۆپەيدى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلقنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقۇرى كۆتىرىلىشىگە ئەگىشىپ، سودا خىزمىتىدە دۆلەت ئىگىلىكى، كوللىكتىپ، شەخسىدىن ئىبارەت 3 تەرەپ بىرلىكتە ئاتلاندى، ئوبوروت يوللىرى راۋانلاشتى، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش تەڭ جانلاندى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، تەمىنات ـ سودا قاتارلىق سودىدا تاۋارنىڭ ئومۇمى سېتىۋېلىنىپ كىرگۈزۈلۈشى 43 مىليون 543 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سودا كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى بىر مىليون 56 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يەككە سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 1258 گە يەتتى. بازار سودىسى ئىنتايىن جانلىنىپ، ئېلىش ـ سېتىش مىقدارى 25 مىليون 592 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مالىيە پۇل مۇئامىلىسى: 1984 ـ يىللىق مالىيە ئومۇمى كىرىمى 2 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلاندىكى 2 مىليون 289 مىڭ يۈەننىڭ 107% ى ئورۇندالاندى. مالىيە چىقىمى 8 مىليون 223 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تەڭشەلگەن خامچوتنىڭ 85% ى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بانكىدىكى تۈرلۈك پۇل ئامانەت قالدۇقى 30 مىليون 87 مىڭ يۈەن، تۈرلۈك قەرز پۇل 37 مىليون 333 مىڭ يۈەن، پۇل ئامانەت مىقدارى 14 مىليون 114 مىڭ يۈەن بولدى.

(ۋاڭ جۈن)

## مەكىت ناھىيىسىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى

### جۇدېيى

مەكىت ناھىيىسى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىيدىغان نۇقتىلىق ناھىيىلەرنىڭ بىرى. يەرلىك دېھقانلار كېۋەز تېرىش بويىچە مول تەجرىبىلەرگە ۋە تۈجۈپلەپ تېرىشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە.

بۇ ناھىيە تەكلىماكان قۇملۇقىغا يېقىن تۇتاشقان، يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان، يەر تۈزۈلۈشى تۈز، تۇپرىقى يۇمشاق، توپا قات-

لىسى قېلىن، سۇ مەنبەئى مول، تەكشەپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا تېمپېراتۇرىسى سۇ ئامبىرىدىن ئۆتچى يار؛ 4 ئەتراپى دېڭىزدىن يىراق، كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدىغان، چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك كىلىماتقا تەۋە. نۇر ئىسسىقلىق بايلىقى مول، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2806.3 سائەت، قىروسىز مەزگىل 214 كۈنگە يېتىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ سۇ، تۇپراق، كىلىمات قاتارلىق خاس تەبىئەت مۇھىتى كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىگە باپ بولۇپ، كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئايلاندى. بۇ جايدا پاختىنىڭ سورتى ئېسىل، رەڭگى ئاق. ئاساسلىق سورتلار «108»، «بوزيەر پاختىسى 1-نومۇرلىقى»، «چوڭ غوزىلىق پاختا» دىن ئىبارەت. 1984-يىلدىكى ئوتتۇرىچە دەرىجىسى 2.26-دەرىجە، ئوتتۇرىچە تېزىت ئۇزۇنلۇقى 27.14mm، ئوتتۇرىچە پاختا نىسبىتى 39.93% بولدى. مەملىكەت بويىچە 800 جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان يەردىن 100 جىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ؛ ئەمما مەكىت ناھىيىسىدە 325 جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يەردىن 100 جىڭ پاختا ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولۇپ، بۇ رايوننىڭ كېۋەز تېرىشتىكى زور ئەۋزەللىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ كېۋەز تېرىشتىكى ئەۋزەللىكى تولۇق جارى بولالمىغان. ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1949-يىلى بۇ ناھىيىنىڭ كېۋەز تېرىش كۆلىمى ئاران 31600 مو، پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى ئاران 30 جىڭ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9480 دەن بولغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا ۋە يېزا ئىگىلىك يەن-تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ياردىمى ئارقىسىدا، بۇ ناھىيىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇنداق تەبىئىي ئەۋزەللىكى تەدرىجىي جارى قىلدۇرۇلدى. 1966-يىلى، بۇ ناھىيىنىڭ پاختا كۆلىمى كېڭەيتىلىپ 110000 موغا يەتتى، بىرلىك مەھسۇلاتى 89.2 جىڭ بولدى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 98070 دەنگە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، مەكىت ناھىيىسىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى بىر مەھەل ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1972-يىلى، ناھىيە بويىچە پاختا تېرىش كۆلىمى 89100 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 23760 دەن، بىرلىك مەھسۇلاتى 26.6 جىڭ بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈزۈلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەر خىل شەكىلدىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېساپلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، تۇجۇپىلەپ تېرىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، يالتىراق ئىشلىتىپ كېۋەز تېرىش كېڭەيتىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈلدى. 1983-يىلى ناھىيە بويىچە پاختا تېرىش كۆلىمى 130700 موغا يەتتى، بىرلىك مەھسۇلاتى 80.3 جىڭ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 105000 دەن بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىلدى. ھەر بىر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقارغان پاختىسى 108.7 جىڭ بولدى. 1984-يىلى پاختا تېرىش كۆلىمى 130000 مو، بىرلىك مەھسۇلاتى 102 جىڭ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 132500 دەن بولۇپ، 1983-يىلدىن

گىمىدىن 26.2% ئاشتى. ھەربىر دېھقاننىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقارغان پاختىسى 135 جىڭ بولدى. ئومۇمى مەھسۇلاتى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىنىڭ 13 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى. پاختا كىرىمى يېزا ئىگىلىك كىرىمىنىڭ 65.3% نى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى كىرىمىنىڭ 61.2% نى ئىگىلىدى.

## مارالبېشى ناھىيىسى

**[جۇغراپىيىۋى ئورنى ۋە كۆرۈنۈشى]** مارالبېشى ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىي چەت رايونىدا، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە، تارىم ئويمانلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمالىي گىرۋىكىدە، قەشقەر - ئۈرۈمچى تاش يولى بويىدىكى ئاقسۇ بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدا جايلاشقان بولۇپ، قەشقەر ۋە يەكەن بىلەن قارشى ياتقان بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ. جۇغراپىيىۋى ئورنى شەرقىي مېرىدىيان 77° 22′ 30″ تىن 79° 56′ 15″ قىچە، شىمالىي پاراللېل 38° 47′ 30″ تىن 40° 17′ 30″ قىچە. يەر كۆلىمى 21700 كۋادرات كىلومېتىر. ناھىيە شەھىرى بولغان مارالبېشى بازىرى قەشقەر شەھىرىگە 276 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسى ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارىقاش ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالىي تەرىپى تيانشان تېغى تارماق تىزمىلىرى بولغان كەلپىن تېغى سېپتىمىسى ئارقىلىق كەلپىن، ئاقچى ناھىيىلىرىگە خوشنا، جەنۇبىي تەرىپى يەكەن دەرياسى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى توختىقازى تېغى (يەنى 1560 - ئېگىزلىك)، خېمېتاغ، روسەن تېغى (يەنى 1340 - ئېگىزلىك) بىلەن پاسىل ھالدا مەكىت ناھىيىسىگە ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىگە تاقىشىپ تۇرىدۇ، غەربىي تەرىپى پەيزىۋات، يوپۇرغا، يەكەن ناھىيىلىرىگە ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسىگە تۇتاش.

پۈتۈن ناھىيىنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 218 كىلومېتىر، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 134 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىڭغىيىدۇ، يانتۇلۇقى $\frac{1}{3000}$ دىن $\frac{1}{4000}$ غىچە. شىمالىي قىسمىدىكى چەت رايونلار تاغلىق رايون، ئوتتۇرا قىسمى، غەربىي جەنۇبىي قىسمى ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمىنىڭ تولىسى بوستانلىق، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى تارىم ئويمانلىقى ئىچىدە بولۇپ، پۈتۈنلەي قۇملۇق. پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە، بوستانلىق 38.8% نى، تاغلىق جاي 10.7% نى، قۇملۇق 50.5% نى ئىگىلەيدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلارنىڭ 2000 مېتىردىن 2500 مېتىرغىچە، ئوتتۇرا قىسمى ۋە جەنۇبىي قىسمىنىڭ 1100 مېتىردىن 1180 مېتىرغىچە. يەكەن دەرياسى غەربىي جەنۇبتىن ئېقىپ كىرىدۇ، ناھىيە ئىچىدىكى ئېقىن مۇساپىسى 350 كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي شىمالدىن چىقىپ كېتىدۇ. قەشقەر دەرياسى غەربتىن ئېقىپ كىرىدۇ، تارىختا مارالبېشىدا 160 كىلومېتىرلىق ئېقىن مۇساپىسى بار ئىدى، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان يۇقىرى ئېقىمىدا سۇ ئامبارلىرى ياسالغانلىقتىن، ئېقىن ئۈزۈلۈپ قالدى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ بوستانلىقلىرى مۇشۇ 2 دەريا بويىدىكى ئېقىندا تۈزلەڭلىكلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن

شەرقىي شىمالغىچە تار، ئۇزۇن يەر شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. بوستانلىق كۆلىمى تەخمىنەن 11 مىليون 950 مىڭ مو.

[ **تارىخىي تەرەققىيات جەريانى** ] مارالبېشىنىڭ يېزىقچە خاتىرىلەنگەن تارىخى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن باشلانغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي دىياردىكى يۇتۇ دۆلىتىگە تەۋە بولغان، 3 پادىشاھلىقنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە كۇسەنگە تەۋە بولغان، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلېغا تەۋە بولغان. مەملىكىتىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، مارالبېشى ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى يۇتۇ ئايمىقى بولغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە يەنە سۇلېغا تەۋە بولغان، غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدە يىڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان. قارا خانىلار سۇلالىسى مەزگىلىدە ھازىرقى ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا بارچۇق قەلئەسى ياسالغان. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، مارالبېشى بەشبالىققا تەۋە بولغان. چيەنلۇڭ 24 - يىلى ( مىلادى 1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى " چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى " نى تىنچىتقاندىن كېيىن، مارالبېشىنى قەشقەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. داۋگۇاڭ 12 - يىلى ( مىلادى 1832 - يىلى ) ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئاقساقمارال ئەتراپىغا مارالبېشى قەلئەسى ياسالغان ھەمدە ئاشلىق خىزمەتچىسى مەنسىۋى تەسىس قىلىنغان. گۇاڭشۈ 8 - يىلى ( مىلادى 1882 - يىلى ) شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغان، ئىككىنچى يىلى بىۋاستە قاراشلىق مارالبېشى ۋازارىتى قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1831-يىلىدىن ئېتىبارەن، بۇ يەرگە يۆتكەپ بىنام ئاچقۇزغان، ئىچكىرىدىن كەلگەن 360 نەپەر خەنزۇ بىنام ئاچقۇچىلار بىرنەچچە يىل ئىچىدە 24000 مودىن ئارتۇق بىنام ئاچقان، 1845 - يىلى لىن زېشۇ ئىلىدىن يولغا چىقىپ " جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 قەلئەنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشىنى كۆزدىن كۆچۈرگەن " چېغىدا، مارالبېشىدا بىرنەچچە كۈن تۇرغان. گۇاڭشۈ 29 - يىلى (1902 - يىلى) بىۋاستە قاراشلىق ۋازارەتنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ مارالبېشى ئايمىقى قىلىنىپ، يەكەن مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق بولغان، ناھىيە بارچۇق قەلئەسىگە كۆچكەن، مارالبېشى دېگەن سۆز ناھىيە نامى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئەينى چاغدا مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ دائىرىسى ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسىنى، مەكىت ناھىيىسىنى ۋە يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ تېرىم ۋە موغال دېگەن جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مىنگو 2-يىلى (1913 - يىلى) دىن تا ھازىرغىچە مارالبېشى ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ كەلگەن. مىنگو 17 - يىلى (1928 - يىلى) مەكىت كەنتى مارالبېشى دائىرىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مەكىت ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلغان، شۇنىڭدىن كېيىن، تېرىم بىلەن موغاللا يوپۇرغا ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن، ئازاتلىقتىن كېيىن، 1950 - يىلى 2 - ئايدا مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ۋە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق بولۇپ كەلدى.

[ **كىلىمات ئالاھىدىلىكى** ] مارالبېشى ناھىيىسى مۆتىدىل بەلباغ، چوڭ قۇرۇغلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىمات رايونىغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7°C،

1-ئاي ئەڭ سوغۇق، ئوتتۇرىچە 7.4℃-؛ 7 - ئاي ئەڭ ئىسسىق، ئوتتۇرىچە 26℃. چېكىگە يېتىدىغان ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 24.2℃-، چېكىگە يېتىدىغان ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 42.7℃. يىللىق قىروسىز مەزگىل ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 220 كۈندىن 230 كۈنگىچە، ئەڭ قىسقا بولغان يىلىدا 213 كۈن، ئەڭ ئۇزۇن بولغان يىلدا 254 كۈن بولىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش سانى 2800 – 3100 سائەت بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.6mm بولۇپ، تولىسى 5 – 8 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن. يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2109mm. ئوتتۇرىچە قۇرغاق دەرىجىسى 16.8K. شەرقىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 1.6 مېتىر سېكۇنت، ئەڭ تېز شامال سۈرئىتى 28 مېتىر سېكۇنت. كۆپىنچە باش باھاردا ۋە باش يازدا بوران چىقىدۇ. ئاساسلىق ئاپەتلەر تۆۋەن ھارارەت، قۇم بوران، مۆلدۈر، باھاردىكى قۇرغاقچىلىق ۋە يازدىكى كەلكۈندىن ئىبارەت.

[ **مەمۇرىي رايونلىرى** ] 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، يېزا بىلەن كوممۇنا ئايرىلىپ، 4 بازار، 8 يېزا، 12 ئائىلە كومىتېتى، 204 كەنت قۇرۇلدى. 4 بازار: مارالبېشى، سېرىقبۇيا، ئاۋات، ئاچالدىن ئىبارەت، 8 يېزا: چوڭقۇرچاق، يېڭىئۆستەڭ، ئالاغىر، ئاقساقمارال، شامال، ئاناركۆل، دۆلەتباغ، چارباغدىن ئىبارەت. ناھىيىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، شامال چارۋىچىلىق مەيدانى، شاقۇ ئورمانچىلىق مەيدانى، شامال ئورمانچىلىق مەيدانى بار. مارالبېشى تەۋەسىدە يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ 8 پولك مەيدانى بار. ئۇلار: 44-پولك، 48 - پولك، 49- پولك، 50 - پولك، 51 - پولك، 52 - پولك، 53 - پولك، سۇ قۇرۇلۇشى پولكىدىن ئىبارەت.

[ **مىللەتلەر ۋە نوپۇسى** ] مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 177954 ( يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق پولك-مەيدانلارنىڭ نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). ئۇيغۇرلار 96.8%نى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇلار 3%نى ئىگىلەيدۇ، باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ناھايىتى ئاز. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 149521، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 28433. 1984 - يىلى نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 15‰ بولدى.

[ **ئاساسلىق بايلىقى** ] مارالبېشى تەۋەسىنىڭ بايلىقى مول.

1. يەر بايلىقى: 1984 - يىلىدىكى ئەمەلىي بار ئىككىن يەر بىر مىليون 100 مىڭ مودىن ئارتۇق ( بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە باشقۇرىدىغىنى 600 مىڭ مو )، بىنام يەر جەمئىي 4 مىليون 600 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر ياخشىسى 2 مىليون مو ( ناھىيە باشقۇرىدىغىنى بىر مىليون مودىن ئارتۇق )، ئوتلاق بىر مىليون مو ( ناھىيە باشقۇرىدىغىنى 800 مىڭ مو )، پايدىلىنىۋاتقان ئوتلاق ئاران 300 مىڭ مو.

2. سۇ بايلىقى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرىچە ھەر يىلى يەكەن دەرياسىدىن 820 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلىنىپ كەلدى، ناھىيە باشقۇرىدىغان ئاناركۆل، سورۇن، ھەمرادىن ئىبارەت 3 سۇ ئامبىرىنىڭ يىللىق سۇ قاچىلاش مىقدارى 86 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر. يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق شوركۆل سۇ ئامبىرى دۆلەتنىڭ نۇقت

تىلىق سۇ ئامبىرى بولۇپ، يىللىق سۇ قاچىلاش مىقدارى 500 مىليون كۇب مېتىر. ناھىيە بويىچە يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 200 مىليون كۇب مېتىر. ھازىرقى ماشىنا قۇدۇقى ئاران 1100، يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ تارتىش مىقدارى 4 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. يەنە ئاز مىقداردا يامغۇر سۈيى بار.

3. دېھقانچىلىق ئۆسۈملۈكلىرى بايلىقى: دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى 50 خىلدىن ئاشىدۇ. ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن كۆزگى بۇغداي، يازغى بۇغداي، كۆممىقوناق، ئارپا، شال، ئاق قوناق، تېرىق قاتارلىقلار بار؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، تاماكا، قىزىلچا، كەندىر، زىغىر ۋە سېرىق ماش، ماش، قارا پۇرچاق، داۋۇر قاتارلىقلار بار؛ ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن زىغىر، زاغرا، ئاپتاپپەرەس، قىچا، كۈنجۈت قاتارلىقلار بار؛ كۆك ئوغۇت ۋە يەم - خەشەك زىرائەتلىرىدىن بېدە، قاشقا بېدە، تىيەنچىك، يۇلغۇن كەندىر قاتارلىقلار بار، ياڭيۇ بار. قوغۇن-تاۋۇز بار؛ ئوتياش تۈرلىرىدىن 30 نەچچە خىلى بار. مارالبېشى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ھالدا كېۋەز تېرىيدىغان ناھىيە، پاختا مەھسۇلاتى يۇقىرى، رەڭگى ئاق، تالاسى ئۇزۇن، تارتىلىش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىگە كۆپ قېتىم قاتناشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپ مىقداردا ياۋا لوپنۇر كەندىرى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.



مارالبېشى ناھىيىسى يېقىنقى يىللاردا تەبىئەتنى قوغداش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئىلگىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان توغراق ئورمىنى، چۇچۇلاك بويىلار قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

لى جۇنداق فوتوسى

4. ئورمان بايلىقى: بىر مىليون 200 مىڭ مو توغراق ئورمىنى بار، مارالبېشى مەملىكەت بويىچە ئاز تېپىلىدىغان، زور كۆلەمدە توغراق ئورمىنى ئۆسىدىغان رايون بولۇپ، مەملىكەت بويىچە توغراق ئورمىنىنى راۋاجلاندۇرىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى مارالبېشىدا توغراق ئورمىنى نەق مەيدان يىغىنى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى ھەمدە ئورمان رايونىنى سۇغۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى. ناھىيە بويىچە يەنە 100 مىڭ مو يۇلغۇن ئورمىنى بار. باشقا دەرەخ خىللىرىدىن سۆۋادان تېرەك، جىگدە، سۆگەت، قارىياغاچ، تۇخمەك، ئارچا، ئاق موم قاتارلىقلار بار. ناھىيە بويىچە بوستانلىقلارنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 17%. ئورمانلىقلاردا كۆپ مىقداردا يەرقالپىقى ئۆسىدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر يىلى تەخمىنەن 10 تونناچە يىغىۋېلىنىدى، يىغىۋېلىش

نىسپىتىنىڭ 10% كىمۇ يەتمىگەنلىكىگە مۆلچەرلەنمەكتە. چىگىدە دەرىخىنىڭ نان چىگىدە ۋە قاغا چىگىدىدىن ئىبارەت ئىككى خىلى بولۇپ، نان چىگىدىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 500 توننىدىن ئارتۇق، قاغا چىگىدىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 1000 توننا.

5. دورا ماتېرىياللىرى بايلىقى: مارالبېشى – مەملىكەت بويىچە چۈچۈك بۇيا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇقتىلىق ناھىيە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىي 64242 توننا يۆتكەپ چىقاردى، بىر قىسمىنى ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلدى. 1984–يىلى ئامېرىكىنىڭ يېڭى جېرسىي شىتاتىدىكى مىكانجۇس، فۇبۇس شىركەتلىرى مارالبېشىغا ئەمەلىي جايىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ، 100 مىڭ مولۇق چۈچۈك بۇيا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېكسپورت قىلىش توختامنامىسىنى ئىمزالاشنى تەلەپ قىلدى، ھازىر سۆھبەت ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، بۆرە ساسىقى، زاراڭزا، كەترا، شومبۇيا، ئالقات، توشقانقۇلاق قاتارلىق 50 نەچچە خىل دورا ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

6. مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇز بايلىقى: قوغۇن-تاۋۇزنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مەھسۇلاتى تەخمىنەن 35 مىليون جىڭ، قوغۇننىڭ شېكەر تەركىبى 16% ئەتراپىدا، تەمى تاتلىق، شاپىقى نېپىز، ئۆزى چوڭ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا داڭلىق. مېۋە خىللىرىدىن ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، ئۈزۈم، ئالما، ئانار، غەينۇلە، ئەنجۈر، ياڭاق، بادام قاتارلىقلار بار. مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 11000 مودىن ئارتۇق، 1984–يىلى 149 مىليون 140 مىڭ جىڭ مېۋە ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم 8 مىليون جىڭ (يۇقىرىدىكى سانلار يېزا ئىگىلىك 3–دېۋىزىيىسىگە قاراشلىق 8 پولك-مەيداننىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). 1984–يىلى ئۈزۈم پىشقان پەسىلدە بۇ جايدا ھەر كىلوگىرامىنىڭ بازار باھاسى ئىككى موچەندىن بولدى. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىدە باغۋەنچىلىك مەيدان (ئەترەت) لىرى بار، مۇتلەق زور كۆپچىلىك دېھقان ئائىلىلىرى ئۆيلىرىنىڭ ئالدى كەينىدە مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرىدۇ.

7. چارۋىچىلىق ۋە ياۋايى ھايۋان بايلىقى: ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئاساسلىقى كالا، ئات، ئېشەك، خېچىر، قوي، ئۆچكە، تۆگە بار؛ ئۆي قۇشلىرىدىن ئاساسلىقى، توخۇ، ئۆردەك، غاز، كەپتەر بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەسەل ھەرىسى، پىلە ۋە توشقان بېقىش ئىشلىرىمۇ راۋاجلاندى. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، تۈلكە، جەرەن، كىرپە، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار بار.

8. سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى: ناھىيە بويىچە 42000 مو سۇ يۈزى كۆلىمى بار، ئازاتلىقتىن ئىلگىرى يەرلىك چىم بېلىقلا بار ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى يېڭى بېلىق سورتلىرى كىرگۈزۈلدى. 1984–يىلى كارىپ بېلىقى، تاپان بېلىق، چىم بېلىق، لېنيۇ بېلىقى، ۋۇچاڭ بېلىقى، تياۋچيۇ بېلىقى، باشاق بېلىق، سەنتياۋ بېلىقى ۋە شەرق جېنبىيەن بېلىقىدىن ئىبارەت 9 سورتقا يەتتى. يىللىق مەھسۇلات تەخمىنەن 85 توننا. مارالبېشىنىڭ بېلىق كاۋدۇي شىنجاڭ بويىچە داڭلىق. يەنە، ئاز مىقداردا سۇ بۇلغۇنى بار.

9. كان بايلىقى: چېلىقتۇرۇلغانلىرىدىن تۆمۈر، مىس، تىتان، قورغۇشۇن، فوسفور، ھېقىق، سۆسۈن ئۈيۈل تاش، جىشۇ تاش، چاسا ئۈيۈل تاش، بېرىلليانت، ئاھاك، گەجۋە تاش، تۇز بار. تاش تۇزدىن باشقىلىرى تېخى ئېچىلمىدى.

[ **ئىقتىسادىي ئەھۋالى** ] مارالۋېشى ئىگىلىكى تارىختىن بۇيان دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تۈۋرۈك قىلىپ كەلدى. 1913- يىلى ناھىيە قۇرۇلغاندا 250 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى، 1984- يىلى ناھىيىگە قاراشلىق يېزا- بازارلارنىڭ تېرىلغۇ يېرى 600 مىڭ موغا (يېزا ئىگىلىك 3- دېۋىزىيىسىگە قاراشلىق پولك- مەيدانلارنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى قوشقاندا بىر مىليون 100 مىڭ موغا) يېتىپ، ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 4.2 مودىن توغرا كەلدى، چوڭ - كىچىك چارۋا 502500 تۇياق بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىگە 15 تۇياقتىن توغرا كەلدى. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" دىكى ئون يىلدا، مارالۋېشى ئىگىلىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى داڭلىق 8 نامرات ناھىيىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى ئىشقا سېلىندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەن - تېخنىكا كېڭەيتىلگەنلىكى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشىلانغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش تېز ئۆرلىدى. 1982 - يىللىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1978 - يىلدىكى 25 مىليون 911 مىڭ يۈەندىن 52 مىليون 24 مىڭ يۈەنگە ئۆرلەپ، 100.8% كۆپەيدى. 4 يىل ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى بىر قاتلاپ، مەملىكەت بويىچە بىر قاتلىغان 47 ناھىيىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. 1984 - يىلى 78 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە ئۆرلەپ، 1978 - يىلدىكىدىن 204.2% كۆپەيدى. 1984 - يىللىق مەھسۇلاتنى 1978 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاشلىق 81.9%، پاختا 795.3%، ياغلىق دان 424%، چارۋا 62.3% كۆپەيدى. ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 1978 - يىلى ئاران 524 جىڭ ئىدى، 1984 - يىلى 916 جىڭغا كۆپەيدى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتىمۇ 1978 - يىلدىكى 9 مىليون 670 مىڭ يۈەندىن 20 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 111.3% كۆپەيدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 99 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 1.8 ھەسسە كۆپەيدى.

ناھىيە بويىچە ھازىر 2037 نەپەر ھەر خىل تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 1722 نەپەر. ناھىيە بويىچە 13 ئوتتۇرا مەكتەپ بار ( بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپى 12 )، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 4224 نەپەر؛ 97 باشلانغۇچ مەكتەپ بار ( بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى 95 )، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 22829 نەپەر؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت تولۇقلاش سىنىپىدىن 4 ى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 147 نەپەر. ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىكتە 12 دوختۇرخانا، 679 كارىۋات، 300 نەپەر سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار. ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىكتە پەلە رادىيو ئۇزېلى، كىنوخانا، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرى ئورۇنلىرى بار. خەلق ئارىسىدا دولان ئۇسۇلى كەڭ تارقالغان.

[ **ئاسارە - ئەتىقە، قەدىمىي يادىكارلىقلىرى** ] مارالۋېشى — قەدىمىي يىپەك يولىدىكى 6 ئۆتەڭنىڭ بىرى. ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا تۇققۇز ساراي قەدىمىي قەلئەسىنىڭ كونا ئورنى بار. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چەت ئەللىك ئارخېئولوگلىرى بۇ يەرگە تەكشۈرۈش ئۈچۈن كۆپ

قېتىم كەلگەن، ئەنگلىيىلىك سىتائىن، فرانسىيىلىك پورسىخ بۇ يەردىن كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ئوغۇرلاپ كەتكەن. 1927 ـ يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى بۇ يەردىن بۆت قالدۇقلىرى، ياغاچ سايمانلار ۋە براخمان يېزىقىدىكى كىتاب قالدۇقلىرىنى قېزىۋالغان. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىمۇ بۇ يەردىن چەنتۈبى، شىمالىي سۇلالىلار ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ بىرمۇنچىلىغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىققان. خۇاڭ ۋېنبى ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، مۇشۇ قەدىمىي قەلئەنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىكى يۈتۇ ناھىيىسى قەلئەسى، يەنى كۇسەننىڭ جۇسىد قەلئەسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 70 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى چوڭ تام، زەي تام ۋە قوش تام قاتارلىق 4 ئورۇندا قەدىمىي بىناكارلىق كونا ئورنى بار، بۇ يەرلەردە كۇسەننىڭ پۇللىرى، چوڭ تەشتەك، مىس سايمان قاتارلىق قەدىمىي يادىكارلىقلار چىقتۇرۇلدى. يۇقۇرىدىكى بىر نەچچە جاي ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي يادىكارلىقلار تارمىقى تەرىپىدىن مەدەنىي يادىكارلىقلار بويىچە قوغدىلىدىغان رايونلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا ئىنقىلاۋىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسى بار. ئەسلى مۇنارنى ئازادلىق ئارمىيە 2 ـ كورپۇس 4 ـ دىۋىزىيە 12 ـ پولكى ياسىغان، مۇنارە ياغاچتىن قوپۇرۇلغان. 1978 ـ يىلى ج ك پ مارالۋېشى ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە مارالۋېشى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ئىشلىتىپ يېڭى مۇنارە ياساتتى. بازار ئىچىدە ئىنقىلاۋىي قۇربان قادىر ھېزىمنىڭ قەۋرىسى بار. بۇ يولداش 1965 ـ يىلى ئاناركۆل سۇ ئامبىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قورۇلۇشى داۋامىدا، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى قۇتقۇزۇش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇنىڭغا «خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» دەپ نام بەرگەن. (لياڭ زۈن)

## مارالۋېشىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى قاتلىدى

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى يىلمۇ ـ يىل ئاشتى، 1984 ـ يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 99 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكى 35 مىليون 581 مىڭ يۈەندىن 178.9% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 78 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 204.2% كۆپەيدى. 1984 ـ يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 136 مىليون 950 مىڭ جىڭ، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 160 مىڭ دەن، ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 77 مىڭ جىڭ، چارۋىنىڭ قوتاندىكى سانى 502500 تۇياق بولدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىمۇ 1978 ـ يىلدىكى 9 مىليون 670 مىڭ يۈەندىن 20 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 111.3% كۆپەيدى.

بۇرۇنلا 1982 ـ يىلى، مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1978 ـ يىلدىكى 25 مىليون 910 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ، 52 مىليون 44 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4 يىلدا بىر قاتلاپ، مەملىكەت بويىچە بىر قاتلىغان 47 ناھىيىنىڭ بىرى بولغان

ئىدى. 1984 ـ يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1980 ـ يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى.

مەھسۇلات قىممىتىنىڭ قاتلىنىشى پۈتۈن ناھىيىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. 1984 ـ يىلى 1978 ـ يىلىغا قارىغاندا، يېزىلاردىكى ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 97 يۈەندىن 365.64 يۈەنگە كۆپەيدى، ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 325 جىڭدىن 792.5 جىڭغا كۆپەيدى.

مارالبېشى ناھىيىسى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى قاتلاشتا، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىزمەتنى تۇتتى:

1. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئىشقا سالدى. 10 يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، يېزا سىياسىتى بارغانسېرى "سول" ـ لىشىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىغا ئېغىر ھالدا زىيان يەتكۈزدى، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى يىلدىن-يىلغا تۆۋەنلەپ كەتتى، يېزا ئىقتىسادى كۆمران بولۇش گىرۋىكىگە بېرىپ قالدى. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىنتايىن سول لۇشيەننى تۈزىتىپ، يېزىلارغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىشقا سېلىپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋە ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى، بولۇپمۇ، تىجارەتنى ئوقىيدىغان، تېخنىكىنى بىلىدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان بىر تۈركۈم ئوقتىلىق ئائىلە ۋە كەسپىي ئائىلەر مەيدانغا كەلدى. 1984 ـ يىلغا كەلگەندە، بۇ خىل ئائىلەر 3327 ئائىلىگە كۆپىيىپ، يېزا ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 9.1% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق كىرىمى 10000 يۈەندىن ئارتۇق بولغىنى 299 ئائىلە بولدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىر نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2714.39 يۈەنگە يەتتى. 1984 ـ يىلى ئاقساقمارال كوممۇنىسى 11 ـ چوڭ ئەتىرەتتىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپىي ئائىلە ماموت ئاۋۇت ئائىلىسى 75000 جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقاردى، چارباغ كوممۇنىسى 11 ـ چوڭ ئەتىرەتتىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپىي ئائىلە مەمەت ئىمىن ئائىلىسى 7000 جىڭ ساپ پاختا ئىشلەپچىقاردى، ئالاغىر كوممۇنىسى 8 ـ چوڭ ئەتىرەتتىكى چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى ھېيت ئوسمان ئائىلىسى 410 تۇياق چارۋا بېقىپ، دۆلەتكە 180 تۇياق سېتىپ بېرىپ، 5800 يۈەن كىرىم قىلدى. كەسپىي ئائىلە، ئوقتىلىق ئائىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

2. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدى. (1) تېرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدى. مارالبېشىنىڭ كىلىمات، تۇپراق شارائىتى پاختىنىڭ ئۆسۈشىگە ئىنتايىن پايدىلىق، پاختا مەھسۇلاتى يۇقىرى، رەڭگى ئاق، قالاسى ئۇزۇن، تارتىلىش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، مەملىكەت بويىچە پاختا تېرىيدىغان ئوقتىلىق ناھىيە قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. لېكىن، ئىلگىرى "ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش" بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىنىپ، پاختا

تېرىشقا سەل قارالدى؛ ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە ئىلگىرى كۆممە قوناق كۆپرەك تېرىلاتتى، لېكىن مارالبېشىدا ھەر ئەتىياز پەسلىدە يامغۇر ياغقاندا كۆممە قوناق مايسىلىرى ياپسالار بويىچە قۇرۇپ كېتەتتى، ھالبۇكى ئەتىيازدىكى يامغۇر بۇغداي مايسىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. مۇشۇ ئەھۋاللارنى نىشانلاپ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولدۇرۇپ، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى. 1979 - يىلىدىن كېيىن، تېرىش قۇرۇلمىسىنى تەدرىجىي تەڭشىدى: بىرىنچى، ئاشلىق تېرىش كۆلىمىنى مۇۋاپىق ئازايتىپ، پاختا تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتتى، ئاشلىق زىرائەتلىرىنى 1978 - يىلىدىكى 530000 مودىن 1984 - يىلى 404000 موغا ئازايتتى، پاختىنى 1978 - يىلىدىكى 85000 مودىن 129800 موغا كېڭەيتتى؛ ئىككىنچى، ئاق يەرگە تېرىلىدىغان كۆممە قوناق كۆلىمىنى ئازايتىپ، بۇغداي تېرىش كۆلىمىنى كۆپەيتتى، ئاق يەرگە تېرىلىدىغان كۆممە قوناقنى 1978 - يىلىدىكى 240000 مودىن 1984 - يىلى 147900 موغا ئازايتتى، بۇغداينى 1978 - يىلىدىكى 230000 مودىن 1984 - يىلى 255900 موغا كۆپەيتتى. تەڭشەش ئارقىلىق، 1984 - يىللىق مەھسۇلاتنى 1978 - يىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 4.8 ھەسسە، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9 ھەسسە كۆتۈرۈلدى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 47 مىليون 470 مىڭ جىڭدىن 65 مىليون 15 مىڭ جىڭغا كۆپىيىپ، 37% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداينىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىدىكى نىسبىتى 30 % تىن 52.5% كە ئۆرلىدى. (2) ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇردى. 1978 - يىلىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ ئورمانچىلىق سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەللەشتۈرۈپ، ئورمان قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىپ، لايىھىلەرنى تۈزۈپ ئورمان ئەھيا قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئورماننى ۋەيران قىلىش ھېساۋىغا ئوتتۇن قىلىپ قالايدىغان 80 نەچچە خىش خۇمدىنىنى ۋە ئاھاك خۇمدىنىنى چېقىۋېتىپ، ئورمان ھوقۇقى، ئورمان يېرىنى ئايرىپ بەردى. 6 يىلدىن بۇيان، 20 مىليون تۈپ جىمودەم تىكىلدى، 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى بىر مىليون 200 مىڭ موغا يەتتى، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 70 - يىللاردىكى 3.17% تىن 4.5% كە كۆتۈرۈلدى. (3) چارۋا پادىلىرى قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، چارۋا پادىلىرى قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىشلەر بولدى، تۇغۇش يېشىدىكى چىشى چارۋىلارنىڭ چارۋا پادىلىرى ئىچىدىكى نىسبىتى، بوغاز بولۇش نىسبىتى ۋە تۇغۇلغان تۆللەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1984 - يىلنى 1978 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۇغۇش يېشىدىكى چىشى چارۋىلارنىڭ چارۋا پادىلىرى ئىچىدىكى نىسبىتى 37.2% تىن 54.4% كە كۆتۈرۈلدى؛ كۆپىيىپ ئەي بولغان كىچىك چارۋىلار 70000 تۇياقتىن 164400 تۇياققا كۆپىيىپ، 134.8% ئاشتى؛ ئەي بولغان كىچىك چارۋىلارنىڭ چارۋا ئومۇمىي سانىدىكى نىسبىتى 22.6% تىن 32.7% كە كۆتۈرۈلدى. بېقىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشقا ئومۇميۈزلۈك دىققەت قىلىنغانلىقى، چارۋىلارنىڭ بېمىلىش ۋاقتى قىسقارتىلغانلىقى ئۈچۈن، سۈپەت يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، قوينىڭ ئوتتۇرىچە سويۇلۇش، گۆش بېرىش نىسبىتى 1978 - يىلىدىكى 18 جىڭدىن 1984 - يىلى 26 جىڭغا كۆتۈرۈلۈپ، 44.4% كۆپەيدى.

3. ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتەردى. 6 يىلدىن بۇيان، سۇدىن پايدىلىنىش جەھەتتە ئاساسلىقى ئىك-

كـى خىزمەتنى ئۆتتى: بىرىنچى، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، نەزەرنى يىراققا سېلىش، مەۋقەنى كۆز ئالدىغا قويۇش، ئەتراپلىق ئويلىنىش، تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەبلەغ كۆپ كېتىدىغان، ئۈنۈم ئاستا كۆرۈلىدىغان، ئامىمنىڭ ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىدىغان سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى توختىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېتىز-ئېرىق ئىچىدىكى مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ئۈنۈم تېز كۆرۈلىدىغان، ئامىمنىڭ كۈچى يېتىدىغان، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى تۈرلەر ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان قۇرۇلۇشلار بىلەن شۇغۇللاندى؛ ئىككىنچى، سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتتى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نورمىلىق سۇغۇرۇش، كۆپ مىقدارى بويىچە ھەق ئېلىش چارىسى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، سۇغۇرۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، سۇغۇرۇش نورمىسى تۆۋەنلىتىلدى. سۇ باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە سۇغۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى سەۋەبىدىن، سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

4. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. مارالبېشىنىڭ 95.4% تېرىلغۇ يېرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن مەشغۇلات قىلىشقا باپ كېلىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا، "6 نى بىرتۇتاش قىلىش" تا، يەنى: بىر تۇتاش پىلان تۈزۈش، بىر تۇتاش تېرىش، بىر سالا ئېتىزى ئىچىدە بىر تۇتاش زىرائەت بولۇش، ئېگىزى بىر تۇتاش بولۇش، بىر تۇتاش سۇغۇرۇش، زور يېزا ئىگىلىك تېخنىكىۋى تەدبىرلىرىنى بىر تۇتاش قىلىشتا چىڭ تۇردى. بۇ تەدبىر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ناھىيە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى تىراكتورلاردىن 1978 - يىلى 297 سى بار ئىدى، 1984 - يىلى 699 غا يېتىپ، 1.35 ھەسسە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلار شەخسىي سېتىۋالغان تىراكتور خېلى كۆپ. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلىش ئۈنۈمى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

5. ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى يولغا قويدى. (1) ئۆل خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتتى. 6 يىلدىن بۇيان، تۇپراقنى ياخشىلاش، ئوغۇتنى كۆپەيتىپ بېرىش، كۆك ئوغۇتنى كۆپەيتىش، يەر تۈزلەش، مۇۋاپىق ھالدا قويۇق تېرىش، پەرۋىشنى كۈچەيتىش، تۇجۇپىلەپ تېرىش قاتارلىق بىر قاتار ئېگىزلىك تېخنىكىۋى تەدبىرلەر تەدرىجىي ھالدا كەڭ دېھقانلار تەرىپىدىن ئاكتىپ تۈردە قوللىنىلدى. ناھىيە بويىچە كۆك ئوغۇت كۆلىمى 1978-يىلى ئاران 20000 مو ئىدى، 1984 - يىلى 40000 مودىن ئارتۇققا كۆپەيدى. (2) يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتتى. يېقىنقى ئىككى يىلدا، يالتىراق ئىشلىتىپ كېۋەز تېرىش كېڭەيتىلدى، 1984 - يىلىغا كەلگەندە، يالتىراق ئىشلىتىپ تېرىلغان كېۋەز 55200 موغا كۆپىيىپ، كېۋەزلىك كۆلىمىنىڭ 42.5% نى ئىگىلىدى، پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 183 جىڭ بولۇپ، ناھىيە بويىچە پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتىدىن 48.8% ئۈستۈن تۇردى. (3) سۈپەتلىك ئۇرۇقلار كېڭەيتىلدى. 1984-يىلى 44000 مو يەرگە سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق كېۋەز تېرىلىپ، 800000 يۈەن ئارتۇق كىرىم قىلىندى.

6. دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دېخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى مۇناسىپ ھالدا راۋاجلاندۇردى. كېۋەزنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە، ئەمگەك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ياخشىلاش، دوكۋار ئىشچىلارنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش، ئەسلى ئۈسكۈنىلەردىن تولۇق پايدىلىنىش، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش چارىسى قوللىنىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 1978-يىلدىكى 3 مىليون 220 مىڭ يۈەندىن 1984-يىلى 16 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4 ھەسسە كۆپەيدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگەللەيدىغان نىسبىتى 1978-يىلدىكى 33.3% تىن 78.8% كە كۆپەيدى. ئاشلىق، ياغلىق دانغا ئىش قوشۇش سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىمۇ 1978-يىلدىكىدىن 83.5% كۆپەيدى. (لياڭ زۈن)

## تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

**[جۇغراپىيىۋى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى]** تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ غەربىي قىسمىدا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، قاراقۇرۇم تېغى ۋە ئىندۇقۇش تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدا، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئورنى شىمالىي پاراللېل 35 37′ تىن 38 40′ قىچە، شەرقىي مېرىدىئان 71 30′ تىن 77˚01′ قىچە. شەرقىي قىسمى ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسمى قاغىلىق، پوسكام، يەكەن ناھىيىلىرىگە تۇتىشىدۇ، شىمالىي قىسمى ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ، غەربىي قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجىكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ۋە قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبىي قىسمى ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمى پاكىستان ۋە ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 480 كىلومېتىر، جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 329 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 67629.45 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشىمىگە تېگىشلىك رايوننىڭ ئۇزۇنلىقى 14452 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ).

ناھىيە تەۋەسىدە تىك، ئېگىز تاغ - چوققىلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، جىلغىلار كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، يەر شەكلى بەك مۇرەككەپ. يەر تۈزۈلىشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قىڭغىيىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4000 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ، ناھىيە بازىرى دېڭىز يۈزىدىن 3200 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ.

تاغدۇمباش پامىر ناھىيە تەۋەسىنىڭ غەربىي قىسمىدا چوقچىيىپ تۇرىدۇ. كۇئېنلۇن تېغى، ھىمالايا تېغى، ئىندۇقۇش تېغى ۋە تيانشان تېغىدىن ئىبارەت 4 چوڭ تاغ تىزمىسى بۇ يەردە توپلىنىپ، غايەت زور «دۇنيا ئۆگزىسى»نى ھاسىل قىلىدۇ. ناھىيە تەۋەسى يەنە شەرقىي پامىر ئېگىزلىكى ۋە جەنۇبىي پامىر ئېگىزلىكى دەپ ئايرىلىدۇ. شەرقىي پامىر ئېگىزلىكى سەرىقول تېغى، مۇز تاغ، كۆڭگۈر تېغىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تاغ تىزمىلىرى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلىدۇ؛ جەنۇبىي پامىر ئېگىزلىكى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تۇتىشىدۇ، تاغ تىزمىلىرى غەربىي شىمالغا سوزۇلىدۇ. شەر-

قىي جەنۇپتا جايلاشقان چوققىسى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىزلىك بولۇپ، دېڭىز
يۈزىدىن 8611 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ، يىل بويى قار يېغىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىدا مۇزلار بولۇپ،
مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر مۇزلۇق رايونى ھېسابلىنىدۇ. «مۇز تاغ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان
مۇز تاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7946 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ، يىل بويى قار يېغىپ تۇرىـ
دۇ، مۇز بىلەن قاپلىنىدۇ، مۇزنىڭ قېلىنلىقى 50 مېتىردىن 70 مېتىرغىچە بولىدۇ، مۇز بىـ
لەن قاپلانغان كۆلەم تەخمىنەن 200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، مۇزنىڭ كۆپىنچىسى
تاغ چوققىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، دائىم بۆسۈلۈپ چۈشۈپ تۇرىدۇ.
بۇ چوققىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قار لىنىيىسى شىمالدا 5500 مېتىر، جەنۇپتا 5800 مېتىر، ھازىرقى
زاماندىكى مۇزنىڭ ئەڭ تۆۋىنى 3900 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كەندا قىر تېغى، زەرد-
زىندون تېغى، قارا يادراق تېغى، پەل تېغى، ئاققاز تېغى ۋە راسكام تېغى قاتارلىقلار بار.
ئېگىزلىك بىلەن تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا ئېدىرلىق، ئويمانلىق ۋە جىلغىلار شەكىلـ
لەنگەن بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن تاشقورغان ئېدىرلىقى، ۋاچا - بەلدىر ئېدىرلىقى ۋە
تاغارما ئويمانلىقى بار. تاشقورغان ئېدىرلىقى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن 4200 مېتىر-
غىچە ئېگىز تۇرىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن يېرى 120 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 7 كىلومېتىر كېلىـ
دۇ، تاشقورغان دەرياسى جەنۇپتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ يەر پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئاـ
ساسلىق چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بازىسى. ۋاچا - بەلدىر ئېدىرلىقى يەر شەكلى جەھەتتە
جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2910 مېتىردىن 3550 مېتىرغىچە ئېگىز
تۇرىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن يېرى 48 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 4 كىلومېتىر كېلىدۇ، ۋاچا دەرياسى
ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. تاغارما ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، شەرقىي
شىمالىي تەرىپى مۇز تاغ ئېتىكىگە تۇتىشىدۇ، غەربىي قىسمى سەرىقول تېغىغا تۇتىشىدۇ.
دېڭىز يۈزىدىن 3024 مېتىردىن 3163 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدۇ، يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە غەر-
بىي شىمالى ئېگىز، شەرقىي جەنۇبى پەس، تاغارما دەرياسى غەربىي شىمالدىن شەرقىي
جەنۇپقا ئويمانلىقتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئويمانلىق ئىچىدە ئارشاڭ كۆپ، بۇلاق سۈيى مول.
ئويمانلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ساسلىق بار.
ناھىيە تەۋەسىدە تارجىرالار كۆپ، ئاساسلىقلىرى: قوغشىلىق جىراسى، داتۇڭ جىراسى،
بۈرۈمسال جىراسى، مارياڭ جىراسى قاتارلىقلار، ھەممىسى تىك يار ۋە چوڭقۇر ھالدا بولۇپ،
ئىنتايىن خەتەرلىك.
**[تارىخىي تەرەققىيات جەريانى]** تاشقورغاننىڭ تارىخى ئۇزۇن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ
شۈەندى زامانىسىدىكى شېنجۆ 2-يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60-يىلى) قۇرۇلغان غەر-
بىي دىيار دۇخۇ مەھكىمىسى پامىر ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبىي، شىمالىدىكى رايونلارنى بىر
تۇتاش باشقۇرغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پامىر ۋە ئۇنىڭ ئەتـ
راپىدىكى قەبىلىلەر «قىرپاند بەگلىكى»نى قۇرۇپ، ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسىگە بىۋاستە قارىـ
غان، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئەلچى ئەۋەتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانـ
لىقلىرىغا سوۋغات سۇنۇپ تۇرغان. «قىرپاند بەگلىكى» تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ زامانىسىدىكى كەييۈەن يىللىرى (مىلادى 713-يىلىدىن 741-
يىلىغىچە) «پامىر بۇقالى» تەسىس قىلىنغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە چاغىتاي پادىشاھلىقىنىڭ


تەۋەلىكى بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجى 17 ـ يىلى (مىلادى 1660 ـ يىلى) جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان؛ چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (مىلادى 1759 ـ يىلى) سەرىقول 4 كەنتى قۇرۇلۇپ، بەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغان؛ گۇاڭشۇ 28 ـ يىلى (مىلادى 1902 ـ يىلى) پۇلى ۋازارىتى قۇرۇلۇپ، يەكەن مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان؛ 1912 ـ يىلى پۇلى ۋازارىتى پۇلى ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. مىنگو دەۋرىدە قەشقەر مەمۇرى باشلىق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋالى مەھكىمىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمە ۋە قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەئەللۇق بولۇپ كەلدى.

[كىلىمات ئالاھىدىلىكى] تاشقورغان سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغدىكى ئېگىز تاغلىق قۇرۇق سوغۇق كىلىمات رايونىغا تەۋە، بۇ يەردە سوغۇق، سۈرۈن دەپ 2 پەسىل ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ كىلىمات ئالاھىدىلىكى مۇنداق: تېمپېراتۇرا تۆۋەن، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، ھاۋا شالاڭ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، قىش كۈنى ئۇزۇن، ياز كۈنى قىسقا. ئەتىياز پەسلى بىلەن كۈز پەسلى ئۇلىنىپ كېلىدۇ، تاغ بىلەن جىلغىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى بىر قەدەر چوڭ. سوغۇق، سۈرۈن دەپ 2 پەسىلگە ئايرىشقا بولىدۇ. سۈرۈن پەسىلدىكى تېمپېراتۇرا 0℃ تىن يۇقىرى، ۋاقىت 228 كۈن (3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە)، سوغۇق پەسىلدىكى تېمپېراتۇرا 0℃ تىن تۆۋەن، ۋاقىت 137 كۈن (11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە) بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 3.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 10.6℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 4.1℃ ـ بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى 28.1℃، ھەر ئايدا كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى 14.9℃، كۈنلۈك ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا پەرقى 29.2℃ بولىدۇ. قىروسىز مەزگىل 112 كۈن، ئەڭ بالدۇر قىرو چۈشۈش 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدە بولىدۇ، قىرو چۈشۈشنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدە بولىدۇ. يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەرنىڭ توڭلاش ۋاقتى 256 كۈن، توڭلاشنىڭ ئەڭ قېلىنلىقى 173 سانتىمېتىر بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 67.6mm بولىدۇ، ھۆل-يېغىن كۆپىنچە 5 ـ 7 ـ ئايلارغا مەركەزلىشىپ، پۈتۈن يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ 54% نى ئىگىلەيدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز تۇرۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھۆل-يېغىن مىقدارىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھۆل ـ يېغىن كۆپىنچە، دېڭىز يۈزىدىن 3900 مېتىردىن 4900 مېتىرغىچە ئېگىز تۇرىدىغان ئېگىزلىكلەرگە مەركەزلىشىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە قار يېغىلىپ تۇرۇش ۋاقتى 24 كۈن بولىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 75 كۈنگە يېتىدۇ. قار يىغىلىپ تۇرۇش لىنىيىسى ئەتىيازدىن تارتىپ كۆتۈرىلىدۇ، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىز تۇرىدىغان ئېگىزلىك دەرىجىسىگىچە كۆتۈرىلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 1.8 مېتىر سېكۇنتتىن 2.1 مېتىر سېكۇنتقىچە بولىدۇ، شىۋىرغان سۈرئىتى 20 مېتىر سېكۇنتقا يېتىدۇ، يىللاردا غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. شامال كۈچى 7 ـ 8 بالغا، ئەڭ چوڭ شامال كۈچى 12 بالغا يېتىدۇ.

پۈتۈن ناھىيىنى يېرىم چۆل خاراكتېرلىك مۆتىدىل قۇرغاق كىلىمات رايونى، يېرىم چۆل

خاراكتېرلىك سوغۇق كىلىمات رايونى، يېرىم چۆل خاراكتېرلىك مۆتىدىل بەلۋاغ كىلىمات رايونىدىن ئىبارەت 3 كىلىمات رايونىغا ئايرىشقا بولىدۇ.

**[مىللەتلەر ۋە نوپۇسى]** ناھىيە بويىچە 12 مىللەت، 3350 ئائىلە، 21555 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 17621 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 82% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇيغۇرلار 1799 بولۇپ، 8% نى ئىگىلەيدۇ، قىرغىزلار 1276 بولۇپ، 6% نى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇ، شىبە، خۇيزۇ، جۇاڭزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، دۇڭشياڭ، ئۆزبېك، بەيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر 4% نى ئىگىلەيدۇ.



تاجىك مىللىتىنىڭ ئۆز تىلى ۋە يېزىقى بار، ئىشلىتىدىغىنى ئۇيغۇر يېزىقى، شېۋىسى سەرىقول شېۋىسى ۋە ۋاخان شېۋىسىدىن ئىبارەت. تاجىكلار ئىسلام دىنى(ئىسمائىلىيە مەزھىپى)غا ئېتىقاد قىلىدۇ.

**[مەمۇرى رايونلىرى]** تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە 10 يېزا، بىر مىللىي يېزا، 2 مەيدان، بىر بازار، 37 كەنت بار. يېزىلار تاغارما، تىزناپ، تاشقورغان، دەپتەر، ۋاچا، بەلدىر، مارياڭ، قوشمىلىق، داتۇڭ، بۇرۇمسال يېزىلىرى ۋە كۆكيار قىرغىز مىللىي يېزىسىدىن ئىبارەت، 2 مەيدان مازار نەسىللىك قوي خوجىلىقى ۋە بوزۇرداش چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت. بىر بازار تاشقورغان بازىرىدىن ئىبارەت.

**[ئاساسلىق بايلىقى]** تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول. ئاساسلىقى:

1 . سۇ بايلىقى: دەريالار ناھايىتى كۆپ. ئاساسلىقلىرىدىن زەرەپشان دەرياسى (يەكەن دەرياسى)ۋە تاشقورغان دەرياسىدىن ئىبارەت. ئاندىن قالسا، تاغارما دەرياسى، ۋاچا دەرياسى، مارياڭ دەرياسى، داتۇڭ دەرياسى، بۇرۇمسال دەرياسى، پىل دەرياسى بار. زەرەپشان دەرياسى كۆئېنلۇن تېغىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئېقىپ ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئۇزۇنسىغا ئۆتىدۇ، دەريانىڭ كەڭلىكى 200 مېتىردىن 300 مېتىرغىچە كېلىدۇ، دەريا چوڭقۇر، ئېقىشى تېز بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئېقىش مىقدارى 290 كۇبمېتىر سېكونت، ئەڭ چوڭ ئېقىش مىقدارى 2770 كۇبمېتىر سېكونت، ئەڭ كىچىك ئېقىش مىقدارى 41.5 كۇبمېتىر سېكونت، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى بىر مىلليارت 200 مىليون كۇبمېتىر كېلىدۇ. دەريا سۈيىنىڭ ئېقىش مىقدارى 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي ئېقىش مىقدارىنىڭ 55% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تارمىقى قورچىن دەرياسى ۋە شىمشال دەرياسىدىن ئىبارەت. تاشقورغان دەرياسى بولسا تاغدۇمباش دەرياسى ۋە قاراچۇقۇر دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. تاغدۇمباش دەرياسى خونجىراپ تېغىدىن باشلىنىدۇ. قارا چۇقۇر دەرياسى ۋاخجىروي تېغىدىن باشلىنىدۇ. تاشقورغان دەرياسى جەنۇبتىن شىمالغا ئېقىپ ناھىيىدىن ئۇزۇنسىغا ئۆتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 240 كىلومېتىر

(ناھىيە تەۋەسىدىكىسى 200 كىلومېتىر)، كەڭلىكى 60 مېتىردىن 100 مېتىرغىچە، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە، ئېقىش مىقدارى 2.7 كۇبمېتىر سېكۇنت، يىللىق ئېقىن مىقدارى بىر مىليارد 582 مىليون كۇبمېتىر كېلىدۇ. دەريا سۈيىنىڭ ئېقىش مىقدارىدا ئۆزگىرىش ناھايىتى زور بولىدۇ، قىشتا سۇ مىقدارى ئىنتايىن ئاز، يازدا سۇ مىقدارى كۆپ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردىكى سۇنىڭ ئېقىش مىقدارى يىللىق ئېقىش مىقدارىنىڭ 48% نى ئىگىلەيدۇ. دەريا سۈيىنىڭ مىقدارى كۆپ، ئېقىشى تېز بولغاچقا، غايەت زور ئېنېرگىيە بايلىقىغا ئىگە. تاشقورغاننىڭ سۇ بايلىقى مول بولۇپ، پايدىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

2. يەر ئىسسىقلىقى بايلىقى: ناھىيە تەۋەسىدە ئارشاڭ (مىنېرال بۇلاق) بىر قەدەر كۆپ، چوڭراقلىرى ياسبۇلاق ئارشىڭى، تاغارما ئارشىڭى، مارياڭ ئارشىڭى، دەپتەر ئارشىڭى، راسكام ئارشىڭى قاتارلىقلار. ياسبۇلاق ئارشىڭىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 72°C قا، ئېقىش مىقدارى 3.9 لىتىر سېكۇنتقا يېتىدۇ؛ تاغارما ئارشىڭىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 65°C، ئېقىش مىقدارى 2 لىتىر سېكۇنت؛ دەپتەر ئارشىڭىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 57°C، ئېقىش مىقدارى 1.2 لىتىر سېكۇنت كېلىدۇ. ھازىر تاغارما ئارشىڭىلا پايدىلىنىلىۋاتىدۇ، باشقىلىرىدىن تېخى پايدىلىنىلمىدى. ئارشاڭ سۈيى بىلەن يۇيۇنسا، رېماتىزىملىق بوغۇم ياللۇغى ۋە ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

3. يەر بايلىقى: ناھىيە بويىچە جەمئىي 288900 مو يەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 58900 مو بولۇپ، 20.4% نى ئىگىلەيدۇ، تېرىۋاتقا بولىدىغان بىكار يەر 230000 مو بولۇپ، 79.6% نى ئىگىلەيدۇ، 1000 مو ساسلىق بار. 7 خىل تۇپراققا بۆلۈنىدۇ، ئۇلار: تاغ ئېتىكىدىكى قوڭۇر كالتسىيلىق تۇپراق، ئېگىزلىك جىلغىلىرىدىكى چۆپلۈك تۇپراق، تاغ ئېتىكىدىكى كۆكۈش كالتسىيلىق تۇپراق، تاغ ئېتىكىدىكى قوڭۇر تۇپراق، ئېگىزلىك جىلغىلىرىدىكى ساسلىق تۇپراق، ئېگىز تاغدىكى چۆل تۇپراق، سوغۇق چۆل تۇپراقتىن ئىبارەت.

ناھىيە بويىچە جەمئىي 6 مىليون 91 مىڭ مو ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئوتلاق 5 مىليون 958 مىڭ مو بولۇپ، 97.6% نى ئىگىلەيدۇ، سۈنئىي ئوتلاق 133000 مو كېلىدۇ. 358.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئوتلاق يوللىرى ياسالدى. ئوتلاقلار قىشلىق، ئەتىيازلىق ئوتلاق، يازلىق، كۈزلۈك ئوتلاق، ياخشىلانغان ۋە سۈنئىي ئوتلاقتىن ئىبارەت 3 خىلغا ئايرىلىدۇ.



4. جانلىقلار بايلىقى: ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى ئىچىدە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، يالىڭاچ ئارپا، كۆك پۇرچاق، كۆممە قوناق، قىچا، زىغىر، دادۇر،

تېرەك، يانتۇ، شال، تاۋۇز، قوغۇن قاتارلىقلار بار؛ مېۋىلىك دەرەخلەردىن شاپتۇل، ئۆرۈك، ئامۇت، ئالما، ياڭاق، جىگدە قاتارلىقلار بار؛ دەرەخلەردىن تېرەك، سۆگەت، توغراق، ئارچا، قارىغاي، قېيىن قاتارلىقلار بار؛ دورا-دەرمەكلەردىن پامىر قار لەيلىسى، ئەنجىلىك ئوت، چاكاندا، تۆگە قۇيرۇق، قىزىل قانتېپەر، تورسۇلداق، داڭگۇي، ياۋا زىرە، مەرزەنجۇش، قورۇمۇت قاتارلىقلار بار؛ ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن بىدە، سېرىق بېدە، سېرىق قاشقا بېدە، ئاق قاشقا بېدە، بۇزلانچ، نوختەك، ياۋا پۇرچاق، ياۋا بۇغداي، ئارپا ئوت، ئالا بوپۇرماق، پىچان، قىياق، شىۋاق، چىغ، چېكەتماق قاتارلىق ھەرخىل پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ۋە غوللۇق ئائىلىسىدىكى ئوت-چۆپلەر بار.

ھايۋاناتلاردىن ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرى ۋە ياۋايى ھايۋاناتلار بار. ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىدىن كالا، قوي، ئۆشكە، قوتاز، ئات، ئېشەك، تۆگە، توخۇ، كەپتەر قاتارلىقلار بار؛ ياۋايى ھايۋاناتلار ئىچىدە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن يىلپىز، بۆرە، تۈلكە، قۇلان، ياۋا تۆگە، سارغۇچ ئۆشكە، ئېيىق، سۇغۇر، ياۋا توشقان، ئارقار قاتارلىقلار بار؛ ئۇچار قاناتلاردىن لاچىن، قارچىغا، بۈركۈت، سار، شۇڭقار، كەكلىك، پاختەك، ئۇلار، قىرغاۋۇل، سېرىق تۇرنا ۋە ھەر خىل تاغ قۇشقاچلىرى بار؛ سۇدا ياشايدىغان ھايۋاناتلاردىن چوڭ باشلىق بېلىق، خاس كالپۇكلۇق بېلىق قاتارلىقلار بار. داڭلىق پامىر ئارقىرى (چوڭ باشلىق قويى) نىڭ ئادەتتىكى تەن ئېغىرلىقى 100 كىلوگىرامدىن ئارتۇق بولۇپ، گۆشى سېمىز، تېرىسىدىن كۆن-خۇرۇم ئىشلەشكە بولىدۇ. ئۇ، دۇنيا بويىچە ئاز تېپىلىدىغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەۋقۇلئاددە ئۇچار قانات ئۇلار دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن 5000 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان قارلىق تاغدا ياشايدۇ، ئۇنىڭ گۆشى مېزىلىك، ئوزۇقلۇق تەركىۋى ئىنتايىن مول بولۇپ، قىممەتلىك، ئاز تېپىلىدىغان دورا-دەرمەك ھېسابلىنىدۇ.

ناھىيە بويىچە جەمئىي 16600 مو ئورمان بار، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئورمان 8700 مو بولۇپ، 52.4% نى ئىگىلەيدۇ، سۈنئىي ئورمان 7900 مو، پارچە-پۇرات قويۇلغان دەل-دەرەخ 2447700 تۈپ كېلىدۇ. تەبىئىي ئورمان ئاساسلىقى تاشقورغان دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىنىدا ۋە شەرقىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان.

**[ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ]** تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئىگىلىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرىدىغان تەبىئىي ئىگىلىكتىن ئىبارەت. تەبىئىي شارائىت ناچار، قاتناش-ترانسپورت قولايسىز بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىلىغان تاۋار نىسبىتى بەكمۇ تۆۋەن بولۇپ كەلگەن ئىدى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ئەمەلىلەشىپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى ئىشقا سېلىنىدى، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1984-يىللىق سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 117 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 1983-يىلدىكىدىن 11.2% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چارۋىنىڭ 1984-يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى سانى 128800 تۇياق بولۇپ، 1949-يىلدىكى چارۋا ئومۇمىي سانىنىڭ 4.75 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى، 1983-يىلدى-

كىدىن 8.7% ئازايدى، چارۋىچىلىق ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 751 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 19.6% كۆپەيدى؛ دېھقانچىلىق ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى بىر مىليون 184 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 3.2% كەملىدى، ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 5 مىليون 930 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 4 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ 1983 ـ يىلدىكىدىن 11% كەملىدى؛ ياغلىق دان مەھسۇلاتى 24911 جىڭغا يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 58.3% كەملىدى.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز ئىدى، يېقىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان بىر قەدەر زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، 1984 ـ يىللىق سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى بىر مىليون 820 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 0.8% كۆپەيدى. ھازىر، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، قول سانائەت كوپىراتىپى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى، كىيىمچىلىك كوپىراتىپى، تۆمۈرچىلىك دۇكىنى قاتارلىق كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سودىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى، سودا تورلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، يېزا، مەيدانلارنىڭ ھەممىسى تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرىنى قۇردى؛ 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تاۋارلارنى سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈش سوممىسى 757 مىڭ يۈەن، تاۋارلارنى سېتىپ چىقىرىش سوممىسى 407 مىڭ يۈەن بولدى.

[ قاتنىشى ] تاشقورغان — قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ زۆرۈر ئۆتۈش يولى بولۇپ، قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ ھازىر، قەشقەر — تاشقورغان تاشيولى بار بولۇپ، ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 294 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاددىي تاشيول 873.6 كىلومېتىر كېلىدۇ، تاشيول كۆۋرۈكىدىن 14 ى بار، 9 يېزا (مەيدان) غا ئاپتوموبىل قاتنايدۇ. جۇڭگو — پاكىستان «دوستلۇق تاشيولى» دا ئاپتوموبىل قاتناشقا ئەگىشىپ، ئاپتوموبىللارنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلىرى «يىپەك يولى» دا تۈمەنلىگەن يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن «كارۋان قوڭغۇرىقى» نىڭ ئورنىغا دەسسىدى.

## تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى

1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق خاتىرە كۈنىدۇر، بۇ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى بولۇپ جەمئىي 3000 دىن ئارتۇق كىشى تەنتەنىلىك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. سائەت بىردە، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سەيدۇللا چوڭ يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ناداسى ئىچىدە، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاستا ئاستا كۆتۈرۈلدى، ھۆرمەت توپلىرى ئاتىلىپ شەھەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ياڭرىدى، رېتىملىـ

لىق مىللىچە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، جۈپ ــ جۈپ قىز ــ يىگىتلار ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، رەئىس مۇنبىرى ئالدىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئۇسۇل ئوينىدى، 4 نەپەر تاجىك قىز رەئىس مۇنبىرىغا چىقىپ، تاجىكلارنىڭ ئەڭ ئەنئەنىلىك مۇراسىمى بويىچە، مېھمانلار، ۋەكىللەرنىڭ مۈرىسىگە ئاق ئۇن ۋە ھەر خىل رەڭلىك قەغەزلەرنى چېچىپ، مېھمانلار، ۋەكىللەرنىڭ بەخت ــ ئامەتلىك بولۇشىغا ئەڭ سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

تەبرىكلەشكە كەلگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت باش كاتىۋى سايىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ــ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خواڭ باۋجاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ــ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ــ كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رۇستەم، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ۋەكىلى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مەسلىھەتچىسى تۇراق ئىسرايىل، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ۋە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى روزى موشۇر، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاسىمبەك، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى ماپىنجياڭ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھىدايەت، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە ــ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ، ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى زۇلال ياقۇپ ۋە ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئەزالىرى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ۋەكىللىرى يىغىننىڭ رەئىس مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالدى.

ھاكىم ئەبزەل خەلىل تەبرىكلەش يىغىنىدا ئالدى بىلەن سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، 30 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم ناھىيىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، يېڭى بىلەن كونىنى سېلىشتۇرغاندا، ئاسمان ــ زېمىن ئۆزگىرىشلەر بولدى، ھەر مىللەت خەلقى ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ياخشى بولۇشقا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ــ قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنى تېخىمۇ گۈزەل، باي قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىدى.

سايىر، خواڭ باۋجاڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق قاتارلىقلار ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ چوڭ يىغىندا سۆز قىلدى. ئۇلار ئاپتونوم ناھىيىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە خەلقنى، چېگرا مۇداپىئەسىنى ساقلاۋاتقان، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ۋە خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ بارلىق كوماندىر ــ جەڭچىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن سە-

مىسى ھال سورىدى. ئۇلار تاجىك خەلقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 30 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم ناھىيىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ياراتقان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىدى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قول تۇتۇشۇپ، مۈردىنى-مۈرىگە تىرەپ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنى، تېزدىن ئاۋاتلىشىپ قۇدرەت تېپىشنى ئۈمىت قىلدى.

ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سەيدۇللا جايلاردىن كەلگەن تەبرىك تېلېگراممىسى، تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ـ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار چوڭ يىغىنغا سوۋغا ۋە لەۋھە تەقدىم قىلدى.

ئاخىردا، تاشقورغان ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملاردىن 1983 ـ يىلى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي مۇسابىقىسىدا سەپ تۈزۈش تەلىم ـ تەربىيىسى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن مەلۇم پىيادە قىسىملار روتىسى ھەيۋەتلىك ھەربىي مۇزىكىسى ساداسى ئىچىدە سەپكە بۆلۈنۈش ئويۇنىنى كۆرسەتتى.

ئەتىسى، تەبرىكلەش پائالىيىتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12 دە، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاشيولدا، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئاممە ۋە ۋەكىللەر ناھىيە بويىچە مىسلىسىز كۆلەملىك ئۇسسۇرلەر ئات بەيگىسىنى كۆردى، ئات بەيگىسىگە تاللىنىشتىن ئۆتكەن، جەمئىي بەستلىك 56 نەپەر تاجىك، قىرغىز ئۇسسۇرماھىرلار قاتناشتى. چۈشتە، تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان ۋەكىللەر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، دەپتەر يايلىسىنى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ داڭلىق چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى بازىسى بولغان ناھىيىلىك قوي خوجىلىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە ئوتتا تولغان سۈنئىي ئوتلاقتىكى كىگىز ئۆيدە غىزالىنىپ، تاجىك مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل يېمەكلىكلىرىدىن ئىمىرىچىك، بوغۇرساق، پىششىق گۆش قاتارلىقلارنى تېتىدى. چۈشتىن كېيىن، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى ئوچۇقچىلىقتا ۋەكىللەرگە يېڭى قوراللار بىلەن قارىغا ئېتىش ماھارىتىنى كۆرسەتتى، جەڭچىلەرنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھەربىي تېخنىكىسى ۋەكىللەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى ئارال ئوتلىقىدا مىللىچە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى — ئوغلاق تارتىشىش ئۆتكۈزۈلدى.

8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن "ئاپتونوم ناھىيىنىڭ 30 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى" رەسمىي ئېچىلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت باش كاتىۋى سايىر لېنتا كەستى. (چىن چىيەنىڭ)

# سىياسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى

### جۇڭگو كومپارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى

شۇجى: جاڭ چىڭيۇن (1984 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋەزىپىدىن ئايرىلغان).
گو گاڭ (1984 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان).

مۇئاۋىن شۇجىلار: ئابدۇغوپۇر سىدىق، ياڭ جيەنجاڭ، تەلئۇالدى توختى.

ھەيئەتلەر: گو گاڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، ياڭ جيەنجاڭ، تەلئۇالدى توختى، ئىمىن توختى، ۋاڭ چۇنجاۋ، روزى ھوشۇر، ۋاڭ ۋېنچى، گوشىڭيەن، زەينىدىن ئۆمەر، ئىسمايىل ئەزىز (تاجىك).

كۆزەتكۈچىلەر: ئابدۇللا ئىسمايىل، تۇردى سوپى، لۇ ليەنكۇي.

باش كاتىپ: شىن ۋېيۇن.

### قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە

ۋالى: ئابدۇغوپۇر سىدىق.
مۇئاۋىن ۋالىلار: لى دېڭجيې، ئەيسا شاكىر، ئىسمايىل تەلئۇالدى، سەيدىخان بارات، لى دېخۇڭ.
نازارەتچىلەر: تالىپ داۋۇت، لۇجېنبىڭ، ئاليۇشىلىن.


جاڭ چىڭيۇن


گو گاڭ


ئابدۇغوپۇر سىدىق



ۋاڭ جيېنجاڭ



ئەلمۇالدى توختى



ئوسمان توختى



ۋاڭ چۈەنجاڭ



روزى ھوشۇر



ۋاڭ ۋېنچى



گو شېڭسەن



زەينەت ئۆمەر



ئىسمايىل ئەزىز



ئابدۇللا ئىسمايىل



تۇردى سوپى



لۇ لېيەنكۇي



لى دېڭجىي



ئىيسا شاكىر



ئىسمايىل تىلەۋالدى



سەيدىخان بارات



لى دېخۇڭ



تالىپ داۋۇت



لۇ جەنبىڭ



ليۇ شىلەن

## جۇڭگو كومپارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى

شۇجى: ئەمەن توختى (قوشۇمچە)
مۇئاۋىن شۇجىلار: يەن تىيەنچىڭ، نيۇ گورەن.
ھەيئەتلەر: ئەمەن توختى، يەن تىيەنچىڭ، نيۇ گورەن، پېڭ جېنجى، ليۇ خېچىڭ (ئايال)، ئابدۇرېھىم قۇربان، روزى كېرىم.
ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئىنتىزام تەكشۈرگۈچىلەر: لى جۈخې، ياسىن قارى ھاجى.

## ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەركەتلەرگە زەربە بېرىش پائالىيىتى ئىشخانىسى

مۇئاۋىن مۇدىر: شەن يۈلەي.

## ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى

شۆبە مەھكىمە باشلىقى: ئابدۇرېھىم قادىر.
مۇئاۋىن شۆبە مەھكىمە باشلىقلىرى: ۋاڭ يۈ، ئەبەيدۇللا تۇردى.
پارتگورۇپپا شۇجىسى: ۋاڭ يۈ

## قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى

مەھكىمە باشلىقى: روزى قاسىم
مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى: جياڭ شۈرېن، يەكيا ئوبۇلقاسىم، شا يۈۋېن.
پارتگورۇپپا شۇجىسى: جياڭ شۈرېن.

## جۇڭگو كومپارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئارماقلىرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

ئىشخانا
مۇدىر: شىن ۋېيۈەن (قوشۇمچە).
مۇئاۋىن مۇدىرلار: رەھمىتۇللا نىياز، جېڭ جىيۇ، ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا.
تەشكىلات بۆلۈمى

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىرى: جىن جۇدې (1984-يىلى 11-ئايدا ۋەزىپىدىن ئايرىلـ
غان)، ئابدۇرېھىم قۇربان، ۋۇ فېلى.

پىشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى:

ئىدارە باشلىقى: جاڭ شۆشىن.

تەشۋىقات بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى: لۇ مىڭجاۋ.

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: مامۇت ھوشۇر.

كادىرلارنى نەزەرىيە جەھەتتە تەربىيىلەش لېكتورلار ئۆمىكى

ئۆمەك باشلىقى: شۈن مىڭخۇي

بىرلىكسەپ بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى: ھىسامىددىن ئۆمەر

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: جاۋ شىخۇا.

يېزا خىزمىتى بۆلۈمى

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: جۇشياۋزۇ

مەسلىھەتچىسى: جىياڭ ۋېنفاڭ.

سىياسىي قانۇن كومىتېتى

شۇجى: تىلىۋالدى توختى (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن شۇجى: لىيۇ گېنچىڭ.

سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋۇجۈن، سۇلايمان ھابىل.

ۋىلايەتلىك ئورگانلار پارتكومى

شۇجى: لىيۇ خەيخۇڭ.

مۇئاۋىن شۇجى: ئۆمەر ئۇلۇق.

ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىنى تەكشۈرۈش كومىتېتى

شۇجى: ۋاڭ ۋېيشيەن.

ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى

مۇدىر: ۋاڭ ۋېنچى (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن مۇدىرلار: لى جۇڭچاۋ، شې لەيزۇڭ، ئېزىز سادىق، ئوسمان ھوشۇر، رېن دېچېڭ.

قەشقەر گېزىتى ئىدارىسى

باشلىقى: ئەن ۋېيگاڭ

مۇئاۋىن باشلىقى: نىياز جالالىدىن، ما چېڭجۇ.

باش مۇھەررىر: ئەن ۋېيگاڭ (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: نىياز جالالىدىن (قوشۇمچە)، چۇ يۈەنلياڭ

ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ:

مۇدىر: بارات يۇسۇپ.

مۇئاۋىن مۇدىر: مەھەممەت ئوسمان.

## قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت تارماقلىرى ھەمدە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

ئىشخانا

مۇئاۋىن مۇدىر: ئىمىنجان نىياز، لۇيۈن، مەخمۇت باقى، زوجېڭخۇا.

ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى

مۇدىر: لى دېڭجيې (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن مۇدىر: ئەخمەتجان ئالىم، گاۋ فېڭيۇ چېك جيافۇ

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: لى دېڭجيې

مۇئاۋىن شۇجى: ئەخمەتجان ئالىم

مال باھا باشقارمىسى

مۇئاۋىن باشلىقى خې شاۋۋۇ.

ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت

مۇدىر: پۇ جاۋشى.

مۇئاۋىن مۇدىر: ئابدۇكېرىم ئوبزارى، جۇشىنخۇي، ۋۇ دۇگفۇ ، ياۋ ۋېنجۈن.

باش ئىنژېنېر: گۇەن شىفىڭ.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: گوشىگىەن (قوشۇمچە).

مۇئاۋىن شۇجىسى: پۇ جاۋشى.

ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى.

مۇدىر : ئامەتجان بەكرى .

مۇئاۋىن مۇدىر : لى ۋېنسېن.

تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى

مۇدىر : ياڭ سېن

مۇئاۋىن مۇدىر: ئابلاجان داۋۇت، بارات قادىر.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: ياڭ سېن.

خەلق ئىشلار باشقارمىسى

باشلىقى : ئىبراھىم مەھەممەت.

مۇئاۋىن باشلىقى : شۇچېڭۋېن، تۇردى باقى.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: ئىبراھىم مەھەممەت.

جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى

باشلىقى : ليۇجىڭ .

مۇئاۋىن باشلىقى: مامۇتجان مەھەممەت، ليۇسىخەنى، ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: ليۇ جىڭ.

مۇئاۋىن شۇجىسى: قادىر ھوشۇر.

سىياسى باشقارما مۇدىرى: جاڭ ئەي.

ئەدلىيە باشقارمىسى

باشلىقى : ھاجى قۇربان.

مۇئاۋىن باشلىقى: ۋۇجۇ يۈن ، جاۋدىڭشەن ، ھوشۇر توختى.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى : ھاجى قۇربان .

مۇئاۋىن شۇجىسى: ۋۇجۇ يۈن.

دۆلەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى

باشلىقى: تۇرسۇن تۇردى.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: لەي جيەنشۈن.

ئەمگەك-كادىرلار باشقارمىسى (شتات كومىتېتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە )

باشلىقى : روزى كېرىم.

مۇئاۋىن باشلىقى: ۋاڭ شىڭرۇڭ.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: ۋاڭ شىڭرۇڭ.

تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغۇچى: خەن يەن.

مىللى، دىنى ئىشلار باشقارمىسى

باشلىقى: ئابدۇرشىت كېرىم.

مۇئاۋىن باشلىقى: ۋاڭ يۈڭچياڭ، مەھەممەت سايىم .

ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

مۇئاۋىن باشلىقى: ليۇچىمىڭ، ئابلىمىت ئوسمان.

مۇپەتتىش باشقارمىسى

باشلىقى: جاڭ جۇشيەن

مۇئاۋىن باشلىقى: چېن جيادىڭ ، ئىزىز مەھەممەت .

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: جاڭ جۇ شيەن.

مالىيە باشقارمىسى

باشلىقى: سۈي مىڭرېن .

مۇئاۋىن باشلىقى: ئەمەت ئىزىز ، گاۋدىڭسەن.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى:سۈي مىڭرېن.

تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغۇچى: ليۇشۇەنلى .

باج باشقارمىسى

مۇئاۋىن باشلىقى : ۋاڭ زۇڭشى، ئابدۇغوپۇر قۇربان ، مەھەممەت ئېلى ئاباق.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: ۋاڭ زوڭشى .

سودا باشقارمىسى

باشلىقى : شيۇڭ چۈەن.

مۇئاۋىن باشلىقى: ھەسامىدىن مامۇت ، خۇا فىڭپاۋ،

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى :شيۇڭ چۈەن.

تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلغۇچى: ئىزىز قاسىم

ئاشلىق باشقارمىسى

باشلىقى : شۈ جۇڭ.

مۇئاۋىن باشلىقى: تۇردى ھاجى، تۇمۇر مۇھەممەت (تاجىك)

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: شۇ جۇڭ.

دېھقانچىلىق باشقارمىسى

باشلىقى: تالىپ داۋۇت (قوشۇمچە)

مۇئاۋىن باشلىقى: خې خۇڭيىڭ، ئۆمەر ئابدۇللا، ئەن جىڭگو.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: تالىپ داۋۇت (قوشۇمچە)

ئورمانچىلىق باشقارمىسى

باشلىقى: ۋاڭ جيا رۇي.

مۇئاۋىن باشلىقى: چېن شيەنچېن.

چارۋىچىلىق باشقارمىسى:

باشلىقى: مەھەممەت ھامىت.

مۇئاۋىن باشلىقى: پېي شىنمىن، مەھەممەت قادىر.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: مەھەممەت ھامىت.

سۇ باشقارمىسى

باشلىقى: كەنجى ئىبراھىم.

مۇئاۋىن باشلىقى: شۇ شىنمىن، جىن جېنشېن، ئابدۇقېيۇم مەھەممەت.

پارتكوم شۇجىسى: شېن ئەنۋۇ.

مۇئاۋىن شۇجىسى: سەمەت ئىبراھىم.

تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلغۇچى: ئابباستىللا

شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسرات باشقارمىسى (خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)

مۇئاۋىن باشلىقى: كاڭ يۈەنچاڭ، ئىسمايىلجان تۇراپ، شۇ چاڭفۇ.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: كاڭ يۈەنچاڭ.

مەدەنىيەت، مائارىپ باشقارمىسى

باشلىقى: مەھەممەت ئىمىن ھەلىمدىن.

مۇئاۋىن باشلىقى: ئابدۇقادىر نەسرىددىن، ۋېي جۇڭ، ئابدۇرۇسۇل مەھەممەت.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: مەھەممەت ئىمىن ھەلىمدىن.

تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلغۇچى: يىن لىمىڭ، ئابدۇكېرىم باھاۋىددىن.

سەھىيە باشقارمىسى

باشلىقى: ئابدۇراخمان ئابدۇرەھىم.

مۇئاۋىن باشلىقى: سۇڭ خەيچېن، شىيا لىيەنچى.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: ئابدۇراخمان ئابدۇرەھىم.

تەنتەربىيە كومىتېتى

مۇدىر: ئېيسا شاكىر (قوشۇمچە).

مۇئاۋىن مۇدىر: مەھەممەت سىدىق ئابدۇللا، ئېزىز قادىر، جاڭ يۈمىڭ.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: ئېيسا شاكىر.

مۇئاۋىن شۇجىسى: گاۋ نېڭىمىڭ .

سودا سانائەتنى مەمۇرى باشقۇرۇش باشقارمىسى

باشلىقى: يەھيەجان بابايوپ .

مۇئاۋىن باشلىقى: شيۇلى شۇياۋ ، تۆمۈر قاسىم.

2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى

مۇئاۋىن باشلىقى: ئابدۇقادىر كېرىم، گاۋشىڭچى، ھېيىت مەھەممەت .

پارتگورۇپپا مۇئاۋىن شۇجىسى: ئابدۇقادىر كېرىم .

تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلغۇچى: ئىبراھىم ئىسمايىل.

يېزا-بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى

باشلىقى: مېي خۇا گۇي.

دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى

مۇئاۋىن باشلىقى: ۋاڭ جۇ ، تۇرسۇن ھوسۇيۇن .

**ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش كومىتېتى تەھرىر ئىشخانىسى (پارتىيە تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى يىغىش - توپلاش گورۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)

مۇئاۋىن مۇدىرى : لياڭ چاڭشۇڭ ، لۇ پېيتەن :

ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقارمىسى

مۇئاۋىن باشلىقى: شاۋ شۇچاڭ (1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان)، رەن ۋۇچۈەن، قۇربان ئىبراھىم.

ۋىلايەتلىك رادىيو، تېلېۋىزور ئىشلىرى ئىدارىسى

مۇئاۋىن باشلىقى: ياۋشى ، سىدىق ئاباخان، تاڭ خەيلۇڭ.

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: چۇ ۋەنچۈن.

پارتگورۇپپا مۇئاۋىن شۇجىسى: ياۋشى

ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى

باشلىقى: لوۋ فوگو.

مۇئاۋىن باشلىقى: قاسىم مەھەممەت .

پارتگورۇپپا شۇجىسى: قاسىم مەھەممەت.

ۋىلايەتلىك يەر تەۋرەش ئىشخانىسى

مۇدىر: جاڭ يۈگجىيەن .

ۋىلايەتلىك ماددى ئەشيالار شىركىتى .

مۇئاۋىن دىرېكتور: ئەبەيدۇللا سېيىت، شىي كېلى، ئابدۇرەھىم كېرىم.

پارتگورۇپپا شۇجىسى: ۋاڭ شۇيچاڭ.

تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلغۇچى: مۇسا سەمەت.

ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتى

دىرېكتور : سېيىت تۇردى .

مۇئاۋىن دىرېكتور: لياڭ شۇسىن.

پارتكوم شۇجىسى: لىياڭ چېڭدېيەن.

تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلغۇچى: ماجۇ شۆ.

ئاپتونوم رايونلۇق تەمنات-سودا كوپىراتىۋىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك باشقارمىسى

مۇدىر: لى گۆاڭچيەن.

مۇئاۋىن مۇدىر: لىياڭ ساڭزۇ، قۇربان ياسىن

پارتكوم شۇجىسى: ۋاڭ جيەنجۇڭ.

مۇئاۋىن شۇجىسى: لى گۆاڭچيەن، ئۆمەر توختى.

تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلغۇچى: مەھەممەت تۇرسۇن.

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قەشقەر باشقارمىسى

مۇدىر: ئوبۇل ھەسەن

مۇئاۋىن مۇدىر: گوئەيمىن، جوزېجۇڭ، ھەنىپە موللاق.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى

شۇجىسى: سۇلتان ئوسمان.

مۇئاۋىن شۇجىسى: مايىنشېڭ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى

مۇدىر: گۈلخان كەنجى.

مۇئاۋىن مۇدىر: تۇرسۇنئاي كېرىم (1984 - يىلى 11 - ئايدا ۋەزىپىدىن ئايرىلغان)، پاڭ مېيفې.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

رەئىس: تىلىۋالدى ھامىت.

مۇئاۋىن رەئىس: جاڭ زېن.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

مۇئاۋىن رەئىس: ئېزىز خۇدابەردى، جوگۇاڭخۇا، چى مىڭ.

(يۇقۇرقى ماتېرىيال 1984 - يىلى 3 - ئايدىن 1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە)

## ناھىيە (شەھەر) لەردىكى رەھبەرلىك ئاپارات ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

**قەشقەر شەھىرى**

شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى: جاڭ جېنۇۋ.

مۇئاۋىن شۇجىلىرى: شى چىڭبىڭ، تۇردى ئابدۇكېرىم.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تەۋەككۇل ھۇسەيىن.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ جېڭگو، ئابدۇكېرىم قاسىمھاجى، ئېلى ئىسلام، سەمەت مەخسۇم.

شەھەر باشلىقى: ئابدىقادىر چوڭ.

مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: ئابلەت مەمەت، فاڭزوڭشېڭ، لى شۈيى، ئىمىنجان بارات.

مەسلىھەتچى: ۋاڭ يىڭلىن، ئابدۇكېرىم ھۇسەيىن.

قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: كەنجى مەمەت.
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى شۇ، سۇ رۇڭچۈن، تۇردى ھاجى، توختى موللا، سەلەيدا موللا.
شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئايشەم ياسىن.
شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: قاسىم موللاق.
شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئىزىز ئىيسا.

## يېڭىشەر ناھىيىسى

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: چېن دېيىڭ.
مۇئاۋىن شۇجىلىرى: گوزېشىڭ، ئىمىن ھاشىم.
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەمەت ئۇرايىم.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: گو مىنجى، تاش پالتىۋ، ئەمەت روزى، تۇردى ئاۋۇت، زۇنۇن-مامۇت، لى جەلون.
ھاكىم: ياسىن ياقۇپ.
مۇئاۋىن ھاكىملار: ۋۇ فۇجېن، ئېلى مەمەت، ۋاڭ ۋېيمىڭ، غوجى مۇسا.
مەسلىھەتچى: تۇردى مامۇت، لى زېلىن.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: جۇ يېپۇ.
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئابدىرېشىت مەمەت، مەتئىمىن ئېلى، ئابدىراخمان توختىھاجى، سېيىت پالتۇ.
ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سېيىتنىسا زاھىت.
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇبۇل تاش.
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سابىر سايىم.

## كونىشەر ناھىيىسى

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: ياڭ جەنشى.
مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابدۇغوپۇر ئۆمەر، ۋاڭخېدىڭ.
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇغوپۇر ئۆمەر.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى شيەن، قاسىم ئابدۇللا، قاسىم ئىيسا، ئەمەت روزى.
ھاكىم: مامۇت ئىسمايىل.
مۇئاۋىن ھاكىملار: ليۇ پۇياۋ، ئابدۇكېرىم سەلەي، لى دېيەنچىڭ، ئەركىن ئىمىن.
سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: ئىسلام كېرىم.
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لو جىگيو، يۈسۈپ ئىمىن، مەشرەپ ساۋۇت، جياڭ يوڭخۇڭ، مەمەت ھاجى.
ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: كەم.
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: توختى مامۇت.
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: رازىق سۈپۈرگە.

## يېڭىسار ناھىيىسى

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: ۋاڭ شىڭجۇ.
مۇئاۋىن شۇجىلىرى: زىننەت تۆمەر، جاڭ گوپىڭ، روزى سابىر.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھېيت ساۋۇت.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جېڭ چېڭرۇي، ئىبراھىم ئېلى.
ھاكىم: ھامۇت ياقۇپ.
مۇئاۋىن ھاكىملار: زېڭ يۈيى، مەمەت ئىمىن، لى پېيۇن، مەمەت جورۇپ.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇغوپۇر زاكىر.
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جاڭ خۇيمىڭ، مەمەت ئىمىن قاراجى، قەمبەر خەلپە.
ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: روزى سابىر.
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: يۈسۈپ قادىر.
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مۇسا ھوشۇر.

**يەكەن ناھىيىسى**

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: چېن جېنچياۋ.
مۇئاۋىن شۇجىلىرى: سۈي ۋېنشياڭ، نەن ۋېنگې، توختى يۈسۈن ئابدىشاكىر.
ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدىقادىر ھاشىم.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سۇڭ سىيۇ، يۈسۈپ روزى، شۆخاۋۇرەن، مەخەت ساۋۇت، سىدىق تۇردى.
ھاكىم: مەخمۇت مەمەت.
مۇئاۋىن ھاكىملار: لى ماۋرېن، غوپۇر ھاشىم، سىدىق قۇربەك، جاڭ ۋېيلىن، سادىق جۇمە.
مەسلىھەتچى: پەن جېڭگو.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: قاسىم قاۋۇل
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئىسلام نىياز، مەمەت رېھىم، لى جيەنچېڭ، شۇدو، تۇرسۇنخان غوجى، ئابدۇۋەلى قاسىم، قادىر شېرىپ.
ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئايىمخان كېرىم.
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ھەسەن مامۇت.
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇراپ تۇردى.

**پوسكام ناھىيىسى**

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: يۈ جيالىڭ.
مۇئاۋىن شۇجىلىرى: جۇ مىڭفاڭ، قادىر ھەسەن.
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى مەمەت تۇردى.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئابلىز نىياز، جاڭ خۇيچيۇ، سۇلايمان ناسىر، ئايۇپ ئەلەمشا.
ھاكىم: سېلىم مانسۇر.
مۇئاۋىن ھاكىملار: جاڭ مىڭ، ئابلەت ناسىر، رازىق ھوشۇر.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: قاسىم غازى
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: قوشەن نىياز تۇردى، ئابلىز موللا.
ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى خۇيجۇ.
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇكېرىم داۋۇت.
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ھوشۇر مەمەت ئېزىز.

**قاغىلىق ناھىيىسى**

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: يۈەن ئەنچاڭ.
مۇئاۋىن شۇجىلىرى: لى گۇاڭيۇ، مەممەت ئوسمان.
مەسلىھەتچى: يۈ ۋېنلىن.
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇسايوپ.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى جيايىن، توختى ھاپىز، ئايتۇرا روزى.
ھاكىم: مەممەت ئەخلەت.
مۇئاۋىن ھاكىملار: ۋاڭ خېشياڭ، ئاينۇرا ھاپىز، شۇ باۋچاڭ، ئابدىرېشىت.
مەسلىھەتچى: فەن جىجياڭ.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇدىرى: مەتنىياز تۇردى.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سادىق ساۋۇت، نۇر قاسىم، ئەمەت ھاجى، ئابلىمىت ماۋۇت، ئابدىراخمان قۇددۇس.
ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئىسرائىل ئىسكەندەر.
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇردى سىدىق.
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ساۋۇت سىدىق.

**مەكىت ناھىيىسى**

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: لى كېيى.
مۇئاۋىن شۇجىلىرى: شېن چاۋرۇڭ، جۇمە ھېيت.
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇكېرىم روزى.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ھوشۇر قادىر، ئىيسا ئۇرايىم.
ھاكىم: ئوسمان قاسىم.
مۇئاۋىن ھاكىملار: پۇ جىخۇي، يۈ جياگو، تۇرغۇن موللاق، ئابلىز روزى.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: ئاۋۇت روزى.
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەمەت نىياز، نەزىر خەلپە.
ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئابدۇۋەلى ئاۋۇت.
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدىسەمەت بارات.
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئەخمەت مەخسۇت.

**يوپۇرغا ناھىيىسى**

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: سوپى روزى.
مۇئاۋىن شۇجىسى: خې جىسۇڭ.
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھوشۇر يۇنۇس.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سىدىق خۇدابەردى، ئابدىرېشىت مەشىق.
ھاكىم: ھۈسەيىن تاھىر.
مۇئاۋىن ھاكىملار: جاڭ فېڭ، ھوشۇر ۋەلى، ئابدىرېشىت ناسىر، گۇاڭ دېشىن.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: مەمەت نامەت.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: يۈسۈپ بەختى، زەمىن بارات، ئابلەت سايىت، ئابباس قازى.
ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئەخمەت خۇدابەردى.
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇرۇسۇل تۇرەك.
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇردى ھاجى.

**پەيزىۋات ناھىيىسى**

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: ليۇ يۇڭچاڭ.
مۇئاۋىن شۇجىلىرى: كوجىسۇڭ، مىجىت قاسىم.
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سايىت رەززاق.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جۇ زەيجى، ئابلەت ھەسەن، نۇرروزى بوۋاق.
ھاكىم: مامۇت ئىسمايىل.
مۇئاۋىن ھاكىملار: لۇ چىڭفاڭ، زۇنۇن ھوشۇر، ۋاڭ گۇيشىڭ، ياسىن ساۋۇت.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: لى باۋچېڭ.
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: سابىروپ، يۈسۈپ ياقۇپ، ئابدۇكېرىم ساۋۇت، داۋۇت ساۋۇت، ۋېن يىڭچۈەن (خۇيزۇ)
ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شۇخې.
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: يۈسۈپ مۇسا.
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: مەمەت روزى.

**مارالبېشى ناھىيىسى**

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: شۇ شياۋچېڭ.
مۇئاۋىن شۇجىلىرى: چېن خەنباڭ، ئۇرايىم باقى، ليۇ يۈەنشىن.
ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خۇدا - بەردى روزى.
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: چېن شىدۇڭ، سىدىق ئېيسا، نۇخان مەمەت.
ھاكىم: تۇرەك نۇرەك.
مۇئاۋىن ھاكىملار: ئابدىكېرىم يۈسۈپ، لۇچى، ئابدۇۋەلى ھەسەن.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: سادىق ھوشۇر.
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئابدىرېھىم قۇدرەت، سادىق ئەلەم.
ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: تۇرسۇن ساۋۇت.
ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: قاسىم ھاشىم.
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ساۋۇت قاسىم.

**تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى**

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: ئىسمايىل ئېزىز ( تاجىك )
مۇئاۋىن شۇجىلىرى: لى جۇباۋ، بەكرى مەلىبلى ( تاجىك )
ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سەيدۇللا بەيمەنەم (تاجىك)

# پارتىيە قۇرۇلۇشى

## ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئورگان ئىسلاھاتىنى ياخشى ئىشلەيلى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ياڭ جيەنجاڭ

ئورگان ئىسلاھاتى- يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى بىر قېتىملىق ئىنقىلاپ؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىشى، ياشلىشىشى، بىلىملىشىشى، كەسپىيلىشىشى— ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجى. شۇڭلاشقا، مەركەزنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئورگان ئىسلاھاتىنى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش، سەپلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش— سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا زور ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەشقەر ئۇيغۇرلار گەۋدە قىلىنغان كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان ۋىلايەت، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىنىڭ يېشى چوڭراق، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، كەسپىي بىلىمى ئازراق، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئىنتايىن ماسلىشالمايدۇ، مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇش، يېڭى، كونا كادىرلارنىڭ ھەمكارلىشىشىغا ۋە ئالمىشىشىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مەركەزنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋە كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، 1983-يىلى 5- ئايدىن 1984- يىلى 7- ئاي-

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى جىڭيا، توختى بوز (تاجىك)، دۇردانە (ئايال، تاجىك)، ئابدۇقادىر موللاق (قىرغىز)

ھاكىم: ئەبزەل خەلىل (تاجىك).

مۇئاۋىن ھاكىملار: ئاخۇن باي (تاجىك)، ياڭ شۇلۇن، ئابلىمىت ھاجى.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى: كەم.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: گىمىندىك (ئايال، تاجىك)، باياك ( تاجىك )، خەسدىرگەن (تاجىك)، شاخۇدا بەردى (تاجىك).

ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: قارى كاباي ( تاجىك).

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:

ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:

( يۇقۇرقى ماتېرىيال 1984 - يىل 3 - ئايدىن 1984 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ماتېرىيال)

( ۋاپات بولغانلار 1985 - يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىندى )

( تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى 1985 - يىل 3 - ئايدا سايلاپ چىقىلدى).

نىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك ئورگان ئىسلاھاتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىنى تەڭشەش، سەپلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى. بۇ قېتىمقى ئورگان ئىسلاھاتى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىنى سەپلەش داۋامىدا، تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلدۇق: ① بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىقتىدارلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، زىيالىيلارنى دادىل ئۆستۈردۇق، ئەتىۋارلىدۇق؛ ② "سالاھىيەت سۈرۈشتە قىلىش" ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، ئىختىساسلىقلارنى دەرىجە ئاتلىتىپ ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلدۇق. ③ پارتىيىۋىلىكتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەپبازلىققا قارشى تۇرۇپ، كادىرلارنى "4 لەشتۈرۈش" فاڭجېنىغا ئاساسەن، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈردۇق. ④ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنىدىنلا كادىر ئۆستۈرۈشتەك كونا رامكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىختىساسلىقلارنى تاللاش نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتۇق؛ ھەر قايسى سەپ، ھەر قايسى كەسىپلەردىن كادىر تاللاپ ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلدۇق. ⑤ سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىش ۋە قول سانائەت شەكلىدىكى كادىر تاللاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاممىۋى ئۇقتۇرۇش، كېڭەش تېپىشتىكى سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش، خەلق رايىنى سىناش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، تەكرار غۇلغۇلا قىلىپ، ئاممىۋى لۇشيەندە تولۇق مېڭىپ، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇپ، كۆرسىتىش بىلەن تەشكىل تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈردۇق.

ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزە ئورگان ئىسلاھاتى داۋامىدا تەڭشىلىش، سەپلىنىش ئارقىلىق، ئادەم سانى جەھەتتىن ئازايدى، ئوتتۇرىچە يېشى تۆۋەنلىدى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرىلىدى، ئىنقىلابىيلىشىش، ياشلىشىش، زىيالىيلىشىش، كەسىپلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىيلىرى ئەسلىدىكى 22 دىن 10 كىشىگە ئازايدى، يەنى 1.1 ھەسسە ئازايدى. ئوتتۇرىچە يېشى ئەسلىدىكى 56.5 دىن 50.5 ياشقا چۈشتى، بۇرۇن ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىدە كادىر يوق ئىدى، ھازىر 20% نى تەشكىل قىلدى.

ۋىلايەت بويىچە 143 ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن ۋە تارماق بار. سەپلەنگەن ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 539، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 291 بولۇپ، 54% نى ئىگىلەپ، ئەسلىدىكىدىن 12.4% كۆپەيدى. ئوتتۇرىچە يېشى ئەسلىدىكى 53.1 دىن 47.8 گە چۈشتى، يەنى 5.3 ياش تۆۋەنلىدى. ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 22.6% گە يۇقىرىلىدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 30.1% گە يۇقىرىلىدى.

ئورگان ئىسلاھاتى ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ يېشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەركەزنىڭ تەلىپى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۆلچىگەندە، ناھايىتى زور پەرق بار. بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىدىيىدە داۋاملىق ئازات بولۇپ، تۈرلۈك كونا ئادەتلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى دەۋردىكى ئادەم ئىشلىتىش يولىنى

ئەمەلگە قويۇپ، بىلىمگە، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىپ، "4لىشىش" تەلىپىگە ئۇيغۇن، ھەقىقىي ئىقتىدارى بار، ئەمەلىي بىلىمى بار، يېڭىلىق يارىتىش روھى بار مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى دادىل ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش لازىم.

[ئورگان ئىسلاھاتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش] قەشقەر ۋىلايىتىدە ئورگان ئىسلاھاتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەش خىزمىتى 1983-يىلى 5-ئايدا باشلىنىپ، 1984-يىلى يىل ئاخىرىدا ئاخىرلاشتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىك بەنزىسىگە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى، ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ جەمئىي 10 كىشى سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 5 كىشى، 50% نى ئىگىلىدى؛ ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر)لىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش ۋە پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 41 خىزمەت تارمىقى، ۋىلايەتنىڭ 5 خەلق تەشكىلاتى ۋە 49 بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلاردىن جەمئىي 539 نەپەر كادىر سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 291 نەپەر بولۇپ، 54% نى ئىگىلىدى؛ يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلاردىن 4262 نەپەر كادىر سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 2452 نەپەر بولۇپ، 57.5% نى ئىگىلىدى.

بۇ قېتىمقى ئورگان ئىسلاھاتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەش خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)لىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملاردا ئايرىم ھالدا ئورگان ئىسلاھاتى ۋە كادىر ئورۇنلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئەمەلىيەت چىقىش قىلىنىپ، قانات يايدۇرۇلغان بۇ خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى، قەدەم باسقۇچى ۋە ئۇسۇلى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە ئورگان ئىسلاھاتى خىزمىتى ئاساسەن ئاۋۋال ۋىلايەت دەرىجىلىكلەرنى، كېيىن ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكلەرنى، يەنە يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىكلەرنى، ئاۋۋال پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىنى، كېيىن كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، جايلار ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، ئورگان ئىسلاھاتىغا كومۇنا بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىش، كارخانىلارنى رەتلەپ سىلىش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى زىچ بىرلەشتۈردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئورگان ئىسلاھاتى داۋامىدا، پارتىيىنىڭ فاكچېن، سىياسەتلىرى ئارقىلىق كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيەسىنى بىرلىككە كەلتۈردى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ ئەھمىيىتى، مەقسىدى، يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە تۈرلۈك فاكچېن، سىياسەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، مەركەزنىڭ رەھبەرلىك بەنزە ۋە كادىرلار قوشۇنىنى «4لەشتۈرۈش» توغرىسىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، سىياسىي ئۆتكەل، ياش ئۆتكەللى قاتتىق ئىگىلەندى، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇلدى، دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىگە كەڭ تۈردە قۇلاق سېلىندى، كادىرلارنى تەشكىلىي جەھەتتىن

تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەندى، شۇنىڭ بىلەن، ئورگان ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەمدە ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ياش، مەدەنىيەت، كەسىپ قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەم ئالغا باستى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىيلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 50.6 بولۇپ، ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 6 ياش كىچىكلىدى. بۇرۇن ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىر يوق ئىدى، ھازىر 2 بولدى، بۇ 20% نى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت بويىچە، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 47.8 ياش بولۇپ، ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 5.3 ياش كىچىكلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 45 ياشتىن تۆۋەن كادىرلار ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 1.4 ھەسسە كۆپەيدى، 56 ياشتىن يۇقىرى كادىرلار ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 42.4% ئازايدى. ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلار ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 1.1 ھەسسە كۆپەيدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم (تولۇق ئوتتۇرا) مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلار ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 18.3% كۆپەيدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلار ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 11.8% ئازايدى. يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 44.2 ياش بولۇپ، تەڭشەشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 1.9 ياش تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېشى 45 ياشتىن يۇقىرى كادىرلار ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 13% ئازايدى. يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلار ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 69% كۆپەيدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم (تولۇق ئوتتۇرا) مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلار ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىدىن 40.2% كۆپەيدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلار ئىسلاھاتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 10.6% ئازايدى. بىر تۈركۈم سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سىياسىي-قانۇن، مالىيە - سودا قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەسپىي بىلىمى بار، كەسپىنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق مۇنەۋۋەر كادىرلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىگە كىردى، دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ھالدا رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسى ئۆزگەردى. (ساۋسۇڭپىڭ)

**[ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق خىزمەتلەر ]** ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھۆججەتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ باردى، پارتىيە ئەزالىرىنى يىغىپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش، نەزەرىيە تايانچلىرىنى تەربىيىلەش، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى بېسىپ تارقىتىش، "3 يىغىن 1 دەرس" تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر-

نى قوللىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى پارتىيىنىڭ 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارار ۋە پارتىيە-نى تەرتىپكە سېلىشقا دائىر باشقا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، ئەمەلىيەتكە باغلاپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن مۇھاكىمە قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتتى، شۇ-نىڭ بىلەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى يېڭى بىر پەللىگە كەلدى، مەركەز بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەك بولۇش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى ۋىلا-يەت بويىچە جەمئىي 43405 نەپەر پارتىيە ئەزاسى تەربىيىلەندى، بۇ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 65.1% ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزا-لىرى 40858 نەپەر بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 6.91% ىنى، تەربىيىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 94.1% ىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىشلەپچىقى-رىشتىن ئايرىلماي تەربىيىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرى 37217 نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 55.8% ىنى، تەربىيىلىنىشكە قاتناشقان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 85.7% ىنى ئى-گەللەيدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىگە ئائىت يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە مەملىكەت-لىك ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، پارتكوملار رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى توغرا ئىگىلىدى، مۇھىم نۇقتىنى سانائەت، قاتناش، مالىيە، سودا سىستېمىسىنىڭ 1 ـ سەپتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ياش دېھقانلار، زىيالىيلار ۋە ھەر خىل كەسپىي تېخنىك خادىملار ئۈستىگە قويدى. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، 1984 ـ يىللىق پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇ-رۇش خىزمەت پىلانىنى تۈزدى. ئاكتىپلار ۋە كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەر-بىيىلەش، يېتىشتۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوبيېكتلىرىنى تاللىدى، قەتئىي تۈردە پارتىيە نىزامنامىسى بويىچە ئىش كۆردى، پار-تىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەتتى، يېڭى پار-تىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. 1984 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 1260 نەپەر پارتىيە ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزا-لىرى 70.7% نى، 45 ياشتىن تۆۋەن ياش، ئوتتۇرا ياش پارتىيە ئەزالىرى 89.5% نى، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكلار 33.3% نى، ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان يې-ڭى پارتىيە ئەزالىرى 38.7% نى ئىگىلەيدۇ.

1984 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا كوممۇنا بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىۋېتىش، يېزى-لىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەمۇرىي كەنت قۇرۇش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا پارتىيە قۇ-رۇلتىيى ۋە كەنت پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، يېزا، كەنت ھاكىمىيەت ئورگىنىدا پارتىيە-نىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 133 يېزىنىڭ ھەممىسىدە يېزىلىق پارتكوم قۇرۇلدى. 2823 مەمۇرىي كەنتتە ئايرىم-ئايرىم ھالدا پارتىيە ياچېيكىسى

قۇرۇلغىنى 35، پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغىنى 1945، پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلغىنى 593، يېزا، كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشكىلىي جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئورگان ئىسلاھاتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىنى تەڭشەش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئايرىم-ئايرىم ھالدا دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى، پارتىيە ئىچىدە تەنقىت، ئۆز-ئۆزىنى تەنقىتنى قانات يايدۇرۇش يىغىنى ئاچتى، خىزمەت ئىستىلىنى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى بەرزە ئىندىيە، خىزمەت ۋە ئىستىل جەھەتلەردە يېڭى كەيپىيات ياراتتى. 1984-يىلى 10-ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ج ك پ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى چاقىرىپ، دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ھەققىدىكى پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تارقاتقانلىقى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى نورماللاشتۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئالدىنقى يىللاردا قانات يايدۇرۇلغان «قوش باھالاش» پائالىيىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسىنى باھالاش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. 1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە 176 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى باھالاندى، بۇ، پارتىيە ياچېيكىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 4.2 % نى ئىگىلىدى. مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىدىن 2267 سى باھالىنىپ، ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 3.4% نى ئىگىلىدى.

پارتىيە قوشۇنىنى پاكلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە «3خىل ئادەم»لەرنى تازىلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك پارتكوملار ئايرىم-ئايرىم ھالدا «3خىل ئادەم»نى ئېنىقلاش-تازىلاش ئورگانلىرىنى قۇردى. ئورگان ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىكى «3خىل ئادەم»لەرنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بىلەن قارشىلاشقان ۋە ئېغىر ھالدا قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ مەسىلىسىمۇ تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى. (ساۋسۇڭپىڭ)

**[ 3-سەپ قۇرۇلۇشى ]** 1984-يىلى ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملار ئورگان ئىسلاھاتى ۋە رەھبەرلىك بەنزىنى تەڭشەشكە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلارنى ئۈستۈرۈش ۋە 3-سەپ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3-سەپ قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئۆستۈردى، «سالاھىيەت سۈرۈشتۈرۈش» تىن ئىبارەت كونىراپ كەتكەن ئۇقۇم-نەزەرلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تالانتلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كەڭ ئېچىپ، ياش، ئوتتۇرا ياش

كادىرلارنى تەكشۈرۈش، يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ 3- سەپ قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى. دەسلەپكى قەدەمدە بەلگىلەنگەن زاپاستىكى كادىرلارنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا مۇنتىزىم تەربىيىلەش قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش، ۋەزىپە بەلگىلەپ بېرىش، زىممىسىگە مەسئۇلىيەت ئارتىش، كونا كادىرلار ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى سۈپىتى، مەدەنىيەت كەسپى سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتەردى.

**[كادىرلارنى تەربىيىلەش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەشنىڭ مۇنتىزىملىشىشى]** مەركەزنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەشنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، ۋىلايىتىمىزدىكى كادىرلارنىڭ سىياسى ۋە مەدەنىيەت سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 1984- يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملار كادىرلارنى تەربىيىلەش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا كادىرلارنى تەربىيىلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى قۇردى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەت بويىچە كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى، ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى، ئالماشتۇردى، ۋىلايەت بويىچە كادىرلارنى تەربىيىلەشنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ۋە كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1984- يىلى 10- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايىتىمىزدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەش بازىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984- يىلدىن 1990- يىلغىچە كادىرلارنى تەربىيىلەش گۈيخۇاسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى»نى تۈزۈپ چىقتى. 1990- يىلغا بارغاندا ۋىلايەت بويىچە خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزملىق پەلسەپە، سىياسى ئىقتىسات، ئىلمىي سوتسىيالىزم، جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخى، مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللى سىياسەت بولۇپ 5 سىياسى نەزەرىيە دەرسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ھازىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلار ۋە ئەمەلىي سەۋىيىسى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەن كادىرلار 1986- يىلنىڭ ئاخىرىسىدىن بۇرۇن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەدەنىيەت دەرسىنى ئوقۇپ بولۇش، 1990- يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يېتىش، 1990- يىلغا بارغاندا، بارلىق ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي سەۋىيىگە يېتىش، 30%- 25 كىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكوم سەۋىيىسىگە يېتىش؛ ھەر خىل كادىرلار ئۆزىنىڭ كەسپىي بىلىملىرى ۋە تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگەللەش، رەھبىرىي كادىرلار ئىلمىي ئۇسۇلدا رەھبەرلىك قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگەللەۋېلىشى، باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم، يۇقىرىدىكى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم قەشقەر مائارىپ ئىنىستى-

ئېچىۋەتتى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى ۋە 6 ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشىدى، تەشكىلىنى مۇكەممەللەشتۈردى، رەھبەرلىك كۈچىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ۋىلايەت، ناھىيە(شەھەر) لىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشىدى، تولۇقلىدى، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنى سەپلەپ بەردى، مەكتەپنىڭ ياتاق، ئۆي، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تۈزەتتى. ھەر خىل ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى، ماتېرىياللارنى ۋە كىتاب-ژۇرناللارنى سېتىۋالدى، ئوقۇتۇش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى. 1984-يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئاشۇرۇش سىنىپى ئېچىپ، مىللىي، خەنزۇ ھەر قايسىسىدىن 40 تىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئىجتىمائىي پەن ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئاچتى. جەمئىي 76 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ۋىلايەت بويىچە ئاپتونوم رايونغا، ئىچكىرىگە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە ھەمدە باشقا ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن كادىرلار جەمئىي 82 كىشى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 66 كىشى. (ساۋسۇگېڭ)

**[پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش]** ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى ئەستايىدىل تازىلاپ، زىيالىيلارغا ۋە بىلىمگە بولغان تۈرلۈك بىر تەرەپلىمە خاتا قاراشلىرىنى تۈزەتتى، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، زىيالىيلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش، «4 لەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلىسى قىلىپ تۇتۇپ، زىيالىيلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ ئىشقا سالدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە يېڭى پارتىيە ئەزاسىدىن 487 نەپىرى قوبۇل قىلىنىپ، 1983-يىلدىكى ئوخشاش ئىچىدىكى يېڭى پارتىيە ئەزالىرىدىن 151% كۆپەيدى؛ ھەر خىل كەسىپتىكى تېخنىكلىق خادىملاردىن 420 كىشى يېڭىدىن پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى، بۇ، 1983-يىلدىكى شۇ تىپتىكى پارتىيە ئەزالىرىدىن 67.3% ئارتۇق؛ يېڭى ئۆستۈرۈلگەن ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك كادىرلار 471 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىكلەر 110 نەپەر، يېزا دەرىجىلىكلەر 361 نەپەر؛ ئىنژېنېرلاردىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك كادىرلار 199 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 64 نەپەر، يېزا دەرىجىلىك كادىر 135 نەپەر، زىيالىيلارنىڭ ئەرز-ھال ئېيتقان خەت-چەكلىرىدىن 1151 پارچە (قېتىم) بىر تەرەپ قىلىندى، ئەر-خوتۇن ئىككى ئايرىلىق بولۇپ قالغان 218 ئائىلىلىك زىيالىينىڭ خىزمىتى تەڭشەلدى، 265 نەپەر زىيالىينىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، خىزمىتى كەسپىگە ماس كەلمىگەن زىيالىيلارنىڭ خىزمىتى تەڭشەلدى، بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ ئۆيى كۆپەيتىپ بېرىلدى، داۋالاش، سالامەتلىك ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، زىيالىيلارغا ئومۇ-

مېيۇزلۇك تۇراقسىز مائاش، زىيالىيلار ياردەم پۇلى، كىتاب-ژۇرنال ياردەم پۇلى ۋە باشقا تەمىناتلار ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، زىيالىيلارنىڭ مائاش، تۇرمۇش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. (ساۋ سۇكۈيلىڭ)

**[ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ دەم ئالغان، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش]** 1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە دەم ئېلىشقا چىقىش، پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن كادىرلار 1146 كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، پېشقەدەم كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش-باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملار پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، رەھبەرلىك ۋە خىزمەت خادىملىرىنى سەپلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم 1984-يىلى 10-ئايدا ۋىلايەت بويىچە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى چوڭ دەرىجىدە تەكشۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەركەز ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ سىياسىي تۇرمۇش تەمىناتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى، دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۇرمۇش بازىسى قۇرۇلۇشى تۇتۇلدى. پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۇرار جايى ئاساسەن ھەل قىلىندى، نۇرغۇن ناھىيىلەر پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت ئورنى قۇردى. پائالىيەت سايمانلىرىنى سېتىۋالدى، بايراملاردا پېشقەدەم كادىرلاردىن ھال-سوراش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى، ۋىلايەت ۋە بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لەر پېشقەدەم كادىرلارنى ئىچكىرىگە ۋە شىمالىي شىنجاڭغا داۋالىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئەۋەتتى، ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پېشقەدەم كادىرلار كېسەلخانىسى (ئۆيى) قۇردى، ئالاھىدە ئامبۇلاتورىيە تەسىس قىلدى، بىر قىسىم پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تەن سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، پېشقەدەم كادىرلارغا ئالاھىدە لازىملىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەش كېنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئاپتوموبىل ئىشلىتىش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. (ساۋ سۇكۈيلىڭ)

**[تەشكىلات، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى]** مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، «ئاز باشقۇرۇش، ياخشى باشقۇرۇش، جانلىق باشقۇرۇش» دېگەن پرىنسىپ بويىچە، 1984-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا ۋىلايەتلىك پارتكوم باشقۇرغان يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى بىر دەرىجە تۆۋەن پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى، ۋىلايەتلىك پارتكوم باشقۇرىدىغان كادىرلار بۇرۇنقى 2700 دىن ئارتۇق ئادەمدىن ئازىيىپ 800 نەچچىگە چۈشتى. ناھىيە، شەھەرلىك پارتكوملارمۇ بىر قىسىم كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇق چېكىنى تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا چۈشۈرۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم

ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق زاۋۇت، كان، كارخانا ئورۇنلىرىدىمۇ پەقەت زاۋۇت باشلىقى ( دىرېكتور ) نىلا ۋەزىپىگە تەيىنلەش، قالغان رەھبەرلەرنى زاۋۇت باشلىقى(دىرېكتور) ئۆزى قارار قىلىش، زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) نى ئاممە دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاش، كارخانىلارنى قەشقەر شەھرىگە تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىش ۋە كارخانىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرىنى ئاشكارا تەكلىپ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، زاۋۇت، كان، كارخانا كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ قىلدى. ( ساۋ سۇڭپىڭ )

[ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىۋى ] قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىۋى قەدىمىي شەھەر قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي تەۋەسىدە، قەشقەر مېھمانخانىسى بىلەن خوشنا جايلاشقان. بۇ مەكتەپ ئەسلى جەنۇبىي شىنجاڭ كادىرلار مەكتىۋى بولۇپ، 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىۋىنىڭ قەشقەر شۆبىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1959 - يىلى 2 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىيە مەكتىۋى بىلەن سابىق ۋىلايەتلىك پارتكوم كادىرلار مەكتىۋى بىرلەشتۈرۈلۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى پارتىيە مەكتىۋى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ يەردە رەتلىك ۋە يۈرۈشلەشكەن مەكتەپ ياتاقلىرى، كۈچلۈك ئوقۇتۇش قوشۇنى ۋە يېتەرلىك كىتاپ-ماتېرىياللار بار. ئۇزاقتىن بۇيان ئىزچىل تۈردە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم بازىسى بولۇپ كەلدى. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق داۋامىدا، پارتىيە مەكتىۋى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئوقۇتۇش خادىملىرى سىرتقا كەتتى، كىتاپ، ماتېرىياللار تېپىلماس بولۇپ كەتتى، مەكتەپنىڭ بېغىغا مېھمانخانا قۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىۋى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كېلىپ قۇرۇلدى، ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، «سول» نىڭ زەھىرىنى تازىلاش، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە سىياسەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىۋى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 3052 كادىرنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار 362 كىشى (مىللىيلار 182 كىشى، خەنزۇلار 180 كىشى)، كوممۇنا دەرىجىلىك كادىرلار 1948 كىشى (مىللىيلار 1556 كىشى، خەنزۇلار 895 كىشى)؛ ئادەتتىكى كادىرلار 802 كىشى (مىللىيلار 668 كىشى، خەنزۇلار 134 كىشى). 1982 - يىلى يەنە بىر قارار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، بىر قارار تەرجىمانلار سىنىپى ئېچىلىپ، جەمئىي 146 كىشى تەربىيىلەندى، بۇ كادىرلار ئۆگىنىش كۇرسىدا، ئوقۇغۇچىلار 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ لۇشيەنى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى، پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى، دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، چېن يۈن ماقالىلىرى قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەر ۋە پارتىيە

مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇھىم قارارلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە مەركىزىي كومىتېت بىلەن ئاڭلىق تۈردە بىردەك بولۇشتا ياردەم بېرىشتە بىر قەدەر ياخشى رول ئوينىدى.

نۆۋەتتە كادىرلار قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان نەزەرىيە سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش، كەسپىي بىلىمى يېتىشمەسلىك، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماسلىق ئەھۋاللىرىغا قارىتا، 1984 - يىلى پارتىيە مەكتىپى تەربىيىلەش كۇرسىنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئىككى يىللىق تۈزۈمدىكى مەدەنىيەت بىلىمىنى ئاشۇرۇش سىنىپى ئاچتى. بۇرۇنقى نوقۇل ھالدىكى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەشتىن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كادىرلارنى مۇنتىزىم تەربىيىلەشكە يۆتكەش ئەمەلگە ئاشتى. بۇ قارارلىق مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تولۇقلاش سىنىپىدا جەمئىي 81 ئوقۇغۇچى بار. بۇنىڭ ئىچىدە مىللەتلەر 41 كىشى، خەنزۇلار 40 كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 2 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك كادىر بار، پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىسات، ئىلمىي سوتسىيالىزم، ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخى، خەلق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش، ئىلمىي رەھبەرلىك قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى، تىل، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قاتارلىق 12 دەرس كىرگۈزۈلدى. ئوقۇتقۇچىلار ئەستايىدىل، سەۋرچانلىق بىلەن دەرس ئۆتتى، ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. (لى جۇڭچاۋ)

## [پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان]

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1979 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلدى، 1984 - يىلى 8 - ئايدىكى ئورگان ئىسلاھاتىدا جكپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: پارتىيە ئىنتىزامىنى قوغداش، پارتىيە ئىستىلىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاش، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان بارلىق ناتوغرا ئىستىلغا قارشى كۈرەش قىلىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش.

1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش سىستېمىسىغا سەپلەنگەن مەخسۇس كادىر 253، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان كادىر 185، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرى 2. بۇنىڭ ئىچىدە: ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا سەپلەنگەن مەخسۇس كادىر 11 (شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى جەمئىي 3)، خەنزۇ 7، ئۇيغۇر 4، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتى 2 كىشى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتى 2 كىشى. 12 ناھىيە (شەھەر) لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىغا سەپلەنگەن مەخسۇس كادىر 115، بۇنىڭ ئىچىدە: مەخسۇس شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى 33 (خەنزۇ 14، ئۇيغۇر 17، تاجىك 2)، يېڭىسار ناھىيەسىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان 1 شۇجى سەپلەندى. ۋىلايەت بويىچە 125 يېزىلىق پارتكومدا 1 دىن مەخسۇس ئىنتىزام

تەكشۈرۈش كادىرى سەپلەندى، بۇ، ۋىلايەت بويىچە يېزىلىق پارتكوم ئومۇمىي سانىنىڭ 78%ىنى ئىگىلىدۇ. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق 6 ئورۇننىڭ پارتكومى (توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، سودا كوپېراتىپ، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتى، 1 ـ ترانسپورت شىركىتى، سېمونت زاۋۇتى، سۇ باشقارمىسى) ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنى قۇردى، بۇ، ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇن پارتكوم ئومۇمىي سانىنىڭ 37.5%ىنى ئىگىلىدۇ. بۇ ئورۇنلاردا مەخسۇس ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرىدىن 2 دىن سەپلەندى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومىغا قاراشلىق پارتىيە باش ياچېيكىلىرىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان 179 ھەيئەت سەپلەندى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىدە، ئالدىنقى 4 يىلدا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش نۇقتا قىلىندى. 1983 ـ يىلىدىن بۇيان خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسىنى تۈزەشكە بۇرالدى. 1984 ـ يىلى، ئىسلاھات داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن "ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەش ۋە ئېغىر ھالدا بىيوروكراتلىق قىلىش" تىن ئىبارەت ئىككى تەتۈر شامال ۋە بۇنىڭ بىلەن كېلىپ چىققان تۈرلۈك يېڭى ناتوغرا ئىستىللارغا ۋەدىلىك ھالدا تۈزىتىلدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئىشلىگەن كونكرېت خىزمەتلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

1 . "پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا ئائىت بىر قانچە مىزان" نى ئەمەلىي ئىجرا قىلىش ۋە "3 يىغىن 1 دەرس" (ياچېيكا يىغىنى، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى، پارتىيە گۇرۇپپا يىغىنى ۋە پارتىيە دەرسى) تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى. 1979 ـ يىلىدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە 446 قارار ھەرخىل تىپتىكى پارتىيە ئەزالىرى كۇرسى ئېچىلدى، تەربىيىلەنگەن پارتىيە ئەزاسى 94533 ئادەم-قېتىم بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 38%ىنى ئىگىلىدۇ. 1984 ـ يىلى، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مارالبېشى، يوپۇرغا، تاشقورغان قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزلىرىنى «مىزان» غا سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ چىقتى. ۋىلايەت بويىچە، 11 ناھىيە، شەھەر (تاشقورغان ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق 8 ئورۇننىڭ پارتكوملىرى پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنىڭ پىلان، تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. يوپۇرغا ناھىيىسى پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش، پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كەڭ دىلىك نەتىجە يارىتىپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىشتىكى ئىلغارلىشىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى. 8 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يوپۇرغا ناھىيىسىدە يىغىن ئېچىپ، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىشتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، كېڭەيتىشكە ئۇيۇشتۇرادى.

2. كەلگەن خەت - چەكلەرنى ۋە ئەرز قىلىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئەنزىسىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى. ۋىلايەت بويىچە تاپشۇرۇۋېلىنغان خەت جەمئى 5865 پارچە، بۇنىڭدىن بىر تەرەپ قىلىنغىنى 5439 پارچە. بۇنىڭ ئىچىدە: 1984- يىلى تاپشۇرۇۋېلىنغان خەت 1414 پارچە، بىر تەرەپ قىلىنغىنى 1052 پارچە. ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەش، ئېغىر ھالدا بيۇروكراتلىق قىلىپ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق، قارا سۇۋاپ زىيانكەشلىك قىلىش، مالىيە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش، خىيانەت قىلىش، ئوغۇرلۇق قىلىش، پارا بېرىش، پارا ئېلىش، پارا بېرىشكە قىستاش قاتارلىق پارتىيە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 24 خىل ئەنزە جەمئى 1287 پارچە بولۇپ، خۇلاسە چىقىرىلغىنى 1120 پارچە. بۇنىڭ ئىچىدە: 1984- يىلى تاپشۇرۇۋېلىنغىنى 166 پارچە، خۇلاسە چىقىرىلغىنى 108 پارچە، ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلگەن پارتىيە ئەزاسى جەمئى 450 (پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى 128، پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناپ كۆرۈش جازاسى بېرىلگىنى 72، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغىنى 43، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى 123، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى 97) بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمى سانىنىڭ 0.16%ىنى ئىگەللەيدۇ.

3. ئۆي سېلىش، ئۆي تەقسىم قىلىشتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەتتى. 1981- يىلىدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ شەخسىي ئۆي سالغانلار 1712 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك كادىر 2، ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 78، ئادەتتىكى كادىر 1288. ئىگەللىگەن يەر جەمئى 1706.86 مو. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 1641.95 مو، ئىگەللىگەن ۋە ئىشلەتكەن دۆلەت، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكى، ئەمگەك كۈچى، قاتناش كۈچىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 504146.41 يۈەن. 1984- يىلى يىل ئاخىرىغىچە تۆلىتىپ ئېلىنغىنى 466.294.14 يۈەن، قايتۇرۇۋېلىنغان ئۆيلۈك يەر 421.07 مو. 33 كىشىنىڭ ئۆيى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئۆينىڭ كۆلىمى 3579.05 كۋادرات مېتىر. پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى ۋە سىياسىي جازا بېرىلگىنى 33 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىكى 7 ئادەم).

4. ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر دەرىجىدىكى جىنايى ھەركەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 1984- يىلى يىل ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلگەن ئەنزە 443 پارچە (بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم ئەنزە 49 پارچە)، خۇلاسە چىقىرىلغىنى 401 پارچە (بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم ئەنزە 41 پارچە). تەكشۈرۈلگىنى 466 ئادەم، بۇنىڭ ئىچىدە: پارتىيە ئەزاسى 115، ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 2، يېزا دەرىجىلىك كادىر 29. ھەر خىل جازا بېرىلگەن ئادەم جەمئى 258 كىشى. بۇنىڭ ئىچىدە: جىنايى جازا بېرىلگىنى 110، پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلگىنى 73، سىياسىي جازاسى بېرىلگىنى 75، قايتۇرۇۋېلىنغان زاڭ پۇل، زاڭ مال جەمئى 1072000 يۈەن. (نىياۋگورەن)

## [يوپۇرغا ناھىيىسى پارتىيە ئىستىلىنى كۆرنەرلىك ياخشىلىدى]

يوپۇرغا ناھىيىسى ۋىلايەت بويىچە 1- بولۇپ پارتىيە ئىستىلىنى كۆرنەرلىك ياخشىلىغان ناھىيە. ناھىيە بويىچە جەمئىي 9 ئاساسىي قاتلام پارتكومى، 171 پارتىيە ياچېيكىسى، 3258 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بار. 1980- يىلدىن باشلاپ، ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىۋىگە قويۇپ، كۆرنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلدى. 1984- يىلى، ناھىيە بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى كۆرنەرلىك ياخشىلاشنى ئىززا ئاشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلىغان يېزا 1 (يوپۇرغا يېزىسى)، پارتىيە ياچېيكىسى 52، بۇ ئومۇمىي ياچېيكا سانىنىڭ 30.4% نى تەشكىل قىلىدۇ. پارتىيە ئەزالىرى 1124 نەپەر بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 34.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى: بىرىنچى، پارتكوم ئەھمىيەت بەردى. 1984- يىلى 4- ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مەخسۇس 4 قېتىم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، ناھىيە بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىك ئىستىلىنى ياخشىلاشنىڭ 8 ماددىلىق بەلگىلىمىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1986- يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىلانىنى ماقۇللىدى. 5- ئايدا ناھىيە بويىچە 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش سوپى روزى "ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 3 يىل ئىچىدە پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشايلى" دېگەن مەۋزۇدا سەپەرۋەرلىك دوكلادى بەردى. 6- ئايدا ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتىيە ئىستىلى بويىچە تەگ-تەكتىنى ئىگەللەپ (ناھىيە بويىچە ياخشى ياچېيكا 58، بىر قەدەر ياخشىسى 91، ناچىرى 12)، پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنىڭ كونكرېت پىلان، تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقتى؛ ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام پارتكوم، پارتىيە ياچېيكىلىرىمۇ پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنىڭ پىلان، تەدبىرىنى تۈزۈپ، پارتىيە ئىستىلىنى تۈتۈش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى، پۈتۈن پارتىيە پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىدىغان يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئىككىنچى، رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى ئۈلگە بولدى، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش جەھەتتە پۈتۈن ناھىيىدىكى پارتىيە ئەزالىرىغا نەمۇنە بولدى. 1983 - يىلى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆي سېلىش، ئۆي تەقسىم قىلىش داۋامىدىكى ناتوغرا شامالنى تۈزىتىش توغرىسىدا "ئوچۇق خەت" ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش سوپى روزى ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆلچەپ، ئىككى ئېغىز ئۆيىنى بوشىتىپ بەردى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، مۇئاۋىن ھاكىم يولداش جاڭ فېڭ ياشانغان 20 نەچچە يىل بولغان، كۆلىمى 30 كۋادرات مېتىرغا يەتمەيدىغان كونا ئۆيدە ئولتۇرۇپ كەلدى، ئىدارىدىن ئۇنىڭغا بىر نەچچە قېتىم يېڭى ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرسىمۇ ئۇ رەھمەت ئېيتىپ كۆچكىلى ئۇنىمىدى. باشقا رەھبىرىي يولداشلارنىڭ تۇرار جايى ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭمۇ ئاران 50 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ھېچقايسىسىنىڭ بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتمىدى.

ناھىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خې جىڭسۇڭ ۋە مۇئاۋىن ھاكىم موشۇر ۋەلى قاتارلىقلار باشلىقلىرىنىڭ تويىنى باشلامچىلىق بىلەن ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزدى، يەپ-ئىچىش بىلەن شۇغۇللانمىدى، زىياپەت بەرمىدى، مېھمان چاقىرمىدى، سوۋغا تەقدىم قىلىش تەتۈر شامىلىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن توستى. ھاكىم ھامىت ياقۇپ ئىچكى قوبۇل قىلىش كادىرلىقتا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ 2 قېتىم 550 يۈەن پارا بەرگەن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئۇ دەرھال رەت قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە تەنقىد، تەربىيە بەردى. تېرىلغۇ يېتىشتۈرۈشنى ئىختىيارىچە ئىگىلەپ شەخسىي ئۆي سېلىش تەتۈر شامىلى بىر مەھەل ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ناھىيەلىرىگە، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارغا يامرىغاندا، يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك 18 كادىردىن بىرسىمۇ شەخسىي ئۆي سالمىدى. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ شەخسىي ئۆي سالغانلار تېخىمۇ يوق. ئۈچىنچى، خاتالىق بولغان ئىكەن، چەزمەن تۈزىتىش كېرەك. تۈزىتىشتە، باشقۇرۇشتا، نوچىلار بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەتلىك بولۇش لازىم. ناھىيەلىك پارتكوم ئۆزىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلدى. 1982-يىلى ناھىيەلىك پارتكوم دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئىتى، ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەھەممەت نامەتنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرگە نۇقتىلىق تەنقىد، ياردەم بەردى، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. دۆلەت ئورمان قانۇنىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەشمە يېزىسى، يوپۇرغا يېزىسى، ئاچچىق يېزىسى ۋە ناھىيەلىك ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى بىر قىسىم پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ دەل-دەرەخلىرىنى كەسكەنلىك مەسىلىسىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە نەتىجىسىنى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، بۇ تەتۈر شامالنى توستى، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشى داۋامىدا، ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىدىن 3 كىشى شەخسەن ئۆزى قوماندان بولۇپ سەپكە ئاتلىنىپ، ناھىيە بويىچە ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن 17 نى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈنلەي تەكشۈرۈپ خۇلاسىلىدى، باشقا ناھىيەلەرنىڭ ئالدىدا ماڭدى. 1983-يىلى ئاران 4 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ناھىيە بويىچە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ شەخسىي ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى تېز ئىچىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى ھەمدە دۆلەت، كوللېكتىپنىڭ مەبلىغىگە دەخلى-تەرۇز قىلىپ شەخسىي ئۆي سېلىۋالغان 38 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ مەسىلىسىنى بىر قەدەر ئۈزۈل-كېسىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئۆي سېلىشتىكى تەتۈر شامالنى تۈزەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ سېرىق سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى ۋە شەھۋانى ئوقۇشلۇقلارنى تەكشۈرۈپ مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيەلىك پارتكوم 16 كادىر ئاجرىتىپ، 61 ئورۇننى تەكشۈرۈپ، سېرىق ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن 68 نى، سېرىق ناخشىدىن 184 نى تەكشۈرۈپ چىقىپ، پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋېتىپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇ مۇھىم بولغان مەنىۋى بۇلغىنىش ئېقىمىنى توستى. يوپۇرغا ناھىيەلىك پارتكوم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشنى پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىشنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ تۇتتى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك رەھبەر-

رىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلەربىلەن كۈرەش قىلالايدىغان بولدى. 1981 ـ يىلى قەشقەردە 30 ـ ئۆكتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، يوپۇرغا ناھىيىسىگىمۇ شامىلى بارغان، بىر مەھەل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز سۆز ـ ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. سوپى روزى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ۋاقتىدا چوڭ يىغىن ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى راسا سۆزلىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق سۆز، ھەرىكەتلەرگە ئاشكارە رەددىيە بەردى، ھەر مىللەت ئاممىسىنى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنى تىكلەشكە چاقىردى ھەمدە تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق يېزا، كەنت، ئورگان، مەكتەپلەردە تەربىيە پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. يەنە دىنىي زاتلارنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. 1984 ـ يىلىنىڭ دەسلىۋىدە، ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى، خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق 10 ئورۇن مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، تەستىقلاتمايلا 1983 ـ يىلدىكى ھۆددىگە بېرىلگەن راسخوتنىڭ تېجەپ قېلىنغان قىسمىدىكى كوللېكتىپ پاراۋانلىق خاراجىتى بولغان 26703 يۈەننى 420 نەپەر كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىگە بۆلۈپ بەرگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلەرمۇ پۇلنىڭ كېلىش مەنبەئىنى تەپسىلىي سوراپ كۆرمەستىنلا بىر ئۈلۈشتىن ئالغان، بۇ مەسىلە سېزىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شۇ كۈنى جىددىي يىغىن ئېچىپ، قەتئىي تۈزىتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. 20 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپلا، تارقىتىلغان پۇللارنىڭ ھەممىسى قايتۇرىۋېلىندى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مالىيە ـ سودا خىزمىتىگە مەسئۇل دائىمىي ھەيئىتى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يىغىنىدا ئۆزىنى تەكشۈردى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە تەكشۈرۈش دوكلادى يېزىپ، يامان تەسىرىنى تازىلىدى. تۆتىنچى، پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى ھەققىدىكى تەربىيىدە چىڭ تۇردى. يوپۇرغا ناھىيىسى 1980 ـ يىلدىن بۇيان "3 يىغىن، بىر دەرس" تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، پارتىيە ئەزالىرىنى يىلمۇ ـ يىل مۇددەت بويىچە تەربىيىلەپ تۇردى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جەمئىي 14.005 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى يىلدا بىر قېتىم دېگىدەك تەربىيىلىنىش، ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ تۇردى. 5 يىل ئىچىدە، ناھىيە بويىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 96 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 1714 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى تاللىنىپ باھالاندى.

يوپۇرغا ناھىيىسىدە پارتىيە ئىستىلىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يېقىنقى ئىككى يىلدا بۇ ناھىيە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار ئورۇن، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىلغار ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقى ياخشى بولۇشتا ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

# ئەمگەك، كادىرلار

**[كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى]** 1984 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك ئەمگەك، كادىرلار باشقارمىسى كادىرلارنى يۆتكەش-سەپلەش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، كادىر قوبۇل قىلىش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، سىرتتىكى جايلاردىن كەسپىي تېخنىك كادىرلارنى كىرگۈزۈش شەرتىنى كەڭ قويۇۋېتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن كادىرلار تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدىنىپ باقتى.

كادىرلارنى يۆتكەپ سەپلەش توغرىسىدا، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە ياردەمچى ئېنژېنېردىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار تېخنىكا خادىملىرى قەشقەردىن يۆتكەلمىسە، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن باشقا، قالغان كادىرلارنى يۆتكەش، سەپلەشنى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە يوللىمايدۇ. ناھىيە (شەھەر) لەرگە قاراشلىق كادىرلارنى شۇ يەردىكى تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى تەستىقلاپ بېجىرىدۇ، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى كادىرلارنى يۆتكەشتە، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 24 تارمىقىدىكى كادىرلارنى ئەمگەك، كادىرلار باشقارمىسى ئىگەللىگەندىن باشقا، قالغانلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىدارە مەسئۇل بولۇپ مەسلىھەتلىشىپ ئالاقىلىشىپ بېجىرىدۇ؛ ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن باشقا ۋىلايەتلەرگە كېتىدىغان بولسا، ۋىلايەتلىك ئەمگەك، كادىرلار باشقارمىسى بىر تۇتاش بېجىرىدۇ.

ئەزەلدىن كادىر قوبۇل قىلىش، ئىشلىتىشتە پەقەت شەھەر نوپۇسى بار، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن ۋە ئىشچىلار ئىچىدىن نىسبەت بويىچە كىچىك دائىرىدە قوبۇل قىلىش يولغا قويۇلۇپ كەلگەن ئىدى. 1984 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر گېزىتى ئىدارىسى، قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىيو ئىستانسىسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلارغا بىر تۈركۈم مۇھەررىر، مۇخبىر، گۈزەل سەنئەت خادىمى، دىكتور، ئوقۇتقۇچى قاتارلىق كەسپىي تېخنىكا خادىملار كېرەك بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىزمەتتىكىلەردىن ئۇلارنى سەپلەپ كېتىش تەس ئىدى. ئىقتىدارلىق بولۇشنىڭ يولىنى كەڭ ئېچىش، ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەمگەك، كادىرلار باشقارمىسى 1984-يىللىق تەبىئىي كېمەيگەن خادىملارنىڭ كۆرسەتكۈچىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشلىتىپ، گېزىتتە ئېلان قىلىپ، ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار قاتتىق سىناپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىمىنى قوبۇل قىلدى، بۇ بىر تۈركۈم كەسپىي، تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە كادىرلار، ئىشچىلار، كەسىپ ئالماشتۇرغان، بوشانغان ھەربىيلەر بار، دېھقانلار ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارمۇ بار. ئىككى

ۋاي كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەش ئارقىلىق، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ياخشى بولدى، جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

سىرتقى جايلارنىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى قەشقەرگە جەلپ قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، كادىرلارنى يۆتكەش، سەپلەشتە، سىرتتىن قەشقەرگە يۆتكىلىپ كېلىشنى خالايدىغان كادىرلاردىن كەسپىي، تېخنىكا خادىم بولسىلا، ئۇنىڭغا يېشىل چىراق يېقىپ بەردى، رەسمىيەتنى ئاۋۋال بېجىرىپ بەردى، ۋىلايەتلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش مەركىزى سىرتقى ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن قەشقەرگە كېلىشنى تەلەپ قىلغان 200 دىن ئارتۇق كادىرنى ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ، 50 نى تاللاپ، تەكلىپ قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ تەكشۈرۈپ - تەستىقلاپ بېرىشىگە سۇندى. (جياڭ لىگيۇن)

## كۆپخىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى ئىسمايىل تىلىۋالدىنىڭ ۋىلايەتلىك كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، شەھەر - بازار ياشلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى (قىسقارتىلمىسى)
(1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى)

ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ۋىلايىتىمىزنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشى بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، ۋىلايىتىمىزدە كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، شەھەر - بازار ياشلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 200 نەپەر ۋەكىلنىڭ بىر جايغا جەم بولۇپ، شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تېچ، ئىتتىپاق بولۇشتەك چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئائىت فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى يەنىمۇ ئۆگىنىپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاپ، بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم ۋە ناھايىتى زۆرۈر. تۆۋەندە بىر قانچە مەسىلىنى سۆزلەيمەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش شەرتى ئاستىدا، كۆپخىل ئىگىلىك شەكلى ۋە كۆپخىل ئىگىلىك ئۇسۇلىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى» توغرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇ شەرت ئاستىدا، «دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەشكىللىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئۆزلىرى ئىش تېپىپ ئورۇنلىشىشنى بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى "3 تەرەپ بىرلىشىش" تىن ئىبارەت بۇ ئىشقا ئورۇنلىشىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى جىددىي ۋەزىيەتنى ئۈنۈملۈك ھالدا پەسەيتتى. 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان 4 يىل ئىچىدە، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 24369 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئىشچىلىققا، كادىرلىققا قوبۇل قىلىنغىنى 15341 نەپەر، ھەر خىل شەكىلدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك ئورۇنلىرىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 7746 نەپەر، ئۆزلىرى ئىش تېپىپ ئورۇنلاشقانلار 767 نەپەر، ھەر يىلى ئىشقا ئورۇنلاشقان ۋاقىتلىق ئىشچى 1000 نەپەر ئەتراپىدا. شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن قۇرۇلغان ياشلار كوللېكتىپ كارخانىلىرى 367 گە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىدىكى 12 ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى مۇستەھكەملەندى. 1983 - يىلى ۋىلايىتىمىز بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 916 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 13%نى تەشكىل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ياشلار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 566 مىڭ يۈەنگە، تاپقان پايدىسى بىر مىليون 474 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىشقا ئورۇنلاشقان ياشلارنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 40 يۈەن ئەتراپىدا بولدى، يۇقۇرىلىرىنىڭ 210 يۈەنگە يەتتى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە يۇقۇرىدىكى نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 . ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىنىڭ "3 تەرەپ بىرلىشىش" تىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلدى. 1980 - يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، بۇ خىزمەتنى مۇھىم كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتتى. كۆپ ساندىكى ناھىيە (شەھەر) لەردە ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئۇچرىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە ۋە يېڭى تەجرىبىلەرنى دائىم مۇھاكىمە قىلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، پارتىيىنىڭ "3 تەرەپ بىرلىشىش" تىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى تەشۋىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، كەڭ ئاممىنى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە چۈشەنچىگە ئىگە قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئۇنى كەڭ ئامما قوللايدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى.

2 . جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىش ئارقىلىق، ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. 1982 - يىلنىڭ بېشىدا ئېچىلغان ۋىلايەتلىك ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىدا، سىستېما، ئورۇنلارنى مەركەز قىلى-

خان ھالدا، باشقۇرۇش ۋە تەربىيىلەشنى ھۆددىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. بىرقانچە يىللىق ئەمەلىيەت بۇنىڭ ئۈنۈملۈك چارە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ترانسپورت 6 - شىركىتى، پاختا توشۇش شىركىتى، ۋىلايەتلىك ئىلمى-توقۇلما ماللار شىركىتى، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق نۇرغۇن ئورۇنلار كوللېكتىپ كارخانىلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئاجراتتى. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە بىر تۈركۈم كوللېكتىپ كارخانىلار قۇرۇلۇپ، بارغانسېرى روناق تاپتى، مەسىلەن: قەشقەر شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئىلمى-توقۇلما زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك ئىلمى-توقۇلما ماللار شىركىتىنىڭ ياشلار ماگىزىنى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ياشلار ئومۇملاشقان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، "74392" زاۋۇتىنىڭ ياشلار كوپېراتىپى، كونىشەھەر ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىنىڭ ياشلار ئەتىرىتى، يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ياشلار پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، يوپۇرغا ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ ياشلار سېمونت قۇيمىچىلىق كارخانىسى، پەيزىۋات ناھىيىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ياشلار ماگىزىنى، يەكەن ناھىيىلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ ياشلار كوپېراتىپى، مەكىت ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ياشلار ماگىزىنى، پوسكام ناھىيىلىك كومبىنات، ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ ياشلار مۇلازىمەت كوپېراتىپى، مارالبېشى ناھىيىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ رېمونتچىلىق گۇرۇپپىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ياشلار كوپېراتىپى قاتارلىق ياشلار كوللېكتىپ كارخانىلىرى ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىق تۈرلۈك قائىدە، تۈزۈملەرنى بېكىتىپ، ياشلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سالغانلىقى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكى ئۈچۈن ئۆلگە تىكلەپ بەردى.

3 . ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەركەز قىلىنغان كارخانا تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى تۇتۇلدى.

4 . ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن بۇرۇنقى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. قەشقەر شەھىرىدىكى يولداشلار: «كارخانا باشقۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى بولۇش - بولماسلىقى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە باغلىق، ھالبۇكى ئۈنۈم بازارغا تايىنىدۇ، بازار مەھسۇلاتقا تايىنىدۇ، مەھسۇلات تېخنىكىغا تايىنىدۇ، تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىگە تايىنىدۇ، ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشتۈرۈشكە تايىنىدۇ» دەپ ناھايىتى ئېنىق ئېيتقان. شۇڭا مالىيە - بوغالتېرلىق، ئىستاتىستىكا، كىيىم تىكىش، ئاخبارات، رادىيو، بىناكارلىق قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى ئېچىلدى. تولۇق بولمىغان مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇلتۇر 444 ئادەم يېتىشتۈرۈلگەن. يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە ئاساسلىقى كەسپىي كۇرس ئېچىش ۋە شاگىرتلىققا بېرىش قاتارلىق ئۇسۇل قوللىنىلىپ، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى يېتىشتۈرۈش ۋە ئورۇنلار ۋە ئۆزلىرى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلدى. يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا سۈپىتى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستى.

؟ ، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇن-

لاشتۇرۇشقا بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تەشكىللەش جەھەتتىكى رولى جارى قىلدۇ-
رۇلدى. ھازىرغا قەدەر، ۋىلايىتىمىز بويىچە تەستىقلىنىپ قۇرۇلغان ئەمگەك مۇلازىمەت
شىركىتى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت پونكىتى 23 كە يەتتى. ئەمگەك مۇلازىمەت شىركەتلىرى
جەمئىيەتتىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەش، يېتىشتۈرۈش، باشقا ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ
بېرىش، ئۆز ئارا تەڭشەش ۋە قوبۇل قىلىش، شۇنىڭدەك ماددىي بايلىق يارىتىش قاتارلىق
جەھەتلەردە بارغانسېرى زور رول ئويناپ، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلدى.

ۋىلايىتىمىزدە كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىك بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىۋاتقان بىر تۈركۈم ياخشى ياشلار ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىككە كۆڭۈل بۆلىدىغان ياخشى يولداشلار مەيدانغا كەلدى. قەشقەر شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئىلما- توقۇلما زاۋۇتىدىكى يولداش جى جۈڭ ئۇدا 2 يىل ئىلما- توقۇلما زاۋۇتى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، قەشقەر شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان «ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى»غا قاتناشتى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چاۋاغ ياشلار ئەترىتىدىكى يولداش تەلئەت ئابدىرېھىم 1983 - يىل ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان شەھەر - يېزا ياشلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكى بويىچە «ئىلغار كوللېكتىپ ئىلغار شەخسلەر» ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يېڭىسار ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ياشلار پىشىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىكى يولداش نۇركۆل ھەممە ئىشتا باشلامچىلىق رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى باشقا ياشلارنىمۇ كوللېكتىپ كارخانىلاردا خاتىرجەم ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى. يەكەن ناھىيە بازىرىدىكى ياش نۇردۇن ئۆمەر پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزى ئىش تېپىپ ئىشلەش يولىدا ماڭدى. يوپۇرغا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياسىن ۋاسىل دۆلەتنىڭ قېيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوغلى غەيرەت ياسىننى ئۆزى ئىش تېپىش يولىدا مېڭىشقا پائال ھەركەتلەندۈردى. غەيرەت ياسىن ئۆز خىراجىتى بىلەن 2 يىلدىن كۆپرەك ئوقۇغاندىن كېيىن، 1983 - يىلى 8 - ئايدا يوپۇرغا ناھىيىسى بازىرىدا چىش سېلىش دۇككىنى ئېچىپ، بۇ ناھىيىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى يوچۇقىنى تولۇقلىدى. يەكەن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش مەمەت مەھمۇت 1978 - يىلدىن بۇيان ئوقۇش پۈتتۈرگەن 3 پەرزەنتىنى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، ئۇ بۇ يىلقى «ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر» ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى. يەكەن ناھىيىلىك ئېلېكتىر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى جاڭ جىيۈەن ۋە كونىشەھەر ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىدىكى ۋاڭ يۈگلى يولداشلار ياشلار ئەترىتىنىڭ باشلىقلىق خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يولداش ھەسەن سوپى ياشلار ماگىزىنىنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتىدى، ئۇلار بىر قانچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، خىزمەتنى بارغانسېرى ئىنچىكە ئىشلىمەكتە، كوللېكتىپ كارخانىلار بارغانسېرى گۈللەپ ياشنىدى.

بىزنىڭ كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىك سېپىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇرغۇنلىغان ياشلىرىمىز ئىسلاھاتنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكنى كەسىپلەندۈرۈپ، كۆزگە

ئىلمايدىغان كونا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارغا ئورۇش ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى، ئۇلار ئاددى خىزمەت ئورنىدا، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق خاسىيەتلىك تۆھپىلەرنى ياراتتى، نۇرغۇنلىغان ئىلغار ئائىلە باشلىقلىرى ئومۇمىلىقنى كۆزلەپ، ئومۇمىلىققا ئېتىۋار بېرىپ، دۆلەتنىڭ ھازىرقى قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇندىن كېيىنكى ئىسلاھاتيۈزلىنىشىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى ھەمدە ئۆز پەرزەنتلىرىنى كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىك ئورۇنلىرىغا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پائال سەپەرۋەر قىلدى ۋە قوللىدى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ھەقىقىي يوسۇندا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە مەدەت بېرىدىغان، ياشلارغا يېتەكچىلىك قىلىشتا ئىلغار بولغان نۇرغۇن كادىرلار ۋە رەھبىرىي يولداشلار چوڭ ئىشلارنى ئويلىدى، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى. تۈرلۈك كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان چوڭ ئىشى سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدە كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، شەھەر - بازارلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىپىمىز يەنىلا خېلى ئېغىر. خىزمەتلىرىمىزنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىۋىگە سېلىشتۇرغاندا، پەرق يەنىلا ناھايىتى زور، قېرىنداش ۋىلايەتلەردىن ئارقىدا تۇرماقتىمىز. شۇڭا يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىمىز كېرەك.

1. ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ھەقىقىي تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىكى ئېغىشلارنى ئىمكان قەدەر تېز تۈزىتىشىمىز كېرەك. ھازىر ۋىلايىتىمىزنىڭ شەھەر، بازارلىرىدا يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، شەھەر - بازارلاردا ھەر يىلى تەخمىنەن 11 مىڭ ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار نوپۇسىدىكى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 8 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئوقۇشقا ماڭىدىغانلار، ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلىنىدىغانلارنى چىقىرىۋەتكەندە، ھەر يىلى تەخمىنەن 4 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىش كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. باشقا جەھەتلەردىن يېڭىدىن قوشۇلىدىغان ئىش كۈتۈپ تۇرىدىغانلارنى قوشقاندا، ھەر يىلى يېڭىدىن قوشۇلىدىغان ئىش كۈتۈپ تۇرىدىغان ياشلار 6 مىڭغا يېتىدۇ. بۇ ئىنتايىن مۈشكۈل ۋەزىپە. ئەگەر ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىكى ئېغىشلارنى تېزراق تۈزىتىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتمەيدىغان بولساق، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش چىقىش يولى مەسىلىسى ھەل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە پۈتكۈل ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مۇ-

ناسۆپەتلىك زور ئىش. ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزدىكى ئاساسلىق يول بولۇپ قالماقتا.

2. ئىسلاھ قىلىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك بولۇش كېرەك. ھۆۋەتتە ئىسلاھات دولقۇنى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ شەھەر، يېزىلىرىدا ئەۋج ئالماقتا. جۇڭخۇا ئېلىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بىز ئىسلاھات ۋەزىيىتىنى ئېنىق تونۇۋېلىشىمىز كېرەك. ھازىر بىزنىڭ كىچىك كوللېكتىپ يولىدا مېڭىشىمىز ئەمگەك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتا بۇندىن كېيىن ماڭىدىغان يولىمىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغاندىلا، ئاندىن كوللېكتىپ ئىگىلىكتە مەسئۇلىيىتى، غايىسى بولغان ھالدا ئۆمۈرۋايەت خاتىرجەم ئىشلەشنى ھەققىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. كوللېكتىپ ئىگىلىكنى يولغا قويغاندا، «ئىختىيارى ھالدا بىرلىشىش، پايدا-زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەبلەغ چىقىرىپ، مۇۋاپىق تەقسىمات يۈرگۈزۈش، كوللېكتىپ جۇغلانمىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش» دىن ئىبارەت فاڭجېن بويىچە ئىش كۆرۈش، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ نۇقسانلىرىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كەلمەسلىك لازىم. كوللېكتىپ كارخانىلاردا چوقۇم ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك تەقسىمات پرىنسىپىنى يولغا قويۇش، كوللېكتىپ مەلۇم مىقداردىكى جۇغلانمىنى مۇۋاپىق قالدۇرغاندىن كېيىن، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىشى كېرەك، ياخشى باشقۇرغان كارخانىلاردا ئىش ھەققى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭكىدىن يۇقۇرىراق بولسا بولىدۇ، ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەن ئۆلچىمى ۋە يۇقۇرى ئۆلچىمىگە چەك قويماسلىق، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇش كېرەك. كوللېكتىپ كارخانىلار كادىرلار تۈزۈمىدە چوڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى، ئىدىيىدە سەزگۈر، غەيرەتلىك، تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئېچىش روھىغا ئىگە ياشلارنى دادىل ئىشلىتىپ، كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىشى، شۇ ئارقىلىق يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىشى لازىم. بۇندىن كېيىن، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇنەۋۋەر خادىملارنى دادىللىق بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا تاللاپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

3. ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەقسەت، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى شەرت قىلغان ھالدا كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك.

4. ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئالدىنقى شەرتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

5. ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى

زور ئىش قا تارىدا تۇتۇشى، يېرىنە پەرزەھبەرىي يولداش ئەمگەك-ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى-نى ئاساسلىق باشقۇرۇشى، دائىم ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ساقلانغان ئۆرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك. كوللېكتىپ ئىگىلىك بويىچە تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ چىقىشنى تېزلىتىش، جەمىيەتكە ئېھتىياجلىق ۋە يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت تۈرلىرىنى تاللاپ، مەخسۇس ئادەم بېكىتىپ، ئاخىرغىچە مەسئۇل قىلىش، مۇددەت بەلگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش كېرەك.

6 . ئەمگەك مۇلازىمەت شىركەتلىرىنىڭ كەسپىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

7 . كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە بولغان سىياسى - ئىدىيىۋى خىزمەت ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

بەھوزۇر ئۆزىدۇ بېلىقلار پايانسىز كەڭ دېڭىزدا، پەرۋاز قىلار ئۇچار قۇش كۆپ-كۆك ئىگىز ئاسماندا. پارتىيىنىڭ " ئۈچ تەرەپ بىرلەشتۈرۈش " تىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فاڭجېنى بىز ئۈچۈن چەكسىز كەڭ مەيدان ئېچىپ بەردى. كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئاق قەغەز ئۈستىگە ئەڭ يېڭى، ئەڭ گۈزەل رەسىملەرنى سىزىشى، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم.

[ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش] 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 8277 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 1004 كىشى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 1482 كىشى؛ يەككە تىجارەتچى بولغانلار 944 كىشى؛ ۋاقىتلىق خاراكتېردىكى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 4847 كىشى. يىل بويى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنىڭ 112.8% ىنى تەشكىل قىلدى.



جەنۇبىي شىنجاڭ يىپەكچىلىك شىركىتى ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. سۈرەتتە: سىمونت بۇيۇملىرى زاۋۇتى ... ياسىماقتا.

جېن ليۇ فوتوسى

1984- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركەت (پونكىت) لىرى 34 كە يەتتى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن باشقا 11 ناھىيە (شەھەر) ۋە ۋىلايەتتە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى. ۋىلايەت، ناھىيە 2 دەرىجىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى كەسپىي ئورۇن بولۇپ، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 115 كە يەتتى. زاۋۇت-كان، كارخانا ۋە كوچا ئەمگەك مۇلازىمەت شىركەت (پونكىت) لىرى كارخانا خاراكتېرىدىكى ئورۇن. ۋىلايەت بويىچە شەھەر-

بازارلاردىكى ياشلارنىڭ كوللېكتىپ كارخانىسى 287، ئىشلەيدىغان خادىملار 6009 نە-
پەر. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە (شەھەر) لىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە بىۋاسىتە قا-
راشلىق كارخانا 51، ئىشلەيدىغان خادىملار 830 نەپەر. 1984 - يىلى كوللېكتىپ كار-
خانىلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 26 مىليون 757 مىڭ يۈەن، ئالغان ساپ پايدىسى 2 مىليون
424 مىڭ يۈەن، ئايلىق مۇئاشى ئەڭ يۇقىرىسىنىڭ 210 يۈەن، ئوتتۇرىچە ئايلىق مۇ-
ئاشى 40 يۈەن بولدى.

1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسىدىن 12 قارار ئېچىلدى،
تەربىيىلىنىشكە قاتناشقانلار 712 نەپەر. قەشقەر شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركە-
تى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتتى، يىل بويى 7 قارار تەربىيىلەش
كۇرسى ئېچىپ، 4 كەسىپ كىرگۈزدى. ئىش كۈتۈپ تۇرغان 273 كىشىنى تەربىيىلىدى.

1984 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە كوللېكتىپ
ۋە شەخسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ شەھەر - بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاش-
تۇرۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى. يى-
غىندا كوللېكتىپ ۋە شەخسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان 50
ئىلغار كوللېكتىپنى، 90 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق
ھۆكۈمىتى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىنىڭ «3 نى بىرلەشتۈ-
رۈش» تىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەر-
كەز ئوتتۇرىغا قويغان «1985 - يىلىدىن ئىلگىرى يىللاردىن بۇيان يېشىلمەي قالغان شە-
ھەر - بازارلاردا ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ئاسا-
سى جەھەتتىن ھەل قىلىش» دېگەن سۆزىنى مۇددەتتىن بىر يىل ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشۇر-
دى. قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلىشىش
خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ياشلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندۇر-
دى. مەھسۇلات قىممىتى، پايدىسى يىلمۇيىل ئېشىپ باردى، كوللېكتىپ ئىگىلىكى گۈل-
لەپ ياشنىدى.

نۆۋەتتە قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يېڭىسار، پوسكام، يوپۇرغا قاتار-
لىق 6 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت شىركەتلىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەربى-
يىلەش مەركىزى قۇرۇلدى، قەشقەر ۋىلايىتى، مارالبېشى، قاغىلىق ناھىيىلىرىنىڭ تەربى-
يىلەش مەركەزلىرى قۇرۇلۇش تەييارلىقى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. (شۆجىلىڭ)

**[ زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەللەشتۈرۈلۈپ، زىيالىيلارنىڭ تەمىناتى ياخ-
شىلاندى ]** 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە بار ھەر خىل پەن - تېخ-
نىكا خادىملىرى 30001 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 17033 كىشى، ئاياللار 12968
كىشى؛ ئاز سانلىق مىللەت 23592 كىشى؛ خەنزۇلار 6409 كىشى. پەن - تېخنىكا كادىر-
لىرى ئىچىدە، ئىنژېنېر، تېخنىكلار 1.732 كىشى، ئاگرا تېخنىكلار 1889 كىشى. ئاگرا-
تەتقىقات خادىملىرى 270 كىشى، داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرى 4358 كىشى، ھەر-

خىل مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 17326 كىشى، مالىيە - بوغالتىر خادىملىرى 3543 كىشى، ئىستاتىستىكا خادىمى 576 كىشى، ئاخبارات - نەشرىيات خادىملىرى 76 كىشى، چەت تىل تەرجىمانى 9 كىشى، تەنتەربىيە تىرېنېرلىرى 70 كىشى، ئىقتىسادىي خىزمەت كادىرلىرى 45 كىشى، كۇتۇپخانا، ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملار 6 كىشى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى 339 كىشى، يەنە مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمانلىرى 399 كىشى.

1980 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ ھەرخىل كەسپتىكى تېخنىك (كەسپىي) كادىرلارغا ئۇنۋان بېرىش توغرىسىدىكى قارارى ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ، 1983 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ ئۇنۋان باھالاشنى توختىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا، ۋىلايەت بويىچە ئالاقىدار باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى پەن - تېخنىكا كادىرلىرىدىن جەمئىي 916 كىشىگە ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە دوتسېنت 4 كىشى، ئالىي دەرىجىلىك ئاگرونوم 1 كىشى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ 16 كىشى، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى 1 كىشى، ئىنژېنېر 243 كىشى، ئاگرونوم 144 كىشى، ياردەمچى تەتقىقاتچى 10 كىشى، ۋىراچ 188 كىشى، لېكتور 174 كىشى، بوغالتىر 67 كىشى، ئىستاتىستىكىچى 9 كىشى، مۇھەررىر - مۇخبىر 6 كىشى، ئىقتىساتچى 25 كىشى، كۇتۇپخانا خادىمى 2 كىشى، مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمانى 26 كىشى.

پارتىيىنىڭ «بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش» دېگەن يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئاساسەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە ئەمگەك، كادىرلار باشقارمىسىدا بۇ خىزمەتنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئاپارات تەسىس قىلىندى ھەمدە ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىلەشتۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەڭ پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى، خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى. ئورگان ئىسلاھاتىدىن بۇيان، پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدىن ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىگە ئۆستۈرۈلگەن رەھبىرىي كادىرلار 49 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخى بارلار 34 كىشى، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىملىرى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئەر - خوتۇنلار 2 ئارىلىق بولۇپ قېلىش مەسىلىسىدە 138 ئائىلىنىڭ ئىشى ھەل قىلىندى. زىيالىيلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن 628 كىشى ئاۋۋال ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، دېخانچىلىق باشقارمىسى، خەلق 1 - دوختۇرخانىسى، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى ئوتتۇرا دەرىجىدىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تۇرار ئۆي مەسىلىسىنى ئاۋۋال ھەل قىلىپ بەردى. يەنە [illegible] رى پىلانلىق تۈردە، تۈركۈملەپ بۆلۈپ تىببىي پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئىچكىرىگە، ئاپتونوم رايونغا ئەۋەتىپ بىلىم ئاشۇرغۇزۇپ، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىي بىلى-

ىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ۋە بىلىمىنى يېڭىلاش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇلدىن باشقا، پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا گېزىت - ژورنال ياردەم پۇلى، تۇراقسىز مائاش، زىيالىلار ياردەم پۇلى، چېگرا رايونىدا ئىشلىگەنلىك ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. ھەممە ئاز بولمىغان ئورۇنلار دەم ئېلىش، بەدەن تەكشۈرۈش تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە 1984 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋىلايەتلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىنى قۇردى ھەممە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش، خەۋەرلىشىش، مۇلازىمەت، ھەمكارلىشىش تۈرىنى كېڭەيتتى. ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇپ مۇلازىمەت مەركىزى ۋىلايىتىمىز ئۈچۈن ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىملار توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىدۇ، مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە جايلارغا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلىدۇ، ئۆز ۋىلايىتىمىزدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى تەتقىق قىلىدۇ، سىرتقى جايلاردىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى قەشقەرگە كېلىپ خىزمەت قىلىشقا جەلپ قىلىدۇ. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇلازىمەت مەركىزى خەت يېزىپ، ئۆزى كېلىپ ئەھۋال ئىگىلىگەن 300 دىن ئارتۇق ئادەم ( قېتىم ) نى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. (جياڭ لىگيۇن)

## [ 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشىدىكى ئۆزگىرىش ]

1983 - يىلى 10 - ئايدىن 1984 - يىلى 8 - ئايغىچە ۋىلايەت بويىچە كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشى تەڭشەلدى. بۇ قېتىم مۇئاشى ئۆسكەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر 26379 كىشى بولۇپ، مۇئاشى تەڭشىلىدىغان دائىرە ئىچىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 98% ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاشى بىر قەدەر كۆپرەك ئۆسكەن زىيالىي كادىرلار 607 كىشى بولۇپ، مۇئاشى تەڭشىلىدىغان دائىرە ئىچىدىكى ئومۇمى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 2.3% ىنى ئىگىلىدى. ۋىلايەت بويىچە كارخانىلاردا مۇئاش ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن ھەر ئايدا مۇئاشنىڭ كۆپەيگەن قىسمى 255 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىگە 9 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاشى بىر قەدەر كۆپرەك ئۆسكەن ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر بىرسىگە 18 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

ۋىلايەت بويىچە كارخانىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ۋاقىت ھېساپلاپ مۇكاپات بېرىدىغان مۇئاش يولغا قويۇلۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1984 - يىلى كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىلغان مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلىق ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

زىيالىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ "زىيالىلارنىڭ ھەممە چېگرا رايوندا خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشچى - خىزمەت-

چىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»گە ئاساسەن، 1984 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا تۇراقسىز مۇئاش، زىيالىيلارغا ياردەم بېرىش پۇلى ۋە چېگرا رايوندا خىزمەت قىلغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت چېكى ياردەم پۇلى قاتارلىق 3 خىل تەمىنات ئەمەلگە قويۇلدى. 1984 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە تۇراقسىز مۇئاش ئالىدىغانلار 30319 كىشى بولۇپ، كۆپەيگەن مۇئاش 2 مىليون 505 مىڭ يۈەن، زىيالىيلارغا ياردەم بېرىش پۇلى ئالغانلار 70581 كىشى، ئالغان پۇلى 3 مىليون 407 مىڭ يۈەن، چېگرا رايوندا خىزمەت قىلغان يىل چېكى ياردەم پۇلى ئالغانلار 9939 كىشى، قوشۇلغان پۇل 1 مىليون 642 مىڭ يۈەن.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 1984 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ، مۇئاش ئۆلچىمى تۆۋەنرەك ئاز ساندىكى كارخانىلاردا مۇئاش ئۆلچىمى تەرتىپكە سېلىندى، 1112 نەپەر سانائەت-كارخانا ئىشچىلىرىنىڭ مۇئاشى ئۆستى.

مەمۇرى مەھكىمە ۋالىيلار باش قوشۇش يىغىنى 1984 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك كۆمۈر كانىنىڭ كۆمۈرىنىڭ كانىدىن چىقىش باھاسىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70% ئۆستۈرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىگە 20 يۈەندىن كۆمۈر باھا پەرقى ياردەم پۇلى بېرىشنى قارار قىلدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئوينايدىغان بىر قىسىم خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمىتىنىڭ كەسپلىكى كۈچلۈك، بەدەن سەرپىياتى كۆپ، مۇئاشى تۆۋەن بولۇشتەك ھادىسىگە قارىتا، دۆلەتلىك ئەمگەك، كادىرلار تارماقلىرىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 110 نەپەر سەنئەت خادىمىنىڭ مۇئاشى يەنە بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى.

# مەنىۋى مەدەنىيەت

## سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى

ۋاڭ ۋېنچى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆپ قېتىم بىز يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىر چاغدا، تىرىشىپ يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىز لازىم، دەپ كۆرسەتتى، بۇ - جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئىستىراتېگىيىلىك فاڭجېن مەسىلىسى. 1984 - يىلى بىز پارتىيە مەركىزىي

كوممۇنىزمنىڭ ئىستراتېگىيىلىك فاكتورىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى جۇش ئۇرغۇزۇپ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرچاغدا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ خوشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

(1)

ۋىلايەت مىقياسىدا، "5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش" ۋە "ئومۇم خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى" پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ تۇتتۇق. پائالىيەت داۋامىدا، جايلار، ئورۇنلار، كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى مەركەز قىلىپ، "پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق"نى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەپ، "3 تە ئەلا بولۇش، 1 دە ئۆزگىرىش" مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى، مۇھىت قىياپىتىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى. جەمئىيەت ئامانلىقى، جەمئىيەت كەيپىياتى يەنىمۇ ياخشىلاندى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى يۈكسەكلىكى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. "5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش" پائالىيىتىدە، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش ۋە ئۆزى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ۋىلايەت بويىچە بىر تۈركۈم مەدەنىيەتلىك كەنت (بازار)، مەدەنىيەتلىك كوچا، مەدەنىيەتلىك مەكتەپ، مەدەنىيەتلىك دۇككان، مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا، مەدەنىيەتلىك ئائىلە ۋە باشقا مەدەنىيەتلىك ئورۇنلار بارلىققا كەلدى. بۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى.



مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىدە، ئوقۇغۇچىلار كىنوخانىنى تازىلاپ بەردى.

1984 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 1670 مەدەنىيەتلىك ئورۇن، 95830 مەدەنىيەتلىك ئائىلە بارلىققا كەلدى. قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى ۋىلايەت بويىچە نۇقتىلىق ھالدا مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرىدىغان جاي، ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يىلان ۋە يولغا قويغىلى بولىدىغان تەدبىرلەرنى تۈزدى ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشتى، ئۇلار ھازىر مەدەنىيەتلىك شەھەر ۋە مەدەنىيەتلىك ناھىيە بولۇش نىشانىغا قاراپ قەدەم باسماقتا. جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئىسپاتلاندىكى، مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش — 5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنىڭ تۈپكى يولى، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ياخشى شەكلى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتىنى ئاممىۋىلاشتۇرۇشتىكى بىر ئىجادىيەت.

بۇ پائالىيەتنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش، ئۇزلۇكسىز ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

(2)

ئىدىيەۋى قۇرۇلۇش — مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. 5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش، ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېچىش ۋە ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىدە، جايلار، ئورۇنلار ئىدىيەۋى تەربىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ھەر قايسى سەپلەردىكى ئىدىيەۋى سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشكە بىرلەشتۈرۈلدى.



قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قەشقەر گېزىتى باسما زاۋۇتىدىكى تۇرمۇش ئەقتىدارىدىن قالغان مەجرۇھ ئىشچى ئومەرجاننىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرمەكتە.

جېن نىۋ فوتوسى

ئورۇنلار كادىرلار ۋە ئاممىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك تەربىيە ۋە پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ، ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا غايە، ئىنتىزام توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، كۆپچىلىك غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى ئەۋلات بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا پائال ئېتىلگەندى.

بەزى ئورۇنلار ئىنقىلاۋىي قۇربانلاردىن ئۆگىنىش، ئىنقىلاۋىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، ئەجدادلارنى زىيارەت قىلىش، ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنى ياد ئېتىش، ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش، 4 لەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنى ئېتىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. قەشقەر شەھرى رايونىدا، نۇرغۇن ئورۇنلار ئاممىنى تەشكىللەپ، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئىنقىلاۋىي قۇربانلار قەۋرىستانلىقىغا بېرىپ قەۋرە سۈپۈردى، قەسەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. كۆپچىلىككە ئىنقىلاۋىي قۇربانلاردىن ئۆگىنىش، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايونىنى قوغداش ئۈچۈن كۈچىنى تەقدىم قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى.




پىئونېرلار ئەتىمال گۈللىرى قەشقەر شەھەرلىك قېرىلار ساناتورىيىسىگە بېرىپ قېرىلاردىن خەۋەر ئالادى.

باۋدى فوتوسى



ياخشى ئىش قىلىش.

جايلار، ئورۇنلار پارتىيىنىڭ مىللىي سىيا-
سىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپا-
قلىقىنى كۈچەيتىشنى ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنىڭ
مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلدى، مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى توغرىسىدا كەڭ-كۆلەمدە چوڭقۇر
تەربىيە ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن ھەر-
مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ماركسىزملىق مىل-
لەت كۆز قارىشىنى ۋە «ئىككى ئايرىلماسلىق»
ئىدىيىسىنى يەنىمۇ تۇرغۇزۇۋالدى، يېڭىچە سوت-
سىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.



كوچىدىكى ھەقسىز رېمونت پونكىتى.

ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئورۇنلار تەربىيىنىڭ
مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىزدىنىشكە ۋە ياخشى-
لاشقا دىققەت قىلدى، تەربىيىنى مول مەزمۇن-
لۇق پائالىيەتلەرنىڭ ئىچىگە سىڭدۈردى. يې-
قىنقى يىللاردىن بۇيان بارلىققا كەلگەن جۇڭ-
خوانى گۈللەندۈرۈش كىتاب ئوقۇش پائالىيى-
تى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە كۆڭۈل
ئېچىش، دوستلۇشۇش پائالىيىتى، لېي فېڭدىن
ئۆگىنىش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش گۇرۇپپىلىرى،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەتلىك ئائىلە قاتارلىقلارنى كەڭ ئامما خوشاللىق



ئىللىقلىق يەتكۈزۈش.

بىلەن كۈتمەكتە ۋە ئالقىشلىماقتا. نۇرغۇن ئو-
رۇنلار بولۇپمۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار
ئىتتىپاقى تەشكىلاتى كىتاب ئوقۇش پائالىيى-
تىنى چۆرىدەپ، كىتاب ئوقۇش تەسىراتىنى
سۆزلەش يىغىنلىرى، كىتاب ئوقۇش بىلىم مۇسا-
بىقىسى، كىتاب ئوقۇش تەشۋىقات-يېتەك-
چىلىك قىلىش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇردى.
تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا،
ۋىلايەت بويىچە 1160 تىن ئارتۇق كىتاب ئو-
قۇش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا
24840 ئادەم قاتناشتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، كىتاب ئوقۇش، نۇتۇق سۆزلەش پائالىيى-

تى بىلىم، پەلسەپىلىك كۆز قاراشنى قىزىقىش ۋە تەلپۈنۈش بىلەن بىرلەشتۈردۈەتتى، كىتاپ ئوقۇش بىلەن كىتاپ ئىشلىتىشنى زىچ بىرلەشتۈردۈەتتى. ئاھايىتى كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولدى، كەڭ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى.

(3)

بىز ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر چاغدا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ، پەن-تېخنىكا، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخبارات-نەشرىيات، رادىئو-تېلېۋىزور، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ھەر قايسى مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىسلاھات داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا باستى.



قەشقەر شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيىدا كوچىلاردا ئاممىنىڭ كېسەللىرىنى ھەقسىز داۋالىماقتا.
چېن لېۋ فوتوسى

پەن-تېخنىكا سېپىدە، مەركەزنىڭ «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پەن-تېخنىكىغا تايىنىدۇ، پەن-تېخنىكا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىشى لازىم» دېگەن ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، زىيالىيلار سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردۇق، تىرىشىپ پەن-تېخنىكا ئاپپاراتلىرىنى قۇردۇق ۋە مۇكەممەللەشتۈردۇق. تېخنىكا قىيىن ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق پەن-تېخنىكا پائالىيەتلىرى پائال قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان بىر تۈركۈم پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى بارلىققا كەلدى، بەزىلىرى ئاپتونوم رايوندا مۇكاپاتلاندى. مائارىپ سېپىدە، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى ۋە تۈرلۈك سىياسەتلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش جەھەتتە مەبلەغ سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە چوڭلارنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، ۋىلايەت بويىچە جايلارنىڭ مائارىپ سۈپىتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تەنتەربىيە ئىشلىرىدا، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلدى، ئاممىۋى تەنتەربىيىنىڭ كۆلىمى كۈنسايىن زورايدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى يەنىمۇ جانلاندى، ۋىلايەت بويىچە بەزى تەنتەربىيە تۈرلىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۇق. باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا نىشاننى بويلاپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا.

كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، پەن ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، جايلار، ئورۇنلار مەدەنىيەت بازىسىنى كۈچەيتىشكە، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئومۇميۈزلۈك ئەھمىيەت بەردى. ۋىلايەت

بويىچە 13 مەدەنىيەت يۇرتى، 100 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلدى، جايلار، ئورۇنلار بارلىق مەدەنىيەت بازىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىدىيىۋى تەربىيە، پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، ئاممىۋى تەنتەربىيە قاتارلىق مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى، بۇ، ھەم كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى، ھەم كىشىلەر ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانى، گۈزەللىك جەھەتلەردىن تەربىيىگە ئىگە بولدى، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇردى. يېڭىشەر ناھىيىسىدىكى ئارمىيە ۋە خەلق 1984-يىلى 8-ئايدا ئومۇمى كۆلىمى 1080 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مەدەنىي پائالىيەت مەركىزىنى بىللە قۇرۇپ چىقتى، بۇ، ھەر مىللەت ئارمىيە، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، ئارمىيە-خەلق مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش جەھەتتە ياخشى رول ئوينىدى.

ئۆتكەن بىر يىلدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ئەسلىگەندە، خىزمىتىمىزنى پارتىيىنىڭ تەلىپى، خەلقنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىلغار رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى زور پەرقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، شەھەرنى نۇقتا قىلىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشتا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدۇ، مۇندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، تىرىشىپ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىز لازىم.

## [ 5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش پائالىيىتى ]

1984-يىلى، ۋىلايەت بويىچە 5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش پائالىيىتى داۋاملىق كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدى ھەمدە ئۆتكەنكى بىر نەچچە يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئاساسىدا، يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. «پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق» ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈتۈلدى، «3 تە ئەلا بولۇش، 1 دىن ئۆگىنىش» پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى.

5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش ۋە ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتىدە، جايلار، ئورۇنلار پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاش، ياخشى تەرتىپ ئورنىتىش، گۈزەل مۇھىت يارىتىش ۋە لېيفېڭدىن ئۆگىنىش، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە مۇھىت تازىلىقى، جەمئىيەت كەيپىياتى ۋە كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

پاسكىنىچىلىقنى تۈگىتىپ گۈزەل مۇھىت يارىتىش جەھەتتە، جايلار، ئورۇنلار ئاممىنى كەڭ تۈردە قوزغاپ، مۇھىت تازىلىقىنى ياخشىلىدى، ئەخلەتنى ئادالىدى، تازىلىق جەھەت-

تىكى سۈپۈرگە ئېلىپ باقمىغان جايلارنى تۈگەتتى، كەڭ-كۆلەمدە دەل-دەرەخ قويدى، گۈل
ئۆستۈرۈش، ئوت-چۆپ تېرىش، قۇشلارنى ئاسراش، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېشىللىققا ئايلاندۇ-
رۇش، پاكىزلەشتۈرۈش، گۈزەللەشتۈرۈش خىزمىتى ۋە مۇھىت تازىلىقىنى ياخشىلاش تە-
كىتلەندى. شەھەر-بازارلاردا يېزىدا سۇلارنى تىزگىنلەش، كوچا، يوللارنى ئۆزگەرتىش
جەھەتتىكى خىزمەتتە مەلۇم ئىلگىرىلەشلەر بولدى، ئۆتكەنكىدەك "ھاۋا ئوچۇق بولغاندا
ھەممە يەر توپا، يامغۇر ياققاندا ھەممە يەر لاي بولىدىغان" ھالەت تەدرىجى ئۆزگەرمەك-
تە. نۇرغۇن ئورۇنلاردا تازىلىق تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى، تازىلىق قىلىشتىكى زەربىدارلىق
بىلەن دائىملىق پائالىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش
تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش، ياخشى تەرتىپ ئورنىتىش جەھەتتە، ئېغىر جىنايى ئىشلار جى-
نايى ھەركەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى، كەڭ كادىرلار ۋە
ئاممىغا قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق
مەنپەئەتىنى قوغداش تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئازغان ياشلارغا ياردەم
بېرىش، تەربىيە بېرىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، قاتناش تەرتىۋى ۋە جامائەت تەرتىۋى
تەرتىپكە سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقى يەنىمۇ ياخشىلاندى.

ئاچارچىلىقنى تۈگىتىش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە، نۇرغۇن ئورۇنلار،
بولۇپمۇ سودا، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپلىرى، قاتناش، پوچتا- تېلېگراف، داۋا-
لاش-ساقلىقنى ساقلاش، كىنوخانا، تىياتىرخانا قاتارلىق ئورۇنلار كادىرلار ۋە ئىشچى-خىز-
مەتچىلەرگە سوتسىيالىستىك كەسپىي ئەخلاق، كەسپىي مەسئۇلىيەت، كەسپىي ئىنتىزام تەربى-
يىسىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنى پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق
ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلىدى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ئۈز-
لۈكسىز ياخشىلىدى، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈردى. قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى
ئۇزاقتىن بۇيان قىيىنچىلىقى بار، 5 تە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە ئاشلىق ئاپى-
رىپ بېرىشتە چىڭ تۇردى، خىزمەت ئۆتەشتە قىزغىن، ئەتراپلىق بولۇپ، ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگان كادىرلىرىمۇ
خىزمەت ئىستىلىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى زىچلاشتۇردى،
ئاكتىپ ھالدا ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى غەمدىن قۇتۇلدۇردى، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى،
ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. لېيفېڭدىن ئۆگىنىش، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش جە-
ھەتتە، ھەر مىللەت ئاممىسى، بولۇپمۇ، ياش-ئۆسمۈرلەر لېيفېڭدىن ئۆگىنىش، يېڭى خىس-
لەت تۇرغۇزۇش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى كەڭ تۈر-
دە قانات يايدۇردى. ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىدە،
قەشقەر شەھەر رايونىدىن جەمئىي 2330 دىن ئارتۇق ئىللىقلىق يەتكۈزۈش گۇرۇپپىسى
تەشكىللەندى، پائالىيەتكە 66500 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش ۋە ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك
بولۇش ئېيى پائالىيىتىدە، ئورۇنلار ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ،

كۆپچىلىككە غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى بىر ئەۋلات كىشىلەردىن بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بەردى.

مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. يۇقۇرىدىكىلەرنىڭ تەلىۋى بويىچە، جايلار، ئورۇنلار مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنى 5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش پائالىيىتىنىڭ موھىم مەزمۇنى ۋە ئاساسى شەكلى قىلىپ، ئەستايىدىل گۈيخۇا تۈزدى، پائالىيەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى، ئۇلچەمدە چىڭ تۇتۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلدى. 1984 - يىلى يىلنىڭ ئاخىرىدىكى تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇن 1670 نەچچىگە تەرەققى قىلغان ھەمدە ھازىر نوقتىدىن دائىرىگە، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقۇرى دەرىجىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا. قەشقەر شەھىرى ۋىلايەتنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشىدىكى موھىم نوقتا. ئۇلار 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ شەھەر قۇرۇلۇش گۈيخۇاسىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ موھىم نوقتىسى ۋە تەدبىرلىرىنى بەلگىلىدى. شەھەر رايونىدىكى 400 نەچچە ئورۇن پۈتكۈل شەھەرنىڭ ئومۇمى گۈيخۇاسى بويىچە، ئۆز ئورنىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزدى، ئورۇنلاردىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلدى، 1984 - يىلى 6 - ئايدا، ئۇلار شەرەپلىك ھالدا مەركىزىي 5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش ھەركىتى كومىتېتى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ سەنمىڭ شەھىرىدە چاقىرغان مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە يىغىندا تەجرىبە تونۇشتۇردى.

مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىدە، جايلار، ئورۇنلار مەدەنىيەتنىڭ ھۆجەيرىلىرى — ئائىلىدىن تۇتۇش قىلدى، "5 تە ياخشى ئائىلە"، "مەدەنىيەتلىك ئائىلە" پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 95830 دىن ئارتۇق مەدەنىيەتلىك ئائىلە بارلىققا كېلىپ، ئومۇمى ئائىلە سانىنىڭ 18.8% نى ئىگەللىدى.

ئارمىيە، خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىمۇ ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە قۇرغان مەدەنىيەتلىك كەنت (بازار)، مەدەنىيەتلىك كوچا، مەدەنىيەتلىك مەكتەپ ۋە مەدەنىيەتلىك ئورۇنلار زور تۈركۈمدە مەيدانغا كەلدى. بۇلار جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىش، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى زىچلاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، چېگرا رايوننى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشتە ناھايىتى زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. قاغىلىق ناھىيىسىدىكى تاشيول ئاسراش باش ئۇچاستكىسى ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ مەلۇم قىسمى ئارمىيە، خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش ھەركىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىدا "مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىيەتلىك لىنىيە" بەرپا قىلىپ، تاشيول تىرانسپورتىنىڭ توسالغۇسىز راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى مەركىزىي

كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى يولداش خۇ ياۋباڭغا، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى يولداش يۈچيۇلىغا خەت يېزىپ دوكلات قىلغاندىن كېيىن، خۇ ياۋباڭ، يۈ چيۇلى يولداشلار جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈم ئىشخانىسىغا ھاۋالە قىلىپ ئۇلارغا جاۋاپ خەت يازدى. خەتتە، ئۇلارنىڭ ئارمىيە، خەلق بىرلىكتە بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەنگەن.

مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش كەڭ كادىرلارنىڭ، ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ بىر ئىشقا ئايلاندى، كىشىلەرنىڭ «كۆڭۈلدىكى قىممەت نۇقتىئىنەزىرىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى»غا ئايلاندى. خۇددى بەزى يولداشلار ئېيتقانغا ئوخشاش، ھازىر كىشىلەر بىر نەرسە ئالماقچى بولسا مەدەنىيەتلىك ماگىزىنغا بارىدۇ، كېسەل كۆرسەتكەندە مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانىغا بارىدۇ، مەكتەپتە ئوقۇسا مەدەنىيەتلىك مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، تاماق يېسە مەدەنىيەتلىك تاماقخانىغا بېرىپ تاماق يەيدۇ. ھەتتا ئوغۇل ئۆيلەش، قىز چىقىرىشقا توغرا كەلگەندىمۇ قارشى تەرەپنىڭ مەدەنىيەتلىك ئائىلە ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالىدۇ. كىشىلەر مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلىنىشىنى ئۈمىت قىلماقتا. (چۈەن دېيى)

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

**[مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى]** 1984 ـ يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتى بۇرۇنقى نەتىجىلەر ئاساسىدا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ناھىيە (شەھەر)، تارماق، ئورۇنلار كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى پائالىيىتىنى ياخشى يولغا قويغاندىن باشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى يىل بويى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، جايلار، ئورۇنلار كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ماركسىزمنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس سالدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى داۋامىدا، ئورۇنلار مۇھىم نۇقتىنى ماركسىزمنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە قويدى. كادىرلار ۋە ئاممىنى ماركسىزمنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆگىنىشكە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيە فوداۋ ماتېرىياللىرىدىن 14 لېكسىيە يېزىپ چىقىپ، قەشقەر گېزىتىدە داۋاملىق ئېلان قىلدى. نۇرغۇن ئورۇنلار مىللەتلەر توغرىسىدىكى نەزەرىيە دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىـ

سىزمىسى ئەستايىدىل، ئاكتىپ بولدى، ئۆگىنىش ھاۋاسى قويۇق بولدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، كۆپچىلىك ماركسىزمنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، مىللى مەسىلىدىكى بۇرۇنقى بەزى خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە مۇجمەل ئىدىيىلىرىنى ئېنىقلىۋالدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا توسالغۇ بولىدىغان بەزى ئامىللارنى تازىلىدى، ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتەردى، پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتەردى.

كۆپخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، بۇنى ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ ئىچىگە سىڭدۈردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشىدا، ئورۇنلار ئۆز ئۆزلۈكىدىن تەربىيە شەكلىنى قوللاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئېغىز مول تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يېڭى شەكىل ۋە ئۇسۇللارنى ئىزدىنىپ، تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىنى ئىزچىل يۇقىرى كۆتەردى. تىپلارنى تۇرغۇزۇش، ئۈلگىلەرنى تەقدىرلەش جەھەتتە، ۋىلايەت مىقياسىدا پۈتۈن نىيەت پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ياخشى ھەربى دوختۇر، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىسى جاڭ يىخۇادىن ئۆگىنىش ھەركىتى كەڭ دائىرىلىك قانات يايدۇرۇلدى. جاڭ يىخۇانىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، نۇرغۇن كادىرلار ۋە ئامما، بولۇپمۇ تېببى خىزمەتخادىملىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللى مۇھەببەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل شەكىلدىكى مىللى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇشۇش پائالىيىتى، "دوس مەكتەپ"، "دوس يىللىقلار"، "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە كېچىلىكى" قاتارلىقلار كەڭ تۈردە ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە قانات يايدۇرۇلدى. قەشقەر شەھەر رايونى بويىچە 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق باغچىسىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى كەيپىيات تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مۇنداق چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئازادلىقتىن بۇيان تۇنجى قېتىملىق ئىش. ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دوكلات يىغىنى جانلىق، جۇشقۇن، ناھايىتى جەلپ قىلارلىق بولدى. بەزى جايلار يەنە "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قورۇسى" ۋە "دوستلۇق ئائىلىسى" پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئەپ ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1984 - يىلى كېيىنكى يېرىم يىلىدىن بۇيان، كۆپ ساندىكى ناھىيە (شەھەر) لەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، مۇشۇ ئاساستا، ۋىلايەت 11 - ئايدا 2 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، جايلار، ئورۇنلاردىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئېغىز چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن يارىتىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يېڭى يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشنى تەلەپ قىلدى. (چۈەن دېيى)

[مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشى بولدى] قەشقەر ۋىلايىتى 1982-يىلى 10-ئايدا ۋىلايەتتە 1-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى ئاچقاندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇردى، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ماركسىزمنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك مىللىي سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىلەشتۈردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلىدى، شۇنىڭ بىلەن «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بارغانسېرى ياخشى بولدى، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

1. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى زور دەرىجىدە ئۆستى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەربىيە ئارقىلىق، ئىجابىي، سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ پارلاق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ شەرتى ۋە كاپالىتى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان، تەكشۈرگەن، يەكۈنلىگەندە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى بىر مۇھىم مەزمۇن قىلدى. ناھىيە (شەھەر) لەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزئارا ئىشەندى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلدى، ئۆزئارا ئۆگەندى، ئۆزئارا قوللىدى، ئۆزئارا ئەپۇ قىلدى.

2. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ئەمەلىلەشتۈرۈلدى. جايلار، ئورۇنلار مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلىدى ۋە ئۆستۈردى. ۋىلايەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 74.9% نى ئىگىلەيدۇ، 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 4 رەھبەرلىك بەنزىسى ئىچىدە بىرىنچى باشلىقلىقنى ئۈستىگە ئالغان مىللىي كادىرلار 72.9% نى ئىگىلەيدۇ. جايلار، ئورۇنلار تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتتى. ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەر خىل كەسپىي، تېخنىكا كادىرلىرى (جۈملىدىن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى) ۋىلايەت بويىچە تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ 77.4% نى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەتلىنىشكە سازاۋەر بولدى. زور كۆپچى-

لىك ئورۇنلار، ئالاقە، مەجلىس قاتارلىقلاردا ئىككى خىل تىل ـ يېزىق ئىشلەتتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋىلايەت بويىچە كادىرلار ئارىسىدا ئۆز ئارا تىل ـ يېزىق ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى، بۇ، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. نۇرغۇن ئورۇنلار مىللىيلار ۋە خەنزۇلار ئۈچۈن ئايرىم ئاشخانا قۇرۇپ بەردى. خەنزۇ كادىرلار ۋە ئاممە كۈندىلىك تۇرمۇشتا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ۋە قائىدە ـ يوسۇنىغا ئاڭلىق ھۆرمەت قىلدى. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىللاشتى.

3. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدىكى تەربىيە پائالىيىتىدە، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممە ماركسىزمنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغان مۇساپىنى ئەسلەپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى يەنىمۇ تونۇۋالدى. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» كىشىلەرنىڭ ئىدىيە، ھەرىكەت ـ سۆزلىرىنىڭ مىزانىغا ئايلاندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى پائالىيىتىدە بىر ئۇيغۇر ئارتىست «تۇققان ناخشىسى» نى ئورۇنلىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «بېلىق بىلەن سۇ بىر تۇققان، گۆش بىلەن قان بىر تۇققان، چىش بىلەن كالپۇك بىر تۇققان، قول بىلەن پۇت بىر تۇققان، خەنزۇ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئۇلار دېسىمۇ بەك يېقىن تۇققان......» بۇ ناخشا خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى بېلىق بىلەن سۇدەك، قان بىلەن گۆشتەك، چىش بىلەن كالپۇكتەك، قول بىلەن پۇتتەك چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.


4. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بويىچە ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى شۇ دېيەنۇيى، خەلقنىڭ ياخشى ھەربىي دوختۇرى جاڭ يۈخۇا ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىلىرى. ئۇلار چېگرا رايوننى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ، قەشقەرنىڭ «4 لىشىش» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈچىنى تۆھپە قىلدى. ئۇلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى چوڭقۇر تەربىيىگە ۋە ئىلھامغا ئىگە قىلدى. خەنزۇ كادىرلار چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيىدىغان، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىدىغان، چېگرا رايون خەلقى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزدى؛ ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممە خەنزۇ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ چېگرا رايوندا خىزمەت قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە قوللىدى. ۋىلايەتلىك ئىككىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىدا، 66 ئىلغار كوللېكتىپ، 129 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان كادىرلار ۋە ئاممە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەر چەكلەندى.

5. جەمئىيەت تەرتىۋى تېچ بولدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلار تېز راۋاجلاندى. جەمئىيەت ئامانلىقى روشەن ياخشىلاندى، ۋىلايەت بويىچە جىنايى ئىشلار ئەن-

زىمىننىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. جەمئىيەت تەرتىۋىگە ئاغلىق رۇ-ئاپە قىلىدىغان ۋە ئۇنى قوغدايدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەنمەكتە. ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچىيىپ، غايەت زور ماددى كۈچ پەيدا بولدى، ئىقتىسادىي تۈ-زۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئەمگەكرى سۈرۈلدى ۋە تۈرلۈك ئىشلار تېز راۋاجلاندى. يېزا ئىگىلىكىدە يىلمۇ - يىل ھوسۇل مول بولدى. سانائەت مۇقىم ھالدا يۈكسەلدى. مەدەنىيەت - مائارىپ، پەن-تېخنىكا، سەھىيە قاتارلىق ئىشلاردا يېڭى تەرەق-قىياتلار بولدى، شەھەر، يېزا بازارلىرى ئاۋاتلاشتى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

(جاڭ يۈەنشىڭ)

**[ قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ]** 1984 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخ-سلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا 219 نەپەر ھەر مىللەت ۋەكىلى قاتناش-تى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى 68 نەپەر، ئىلغار شەخس ۋەكىلى 129 نەپەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل 22 نەپەر،ۋەكىللەر ئىچىدە ئەڭ چوڭى 92 ياش، ئەڭ كىچىكى 8 ياش.



چوڭ يىغىندىن كۆرۈنۈش

چېن ئېزۇ فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يىغىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىنگ شۈلىن ئۆمەك باشلىقلىغىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى يىغىنغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. قەشقەر شۆبە ھەربى رايونى،



ئاپتونوم رايونلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىنگ شۈلىن يەلەنكوگسالا، ئابدۇقوپۇر سىدىقلار چوڭ يىغىندا ئىلىق رەئىس دىۋانىدا.

گوي ئەنشۇڭ فوتوسى

بىلتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ دەۋىرىيىسى يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىسى يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىق ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوكاڭ ۋىلايەتلىك پارتكومغا، مەمۇرى مەھكىمىگە ۋاكالىتەن دوكلات بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى يولداش مېھلىڭ شۇلىن، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى يولداش ئىلاخۇن يىغىندا سۆز قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش تىلىۋالدى توختى يېپىش نۇتقى سۆزلىدى. ھەر مىللەت ۋەكىللەر ۋە يولداشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ئۈستىدە كەڭ-تاشا پاراڭلاشتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى، مۇندىن كېيىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يەنىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە چىقارغان «تەشەببۇسنامىسى» ماقۇللاندى.



ۋالى ئابدۇغوپۇر سىدىق يەكەن گورۇپپىسىدا.
لى جۈنلىڭ فوتوسى

يولداش گوكاڭنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇميۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن سەرلەۋھىدىكى دوكلادى يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ۋە قۇۋۋەتلىشىگە سازاۋەر بولدى.

دوكلاتتا ۋىلايىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىنىپ، مۇنداق دەپ قارالدى: ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشى بولماقتا، بۇ، ئاساسلىقى، 4 جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: (1) ھەر مىللەت كادىرلارى ۋە ئاممىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى زور دەرىجىدە كۈچەيدى؛ (2) «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىگە تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭدى؛ (3) پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەللەشتى؛ (4) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلار تېز راۋاجلاندى.

دوكلاتتا ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى بىر نەچچە تەجرىبىسى يەكۈنلەندى: (1) پارتكومنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەرلىكنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچى؛ (2) ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ھەققىدىكى تەربىيىنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى مەھكەم تۇرغۇزۇش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى؛

(3) كۆپ خىل شەكىل ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ يولى؛ (4) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى؛ (5) ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ ماددى ئاساسى.

دوكلاتتا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ھەر مىللەت خەلقىغە داۋاملىق تىرىشىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش چاقىرىقى چىقىرىلدى ھەمدە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: (1) پارتىيىنىڭ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم؛ (2) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش لازىم؛ (3) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، سىستېمىلاشتۇرۇپ، يېڭى تىپتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش لازىم؛ (4) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم؛ (5) ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا تۈرتكە بولۇش لازىم.

**قوشۇمچە: قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىنىڭ ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر ئىسىملىكى**

ئىلغار كوللېكتىپ 68

قەشقەر شەھىرى:

شەھەرلىك پاتكوم، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى، شەھەرلىك سودا - سانائەت بانكىسى، شەھەرلىك 7 - باشلانغۇچ مەكتەپ، شەھەرلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ، شەھەرلىك كوچا ئاپتوۋۇز شىركىتى، شەھەرلىك بىناكارلىق شىركىتى، شەھەرلىك سۈت فىرمىسى، شەھەرلىك خەلق ئاشخانىسى، شەھەرلىك چاسا باشقارما قازانچى ئاھالە كومىتېتى.

يەكەن ناھىيىسى:

شەھەر - بازار، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، چارەك كوممۇنىسى 6- چوڭ ئەترىتى، ناھىيىلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ.

قاغىلىق ناھىيىسى:

شەھەر - بازار پارتكومى، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ئۆششاقباش كوممۇنىسى.

كونىشەھەر ناھىيىسى:

بەشكېرەم كوممۇنىسى 15 - چوڭ ئەترىتى، سەمەن كوممۇنىسى 1 - چوڭ ئەترىتى، پاختەكلە كوممۇنىسى 1 - چوڭ ئەترىتى.

پەيزىۋات ناھىيىسى:

ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ناھىيىلىك باسما زاۋۇتى.

مارالبېشى ناھىيىسى:

ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى، ئالاغىر كوممۇنىسى، ئاقساقمارال كوممۇنىسى.

يېڭىسار ناھىيىسى:

ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى، قىزىل دېھقانچىلىق مەيدانى.

پوسكام ناھىيىسى:

ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى.

ئايكۆل كوممۇنىسى.

يېڭىشەھەر ناھىيىسى:

ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى، شەھەر كوممۇنىسى ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى.

يوپۇرغا ناھىيىسى:

ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى.

مەكىت ناھىيىسى:

تۇمەنتال كوممۇنىسى، ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغلىقدان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى:

تاغارما كوممۇنىسى 10 - چوڭ ئەترىتى، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ناھىيىلىك يول ئاسراش ئۇچاستكىسى.

ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار:

ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرى مەھكىمە مالىيە باشقارمىسى، قەشقەر تاموژنا، قەشقەر يول ئاسراش باش ئۇچاستكىسىنىڭ يەكەن ئۇچاستكىسى، ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگىراف ئىدارىسى، 6 - ترانسپورت شىركىتى 4 - كالونى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك 1 - ترانسپورت شىركىتى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى، ۋىلايەتلىك 5 خىل مېتال شىركىتى، ۋىلايەتلىك پاختا - كەندىر شىركىتى، ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ماشىنا ئەترىتى، قەشقەر مويكا، ۋىلايەتلىك ياغاچ شىركىتى، مەمۇرى مەھكىمە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى باشقارمىسى، يەكەن دەريا باشقارمىسى، مەمۇرى مەھكىمە دېھقانچىلىق باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى، ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى، قەشقەر تېببىي مەكتەپ قارىمىقىدىكى دوختۇرخانا ئىچكى بۆلۈمى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن، قەشقەر 2 - ئوتتۇرا، قەشقەر 6 - ئوتتۇرا، ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قەشقەر قوراللىق ساقچى ئارماق ئەترىتىنىڭ موتورلاشقان ئوتتۇرا ئەترىتى.

ئىلغار شەخس 129

قەشقەر شەھرى:

ۋاڭ فېلى، شۈشمېچېي، لى چىڭيولى، داۋۇت نۇر، قەمەرجان، سېلىمە مەممەت ھاجى، سوپى ئاۋۇت، سەمەت قادىر، تۇراق سىدىق، سەمەت مەخسۇم، خې جىنۇ، جاڭسۇشىڭ، لى فىڭلەن، جاڭ چاۋ ۋاڭ.

يەكەن ناھىيىسى:

ئابدۇرازاق داۋۇت، روزى ھېيت، پارىس مەممەت، تۇرسۇنخان سادىق، ئابدىرېھىم قاسىم، ئابدۇللا ھامىت، تيەن شۇگۇاڭ، يۈجۇڭ، ياڭ بۇجىن، لى سۇنجى، ۋاڭلەنخۇا.

قاغىلىق ناھىيىسى:

ئابدۇللا تۇرسۇپ، ئەخمەت قادىر، ياسىن ياقۇپ، ئابلىكىم مەخسۇم، مەتتىمىن نۇسمان، قاسىم تۇردى، مۇسا سالاھىدىن، ۋاڭ لى، سەي شىڭلى، سۇي جيەنرۇڭ.

كونىشەر ناھىيىسى:

ھاشىم قاسىم، سەمەت يولۋاس، تۇرسۇن ئىبراھىم، ياسىن ئىبراھىم، سايىم مۇسا، ئابدىكېرىم ئەخمەت، بى كېخۇي. جۇيۇڭ سەي، گوباۋفىڭ.

پەيزىۋات ناھىيىسى:

سالامەت ئوسمان، قەمبەرگۈل، سابىر ۋۇپ، سۇدىيە، ياۋلىيەنلىڭ، مې سىشىڭ.

مارالۋېشى ناھىيىسى:

روزى تۇردى، ئايخان تۇراق، مەتتىمىن ئوبۇل، مىجىت ئابدۇللا، خەن جىڭفا، ياڭ جىڭمىڭ، تۇرسۇن قۇربان.

يېڭىسار ناھىيىسى:

قادىر قاسىم، تۇراق تۇردى، ئابدۇللا يۇسۇپ، ۋۇجاڭۋۇدىن، ۋۇشاۋباۋ.

پوسكام ناھىيىسى:

گاۋ بىنسېن، خې روڭفىڭ، نىياز، سەيدى ئەمەت ھوشۇر، مەمەت توختى.

يېڭىشەر ناھىيىسى:

ئىبراھىم كىچىك، ئەيسا يۇسۇپ، تۇراخۇن، تۇرسۇن مەتتىمىن، جاڭ يۈجىن، فاڭ جۇيىڭ، گوچىڭ شۇڭ.

يوپۇرغا ناھىيىسى:

خەن شياۋجۇڭ، جاڭ شۇۋدىن، سىدىق ئابدۇرۇسۇل، ئوسمان ئەخمەت، روزىگۈل.

مەكىت ناھىيىسى:

كوڭ فاۋۇ، ۋاڭ سۇڭچاڭ، مەتتىمىن سابىر، ئەنۋەر ئوسمان، كامىل ھەسەن.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى:

جۇچېجېن، شارىخان، نوراق، مارقان،

ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئىدارىلار

ياسىن قارىھاجى، تۇرسۇن مەھەممەت، ئوبۇل سۇلايمان، چېن خەيخۇا، ياۋچاڭشۇن، ساۋمىڭجۇ، ^ ن شۇنشىن، جاۋشۇجىڭ، ئاسىمخان، مەھەممەت سۇلايمان، ۋاڭ يۇلىن، ئابدۇ-

خەيرۇللا، ھەسەن ئېلى، ئابدۇللا ھېكىم ئەبەيدۇللا، ھەسامىددىن مامۇت، ھۆسەنجان، ئابدۇرېشىت، رازىق مەھەممەت، تۇرسۇن، يۈەن گېڭفا، ئابلىمىت ئىسلام، لى شۆيى، لۇ خۇا، نىيې مىڭيى، لۇشېنەن، ئابدۇكېرىم قارى، تەۋەككۇل توختى، تۇرنىسا ئوسمان، ئايشەم ئىسلام، ئابدۇرېھىم، مەھەممەت ئەلى، مەھەممەت يۈسۈپ، مەھەممەت ھېيت، بەي ۋېي، فېڭ جى، جۆجىڭخۇا، جاڭ گۇاڭجى، لۇلەن شىڭ، لى بۇفۇ، مابۇشيا.

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل 22

لى ئېنفۇ، مىجىت كېرىم، خوبۇلىيەن، شۆخەيپىڭ، نىيۇخەيلەن، گوۋبى، مەھەممەت رەشات تۇرسۇن، ئالىيە مەھەممەت، يۈسۈپ ياقۇپ داموللا، مامۇت قارى، سۇن جىلياڭ، مەھتىمەن ئېلى، زۇلال، ياقۇپ ھاجى، سەلىمە تالىپ، ئايىمخان، ۋاڭ يېرىن، ۋاڭ شۆگفې، سەيدۇللا، خالىدەم، ۋاڭ يىكۇن.

**[مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار]** شەرق شامىلى قەشقەرنى قاپلاپ، تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەر رەڭگا - رەڭ چېچەك ئاچقاندا، "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈلى" دىن بىر نەچچىنى سىلەرگە تونۇشتۇرىمىز. ئۇلار قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىبارەت.

### بىر جۈپ غۇنچە تەڭ ئېچىلدى

قەشقەر شەھەرلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، مانجۇ 4 مىللەتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇيدىغان مەكتەپ، قەشقەر شەھەرلىك 7 - باشلانغۇچ مەكتەپ بولسا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلغان، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇيدىغان مەكتەپ. 1981 - يىلى بۇ ئىككى مەكتەپ ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بولۇپ دوست مەكتەپ بولدى.

بۇ ئىككى مەكتەپ ھەر خىل دوستلۇق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ياشلار، ئۆسمۈرلەر پائالىيەت داۋامىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى روھى بىلەن سۇغۇرۇلدى. ئۇلار بىرلىكتە بوز يەر ئاچتى، دەرەخ تىكتى، قەبرە سۈپۈردى، ئەدەبىيات-سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. دوستلۇق پائالىيىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئۆز ئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقتى. 7 - مەكتەپ 5 - يىللىق 3 - سىنىپنىڭ 3 تە ياخشى ئوقۇغۇچىسى مەھەممەت رەشات تۇرسۇننىڭ خەنزۇ خوشنىسى شىن شيۇلەننىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەچكە، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتىپ قالغان ئىدى. مەھەممەت رەشات تۇرسۇن دائىم شىن شيۇلەنگە سۇ ئەكېلىپ، ئوتۇن يېرىپ، كۆمۈر خىش قۇيۇپ ياردەم قىلدى. 4 - مەكتەپنىڭ 3 - يىللىق 2 - سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى گوۋبى دائىم خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولمىغان ساۋاقداشى ئەسقەرگە دەرس ئۆگىتىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن، ئەسقەر سىنىپ بويىچە ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولدى.

دوستلۇشۇش پائالىيىتى مول مېۋە بەردى ، ئىككى مەكتەپ بىرلىكتە ئىلگىرىلەپ ، قەشقەر شەھىرى ۋە ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلغار كوللېكتىۋى بولۇپ باھالاندى .

## ئادەم ئىتتىپاق، كۆڭۈل بىردەك بولغاچقا ئىستانسە گۈللەندى

پوسكام ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدە ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، مانجۇ ، تۇجيازۇ بولۇپ 115 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بار. بۇ ئىستانسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماشىنىنىڭ سىغىمچانلىقى 4800kW بولۇپ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئىستانسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلى مۇقىم بولمىغان، 1979 - يىلىدىن 1982 - يىلىغا قەدەر يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھاسىل قىلىنغان توك مىقدارى 3 مىليون كىلوۋات بولغان بولسا ، يېڭى رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلغاندىن كېيىن ، « مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ ، قىلغىنى ئىشلارنى تۈگۈتۈپ ، "4لەشتۈرۈش" بىلەن كەڭ شۇغۇللىنايلى » دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى قاتتىق تۇتتى. 3 يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئىتتىپاقلىق كەيپىياتى زور دەرىجىدە ئۆستى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى، ئىنتىزام كۈچەيدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈندىن - كۈنگە يۈكسەلدى، 1983 - يىلى ھاسىل قىلىنغان توك مىقدارى 9 مىليون 400 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، 1984 - يىلى 690 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، ئىستانسە قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يارىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تەجرىبىسى مۇنداق:

رەھبەرلىك بەنزە باشلامچىلىق بىلەن ئىتتىپاقلىقنىڭ باشلامچىلىرى بولدى. ئۇلار پۈتۈن ئىستانسىدا: ئاممىدىن ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدىغانلىكى ئىشلارنى پارتىيىلىك كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم دەپ جاكالىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ياخشى بولمىغانلارنى ئىلغار باھالىغىلى بولمايدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى، داۋاملىق مىللى سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ باردى .

مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى ئېنىق قىلىپ، تەربىيىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىدى. 1982- يىلدىن بۇيان، 3 قېتىم باشقا مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىسى تىللاشقان، مۇشلاشقان ئىدى. ئىستانسە رەھبەرلىكى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال تەكشۈرۈپ، ئاساسى ئىش تېرىغۇچىغا مىللەت ئايرىماي، ئايرىم تەربىيە بېرىش، كىچىك يىغىندا تەنقىتلەش ، چوڭ يىغىندا تەكشۈرۈش، مۇكاپاتنى توختۇتۇپ قېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ناتوغرا كەيپىيات، قىلغىنى شاماللارنى توستى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلىدى. 1982- يىلدىن بۇيان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ياخشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدە ياخشى ئىشچى- خىزمەتچىدىن 12 كىشى تەقدىرلەندى .

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە تېخنىكلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلىدى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئۇلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 60 ئادەم(قېتىم)نى باشقا جايلارغا تېخنىكا ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ھازىر ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى- خىزمەتچىسىدىن 6 كىشى

ئېمىنا باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. 2 نەپىرى بۆلۈمچە دەرىجىلىك كادىر قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. 1 نەپىرى سېخ مۇدىرى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۆز ئارا تىل- يېزىق ئۆگىنىشكە بېرىلىپ كەلدى. ھازىر ئىستانسا بويىچە 60% دىن ئارتۇق خەنزۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۇيغۇرچە تىل بىلىدۇ، 90% مىللىي يولداشلار خەنزۇچە تىل بىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 5 نەپىرى دائىم قوللىنىدىغان خەنزۇچە خەتلەرنى بىلىدۇ.

## چەت - ياقا كەنتتىكى ياخشى باغۋەن

كونىشەر ناھىيىسىنىڭ سەمەن كوممۇنىسى 11-چوڭ ئەترەت 6-ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 22 ياشلىق بىر خەنزۇ ئايال ئوقۇتقۇچى بار، ئۇ راۋان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى گوباۋفىڭ.

گوباۋفىڭنىڭ ئۆيى يېزىدا بولۇپ، ناھىيىدىكى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيالمايتتى. شۇڭا ئۇ، ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغاچقا، ئۇيغۇرچە تىلدىن مەلۇم ئاساسى بار ئىدى. كېيىن ئۇ خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇدى، كېيىن مۇشۇ ئەترەتتىكى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ بۇ يەردىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكەلدى. ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆگەنگىنى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى بولۇپ، بۇ چاغدا دەرسلىكلەر بىر تۈتاش ھالدا كونا يېزىقتا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى، قىيىنچىلىق ئالدىدا، ئۇنىڭغا باشتىن ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. چاپاغا چىداپ، بېرىلىپ ئۆگەندى، كېيىن كونا يېزىق ئۆگىنىش كۇرسىغا بېرىپ ئوقۇدى. قېتىرقىنىپ 2 ئاي ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بەزى گىرامماتىكىلىق ھادىسىلەرنى ئانچە بىلمىسە، باشقا ئوقۇتقۇچىلاردىن سوراپ ئۆگەندى، دەرسنى ياخشى تەييارلاش ئۈچۈن ئۇ دائىم بىر ئىم كېچىلەرگىچە ئۆگەندى. بەزى ئۇ ئۆزى تامغا قاراپ دەرس سۆزلىدى. بەزىلەر ئۇنىڭدىن: «سەن مۇنچىۋالا جاپا تارتىپ نېمە قىلىسەن؟» دەپ سورىسا، ئۇ: «ئۇيغۇر بالىلارنى ياخشى ئوقۇتۇش ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەردى. بەزىلەر يەنە: «سەن خەنزۇ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر بالىلارنى ئوقۇتىسەن؟» دەپ سورىسا، ئۇ: «شىنجاڭ مېنىڭ 2 - يۇرتۇم، مەن تېخىمۇ كۆپ ئازسانلىق مىللەت خادىملىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىت قىلىمەن» دەپ جاۋاپ بەردى.

گوباۋفىڭنىڭ مۇئاشى ھەر ئايدا ئاران 37.50 يۈەن بولسىمۇ، پۇلنى تېجەپ ئىشلىتىپ، ھەر ئايدا 3 يۈەندىن 5 يۈەنگىچە پۇلنى ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئېلىشقا ئىشلىتىپ، ئۆگىنىشتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلىدى؛ بەزىدە بىر قىسىم مۇئاشىنى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىشلەتتى، بەزىلەر: «سېنىڭ مۇئاشىڭ ئاز تۇرسا، مۇنداق خەجلىسەڭ ئۆزۈڭ قانداق قىلىسەن؟» دەپ سورىسا، گوباۋفىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھېچ گەپ يوق، ئۆزۈم تېجەپرەك خەجلىسەملا بولىدىغۇ» دەپ جاۋاپ بەردى.

## ئىككىنچى يۇرتىدا تۇققىنىغا يولۇقۇش

مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر كوممۇنىسىنىڭ 4 - چوڭ ئەترىتىدە 4 خەنزۇ ئائىلە بولۇپ، چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى روزى تۇردى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا

ئىنتايىن كۆڭۈل بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى كەڭ ئاممىنىڭ ئارىسىدا مەدھىيىلەندى.

1981-يىلى، كوممۇنا ئەزاسى ياڭيىگدۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، كېيىن، 2 كۆزى ئەما بولدى، ئۇنىڭ خوتۇنى تيەنشيۇلەنمۇ بىر كۆزى ئەما بولۇپ قالدى، تېنى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. روزى تۇردى ئەترەت كادىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ئائىلىگە «5 نى كاپالەت» ئائىلىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ئېتىبار بېرىدۇ. بىر قېتىم ياڭيىگدۇنىڭ 2 قويى يوقۇلۇپ كەتكەندە ئۇ شەخسەن ئۆزى 5 نەپەر كوممۇنا ئەزاسىنى باشلاپ ھەممە جاينى ئىزلەپمۇ تاپالمايدۇ. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى 60 يۈەنگە ئالغان بىر قويىنى ياڭيىگدۇغا بېرىدۇ. 1983-يىلى ياڭيىگدۇنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ، روزى تۇردى ۋاقتىدا كادىرلارنى ۋە پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى تەشكىللەپ 3 ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. ئۆزى بىر ئىشىك ۋە بىر قىسىم ياغاچ ياردەم قىلىدۇ. 1984-يىلى ياڭيىگدۇنىڭ خوتۇنى جىگەر كېسىلى بولۇپ قالىدۇ، روزى تۇردى ئۇنى كوممۇنا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، يەنە قايتىپ كېلىپ ياڭيىگدۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ.

1982-يىلى يەنە بىر خەنزۇ ئائىلە ياڭۋۇدىن ئاقسۇدىن كېلىپ بۇ يەردە ماكانلىشىدۇ. يېڭى كەلگەچكە، قولى قىسقا بولغاچقا، يېتىپ قوپىدىغان يەرمۇ يوق ئىدى. روزى تۇردى ئۇققاندىن كېيىن، ئىككى ئىشخانىنى ئاجرىتىپ ئۇلارنىڭ يېتىپ قوپۇشىغا بېرىپ تۇرىدۇ، يەنە ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن قازان، قاچا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەپكېلىپ ياردەم قىلىدۇ. كېيىن ياڭۋۇنىڭ ئانىسى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ياڭۋۇنىڭ ئۆيىدە يوق ئىدى، مۇشۇنداق مۇسىبەتلىك كۈنلەردە يەنە روزى تۇردى يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ. 35 يۈەن پۇل چىقىرىپ ياغاچ ئېلىپ گۈەنسەي ئەتتۈرىدۇ، خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە دەپنە قىلىدۇ، يەنە چوڭ ئەترەتتىن 100 جىڭ ئاشلىق ۋە بىر قوي بېرىپ، ئۆزى 10 جىڭ ياغ چىقىرىپ، ئۆلۈمنى ئۇزىتىدۇ.

ھەر يىلى چاغاندا، روزى تۇردى قەن ۋە يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ خەنزۇ ئەزالارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوقلايدۇ، قۇربان ھېيت، روزى ھېيت ۋاقىتلىرىدا، خەنزۇ ئەزالارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىدۇ.

روزى تۇردى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى نەمۇنىلىك ئىجرا قىلىپ ئۆز يۇرتى يىراقتا قالغان بۇ خەنزۇ ئەزالارغا پارتىيىنىڭ ئىللىق مېھرىنى ھېس قىلدۇردى. شۇڭلاشقا روزى تۇردى تىلغا ئېلىنسىلا، خەنزۇ ئەزالار: «روزى تۇردى بىزنىڭ ئىككىنچى يۇرتىمىزدىكى تۇغقىنىمىز!» دېيىشىدۇ.

## يېڭى مايسا ئۆستۈرۈش

يوپۇرغا ناھىيىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئوسمان ئەمەت خەنزۇ بالىلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ شۇنى چوڭقۇر چۈشەنگەنكى، خەنزۇ يولداشلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، ئۇلار چېگرا رايون خىزمىتىدە تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ، بۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش.

شۇڭلاشقا ئۇ دائىم خەنزۇ مەكتەپلەرگە بېرىپ، مەسىلىلەرنى چۈشىنىۋېلىپ، ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىدۇ. ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، بىر نەچچە خەنزۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى ھەل قىلىپ بەردى، سىنىپلارنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى، ئوقۇغۇچىلارغا بىر قەدەر ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى ھازىرلاپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر قاتار ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى. بايئاۋات كومىمۇنىسىنىڭ چوشقافىر مەسىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى، ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ناھىيىگە بېرىپ ئوقۇسا يول يىراق، چىقىم كۆپ بولۇپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ مەكتەپكە تولۇقسىز سىنىپتىن 3 نى تەشكىل قىلىپ بەردى. ئاچچىق، يەكشەنبە بازار ۋە يوپۇرغا 3 كومىمۇنىنىڭ دىخانچىلىق مەيدانىدا خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بولمىغاچقا، 31 نەپەر خەنزۇ بالىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال ئالاقىدار خادىملارنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ مۇزاكىرە قىلىپ، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىپ بۇ بالىلارنى مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

يوپۇرغا ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش مۇھىتى بىر قەدەر ياخشى خەنزۇ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچىسى يېتىشمىگەچكە ئوقۇتۇش سۈپىتىگە تەسىر يەتكەن ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوسمان ئەمەت ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، دەرھال مائارىپ ئىدارىسىدىن بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى ۋە 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالاقىدار خادىملىرىنى ئىچكىرىگە ئەۋەتىپ 3 ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

## چېپىلداپ ئاققان تەر چەت كەنتكە سىپىلسۇن

يولداش ۋاڭ سۇڭچاڭ مەكىت ناھىيە يانتاق كومىمۇنىسى ئارابۇقاچولۇك ئەترىدىنىڭ بېزا دوختۇرى. 15 يىلدىن بۇيان ئۇ جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، ئۇدا 11 يىل ئىلغار نەمۇنىچى بولۇپ باھالاندى.

1969-يىلى، كومىمۇنا ئەزاسى توختى بارات كېسەل بولۇپ قېلىپ، كومىمۇنا دوختۇرخانىسىدا 8 كۈن ياتىدۇ، ئۈچەي قاناش ئىككىلەمچى كېسەللىكى پەيدا بولۇپ كېسەللىك ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. ئۆيىدىكىلەر ئۇنى دوختۇرخانىدىن زورۇ-زو ئېلىپ چىقىپ، ۋاڭ سۇڭچاڭغا داۋالاتماقچى بولىدۇ، چۈنكى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بۇ كېسەلنى كۆرگەن ۋاڭ سۇڭچاڭ ئىككىلىنىدۇ. كېسەلنىڭ تۇغقانلىرى تىت-تىت بولغان ھالدا: «سىز داۋالاپ قويۇڭ، بىز ئۆمۈر بويى ئۇنۇتمايمىز، ساقايماي قالسىمۇ سىزدىن خاپا بولمايمىز، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالايلى!» دەيدۇ. كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ھەسسىياتى، ئىلمى مۇھەببەتنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن، ئۇ يۈرەكلىك ھالدا داۋالايدۇ ھەم 4 كېچە-كۈندۈز كۆڭۈل قويۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېسەل خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. توختى بارات ساقايغاندىن كېيىن، ئۇچرىغانلىكى كىشىگە: «خەنزۇ دوختۇر ماڭا 2-قېتىم ھايات بەردى!» دەيدۇ.

1970-يىلى 1-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچىدە، توختى موللا ئىسىملىك يەنە بىر ئەزا-

نىڭ 8 ئايلىق بالىسى ئويۇقسىزلا قاتتىق ئاغرىپ قالىدۇ. ئۇلار كۆپ پۇل خەجلەپ داخانغا ئو-قىتىدۇ، ئويىاق-بۇياققا ئاپىرىپ يۈرۈپ، كېيىنلىكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ۋاڭ سۇڭچاڭ يېتىپ كەلگەندە بالىنىڭ نەپەسلىنىشى قىيىن بولۇپ 4 ئەزاسى مۇزلاپ كەتكەن، قان بېسى-مى ئۆۋەتلەپ كەتكەن، شوك ھالىتىدە ئىدى. تەكشۈرگەندىن كېيىن بالىنىڭ زەھەرلىنىش خاراكتېرىدىكى جىگەر ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى مەلۇم بولىدى. ۋاڭ سۇڭچاڭ بالىنى دەرھال قۇتقۇزۇش قارارىغا كېلىدۇ، لېكىن بۇۋى-چىچىنىڭ بىردىنە توسۇپ: «بالا ئۆلۈپ بولۇپتۇ، خۇدايىم بالى-نىڭ جېنىنى ئاپتۇ، يەنە ئوكۇل ئۇرغان بىلەن خۇدايىم راۋا كۆرمەيدۇ» دەيدۇ. ۋاڭ-سۇڭچاڭ بىر تەرەپتىن داۋالى سۆزلەپ ئۇنىڭغا رەددىيە بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى قۇتقۇزىدۇ. 4 سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن بالىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ، توخ-تى موللا خوشاللانغان ھالدا ۋاڭ سۇڭچاڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «دوختۇر بىزۇۋدىن ئۈستۈنكەن» دەيدۇ.

بىر قېتىم، ۋاڭ سۇڭچاڭ كەنت-ئۆيلەرنى ئارىلاپ، ئەزالارغا ئۆچەي يولى يۇقۇم-لۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلى سېلىپ يۈرگەندە، تۇشتۇمتۇت جىددى خاراكتېرلىك ئىچ ئۆتكۈ بولۇپ قالىدۇ. 4 ئەزايىنىڭ چىنى قالمايدۇ، بېشى قايىدۇ، كۆزلىرىگە قا-راڭغۇچىلىق تىقىلىدۇ، ئۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئويلاپ، تىرىشىپ-تىرى-مىشىپ يۈرۈپ ئاممىغا مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرىدۇ. ئۆزىمۇ ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلىدۇ. نەچچە 10 لەپەر ئەزا ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ، بەزىلەر ئېسەدەپ تۇرۇپ: «سىزنىڭ ئالتۇندەك يۈرىكىڭىز بار ئىكەن!» دەيدۇ.

## خەتەرلىك ئەھۋالدا قىزىل قەلبىنى كۆرگىلى بولىدۇ

1984-يىلى 4-ئاينىڭ 29-كۈنى سەھەر سائەت بىردىن ئاشقاندا، كونىشەر ناھى-يىلىك نېفىت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ھاشىمنىڭ قىزى كۆزيېش ئالدىدا تۇراتتى. ھاشىم قىزىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باراي دەپ تۇرۇشىغا، بىرسى تۇشتۇمتۇت كىرىپ: «شياۋيىاڭ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ» دەپ جىددى دوكلات قىلىدۇ. ھاشىم قىزىغىمۇ قارىماي، شياۋيانىڭ ئۆيىگە يۈگرەپ بارىدۇ. قارىسا ئۇ كارۋاتتا ياتقان، قىزىل قان توختىماي ئاقماقتا ئىدى، ئۆزى ھوشسىزلانغان. ئەسلى ئۇنىڭغا بىر بۇزۇق ئادەم پىچاق تىققان ئىكەن، ھاشىم دەرھال يەنە بىر مەللى ئىشچى-خىزمەتچى ئوبۇلقاسىم بىلەن بىللە ئۆيىدىن 2 دانە كىگىز ئېلىپ كېلىپ، بىر نەچچە خەنزۇ ئىشچى-خىزمەتچى بىلەن بىرگە دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدۇ.

شياۋيانى دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى 5 كۈندە، ئۇ شياۋيانىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، بۇ 5 كۈن ئىچىدە، ئەمدى دۇنياغا كەلگەن نەۋرىسىنىمۇ ۋە تۇغۇتتا ياتقان قىزىنىمۇ بىر قېتىم كۆرەلمەيدۇ.

20 نەچچە كۈندىن كېيىن، شياۋيانىڭ جاراھىتى ياخشىلىنىدۇ. ھاشىم ئۇنى يەنە شا-رائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان مەلۇم ھەربىي دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىدۇ.

شياۋيا دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ھاشىمنىڭ ئالىي پەزىلىتى تىلغا ئېلىنىش-لا، يۈرەك قانلىرى ئۇرغۇشلەپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش كېلىدۇ، تەشەككۈر بىلدۈرۈش ھېسسىياتى سىرتىغا تەپچىپ چىقىدۇ. (جۇ گۇاڭخۇا)

# مىللىي، دىنىي خىزمەت

**[مىللىي خىزمەت توغرىسىدا ئومۇمىي بايان]** قەشقەر ۋىلايىتىدە 1980-يىلى 7-ئايدا
مىللىي دىنىي ئىشلار باشقارمىسى قۇرۇلدى، 1984-يىلى مىللىي ئىشلار باشقارمىسى دەپ
ئاتالدى. بۇ باشقارما قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مىللىي، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان كەس-
پىي تارماق بولۇپ، باشقا تارماقلارغا كۆپ جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى بار.
ئۇ مۇستەقىل ھالدا بەزى كەسپىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەندىن باشقا، يەنە نۇرغۇن خىز-
مەتلەرنى باشقا تارماقلار بىلەن "ياردەملىشىش"، "قاتنىشىش"، "بىللە ئىشلەش"، "ھەم-
كارلىشىپ ئىشلەش" ياكى "ماسلىشىپ ئىشلەش" ئارقىلىق قانات يايدۇرىدۇ. ئاز سانلىق
مىللەتلەر نۇقتىسىدىن تۇرۇپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىك، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە،
پەن-تېخنىكا، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يېقىنقى بىر
قانچە يىلدىن بۇيان، ئاساسلىقى بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەت ئىشلىدى: 1. مىللىي سىياسەت ھەققىدە
تەربىيە ئېلىپ باردى، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا جايلارنىڭ مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش
ئەھۋالى ۋە ئەمەللەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى؛ ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ
"مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى" پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشكىللىدى، ئۆگىنىش ما-
تېرىياللىرىنى تۈزدى. 2. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مىللىي مائارىپ، مىللىي تەنتەربىيە، مىللىي
سەھىيە، مىللىي سودا ۋە مىللىي ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى دەسلەپ-
كى قەدەمدە تەكشۈردى؛ بىر قىسىم نامرات كومۇنا، ئەترەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھالىتىنى تەك-
شۈردى، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلىدى ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقى-
دار تارماقلارغا تەكشۈرۈش دوكلادىنى ۋە مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.
3. ۋىلايىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقىنى ۋە ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىنىڭ تەكتىنى ئىگىلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك
تەكشۈردى. ئەھۋالنى ئىگىلەش ئاساسىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا بېرىلگەن يار-
دەم پۇلىنىڭ تەقسىملىنىشى، ئىشلىتىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. بىر نەچچە يىلدىن
بۇيان، بۇ خىراجەتتىن 2 مىليون يۈەن ئىشلىتىلىپ، ناھايىتى ياخشى سىياسىي ئۈنۈم ۋە ئىقتى-
سادىي نەتىجە بەردى. 4. ئون نەچچە تۈركۈم ئۇيغۇر، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەت-
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈزگە يېقىن ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قاي-
سى جايلىرىغا ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى؛ قەشقەرگە ئېكسكۇرسىيە، خىزمەت ئۈچۈن
كەلگەن نەچچە يۈز ئىچكى، تاشقى مېھمانلارنى (شەخسىي، كوللېكتىپ) كۈتۈۋالدى، ئۇلار-
غا ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللىي، دىنىي خىزمەت ئەھۋالىنى ھەمدە ۋىلايىتىمىزدىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قىزغىنلىق بىلەن تونۇشتۇردى. 5. دىنىي
خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ دىنىي خىزمەت مىقدارى كۆپ، تەكرارلىنىش
كۆپ، ئۆزگىرىش كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە قارىتا، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى
سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشتا ئە-
تايىدىل چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار-

نىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دىنىي ئۇيۇشمىلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە تۈرتكە بولدى. ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىن بۇيان تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. (ۋۇدۇڭياۋ)

**[ئارىلاش، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى]** قەشقەر كۆپ مىللەتلىك ۋىلايەت، مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇرلاردىن باشقا، 27739 تاجىك، 3016 ئۆزبېك، 4941 خۇيزۇ، 116 موڭغۇل، 37 زاڭزۇ، 25 مياۋزۇ، 5 يىزۇ، 658 جۇاڭزۇ، 13 بۇيىزۇ، 14 چاۋشيەنزۇ، 258 مانجۇ، 22 تۇڭزۇ، 10 ياۋزۇ، 5 بەيزۇ، 21 تۇجيازۇ، 150 قازاق، 6 شېزۇ، 2 گاۋشەنزۇ، 34 دۇڭشياڭزۇ، 4488 قىرغىز، 25 تۇزۇ، 2 داغۇر، 7 سالا، 36 شىبە، 14 رۇس، 4 باۋئەنزۇ، 2 يۈگۇزۇ، 19 تاتار، 1 ئولۇنچۇن قاتارلىق مىللەتلەر بار. ئۇلار ئارىلاش ۋە تارقاق ھالدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كەڭ يېزا ۋە شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلاشقان. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشمىغان نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ ۋە چوڭراق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقانغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە تۇرمۇشتىكى ئالاھىدە تەلىپى ئوڭايلا ئېتىبارسىز قالدۇرۇلىدۇ. ۋىلايەتلىك مىللىي ئىشلار باشقارمىسى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىل ئەمەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1983 - يىلدىن باشلاپ ئارىلاش، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمىتىنى بۆلۈمنىڭ كەسپىي خىزمىتى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، بۇ خىزمەتنى ئىشلەشكە مەخسۇس ئادەم بەلگىلىدى. ئارىلاش، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نورمال ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ئەستايىدىل قوغداپ، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق تەلىپىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قاندۇردى.

**[تاجىك مىللىي ئاپتونوم يېزىسىدىن ئىككىسى قايتا قۇرۇلدى]** يەكەن ناھىيىسىدىكى زەرەپشان تاجىك ئاپتونوم يېزىسى 1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قايتا قۇرۇلدى. بۇ ئاپتونوم يېزا 1954 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى نوپۇس سانى 1328 نەپەر ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلارنىڭ سانى 747 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇس سانىنىڭ 56.3% نى ئىگىلەيتتى. 1958 - يىلىدىكى كوممۇنىلاشتىن كېيىن بۇ ئاپتونوم يېزا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. قايتا قۇرۇلغان بۇ ئاپتونوم يېزىنىڭ يەر مەيدانى 75 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، ئومۇمىي نوپۇسى 2207 نەپەر. بۇ يېزا تاجىك، ئۇيغۇر، قىرغىز ۋە خەنزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان، تاجىكلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 41% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى تېرىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاپتونوم يېزا

قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى يېزا باشلىقلىقىنى قىزنىسال (تاجىك) ئۆتىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت زەرەپشاندا تەسىس قىلىنىدى.

پوسكام بۇيلۇق تاجىك ئاپتونوم يېزىسى 1985 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قايتا قۇرۇلدى. بۇ ئاپتونوم يېزىنىڭ ئەسلى نامى ئازات ئاۋات تاجىك يېزىسى بولۇپ، 1954 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قۇرۇلغان. شۇ چاغدىكى نوپۇسى 1589 نەپەر بولۇپ، تاجىكلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 53.6% ىنى ئىگەللىگەن. 1962 ـ يىلى كوممۇنىلارنى تەڭشەش ۋاقتىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 3 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىگە ئايرىۋېتىلگەن. قايتا قۇرۇلغان ئاپتونوم ناھىيە پوسكام ناھىيە شەھىرى ئىچىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 1770 نەپەر، يەر مەيدانى 530 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ يېزا تاجىك، ئۇيغۇر، خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان. تاجىكلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 41% ىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە تېرىقچىلىق قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ.

**[دىنىي خىزمەت توغرىسىدا ئومۇمىي بايان]** ئىسلام دىنى ـ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، قازاق، تاتار قاتارلىق 7 ئاز سانلىق مىللەت پۈتۈن مىللەت بويىچە ئېتىقاد قىلىدىغان دىن. قەشقەر شەھىرى ـ ئۇيغۇر مىللىتى دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەز. قەشقەرگە ئوخشاش مۇشۇنداق كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل، ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئەمەلىي قىلىپ ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ـ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى ياخشىلاشتا، خەلقارا باردى ـ كەلدىنى كۈچەيتىش ۋە دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئازات بولغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە دائىر بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىققان، دىنىي پائالىيەت بىر قەدەر نورماللاشقان ئىدى. بىراق 1957 ـ يىلدىن كېيىن، دىنىي خىزمەتتە "سول" خاتالىق ئەدەپ كەتتى، بولۇپمۇ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" بولغان 10 يىل داۋامىدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى بۇ خاتالىقنى پەيدىلىنىپ كەتتى، بەلكى ئۇنى ئېغىرمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇلار ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلدى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دىنىي خىزمەتنى ئەمەلدىن قالدۇردى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىگە قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، مەسچىت ۋە خانىقالارنى تاقىۋەتتى ۋە بۇزۇپ تاشلىدى، مەزۇرى بۇيرۇق ۋاستىسىغا تايىنىپ دىنىنى يوقاتماقچى بولدى. ئۇلار خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئارىلاشتۇرۇپ، دىنىي ساھەدە نۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزە پەيدا قىلىپ، ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتى ۋە مىللىي ھېسسىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە ئازار بەردى. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، قەشقەر ۋىلايىتىدە 12 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار ئىدى، 1966 ـ يىلى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" باشلىنىشتىن بۇرۇن 5 مىڭ 900 دىن ئارتۇق مەسچىت بار ئىدى، 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن ئاران 652

مەسچىت قالدى، بۇ، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەسچىت سانىنىڭ 5 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ئارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978 ـ يىلدىكى پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە دىنىي خىزمەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، دىنىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى «سول» خاتالىقنى تۈزىتىپ، دىنىي ساھەدىكى زور ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى پىڭفەن قىلدى، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى قايتا تەكىتلىدى، يەنى ھەر بىر پۇقرادا ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بىر دىن ئىچىدە ئۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ ئىلگىرى ئېتىقاد قىلماي ھازىر ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ ئىلگىرى ئېتىقاد قىلىپ ھازىر ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ. 1984 ـ يىلغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە ئېچىۋېتىلگەن، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە رېمونت قىلىنغان مەسچىت 6 مىڭدىن ئارتۇق (بۇنىڭ ئىچىدە 2 مىڭدىن ئارتۇغراقى ئاددىي پائالىيەت سورۇنى) بولۇپ، دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىدە ناھىيىدىن تۆۋەن ئورۇنلاردا ئومۇمىيۈزلۈك دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرماقتا. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى توغرا، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئىلگىرى بىر مەھەل ئوتتۇرىغا چىققان دىنىي ئەسەبىيلىك ھەرىكەتلەر ئۆزگەردى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ياخشىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى.

دىنىي جەھەتتە بىز ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ. «سول» ۋە ئوڭ تەرەپلەردىن كېلىدىغان قوچقۇتۇشلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. «سول» جەھەتتىكى قوچقۇتۇش ئاساسلىقى دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاددىي، قوپال بولۇپ، ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئازار بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئوڭ جەھەتتىكى قوچقۇتۇش ئۆز ئېقىمىغا قويۇپ بېرىش، كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىش، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككى خاھىشنىڭ ئىككىلىسىنى تۈگىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. دىنىي خىزمەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، ئاممىۋى خاراكتېر ۋە مىللىي خاراكتېر ئالغانلىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە خەلقارالىقىنى تولۇق تونۇپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىش، دىن مەمۇرىي ئىشلارغا، ئەدلىيىگە ۋە مائارىپقا ئارىلاشماسلىق سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي پائالىيەتنى قانۇن يول قويغان توغرا يولنى بويلاپ ساغلام راۋاجلاندۇرغان قىلىش كېرەك.

[قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ھاياتى] ئىسلام دىنى ئالاھىزەل مىلادى 10-ئەسىرلەردە دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولى ئارقىلىق قەشقەرگە تارقالغان. تەخمىنەن 15 - ئەسىرلەردىن كېيىن تەدرىجىي راۋاجلىنىپ ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك، خۇيزۇ، ئۆزبېك، قازاق، تاتار قاتارلىق 7 مىللەتنىڭ ھەممە كىشىلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان دىن بولۇپ قالغان. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىسلام دىنى بۇ مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە پسىخولوگىيىلىك سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق مۇسۇلمانلار ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆزلۈك ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشتى.

1949- يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئائىت بىر قاتار سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، مۇسۇلمانلارغا تېڭىلغان فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېكسپلاتاتسىيە، ئېزىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر قايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى ھاياتقا ۋە باراۋەرلىككە ئېرىشتى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىنمۇ ھەقىقىي بەھرىمەن بولالىدى. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق داۋامىدا، نورمال دىنىي ھايات چەكلەندى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي غورۇرى ۋە مىللىي غورۇرى ئازايدى. پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مىللىي باراۋەرلىك، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئەسلىگە كەلدى. مۇسۇلمانلار ئەركىن، خۇشال - خۇرام ھالدا نورمال بارلىق دىنىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالايدىغان بولدى. ئالايلى، ناماز ئوقۇش، دۇئا - تىلاۋەت قىلىش، تەپسىر قىلىش، خەتنە قىلىش، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىملەردە بولىدىغان دىنىي مۇراسىملار ۋە دىنىي بايراملارنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى باشقۇرىدۇ ھەمدە ئۇنى دۆلەت قانۇنى قوغدايدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ھۆكۈمەت دىنىي خىزمەت تارماقلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىللەپ «قۇرئان»، «ھېدىس» قاتارلىقلارنى بېسىپ تارقىتىپ، مۇسۇلمانلارغا ئوقۇيالىق يارىتىپ بەردى. ھەر يىلى پىلانلىق تۈردە مۇسۇلمانلاردىن تاللاپ بېيجىڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىغا ئەۋەتىپ ئۆگىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، دىنىي خادىملارنى تەربىيىلىدى؛ مۇسۇلمانلاردىن مەملىكەتلىك ھەج قىلىش ئۆمىكىگە تاللاپ قاتناشتۇرۇپ، مەككىگە ئەۋەتىپ ھەج قىلدۇردى؛ خارجىي ئىشلارغا قاتناشتۇرۇپ، ئەرەب ۋە دېڭىز قولتۇقى ئىسلام ئەللىرى مۇسۇلمانلىرى بىلەن دوستلۇقنى راۋاجلاندۇردى ۋە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ھازىر ئاز بولمىغان مۇسۇلمانلار دۆلەت باشقۇرۇش ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە بىۋاسىتە قاتناشماقتا. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، دائىمىي ھەيئىتى ياكى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ سايلاندى. يەنە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى

ھەر دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشمىسىنىڭ ئەزاسى ياكى مۇئاۋىن رەئىسى بولدى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلاردىمۇ قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بار. مۇسۇلمانلار پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىدىن ئىنتايىن رازى، ئۇلار پارتىيىنىڭ ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارغا غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارغا كۆيۈنگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. قەشقەردىكى دىنىي ساھەدىكىلەر ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش، ئىنتىزامغا، قانۇنغا رىئايە قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇستەقىل، ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى ئۆزى بېجىرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مۇسۇلمانلار ئۆتەشكە تېگىشلىك پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىش ئۈچۈن كۈچىنى تۆھپە قىلىش ئىرادىسىگە كەلدى. (ۋۇ دۇڭياۋ)

## [قەشقەردىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەسچىتلەر]

قەشقەردىكى ئىسلام دىنىي مەزھەپلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. سۈننىي مەزھىپى. قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى سۈننىي مەزھىپىگە كىرىدۇ. بۇ مەزھەپتىكىلەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى 4 خەلىپىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شەرىئەتتە قۇرئان، ھەدىس قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ؛ فىقھە جەھەتتە، ھەنىفە، شافى، مالىك، ھەمبەلدىن ئىبارەت 4 چوڭ فىقھەچىلارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ۋارىسلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. 1982 - يىلى بۇ مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپى چىقىپ، پەقەت ھەمبەل تەرەپتارلىقىغىلا چوقۇنىمىز دېيىدىغان بىر گۇرۇھ ئايرىلىپ چىقتى. بۇ گۇرۇھ ھەمبەلنىڭ ئەھكاملىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى، بىر خۇدالىق نەزىرىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بەندى بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدا «ۋاستىچى» بار دېگەن كەپلەرگە قارشى تۇرىدۇ، بولۇپمۇ پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرىگە، قەۋرىسىگە، مال-مۈلكىگە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرىدۇ، مەۋلۇت ئوقۇتۇشقا قارشى تۇرىدۇ، ئۇلۇغلارنى ھۆرمەت قىلىشقا بولىدۇ، چوقۇنۇشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. قۇرئان ئوقۇپ ھەق ئېلىشقا قارشى تۇرۇپ، ساددا، ئەڭ دەسلەپكى ئىسلام روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.

2. شىئە مەزھىپى (12 ئىمام مەزھىپى). بۇ مەزھەپ ئەلىنىڭ بىۋاستە تۇققىنى بولغان 12 ئادەمنى ئىمام دەپ تەشۋىق قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان. بۇ مەزھەپ يەكەن ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئەتراپىدا ھەركەت قىلىدۇ، ئادەم سانى ناھايىتى ئاز. بۇ مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەسچىتى بار. شۇ جايدىكى سۈننىي مەزھىپى، خۇفىيە مەزھىپى ۋە ئىشانلارنىڭ باشقا مەزھەپلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى ئاز. بۇ مەزھەپ دىنىي ئەقىدە جەھەتتە سۈننىي مەزھىپى بىلەن ئوخشاش بولمىغاندىن تاشقىرى، ئەزان ئېيتىشتا دېيىدىغان سۆزلىرى سۈننىي مەزھەپتىكىلەردىن بىر جۈملە ئارتۇق (يەنى ئەزاننىڭ ئارىلىقىغا «تېز كېلىپ ئىشىڭلارنى قىلىۋېلىڭلار» دېگەن سۆزنى قوشىدۇ).

3. ئىسمائىلىيە مەزھىپى (7 ئىمام مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تاجىكلار بۇ مەزھەپكە كەڭ تۈردە ئېتىقاد قىلىدۇ. تاجىك مىللىتى 17-ئەسىردىن كېيىن ئېتىقاد قىلغان ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئىرانلىق سەئىدسۇرى دېگەن دىن تارقاتقۇچى تەرىپىدىن كىرگەن. قەشقەردىكى تاجىكلار ئاغايخانغا چوقۇنىدۇ، ئۇنى «تەڭرىنىڭ ئەلچىسى» دەپ قارايدۇ. دىنىي كۆز قاراش جەھەتتە تاجىكلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھى ئۆلمەيدۇ، ئاخىرەتلىك ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغانلار گەرچە ئۆلۈپ كەتسىمۇ ھايات ئادەمدەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ روھى جەننەتكە كىرىدۇ؛ يامانلىق قىلغۇچىلار ئۇ دۇنيادا ئادەم تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان كالا، قوي، تۆگە سۈرەتلىك بولۇپ تىرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئېتىقات جەھەتتە، ئىككى ۋاخلا ناماز (بامدات ۋە شام نامىزى) ئوقۇيدۇ، ناماز ئوقۇغاندا مەسچىتكە كىرمەيدۇ، روزا تۇتمايدۇ، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلمايدۇ.

4. ئىشانلار. ئىشانلىق ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سوفىزىمدىن ئۆزگىرىپ پەيدا بولغان. تارىختىن قارىغاندا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە كىرگەن. ئىشانلىق ئاتىسىدىن بالىسىغا مىراس قالىدۇ؛ ئىشانلارنىڭ ئۇستازلىرى ئىشانلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان خەلىپىلەرگە ئۆتكۈزىدۇ. ئىشانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق دەرىجە تۈزۈمى بولىدۇ، ئۇ ئىشان، خەلىپە، سوپى، ھاپىز، بۇۋى، مۇرىتلارغا ئايرىلىدۇ. ئىشانلارنىڭ مۇرت قوبۇل قىلىش رەسمىيىتى «قول بېرىش» دەپ ئاتىلىدۇ، مۇرت قوبۇل قىلىشنىڭ شەرتلىرى: 1) ئىشانغا مۇتلەق بوي سۇنۇش؛ 2) مۇرتلارنى خەلقلەر تونۇشتۇرۇش؛ 3) زىكىر قىلىش، ئىشانلار بىلەن سۇننى مەزھىپىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا قارشىلىشىش بولمايدۇ، ئۇلار قۇرئان، ھەدىسلەرنى ئوقۇشنى چەتكە قاقمايدۇ، لېكىن چوقۇم زىكرى قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. قەشقەردىكى ئىشانلارنىڭ تەشكىلى چىڭ، ھەركىتى يوشۇرۇن، دىنىي تەرەققىسى ئېنىق، ئۇلار رىيازەت چېكىش، پەرھىز تۇتۇش، تۆۋە ئىستىغفار ئېيتىش ۋە سېغىنىش ئارقىلىق، ئىشانلار بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى قىسقارتىپ، «ئاللاغا يېتىشنى» تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ پەرزىنى ئادا قىلىش «ۋاستىچى» — ئىشانلار ئارقىلىق بولىدۇ. قەشقەردىكى ئىشانلارنىڭ يەنە خۇفىيە، ئىسقاقىيە، ئىشقىيە، ئىنساقىيە، چەستىيە، جەھرىيە دېگەن مەزھەپلىرى بار. ئىشانلارنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاممىنىڭ سالامەتلىكىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ ھەم ئۇنىڭدا دۆرغۇن فېئودال خۇراپاتلىق تەركىبلىرىمۇ بار. شۇڭا ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ بەزى ھەرىكەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە مەلۇم دەرىجىدە چەكلەش تامامەن زۆرۈر.

مەسچىتلەر: مەسچىت — مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇن. قەشقەردىكى مەسچىتلەر تەخمىنەن مۇنداق 3 خىلغا بۆلۈنىدۇ: 1) ھېيتكار مەسچىتى. مۇنداق مەسچىتلەر ئاساسلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان شەھەر، بازارلارغا سېلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار ھېيت كۈنلىرى مۇشۇ مەسچىتلەرگە توپلىنىپ ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. مۇنداق مەسچىتلەرنىڭ كۆلىمى چوڭ، شەكلى چىرايلىق بولۇپ، ئىچكى-تاشقى ھوجرىلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. قەشقەر شەھىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ھېيتكار مەسچىتى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ. 2) جامە. بۇ خىل مەسچىتلەر مۇسۇلمانلار جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان ۋە مۇھىم دىنىي مۇراسىملارنى ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن بولۇپ، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ. بۇ خىل مەسچىتلەر ئاساس

لىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا سېلىنغان. 3) كوچىلاردىكى مەسچىت-
لەر. بۇنداق مەسچىتلەرنىڭ جايلىشىشى كەڭ ھەم كۆپ، بۇنداق مەسچىتلەرنى شەھەر- يېزى-
لاردا، كىچىك كوچىلاردا ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇ، ئاھالىلەرنىڭ ئادەتتە 5 ۋاخ ناماز ئوقۇي-
دىغان، دۇئا- تەكبىر قىلىدىغان ئورنى.

**[ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى]** ئۇزاق تارىخىي تەرەققى-
يات جەريانى، ئالاھىدە ئىجتىمائىي، تۇرمۇش شارائىتى قەشقەر
ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پەيدىن-
پەي شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئۆرپ - ئادەتلەر مەلۇم مەنىدە مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇر-
مۇشى، تارىخىي ئەنەنىسى، پسىخولوگىيىسى، ھەمسايىلىرى ۋە دىنىي كۆز قاراشلىرىنى ئىپادى-
لەيدۇ ھەمدە بۇنىڭغا شۇ مىللەتلەر ئورتاق ئېتىقاد قىلىدۇ. تۆۋەندە ئۇيغۇر، ئۆزبېك،
تاجىك 3 مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. كىيىنىشى

ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەرلەر كۆينەك ئۈستىگە تىزىغىچە كېلىدىغان ئۇزۇن كىيىم كىيىدۇ.
(بۇنى ئۇيغۇرلار "چاپان"، ئۆزبېكلەر "تون" دەپ ئاتايدۇ)، ئۇنىڭغا تۈگمە قادىمايدۇ. سال-
ما ياقىلىق بولۇپ، ئوڭ پېشىنى ئىچىگە ئېلىپ، سول پەش بىلەن باسۇرۇپ بەلۋاغ باغلايدۇ.

ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ ئاياللىرى رەڭدار گۈللۈك رەختلەردىن ئۇزۇن كۆي-
نەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدى ئېچىلىدىغان جىلىتكە كىيىدۇ. پۇتىغا ئۇزۇن قونجۇلۇق
ياكى كالتە قونجۇلۇق ئۆتۈك كىيىدۇ. ئۆزبېك ئاياللىرى ئانىلە ئىچىدە "ئېتىك" دەپ ئا-
تىلىدىغان، ئۆزىگە چىرايلىق كەلگەن، كەشتىلەنگەن يۇمشاق چەملىك ئاياق كىيىشنى ياخشى
كۆرىدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەرلەرنىڭ كۆينەك ياقىسىغا، ئالدىغا ۋە تۈگمىلىنىدىغان يەر-
لىرىگە رەڭلىك يىپلاردىن كانىۋاي ئىشلىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ كىيىم - كېچەك جەھەتتىكى
ھۈنەر - سەنئەت ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىدۇ. تاجىكلار ئالدى ئېچىلىدىغان ياقىسىز ئۇزۇن
چاپان كىيىدۇ. ھاۋا سوغۇق بولغاندا ئۇنىڭ سىرتىغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تاشسىز
جۇۋا كىيىدۇ. ياتلىق بولغاندا تاجىك ئاياللىرى ئۇزۇن كۆينىكىنىڭ ئۈستىگە ئارقا تە-
رەپتىن تېقىمىغىچە كەلگىدەك ئۇزۇنلۇقتا، پەرتۇققا
ئوخشاپ كېتىدىغان بەلدەمچى تارتىۋالىدۇ.

ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەر كەشتىلەنگەن 4 قىرلىق دوپپا
كىيىدۇ. ئەرلەر كۆپىنچە قارا ياكى ئاچ كۆك رەڭ-
لىك دوپپىلارنى كىيىدۇ. ئاياللار بولسا توق، ئا-
نار رەڭلىك دوپپىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. دوپپى-
لارنىڭ تۈرلىرى كۆپ، ئاساسلىقى چىمەن
دوپپا، قەلەم دوپپا ۋە بادام دوپپا بولۇپ، بۇ-
لارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى يۇقىرى ھۈنەر- سەن-
ئەت قىممىتىگە ئىگە. تاجىكلار تۈكىنى سىرتقا چىقى-



شەمبىلىك جەم بولۇش
باۋدىي فوتوسى

رىپ قارا قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن تۈز ئېگىز باش كىيىمى كىيىدۇ. ئۈستىگە بىر نەچچە يول قىلىپ گۈل كەشتىلىنىدۇ، جىيەكلىرىنى تېشىغا ئۆرۈپ قىستۇرۇۋالىدۇ. ئاياللىرى چوققىسى يۇمىلاق بولغان دوپپا كىيىپ ئارقىسىغا لەپلىمە بېكىتىۋالىدۇ ھەمدە دوپپىسىنىڭ ئۈستىدىن ياغلىق چېگىۋالىدۇ، ئادەتتە ئاق رومال ئارتىدۇ، يېڭى ياتلىق بولغانلار قىزىل رومال ئارتىدۇ.

پەدازلىنىش جەھەتتە: ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى قۇلاق ھالقىسى، بىلەيزۈك، ئۈزۈك، مارجان تاقايدۇ، ئۇزۇن چاچ قويىدۇ، ئەرلىرى بېلىگە نەپىس ئىشلەنگەن پىچاق ئاسىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى قاشلىق ئېتىدۇ، تىرنىقىنى بويايدۇ. تاجىك ئاياللىرى ياسانغان ۋاقىتتا دوپپىسىنىڭ چۆرىسىگە بىر قاتار كىچىك كۈمۈش زەنجىر ئاسىدۇ. (بۇنى «سىلاسىلا» دەپ ئاتايدۇ). بوينىغا بىر نەچچە تىزىق مارجان ياكى كۈمۈش زەنجىر ئېسىۋالىدۇ. كۆكرىكى ئالدىغا «ئاسكا» دەپ ئاتىلىدىغان يۇمىلاق شەكىللىك كۈمۈش بېزەك تاقايدۇ؛ تاجىك چوكانلىرى چاچلىرىغا كۈمۈش تۈگمە ئېسىۋالىدۇ. يېڭى توي بولغان چوكانلار ئۆرۈم چاچلىرىنىڭ ئۇچىغا ئۇششاق پۆپۈك چىقىرىۋالىدۇ.

ئىلگىرى دىنىي ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئاياللىرى تالاغا چىققاندا چۈمبەل تارتىۋالاتتى (قوڭۇر ياكى ئاق رەڭلىك چۈمبەل). ھازىر دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئاياللار جەمئىيەتكە قاراپ يۈزلەندى، كۆپ ساندىكى ئاياللار يۈزىنى ياپمايدىغان بولدى.

2. يېمەك - ئىچمەك

ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەر ئۇن تائاملىرىنى ئاساسىي يېمەكلىك قىلىدۇ، كۆپىنچە كالا، قوي گۆشلىرىنى يەيدۇ. ئۇندىن ياسالغان، قاقلاپ پىشۇرۇلغان نان ئۇلارنىڭ دائىملىق يېمەكلىكى. بەزىلەر ئۇنىڭغا قەن، قايماق، گۆش، پىياز ۋە جىگدە شىرنىسى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرىدۇ، بۇنىڭ تەمى تاتلىق ھەم يېيىشلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلار «پولو» غا ئامراق، بۇ گۈرۈچ، قوي گۆشى، قوي يېغى، سەۋزە (بەزىدە يېڭى ئۈزۈلگەن بېھى ۋە قۇرۇق يېمىش) سېلىپ دۈملەش ئارقىلىق ئېتىلىدىغان تاماق بولۇپ، قول بىلەن يېيىلىدۇ، تەمى لەززەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ دائىملىق تاماقلىرىدىن لەغمەن، بوتازا، شورپا، كاۋاپ، سامسا، پىتىر مانتۇ ۋە تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان ياغدا پىشۇرۇلىدىغان تاتلىق يېمەكلىكلەر بار. ئۆزبېكلەرنىڭ «نىرىن»ى ئۆزگىچە تەمگە ئىگە بولۇپ، ئۇششاق توغرالغان پىشىق گۆش، پىياز، قېتىقنى ئارىلاشتۇرۇپ، شورپىدىن ئازراق تۆكۈپ قارامۇچ بىلەن تەمىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئېتىلىدۇ، قول بىلەن يېيىلىدۇ. تاجىكلار سۈتتىن ياسالغان نەرسىلەرنى يەيدۇ، كېۋىد گىرىنج (سۈتتە پىشۇرۇلغان گۈرۈچ)، «كېۋىد تەرىت»لار تاجىكلارنىڭ دائىم يەپ تۇرىدىغان، تەمى تاتلىق، ياخشى تاماقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەر مېۋىگە بەك ئامراق، دائىم يەيدىغان مېۋىلەردىن ئۈژمە، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار، تاۋۇز، قوغۇن قاتارلىقلار بار. مېۋىلەر تازا پىشقان مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مېۋە - چېۋىنى نان بىلەن قوشۇپ يەۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ئاياللىرى تۈرلۈك مۇراببالارنى ئىشلەشكە ئۇستا كېلىدۇ، دائىم ئۇچرايدىغانلىرى-

دىن ئەنجۈر مېۋىلىرى، گىلاس مېۋىلىرى، ئانار مېۋىلىرى، ئانار شەربىتى، قارا ئۆرۈك مېۋىلىرى، يېمەك مېۋىلىرى، كۆلىگەن قاتارلىقلار بار، ئېسىل تەملىك بۇ مېۋىلەر ئاساسەن ئۆزى يېيىش ۋە مېھمانلارنى كۈتۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.




بايرام

ئۆيپۈتيەن فوتوسى

3. تۇرار جايى.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، ئىللىق، يېغىن مىقدارى ئاز بولغانلىقتىن، ئۆيـ-ئۆيلەر، ئۆز بىكلەر ئۆيىنى ئادەتتە خام قىشلىق، چاسا شەكىللىك سالىدۇ. بۇنداق ئۆيلەر-نىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاچ ئىشلىتىلگەندىن باشقا، تۆت تېمى خام خىش بىلەن قوپۇرۇلىدۇ، تېمى قېلىنراق بولىدۇ، ئۆگزىسى تۈز بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە تۈڭلۈك ئېچىلىدۇ، ئۆگـ-زىدە نەرسە-كېرەك قويۇشلى، مېۋە-چېۋە قۇرۇتۇشلى بولىدۇ، ياز پەسلىدە كەچقۇرۇنـ-لىرى سالقىنلاشلى بولىدۇ. ئۆيچۈرلار ئۆينىڭ ناۋاسى، تۈۋرۈكى، ياغاچلىرىغا نەقىشلىك گۈللەرنى ئويىدۇ ۋە سىزىدۇ، دائىم ئۇچرايدىغانلىرىدىن سىردا سىزىلغان، گەۋدە چىقىـ-رىلغان، ياغاچتا ئويۇلغان، خىشتىن چىقىرىلغانلىرى بار. ئۆي ئىچىگە سۇپا ياسايدۇ، تامـ-غا تاكچە ياسايدۇ، ئۆي ئىچىنى رەڭگە گىلەم ۋە شىرداق سېلىپ، تامغا گىلەم ئېسىپ، تۆمۈر ساندۇق، گۈل سىزىلغان ئىشكاپ، مىستىن ياسالغان يۇيۇش سايمانـ-لىرى ۋە نەپىس توقۇلغان، كەشتىلەنگەن بويۇملارنى تىزىش ئارقىلىق زىننەتلەيدۇ. بۇ نەرسىلەرگە گۈزەل گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر ياكى ئۆسۈملۈكلەر شەكلىدىن ئېلىنغان نەقىشلەر چۈشۈرۈلىدۇ، بۇلار خىلمۇخىل يۇقىرى ھۈنەرسەنـ-ئەت قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، كىشىگە خۇشاللىق ۋە ئازادىلىك بەخش ئېتىدۇ. تاجىكلارنىڭ ئۆيلىرى كۆپىنچە تاش، چىمدىن ياسىلىدۇ. ئۆگزىسى دەرەخ شاخلىرى بىلەن يېپىلىپ كاـ-كۈل لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. ئىشىكى شەرققە قاراپ ئېچىلىدۇ، ئىشىك تامنىڭ بۇلۇڭىدا يېپـ-قىنراق قويۇلىدۇ. ئۆگزىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسـ-دىن تۈڭلۈك ئېچىلىدۇ. ئىگىزلىكلەردە قار-بوران كۆپ چىقىدىغان بولغانلىقتىن، ئۆيلەر كۆپىنچە پاكار سېلىنىدۇ. تاجىكلارنىڭ يەنە چىمدىنلا يۇمۇلاق شەكىللىك قىلىپ ياسىدىـ-غان ئۆيلىرىمۇ بار، بۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئۆگـ-زىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن تۈڭلۈك ئېچىلىدۇ، ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئوچاق سېلىنىـ-دۇ، بۇ خىلدىكى ئۆيلەر ئادەتتە يىل بويى چارۋا بېقىلىدىغان يايلاقلاردا سېلىنىدۇ.



ئۈزۈم ئەزالار ئائىلىسىدىن بىر كۆرۈنۈش.

مۇھەممەت ھېيىت فوتوسى

4. ئادىتى ۋە قىزىقىشى

ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە تاجىكلار پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار دائىم دېگىدەك يۇيۇنۇپ تۇرىدۇ. يۇيۇنۇش غۇسلى قىلىش ۋە تاھارەت ئېلىش دەپ 2 گە بۆلۈنىدۇ. غۇسلى دەپ باشتىن تارتىپ تاپانغىچە، پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشقا ئېيتىلىدۇ، تاھارەت ئېلىش ئاساسلىغى قول يۇيۇش، ئېغىز چايقاش، مىشقىرىش، يۈزنى، جەينەكنى يۇيۇش، ئاستىنقى ئەزالىرىنى يۇيۇش، پۇتنى يۇيۇشقا ئېيتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى 3 قېتىمدىن يۇيۇلىدۇ. غۇسلى قىلىش، تاھارەت ئېلىش بولسۇن، ھەممىسىدە ئېقىۋاتقان، مەكرو بولمىغان سۇ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: دەريا سۈيى، ۋودوپروۋوت سۈيى، بۇلاق سۈيى قاتارلىقلار. يۇيۇشتا ئۇرۇق ياكى مېتال چەينەك ئىشلىتىلىدۇ. تۇرار جايلارنىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلىدۇ، ئۆي ئىچىنى توپا-چاڭ قىلمايدۇ، نەرسىلەرنى رەتلىك تىزىدۇ، دېرىزىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇرىدۇ، يەمەك - ئىچمەك تازىلىقىغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. تاماقتىن بۇرۇن، تاھارەتتىن كېيىن قولىنى قايتا - قايتا يۇيىدۇ، چاي ئىچكەندە چەينەكنى پاكىز چايقىغاندىن كېيىن ئاندىن چاي دەملەيدۇ.

ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر گۈل - گىيا، دەل - دەرەخ ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئۇلارنىڭ ھويلا - قورولىرى رەڭگا - رەڭ گۈللەرگە ۋە خىلمۇخىل مېۋىلەرگە تولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. گۈل - گىيا، دەل - دەرەخلەرنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن ئۈژمە، ئانار، ئەنجۈر، ئۈزۈم، سۆگەتگۈل، تۇگمەگۈل، ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، خىنە گۈل قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تاجىكلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئەنئەنىۋىي پائالىيەتلىرى بار. دائىم ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان پائالىيەتلىرىدىن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرلار چېلىشىشقا ئىنتايىن ئامراق، كىچىك تېپتىكى چېلىشىش ھەركەتلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تاجىكلار مۇزىكا چېلىش، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىدىن «سەنەم» ئەڭ كەڭ تارقالغان. ئۇسسۇللىرىدىن دائىم ئۇچرايدىغانلىرى «دولان ئۇسسۇلى» بولۇپ، بۇ ئۇسسۇلنىڭ يېزىدا يېقىن تارىخقا ئىگە. بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابلىرى تەڭكەش قىلىنىدۇ. ئەر - ئايال، قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسى مۇزىكا چېققان ھامان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆزبېكلەرنىڭ ئۇسسۇلى سىلىق، ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ، تېز چۆگىلىگەن ۋاقىتتا ئىككى بىلەكنىڭ ھەركىتى بېلىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، ئۇسسۇلنىڭ قىياپىتى كەڭ - كۇشادە بولۇپ چەبدەس، يېنىك ئوينىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل شەكىللىرى كۆپرەك. تاجىكلارنىڭ ئۇسسۇل قىياپىتى گۈزەل، تەبىئىي، ئىگىزلىك تۇرمۇش پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تاجىكلارنىڭ رىۋايەتلىرى، ھېكايىلىرى، ئەپسانىلىرى، مەسەللىرى، چۆچەكلىرى بار. ھېكايە ئېيتقۇچىلار بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، بىر تەرەپتىن ناخشىنى ئېيتىدۇ، تىلى يۇمۇرلۇق، ھەركىتى قىزىقارلىق بولىدۇ. قىزىقچىلىقلار كەينى-كەينىدىن چىقىدۇ، سىلىق، تەبىرلىك بولۇپ، كىشىلەر بەك ئالقىشلايدۇ.

ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تاجىكلار ئەمگەكنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدۇ، ئىشلىمەي چىشلەشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. ئوغۇرلۇق، قىمارۋازلىق، يالغانچىلىق، پۇرسەتپەرەسلىك، سودىدا ئادىل بولماسلىق، پاھىشە، يالغان گۇۋالىق قاتارلىقلارغا ئىنتايىن ئۆچ كېلىدۇ، ئەدەپكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ياشانغانلار، چوڭلار ۋە بىلىمىلارغا ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم" دەپ ئەھۋال سورىشىدۇ. ئاندىن كېيىن قالغان ئەھۋاللارنى سورىشىدۇ، يولدا ئۇچرىشىپ قالغاندا يېشى كىچىكلەرى يېشى چوڭلىرىغا يول بېرىدۇ. ئائىلە ئىچىدە چوڭلار ياشانغانلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ، پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلىرىغا ساداقەتلىك بىلدۈرىدۇ. جەمئىيەتتە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خوشاللىق، باشقىلار ئۈچۈن خەير ـ ساخاۋەت قىلىشنى شەرەپلىك بىلىپ، بۇنى ساۋاپلىق ئىش دەپ قارايدۇ. كىشىلەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۆزىدىن چوڭلارنى "ئاكا"، "ئاچا"، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى "ئۇكا"، "سىڭىل" دەيدۇ. تاجىكلار ئىنتايىن قىزغىن، مېھماندوست بولۇپ، يىراقتىن يوقلاپ كەلگەنلىكى مېھمان ياكى ئۇرۇق ـ تۇققان، يار-بۇرادەرلەرنى ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە يېمەكلىكلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تېپىش ۋە ئۆي-سايمانلىرىنىڭ ئەڭ ئوبدانلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كۈتىۋالىدۇ. تاجىك ئەرلەر بىر-بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە بىر ـ بىرىنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيۈش ئارقىلىق يېقىنچىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاياللىرى يۈز كۆرۈشكەندە چوڭلىرى كىچىكلىرىنىڭ كۆزىگە ياكى پېشانىسىگە سۆيىدۇ، كىچىكلىرى چوڭلىرىنىڭ قولىغا سۆيىدۇ، تەڭتۇش بولسا بىر ـ بىرىنىڭ مەڭزىگە ياكى لىۋىگە سۆيىدۇ. تاجىكلار ئەدەپلىك، ساددا، ساداقەتمەن ۋە دىيانەتلىك، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان، مەرت كېلىدۇ. ئۇلار خەقنىڭ مۈلكىنى ئىلىۋالمايدىغانلىقى بىلەن مەشھۇر.

5. نىكا ئىشلىرى

ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تاجىكلاردا بىر ئەر، بىر خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تاجىكلارنىڭ نىكا ئىشلىرىنى ئاتا-ئانىلىرى قىلىپ قوياتتى. بىر قەدەر كىچىك تۇرۇپ توي قىلاتتى. بۇ خىلدىكى چات كېلىۋېلىش بىلەن بولىدىغان نىكا ۋە بالدۇر توي قىلغاندىن ئەر ـ خوتۇنلار مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىپلا قالماي، ياشلارنىڭ، شۇنداقلا كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەن-سالامەتلىكىگىمۇ تەسىر يېتەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، نىكا قانۇنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭگەنلىكتىن چات-كېلىۋېلىش بىلەن قىلىنىدىغان نىكا ئىشلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، بالدۇر توي قىلىش ئەھۋالىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىملىرى ئادەتتە 2 كۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ، توي قىلىش گۇۋانامىسى ئالغاندىن كېيىن، 1-كۈنى قىزنىڭ ئۆيىدە ئاخۇنۇم نىكا ئوقۇپ، يېڭى تويى بولغان ئەر ـ خوتۇنلاردىن ئەر-خوتۇن بولۇشقا قوشۇلامدىغان ـ قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئاندىن ئىككى بۇردا ناننى تۇز سۈيىگە تۆگۈرۈپ يىگىت بىلەن قىزغا بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىرگە ئۆتۈشى، بەختىيار بولۇشى تىلىنىدۇ. كەچتە، قىز ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىلىدۇ. ئۆيگە كىرىش ۋاقتىدا دەرۋازا ئالدىدا گۈلخان يېقىلىپ، مېھمانلار بىر-بىرىدىن يېڭى كېلىننىڭ بېشىدىن 3 قېتىم ئوت ئۆرۈيدۇ (بۇ ئادەت ئايرىم جايلاردا بولۇپ، كۆپ قىسىم جايلاردا ئوت يېقىلمايدۇ)، قىز تەرەپ مېھمانلارغا بىر ـ بىرلەپ

سوۋغا بېرىدۇ. ئاندىن دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىرىدۇ. 2- كۈنى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىدە يۈز ئاچقۇ بولىدۇ. بۇ كۈنى، ئوغۇل تەرەپتىن بىر مېھمان تۇيدۇرماي بېرىپ يېڭى كېلىننىڭ يۈزىنى ئېچىۋېتىدۇ، ئاندىن ھەممە ئادەم تەڭ كۈلۈشىدۇ. ناخشا ئېيتىپ - ئۇسۇل ئويناپ تەبرىكلىشىدۇ. ئۆزبېكلەرنىڭ توي مۇراسىمىدا يەنە «كېلىن يۆتكەش» ھەركىتى بار، «كېلىن يۆتكەش» مۇنداق بولىدۇ: يېڭى كېلىن دوستلىرى تەرىپىدىن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇلىدۇ، يىگىت كېلىپ بىرەر سوۋغا بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئېلىپ كېتىشكە يول قويۇلىدۇ.

تاجىكلار ئادەتتە ھەر يىلنىڭ 8-، 9- ئايلىرىنى توي قىلىش ۋاقتى قىلىپ تاللايدۇ. چۈنكى بۇ ئايلار پامىر ئېگىزلىكىنىڭ باياشات مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاجىكلار تويدىن 2 كۈن ئىلگىرى ئوغۇل-قىز تەرەپلەر مېھمان چاقىرىشنى باشلايدۇ، توي ئەرپىسى كەچتە، يىگىت ۋە قىزنىڭ بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى كېلىپ تەبرىكلىشىدۇ. قىز تەرەپ مېھمانلار توي قىلىدىغان تەرەپتىكى كىشىلەرنىڭ مۇرىسىگە ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى قىلىپ ئۇن سېپىدۇ. تاجىكلارنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن كۈنى تولىمۇ قىزىق بولىدۇ. يىگىت-قىز تەرەپلەر ئەتىگەندىن، كەچكىچە ئوغلاق تارتىش، ئۇسۇل ئويناش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. يىگىت ئاتقا مىنىپ يار - بۇرادەرلىرىنىڭ ئارىغا ئېلىپ مېڭىشى بىلەن، داپ ۋە سۆڭەك نەينىڭ ياڭراق ساداسىدا، قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونۇپ قالىدۇ. 2- كۈنى ئەتىگەندە يىگىت بىلەن قىز ئىككىسى بىر ئاتقا مىنىپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. يېڭى كېلىن يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، قېينئانا بولغۇچى بوسۇغىغا بىر يېڭى لوڭگىنى قويۇپ قويىدۇ، يىگىت بىلەن كېلىن شۇ لوڭگىغا دەسسەپ ئۆيگە كىرىدۇ، بۇ، يېڭى تۇرمۇشنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يېڭى كېلىن يىگىتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ 3- كۈنى، توي كۆۋاچىلىرى يۈزىنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن، ئائىلە ئاياللىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا باشلايدۇ. تويى بولۇپ بولغان تاجىك ئاياللىرى چېچىغا كۈمۈش تۈگمە قاداپ، قىزلىق دەۋرى بىلەن خوشلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

6. ھېيت - ئايەملىرى.

روزى ھېيت (رامىزان ھېيتى) بىلەن قۇربان ھېيت ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيتلىرى، بۇ ھېيتلار ئىسلام دىنىدىن كەلگەن. روزى ھېيت ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 10- ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ (ھەر يىلى روزا ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى يېڭى ئاي كۆرۈنۈپ ئەتىسى روزا ھېيت بولىدۇ)، ئىسلام دىنىدا ھەر يىلى بىر ئاي روزا تۇتۇش بەلگىلەنگەن. روزا تۇتۇلغان مەزگىلدە ھەر كۈنى 2 ۋاخ تاماق يېيىلىدۇ. ئەتىگەنلىك تاماق كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، كەچلىك تاماق كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن يېيىلىدۇ. بىر ئاي روزا تۈگىگەندىن كېيىن مەسچىتكە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى باشلىنىدۇ. قۇربان ھېيت ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 12- ئاينىڭ 10- كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. قۇربان ھېيت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان چوڭ ھېيتى. ھېيتنىڭ ئالدىدا ھەممە ئائىلىلەر ئۆي - تۇرۇس، ھويلا - ئاراملارنى تازىلاش، ئۆي تۈزەش، بوتقان - كۆرپىلەرنى يۇيۇش، ھېيتلىق يىمەكلىكلەرنى تەييارلاش بىلەن ئالدىراش بولىدۇ. سىرتقى جايلارغا كەتكەن ئۇرۇق-تۇغ-

قائىدىلىرى ئىلاجى بار. ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ھېيت كۈنى يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلار مەسچىت-كە يىغىلىپ ئىمامنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ. نامازدىن كېيىن ھەممە ئا-ئىلىلەر قوي ئۆلتۈرۈپ گۆش پۇشۇرىدۇ، تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى، مەسىلەن: ساڭزا، قەن-گېزەك، مېۋە-چېۋە، گۆشلەرنى داستىخانغا تىزىپ، كەلگەن مېھمانلار بىلەن بىرلىكتە ھېيت-لاشقا تەييارلىق قىلىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىۋار قىلىش يۈزىسىدىن، دۆلەت قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا بايراملاردىن سىرت، قۇربان ھېيتنى 3 كۈنلۈك ئارام ئېلىشنى بەلگىلىدى. بۇ 3 كۈندە ھەر مىللەت خەلقى ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، شات-خوراملىققا چۆمىدۇ. بۇ ئىككى ھېيت گەرچە دىن-دىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى مىللى بايرام بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بە-لەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىنى تەبرىكلىشى، چۈشىنىشىنى كۈچەي-تىش بىلەن، بۇ ئىككى ھېيتقا يېڭى مەنا ۋە يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلغان. ئۇنىدىن باشقا، توي-تۆكۈن، نەزرە-چىراغ ئۆتكۈزۈش، ئات قويۇش، خەتنە قىلىش قاتارلىقلاردا ئۇرۇق-تۇق-قان، يار-بۇرادەرلىرى كېلىپ دۇئا قىلىدۇ ياكى نەزىرىگە قاتنىشىدۇ.

«چىت چادىر» تاجىكلارنىڭ موھىم بىر بايرىمى. بۇ بايرام كۆپىنچە 3-ئايدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. كونكرېت ۋاقتىنى دىنىي زاتلار ئىسلام كالىندارى بويىچە بەلگىلەيدۇ. بۇ كۈ-نى، ھەممە ئائىلەر تەلتۆكۈس تازىلىق ئېلىپ بارىدۇ. 2-كۈنى ھەممە ئائىلىلەر 4 تېمىغا ئۇن سېپىدۇ. ئۇنىڭ سېپىلىشى «1» شەكلىدە، ياكى گۈل گىيالارنىڭ شەكلىدە بولۇپ، ئادەم ۋە مال-چارۋىلارنىڭ ئاۋۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن بىر كىچىك ئوغۇل بالا ئېشەككىمۇ بىرنى يېتىلەپ ئۆيىنىڭ ئىچىنى بىر ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە ئۇن سېپىدۇ. بۇ چاغدا موسىقىت يۇرت مۆتىۋەرى ئائىلىلەرگە رەت بويىچە كە-رىپ يېڭى باھارنى مۇبارەكلەيدۇ، باھار قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. ئۆز ئارا پاتىھە ئو-قۇش باشلىنىدۇ. بۇ بايرام 2 كۈن بولۇپ بەك قىزىيدۇ. تاجىكلارنىڭ «بارات» ئايمۇ بەك قىزىيدۇ. ئايەم بولغان كۈنى ھەر قايسى ئۆيلۈكلەر تاڭ ئاتقىچە خوشال ئوينايدۇ. سېرىق ماي بىلەن كۆيدىغان مەشئەلنى ياندۇرۇپ، ئىنتايىن قىزىق بولغان بايرام تۈسىگە چۆمىدۇ.

7. ئۆلۈم - يىتىمىۋە مەنىنى قىلىدىغان ئىشلىرى.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىكلار جەسەتنى يەرگە دەپنە قىلىدۇ. ئادەتتە، جەسەتنى قون-دۇرۇپ قالمايدۇ، ساندۇققا سالمايدۇ. دىنىي كەسپدارلار بېشىدىن باشلاپ ئايىغىغىچە ئەۋ-ۋەل ئوڭ تەرىپىنى، كېيىن سول تەرىپىنى 3 قېتىمدىن يۇيۇپ چىقىدۇ (جەسەتنى يۇغاندا ئۆ-لۈكنىڭ ئېغىزى، بۇرنى، قۇلاق، كۆزىگە سۇ كىرگۈزمەيدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن ئاق رەخ بىلەن بەدىنىنى يۆگەيدۇ. ئىمامنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچى يەرلە-نگەندە ياتقاندىن كېيىن، ئائىلە تەۋەلىرى 40 كۈنگىچە چاچ، ساقال ئالدۇرمايدۇ. ئويۇن تاماشا قىلمايدۇ؛ ئەرلەر ئاقلىق باغلايدۇ، ئاياللار ئاق رومال ئارتىدۇ. ھەمدە مېيىت نامىزى ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئۈچى، يەتتىسى، قىرىقىنى ۋە يىلىنى قىلىدۇ. موللىلارغا قۇرئان ئوقۇتىدۇ ھەمدە خولۇم-خوشنىلىرى، ئۇرۇق-تۇققانلىرى، يار-بۇرادەرلىرىگە نەزرە بېرى-دۇ. تاجىكلارمۇ ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسەدىنى پاكلاشتۇرغاندىن كېيىن ئاق رەختكە ئورايدۇ، لېكىن بېشىنى ۋە پۇتىنى ئوچۇق قويۇپ ئامان - ئىسەنلىك بىلدۈرىدۇ. جان ئۈزگەن كېچى-

ـسى ۋە يەرلىگەندە قويۇلغان كۈنى، تۇغقانلىرى، دوستلىرى ۋە مەھەللىدىكىلەرى كېلىپ ھازا تۇتىدۇ. بىللە بولىدۇ. تاجىكلارنىڭ ئەرلەر، ئاياللار ئۈچۈن كولىغان گورىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئوخشاش بولمايدۇ، ئەرلەرنىڭكىنى 2 مېتىر كولايدۇ، ئاياللارنىڭكىنى بولسا كۆكرەك ئېگىزلىكىدە كولايدۇ.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىكلار چوشقا گۆشى يېمەيدۇ. قان ئىستېمال قىلمايدۇ. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنى يېمەيدۇ. يىرتقۇچ ھايۋان، يىرتقۇچ قۇش ۋە ئىت، ئېشەك گۆشلىرىنى يېمەيدۇ. تاجىكلار تېخى ئات گۆشى يېمەيدۇ، ئاتنىڭ سۈتىنى ئىچمەيدۇ. كىشىلەر سۆزلىشىۋاتقان ۋە تاماق يەۋاتقان چاغلاردا مىشقىرىش، ئوسۇرۇش، تۈكۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغانلىق دەپ قارىلىدۇ. باشقىلارنى چاقىرغاندا "سىلە"، "ئۆزلىرى" دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىش لازىم. بىۋاستە "سەن" دەپ چاقىرىشقا بولمايدۇ. (ئۆزىنىڭ خوتۇنى ياكى يېقىن ئاغىنىلىرىنى "سەن" دەپ چاقىرسا بولىدۇ). مەسچىتتە ۋاقىراپ ـ جاقىراشقا بولمايدۇ، ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمگە دۇچ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش مەنئى قىلىنىدۇ. مازاردىن توپا ئېلىش، مازارلىقتىكى ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەرنى بۇزۇۋېتىش ياكى مازارلىققا چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. مېھماندارچىلىققا بارغاندا پۇتىنى باشقىلارغا قارىتىپ ئۇزۇتىشقا بولمايدۇ. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئالغاندا ياكى تۇتۇلغان چايلارنى ئالغاندا ئىككى قول بىلەن ئېلىش كېرەك، بىر قول بىلەن ئېلىش ئەدەپسىزلىك دەپ قارىلىدۇ.

8. دىنىي ئادەتلىرى.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىكلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى مەسچىتتە بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئەقىدىسى ئاللاغا ئىشىنىش، مالائىكىلەرگە ئىشىنىش، "قۇرئان شەرىپ" كە ئىشىنىش ۋە ئۇنىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بىر نەچچە نوملارغا ئىشىنىش ("تەۋرات"، "زەبۇر"، "ئىنجىل"، كېيىن يەنە "ھەدىس" ئوتتۇرىغا چىقىپ "قۇرئان شەرىپ" نىڭ تولۇقلىغۇچىسى قىلىنىدى)، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەلەيدىغانلىقى ۋە ئاخىر زاماندىكى سوئال ـ سوراقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، لەۋھۇلمەھپۇزغا ئالدىن ـ ئالا پۈتۈلگەنلىكىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى: ئىمان ئېيتماق، (لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا ــ بىر ئاللادىن باشقا مەئبۇد يوق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى)؛ بىر كۈندە 5 ۋاخ ناماز ئوقۇماق؛ ھەر يىلى بىر ئاي رامىزان تۇتماق؛ ئۆشرە ـ زاكات بەرمەك؛ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگۈچىلەر ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج ـ تاۋاپ قىلماق. بىر كۈندە ئوقۇلىدىغان 5 ۋاخ ناماز ئادەتتە مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ، ئۆيدە ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ، 5 ۋاخ ناماز مۇنۇلار: كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان بامدات نامىزى، چۈشتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان پېشىن نامىزى، كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان ناماز دىگەر، كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ناماز شام، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان ناماز خۇپتەن. جۈمە كۈنى چۈشتىن قايرىلغاندا ئازنا مەسچىتكە يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇلىدۇ. ناماز ئوقۇغاندا يۈزى مەككە شەھرىدىكى كەئبىگە قارىتىلىدۇ. تىك تۇرۇپ ھەمرۇسانا ئېيتىش، سەجدىدە تۇرۇش، رۇكۇغا باش قويۇش، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش قاتارلىق ھەركەتلەرنى قىلىدۇ. ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى غۇسلى قىلىدۇ ياكى تاھارەت ئالىدۇ، سۇ يوق جايلاردا تەيەممۇم قىلىشقىمۇ بولىدۇ. (ۋۇ دۇگيا ۋ)

# ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى

**[ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان]** 1984 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 10 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 10 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىشچىلار ئۇيۇشما كادىرلىرىدىن 70 نەچچە كىشىنى تەربىيىلىدى؛ بەزى ناھىيىلەردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىمۇ ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 10 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش تايانچلىرىدىن بىر تۈركۈمنى تەربىيىلىدى. مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 10 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى قاتتىق تۇتتى، ھازىر ئىشچىلار ئۇيۇشما تەشكىلاتىدىن 574 ى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ 58651 ئەزاسى بار، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ۋىلايەت بويىچە تەرتىپكە سېلىنىپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تېگىشلىك كارخانا 319 بولۇپ، ھازىر 218 ى ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇ، ئومۇمىي سانىنىڭ 68.3%ىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ مۇئەسسەسە مۇستەھكەملەندى.

6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ ئىشچىلار ئۇيۇشما تەشكىلات خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ "ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلىسى" بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش" توغرىسىدىكى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى پائال ھەرىكەتلىنىپ، "تەرتىپكە سېلىش، بەرپا قىلىش" پىلانىنى تېز تۈزۈپ چىقتى. 11 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋىلايەت بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشما كادىرلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشما تەشكىلاتىنى تەرتىپكە سېلىش، "ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلىسى" بەرپا قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى، ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچەملىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى.

ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش داۋامىدا ، تۈرلۈك تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ ، يېڭى ئادەم ، يېڭى ئىش ، يېڭى ئىستىللارنى تەشۋىق قىلدى . كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى كەڭ - كۆلەمدە قانات يايدۇردى . 1000 دىن ئارتۇق كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى . 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى كىتاب ئوقۇش ئۆگىنىشى ، كىتاب ئوقۇپ نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى دوكلات يېزىش، بىلىم مۇسابىقىسى ، كىتابلارغا باھا بېرىش، كىنوغا باھا بېرىش،قارا دوسكا ئىشلەش ، مۇسىنى خەت كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى، ۋىجدان-جۈن ، ئايگۈلىيا ئوخشاش بىر تۈركۈم كىتاب ئوقۇش ئاكتىپلىرى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ يېتىلگەن بىر تۈركۈم ياخشى ياشلار بارلىققا كەلدى . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ ، تۈرلۈك مەدەنىيەت ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى، يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ۋە باشقا تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى دائىم ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى ، چاغان بايرىمى مەزگىلىدە، مەشئەل كېچىلىكى ۋە پانۇس كېچىلىكى ئۆتكۈزدى .

ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىدىيەۋى تەربىيىنى كۈچەيتكەن ۋە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىغان ئاساستا ، سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى . 1 - ماي بايرىمىدىن ئىلگىرى ، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچىلار ئۇيۇشما خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئېچىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشما ئىلغار كوللېكتىۋىدىن 25 نى ۋە ئىلغار شەخسىدىن 120 نى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

بىخەتەرلىك ئىشى پائالىيىتىدە ، ئىقتىسادىي كومىتېت ، ئەمگەك باشقارمىسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، « بىخەتەرلىك بىرىنچى » ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يېڭىسار ، يەكەن ، پوسكام ، قاغىلىق ، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ كۆمۈر كانلىرى ، سېمونت زاۋۇتلىرى ، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى ، ماي ئىسكىلاتى ، ئاپتوموبىل كالونلىرى قاتارلىق 30 نەچچە ئورۇنغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، بېسىلىپ قالغان ئۆلۈم - يېتىم يارىلىنىش ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى بېكىتتى ، يوشۇرۇن ئاپەتنى تۈگەتتى.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 1956 - يىلىدىن بۇيان مەملىكەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈپ رەتلەپ، تىزىملاپ، 225 دانە شەرەپ كىنىشكىسىنى تولۇقلاپ تارقاتتى . ئىچكىرىدە ئارام ئېلىش، داۋالىنىشقا 128 ئادەم ئەۋەتتى . 5 نەپەر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىنى تاللاپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان ساياھەت ئۆمىكىگە قاتناشتۇردى ، يەنە 600 نەچچە ئوقۇتقۇچى قاتناشقان كىنو كېچىلىكى ۋە سەيلە كېچىلىكى ئۇيۇشتۇردى ، 22 نەپەر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىنى تاللاپ، ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك مائارىپچىلار قۇرۇلتىيىغا ئەۋەتىپ، مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشما خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئاساس سالدى .

**[ ئىسلاھاتقا لايىقلىشىپ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى ۋە ياشلار خىزمىتى ]** 1984 ـ يىلى تەشقەر ۋىلا ـ يىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىسلاھات ۋەزىيىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن لايىقلىشىپ، ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىتتىپاق تەشكىلاتى ۋە پىئونېرلار تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ، يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1983 ـ يىللىق خىزمەتلەر ئاساسىدا، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش تەلىپىگە ئاساسەن، 1984 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى چېچىلاڭغۇ، پالەچ ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنى داۋاملىق تەرتىپكە سالدى. بۇ بىر قېتىملىق، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى قۇ ـ رۇلغاندىن بۇيان كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان يېزا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش بولۇپ، جەمئىي 782 ئۈچىنچى خىل ياچېيكا تەرتىپكە سېلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بىرىنچى، ئىككىنچى خىل ياچېيكىلارمۇ مۇ ـ ناسىپ ھالدا تەرتىپكە سېلىنىدى، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، يېزا ئىتتىپاق ياچې ـ كىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. چېچىلاڭغۇ، پالەچ ياچې ـ كىلار 30.18% دىن 2% گە تۆۋەنلەپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى.

ئۈچىنچى قېتىملىق "ئومۇمىي خەلق مە ـ دەنىيەتلىك بولۇش ئېيى"دا، ۋىلايەت بو ـ يىچە ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياش ـ لار، ئۆسمۈرلەر "3 ئەلا، بىر ئۆگىنىش" خىزمەت ئۆتەش، ئەلا تەرتىپ ئورنىتىش، ئەلا مۇھىت يارىتىش، لېي فېڭدىن ئۆگە ـ نىش، يېڭى ئەنئەنە تۇرغۇزۇش) بويىچە كەڭ مۇسابىقە قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېڭى تۆھ ـ پە قوشتى. ۋىلايەت بويىچە لېي فېڭدىن ئۆ ـ گىنىش، ئەللىقلىق يەتكۈزۈش، خىزمىتە ـ ڭىزگە تەييارمىز قاتارلىق نامە ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش گۇرۇپپا ـ



يېڭى ئىتتىپاق ئەزالىرى
لۇ پېيتيەن فوتوسى

ئەترەتلىرىدىن 3927 سى قۇرۇلدى، خالىسانە خىزمەت ئۆتەيدىغان تۈرلەر 30 دىن ئاشتى. ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر يەنە "ياشلارغا ياردەم بېرىپ، ئەللىقلىق يەتكۈزۈش"، "ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىش، تېرىقچىلىققا ياردەم بېرىش"، "دۆلىتىمىزنىڭ گۆھىرى چوڭ مۆشۈك ئېيىقنى قوغداش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىش، قىزىل ئارمىيەنىڭ پېشقەدەم جەڭچىلىرىدىن، پېشقەدەم كادىرلاردىن ھال سوراش، ئاز سانلىق مىللەت كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش، دورا بېرىش، "مىللەتلەر بىرلەشمە دوستلۇقى" قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيىدا، ۋى ـ لايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ياشلارنىڭ مەدەنىيەتلىك كوللېك ـ

تىنۇي، مەدەنىيەتلىك ئىش ئورنى قۇرۇش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە قەشقەر شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىشىپ، 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يەكۈنلەش، تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەتكە ۋە شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 9 قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى، 6 ئىلغار ئىتتىپاق كومىتېتى، 53 ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكا (باش ياچېيكا)سى، 27 مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى، 206 ئىلغار ياشنى تەقدىرلىدى.

1984 - يىلى ئەتىيازدا كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش پائالىيىتىدە، ۋىلايەت بويىچە ياشلار، ئۆسمۈرلەر ۋەتەننى كۆكۈمتاللاشتۇرۇش، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 230 مىڭ ھەر مىللەت ياشلىرى، ئۆسمۈرلىرى خالىسانە كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ، دەريا بويلىرى، سايلارغا يۈرۈش قىلىپ، كەڭ - كۆلەملىك "ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆكۈمتاللىققا ئايلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى"نى بەرپا قىلدى، 2 مىليون 680 مىڭ تۈپ دەرەخ تىكتى. قەشقەر شەھىرى دۆڭئۇاغ باغچىسىدىكى ياشلارنىڭ كۆكۈمتاللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەشقەر شەھىرى ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنىڭ ئۇدا 5 يىل تىرىشىشى ئارقىسىدا، غەلىبىلىك ئورۇنلاندى. يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇما كوممۇنىسىدىكى "ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ قوشقەۋەت يايلىقى" ھازىر 4000 مو يەر ئېچىپ، 3400 موسىنى كۆكۈمتاللاشتۇرۇپ بولدى. يەكەن ناھىيە ئارال يېزىسى 315 مو يېڭى سورتلۇق مېۋە يېتىشتۈرۈلگەن باغنى ئاساسلىقى ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بەرپا قىلغان بولۇپ، 7700 تۈپتىن ئارتۇق ھەرخىل مېۋە قويدى. پوسكام ناھىيە ژىما كوممۇنىسىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار زەي، شور يەرلەردە ياشلار ئورمانلىقى بەرپا قىلىش ئۈچۈن 1500 مو يەر ئېچىپ، 13600 تۈپ دەرەخ قويدى. يېڭىسار ناھىيە سېيىتلە يېزىسىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار سايلىقتىن 600 مو يەر ئېچىپ، 30000 تۈپتىن ئارتۇق دەرەخ قويدى. پەيزىۋات ناھىيىسىدە تاشيولنىڭ بويلىرىغا ئورۇنلاشقان يېزىلاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر 1984 - يىلى ئەتىيازدا 50 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاش يولنى كۆكۈمتاللىققا ئايلاندۇرۇپ، 350 مىڭ تۈپ دەرەخ قويدى. ۋىلايەت بويىچە 7 نەپەر ئىلغار ياش ۋە 3 مۇنەۋۋەر ياشلار كوللېكتىپى شىنجاڭنى كۆكۈمتاللىققا ئايلاندۇرۇش زەربىدارى (ئەترىتى) دېگەن نامغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق كۆكۈمتاللىققا ئايلاندۇرۇش كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئۆسمۈرلەر، بالىلار ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنىڭ 60 يىللىقى ۋە جۇڭگو ئۆسمۈرلەر ئاۋانگارت ئەترىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1984 - يىلى "پىرىنچى ئەيۇن" دىن ئىلگىرى-كېيىن، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە كۆپچىلىك ناھىيە (شەھەر) لىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئۆسمۈرلەر ئەترىتىنىڭ كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇردى. يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى قەشقەر شەھىرىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق پىئونېرلارنىڭ 3 - مايدا خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزگەن كۆرىكىنى قوبۇل قىلدى.

ھەر مىللەت ياشلىرى، ئۆسمۈرلىرى، بالىلىرىنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان، ساغلام ئۆسۈۋاتقان، سۈيۈملۈك ئوبرازى زاھىر بولدى. "پۈتۈن ئىتتىپاق تەشكىلاتى پىئونېرلار تەشكىلاتىنى يېتەكلىشى" دىن ئىبارەت شانلىق ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىتتىپاق ۋىلايەتلىك كومىتېتى مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر، بالىلار خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى بىلەن بىرلىشىپ، 1984-يىل 11-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ باھالىدى، قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار، يوپۇرغا، كونىشەھەر، قاغىلىق، مارالبېشى قاتارلىق 6 ناھىيە (شەھەر)نى پىئونېرلار خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە (شەھەر) قىلىپ باھالاپ تەقدىرلىدى.

1984-يىلى "جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش" ياشلار كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى ۋىلايىتىمىزنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدا كەڭ قانات يايدى. ئىتتىپاق ۋىلايەتلىك كومىتېتى ۋە ناھىيە (شەھەر)لىك، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك كىتاب ئوقۇپ نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىنى ئويۇشتۇرۇپ، ياشلار كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 7-ئايدا ۋىلايەتلىك ياشلار كىتاب ئوقۇپ نۇتۇق سۆزلەش تاللاش مۇسابىقىسىدە تاللانغان 3 نەپەر ۋەكىل ئۈرۈمچى شەھىرىگە بېرىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار كىتاب ئوقۇپ نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، ھەممىسى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. جاڭ شياۋفېڭ خەنزۇ تىلى 1-گۇرۇپپىسىنىڭ 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، ئادالەت ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، زەينۇرە ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. (ما يىڭشېڭ)

**[يېزىلاردىكى ياشلارنىڭ ئىلىم-پەن ئۆگىنىشى، ئىلىم-پەن ئىشلىتىشى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر]** 1983-يىل 10-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى ۋە مەمۇرى مەھكىمە دېھقانچىلىق باشقارمىسى، چارۋىچىلىق باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېزىلاردىكى ياشلارنىڭ ئىلىم-پەن ئۆگىنىش، ئىلىم-پەن ئىشلىتىش ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئېچىپ، ياشلارنىڭ يېزىلاردا ئىلىم-پەن ئۆگىنىش، ئىلىم-پەن ئىشلىتىش ئۈلگىلىك ئەترەتلىرىدىن 28 گە ۋە شەخسلەردىن 28 گە نام بەردى ۋە ئۇلارنى تەقدىرلىدى.

ياشلار ئۈلگىلىك ئەترەتلىرى 28

قەشقەر شەھىرى شامالۋاغ كوممۇنىسى 11-چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

قەشقەر نەزەرۋاغ كوممۇنىسى 9-چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان كوممۇنىسى مال دوختۇرلۇق پونكىتى

يېڭىسار ناھىيە توپلۇق كوممۇنىسى 3-چوڭ ئەترەت ياشلار توك تەقسىملەش باشقۇرۇش ئەترىتى

يېڭىسار ناھىيە ئوچا كوممۇنىسى 22-چوڭ ئەترەت ياشلار كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئەترىتى

يەكەن ناھىيە ئارسلانباغ كوممۇنىسى مالدوختۇرخانا ئىتتىپاق ياچېيكىسى

يەكەن ناھىيە مەشا كوممۇنىسى 21 - چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

يەكەن ناھىيە تومئۆستەڭ كوممۇنىسى 6 - چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

پوسكام ناھىيە 3 - كوممۇنىسى مالدوختۇرلۇق پونكىتى

پوسكام ناھىيە سۈپەتلىك ئۇرۇغ يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىكى پەن-تەتقىقات چوڭ ئەترىتى

قاغىلىق ناھىيە سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى، توخۇچىلىق فېرمىسىدىكى جۆجە چىقىرىش گۇرۇپپىسى

قاغىلىق ناھىيە شاخاپ كوممۇنىسى 5 - چوڭ ئەترەت

قاغىلىق ناھىيە چاۋاغ كوممۇنىسى 6 - چوڭ ئەترەت

مەكىت ناھىيە يانتاق كوممۇنىسى جەرەن دۆڭ چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

مەكىت ناھىيە تۆمەنتال كوممۇنىسى سىياچقاق چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

پەيزىۋات ناھىيە پەيزىۋات كوممۇنىسى 2 - چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

پەيزىۋات ناھىيە كۆللۈك كوممۇنىسى 7 - چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

يوپۇرغا ناھىيە سىيەك كوممۇنىسى 4 - چوڭ ئەترەت 3 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى

يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق كوممۇنىسى 3 - چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

يوپۇرغا ناھىيە تېرىم كوممۇنىسى 3 - چوڭ ئەترەت 5 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئىتتىپاق گۇرۇپپىسى

مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا كوممۇنىسى مالدوختۇرلۇق پونكىتى

مارالبېشى ناھىيە چاۋاغ كوممۇنىسى باغۋەنچىلىك مەيدانى

مارالبېشى ناھىيە ئانار كۆل كوممۇنىسى 9 - چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

كونىشەھەر ناھىيە بايۋاغ كوممۇنىسى 5 - چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

كونىشەھەر ناھىيە سەمەن كوممۇنىسى 7 - چوڭ ئەترەت ئىتتىپاق ياچېيكىسى

تاشقورغان ناھىيە ئورمانچىلىق مەيدانى ياشلار گۇرۇپپىسى

تاشقورغان ناھىيە مازار چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي فېرمىسى ئىتتىپاق ياچېيكىسى

قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى ئىتتىپاق ياچېيكىسى

62 نەپەر ياش ئۆلگە.

ئابلىكىم مامۇت، مەت توختى تۇرۇپ، مەمەت قارى موللاق، ئابدۇقېيۇم مەمەتنىياز، تۇرسۇن روزى، ياسىن ئوسمان، ئابدۇقادىر تۇرسۇن، ئەمەت سېيىت، قادىر ئېلى، ئابدۇخېلىل قېيۇم، مەھەممەت توختى، سالامەت غوپۇر، مەھەممەت توختى، ئوسمان بەكرى، مەھەممەت ئابدۇراخمان، مەھەممەت ياسىن، روزى ئاۋۇت، ئاتىخان جامال، ئابلىز ئىسلام، روزى نىياز ئەزىز، ياسىن يۇنۇس، ھۆشۈر روزى، زۇلال قۇربان، كوپىك، ھامىت ماسۇت، روزى مانسۇر، ئابلىمىت ئىسلام، ئەخەت مەھەممەت ئېزىز، ئابلىز ياسىن، ئەمەتجان سىدىق، ھۈسەن مەھەممەت، تۇرسۇن تۇردى، ئەخەت مەھەممەت، تۇرسۇن مامۇت، قۇربان ئېلى مولامەت، ئابدۇكېرىم تۇردى، تاش رازىق، ياسىن غوجەك، ئابدۇكېرىم ئابدۇللا، ھامىت ئابدۇللا، ئابلا ئايۇپ، تۇرسۇن مىجىت، كېرىم تۇردى، مەرەمنىسا ھەيت، ئابلىز مامۇت، ئوبۇل مەھەممەت، ھاشىم ئېلىيار، مېھرى گۈل، ئابلەت تۇردى، سۇلايمان داۋۇت، ئابدۇۋا-

يىت تۇرەك، ئۆمەر ساۋۇت، ئاسىرھامۇت، مەھەممەت يۈسۈپ، تۇرسۇن نۇر، ئابدۇۋايىت ئىمىن، داۋۇت ھەسەن، ئەنۋەر مەھەممەت، مەھەممەت ئىمىن ئىسلام، بەي لىخا مەتسىتەن ئوسمان ئېلى، ۋاڭ جىنيۇڭ (مايىڭشېڭ)

## [ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ]

ئازاتلىقتىن بۇيان، ھەر مىللەت ئاياللىرى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، «يېرىم دۇنيا» لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر قايسى سەپلەردە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر قوشۇن بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە ۋىلايەت بويىچە ئايال كادىرلار 16224 بولۇپ، 1950 - يىلىدىكى 446 كىشىدىن 36.4 ھەسسە كۆپەيدى؛ 9743 ئايال پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، 1950 - يىلىدىكى 24 كىشىدىن 406 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئايال 13802 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلىرى 834 نەپەر، ئىنژېنېردىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولغانلار 95 نەپەر، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئايال كادىر 2 نەپەر، ناھىيە دەرىجىلىك ئايال كادىر 55 نەپەر، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك ئايال كادىر 142 نەپەر.

1984 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار تەشكىلاتلىرى 1983 - يىللىق خىزمەتلەر ئاساسىدا، ئاساسلىق قىلىپ ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش ۋە بالىلار، ئۆسمۈرلەر خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بىر يىلدا، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار تەشكىلاتلىرى ئەرز - ھال ئېيتىپ كەلگەن 2138 ئادەم ( قېتىم ) نى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قوبۇل قىلغىنى 237 ئادەم ( قېتىم )، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغىنى 195 پارچە. 1984 - يىلى ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدە قانۇن مەسلىھەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ۋىلايەت بويىچە كۆپ سانلىق ناھىيە (شەھەر) لەردە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئاپپاراتلار قۇرۇلدى. 1984 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە، ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى مەزگىلىدە، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا زىچ ماسلىشىپ، قانۇن بىلىملىرى لېكسىيىسى سۆزلىدى، يىغىن ئاچتى، 31 تەشۋىقات ماشىنىسى چىقاردى، كوچا - كوچىلارغا، يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. جايلاردا قانۇندىن مەسلىھەت سوراش پونكىتلىرى قۇرۇلدى، ئاممە ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن-



ھەر مىللەت ئاياللىرى بىرلىكتە.
لۇ ييەنيەن فوتوسى

دىكى تەسىر مەسىلىلەرگە جاۋاپ بەردى. تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى مەزگىلىدىلا ۋىلايەت-
لىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئەرز - ھال ئېيتىپ كەلگەن 172 ئادەم (قېتىم) نى قوبۇل قىل-
لىپ، 84 پارچە ئەرزنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ئامما پاش قىلغان ئاياللار، بالى-
لارغا زىيان سالغان ئەنزىدىن 102 نى تاپشۇرۇۋېلىپ، 76 سىنى تەكشۈرۈپ مۇۋاپىق
بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان باسقۇنچىلىق قىلىش،
ئالداپ سېتىش، ئىزدىقتۇرۇپ ئېيپىتىشنى ساتقۇزۇش جىنايى ئەنزىسى 11 پارچە، 24 ئا-
دەم. تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى ئارقىلىق، كەڭ ئامما ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ قانۇنىي
ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدا بىر قېتىم قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىگە ئىگە
بولدى، قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشى كۈچەيدى. بۇ قېتىمقى تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى
داۋامىدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمە ئاياللار، بالىلارنىڭ قانۇنىي مەنپە-
ئەتىنى قوغداش بويىچە ئىلغار بولغان 50 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 143 ئىلغار شەخسنى
تەقدىرلىدى.

ۋىلايەت بويىچە 7 ياشتىن تۆۋەن ئوتتۇش يېشىغا تولمىغان بالىلار 500 مىڭدىن كۆپ
بولۇپ، بۇلارنىڭ 80% ى يېزىدا، تۆۋەنتە ۋىلايەت بويىچە ھەرخىل دائىمىي خاراكتېردىكى
بالىلار باغچىسىدىن 585 تى بار، ۋاقىتلىق خاراكتېردىكى بالىلار يەسلىسىدىن 3134 ى
بار، مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق سىنىپىدىن 383 ى بار، يەككە يەسلى ئائى-
لىسىدىن 52 سى بار، ۋىلايەت بويىچە بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرىش نىسبىتى 12% دىن ئار-
تۇق. ۋىلايەت بويىچە باققۇچىلار 10564 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس بالىلار باغچىسى
ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەر 95 نەپەر.
يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمى-
سى بالىلار باغچىسى، يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپىدىن 8 قارار ئېچىپ،
باققۇچىلاردىن 280 نى تەربىيىلىدى. 1983 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ۋىلايەتلىك
«بالىلار، ئۆسمۈرلەر پاراۋانلىق فوندى جەمئىيىتى» قۇرۇلدى، ھازىر 200 مىڭ يۈەندىن
ئارتۇق مەبلەغ توپلاندى. 1984 - يىلى 11 - ئايدا ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، مە-
مۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى، سەھىيە باشقارمىسى ۋىلايىتىمىزدىكى
36 مەركىزى بالىلار باغچىسى ۋە يەسلىنى تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاپ ئۆتكۈزۈۋال-
دى، ئىلغار ئورۇندىن 20 نى باھالاپ تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى ھەمدە 12 - ئاينىڭ
8 - كۈنى «بالىلار باغچىسى مائارىپىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى قەشقەر شۆبىسى» نى قۇ-
رۇپ چىقتى. يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم يېزىلاردىكى بالىلار باغچىسى، يەسلى خىزمە-
تىگە ئەھمىيەت بەردى، ھازىر ناھىيە بويىچە بالىلار باغچىسىدىن 36 سى، دېھقانچىلىقنىڭ
ئالدىراشچىلىق ۋاقىتلىرىدا ۋاقىتلىق قۇرۇلغان يەسلى ۋە ئائىلە يەسلىسىدىن 1179 ى بار،
مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق سىنىپىدىن 138 ى بار، بالىلار باغچىسى، يەسلىگە
كىرگەن بالىلار 18765 بولۇپ، يەسلىگە كىرىش نىسبىتى 22% كە يېتىدۇ. ئاپتونوم رايون-
لۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 1984 - يىلى 10 - ئايدا بۇ ناھىيىدە شىنجاڭ بويىچە يېزىلاردىكى
مەركىزى بالىلار باغچىسى، يەسلىسى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

# سىياسى قانۇن

## [ جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىۋى رۇشەن ياخشىلاندى ]

1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىشى، كۆڭۈل قويۇپ يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەركەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ موھىم ھالقىسى قىلىپ تۇتۇپ، ئەنزە پاش قىلىش جىددىيلىكىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى، ئەڭ يۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرىگە ۋاقتىدا زەربە بېرىش بىلەن بىر چاغدا، ئامىمنى پائال تۈردە قوزغاپ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاشكارا ئەسكىلىك قىلغان ۋە بىر قەدەر چوڭقۇر يوشۇرۇنغان زور بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرنى تازىلىدى، بۇنىڭ بىلەن، ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا ئوتتۇرىغا چىققان "يامان ئادەملەر ھەيۋە قىلىدىغان، ياخشى ئادەم خاپىلىققا قالىدىغان" نورمالسىز ھالەت ئۆزگەرتىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىۋى رۇشەن ھالدا ياخشىلاندى. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنىڭ يۈز بېرىشى 1983 - يىلدىكىدىن 18.1% تۆۋەنلىدى، چوڭ، موھىم ئەنزە 14.7% تۆۋەنلىدى. يىل بويى ئەنزىنىڭ يۈز بېرىش سانى ئومۇمى نوپۇس سانىنىڭ 0.00069 نى ئىگەللەپ، تارىختا ئەنزە يۈز بېرىش ئەڭ ئاز بولغان 1959-يىلدىن كېيىنكىلا ئورۇنغا چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، قاغىلىق 4 ناھىيە ( شەھەر ) دە يۈز بەرگەن ئەنزە 1983-يىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 26.3%، 44.1%، 26.5%، 37.6% تۆۋەنلىدى. ۋىلايەت بويىچە ئومۇمى ئەنزە پاش قىلىش نىسبىتى 82% كە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 2% يۇقۇرى كۆتىرىلدى، بۇ، 1961-يىلدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 23 يىل مابەينىدە ئەنزە پاش قىلىش نىسبىتى ئەڭ يۇقۇرى بولغان بىر يىل بولدى. ئامانلىق ساقلاش ئەنزىسىنىڭ يۈز بېرىش سانى 1983 - يىلدىكىدىن 20% تۆۋەنلىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە باھانە تېپىپ ۋەقە چىقىرىش ئەنزىسى 48% تۆۋەنلىدى، گورۇھ بولۇۋېلىپ مۇشلۇشۇش ئەنزىسى 14.6% تۆۋەنلىدى، لۈكچەكلىك قىلىپ ئاياللارغا چېقىلىش، ھاقارەتلەش ئەنزىسى 18.2% تۆۋەنلىدى، قىمار ئويناش ئەنزىسى 29.4% تۆۋەنلىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈپ، 1325 جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنىڭ يىپ ئۇچىنى پاش قىلدى، 37 جىنايەتچىنى تۇتۇپ ئەكىلىپ بەردى. پارتىيە سىياسىتىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچى ئاستىدا، قانۇنغا خىلاپ ھەر خىل ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن 843 ئادەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىغا مەلۇم قىلدى ۋە مەسىلىسىنى تاپشۇردى.



جەكمەش

سەي ۋۇلانتوشى

ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ناھىيە (شەھەر)، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن 1914 ى قۇرۇلدى، ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە قاتناشقان ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر 6286 نەپەر، پۇل، ئاشلىق، ماددى ئەشيا مەركەزلەشكەن موھىم ئورۇننىڭ 91.8% ىدە بىخەتەرلىكنى قوغداش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. شەھەر، يېزا بولۇپ جەمئىي 428899 ئائىلە "بىخەتەرلىك ئەھدىنامىسى" تۈزۈپ چىقتى. يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، يوپۇرغا قاتارلىق 5 ناھىيە 138910 ئائىلىنى "قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان شەرەپلىك ئائىلە" قىلىپ باھالاپ چىقتى، ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش گۇرۇپپىسىدىن 2431 نى قۇرۇلدى. سەۋرچانلىق، ئىنچىكە تەربىيە بېرىش، تەسىرلەندۈرۈش، قۇتقۇزۇش ئارقىلىق، ئازغان ياشلارنىڭ 64.5% تى قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى ياش-ئۆسمۈرلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇمۇملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى، جىنايى ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ تەدرىجىي ئەمەلىيلىشىشى جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپلا قالماستىن، پارتىيە ئىستىلى، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئارمىيە بىلەن خەلق، خەلق ساقچىلىرى بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك مەكتەپ، مەدەنىيەتلىك مەھەللە، مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتى كۈندىن-كۈنگە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى، مەھەللىلەر ئىنتىزاملىقلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. (جياڭ جيەن)

## [ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەت چاقىرىلغان سىياسى قانۇن سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى]

1984 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كومپارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى ۋە مەھكىمە ۋىلايەت بويىچە سىياسى قانۇن سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا 20 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 184 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، مۇكاپاتلاندى. ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان 7 ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى ۋە 97 نەپەر ئىلغار شەخس ۋەكىلى سايلاندى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا تەقدىرلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى "قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشى"دە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار نەمۇنىچىلار ۋە تايانچ ئاكتىپلار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جاھىل قاتىللار بىلەن باتۇرانە كۆرەش قىلغان تۆھپىكارلار، ئەنزە پاش قىلىش ماھىرلىرى بار، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغان سودىيەلەرمۇ بار، نوچىلار بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلىدىغان تەپتىش كادىرلىرى بار؛ جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش كۆرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە نەچچە ئون يىل كۆرەش قىلغان

پاشقۇرۇش كادىرلىرى بار، خەلقنى غەمدىن خالاس قىلالىغان ئامانلىق ساقلىغۇچىلار، مۇرەسسە قىلغۇچىلارمۇ بار.

مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىسى ئابدۇغوپۇر سىدىق «ئېچىش نۇتقى» سۆزلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە سىياسى قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى تىلىۋالدى توختى يىغىندا «نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، غەلىبىنى ئالغا ئىلگىرىلەپ، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى» دىگەن سەرلەۋھىدە خىزمەت دوكلادى بەردى. يىغىن بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ۋىلايەتتىكى سىياسى قانۇن، جخ سېپىدىكى بارلىق يولداشلارغا يازغان «تەشەببۇسنامە»سىنى ماقۇللىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

تىلىۋالدى توختىنىڭ خىزمەت دوكلادى جەمئى 3 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1. جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە قولغا كەلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر؛ 2. ۋىلايىتىمىزدىكى سىياسى قانۇن قوشۇنى پارتىيە ۋە خەلق ئىشەنچ قىلىدىغان، جەڭگىۋارلىقى بار قوشۇن؛ 3. نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى ـ دىن ئىبارەت.

يولداش گوگاڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمىگە ۋاكالىتەن بارلىق ۋەكىللەردىن سەمىمى ھال سورىدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە نوقتىلىق ھالدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىشنى سىياسى ۋەزىپە قىلىپ چىڭ، ياخشى تۇتۇش لازىم، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي ئومۇملۇققا دائىم كۆڭۈل بۆلۈش، مەركەزنىڭ ھەر بىر مۇھىم ئىقتىسادىي تەدبىرلىرىنى ۋە ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم، شۇنداق قىلىپ ئىدىيىنى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشتۈرۈپ مېڭىش، سىياسى جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇش لازىم. ئۇ مۇنداق دېدى، سىياسى قانۇن خىزمەتلىرى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ئاستىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، سىياسى قانۇن خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىدىيىسىنى، خەلققە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئىدىيىسىنى، دۆلەتنىڭ ئۇزاقىچە خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشى لازىم. چەتكە قارىتا ئېچىۋېتىش، ئىچكى قىسىمغا قارىتا ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشقا پايدا يەتكۈزۈشنى چىقىش قىلىپ، قانۇن ۋاستىسىنى تەدبىقلاپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى زۆرۈر يوسۇندا باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مۇرەسسە قىلىش، قانۇنلۇق بىلەن قانۇنسىزلىق، جىنايەت بىلەن جىنايەت ھېساپلانماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى چەكنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، قانۇن ئارقىلىق كارخانا، كەسىپىي ئورۇنلارنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ نورمال قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئاكتىپ ھالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ چوڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن قانۇنىي جەھەتتىن خىزمەت ئۆتەش لازىم. (جاڭ يى)

**[يوپۇرغا ناھىيىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە چىڭ تۇردى]** 1979 - يىلدىن بۇيان، يوپۇرغا ناھىيىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى يىلدىن-يىلغا ياخشىلىدى. جىنايى ئىشلار ئەنزىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 7.3% ئازايدى، ئەنزىنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى ئىزچىل تۇردە 95% دىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى. 1984 - يىلى جەمئىيەت ئامانلىقى يەنىمۇ مۇقىم ھالدا ياخشىلاندى، جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنىڭ يۈز بېرىشى 1983 - يىلدىكىگە قارىغاندا 33.3% ئازايدى، ئەنزىنىڭ پاش قىلىنىشى 94.9% كە يەتتى؛ ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنىڭ پاش قىلىنىشى 100% كە يەتتى.

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى تەجرىبىسى: قىڭغىر كەيپىياتلارنى ئوڭشاشنى قاتتىق تۇتتى، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىشنى نۇقتىلىق ھالدا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بىخەتەرلىك قوغداش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۈزۈش ۋە مەھەللىلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ياخشى كەيپىياتقا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتى. زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ تەڭ تۇتۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىلەشتۈردى.

ھازىر ناھىيە بويىچە 187 كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش گۇرۇپپىلىرى بار؛ 85 كەنت كومىتېتىدا مۇرەسسە قىلىش، ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىلىرى بار. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 20 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ 99% تى ئورگان بىلەن، كەنت-بازار تەشكىلاتى بىلەن ئامانلىق ساقلاش، قوغداش ھۆددە ئەھدىنامىسى تۈزدى، شەھەر يېزىلاردىكى ئاشلىق، پۇل، ماددىي ئەشيا مەركەزلەشكەن 187 ئورۇن ۋە ئارماقلارنىڭ ھەممىسى جخ ئارماقلىرى بىلەن ئامانلىق ساقلاش، قوغداش مەسئۇلىيەت توختامى تۈزدى. بىر يىل ئىچىدە بۇ ئورۇنلارنىڭ بىرىدىمۇ ئەنزە يۈز بەرمىدى. يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى مۇرەسسە قىلىش، ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتلىرىنى ئەستايىدىل تەرتىپكە سالدى ۋە ساغلاملاشتۇردى. يىغىندا تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بارلىق ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى ۋە مۇرەسسە قىلغۇچىلارنى تەربىيىلىدى. جخ ئورگىنى ۋە سوت مەھكىمىسى 50% دىن ئارتۇق كۈچىنى ئاساسىي قاتلاملارغا قاراتتى، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى چېلىقتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. 1984 - يىلى سۇ، يەر تالىشىش قاتارلىق خەلق ئىچىدىكى ماجىرا تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن يارىلاندۇرۇش ئەنزىسى 1983 - يىلىغا قارىغاندا، بىر نەچچە ھەسسە ئازايدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئازغان ياشلارغا ياردەم بېرىش، تەربىيە بېرىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئازغان ياشلارغا تەربىيە بېرىدىغان ئادەم بار بولدى، تەربىيە بېرىش شەخسلەرگە ھۆددە بېرىلدى، ئائىلىگە تەربىيە بېرىلدى، كۆڭلىگىمۇ تەربىيە بېرىلدى. ناھىيە بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغان 113 نەپەر يېنىك دەرىجىدىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش-ئۆسمۈرلەر ئىچىدە 23 كىشى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەردى، 60 كىشى گەپ ئاڭلايدىغان بولدى، ساغلام

راۋاجلىنىش يولىغا ماڭدى. قانۇن ئۆگىنىدىغان، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ باردى. ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش باشلانغاندىن بۇيان، ناھىيە بويىچە 190 مىڭ ئادەم (قېتىم) قانۇن- تۈزۈم توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، 3 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار قانۇن- تۈزۈم توغرىسىدىكى دەرسنى ئاڭلاشنى داۋاملاشتۇردى. ناھىيە تەۋەلىكىدىن جىنايەت يىپ ئۇچى 40 تىن ئاشتى، جخ ئور-گىنىغا ياردەملىشىپ پاش قىلىنغان ئەنزە 20 دىن ئاشتى، 12 نەپەر جىنايەتچى تۇتۇپ ئاپىرىپ بېرىلدى. تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇرەسسە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان خەلق ئىچىدىكى تالاش- تارتىشلار 1147 قېتىمغا يەتتى. (جالا يى)

**[ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى]** 1980 - يىلىدىن بۇيان قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 2 دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش توغرىسىدىكى ئىككى قارارىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى بىلەن ئالاقىدار ئورگانلار زىچ ماسلىشىپ، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى پائال قانات يايدۇردى، 4 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىقتىسادىي جىنايەت ئەنزىلىرىدىن 276 سىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم ئەنزە 43، تۆلەتتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي زىيان 781705 يۈەن. 1984- يىلىنىڭ ئىچىدىلا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئىقتىسادىي ئەنزە 65 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم ئەنزە 15، تۆلەتتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي زىيان 304800 يۈەن، بۇ، 4 يىلدىن بۇيان تۆلەتتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ 39% نى ئىگىلەيدۇ. ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى ئەنزە بېجىرىشتە تۆۋەندىكى 4 ماددىنى ئىمكانقەدەر ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇردى.

1. پارتىيە رەھبەرلىكىگە چىڭ تاياندى. ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، مۇرەككەپ، پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىغا تايانمىغاندا، ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. مەكىت ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى سىدىق ھوشۇرنىڭ خىيانەتچىلىك ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ناھىيىلىك پارتكوم ھەر قايسى جەھەتلەردىن كەلگەن قوپچۇۋېتىش ۋە كاشىلىلارنىڭ توسالغۇسىنى چەتتىن تاشلاپ، قانۇن- تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىشنىڭ ئەينىنى بىلمەيدىغان ئاممىغا قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ باردى، ئاممىنى قوزغاپ جىنايەتنى پاش قىلدۇردى. ۋىلايەتلىك پارتكومىمۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ سىدىق ھوشۇرنى قولغا ئېلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەنزىنى راۋۇرۇس قىلىش ۋە زاك ماللارنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يەنە، مالىيە، تارماقلىرىدىن كەسپىي خادىملارنى ئاجرى-

قىلىپ، تەپتىش ئورگانلىرىغا ياردەملەشتۈردى، بىر تۈركۈم ياردەمچى بوغالتىر، بوغالتىرلارنى ئاجرىتىپ تەپتىش ئورگانلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشكە دىققەت قىلدى. 1983 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغا قەدەر، تەپتىش ئورگانلىرىغا 14 نەپەر ئىقتىسادىي كەسپىي خادىملار سەپلەپ بېرىلدى.

2. چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەپتىش باشلىقى بىجىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن تەپتىش باشلىقى مەھەممەت روزى ھەر بىر ئىقتىسادىي چوڭ ئەنزىنى رازۋېتكا قىلىش ئىشلىرىغا قاتناشقاندىن باشقا، ئاكتىپ تۈردە سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللىدى. 1982 ـ يىلىدىن بۇيان ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبلەپ بەرگەن 5 چوڭ ئەنزىسى ئىچىدىن 2 ئەنزىسىنى ئۇ ئۆزى سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللىدى.

3. تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى، قالدۇق جىنايەتلەرنى تولۇق قېزىشقا دىققەت قىلدى. تەپتىش مەھكىمىلىرى دەلىل ـ ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىش، تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئاغزاكى ئىقرارغا يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ كەتمەسلىكتىن ئىبارەت ئەنزە بىجىرىش پرىنسىپىدا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇردى، ئەرز قىلىنغان ماتېرىياللارنى ئوقۇش بىلەن جىنايى پاكىتلارنى ئېنىقلاشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلدى، ۋاقتىدا سوراق قىلىش بىلەن تەپسىلىي تەكشۈرۈپ دەلىللەشنى بىرلەشتۈردى. يېڭىسار ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دېۋىزىيىسىنىڭ شەرق شامىلى دىخانچىلىق مەيدانىنىڭ بوغالتىرى سوۋچەننىڭ خىيانەتچىلىك ئەنزىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، جاۋابكارنىڭ 6000 يۈەن خىيانەت قىلدىم دىگەن ئاغزاكى ئىقرارىغىمۇ يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ كەتمىدى، جاۋابكارنىڭ روھى ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا ئىگەللەپ تۇردى، دەلىلى بولغان ھالدا، سىياسەت بىلەن قايىل قىلىپ ھۇجۇم قىلدى، ھەمدە ئىنچىكە گۇمانلىق نۇقتىلارنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، نۇرغۇن ئىنچىكە مەرتىۋىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، جاۋابكار سوۋچەننىڭ 28000 يۈەنلىكتىن ئارتۇق جىنايى پاكىتىنى تەكشۈرۈپ ئەمەللەشتۈردى.

4. ئەنگە ئېلىپ، تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلىدى. ناھىيە، شەھەرلىك تەپتىش ئورگانلىرىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلانغان قولغا ئېلىش مۇۋاپىق بولماسلىق، بۇ جىنايەت بىلەن ئۇ جىنايەتنىڭ چېكى ئېنىق بولماسلىق، خاراكتېرىنى بېكىتىش دەل بولماسلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشقا باشلىدى، ناھىيە، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىدىن بىجىرگەن ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى ئەنزە تۇرغۇزۇش، رازۋېتكا قىلىش، قولغا ئېلىش، ئەنزىنى ئاخىرلاشتۇرۇش، خاراكتېرىنى بېكىتىش تەرتىۋى بويىچە ھەر بىرىنى يۇقۇرى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللاپ، ئەنزە تۇرغۇزۇش ئۆتكىلى، قولغا ئېلىش ئۆتكىلى، خاراكتېرىنى بېكىتىش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەشنى تەلەپ قىلدى، 1984 ـ يىلى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، 5 قېتىملىق خاراكتېرىنى بېكىتىش دەل بولماسلىق ۋە 5 قېتىم قانۇنسىزلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك بىلەن جىنايەت ھىساپلانماسلىقنىڭ

چېكىنى ئايرىماسلىق ئەنئەنىسىنى ۋاقتىدا تۈزەتتى، ئەنزە بېجىرىشنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتەردى، دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. (جاڭ يى)

## [جىنايى ئىشلار رازۋېتكىسىنىڭ تېخنىكىلىق خىزمىتى تېز راۋاجلاندى]

قەشقەر رايونىنىڭ جىنايى ئىشلارنى تېخنىكىلىق ئانالىز قىلىش ئۇيى يېڭى ۋەزىيەتتىكى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان بولۇپ، 1977 ـ يىلى قۇرۇلغان. 1982 ـ يىلى يەكەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم دۆلەتلىك "3 ـ دەرىجىلىك جىنايى ئىشلار تېخنىكا نۇقتىسى" قۇرۇلدى. 1982 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى جىنايى ئىشلار تېخنىكا ئىشخانىسى ئاساسىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم دۆلەتلىك "2 ـ دەرىجىلىك جىنايى ئىشلار تېخنىكا نۇقتىسى" قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى، قاغىلىق، مەكىت، يېڭىسار قاتارلىق 5 ناھىيە (شەھەر) لىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىدا دۆلەتلىك "3 ـ دەرىجىلىك جىنايى ئىشلار تېخنىكا نۇقتىسى" لىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى. يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، پەيزىۋات، يوپۇرغا، پوسكام، تاشقورغان قاتارلىق 6 ناھىيىدە "جىنايى ئىشلار تېخنىكا گۇرۇپپىسى" قۇرۇلدى. جىنايى ئىشلار تېخنىكا تورى ۋىلايەت بويىچە قۇرۇلۇپ بولدى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ "2 ـ دەرىجىلىك جىنايى ئىشلار تېخنىكا نۇقتىسى" ئاساسەن ۋىلايەت بويىچە يۈز بەرگەن چوڭ ـ چوڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭ نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈش، سىنئالغۇغا ئېلىش، ئىز ۋە ماددى پاكىتلارنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش، قايتا تەكشۈرۈش ۋە "3 ـ دەرىجىلىك جىنايى ئىشلار تېخنىكا نۇقتىسى"نىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يۈز بەرگەن چوڭ ـ چوڭ ئەنزىلەرنى تېخنىكىلىق باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىنى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە كۈچلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەپلىنىشى جەھەتتە بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان "2 ـ دەرىجىلىك جىنايى ئىشلار تېخنىكا نۇقتىسى" ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر مەخسۇس كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى 1976 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىسىدىكىدىن 5 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار 95% تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ. ئالىي تېخنىكوم، ئالىي مەكتەپلەر ۋە مەركەزدىكى ساقچىلار مەكتىپىدە مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر 15% نى ئىگىلەيدۇ. ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلار مەكتىپى ۋە كەسپىي كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەنلەر 63.3% نى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت دەرىجىلىك كەسپىي كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەنلەر 21.7% نى ئىگىلەيدۇ. قانۇن دوختۇرلىرى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 16.6% ىنى ئىگىلەيدۇ.

جىنايى ئىشلار تېخنىكىدا ئۈسكۈنىلىرىمۇ پەيدىن - پەي يېڭىلاندى. ھەر قايسى تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىگە بىر قەدەر ئىلغار بولغان يېڭى ئۈسكۈنىلەر سەپلەپ بېرىلدى. 1984 - يىلدىن بۇيان نەق مەيداندىلا تەكشۈرۈش شەرتىگە ئىگە بولغان ئەنزىلەردىن تېخنىكىلىق ئۇسۇل قوللىنىش ئارقىلىق تەكشۈرۈلگەنلىرى 95% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ - چوڭ ئەنزىلەر 100% نى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قوبۇل قىلىنغان ئەنزىلەر ۋە ئىز، ماددىي پاكىتلار 1983 - يىلدىكىدىن 28.7% كۆپ بولدى. ئەنزە پاش قىلىشقا ماسلىشىش، جىنايى ھەركەتلەرگە ئۆز ۋاقتىدا زەربە بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

1977 - يىلدىن بۇيان، جىنايى ئىشلار تېخنىكا كادىرلىرى ۋە ساقچىلار كۈندىلىك ئەنزە ئىشلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، جىنايى ئىشلار تېخنىكىسىنى تەجرىبە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، بىر قەدەر ئوبدان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، جىنايى ئىشلارنى رازۋېتكا قىلىشنىڭ تېخنىكىۋى ئىشلىرى جەھەتتە 14 پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى ۋە تەجرىبە ماتېرىيالى يېزىپ چىقتى. بۇ، جامائەت خەۋپسىزلىكى كەسپىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىدا مەلۇم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ نەشەسىنى سىناشتا يۈز قېتىمغا يېقىن تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، خىمىيەدىن پايدىلىنىپ، نېپىز قاتلاملىق ئانالىز قىلىش ۋە بىنەپشە نۇر ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، نەشىنىڭ زەھەرلىك ماددىلىرىنى ئاددىي، تېز سۈرئەت بىلەن مىكرولۇق بىۋاسىتە سىناق قىلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتى. بۇنىڭ توغرىلىقى 100% كە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ بۇ خىل زەھەرلىك ماددىنى سىناق قىلىش جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

**[پانۇس چاغىنىدا خەتەردىن قۇتقۇزۇش]** 1984 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى (قەمەرىيە 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) كەچتە، قەشقەر شەھەرلىك تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئىدارىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار خەلق مەيدانىدىكى چەملىقتا تۇنجى قېتىملىق يۈەنشياۋ پانۇس چاغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەتكە 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى قاتناشتى.

كەچ سائەت 10 ئەتراپىدا شىر ئويۇنى ئوينايدىغانلار مەيدانغا كىرىپ كەلدى. ئاممىنىڭ ئويۇننى ياخشى كۆرىشى ئۈچۈن شىر ئويۇنى ئويناش ئورنى قوماندانلىق قىلغۇچى تەرەپتىن رەئىس سەھنىسى ئالدىدىكى مەيدانغا ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئاممە ناھايىتى تېزلا رەئىس سەھنىسى ئالدىغا توشۇپ كەتتى. قوماندانلىق شتابى ئىشتىن ئىلگىرى رەئىس سەھنىسى ئالدى تېمى ئۆلىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپ يىرىق پەيدا بولۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرنى تولۇق مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكى، تەكشۈرۈپ چەك قىلىنغانلىقى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللانمىغانلىقى ئۈچۈن، كەچ سائەت 10 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىتتا، رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىدىكى، ئېگىزلىكى 3.05 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، قېلىنلىقى 0.33 مېتىر كېلىدىغان تام ئۆرۈلۈپ كېتىپ، تامنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ شىر ئويۇنى كۆرۈۋاتقان ئاممىنى بېسىۋېلىپ، 8 ئادەم ئۆلۈش، 25 ئادەم يارىدار بولۇشتەك زور ھەم يامان خاراكتېرلىك ئامانلىق ھادىسىسى يۈز بەردى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇرغۇن ئاممە ئۆزىنىڭ تۇققانلىرىنى ئىزدەپ ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە ئېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ قىستى-قىستاق بولۇپ كېتىپ، ئۆرە-تۆپە بولۇپ، تېخىمۇ چوڭ ۋەقە چىقاي دەپ قالدى. مۇشۇ پەيتتە، قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ زاپاس ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى يولداشچى باۋۇدىن كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقىپ، شەھەرلىك قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇۋەن يى، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 2-پەيچۇسونىڭ يېتەكچىسى چېن ۋېنلەي، 1-بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ زۇخېڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە نەق مەيداندىكىلەرنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. ئەينى مەيداندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-جەڭچىلىرىنى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىنى بىرلىكتە تەشكىللەپ بىلەكنى-بىلەككە ئۆتكۈزۈپ تام ھاسىل قىلىپ، ئەينى مەيدان بىلەن تۇققانلىرىنى ئىزدەشكە كەلگەن ئاممىنى ئايرىۋېتىپ، قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭى خەتەرلىك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

جىددىي قۇتقۇزۇش جەريانىدا، ئەينى مەيداندىكى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقى بىلەن كارى بولماي، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تامنىڭ پىششىق خىش ۋە سېمونت پارچىلىرىنى ئىككى قولى بىلەن كولاپ ئېچىپ، كۆمۈلۈپ قالغان يولداشلارنىڭ ھەممىنى ناھايىتى تېزلا قۇتقۇزۇپ چىقتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇرغۇنلىغان كادىر-جەڭچىلەر قوللىرى يارا بولۇپ، تىرناقلىرى قاناپ كېتىشى بىلەن ھېچقانداق كارى بولمىدى، بەزى كادىر-جەڭچىلەر ئاداشتۇرۇپ قويغان خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنى ئىزدەشكىمۇ چولىسى تەگمەي، خەتەر يۈز بەرگەن جايغا ئېتىلىپ بېرىپ جىددىي قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى. بەزى كادىر-جەڭچىلەر تېنىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كېسەللىكىگە قارىماي، يارىدار بولغان ئاممىنى بىر-بىردىن ھاپاش قىلىپ توشىدى......

قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم بىلەن قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى «16-فېۋرال» دىكى ئاپەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇشقا قاتناشقانلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىپ، جىددىي قۇتقۇزۇشتا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولۇپ خىزمەت كۆرسەتكەن 15 نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى جەڭچىلىرىگە خىزمەت كۆرسەتكەنلىك مېدالى تارقاتتى. قوراللىق ساقچى قىسىملىرى زاپاس ئوتتۇرا ئەترىتىنى كوللېكتىپ ھالدا 3-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى ھەمدە مۇكاپاتلاش بۇيرۇقى ئېلان قىلدى. يارىدار بولغان ئاممىنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئاكتىپ قاتناشقان قەشقەر خەلق 1-دوختۇرخانىسى ۋە خەلق 2-دوختۇرخانىسىغا مۇكاپات بايرىقى، تەقدىرنامە، مۇكاپات بويۇملىرى بەردى. (لى فەن)

**[جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭ، تاڭ كېچۇەنلەرنى يوقۇتۇش]** 1984-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى سەھەردە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىن قېچىپ كېتىپ، يەنە بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭ قىزىلسۇ ئوبلاستى قوراللىق

ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى تاڭ كېچۈەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، "56" سىپتېمىلىق ئىككى ئاپتومات، 8 گىرانات، 1000 تالدىن ئارتۇق ئوق ئوغۇرلاپ، قىزىلسۇ ئوبلاست قوراللىق ساقچىلىرىنىڭ 1620 ـ نومۇرلۇق بېيجىڭ ماركىلىق جىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ تۇرمىدىن قاچقان.

قىزىلسۇ ج خ ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇش قىلغان تېلېفونىنى ئالغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتتىكى بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى دەرھال چاقىرىپ مەجلىس ئېچىپ، ئاممىنى قوزغاپ، ساۋ خۇڭگۋاڭ، تاڭ كېچۈەن ئىككى جىنايەتچىنىڭ شەھەرگە كىرىپ قاتىللىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەييارلىقلىرىنى قىلدى. ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ج خ ئورگىنى جەڭگىۋار ھالەتكە كىردى، كادىرلار، ساقچىلارنى قەشقەر شەھىرىگە ماڭىدىغان ئاساسلىق يول ئېغىزلىرىغا بېرىشقا تەشكىللىدى ۋە قىزىلسۇ، قەشقەر ـ كانسۇ ئاچىلىغا قوراللىق ساقچىلارنى ئەۋەتىپ چازا قۇرۇپ توستى.

ساۋ خۇڭگۋاڭ، ئەر، خەنزۇ، 25 ياش، قەشقەر شەھىرىدىن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، ئۇرۇشۇش، مەكتەپتىن قېچىش، ئۇششاق ـ چۈششەك ئوغۇرلۇق، قىز ساۋاقداشلىرىغا چېقىلىش ھەركىتى بولغاچقا مەكتەپتىن چىقىرىلغان. 1980 ـ يىلى، ئوغۇرلۇق، لۈكچەكلىك جىنايىتى بىلەن 5 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن. ساۋ خۇڭگۋاڭ پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ قالغاچ مەيدانىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقاندا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 3 قېتىم قاچقان. 3 ـ قېتىم قاچقاندىن كېيىن، قىزىلسۇ ئوبلاستى چېگرىسى ئىچىدە بىر شوپۇرنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە جەسەتنى كۆيدۈرۈپ ئىزىنى يوقاتقان. يەنە قاغىلىق ناھىيىسىدىن خىمىيىۋى ئوغۇت، سېمونت ئوغۇرلاپ خوتەنگە بارغاندا، خوتەن ج خ ئىدارىسىدىن تۇتۇپ ئەپكېلىپ بەرگەن. ساۋ خۇڭگۋاڭ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ تۇرمىسىدا قاماقلىق مەزگىلىدە، قىزىلسۇ قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى تاڭ كېچۈەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھۆكۈم ئېلان قىلىنىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى 4 ـ قېتىم تۇرمىدىن قېچىپ كەتكەن.

ساۋ خۇڭگۋاڭ، تاڭ كېچۈەن ئىككىسى ئۆلۈكچات ناھىيە بازىرىغا كىرگەن. ناھىيە بازىرىنىڭ ئىچىدىكى 4 كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، يول توسۇپ دۇجۇرنىلىق قىلىۋاتقان كادىر، ساقچىلار بىلەن ئېتىشىپ قالغان، بىر ساقچى كادىرى قەھرىمانلارچە ئۆلگەن. تاڭ كېچۈەن ئوق تەككەن بولسىمۇ قارشىلىق قىلىپ، گىرانات بىلەن ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلگەن، ساۋ خۇڭگۋاڭ قورالنى كۆتىرىپ قاچقان. جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۋاڭنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئۆلۈكچات ناھىيىسى قەشقەرنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. چازا ساقلاۋاتقان كادىر، ساقچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىشتى، چازا ساقلاشقا مەسئۇل بولغان ج خ باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ليۇ سىخەي، جاڭ ئەي يولداشلار دەرھال: بىرىنچى بەن چازا ساقلايدۇ. ئىككىنچى بەن ئۆلۈكچاتقا ياردەمگە يېتىپ بارىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. قەشقەر قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى يولداش ليۇ يىمۇ بىر بەن قوراللىق ساقچىنى ئۆزى باشلاپ ئۆلۈكچاتقا باردى.

ئۆلۈكچات بازىرىغا بارغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ كادىر، ساقچىلىرىدىن شىن شىنتاڭ، چاۋ داجۈڭ، ليۇ شاۋجۈن، لى فەن 4 يولداش ئاقتۇرۇش

داۋامىدا جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭنى چېلىقتۇردى ۋە ئۇنى تىرگىنلىدى. ھىلىگەر جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭ بىگۇنا ئىككى ئايالنى گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ قالدى. ئاممىنى قوغداش ئۈچۈن ج خ كادىر ساقچىلىرى ئۆزگىدىن ساۋ خۇڭگۇاڭغا سىياسەت ئارقىلىق قەلبىگە ھۇجۇم قىلدى، ئۆزلۈكسىز تەۋىلاپ تۇرۇپ گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ قالغان ئايالدىن بىرىنى يەم بىلەن قۇتۇلدۇردى. جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. قوماندانلىق شتاپ جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭنى ئوت كۈچى بىلەن يوقىتىشنى قارار قىلدى. جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭ گىرانات پارتلىغان ئوق ئاۋازى قويۇق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆيدىن قېچىپ چىققان ۋاقىتتا، كىچىك ئاشخانىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان شىن شىنتاڭ، جاۋ داجۇڭ، ليۇ شاۋجۇن ۋە ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر مىنبىڭ تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭ تەرىپىدىن گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ قېلىنغان يەنە بىر ئايال بىخەتەر ھالدا قۇتۇلدۇرۇلدى.



قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، پارتگورۇپپا شۇجىسى ليۇ جى قاچىتۇن جىنايەتچى ساۋ خۇڭگۇاڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن قەھرىمانلارغا تەقدىرنامە تارقاتماقتا.

چېن فېي فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي يوليۇرۇق ئېلان قىلىپ قەشقەردىن جەڭگە قاتناشقان ج خ كادىر ساقچىلىرىنى تەقدىرلىدى. 12- ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى تۆھپىكارلارنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىپ ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىنىڭ شىن شىنتاڭ، جاۋ داجۇڭ، ليۇ شاۋجۇن، لى فەن 4 كىشىگە ئايرىم - ئايرىم بىر قېتىم 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ خاتىرىگە ئېلىش، بىر دەرىجىدىن مائاش ئۆستۈرۈش، ئىمىنجان قاتارلىق 4 يولداشقا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ خاتىرىگە ئېلىش توغرىسىدىكى قارارنى ئوقۇدى ھەمدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىك ئورۇنلىرى، تەقدىر قەغىزى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلىك گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىپ بەردى.

( لى فەن )

**[ئەدلىيە خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان]** قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدلىيە مەمۇرى ئورگىنى 1979 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ يېڭىدىن قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەردەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن تەربىيىلىنىپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتتى. تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى. سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشىلىنىشىنى

ئىلگىرى سۈردى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلىش داۋامىدا، مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

(1) خەلق مۇرەسسە خىزمىتىدە بىر قەدەر زور تەرەققىياتلار بولدى. ۋىلايەت بويىچە ھازىر مۇرەسسە تەشكىلاتىدىن 2487 سى، مۇرەسسە خادىمىدىن 13093 ى بار. 5 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر يىلى 10 مىڭدىن ئارتۇق خەلق دەۋا-دەستى ئەنزىسى مۇرەسسە قىلىندى، بۇ سوت مەھكىمىسى ئوخشاش مەزگىلدە بىر تەرەپ قىلغان خەلق دەۋا - دەستى ئەنزىسىنىڭ 8 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. كەڭ مۇرەسسە خادىملىرى جەمئىيەتنى تىنچ قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى سەپ مۇداپىئە لىنىيىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، «مۇرەسسە قىلىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» تىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك نىزاملارنى چىقىرىپ تاشلاشقا تىرىشىپ، ھەر خىل زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئازغان ياشلارغا ياردەم بەردى. پۈتۈن نىيىتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاممىنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تارقىتىش، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشتى.

(2) قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى كىشىلەرنىڭ تەلىپىگە چوڭقۇر سىڭدى. ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە مەمۇرى ئورگانلىرى باشقا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆپخىل شەكىلدە پارتىيە سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلدى. 1983 - يىلى 8 - ئايدا قاتتىق زەربە بېرىش ئومۇميۈزلۈك باشلانغاندىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى توغرىسىدا دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قانۇن - تۈزۈم دەرسى 1000 نەچچە مەيدان ( قېتىم ) ئۆتۈلدى، 2000 قېتىمدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماشىنىسى چىقىرىلدى، 40 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى. يەكەن ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى بەزى تېپىك ئەنزىلەرنى سەنئەت نومۇرى قىلىپ تۈزۈپ، شەھەر يېزىلارغا، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئويناپ چىقىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ھازىر قانۇن ئۆگىنىش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇش — كەڭ ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئىنتايىن دىققەت قىلىدىغان ئىشقا ئايلاندى، قانۇن ئۆگىنىدىغان، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا بويسۇنىدىغان، قانۇننى قوغدايدىغان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.



ۋىلايەتتىكى قانۇن خىزمەتچىلىرى كوچىغا چىقىپ ئاممە ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

(3) ئادۋوكاتلارنىڭ جامائەت كۈۋالىق خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر شىكايەت قىلىش پائالىيىتىگە، قاتنىشىش ئارقىلىق ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرىنىڭ پاكىتنى ئاساس، قانۇننى تارازا قىلىش، "دەل-ئېنىق بولۇش" جەھەتتە راسا كۈچ سەرپ قىلىش، ھەقدارنىڭ قانۇنى ھوقۇقىنى قوغداش، ئەنزە بېجىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقى كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىغا ئاكتىپ ماسلاشتى. يەنە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئاكتىپ خىزمەت قىلدى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە يېزىلاردىكى "ئىككى ئائىلە، بىر گەۋدە" نى قانۇنى ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. كەڭ جامائەت كۈۋالىق خىزمىتى خادىملىرى ئادەم يېتىشمەيۋاتقان، تەجرىبىسى كەم ئەھۋال ئاستىدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جامائەت كۈۋالىقى خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى. تۈرلۈك جامائەت كۈۋالىقى كەسىپنى بېجىرگەندىكى ئاساسلىق ھالقىلارنى ئەستايىدىل ئىنچىكە تەكشۈرۈپ سىڭدۈرۈپ چىقتى، قانۇن بويىچە كۈۋالىقتىن ئۆتۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

(4) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىش خىزمىتى ئاساسى جەھەتتىن "يېتىپ ئالالايدىغان، باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغان، قېچىپ كېتەلمەيدىغان، ياخشى ئۆزگەرتىدىغان بولۇش" دېگەن تەلەپكە يەتتى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرى ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىش ئورنىدىكى جىنايەتچىلەر ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتكۈچى، تەربىيە بەرگۈچى خادىملار جىددى كۆپەيگەن ئەھۋالدا، كادىرلار يېتىشمەسلىك، تۇرما ئۆيلىرى ۋە قورۇق تام يېتىشمەسلىك، ساقلاش خادىملىرى قىس بولۇش قاتارلىق تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خوشنا ناھىيە، يېزىلار بىلەن بىرلىكتە، ساقچى - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، "ئۆزگەرتىش بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئىككىنچى" دېگەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش فاڭجېنى ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىلىدىغان خادىملارغا قارىتىلغان "تەربىيە بېرىش، تەسىرلەندۈرۈش، قۇتقۇزۇۋېلىش" فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېغىر دەرىجىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن جىنايەتچىلەر ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىلىدىغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلىدى. (جاڭ يى)

**[ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، تەربىيىلەش خىزمىتى ]** قەشقەر ۋىلايىتىدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن 3 ى، ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىش ئورنىدىن بىرى، بالا جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىدىن بىرى بار. 1983 - يىلى 8 - ئايدا جىنايى

ئىشلار جىنايى ھەركەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش باشلانغاندىن بۇيان، جىنايەتچىلەر بۇرۇنقىدىن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېرىمىدىن كۆپى ئىچكىرىدىن ۋىلايىتىمىزدە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىپ بەرگەن جىنايەتچىلەر، جىنايەتچىلەر جەمئىي كۆپەيگەن، ياتاق يېتىشمەيدىغان، باشقۇرۇش، تەربىيە بېرىش كادىرلىرى ۋە ساقلىغۇچى خادىملار يېتىشمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدىكى كەڭ كادىر، ساقچىلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئاددى-ساددى ئىش كۆرۈپ، بارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يۆتكەپ كېلىنگەن جىنايەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى.

ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىش ئورنى «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىش ئورنىنى ياخشى باشقۇرۇشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ئورۇن تاللاشتىن تارتىپ ياتاق سېلىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىلىدىغانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىچە بىر-بىرلەپ سۈرۈشتە قىلىپ تۇردى. قىسقىغىنا 3 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىش ئورنى قۇرۇلۇپ بولدى ھەمدە ئەمگەك بىلەن تەربىيە بېرىلىدىغان خادىملارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرى جىنايەتچىلەرگە «جازالاش، رېجىمدا تۇتۇش بىلەن ئىدىيىۋى ئۆزگەرتىشنى ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرۈش، ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سىياسىي تەربىيىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى. 1984-يىلى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى ياخشى تۇتۇش داۋامىدا، تەربىيە بېرىش بىلەن ئۆزگەرتىشنى گەۋدىلىك تۇتتى، سىياسىي تەربىيىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا كۈچەيتىپ سىڭدۈردى، مەيدان تۈزۈمى، باشقۇرۇش قائىدىلىرى توغرىسىدا ۋە قانۇن-تۈزۈم توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى، ئۆزگەرتىش ئىنتىزامىنى قەتئىي ئايدىڭلاشتۇردى؛ «تۈرمە زومىگەرلىرى»نىڭ نەق بۇزغۇنچىلىق ھەركىتىگە ۋاقتىدا زەربە بېرىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئەندىشىسى ۋە قارشىلىشىش كەيپىياتىنى تەدرىجىي تۈگەتتى، ئۆزگىرىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى، ئىدىيە جەھەتتە بۇرۇلۇش ياساشنى ئىلگىرى سۈردى، ئۆزگەرتىشنىڭ مۇددىئاسىنى مۇستەھكەملىدى. شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش 2-تارماق ئەترىتى، سەنئەت تالانتى بار بىر قىسىم جىنايەتچىلەرنى تەشۋىقات دۆيى قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ، جىنايەتچىلەر ئارىسىدىكى تىپىك ئەنزىلەرنى ۋە ئۆزگىرىشى ياخشى بولغان تىپلارنى سەنئەت نومۇرى قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، بارلىق جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلىدى، جىنايەتچىلەر ئۆزىنى-ئۆزى تەربىيىلەيدىغان، جىنايىتىنى تونۇپ قانۇنغا بويسۇنىدىغان، ئاكتىپ ئۆزگىرىدىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش 3-تارماق ئەترىتىدىكى بېيجىڭلىق جىنايەتچى ما گۇاڭشىن، چېن باۋيۇ كادىرلار، ساقچىلارغا ياردەملىشىپ، قاچقان جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش كۈرىشىدە، زوراۋانلىقتىن قورقماي، پاراسەتلىك، باتۇر بولۇپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماستىن، قاتىللىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن، قاچقان جىنايەتچىدىن ئىككىنى تۇتۇۋالدى، تارماق ئەترەت پارتكومى مۇشۇ تىپنى تۇتۇۋېلىپ، جىنايەتچىلەر ئارىسىدا ئۇلارغا ئۆز

ئاغزى بىلەن سۆزلۈتۈپ تەربىيە ئېلىپ باردى ھەمدە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ، ما گۇاڭشىن، چېن باۋيۇ ئىككى جىنايەتچىنى قويۇپ بېرىپ كۆرۈپ بېقىشقا سۇندى. بېيجىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، قوشۇلۇشىنى ئالغاندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتۇرۇپ ئوپۇسقا ئولتۇرغۇزۇپ، كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ئىش جىنايەتچىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزگەرتىش، يېڭىۋاشتىن ئادەم بولۇشقا ئىلھام بېرىش جەھەتتە ناھايىتى ياخشى سىلجىتىش رولىنى ئوينىدى.

جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش، ئەتراپتىكى يې- زا مەھەللىلەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، 3 ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ۋە يەكەن، مەكىت، مارالبېشى، يوپۇرغا، پەيزىۋات 5 ناھىيىدە ساقچىلار بىلەن خەلقنىڭ بىرلەشمە مۇداپىئەسى بەرپا قىلىندى، ئۇنىڭغا ماس خىزمەت ئاپپاراتلىرى قۇرۇل- دى ھەمدە بۇ خىزمەت جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش دائىرىسىگە كىرگۈ- زۈلۈپ، ئەھۋاللار ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇلدى، تەدبىرلەر مۇھاكىمە قىلىندى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىن قاچقانلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى ئۆز جايىغا ئەمەللەشتۈرۈلدى. 6- ئاينىڭ 29- كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي-قانۇن كومىتېتى ۋە مەمۇرى مەھكىمە ئەدلىيە باشقارمىسى مارالبېشىنىڭ ئاۋات كۆكتىبىسىدا 5 ناھىيە 3 مەيداننىڭ تۇنجى قېتىملىق بىرلەشمە مۇداپىئە يىغىنىنى ئېچىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەر- تىشتىن قاچقان جىنايەتچىلەرنى تۇتۇشتا ئىلغار بولغان كوللېكتىپ ۋە خىزمەت كۆرسەت- كەن خادىملارنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. (جاڭ يى)

**[ئىچكى ۋە تاشقى ھەق - تەلەپ جامائەت گۇۋالىقى]** 1983 - يىلى ۋى- لايەت بويىچە 12 ناھىيە ( شەھەر ) نىڭ ھەممىسىدە ھەق - تەلەپ جامائەت گۇۋالىقى ئورۇنلىرى قۇرۇلدى. ھەق - تەلەپ جامائەت گۇۋالىقى خادىمىدىن جەمئىي 21 كىشى بار. جايلاردىكى ھەق - تەلەپ جامائەت گۇۋالىقى ئورۇنلىرى ئادەم ئاز، تەجرىبە كەمچىل بولغان ئەھۋال ئاستىدا، گوۋۇيۈەن تارقاتقان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ جامائەت گۇۋالىقى توغرىسىدا ۋاقىتلىق نىزام» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى، بىر تە- رەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، 1982 - يىل- دىن 1984 - يىلغىچە، جەمئىي ئىچكى ھەق - تەلەپ جامائەت گۇۋالىقى ئىشلىرىدىن 300 دىن كۆپرەكىنى بېجىرىپ 79000 يۈەندىن كۆپرەك ھەق ئالدى. مەركىزىي كومىتې- تىنىڭ 1984 - يىلى 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى كەلگەندىن كېيىن، جايلاردىكى ھەق - تەلەپ جامائەت گۇۋالىقى ئورۇنلىرى قانۇنىي ۋاستىلارنى تەدبىقلاپ، قانۇننى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېزىلارغا ئاپىرىپ تەشۋىق قىلىپ، «ئىككى ئائىلە»، «بىر گەۋدە» ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. 1984 - يىلى 1- ئايدىن 3- ئايغىچە بىر پەسىل ئىچىدە 1000 دىن ئارتۇق ھەق-تەلەپ جامائەت گۇۋا- لىقى ئىشلىرىنى بېجىردى.

تاشقى ھەق-تەلەپ، جامائەت گۇۋالىقى ئىشلىرى سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىلگەن، ئىچكىرىگە قارىتا جانلاندۇرۇش يولغا قويۇلغان يېڭى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئاستىدا، يېڭىدىن قوشۇل- غان بىر خىزمەت. مەمۇرى مەھكىمە ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ ھەق-تەلەپ جامائەت گۇۋالىقى

باشقارمىسى 1982 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان تاشقى ھەق ـ تەلەپ جامائەت گۇۋاھلىقى ئىشلىرىدىن جەمئىي 295 نى بېجىردى، سانى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ باردى، سۈپىتى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ھازىر ۋىلايىتىمىزدە بېجىرىلگەن تاشقى ھەق ـ تەلەپ جامائەت گۇۋاھلىقى ماتېرىياللىرى ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە، تۈركىيە، ئاۋىستىرالىيە، غەربىي گېرمانىيە، كانادا، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە رايونلارغا ئەۋەتىلىپ مەملىكىتىمىز گىراژدانلىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى قانۇنىي ھوقۇقى قوغدالدى.

[ ئادۋوكاتلىق خىزمىتى ] 1983 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر)دە قانۇن مەسلىھەت باشقارمىسى پۈتۈنلەي قۇرۇلۇپ بولدى، مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ئىشلەيدىغان ئادۋوكاتلار 53 كە يەتتى، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇلار جەمئىي 1900 دىن ئارتۇق جىنايى ئىشلار جىنايى ئەيىبلىگۈچىلەرنى ئاقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، ئەرز ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى قوبۇل قىلدى، 4 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نىڭ قانۇن توغرىسىدىكى سورىغان سوئاللىرىنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى. "جىنايى ئىشلار جىنايى ھەركەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش" كۈرىشىدە ۋىلايەت بويىچە ئادۋوكاتلار قانۇنغا ئاساسەن ئەيىبلەش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، قانۇن بويىچە ئېغىر، تېز بولۇش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەركەتلىرىگە پۇختا، دەل، قاتتىق زەربە بېرىش داۋامىدا ئادۋوكاتلىق رولىنى پىلانلىق جارى قىلدى. ئەنزە بېجىرىش داۋامىدا، ئەيىبلەشتىن چۈشۈپ قالغان، قولغا ئېلىنىشتىن چۈشۈپ قالغان ۋە پاكىتتا ئۆزگىرىش بولمىغان، خاراكتېرىنى بېكىتىلىشى توغرا بولمىغان، جازا ئۆلچەش قانۇنىنىڭ تەدبىقلىنىشى مۇۋاپىق بولمىغان ئەنزىلەرگە ئەستايىدىل پىكىر بېرىپ "پاكىت، خاراكتېرىنى بېكىتىش، جازا ئۆلچەش" 3 ئۆتكەلنى ياخشى ئېتىگەللەپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەنزە بېجىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەملىشىپلا قالماي، بەلكى قانۇن ـ تۈزۈم توغرىسىدا تەشۋىقات خىزمىتىنىمۇ ئىشلىدى، جاۋابكارغا جىنايىتىنى تونۇپ قانۇنغا بويسۇنۇش توغرىسىدا تەربىيە بەردى، جاۋابكارنىڭ ئائىلە ـ تەۋەلىرىگە قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، دەل بولۇش جەھەتتە تازا كۈچ سەرپ قىلدى، "پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى تارازا قىلىش" پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، جاۋابكارنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىنى قانۇنغا ئاساسەن قوغداپ، دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ "قاتتىق زەربە بېرىش" كۈرىشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1984 ـ يىلى ئادۋوكاتلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تۈپكى ۋەزىپە قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئاكتىپ خىزمەت قىلدى. 15 كارخانا، كەسپىي ئورۇنغا ۋە بىر قىسىم "2 ئائىلە، بىر گەۋدە" ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك قانۇن مەسلىھەتچىسى بولدى. 1984 ـ يىلى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە يەككە ئائىلىلەرنى 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىياندىن ساقلاپ قالدى ۋە قايتۇرۇۋالدى. ئۇلار يەنە خەلق ئارىسىدىكى دەۋانى ئەستايىدىل ھالدا ۋاكالىتەن بېجىردى ۋە ئەيىبلەشكە تولمايدىغان ئەنزىلەرنى بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالدى. (جاڭ يى)

[ قەشقەر شەھىرىدە زور ئوغرىلىق گۇرۇھى پاش قىلىندى ] قەشقەر شەھىرىدە زور ئوغرىلىق گۇرۇھى پاش قىلىندى. ئوغرىلىق گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق جىنايەتچىسى ئۆمەر ساۋۇت ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىن قاچقان. جىنايەتچى، ئۆمەر ساۋۇت 1959 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە ئوغرىلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 2 قېتىم بالا جىنايەتچىلەر مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىلگەن. 1967 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە يەنە ئوغرىلىق قىلغان، قاچقان جىنايىتى ئۈچۈن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 5 قېتىم جازا ھۆكۈم قىلىنغان، قوشۇپ ھېساپلاپ ئىجرا قىلىنىپ مۇددەتلىك 20 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن. جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە، ئۆمەر ساۋۇت ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق كۆرسىتىپ، 1981 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى يەنە بىر قېتىم قاچقان، پەيلو دېھقانچىلىق مەيدانى، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ 41 - پولك ماگىزىنى قاتارلىق جايلاردا 8 قېتىم يالغۇز ئۆزى ئەنزە پەيدا قىلغان. دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسنىڭ 17600 يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلكىنى ئوغرىلىغان. كېيىن ئۆمەر ساۋۇت يەنە جازا مۇددىتى تولۇپ قويۇپ بېرىلگەن مەتمىن بىلەن شېرىكلىشىپ غۇلجا شەھەر بوستان ماگىزىنى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە تاشقى سودا ماگىزىنى، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە 43 - پولك ماگىزىنى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە قىزىلبايراق تۈرلۈك ماللار سودا ماگىزىنىدا 4 قېتىم ئەنزە پەيدا قىلغان، 14600 يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى ئوغرىلىغان. جىنايەتچى ئۆمەر ساۋۇت يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ 41 - پولك ماگىزىنىغا كىرىپ ئوغرىلىق قىلمۇاتقاندا، مۇشۇ ئەترەتتىكى جىنايەتچى قۇربان قادىرنى ھارۋا قوشۇپ شەھەرگە كىرىشكە بۇيرىغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىن قاچقان قاچقۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. جىنايەتچى قۇربان قادىر ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلمايلا قالماي، ئەكسىچە ئۆمەر ساۋۇت ئوغرىلىغان توۋارنى ماللارنى ئېلىپ كېتىپ، تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆمەر ساۋۇتنىڭ بۇ زاڭ ماللارنى سېتىشىغا ياردەملەشكەن، ئۆمەر ساۋۇتنى قولغا ئالىدىغان چاغدا جىنايەتچى قۇربان قادىر جىنايەتچى ئۆمەر ساۋۇتنى يوشۇرۇپ قويغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى بۇ ئەنزىنى قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىپ، ئۆمەر ساۋۇت بىلەن مەتمىن شېرىكلىشىپ ئوغرىلىق قىلغان، قۇربان زاڭ مالنى شۇ قىلىپ بېرىپ ئورتاق ئوغرىلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن، پاكىت ئېنىق، دەلىل - ئىسپات تولۇق، سانى ناھايىتى كۆپ، جىنايىتى ئېغىر - دەپ قارىدى. بولۇپمۇ جىنايەتچى ئۆمەر ساۋۇت كۆپ قېتىم جازالانغان بولسىمۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنى رەت قىلىپ، كۆپ قېتىم قېچىپ ئەنزە سادىر قىلغان، جەمئىيەتكە بولغان تەھدىتى چوڭ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ تەكشۈرتۈپ، قانۇن بويىچە قاچقۇن، ئوغرى جىنايەتچى ئۆمەر ساۋۇتقا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇ-

قىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش، ئوغرى مەتتىمىنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش، 2 يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسى ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش، زالاڭ مالنى ساقلاپ بەرگەن جىنايەتچى قۇربان قادىرغا مۇددەتلىك 3 يىللىق قاماق جازاسى بېرىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقاردى.

**[ مەتتىمىن ئىسمايىل بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈمگە ھوكۈم قىلىندى ]**

مەتتىمىن ئىسمايىل، ئەر، ئۇيغۇر، 26 ياش. مارالۋېشى ناھىيە ئاتاركۆل يېزىسىدىن، دېھقان. مەتتىمىن ئىسمايىل خوتۇنى بىلەن ئېبرالاشقاندىن كېيىن، يەنە ياراشماقچى بولغان. مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، ئايال تەرەپ تويلۇق ئالماسلىق، لېكىن قەرزنى ئۆزلۈپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. جىنايەتچى مەتتىمىن ئىسمايىلنىڭ قەرز ئۆزۈشكە پۇلى يوق بولغاچقا، ئايال تەرەپتىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. 1983 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەتتىمىن ئىسمايىل مارالۋېشى - يەكەن چوڭ يولىغا چىقىپ غالىبىيەت ئۆستىڭى بويىدا ئارام ئېلىۋېتىپ، ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىدا بىر توپ قويىنىڭ ئوتلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئوغرىلاش نىيىتىگە كەلگەن. ئۇ قويىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، چوڭ يولنىڭ شەرق تەرىپىگە كەلگەندە، پادىچىنىڭ 10 ياشقىمۇ تولمىغان بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىش غەرىزى پەيدا بولغان، ئۇ دەرھاللا پادىچى بالا مەھەممەت تۇرسۇن ھاشىم تەرەپكە قاراپ ماڭغان. مەھەممەت تۇرسۇن ھاشىمنىڭ دولىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى يەرگە يىقىتىپ، بوغدىيىگىنى سىقىپ، ئېغىز بۇرۇنلىرىغا مۇشلاۋەرگەن، كۆكرەك ۋە قوساقلىرىغا دەسسەۋەرگەن، بىر بىچارە كىچىك بالىنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بۇ ئىشتىن كېيىن، پادىچى بالا بېقىۋاتقان 18 دانە قويىنى ھەيدەپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 قويىنى 195 يۈەنگە ساتقان. باشقىلىرىنى باشقىلارغا قاراشقا بەرگەن. ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن، قويىنى قاراشقا ئېلىپ قالغان ئادەم مەتتىمىن ئىسمايىلنىڭ 15 قويىنىڭ كېلىش يولىدىن گۇمانلىنىپ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىغا خەۋەر قىلغان، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى دەرھاللا مەتتىمىن ئىسمايىلنى قولغا ئېلىپ ئەنزىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە بۇ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىپ، مەتتىمىن ئىسمايىلنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئېنىق، ئىسپات تولۇق، جىنايىتى ئېغىر، ۋاستىسى ئېچىنىشلىق، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك، قانۇن بويىچە قاتتىق چارە كۆرۈش لازىم، دەپ قارىدى. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 150 - ماددىسى ۋە 50 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھەمدە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل جىنايەتچى مەتتىمىن ئىسمايىلغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى. (جاڭ يى)

**[ بۇلاڭچى، باسقۇنچى جىنايەتچى ۋاڭ شىڭگو قەتلى قىلىندى ]** 21 ياشلىق كەسپى يوق ياش ۋاڭ شىڭگو 1981 - يىلىدىن بۇيان دۆلەتنىڭ خىزمەت خادىمى بولۇپ ياسىنىۋېلىپ، ھەممە يەردە ئالدامچىلىق قىلغان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ باشقىلارنىڭ 800

يۈەندىن ئارتۇق پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان. 1983-يىلى 6-ئاينىڭ 9-كۈنى جىنايەتچى ۋاڭ شىڭگو ئالدامچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مارالۋېشى ناھىيىلىك ج خ ئورگىنى تەرىپىدىن توختۇتۇپ تەكشۈرۈلگەن. 14-كۈنى ۋاڭ شىڭگو تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن قېچىپ كەتكەن. ئېچكىرىگە بېرىشنىڭ يول كىراسىنى يىغىش ئۈچۈن، جىنايەتچى ۋاڭ شىڭگودا ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ساقچىسى تاڭ لىنكەينى بۇلاپ ئۆچ ئېلىش نىيىتى پەيدا بولغان. شۇ كۈنى جىنايەتچى ۋاڭ شىڭگو مارالۋېشىنىڭ شامال كومۇنىسىغا بېرىپ قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئوتياش تېرىقچىسى دۇۋەن جۇنخەيگە ئويىنى ئېيتقان. جىنايەتچى دۇۋەن جۇنخەي، جىنايەتچى ۋاڭ شىڭگوغا ئىككى ئاغامچا تېپىپ بەرگەن. تاڭ لىنكەينى ئالداش ئۈچۈن جىنايەتچى دۇۋەن جۇنخەي جىنايەتچى ۋاڭ شىڭگونىڭ دۈمبىسىگە ئۇن سۈركىگەن. بىر ئاز كېچە بولغاندا، ۋاڭ شىڭگو تاڭ لىنكەيگە ئۇن ئېلىپ كەلدىم دېگەن ئالدامچىلىق بىلەن بۇغدايلىقتا ئالداپ ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تاڭ لىنكەينى يەرگە يىقىتىپ باغلىۋېلىپ، پۇل بېرىشكە قىستىغان. تاڭ لىنكەي ئىلاجىسىز پۇلى بار يەرنى دەپ بەرگەن. ۋاڭ شىڭگو تاڭ لىنكەينىڭ ئۆيىگە بېرىپ قىڭراق بىلەن خوتۇنىنى قورقۇتۇپ باسقۇنچىلىق قىلىپ، 55 يۈەن پۇلىنى بۇلاپ ئالدىراپ-تېنەپ قاچقاندا قولغا ئېلىنغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى بۇ ئەنزىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوتقا يوللاپ تەكشۈرتۈپ ئەمەللەشتۈرگەندىن كېيىن: ۋاڭ شىڭگو ئەمگەكنى يامان كۆرىدىغان، راھەت-پاراغەتكە بېرىلگەن، ئىزچىل تۈردە باشقىلارنىڭ پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان، قايتا-قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن، ھەتتا ئاخىرى قىڭراق كۆتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىشتەك ئېغىر جىنايەت سادىر قىلىشقا قەدەر تەرەققىي قىلغان، قىلمىشى قەبىھ، زىيىنى ئالاھىدە چوڭ-دەپ قارىدى. بۇلاڭچى، باسقۇنچى جىنايەتچى ۋاڭ شىڭگوغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى قارار قىلدى، مۇشۇ ئەنزىدىكى جىنايەتچى دۇۋەن جۇنخەي جىنايەتچى ۋاڭ شىڭگونىڭ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئەنزە تۇغدۇرماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەسۋاب ۋە شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن، شۇڭا ئۇنىڭغا مۇددەتلىك 3 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. (جاڭ يى)

**[ جاڭ جىنگۇاڭ مۇھەببەتلىشىپ، ۋۇجۇتقا چىقىرالماي ئۆچ ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈردى ]**

جاڭ جىنگۇاڭ 29 ياش، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ چۇشيەن ناھىيىسىدىن. قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى كونىشەھەر ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىشچىسى. جاڭ ياڭ × × دېگەن قىز بىلەن 1981-يىلى مۇھەببەتلەشكەن، 1983-يىلى 6-ئايدا ياڭ جاڭ بىلەن بولغان مۇھەببەتلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان، جاڭ ئىنتايىن نارازى بولۇپ، كۆپ قېتىم ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان. 1984-يىلى 4-ئاينىڭ 3-كۈنى جىنايەتچى جاڭ سەۋەبسىزلا ياڭنى 2 قېتىم ئۇرغان، تىللىغان، ياڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتى پەيدا بولغان.

4-ئاينىڭ 29-كۈنى سەھەر سائەت 1 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەن چاغدا، جىنايەتچى جاڭ ھاراق ئىچىپ پىچاق كۆتۈرۈپ ياڭنىڭ

ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ياڭغا تەھدىت سالغان، ياڭنىڭ بويسۇنمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، جىنايەتچى جاڭ پىچاق سېلىپ قاتىللىق قىلغان. ياڭ ئۇكىسى ياڭ جىنىيەلچىڭ بىلەن بىللە قۇرۇق قول ھالدا جاڭ بىلەن ئېلىشقان، ياڭنىڭ دۈمبىسىگە 4 يەرگە پىچاق تىقىلغان، ئېغىر جاراھەتلەنگەن، پىچاق يۈرەككە ۋە چوڭ تومۇرغا تەككەنلىكى ئۈچۈن شۇ يەردىلا جان ئۈزگەن. جاڭ ئەنزە تۇغدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن نەق مەيداندىن قاچقان، غالجىرلىق بىلەن ياڭنىڭ ئاكىسىغا: «مەن سىڭلىڭنى ۋە ئۇكاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، سەن ئۇنىڭ جەسەدىنى يىغىشتۇرۇۋالغىن!» دېگەن، يەنە قايتىپ نەق مەيدانغا بارغاندا قولغا ئېلىنغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بۇ ئەنزىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، جاڭ جىنگۇاڭ مۇھەببەتلىشىپ، ۋۇجۇتقا چىقىرالماي ئۆچ ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن، بىر ئادەم ئۆلگەن، بىر ئادەم يارىلانغان، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەت شەكىللىنىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ يۈزىنىڭغا دۆلەت قانۇنى يول قويمايدۇ، قاتتىق جازالاش كېرەك، دەپ قاراپ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلىنىپ، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، جاڭ جىنگۇاڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىندى. (جاڭ يى)

**[3 پوچتا چاشقىنى جازالاندى]** كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» نامىغا ئېگە بولغان، قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتىخانىنىڭ ياش ئىشچىسى مادۇگيۈەن باشقا ئىككى ئىشچى شۇلىجىز، ئەركىن داۋۇت خىيانەتچىلىك ۋە قاقتى-سوقتى قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن، قانۇن بويىچە جازالاندى. بۇ ئەنزىنى قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى بىرلىشىپ رازۋېتكا قىلىپ پاش قىلغان ئىدى.

1983 - يىلى 4 - ئايدىن 1984 - يىلى 4 - ئايغىچە شۇلىجىز، ئەركىن داۋۇت، مادۇگيۈەن پوچتا خەتلىرىنى ئايرىپ تەقسىملەش خىزمىتىنى ئىشلەشتىكى قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەتلەرنى ئۆز ئالدىغا يوشۇرۇپ قويۇش، خەتلەرنى ئوغۇرلۇقچە ئېچىش ئارقىلىق 11.222،43 يۈەن قىممەتلىكى مالغا خىيانەت قىلغان، يەنە بەزى خەتلەرنى قائىدىگە خىلاپ كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئەۋەتىپتۇ دېگەننى باھانە قىلىپ «جەرىمانە»، تەننەرقىگە كاپالەتلىك قىلىش باھاسىنى تولۇقلاپ تۆلەش دېگەن ناملار بىلەن نەخپۇل ۋە مال بولۇپ جەمئىي 2081.54 يۈەن قىممەتتە قاقتى - سوقتى قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە شۇلىجىز 24 قېتىم ئەنزە پەيدا قىلىشقا قاتناشقان بولۇپ 4766.01 يۈەن ھارام پۇلغا ئېگە بولغان. ئەركىن داۋۇت 25 قېتىم ئەنزە پەيدا قىلىشقا قاتناشقان بولۇپ 4856.38 يۈەن ھارام پۇلغا ئېگە بولغان، مادۇگيۈەن 8 قېتىم ئەنزە پەيدا قىلىشقا قاتناشقان بولۇپ 3681.55 يۈەن ھارام پۇلغا ئېگە بولغان.

بۇ ئەنزە قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن. قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئاشكارە تەكشۈرۈپ، 3 جىنايەتچى پوچتا - تېلېگراف خىزمەت خادىمى تۇرۇقلۇق پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەتنىڭ قانۇنىنى كۆزگە ئىلمىغان، پوچتا خەتلىرىنى ئوغۇرلىغان، خىيانەت قىلغان، پۇل ۋە ماللارنى قاقتى - سوقتى قىلغان، خەلق پوچتا - تېلېگرافىنىڭ ئىناۋىتىگە ئېغىر ھالدا زىيان يەتكۈزگەن، جىنايىتى ئېغىر، قىلمى

مىشى قەبىھ - دەپ قاراپ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 191-ماددىسىنىڭ 2-تارمىقى، 155-ماددىسى، 154-ماددىسى، 64-ماددىسى، 22-ماددىسىغا ئاساسەن شۇ لىجىڭ، ئەركىن داۋۇت، ماۋگۈيۈەنلەرگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 8 يىللىق، 6 يىللىق ۋە 5 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بەردى، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۇ لىجىڭ، ماۋگۈيۈەن ئىككىسىگە جازا ئۆلچەش يېنىك بولۇپ قالغان، دەپ نارازىلىق بىلدۈردى. شۇ لىجىڭ، ماۋگۈيۈەن جازا ئۆلچەش ئېغىر بولۇپ كەتتى دېگەن سەۋەب بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 2 - قېتىم تەكشۈرۈپ ئەرزگە رەددىيە بەردى. شۇ لىجىڭغا ئۆزگەرتىپ مۇددەتلىك 10 يىللىق قاماق جازاسى، ماۋگۈيۈەنگە ئۆزگەرتىپ مۇددەتلىك 6 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. (جاڭ يى)

# خەلق ئىشلار

**[خەلق ئىشلار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى]** قەشقەردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلار تارماقلىرى يېڭى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ قۇرۇلغان، تەڭ راۋاجلانغان، دۆلىتىمىز يېڭىدىن قۇرۇلغان مەزگىللەردە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىي، مەمۇرىي كادىرلار بىلەن يەر ئىسلاھاتى ئاكتىپلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىدى كونا ھاكىمىيەتنى پاچاقلاپ يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئاممىنى تەشكىللەپ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشقا قوزغىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش، راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە، ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلار تارماقلىرى يېزا (بازار) لىق ھاكىمىيەتلەرنى پائال تۇرغۇزۇش، ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنى سايلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار قىلىش ۋە ئارمىيە-خەلق بىرلىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا ئاكتىپ تۆھپە قوشتى.



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش تۆمۈر داۋامەت تاشقورغاننىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چوڭقۇر چۆكۈپ چارۋىچىلاردىن ھال سورىدى.

لۇ پېڭمىيەن فوتوسى

ھازىر، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرى ۋىلايەت بويىچە 10 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بالىلار ساناتورىيىسى 1، بۇنىڭدا ئۇيغۇر بالىلار ئاساسىي قىلىنغان يېتىم بالىلار 102 نە-

پەر، قېرى، ئاجىز، مېيىپلار سانىتورىيىسى 2 بولۇپ ئىگە ـ چاقىسىز قېرى، ئاجىز، مېيىپلاردىن بۇ يەردە بېقىلىۋاتقانلار 174 ئادەم. روھىي كېسەللىكلەر ساناتورىيىسى 1 بولۇپ تېببىي كۈتۈنچىلەر 52 نەپەر، گاس ـ گاچىلار مەكتىپى 1 بولۇپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 46 نەپەر، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىسى 4 بولۇپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى مېيىپ، كېسەلمەنلەر 70 نەپەر، 44% نى ئىگىللەيدۇ، ئېقىپ يۈرگەنلەرنى يىغىپ قايتۇرۇش پونكىتى 3 بولۇپ ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق يىغىپ قايتۇرۇش پونكىتىنىڭ يىللىق يىغىپ قايتۇرۇش ئادەم ـ قېتىمى 3400 دىن ئارتۇققا يېتىدۇ. ناھىيەلەرگە قاراشلىق يىغىپ قايتۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ يىللىق يىغىپ قايتۇرۇلىدىغان ئادەم سانى 1600 دىن ئارتۇق ئادەم ـ قېتىمغا يېتىدۇ. ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا قۇرۇلغان خەلق باشقۇرغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان قېرىلار ساناتورىيىسى 40 بولۇپ، بېقىلىۋاتقان ئىگە ـ چاقىسىز قېرىلار 694 نەپەر، 5 تە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلەر 7562، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر 45387 نەپەر، مۇددەتلىك ياردەمدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار 2007 نەپەر بولۇپ يىللىق كېتىدىغان ياردەم سوممىسى 255 مىڭ يۈەن.

1984 ـ يىلى ۋىلايىتىنىڭ نامراتلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. ۋىلايەت 3 مىليون 514 مىڭ يۈەن نامراتلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش مەبلىغى يىغىلىپ 20703 قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە ياردەم بەردى. ئۇلارغا 8192 مو ئوبدان يەر تېگىشىپ بېرىلدى. 7689 ئېغىز كونا ئۆيى يېڭىلاپ بېرىلدى. ئۇلارغا 3128 تونна خەمىيىۋى ئوغۇت تەييارلاپ بېرىلدى. 12067 نەپەر كادىر نامراتلارغا يار يۆلەكتە بولۇش خىزمىتىگە قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىپ، نامراتلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇشنى ئائىلە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر بىلەن توختام تۈزدى. بىر يىللىق خىزمەت ئارقىلىق 10448 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 647 جىڭغا، ئوتتۇرىچە كىرىمى 146 يۈەنگە يېتىپ، ئەمگەك بىلەن بېيىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

ۋىلايەت بويىچە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن باشقا، قالغان 11 ناھىيە (شەھەر) نىڭ خەلق ۋەكىللىرىنى سايلاش خىزمىتى ئاياقلىشىپ بولدى. 27745 نەپەر ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئاكتىپلاردىن تەشكىل قىلىنغان 148 سايلام خىزمىتى ئەترىدى ھەر قايسى سايلام رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ "ئاساسىي قانۇن"، "سايلام قانۇنى" نى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. 2580 نەپەر ناھىيە (شەھەر) خەلق ۋەكىللىرى سايلاپ چىقىلدى. 9 ـ ئايدا ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى ئايرىم ـ ئايرىم چاقىرىلىپ، يېڭى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق ھاكىمىيەت ئورگانلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىرىلدى. نۆۋەتلىك سايلام خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ 11 ناھىيە (شەھەر) دە يەنە مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، يېزا (بازار) لىق ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگىچە 122 يېزا، (بۇنىڭ ئىچىدە 2 سى تاجىك ئاپتونوم يېزىسى)، 21 بازار، 4 كوچا باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا 2124 كەنت كومىتېتى، 11130 كەنت ـ گۇرۇپپا ۋە 109 ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىندى، يېزا (با-

زار) لىق ھۆكۈمەتلەر خىزمەت تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ، ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈش ئارقىلىق يېزا (كەنت) قائىدىسى خەلق ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتتى.

ھەربىيدىن قايتقانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار قىلىش خىزمىتىدىمۇ يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1984-يىلى ھەربىيدىن قايتقان 797 نەپەر كىشى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېزىلاردىكى ھەربىيدىن قايتقانلارنىڭ ئۆي سېلىشى ئۈچۈن 46 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىپ، 450 ئېغىز ئۆي سېلىندى. مۇشۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى كوماندىر، جەڭچىلەر بىلەن يەرلىكتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا ئارمىيە-خەلق بىرلىشىپ مەدەنىيەتلىك شەھەر، يېزا قۇرۇش نۇقتىلىرىدىن 50 ى، يېزا-كەنتلەردىن835ى قۇرۇلدى. ئارمىيە-خەلق بىرلىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇش ھەركىتىنىڭ كەڭ قانات يېيىشى ئارمىيە-خەلق، ئارمىيە-ھۆكۈمەت ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. (لى جۇڭجېي)

**[قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى]** 1956-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ۋە يەكەن ۋالىي مەھكىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا: قەشقەر شەھىرى، كوناشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى، پەيزىۋات، يوپۇرغا ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق 12 ناھىيە (شەھەر) قاراشلىق ئىدى، ئۇ چاغدا، ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئاستىدا 90 رايونلۇق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئۇنىڭ شىتاتى 827 قىلىپ بەلگىلەندى، 90 رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلدى، ئۇنىڭ شىتاتى 665 نەپەر قىلىپ بەلگىلەندى، بوغالتىرلارنىڭ شىتاتى 1492 قىلىپ بەلگىلەندى، رايون ئاستىدا 644 يېزىلىق ھۆكۈمەت، 17 بازارلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، بۇ ئىككىسىنىڭ شىتاتى 2636 قىلىپ بەلگىلەندى، رايون، يېزا (بازارلىق ھۆكۈمەت) لەرنىڭ شىتاتى جەمئىي 4128 قىلىپ بەلگىلەندى

1958-يىلى ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئالىي كوپېراتىپلىرى ئاساسىدا، ئەسلىدىكى يېزا ئاساس قىلىنىپ660خەلق كوممۇنىسى(قەشقەر شەھىرىدىكى شەھەر خەلق كوممۇنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدۇ) قۇرۇلدى.

1962-يىلدىن 1978-يىلغىچە ناھىيە (شەھەر) لەر خەلق كوممۇنىلىرىنىڭ كۆلىمىنى 3 قېتىم تەڭشىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى خەلق كوممۇنىسى 133 كە، بازار 8 گە، كوچا باشقارمىسى 4گە يەتتى. 1982-يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، كوممۇنا، بازار (كوچا باشقارمىسى) لارنىڭ شىتاتى جەمئىي 5102 نەپەرگە يەتتى.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كوممۇنا بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن خەلق كوممۇنىسى تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1983-يىلى 5-ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم مەمۇرى مەھكىمە قارار چىقىرىپ، ۋىلايەت ۋە ناھىيە (شەھەر) دىن 163 كادىر ئاجرىتىپ، تەربىيەلەش ئارقىلىق، كونىشەر ناھىيىسىنىڭ ئوغۇساق، زەمىن ۋە سايۋاغ قاتارلىق 3 كوممۇنىدا، خەلق كوممۇنىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، چوڭ رايون كىچىك يېزا قۇرۇش سىناق خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

1984-يىلى 6-ئايدىن باشلاپ ناھىيە (شەھەر) لەر ئەستايىدىل تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، خەلق كوممۇنىسى تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، يېزا، مىللىي يېزا ۋە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇش لايىھىسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتىگە تەستىقلىتىپ، كوممۇنا بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىش، يېزا، مىللىي يېزا ۋە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. 1984-يىل ئاخىرىغىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە 120 يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، 2 مىللىي يېزا قۇرۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 2124 كەنت ئاھالە كومىتېتى، 11130 كەنت ئاھالىلار گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 21 بازار قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 كوچا باشقارمىسى، 109 ئاھالىلار كومىتېتى قۇرۇلدى. يېزا (بازار) دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا پارتىيە، ھۆكۈمەت، كارخانىلار ئايرىلىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدىغان، ھەر قايسىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان بولدى؛ جايلار كوممۇنا بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش، يېزا (بازار) ھاكىمىيىتى قۇرۇش خىزمىتى داۋامىدا، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاھالىلەر كومىتېتى، ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش خاراكتېرىدىكى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، خىزمەت تۈزۈمى ئورناتتى، يېزا-كەنت، كوچا باشقارمىسى بويىچە خەلق ئەھدىنامىلىرىنى تۈزدى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاتتى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1984-يىلى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) ۋە يېزا (بازار) لاردا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئۆزگەرتىپ سايلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى، ۋىلايەت بويىچە ناھىيە (شەھەر) لەردىن 2580 نەپەر خەلق ۋەكىللىرى سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 650؛ يېزا بازارنىڭ خەلق ۋەكىلى 11.412، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 2924. ناھىيە (شەھەر) ۋە يېزا، بازارلار (تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) خەلق قۇرۇلتىيى ئاچتى ھەمدە تەشكىلىي قانۇن ۋە سايلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە

4 لەشتۈرۈش تەلەپىگە ئاساسەن، نامىيە (شەھەر) ۋە يېزا (بازار) دىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى رەھبەرلىكىنى سايلاپ چىقتى.

قوشۇمچە جەدۋەللەر:

(1) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1957 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇش ۋە رايونلارنىڭ شتاتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى.

(2) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خەلق كوممۇنىسى مەزگىلىدىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇش ئەھۋالى.

(3) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1957 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە رايون يېزا شتاتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

| نامىيە (شەھەر) | رايون: كىچىملىك جەمئى | رايون: شەھەر رايون | رايون: يېزا رايون | رايون: چارۋىچىلىق رايون | رايون: ئىشتات: ھۆكۈمەت | رايون: ئىشتات: پارتىيە | يېزا (بازار): كىچىملىك جەمئى | يېزا (بازار): كوچا باشقارمىسى | يېزا (بازار): دېھقانچىلىق يېزىسى | يېزا (بازار): چارۋىچىلىق يېزىسى | يېزا (بازار): شتاتى | | رايون، يېزا شتاتى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قەشقەر شەھەر | 3 | 1 | 2 | | | | 11 | 7 | 4 | | 48 | | | رايون، يېزا شتاتى ئىشتىپاق ئەتىگىلاتى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئىشتاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. |
| كونىشەھەر | 11 | | 11 | | 110 | 88 | 96 | | 96 | | 384 | | | |
| يېڭىشەھەر | 9 | 1 | 8 | | 80 | 64 | 74 | 1 | 73 | | 296 | | | |
| يېڭىسار | 7 | 1 | 6 | | 60 | 51 | 47 | 1 | 46 | | 188 | | | |
| پوسكام | 5 | | 5 | | 45 | 40 | 39 | | 39 | | 156 | | | |
| يەكەن | 16 | 1 | 14 | 1 | 150 | 120 | 160 | 3 | 155 | 2 | 638 | | | |
| قاغىلىق | 9 | 1 | 7 | 1 | 90 | 72 | 52 | 2 | 45 | 5 | 208 | | | |
| مەكىت | 7 | 1 | 6 | | 66 | 48 | 24 | 1 | 23 | | 95 | | | |
| يوپۇرغا | 5 | | 5 | | 50 | 40 | 30 | | 30 | | 120 | | | |
| بەيزاۋات | 9 | 1 | 8 | | 80 | 64 | 64 | 1 | 63 | | 254 | | | |
| مارالبېشى | 7 | 1 | 6 | | 80 | 64 | 54 | 1 | 53 | | 214 | | | |
| تاشقورغان | 2 | | | 2 | 16 | 14 | 10 | | | 10 | 55 | | | |
| جەمئى | 90 | 8 | 78 | 4 | 827 | 665 | 661 | 17 | 627 | 17 | 2636 | | | |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خەلق كوممۇنىسى مەزگىلىدىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى.

| ناھىيە (شەھەر) | بازار | كوچا باشقارمىسى | ئاھالىلەر كومىتېتى | كوممۇنا | چوڭ ئەترەت | ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قەشقەر شەھەر | | 4 | 38 | 3 | 37 | 197 | |
| كوناشەھەر | 1 | | | 14 | 217 | 1616 | |
| يېڭىشەھەر | 1 | | 4 | 12 | 197 | 1198 | |
| يېڭىسار | 1 | | 4 | 12 | 156 | 832 | |
| پوسكام | 1 | | | 9 | 124 | 761 | |
| يەكەن | 1 | | | 18 | 457 | 2313 | |
| قاغىلىق | 1 | | 6 | 18 | 260 | 1207 | |
| مەكىت | 1 | | 4 | 8 | 130 | 547 | |
| يوپۇرغا | | | | 8 | 85 | 581 | |
| پەيزىۋات | | | | 11 | 251 | 1481 | |
| مارالبېشى | 1 | | | 10 | 203 | 843 | |
| تاشقورغان | | | | 10 | 39 | 42 | |
| جەمئىي | 8 | 4 | 56 | 133 | 2152 | 11,618 | |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇش ئەھۋالى.

| ناھىيە (شەھەر) | ئومۇمىي ئائىلە | ئومۇمىي نوپۇس | ئومۇمىي كۆلەم (Km²) | بازار | كوچا باشقارمىسى | ئاھالىلەر كومىتېتى | يېزا | مىللىي يېزا | كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى | كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 590.065 | 2.376.106 | 142.709 | 21 | 4 | 109 | 120 | 2 | 2124 | 11130 | تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ يېزا قۇرۇش خىزمىتى تېخى ئىشلەنمىدى. |
| قەشقەر شەھەر | 37.327 | 165.083 | 15 | | 4 | 40 | 3 | | 33 | 197 | |
| كونا شەھەر | 66.181 | 281.414 | 4604.7 | 1 | | 3 | 17 | | 221 | 1.624 | |
| يېڭىشەھەر | 53.776 | 209.906 | 2193.2 | 3 | | 8 | 12 | | 167 | 988 | |
| يېڭىسار | 37.811 | 153.590 | 3900 | 1 | | 4 | 12 | | 150 | 812 | |
| پوسكام | 30.209 | 117.209 | 1096.2 | 2 | | 4 | 9 | 1 | 124 | 628 | |
| يەكەن | 121.123 | 450.854 | 8.284 | 4 | | 14 | 15 | 1 | 464 | 2.377 | |
| قاغىلىق | 64.974 | 262.831 | 28.266.3 | 2 | | 8 | 17 | | 300 | 1207 | |
| مەكىت | 37.412 | 145.552 | 9996.3 | 1 | | 4 | 8 | | 134 | 547 | |
| يوپۇرغا | 23.970 | 94.150 | 2688.3 | 1 | | 4 | 8 | | 70 | 453 | |
| پەيزىۋات | 53.531 | 218.442 | 6316.3 | 2 | | 4 | 11 | | 251 | 1453 | |
| مارالبېشى | 61.401 | 256.922 | 23.000 | 4 | | 16 | 8 | | 210 | 843 | |
| تاشقورغان | 3.350 | 20.153 | 52.358.8 | | | | | | | | |
| | | | | | | | | | | | |

**[ يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتى ]** يېڭىشەھەر ناھىيىسى قەدىمدىن تارتىپ ئەسكەر تۇرۇپ كەلگەن جاي بولۇپ، ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ھازىر بۇ يەردە پولك دەرىجىدىن يۇقىرى توققۇز قىسىم تۇرۇشلۇق، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 1949 ـ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن تارتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، كادىر ئاجرىتىپ خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاممىنى قوزغىتىپ خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولدى. قىسىملارنىڭ "بوز يەر ئېچىپ چېگرا رايونىنى قوغدىشى"غا، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈشكە، ۋەتەننى قوغدىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارغا قارارگاھ، مەشق ئورنى ۋە قوشۇمچە كەسىپ ئۈچۈن يەر ئاجرىتىپ بېرىپ،

خەلق پەرزەنت ئەسكەرلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ھەر خىل چارىلار بىلەن ياخشىلىدى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىمۇ قىسىملارغا ئېتىبار بەردى. ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ۋە ھەر مىللەت خەلقلىرى قىل سىغماس دەرىجىدە ئىناق بولۇپ بىرلىك بىلەن بىردەك چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتتى.

10 يىللىق قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ۋە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنە بۇزۇلغان ئىدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېت 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قىسىم بىلەن يەرلىك ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خىزمەت دۆيى تەشكىللەپ "ئارمىيىگە ھۆرمەت قىلىش، ھازىرقى ھالەتنى ساقلاش، ئومۇملۇقنى كۆزلەش، بىر-بىرىگە يول قويۇش، ئىتتىپاقلىققا، قۇرۇلۇشقا پايدىلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش" پرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ، يەرلىك بىلەن قىسىمنىڭ يەر، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى توقۇنۇشلىرى نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بامەسلىھەت ھەل قىلىندى. بىر يىلچە ۋاقىت ئىچىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان تالاش-تارتىش قىلىپ كېلىۋاتقان، ھەل قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ھەل قىلىش قىيىن بولغان چوڭراق مەسىلىلەردىن 20 نەچچىسى ھەل بولدى.

4 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئارمىيە خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش جەھەتتە ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ تۇردى، ئاشلىق تارماقلىرى قىسىملاردىكى قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپلەرگە ئاشلىق، ياغ ئايرىپ بەردى، قىسىم تەمىنلىنىدىغان ئاشلىق خىللىرىنى تەڭشەپ بەردى، ياغ بىلەن تەمىنلەشنى كۆپەيتتى، قىسىمنىڭ تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا نۇرغۇن قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى؛ يەرلىك پارتىيە مەكتىپى ۋە باشقا مەكتەپلەر قىسىمدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ نەزەرىيە ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، قىسىمغا كۆپ قېتىم ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىپ، پەلسەپە ۋە مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئۆتتى؛ ناھىيىلىك دوختۇرخانا قىسىم ئۈچۈن كۆپ قېتىم سانىتار تەربىيىلەپ بەردى، قىسىمغا جۇڭيى دوختۇرلىرىنى ئەۋەتىپ دەرس ئۆتۈپ، داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى؛ ناھىيە مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ قىسىمدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن مەكتەپ سېلىپ بەردى؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىن ئەھۋال ئاستىدا، قىسىمدىكىلەرنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرىنى ئامال قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى، ئوقۇغۇچى، كادىر، ئىشچى قوبۇل قىلىشتا قىسىمدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئىمكان قەدەر ئېتىبار بەردى. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىم ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، خەلققە ئەمگەك قىلىپ بېرىش ئىشلىرىغا كۆپ قېتىم قاتناشتى؛ "ئىتتىپاق يولى"، "ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش يولى" ۋە "خەلقنى سۆيۈش كۆۋرۈكى" ئارقا-ئارقىدىن پەيدا بولدى؛ قىسىمنىڭ دوختۇرلىرى خەلقنىڭ كېسىلىنى جان-دىل بىلەن داۋالىدى، خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى جاڭ يىخۇانىڭ ئىش-ئىزلىرى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىك بىر مىسال. ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە بەرپا قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىرى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەممە يېرىدە پورەكلەپ ئېچىلماقتا. 1984-يىلى، قىسىم ۋە يېڭىشەھەر ناھى

يىسى ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك «قوش ھىمايە قىلىش» بويىچە قوش ئىلغارلار ۋە كىشىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنلىرىغا قاتناشتى.

**[ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى ]** يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كەڭ دېھقانلارنىڭ كىرىمى يىلمۇ-يىل ئېشىپ، تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، لېكىن، ئەمگەك كۈچى كەم، ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى يېتەرسىز، قىيىنچىلىقى بار بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولمىدى، ئۇلارغا يار - يۆلەك بولۇپ ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش ئۈچۈن، ناھىيە ( شەھەر ) لەر 1982 - يىلدىن باشلاپ كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىدى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى، كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئارخىپ تۇرغۇزدى. كادىرلار ئائىلىلەر بويىچە ھۆددە ئېلىپ كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يېزىلاردىكى كەڭ كادىرلار، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، خەلق ئەسكەرلىرى كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە كەڭ كۆلەمدە قاتناشتى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ كەمبەغەللەرگە يار-يۆلەك بولۇش، بېيىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. 1983-، 1984 - ئىككى يىلدا ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، خەلق ئىشلار، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، يېزا، بازار قاتارلىق تارماقلاردىن كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن مەبلەغ 6 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن كېمەيتكەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان دېھقانچىلىق باج سوممىسى 2 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق، كېمەيتكەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان داۋالاش ھەققى 130 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ مەكتەپتىكى پەرزەنتلىرىگە بېرىلگەن ئوقۇش ياردەم پۇلى 1 مىليون 220 مىڭ يۈەن، كېمەيتىلگەن خالىسانە ئەمگەك 770 مىڭ ئىش كۈنىدىن كۆپ.

قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە «مەبلەغ جەھەتتە يار-يۆلەك بولۇش ۋە ئىرادىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە يار - يۆلەك بولۇش» ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلدى، تۇرمۇشى ياخشىلاندى، ۋىلايەت بويىچە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك كېمەيدى. 1982-يىلى ۋىلايەت بويىچە 63987 قىيىنچىلىقى بار ئائىلە بار ئىدى. يار-يۆلەك بولۇش، ياردەم بېرىش ئارقىلىق، 1983-يىلى 9410 ئائىلە، 1984-يىلى يەنە 10446 ئائىلە قىيىنچىلىقى بار ئائىلە دېگەن قالپاقنى چۆرۈۋەتتى. قىيىنچىلىقى بار ئائىلە ئەسلىدىكى يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ 14.2% دىن 9.6% كە چۈشتى. يوپۇرغا، كونىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ كەمبەغەللەرگە يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى بىر قەدەر ياخشى ئىشلەندى. يوپۇرغا ناھىيىسىدە 1981-يىلى 4174 قىيىنچىلىقى بار ئائىلە بار ئىدى، 1983-يىلى ۋە 1984-يىلى 1380 ئائىلە قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، بۇ ئىككى يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە ئۈچتىن بىر

# ئىقتىسات

## ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە قەشقەرنى ئېچىش توغرىسىدا

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق

قەشقەر ۋىلايىتى بايلىق مەنبەسى مول، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان جاي بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە ناھايىتى زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. ئۇزاقتىن بۇيان قاتناش قولايسىز، تېخنىكا جەھەتتە ئارقىدا قېلىش، ئۇچۇر راۋان بولماسلىق ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمى ئاستا بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي تاپالماسلىقتا ئىپادىلەندى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز «سول» ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ باردۇق. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قىسقا مەزگىلدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا، بىز يەنىلا خېلى ئارقىدا تۇرماقتىمىز. ئاساسلىق ئاجىزلىق تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەت ۋە ئاساسىي سانائەت ئارقىدا، مەھسۇلاتلارنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، سانائەتنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى كىچىك. 1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 24 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى تېرىقچىلىقتىن كەلدى.

---

قىسىم قىيىنچىلىقى بار ئائىلە قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭدى. 1984-يىلى يوپۇرغا ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە كەمبەغەللەرگە يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. 1982-يىلى قىيىنچىلىقى بار ئائىلەرنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە توغرا كەلگەن ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 300 جىڭدىن، كىرىمى 50 يۈەندىن تۆۋەن ئىدى. 1984- يىلى ۋىلايەت بويىچە "قىيىنچىلىقى بار ئائىلە" دېگەن قالپاقنى ئېلىپ تاشلىغان ئائىلىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە توغرا كەلگەن ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 500 جىڭدىن، كىرىمى 100 يۈەندىن ئاشتى. ھازىر بۇلارنىڭ 5 تۇياقتىن كۆپ چارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى، ئۆيىنىڭ ئالدى-كەينىدە 200-300 تۈپ دەرىخى، كىچىك بېغى بار. كۆپ قىسمى ئۆي سالدى ۋە رېمونت قىلدى. يېڭىدىن كىگىز، يوتقان-كۆرپە، كىيىم-كېچەك ۋە ئۆي سەرەمجانلىرى سېتىۋالدى، بەزىلىرى كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ۋەلسىپىت، قول سائىتى قاتارلىق بۇيۇملارنىمۇ سېتىۋالدى. (لۇكوبىن)

شۇنىڭ ئۈچۈن، تووار نىسبىتى تۆۋەن، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتەلەيدىغان مەبلەغ كەم، قەشقەرنى ئېچىشتا پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئەڭ موھىمى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا لايىقلاشالمايدىغان قاتماللىقىنى ئۆزگەرتىپ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى زامانىمىزدىكى ئەڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكىنى قوبۇل قىلالايدىغان، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يارىتالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش كېرەك. مانا بۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى ئاساسىي نۇقتىمىز، شۇنداقلا قەشقەرنى ئېچىشتىكى مۇقەررەر يولىمىز.

پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، قەشقەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، مېنىڭچە، نۆۋەتتە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە خىزمەتنى ئالدى بىلەن ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك:

1. ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازات بولۇشىمىز كېرەك. ئەمدىلا قەدەم تاشلىغان قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىغا قارىتا جەمئىيەتتە ھەر خىل غۇلغۇلا بولماقتا، بۇ كۆپچىلىكنىڭ قەشقەرنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ چوڭ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇنى قارشى ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. لېكىن غۇلغۇلا جەريانىدا، ئىسلاھاتقا قارىتا خىلمۇ - خىل مۇجمەل تونۇشلارمۇ ئەكس ئەتتى. بۇ، بەزى يولداشلارنىڭ «سول» لۇقنىڭ ئاسارىتىدىن تېخى ئازات بولالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇڭلاشقا ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازات بولۇش تامامەن زۆرۈر. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇقەررەرلىكى، زۆرۈرلىكى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئېنىق تونۇشى، ئىسلاھات ئېلىپ بارمىغاندا ھاياتىي كۈچكە ئىگە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورناتمىغاندا، قەشقەرنى ئېچىشنىڭ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇۋېلىشى كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە تووار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى «سول» ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىن ۋە ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ئىدىيىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازات بولۇپ، ھازىرقى ئىگىلىك شەكلى ۋە ۋاسىتىلىرىنى ئاڭلىق ھالدا ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھات ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

2. ھازىرقى بار بولغان يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەڭشەش ۋە تەرتىپكە سېلىشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تووار نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. بىر قانچە يىللىق تەڭشەش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى مەلۇم تۈس ئالغان بولسىمۇ، لېكىن تووار ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە سېلىشتۇرغاندا پەرق ناھايىتى چوڭ. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ياخشى - ناچار بولۇشىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تىجارەت جەھەتتە، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئاساس قىلىش پىرىنسىپى بويىچە كارخانىلارنى ئىش-

لەپچىقىرىش تىپىدىن تىجارەت تىپىغا ئۆزگەرتىپ ، ئىشلەپچىقىرىش ، تەمىنلەش، سېتىش بىر گەۋدە بولۇش چارىسىنى پەيدىن ـ پەي يولغا قويۇپ ، ئىشلەپچىقىرىش ، تەمىنلەش ، سېتىشتا دۆلەتكە ھەددىدىن تاشقىرى يۆلىنىۋالىدىغان ئىللەتلەرنى تۈگىتىش كېرەك. يېزا-بازار كارخانىلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بو-يىچە داۋاملىق تەڭشەش كېرەك . ۋىلايىتىمىزدە ئاشلىق بىلەن ئۆز- ئۆزىنى تەمىنلەشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشۇردۇق . لېكىن ئاشلىق يەنىلا كۆپ ئەمەس، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇش كېرەك، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئاشۇرغاندىلا ، ئاندىن ئېشىنغان ئاشلىقنى تەدرىجىي ھالدا گۆش، سۈت، تۇخۇمغا ئايلاندۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ گۆش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ۋىلايىتىمىزنىڭ چاتقاللىرى كۆپ بولۇشتەك تەبىئىي ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ، ئوتلاقلارنى زور كۈچ بىلەن بەرپا قىلىپ ۋە ياخشىلاپ، چارۋىچىلىقنىڭ زور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ گۆش بىلەن تەمىنلەش تىكى جىددىيلىك ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېرە، يۇڭ، گۆش،سۆڭەكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىدا ئىش قوشۇش كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

3. سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كېرەك . ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاساسىي سانائىتى ئاجىز، پولات ـ تۆمۈر سانائىتى تېخى يوق. بۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچراتتى . كان بايلىقلىرىنى ئېنىقلىۋېلىش ئاساسىدا ، تۆمۈر كان بايلى-قىدىن پايدىلىنىپ، يىلىغا 20 مىڭ توننا تۆمۈر، 12 مىڭ توننا پولات ئىشلەپچىقىرىدىغان كىچىك تىپتىكى بىرلەشمە كارخانا قۇرۇشىمىز كېرەك. تۆمۈر ۋە پولات ماتېرىيالى بولغاندىلا پۈتكۈل سانائەت جەھەتتە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئاساستا، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، سېمونت زاۋۇتى، كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى، خىمىيىۋى سانائەت زاۋۇتى، يۇڭ يىپ فاب-رىكىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى داۋاملىق تۇتۇشىمىز لازىم. مىللىي قول سانائەت ئىشلەپ-چىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سېتىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىشىمىز كېرەك.

4. ئۇچۇر خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش كېرەك. خەلقارا ئىقتىسادىي جەمئىيەتتى ئۇچۇرنىڭ مەركەزلىشىش باسقۇچىغا كىردى. بىر رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇچۇرنىڭ ۋاقتىدا بولۇش ـ بولماسلىقى، كارخانىلارنى ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىش ـ قىلالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى. قەشقەر ۋىلايىتىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىگە جايلاشقان، قاتناش قولايسىز، ئۇچۇر ۋاقتىدا كەلمەيدۇ. بۇ، ئىگىلىك تەرەققىياتىغا قولايسىزلىق كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھ-ۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىز بېيجىڭ، تيەنجىن، شەندوڭ، جياڭسۇ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ ، شېنجېن قاتارلىق جايلاردا دۇككان ئېچىپ، بىر تەرەپتىن قەشقەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتماقچىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇچۇر توپلىماقچىمىز، ئۇندىن باشقا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئىچكىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ ھەرخىل ئۇچۇرلارنى توپلىماقچىمىز. ۋىلايىتىمىزدىمۇ ئۇچۇر تەھلىل قىلىش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشى كېرەك. ئوبوروت يوللىرى-نىمۇ ئەستايىدىل ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى مۇلازىمەت ئىشلىرىنى

ياخشى ئىشلىشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ۋە خەلق ئامىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تەمىنلەش ۋە سېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

5. ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى ئەستايىدىل يېتىشتۈرۈش، دادىل ئىشلىتىش كېرەك. ئىختىساسلىق خادىملار بايلىق، سۈرئەت ۋە ئۈنۈم دېمەكتۇر. مەھسۇلات جەھەتتىكى رىقابەت ئەمەلىيەتتە، ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تېخنىكا ئىختىساسلىق خادىملارغا تايىنىپ ئىجات قىلىنىدۇ ۋە تەتبىق قىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋىلايىتىمىزدە ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ سىرتقا ئۈزلۈكسىز كېتىپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. ياكى مۇۋاپىق ئىشلىتەلمىگەنلىكى ياكى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن بەزى يولداشلار كۆڭۈل ئازادە بولالماي قەشقەردىن يۆتكىلىپ كەتتى. بۇ جەھەتتە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمىز، ئىختىساسلىق خادىملارنى قەدىرلىشى، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىپ تۇرغان ئىختىساسلىق خادىملارغا ئىچى تارلىق قىلىدىغان، ئۇلارنى چەتكە قاقىدىغان، ھەتتا ئۇلارغا زەربە بېرىدىغان ناچار ئىللەتلەرگە قارشى باشلامچىلىق بىلەن كۈرەش قىلىش كېرەك. تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى ۋىلايىتىمىزدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ تەكتىنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ، مۇۋاپىق ئىشلىتەلمىگەنلىرىنى دەرھال تەڭشەش كېرەك. ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى ئىمكانقەدەر قاندۇرۇش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، ھەر خىل كەسپىي مەكتەپلەرنى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتىنى ياخشى باشقۇرۇش، خىزمەتتىكى ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى كادىرلارنى تەربىيەلەش ۋە سىناشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. تەربىيەلەش ئارقىلىق سىناق ئېلىنغاندىن كېيىن لاياقەتسىز بولغانلىرىنى يۆتكىۋېتىش ھەم ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش لازىم. قىسقىسى، ئىختىساسلىق خادىملارنى ئىشلىتىش ۋە يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەندە، ئىختىساسلىق خادىملار كەينى-كەينىدىن مەيدانغا چىققاندا، قەشقەرنى ئېچىشتىن ئۈمىت كۈتكىلى بولىدۇ.

6. چەتئەل مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىنى پائال كىرگۈزۈش كېرەك. ۋىلايىتىمىز شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويلىرىدىن خېلى يىراق، ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە پاكىستانغا ناھايىتى يېقىن. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە، نۆۋەتتە ئاساسلىقى جۇڭگو-پاكىستان، جۇڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سودىسىنى كېڭەيتىشىمىز لازىم. ھازىر بار بولغان سودا ئېغىزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئېھتىياجىمىزغا ئاساسەن، سودا سوممىسىنى كۆپەيتىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چەتئەللىك زاتلارنى، مۇھاجىرلارنى قەشقەرگە زىيارەتكە، تۇغقان يوقلاشقا، تەكشۈرۈشكە ۋە كەسپىي ئىشلار ھەققىدە سۆھبەتلىشىشكە كېلىشنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئېلىشىمىز لازىم. چەتئەللەردە ۋىلايىتىمىزنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق مۇھاجىرى بار. بىز ئۇلارنى يۇرتىغا ياردەم بېرىش، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىش، ھەمكارلىق ئىگىلىكىنى ۋە تولۇقلىما سودىنى يولغا قويۇشقا ھەرىكەتلەندۈرۈشىمىز لازىم، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىشنى پائال ياخشى يولغا قويۇپ، ئىچكىرىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار ئارقىلىق يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈشىمىز ۋە مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشىمىز لازىم.

# 〔1984-يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان〕

1984-يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئالدىنقى بىر نەچچە يىللىق خىزمەتلەر ئاساسىدا، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا داۋاملىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، ھەممە شەھەر موھىم نۇقتا قىلىنغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلدى. خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ تولۇق ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاندى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 978 مىليون 491 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىدىكى 894 مىليون 557 مىڭ 300 يۈەندىن 128 مىليون 933 مىڭ 900 يۈەن، يەنى 15.18% كۆپەيدى، 1978-يىلىدىكىدىن 173.88%، 1949-يىلىدىكىدىن 615.91% كۆپەيدى. ھەر قايسى سەپلەردە يېڭى تەرەققىياتلار بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىك سېپىدە، مەركەزنىڭ 1983-يىلى ۋە 1984-يىلىدىكى ئىككى 1-نومۇرلۇق ھۆججىتى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپلىقى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلىدى. تۆۋەن ھارارەت، قۇرغاقچىلىق، كېلىماتنىڭ نورمالسىز بولۇشىدەك تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىغان ئەھۋالدىمۇ مول ھوسۇل ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 743 مىليون 271 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىدىكى 624 مىليون 609 مىڭ 300 يۈەندىن 19% كۆپەيدى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليارت 660 مىليون 155 مىڭ جىڭغا يېتىپ ئالدىنقى يىلىدىكى 1 مىليارت 559 مىليون 457 مىڭ جىڭدىن 100 مىليون 698 مىڭ جىڭ، يەنى 6.45% ئاشتى؛ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 102 مىليون 639 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلىدىكى 77 مىليون 628 مىڭ جىڭدىن 25 مىليون 11 مىڭ جىڭ، يەنى 32.2% ئاشتى؛ ياغلىق دانىنىڭ كۆلىمى قىسقارتىلغانلىقتىن، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 47 مىليون 24 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 0.82% كېمەيگەن بولسىمۇ، لېكىن پاختا مەھسۇلاتىنىڭ زور مىقداردا ئېشىشى بىلەن ياغنىڭ كۆپىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. يىل ئاخىرىدىكى چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى 3 مىليون 984 مىڭ 400 تۇياق بولۇپ، ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 155 مىڭ 600 تۇياق كېمەيدى. بىر يىلدىن بۇيان ۋىلايىتىمىز بويىچە 143 مىڭ مو يەرگە كۆچەت تىكىپ، ئورمان بەرپا قىلىنىپ، ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 9.7% كۆپەيدى. يېزا-بازار كارخانىلىرىدا يېڭى تەرەققىياتلار بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمى 54 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىدىكى 51 مىليون 320 مىڭ يۈەندىن 5.98% كۆپەيدى. ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان مەھسۇلاتىدا ئاپتونوم رايوندىن بېكىتىپ بەرگەن 6-بەش يىللىق پىلان مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. ئۆتكەن يىللارغا سېلىشتۇرغاندا، يېزا ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە مۇنداق كۆزگە كۆرۈنەرلىك 4 ئالاھىدىلىك بولدى. بىرىنچى: بارغانسېرى كۆپلىگەن دېھقانلار ئۆزىنى تەمىنلەش ۋە يېرىم تەمىنلەشتىن ئىبارەت ئۇششاق دېھقانلار ئىگىلىكىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، تېرىقچىلىق كەسپىنى باشقا كەسپلەرگە تەرەققىي قىلدۇردى. ئىككىنچى: دېھقانلارنىڭ ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولۇپ، تېخىمۇ كۆپلىگەن مەبلەغنى ھەر خىل يېزا ئە-

گەلمەك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلدى. بۇلتۇر ۋىلايەت بويىچە دېخانلارغا پارچە سېتىپ بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمى سوممىسى 73 مىليون 59 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 33% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە سېتىپ بېرىلگەن خىمىيۋى ئوغۇت 194 مىڭ 21 ئۆلچەملىك تونىنا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 70.8% كۆپەيدى. ئۈچىنچى: ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئاڭلىقلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. ۋىلايەت بويىچە 1982-يىلى يالتىراق ئىشلىتىپ كېۋەز تېرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئۆتكەن يىلغا كەلگەندە كۆلىمى 270 مىڭ موغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 151 مىڭ جىڭغا يەتتى. مارالۋېشى، يوپۇرغا، مەكىت ناھىيىلىرىنىڭ ساپ پاختا مەھسۇلاتى 100 مىڭ جىڭدىن ئاشتى. تۆتىنچى: ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمى كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.02% كۆپەيدى. سېتىلغان مەھسۇلاتلار كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 42.72% كۆپەيدى. كۆپ خىل ئىگىلىك كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 35.96% كۆپەيدى. دېخان-چارۋىچىلارنىڭ ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىمى 213.57 يۈەن بولۇپ، ھەر نوپۇسنىڭ 40.73 يۈەندىن كۆپەيدى.

سانائەت سېپىدە، تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلدى. كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. سانائەتنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 235 مىليون 220 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، يىللىق پىلاندىكى 220 مىليون يۈەننىڭ 106.90% تىنى تەشكىل قىلدى. ئالدىنقى يىلدىكى 224 مىليون 948 مىڭ يۈەندىن 4.6% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 196 مىليون 134 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، يىللىق پىلاننىڭ 105.45% تىنى تەشكىل قىلدى. ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 2.19% كۆپەيدى. ئېغىر سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 39 مىليون 981 مىڭ 400 يۈەن ئورۇنلىنىپ، يىللىق پىلاننىڭ 114.95% تىنى تەشكىل قىلدى. ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.35% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوندىن تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بەرگەن 6-بەش يىللىق پىلاندىكى كۆمۈر، توك، سېمونت مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا خۇشاللىنارلىق 3 ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى: بىرىنچى، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش قەدىمى تېزلىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە تەرتىپكە سېلىشقا كىرگۈزۈلگەن كارخانا 314، بۇنىڭدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغىنى 213، لاياقەتلىك نىسبىتى 67.83% بولدى. ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى دادىل سىناق قىلىپ ئىشلەش، مەھسۇلات بويۇملىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە يېڭى بۆسۈش بولدى. ئۈچىنچى، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ياخشى يولغا قويۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈش جەھەتتە يېڭى قەدەم تاشلاندى. ئۆتكەن يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئىقتىسادىي تېخنىكا مەسىلىسى ئۈستىدە سىرتقى جايلار بىلەن 39 تۈرلۈك پىكىرنامە تۈزۈلدى، بۇنىڭدىن 16 تۈرى ئەمەلگە قويۇلماقتا، بۇ كارخانىلارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

ئاساسىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغدىن 19 مىليون 532 مىڭ يۈەن ئورۇنلاندى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان تۈر 101، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغىنى 62، قۇرۇلۇپ بولغىنى 47، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 132 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتۈش نىسبىتى 50% چامىسىغا يەتتى. 14 مىليون 60 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك بارلىققا كەلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش بىناكارلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. مەبلەغ سېلىپ ھۆددىگە ئېلىش، ھۆددىگە ئالغۇچىلارنى تاللاش ۋە توختام قىلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر ئايرودرومىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلغان قۇرۇلۇشىنىڭ بېتون بىلەن قاتۇرۇش قىسمى ھۆددە مۇددىتىدىن 7 كۈن بۇرۇن پۈتتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئىشخانا بىناسى قۇرۇلۇشىدا، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە شۇ يىلى قۇرۇلۇش قىلىپ، شۇ يىلى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇشتەك ئۈلگە يارىتىلىپ، قۇرۇلۇش مۇددىتى قىسقارتىلدى.

ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 47، ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 805 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلاننىڭ 68.7% تىنى ئىگىلىدى. ئەمەلىي ئورۇنلانغىنى 18 تۈر، قىسمەن ئورۇنلانغىنى 21 تۈر. پايدىدىن 175 مىڭ يۈەن كۆپىيىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى.

مالىيە، باج خىزمىتى جەھەتتە: پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ئىسلاھات ۋەزىپىسى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاندى. مالىيە، باج خىزمىتى كارخانىلارنى ئۆزگەرتىشكە يار-يۆلەك بولۇش، ماددىي ئەشيا ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى. مالىيە كىرىمى 35 مىليون 37 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، يىللىق ۋەزىپىدىكى 42 مىليون 142 مىڭ يۈەننىڭ 83.14% نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىللىق ئەمەلىيىتىدىكى 44 مىليون 13 مىڭ يۈەندىن 20.39% تۆۋەنلىدى. مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 196 مىليون 765 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، يەرلىكنىڭ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى خامچوتىدىكى 220 مىليون 179 مىڭ يۈەننىڭ 89.37% تىنى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىللىق ئەمەلىيىتىدىكى 104 مىليون 913 مىڭ يۈەندىن 19.31% كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە سېتىۋېلىنغان غەزىنە چېكى 3 مىليون 889 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك غەزىنە چېكى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 108.19% ئورۇنلاندى. مالىيە كىرىمىنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدىن كېمىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبى — كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ تۈرلۈك سىياسەت خاراكتېرلىك چىقىمى كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، سودا نازارىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، سودا سىستېمىسى بويىچە ئىسكىلاتلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 6 خىل پاختا رەختنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش ۋە يەرلىكتە ئىشلەنگەن پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈش بىلەن 14 مىليون 101 مىڭ يۈەن زىيان بولدى. بۇ ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ زاپاس مالىيە كۈچىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە ئېلىپ باردى. يۇقىرىقى سېلىشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغان ئامىلنى چىقىرىۋەتكەندە، ۋىلايىتىمىزنىڭ مالىيە كىرىمى 49 مىليون 131 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىدۇ. بۇ يىللىق ۋەزىپىسىنىڭ 116.6% نى ئىگىلەيدۇ. كىرىم قىلىش ۋەزىپىسىدىن 6 مىليـ

ون 996 مىڭ يۈەن ئېشىپ ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 11.64% كۆپەيدى. مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجمى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات ھەجمىدىن ئېشىپ كەتتى.

پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتە: بۇ يىل قارىتىلغان پۇل 139 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكى 96 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن 43 مىليون 200 مىڭ يۈەن، 44.9% كۆپەيدى. شەھەر ۋە يېزا پۇل ئامانىتىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سوممىسى 171 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى شۇ مەزگىلدىكىدىن 37 مىليون 780 مىڭ يۈەن، 28.3% ساپ پايدا كۆپەيدى.

سودا خىزمىتىدە، ئوبوروت ساھەسىدىكى ئىسلاھات خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. 1984-يىلى ئىچكى ساپ سېتىۋېلىنغان مالنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 420 مىليون 259 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 76 مىليون 249 مىڭ يۈەن، 22% ساپ كۆپەيدى. ئىچكى ساپ سېتىلغان مالنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 471 مىليون 259 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 48 مىليون 234 مىڭ يۈەن، 11.4% ساپ كۆپەيدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (جۈملىدىن دېھقانلارنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىلىرىغا پارچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 507 مىليون 415 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 57 مىليون 309 مىڭ يۈەن، 13 % ساپ كۆپەيدى. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە نېفىت، كۆمۈر قاتارلىق تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. بولۇپمۇ تېلېۋىزور، كىر ئالغۇ قاتارلىق ئوتتۇرا تىپتىكى ۋە ئەتىۋارلىق تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى تېخىمۇ تېز كۆپەيدى. شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا بازارلىرىدا گۈللەپ-ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. 1984-يىلى بازارلاردىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 223 مىليون 456 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 35.2% كۆپەيدى. بۇ، ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 44.04% تىنى تەشكىل قىلدى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار نىسبىتى تېز كۆتۈرۈلدى. 12-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە سېتىۋېلىنغان پاختا 956 مىڭ دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكى شۇ مەزگىلدىكىدىن 732 مىڭ 800 دەن، 34.55% كۆپەيدى. ئاشلىقتىن غەللە-پاراق ئېلىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىشتا: 237 مىليون 700 مىڭ جىڭ ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكى شۇ مەزگىلدىكىدىن 58 مىليون 160 مىڭ جىڭ، 32.4% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يازلىق ئاشلىقتىن ئېلىنغان غەللە-پاراق ۋە سېتىۋېلىنغىنى 202 مىليون 140 مىڭ جىڭ بولدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، 1984-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، لېكىن، ئىقتىسادىي خىزمەتتە يەنە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئاز بولمىغان مەسىلىلەر بار. چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. يىل ئاخىرىدىكى چارۋىنىڭ قوتاندىكى سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 155 مىڭ 600 تۇياق، 3.9% كېمەيدى. ۋىلايەت بويىچە گۆش بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەشتە يەنىلا قىيىنچىلىق بار. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاپتونوم رايوننىڭ 10.3%، مەملىكەتنىڭ 13% سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئالدىنقى يىلدىكى 13.3% سۈرئەتتىن 8.74 %

تۆۋەنلەپ كەتتى. 1984 ـ يىلدىن بۇرۇنقى 3 يىلنىڭ ئوتتۇرىچە 12.88% ئېشىش سۈرئىتىدىن 8.28 % تۆۋەن تۇردى. سانائەتتە ھازىر بار كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يوللىرى تار، ماسلىشىپچانلىق ئىقتىدارى ناھايىتى ناچار، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ سېلىشتۇرۇشقا مۇمكىن بولغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرقى ئاپتونوم رايوننىڭ 2% تۆۋەنلىتىش دەپ تەلەپ قىلغان سەۋىيىگە يەتمەيلا قالماستىن، بەلكى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6% كۆپەيدى.

سىياسەت خاراكتېرلىك چەكلىمىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن مالىيە كىرىمى كېمىيىپ، چىقىمى كۆپىيىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، ۋىلايەتنىڭ مالىيىسىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ، 1985 ـ يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. ئوبوروت ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنىڭ قەدىمى ئاستىراق بولدى. ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئەستايىدىل ئەمەللەشتۈرۈلمىدى. ئىستېمال بويۇملارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىشىگە لايىقلىشىشى ناچارراق بولدى. ۋىلايەت مالىيىسىدىن 14 مىليون 100 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىلىپ، بېسىلىپ قالغان زور مىقداردىكى تاۋارلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىشلىتىلگەن ئەھۋالدىمۇ ئىسكىلات قالدۇغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى يەنىلا 406 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكى شۇ مەزگىلدىكىدىن 13% كۆپەيدى. بەزى دېخانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئېشىشى بىلەن كېلىپ چىققان مەھسۇلاتلارنى سېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك، بىزلەرنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇندىن كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»ىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئاكتىپ، پۇختا ھالدا ئېلىپ بارىدىغان بولساق، يۇقىرىقى ھەر خىل قىيىنچىلىقلار ۋە مەسىلىلەرنى پەيدىن ـ پەي ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز. (يۇگويەن)

# پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لى دېڭجىيې

پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» دا مەملىكىتىمىزنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ۋە پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئەمەلىيىتى يەكۈنلىنىپ، بىزدىن شەھەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىش، قىممەت قانۇنىيىتى ئاڭلىق قوللىنىلغان پىلان تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ياخشى يارىتىش تەلەپ قىلىندى. بۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچى

لىنىڭ قىلىش ۋە پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىشنى توغرا نەزەرىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئۇزاقتىن بۇيان، بىز ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شەكلى جەھەتتە قانچە ئومۇمىي بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، دەپ بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەۋېرىپ، پىلانلىق ئىگىلىكنى تاۋار ئىگىلىكى بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويدۇق. پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويسا تاۋار ئىگىلىكىنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىدۇق، كۆپ ھاللاردا تاۋار ئىگىلىكى ۋە قىممەت قانۇنىيىتىنى كاپىتالىزم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويۇپ، ئۇزۇن يىللىق خىزمەت داۋامىدا ئۇنى تۈرلۈك چارىلارنى قوللىنىپ چەكلىدۇق ۋە يوقاتتۇق. خاتا ھالدا تاۋار ئىگىلىكى قانچە ئاز بولسا، سوتسىيالىزملىشىش دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قاراپ كەلدۇق. بۇنداق خاتا يېتەكچى ئىدىيە قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ بىر مەھەل ئاستا بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. ئاشلىق، ياغلىق دان، گۆش بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلىيەلمىدۇق، نۇرغۇن كىشىلەر كۈن بويى كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسىدىن غەم قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز "سول" ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىنى يىمىرىپ تاشلاپ، ئالدى بىلەن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ۋە خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، ئۇزاق ۋاقىت بىزنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1984-يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 743 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978-يىلدىكىنىڭ 180.34% گە باراۋەر بولدى، ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 10.3% بولدى؛ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليارت 660 مىليون جىڭغا يېتىپ، 1978-يىلدىكىنىڭ 134.96% گە باراۋەر بولدى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 5.1% بولدى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 26 مىڭ دەنگە يېتىپ، 1978-يىلدىكىنىڭ 313.8% گە باراۋەر بولدى، ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 21% بولدى؛ ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 470 مىڭ دەنگە يېتىپ، 1978-يىلدىكىنىڭ 172.2% گە باراۋەر بولدى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 9.4% بولدى؛ چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 3 مىليون 980 مىڭ تۇياق بولۇپ، 1978-يىلدىكىنىڭ 137% گە باراۋەر بولدى، ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 5.4% بولدى. 6 يىلدىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دىن بۇيانقى 17 يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. يېزا ئىسلاھاتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر ۋە تەرەققىي تاپقان يېزا ئىقتىسادىنىڭ شەھەرگە بولغان تەلىپى بىزنى شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىگە دۇچ كەلتۈردى. بىزنىڭ ئىگىلىكىمىز پىلانىي بولغان تاۋار ئىگىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، پىلان تۈزۈلمىسى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى ۋە يادروسى بولۇپ قالدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مۇقەررەر ھالدا پىلان تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يېتەكلەپ ماڭىدۇ، يەنى، پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

پىلان تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى، بىز گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ «پىلان تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە دائىر ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان بىرقانچە بەلگىلىمە» نى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاكتىپ، پۇختا ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئومۇمىي پىرىنسىپ شۇكى، پىلانلىق ئىگىلىكنى تووار ئىگىلىكى بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، پىلانلىق باشقۇرۇش داۋامىدا قىممەت قانۇنىيىتىگە ئاڭلىق ھالدا ئاساسلىنىش ۋە ئۇنى تەدبىقلاش، بىر تۇتاشلىق ۋە جانلىقلىق بىرلەشتۈرۈلگەن پىلان تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. «چوڭ تەرەپلەردىن چىڭ ۋە ياخشى باشقۇرۇش، ئۇششاق تەرەپلەردىن ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇش» روھىغا ئاساسەن، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى ۋە كۆپ خىل ئوبوروت يوللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلىشىش، پىلانلىق باشقۇرۇش بويىچە كۆپ خىل شەكىلنى يولغا قويۇش كېرەك؛ پىلانلىق باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، ماكرو ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ دائىرىسىنى قەدەم باسقۇچى بولغان ھالدا مۇۋاپىق كىچىكلىتىش، يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلاننىڭ دائىرىسىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باھا، باج، ئىناۋەتلىك قەرز قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭلار ۋە بازارنىڭ رولىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش، تووار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى تەڭشەش، دۆلەتنىڭ پىلانىدىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىلمىي يوسۇندىكى پىلانلىق ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى، پىلانلىق شتاتىنى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، سىناش ۋە مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى پەيدىن-پەي ئورنىتىش، پىلان سىستېمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مۇشۇ مۇھىم نۇقتىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا، پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىمىز ئومۇمەن قىلغاندا ساغلام تەرەققى قىلدى. لېكىن بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا، ئاساسلىقى: بەزى يولداشلار ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتىنى تېخى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلاھات جەريانىدا بەزى ئېغىشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. مېنىڭچە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىدىيە جەھەتتىن ئېنىق تونۇۋېلىشقا تېگىشلىك مۇنداق ئىككى مەسىلە تۇرماقتا:

بىرىنچى، پىلان تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مەقسىدى مەسىلىسى توغرىسىدا، بىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز سوتسىيالىزىم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۈستقۇرۇلمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا لايىقلاشمىغان ئۆزئارا باغلىنىشلىق بىر قاتار ھالقىلارنى ۋە يۈنۈلۈشلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ۋە دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچىنىڭ ئېشىشىغا زىيان يەتسە ھەرگىز بولمايدۇ. ئىلگىرى، بىز سىياسى-ئىدىيەۋى خىزمەتكە نوقۇل ھالدا تايىنىپ، ماددى جەھەتتىن مەنپەئەتلەندۈرۈش پىرىنسىپىغا سەل قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتتى. بۇ خاتالىق تۈزىتىلمەكتە. لېكىن، ماددى جەھەتتىن مەنپەئەتلەندۈرۈش پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرغان چاغدا، بەزى يولداشلار يەنە بىر قۇتۇپقا مېڭىپ كېتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا سەل قاراپ، ماددى جەھەتتىن مەنپەئەتلەندۈرۈشنى «پۇل ھەممىگە قادىر» دەپ بۇزمىلاپ، گويا

پۇللا بولسا كىشىلەرنىڭ ھەممە پائالىيىتىنى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. بەزى يولداشلار ھەتتا ماددىي جەھەتتىن مەنپەئەتلەندۈرۈشنىڭ رولىنى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپتۈرۈپ، ئۇنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىردىن- بىر ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ كۆككە كۆتەردى. بۇنداق قىلىشمۇ خاتا. بىزنىڭ يولداشلىرىمىز شۇنى بىلىشى كېرەككى، پۇل كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى بىردىن- بىر ۋاستە ئەمەس، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجى ۋە ھەۋىسى ئالدىدا، ئۇنىڭ رولى چەكلىك بولىدۇ، ئەگەر بۇ خىل خاھىش تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان بولسا، ئىسلاھاتنى قىڭغىر يولغا باشلاپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، بىزنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىمىزنى پارچىلايدۇ. شۇڭا، ئىسلاھات خىزمىتىدە ماددىي جەھەتتىن مەنپە-ئەتلەندۈرۈش پرىنسىپىنى توغرا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخستىن ئىبارەت 3 تە-رەپنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشقا قانداق قاراش مەسىلىسى. ئىچكى جەھەتتە ئىگى-لىكنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مەركىزىي كومىتېت تۈزۈپ چىققان، ئەمەلىيەت داۋامىدا توغرىلىقى ئىسپاتلانغان فاڭجېن. بىراق، بەزى يولداشلار «جانلاندۇرۇش» دېگەننى ھەر قانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىق دەپ چۈشەنمەكتە، ئۇلار ھوقۇقنى كېڭەيتىش ۋە بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا تەكىتلەپ، بىر تۇتاش پىلاننى تەكىتلەش، پىلانلىق باشقۇرۇشنى تەكىتلەش ئىگىلىكنى ئۆلۈك قىلىپ قويغانلىق بولىدۇ، دەپ تونۇپ قالماقتا. دۆلەتنىڭ پىلانىغا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم ماددىي ئەشيالارنى پىلان بويىچە يۆتكەشنى يولغا قويۇشنى، ئۇلار «ئۆلۈك» قىلىپ قويغانلىق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ماكرو ئىگىلىكنىڭ بەزى تەرەپلىرىدە زۆرۈر بولغان چىڭ باشقۇ-رۇش، دەل مىكرو ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، مىكرو ئىگىلىك بىر تۇتاش پىلاندىن چەتنىگەن ھامان، ئاڭسىز رەۋىشتە بازار ئىگىلىكىگە تېيىلىپ كېتىدۇ، شۇڭا، ماك-رو ئىگىلىكنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان مىكرو ئىگىلىك پائالىيەتلىرىنى تىزگىنلەش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەيدى-غان پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتە نىسبەت بويىچە ماس ھالدا راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى مەسىلىگە توغرا قاراش ۋە ئۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە، شۇنداقلا، پى-لان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ ئېھتىياجى.

پىلان تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش پىلان تۈزۈمى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىكى ناھايىتى زور بۇرۇلۇش، بىزنىڭ ئىدىيىمىز ۋە خىزمىتىمىز چوقۇم لايىقلىشىشى كېرەك. بىز ئىلگىرى تونۇش-لۇق بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر لايىقلىشالمايدۇ ياكى لايىقلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر مۇنچىلىغان يېڭى ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلاننى قانداق قىلغاندا ئۈنۈم-

لىك يولغا قويغىلى بولىدىغانلىقى، ئىقتىسادىي پىشاڭدىن قانداق پايدىلانغاندا ئاندىن ئىگىلىكنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تېخى تەجرىبىمىز يوق، شۇڭا بۇ جەھەتتە چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىز ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز، ئىسلاھات ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئىرىشىپ ئۆگىنىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. 1985- يىلى پارتىيە 12- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىپ، شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىدىغان تۇنجى يىل، بۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ يادروسى بولغان پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك. ۋىلايىتىمىزدىكى ئىقتىسادىي، پىلان نەزەرىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىزدىنىشكە ماھىر بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ئاۋانگارتلىرى ۋە ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرىدىن بولۇپ، قەشقەرنى ئېچىش، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

# يېزىلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، توۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشىشى

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لى دېخۇڭ

نۆۋەتتە، ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزىلىرى ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان يېزا ئىگىلىكىدىن توۋار يېزا ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇش، كىيىنىش، تويۇنۇشتىن ھاللىقلىق تارىخىغا بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرماقتا. يېزىلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش، توۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىككىنچى قەدەمدىكى ئىسلاھات يېتىپ كەلدى. يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشكە لايىقلىشىپ، ئۆزگىرىش داۋامىدىكى قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا يېڭى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش — ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىشنىڭ ئاچقۇچى.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەڭشەلگەنلىكى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، تۈرلۈك كورسەتكۈچلەر يىلمۇ-يىل يېڭىلىنىپ، يېزا ۋەزىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ۋىلايىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچى تولۇق نامايان قىلىندى. 1984- يىلى 1978- يىلغا سېلىشتۇرۇلغاندا، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 743 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 81.7% كۆپەيدى؛ ئاشلىق مەھسۇلاتى 420 مىليون جىڭ ساپ ئېشىپ، 34.9% كۆپەيدى؛ پاختا 690 مىڭ دەن ساپ ئېشىپ، بىر يېرىم قاتلاندى؛ ياغلىق دان 19 مىليون جىڭ ساپ ئېشىپ، 72% كۆپەيدى؛ چارۋا 1 مىليون 30 مىڭ تۇياق، 37.2% كۆپەيدى؛ دېھقانلارنىڭ ھەر نوپۇسىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 213.57

بۇنىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرغىنىدىن ۋە ھۆددىگەرلىكتىن باشقۇرغىنىدىن ئالغان كىرىمى 163.80 يۈەن بولۇپ، 140% كۆپەيدى؛ ۋىلايەت بويىچە ھازىر 2 مىليون 800 مىڭ مو ھەر خىل ئورمان يېرى بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1.7% بولۇپ، 1978-يىلدىكىدىن 70% كۆپەيدى. بولۇپمۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا، يېقىنقى 20 يىل مابەينىدىكى قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقنى يېيىشتەك پاسسىپ ۋەزىيەت بۇرۇۋېلىنىپ، ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەپ، ئېشىنچ بولۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ھازىر ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىدا ھەر خىل كەسپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلە جەمئىي 22910 بولۇپ، يېزىلاردىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 4.9% ىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، ترانسپورت، سودا، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمىتى قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار كەسپىي ئائىلە ئومۇمىي سانىنىڭ 61.8% ىنى ئىگىلىدى. بۇ كەسپىي ئائىلىلەر تووار ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكىگە ۋە جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەڭشەپ، يېزىلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىشنى ئەمەلىي تەجرىبىلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» ۋە مەركەزنىڭ (1985) 1-نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى ئىسلاھاتى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. شەھەر ئىسلاھاتى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچ بىلەن، يېزىلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى، پەن-تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم، ئۇچۇر قاتارلىقلارنىڭ يېزىلاردا زور كۆلەمدە كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ، سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى، خىلى تېخىمۇ كۆپ بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشنى تەلەپ قىلدى. شەھەر بىلەن يېزىلار ھەمكارلىشىدىغان، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان، كونىسىدىن ئاۋاتلىشىدىغان يېڭى ۋەزىيەت جەزمەن بارلىققا كەلگۈسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەڭشەش بەكمۇ زۆرۈر.

بۇ قېتىمقى يېزىلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۆۋەن سەۋىيىلىك ئىستىمالىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىچكى قىسمىدا بويۇملار ياكى تارماقلار ئارا نوقۇل ھالدىكى سان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەڭشەشكە ئوخشىمايدۇ، بەلكى يېزىلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتىپ، يېزىلاردا يېڭىدىن ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىگىلىكلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىمكان قەدەر تېز ھالدا پىلانلىق تووار ئىگىلىكى يولىغا سېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى پىرىنسىپلارغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىز تەڭشەشتە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك:

بىرىنچى، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش لازىم. يېزىلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق، كۆپخىل ئىگىلىكنى پائال قانات يايدۇرۇش»، يەنى ئاشلىق كۆلىمىنى تۇراقلاشتۇرۇش، كېۋەز كۆلىمىنى ئازايتىش، باغ، باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ۋە يەم - خەشەك زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، «كاپالەتلىك قىلىش، تەڭشەش، ئايلاندۇرۇش»، «50%، 20%، 30%» ۋە «4 خىل تىپ» تىن ئىبارەت، يەنى: دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، خىللىرىنى كۆپەيتىش، بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم ھالدا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى، بولۇپمۇ ئاشلىق بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ۋە سورتلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش؛ خام ئەشيا مەھسۇلاتىنى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتقا، يىرىك ئىش قوشۇشنى ئىنچىكە ئىش قوشۇشقا ئايلاندۇرۇش؛ بولۇپمۇ ئاشلىقنى چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا ۋە يېمەكلىكلەرگە ئايلاندۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. 50% يەرگە ئاشلىق تېرىش، 20% يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىش، 30% يەرنى باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، بەدە تېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ، بىر مىليون مو باغ ئەمەليا قىلىش، 100 مىڭ مو يەرگە ئۈزۈم تىكىش، كۆك ئوغۇت قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت، سودا، ترانسپورت، بىناكارلىق، مۇلازىمەتچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشتا، تەبىئەت، جۇغراپىيىۋى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرى ۋە ئىقتىسادىي سەۋىيىگە قاراپ، 4 خىل تىپقا ئايرىش، ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى جايلاردا، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە موھىم نۇقتىسى بولۇشقا يول قويۇلىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق كۆلىمى ئاساسى جەھەتتىن 5 مىليون مودا تۇراقلاشتۇرۇلىدۇ، بىرلىك مەھسۇلاتقا ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، مەملىكەت بويىچە ھەر نوپۇسقا 800 جىڭدىن ئاشلىق توغرا كەلتۈرۈش سەۋىيىسىگە 1 - 2 يىلدا يېتىش ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا تېرىش كۆلىمى ئىچىدىكى ھازىرقى 1 مىليون 170 مىڭ مو يەر تەدرىجىي ھالدا 800 مىڭ موغا قىسقارتىلىدۇ. پەرۋىشنى كۈچەيتىش، سورتنى ياخشىلاش، بىرلىك مەھسۇلاتقا ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى يەنىلا 1 مىليون دەن ئەتراپىدا ساقلاپ قېلىش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئازايتىلغاندىن كېيىنكى بۇ يەرلەرگە ئاساسلىقى قوغۇن-تاۋۇز تېرىلىدۇ، كىشمىش، ئۈرۈك، ياڭاق، قارا ئۈرۈك، بادام، ئانار، قوغان گىلاس، پىستە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلىدۇ، بەدە، كۆك ئوغۇت قاتارلىقلار تېرىلىدۇ، بەدە كۆلىمىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 10% چېمىسىنى ئىگەللىشى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئىككىنچى، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى يېزىلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى بۆسۈش ئېغىزى قىلىش لازىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى: ئوشۇق ئاشلىقنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تۈپ چىقىش يولى چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشلىقنى شۇ جايدا گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، سۈت، بېلىق قاتارلىقلارغا ئايلاندۇرۇشتا، چارۋىچىلىق

نى راۋاجلاندۇرۇش — ئەڭ ئىدىيال، ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئاشلىق سەرپىياتى ئەڭ كۆپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى خېلى يۇقىرى بولىدىغان چارە. بىرىنچىدىن، چارۋىلارنىڭ ئەلا نەسلىنى كىرگۈزۈش، نەمۇنە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش ۋە نەسلىدىكى چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمەتلىرىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. ئوت-چۆپ يەيدىغان كالا، قوي قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى داۋاملىق ئاۋۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوشقا، توخۇ، ئۆدەك، توشقان، بۇلغۇنلارنى ئاۋۇتۇش، يۇڭ ۋە تېرىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان ھايۋانلارنى بېقىش ئىشلىرىنى كېڭەيتىش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا بېقىش بويىچە ئىلغار تېخنىكىلارنى كېڭەيتىپ، تۇغۇش يېشىدىكى چىشى چارۋىلارنىڭ نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پاقلانلارنى شۇ يىلى سەمرىتىپ سويۇشنى كېڭەيتىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ئۈچىنچىدىن، يەم-خەشەك سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. تۆتىنچىدىن، چارۋا مال دوختۇرلۇقى، ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش سېستىمىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنى پائال تۈردە تىزگىنلەپ، يوقىتىپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئۇنىۋېرسال ھالدا ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشنى يولغا قويۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىنىڭ ئىگىلىكىدە چوڭراق تەرەققىياتقا ئىگە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە كاپالەتلەندۈرۈپ، باقمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ نىسبىتىنى ھازىرقى 3.8% تىن مۇندىن كېيىنكى 4～5 يىلدا 10% گە يەتكۈزۈش لازىم.

ئۈچىنچى، دېھقانلارنى دادىل ھالدا يېزا-بازار سانائىتى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. يېزا-بازار سانائىتىنىڭ مەدىتىگە ئېرىشمىگەن كۆپچىلىك ئىگىلىك زور كۆلەملىك تاۋار ئىگىلىكىگە ئايلىنالمايدۇ؛ يېزا-بازار سانائىتى ئۆز مەۋقەسىنى يېرىك يېزا ئىگىلىكى ئاساسىغا قويمىسا ھاياتى كۈچى كەمچىل بولىدۇ. يېزا-بازار سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، بازار ئېھتىياجىنى تولۇق كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، نېمىنى قۇرۇش مۇۋاپىق بولسا شۇنى قۇرۇش كېرەك. قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئېيتقاندا، يەم-خەشەك سانائىتى، يېمەكلىكلەر سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، قاتناش-تىرانسپورت، تاۋار مۇلازىمەتچىلىكى ئىشلىرىنى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا چوڭقۇر ئىش قوشۇش، تۈجۈپىلەپ ئىش قوشۇشنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇپ، قىممىتىنى قايتا-قايتا ئاشۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈت، گۆش، يۇڭ، تېرە، كېيىم-كېچەك، ھۆل، قۇرۇق مېۋە، ئوتياشلارغا ئىش قوشۇش ۋە ئۇلارنى ساقلاش قاتارلىقلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بازار ۋە ئۇچۇرنى يېتەكچى قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە كىرىمنى كۆپەيتىشنى مەقسەت قىلىپ، يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ مەبلەغ توپلاپ ئۆزى قۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)لەر يېزا (بازار) لار، كەنتلەر، ئائىلىلەردىن ئىبارەت بەش چاقنى تەڭ ئايلاندۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا-بازار سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

يېزىلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يېزىلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى تېزلىتىش يالغۇزلا يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئىشى بولماستىن، بەلكى بارلىق ئىق-

تىسادىي تارماقلارنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى. پۈتۈن جەمئىيەت ۋە ھەر قايسى كەسپ- تارماقلار مۇلازىملىق نۇقتىسىنى نوقۇل ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىدىن يېزىلاردا تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇملۇقتا قارىتىشى لازىم، يېزىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرى كادىرلار ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىزدىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا، كونا نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، نۇقتىنەزەر، تۈزۈلمە، سىياسەت، ئىستىل جەھەتلەردە يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشالمايدىغان كونا رامكىلارنى ئۆزگەرتىشكە، ئىسلاھاتقا توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە كوڭۇل قويۇپ يېتەكچىلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. تەشكىلىي تەدبىر جەھەتتە، كەسپىنى بىلىدىغان، قاۋۇل، يول ئېچىش روھىغا ۋە كەسپچانلىققا ئىگە كادىرلارنى قەتئىي نىيەتتە كېلىپ سەپلەپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى پرىنسىپى بويىچە، يېزىلارنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئاساسىدا، يېڭى تېخنىكىلارنى سىڭدۈرۈپ، يېڭى باشقۇرۇش شەكىللىرىنى قوللىنىدىغانلا بولساق، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكى چوقۇم زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئىگىلىكىدە مۇقەررەر ھالدا تارىخىي خاراكتېرلىق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

## ئومۇمىي بايان

**[ يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى ۋە نەتىجىسىنىڭ تەدبىق قىلىنىشى ]** يېزا ئىگىلىك بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش، زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى موھىم تەدبىر. 1981- يىلى باھاردا ۋىلايىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، يولداش گوگاڭ مۇدىرلىققا تەيىنلەندى، كومىتېت قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ناھىيە (شەھەر) لەردىمۇ مۇناسىپ تەشكىلاتلارنى قۇردى.

ئورگان قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىشنى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ ئىشلەش قارار قىلىندى. بىرىنچى تۈركۈم: يەكەن، مەكىت، پوسكام ۋە يېڭىساردىن ئىبارەت 4 ناھىيە، ئىككىنچى تۈركۈم: كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى، يوپۇرغا ۋە قاغىلىقتىن ئىبارەت 5 ناھىيە، بىر شەھەر. ئۈچىنچى تۈركۈم: پەيزىۋات، تاشقورغاندىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە. ھەر بىر ناھىيىنىڭ بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنى رايون-



ۋىلايەتتىكى يېزا ئىگىلىكىنى رايونغا ئايرىش خىزمەتچىلىرى خىزمەت قىلماقتا.
يەن يۈگۈي فوتوسى

غا ئايرىشنى ئاساسى جەھەتتىن ئورۇنلاپ بولۇش بەلگىلەندى.

بىرىنچى تۈركۈمدىكى 4 ناھىيە 1981-يىلى 3-ئايدا باشلاپ 1982-يىلى 6-ئايدا ئورۇنلاپ بولدى. ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر 1982-يىلى 4-ئايدا باشلاپ 7-ئايدا ئورۇنلاپ بولدى. ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى 2 ناھىيە ئورگانلارنى تەڭشەش بىلەن ئادەملەردە ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن 1984-يىلى باشلىغان ئىدى. ھازىرغىچە ئاخىرلاشتۇرمىدى. ناھىيىلەر يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋىلايەتلىك رايونلارغا ئايرىش كومىتېتى ۋە رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى يولداشلارنى ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرنى يېزىپ چىقىشقا تەشكىللىدى. خىزمەتتە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇنۇلار بار:

1. چۇجەنشۇ، جياڭ يۈگېجۇڭ يولداشلار يازغان «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى بويىچە كۈيخۇا تەسەۋۋۇرى» (لايىھە)؛

2. يولداش لىيۈي يازغان «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تېرىقچىلىق تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى»؛

3. يولداش ليۈبىڭ يازغان «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئورمانچىلىق تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى»؛

4. گوجېسۇڭ، ساۋيۈكۈن يولداشلار يازغان «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى»؛

5. يولداش جياڭ يۈگېجۇڭ يازغان «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش»؛

6. ۋۇجاخىڭ، فاڭ گوجۇڭ يولداشلار يازغان «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ رايونلىرى توغرىسىدا دوكلات»؛

7. يولداش ياڭ خۇيگېن يازغان «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك كىلىماتى، بايلىق مەنبەسى ۋە سۇ ئىشلىرى»؛

8. ۋۇجۇنرۇي، چيۇيۈيمۇ يولداشلار يازغان «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى رايونلارغا ئايرىش توغرىسىدىكى دوكلات».

رايونلارغا ئايرىش توغرىسىدىكى دوكلاتلار گەرچە دەسلەپكى قەدەمدىكىسى بولسىمۇ، ئەمما مۇندىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىكىنى كۆيخۇالاشقا يېتەكچىلىك قىلىش، كۆز ئالدىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا مەلۇم رول ئوينايدۇ.

بىرىنچى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار رايونلارغا ئايرىش نەتىجىسىنى ئىشلىتىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەلۇم ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. رايونلارغا ئايرىش نەتىجىسىنىڭ تەدبىق قىلىنىشى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتە كۆرۈلىدۇ:

يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ۋە زىرائەتلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەش، رايونلارغا ئايرىش ئارقىلىق تارىختىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تەجرىبىلەر ۋە مەغلۇپ بولغان

ساۋاقلار يەكۈنلەندى. ئاساسلىق بىر تەجرىبە: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۇقىرى كۆتىرىمىز دەيدىكەنمىز، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق قاتارلىق 5 كەسىپتىن تەركىپ تاپقان چوڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش، بۇرۇنقىدەك تېرىقچىلىق كەسپىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا كەسپلەرگە سەل قارايدىغان خاھىشلار تۈگىتىلىشى لازىم. كونىشەھەر ناھىيىسى بايلىق مەنبەنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق مېۋىلىك دەرەخ بۇ ناھىيىنىڭ ئۈستۈنلىكى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تېرىقچىلىق كەسپىنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ، مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمىنى تەدرىجى كېڭەيتىشنى قارار قىلىپ، 1990 - يىلغىچە بارغاندا ھەر تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمىنى ھازىرقى 20 مىڭ مودىن كېڭەيتىپ 100 مىڭ موغا يەتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىستىراتېگىيىلىك تەڭشەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھىيە بويىچە ئۈچ مېۋىلىك دەرەخ بازىسىنى قۇردى. يەنى، بەشكېرەم ئومۇملاشقان باغۋەنچىلىك بازىسى، تاشمىلىق ئۆرۈك - گۈلە بازىسى ۋە سايباغ ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. قۇرۇق يېمىشلىكنىڭ ئۈستۈنلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆرۈككە باي بولغان جاي يېڭىسار ناھىيىسى ئەگىسىنى، قاغىلىق ناھىيىسى ئۈششاق باشنى گۈلە بازىسى قىلىش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى.

يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئوتلاقلارنى ياخشىلاش، چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، چارۋىنىڭ قوتاندىن چىقىش نىسبىتىنى ۋە تاۋار نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ۋىلايىتىمىزنىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى. تاشقورغاننىڭ چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى ۋىلايىتىمىزدىكى ئىككى ئەلا نەسىللىك چارۋا ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، بۇ ئىككى ناھىيە ئەلا نەسىللىك چارۋا بېقىش بازىسى قىلىنىپ، قۇرۇلۇش باشلىۋېتىلدى.

زور كۈچ بىلەن كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش.

تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق تېپىپ چىقىلغان ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى — تەبىئىي مۇھىتنى ئاسراشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى ۋە تەبىئىي ئورمانلارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنغانلىقىدا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، يېمىنچە كۈنسېرى ئازلاپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتتى. مارالبېشى ناھىيىسى بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تەبىئىي ئورمانلارنى پائال ئاسراپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، زور كۈچ بىلەن سۈنئىي ئورمانلارنى بىنا قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ياخشى رول ئوينىدى. ئۇندىن قالسا يەكەن، پوسكام، يېڭىسار، كونىشەھەر ناھىيىلىرى كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

چوڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدە ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق كەسپىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى. رايونلارغا ئايرىش ئارقىلىق شۇ نۇقتا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىندىكى، ۋىلايىتىمىزنىڭ كەڭ ئېتىزلار بويىچە تېرىلىدىغان زىرائەتلەر ئىچىدە، بۇغداينىڭ ئۈستۈنلىكى ئا-

ساسلىقى ھەر قايسى دەريالارنىڭ ئېقىنىپ لاي تاشلانغان يەرلىرىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا جايلاشقان. پاختىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئاساسلىقى، يەكەندەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى لاي تاشلانغان تۈزلەڭلىك ۋە تۆۋەن ئېقىمىدىكى لاي تاشلانغان تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. شالىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ھەر قايسى دەريالارنىڭ لاي تاشلانغان ئېقىنىنىڭ باشلىرىدا ۋە يەر ئاستى سۈلىرى چىقىپ تۇرىدىغان يەرلەرگە جايلاشقان. چاغدا قوناقنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئېگىز ئورنى قوناقنىڭكىگە يەتمەيدۇ. ناھىيە ( شەھەر ) لەر زىرائەتلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە ئاساسەن، زىرائەتلەرنىڭ جايلىشىشىنى تەڭشەپ، تېزدىنلا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. پوسكام ناھىيىسى شال بىلەن چاغدا قوناقنىڭ كۆلىمىنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان سەرمايىنى كۆپەيتتى. نەتىجىدە بۇغداينىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى رايونغا ئايرىشتىن بۇرۇنقى (1980 ـ يىلى) دىكى 27 مىليون 890 مىڭ جىڭدىن ئېشىپ ( 1984 ـ يىلى ) 77 مىليون 20 مىڭ جىڭغا يەتتى. بۇ جايلارنىڭ بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۈستۈنلۈكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، 4 يىل ئىچىدە بۇغداي مەھسۇلاتى 2.8 ھەسسە قاتلىنىپ ۋىلايىتىمىزنىڭ يېرىم ئاشلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. يوپۇرغا، مەكىت ۋە مارالبېشى ناھىيىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى بىر قەدەر يۇقىرى، تۇپرىقى يۇمشاق، مايسا ساقلاپ قېلىش ئوڭاي بولۇپ، پاختا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باپ كېلىدۇ. 3 ناھىيە رايونلارغا ئايرىلغاندىن كېيىن چاغدا قوناق تېرىش كۆلىمىنى قىسقارتىپ، كېۋەز كۆلىمىنى كېڭەيتتى. ئۈستىگە يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىغاندا سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى ئىشلىتىش قاتارلىق تەدبىرلىرى ئارقىلىق 3 ناھىيىنىڭ كېۋەز تېرىش ئۈستۈنلۈكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

رايونلارغا ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، بىرلىك مەھسۇلاتى ئاران 50 ـ 60 جىڭ ئىدى. 1984 ـ يىلى 100 جىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىلىپ ( يوپۇرغىنىڭ 128 جىڭ، مارالبېشىنىڭ 123 جىڭ، مەكىتنىڭ 101.6 جىڭ بولۇپ ) تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى.

رايونلارغا ئايرىش خىزمىتى ئارقىلىق قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ساقلانغان موھىم مەسىلىنىڭ تۇپراقنىڭ ناچار، زەيلىشىش ئېغىر، يەر قۇۋۋەتسىز بولۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى يەنىمۇ ئېنىق تونۇۋېلىندى. بۇ مەسىلىنى ئىمكان قەدەر تېز ھەل قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلەر ئۆز ئورنىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆز مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن كۆپخىل ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

رايونلارغا ئايرىش نەتىجىسىنى تەدبىق قىلىش جەھەتتە يۇقىرىدىكى 3 تەرەپتىن باشقا، ناھىيىلەر ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش داۋامىدا، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ۋە 3 ـ ئىگىلىكنىمۇ تۈزىتتى. ( جياڭ يۈچۈڭ )

**[مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە 1979 ـ يىلى ھەر خىل شەكىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرمەسلىكتىن مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈشكە ئۆتۈش، مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىغا، ئەمگەك كۈچىگە، ئائىلىگە

بىرلەشتۈرۈش جەريانى باشتىن كۆچۈرۈلدى. 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 11754 ئاساسىي ھېساۋات بىرلىكىدىن ھەر خىل شەكىلدىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغىنى 11742 بولۇپ، 99.9% نى تەشكىل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغىنى 11678 بولۇپ، 99.35% نى تەشكىل قىلدى؛ ئىش نورمىسى بېكىتىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغىنى 12 بولۇپ، 0.1% نى تەشكىل قىلدى. 1984 ـ يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى بارلىق ئاساسىي ھېساۋات بىرلىكلىرىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىغا بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويغىنى 2 (قەشقەر شەھىرىدىكى ئوتياشچىلىق كەسپى ئەترىتى)، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىش يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئائىلە ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش مۇھىم قاتلام قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق ئىگىلىكى تەشكىلى ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي شەكىلگە ئايلاندى.

مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى پەيدىن-پەي تولۇقلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئەمەلدە راۋاجلاندى. راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى: مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش تۈزۈمى تېرىقچىلىق كەسپىدىن ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ترانسپورت، سانائەت، قوشۇمچە كەسپ ۋە باشقا كەسىپلەرگىچە كېڭەيدى؛ تېرىلغۇ يەرلەرنى ھۆددە بېرىشتىن بىنام، دەريا ساھىلى، شورلۇق يەرلەرنى ئېچىشنى ھۆددە بېرىشكە تەرەققىي قىلدى؛ مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئاساسىدا، بىر تۈركۈم كەسپىي ئائىلىلەر ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەر مەيدانغا كەلدى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلاندى.

ئىككى يىلدىن بىرى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى جكپ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1983 ـ يىلدىكى «نۆۋەتتىكى يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە» بىلەن «1984 ـ يىللىق يېزا خىزمىتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، يەنى مەركەزنىڭ ئىككى 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى دەۋرى قىلىپ تۇرغۇزۇلغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1. يەرنى ھۆددە قىلىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. يەرنىڭ ھۆددە قىلىنىش مۇددىتى 1984 ـ يىلدىن ئېتىبارەن 15 يىلدىن كۆپرەك ئۇزارتىلدى. ھازىر ھۆددە بېرىلگەن يەرلەر ياخشى ـ ناچارلىقى، يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ ھۆددە ئالغان يېرى بىر قەدەر تارقاق، پوسكام ناھىيىسىنىڭ پوسكام يېزىسى ئۆتەڭ كەنتىدە تەكشۈرۈلگەن 62 دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، جەمئىي 891 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 611 پارچىغا ئايرىلغان، ئەڭ چوڭ پارچىسى 5 مو، ئەڭ كىچىكى 0.2 بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئائىلىگە 9.9 پارچىدىن توغرا كەلگەن، ئەڭ كۆپ بولغانلىرىدا بىر ئائىلىگە 21 پارچە كەلگەن. بەزى ناھىيىلەر "چوڭ جەمەتتىن تۇراقلاشتۇرۇش، كىچىك جەمەتتىن تەڭشەش" پرىنسىپى بويىچە، ھەددىدىن زىيادە تار-

قاق بولۇپ كەتكەن، تېرىشقا قۇلايسىز بولغان پارچە يەرلەرنى تەڭشىدى. يەرلەر تەكشىلەنگەندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلىرى گۇرۇپپىسى ياكى كەنت دەرىجىلىك ھەمكارلىق ئىگىلىك تەشكىلى تەرىپىدىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىر تۇتاش باستۇرغان «يەرنى ھوددىگە ئېلىپ ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن يەرنى ھوددە بېرىش، ھۆددە ئېلىش مۇناسىۋىتى تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلار ئۆزگىرىپ قېلىشتىن ئەنسىرەش روھىي ھالىتىنى تۈگۈتۈش، ئۇزاق مۇددەتكىچە باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى، يەرنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. يەر ھوددىگە بېرىلگەن مۇددەت ئىچىدە، يەرنى ھوددە ئالغان ئائىلە باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ياكى يەرنى تېرىش ئىختىدارىدىن قالغان بولسا، تېرىلغۇ يەرنى كوللېكتىپنىڭ باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدۇ، باشقا كىشىگە ھۆددە بېرىشكىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەرلەر پەيدىن-پەي دېھقانچىلىق ماھىرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. يەرنى باشقا كىشىگە ھوددە بېرىش شەرتىنى ھۆددە ئالغۇچى بىلەن بەرگۈچى كېلىشىدۇ، ھەمدە ھوددە ئالغۇچى ھۆددە بەرگۈچىنىڭ يەرگە سەرپ قىلغان سەرمايىسى ئۈچۈن مۇۋاپىق ھەق قايتۇرۇشنى بېكىتىدۇ.

2. «بىر تۇتاش باشقۇرۇش» بىلەن «تارقاق باشقۇرۇش» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەم كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلدى ھەم دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىندى. كەنت دەرىجىلىك ھەمكارلىق ئىگىلىك تەشكىللىرى يەرنى ياخشى باشقۇرۇش، «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش تەشكىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىكىنى ياخشى يولغا قويۇپ، دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزدى. ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش جەھەتتە، ئاساسلىقى يەرنى ھۆددە ئالغۇچى ئائىلىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەتتى، بىر تۇتاش پىلانلاش، تىراكتور بىلەن بىر تۇتاش يەر ھەيدەش ۋە تېرىش، بىر تۇتاش سۇغۇرۇش، زىرائەتلەرنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقى بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش، سالا ئېتىزى بويىچە بىر تۇتاش تېرىش، كېسەل-ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تېزگىنلەشنى بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە يار-يۆلەكتە بولۇش، «5 تە كاپالەتلەنگۈچى ئائىلىلەر»نى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدى.

3. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، دېھقانلارغا كۆپرەك ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزدى. ناھىيىلەر كوللېكتىپتىن تۇتۇپ قالىدىغان خىراجەت تۈرى ۋە سانىنى بەلگىلىدى. جامائەت فوندى، پاراۋانلىق فوندى، ئېتىز-ئېرىق سۇ قۇرۇلۇش ھەققى، باشقۇرۇش راسخوتى ۋە دۆلەت بېجى قاتارلىق بىر نەچچە تۈرلۈك سېلىقنى ئادەتتە تەقسىملەشكە مۇمكىن بولغان ساپ كىرىمنىڭ 10% چامىسىدا تېزگىنلىدى. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئىخچاملاپ، كادىرلارغا مۇۋاپىق ھالدا قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى يولغا قويدى، كادىرلارغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم دېھقانلارغا تەقسىم بولغان تاپاۋەت قىسمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1983 - يىلى 3% بولدى، 1984 - يىلى 2.4% كە چۈشتى، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشقا

ۋە دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان ئەمگەك تېزگىنلىنىپ، ئادەتتە ھەر بىر ئەمگەك كۈچى يىلىغا 30 — 50 ئىش كۈنىنى ئۆستىگە ئالدى.

4. ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ مالىيە خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتەردى. مالىيە ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىپ، مالىيە باشقۇرۇش ۋە بوغالتىرلىق بويىچە يېڭى تۈزۈملەرنى ئورناتتى. كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىدىن بىر قىسمىنى ئائىلىلەر بويىچە باشقۇرۇشقا ھۆددىگە بەردى، بىر قىسمىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە سېتىپ بەردى. 1982 - يىلى كوللېكتىپنىڭ چوڭ چارۋىلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە سېتىپ بەردى. سېتىپ بەرگەن چوڭ چارۋا جەمئىي 166 مىڭ تۇياق، سۇندۇرغان باھاسى 44 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولدى. 1984 - يىل 12 - ئايدا كوللېكتىپنىڭ ئۇششاق چارۋىلىرىنىمۇ باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە سېتىپ بەردى.

5. كەسپىي ئائىلە ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پائال يار-يۆلەكتە بولدى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزا ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ قاتماللىق شەكلى ئۆزگەرتىلىپ، تولۇپ - تاشقان جانلىقلىققا ۋە ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى.

(1) دېھقانلار پائال تۈردە يەرگە مەبلەغ سېلىپ، تۇجۇپىلەپ ئىشلەپ، ئوغۇتنى كۆپ قويۇپ، تۇپراقنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، سۈپەتلىك ئۇرۇقنى ئىشلىتىپ، ماشىنىلار بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ، ھەر خىل يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تۇجۇپىلەپ باشقۇرۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلىدى. 1984 - يىلى دېھقان ئائىلىلىرى 127 مىليون 210 مىڭ يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېردىكى مۇقىم مۈلۈككە ئىگە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق كىرىمدىن 17 مىليون 144 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك سېتىۋالدى ۋە ياساپ چىقتى.

(2) يېزا ئىقتىسادى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1970 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) 1978 - يىلى 1958 - يىلدىكىدىن ئاران 14.3% كۆپەيگەن، 20 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 0.7%دىن كۆپەيگەن ئىدى. ھالبۇكى، 1984 - يىلى 1978 - يىلدىكىدىن 81.7%، 6 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 10.5%دىن كۆپەيدى. يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىدىن تەقسىم بولغان ئومۇمىي دارامەت 1978 - يىلى 1958 - يىلدىكىدىن 67.7%، 20 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 2.6%دىن كۆپەيگەن ئىدى، ھالبۇكى، 1984 - يىلى تەقسىم بولغان ئومۇمىي دارامەت ئىچىدىكى كوللېكتىپتىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلغان ۋە ھۆددىگەرلىك بىلەن باشقۇرۇلغان قىسمى 1978 - يىلدىكى كوللېكتىپ دارامەتتىن 103.8% كۆپىيىپ، 6 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 12.6% كۆپەيدى.

(3) يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھەر بىر يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچىنىڭ ياراتقان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى (1970 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) 1958 - يىلى 252.30 يۈەن، 1978 - يىلى 318

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1983 ـ، 1984 ـ يىللىقچە يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىك تەقسىماتىدا ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىم

بىرلىكى: يۈەن

| ناھىيە (شەھەر) | ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىم | | | كوللېكتىپتىن بىر تۇتاش باشقۇرغان ۋە مۇددەت بەرگەن قىسمى | | | ئۆزى باشقۇرغان قىسمى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1983 ـ يىلى | 1981 ـ يىلى | ± % | 1983 ـ يىلى | 1984 ـ يىلى | ± % | 1983 ـ يىلى | 1984 ـ يىلى | ± % |
| جەمئى | 172.81 | 213.57 | 23.57 | 135.55 | 163.88 | 20.90 | 37.29 | 49.69 | 32.29 |
| قەشقەر شەھەر | 153.05 | 160.64 | 4.96 | 91.68 | 80.66 | -12.02 | 61.37 | 79.98 | 30.32 |
| يېڭىشەھەر | 129.38 | 181.75 | 40.47 | 102.70 | 151.22 | 47.24 | 26.68 | 30.53 | 14.43 |
| كونىشەھەر | 128.03 | 144.81 | 13.12 | 92.84 | 99.92 | 7.63 | 35.19 | 44.92 | 27.65 |
| يېڭىسار | 131.60 | 142.69 | 8.43 | 115.36 | 113.75 | -1.40 | 16.24 | 28.94 | 78.20 |
| يوپۇرغا | 173. | 212.92 | 40.42 | 123.68 | 186.69 | 50.98 | 49.32 | 56.23 | 14.01 |
| پەيزىۋات | 106.63 | 128. | 20.04 | 81.49 | 96.74 | 18.35 | 25.14 | 31.26 | 24.34 |
| يەكەن | 191.28 | 229.64 | 20.05 | 161.17 | 179.65 | 11.47 | 30.11 | 49.99 | 66.02 |
| پوسكام | 225.53 | 314.97 | 39.66 | 207.72 | 293.15 | 41.13 | 17.81 | 21.82 | 22.52 |
| قاغىلىق | 168.13 | 199.25 | 18.51 | 147.74 | 163.45 | 10.63 | 20.39 | 35.80 | 75.58 |
| مەكىت | 320.45 | 416.10 | 29.85 | 249.96 | 319.39 | 27.78 | 70.49 | 96.71 | 37.40 |
| مارالبېشى | 285.81 | 365.65 | 27.93 | 173.38 | 243.69 | 40.55 | 112.43 | 121.96 | 8.48 |
| تاشقورغان | 118.82 | 128.77 | 8.31 | 89.83 | 80.68 | -10.19 | 28.99 | 48.09 | 65.88 |

(دېھقانچىلىق باشقارمىسى ئىگىلىك باشقۇرۇش بۆلۈمى)

يۈەن بولۇپ، 20 يىل ئىچىدە ئاران %26، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى %1.2 دىن كۆپىيىپ كەلدى؛ 1984 ـ يىلى 572.70 يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن %80، 6 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى %10.3 دىن كۆپەيدى.

(4) تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلاندى. يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىدىن تەقسىمات قىلىنغان ئومۇمىي دارامەت ئىچىدە سېتىلغان مەھسۇلاتلار كىرىمى 1978 ـ يىلى تەخمىنەن %41 نى، 1983 ـ يىلى %44.2 نى، 1984 ـ يىلى %51.27 نى ئىگىلىدى.

(5) ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقى تۆۋەنلىدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىك كىرىمىنىڭ تەقسىماتىدا 1984 ـ يىلدىكىنى 1978 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %35.2 دىن %25.22 گە تۆۋەنلىدى، ھەر يۈز يۈەنلىك خىراجەت چىقىمىدىن يارىتىلغان ساپ كىرىم 169.50 يۈەندىن 297 يۈەنگە كۆتۈرۈلدى.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يىللاردىكى يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىك تەقسىماتىدا ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىم

بىرلىكى : يۈەن

| ھەر بىر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىم | يىل ئايرىمىسى |
|---|---|
| 59.44 | 1956 |
| 36.78 | 1957 |
| 42.93 | 1958 |
| 59.41 | 1959 |
| 60.05 | 1960 |
| 67.14 | 1961 |
| 51.73 | 1962 |
| 57.81 | 1963 |
| 51.40 | 1964 |
| 59.45 | 1965 |
| 68.31 | 1966 |
| 68.24 | 1967 |
| 54.03 | 1968 |
| 50.33 | 1969 |
| 53.13 | 1970 |
| 57.58 | 1971 |
| 51.93 | 1972 |
| 67.73 | 1973 |
| 46.39 | 1974 |
| 53.53 | 1975 |
| 56.05 | 1976 |
| 54 | 1977 |
| 68.23 | 1978 |
| 65.78 | 1979 |
| 72.52 | 1980 |
| 89.23 | 1981 |
| 148.08 | 1982 |
| 116.95 | بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپتىن بىر تۇتاش باشقۇرغان ۋە ھۆددە بەرگەن قىسمى. |
| 31.13 | ئۆزى باشقۇرغان قىسمى. |
| 172.84 | 1983 |
| 135.55 | بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپتىن بىر تۇتاش باشقۇرغان ۋە ھۆددە بەرگەن قىسمى. |
| 37.29 | ئۆزى باشقۇرغان قىسمى. |
| 213.57 | 1984 |
| 163.88 | بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپتىن بىر تۇتاش باشقۇرغان ۋە ھۆددە بەرگەن قىسمى. |
| 49.69 | ئۆزى باشقۇرغان قىسمى. |

( دېھقانچىلىق باشقارمىسى ئىگىلىك باشقۇرۇش بۆلۈمى )

(6) دېخانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيدى. 1984 ـ يىلى تەقسىماتتا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە 213.57 يۈەندىن توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپتىن بىر تۇتاش باشقۇرغان ۋە ھۆددىگەرلىك بىلەن باشقۇرغان قىسمىدىكىسى 163.88 يۈەن، دېخان ئائىلىلىرىنىڭ ئۆزى باشقۇرغان قىسمىدىكىسى 49.69 يۈەن بولدى. كوللېكتىپ بىر تۇتاش باشقۇرغان ۋە ھۆددىگەرلىك بىلەن باشقۇرغان قىسمى 1978 ـ يىلدىكى كوللېكتىپتىن قىلىنغان تەقسىماتتا ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن 68.23 يۈەن كىرىمدىن 1.4 ھەسسە كۆپەيدى، كىرىمنىڭ كۆپ بولۇشى مەكىت ناھىيىسى بولۇپ، ھەر نوپۇسقا 416 يۈەندىن توغرا كەلدى. يېزىلاردىكى ھەمكارلىق ئىگىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق ھەر نوپۇسقا 921 جىڭدىن، پاختا 53 جىڭدىن توغرا كەلدى. دېخانلارنىڭ كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل بولدى.

(جاڭ يۈەنشىڭ).

[ يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلىلەر ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەر ] پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئازات بولۇپ، تاۋار ئىگىلىكى ئىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئۆزى تىجارەت قىلىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر بىلەن ھۆددە ئالغۇچى كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەردىن بىر تۈركۈمى مەيدانغا كەلدى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ يىللىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ھەر خىل كەسپىي ئائىلىلەر ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەر تەرەققىي قىلىپ، 22910 غا يېتىپ ( بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ئىستاتىستىكا ئۆلچىمى بويىچە كەسپىي ئائىلە 4495 ). دېخان ئائىلىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 4.9% نى تەشكىل قىلدى. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا: تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 11606 ئائىلە، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تېرىيدىغانلار 8469 ئائىلە، ئىقتىسادىي زىرائەت (پاختا، قوغۇن، تاۋۇز، ئوتياش، مېۋە ) ئىشلەپچىقىرىدىغانلار 3137 ئائىلە؛ باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2386 ئائىلە، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا باقىدىغانلار 2013 ئائىلە، ئۆي قۇشلىرى باقىدىغانلار 307 ئائىلە، بېلىق باقىدىغانلىرى 66 ئائىلە، ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 5413 ئائىلە، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمان ئەھيا قىلغۇچىلار ( ئۈچەش خاراكتېرىدىكىنەمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) 505 ئائىلە، ئورمان بېقىشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار 4441 ئائىلە، كۆچەت يېتىشتۈرگۈچىلەر 467 ئائىلە، دېخانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2351 ئائىلە، بۇنىڭ ئىچىدە ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 1337 ئائىلە، ئېتىز مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، 1014 ئائىلە، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 498 ئائىلە، بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 26 ئائىلە، سودا ۋە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 607 ئائىلە؛ باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 23 ئائىلە.

كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىپ، «يېزىلاردا ئىككى ئۆزگىرىش» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تارىخىي ئۆزگىرىش داۋامىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك رول ئويىنىدى، بۇ تۆۋەندىكى 10 جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، كىرىم سەۋىيىسى يۇقىرى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولدى. 1984 - يىلى يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ دارامەت تەقسىماتى ئىستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا ۋىلايەت بويىچە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىمى 213.57 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 12377 كەسپىي ئائىلە ۋە نۇقتىلىق ئائىلىنىڭ ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىمى 435 يۈەن بولۇپ، ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭكىدىن 103.7% يۇقىرى تۇردى. ھەر نوپۇسقا 500 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم توغرا كەلگەن كەسپىي ئائىلە ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەر 7378 گە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئىككى ئائىلە» نىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى، ھەر 100 يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى چىقىمىدىن قىلىنغان ساپ كىرىم ۋىلايەت بويىچە ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىگە 297 يۈەندىن توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئىككى ئائىلە» گە 314 يۈەندىن توغرا كەلدى.



مول ھوسۇل خۇشاللىقىدا.
لۇ پېيېن فوتوسى

ئىككىنچى، تاۋار نىسبىتى يۇقىرى بولدى. پوسكام ناھىيىسىدە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپىي ئائىلە ۋە نۇقتىلىق ئائىلە 634 بولۇپ، ناھىيە بويىچە دېھقان ئائىلىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 2.7% ىنىلا تەشكىل قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ دۆلەتكە تەمىنلەپ بەرگەن تاۋار ئاشلىقى 4 مىليون 831 مىڭ جىڭ بولۇپ، ناھىيە بويىچە سېتىپ بېرىلگەن تاۋار ئاشلىق ئومۇمىي سانىنىڭ 23.4% ىنى تەشكىل قىلدى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ سېتىپ بەرگەن تاۋار ئاشلىقى 7620 جىڭدىن توغرا كېلىپ، ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭكىدىن 7 ھەسسىدىن كۆپرەك يۇقىرى بولدى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ گۈلۋاغ يېزىسىدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپىي ئائىلە تۇردى قادىر ئائىلىسىنىڭ 1984 - يىلى ھۆددە ئالغان يېرى 55 مو، ئاشلىقىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 60730 جىڭ، دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن تاۋار ئاشلىقى 38800 جىڭ بولۇپ، تاۋار نىسبىتى 63.9% گە يەتتى.

ئۈچىنچى، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى بولدى. ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا ھەمكارلىق ئىگىلىك تەقسىمات ئىستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچىنىڭ ياراتقان، تەقسىم قىلىنىدىغان ئومۇمىي كىرىمى 792 يۈەن بولدى، ھالبۇكى 12377 كەسپىي ئائىلە ۋە نۇقتىلىق ئائىلىدىكى ھەر بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ياراتقان كىرىمى 1457 يۈەن بولۇپ، بىر ھەسسىگە يېقىن يۇقىرى بولدى.

تۆتىنچى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك

گەندە بىر كەسىپ بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇردى. 1984- يىلى ۋىلايەت بويىچە، تەقسىماتتا كۆپ خىل ئىگىلىك كىرىمى 6098 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 39.96% كۆپىيىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 11% تىنى ئىگىلىدى. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان يېزىسىدا ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن يەر بىر موغا يەتمەيدۇ، بۇ جايدا نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ياخشى ھۈنەرلىرى بار ئىدى. ئۇلار تىجارەت قىلىدىغان، ئىشلەيدىغان ماھىرلاردىن ئىدى. بىر كەسىپ بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، پۇت - قولى چۈشۈلۈپ قالغان ئىدى. ھازىر ئۇلار ھەر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. قوغۇن، تاۋۇز، ئوتياش، بېدە تېرىيدىغانلار ۋە سىيىر باقىدىغانلار كۆپەيدى. يېزا بويىچە تەقسىم قىلىدىغان ئومۇمىي كىرىم ئىچىدە كۆپ خىل ئىگىلىك كىرىمى 29% نى ئىگىلىدى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا ئۈزۈمزارلىقى بار دېھقانلار 2220 ئائىلە بولۇپ، دېھقان ئائىلىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 59.3% نى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر يىلى 1000 توننا ھۆل ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە 100 توننا يېمىش سېتىپ بەردى. ئۈزۈم سېتىپ يىلىغا 2000 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلغانلار 173 ئائىلىگە يەتتى.

بەشىنچى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ كەسىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. مەسىلەن: ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش كەسىپىدىكىلەر، تېرىقچىلىق كەسىپىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى. ۋىلايەت بويىچە ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش مۇلازىمەت كەسىپىدىكى "ئىككى ئائىلە" 1014 گە يەتتى. مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزىسىدىكى دېھقان ئىدرىس ئەسەن ئائىلىۋى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇپ، توپا ئەتتىرىش ماشىنىسىدىن ئىككىنى سېتىۋېلىپ، 5 چاشلىق سوقىنى سۆرىتىپ، ئۆز يېزىسىدىكى دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، 1984- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 25 مىڭ مو يەر ھەيدەپ بەردى.

ئالتىنچى، يېڭى ھۈنەر-سەنئەت، يېڭى تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، تۇجۇپىلەپ باشقۇرۇش يولغا ماڭدى. "ئىككى ئائىلە" نىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋىلايەت بويىچە "يالتىراق يېپىپ كۆۋەز تېرىش"، "ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ" بالدۇر پىشىدىغان ئىككى سورتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش" ئاساس قىلىنغان دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى يېڭىلاش دولقۇنى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن يەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كەسىپى ئائىلىلەر ئىچىدە ئىككى قېتىم ئاشلىق تېرىپ، مولىخىدىن بىر توننىدىن ئاشلىق ئالغان. يالتىراق يېپىپ كۆۋەز تېرىپ، مولىخىدىن 300 جىڭدىن يۇقىرى پاختا ئالغانلار بار.

يەتتىنچى، ئېچىش خاراكتېرىدىكى كەسىپى ئائىلىلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى ئاچتى. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئوچا يېزىسىدىكى دېھقان ئابدىرېشىت ئۆزىنىڭ تىراكتورىنى ئىشلىتىپ ھەم توپا ئەتتىرىش ماشىنىسىنى ياللاپ، 250 مو بىنام ئېچىپ، ئورمان مەيدانى قۇردى. 1984- يىلى ئەتىيازغىچە 13 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ھەر خىل كۆچەت تىكتى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن يېزىدىكى دېھقانلار 1432 مو بىنام ئېچىپ كۆچەت تىكتى.

سەككىزىنچى، ئوبوروت يوللىرى راۋانلىشىپ، بازارلارنىڭ ئاۋات بولۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان "ئىككى ئائىلە" 1337 بولۇپ، 1983 - يىلدىكى 448 ئائىلىگە سېلىشتۇرغاندا 2 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى.

توققۇزىنچى، كىچىك شەھەر-بازارلار ۋە يېزا-بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈ-

رۇلدى. ۋىلايەت بويىچە بازارلارغا كىرىپ يەككە سودا-سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دېخانلار 9379 ئائىلە بولۇپ، 1983-يىلدىكىدىن 961 ئائىلە، 11.4% كۆپەيدى.

ئۈچىنچى، نۇرغۇن كەسپىي ئائىلىلەر يېزىدىكى دېخانلارنىڭ ئورتاق بېيىشى ئۈچۈن مەرتلىك بىلەن ياردەم بەردى. ئۇلار ھەم ماددى مەدەنىيەت يارىتىدىغان ئائىلىلەر، ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىدىغان ئائىلىلەر بولدى. مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدا ئۈن تارتىش كەسپىي، قوشۇمچە ئورمانچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلە ياقۇپ كىچىك ئائىلىسى 5 تە كاپالەتلەندۈرۈلگۈچى ئائىلە ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ئۈچۈن ھەق ئالماي ئۈن تارتىپ بەردى ھەم بىر كىنو ئاپپاراتى ۋە بىر گېنېراتور سېتىۋېلىپ، ئۆز يېزىسىدىكى دېخانلارنىڭ كىنو كۆرۈش ۋە چىراق يېقىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى، ھەققى ئەرزان ئالدى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېزا-بازار كارخانىلىرى، ئاشلىق، تەمىنات، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار «ئىككى ئائىلە»نىڭ تەرەققى قىلىشىغا يار-يۆلەكتە بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ناھىيە (شەھەر) لەر تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى؛ ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش، مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بەردى؛ خىمىيىۋى ئوغۇت، يەم-خەشەك بىلەن تەمىنلەش، يەم-خەشەك يېرى ئاجرىتىپ بېرىش ئارقىلىق ماددى جەھەتتىن ياردەم بەردى، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ئويۇشتۇردى؛ سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالاش ئارقىلىق، دېخانلارغا دېخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بېرىش جەھەتتە قولايلىق يارىتىپ بەردى. مارالۋېشى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1984-يىلى كەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان ئاشلىق كەسپىي ئائىلىسى مۇسا ئىسمايىل، مامۇت ئاۋۇت، ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى سەمەت سىلىم، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كەسپىي ئائىلە ياقۇپ كىچىك قاتارلىق 4 كىشىنىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن «ئازات» ماركىلىق ئاپتوموبىلنى مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بەردى.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى «ئىككى ئائىلە»نىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سۈرئىتىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ھازىرقى تەرەققىيات يۈزلىنىشى مۇنداق: ناھىيىلەر «ئىككى ئائىلە»گە يار-يۆلەكتە بولۇش، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتى قۇردى. سىياسەتتە داۋاملىق كەڭ بولۇپ، پىلاننىڭ يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇردى ھەمدە بازاردىكى تەمىنلەش، سېتىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئىقتىسادىي پەشاڭ ئارقىلىق ھەر خىل كەسپىي ئائىلىلەرگە يار-يۆلەكتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش تەقسىماتىنى ۋە جايلىشىشىنى مۇۋاپىقلاشتۇردى. ئاشلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنى ۋە باشقا كەسپىي ئائىلىلەرنى داۋاملىق تەرەققى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىنى نۇقتىلىق تەرەققى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنى تېخىمۇ كۆپ گۆش، ئۆي قۇش-

لىرى، سۈت، تۇخۇم بىلەن تەمىنلىدى، ئۆز ئىختىيارلىقى ئاساسىدا مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئەمگەك كۈچى جەھەتتە بىرلەشتۈرۈشكە، ئائىلە بىلەن ئائىلە، كوللېكتىپ بىلەن شەخسلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە يېتەكلىدى. كەسپىي ئائىلىلەرنى تىجارەت تەدبىرلىرى، ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش، يېڭى پېتى ساقلاش ۋە توشۇش، سېتىش قاتارلىق ئوبوروت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئەتتى.

(جاڭ يۈەنشىڭ)

## [يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ مالىيە ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىندى]

قەشقەر ۋىلايىتىدە يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى 1980 - يىلى باشلىنىپ، 4 يىل داۋاملىشىپ 1984 - يىلى ئاساسەن ئاخىرلاشتى. 1980 - يىلى 10 - ئايدا گوۋۇيۈەن بېيجىڭ چاڭپىڭ ناھىيىسى شاخې كوممۇنىسىنىڭ مالىيىسىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى تەجرىبىلىرىنى تەستىقلاپ تارقاتقاندىن كېيىن، بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لەردە مالىيە دەسلەپكى قەدەمدە تەرتىپكە سېلىندى. 1982 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان دۆلەت يېزا ئىگىلىك كومىتېتى، دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «كوممۇنا - ئەترەتلەر مالىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى پىكىرى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يېزا مالىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى نۇقتىدىن ئومۇمىي دائىرىگىچە قانات يايدۇردى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «1984 - يىللىق يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» دا 1984 - يىلى يېزا مالىيىسىنى تەرتىپكە سېلىپ بولۇش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ قەشقەر ۋىلايىتىدە مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. 1984 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايون يېزا مالىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئويۇشتۇرغان چاغدا، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دە تەرتىپكە سېلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي ھېساۋات بىرلىكى 11675، تەرتىپكە سېلىشنى ئاخىرلاشتۇرغىنى 10656 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 91.2% نى ئىگىلىدى، تەرتىپكە سېلىنمىغانلىرى 452 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 4% نى ئىگىلىمىدى، قالغىنى 567 بولۇپ، 1984 - يىلى قىش ۋە 1985 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەرتىپكە سېلىنىپ بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق قەشقەر ۋىلايىتى ئىلغار ۋىلايەت، مەكىت ناھىيىسى ئىلغار ناھىيە، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ماكشىن كوممۇنىسى 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئىلغار ئەترەت بولۇپ باھالاندى.

يېزا مالىيىسىنى تەرتىپكە سېلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر:

1. تېگى - تەكتى ئېنىقلاندى. يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىدىكى مۇقىم مۈلۈك، مال - مۈلۈك، ماددىي ئەشيا، نەق پۇل، پۇل ئامانىتى ۋە قەرز قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى، قەرز پۇل ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى. مۇقىم مۈلۈك: ۋەزىيىتىنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىشتىن ئىلگىرىكى مۇقىم مۈلۈك قىممىتى 124 مىليون 840 مىڭ يۈەن، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا تەكشۈرۈپ ئەمەلىيەتتە بار بولغىنى 67 مىليون 300 مىڭ يۈەن، باھاغا سۇندۇرۇپ ئەزالارغا سېتىپ بېرىلگىنى 48 مىليون 90 مىڭ يۈەن، بۇزۇلغان ۋە يوقىتىپ كەتكىنى 9 مىليون

450 مىڭ يۈەن؛ مال ـ مۈلۈك، ماددىي ئەشيا: ئەسلىدە بار بولغىنى 15 مىليون 860 مىڭ يۈەن، ھازىر بار بولغىنى 7 مىليون 890 مىڭ يۈەن، سېتىپ بېرىلگىنى 4 مىليون 960 مىڭ يۈەن، بۇزۇلغان ۋە يوقاپ كەتكەنلىرى 3 مىليون 10 مىڭ يۈەن، ئەسلىدىكى نەق پۇل ئامانىتى 48 مىليون 560 مىڭ يۈەن، ھازىر بار بولغىنى 42 مىليون 140 مىڭ يۈەن، خىيانەت قىلغان، ئېلىۋېلىپ ئىشلىتىپ كەتكەن، كەم چىققان، ھېساپتا ئۆتكۈزگەن ئاق ھۆججەتتىكى پۇل قاتارلىقلار 6 مىليون 420 مىڭ يۈەن؛ قەرز قايتۇرۇۋېلىش ھوقوقى، قەرز پۇل ئەھۋالى: قەرز بەرگەن پۇل بىلەن قەرز ئالغان پۇل تەڭ، ئەسلىدە قەرز بەرگەن پۇل 40 مىليون 60 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتۇرۇشتا بار بولغىنى 39 مىليون 960 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈشتە ئورۇنلۇق يوق پۇل 100 مىڭ يۈەن. يۇقۇرقى 4 تۈرنى جەملىگەندە مالىيىنى تەرتىپكە سالغان 10656 ئاساسىي ھېساۋات بىرلىكىنىڭ ئەمەلىيەتتە بار بولغان بارلىق مۈلكى 157 مىليون 290 مىڭ يۈەن، ھەر بىر ئاساسىي ھېساۋات بىرلىكىگە 14760 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ، مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە تەخمىنەن ھېساپلىغاندا ئۇنىڭغا تېخى تەرتىپكە سېلىنىپ بولمىغان 1019 ئاساسىي ھېساۋات بىرلىكىنى قوشقاندا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىدە ئەسلى بار بولغان مال ـ مۈلۈك 172 مىليون 330 مىڭ يۈەن. مانا بۇ ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىدىكى ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ 28 يىلدىن بۇيانقى جۇغلانمىسى، نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك كوللېكتىپ ئىقتىسادىنىڭ ئاساسى.

2 . بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي ئەنزىلەر پاش قىلىنىپ، تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىلدى، بىر تۈركۈم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا تەربىيە بېرىلدى ۋە ئۇلار قۇتقۇزۇۋېلىندى، كوللېكتىپ مەنپەئەتى قوغداپ قېلىندى. تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادىي مەسىلىسى بار ئادەملەرنىڭ تۆلەپ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلى 7 مىليون 79 مىڭ يۈەن، تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا تۆلەپ قايتۇرغىنى 3 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، 50.5% نى ئىگىلەيدۇ.

3 . ھۆددىگەرلىك توختامىنى ئىمزالاش، نەقلەشتۈرۈش نىسبەت بويىچە تۇتۇپ قېلىنمىغان قەرز پۇللارنى قايتۇرۇۋېلىش، چارۋا، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە سېتىپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە مۇستەھكەملەندى.

4 . مالىيىنى تەرتىپكە سالغان ئاساستا، مالىيە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىلدى. (1) بىرلەشمە ئەترەت بوغالتىرلىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈپ، بوغالتىرلىقتا كەسپلىشىش يولغا قويۇلدى. يېزىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، كەنتلەردە كەسپىي بوغالتىر قويۇلدى. يېزىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى پەيدىن ـ پەي مەمۇرىي باشقۇرۇش تىپىدىن ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇلازىمەت تىپىغا ئۆزگەردى. (2) مالىيە بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. مەسىلەن: نەق پۇل باشقۇرۇش، چىقىمنى

تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، مال ـ مۈلۈكنى ساقلاش ـ باشقۇرۇش، بوغالتىرلىق سىنىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ، مالىيە باشقۇرۇشتىكى بوشۇقلار ئېتىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. (3) بوغالتىرلىق ھېساۋات ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ كەنت، ئائىلىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ھېساۋات يولغا قويۇلدى. ھېساب دەپتەر ئىچى ۋە سىرتتىكى ھېساۋاتنى بىرلەشتۈرۈش، بوغالتىرلىق ھېساۋات، ئىستاتىستىكىلىق ھېساۋات ۋە كەسپىي ساۋاتنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

مالىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى، مەسىلەن: تەرەققىيات ئانچە تەكشى بولمىدى، بەزى ئورۇنلاردا رەھبەرلىك دىققەت ئەھمىيەت بەرمىدى، ھەركەتكە كېلىش كېيىن، ئىلگىرىلەش ئاستا بولدى، ئېنىقلانغان مەسىلىلەر ياخشى بىرتەرەپ قىلىنمىدى؛ بەزى ئورۇنلاردا مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش ئىشى ياخشى بولماي، ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن قالايمىقانچىلىق چىقىرىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلدى. ھازىر ئالاقىدار ئورۇنلار ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىمەكتە. (جاڭ يۈەنشىڭ)

**[ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى ]** يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى: ۋىلايەت بويىچە قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، يېزىلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى ۋە پونكىتلىرى 93 بولۇپ، بۇنىڭدىن ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مەركىزى پونكىت 2، ناھىيىلىك پونكىت 11، يېزا ـ بازارلىق پونكىتى 80. ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى پونكىتى 1982 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ۋىلايەتلىك دېخانچىلىق باشقارمىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىرىدۇ. يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى پونكىتى 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يوللىشى ئارقىلىق دېخانچىلىق ـ چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى تۈركۈمدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى قىلىنغان نۇقتىلىق سىناق ناھىيىلەرنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى بىلەن ئۇرۇقچىلىق شىركىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى بىر بولۇپ بىرلىشىپ ئىش بېجىرىدىغانلاردىن قەشقەر شەھرى، يوپۇرغا ناھىيىسى ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بار. 1984 ـ يىلى دۆلەتتىن ياردەم قىلىپ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلغان يېزا ـ بازار يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى، ئۇرۇق پونكىتى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى جەمئىي 6 بولۇپ، بۇلار كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ زەمىن يېزىسى، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ماكىتىن يېزىسى، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ سىيەك يېزىسى، پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ پەيزىۋات بازىرى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسى، ھەر بىر پونكىتقا 50 مىڭ يۈەندىن پۇل ئاجرىتىلدى.

خادىملار قۇرۇلمىسى: ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، يېزا ـ بازارلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى جەمئىي 436، بۇنىڭدىن يېزا ئىگىلىك تېخنىكا كادىرلىرى 279 نەپەر بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 64% ىنى ئىگىلەيدۇ، مەمۇرىي خادىملار 157 بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەت

چىلەر سانىنىڭ 36% نى ئىگىلەيدۇ، ئاگرانوم 42 بولۇپ، بۇ تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ 26.75% نى ئىگىلەيدۇ ، يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتلىرىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 390 ، ( دېھقان تېخنىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى نۇقتىلىق كېڭەيتىش تۈرلىرىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى :

پىلانلانغان تۈرى 573 بولۇپ ، ئەمەلى ئورۇنلانغىنى 234، بۇ 40.8% نى تەشكىل قىلىدۇ ، ئاپتونوم رايوندىن ۋە ۋىلايەتتىن تەكشۈرۈپ مۇكاپات بېرىلگەن تۈر 150 ، بۇنىڭدىن ئاپتونوم رايون مۇكاپاتلىغىنى 84 ، ۋىلايەتتىن مۇكاپاتلىغىنى 66 ؛ مۇكاپاتلانغان تۈرلەردىن بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 14 ، ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 55، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 81.

يېزا ئىگىلىك يېڭى تېخنىكىلىرىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش جەھەتتە: (1) بىر مىليون مولۇق مول ھوسۇل ئېتىزى تېرىش پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. بۇغداي مول ھوسۇل ئېتىزى 920 مىڭ مو بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21% كۆپەيدى ، ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 484 جىڭ بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 83 جىڭدىن ئاشتى. بۇ ۋىلايەت بويىچە بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتىدىن 62.4% ئۈستۈن تۇرىدۇ، 33% كۆلەمدىن ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 41.3%ى قولغا كەلتۈرۈلدى؛ كۆممە قوناق مول ھوسۇللۇق ئېتىزى 230 مىڭ مو بولۇپ ، ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 420 جىڭ؛ كېۋەز مول ھوسۇللۇق ئېتىزى 400 مىڭ مو بولۇپ، ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 100 جىڭدىن يۇقۇرى، مولىغىدىن 300 جىڭدىن پاختا ئېلىنغان كۆلىمى 951 مو، ناھىيە بويىچە مولىغىدىن 100 جىڭدىن پاختا ئالغان ناھىيە 3 بولۇپ، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ 128 جىڭ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ 123جىڭ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ 101.6 جىڭ. (2) يالتىراق يېپىنچا يېپىپ كېۋەز تېرىش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. يالتىراق يېپىنچا يېپىپ كېۋەز تېرىش 1982- يىلى باشلىنىپ ئۈلگە كۆرسىتىلگەن، 1983- يىلى كېڭەيتىلىپ 27 مىڭ مو تېرىلدى، پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 168 جىڭغا يەتتى، 1984- يىلى 270 مىڭ موغا كېڭەيتىلدى، پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى141 جىڭغا يەتتى. (3) "بالدۇر پىشىدىغان سورت" (بالدۇر پىشىدىغان بۇغداي، بالدۇر پىشىدىغان كۆممە قوناق)نى يۈرۈشلەشتۈرۈش پائال كېڭەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە "بالدۇر پىشىدىغان ئىككى سورت" نىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن كۆلىمى مىڭ جىڭدىن ئاشقىنى 114500 مو، بۇنىڭدىن يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ سىيەك يېزىسى "بىر مودىن بىر توننا ئاشلىق ئالىدىغان ئېتىزى" دىن 77.4 مو تېرىپ، بۇغداي، قوناق بولۇپ مو مەھسۇلاتىنى 2071.8 جىڭغا يەتكۈزدى. (4) ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ھەر خىل تەڭشەش دورىلىرى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 79500 مو يەرگە مېپىسىك ئالكوھول ئىشلىتىشنى كېڭەيتىش بويىچە نەمۇنە كۆرسىتىلدى. بەزى يەرلەردە ئۆسۈشتىن توختاتقۇچى دورىلار ئىشلىتىلدى. (5) يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ھاۋارايى ئىستانسىسى 4- 73 بالدۇر پىشىدىغان سېرىق ماشتىن سىناق قىلىپ 50 مو تېرىپ، مو مەھسۇلاتىنى 400 نەچچە جىڭغا يەتكۈزۈپ، سېرىق ماش تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ يۇقۇرى ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن تەجرىبە ياراتتى. (6) كۆك ئوغۇت

كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، تۇپراق ياخشىلاندى. 1984-يىلى تېرىلغان كۆك ئوغۇت كۆلىمى 747 مىڭ مو، بۇنىڭدىن قاشقا بېدە 539 مىڭ مو، ماش 130 مىڭ مو، باشقا كۆك ئوغۇت 78 مىڭ مو. يېڭىشەر ناھىيىسى پەلەسنى كۆك ئوغۇت قىلىش سىنىقىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

تېخنىكىلىق تەربىيىلەش جەھەتتە: 1982-يىلى ۋىلايەتتە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلدى، 8 ناھىيىدە تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇلدى. 1984-يىلى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزىلاردا جەمئىي 2453 قارار ھەر خىل ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى، ئۆگىنىشكە قاتناشقان كادىر ۋە دېھقان جەمئىي 281 مىڭ ئادەم-قېتىمغا يەتتى.

يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىمەتچىلىك جەھەتتە: ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق، پاختا، يېمەكلىك، باغۋەنچىلىك قاتارلىق 8 تۈر بويىچە مۇلازىمەتكە ئېلىنغان يەر كۆلىمى 238 مىڭ مو، بۇنىڭدىن بۇغداي 85600 مو، كېۋەز 119 مىڭ مو، كۆممە قوناق 29 مىڭ مو، مېۋىلىك باغ 2600 مو. بۇنىڭغا قاتناشقان تېخنىكا خادىم 319 نەپەر. ھەقلىق خىزمەت ئۆتەش جەريانىدا ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىدە 184 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئىشلىرىدا ھەقلىق خىزمەت ئۆتەش بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرىنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇش ئەھۋالى: 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سېلىنغان ئۆي - ئىمارەت 22951 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدىن ئىشخانا 7884 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى 10908 كۋادرات مېتىر، ئىسكىلات 1197 كۋادرات مېتىر، تەجرىبىخانا 2712 كۋادرات مېتىر، باشقىلىرى 250 كۋادرات مېتىر. ھازىر بار بولغان يۈك ئاپتوموبىلى 7، 130-تىپتىكى ئاپتوموبىل 2، ھەر خىل تىراكتور 16. (جاڭ گوشياۋ)

**[ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش]** ۋىلايىتىمىز يار- يۆلەكتە بولۇشى بىلەن ناھىيىلەردە ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراشتا كەسىپلىشىش، ماشىنىلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1978-يىلىدىن 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا، ۋىلايەت بويىچە 11 ناھىيە (شەھەر) دە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش شىركىتى قۇرۇلدى. مەكىت ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترەتلىرى قۇرۇلدى، بەزى كەنت، بازارلاردىمۇ ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. 11 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش شىركىتىدە ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش تېخنىكا خادىملىرىدىن جەمئىي 46 سى، تېخنىكا ئىشچىلىرىدىن 2 سى، موتورلۇق پۈركەش ماشىنىسىدىن 1000 دىن ئارتۇقى، موتورسىز دورا پۈركەش ماشىنىسىدىن 4000 دىن ئارتۇقى بار. 1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ كېسەللىك - ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىلغان يەر كۆلىمى 3 مىليون مودىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش شىركىتىنىڭ كۆتۈرە ئېلىپ خىمىيىۋى دورىلار بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەشنى ئېلىپ بارغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 683 مىڭ موغا،

ئىشلەتكەن دېخانچىلىق دورىسى 141.78 توننىغا يەتتى. تەتقىق قىلىنغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىلغان بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز كۆلىمىدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ 5% تى بويىچە، مىۋىلىك دەرەخلەر كۆلىمىدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ 30% ى بويىچە ھېسابلىغاندا، ساقلىنىپ قالغان زىياننىڭ قىممىتى 9 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، بۇنىڭدىن ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەشكە كەتكەن 2 مىليون 350 مىڭ يۈەنلىك ئومۇمى چىقىمنى چىقىرىۋەتكەندە، كىرىمدىن 7 مىليون 430 مىڭ يۈەن ساپ ئاشقان بولدى. ناھىيىلەردىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش شىركەتلىرىنىڭ تاپقان پايدىسى 184 مىڭ يۈەن بولدى.

مەمۇرى مەھكىمە 1983 ـ يىلى تارقاتقان «ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش شىركەتلىرىگە يار ـ يۆلەكتە بولۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» دا مۇنۇلار بەلگىلەندى: ناھىيىلىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش شىركىتىنىڭ خاراكتېرى كەسپىي ئورۇن بولۇپ، كارخانا قاتارىدا باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ. ئۇ، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: (1) يېزا، بازار، كەنتلەردىكى ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش، يېزا، بازار، كەنتلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسرىغۇچى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ مۇداپىئە كۆرۈش، تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش؛ (2) ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراشتا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا ـ سايمانلارنى رېمونت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش؛ (3) شىركەتلەرنىڭ دېخانچىلىق دورىسى، ماشىنا ـ سايمىنى ۋە قاتناش قورالى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، مۇداپىئە كۆرىدىغان، تىزگىنلەيدىغان ئورۇنلار ئۈچۈن ھەقلىق خىزمەت ئۆتەش؛ (4) ئىلمىي ئۇسۇلدا كېسەللىكلەر ـ ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش توغرىسىدىكى بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

كېسەللىكلەر ـ ھاشاراتلارنى ئالدىن تەكشۈرۈش ۋە ئالدىن مەلۇم قىلىشنى كەسپىيلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى: ۋىلايەت بويىچە 11 ناھىيىدە دېخانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىكلەر ـ ھاشاراتلارنى ئالدىن تەكشۈرۈش، ئالدىن مەلۇم قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1958 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىدە پونكىت ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان، كېيىن پەيزىۋات، يېڭىشەھەر، مەكىت ناھىيىلىرىدە پونكىت قۇرۇلدى، 1983 ـ يىلى قاغىلىق، پوسكام، يېڭىسار، كونىشەھەر، يوپۇرغا، مارالبېشى ناھىيىلىرىدە ۋە قەشقەر شەھىرىدە پونكىت قۇرۇلدى. ناھىيىلەردىكى پونكىتلاردا ھازىر ئالدىن مەلۇم قىلىش كەسپىي خادىمىدىن 19 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 17، تېخنىك ئىشچى 2. 1984 ـ يىلى بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز، مىۋىلىك دەرەخ، ئوتياش قاتارلىق زىرائەتلەردىكى 12 خىل كېسەللىك ـ ھاشارات ئۈستىدىن تەكشۈرۈپ مەلۇمات بېرىلدى. يىل بويىچە «كېسەللىك ـ ھاشاراتلاردىن مەلۇمات» تىن جەمئىي 106 سان تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 33 ھاشارات مەۋسۇمى ئۈستىدە ئۇزاق مۇددەتلىك ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى، 200 ھاشارات مەۋسۇمى ئۈستىدە ئوتتۇرا مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئالدىن مەلۇماتنىڭ توغرا بولۇش

نىسبىتى 86%، ئوتتۇرا مۇددەتلىك ئالدىن مەلۇماتنىڭ توغرا بولۇش نىسبىتى 88%، قىسقا مۇددەتلىك ئالدىن مەلۇماتنىڭ توغرا بولۇش نىسبىتى 96% بولدى.



ئۈسۈملۈكلەرنى ئاسرىغۇچى ئايال. — لۇيېتيەن فوتوسى

1984 - يىلى غوزا قۇرۇتى ئېغىر دەرىجىدە پەيدا بولغان بىر يىل بولۇپ، بۇ ۋىلايەت بويىچە كېۋەزلىكلەردە ئومۇميۈزلۈك پەيدا بولدى، بولۇپمۇ يالتىراق يېشىل تېرىلغان كېۋەزلەر ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى. پەيلو دېخانچىلىق مەيدانى يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا ئورنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، ھەر 100 تۈپ مايسىدا 726 دانىدىن لىچىنكا بولۇپ، كېۋەزنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى 100% گە يەتكەن. يەكەن ناھىيىلىك سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ يالتىراق يېشىل تېرىلغان كېۋەزلىرى غوزا قۇرۇتىنىڭ زىيانداشلىقىغا ئۇچراپ، چۈشۈپ كەتكەن غوزىنىڭ نىسبىتى چۈشۈپ كەتكەن ئومۇمىي غوزا سانىنىڭ 87% تىنى ئىگىلىدى، يەككە تۈپتىكى غوزىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئەڭ ئېغىر بولۇپ چۈشۈپ كەتكەن غوزا 17 گە يەتتى.

"666"، "$DDT$" دېخانچىلىق دورىسىنىڭ ئورنىغا باشقا دورا ئىشلىتىشنى تەجرىبە قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى: 1984 - يىلى جەمئىي 13 خىل دېخانچىلىق يېڭى دورىسى كىرگۈزۈلدى، بۇلاردىن دېشاسى، لۈچىنگجۇجى، ئوكسىدلاشتۇرۇگور، ۋالېكسون قاتارلىق دورىلار بار، يىل بويى ئىشلىتىلگەن دېخانچىلىق يېڭى دورىسى 52.5 توننا بولۇپ، بۇ ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن دېخانچىلىق دورا مىقدارىنىڭ 37.1% تىنى تەشكىل قىلىدۇ، مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە تېزگىنلەنگەن يەر كۆلىمى 1 مىليون 224 مىڭ موغا يەتتى، بۇ خىمىيىۋىلىك دورا بىلەن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە تېزگىنلەنگەن يەر كۆلىمىنىڭ 66.6% تىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تېخنىكىلىق تەربىيىلەش جەھەتتە: ۋىلايەتتە 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە يېڭى تېخنىكىلىق تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، بۇنىڭغا ئۈسۈملۈكلەرنى ئاسراش كادىرلىرىدىن 32 سى قاتناشتى. 6 نەپەر مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىنىپ ماتېماتىكىلىق ئىستاتىستىكا ئاساسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى، كېسەللىك ۋە ھاشاراتلاردىن ماتېماتىكىلىق ئىستاتىستىكىلىق ئالدىن مەلۇمات، ھېسابلىغۇچنىڭ قائىدىسى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ھەم لاتىنچە تىل قاتارلىق 4 دەرس ئۆتۈلدى. (ۋاڭ خۇگچى)

**[يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا مائارىپى]** قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكومى، بۇ مەكتەپنىڭ تەكتى ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملارنى تەربىيىلەش سىنىپى ئىدى، 1956 - يىلى نامى ئۆزگەرتىلىپ قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلدى. 28 يىلدىن بۇيان

جەمئىي 3996 نەپەر ئوقۇغۇچى (بىلىم ئاشۇرغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يېتىشتۈردى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارالدى، كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى تايانچ كۈچلەرگە ئايلاندى. يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ھازىر دېھقانچىلىق، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى، چارۋا ـ مال دوختۇرلۇقتىن ئىبارەت 4 كەسىپ تەسىس قىلىنىدى، 371 نەپەر ئوقۇغۇچى، 94 نەپەر بىلىم ئاشۇرغۇچى بار.

يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى كەسىپ بويىچە يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى

| كەسىپ | دېھقانچىلىق | ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش | چارۋا مال دوختۇرلۇق | باغ، ئورمانچىلىق | سۇ | يىلقىچىلىك | بوغالتىرلىق | يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل ئايرىمىسى | 1955<br>\|<br>1984 | 1960<br>\|<br>1984 | 1959<br>\|<br>1984 | 1972<br>\|<br>1974 | 1956<br>\|<br>1983 | 1956<br>\|<br>1959 | 1963<br>\|<br>1984 | 1961<br>\|<br>1964 | 1955<br>\|<br>1984 |
| ئوقۇغۇچى سانى | 1234 | 334 | 593 | 35 | 700 | 26 | 126 | 23 | 3058 |

يېزا ئىگىلىك كادىرلىرىنى تەربىيىلەش جەھەتتە: ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، پەن ـ تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ بىلىمىنىڭ كونىراپ قېلىش مەسىلىسىگە ئاساسەن، ۋىلايەت، ناھىيىلەر بىر قىسىم ئوتتۇرا دەرىجىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىملىرىنى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ۋە مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. بەزىلىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرس ئۆتۈشتى؛ قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىۋى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، 1979 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە جەمئىي 19 قارار كۇرس ئېچىپ، 750 نەپەر كۇرسانتنى تەربىيىلىدى.

قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىۋىنىڭ 1979 ـ يىلدىن بۇيان تەربىيىلىگەن ئادەم سانى

| تەربىيىلىگەن ئوبيېكتلار | كۇرسنىڭ قېتىم سانى | تەربىيىلىگەن ئادەم سانى |
|---|---|---|
| كوممۇنا دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلار | 9 | 357 |
| دېھقانچىلىق تېخنىكلىرى | 2 | 82 |
| چارۋىچىلىق تېخنىكلىرى | 2 | 81 |
| ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى | 3 | 114 |
| ئۆسۈملۈك ئاسراش تېخنىكلىرى | 1 | 36 |
| باغۋەنچىلىك تېخنىكلىرى | 2 | 80 |
| جەمئىي | 19 | 750 |

يېزا ئىگىلىك رادىيو مەكتىپى: ۋىلايەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە ئەمگەك قىلىۋاتقان ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، 1984 ـ يىلى كونىشەھەر، يەكەن، مەكىت، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدە يېزا ئىگىلىك رادىيو مەكتىۋىنىڭ دېھقانچىلىق كەسپى سىنىپىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى. ئۇيغۇر تىلى بويىچە دېھقانچىلىق كەسپى سىنىپىغا كۇرسانت قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا 856 كىشى قاتنىشىپ، بۇلاردىن 738 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. كۇرسانتلار ئاساسلىقى يېزىلاردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كوممۇنا ـ ئەترەت كادىرلىرى، دېھقان تېخنىكلار ۋە كوممۇنا ئەزالىرىدىن ئىبارەت. دېھقانچىلىق كەسپى سىنىپىدا خىمىيىدىن ئاساس، تۇپراق ئوغۇت، زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش، ئېرسىيەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، كېسەللىكلەر ـ ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تېزگىنلەش، ئۆسۈملۈكلەر بىئولوگىيىسى، يېزا ئىگىلىك ھاۋارايى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئوقۇشقا زۆرۈر بولغان 8 دەرس تەسىس قىلىندى. رادىيودا ئاڭلىتىش، ئۇنىڭغا لېنتىسىگە ئېلىپ تارقىتىش، يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن ئۆزى ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. دېھقانچىلىق كەسپىنىڭ خەنزۇ تىل سىنىپى 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دەرس باشلىدى، ۋىلايەت بويىچە 20 دىن ئارتۇق كۇرسانت قوبۇل قىلدى. (ليۇ يې)

**[يېزىلاردىكى قۇۋۋەت مەنبەسى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان قۇۋۋەت مەنبەسىدە ئەزەلدىن ئاساسلىقى، تۆۋەن قىممەتلىك جانلىقلار قۇۋۋەت مەنبەسىگە تايىنىپ كېلىنگەن، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك قۇۋۋەت مەنبەسى، يېزىلاردىكى ئومۇمىي قۇۋۋەت سەرپىياتىنىڭ ئاران 10 نەچچە پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيتتى. يېزىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك قۇۋۋەت مەنبەسى زور مىقداردا بولۇپ، يېزىلاردىكى ئومۇمىي قۇۋۋەت سەرپىياتىنىڭ تەخمىنەن 80% تىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تۇرمۇشقا كېرەكلىك قۇۋۋەت مەنبەسى ئېھتىياجىنى تېخىمۇ قامدىيالمىغانلىقتىن، «قازاندىن غەم قىلماي، ئوچاقتىن غەم قىلىش» مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلگەن ئىدى. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قەشقەر ۋىلايىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئوچاق ئۆزگەرتىش ـــ ئوتتۇن تېجەش يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى يېزىلارنىڭ قۇۋۋەت مەنبەسى قۇرۇلۇشىنى ئىشلار كۈن تەرتىۋىگە كىرگۈزدى.

يېزىلاردىكى تۇرمۇشقا كېرەكلىك قۇۋۋەت مەنبەسىنىڭ قۇرۇلمىسى: 1983 ـ يىلى ۋىلايەتلىك يېقىلغۇ ئورمانلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 6 ناھىيە، 42 خەلق كوممۇنىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئەزالارنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بولغان قۇۋۋەت ئىچىدە جانلىقلار يېقىلغۇسى 84% نى، مىنېراللىق يېقىلغۇ 16% نى ئىگىلىگەن. يېقىلغۇ ئىچىدە ئەزالارنىڭ شەخسىي دەل ـ دەرەختىن تەمىنلىگەن ئوتتۇن ئاران 16% نى، كوللېكتىپتىن ئەزالارغا تەقسىملەپ بېرىلگەن ئوتۇن 3% نى، يىغىۋالغان شاخ ـ شازاڭ 5% نى، جاڭگالدىن ئەكەلگەن ئوتۇن 11% نى، سېتىۋالغان ئوتۇن 4% نى، شاخ ـ پاخال

20% نى، ئۇلاق تېزىكى 11% نى، ئوت يىلتىزى 11% نى، كۆمۈر 16% نى ئىگىلىگەن. تەبىئىي توغراقلىققا يېقىن بولغان مارالۋېشى، مەكىت، پەيزىۋات ناھىيىلىرىنىڭ ئىشلەتكەن تۇرمۇشتىكى قۇۋۋەت سەرپىياتى ئىچىدە ئوتۇن 64% نى، شاخ - پاخال 24% نى ئىگىلىگەن، بۇلارنىڭ مىنېراللىق يېقىلغۇسى ناھايىتى ئاز.

يېزىلاردىكى قۇۋۋەت مەنبەسى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر:

1. قۇۋۋەت مەنبەسىنىڭ يېتىشمەسلىكى ئېغىر، ئادەتتە ئەزالار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى ئىككى قېتىمدىن ئوت قالايدۇ، ھەر كۈنى ھەر بىر ئائىلە 12 جىڭ ئەتراپىدا يېقىلغۇ ئىشلىتىدۇ. مۇنداق بولغاندا ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى 2 مىليارت 200 مىليون جىڭ يېقىلغۇ لازىم بولىدۇ. ھازىر بار بولغان يېقىلغۇ ئورمىنى ئاران 1 مىليارت 200 مىليون جىڭ ئوتۇن تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ. يەنە 100 مىليون جىڭدىن ئوشۇق شاخ-شۇمبىلار كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشكە، دامبا سوقۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. يېقىلغۇ قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان كېۋەز شادىسى بىلەن مەدەك ھەر يىلى تەخمىنەن 700 مىليون جىڭ بولىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئوتۇن كەملەيدۇ. يېقىلغۇنىڭ يېتىشمەسلىكى ئوت يىلتىزى كولاش، تېزەك تېرىش، ئوت-خەسنى قالاش ئەھۋاللىرى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، يەم-خەشەك، خام ئەشيا ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشكە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يېتىپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ يامان سۈپەتلىك دەۋر قىلىشى پەيدا بولدى.

2. ئىسراپچىلىق ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. يېزىلاردا ئەزالار ئۇزاقتىن بۇيان كونا ئوچاقنى ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنداق ئوچاقنىڭ ھەم شالاسى يوق، ھەم تۈتۈن تارتقىدىغان مورىسى يوق. ئىسسىقلىقنىڭ ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى ئاران 10% ئەتراپىدا بولغان. ئوچاقلار كونا ھەم ئاددىي بولغانلىقتىن ۋىلايەت بويىچە ئىسراپ بولغان يېقىلغۇ ھەر يىلى كەم بولغاندا 800 مىليون جىڭغا يېتىدۇ. مارالۋېشى ناھىيىسىدە ئون نەچچە خۇمدانغا ئۇزاقتىن بېرى ئوتۇن قالاپ پىششىق خىش پۇشۇرۇپ كەلگەن. بۇنىڭغا جەمئىي 100 مىڭ مودىن ئوشۇقراق توغراقلىق كېسىلىپ بولغان.

3. ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىش ناچار بولغان. تۇرمۇشقا كېرەكلىك قۇۋۋەت مەنبەسىگە ئىشلىتىلگەن يېقىلغۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىۋاستە كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن قالىنىپ، يېزا ئىگىلىكىگە كېرەكلىك بولغان زور مىقداردىكى ئورگانىك ئوزۇقلۇق ماددىلار كۆيدۈرۈۋېتىلىپ ھەم يېزا- بازار كارخانىلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا مۇمكىن بولغان كۆپ خىل خام ماتېرىياللار كۆيدۈرۈۋېتىلىپ، جانلىقلار مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك رولى جارى قىلدۇرۇلمىدى.

قۇۋۋەت مەنبەئىنى ئېچىش ۋە قۇۋۋەتنى تېجەش يولى: مەنبەنى ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېقىلغۇ ئورمانلىرىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىر ۋىلايەت بويىچە بار بولغان يېقىلغۇ ئورمىنى 810 مىڭ مو. ۋىلايەت بويىچە ئورمان ئەھيا قىلىشقا باپ كېلىدىغان 4 مىليون مودىن ئوشۇق بىنام بار، يېقىلغۇ ئورمىنىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. قۇۋۋەتنى تېجەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوچاقنى ئۆزگەرتىشتە؛ 1983 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە ئوچاقنى ئۆزگەرتىش سىناق ناھىيىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بىر

يىلدىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيان 58 مىڭ ئائىلىنىڭ ئوچىقى ئۆزگەرتىلدى. بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېخان ئائىلە سانىنىڭ 93% نى ئىگىلەيدۇ. 1984- يىلى ۋىلايەتتىن يېزىلاردا ئوچاقنى ئۆزگەرتىپ ئوتۇن تېجەش يىغىنىنى ئىككى قېتىم ئاچتى. ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي ئۆزگەرتىلگەن ئائىلە 70 نەچچە مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي دېخان ئائىلە سانىنىڭ 13.7% تىنى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوچاقنى ئۆزگەرتىلگەن ئائىلە سانىنىڭ 78% نى تەشكىل قىلىدۇ. (ليۇ يى)

**[تۇپراق تەكشۈرۈش ھەققىدە ئومۇمىي بايان]** قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىككىنچى قېتىملىق تۇپراق تەكشۈرۈش گوۋۇيۈەننىڭ 1979- يىل تەستىقلاپ تارقاتقان دېخانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «مەملىكەتلىك تۇپراق تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنى توغرىسىدىكى دوكلات ۋە مەملىكەت بويىچە 2- قېتىملىق تۇپراق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى لايىھىسى» نىڭ روھىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلدى. 1979- يىلى يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇپراق تەكشۈرۈش بويىچە سىناق نۇقتىسى باشلىنىپ، 1984- يىلى 12- ئايدا ۋىلايەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ ئاخىرلاشتۇرغانغا قەدەر 5 يىل، 9 ئاي داۋاملاشتى. مەمۇرىي مەھكىمە تۇپراق تەكشۈرۈش ئىشخانىسى بۇ قېتىمقى تۇپراق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. دېخانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، تۇپراق تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەرھۇم شۈي دېيەنۇي يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇپراق تەكشۈرۈش بويىچە سىناق نۇقتىسى خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

ناھىيە دەرىجىلىك تۇپراق تەكشۈرۈشتە كوممۇنا بىرلىك قىلىنىپ، چوڭ ئەترەتلەر بويىچە باھالاپ تەكشۈرۈپ، كوممۇنىلاردا تۇپراق تەكشۈرۈش مۇددەتكە بۆلۈنۈپ ئورۇنلاندى. ئاندىن ئىشخانىدا تەھلىل قىلىش، ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە خەرىتە ئىشلەش ئېلىپ بېرىلدى. ناھىيە، ۋىلايەت، جەنۇبىي شىنجاڭ، ئاپتونوم رايوندىن ئىبارەت 4 دەرىجە بويىچە مۇددەتكە بۆلۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ تۇپراق تەكشۈرۈش خىزمىتى پۈتۈنلەي لاياقەتلىك بولۇپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە كونىشەھەر، پەيزىۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرى ۋە قەشقەر شەھىرى بىرىنچى دەرىجىلىك بولدى؛ يېڭىسار، پوسكام، يەكەن، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا ۋە تاشقورغان ناھىيىلىرى 2- دەرىجىلىك بولدى؛ مەكىت ناھىيىسى 3- دەرىجىلىك بولدى.

ناھىيە دەرىجىلىك تۇپراق تەكشۈرۈشتە، 1983- يىلى ۋىلايەت ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەشكە باشلاپ، 1984- يىلى 12- ئايدا پۈتۈنلەي ئورۇنلاپ بولدى، جەمئىي 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىش كۈنى كەتتى. ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەشكىلاتى ماتېرىيال گۇرۇپپىسى، دالىدا تولۇقلاپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، تەھلىل قىلىش، خىمىيىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، خەرىتىگە ئېلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئارقا سەپ تەمىنات گۇرۇپپىسى بولۇپ بۆلۈندى. ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ۋەزىپىسى — ناھىيە دەرىجىلىك تۇپراق تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە دائىر ماتېرىياللارنى خۇلاسە قىلىپ، رەتلەپ، يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. دالىدا تولۇقلاپ تەكشۈرۈش، دائىرىلەر بويىچە يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە 145.987.77 كۋادرات كىلومېتىر تۇپراقنى تەكشۈرۈش تاماملاندى. تۈرگە ئايرىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، ۋىلايىتىمىزنىڭ تۇپرىقى جەمئىي 13 تۈرگە، 27 كىچىك تۈرگە، 29 تەۋەلىككە ئايرىلدى، تىپ-

رىلغۇ يەرنىڭ تۇپراقلىرى 63 تۇپراق خىلىغا ئايرىلدى. 450 مىڭ خەتلىك «قەشقەر تۇپرىقى» دىگەن ماتېرىيال ۋە مەخسۇس ماۋزۇلۇق 9 پارچە دوكلات يېزىپ چىقىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1:200000 ماسشتابلىق تۇپراق خەرىتىسى، يەرلەردىن پايدىلىنىشنىڭ ھازىرقى ھالىتى خەرىتىسى، تۇپراق ئۆزگەرتىش ۋە پايدىلىنىشنى رايونلارغا ئايرىش خەرىتىسى، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددا خەرىتىسى، تۇپراقتىكى تولۇق ئازوت خەرىتىسى، تۇپراقتىكى شورنى چىقىرىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى، تۇپراقتىكى تۇز مىقدارىنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىپ جايلىشىش خەرىتىسى ۋە تۇپراقتىكى فوسفور خەرىتىسى ئىشلەپچىقىلدى؛ يەنە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1:500000 ماسشتابلىق تۇپراق خەرىتىسى، يەرلەردىن پايدىلىنىشنىڭ ھازىرقى ھالىتى خەرىتىسى، تۇپراق ئۆزگەرتىش ۋە پايدىلىنىشنى رايونلارغا ئايرىش خەرىتىسى، تۇپراقتىكى كالىينىڭ ئورنىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى، تۇپراقتىكى مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ چوڭقۇرلىقىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىنىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى ئىشلەندى. ئاساسلىق تۇپراق تىپلىرىدىن نۇسخە ئېلىندى، بىر تۈركۈم ماتېرىيال سۈرەتلىرى تارتىلدى.

تۇپراق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋىلايىتىمىزدىكى تۇپراقنىڭ تىپلىرى، جايلىشىش قانۇنىيىتى ۋە فىزىكا-خىمىيىلىك خاراكتېرى ۋە تۈزۈلۈشى ئېنىقلاندى؛ ئېرىلغۇ يەرلەردىكى ئوزۇقلۇق ماددىسىنىڭ ئەھۋالى، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلاردا توسالغۇلۇق قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللار، شورلۇشۇپ كەتكەن كۆلەم ۋە ئۇنىڭ جايلىشىشى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى؛ تۇپراقتىن پايدىلىنىشتىكى ھازىرقى ھالەت تەكشۈرۈلۈپ، ۋىلايەت بويىچە تۇپراقنى ياخشىلاش ۋە تۇپراقتىن پايدىلىنىشنى رايونلارغا ئايرىش پىلانى ۋە تۇپراق قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى، تۇپراققا قاراپ ئېرىقچىلىق قىلىش، تۇپراققا قاراپ ئۇغۇت بېرىش، تۇپراققا قاراپ ياخشىلاش، تۇپراققا قاراپ سۇغۇرۇش ۋە تۇپراققا قاراپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، رايونلارغا ئايرىش قاتارلىق ئارماقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشى، تۇپراق بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئېچىشنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى. نەتىجىلەرنىڭ تەدبىق قىلىنىشىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. (خې خوگېيىڭ)

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئېرىلغۇ يېرىنىڭ 0—20 $Cm$ چوڭقۇرلىقىدىكى قۇۋۋەت تەركىۋى

| ناھىيە ئىسمى | ئورگانىك ماددا | ئومۇمى ئازوت | ئېرىيدىغان ئازوت | سۈمۈرۈلىدىغان فوسفور |
|---|---|---|---|---|
| قەشقەر شەھىرى | 0.87 | 0.0599 | 27.3 | 8.2 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 0.9466 | 0.0684 | 47.2 | 4.8 |
| يەكەن ناھىيىسى | 0.8336 | 0.0542 | 26.1 | 3.7 |
| مەكىت ناھىيىسى | 0.9233 | 0.0717 | 30.2 | 4.3 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 0.6887 | 0.0468 | 25.8 | 4.7 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 0.9079 | 0.0600 | 35.5 | 4.9 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 1.1709 | 0.0742 | 22.5 | 4.3 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 0.928 | 0.0622 | 48.3 | 2.8 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 0.8045 | 0.0579 | 23.6 | 3.0 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 1.105 | 0.0787 | 32.6 | 3.6 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 1.7105 | 0.1331 | 36.1 | 9.2 |
| پوسكام ناھىيىسى | 0.8926 | 0.0548 | 41.1 | 2.9 |
| ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن | 0.9017 | 0.0615 | 31.3 | 4.2 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ شورلىشىپ كېتىش ئەھۋالى

| ناھىيە ئىسمى | شورلىشىپ كەتكەن يەر كۆلىمىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىدىكى %تى | ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە شورلىشىپ كەتكەن يەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | يەڭگىل شورلاشقىنى | ئوتتۇرا ھال شورلاشقىنى | ئېغىر شورلاشقىنى |
| قەشقەر شەھىرى | 79.2 | 46.6 | 36.2 | 17.2 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 89.5 | 34.3 | 52.1 | 13.6 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 36.4 | 24.5 | 54.7 | 20.8 |
| يەكەن ناھىيىسى | 43.3 | 95.8 | 2.8 | 1.4 |
| پوسكام ناھىيىسى | 40.6 | 94.8 | 4.2 | 1.0 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 3.6 | 86.1 | 13.9 | — |
| مەكىت ناھىيىسى | 94.5 | 54.6 | 36.3 | 9.1 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 94.3 | 43.4 | 40.1 | 16.5 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 100.0 | 17.2 | 47.7 | 35.1 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 53.4 | 80.1 | 12.2 | 7.7 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 92.1 | 16.0 | 24.8 | 59.2 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | — | | | |
| ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن | 58.7 | 49.8 | 30.2 | 20.0 |

**[قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك كىلىمات بايلىقى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دائىرىسى كەڭ، يەر شەكلى مۇرەككەپ، تۈزلەڭلىكتىن تاغلىق رايونلارغىچە، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق كىلىمات شارائىتى جەھەتتە ئالاھىدىلىككە ئىگە. پايدىلىق يېزا ئىگىلىك كىلىمات بايلىقىدىن تولۇق ھەم مۇۋاپىق پايدىلىنىش، پايدىسىز شارائىتلارنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش ياكى ئۇنى يەڭگىللىتىش، ۋىلايىتىمىزنىڭ كىلىمات بايلىقى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش — دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ھالقىلارنىڭ بىرى.

1. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك كىلىمات شارائىتى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى:

(1) يېتەرلىك بولغان قۇياش ئېنېرگىيىسى بايلىقى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئىنتايىن مول، قۇياش ئومۇمىي چېچىلىش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن يىل-

لىغا 139 كىلو كالورىيە كۋۋادرات سانتىمېتىر بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش كەڭلىك گىرادۇسقا جايلاشقان رايونلارغا قارىغاندا يىلىغا 20 ~ 15 كىلو كالورىيە كۋۋادرات سانتىمېتىر ئارتۇق. قوياش نۇرىنىڭ ئومۇمى چېچىلىش مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان يىللاردا يىلىغا 151 كىلو كالورىيە كۋۋادرات سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، ئەڭ ئاز بولغان يىللاردا يىلىغا 135 كىلو كالورىيە كۋۋادرات سانتىمېتىر بولىدۇ، ئومۇمى چېچىلغان نۇردىن زىرائەتلەر قوبۇل قىلالايدىغان فوتوسىنتېز ئۈنۈملۈك چېچىلىش مىقدارى يىلىغا 75 ~ 65 كىلو كالورىيە كۋۋادرات سانتىمېتىر بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش كەڭلىك گىرادۇسقا جايلاشقان جايلاردىن يىلىغا 15 ~ 10 كىلو كالورىيە كۋۋادرات سانتىمېتىر ئارتۇق.

كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2700 سائەتتىن 3 مىڭ سائەتكىچە بولىدۇ، يازلىق كۈن-تۈن توختاشنىڭ ئالدى - كەينىدە كۈندۈز كۈن ۋاقتى 13 سائەتتىن 15 سائەتكىچە بولۇپ كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى 65 % ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇ نىسبەت كۈز پەسلىدە ئەڭ چوڭ، ئاندىن قالسا ياز پەسلىدە بولىدۇ، ئەتىيازدا ئەڭ ئاز بولىدۇ. ۋىلايىتىمىزنىڭ قوياش ئېنېرگىيىسى بايلىقى مول بولسىمۇ لېكىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن، ناھايىتى زور ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە.

(2) مول ئىسسىقلىق مىقدارى بايلىقى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى مول، 0 ℃ دىن يۇقىرى ياكى ئۇنىڭغا تەڭ بولغان يىللىق ئوتتۇرىچە جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4560 ℃ تىن 4760 ℃ غىچە بولىدۇ، ئەڭ يۇقىرى بولغان يىلدا 4900 ℃ تىن 5000 ℃ غىچە بولىدۇ، 10 ℃ دىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولمىغان جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4060 ℃ دىن 4360 ℃ غىچە بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بولغان يىلدا 4500 ℃ دىن 4600 ℃ غىچە يېتىدۇ. جەنۇبىي قىسمىغا قارىغاندا شىمالىي قىسمىدا، غەربىي قىسمىغا قارىغاندا شەرقىي قىسمىدا كۆپرەك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. 0 ℃ دىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولمىغان جۇغلانما تېمپېراتۇرىنىڭ 80% 4400 ℃ دىن ئارتۇق بولىدۇ، 10 ℃ دىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولمىغان جۇغلانما تېمپېراتۇرىنىڭ 80 % ى 4000 ℃ ئەتراپىدا بولىدۇ، پامىر ئېگىزلىكىدە 0 ℃ دىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولمىغان تېمپېراتۇرا 1500 ℃ ئەتراپىغا يېتىدۇ.

قىرووسىز مەزگىلى ئۇزاق، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 كۈندىن 220 كۈنگىچە بولىدۇ، ئەڭ ئۇزاق بولغان يىللاردا 230 كۈندىن 240 كۈنگىچە بولىدۇ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلىنىدۇ، 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى ئاخىرىدا ئاياغلىشىدۇ، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، قىرووسىز مەزگىلى ئۇزاق بولغانلىقتىن، ئىسسىقلىقنى خالايدىغان ھەر خىل زىرائەتلەرنى ۋە كۈن نۇرى ئۇزاق چۈشىدىغان زىرائەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە تېرىشقا پايدىلىق، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىستىقبال ناھايىتى زور.

(3) تېمپېراتۇرىنىڭ كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقى چوڭ. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كلىماتى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك كلىماتقا تەۋە، ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش پەسىللىرى ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، تېمپېراتۇرىنىڭ كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقى چوڭ. يىل بويى ئوتتۇرا ھېساب

بىلەن كۈندۈزلۈك سېلىشتۇرما پەرقى 14℃ تىن 16℃ گىچە بولىدۇ، ئادەتتە، بۇ پەرق كۈز پەس-لىدە ئەڭ چوڭ، قىش پەسلىدە ئەڭ كىچىك بولىدۇ، كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقى ئەڭ چوڭ بولغاندا 25℃ دىن ئاشىدۇ. تەمسىلەردە ئېيتىلغان «جۇۋا كەيسە ئەتىگەن، كۆينەك كىيەر چۈشلۈكى، مەش چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، تاۋۇز يەيدۇ كەچلىكى» دېگەن سۆز ۋىلايىتىمىزدە تېمپېراتۇرا پەرقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنىڭ ھەقىقى تەسۋىرى. كۈندۈزلىرى تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغاچقا، زىرائەتلەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش رولى تېزلىشىدۇ، كېچىلىرى تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغاچقا، زىرائەتلەرنىڭ شۈمۈرۈش رولى ئاستا بولىدۇ، ئاز خورايدۇ، ئورگانىك ماددىلار كۆپ توپلىنىدۇ، بۇ ۋىلايىتىمىز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىر چوڭ ئارتۇقچىلىقىدۇر.

(4) يېزا ئىگىلىكىدە سۇغۇرۇشتىكى سۇ مەنبەلىرى بىر قەدەر مۇقىم. قەشقەر ۋىلايىتى سۇغۇرۇش دېخانچىلىق رايونى بولۇپ، ئاساسەن دەريا سۈيى بىلەن سۇغۇرۇشقا تايىنىدۇ. دەريا سۇلىرى ئاساسەن تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئى ھۆل - يېغىنلارنى مەنبە قىلىدۇ. تاغلىق رايونلاردا يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، ئالاقىدار ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن 3500 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان جايلاردا يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 400 مىللىمېتىردىن 500 مىللىمېتىرغىچە بولغان. كۇئېنلۇن تېغى ۋە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 3 مىڭ مېتىردىن 4 مىڭ مېتىرغىچە ئېگىز بولغان جايلىرىدا 300 مىللىمېتىردىن 400 مىللىمېتىرغىچە بولغان. مۇنداق مول ھۆل-يېغىن مۇزلۇقلاردىن ئېرىپ كەلگەن سۇ قوشۇلۇپ، سۇغۇرۇش سۈيى مەنبەنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، تاغلىق رايونلارنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى بويىچە يىللىق ئۆزگىرىش ئاز، تۇراقلىق دەرىجىسى يۇقىرى. شۇڭا، ۋىلايىتىمىزنىڭ سۇغۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۈيى بىر قەدەر مۇقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مول يەر ئاستى سۇ مەنبەلىرى بار، ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق.

2. يېزا ئىگىلىك كىلىمات شارائىتى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك:

(1) ئىسسىقلىق شارائىتى ئانچە تۇراقلىق ئەمەس. بەزى يىللىرى تېمپېراتۇرا تۆۋەن، جۇغلانما تېمپېراتۇرا ئاز بولغاندا، تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە سوغۇقنىڭ زىيان سېلىشى يۈز بېرىدۇ، مەسىلەن: باش باھار كېچىكمۇرەك كېلىشى، باش قىشتا نورمالسىز قىرو ئۈششۈكى پەيدا بولۇش، ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەن، يازدا ھاۋا سەل سالقىن، كۈزدە تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى تېز بولۇش ۋە قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق بولۇش، تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولۇش، ئۈششۈك ئاپىتى قاتارلىق پايدىسىز ھاۋارايى شارائىتى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە ھەم مەھسۇلاتقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، پەقەت جۇغلانما تېمپېراتۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرۇلسا كۇپايە قىلمايدۇ، نورمالسىز ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، پايدىسىز ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە خالى بولۇش لازىم.

(2) تەبىئى ھۆل - يېغىن ئاز، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولىدۇ، تۈزلەڭ رايونلاردا ھۆل - يېغىن شالاڭ، ئاز بولىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن

لەن يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 65 مىللىمېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ، يىل بويى ئۆزگىرىش چوڭ، نىسبىي ئۆزگىرىش نىسبىتى يۇقىرى، پايدىلىنىش قىممىتى تۆۋەن بولىدۇ. ئەگەر ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولۇش، ھۆل-يېغىن ئاز، دەريا سۈيىنىڭ ئۇلغىيىشى ئاستا بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلسە، بۇ چاغدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى جىددىي ئاشقانلىقتىن، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقىپ، ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىدۇ. بەزى يىللاردا بۇ ئەھۋال ئالاھىدە گەۋدىلىك بولىدۇ، بۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىر چوڭ توسالغۇ.

(3) سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى تېز، قۇم-بورانلىق، چاڭ-تۇزاڭلىق كۈنلەر كۆپ بولىدۇ، كىلىمات قۇرغاق، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاز بولغانلىقتىن سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى تېز بولىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پارغا ئايلىنىش مىقدارى يىلىغا (پارغا ئايلىنىشتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارى) 1200 مىللىمېتىردىن 1400 مىللىمېتىرغىچە بولۇپ، ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ 20 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ، پارغا ئايلىنىش تېز، نەملىك دەرىجىسى تۆۋەن بولغاچقا، 5-، 6-ئايلاردا تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ كەتسە، ھەمىشە قۇرغاق شامال چىقىپ، كۆزگى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشىغا بىر قەدەر زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىدە ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە قۇم-بوران كۆپ چىقىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10-20 كۈن بوران چىقىدۇ، جەنۇبىي قىسمىغا قارىغاندا شىمالىي قىسمىدا بوران كۆپ چىقىدۇ، بۇ يەرلەردە ئەڭ كۆپ بولغاندا، يىلىغا 30 كۈن ئەتراپىدا بوران چىقىدۇ. بوران قۇمنى ئۇچۇرۇپ، چاڭ-تۇزاڭ پەيدا قىلىپ، ئېتىزلارنى يېمىرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.


ئۇندىن باشقا، قىسمەن جايلاردىكى مۆلدۈرمۇ ھەمىشە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، بۇمۇ يېزا ئىگىلىك كىلىماتىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان ئاپەتلەرنىڭ بىرى.

**[يېزىلاردىكى «5 تە ياخشى» قۇرۇلۇش]** قەشقەر ۋىلايىتى سۇغۇرۇلىدىغان قەدىمىي يېزا ئىگىلىك رايونى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئېرىق-ئۆستەڭلەر قالايمىقان، ئەگرى-بۈگرى، ئوسال ئىدى. زەيكەش سىستېمىسى ئاساسەن يوق ئىدى. ئاساسلىقى ئويمان جايلارغا تايىنىپ تەبىئىي ھالدا زەي قاچۇرۇلاتتى. يوللىرى قالايمىقان، تار، ئېگىز-پەس ئىدى. دەل-دەرەخلەر گەرچە ئاز بولمىسىمۇ، لېكىن ئورمان بەلۋىغى ھاسىل بولمىغان. ئېتىزلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئېگىز-پەسلىكى، شەكلى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بىر پارچە ئېتىزنىڭ ئىچىمۇ تەكشى ئەمەس ئىدى. ئۆي-ئىمارەتلەر تارقاق بولۇپ، تولىسى پاكار، سۈپىتى ناچار ئىدى. بۇ، ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تولىمۇ لايىقلىشالمايتتى.



سۇ ئىنشائاتى گۇيخۇاسى.
جورى قادىر فوتوسى

1959- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىدارىتىنىڭ "كونا سۇغۇرۇش رايونلىرىنى ئۆزگەرتىش" كە چاقىرىق قىلىشى ئارقىسىدا، ئېرىق- ئۆستەڭ، يول، ئورمان بەلۋىغى ئۆزگەرتىلىشكە باشلاندى. 1963- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم "بىڭتۇەن يۆنىلىشى، كوممۇنا ئالاھىدىلىكى" بويىچە يېزىلارنى ئۆزگەرتىش چاقىرىقىنى چىقاردى، بۇنىڭ بىلەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك گويىخۇالاش باشلىنىپ كەتتى. 1964- يىلى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ بەكتەش «قىزىل بايراق» كوممۇنىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، يېزا قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، سۇ ئىنشائاتىنى مەركەز قىلغان "5 تە ياخشى" يېزا قۇرۇلۇشىنى، يەنى، ياخشى ئۆستەڭ، ياخشى سالا ئېتىزى، ياخشى يول، ياخشى ئورمان بەلۋىغى، ياخشى مەھەللە قۇرۇلۇشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.




سەھەردىن چوڭ ئەترىتىنىڭ يېڭى قىياپىتى.

جودى قادىر فوتوسى

20 يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ۋىلايىتىمىزدە يېزىلارنىڭ "5 تە ياخشى" قۇرۇلۇشى مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا مەنزىرىسى ئومۇمىيۈزلۈك بارلىققا كەلدى. ھازىر ۋىلايىتىمىز بويىچە گويىخۇالانغان 40 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى غوللۇق، تارماق، شاخچە ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلارنىڭ 70-80% تى گويىخۇا بويىچە ئۆزگەرتىلىپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2190 كىلومېتىرغا بېتون، تاش ۋە يالتىراق ئىشلىتىپ، سىڭىمە سىلەشتۈرۈلگەن ئۆستەڭ قىلىپ ياسالدى. ياسالغان چوڭ- كىچىك ئەبەدىلىك قۇرۇلمىلار 13 مىڭ. چېپىلغان ھەر دەرىجىلىك زەيكەشلەر 14200 كىلومېتىر كېلىدۇ. 6 مىليون 400 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر ئىچىدە سالا ئېتىزى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگىنى (بىر قىسىملىرىنىڭ ئەتراپىغا ئېرىق- ئۆستەڭ، يول ياسالغان، ئورمان بەلۋىغى يېتىشتۈرۈلگەن) 24 مىڭ پارچە، 3 مىليون 859 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 58% نى ئىگىلەيدۇ؛ بۇنىڭ ئىچىدە سالا ئېتىزىنىڭ ئەتراپىدا ئېرىق- ئۆستەڭ، ئورمان، يول تولۇق، ئېتىزنىڭ ئىچى تۈز تاش، تەكشى، ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلىشقا بولىدىغان كۆلىمى 12 مىڭ پارچە،

2 مىليون 130 مىڭ مو كېلىدۇ. بەرپا قىلىنغان ئورمان بەلبېغى 22 مىڭ كىلومېتىر، ياسال- غان يول 17700 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە شېغىل ياتقۇزۇلغان يول 3800 كىلومېتىر)، سالا ئېتىزنىڭ ئارىلىقىدىكى يول 16800 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۆۋەن ئۆلچەملىك مەھەللە 200 مىڭ ئائىلىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئىشلىنىپ بولغان بۇ خىزمەتلەر يېزىلارنىڭ "5 تە ياخشى" قۇرۇ- لۇشىدا ئىشلەشكە تېگىشلىك ئومۇمىي خىزمەتنىڭ تەخمىنەن 40% نى ئىگىلەيدۇ.



[illegible] فوتوسى

1984- يىلى ئىشلەنگەن خىزمەتلەر بىر قەدەر كۆپ، بىر قەدەر ياخشى بولغان بىر يىل بولدى. 1983- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە "5 تە ياخشى" يېزا قۇ- رۇش ئىشخانىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر قېتىم تەكشۈرۈپ باھالاشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 1984- يىللىق خىز- مەتلەرنىڭ قانات يېيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئەتىيازدا ۋىلايەت بويىچە ھەممە ناھىيىلەردە كۆ- چەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش تۇتۇلدى، 143 مىڭ مو يەرگە ئورمان ئەھيا قىلىنىپ، 7 مىليون تۈپ پارچە- پۇرات كۆچەت قويۇلدى، يىللىق پىلاننىڭ 116% تى ئورۇن- لىنىپ، 1983- يىلدىكىدىن 9.7% كۆپەيتىلدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. شۇ چاغدا سې- مونت ئاساسلىقى كاچۇك، ئۈچ كۆۋرۈكتىن ئىبارەت ئىككى ئورۇندىكى دەريا توسۇپ سۇ باشلاش تۈگۈنى قۇرۇ- لۇشىنى تەمىنلەش ئۈچۈن بېرىلگەنلىكتىن، ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا، ئاساسلىقى، يالتىراق ئىشلىتىپ سىڭىمەسلەشتۈرۈلگەن ئۆستەڭ ۋە زەيكەش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. 6- ئاي- نىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يالتىراق ئىشلىتىپ سىڭىمەسلەشتۈرۈش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدىن 184 كىلومېتىر ئورۇنلىنىپ، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە قاغىلىق ناھىيىسى يالتىراق ئىشلىتىپ سىڭىمەسلەشتۈرۈلگەن ئۆستەڭنى 72 كى- لومېتىرغا يەتكۈزۈپ، ئەتىيازلىق سۇغۇرۇشتا سىڭىپ كېتىشتىن بولىدىغان 4 مىليون 880 مىڭ كۇب مېتىرلىق زىياننى ئازايتتى. پەيزىۋات، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ چاپقان، يۇرۇشلەشتۈرگەن ئوللۇق زەيكەشلىرى 130 كىلومېتىرغا يەتتى. دېخانچىلىق ئالدىراش پەسلى- دە ئاساسلىقى سۇغۇرۇش رايونلىرى يۇرۇشلەشتۈرۈلدى. گۈيخۇا بويىچە ئۆزگەرتىلىپ بول- غان ئۆستەڭلەرنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى ياسىدى. كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسى ئاخىرلاشقاندىن كې- يىن، ناھىيىلەر يېزىلاردىكى "5 تە ياخشى" قۇرۇلۇشنى زەربىدارلىق بىلەن ئېلىپ باردى، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا بۇ ئىشقا 300- 400 مىڭ ئادەم قاتناشتى، يەكەن نا- ھىيىسىدىن قاتناشقان ئادەم سانى 136 مىڭغا يەتتى.

1984- يىلى يېزىلاردىكى "5 تە ياخشى" قۇرۇلۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق: بىرىنچىدىن، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋىلايەت بويىچە سىڭىمەسلەشتۈرۈلگەن ئېرىق-ئۆستەڭلەر، سالا ئېتىزى گۈيخۇاسى، ئورمان تورلىرى قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىندى. ئىككىنچىدىن، سۈپەت يۇقۇ-

رى كۆتىرىلدى، ۋىلايەت بويىچە ئاش، يالتىراق ئىشلىتىپ سىڭمە سىلەشتۈرۈلگەن ئۆستەڭلەر- نىڭ سىڭىپ كېتىشى يۇقىرى بولدى. ئۆستەڭلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىل- گىرىكىگە قارىغاندا مەبلەغ تېجەپ قىلىندى، سۈپەت يۇقىرى كۆتىرىلدى، كۆركەم بولۇش تەكىتلەندى. سېلىنغان كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 79% كە (ئىلگىرى 60% ئەتراپىدا ئىدى) يەتتى.

1984- يىلى جەمئىي 448.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سىڭمە سىلەشتۈرۈلگەن ئۆستەڭ ياسالدى؛ 493.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېڭىدىن زەيكەش چېپىلدى؛ 6000 جايدا ھەر خىل قۇرۇلما ياسالدى، بۇنىڭدىن 1487 سى ئەبەدىلىك قۇرۇلمىدۇر؛ 519 مىڭ مو كېلىدىغان مۇنتىزىم سالا ئېتىزى بەرپا قىلىندى؛ 2800 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئورمان بەلۋىغى يېڭىدىن ئەھيا قىلىندى؛ 600 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا شېغىل يول يېڭىدىن ياسالدى؛ 5400 ئائىلىلىك مەھەللە يېڭىدىن قۇرۇلدى. (خۇاڭ شۈجۈ)

## [قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىش ئەھۋالى]

1. دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرى:

1) ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى

يېزا قۇۋۋەت مەنبەسى ئىشخانىسى

2) ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى پونكىتى

3) شىنجاڭ رايون خاراكتېرلىك كېسەللىك - ھاشاراتلارنى تەكشۈرۈش، مەلۇم قىلىش مەركىزى پونكىتى

4) قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى

5) ۋىلايەتلىك يەر تەكشۈرۈش، كۆيخۇالاش ئەترىتى

6) ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى

7) ۋىلايەتلىك ھەسەلچىلىك مەيدانى

8) ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنى

9) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قەشقەر ھاۋا ئاتات- ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئورنى

2. ئورمانچىلىق ئاپپاراتلىرى:

1) ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى

ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشخانىسى

كۆكەرتىش ئىشخانىسى

ياۋايى ھايۋاناتلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشخانىسى

2) ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقۇرۇش پونكىتى

3) ۋىلايەتلىك ئورمان ئۇرۇقى پونكىتى

4) ۋىلايەتلىك ياغاچ شىركىتى

5) ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پەن - تەتقىقات ئورنى

6) ۋىلايەتلىك ئورمانلاردا بولىدىغان كېسەللىك ـ ھاشاراتلار زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تېزگىنلەش پونكىتى
7) ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تەكشۈرۈش ـ لايىھەلەش ئەترىتى
8) كونئېنلۇن ئورمانچىلىق مەيدانى
3 . سۇ ئاپاراتلىرى:
1) ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسى
2) گەز ـ كۈسەن دەريا ۋادىسى باشقارمىسى
3) قىزىل دەريا ۋادىسى باشقارمىسى
4) يەكەن دەريا ۋادىسى باشقارمىسى
5) ۋىلايەتلىك گىدرومېتېرىيە پونكىتى
6) ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى، ئېلېكتىر تەكشۈرۈش لايىھەلەش ئەترىتى
7) قەشقەر سۇ مەكتىپى
8) شىپكەر كۆل سۇ ئامبىرى باشقارمىسى
9) ۋىلايەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى تەجرىبە مەيدانى
10) ۋىلايەتلىك قۇدۇق قېزىش ئەترىتى
4 . چارۋىچىلىق ئاپاراتلىرى:
1) ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى
2) ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى
3) ۋىلايەتلىك يايلاق پونكىتى
4) ۋىلايەتلىك چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتى
5) ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا مەيدانى
5 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئاپاراتلىرى:
1) ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى
2) ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى
3) قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق مەكتىپى
4) قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنى
5) قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى
6 . يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئاپاراتلىرى:
1) ۋىلايەتلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى
2) ۋىلايەتلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرى تەمىنات ـ سودا شىركىتى
7 . ھاۋارايى ئاپاراتلىرى:
1) ۋىلايەتلىك ھاۋارايى باشقارمىسى
2) قەشقەر ھاۋارايى ئىستانسىسى
قاغىلىق ھاۋارايى ئىستانسىسى
پوسكام ھاۋارايى ئىستانسىسى

يەكەن ھاۋارايى ئىستانسىسى
يەكەن يېزا ئىگىلىك ھاۋارايى تەجرىبە پونكىتى
يېڭىسار ھاۋارايى ئىستانسىسى
پەيزىۋات ھاۋارايى ئىستانسىسى
يوپۇرغا ھاۋارايى ئىستانسىسى
مارالبېشى ھاۋارايى ئىستانسىسى
تاشقورغان ھاۋارايى ئىستانسىسى
مەكىت ھاۋارايى ئىستانسىسى
تورغات ھاۋارايى ئىستانسىسى

(ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا ئىگىلىك خىزمىتى بۆلۈمى)

# تېرىقچىلىق

**[تېرىقچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان]** قەشقەر ۋىلايىتى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ قەدىمىي يېزا ئىگىلىك رايونى، بۇغداي، كۆممە قوناق، كېۋەز تېرىش تارىخى ئۇزاق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىمۇ داڭلىق بولۇپ، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە ماكانى بولۇپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: (1) 1984-يىلى ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1949-يىلدىكىدىن 1.3 ھەسسە ۋە 2.5 ھەسسە ئاشتى. ئومۇمىي مەھسۇلات ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 3.7% دىن ئاشتى: ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن ئاشلىق 721 جىڭ بولۇپ، 1949-يىلدىكىدىن 1.33 ھەسسە ئاشتى. لېكىن، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن، تەرەققىيات بىر قەدەر ئاستا ئىدى، 1949-يىلىدىن 1978-يىلىغىچە بولغان 29 يىلدا ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 3.4% دىن ئاشقان، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تەرەققىيات تېز بولۇپ، 1979-يىلىدىن 1984-يىلىغىچە بولغان 6 يىلدا ئومۇمىي مەھسۇلات ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 5.1% دىن ئاشتى. 1949-يىلىدىن 1978-يىلىغىچە بولغان 29 يىلدا پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 5.9% دىن ئاشتى. 1978-يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى يىلدا يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقتىن پاختا مەھسۇلاتى ناھايىتى تېز ئاشتى، 6 يىلدا پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 20.9% دىن ئاشتى. (2) تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ شارائىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە



شالدىن مول ھوسۇل ئېلىندى.
جورى قادىر فوتوسى

چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبىرىدىن 102 سى ياسالدى. 1 مىليارت 400 مىليون كۇب سۇ ساقلاشقا بولىدۇ؛ 3142 قۇدۇق كولاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يالتىراق ئىشلىتىپ سىڭمەسلەشتۈرۈش يېڭى تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە سۇغۇرۇلىدىغان يەر كۆلىمى 6 مىليون 360 مىڭ موغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن تەخمىنەن بىر ھەسسە كۆپەيدى؛ (3) ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بالدۇر پىشىدىغان مول ھوسۇللۇق بۇغداي «تاڭشەن-6898» بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلغان كۆممە قوناق ئۇرۇقى كېڭەيتىلىپ، ۋىلايەت بويىچە «تاڭشەن - 6898» تېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يالتىراق يېپىپ كۆچەت تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، يېزىلاردا يالتىراق يېپىپ كۆچەت تېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە «بالدۇر پىشىدىغان ئىككى سورتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كەڭ دائىرىدىكى ئاشلىق كۆلىمىدە مو مەھسۇلاتى مىڭ جىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلار بارلىققا كەلدى. يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ سىيەك يېزىسى 4-چوڭ ئەترەتنىڭ 3-ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى تېرىغان 77 مو «تاڭشەن-6898» بۇغدىيىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1047 جىڭ بولدى، بۇغداي ئېگىزىغا تېرىلغان بېيجىڭ بالدۇر پىشار 8 - نومۇرلۇق كۆممە قوناقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1024 جىڭ بولدى. ئىككىسى قوشقاندا مو مەھسۇلاتى 2071 جىڭ بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە بىر مو يەردىن بىر توننا ئاشلىق ئېلىنغان ئېتىزلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن، يېزىلاردا «بالدۇر پىشىدىغان ئىككى سورتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش دولقۇنى» كۆتۈرۈلدى.



ئىشقا چىقىش

جورى قادىر فوتوسى

1984 - يىللىق تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋەزىيىتى: 1984 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئەتىيازدا ھاۋانىڭ جۇدۇن بولۇشى ۋە قۇرغاقچىلىق قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىدى. پۈتۈن ۋىلايەت خەلقى ئاپەتكە قارشى كۆرەش قىلىپ، تېرىقچىلىقتا ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئالدى.


1. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتىدا يەنە بىر قېتىم تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليارت 660 مىليون جىڭغا يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 100 مىليون 690 مىڭ جىڭ، 6.5% ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىقتا ئۇدا بەش يىل مەھسۇلات ئاشۇرۇپ بەشىنچى قېتىم تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. تېرىلغان 5 مىليون 10 مىڭ مو ئاشلىق كۆلىمىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 331 جىڭ بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 30 جىڭ ئاشتى. يازلىق ئاشلىق ۋە كۈزلۈك ئاشلىقتىن ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىندى. يازلىق ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 895 مىليون جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.5% ئاشتى. 11 ناھىيە

( شەھەر ) دىن قاغىلىق ناھىيىسى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ مەھسۇلاتى كېمەيگەندىن باشقا، قالغان 10 ناھىيە ( شەھەر ) نىڭ يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە 7 ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 300 جىڭدىن يۇقىرى بولۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەھسۇلاتلىقلار قاتارىغا كىردى. كۈزلۈك ئاشلىقتىمۇ مول ھوسۇل ئېلىندى. ئومۇمىي مەھسۇلات 740 مىليون جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %4.4 ئاشتى، بىرلىك مەھسۇلات 365 جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 43 جىڭ ئاشتى.

2. پاختىدا رېكورت يارىتىلىپ زور مول ھوسۇل ئېلىندى. كېۋەز كۆلىمى 1 مىليون 165 مىڭ 500 مو بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5400 مو كۆپەيدى، ئومۇمىي پاختا مەھسۇلاتى 1 مىليون 26 مىڭ دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %30.9 ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلاتى 88 جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21 جىڭ ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە پاختا تېرىيدىغان 11 ناھىيە ( شەھەر ) نىڭ ھەممىسىدە مەھسۇلات ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدىن پەيزىۋات، يوپۇرغا %50 دىن كۆپرەك ئاشۇردى، قاغىلىق، مارالبېشى %40 دىن كۆپرەك ئاشۇردى. مەكىت، پوسكام، كونىشەھەر %20 دىن كۆپرەك ئاشۇردى.

3. ياغلىق داندىن 1981 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ئۇدا 3 يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، تارىختىكى سەۋىيە 3 قېتىم يارىتىلدى. پاختا مەھسۇلاتى ئاشقانلىقى، چېكىتتىن ياغ تارتقىلى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ياغلىق داننىڭ كۆلىمى قىسقارتىلدى، 1984 - يىلى ياغلىق دان كۆلىمى 157900 مو بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5700 مو ئازايدى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 47 مىليون 24 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %0.8 كېمەيدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپتاپپەرەس مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 مىليون 644 مىڭ جىڭ، %10 ئاشتى؛ زىغىر مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 845 مىڭ جىڭ، %14.8 كېمەيدى.

4. مېۋىلەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13 مىليون 240 مىڭ جىڭ، %10.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىيازدا ئالما بىلەن ئۆرۈك قۇرغاقچىلىققا ۋە تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا ئالما %1.3، ئۆرۈك %6 كېمەيدى؛ ئۈزۈم بىلەن ئامۇت مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشتى، ئۈزۈمنىڭ %38، ئامۇتنىڭ %4.6 ئاشتى.



قوغۇندىن مول ھوسۇل ئېلىندى.
مەھەممەت ھېيىت فوتوسى

1984 - يىللىق تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى:

(1) ئاشلىق، پاختىنىڭ مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە ئاشتى، بۇنىڭدىن پاختا مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش ھەجمى ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش ھەجمىدىن چوڭ بولدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، ھاۋا كىلىماتى كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولدى، يالتىراق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزنىڭ كۆلىمى كۆپ، كېۋەزگە ئىشلىتىلگەن ئوغۇت مىقدارىمۇ كۆپ

بولدى. (2) تۆۋەن ھوسۇللۇق ناھىيىلەردە مەھسۇلات زور ھەجىمدە ئاشتى. مارالبېشى ناھىيىسىدە بۇغداي مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13.5% ئېشىپ، ئەسلىدىكى بەزى ئوتتۇرا ھوسۇللۇق رايونلاردىكى مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش ھەجىمىدىن ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن: پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ پاختا بىرلىك مەھسۇلاتى ئەزەلدىن تۆۋەن بولۇپ كەلگەن، 1984 - يىلى پاختا ئومۇمى مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 49400 دەن، 52% ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلاتى 53.7 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17 جىڭ ئاشتى. (3) يۇقۇرى ھوسۇللۇق ناھىيىلەر تېخىمۇ يۇقۇرى ھوسۇل ئالدى. قەشقەر شەھرى، پوسكام، يەكەن ناھىيىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى خېلى زور ھەجىمدە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق كۆلىمى ئەڭ كۆپ بولغان يەكەن ناھىيىسىنىڭ يازلىق ئاشلىق ئومۇمى مەھسۇلاتى 179 مىليون 690 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.6% ئاشتى، بىرلىك مەھسۇلاتى317.5 جىڭغا يېتىپ، 300 جىڭلىق ئۆتكەلنى تۇنجى قېتىم بۆسۈپ ئۆتتى. پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا بىرلىك مەھسۇلاتى ئەسلىدە خېلى يۇقۇرى بولغان يوپۇرغا، مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 128 جىڭ، 123 جىڭ، 101 جىڭغا يېتىپ، بىر مو يەردىن 100 جىڭ پاختا ئېلىش ئۆتكىلىنى تۇنجى قېتىم بۆسۈپ ئۆتتى. (4) دېھقانلار يېڭى تېخنىكىنى پائال ئۆگىنىپ كېڭەيتتى. يالتىراق يېپىپ كۆچەت تىكىش ۋە " بالدۇر پىشىدىغان ئىككى سورتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش " مەركەز قىلىنغان تۇجۇپىلەپ باشقۇرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ۋىلايەت بويىچە يالتىراق يېپىپ تېرىلغان زىرائەت كۆلىمى 276 مىڭ مودىن ئارتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز 270 مىڭ مو، قوغۇن 3790 مو، ئوتياش 2347 مو، تاۋار ئىگىلىكىگە قاراپ راۋاجلىنىش بولدى. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك كىرىمى 502 مىليون 267600 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.63% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتكە سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 59 مىليون 400 مىڭ جىڭ، 3.1% كۆپەيدى. سېتىۋېلىنغان پاختا ئالدىنقى يىلدىكىدىن35.6% كۆپەيدى. ( لى شىجىڭ )

**[ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ]**

بۇرۇن، "سول" يېتەكچى ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى بەكمۇ نامۇۋاپىق بولۇپ، تېرىقچىلىق نىسبىتى ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولغان، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلمىقتىن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنالمىغان. تېرىقچىلىقتا ئاشلىقنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولۇپ، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىقچىلىقىغا سەل قارالغان. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ۋە جايلىشىشىنى يىلدىن-يىلغا تەڭشىدى. 1984 - يىلىغا كەلگەندە ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ كۆلىمى 1978 - يىلدىكى 6 مىليون180 مىڭ مودىن 5 مىليون10 مىڭ مو چامىسىغا قىسقارتىلىپ، 18.3% ئازايتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي كۆلىمى 1978 - يىلدىكى 2 مىليون 788مىڭ مودىن 2 مىليون 750 مىڭ موچامىسىغا قىسقارتىلدى؛ شال كۆلىمى 1978 -

يىلىدىكى 242700 مودىن 156 مىڭ مو چامىسىغا قىسقارتىلدى؛ كۆممە قوناق كۆلىمىدىن چاغدا قوناق كۆلىمى قىسقارتىلىپ، ئېگىز قونىقى كۆلىمى كېڭەيتىلدى، 1984 - يىلى چاغدا قوناق كۆلىمى 1978 - يىلىدىكىدىن 692 مىڭ مو، 44.6% قىسقارتىلدى. قىسقارتىش ئارقىلىق بىكارلانغان 700 نەچچە مىڭ مو يەرگە ئاساسلىقى پاختا، زىغىر، قوغۇن- تاۋۇز، مۆلىلىك دەرەخ، ئوتياش قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلدى ياكى قويۇلدى. تېرىقچىلىققا باپ كەلمەيدىغان بەزى يەرلەر ئورمانچىلىققا ۋە چارۋىچىلىققا قايتۇرۇلۇپ، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەريانىدا، قەشقەر ۋىلايىتىدە جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مول ھوسۇللۇق بالدۇر پىشىدىغان بۇغداي «تاڭشەن-6898» نىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بۇ بۇغداينى 6 - ئاينىڭ بېشىدا ۋە ئوتتۇرىلىرىدا ئورىۋېلىپ، ئورنىغا 100 كۈنلۈكچە ئارا چاغدا قوناقنى تېرىشقا بولىدۇ. بۇ قوناقنىڭ مەھسۇلاتى چاغدا قوناقنىڭكىدىن ئانچە قېلىشمايدۇ. بەزى جايلاردا چاغدا قوناقنىڭ مەھسۇلاتىدىنمۇ يۇقىرى چىقىدۇ. شۇڭا، ئېگىز قونىقى كۆلىمى يىلدىن-يىلغا كېڭەيتىلىپ، 1984 - يىلى 1 مىليون115 مىڭ موغا يەتتى، 1978 - يىلىدىكىدىن 247 مىڭ مو، 28% كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمىزدە چاغدا كۆممە قوناق كۆلىمى پەيدىن-پەي قىسقارتىلىپ، ئىقتىسادىي زىرائەت كېۋەز كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇلدى، 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە كېۋەز كۆلىمى 1 مىليون 165 مىڭ مو بولۇپ، 1978 - يىلىدىكىدىن 336500 مو كۆپىيىپ، 40.7% كېڭەيدى. تەڭشەش ئارقىلىق ئاشلىق كۆلىمىنىڭ نىسبىتى 1978-يىلىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىدىكى 80% تىن 69.6% كە چۈشۈرۈلدى. ھالبۇكى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ نىسبىتى 13.2% تىن 18.8% كە كۆتۈرۈلدى. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى تەدرىجىي ھالدا مۇۋاپىقلىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: بىرىنچى، ئاشلىق ۋە تۈرلۈك ئىقتىسادىي زىرائەتلەر مەھسۇلاتىنىڭ ئومۇمىييۈزلۈك ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليارد 660 مىليون جىڭغا يېتىپ، 1978 - يىلىدىكىدىن 34.9% ئاشتى. ئالتە يىلدا ئاشلىق مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 70 مىليون جىڭدىن ئاشتى، 1949 - يىلدىن 1978 - يىلىغىچە بولغان ھەر قانداق يىلدىكى كۆپىيىش مىقداردىن ئېشىپ كەتتى. ئىقتىسادىي زىرائەت تېخىمۇ تېز راۋاجلاندى. 1984 - يىلىنى 1978 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا، ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەت بولغان پاختىنىڭ مەھسۇلاتى 2.1 ھەسسە ئاشتى. باشقا زىرائەتلەر، مەسىلەن: زىغىر، قۇلماق قاتارلىقلارمۇ مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندى؛ ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، قوشۇمچە كەسىپنىڭ ئومۇمىييۈزلۈك راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1984 - يىلى تېرىقچىلىقنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىدىكى نىسبىتى 89.17% بولۇپ، 1983 - يىلىدىكىدىن 1.03% تۆۋەنلىدى؛ تېرىقچىلىقتا ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ كىرىمى 47.5% نى ئىگىلەپ، 1983-يىلىدىكىدىن 5.5% تۆۋەنلىدى. ئىككىنچى، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقنىڭ ئومۇمىييۈزلۈك راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، قوشۇمچە كەسىپنىڭ نىسبىتى خېلى ئۆرلەپ 10.83% بولۇپ، 1983 -

يىلدىكىدىن 0.03% كۆتىرىلدى. ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى كىرىمى تېز كۆپەيدى، ئەزالار نىڭ ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىمى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە 1984 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئومۇمى كىرىمى 1983 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 23.03% كۆپەيدى، ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن تەقسىمات 213 يۈەن بولۇپ، 23.57% كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكىدە ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن ئاشلىق 921 جىڭ بولۇپ، 8.87% كۆپەيدى. ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن پاختا 51 جىڭ بولۇپ، 38% كۆپەيدى. تۆتىنچى، تۇۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىيە نەتىجە ئىلگىرى سۈرۈلدى، 1984-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاشلىق ۋە ياغ بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئاساسى جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى ھەمدە سىرتقا 1 مىليون 500 مىڭ جىڭ ياغ يۆتكەپ بېرىلىپ، يىل ئاخىرىدا يەنە 2 مىليون جىڭ ياغ ئېشىنىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىدا يەنە بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ئاساسلىقى: بىرىنچى، ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەريانىدا جايلارنىڭ ئۈستۈنلىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىنىپ، بازارلارنىڭ تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج ئەھۋالىغا سەل قارالدى. ئىككىنچى، ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، چارۋىچىلىقنىڭ دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىغا سەل قارالدى. ئۈچىنچى، ئۆز- ئۆزىنى ئىدارە قىلىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشقا دىققەت قىلىنىپ، مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا سەل قارالدى. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەڭشەشكە ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**[پاختىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتىدا „بىر مىليون دەن„ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈلدى]** قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مۇقىملىق رايون، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى كېۋەز كۆلىمى بىر مىليون مودىن ئېشىپ بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. لېكىن، بۇرۇن ئۇزۇن مۇددەت پاختا مەھسۇلاتى تۆۋەن ھەم تۇراقسىز بولۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 60 جىڭ ئەتراپىدا، ئومۇمى مەھسۇلاتى 600 مىڭ دەن ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرگەن ئىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىدە پارتىيىنىڭ تۈزۈلۈك يېزا سىياسەتلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ياللىراق يېيىپ كېۋەز تېرىش، قويۇق تېرىش، ئوغۇتنى كۆپ قويۇش مەركەز قىلىنغان ئىلمى ئۇسۇلدا كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.



يەكەن پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى

چېن لىۋ فوتوسى

1984- يىلى پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا ئۇدا مەھسۇلات ئاشقان بەشىنچى يىل بولدى. ۋىلايەت بويىچە تېرىلغان كېۋەز 1 مىليون 165 مىڭ 500 مو بولۇپ، ئومۇمى مەھسۇلاتى 1 مىليون 26 مىڭ 400 دەنگە، بىرلىك مەھسۇلاتى 88 جىڭغا يېتىپ، ئومۇمى مەھسۇلاتتا تۇنجى

قېتىم «1 مىليون دەن» ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈلۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 32.2% ئاشتى، 1978 ـ يىلدىكىدىن 214% ئاشتى، 1949 ـ يىلدىكىدىن 15.9 ھەسسە ئاشتى؛ بىرلىك مەھسۇلات ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21 جىڭ، 31.5% ئاشتى، 1978 ـ يىلدىكىدىن 37 جىڭ، 42% ئاشتى، 1949 ـ يىلدىكىدىن 65 جىڭ، 2.8 ھەسسە ئاشتى.

1984 ـ يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكى: ۋىلايەت بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان 11 ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە مەھسۇلات ئاشتى، ئېشىش ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولدى. 3 ناھىيە پاختىسىنىڭ مو مەھسۇلاتىنى 100 جىڭغا يەتكۈزۈشنى ئۈنچى قېتىم ئەمەلگە ئاشۇردى؛ يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 75 مىڭ دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 67.5% ئاشتى، بىرلىك مەھسۇلاتى 128 جىڭ بولدى؛ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 160 مىڭ دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 52.4% ئاشتى، بىرلىك مەھسۇلاتى 123 جىڭ بولدى؛ مەكىت ناھىيىسىنىڭ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 134 مىڭ 100 دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.7% ئاشتى، بىرلىك مەھسۇلاتى 101.6 جىڭ بولدى. بۇرۇن تۆۋەن مەھسۇلات ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەن پەيزىۋات ناھىيىسى يېڭى قەدەم تاشلىدى، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 60 مىڭ 700 دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.6% ئاشتى، بىرلىك مەھسۇلاتى 53 جىڭ بولدى. ۋىلايەت بويىچە 170 مىڭ ئائىلە 400 مىڭ مو يەرنىڭ مو مەھسۇلاتىنى 100 جىڭدىن، 19300 ئائىلە 50 مىڭ مو يەرنىڭ مو مەھسۇلاتىنى 200 جىڭدىن، 303 ئائىلە 915 مو يەرنىڭ مو مەھسۇلاتىنى 300 جىڭدىن ئاشۇردى. 1984 ـ يىلى كېۋەز غوزىسىنىڭ ئېچىلىشى بالدۇر، سۈپىتى ياخشى بولدى، ۋىلايەت بويىچە 1 مىليون دەن پاختا سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆتىنچى دەرىجىدىن يۇقىرى پاختا 953 مىڭ دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26% ئاشتى. پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا پاختا مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى بىلەن تەڭ، ئاشلىق مەھسۇلاتىمۇ ئېشىپ، ئاشلىق، پاختىدىن قوش مول ھوسۇل ئېلىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇردى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ نىسبىتىنى تەڭشىدى؛ 3 تۈركۈمدە پاختا تېخنىك خادىملىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىگە ۋە ۋىلايەتتىكى ئىلغار ناھىيىلەرگە بېرىپ تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللىدى؛ ۋىلايەتتە پاختا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، كۆپ ساندىكى ناھىيىلەردىمۇ پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى؛ ۋىلايەت پاختا ئىشلەپچىقىرىش بويىچە 5 نۇقتىلىق ناھىيىنى تۇتۇپ، ناھىيىلەرمۇ نۇقتىلارنى تۇتۇپ، نۇقتا ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەپ، پاختىدىن مول ھوسۇل ئالدى. مەھسۇلات ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسلىق تەدبىرلىرى:

1. ئاشلىق، پاختىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش. بالدۇر پىشىدىغان بۇغداي «تاڭشەن ـ 6898» بىلەن ئېگىز قونىقى كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا جاغدا قوناق بىلەن

قارىشىلىق كۆلىمى قىسقارتىلىپ، پاختا كۆلىمى كېڭەيتىلدى. 1984 - يىلى پاختا كۆلىمى 1978 - يىلدىكىدىن 40.7% كۆپەيدى.

2 . يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش نۇقتا قىلىنغان يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىش. 1984 - يىلى يالتىراق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز 270 مىڭ مو بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 9.7 ھەسسە كۆپەيدى، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 141 جىڭ بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتىدىن 53 جىڭ، 60% ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە يالتىراق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 381 مىڭ دەن بولۇپ، 23% كۆلەمدىن 37% مەھسۇلات ئېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشىگۈچى دورىلاردىن 30 - ئاللىل ئىسپىرتى، ئۆسۈشتىن توختاتقۇچى، قويۇلتىلغان ئامونىي قاتارلىقلار كېڭەيتىلدى.

3 . ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ مايسىنىڭ تۈپ سانىنى مۇۋاپىق كۆپ قالدۇرۇش. جايلار يەرنىڭ قۇۋۋىتى يېتىشمەسلىك ئەھۋالىغا ۋە « 108 » كېۋەز تۈپىنىڭ ئۆسۈشى ئىخچام بولغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تۈپ ۋە رەت ئارىلىقىنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ، زىچلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمىنى ھاسىل قىلدى . مەكىت ناھىيىسى ئىلگىرىكى كېۋەز تېرىشتىكى 60 سانتىمېتىرلىق ئوخشاش رەت ئارىلىقىنى 60 ۋە 40 سانتىمېتىرلىق كەڭ ، تار رەت قىلىپ ئۆزگەرتىپ ، ھەر مودا 1200 - 1400 تۈپ مايسىنى كۆپ قالدۇرۇپ ، مايسا ساقلاپ قېلىش نىسبىتىنى 20% چامىسىدا يۇقىرى كۆتەردى . يەكەن ، قاغىلىق ، پوسكام ، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيىلەردە ھەر مودا ساقلاپ قېلىنغان مايسىنىڭ تۈپ سانى بۇرۇنقىدىن 16%-28 كۆپەيدى .

4. « 108 » كېۋەزنىڭ ئەسلى ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش ۋە كېڭەيتىشنى تېزلىتىش . ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى 1970-يىللاردىن باشلاپ " 3 خىل ئۇرۇق ئېتىزى " قۇرۇپ ، « 108 » كېۋەز ئۇرۇقىنى ساپلاشتۇرۇپ ياشارتىشنى ئىشلىگەن ئىدى . 1983 - يىلىغا كەلگەندە ئەسلى ئۇرۇقنىڭ 1 - ، 2 - ئەۋلادى بىلەن يېڭىلانغان كېۋەز كۆلىمى 600 مىڭ موغا يېتىپ ، 1979 - يىلدىكىدىن بەش ھەسسە كۆپەيدى . يوپۇرغا ، مەكىت ، مارالبېشى ناھىيىلىرى 1983 - يىلى « 108 » كېۋەزنىڭ پۈتۈنلەي ياشارتىلغان ئەسلى ئۇرۇقىنى تېرىپ بىر قېتىمدىلا يېڭىلاشنى ئەمەلگە ئاشۇردى .

بۇنىڭدىن باشقا تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەزلىكلەرنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىلدى . كېۋەزنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە بالدۇر ئاجىزلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ، كۆزلۈك غوزىنى كۆپەيتىش ۋە كېسەللىك - ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قاتارلىق تېخنىكىلىق تەدبىرلەر قوللىنىلدى . ( لى شىچىڭ ، سۇڭ ۋېنخەي )

**[ يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش ]** يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش — قەشقەر ۋىلايىتىدە كېڭەيتىلگەن پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى بىر يېڭى تېخنىكا ، يەنى سۈزۈك پولى - ۋىنىل يالتىراق كېۋەزلىككە يېپىلىدۇ ، بۇنىڭدا ئەۋۋەل يالتىراقنى يېپىپ كېيىن ئۇرۇق سېلىش ياكى ئەۋۋەل ئۇرۇق سېلىپ كېيىن يالتىراق يېپىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بار ، بىرىنچى خىل ئۇسۇلدا بىر تەرەپتىن تۆشۈك ئېچىپ ، بىر تەرەپتىن ئۇرۇق سېلىش ،

بولىغىدا كۆۋەز مايسىسىنى ئازات قىلىش ھاجەتسىز بولىدۇ . ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا كۆ-
ۋەز مايسىسى ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، ئەمگەككۈچىنى تەشكىللەپ تۆشۈك ئېچىپ كۆۋەز
مايسىسىنى ئازات قىلىشنى ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىش . ئەمەلىيەت ئەۋۋەل يالتىراقنى يېپىپ،
كېيىن ئۇرۇق سېلىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . تەكشى تۈزلەنگەن سالا ئېت-
ىزدا ماشىنا بىلەن يالتىراق يېپىش ۋە ئۇرۇق سېلىشنى ئېلىپ بارغاندا، ئۇ تېخىمۇ زور
ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ . ئادەتتىكى ئۇسۇل بىلەن كۆۋەز تېرىشقا سېلىشتۇرغاندا ، يال-
تىراق يېپىپ كۆۋەز تېرىشنىڭ ئارتۇقچىلىقى ناھايىتى كۆپ ، ئاساسلىقى ئېتىزلارنىڭ ئە-
كولوگىيىلىك مۇھىت شارائىتى ياخشىلىنىدۇ ، يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەيدۇ ، نەملىك
ساقلىنىدۇ ، كۆۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سۈپىتىنى يۇقۇ-
رى كۆتۈرۈش ، قىرودىن بۇرۇن ئېچىلىدىغان پاختىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش مەقسىدىگە
يەتكىلى بولىدۇ . قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى يالتىراق يېپىپ كۆۋەز
تېرىش ئەمەلىيىتى بۇنىڭ مۇنداق 5 تۈرلۈك پايدىسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى: بىرىنچى،
يالتىراق يېپىپ كۆۋەز تېرىغاندا نۇر ۋە ئىسسىقلىق مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ يەر-
نىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلەتكىلى، تۇپراق نەملىكىنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىنى ئازايت-
قىلى بولىدۇ ، كۆۋەزگە بىرىنچى قېتىملىق سۇ قويۇش ۋاقتىنى ئادەتتىكى كېۋەزگە نىس-
بەتەن 15 كۈن ئەتراپىدا كېچىكتۈرگىلى بولىدۇ ؛ ئىككىنچى ، تۇپراق خېلى ئۇزۇن ۋاقىت-
قىچە بوش ھالەتتە تۇرىدۇ ؛ ئۈچىنچى، يۇقۇرى تېمپېراتۇرا ۋە يۇقۇرى نەملىك كۆۋەز-
نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئالگىرى سۈرىدۇ ، ھوسۇلى يۇقۇرى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى
غوزىسى 10 كۈنچە بالدۇر ئېچىلىدۇ ؛ تۆتىنچى ، بىر يىللىق ئوت - چۆپلەرنى ئۈنۈملۈك
ھالدا تىزگىنلىگىلى ، كولتىۋاتسىيە قىلىپ تۇپراق يۇمشۇتۇشنى ئازايتىپ ، ئەمگەك كۈ-
چىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ ؛ بەشىنچى ، ئۈنۈمى يۇقۇرى بولىدۇ ، ئوتتۇراھال قۇۋۋەتكە
ئىگە يەردە بۇ يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتكەندە پاختا مەھسۇلاتىنى ھەر مو يەردىن 69 - 100
جىڭ ئاشۇرغىلى ، ساپ كىرىمنى 94-200 يۈەن كۆپەيتكىلى بولىدۇ . كىرىمنىڭ كۆپەيگەن
قىسمى ئادەتتىكى بىر مو كۆۋەزنىڭ كىرىمىگە تەڭ كېلىدۇ .

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى ئەۋزەل ، ھەم سۇغۇرۇش شارائىتى
بار ، بۇ پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك جاي ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا يوشۇرۇن
كۈچ زور ، پاختىنىڭ سۈپىتى ياخشى . لېكىن ئەتىيازدا تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق سوغۇق
ئېقىمىنىڭ دائىم ھۇجۇم قىلىشى، ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىقنىڭ تەھدىدى ۋە زەي - شورنىڭ
زىيىنى بولغاچقا ، پاختا مەھسۇلاتى تۆۋەن ھەم تۇراقسىز بولۇپ كەلدى . شۇنىڭ ئۈچۈن
يالتىراق يېپىپ كۆۋەز تېرىشنى كېڭەيتىشكە باپ كېلىدۇ .

1981 - يىلى ، قەشقەر ۋىلايىتىگە يالتىراق يېپىپ كۆۋەز تېرىش تېخنىكىسى كەلتۈ-
رۈلدى . 1982 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيىلەردە كۆپ
نۇقتىدا سىناق قىلىندى ، كۆلىمى 540 مو بولۇپ ، بىرلىك مەھسۇلاتى 192.3 جىڭغا يې-
تىپ ، ئادەتتىكى كۆۋەزلىكنىڭ مەھسۇلاتىدىن 56.4% ئاشتى . قىرودىن بۇرۇن ئېچىلغان
كۆۋەز 45.2% كۆپەيدى . بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىلمىي ئۇسۇلدا كۆۋەز تېرىش

ئۈچۈن يېڭى يول تېپىلدى. 1983 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىلىپ 27946 مو تېرىلدى، بۇ ئومۇمى كېۋەز كۆلىمىنىڭ 2.41% نى ئىگىلىدى؛ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 168 جىڭ بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە پاختىنىڭ 66.9 جىڭلىق ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتىدىن 101 جىڭ ئارتۇق چىققان. 1984 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ 270 مىڭ مو تېرىلدى، بۇ ئومۇمى كېۋەز كۆلىمىنىڭ 23.3% نى ئىگىلىدى، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 141 جىڭ، ئومۇمى مەھسۇلاتى 380 مىڭ دەن بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە پاختا ئومۇمى مەھسۇلاتىنىڭ 37.3% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يالتىراق يېپىپ تېرىغان كېۋىزى 55200 مو، مو مەھسۇلاتى 183.2 جىڭ بولۇپ، ناھىيە بويىچە پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئارتۇق چىققان. يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقتىن، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ پاختا مەھسۇلاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇشتا تۈرتكە بولدى. (لى شىچىڭ)

**[قاغىلىقنىڭ يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىشى]** كېۋەزنى يالتىراق يېپىپ ئۆستۈرۈش ـــ يېڭىدىن ئەۋج ئالغان ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىدۇر. ئۇ تېمپېراتۇرىنىڭ كىچىك كېلىماتىنى ياخشىلايدۇ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى تىزگىنلەيدۇ، نەملىكنى ساقلايدۇ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىدۇ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ، مەھسۇلاتنى روشەن ھالدا ئاشۇرۇش ئۈنۈمىگە ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە. قاغىلىق ناھىيىسى 1982 ـ يىلى يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، 1984 ـ يىلى 52000 موغا كېڭەيتتى. بۇ ـــ ئومۇمىي كېۋەز كۆلىمىنىڭ 64.1% نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 134.9 جىڭغا، ئومۇمى مەھسۇلاتى 70148 دەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمى مەھسۇلاتنىڭ 70.1% نى ئىگىلىدى. ئۇ ناھىيە بويىچە كېۋەزنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتىنى 89 جىڭغا، ئومۇمى مەھسۇلاتىنى 10050 دەنگە يەتكۈزۈش، مەھسۇلاتنى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن بىر قاتلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش ئەمەلىيىتىدىن بىز ئۇنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇشتا تۆۋەندىكىدەك ئۈنۈملەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە كۆزىتىپ يەتتۇق:

1. يەرنىڭ نەملىكىنى ساقلاپ تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە جۇغلانما تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىنى ئاشۇرۇپ، مايسا ساقلاپ قېلىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتەردى. كۆزىتىشىمىزچە، باش باھاردا تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولىدىغان چاغلاردا يالتىراق يېپىلغان يەرنىڭ 10 كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى يالتىراق يېپىلمىغان يەرلەرنىڭكىدىن 1.4 ـ 3.4℃ يۇقىرى بولۇپ، سۇنىڭ پارلىنىپ كېتىشى زور دەرىجىدە ئازىيىپ نەملىك ناھايىتى ئوبدان بولدى. بۇ ئۇرۇقنىڭ بالدۇر بىخلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ مايسا ساقلاپ قېلىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتەردى. تەكشۈرۈشىمىزچە يالتىراق يېپىلغان ھەر مو يەردىكى كېۋەز مايسىسىنىڭ سانى 6055 تۈپ، يالتىراق يېپىلمىغان يەردىكى كېۋەزنىڭ مايسا سانى 4209 تۈپ بولۇپ، يالتىراق يېپىلغان يەردىكى كېۋەزنىڭ مايسا سانى يالتىراق يېپىلمىغان يەرنىڭكىدىن 44% كۆپ چىقتى.

2. كىچىك كىلىماتنى ياخشىلاپ، ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى تېزگىنلەپ، كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يالتىراق يېپىلغان كېۋەز يەرنىڭ 4-ئايدىكى 5 سانتىمېتىر قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 3.5℃، 10 سانتىمېتىر قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 2.46℃؛ 5-ئايدىكى 5 سانتىمېتىر قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 3.69℃، 10 سانتىمېتىر قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 2.06℃؛ 6-ئايدىكى 5 سانتىمېتىر قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 2.24℃، 10 سانتىمېتىر قاتلىمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1.87℃ ئۆرلىدى. بۇ يالغۇز كىچىك كىلىماتنى ياخشىلاپلا قالماي، ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى تېزگىنلەپ، سۇ، ئوغۇتلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن كېۋەزنىڭ ئۆسۈشى، يېتىلىشى، مۇددەتتىن بۇرۇن پەرىجە كېلىشى، چېچەك كېلىشى، ئېچىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. پەرىجە كېلىشنى مىسالغا ئالساق، 5-ئايدا يالتىراق يېپىلغان كېۋەزنىڭ 6.1%، ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ 2.8%، 6-ئايدا يالتىراق يېپىلغان كېۋەزنىڭ 52.6%، ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ 37.3%؛ 7-ئايدا يالتىراق يېپىلغان كېۋەزنىڭ 41.3%، ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ 55% بولدى. ئەندى چېچەك كېلىش ھەققىدە سۆزلىسەك، 6-ئايدا يالتىراق يېپىلغان كېۋەزنىڭ 17.4%، ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ 1.5%؛ 7-ئايدا يالتىراق يېپىلغاننىڭ 74.2%، ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ 57.1%؛ 8-ئايدا يالتىراق يېپىلغان كېۋەزنىڭ 8.4%، ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ 14.4% بولدى. غوزىنىڭ ئېچىلىشىنى ئالساق 8-ئايدا يالتىراق يېپىلغان كېۋەزنىڭ 59.7% تى ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ 4.5% تى، 9-ئايدا يالتىراق يېپىلغان كېۋەزنىڭ 49.3% تى (غوزا ئېچىلىپ بولدى)، ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ 51.2% تى ئېچىلدى. ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ 10-ئايدا 36.4% تى ئېچىلدى، 11-ئايدا يەنە ئاز قىسىم كېۋەز غوزىسى ئېچىلالمىدى.

3. تومۇزدىن بۇرۇنقى غوزىسى كۆپ، قىرودىن بۇرۇنقى ئېچىلغان پاختىسى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، قىممىتى يۇقىرى بولدى.

7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن بۇرۇن يالتىراق يېپىلغان كېۋەزنىڭ 95% تىدە، ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ ئاران 40.2% تىدە غوزا بولدى. 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە قىرودىن بۇرۇن پاختىنىڭ ئېچىلىپ بولۇشى يالتىراق يېپىلغان كېۋەزنىڭ 100% بولدى، ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ ئاران 70.4% بولۇپ يەنە 29.6% تى، قىرودىن كېيىن ئېچىلدى. قىرودىن بۇرۇن ئېچىلغان پاختىنىڭ ھەر جىڭىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى 1.69 يۈەندىن، قىرودىن كېيىن ئېچىلغان پاختىنىڭكىنى 1.18 يۈەندىن ھېسابلىغاندا، بىر جىڭ پاختىنىڭ سېتىلىش باھاسىدا 0.51 يۈەن پەرق ئېتىدۇ. ئەگەر ناھىيە بويىچە 6500 مو ئادەتتىكى كېۋەز پۈتۈنلەي يالتىراق يېپىپ تېرىشقا ئۆزگەرتىلسە، قىرودىن بۇرۇن ئېچىلغان پاختىنىڭ كۆپىيىشىدىن ئىبارەت بىر تۈردىلا كىرىمىنى 450 مىڭ يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىشنىڭ كېڭەيتىلىشى پاختا ئىشلەپچىقىرىشى شۇنداقلا پۈتكۈل تېرىقچىلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ باشقا تارماقلىرىدا زەنجىرسىمان تەسىر كۆرسىتىپ ياخشى خاراكتېرلىك دەۋر قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

بىرىنچىدىن، ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن كېۋەزنىڭ ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىقتا سۇ تالىشىش زىددىيىتىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولدى. قاغىلىق ناھىيىسىدە بۇرۇندىن تار-

تىپ ئەتىيازدا ئېغىر ھالدا قۇرغاقچىلىق بولىدۇ. ئەتىيازدا 200 نەچچە مىڭ مو بۇغدايغا، ئەتىيازدا تېرىلىدىغان 500 مىڭ مو زىرائەتلەرنى سۇغۇرۇشقا، 10 نەچچە مىڭ مو كېۋەزلىكنىمۇ سۇغۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇندىن بۇرۇن قىشلىق ئۇسا قىلىنغان يەرلەرگە كېۋەز تېرىش سىناق قىلىنغان ئىدى، لېكىن يەرنىڭ نەملىكىنى ساقلاش تەس بولغانلىقتىن ئۈنۈش نىسبىتى تۆۋەن بولدى. ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن كېۋەزنىڭ سۇ تالىشىش زىددىيىتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى چوڭ مەسىلە ئىدى. 1983 ـ يىلى يالتىراق يېپىلغان 155 مو كېۋەز قىشلىق ئۇسا قىلىنغان يەرگە تېرىلغان ئىدى. يالتىراق يېپىلغاندىن كېيىن پارغا ئايلىنىش ئازىيىپ، نەملىك ئەھۋالى ياخشى بولغانلىقتىن ساقلاپ قېلىنغان مايسىنىڭ سانى ھەر مودا 5865 تۈپتىن 7573 تۈپكىچە، بىرلىك مەھسۇلاتى 133.2 جىڭدىن 184 جىڭغىچە بولدى. مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىگە ئاساسەن 1984 ـ يىلى قىشلىق ئۇسا قىلىنغان 50 مىڭ مو يەرگە يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلىنىپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. ئەگەر يالتىراق يېپىپ تېرىلىدىغان 117 مىڭ مو كېۋەز پۈتۈنلەي قىشلىق ئۇسا قىلىنغان يەرگە تېرىلىدىغان، تېجەپ قېلىنغان باھار سۈيىدىن پايدىلىنىپ بۇغدايلار سۇغۇرۇلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئەتىيازدىكى سۇ زىددىيىتى تۈپ ئاساستىن ھەل قىلىنىپ بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى مۇقەررەر ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، پاختا مەھسۇلاتىنىڭ زور مىقداردا ئېشىشى بىلەن ئىش قوشۇش زاۋۇتلىرىنى، ئۇقتىلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە، ئۇسكۈنىلەرنى يېڭىلاش ــ ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كەلدى. چىگىت كۆپەيسە ياغچىلىق ۋە يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ھەمدە چارۋىچىلىقنى تېخىمۇ كۆپ بولغان ئالىي ئاقسىللىق يەم ـ خەشەكلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىشنىڭ كېڭەيتىلىشى يالتىراق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بازارنى كېڭەيتىپ مەبلەغ توپلاپ بېرەلەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇقلارنىڭ كېڭەيتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىر جايىنىڭ جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنرەك بولغاچقا، ئوتتۇراھال ۋە كېيىن پىشىدىغان سورتلارنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارغا بولغان تەلىپىنى قاندۇرغىلى بولمايتتى. سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ئوتتۇراھال ۋە كېيىن پىشىدىغان كېۋەز ئۇرۇقى«F—108» تەبىئىي تاللىنىشتا ئارىلىشىپ، چېكىنىپ كېتىپ، ھاۋا سوغۇقراق بولغان يىللاردا ياكى پەرۋىش قىلىنىشى ياخشى بولمىغاندا، كۆپ ھاللاردا ئۈنۈشى، پىشىشى كېچىكىپ قالىدىغانلىقتىن كادىرلار ۋە ئاممە بۇ سورتنى ئانچە قارشى ئالماس بولۇپ قالغان ئىدى، ھالبۇكى، نۆۋەتتە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ئەلا سۈپەتلىك، ئوتتۇراھال ۋە بالدۇر پىشىدىغان سورتنى تاپقىلى بولماي، ئىشلەپچىقىرىلغان سورتلار ئارىلىشىپ كېتىپ، ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورت بېكىتىلمەي، سۈپەتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تەسىر يەتكەن ئىدى. يالتىراق

يېيىپ تېرىش كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، چوغلانما تېپىپ ئۇرا يېتەرلىك بولماسلىقتەك يېتىشمەسلىك‑لەر تولۇقلىۋېلىنىدى، ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورت بېكىتىلدى. كېلەر يىلىدىن ئېتىۋارەن پۈتۈن ناھىيىدىكى كېۋەز ئۇرۇقى ياشارتىلغان «F ـ 108»غا يەڭگۈشلىنىپ، بىر ناھىيىدە بىر خىل ئۇرۇق بولۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقچى.

يالتىراق يېيىپ كېۋەز تېرىشتا تەجرىبە قىلىشتىن كېڭەيتىشكىچە 3 يىل ۋاقىت باشتىن كۆچۈرۈلگەن، مەلۇم تەجرىبىلەر توپلانغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى مەسىلىلەرنى، مەسىلەن: يالدۇر ئاچمىزلىشىپ قېلىش بىلەن ئۆسۈپ كېتىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى، كېمەيتىلمەك ـ ھاشارەتلەر زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تېزگىنلەشنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. (چيەن چاۋ‌سىلى)

**[ياغلىق دان ۋە باشقا ئاز مىقداردىكى ئىقتىسادىي زىرائەتلەر]** 1984 ـ يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ياغلىق دان كۆلىمى 158 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5700 مو ئازايدى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 47 مىليون 20 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 385 مىڭ جىڭ كەملىدى. لېكىن 1978 ـ يىلغا سېلىشتۇرغاندا، كۆلىمى 20400 مو ئازىيىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 20 مىليون 307 مىڭ جىڭ ئاشتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 9.4% دىن ئېشىپ كەلدى. 1978 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى ياغلىق داننىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 30 مىليون جىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشتەك ھالەتتىن بۆسۈپ ئۆتۈلدى.

1984 ـ يىلى، ياغلىق داننىڭ مەھسۇلاتى ئازراق كەملىگەن بولسىمۇ، لېكىن ياغلىق دان قىلىشقا بولىدىغان چېكىت زور مىقداردا كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە چېكىت 20 مىليارت 400 مىليون جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50 مىليون جىڭ، 32.5% ئاشتى. ئاشقان قىسمىنى 12% ياغ چىقىش نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، 2 مىليون 647 مىڭ جىڭ ياغ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن ياغلىق دان مەھسۇلاتىنىڭ كەملىگەن قىسمىنى چىقىرىۋەتكەندە، 1983 ـ يىلدىكىدىن 2 مىليون 557 مىڭ جىڭ ياغ ئارتۇق ئىشلەپچىقارغان بولىدۇ ھەم سىرتقا يەنىلا خېلى كۆپ ياغ يۆتكەپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئاساسلىقى زىغىر، كەندىر، قىچا قاتارلىق ياغلىق داننىڭ مەھسۇلاتى كەملىدى. مەسىلەن: بۇ يىل زىغىردىن ئاران 106 مىڭ مو تېرىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10300 مو ئازايدى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 10 مىليون 650 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 837 مىڭ جىڭ كەملىدى. ئەمما ئاپتاپپەرەستتىن 2 مىليون 642 مىڭ جىڭ ئاشتى.

باشقا ئاز مىقداردىكى ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن قىزىلچا، تاماكا، زىرە، قولماق قاتارلىقلار بار.

قىزىلچا 1958 ـ يىلىدىن باشلاپ تېرىلغان ئىدى. كېيىن يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. ئەڭ كۆپ تېرىلغان 1961 ـ يىلى كۆلىمى 5900 موغا، يىللىق مەھسۇلاتى 8 مىليون 244 مىڭ جىڭغا يەتتى، كېيىن، پەقەت پارچە ـ پۇرات تېرىلىپ، ئازايغان ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. 1984 ـ يىلى ئازراق كۆپىيىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 32 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 29 مىڭ جىڭ ئاشتى.

تاماكىنىڭ قەشقەردە تېرىلغان تارىخى ئۇزاق. ئىلگىرى موخوركا قىلىنىپلا پىششىقلاپ

ئىشلىنىدىغانلىقى، سېتىلىش يولى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، يىللاردىن بېرى تېرىلغان كۆلىمى 2 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى. 1961 - يىلى ئەڭ كۆپ تېرىلىپ كۆلىمى 5400 مو، ئومۇمى مەھسۇلاتى 535 مىڭ جىڭ بولدى. يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان، تاماكىنىڭ كۆلىمى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئازلاپ كەتتى، 1984 - يىلى 800 مو تېرىلدى، كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50% ئازايدى، ئومۇمى مەھسۇلاتى 128 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 47.8% كېمەيدى.

زىرىنى چەتئەلگە، بولۇپمۇ ئەرەب مەملىكەتلىرىگە ئېكسپورت قىلىشقا بولىدۇ. 1964 - يىلدىن باشلاپ زور كۆلەمدە تېرىلىپ كەلدى، 1977 - يىلى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلىپ، يىللىق مەھسۇلاتى 26500 توننىغا يەتتى، لېكىن خەلقئارا بازاردا سېتىلماي قالغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىشقا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتتى. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 30800 مو زىرە تېرىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.9% ئازىيىپ كەتتى. ئومۇمى مەھسۇلاتى 6 مىڭ توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29.4% كېمەيدى.

قۇلماق ئىقتىسادىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى زىرائەت، پىۋا ئىشلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان قوشۇمچە ماتېرىيال. قەشقەر ۋىلايىتىدە 1980 - يىلدىن باشلاپ زور كۆلەمدە تېرىلىپ، ئاساسلىقى، چەتئەلگە ئېكسپورت قىلىنىدى. 1982 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى 1800 مو، ئومۇمى مەھسۇلاتى 308 مىڭ جىڭ بولدى. ھەر توننىسىنى 4193.80 يۈەندىن ھېسابلىغاندا، ئومۇمى قىممىتى 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولىدۇ. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى، قۇلماقنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشى ئازايدى، ئىشلەپچىقىرىلىشى تۆۋەنلىدى. 1984 - يىلى قۇلماق كۆلىمى 1000 مو بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 900 مو ئازايدى، ئومۇمى مەھسۇلاتى 171 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 51 مىڭ جىڭ كېمىيىپ، 20.3% تۆۋەنلىدى. (لى شىچىڭ)

**[ئۇرۇقچىلىق خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان]** قەشقەر ۋىلايىتىدە ۋىلايەت، ناھىيەدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئۇرۇق پونكىتلىرى 1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، كوممۇنا، ئەترەتلەر ئۇرۇقنى ئۆزى تاللاش، ئۆزى كۆپەيتىش، ئۆزى قالدۇرۇش، ئۆزى ئىشلىتىش، دۆلەتتىن قوشۇمچە ياردەم بېرىپ تەڭشەش (قىسقارتىلىپ "4 ئۆزى، 1 قوشۇمچە" دەپ ئاتىلىدۇ) تىن ئىبارەت ئۇرۇقچىلىق خىزمەت فاڭجېنى بويىچە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ كەلدى. ئۇرۇق پونكىتى مەمۇرىيەت، كەسىپ، تىجارەتتىن ئىبارەت 3 تەرەپنى بىرگەۋدە قىلغان ئۇرۇق باشقۇرۇش ئورنى. 1978 - يىلى ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتلىرى ئۇرۇقچىلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1979 - يىلى يەكەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە "4 لەشتۈرۈش، 1 بىرلەن تەمىنلەش" (ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىشنى كەسپىلەشتۈرۈش، ئۇرۇقنى ئىش قوشۇشنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئۇرۇق سۈپىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۇرۇق سورتىنىڭ جايلىشىشىنى رايونلاشتۇرۇش، ناھىيىنى بىرلىك قىلىپ بىر تۇتاش ھالدا ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەشنى ئۇيۇشتۇرۇش) بويىچە نۇقتىلىق سىناق ناھىيىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىدىن 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلىپ، يەكەن ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى قۇرۇپ چىقىلدى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە تاشقورغان ناھىيە

سىدىن باشقا، ھەممە ناھىيە (شەھەر) دە ئۇرۇقچىلىق شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئۇرۇقچىلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولماقتا.

ۋىلايەت بويىچە 10 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئۇرۇقچىلىق مەيدانلىرى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇپ چىقىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، قاغىلىق، يېڭىسار ناھىيىلىرىنىڭ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى 1963 - يىلى قۇرۇلغان؛ قەشقەر شەھىرى ۋە مەكىت، پوسكام ناھىيىلىرىنىڭ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى 1964 - يىلى قۇرۇلغان؛ يەكەن، كونىشەھەر، مارالبېشى 3 ناھىيىلىرىنىڭ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى 1980- يىلى قۇرۇلغان. ناھىيىلەرنىڭ ئۇرۇقچىلىق مەيدانلىرى يېڭى سورتلارنى تەجرىبە قىلىش، نەمۇنە كۆرسىتىش، كۆپەيتىش ۋە سۈپەتلىك ئۇرۇقنى ساپلاشتۇرۇپ ياشارتىش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. ھەر يىلى ئەسلى (سۈپەتلىك) ئۇرۇقتىن 2 مىليون جىڭدىن 2 مىليون 500 مىڭ جىڭغىچە ئىشلەپچىقىرىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ناھىيىلەردىكى ئۇرۇقچىلىق مەيدانلىرى «F — 108» پاختا ئۇرۇقىنى ساپلاشتۇرۇپ ياشارتىش ۋە «تاڭشەن—6898» بۇغداي ئۇرۇقىنى كۆپەيتىشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى.

1981-يىلدىن 1984-يىلغىچە، «F—108» كېۋەز ئۇرۇقىنىڭ «3 ئېتىز» كۆلىمى، ھەر يىلى 140 — 120 مو باشاقنى قۇرلاپ تېرىغان ئېتىز، 700—500 مو باشاق سېستىمىسى ئېتىزى، 4000— 3000 مو ئەسلى ئۇرۇق ئېتىزى دائىرىسىدە تۇراقلاشتۇرۇلدى، ئەسلى ئۇرۇقنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش ۋە ئۇنى كۆپەيتىش كۆلىمى 9000 — 6000 مو بولدى، ھەر يىلى يېتىلىش كۆلىمى 400 مىڭ مودىن 700 مىڭ موغىچە بولدى، بۇنىڭ بىلەن كېۋەزنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش، يېڭىلاش سېستىمىسى بەرپا قىلىندى. بۇغداي، شال، كۆممە قوناقنىڭ ئۆزلىكىدىن شالغۇتلاشقان ئۇرۇقى جەھەتتىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئۇرۇقچىلىق مەيدانلىرىدا «3 ئېتىز» تۈزۈمىدىكى ساپلاشتۇرۇش، ياشارتىش سېستىمىسى بەرپا قىلىندى.

ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقلىرىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە 1958-يىلى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۇرۇق باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئومۇملاشتۇرۇلغان ئەلا سورتلارنى يىللار بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىچە قىسقىچە بايان قىلىمىز:

50 - يىللاردىكىلىرى: كېۋەزدىن 3173 — C، «F — 108»؛ بۇغدايدىن بىما1-، ئۇكرائىنا 0246، ئۇكرائىنا 83، شالغۇت 186؛ كۆممە قوناقتىن ئالتۇن خانىش، ئاق چىشلىق.

60 - يىللاردىكىلىرى: كېۋەزدىن «F — 108»، 8763N، 5904N؛ بۇغدايدىن ئۇكرائىنا 84، ئودېسسا 16، جىڭخۇي 26-، شىمالى جۇڭگو 187، ياقىبۇق؛ شالدىن جۇڭگىنىڭ 129، شىتەي شىلى، قەشقەر ئاق قىلتىرىقى؛ كۆممە قوناقتىن ۋىر 156 قوش شالغۇت ئۇرۇقى، ئالتۇن خانىش، ئالتۇن مۇنار، گۇما ئاق چىشلىقى؛ ئاق قوناقتىن يېڭىشەھەر پاكار ئاق قونىقى؛ مايلىق دانىدىن ۋىر - 1650 زىغىرى، شەندۇڭ خۇاسىڭى.

70 - يىللاردىكىلىرى: كېۋەزدىن «فەرغانە 108»، چوڭ غوزىلىق كېۋەز، 6022 -C، 6002 - C؛ بۇغدايدىن قەشقەر كۈزگى بۇغداي 1 - نومۇرلۇق، قەشقەر كۈزگى بۇغداي 3 - نومۇرلۇق، قەشقەر كۈزگى بۇغداي 4-نومۇرلۇق، شىنجاڭ كۈزگى بۇغداي 2-نومۇرلۇق، ياقىبۇق،

قەشقەر ئاق بۇغدىيى قىزىل يىلتىزى، سەللىيوس، «تائىشەن ـ 6898»؛ كۆممە قوناقتىن ۋۇدەنزاۋ، تەيخاڭ ئاق كۆممىسى، ئاق سېرىق يەككە شالغۇتى، بەيدەن 4 ـ نومۇرلۇق، جېنگدەن 2 ـ نومۇرلۇق؛ شالدىن جۈڭگەنڭ 129، قەشقەر ئاق قىلتىرىقى؛ ئاق قوناقتىن سەنشى شالغۇتى 5 ـ نومۇرلۇق.

80 ـ يىللاردىكىلىرى: كېۋەزدىن «فەرغانە ـ 108»، چوڭ غوزىلىق كېۋەز، قەشقەر ـ 601، ھەربىي بوز يەر كېۋىزى 1 ـ نومۇرلۇق، شىنخەي 3 ـ نومۇرلۇق؛ بۇغدايدىن قەشقەر كۈزگى بۇغداي 1 ـ نومۇرلۇق، قەشقەر كۈزگى بۇغداي 4 ـ نومۇرلۇق، شىنجاڭ كۈزگى بۇغداي 2 ـ نومۇرلۇق، باقىبوق، «تائىشەن ـ 6898» قەشقەر بوز يەر 1 ـ نومۇرلۇق، قەشقەر ئاق بۇغدىيى قىزىل يىلتىزى؛ كۆممە قوناقتىن ۋۇدەنزاۋ، تەيخاڭ ئاق كۆممىسى، بەيدەن 4 ـ نومۇرلۇق، جېنگدەن 2 ـ نومۇرلۇق، لۈيدەن 4 ـ نومۇرلۇق، ئالتۇن مونار؛ شالدىن جۈڭگەنڭ ـ 129، قەشقەر ئاق قىلتىرىقى؛ ئاق قوناقتىن كافىرىتا؛ زىغىردىن قەشقەر ـ 801.

ۋىلايەتلىك ئورۇقچىلىق شىركىتى 1974 ـ يىلىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سورتلىرىنى رايونلاشتۇرۇش سىنىقىنى ئۇيۇشتۇردى. 1977 ـ يىلى ۋىلايەتلىك سورت تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن ۋىلايەتتە ئومۇملاشتۇرۇلغان يېڭى سورتلار سورتلارنى رايونغا ئايرىپ تەجرىبە قىلىشتىن، ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق سورت تەكشۈرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن بېكىتىلىدىغان بولدى. جەمئىي 16 يېڭى سورتقا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سورت گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن ـ تەتقىقات ئورنىدىكى لى جيەنجۇڭ، جۇ يىجىنلار ئېلىپ كېلىپ تاللىغان بۇغداينىڭ سۇپەتلىك ئورۇقى «تائىشەن ـ 6898»، 1975 ـ يىلى ۋىلايەتنىڭ كۈزگى بۇغداي رايونلىرى سىنىقىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سورت تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن كېڭەيتىلدى. بۇ سورت بالدۇر پىشىدۇ، يۇقىرى ھوسۇل بېرىدۇ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، "بالدۇر پىشىدىغان ئىككى سورت" (بالدۇر پىشىدىغان بۇغداي، بالدۇر پىشىدىغان كۆممە قوناق)نى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، بىر يىلدا ئىككى ھوسۇل ئېلىشتەك تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بولۇپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. كېڭەيتىلگەن كۆلىمى 1979 ـ يىلى 17 مىڭ مو ئىدى، 1984 ـ يىلى 1 مىليون 450 مىڭ موغا يەتتى. ئۆزىمىز يېتىشتۈرگەن سورتلاردىن: قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنىدىن ۋاڭ جۇلىيەن يېتىشتۈرگەن كۈزگى بۇغداي سورتى قەشقەر كۈزگى بۇغداي 1 ـ نومۇرلۇق، قەشقەر كۈزگى بۇغداي 3 ـ نومۇرلۇق؛ لوجىشەڭ، تۇرغۇن، لىۋلىيەنفاڭلار يېتىشتۈرگەن كېۋەز سورتى قەشقەر ـ 601؛ نى يۇيۈەن يېتىشتۈرگەن زىغىر سورتى قەشقەر ـ 801؛ قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدىكى نيۇ يۇۋېن يېتىشتۈرگەن كۈزگى بۇغداي سورتى قەشقەر كۈزگى بۇغداي 4 ـ نومۇرلۇق؛ پەيلۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى لىڭ جۈسەي يېتىشتۈرگەن چوڭ غوزىلىق كېۋەز؛ يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تەتقىقات ئورنىدىكى چېن جىڭۋى 43 ـ پولك بىلەن ھەمكارلىشىپ يېتىشتۈرگەن ئۇزۇن تالالىق كېۋەز شىنخەي 3-نومۇرلۇق (ئارىلاشما تاللانغان 2 ـ نومۇرلۇق)؛ يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنىدىكى شاشۇنسۇېن بىلەن شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىدىكى تۇخۇايۇەھە ـ

كارلىشىپ يېتىشتۈرگەن كۆممە قوناق سورتى قەشقەر بوز بەر يەككە 1 - نومۇرلۇق (1984 - يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى)؛ يەكەن پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىكى لىۋچاڭلىڭ يېتىشتۈرگەن قەشقەر كۈزگى بۇغداي 5 - نومۇرلۇق (1984 - يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى)؛ يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى 52 - پولكىدىكى ۋاڭ جيۇ گاۋ يېتىشتۈرگەن كۈزگى بۇغداي قەشقەر بوز بەر 1 - نومۇرلۇق، يېڭىشەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىدىكى جياڭ لۇگىشىڭ يېتىشتۈرگەن ئاق قوناق شالغۇت ئۇرۇغى يېڭىشەر - 501 قاتارلىقلار بار.


1984 - يىللىق ئۇرۇقچىلىق خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايوندىن چۈشۈرگەن 6 چوڭ كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ئەمەلىي ئورۇنلاش ئەھۋالى مۇنداق: (1) ئۇرۇقچىلىق مەيدانلىرى ۋە ئۇرۇقچىلىق بازىلىرى 23 مىليون 325 مىڭ جىڭ ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىپ، ۋەزىپىنىڭ 116.6% ىنى ئورۇنلىدى؛ (2) 7 مىليون 668 مىڭ جىڭ ئۇرۇق تۈجۈپىلەپ تاللىنىپ، ۋەزىپىنىڭ 85.2% تى ئورۇنلاندى؛ (3) 19 مىليون 395 مىڭ جىڭ ئۇرۇق بىلەن تەمىن ئېتىلىپ، ۋەزىپىنىڭ 121.2% تى ئورۇنلاندى؛ (4) ساپلاشتۇرۇپ ياشارتىلغان ئۇرۇق بىلەن تېرىلغىنى (يېڭىلانغان كۆلىمى) 690 مىڭ مو بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ 106.1% تى ئورۇنلاندى. (5) كېڭەيتىلگەن يېڭى سورت كۆلىمى (يەكۈنلەنگەن كۆلەم) 211400 مو بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ 105.7% تى ئورۇنلاندى؛ (6) شالغۇتلاشتۇرۇلغان كۆممە قوناقنىڭ كېڭەيتىلگەن كۆلىمى 665 مىڭ مو بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ 133.2% تى ئورۇنلاندى.

ئەلا سۈپەتلىك پاختا بازىسى ناھىيىلىرى ئۇرۇقلۇقنى ياخشى ئىلىپ بېرىش، كېۋەزنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقىنى كۆپەيتىش ۋە ئۇرۇقتا ئىش قوشۇشنى ياخشى ئىشلەش، پاختىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، پاختىنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى ئېچىش نۆۋەتتىكى ئۇرۇقچىلىق خىزمىتىنىڭ موھىم ۋەزىپىسى. (فۇچېڭفۇ)

## باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك

**[باغۋەنچىلىكنىڭ يېڭى قىياپىتى]** مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ نومۇمى ئەھۋالى: قەشقەر ۋىلايىتىدە تۈرلۈك مېۋىلەر كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. مېۋىلەرنىڭ سورتى ياخشى، كۆلىمى چوڭ، تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، شىنجاڭ ۋە مەملىكەت بويىچە داڭقى بار. ۋىلايەت بويىچە مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 190 مىڭ مودىن ئاشىدۇ (ئىقتىسادىي ئورمان قىلىنىدىغان شاكاللىق مېۋىلىك دەرەخ خىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمىنىڭ 20% ىنى ئىگىلەيدۇ. مېۋە بېرىش كۆلىمى 148 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 136 مىليون جىڭدىن ئاشىدۇ. 190 مىڭ مودىن ئاشىدىغان مېۋىلىك دەرەخ ئىچىدە ئالما 17600 مو بولۇپ، 10 مىليون جىڭ ئەتراپىدا ئالما يىغىۋېلىنىدۇ؛ ئامۇت - نەشپۈت 23 مىڭ مودىن ئارتۇق بولۇپ، 21 مىليون جىڭغا يېقىن ئامۇت - نەشپۈت يىغىۋېلىنىدۇ؛ ئۈزۈم تېرىلى 19300 مو بولۇپ، 21 مىليون جىڭدىن كۆپرەك ئۈزۈم يىغىۋېلىنىدۇ؛ شاپتۇل - توغاچ 42 مىڭ مو بولۇپ، 39 مىليون جىڭ ئەتراپىدا شاپتۇل - توغاچ يىغىۋېلىنىدۇ؛ ئۈرۈك كۆلىمى 69800 مو بولۇپ، 40 مىليون جىڭدىن كۆپرەك

يېتىشتۈرۈلىدۇ، باشقا مېۋىلەر (گىلاس، ئانار، ئەنجۈر، ئالۇچا، بېھى قاتارلىق كەم ئۇچرايـ
دىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ كۆلىمى 19800 مۇغا يېقىن بولۇپ،
9 مىليون جىڭدىن كۆپرەك يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۈرلۈك ئۈزۈملەر بار.



يېڭىشەھەردە كۆلە قۇرۇتۇۋاتقانلار.
جورى قادىر فوتوسى

مېۋىلىك دەرەخ بايلىقى ۋە ئۇنىڭ جايلىشىشى: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مېۋىلىك دەرەخ يېتىشتۈرۈش تارىخى ئۇزاق، «ۋېيشۇ سالنامىسى»، «خەنسالنامىسى» ۋە «تارىخى خاتىرىلەر»، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىنىڭ غەربىي دىيارغا ئائىت خاتىرىسى» دە بۇ رايوندا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يېتىشتۈرۈلگەنلىكى ۋە مېۋىلەرگە ئىشقوشۇلغانلىقى توغرىسىدا تارىخى ماتېرىياللار بار. ئۇزاق مۇددەت يېتىشتۈرۈش ئارقىسىدا، ۋىلايەت مىقياسىدا تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش رايونى ۋە جايلىشىشى شەكىللەنگەندى. شاپتۇل - توغاچ، ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت - نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىدە بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك تارقالغاندىن باشقا، بېھى ئاساسەن، قەشقەر شەھىرى ۋە يەكەن، كونىشەھەر ناھىيىلىرىگە تارقالغان؛ ئالۇچا ئاساسەن، كونىشەھەر ناھىيىسىگە مەركەزلەشكەن، باشقا ناھىيىلەرگە بىر قەدەر ئاز تارقالغان؛ گىلاس قەشقەر شەھىرى ۋە كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئانارنىڭ قاغىلىق، كونىشەھەر ناھىيىلىرىدىكى كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، باشقا ناھىيىلەردە بىر قەدەر ئاز؛ چىلان كونىشەھەر، يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرىنى ئاساس قىلىدۇ؛ قاغىلىق ناھىيىسىدىن ياڭاق كۆپ چىقىدۇ؛ كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئەنجۈرنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ؛ يېڭىسار، يەكەن، كونىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەردىن يەنە مەملىكەت بويىچە داڭلىق بولغان بادام كۆپ چىقىدۇ. كونىشەھەر ناھىيىسىدىن مەملىكەت بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان پىستە چىقىدۇ. بۇ ۋىلايىتىمىزدە مېۋىلىك دەرەخلەر بايلىقىنىڭ ئىنتايىن مول ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن دولانا، ھالۋا بەدەت دەرەخلىرى قىسمەن رايونلاردا يېتىشتۈرۈلۈپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ جاينىڭ مېۋىلىك دەرەخ بايلىقى يەنىمۇ بېيىتىلدى. ئالدىنقى يىللاردا مېۋىلىك دەرەخ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزدە جەمئىي 9 ئائىلە، 17 ئۇرۇق تىپىدا بولغان، يېتىشتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان تەخمىنەن 40 تۈر، 800 خىلدىن ئارتۇق مېۋىلىك دەرەخ سورتى (ياكى سورت سېستىمىسى) نىڭ بارلىقى ئېنىقلاندى. كۆلە قىلىنىدىغان ئەلا سورتلار ئىچىدە يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ سەمەت ئۆرۈكى ۋە ناھىيىلەرگە تارقالغان سېرىق خۇۋەينە ئۆرۈكى قاتارلىقلار بار. ئەلا سورتلۇق قارا ئۆرۈك تۈرلىرىدىن قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا بار. ئەلا سورتلۇق ئانارلاردىن قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ توق قىزىل دانلىق ئانىرى، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ توق قىزىل، ھالرەڭ دانلىق ئانارلىرى قاتارلىقلار بار. ئەلا سورتلۇق ھۆل ئۈزۈمنىڭ ئەلا سورتلىرىدىن ئاق ئۈزۈم، مۇناقى، سوقى ئۈزۈم، چىلگە ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. بېھىنىڭ ئەلا سورتلىرى-

دىن ئامۇت ۋە ئالما تىپلىق يېمىشلەر بار. ئەلا سورتلۇق بادام خىللىرىدىن تاش بادام، قەغەز بادام، پىستە بادام، ئوغاقسىمان بادام، چوڭ بادام قاتارلىقلار. پىستىنىڭ ئەلا سورتلىرىدىن ئۇزۇن دانلىق ۋە يۇمىلاق دانلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىلى بار. گىلاسنىڭ ئەلا سورتلىرىدىن قوقان گىلاسى، قاپاق گىلاس قاتارلىقلار بار.

ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش: مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىمەكتە، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى چاتىلىپ، كېسەللىك-ھاشارەتلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىپ ھەم تىزگىنلىنىپ، غول تۈۋىگە قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلىپلا قالماستىن، بەلكى مىكرومىقدارلىق ئېلېمېنتلار ۋە ئۆسۈشنى تەڭشەش دورىسى چېچىلدى، يەرنى قەرەللىك كولتىۋاتسىيە قىلىش، سۇغۇرۇش قاتارلىق ئومۇملاشقان تېخنىكىلىق تەدبىرلەر قوللىنىلدى.

مېۋىلەرگە ئىش قوشۇش: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى قەشقەر كونىلون يېمەكلىكلەر زاۋۇتى ۋە قەشقەر شەھەرلىك كونسېرۋا زاۋۇتىدىن باشقا، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك باغۇەنچىلىك مەيدانىدا ئۇنىۋېرسال مېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى يېڭىدىن قۇرۇلدى. مەھسۇلاتلار ئىچىدە تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ قاقلىرى، مۇراببالىرى ۋە كونسېرۋالىرى ھەم قوغۇن قاقلىرىمۇ بار. مېۋە قاقلىرىنى ياساشتا يېڭى تېخنىكا قوللىنىلدى: كىشمىش ئۈزۈمىنى قۇرۇتۇشتا مايلىق ئاتسېتىك كىسلاتا بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ سوغۇق چىلاپ قۇرۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، قۇرۇتۇلۇش ۋاقتى قىسقارتىلدى. گۈلە ئىشلەشتە ئاپتاپتا سېلىنىپ بىۋاستە قۇرۇتۇلغاندىن باشقا، يەنە قوياش قۇۋۋىتى ئارقىلىق تېز قۇرۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش يىغىنىدا قۇرۇق مېۋە بازىسى قۇرۇش بەلگىلەندى: 1984-يىلى 8-ئايدا، مەمۇرى مەھكىمە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى كوگاڭ يىغىندا «ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ قۇرۇق مېۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتەيلى» دېگەن ماۋزۇدا دوكلات بېرىپ، ۋىلايەتتە مېۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇش، گۈلە، كىشمىش، قۇرۇق قارا ئۆرۈك ئىشلەش بازىلىرىنى قۇرۇشنى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنىڭ بىرى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا 1992-يىلدىن ئىلگىرى، گۈلە سېلىنىدىغان ئۆرۈك كۆلىمىنى 500 مىڭ موغا، كىشمىش كۆلىمىنى 200 مىڭ موغا، قارا ئۆرۈك كۆلىمىنى 100 مىڭ موغا كېڭەيتىپ، 800 مىڭ مو يەرگە بۇ 3 خىل مېۋىنى تىكىش، باشقا مېۋىلەرنى قوشقاندا مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمىنى جەمئىي بىر مىليون موغا يەتكۈزۈش قارار قىلىندى. بۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ باغۇەنچىلىك تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ يىغىن بولدى.

قۇرۇق مېۋە بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە 1984-يىلى 500 مودىن ئارتۇق يەردە ئۆرۈك، قارا ئۆرۈك كۆچىتى، 30 مودىن ئارتۇق يەردە كىشمىش تېلى كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى. يەنە ئېچكىرىدىن 50 مىڭ تۈپ ئۈزۈم، ئالۇچا كۆچىتى كەلتۈرۈلدى، 400 مو يەرگە ئانىلىق كىشمىش تېلى قويۇلدى، 200 مىڭ تۈپ ئۆرۈك ئۇ-

لىنىپ بولدى ھەممە يەر ئىسسىقلىق لېنىيىسى (ئېلېكتىر لىك پارنىك) ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، كۆچەتنى تېز سىرىتەت، يۇقىرى ئۈنۈم، ئەلا سۈپەت بىلەن يېتىشتۈرۈش باشلىنىپ، ئەتىيازدا كەڭ كۆلەمدە باغ ئەميا قىلىشقا ئىشلىتىشكە تەمىنلەپ بېرىلدى.

قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش ئىشلەپچىقىرىش: قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش ئومۇمى كۆلىمى 264600 موغا، بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇن - تاۋۇز كۆلىمى 144500 موغا يەتتى. ئىككىسىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 2 مىليارت 330 مىليون جىڭ ئەتراپىدا، بۇنىڭ ئىچىدە قوغۇن - تاۋۇز 2 مىليارت 150 مىليون جىڭ ئەتراپىدا بولدى. قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە، يەركە يالتىراق يېپىلغان يەر، يالتىراق لاپاس يېپىلغان يەر ۋە كۈن نۇرى پارنىكى قاتارلىق مۇھاپىزەت يەرلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش، يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندۇرۇلۇپ، قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە ئاشۇرۇلدى، بازارغا سېلىنىش ۋاقتى زور دەرىجىدە ئالدىغا سۈرۈلدى. بولۇپمۇ كۈن نۇرى پارنىكىدىن پايدىلىنىپ ئوتياش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كېڭەيتىلىشى ھەم ئىشقا سېلىنىشى ئارقىسىدا يېڭى ئوتياشلار قىش پەسلىدىمۇ بازارغا سېلىنىدى. قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەردە يالتىراق يېپىپ تېرىلىدىغان قوغۇن - تاۋۇزلار، ئوتياش كۆلىمى بىر قەدەر زور، قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەردە يالتىراق لاپاس ۋە كۈن نۇرى پارنىكىدىن پايدىلىنىپ تېرىلغان قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش كۆلىمى بىر قەدەر زور، 1984 - يىلى يالتىراق يېپىپ تېرىلغان قوغۇن - تاۋۇز كۆلىمى 2950 مودىن، ئوتياش كۆلىمى 4 مىڭ مودىن ئاشتى، يالتىراق لاپاس 103، كۆلىمى 64 مو، كۈن نۇرى پارنىكى 49، كۆلىمى 30.5 مو بولدى. بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان مۇھاپىزەت يەرلىرىدە ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەدبىرى قوللىنىلغاندىن كېيىن ئىقتىسادى جەھەتتە كىرىم زور دەرىجىدە كۆپەيدى. يالتىراق لاپاس يېپىلغان يەرلەركە تېرىلغان ئوتياشنىڭ ھەر بىر موسىدىن 3500 يۈەن كىرىم قىلىنىدى، ئۇ ئادەتتىكى يەركە تېرىلغان ئوتياش كىرىمىنىڭ 4 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. بازارغا 40 - 70 كۈن بالدۇر سېلىنىدى. كۈن نۇرى پارنىكىدا يىل بويى ئوتياش ئىشلەپچىقىرىلىپ، ھەر مو يەرنىڭ ئىقتىسادى كىرىمى 6 مىڭ يۈەندىن 8 مىڭ يۈەنگىچە بولۇپ، ئادەتتىكى يەرنىڭ ئوتياش كىرىمىنىڭ 8 - 10 ھەسسىسىگىچە توغرا كەلدى.

تېخنىكىلىق تەربىيىلەش، نەمۇنە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىش: مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرىدىغان تېخنىكا، باشقۇرغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ۋىلايەت ئىككى كۇرس ئاچتى: يېڭىسار ناھىيىسى مېۋە ئۇلاش كۇرسى ئېچىپ 130 نەچچە كىشىنى تەربىيىلىدى. قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىۋى ئاچقان مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كۇرسىغا ئاز سانلىق مىللەت ۋە خەنزۇلاردىن 40 دىن كىشى قاتناشتى، ئۇلارغا بىر يېرىم ئاي ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش، مېۋىلىك دەرەخلەردە بولىدىغان كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىدا ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، مېۋىلىك دەرەخ شاخلىرىنى چاتاش مەزمۇنىدىكى دەرسلەر ئۆتۈلدى.

باغۋەنچىلىك پەن تەتقىقاتى جەھەتتە ئورۇنلانغان تەجرىبە قىلىش، نەمۇنە كۆرسىتىش ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش تۈرى 28 بولۇپ، بۇلار ئىچىدە 7 تۈر ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. (لى باۋلياڭ)

[ئەسلىگە كېلىپ گۈللىنىۋاتقان قەشقەر پىلىچىلىكى] قەشقەر جۇڭگو ۋە خەلقئارادا مەشھۇر بولغان «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم شەھەر. پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئىچكىرىدىن قەشقەرگە تارقىلىپ كىرگەنلىكىگە 1700 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 1959 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پىلە ئۇرۇقىدىن 67 مىڭ قۇتا تارقىتىلىپ، جەمئىي 407 توننا پىلە غوزىسى ئېلىنىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىيازلىق پىلە 49 مىڭ قۇتا، ئېلىنغان غوزا 366 توننا بولدى. كېيىن «سولچىل» ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، ئۈزمە دەرەخلىرى كېسىۋېتىلىپ غوزا مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1973 - يىلىغا كەلگەندە پىلە غوزىسىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 87 توننىغا چۈشۈپ قالدى. كېيىن گەرچە قايتا ئۆرلەش بولغان بولسىمۇ، لېكىن 100 توننا ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈردى.

1980 - يىلى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنى يېزىلاردىكى ئاساسلىق قوشۇمچە كەسىپ قاتارىغا قويۇپ، ناھىيە، كومۇنىلاردىكى رەھبىرى كادىرلارنى خوتەن ۋىلايىتىگە بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا، ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. 1982 - يىل 3 - ئايدا ۋىلايەتتە پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلدى. شۇ چاغدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى ئۆتەۋاتقان يولداش گوگاڭ باش قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئالدى. قوماندانلىق شتابى ئەسلىگە كېلىپ گۈللىنىۋاتقان قەشقەر پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي گۈيخۇاسىنى تۈزۈپ چىقتى، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۈزمە كۆچىتى تىكىش، پىلە بېقىشتىكى مۇكاپاتلاش چارىسىنى بېكىتتى. مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، پىلە قۇرۇتى يېتىشتۈرۈش ئۆيلىرىنى سېلىشقا ئىشلەتتى، دېھقانلارنى پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. 3 يىلدىن بۇيان، كۆچەت يېتىشتۈرۈپ ئۈزمە تىكىش ۋە پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي گۈيخۇاسىدىكى بىرىنچى جەڭنىڭ ئاخىرقى بىر يىلى. 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە تارىختا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى كونىشەر ناھىيىسىدە چاقىرىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگاڭ «غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن ماۋزۇدا دوكلات بەردى. يىغىندا پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، نەتىجىلەر كۆزدىن كۆچۈرۈلدى. ئىلغارلار تەقدىرلەندى، 1984 - يىللىق پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى پۈتۈن ۋىلايەتتىكى پىلىچىلىك بويىچە 7 نۇقتىلىق ناھىيىنىڭ پىلە قۇرۇتىنى يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى. 10 - ئايدا ئۈزمە كۆچىتى يې

ئىشلىتىلىشى، كۆچەت تىكىش ۋە ئۈژمە ئۇلاش خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ ئۆگىنىۋېلىشنى ئۇيۇشتۇردى.

1984 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 15 مىڭ قۇتا پىلە ئۇرۇقى بېقىلىپ، 204 توننا غوزا ئېلىندى، مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12% ئاشتى، 1981 - يىلدىن بۇرۇنقىسىدىن بىر قاتلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىيازلىق پىلە 13800 قۇتا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 192 توننا بولدى؛ كۈزلۈك پىلە 1400 قۇتا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 12 توننا بولدى. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلات 13.6 كىلوگىرامغا يەتتى.

1984 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە 4790 مو ئۈژمە كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1700 مو يەرگە قەلەمچە قويۇپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 3090 مو يەرگە ئۇرۇق سېلىنىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 3 مىليون 720 مىڭ تۈپ ئۈژمە كۆچىتى تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېرىق بويىلىرىغا تىكىلگەن ئۈژمە كۆچىتى 1 مىليون 620 مىڭ تۈپ، ئەزالارنىڭ تىككىنى 860 مىڭ تۈپ. ئۇلانغان سۈپەتلىك ئۈژمە 1 مىليون 850 مىڭ تۈپ. ھازىر ۋىلايەت بويىچە بار بولغان ئۈژمە دەرىخى 12 مىليون تۈپتىن ئېشىپ بولۇپ، ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 6.4 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ.

پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا گەرچە يېڭى بۆسۈش بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەنىلا قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى تەرەققىياتىدىكى بىر ئاجىز ھالقا. قەشقەر يىپەك زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى نورمالسىز بولغاچقا، خام ئەشيالارنىڭ بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى پەيدا بولۇپ، دېھقانلارنىڭ پىلە غوزىسىنى سېتىشى قىيىن بولۇشتەك ھادىسىلار كېلىپ چىقتى. پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، پىلىچىلىك ئىشلەپچىقىرىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم. (خۇاڭ رۇيشى)

# ئورمانچىلىق

**[ ئورمانچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ]** ئورمانچىلىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. راۋاجلانغان ئورمانچىلىق — دۆلەتنىڭ باي ئىكەنلىكى، مىللەتنىڭ گۈللەپ - ياشنىغانلىقى، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىلىرىنىڭ بىرى، ئورمان — قورۇقلىقنىڭ يېشىل ئېكولوگىيىسىدىكى ئاساسىي يېتەكچىسى ۋە تەڭشىگۈچىسى، ئۇ "يېشىل توساق"، "يېشىل بانكا" دېگەن چىرايلىق نامغا ئىگە. ئۇ ئىنسانلارنى ياغاچ، ئوتۇن ۋە ئورمانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىپ قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، كىلىماتنى تەڭشەش، سۇ مەنبەلىرىنى ساقلاش، ئېتىز - ئېرىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۆسۈملۈكلەر ئارقىلىق زەي قاچۇرۇش، سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاش، ئوكسىگېن ھاسىل قىلىش، ھاۋانى تازىلاش، بۇلغىنىشتىن ساقلىنىش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئۈنۈملەرگە ئىگە.

قەشقەر ۋىلايىتىدە ئەزەلدىن بېرى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئىنتايىن ئاز، ئورمانلار

كۆپ ئەمەس، ھاۋاسى قۇرغاق، قۇم - بوران ۋە زەي، شور ئاپىتى ئېغىر، ياغاچ ۋە ئوتۇن ئىنتايىن قىس بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئازاتلىقتىن بۇيان ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمانلىرىنى كەڭ تۈردە بەرپا قىلدى. تۆت ئەتراپقا كۆكەرتىش دەرەخلىرىنى كۆپلەپ تىكتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەنە بېقىلغۇ ئورمىنىنى بەرپا قىلىشنى راسا تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىسىدە يېڭى ياخشىلىنىش بولدى. لېكىن، بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزدە سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا سەل قارالدى؛ غوللۇق دەرەخلەرگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، چاتقاللارغا سەل قارالدى؛ كېسىش كۆپ، تىكىش ئاز بولۇپ، نىسبەت تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ خىل ئورمانسىز ھادىسىلەر تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.



قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە پائال ئاتلاندى

جېن نيۇ فوتوسى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى ھەققىدە بىر قاتار زور ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1978 - يىلدىن باشلاپ «3 شىمالىي رايون» بويىچە مۇداپىئە ئورمان سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى باشلىدى. ۋىلايىتىمىزدىن 11 ناھىيە (شەھەر) «3 شىمالىي رايون» قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈلدى. قىسقىغىنا يەتتە يىلدا ۋىلايىتىمىزنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. كېسىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تىكىشكە سەل قارايدىغان، نىسبەت تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدىغان ئەھۋاللار دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە ھازىر بار بولغان 1 مىليون 617 مىڭ 900 مو سۈنئىي ئورمان، 1 مىليون 431 مىڭ 900 مو تەبىئىي ئورمان، جەمئىي 3 مىليون 49 مىڭ 800 مو ئورمان بار. بۇنىڭدىن باشقا، تۆت ئەتراپقا 165 مىليون تۈپ (414 مىڭ موغا توغرا كېلىدۇ) دەرەخ قويۇلدى. ئورمانلارنىڭ قاپلاش نىسبىتى 1977 - يىلدىن بۇرۇنقى 0.9% دىن 1.68% كە يەتتى (دەرەخ خىللىرى كۆلىمى ھەققىدە قوشۇمچە جەدۋەلگە قارالسۇن).

ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل ئورمانلارنىڭ ئومۇمىي زاپاس مىقدارى 3 مىليون 360 مىڭ كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي ئورمانلارنىڭ زاپىسى 2 مىليون 963 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 88% نى ئىگىلەيدۇ. تەبىئىي ئورمانلارنىڭ زاپىسى 397 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ 12% نى ئىگىلەيدۇ. ئورمانلارنىڭ ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىشىنىڭ نىسبىي سېلىشتۇرما قىممىتى مۇنداق: ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن ئورمان يەر كۆلىمى 1.39 مو، ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن پارچە-

پۈرات دەرەخ 89 تۈپ، ھەر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا توغرا كەلگەن يېقىلغۇ ئورمان 0.44 مو، ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمانلىرى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 6.9%نى ئىگىلەيدۇ.

دەسلەپكى ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە دەرەخ تۈرلىرىدىن 28 ئائىلە، 46 ئۇرۇقداش، 93 خىلى بار. ماتېرىيال ئورمىنى: سۇۋادان تېرەك، قاپاق تېرەك، تاغ تېرىكى، مىرزا تېرەك، داگۇەن تېرىكى، سالەن تېرەك ۋە كىرگۈزۈلگەن بەزى شاللاشتۇرۇلغان تېرەكلەر، قارا ياغاچ، تىكەنلىك ئاكاتسىيە، ياسىن دەرىخى، چۈلۈك دەرىخى، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەر بار؛ تەبىئىي ئورمانلاردىن: توغراق، تال توغراق، قاغا جىگدىسى، تيانشان شەمشادى، كوئېنلۇن قازاق ئارچىسى قاتارلىق دەرەخلەر بار؛ ئىقتىسادىي دەرەخلەردىن: ياڭاق، بادام، چىلان، پىستە، كاۋاۋىچىن دەرىخى، پىندىق ياڭاق قاتارلىقلار بار؛ يېقىلغۇ ئورمان دەرەخلىرىنىڭ تولىسى جىگدە، يۇلغۇن، جىغان، سۆگەت قاتارلىقلاردۇر.

ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئورمانچىلىقىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئاپارات، ئۇنىڭ قارمىقىدا: ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقۇرۇش پونكىتى، ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پەن-تەتقىقات ئورنى، ۋىلايەتلىك ئورمان ئۇرۇقى پونكىتى، ۋىلايەتلىك ئورمانلاردا بولىدىغان كېسەللىك-ھاشارەتلەر زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش پونكىتى، ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تەكشۈرۈش ـ لايىھەلەش ئەترىتى، ۋىلايەتلىك ياغاچ شىركىتى، كوئېنلۇن ئورمانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلار بار. ئورمانچىلىق باشقارمىسى بىلەن ئورمانچىلىق باشقۇرۇش پونكىتى بىرلىشىپ ئىش بېجىرىدۇ. ئۇنىڭ قارمىقىدا 3 بۆلۈم، 1 ئىشخانا تەسىس قىلىنغان. مۇناسىپ بۆلۈم، ئىشخانىلاردا ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشخانىسى، كۆكەرتىش ئىشخانىسى، ياۋايى ھايۋاناتلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشخانىسى قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان.

ۋىلايەتلىك ياغاچ شىركىتى 1959 ـ يىلى قۇرۇلغان، ھازىر يېزا دەرىجىلىك مۇستەقىل كارخانا ئورۇن بولۇپ، ئاساسلىقى ياغاچ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كوئېنلۇن ئورمانچىلىق مەيدانى 1959 ـ يىلى قۇرۇلغان. 1979 ـ يىلىدىن بۇرۇن كېسىشنى ئاساس قىلىپ كەلگەن. 1980 ـ يىلىدىن كېيىن كېسىشنى توختىتىپ، ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش، يېڭىلاشنى ئاساس قىلىدىغان ئورمانچىلىق مەيدانىغا ئايلاندۇرۇلدى.

ناھىيە ( شەھەر ) لەردە ئورمانچىلىق ئىدارىسى ( خىزمەت پونكىتى ) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى ناھىيە ( شەھەر ) دىكى ئورمانچىلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىنى ۋە پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرىدۇ.

ناھىيە باشقۇرىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانىدىن 11 ى بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 80 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي ئورمان بار مەيدان 6، تەبىئىي ئورمان بار مەيدان 3، ئىقتىسادىي ئورمان بار مەيدان 2، ناھىيىدىن باشقۇرۇلىدىغان كۆچەتخانا 8، ئومۇمىي كۆلىمى 43 مىڭ مو.

ۋىلايەت بويىچە ئورمانچىلىق سىستېمىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 2250 نەپەر. ( چېن ـ شيەنچېن، جۇ لىڭشيەن)

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئورمان بايلىقىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

1984 ـ يىل ئاخىرىدىكى ئىستاتىستىكا

بىرلىكى : مو

| تۈرى / ئورۇن | ئورمان جەمئىي | سۈنئىي ئورمان: كىچىك جەمئىي | ئىھاتە ئورمىنى | يېقىلغۇ ئورمىنى | ماتېرىيال ئورمىنى | ئىقتىسادىي ئورمان | باشقا ئورمانلار | تەبىئىي ئورمان: كىچىك جەمئىي | تۈزلەڭلىكتىكى توغراق | تاغ رايونىدىكى شەمشات | تاغ جىلغىلىرىدىكى ئورمان | توت ئەتراپىغا تىكىلگەن دەرەخ مىڭ تۈپ/مىڭ مو |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋىلايەت بويىچە جەمئىي | 3049800 | 1617900 | 510400 | 817000 | 67500 | 208600 | 14400 | 1431900 | 1397500 | 25700 | 8700 | 414/165.590 |
| يەكەن | 339.200 | 331.200 | 165500 | 128.400 | 500 | 33.800 | 3.000 | 8.000 | / | 8.000 | | 13.9/5.550 |
| يېڭىشەھەر | 223.800 | 209.200 | 56.800 | 120.100 | 10.600 | 18.500 | 3.200 | 14.600 | 14.600 | | | 33.8/13.500 |
| كونىشەھەر | 345.500 | 337.300 | 61.000 | 222.000 | 18.000 | 35.400 | 900 | 8.200 | 8.200 | | | 85.7/34.280 |
| قاغىلىق | 122.100 | 103.600 | 30.700 | 16.800 | 10.800 | 38.800 | 6500 | 18.500 | 1.500 | 17.000 | | 39.5/15.800 |
| پوسكام | 85.500 | 86.800 | 35.400 | 35.800 | 4.500 | 11.100 | / | 3.700 | 3.700 | | | 30.9/12.350 |
| يېڭىسار | 139.900 | 138.700 | 37.700 | 74.900 | 7.200 | 18.600 | 300 | 1.200 | 1.200 | | | 48.4/19.360 |
| پەيزىۋات | 463.600 | 147.600 | 26.700 | 84.300 | 7.500 | 2.900 | 100 | 316.000 | 31.600 | | | 77.8/32.120 |
| يوپۇرغا | 134.900 | 86.900 | 26.800 | 50.500 | 1.000 | 8.400 | 200 | 48.000 | 4.800 | | | 23.1/9.220 |
| مەكىت | 330.000 | 105.000 | 34.700 | 51.700 | 6.500 | 12.100 | / | 225.000 | 22.500 | | | 26.6/10.630 |
| مارالبېشى | 811.600 | 31.600 | 21.000 | 9.200 | 700 | 500 | 200 | 780.000 | 78.000 | | | 2590/10.630 |
| قەشقەر شەھىرى | 32.100 | 22.100 | 14.100 | 15.400 | 200 | 2400 | / | / | / | | | 8.400/3.340 |
| تاشقورغان | 16.600 | 7.900 | / | 7.900 | | | / | 8.700 | / | | 8.700 | 0.2/8. |

**[ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى نەتىجىلەر]** مەجبۇرى تىكىلىدىغان كۆچەت يىلدىن-يىلغا كۆپەيمەكتە. 1981 - يىل 12 - ئايدا، 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئومۇمىي خەلق مەجبۇرى كۆچەت تىكىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» دا ھەر بىر كىشى ھەر يىلى 3 - 5 تۈپگىچە كۆچەت تىكىش تەلەپ قىلىنىدى. 1982 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ھەر بىر كىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 تۈپتىن، 1983 - يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9 تۈپتىن، 1984 - يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 تۈپتىن كۆچەت تىكتى.



كۆكەرتىشتە ئۈلگىلىك بولغان ئورۇن — قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى ئىچىدىكى دەرەخلەر سايە تاشلىغان يول.

لۇ ۋېيىيەن فوتوسى

يېقىلغۇ ئورمانلىرىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. ئۇزۇندىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئوتان ناھايىتى قىس بولۇپ كەلدى، بولۇپمۇ يېزىلاردا يېقىلغۇ تېخىمۇ قىس بولىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم 1983 - يىلى ئەتىيازدا ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەشكىللەپ يېقىلغۇ ئورمانلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقىپ، تېز ئۆسۈش، مول ھوسۇل ئېلىش ۋە ئىسسىقلىق ھارارىتى يۇقىرى بولۇشتىن ئىبارەت 3 ئامىلنى ئاساس قىلىپ، يېقىلغۇ ئورمىنى بىنا قىلىشنىڭ ئەڭ ئەلا لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى بۇيرىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش 1983 - يىل 5 - ئايدا باشلىنىپ، سىرتتىن تەكشۈرۈش، ئىچكى جەھەتتە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، 1984 - يىل 9 - ئايدا تەكشۈرۈش دوكلادى يېزىپ چىقىلدى. ھازىر ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن سانلىق مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز:

دەرەخ خىللىرىنى تاللاش: جىگدە، يۇلغۇن، جىغان، سۆگەت سۈپەتلىك يېقىلغۇ دەرەخ خىلى قىلىنسا بولىدۇ.

ئوتۇن مىقدارى: ھەر مو ئورماننىڭ يىللىق ئوتۇن مىقدارى مۇنداق: يۇلغۇننىڭ 436.63 كىلوگىرام بولۇپ، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، جىغاننىڭ 260.20 كىلوگىرام بولۇپ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، جىگدىنىڭ 231.52 كىلوگىرام. لېكىن ئېتىز - ئېرىق ئورمان تۈرىنىڭ تار بەلۋېغى ياكى قوشۇمچە بەلۋېغى قويۇلغان جىگدىنىڭ ھەر مۇسىنىڭ ئوتۇن مىقدارى 484.40 كىلوگىرام بولۇپ، ياپسا قويۇلغان جىگدە ئورمىنىدىكىدىن 109% ئۈستۈن تۇرىدۇ.

بىئولوگىيىلىك مىقدارى: ھەر مونىڭ يىللىق بىئولوگىيىلىك مىقدارى جەھەتتە يۇلغۇننىڭ 720.13 كىلوگىرام بولۇپ، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. جىغان 296.22 كىلوگىرام بولۇپ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. جىگدىنىڭ 275.59 كىلوگىرام.

غازاڭ مىقدارى: جىگدە ئورمان بەلۋېغىنىڭ ھەر مۇسىدىن چۈشىدىغان ھۆل غازاڭ مىقدارى 361.92 كىلوگىرام بولۇپ، ياپسا جىگدە ئورمىنىدىن چۈشىدىغان 282.29 كىلوگىرام غازاڭ مىقدارىدىن 28.21% ئارتۇق تۇرىدۇ. ياپسا جىغان ئورمىنىدىن چۈشىدىغان غازاڭ مىقدارى 331.11 كىلوگىرام. يۇلغۇن ئورمان بەلۋېغىدىن چۈشىدىغان غازاڭ مىقدارى 249.77 كىلوگىرام.


قەشقەر ۋىلايىتىدە كەلكۈندىن پايدىلىنىپ يۇلغۇننى كۆپەيتىش. يازدا كەلكۈن ئېقىنتىسى كۆپ، بۇ چاغ دەل يۇلغۇن ئۇرۇقىنىڭ پىشىش ۋاقتى، كەلكۈندىن پايدىلىنىپ جاڭگاللارغا سۇ قويغاندا، سۇغا چۈشكەن يۇلغۇن ئۇرۇقى بىخلىنىپ چىقىپ، ياپپا يۇلغۇن ئورمانلىقى شەكىللىنىدۇ. يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ سەيەك كوممۇنىسى بۇ تەجرىبىنى ئاۋۋال كېڭەيتتى. 1982 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان ئورمانچىلىق يىغىنىدا 9 ناھىيىگە 100 مىڭ مو يۇلغۇن كۆپەيتىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شۇ يىلى 60 مىڭ مو ئورۇنلاندى. 1983 - يىلى يەنە 80 مىڭ مو ئورۇنلاندى. 1984 - يىلى كەلكۈن دەرگاھىدىن بۇرۇن، ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى يوپۇرغا ناھىيىسىدە يۇلغۇننى كۆپەيتىش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە 113 مىڭ مو يۇلغۇن كۆپەيتىلىپ، 1982 - يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى. ھازىر 250 مىڭ مودىن ئارتۇق سۈنئىي يۇلغۇن ئورمانلىقى بار. (چېن شيەنچېن، جۇ لىڭشيەن)

**[«3 شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى]** دۆلىتىمىزدىكى قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش، قۇم - بوران، زەي - شور، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئىنسانلار ھاياتىغا ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن 1978 - يىلى 11 - ئايدا غەربىي - شىمال، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي - شىمال (قىسقارتىلىپ «3 شىمالىي رايون» دەپ ئاتىلىدۇ) دىكى ئون مىڭ چاقىرىملىق قۇم - بوران لىنىيىسىدە ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى قارار قىلغان ئىدى. ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى دېگىنىمىز مۇشۇ رايونلار ئىھاتە ئورمان تۈرلىرى، ئىھاتە ئورمان بەلۋاغلىرى ۋە ياپپا ئورمانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، غوللۇق دەرەخ تىكىش، چاتقال قويۇش، ئوت - چۆپ تېرىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراش - دېگەنلىك. شۇڭا، «3 شىمالىي رايون» قۇرۇلۇشىغا قويۇلغان تەلەپ «تۈر، ياپپا، بەلۋاغ» نى، «غوللۇق دەرەخ، چاتقال، ئوت - چۆپلەر» نى، «دەرەخ خىللىرى كۆپ بولۇش، دائىرىگە ئېلىش، باشقۇرۇش، ئۆزگەرتىش» نى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. «3 شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى ماھىيەتتە ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش.



قەشقەر يېزىلىرىنىڭ مەنزىرىسى.
مەھەممەت ھېيت فوتوسى

بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش 1978 - يىلى باشلىنىپ، 1985 - يىلى ئاخىرلاشتى. ۋاقتى 8 يىل. شىنجاڭنىڭ ئورمان بىنا قىلىش ۋەزىپىسى 1 مىليون 800 مىڭ مو، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىپىسى 784 مىڭ مو. تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا، قالغان 11 ناھىيە (شەھەر) بۇ قۇرۇلۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايىتىمىزدە «3 شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىدىن 798 مىڭ مو ئورۇنلىنىپ، پىلاننىڭ 101.8% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 247 مىڭ مو، ياپقىلغۇ ئورمىنى 474 مىڭ مو، ماتېرىيال ئورمىنى 48 مىڭ مو، ئىقتىسادىي ئورمان 29 مىڭ مو. بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئورۇنلاندى.



يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئىگەچى يېزىسىدىكى ئىھاتە ئورمىنى

لۇ يېڭيەن فوتوسى

ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش 1986 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلدى، ۋاقتى بەش يىل بولدى، بۇ دۆلەتنىڭ 7 ـ بەش يىللىق پىلانى بىلەن تەڭ باشلاندى. قۇرۇلۇش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، شىنجاڭدا 54 ناھىيە ( شەھەر ) دىن 84 ناھىيە ( شەھەر ) گە كۆپەيتىلدى. تاشقورغان ناھىيىسىمۇ "3 شىمالى رايون " قۇرۇلۇشىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

قەشقەر ۋىلايىتى 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشنى گۈيخۇالاش ـ لايىھىلەش خىزمىتىنى باشلىدى. ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشتا گۈيخۇالانغان ۋەزىپە 900 مىڭ مو. بۇنىڭ ئىچىدە سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن كۆپەيتىلىپ ئەھيا قىلىنىدىغان ئورمان 540 مىڭ مو، كۆچەتسىز ئەھيا قىلىنىدىغان ئورمان 360 مىڭ مو. ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەنىلا ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى ۋە يېقىلغۇ ئورمىنى بولدى.

" 3 شىمالى رايون" ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت 1984-يىلى 10-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ئورمانچىلىق سىستېمىسىدىكى 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىش تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ گۈيخۇا ـ لايىھىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قانداق قىلىپ تېزلىتىش توغرىسىدا " 6، 7، 8 " ۋە " 5، 4، 3 " لىك گۈيخۇا لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يەنى 1986 ـ يىلى 5 ناھىيە ( شەھەر )، ( يەكەن، پوسكام، يېڭىشەھەر، قەشقەر شەھىرى، مەكىت ) ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ 1987 ـ يىلى 4 ناھىيە ( كونىشەھەر، يېڭىسار، قاغىلىق، يوپۇرغا ) ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ 1988 ـ يىلى ئاخىر-

قى ئۆركۈمىدىكى 3 دانىيە ( پەيزىۋات، مارالۋېشى، تاشقورغان ) ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى مۇددەت بويىچە ئورۇنلىغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ. ( چېن شيەنچېن، جۇ لىڭشيەن )

**[ تەبىئى ئورمانلىقلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى، ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەبىئى ئورمان مەنبەسى ئاساسلىقى ئىككى خىل: بىرىنچىسى تۈزلەڭلىكتىكى توغراقلىق، ئىككىنچىسى تاغلىق رايوندىكى شەمشاتلىق. ئۇزۇندىن بۇيان، بۇ تەبىئى ئورمان مەنبەلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئورمان مەنبەسىنىڭ كۆلىمى ئېغىر دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ۋىلايەت بويىچە تەبىئى ئورمانلىق ۋە جاڭگال ئورمانلىقى تەخمىنەن 5 مىليون 500 مىڭ مو ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە: تۈزلەڭدىكى توغراق 2 مىليون 600 مىڭ مو، تاغلىق رايوندىكى شەمشات 40 مىڭ مو، جاڭگالدىكى يۇلغۇن 2 مىليون 860 مىڭ مو ئىدى. ئورمانلىقلارنى زور كۆلەمدە بۇزۇپ بىنام ئېچىش، قالايمىقان كېسىش ۋە ئورمان رايونلىرىنى سۇغۇرۇش سۇ مەنبەلىرىنى توسىۋېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەبىئى ئورمانلىقلار ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئايروپىلان ئارقىلىق تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ توغراقلىقىدىن ئاران 617 مىڭ مو قالغان. 1976 - يىلىدىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا قارىغاندا قاغىلىق رايونىدىكى شەمشاتتىن ئاران 25 مىڭ مو قالغان. يۇلغۇنمۇ ئاساسى جەھەتتىن كېسىپ تۈگۈتىلگەن. بولۇپمۇ شېكەر كۆلىدىن مارالۋېشى ئاچىلىقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يۇلغۇنلۇقلار ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار تەبىئى ئورمانلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش مەسىلىسىگە دىققەت - ئېتىبارىنى جىددىي قوزغىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر خىل تەدبىر قوللىنىپ، قالايمىقان كېسىشنى مەنئى قىلدى. ھازىر كەڭ كۆلەمدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئاساسى جەھەتتە چەكلەندى. 1984 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىلمى جەمئىيىتى مارالۋېشىدا توغراقنى نەق مەيداندا ئىلمى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا توغراق ئورمىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى بەزى ياخشى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى. 1980 - يىلى مارالۋېشى توغراق ئورمان مەيدانى دەريانى توسۇپ دامبا سوقۇپ سۇ باشلاش ئۇسۇلى بىلەن 50 مىڭ مو توغراق ئورمىنىنى سۇغاردى، ئىككىنچى يىلى توغراقنىڭ ئۆسۈشى خېلى ياخشى بولدى. 1982 - يىلى، توغراق ئورمان مەيدانى مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سۇغۇرۇلغان توغراق بىلەن سۇغۇرۇلمىغان توغراقنىڭ ئۆسۈش جەھەتتىكى پەرقىنىڭ ئىنتايىن روشەن ئىكەنلىكىنى چېلىقتۇردى. شەكلىدىن قارىغاندا يوپۇرمىقى بىرسىنىڭ چوڭ، بىرسىنىڭ كىچىك، رەڭگى جەھەتتە بىرىنىڭ يېشىل، بىرىنىڭ ساغۇچ بولغان. سۇغۇرۇلغان ئورماننىڭ ئارىسىدىكى بوش بىكار يەرلەردە ئىنتايىن قويۇق شىۋاقلار ۋە يۇلغۇنلار ئۆسكەن. يەر ئاستى سۈيىمۇ كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئۆلچەپ بېكىتىلىشىچە، يېڭى ئۆستەڭ بويلىرىد-

كى يەر ئاستى سۈيى 2 — 3 مېتىرغىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، كونا - يېڭى ئۆستەڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنىڭ يەر ئاستى سۈيى ئەسلىدىكى 8 مېتىردىن 4.4 مېتىرغا كۆتۈرۈلگەن. بەزى جايلاردا بىر نەچچە ئون يىلدىن بېرى قۇرۇلۇپ ياتقان توغراق يەر قاپىقى ئۈنۈپ چىققان، پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىش دەرىجىسىگە كېلىپ قالغان توغراقلىقتا ھاياتلىق مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن.

1984 - يىلى، ۋىلايەتلىك تەرەققىيات مەبلىغى كومىتېتىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن مارالۋېشى توغراق ئورمان مەيدانى 1 - دامبىدىن 5 كىلومېتىر نېرىسىدىكى جايدا 2 - دامبا سوقۇپ سۇ باشلاپ 100 مىڭ مو يەرنى سۇغاردى. مارالۋېشى ناھىيىسى كەلگۈندىن پايدىلىنىپ 200 مىڭ مو توغراق سۇغاردى.

مارالۋېشى شامال ئورمانچىلىق مەيدانى يەر ئاستى سۈيى 4 مېتىردىن يۇقىرى بولغان توغراقلىق ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر قەدەر مول تەجرىبىگە ئىگە بولدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپتىقالىدا مۇنۇ تۆت خىل ئۇسۇلدىن ئىبارەت:

1. پىخلاندۇرۇپ يېڭىلاش ئۇسۇلى: تەبىئىي توغراقلار نەچچە مىڭ يىللىق تەبىئىي شاللىنىش ۋە ئىقلىملاشتۇرۇلۇشنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ قۇرغاقچىلىققا ۋە زەي-شورلۇققا چىدامىلىق بولۇش، قۇم - بورانغا بەرداشلىق بېرىشتەك ئېسىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھەمدە كۈچلۈك پىخلىنىپ چىقىش ئىقتىدارىغا ۋە يىلتىزىدىن چاتاقلاپ چىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇرۇقىنىڭ پىشىش ۋاقتى بىلەن كەلكۈن ۋاقتى بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆسۈش قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۆزگەرتتى، تەرەققىي قىلدۇردى.

2. دائىرىگە ئېلىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى: كېسىلىپ كەتكەن توغراقلارنى قاتتىق ھالدا دائىرىگە ئالغاندا، 3 - 5 يىلغىچە ۋاقىت ئىچىدە يەنە كۆكلەپ ئورمان بولىدۇ. خۇددى كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك: «توغراق كېسىلىشىدىن قورۇقمايدۇ، تاشلىنىپ قېلىشتىن قورقىدۇ»، «دائىرىگە ئېلىپ ئۆستۈرگەندە، تېزدىنلا ئايىنىدۇ».

3. يىلتىزىدىن چاتاقلىتىپ يېڭىلاش ئۇسۇلى: چوڭ دىئامېتىرلىق ماتېرىياللارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، يىلتىزىدىن چاتاقلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم، يەنى قېرىپ قالغان يىلتىزلارنى چىقىرىۋېتىپ، پۇپۇك يىلتىزلىرىنى قالدۇرسا، يىلتىزىدىن چاتاقلاپ قايتىدىن ئورمان بولىدۇ.

4. ئۇلاپ ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى: دەرەخ خىلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، يىلتىزىدىن چاتاقلاپ چىققان نوتىسىغا ياكى پىخىغا سۇۋادان تېرەك ئۇلانسا، ئەسلىدىكى توغراق-سۇۋادان تېرەككە ئۆزگىرىدۇ. بۇ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك بىلەن ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى. ئۇلاش ئۇسۇلى تۆپەك ئۇلاق ۋە نوتا ئۇلاقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

تاغلىق رايوندىكى شەمشاتنى ئۆستۈرۈشتە، ئورمان ئەھيا قىلىش بىلەن چارۋا بېقىش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولغاچقا يېڭىلاپ ئۆستۈرۈش قىيىنراق بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئورمانلىقتا نۆۋەت بىلەن مال بېقىشنى يولغا قويۇش لازىم. ئاندىن كېيىن پىلانلىق ھالدا تاغ دۆڭلىرىدە تەڭ ئېگىزلىك سىزىقىنى بويلاپ قاسراقسىمان ئورا كولاپ قار دۆۋىلەپ، ئىككىنچى يىلى ئادەم كۈچى بىلەن ئۇرۇق سېلىش ياكى كۆچەت تىكىش ئار-

قىلدق ئورمان بىنا قىلىپ، ئون يىلغىچە بۇ يەردە چارۋا بېقىشنى چەكلىسە، شەمشاتنى تەدرىجىي ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

(چىن شيەنچىن، جۇ لىڭشيەن)

## ئورمانچىلىق سىياسىتى ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ھاياتى كۈچ ئېلىپ كەلدى

چىن شيەنچىن

ئازاتلىقتىن بۇيان، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ «كۆچەتنى كىم قويسا، شۇنىڭ ئىلكىدە بولۇش» تىن ئىبارەت ئەڭ ئاساسلىق ئورمانچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈپ كەلدى، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن. ئۇ، ئورمانچىلىقنى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، بۇ ئاساسلىق ئورمانچىلىق سىياسىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شەخسلەر كۆچەت تىكىپ ئەھيا قىلغان ئورمانلار «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» دەپ قارىلىپ كېسىۋېتىلدى، مۇسادىرە قىلىندى. تەبىئىي ئورمانلار ھەدەپ ئوغۇرلۇقچە كېسىپ كېتىلدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئورمانلىرى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىپ، ئېكولوگىيىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىشى كېلىپ چىقتى. ۋىلايەت بويىچە تەبىئىي توغراقلىق 1958 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە 2 مىليون مودىن ئارتۇق ئىدى. 1979 - يىلى ئايرۇپىلان ئارقىلىق تەكشۈرۈپ كۆرگەندە ئاران 620 مىڭ مو قالغان. توغراقلىقنىڭ مۇنداق ۋەيران بولۇپ كېتىش سۈرئىتى كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بەزى توغرا بولغان ئورمانچىلىق سىياسەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1981 - يىلى، مەركەز يېزىلاردا ئورمانچىلىق بويىچە «3 نى بېكىتىش» نى، يەنى: 1. ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى بېكىتىش؛ 2. ئەزالارغا قالدۇرۇق ئورمان يېرى ئايرىپ بېرىش؛ 3. ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋىلايىتىمىزدە بۇ 3 تۈرلۈك خىزمەت ئىككى قىش ۋە ئەتىياز (1981 - 1982 - يىلى) ئىشلەندى، ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ئاساسى جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئەزالارغا قالدۇرۇق ئورمان يېرى ئايرىپ بېرىلدى، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەھەتتە، ئاساسىي قاتلام كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى تازا ئازات بولمىغانلىقتىن، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قەدىمى ئاستىراق بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىن كېيىن قالدى.

ھازىر قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يۈرگۈزۈلگەن بىر قەدەر ئۈنۈملۈك بولغان تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بار:

1. يېزىلاردىكى ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى.

(1) ئاساسلىق غوللۇق ئۆستەڭ، يول بويلىرىدىكى ئورمان بەلۋاغلىرى ۋە قۇمدىن

مۇداپىئەلىنىش تايانچ ئورمان بەلۋاغلىرى يەنىلا كوللېكتىپ تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى كوللېكتىپتا بولىدۇ. كېسىلگەندىن كېيىن يېڭىلاشتا كوللېكتىپتىن كۆچەت، ئەمگەك كۈچى چىقاردى. ئورماننى باشقۇرۇش، ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كەسپىي ئائىلىلەرگە ياكى ئۆتقىلىق ئائىلىلەرگە ھۆددە قىلىپ بېرىلىدۇ، ئۇلارغا ھەق بېرىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، مەلۇم سالدا ئىش ھەققى ئېنىقسىزى ئايرىپ بېرىلىدۇ، ئورمان بەلۋاغلىرىغا ئارىلاپ تېرىلغان زىرائەتلەرۋە شاخ شۇمبا، غازاڭلار شەخسكە قالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئورماندىن بولغان كىرىم نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، يەنى: ياش ئورمانلار (5 يىللىقتىن تۆۋەن بولغانلىرى) نىڭكى 6 ۋە 4 ئۈلۈش بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. كوللېكتىپ 6 ئۈلۈشنى ئالىدۇ؛ ئوتتۇرا ياشلىق ئورمانلار (10 يىللىقتىن تۆۋەن بولغانلىرى) نىڭكى 7 ۋە 3 ياكى 8 ۋە 2 ئۈلۈش بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، كوللېكتىپ 7 ياكى 8 ئۈلۈشنى ئالىدۇ. تەييار بولۇشقا يېقىنلاشقان ئورمانلار (10 يىللىقتىن يۇقىرى بولغانلىرى) نىڭكى 9 ۋە 1 ئۈلۈش بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، كوللېكتىپ 9 ئۈلۈشنى ئالىدۇ.

(2) ئېرىقلار بويىدىكى ئورمان بەلۋاغلىرىغا قارىتا. ئومۇمەن دەرەخلەر يەر بىلەن بىرگە مېڭىش، كىمنىڭ يېرىدە بولسا شۇ باشقۇرۇش يولىغا قويۇلدى ۋە كىرىم نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىندى (تەقسىم قىلىش نىسبىتى يۇقۇرقىغا ئوخشايدۇ). شاخ - شۇمبا، غازاڭلار پۈتۈنلەي شەخسكە قالىدۇ. ھازىر دېھقانلار بۇ بىر قىسىم ئورمان بەلۋاغلىرىنى نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلماي، باھاغا سۇندۇرۇپ شەخسكە سېتىپ بېرىشنى، كېيىن ئورمان بەلۋاغلىرىنى يېڭىلاشنىمۇ ھەركىم ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلماقتا. تېخى كۆچەت تىكىلمىگەن ئورمان تور يېرىگە قارىتا "6 نى بىر تۇتاش قىلىش" ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا "كۆچەتنى كىم قويسا شۇنىڭ ئىلكىدە بولۇش" نى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. قارىغاندا "دەرەخنى باھاغا سۇندۇرۇپ شەخسكە سېتىپ بېرىش" ۋە "6 نى بىر تۇتاش قىلىش شەرتى ئاستىدا، كۆچەتنى كىم قويسا شۇنىڭ ئىلكىدە بولۇش" نى يولغا قويۇش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالىدۇ.

(3) ئادەتتە كوللېكتىپتىن يەر تۈزلەپ، ئېرىق ياساپ ئەھيا قىلىنغان يېقىلغۇ ئورمانلار ئائىلىلەرنىڭ باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

(4) شەخسلەرنىڭ ئۆي - ھويلىلىرى ئەتراپىدىكى ۋە كەتمەنىڭ چەت جايلىرىدىكى پارچە - پۇرات يەرلەرگە، ئېتىز كۆيخۇاسىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئورمان ئەھيا قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىپ، كىم ئەھيا قىلسا شۇنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.

2. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى (كۆچەتخانىلار) نىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى:

(1) ئورمانچىلىق مەيدانلىرى ۋە كۆچەتخانىلاردا "چوڭ ھۆددىگەرلىك" مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يەر، ئەمگەك كۈچى، نوپۇسقا قاراپ تەقسىملەپ بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ھۆددە قىلىنىدۇ، ئىش ھەققىنى توختۇتۇش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەممە خىراجىتىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇش، ھەر يىلى مەيدانغا (كۆچەتخانىغا) مەلۇم سا-

دا نىسبەت بويىچە ئۇتتۇپ قىلىنىدىغان پۇل ۋە جامائەت جۇغلانمىسىنى تاپشۇرۇش يول-
غا قويۇلدى.

(2) تەبىئىي ئورمانلىق مەيدانلىرىنىڭ ھۆددىگەرلىكى جەھەتتە، ئەھۋال مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، "چوڭ ھۆددىگەرلىك" نى قانداق يولغا قويۇشتا ھازىرچە تېخى پىشىپ يېتىلگەن تەجرىبە يوق. كېسىش، ياغاچ توپلاش، يول ئاسراش، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئورمانلارنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق يەككە ئىش تۈرلىرىدە قىلغان ئىشىغا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرىگە قارىتا، ياپسا ئورمانلار بويىچە ھۆددە قىلىش يولغا قويۇلدى، ھەم ئىقتىسادىي كىرىم، ھەم ئورماننى تەرەققىي قىلدۇرۇش سۈپەت تەلىپى بېكىتىلدى. ئىشچىلارنى مۇكاپاتلاش، ھورۇنلارنى جازالاش ئۈچۈن، تۇراقسىز ئىش ھەققى يولغا قويۇلدى. پارچە - پۇرات، تارقاق، كىچىك توغراقلىقلار شۇ جايغا يېقىن بولغان كەنت ياكى پولك- مەيدانلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

(3) 3 خىل يەرگە ئورمان ئەھيا قىلىش سىياسىتى. دەريا ساھىلى، يېنام، جاڭگال- لارغا ئورمان ئەھيا قىلىش- ئېچىش خاراكتېردىكى ئىشلەپچىقىرىش ھېسابلىنىدۇ. ئومۇ- مەن سۇغۇرۇش (جۈملىدىن كەلكۈن بىلەن سۇغۇرۇش) شارائىتى بار بولغانلىقى جايلاردا سىياسەتتە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كەڭ بولۇشقا بولىدۇ. ئومۇمەن باشقۇرۇش ئىقتىدارى بولغان ھەم ھۆددە ئېلىپ ئورمان ئەھيا قىلىشنى خالايدىغان ئادەمگە يەر كۆلىمىنى چەك- لىمەسلىك، ئورماندىن كىرىم قىلغىچە سۇ ھەققى ۋە يەردىن پايدىلىنىش ھەققى ئالماس- لىق، بانكىدىن ئالدى بىلەن ئېتىۋار بېرىپ پۇل قەرز بېرىش لازىم، لېكىن ئۇلار يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن دوگۇۋار تۈزۈپ، چەكلىك مۇددەتتە ئورۇنلاپ بولۇشى كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جايلار يۇقۇرقى سىياسەتنى يولغا قويۇپ ياخشى ئۈنۈم ھا- سىل قىلدى. 1983 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ قىسمەن كوممۇنىلىرى ئەتىيازدا ئورمان ئەھيا قىلىشتا، كوللېكتىپ ئۇزاقتىن بۇيان ئورمان ئەھيا قىلالماي كەلگەن يەرلەرنى "دە- رەخ يەر بىلەن بىرگە بېگىش، ئائىلە بويىچە ئەھيا قىلىش، كۆچەتنى كىم قويسا، شۇنىڭ ئىلكىدە بولۇش" چارىسى بويىچە ئەزالارغا بەردى، نەتىجىدە ئورمان تۈرلىرىنىڭ تە- رەققىياتى، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق كوممۇنىسى 16- چوڭ ئەترىتىنىڭ 4- كىچىك ئەترىتى "3 نى بېكىتىش" ۋاقتىدا، كەنتكە يېقىن، باشقۇرۇشقا ئوڭاي، سۇ ئىنشائات قۇرۇش ئەسلىھەلىرى بولغان 479 مو تاشلاندۇق يەرنى 95 ئائىلىگە ئورمان ئەھيا قىلىشقا قالدۇ- رۇپ ئورمان يېرى قىلىپ ئايرىپ بەردى، نەتىجىدە شۇ يىلى ئەتىيازدىلا 370 مو ئەھيا قىلىن- دى، ھازىر پۈتۈنلەي ئەھيا قىلىنىپ بولدى. يەكەن ناھىيىسىدىكى كۆچەتخانىدا 1979- يىلىدىن بۇرۇن ھەر يىلى زىيان چىققان ئىدى، 1980-يىلىدىن باشلاپ "ئىش ھەققىگە قاراپ مەھسۇلاتنى بېكىتىش، ئېشىنى ئەمگەك كۈچىگە كۆتۈرە قىلىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرسا مۇكاپاتلاش، كەملەتسە جازالاش" تىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، شۇ يىلىلا زىيان- نى پايدىغا ئايلاندۇردى؛ 1981 - يىلى "ئىش ھەققىگە قاراپ مەھسۇلات بېكىتىش، مەس- ئۇلىيەتنى ئەمگەك كۈچىگە ئەمەلىلەشتۈرۈش، تولۇق مۇكاپاتلاش، تولۇق جازالاش" مەس-

مۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شۇ يىلىلا 9922 يۈەن پايدا ئالدى؛ 1982-يىلى «چوڭ ھۆددىگەرلىك» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بىراقلا 64 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى؛ يەكەن 2-ئورمانچىلىق مەيدانى 1979-يىلىدىن بۇرۇن ھەر يىلى 40-30 مىڭ يۈەن زىيان تارتىپ تۇراتتى، 1982-يىلىدىن باشلاپ «چوڭ ھۆددىگەرلىك» تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن زىياننى پايدىغا ئايلاندۇردى.

1983-يىلى 22 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىمۇ زور ھەجىمدە كۆپەيدى. يەكەن كۆچەتخانىسىنىڭ ئىشچىسى ئىبراھىمنىڭ يىللىق كىرىمى 8848 يۈەن بولۇپ، ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە 4424 يۈەندىن، ھەر نوپۇسقا 1474 يۈەندىن توغرا كەلدى. ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىسى ئوسمان مەمەتنىڭ يىللىق كىرىمى 8201 يۈەن بولۇپ، ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە 4100 يۈەندىن، ھەر نوپۇسقا 1172 يۈەندىن توغرا كەلدى. مارالۋېشى توغراق ئورمانچىلىق مەيدانى 1981-يىلى 160 مىڭ مو پارچە-پۇرات تارقاق توغراق ئورمانىنى 9 كوممۇنا، ئەترەتنىڭ كوللېكتىپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. 1984-يىلى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە بۇ توغراق ئورمانلىرى ۋەيران بولماستىن، بەلكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدىنمۇ ياخشى باشقۇرۇلغان، ئورمانلار بۈك-باراقسان بولۇپ، كۆلىمى 160 مىڭ مودىن 210 مىڭ موغا كېڭەيتىلگەن. مانا بۇ توغرا ئورمانچىلىق سىياسىتىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېلىپ كەلگەن ھاياتى كۈچى.

بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئىزدىنىشتىن قارىغاندا ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى پىكىتىشتە، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، يەرنىڭ ئومۇم مۈلۈكچىلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان ئاساستا «كىم ئەھيا قىلسا شۇنىڭ ئىلكىدە بولۇش» تىن ئىبارەت ئورمانچىلىق ئاساسىي سىياسىتىنى يولغا قويۇش لازىم. كۆچەت تىكىش، ئۆرت-چۆپ ئۆستۈرۈش، ئورمان بەرپا قىلىش— ئىنسانلارغا بەخت يارىتىدىغان ئۇزۇن يىللىق بۈيۈك تەدبىر. ئورمانچىلىقنىڭ ئۆزى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمگىمۇ ئىگە. «كىم ئەھيا قىلسا شۇنىڭ ئىلكىدە بولۇش» پەقەت ئورماننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى شۇ شەخسكە تەئەللۇق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئورماننىڭ كېلىماتنى تەڭشەش، ھاۋانى تازىلاش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش قاتارلىق پاراۋانلىقىنى كۆچەت قويغۇچى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىۋالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازات بولۇش، سىياسەتتە يەنىمۇ كەڭ بولۇش لازىم.

## چارۋىچىلىق

**[چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە تاشقورغان ناھىيىسىلا چارۋىچىلىق ناھىيىسى، باشقا ناھىيىلەر يېرىم ئىگىلىك ناھىيىسى. يېرىم ئىگىلىك ناھىيىلىرى ئىچىدە، چارۋىچىلىق يېزىسىدىن بىرسى، يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق يېزىسىدىن تۆتى بار. چارۋىچىلىقتا دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىقى ئاساس قىلىنىدۇ.

دېخانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىقنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 87% نى تەشكىل قىلىدۇ. چارۋىچىلىق رايونىنىڭكى 12% نى تەشكىل قىلىدۇ، شەھەر چارۋىچىلىقىدا ئاساسەن سېيىر، توخۇ، چوشقا قاتارلىقلار بېقىلىدۇ، بۇلارنىڭكى 1% نى تەشكىل قىلىدۇ.



تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى يېتىشتۈرگەن ئىلا سورت — داغباش چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي
باۋ دى فوتوسى

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ھەر خىل چارۋا 1 مىليون 954 مىڭ 800 تۇياق ئىدى. 1966 - يىلى 3 مىليون 507 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، 17 يىلدا 79.44%، ھەر يىلى 3.5% تىن كۆپەيدى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دا چارۋىچىلىق ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچراپ، 1978 - يىلغا كەلگەندە ئاران 2 مىليون 903 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالغان ئىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چارۋىچىلىقتا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، چارۋا سانى يىلمۇ - يىل كۆپەيدى. 1983 - يىلى ۋىلايەت بويىچە چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 4 مىليون 140 مىڭ تۇياققا يەتتى. 1984 - يىلى 3 مىليون 984 مىڭ 800 تۇياق بولۇپ، 1978 - يىلدىكىدىن 37.3% كۆپەيدى. 6 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 5.4% تىن كۆپەيدى.

1984 - يىللىق چارۋا سانى

| ۋاقتى | جەمئىي | كالا | نەسىللىك كالا | ئات | ئېشەك | خېچىر | تۆگە | چوشقا | ئۆچكە | قوي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل بېشىدىكىسى | 4140400 | 465500 | 2500 | 36000 | 375900 | 1600 | 6600 | 17200 | 789100 | 2446000 |
| يىل ئاخىرىدىكىسى | 3984480 | 487900 | 3200 | 36900 | 369700 | 1500 | 6300 | 16400 | 686700 | 2376200 |

1984 - يىلى چارۋىنىڭ سانى 1983 - يىلدىكىدىن تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب: جەمئىيەتنىڭ گۆشكە بولغان ئېھتىياجى كۆپەيدى؛ تاغلىق رايوننى ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن بىر قىسىم چارۋا چىقىم قىلىنىپ، ئوتلاقلارنىڭ سىغىمچانلىقى يەڭگىللىتىلدى؛ 1982 - يىلى كوللېكتىپنىڭ چوڭ چارۋىلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئەزالارغا سېتىپ بېرىلدى؛ 1984 - يىلى يەنە كوللېكتىپنىڭ ئۇششاق چارۋىلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئەزالارغا سېتىپ بېرىلدى.


چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلغانلىقتىن چارۋا مەھسۇلاتلىرى كۆپەيدى. تاشقى سودا تارماقلىرىنىڭ 1984 - يىلى چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئەھۋالى مۇنداق: قوي يۇڭى 512 تونىنغا، ئۆچكە يۇڭى 42 تونىنغا، ئۆچكە تىۋىتى 24.5 تونىنغا، تۆگە يۇڭى 20 تونىنغا، ئات قۇيرۇغى يايلىسى 2308 باغلامغا، ئاچچىق ئۆچەي 585 مىڭ تالغا، قوي تېرىسى 255 مىڭـ

ھا، ئۈچكە تېرىسى 120 مىڭغا، قوزا تېرىسى 6624 گە، قارا كۆل قوي قوزىسى تېرىسى 303 گە، كالا تېرىسى 15600 گە، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان قوتاز قۇيرۇقى 50 گە، ئېشەك تېرىسى 1481 گە يەتتى. ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا مەيدانى ۋە قەشقەر شەھەرلىك سۈت فېرمىسى بازارنى تەمىنلەپ ساتقان كالا سۈتى 9 مىليون 230 مىڭ كىلوگىرامغا يەتتى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچى خېلى زور. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىزمەت تۇتۇلدى:

1. ياپلاقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى: 1980 - يىلدىن بېرى، تېخنىكا كۈچى تەشكىللەپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، ئوتلاق مەنبەلىرى يەنىمۇ ئېنىقلىۋېلىندى. ۋىلايەت بويىچە تەبىئىي ئوتلاق جەمئىي 33 مىليون 828 مىڭ مو. بۇنىڭدىن ئەلا سۈپەتلىك ئوتلاق كۆلىمى 3 مىليون 592 مىڭ مو بولۇپ، 10.62% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوتلاق 10 مىليون 617 مىڭ مو بولۇپ، 31.39% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ تۆۋەن دەرىجىلىك ئوتلاق 17 مىليون 651 مىڭ مو بولۇپ، 52.18% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ناچار ئوتلاق 1 مىليون 968 مىڭ مو بولۇپ، 5.82% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتلاقتىن پايدىلىنىش پەسلى بويىچە ئايرىغاندا: يازلىق ۋە كۈزلۈك ئوتلاق 9 مىليون 511 مىڭ مو بولۇپ، 28.12% نى تەشكىل قىلىدۇ، قوينى بىرلىك قىلغاندا بۇنىڭغا 815 مىڭ تۇياق چارۋا سىغىدۇ؛ قىشلىق ۋە ئەتىيازلىق ئوتلاق 8 مىليون 659 مىڭ مو بولۇپ، 25.59% نى تەشكىل قىلىدۇ، قوينى بىرلىك قىلغاندا بۇنىڭغا 595 مىڭ تۇياق چارۋا سىغىدۇ؛ يىللىق ئوتلاق 15 مىليون 658 مىڭ مو بولۇپ، 46.29% نى تەشكىل قىلىدۇ، قوينى بىرلىك قىلغاندا بۇنىڭغا 1 مىليون 570 مىڭ تۇياق چارۋا سىغىدۇ. قوينى بىرلىك قىلغاندا تەبىئىي ئوتلاقلارغا جەمئىي 2 مىليون 980 مىڭ تۇياق چارۋا سىغىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان 2 مىليون 230 مىڭ مو ئاساسىي ئوتلاق، 986 مىڭ مو سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى. 1984 - يىلى ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە بىدە يېرى 200 مىڭ موغا يەتتى.

2. قوش قەۋەت ئوتلاق قۇرۇلۇش ۋە يەم - خەشەك پىششىقلاش كەسپى تۇتۇلدى: 1980 - يىلى تەكشۈرۈپ ھېساپلىنىشىچە، تېرىقچىلىق كەسپى چارۋىچىلىقنى ھەر يىلى 2 مىليارت جىڭدىن ئارتۇق دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىپ بېرەلەيدۇ. لېكىن، يېزىلاردا شاخ - شۇمبىلار يېقىلغۇ قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت - خەسلەر چارۋىغا بىۋاسىتە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇرما يېزىسى ۋە كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسىنىڭ ئورمان بىلەن ئوت - چۆپ بىرلەشتۈرۈلگەن جىگدە يېقىلغۇ ئورمىنى، يەنى "قوش قەۋەتلىك ئوتلاق" يېتىشتۈرۈش تەجرىبىسى ۋىلايەت بويىچە ئەستايىدىل كېڭەيتىلدى. بىر نەچچە يىلدىن بېرى ۋىلايەت بويىچە بۇ خىل ئوتلاقتىن 400 مىڭ مو بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ھەم يېزىلارنىڭ يېقىلغۇ مەسىلىسى ھەل بولدى، ھەم زور مىقداردىكى ئوت - خەس ۋە غازاڭ بىلەن تەمىن ئېتىلدى، بۇ مۇئەززەم ئوت - چۆپ ۋە يەم - خەشەك مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.



مال دوختۇرى
مۇھەممەت ھېيت فوتوسى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، سىلوس ۋە بىرىنگە يەم - خەشەك ئىشلىتىش كېڭەيتىلمەكتە. قەشقەر شەھىرىدە يىلىغا 3 مىڭ توننا بىرىنگە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى، ھەممىدە يېڭى تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەر كىرگۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتمەكچى. قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيىلەر يەم - خەشەك زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلماقتا. بىر قىسىم يېزىلاردا يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش تېخى ئەۋج ئالماقتا.

3. ئەلا سۈپەتلىك چارۋا- قۇش نەسىللىرى كىرگۈزۈلدى: ئازاتلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، سەنخې كالىسى، چار سېمىز، ئىلى ئېتى، گۇەنجۇڭ ئېشىكى، ئافغانىستان ئېتى، شىنخۇەي چوشقىسى، ئىڭلىيىڭ چوشقىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاق چوشقىسى، يورك شىر چوشقىسى، باكشىر چوشقىسى، ئۇزۇن تەنلىك ئاق چوشقا؛ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، قاراكۆل قويى، سۇتلۇك ئۆچكە، ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، تەنياڭ قويى، جوڭۋى ئۆچكىسى؛ ئۇزۇن يۇڭلۇق توشقان، سوگورى توخۇسى، ئىكولو توخۇسى، ئاق روكىر توخۇسى، چار توخۇ قاتارلىق سۈپەتلىك چارۋا - قۇش نەسىللىرى سىرتقى ئۆلكە - رايونلاردىن كىرگۈزۈلدى. بۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ چارۋا - قۇش نەسىللىرىنى ياخشىلاش ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، قاغىلىق بېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى، مەكىت دولان قويى قاتارلىق يەرلىك ئەلا سۈپەتلىك نەسىللەر كۆپەيتىلدى.

4. توڭلىتىلغان سپېرما بىلەن چارۋا نەسىللەندۈرۈش تېخنىكىسى كىرگۈزۈلدى: ئۆي ھايۋانلىرىنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى جەھەتتە ئاساسلىقى ئادەتتىكى ھارارەت بىلەن نەسىللەندۈرۈش ۋىلايەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلدى. 1979 - يىلى 9 - ئايدا توڭلىتىلغان سپېرما بىلەن كالا نەسىللەندۈرۈش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلدى. 1980 - يىلى ۋىلايەتتە سۇيۇق ئازوت ئىشلەپچىقىرىش ۋە توڭلىتىلغان سپېرما بىلەن ئۆي ھايۋانلىرى نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى. 1981 - يىلى بۇ تېخنىكىلار ۋىلايەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە توڭلىتىلغان سپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈش پونكىتىدىن 103 ى قۇرۇلدى. 1983 - يىلى سۈپەتلىك ئۇرۇق بىلەن جەمئىي 21114 تۇياق كالا نەسىللەندۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن 11676 تۇياق بوغاز بولدى، بوغاز بولۇش نىسبىتى %55.3 گە يەتتى. جەمئىي 11442 تۇياق موزاي تۇغۇلۇپ، 11100 تۇياق موزاي ئەيى بولدى، ئەيى بولۇش نىسبىتى %97 گە يەتتى. 1984 - يىلى 26850 تۇياق كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، بۇنىڭ ئىچىدە 24420 تۇياق كا-

لىنى تولۇقتۇلغان سىپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈش پىلانلىنىپ، 23741 تۇياق كالا نەسىللەندۈرۈلۈپ، پىلاننىڭ 97.2% ى ئورۇنلاندى؛ 2400 تۇياق كالا ئادەتتىكى ھارارەت بىلەن تەبىئىي ھالدا ئۆرۈقلاندۇرۇلدى. پوسكام ناھىيىسى ۋىلايەت بويىچە توڭلىتىلغان سىپېرما بىلەن كالا نەسىللەندۈرۈشنى تولۇق يولغا قويغان تۇنجى ناھىيە بولدى.

5. چارۋىلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى: كۆپ يىللاردىن بېرى، كەڭ مال دوختۇر خادىملىرىنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتىشى ئارقىسىدا، ۋىلايەتتە بىر قەدەر چوڭ دائىرىدە يۇقۇملۇق كېسەللەر كۆرۈلمىدى، كېسەل نوقتىسى ۋە كېسەللىك ئەھۋالى كۆرۈلگەندە، ئۆز ئارا ئاخبارات ئالماشتۇرۇلۇپ، تېخنىكا كۈچلەر تېز مەركەزلەشتۈرۈلۈپ كېسەللىكلەر قورشالدى، تىزگىنلەندى ۋە يوقۇتۇلدى. ھەممە ۋىلايەت بويىچە ئۆي ھايۋانلىرىدا بولىدىغان كېسەللىكلەر ۋە پارازىت قۇرۇتلارنى رايون سىستېمىسى بويىچە تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى. داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋازدىن تېز دولقۇنلۇق دىئاگنوز قويۇش ئاپپاراتى، كالا ئاشقازىنىدىن مېتال ئېلىش ئەسۋابى، لازېر نۇر ۋە يېڭى دورىلار كلىنىكىدا پائال تۈردە ئىشلىتىلدى. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە چارۋا، قۇشلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 11 مىليون 832 مىڭ 843 قېتىم ۋاكسىنا سېلىندى، بۇ ۋاكسىنا سېلىشقا تېگىشلىك چارۋا - قۇشلارنىڭ 89.9% نى تەشكىل قىلىدۇ. چوشقا ۋاباسى، توخا ۋاباسى ۋە چۆجەلەردە بولىدىغان ئاق تولغاق كېسەللىكى ئۈنۈملۈك ھالدا كونترول قىلىندى؛ كۆيدۈرگە، ماڭقا، بىروتسېللىيوز كېسەللىكلىرىگە قارىتا ئورغۇن كارانتىن قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. پارازىت قۇرۇتلارنى يېڭى دورا بىلەن چۈشۈرۈش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.



كونىشەر چارۋا مەيدانى

مەھەممەت ھەبىت فوتوسى

1983 - يىلى چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، يايلاق قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان پەن تەتقىقاتتا تەدبىق قىلىنغان 25 تۈردىكى نەتىجە ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

(جىمىڭ بىڭروڭ)

[چارۋا، قۇش نەسلىنى كەلتۈرۈش ۋە ياخشىلاش] قەشقەر ۋىلايىتىدىكى چارۋا - قۇشلار نەسىللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىپتىدائىي نەسلى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەن، شۇڭا نەسلى كەلتۈرۈپ ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چارۋا قۇشلارنىڭ 63 خىل نەسلى كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چەتئەلدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىل 36، دۆلىتىمىزدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىل ياكى يەرلىك ئەلا نەسىل 27، ئاتىنىڭ چەتئەلدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللەردىن

رۇسىيە ئېغىر يۈك ئېتى، سوۋېت ئېغىر يۈك ئېتى، سوۋېت ساپ قانلىق ئېتى، دون ئېتى، ئاردون ئېتى، ئورلوپ ئېتى ۋە ئافغانىستان ئېتى بار؛ دۆلىتىمىزدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىرىدىن: ئىلى ئېتى، قارا شەھەر ئېتى ۋە گۈەنجوڭ ئېتى بار؛ كالىنىڭ چەتئەلدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىرىدىن: چارسىيېر (228 تۇياق)، كېمىتىرۇم قوشما مەھسۇلاتلىق كالىسى، ئالىتتو قوشما مەھسۇلاتلىق كالىسى، سىممىنتال گۆش كالىسى، شورتىگون كالىسى، شىۋېتسارىيە قوڭۇر كالىسى قاتارلىقلار بار؛ دۆلىتىمىزدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىرىدىن شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى بار؛ يەرلىك ئەلا نەسىللىرىدىن سەنخې كالىسى (100 تۇياق)، نەنياڭ كالىسى (18 تۇياق) بار؛ قوينىڭ چەتئەلدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىرىدىن: ئاسكانىيە قوشما مەھسۇلاتلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، ئافغانىستان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، قاراكۆل ئەلتىرە قويى (1038 تۇياق) بار؛ دۆلىتىمىزدە يېتىشتۈرۈلگەنلىرىدىن شىنجاڭ قوشما مەھسۇلاتلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى (2889 تۇياق)، سۇپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى (5 تۇياق) بار؛ يەرلىك سورتلاردىن ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى (50 تۇياق)، تەنياڭ قويى (8 تۇياق) بار؛ ئۆچكىنىڭ چەتئەلدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىرىدىن: سانىن سۈتلۈك ئۆچكىسى (3000 تۇياق) بار؛ دۆلىتىمىزنىڭ يەرلىك نەسىللىرىدىن جۇڭۋېي ئۆچكىسى (150 تۇياق) بار، چوشقىنىڭ چەتئەلدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىرىدىن: سوۋېت ئىتتىپاقى ئاق چوشقىسى، باكشىر چوشقىسى، يوركشىر چوشقىسى، ئۇزۇن تەنلىك ئاق چوشقا بار؛ دۆلىتىمىزدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىرىدىن: شىنخۇەي چوشقىسى، شاڭخەي ئاق چوشقىسى بار؛ يەرلىك نەسىللىرىدىن نىڭشاڭ چوشقىسى ۋە دىڭشيەن چوشقىسى بار؛ توخۇنىڭ چەتئەلدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىرىدىن: سۇگۇرى تۇخۇم توخۇسى (چاۋدەن شېستېمىسىدىكى سۇگۇرى توخۇسى، جۇڭدەن سېستېمىسىدىكى سۇگۇرى توخۇسى، چار شالغۇت «288» توخۇسى، نىكولو توخۇسى، لوۋەي 7 - سېستېما، لوۋەي 8 - سېستېما، كىبەي ئاق توخۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.) «قىزىل قاش تېشى» توخۇسى، روسسىن تۇخۇم توخۇسى، ئاۋىستىرالىيە قارا توخۇسى، ئورپىنتون توخۇسى، شىنخەنشيا توخۇسى، چار توخا، ئاقروكىر توخۇسى ۋە سىمبىرو توخۇسى (10،000) قاتارلىقلار بار؛ دۆلىتىمىزدە يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىرىدىن: ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ئاق توخۇسى، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك سېرىق توخۇسى، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك قارا توخۇسى، شىنلاڭشەن توخۇسى ۋە پۇرۇڭ توخۇسى قاتارلىقلار بار؛ يەرلىك نەسىللەردىن شياۋشەن توخۇسى ۋە تەيخې توخۇسى بار. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بېيجىڭ ئۆردىكى، كاۋيۇ چىپار ئۆردىكى، (405 دانە)، تەيخۇ غازى (76 دانە)، بۆدىنە (400 دانە) قاتارلىق قۇشلار ۋە گۇەنجوڭ ئېشىكى (76 تۇياق) كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى، ۋىلايىتىمىز بويىچە چارۋا 3 مىليون 984 مىڭ 400 تۇياقتا، ئەلا نەسىللىك چارۋا 403 مىڭ تۇياقتا يېتىپ (يەرلىك ئەلا نەسىللىكلىرى ۋە كەلتۈرۈلگەن ئەلا نەسىللىكلىرىنىڭ شالغۇتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 10،12% نى ئىگىلىدى. ئەلا نەسىللىك ئۆي قۇشلىرى 487 مىڭغا يېتىپ، ئۆي قۇشلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 37،46% نى ئىگىلىدى.

ئۇزۇندىن بېرى، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى چارۋا قۇش فېرمىلىرى نۇرغۇن مەبلەغ چىقىم قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئەلا نەسىللەرنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، نەسلىنى ياخشىلاش ئۈنۈمى يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ سەۋەبلىرى:

1 . ئەلا نەسىللەرنى كەلتۈرۈشتە مەلۇم قارىغۇلۇق بولۇپ، نەسلىنى ياخشىلاشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانى، تەدبىرى ۋە نىشانى كەم بولدى. ياخشىلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن نەسىللەر دەسلەپتە ئىشلىتىلىپ كېيىن تاشلىنىپ، بىر يولدا بىكار قىلىندى.

2 . كەلتۈرۈلگەن ئەلا نەسىللەرگە قارىتا توغرا تونۇش كەم بولدى. كونا ئادەت كۆچلىرى نەسلىنى ياخشىلاشنىڭ توسالغۇسى بولۇپ قالدى، ئەلا نەسىللىك چارۋىنى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى بېقىش، باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىلمەي، يەرلىك چارۋىنى بېقىش ئۇسۇلى بىلەن ئەلا نەسىللىك چارۋا بېقىلىپ، ئەلا نەسىللىك چارۋىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتتى. ھەتتا ئەلا نەسىل يەرلىك نەسىلگە يەتمەيدىكەن دەپ، شاللىۋېتىلدى.

3 . ئەلا نەسىل يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى تېخى قۇرۇلمىدى. بۇ، قۇش بېقىش كەسپىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ھازىر، ۋىلايەتتە نەسىللىك توخۇ فېرمىسى يوق، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن نەسىللىك توخۇ فېرمىسى ئەسلا يوق، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، «نەسىل كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، نەسىل يېتىشتۈرۈشكە سەل قاراش» خاھىشى ساقلاندى.

تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئۈچۈن، 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چارۋا - قۇشنىڭ نەسىل مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قاغىلىق يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى(350 مىڭ تۇياق)، تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى(100 مىڭ تۇياق)، مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى (15 مىڭ تۇياق)، دولان قويى (9 مىڭ تۇياق) ، قارا كۆل ئەلتىمرە قويى (60 مىڭ تۇياق) ، قەشقەر ئۆچكىسى (850 مىڭ تۇياق) ، قەشقەر قوتىزى (15 مىڭ تۇياق) ، تۆگە (11 مىڭ تۇياق) ۋە قەشقەر ئېشىكى (370 مىڭ تۇياق) قاتارلىق 9 خىل ئۆي ھايۋىنىنىڭ نەسىل مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ئورۇنلىنىپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ نەسىل مەنبەسى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاغىلىق يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى (قاغىلىق، يەكەن، پوسكامغا تارالغان)، تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى ( تاشقورغانغا تارالغان)، مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى (مەكىت، مارالبېشىغا تارالغان)، دولان قويى (مارالبېشى ناھىيىسىگە ۋە مەكىت ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا تارالغان) يەرلىك ئەلا نەسىل قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى ۋە مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، دېھقانچىلىق رايونى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونىغا كىرگۈزۈلۈپ كۆپەيتىلىپ، يەرلىك قويىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى.

1980- يىلدىن بۇيان، توڭلىتىلغان سپېرما بىلەن كالىنى نەسىللەندۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەنلىكتىن، كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. 1984- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېتىشتۈرۈلگەن ئەلا نەسىللىك كالا جەمئىي 24091 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭدىن: شۇرتىڭگۇن نەسلى 14050 تۇياق، سىممېنتال نەسلى 3324 تۇياق، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى نەسلى 3105 تۇياق، چارسېمىز نەسلى 2633 تۇياق، چار نەسىللىك كالا 979 تۇياق.

1983- ۋە 1984- يىلى ھەر قايسى قۇش فېرمىلىرى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ سىمبىرو گۆش توخۇسىنىڭ ئاتا - ئانىلىق ئەۋلادىدىن 5000 نى ۋە تىۋارلىق ئەۋلادىدىن 5000

نى (كونېنلۈن يېمەكلىكلەر زاۋۇتى)، روسىيە تۇخۇم توخۇسىدىن 500 نى (كونېنلۈن يېمەك-لىكلەر زاۋۇتى)، ئاق روكېر گۆش توخۇسىدىن 2000 نى (يەكەن توخۇ فېرمىسى)، كېبەي تۇخۇم توخۇسىدىن 2300 نى (قاغىلىق سۇپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى)، ئىكولو تۇخۇم تو-خۇسىدىن 700 نى (قەشقەر شەھەرلىك سۇپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ توخۇ فېرمىسى) ئە-كەلدۇردى. بۇ نەسىللەرنىڭ رايونىمىزغا كەلگەندىن كېيىنكى يېتىشىش ئىقتىدارى ۋە ماس-لىشىشچانلىقى ياخشى بولدى. 1984-يىلى نەسىللىك چۈجىدىن 767 مىڭى تارقىتىلدى، شۇ-نىڭ بىلەن تەڭ، سېبىرو ۋە ئاق روكېر گۆش توخۇسى نەسىللىرى ئۈستىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى سېلىشتۇرۇش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلىپ، 63 كۈنلۈك بولغان بۇ ئىككى خىل تو-خۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1.724 كىلوگرام ۋە 1.171 كىلوگرام-غا يەتتى. گۆش نىسبىتى 1:2.32 ۋە 1:2.28 بولدى. سېبىرو گۆش توخۇسىنىڭ يوغى-نىشى تېز، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ گۆش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا پايدىلىق. (چاۋدىي يۇ)

**[قوش قەۋەتلىك ئوتلاق]** «قوش قەۋەتلىك ئوتلاق» — دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىككى قات يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن تەركىب تاپقان چارۋا بېقىشقا بولىدىغان ئورمانلىق-دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ۋىلايىتىمىزدىكى ئاممىنىڭ يايلا تەھيا قىلىنغان جىگدە ئورمانلىقىنى ئاممىۋىباپ تىلدا ئاتىشى. سۈنئىي تەھيا قىلىنغان مۇنداق ئوتلاقنىڭ ئالاھىدىلىكى دەرەختىن غازاڭ ۋە جىگدە چۈشىدۇ، يەردە ئوت-چۆپ ئۆسىدۇ. جىگدە غازىڭى، مېۋىسى ۋە ئوت-چۆپ بىلەن چارۋا باققىلى بولىدۇ. شۇڭا «قوش قەۋەتلىك ئوتلاق» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. «قوش قەۋەتلىك ئوتلاق» قۇرۇلۇشى 60-يىللاردا باشلانغان بولۇپ، ئامما شۇ جاينىڭ سۇ، تۇپراق، كۈن نۇرى چۈشۈش، كىلىمات قاتارلىق تەبىئىي شارائىتلىرىغا ئاساسەن كەڭ كۆلەمدە جىگدە تىككەن ئىدى. ئۇ چاغدا پەقەت بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، سۈنئىي تېزگىنلەپ تۇپراقنى ياخشىلاش ۋە قىسمەن كىشىلەرنىڭ ئوتۇن قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش مەقسەت قىلىنغان. 1976-يىلغىچە 100 مىڭ مودىن ئارتۇق جىگدە ئورمىنى تەھيا قىلىندى. 1977-يىلى ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق تارماقلىرىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، جىگدە ئورمانلىقلىرىدا يەنە چارۋا بېقىشقا بولىدىغانلىقى، ئورمان تەھيا قىلىش ئارقىلىق ئوت-چۆپ ئۆستۈرگىلى، ئورمان بىلەن ئوت-چۆپنى بىرلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقى، چارۋىلارغا ئوت-خەشەك يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقى، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە چارۋىلارنى سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلاتى يۇقىرى، تەملىك، پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان ئوت-چۆپ بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. ئۆلچەپ بېكىتىلىشىچە بەش يىلدىن ئاشقان جىگدە ئورمانلىقىدا ھەر مو يەردىن يىلىغا 200 كىلوگرامدىن كۆپرەك قۇرۇق ئوت، دەرەختىن 200 كىلوگرامغىچە جىگدە، 300 كىلوگرامدىن كۆپرەك غازاڭ چۈشىدۇ. بۇ ئوت-چۆپ، مېۋە، غازاڭلار سۈنئىي بېدە يېرى ۋە تەبىئىي ئوتلاقتىن چىقىدىغان ئوت-چۆپ مىقدارىغا تەڭ كېلىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئوت-چۆپلەرنىڭ يەرنى قاپلاش دەرىجىسى 3%دىن 5%گە يەتتى، ئوت-چۆپ 2-3 خىلدىن 10 نەچچە خىلغا يەتتى، بىرلىك كۆلەم-

دىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىسىنىڭ يىغىندىسى بىلەن ۋە تەبىئىي ئوتلاقنىڭكىدىن
يۇقىرى تۇرىدۇ. قىسقىسى، «قوش قەۋەتلىك ئوتلاق» نىڭ ئالاھىدىلىكى ئورمانچىلىق بىلەن
لەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. 1966 - يىلدىن 1984 - يىلىغىچە ۋىلايەت
بويىچە ئەمىيا قىلىنغان «قوش قەۋەتلىك ئوتلاق» 403 مىڭ موغا يەتتى. (ئابلا)

**[قويلاردا بولىدىغان پارازىت قۇرۇتنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش،داۋالاش]** قوي بېقىش ــ ۋىلايىتىمىز چارۋىچىلىقىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى. پارازىت قۇرۇت
كېسەللىكى ــ قوي چىلىقنىڭ چوڭ دۈشمەنلىرىدىن بىرى. ۋىلايەت بويىچە قويدا بولىدىغان پا-
رازىتلاردىن يېپىسمان قۇرۇت بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى 100%گە يېتىدۇ، تاسما قۇرۇت،
جىگەر شورىغۇچى ياپىلاق قۇرۇت بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى 40%ــ 30 ئەتراپىدا بولۇپ،
ھەر يىلى 4%ــ3 ئەتراپىدىكى قوي قوزىلار پارازىت قۇرۇت بىلەن يۇقۇملانغانلىق تۈ-
پەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. قوي پارازىت قۇرۇت بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، يېنىك بولغان-
دا چوڭ ئۆسۈشى، سەمىرىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بوراكتا ئازىيىپ
كېتىدۇ ياكى سۈپىتى تۆۋەنلەيدۇ، ئېغىر بولغاندا ئۆلىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن
زور زىيان پەيدا بولىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قويلىرىدا كېسەل پەيدا قىلىدىغان قۇرۇت
تۈرلىرى، يۇقۇملىنىش ئەھۋالى، ئاساسى تارقىلىش قانۇنىيىتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ۋىلا -
يەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى كۆچ ئۇيۇشتۇرۇپ، 1977 - يىلدىن 1983- يىلغىچە 7 يىل
ۋاقىت سەرپ قىلىپ پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 12 ناھىيە(شەھەر)دە قويدا بولىدىغان پارازىت قۇرۇ -
قىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىدى ھەمدە 226 قويدىكى تاشقى پارازىت قۇرۇتنى
تەكشۈرۈش ۋە پۈتۈن بەدەننى گەلمىنتولوگىيىلىك يېرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق پارازىت
قۇرۇتتىن 7 كىلاس، 29 ئائىلە، 35 ئۇرۇقداش، 46 تۈرىنى تېپىپ چىقتى.

كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان ئاساسى قۇرۇتلىرىدىن: دىكرا تسىلىيوم لانكا قۇم، جە-
گەر شورىغۇچى ياپىلاق قۇرۇت، مونزىيا ئېكسپانزى تاسما قۇرۇتى، مونزىيا بىندى تاسما قۇ-
رۇتى، توخۇم سېرىق بېزىسىز تاسما قۇرۇت، ئېخنوكوككوس گىرانولوس لىچىنكىسى، ئايلانما
لىچىنكا، كىمون خوز يىپچە قۇرۇتى، ئۇستېر تاگىيە يىپچە قۇرۇت، قىلسىمان دىكتىكلىيوز يىپچە
قۇرۇت، كوسپېرو توستېرون گىلىيوز يىپچە قۇرۇتى، موللېرىئا ئۆپكە قۇرۇتى، قوتۇر كانىپسى،
سالجا، بۇرۇن توشۇكچە لىچىنكىسى، قوي تېرە پىتى، قوي يۇڭ پىتى قاتارلىق 17 خىل بار.


ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قويلاردا بولىدىغان پارازىت قۇرۇتلارنى تەك-
شۈرۈش بىلەن بىر چاغدا دورا بىلەن قۇرۇت چۈشۈرۈشنىڭ ئۈنۈمى، زەھەرلىك دەرىجىسى
ۋە مەنپەئەتى ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ باردى. ئۈنۈمى يۇقىرى، زەھىرى تۆۋەن، كەڭ ئو-
مۇملاشقان، باھاسى ئەرزان بولغان قۇرۇت چۈشۈرگۈچى دورا ــ كامېكسان قايماقسىمان
دورىسى، نىترو - خىلورو فېنول، بىتىئونول ۋە چەككىلەنگەن دېپتېرېكس قاتارلىق دورىلار-
نى تاللاپ چىقتى. قۇرۇت چۈشۈرگۈچى بۇ دورىلار ھازىر ۋىلايىتىمىز مىقياسىدا كېڭەيتىلىپ
ئىشلىتىلمەكتە. بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. 1981- يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ
قىزىلتاغ يېزىسىدا قۇرۇت چۈشۈرگۈچى، كالتسىي ئارسېنات (بۇ ئىككى دورا ھازىر ئەمەل-
دىن قالدى). نىترو - خىلورو فېنولنى ئىشلىتىپ، قويلاردا بولىدىغان پارازىت قۇرۇتلارنى

بىرلەشمە ھالدا چۈشۈرۈش ئۈنۈمى ئۈستىدىكى تەجرىبىسىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، دورا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن 12 ـ 8 ئايدا ئۆلچەپ كۆرگىنىمىزدە، دورا ئىشلىتىلگەن ھەر بىر قويىنىڭ ئوتتۇرىچە يۇڭى 0.38 كىلوگىرام، تېرىك ئېغىرلىقى 2.35 كىلوگىرام، قوزىنىڭ تېرىك ئېغىرلىقى 1.73 كىلوگىرام، گۆش ئېغىرلىقى 0.44 كىلوگىرام ئاشقان. سويۇلۇش نىسبىتى 2.37% يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا قويلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەنلىگەن. ھەر بىر قوي ئۈچۈن كەتكەن دورا پۇلى ئاران 0.20 يۈەن بولغان. مۇشۇ تەجرىبىدىن قارىغاندا قۇرۇت چۈشۈرۈش ئۈنۈمى روشەن بولغان. بۇندىن كېيىن ۋىلايەت بويىچە قوي ۋە باشقا ھايۋانلاردىكى قۇرۇتنى چۈشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

(لى شىبو)

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

**[يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان]** قەشقەر ۋىلايىتى 1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىپ كەلگەن، شۇ چاغدا كونىشەھەر ناھىيىلىك تىراكتور پونكىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئارىلاشما 3 تىراكتورنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن ئىدى. 1 يىللىق ئىش ئۈنۈمى 17600 مو، زىيىنى 19 مىڭ نەچچە يۈز يۈەن ئىدى. 1957 ـ يىلى ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ بىر تۈركۈم مەبلەغنى ئىئانە قىلىشى بىلەن قەشقەر تىراكتور پونكىتى ـ قەشقەر 1 ـ ئاۋغۇست تىراكتور پونكىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدا ھەر خىل تىراكتورلاردىن 15 ى، يەر ئاغدۇرىدىغان، تىرنىلايدىغان، ئۇرۇق سالىدىغان، توشۇيدىغان، دان ئايرىيدىغان، كولتىۋاتسىيە قىلىدىغان، ئۇرۇق تاللايدىغان بولۇپ تۈرلۈك چاتما سايمانلاردىن 36 سى بار ئىدى، شۇ يىلى قۇرۇلۇشتا تەييارلىق قىلىنىپ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ 5 ئايدا خىزمەت مىقدارىدىن 32 مىڭ ئۆلچەملىك مو ئورۇنلىغان، 11074 يۈەن زىيان تارتقان ئىدى. شۇندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلىرى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا تەرەققىي قىلىپ زورايدى. 1965 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا ناھىيىلەردە تىراكتور پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، ھەر خىل تىراكتورلارنىڭ سانى 86 گە يەتتى، 1966 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن پوسكام، پەيزىۋات، يېڭىشەھەر ۋە مارالبېشى ناھىيىلىرىنىڭ 4 كوممۇنىسىدا تىراكتور پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، تىراكتوردىن 13 ى، چاتما سايمانلاردىن 43 ى قوشۇلدى. شۇ يىل 360 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. 1971 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ناھىيىلەردىن كوممۇناغا چۈشۈرۈلدى. تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن سايمانلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيىلىك تىراكتور پونكىتلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ـ رېمونت قىلىش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1973 ـ يىلى ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى.



ئۆبيىتيەن فوتوسى                    يەرلى شۇدگەرلاش.


«1980- يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دېگەن چاقىرىق ئاستىدا، 70- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دۆلەتنىڭ 9 مىليون ھەقسىز مەبلەغ سېلىشى، 24 مىليون يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشى بىلەن 127 خەلق كوممۇنىسىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى قۇرۇلۇپ، ھەر خىل تىراكتورلىرى 3815 كە، تۈرلۈك سايمانلىرى 10674 كە يېتىپ مۇناسىپ ھالدا 3 ئىسكىلات، 1 لاپاس قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ 96 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1979- يىلدىكى خىزمەت مىقدارى 14 مىليون ئۆلچەملىك موغا يەتتى.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئومۇميۈزلۈك قەدەم قويدى، پۈتۈن ۋىلايەتتە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى پەيدىن-پەي يولغا قويۇلدى. «سول» چىل ئىدىيە كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئاسارەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقتىن، «ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كىچىكلەپ كەتتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەسقاتمايدىغان بولۇپ قالدى» دەپ قارىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتكە يېتىشىپ ماڭالمىدى. 1980- ۋە 1981- يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى تۆۋەن ھالەتتە تۇرۇپ قېلىپ، خىزمەت مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى. يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى 1982- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ قايتىدىن ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىدى.

1984- يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «1984- يىللىق يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى پۇختا قەدەم بىلەن داۋاملىق راۋاجلاندى. ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل تىراكتورلار 8189 غا (چوڭ،

ئوتتۇرا تىپتىكىلىرى 4553، كىچىك تىپتىكىلىرى 3636)، ئومۇمى ئات كۈچى 258 كە يەتتى، سۇلۇق ئېتىزلار ماشىنىلىرى، زەي قاچۇرۇش، سۇغۇرۇش ئېنىرگىيە ماشىنىلىرى، ئورۇش يىغىش ماشىنىلىرى، ترانسپورت ماشىنىلىرى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ماشىنىلىرى، ئېتىز-ئېرىق ئاساسى قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى، دېخانچىلىق-قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا ئىش قوشۇش ماشىنىلىرى قاتارلىق 12 تۈر بويىچە 27700 دىن ئارتۇق ماشىنا بار بولدى. يېزىلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئائىلىسى 1983-يىلدىكى 562 دىن 5607 گە كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن يەر ئاغدۇرۇش مۇلازىمەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 1014 ئائىلە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئارقىلىق ترانسپورت مۇلازىمەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 1382 ئائىلە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئارقىلىق ئىش قوشۇش مۇلازىمەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 2850 ئائىلە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 361 ئائىلىگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئائىلىلىرىدا چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تىراكتورلاردىن 782 سى، كىچىك تىپتىكى تىراكتورلاردىن 2416 سى، دىزېلدىن 4203 ى ۋە ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش، شال ئاقلاش، پاختا چىقىرىش ماشىنىلىرىدىن 3984 ى بار، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىكەن. 1984-يىلدىكى خىزمەت مىقدارىنىڭ جۇغلانمىسى 15 مىليون 399 مىڭ مو بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاغدۇرۇلغان يەر 3 مىليون 680 مىڭ مو، (بۇ ئومۇمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 58% نى ئىگىلەيدۇ). ئورۇق سېلىنغان يەر 2 مىليون 138 مىڭ مو، (بۇ ئاشلىق كۆلىمىنىڭ 43.4% نى ئىگىلەيدۇ)، ئورۇش، يىغىش كۆلىمى 65 مىڭ مو، ماشىنا ئارقىلىق يالغىراق يېپىلغان يەر 66 مىڭ مو، ئاغدۇرۇلغان قاشقا بىدە يەرلىرى 600 مىڭ مو، يېزا ئىگىلىك ترانسپورتىنىڭ موغا سۇندۇرۇلۇشى 4 مىليون 320 مىڭ مو، غەيرى يېزا ئىگىلىك ترانسپورتىنىڭ 4 مىليون مو، باشقا مەشغۇلاتلارنىڭ 530 مىڭ مو بولدى. (ۋاڭ جىڭ)


**[يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى]** 1984-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى پۇختا قەدەملەر بىلەن تەرەققى قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا خادىملىرىنى تەربىيىلەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پەن تەتقىقاتى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەردە مۇئەييەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان باشقۇرۇش-مۇلازىمەت سىستېمىسى بارلىققا كەلدى.



قەشقەر شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىنى پائال رېمونت قىلىپ، دېخانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) دە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە 11 كۇرس ئېچىلدى. ئۇلاردا 66 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى بار. 1984- يىلى يېزىلاردىكى ھەمكارلىق ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن تەربىيىلەپ بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك ماشىنا خادىملىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خادىملىرى 4329 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىنچىلەپ تەربىيىلەنگەنلەر 2010 نەپەر. ۋىلايەتتە يېزا ئىگىلىك ماشىناسازلىق مەكتىۋى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلىرى 88 نەپەر، يىل ئاخىرىدىكى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 197 نەپەر، كادىرلارنى كەسپلەشتۈرۈش تەلىپىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، خىزمەتتىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەردىن 36 كىشى قوبۇل قىلىنىپ مەخسۇس كەسىپ بويىچە تەربىيىلەندى.

12 ناھىيە (شەھەر) دىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىدىن قەشقەر شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇدى سانائەت تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن باشقا، قالغان 11 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش- ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ 1984- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇقىم مۈلۈكىنىڭ ساپ قىممىتى 6 مىليون 550 مىڭ يۈەن، كۆچمە مەبلەغ 2 مىليون480 مىڭ يۈەن، ھەر خىل ئۈسكۈنىلەر 379، ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 77824 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 723، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 4554 يۈەن بولدى. ئەسلى پىلاندىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليون 860 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي ئورۇنلانغىنى 3 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلاننىڭ 115% نى ئىگىلىدى. ئەسلىدە پىلانلانغان يىللىق زىيان 100 مىڭ يۈەن ئىدى، يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي پايدا 160 مىڭ يۈەن بولدى.



كىچىك تىپتىكى ئورۇش ماشىنىسى
چوڭى قادىر فوتوسى

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك تەمىنلەش شىركەتلىرى ئورگان ئىسلاھاتى داۋامىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەلدى، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1984- يىللىق سېتىپ چىقىرىش پىلانى 18 مىليون يۈەن، ئەمەلىيەتتە ئورۇنلانغىنى 23 مىليون يۈەن بولدى؛ سېتىۋېلىش پىلانى 16 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئەمەلىيەتتە سېتىۋېلىنغىنى 20 مىليون يۈەن بولدى؛ يىل بويى تەمىنلىگەن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تىراكتورلار 365؛ كىچىك تىپتىكى تىراكتورلار 796؛ دىزېل 275؛ دېخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەش ماشىنىلىرى ۋە دېخانچىلىق سايمانلىرى 27 خىل، 2727 دانە بولۇپ، بازار تەلىپى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى. كارخانىلارنىڭ ئالغان پايدىسى 360 مىڭ يۈەن بولدى.

...ئەتلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا ھەممىشە ھادىسە كۆرۈلۈپ، بىر قەدەر چوڭ زىيان بولاتتى. 1984- يىلى 1- ئايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلەتكۈچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىن ئومۇمىي خەلققە بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە چىقاردى. ۋىلايەت بويىچە بىخەتەرلىك تەشۋىقات- تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى ماشىنا گۇرۇپپىلىرى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 6165 پارچە بىخەتەرلىكنى ھۆددە ئېلىش توختامى ئىمزالىدى. 5122 پارچە بىخەتەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزدى، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە 157 نەپەر مەخسۇس نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خادىمى سەپلەندى، يېزىلاردىكى بىخەتەرلىك خادىمى 1179 نەپەر، بىخەتەرلىك تەشۋىق- تەربىيىسى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتى ئارقىلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئىلگىرى ۋىلايەت بويىچە ھەر مىڭ تىراكتور 22 ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بولسا، ھازىر تۆۋەنلەپ 5 ئادەمگە چۈشتى.

1984- يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا يېڭى تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، يىل بويى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان 22 تۈر بولۇپ، 4 تۈر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېڭەيتىلمىگەندىن باشقا، ئۇنىۋېرسال سېيالكا، يەرگە يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش ماشىنىسى، خامان سورۇش ماشىنىسى، دورا پۈركۈش ماشىنىسى، يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى، ئوت ئورۇش، ئوت يىغىش ماشىنىسى، ئورۇش، قۇرۇتۇش ماشىنىسى قاتارلىق 18 تۈر پىلاندىكى ۋەزىپىلەر بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاندى. پەن- تەتقىقات جەھەتتە ئاپتونوم رايون چۈشۈرۈپ بەرگەن يەرگە يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش بىلەن ئومۇملاشقان قۇۋۋەت تېجەش تەدبىرىدىن ئىبارەت ئىككى مەسىلە ھەل قىلىنىپ يازما دوكلات سۇنۇلدى. (ۋاڭجېڭ)

## سۇ ئىشلىرى

**[سۇ ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىق مەنبەسى مول. دەريا ۋادىلىرىدىكى ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 11 مىليارت 600 مىليون كۇب مېتىر، (ھەر نوپۇسقا 5700 كۇب مېتىردىن توغرا كېلىدۇ، مەملىكەت بويىچە ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئېقىم مىقدارىنىڭ ئىككى ھەسسىگە تەڭ)، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇمىي ئېقىم مىقدارىنىڭ 13.12% گە باراۋەر، شىنجاڭ بويىچە بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە ھېساپلىنىشىچە، يەر ئاستى سۈيىدىن تولۇقلىنىدىغان ئومۇمىي سۇ مىقدارى 6 مىليارت 650 مىليون كۇب مېتىر، ئېچىشقا بولىدىغىنى 4 مىليارت كۇب مېتىر، مۇز كۆلىمى 3596 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى دەريا ۋادىلىرىغا كېلىدىغان ئېقىمنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسىدۇر. سۇ ئېنېرگىيە مىقدارى 7 مىليون 940 مىڭ كىلوۋات، ئىلىدىن قالسا شىنجاڭ بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋىلايىتىمىز بويىچە جەمئىي 9 چوڭ - كىچىك دەريا بولۇپ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 2500 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 650 مىليون كۇب مې-

تېرىدىن ئاشىدىغىنى يەكەن دەرياسى، قىزىل دەرياسى، گەز دەرياسى، تىزناپ دەرياسى، كۆسەن دەرياسىدىن ئىبارەت. سۇ بايلىق مەنبەسى مول، سۇغۇرۇش، توك چىقىرىش ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىشتا يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور.

قەشقەرنىڭ سۇ بايلىق مەنبەسىنىڭ مۇتلەق مىقدارى گەرچە ناھايىتى زور بولسىمۇ، لېكىن، ھاۋادىكى نەملىكنىڭ تارقىلىشى تەكشى ئەمەس. ھۆل - يېغىن تاغ رايونلىرىدا كۆپ، تۈزلەڭلىكلەردە ئاز، پەرق 10 - 7 ھەسسە بولۇپ، ئەڭ ئاز بولغىنى شەرق تەرەپتىكى قۇملۇق گىرۋىكىدىكى مەكىتتە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى پەقەت 30 مىللىمېتىر كېلىدۇ. ھۆل - يېغىن ئەتىياز ۋە ياز پەسلىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ تەخمىنەن يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 80% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئېقىم مىقدارىنىڭ يىل بويى بۆلۈنۈشى ياز پەسلىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، 64%، قىش پەسلى 6%، ئەتىياز، كۈز پەسلى 18% - 12.

سۇ بايلىقى مەنبەسىنىڭ ۋاقىت، ھاۋا شارائىتىغا ئاساسەن تارقىلىش ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، خېلى كۆپ جايلاردا ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق، يازدا كەلكۈن ۋە شور ئاپىتى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ئەتىيازدا سۇغۇرۇلىدىغان مو قېتىم سانى يىللىق مو قېتىم سانىنىڭ تەخمىنەن 40% تىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، بۇ چاغدا 3 مىليارت 800 مىليون كۇب مېتىر سۇ كېرەك بولىدۇ، لېكىن ئەتىياز پەسلىدىكى ئېقىم مىقدارى پەقەت يىللىق ئېقىم مىقدارىنىڭ 12% تىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ چاغدا 2 مىليارت 100 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىلەنلا تەمىنلەنگىلى بولىدۇ (سۇ ئامبارلىرى سۇ يىغىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شۇڭلاشقا بولغاندا بىر مىليارت 700 مىليون كۇب مېتىر سۇ كەملىك قىلىدۇ. ھەر يىلى تەخمىنەن بىر مىليون مو بۇغداي روشەن ھالدا قۇرغاقچىلىققا ئۇچرايدۇ. 700 - 500 مىڭ مو يەرگە سۇ ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمىگەچكە، پىلان بويىچە تېرىلماي يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى تەخمىنەن 200 مىليون جىڭ ئەتراپىدا كېمىيىپ كېتىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدە كەلكۈن يامراپ كېتىش بىلەن سۇ ئاپىتى يۈز بېرىدۇ، 1968 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە 15 يىللىق ئىستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش راسخودى 59 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتكەن (ئەمگەك كۈچى راسخودىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). يىللىق ئوتتۇرا ھېساۋى 4 مىليون يۈەندىن توغرا كەلگەن، جەمئىي 40 مىليون 470 مىڭ ئىش كۈنى، 6 مىليون 470 مىڭ ئۇلاغ شاخ، 1300 توننا سېمونت ئىشلىتىلگەن، 170 مىڭ مو يەر ۋەيران قىلىنغان. ۋىلايەت بويىچە 4 مىليون 980 مو يەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە شورلىشىپ كەتكەن (بىر مىليون 460 مىڭ مو يەر ئېغىر دەرىجىدە، بىر مىليون 700 مىڭ مو يەر ئوتتۇراھال دەرىجىدە، بىر مىليون 920 مىڭ مو يەر يەڭگىل دەرىجىدە شورلىشىپ كەتكەن) بۇ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 68% تىنى تەشكىل قىلىدۇ، قىزىل دەريا ئېقىنىدا ئەڭ ئېغىر (بىر مىليون 400 مىڭ مو).

ئازاتلىقتىن بۇيان، قەشقەرنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدا دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئىنتايىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1949 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 300 مىليون ئىش كۈنىدىن كۆپ ئەمگەك ئىشلىتىلىپ، 400 مىليون

كۇبمېتىردىن ئارتۇق تۇپا، تاش قۇرۇلۇش مىقدارى ئورۇنلىنىپ، 26 مىڭ 300 ئورۇندا ھەر خىل سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ياسالدى.

1. سۇغۇرۇش قۇرۇلمىلىرى كۆپلەپ ياسالدى، سۇغۇرۇش كۆلىمى كېڭەيتىلدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئازاتلىقتىن بۇرۇن ۋىلايىتىمىزدە پەقەت ئاناركۆل، يامادىياردىن ئىبارەت ئىككى كىچىك سۇ ئامبىرى ۋە كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات ئۆستەڭدىكى كىچىك تىپتىكى بىر پىششىق خىشلىق تاقاق بار ئىدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرىدىن 102 سى ياسالدى، ئەمەلىيەتتە 92 سى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى (بۇنىڭ ئىچىدە، سۇ سىغىمچانلىقى 100 مىليون كۇبمېتىردىن يۇقىرى بولغىنى 4، 10 مىليون كۇبمېتىردىن يۇقىرى بولغىنى 21، بىر مىليون كۇبمېتىردىن يۇقىرى بولغىنى 67) لايىھىلەنگەن ئومۇمى سۇ سىغىمچانلىقى بىر مىليارت 870 مىليون كۇبمېتىر، يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى بىر مىليارت 400 مىليون كۇبمېتىر بولۇپ، 3 مىليون 860 مىڭ مو يەرنى كونتىرول قىلىدۇ؛ 5 چوڭ دەريادا كاچۇك، ئۈچ كۆۋرۈك، 1-بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئاۋات، تاشمىلىق، ئۆشتاق باش تارتاق جايلاردا مۇقىم ۋە يېرىم مۇقىم خاراكتېرلىق سۇ باشلاش ئېغىزى ۋە سۇ تەخسىملەش تۈگۈنى بار، يىللىق سۇ باشلاش مىقدارى 10 مىليارت 600 مىليون كۇبمېتىر. سۇغۇرۇلىدىغان ئېتىز - ئېرىق، باغ - ئورمان، ئوتلاق 8 مىليون 830 مىڭ مو، باش غوللۇق ئۆستەڭ، غوللۇق ئۆستەڭ ۋە تارماق ئۆستەڭ، ئوق ئېرىق ئۇزۇنلۇقى 26 مىڭ 319 كىلومېتىر، بۇنىڭدىن سىڭىمەسلەشتۈرۈلگىنى بىر مىڭ 646 كىلومېتىر، كەنت (چوڭ ئەترەت) دىن يۇقىرى تاقاق 4 مىڭ 300 دىن ئارتۇق، بۇنىڭدىن بېتونلۇق قۇرۇلما 840 دىن ئارتۇق؛ ئۆلچەملىك سالا ئېتىز 3 مىليون 860 مىڭ مو. 1984 يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېتىزلارنىڭ ئۈنۈملۈك سۇغۇرۇلۇش كۆلىمى 6 مىليون 360 مىڭ مو بولدى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ۋىلايىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇنىڭدىن 1984 - يىلى ئاساسى قۇرۇلۇش ۋە ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئۈچۈن 19 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان كاچۇك سۇ تەقسىمات تۈگۈنىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى ياسالدى، يەنە 2028 ئورۇندا ئۈچ كۆۋرۈك سۇ تەقسىمات تۈگۈنى قۇرۇلۇش قاتارلىق ھەر خىل قۇرۇلمىلاردىن 2028 ى ياسالدى.

2. سۇ ئېلېكتىر ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، قۇۋۋەت مەنبەسى ئېچىلدى. 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 104 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، ئومۇمى توك سىغىمچانلىقى 48 مىڭ 600 كىلوۋات، يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 105 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ، 10 ناھىيە (شەھەر)، 85 يېزا، 779 كەنت سۇ ئېلېكتىر قۇۋۋىتىدىن پايدىلاندى.

3. سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. 1984 - يىلى سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 130 مىڭ موغا، مەھسۇلاتى 434.7 توننىغا يەتتى. 10 ناھىيىدە بېلىقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. ئىشلەپچىقارغان بېلىقلار بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى.

4. ئېھتىيات دامبىلىرى ياسىلىپ دەريا ئۈستەڭلەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە ياسالغان ئۈستەڭ، دەريالارنى مۇداپىئە قىلىش ئېھتىيات دامبىسى 800 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئادەتتىكى كەلكۈن ئاپىتى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىنىپ، دەريا بويلىرىدىكى شەھەر، يېزا، بازار، ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

5. زەي قاچۇرۇلۇپ، شور تىزگىنلىنىپ تۇپراق ياخشىلاندى. ۋىلايەت بويىچە 22 مىڭ 700 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەر دەرىجىلىك زەيكەشلەر چېپىلىپ، بىر مىليون 20 مىڭ مو شورلۇق يەر ياخشىلاندى.

6. ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇش ۋە سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ھازىر سۈيىنىڭ سۈپىتى ناچار بولغان يېڭىسار قاتارلىق ناھىيە ۋە چەت - يىراق تاغ رايونلىرىدىكى 400 مىڭ ئادەم ۋە 600 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ سۇ ئىچىش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى

7. ۋىلايەت بويىچە ۋادىلارنى كۆيىخۇالاش ۋە سۇ بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ باھالاش دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇنلاندى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان يەكەن دەرياسى، قىزىل دەرياسى، ۋە كۆسەن دەريا ۋادىلىرىنىڭ دەسلەپكى كۆيىخۇاسى ئورۇنلىنىپ بولدى، 15 ئورۇندىكى سۇ باشلاش ئۈستەڭ ئېغىزى، 8 ئورۇندىكى سۇ باشلاش- زەي قاچۇرۇش ئۈستەڭى، 8 ئورۇندىكى تاغ رايون سۇ ئامبىرى ۋە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى ئۈستىدە كۆيىخۇالىق تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى، ۋىلايەت بويىچە سۇ بايلىق مەنبەسى (يەر ئۈستى، يەر ئاستى سۈيى) نى تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە سۇ ئىشلىرىنى رايونلارغا ئايرىش دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇنلىنىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى مۇۋاپىق بېكىتىش مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى، سۇغۇرۇش رايونىدىن سۇ باشلاش ئېغىزىغىچە، شاخ - ياغاچ بىلەن ياسالغان ۋاقىتلىق قۇرۇلمىدىن بېتونلۇق مۇقىم خاراكتېرلىك قۇرۇلمىغىچە، ئەركىن ئېقىتىپ سۇ باشلاشتىن قاچىلاش، باشلاش، تارتىش بىرلەشتۈرۈلگەنگىچە، يالغۇزلا سۇغۇرۇشتىن سۇغۇرۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، توك چىقىرىش، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشقىچە بولغان تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كۆچۈردى.

50 - يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ بېشىغىچە سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇش باسقۇچى بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كەڭ - كۆلەمدە كونا سۇغۇرۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شاخ - ياغاچ ئاساس قىلىنغان بىر تۈركۈم سۇغۇرۇش قۇرۇلمىلىرى ياسالدى. بۇ مەزگىلدە يەنە ئىگەچى، شىكەركۆل قاتارلىق سۇ ئامبىرى، يېڭىشەھەر سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئۈستىڭى، يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغاق چوڭ ئۈستىڭى قاتارلىق قۇرۇلۇشلا ياسىلىپ سۇغۇرۇشتىن مەنپەئەتلىنىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ۋىلايىتىمىزدە 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بېتونلۇق سۇ قۇرۇلۇشى باشلانغان ئىدى. لېكىن خەلق ئىگىلىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتا ۋە "سول" لۇشيەنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغا-

لىقتىن بەزى قۇرۇلۇشلار ئاتتىن چۈشتى، بەزىلىرى ناھايىتى سۈپەتسىز ياسالغان. 60 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە يەكەن دەرياسىدىكى كاچۇڭ، قىزىل دەرياسىدىكى ئاۋات، گەز دەرياسىدىكى تاشمىلىق سۇ باشلاش ئېغىزى، سوغۇچاق سۇ ئامبىرى، قەشقەر 1 - بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسى، داچاڭ سۇ مەنبەنى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ قۇرۇلۇشلار ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتلىرى كۆپلەپ ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى قۇرۇلۇشلار بىرلەشتۈرۈلگەن، قاچىلاش، باشلاش، تارقىتىش بىرلەشتۈرۈلگەن سۇغۇرۇش ئاساس قىلىنغان، ئۈنۈملۈك رول ئوينايدىغان سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سۇ ئىشلىرى خىزمىتىدە بۇرۇنقى «سول» تەسىرلەر تۈزۈتۈلۈپ، «ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلىشىپ، «داشقازاننىڭ تامىقىنى يېيىش»، «داش قازاننىڭ چىيىنى ئېچىش» مەسىلىسى پەيدىن - پەي ھەل قىلىنىپ يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىدا، «قۇرۇش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش بىلەن مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت» نى بىرلەشتۈرۈش، بىر تۇتاش گۇيخۇالاش، دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش، مەسئۇلىيەتنى ئادەملەرگىچە ئەملەشتۈرۈش، ياخشىلىرىنى مۇكاپاتلاش، ناچارلىرىنى جازالاشتىن ئىبارەت ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، ئامما ئاكتىپچانلىقى سىياسەت ئارقىلىق قوزغىتىلدى، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى يىلدىن - يىلغا ياخشى ئېلىپ بېرىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۆستەڭلەرنى سىڭدۈرمەسلەشتۈرۈش ۋە زەي قاچۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىدا خېلى زور يۈكسىلىش بولدى. 1983 - يىلدىن بۇرۇن ھەر يىلى پەقەت بىر قانچە 10 كىلومېتىر ئۆستەڭ سىڭدۈرمەسلەشتۈرۈلگەن ئىدى. 1983 - يىلى يۈكسىلىش بىلەن 120 كىلومېتىر ئۆستەڭ سىڭدۈرمەسلەشتۈرۈلدى. 1984 - يىلى بىر يولىلا 449 كىلومېتىر ئۆستەڭ سىڭدۈرمەسلەشتۈرۈلدى.

سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇش جەھەتتە سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش، كۇپىتا قاراپ ھەق ئېلىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، دەريا ۋادىسى باشقارمىسى، ناھىيىلىك سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش ئورنى، كەنت سۇ باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇكەممەل سۇ باشقۇرۇش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1983-، 1984 - يىلدىكى ئىككى بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىدىغان كەسپىي ئائىلە، ئۇقتىلىق ئائىلىلەرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، 1984 - يىلى 66 ئائىلىگە، ئامما ھۆددە ئالغاندىن كېيىن مەھسۇلاتىنى 400 جىڭغا يەتكۈزگەن ياخشى تىپلەر بارلىققا كەلدى.

سۇ ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۆلچەش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، سۇ ئىنشائاتلىرى، سۇ ئېلېكتىر، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى باشقۇرۇش ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان 2789 كىشىلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى پەيدىن-پەي شەكىللەندى. ھازىر 69 نەپەر ئىنژېنېر، 80 نەپەر ياردەمچى ئىنژېنېر، ياردەمچى باش بوغالتېر ۋە تېخنىكلار بار. بۇ قوشۇن خېلى يۇقىرى تېخنىكا سەۋىيىسىگە ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىگە ئىگە، ھەر جەھەتتىن سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. قەشقەر ۋىلايىتى ئۆزى لايىھىلەپ، ئۆزى ئىشلىگەن بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئامبارلىرى، سۇغۇرۇش ۋە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشلىرى ئەمەلىي سىناقتىن ئۆتۈپ، تېخنىكا جەھەتتە ئىلغار، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. مەملىكەتلىك پەن-تېخنىكا يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ سۇ ئىشلىرى سىستېمىسى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۈرلەر جەمئىي 20 دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن ئوپا 2-بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ يېڭى تىپتىكى مۇز چىقىرىش سىستېمىسىنىڭ لايىھىسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىق مەنبەسى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تۈرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. (فاڭ گوجۈڭ)

**[سۇ باشقۇرۇش]** قەشقەر ۋىلايىتىدە سۇ باشقۇرۇش تەشكىلىي باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش باشقۇرۇش، سۇغۇرۇش باشقۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 4 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — ۋىلايەت بويىچە بار بولغان سۇ بايلىقى ۋە سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ ياخشى ئىشلىتىپ، سۇغۇرۇش رايونلىرىدا سۇنى كۆپەيتىش تېخىمۇ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى تولۇق قېزىپ، سۇ بايلىقى ۋە سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈمى ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى يىللىرىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1974-يىلى شىنجاڭ بويىچە سۇ ئىشلىرىنى چوڭ تەكشۈرۈشتىن ئېلىنغان ئىستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى ئاسرايدىغان، باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن، 60% تىن كۆپرەكى بۇزۇلۇپ كەتكەن. سۇ باشقۇرۇش ئاپاراتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بەزى سۇغۇرۇش رايونلىرىدا ئۇلۇق سۇ بىلەن باسۇرۇپ سۇغۇرۇپ، ئۆتەشتۈرۈپ سۇغۇرۇپ كەلگەن، يەرنىڭ شورلىشىپ كېتىشى تېزلىشىپ كەتكەن. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن سۇ باشقۇرۇش ئىشلىرى ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا ماڭدى. باشقۇرۇش ئاپاراتلىرى ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرى تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ-ئېلېكتىر باشقارمىسىدا سۇ باشقۇرۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. قەشقەردىكى 5 چوڭ دەريا سىستېمىسى 3 دەريا ۋادىسى باشقارمىسى (يەكەن دەرياسى، گەز، كۆسەن دەرياسى، قىزىل دەرياسى) غا، 15 سۇ باشقۇرۇش پونكىتىغا بۆلۈنۈپ باشقۇرۇلدى. 12 ناھىيە (شەھەر) لىك سۇ ئىدارىلىرىنىڭ ھەممىسىدە سۇ باشقۇ-

-رۇش بۆلۈمچىلىرى قۇرۇلدى، كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ يەنە 126 سۇ باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى، كەنتلەردە سۇغۇرۇش گۇرۇپپىلىرى بار. ۋىلايەت بويىچە 1984 - يىلىدىكى سۇ باشقۇرۇش خادىملىرى 2937 گە يەتتى.

يېزىلاردا مەھسۇلاتنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سۇ باشقۇرۇشمۇ ئىسلاھ قىلىندى. 1980 - يىلىدىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايىتىدە مو سانىغا قاراپ ھەق ئېلىناتتى، قانچىلىك سۇ ئىشلەتكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، كۆلىمىگە قاراپ ئوخشاش ھەق ئېلىناتتى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش، كۆپىگە قاراپ ھەق ئېلىش سۇغۇرۇش باشقۇرۇشتىكى ئىلغار چارە سۈپىتىدە ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1984 - يىلى جەمئىي 12885 ئادەم قېتىم سۇ باشقۇرۇش خادىملىرى تەربىيىلەندى. 7116 جايغا سۇ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نۆۋەتتە كۆپىگە قاراپ ھەق ئېلىشنى يولغا قويغان يېزا 126 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي يېزىنىڭ 96% نى ئىگىلەيدۇ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى 1916 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ 86% نى ئىگىلەيدۇ، 9842 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ 84% نى ئىگىلەيدۇ، ئائىلە 307027 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 63% نى ئىگىلەيدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىدە 102 تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى 50-60- يىللاردا ياسالغان. قۇرۇلۇش يۈرۈشلەشمىگەنلىك، سۈپەت ئۆلچىمى تۆۋەن بولۇش، تىنىدىپ كېتىش ئېغىر بولۇش ۋە سۇ باشلاش قىيىن بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەمەلىيەتتە سۇ قاچىلىنىۋاتقان سۇ ئامبىرى 92، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تىپتىكىلىرى 4، ئوتتۇرا تىپتىكىلىرى 21، كىچىك تىپتىكىلىرى 67. ئامبارنىڭ لايىھىلەنگەن ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 1 مىليارد 870 مىليون كۇب مېتىر. سۇغۇرۇش كۆلىمى ۋە ياخشىلانغان يەر كۆلىمى 4 مىليون 460 مىڭ مو بولۇپ، ئۇ ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي سۇغۇرۇش كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئەتىيازدىكى سۇغۇرۇش مەزگىلىدە سۇ ئامبىرىدىن يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان سۇ مىقدارى 900 مىليون كۇب مېتىر. بۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ. بۇ ئامبارلارنى ياساش ۋاقتىدا، كۆپ قىسمىنىڭ ھۇلى چىڭدالمىغان، دامبىسى نېپىز بولغانلىقتىن يوشۇرۇن ئاپەت بىر قەدەر چوڭ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق 43 خەتەرلىك سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرى تۈگىتىلىپ پۇختىلاندى، سۇ قاچىلاش مىقدارى خەتەرنى تۈگىتىشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا 350 مىليون كۇب مېتىر، يەنى 40% كۆپەيدى. بۇرۇن قۇرۇلغان سۇ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، 1984 - يىلى 9- ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى قېتىم "بىخەتەر بولۇش، ئۈنۈملۈك بولۇش، ئومۇملاشتۇرۇپ باشقۇرۇش" مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان سۇ ئامبار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش بويىچە تەكشۈرۈپ باھالاش ئۇيۇشتۇرۇلدى. سۆگەتلىك سۇ ئامبىرى، قاتار سۆگەت سۇ ئامبىرى، ئېيىكەچى سۇ ئامبىرى، ئاناركۆل سۇ ئامبىرى، جىرىڭلىما سۇ ئامبىرى، دۆڭگۇاغ سۇ ئامبىرى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە سۇ ئامبار قۇرۇلۇشىنى باشقۇر-

دېھقان خادىملار 500 نەپەر. سۇغۇرۇش رايونلىرى ئىچىدىكى ھەر خىل سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلمىلىرى جەمئىي 14200، بۇنىڭ ئىچىدە 1984 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغانلىرى 3000 بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى شەخسلەر ياكى دېھقان ئائىلىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ھۆددە بېرىلدى. ھەر بىر قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشتا باشقۇرىدىغان تەشكىل بولۇش، مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. قۇرۇش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش بىر تۇتاش بولدى. مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت بىرلەشتۈرۈلدى.

1984 - يىلى تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۈنۈملۈك سۇغۇرىلىدىغان كۆلىمى 6 مىليون 365 مىڭ مو، ئەمەلىيەتتە سۇغۇرۇلغان كۆلىمى 6 مىليون 360 مىڭ مو، 5 چوڭ دەريادىن كەلگەن سۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 12 مىليارت448 مىليون كۇب مېتىر، بۇ ئوتتۇرا ھال سۇ بىر قەدەر مول بولغان يىل ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە سان بولغان 10 مىليارت 899 مىليون كۇب مېتىردىن 14% كۆپەيدى، 1983 - يىلدىكىدىن ئازايدى. 1984 - يىلدىكى چىقىملىق سۇغۇرۇش مىقدارى 10 مىليارت 800 مىليون كۇب مېتىر، چىقىملىق سۇغۇرۇلىدىغان يەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە سۇ ئورمىسى 226.9 كۇب مېتىر بولۇپ، 1983 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە مو قېتىم سانىدىن 36.86 كۇب مېتىر تۆۋەنلىدى. ۋىلايەت بويىچە 1984 - يىلدىكى ئومۇمىي سۇغۇرۇش سانى 47 مىليون 582 مىڭ 700 مو قېتىم بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 3 مىليون 337 مىڭ 200 مو قېتىم، يەنى 7.5% كۆپەيدى. سۇ باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەنلىكتىن ئەتىياز پەسلىدىكى ئېغىر قۇرغاقچىلىق ۋە ياز پەسلىدىكى كەلكۈن ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىندى. 5 - ئايدا بىر قىسىم دەريالاردا سۇ ئېقىمى ھالدا كەم بولدى. تىزناپ دەرياسىغا كەلگەن سۇ 19 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، 1983 - يىلى ۋە باشقا يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 84% ۋە 57% كېمىيىپ كەتتى. يەكەن دەرياسىغا كەلگەن سۇ 129 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، 1983 - يىلى ۋە باشقا يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 75% ۋە 24% كېمىيىپ كەتتى. ۋىلايەت بويىچە 120 مىڭ مو بۇغدايغا بىرەر قېتىم سۇ ئىچۈرۈلمىگەنلىكتىن، ئاساسەن ھوسۇل چىقمىدى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ بازار ئەتراپىدىكى بىر نەچچە يېزا ئانار كۆل سۇ ئامبىرىدا سۇ بولمىغانلىقتىن، يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى كەلمىگەنلىكتىن ئادەم ۋە ھايۋان ئىچىدىغان سۇ جەھەتتە 40 نەچچە كۈن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يەكەن دەرياسىدىن 4720 سېكۇنت كۇب مېتىر ئۇلۇق كەلگۈن سۇ ئۆتكۈزۈلۈپ ئۆتتى، يول بويلىرىدا چوڭ زىيان كۆرۈلمىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1983 - يىلدىكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا سۇ ھەققى يىغىش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش چارىسى» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە سۇ ھەققى تۈزۈمىنى تەكشۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى ئورۇنلاندى. ھەر مىڭ كۇب مېتىر سۇ ئۈچۈن ئېلىنىدىغان سۇ ھەققىنىڭ ئۆلچىمى 0.60 يۈەندىن 1.00 يۈەنگە تەڭشەلدى. 1984 - يىلى جەمئىي 6 مىليون 133 مىڭ يۈەن سۇ ھەققى يىغىۋېلىندى، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 1 مىليون 433 مىڭ يۈەن كۆپ يىغىۋېلىندى. سۇ باشقۇرۇشتىن قىلىنغان ساپ كىرىم 1 مىليون 613 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 233 مىڭ يۈەن كۆپ كىرىم قىلىندى. بۇ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرۇش راسخودى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى» (كاۋ فىڭ)

**[كاچۇڭ، ئۈچ كۆۋرۈك سۇ باشلاش تۇگۈن قۇرۇلۇشى]** 1984- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىككى چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇ- يەكەن دەريا كاچۇڭ سۇ باشلاش تۇگۈنى (غەربىي قىرغاق) نىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى بىلەن كەز دەريا ئۈچ كۆۋرۈك سۇ باشلاش تۇگۈن قۇرۇلۇشىدۇر. بۇ ئىككى قۇرۇلۇش- مۇشۇ ئىككى دەريا ۋادىسىدا قۇرۇلۇۋاتقان مۇھىم قۇرۇلۇش.

كاچۇڭ سۇ باشلاش تۇگۈنى — يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىرغاقلىرىدىكى ئىككى چوڭ سۇغۇرۇش رايونى ئۈچۈن سۇ باشلاش باش تۇگۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ھەم ئۇ شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ توسمىلىق تۇگۈن قۇرۇلۇشى. يېقىنقى مەزگىلدە ئۇ، يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى پوسكام سۇغۇرۇش رايونى، قاغىلىق «1- ئېرىق» ئۈستىكى سۇغۇرۇش رايونى، يەكەن بەشكەن سۇغۇرۇش رايونى، مەكىت تىزناپ دەرياسى سۇغۇرۇش رايونى، يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيە «ئالغا» سۇ ئامبىرى سۇغۇرۇش رايونى بولۇپ، جەمئى 1 مىليون 900 مىڭ مو يەرنى كونترول قىلىدۇ؛ يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا يەكەن سۇغۇرۇش رايونى، پەيلۇ دىخانچىلىق مەيدانى، 42- پولك مەيدانى، سوغۇچاق سۇ ئامبىرى يېڭى سۇغۇرۇش رايونى بولۇپ، جەمئى 1 مىليون 600 مىڭ مو يەرنى كونترول قىلىدۇ؛ يەنە يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىرغاقلىرىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى 18 سۇ ئامبىرىغا (لايىھىلەنگەن ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 490 مىليون كۇبمېتىر) كەلگۈن سۇ قاچىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى سۇغۇرۇش كۆلىمى 5 مىليون مودىن ئاشىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، يەكەن دەريا ۋادىسى باشقارمىسى 1977- يىلدىن باشلاپ ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ مۇدېلىنى ياساپ تەجرىبە قىلغان ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇ نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە لايىھىلەش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى.

تۇگۈن قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھىلەنگەن سۇ باشقۇرۇش مىقدارى شەرقىي ۋە غەربىي قىرغاقنىڭ ھەر قايسىسىدا 170 سېكونت كۇبمېتىر؛ كەلگۈن چىقىرىۋېتىش ئېقىم مىقدارى 7890 سېكونت-كۇبمېتىر، تەكرارلىنىش مەزگىلى 100 يىل؛ كەلگۈن سۇنىڭ سېلىشتۇرۇپ بېكىتىلگەن ئېقىم مىقدارى 13500 كۇبمېتىر، تەكرارلىنىش مەزگىلى 1000 يىل. تۇگۈن قۇرۇلۇش شەرقىي قىرغاقتىكى تۇگۈنى، سۇ كىرىش تومىسى (1979- يىلى قۇرۇلغان)، شەرقىي قىرغاقتىكى سۇ باشلاش ئۆستىڭى، شەرقىي قىرغاقتىكى قۇم ئېقىتىش تۇگۈنى، كەلگۈن قويۇۋېتىش تومىسى، كەلگۈن چىقىرىۋېتىش تومىسى، غەربىي قىرغاقتىكى سۇ باشلاش ئەگۈنى، غەربىي قىرغاقتىكى سۇ كىرگۈزۈپ قۇم ئېقىتىش تۇگۈنى، غەربىي قىرغاقتىكى تۇتاشتۇرۇش ئۆستىڭى ۋە دەريا تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسلىق قۇرۇلۇش 2- دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بويىچە لايىھىلەنگەن. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ تەخمىنەن 33 مىليون 490 مىڭ يۈەن.

1982- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ نازارىتى بىلەن پىلان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش رەسمىي باشلانغان ئىدى. قۇرۇلۇش داۋامىدا سۇ

نازارىتىدىكى تېخنىك، رەھبەرلەر تەخ مەيدانغا كېلىپ تېخنىكا جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلدى؛ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە رەھبەرلىرى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى؛ قۇرۇلۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇن — سۇ نازارىتى سۇ ئېلېكتىر 2-باشقارمىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە قۇرۇلۇش پولكى ئەستايىدىل مەسئۇل بولدى. 1984-يىلى پىرىنچىپ قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىلىرى: غەربىي قىرغاق سۇ كىرىش تونىلى (ئېلېكتىر ئىستانسىغا سۇ كىرگۈزۈش تونىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، غەربىي قىرغاقتىكى سۇ باشلاش ئەگىنى، كەلكۈن قويۇۋېتىش تونىلىنى ۋە شەرقىي قىرغاقتىكى تۇۋاشتۇرۇش ئۈستىگىدىكى 4 يەككە قۇرۇلما ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليون 560 مىڭ يۈەن؛ ئورۇنلانغان توپا قۇرۇلۇشى 703 مىڭ كۇب مېتىر، تاش قۇرۇلۇشى 39700 كۇب مېتىر، بېتون 30800 كۇب مېتىر، قۇرۇلۇشنىڭ ئەسلىھەلىرى 1984-يىلى يەكەن دەرياسىغا كەلگەن 4000 كۇب مېتىر كەلكۈن سۇنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەردى. ئىككى قىرغاقتىكى سىپتىما قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈپ چىقىشى 1985-يىلى باشلىنىدىغان 2-قارارلىق قۇرۇلۇشنى باشلاش ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى.

يەكەن دەرياسىنىڭ كاچۇڭ سۇ باشلاش تۈگۈن قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە گەز دەرياسىنىڭ ئۈچ كۆۋرۈك سۇ باشلاش تۈگۈن قۇرۇلۇشىمۇ جىددىي باسقۇچقا كىردى.

ئۈچ كۆۋرۈك سۇ باشلاش تۈگۈن قۇرۇلۇشى كونىشەھەر، يوپۇرغا ناھىيىلىرى، 41-، 42-پولك مەيدانلىرىنىڭ 700 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرىگە سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆسەن دەرياسى سۇغۇرۇش رايونىغا سۇ يۆتكەپ 175 مىڭ مو سۇغۇرۇش كۆلىمىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

1958-يىلى مۇشۇ جايدا بىر ياغاچ توما ياسالغان بولۇپ، 1967-يىلى كەلكۈن سۇ تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەچكە، شاخ-شۇمبا قۇرۇلمىلىق توما دائىمىيدىن بىرسى ياسالغان ئىدى؛ كېيىن ھەر يىلى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە رېمونت قىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ 1980-يىلى توما دائىمىيسى يەنە بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، سۇغۇرۇش رايونىدىكى خەلق كۆپلىگەن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى، مالىيە كۈچى سەرپ قىلغان بولسىمۇ لېكىن سۇ ئېلىش كاپالەتكە ئىگە بولماي ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى.


ھەر دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتىر باشقارمىسى تەكشۈرۈش-ئۆلچەش-لايىھىلەش ئەتـ



يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە قۇرۇلۇش پولكى گەز دەرياسىدىكى ئۈچ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى 1984-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى غەلىبىلىك پۈتكۈزدى. سۈرەتتە: قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى كوكالا، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق قۇرۇلۇش ئۈچۈن لېنتا كەسمەكتە.

جالال خىسىجان فوتوسى

رىدى. 1979-يىلدىن باشلاپ، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلىرىنى ۋە دەسلەپكى قەدەمدىكى لايىھىسىنى ئىشلىدى. 1982-يىلى سۇ ئېلېكتىر مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى چيەن جېڭيىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، نەق مەيدانغا بېرىپ، بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلەرنى قالدۇرغان ئىدى. ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئولچەش، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق يېڭى توسمىنى كونا توسمىدىن 1440 مېتىر ئۈستۈنكى كونا دەريا قىنىغا قۇرۇش بېكىتىلدى. 1982-يىلى 2-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سۇ نازارىتى، پىلان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق قۇرۇلۇش باشلاندى.



تۈگ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى.
جاڭ خېڭجيېن فوتوسى

تۈگۈن قۇرۇلۇش — دەريا توسۇش توسمىسى، سۇ كىرىش توسمىسى، سۇ يۆتكەش توسمىسى ۋە دەريا قىنىنىڭ يۇقىرىقى ھەم تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى ماسسىۋچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ 3-دەرىجىلىك قۇرۇلۇشقا كىرىدۇ. سۇ كىرىش توسمىسىنىڭ لايىھىلەنگەن ئېقىم مىقدارى 75 سېكونت كۇبمېتىر، كەلكۈن چۈشۈرۈش توسمىسىنىڭ لايىھىلەنگەن ئېقىم مىقدارى 466 سېكونت كۇبمېتىر، سېلىشتۇرۇپ دەۋرىيلاشتۇرۇلغان ئېقىم مىقدارى 920 سېكونت كۇبمېتىر.

بۇ قەشقەر ۋىلايىتىدە قۇم ئاساسىدا قۇرۇلغان تۇنجى توسمىلىق تۇغام. قۇرۇلۇشنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھۆلىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە سىڭمە سىلەشتۈرۈش قۇرۇلمىلىرى جەھەتتە ئىلغار يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈلدى: بىرىنچى، چۆكمە زەكۇندى بىلەن پىلتىراتسىيە ئېقىم مىقدارىنى توسۇش؛ ئىككىنچى، غولۇتۇپ ھۆلىنى پۈختىلاش؛ ئۈچىنچى، تۇپراق ئاساسى قاتلىمىنىڭ كۆتىرىش بېسىم كۈچىنى ئۆلچەش؛ تۆتىنچى، يۇقۇرى بېسىم بىلەن بوشلۇق ھاسىل قىلىپ دوغاپ قۇيۇپ چىڭداش؛ بەشىنچى، چۆكۈرۈپ كاۋاكچىلارنى تولدۇرۇپ ئاساسنى چىڭداش؛ ئالتىنچى، يۇمشاق ماتېرىياللار ئارقىلىق قۇرۇلمىلارنى قوغداش. كىرگۈزۈلگەن بۇ ئىلغار يېڭى تېخنىكىلار قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇندىن كېيىنكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى، سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشىدا رول ئوينايدۇ.

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ قوللىشى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇ نازارىتى ۋە ۋىلايەتلىك سۇ تارماقلىرىدىكى تېخنىكلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ نەق مەيدانغا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، قۇرۇلۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇن — يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە قۇرۇلۇش پولكى تېخنىكىلىق قىيىن ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكتىن ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى 1984-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى تاماملاندى. ۋىلايەت ۋە باشقارما رەھبەرلىرى سۇ باشلاش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يەنە بىر نەچچە ئاي رېمونت قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق قۇرۇلۇش ئوڭۇشلۇق تاماملاندى. دۆلەت جەمئىي 7 مىليون 977 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، قۇرۇلانغان توپا-تاش قۇرۇلۇشى 172300 كۇبمېتىر، بېتون 14 مىڭ كۇبمېتىر، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىش كۈنى 94 مىڭ بولدى. (جاۋ يى خېڭ)

[گىدرومېتېئورولوگىيە خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان] گىدرومېتېئورولوگىيە — سۇ ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئۆتكىلى. قەشقەر گىدرومېتېئورولوگىيە خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ سۇ بايلىق مەنبەسىنىڭ سان سۈپىتى، ۋاقتى، ھاۋا شارائىت جەھەتتىكى تارقىلىشى ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئېنىقلاش، شۇنداقلا سۇ بايلىق مەنبەلىرىنى قانداق قىلىپ مۇۋاپىق ئېچىش ۋە پايدىلىنىش، ھازىرقى ئېچىش دەرىجىسى، كەلگۈسىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە مۇندىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىدا مۇمكىن بولىدىغان تەتقىقات ئاساسى قىلىشتىن ئىبارەت. گىدرومېتېئورولوگىيىلىك مەلۇمات، ئالدىن مەلۇمات بېرىش — كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى كۆز — قۇلاق. قەشقەر گىدرومېتېئورولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىش مەيلى نەزەرىيە جەھەتتە ياكى ئەمەلىيەت جەھەتتە بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1953 - يىلى دۆلەت، يەكەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەكەن دەرياسىغا كاچۇڭ گىدرومېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇردى. بۇ قەشقەر ھەم جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان پونكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1956 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاساسلىق گىدرومېتېئورولوگىيە پونكىت تۈرلىرىنى كۆپەيتىش ئېلىپ بېرىلدى، قەشقەر ۋىلايىتى (شۇ چاغدا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) نىڭ يەكەن، مارالبېشى، قاغىلىق، كونىشەھەر، ئاقتۇ، ئاتۇش، ئاقچىدىن ئىبارەت 7 ناھىيىنىڭ جەمئىي 17 جايىدا گىدرومېتېئورولوگىيىلىك ئۆلچەش پونكىتى قۇرۇلدى.

گىدرومېتېئورولوگىيە پونكىت تۈرلىرى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، لېكىن 1958 - يىلدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشتىن بۇيان، گىدرومېتېئورولوگىيە سېستېمىسىدىن زور بىر تۈركۈم تېخنىك تايانچ كۈچلىرى سۇغۇرۇش رايونىنىڭ گىدرومېتېئورولوگىيە خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئاجرىتىۋېتىلدى. سۇغۇرۇش رايونىنىڭ گىدرومېتېئورولوگىيە خىزمىتىنى ئىشلەش ئەسلىدە سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بۆرچى، شۇنداقلا سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى قارىغۇلارچە قوماندانلىق بۇۋەزىپىنى گىدرومېتېئورولوگىيە ئورۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ قويدى. ئادەملەر ئاجرىتىۋېتىلگەچكە گىدرومېتېئورولوگىيە خىزمىتى بەزىدە ئۈزۈلۈپ قېلىپ، بەزىدە داۋاملاشتۇرۇلدى، بولۇپمۇ تاغ رايونلىرىدىكى گىدرومېتېئورولوگىيىلىك ئۆلچەش، مەلۇم قىلىش خىزمىتى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتتى.

1964 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر گىدرومېتېئورولوگىيە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. قەشقەرنىڭ گىدرومېتېئورولوگىيە خىزمىتىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن تەرتىپكە سېلىندى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1965 - يىلى ۋىلايەت بويىچە گىدرومېتېئورولوگىيە پونكىتى تەرەققىي قىلىپ 20 گە يېتىپ، جەمئىي 23 ئورۇندا ئۆلچەش بازىسى قۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا قەشقەرنىڭ گىدرومېتېئورولوگىيە خىزمىتى ئىنتايىن زور زىيانغا ئۇچرىدى. تۈزۈلمە بىر مەھەل تۈۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، گىدرومېتېئورولوگىيە پونكىتلىرى ئىككى قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاچقا ماتېرىياللارمۇ تولۇق رەتلەنمىدى.

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئالدى بىلەن سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆيخۇالاپ، لايىھىلەپ ئۆتكەندىن كېيىن ئىشلەيدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىۋى تەكشىلەندى، مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ۋە سۇ بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. كۆيخۇالاش، لايىھىلەش ۋە سۇ بايلىق مەنبەسىنى باھالاش ئاساسىدىكى گىدرومېتېرىيە خىزمىتى خېلى زور دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى گىدرومېتېرىيە پونكىتى، تۈرلىرى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

| پونكىت ئىسمى | پونكىت تۇرغان دەريا ئىسمى | ئۆلچەش پونكىتىنىڭ ئورنى | پونكىت قۇرۇلغان ۋاقىت (ئاي يىل) |
|---|---|---|---|
| كۆۋرۈك لەڭگەر | يەكەن دەرياسى | تاشقورغان داتۇڭ كومموناسى | 6. 1959 |
| كاچۇڭ | يەكەن دەرياسى | يەكەن كاچۇڭ كومموناسى | 6. 1953 |
| ئىگەرچى كېچىكى | يەكەن دەرياسى | يەكەن 2-كومموناسى | 5. 1967 |
| 48-يولىك كېچىكى | يەكەن دەرياسى | مارالۋېشى 7-ماي يېڭى كەنت | 8. 1972 |
| ئۈزۈملۈك | تىزناپ دەرياسى | قاغىلىق سايباغ كومموناسى | 7. 1974 |
| سامان | كۆسەن دەرياسى | ئاقتۇ بارىن كومموناسى | 11. 1956 |
| قارا كۆل | قارا كۆل دەرياسى | ئاقتۇ بۇلۇڭكۆل كومموناسى | 1. 1979 |
| كۆۋرۈك | گەز دەرياسى | ئاقتۇ بۇلۇڭكۆل كومموناسى | 12. 1958 |
| ئوي تاغ | ئوي تاغ دەرياسى | ئاقتۇ ئوي تاغ كومموناسى | 12. 1958 |
| ياش | قىزىل دەرياسى | ئۇلۇغچات ناھىيە ئۇلۇغچات كومموناسى | 12. 1958 |
| قارا يەل | قىزىل دەرياسى | ئۇلۇغچات قارا يەل | 4. 1958 |
| قاراكۆللۈك | قاراكۆللۈك دەرياسى | كونىشەھەر لەڭگەر كومموناسى | 12. 1958 |
| شىپكەركۆل سۇ ئامبىرى سۇ كىرىش ئېغىزى | قىزىل دەرياسى | پەيزىۋات 9-كوممونا | 7. 1963 |
| شىپكەركۆل سۇ ئامبىرى سۇ چىقىش ئېغىزى (ئامبار ئىچى) | شىپكەركۆل سۇ ئامبىرى | پەيزىۋات 3-كوممونا | 7. 1963 |
| شىپكەركۆل سۇ ئامبىرى سۇ چىقىش ئېغىزى (سۇ چىقىش ئۆستىڭى) | شىپكەركۆل سۇ ئامبىرى | پەيزىۋات 3-كوممونا | 7. 1963 |

1984-يىل قەشقەر گىدرومېتېر بېكىتى تەكشۈرۈش ئۆلچەش ئەترىتى ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، «شىنجاڭ سۇ نازارىتى قەشقەر گىدرومېتېر بېكىتى تەكشۈرۈش ئۆلچەش ئەترىتى ئورگىنىنىڭ سىناش چارىسى» ھەمدە قوشۇمچە «ئەترەت رەھبەرلىك ئەزالىرىنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»نى

تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە «قەشقەرنىڭ گىدرومېتېرىيە خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھە (دەسلەپكى لايىھە)» سىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزۈمىلۈك، سامان ۋە قارا بەلدىن ئىبارەت 3 ئاساسى قاتلام پونكىتنى ئىسلاھاتنىڭ سىناق نۇقتىسى قىلدى. ئىسلاھات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گىدرومېتېرىيە خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن بىرىنچى قەدەم تاشلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر گىدرومېتېرىيە پونكىت تۈرلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەرەققى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، قەشقەر گىدرومېتېرىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆلچەش ئەتردى يەنە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. (جاڭ گوشياڭ)

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 5 ئاساسلىق دەريانىڭ 1984 ـ يىللىق ئېقىم مىقدارىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى.

(ئېقىم مىقدارى سېكۇنت كۇب مېتىر ھېساپلىنىدۇ)

| دەريا ئىسمى | پونكىت ئىسمى | يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى | يىللىق ئېقىم مىقدارى (يۈز مىليون كۇب مېتىر) | يىللىق ئەڭ چوڭ: ئېقىم مىقدارى | يىللىق ئەڭ چوڭ: ئاي | يىللىق ئەڭ چوڭ: كۈن | يىللىق ئەڭ كىچىك: ئېقىم مىقدارى | يىللىق ئەڭ كىچىك: ئاي | يىللىق ئەڭ كىچىك: كۈن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تىزناپ دەرياسى | ئۆزۈمىلۈك پونكىتى | 23.3 | 7.38 | 197 | 6 | 28 | 1.74 | 12 | 21 |
| يەكەن دەرياسى | كاچۇڭ پونكىتى | 243 | 77.0 | 4570 | 8 | 30 | 39.9 | 12 | 24 |
| كۇسەن دەرياسى | سامان پونكىتى | 20.5 | 6.50 | 109 | 7 | 21 | 3.80 | 2 | 7 |
| گەز دەرياسى | كۆۋرۈك پونكىتى | 33.9 | 10.7 | 168 | 8 | 21 | 6.27 | 12 | 20 |
| قىزىل دەرياسى | قارابەل پونكىتى | 72.8 | 23.0 | 515 | 6 | 3 | 11.8 | 12 | 31 |

**[سۇ ئېلېكتىر ئىشلىرى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە ئازاتلىقتىن بۇرۇن سۇ ئېلېكتىر ئىشلىرى يوق ئىدى. ئازات بولغان 35 يىلدىن بۇيان سۇ ئېلېكتىر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 104 ئورۇندا ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئومۇمى توك سىغىمچانلىقى 48 مىڭ 610 كىلوۋات، يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 105 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت، 10KV دىن يۇقىرى بولغان يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى لىنىيىسى 2 مىڭ 570 كىلومېتىر. ۋىلايەتتە ۋە قاغىلىق، يەكەن، پوسكام، كونىشەھەر، يېڭىسار ناھىيىلىرىدە قۇرۇلغان ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 500 كىلوۋاتتىن يۇقىرى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى: ۋىلايەتلىك قەشقەر 1 ـ بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 6500 × 3 كىلوۋات، قەشقەر 3 ـ بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ 3000 × 2 كىلوۋات. يەكەن ئوپا 1 ـ، 2 ـ بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ

4 مىڭ 800 كىلوۋات، پوسكام ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ 1600 × 3 كىلوۋات، قاغىلىق جاڭگا ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ 630 × 2 كىلوۋات، كونەشەھەر ئوغۇساق ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ 2000 كىلوۋات؛ يېڭىسار شەرق قىزاردى ۋە ئېگىزيار ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ 1360 كىلوۋات. بۇ تايانچ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شەھەرنى مەركەز قىلغان كىچىك سۇ ئېلېكتىر تورلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزا كەنت كىچىك ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدى. 1984-يىل ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 81 نۇرغۇندا يېزا-كەنت ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 6 مىڭ 181 كىلوۋات، يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 6 مىليون 670 مىڭ كىلوۋات سائەت بولدى.

پوسكام ناھىيىسىدە توك ئىشلىتىش دەسلەپكى قەدەمدە ئوموملاشتى، ناھىيە بويىچە 13 يېزا 129 كەنت، 26 مىڭ 148 ئائىلىگە توك بېرىلدى، بۇ ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 94% نى، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 87.7% نى تەشكىل قىلىدۇ.

سۇ ئېلېكتىر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

1984-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئېلېكتىر ئىشلىرىدا يەنە يېڭى تەرەققىياتلار بولدى، ناھىيە باشقۇرغان سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىدىن قۇرۇلۇۋاتقانلىرى:

(1) يەكەن سېمونت زاۋۇتى ئېلېكتىر ئىستانسىسى، بۇنىڭ توك سىغىمچانلىقى 500 × 2 كىلوۋات، بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىنىڭ توپا قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇلۇپ بولدى.

(2) كىچىكلىتىلىپ قۇرۇلماقچى بولغان پەيزىۋات تارشا ئېلېكتىر ئىستانسىسى، بۇنىڭ قۇرۇلۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بۇ يىل 75 كىلوۋاتلىق 2 ماشىنا گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرۇلدى، ناھىيىگە توك يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر كېلىدىغان 35KV لىك يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى لىنىيىسى تارتىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 250 كىلوۋاتلىق ئىككى ماشىنا گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرماقتا. ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي توك سىغىمچانلىقى 800 كىلوۋاتقا يەتكۈزۈلىدۇ.

(3) يېڭىسار كامپا ئېلېكتىر ئىستانسىسى بۇنىڭ ئومۇمىي توك سىغىمچانلىقى 800 × 3 كىلوۋات، («لايىھىلەنگەن پەسىيىش پەرقى 52 مېتىر بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ھازىرقى پەسىيىش پەرقى ئەڭ ئېگىز بولغان بىر ئىستانسا) لايىھە ۋەزىپە مەكتۇبىنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق 10-ئايدا رەسمىي ئىش باشلىنىپ، ماشىنا بىلەن ئىشلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 11-ئايدا سۇ باشلاش ئۆستىڭىنىڭ توپا قۇرۇلۇشىنى قىزىش تاماملاندى.

يېزا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىمۇ خېلى تەرەققىي قىلدى، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چىپان يېزىسى ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشراپ يېزىسىدىكى دىخان-چارۋىچىلار ئۆزى مەبلەغ

توپلاپ 7 ئورۇندا كىچىك تىپتىكى ئېلېكتېر ئىستانسىسى قۇردى، ئومۇمىي توك سىغىمچانلىقى 154 كىلوۋات بولۇپ، چەت - يىراق تاغ رايونلىرىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارمۇ توك ئىشلىتىدىغان بولدى.

ناھىيە باشقۇرغان ئېلېكتېر ئىستانسىلىرى كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئىقتىساتنى ھۆددە بېرىش، تۇراقسىز مۇئاش بېرىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، «داش قازاننىڭ تامىقى»نى يېيىشتەك نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، ئېلېكتېر قۇۋۋىتى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. توك چىقىرىش مىقدارى ئۆتكەن يىلدىكىدىن 12% كۆپەيدى. ئومۇمىي بىر قەدەر ياخشى بولغىنى قاغىلىق جاڭگا ئېلېكتېر ئىستانسىسى بولۇپ، توك چىقىرىش مىقدارى 1984 - يىلى 1983 - يىلدىكىدىن 820مىڭ كىلوۋات سائەت، 26.8% كۆپەيدى؛ يەنە بىرسى كونشەھەر ئوغۇساق ئېلېكتېر ئىستانسىسى بولۇپ، 1984 - يىلى توك چىقىرىش مىقدارىنى 500 مىڭ كىلوۋات سائەت، 32.2% كۆپەيتىپ، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇپ، 100مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. (يەلڭ جياچىڭ)

**[سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ مەھسۇلات بايلىقى خېلىلا مول بولۇپ، سۇ يۈزى 800 مىڭ مودىن ئارتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى 300 مىڭ موغا يېقىن، ھازىر بېلىق بېقىشتا پايدىلىنىۋاتقان سۇ يۈزى كۆلىمى 230 مىڭ مو (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، بېلىق بېقىشقا باپ كېلىدىغان سۇ يۈزىنىڭ 77% نى، ئومۇمىي سۇ يۈزىنىڭ 29% نى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى شارائىتى ياخشى، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ھەمىشە °C 28 — 24 گرادۇس ئارىلىقىدا بولىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، بېلىقلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋە ئۆسۈشىگە باپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىشتا سوغۇق قاتتىق بولغاچقا بېلىقنىڭ كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئۇچرىشى ئاز بولىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىدە 1966 - يىلىدىن ئىلگىرى پەقەت بىرلا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بېلىق بېقىش مەيدانى بار ئىدى، ۋىلايەت بويىچە بېلىق مەھسۇلاتىمۇ ئاران 40 توننىدىن ئارتۇقراق ئىدى. 1984 - يىلىغا كەلگەندە ۋىلايەت ۋە ناھىيە (شەھەر) لەردە 10 سۇ مەھسۇلاتلىرى بۆلۈمى (بۆلۈمچىسى) قۇرۇلدى، 12 جايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بېلىق بېقىش مەيدانى، 2 ئورۇندا توۋار بېلىق مەيدانى قۇرۇلدى. 2 سۇڭلۇق ئۇششاق بېلىقنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 10 مىليون، بۇنىڭ ئىچىدە 3.5 سۇڭلۇقتىن يۇقىرى چوڭ ئۆلچەملىك بېلىقچاق 6 مىليون، بېلىقنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 434.7 توننا بولدى (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ).

ۋىلايىتىمىزدە بېقىلىۋاتقان بېلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى چاڭجىياڭ دەرياسى ۋادىسىدىن كىرگۈزۈلگەن. ئاساسلىق بېلىق تۈرلىرىدىن چىم بېلىق، سوختا بېلىق، چىپار سوختا بېلىق، سومۇك بېلىق، قىزىل قۇيرۇق بېلىق، يىسسى بېلىقى، قاسىراغلىق چىپار بېلىق، قارافۇق بېلىق، ئاق تاپان بېلىق قاتارلىقلار بار. باشقا سۇ مەھسۇلاتلىرىدىن

قىسقۇچ پاقا، كالا پاقىسى، جامكا، ئىلۋەر يىلتىزى، سۇ ياڭىقى، جاۋبەي سۇ ئۆسۈملىكى قاتارلىقلار بار.

1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قەشقەر شەھىرى بىرلىشىپ سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنى قۇردى. سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنى ئىشلەپچىقىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، بىر نەچچە ئىلمىي تەجرىبە تۈرلىرىنى قانات يايدۇردى: 1 - چوڭ بېلىقلاردىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش سىنىقى. باش ئەتىيازدا باشقىلار ئوغۇرلاپ كەتكەنلىكى ۋە بېلىق كۆللىرىنىڭ دامبىسى يار ئېلىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن مەلۇم زىيان بولۇپ، ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 672 جىڭغا يەتكەن ئىدى. 2 - سۇ ئۆسۈملۈكلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىنىقى. بۇ خىل سىناق ئايرىم ھالدا سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنىدا ۋە كونىشەھەر ناھىيىلىك بېلىجان يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلدى. جاۋبەي، سۇ ياڭىقى يېتىشتۈرۈش دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئىلۋەر يىلتىزى كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئىككى يىل تېرىلىپ سىناق قىلىنىپ، 1 فۇڭ يەردىن كۆپەيتىلىپ 2 مودىن ئاشتى. 3 - چوڭ ئۆلچەملىك ئۇششاق بېلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سىنىقى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى مەيدانى ئوت - چۆپ ئورنىغا يەم - خەشەك بېرىپ، ئاشلىق ئورنىغا قىغ بېرىپ، ئوت - چۆپ تېرىش بىلەن بېلىق بېقىشنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ، چوڭ ئۆلچەملىك ئۇششاق بېلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى يول ئاچتى. 3 سۇڭدىن يۇقىرى چوڭ ئۆلچەملىك ئۇششاق بېلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 13 مىڭغا يەتتى. 4 - يالتىراق لاپاس بىلەن پارنىكنى يۈرۈشلەشتۈرۈش سىنىقى. ئاساسلىقى، كىرگۈزۈلگەن نىل دەرياسى بېلىقىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىندى.

سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن سۇ باشقارمىسى سۇ مەھسۇلاتلىرى بۆلۈمى جېجاڭ ئۆلكىسىنىڭ لىنخۇ بېلىقچىلىق كەسپىي مۇلازىمەت شىركىتىدىن 6 نەپەر باقماچىلىق ئۇستىسىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەر ۋە شىپكەر كۆل سۇ ئامبىرى قاتارلىق 6 جايدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانلىرىدا خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، ھەر قايسى بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا بىر قەدەر زور تەرەققىياتلار بولدى.

سۇ مەھسۇلاتلىرى بۆلۈمى يەنە نۇقتىلىق ھالدا ۋىلايىتىمىزنىڭ تۇۋار بېلىق بازىسى - شىپكەر كۆل سۇ ئامبىرىنىڭ بېلىجان ۋە ئۇششاق بېلىق يېتىشتۈرۈش مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۆي بېلىقلىرىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ھالدا تۇتتى. بېلىجان ۋە ئۇششاق بېلىق يېتىشتۈرۈش مەيدانى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، كېلەر يىلى يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە داۋاملىق قۇرۇش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرۇش ھەم سۇ ئامبىرىدىكى بېلىقچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1983 - يىلى ۋە 1984 - يىلىدىكى ئىككى 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بېلىقچىلىقتىكى كەسپىي ئائىلىلەر ۋە نۇقتىلىق ئائىلىلەرنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، 66 ئائىلىگە يەتتى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئېلىشقۇ يېزىسىدىكى مەمەت ئوسمان ۋە قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىسىدىكى ياڭ جىزفۇ بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا تايىنىپ باي بولدى، ساپ كىرىمى ئون مىڭ يۈەندىن ئاشتى. (لي شىڭجيۇ)

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

**[ تەرەققىي قىلغۇاتقان يېزا - بازار كارخانىلىرى (1) ]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پەيدىن-پەي تەرەققىي قىلدى.

1978 - يىلى بار بولغان كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرى 391، ئومۇمىي كىرىمى 23 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولۇپ، يېزىلاردىكى 3 دەرىجىلىك ئومۇمىي كىرىمنىڭ 12% نى ئىگىللەيتتى.

1979 - يىلى كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرى تەرەققىي قىلىپ 6.739 غا، بۇنىڭ ئىچىدە كوممۇنا باشقۇرغان كارخانىلار 1.844 گە، ئەترەت باشقۇرغان كارخانىلار 4.895 كە يەتتى. كارخانا خادىملىرى 47.750 بولۇپ، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ 5% نى ئىگىللىدى، ئومۇمىي كىرىمى 50 مىليون 920 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.2 ھەسسە كۆپەيدى، پايدىسى 14 مىليون يۈەن بولدى. 7 ناھىيە ( شەھەر )دە كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. يەكەن ناھىيىسىدە كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرى تەمىنات - سودا جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان 3 كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرى تەمىنات - سودا جەمئىيىتىنىڭ بىرى.

1980 - يىلى كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرى 5405 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كوممۇنا باشقۇرغان كارخانىلار 1768، ئەترەت باشقۇرغان كارخانىلار 3637، كارخانا خادىملىرى 40558. كارخانىلارنىڭ كىرىمى 41 مىليون 286 مىڭ يۈەن، پايدىسى 14 مىليون 414 مىڭ يۈەن بولدى. كارخانىلارنىڭ كىرىمى ۋە پايدىسى سان جەھەتتىن قارىغاندا ئازلاپ كەتكەندەك قىلىدۇ، چۈنكى كوممۇنا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرىنىڭ قىسمەن كىرىمى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا كىرگۈزۈلگەن. كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەتتە كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى. ناھىيىلەردە ئارقا - ئارقىدىن كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى. يېڭىسار ناھىيىسى ۋە قاغىلىق ناھىيىسىدە كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرى تەمىنات - سودا جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 74 كوممۇنىدا كوممۇنا ئەترەت كارخانىلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

1981 - يىلى كوممۇنا - ئەترەت كارخانىلىرى 2591 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كوممۇنا باشقۇرغان كارخانىلار 957، ئەترەت باشقۇرغان كارخانىلار 1634، كارخانا خادىملىرى 30.495 ئىدى. ئومۇمىي كىرىمى 36 مىليون 749 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.9% كەملەپ كەتتى. پايدىسى 8 مىليون 515 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 24.4% كەملەپ كەتتى. يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، شۇ چاغدا كارخانا خادىملىرىنىڭ بىر قىسمى چېكىنىپ چىقىپ ئائىلىسىگە قايتىپ تېرىقچىلىق قىلدى ۋە ئائىلە قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن كارخانىلار ۋە ئۇلارنىڭ كىرىمى ئازىيىپ كەتتى. شۇ يىلى ۋە-

لايەت ۋە ناھىيىلەردە (تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا) ئارقا-ئارقىدىن كوممونا - ئەترەت كارخانىلىرى تەمىنات - سودا جەمئىيىتى قۇرۇلدى. خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، ۋىلايەت مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئۈن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، كىچىك كۆمۈر كان قاتارلىق كارخانىلارنى قۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق، كېۋەز ياغلىق دانلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. خام ماتېرىيال مەنبەسى يوق، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار بولغان ئاز ساندىكى كارخانىلار تاقىۋېتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلىپ، بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىلىپ، جەمئىي 1679 كارخانا تەڭشەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاقىۋېتىلگەن، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلغانلىرى 61، ئۆزگەرتىلگىنى 795، بىرلەشتۈرۈۋېتىلگىنى 5.

1982 - يىلى كوممونا - ئەترەت كارخانىلىرى 2378، كارخانا خادىملىرى 27.528، ئومۇمى كىرىمى 43 مىليون 185 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17% كۆپەيدى. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ياراتقان ئومۇمى كىرىمى 1563 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 358 يۈەن، 29.7% كۆپەيدى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە كوممونا - ئەترەت كارخانىلىرى تەمىنات - سودا جەمئىيىتى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلەر تايانچ كارخانىلارنى داۋاملىق تەڭشىدى، تەڭشەلگەن كارخانا جەمئىي 288 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 77 كارخانا ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلدى، 19 كارخانا بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، 176 كارخانا ئۆزگەرتىلدى، 16 كارخانا بىرلەشمە تىجارەتنى يولغا قويدى. كوممونا - ئەترەت كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتا پەيدىنپەي ھالدا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، ئاشلىق، كېۋەز، ياغلىق داننى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتلەردىن مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان بىناكارلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، كۆمۈر كان، مېۋە - چېۋىنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتلەرگە يۆتكەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 805 كارخانىدا تۈرلۈك شەكىلدىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كوممونا - ئەترەت كارخانىلىرى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىش ۋە يۇقىرى كۆتىرىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

1983 - يىلى كوممونا - ئەترەت كارخانىلىرى 2418، بۇنىڭ ئىچىدە كوممونا باشقۇرغىنى 976، ئەترەت باشقۇرغىنى 1442، كارخانا خادىملىرى 26.671، كارخانىلارنىڭ ئومۇمى كىرىمى 51 مىليون 326 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15% كۆپەيدى. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ياراتقان ئومۇمى كىرىمى 2274.50 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14.5% كۆپەيدى. پايدا 10 مىليون 995 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.9% كەملەپ كەتتى. ۋىلايەت بويىچە كوممونا - ئەترەت كارخانىلىرىدىكى مۇقىم مۈلۈك 54 مىليون 10100 يۈەن، ھەر يۈز يۈەنلىك مۈلۈكتىن يارىتىلغان كىرىم 88.90 يۈەن بولدى. ۋىلايەت بويىچە 604 نەپەر كەسپىي، مالىيە - بوغالتىر كادىرلىرى ئاجرىتىلىپ كوممونا - ئەترەت كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىقتىسادىي ھۆددە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. شۇ يىلى

تەرتىپكە سېلىنىپ بولغان كارخانىلار 1828، تەرتىپكە سېلىنمىغان كارخانىلار 217 بولۇپ، كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ 82.7% نى ئىگىلىدى.

1978-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە ئاپتونوم رايون قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا-بازار (كوممۇنا-ئەترەت) كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 6 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ۋىلايەت كوممۇنا-ئەترەت كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن 155 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇ مەبلەغ بىلەن 136 كارخانا قۇرۇلدى، 63 كارخانا كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، ئاشلىق، كېۋەز، ياغلىق دانلىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يېمەكلىك ۋە مېۋە-چېۋىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يەل يېمىش ساقلاش ئامبارلىرى، كۆمۈركان، ياغاچ، ئۈزۈم ھارىقى، يەم-خەشەك، يىپەك-تېرە بىناكارلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ترانسپورت، تۈز زاۋۇتى، مېھمانخانا، ئومۇملاشقان مۇلازىمەت كارخانىلىرى بار. 5 يىلدىن بۇيان، يېزا-بازار (كوممۇنا-ئەترەت) كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلار ئىچىدە: ئۈن 790 مىليون جىڭ، چىقىرىلغان پاختا 40.600 دەن، شۈيىشى 4813.9 توننا، تۆمۈردىن ياسالغان دېخانچىلىق سايمانلىرى 550 مىليون دانە، ياغاچتىن ياسالغان دېخانچىلىق سايمانلىرى 840 مىڭ دانە، ئاھاك 6.938 توننا، ئالتۇن 27.83 سەر، تاشقى سودا ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىلگەن قولماق 46،800 توننا، گۈلە 12000 مىڭ جىڭ.

5 يىل جەريانىدا، يېزا-بازار (كوممۇنا ئەترەت) كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 247 مىليون يۈەن، جەمئىي پايدىسى (1978-يىلدىكى سان كەم) 59 مىليون 690 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى 20 مىليون 740 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىنغىنى 10 مىليون 210 مىڭ يۈەن، ئېتىز-ئېرىق ئاساسى قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىنغىنى 4 مىليون 358 مىڭ يۈەن، كەمبەغەل ئەترەتلەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى 2 مىليون 40 مىڭ يۈەن، ئەزالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگىنى 8 مىليون 110 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئۈچۈن سەرپ قىلىنغىنى 2 مىليون 37 مىڭ يۈەن. 1982-يىلى ۋە 1983-يىلى دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان باج 2 مىليون 720 مىڭ يۈەن.

1980-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە ئاپتونوم رايون ۋىلايەت ۋە ھەر قايسى ناھىيەلەردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى تەمىنات-سودا شىركەتلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 410 مىڭ يۈەن، جەمئىي كىرگۈزۈلگەن مالنىڭ سوممىسى 47 مىليون 518 مىڭ يۈەن، سېتىلغان مالنىڭ سوممىسى 5 مىليون 796 مىڭ يۈەن، پايدىسى 327 مىڭ يۈەن بولدى. (جاڭ جىنشيۇڭ)

## 1984-يىلى [ تەرەققىي قىلىۋاتقان يېزا-بازار كارخانىلىرى (2) ]

قەشقەر ۋىلايىتى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «1984-يىللىق يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە يېزا-بازار كارخانىلىرى 2.625 كە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.4% كۆپەيدى، كارخانا خادىملىرى

24.700 نەپەر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.3% ئازايدى، كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 56 مىليون 614 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.6% كۆپەيدى، پايدىسى 10 مىليون 435 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.1% ئازىيىپ كەتتى، ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ياراتقان كىرىمى 2.293 يۈەن، 13.9% كۆپەيدى، ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ياراتقان پايدىسى 422.68 يۈەن، 2.5% كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مۇقىم مۈلكى 5 مىليون 120 مىڭ يۈەن، ھەر يۈز يۈەنىنىڭ ياراتقان كىرىمى 106 يۈەن بولۇپ 19.2% كۆپەيدى. 1984 - يىلى يېزا-بازارلاردىكى ئائىلىۋى سانائەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ يىل ئاخىرىغا بارغاندا 6.732 گە يەتتى، بۇ كارخانىلاردىكى ئادەم سانى 22.187 نەپەر، ئومۇمىي كىرىمى 14 مىليون674مىڭ 700 يۈەن، دۆلەتكە تاپشۇرغان باج 446 مىڭ 800 يۈەن، ساپ پايدا 4 مىليون 308 مىڭ 700 يۈەن بولدى.

ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سالغان ئاساستا، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر تېخى تەرتىپكە سېلىنمىغان كارخانىلارنى داۋاملىق تەرتىپكە سالدى. يىلبويى تەرتىپكە سېلىنغان كارخانىلار 217 گە يەتتى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمى روشەن ياخشىلاندى. پايدا ئىچىدىن 1 مىليون 943 مىڭ 300يۈەن ئاجرىتىلىپ يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياردەم بېرىلدى، دۆلەتكە 1 مىليون 907 مىڭ 800 يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىچىدە ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويغان كارخانىلار 2.043 بولۇپ، كارخانىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 77.9% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە زاۋۇت باشلىقى ھۆددە ئېلىشنى يولغا قويغان كارخانىلار 512 بولۇپ، ھۆددە ئېلىنغان كارخانىلارنىڭ 2.5% نى ئىگىلەيدۇ، شەخسلەر ھۆددە ئالغان كارخانىلار 1085 بولۇپ، ھۆددە ئېلىنغان كارخانىلارنىڭ 53% نى ئىگىلەيدۇ، كوللېكتىپ ھۆددە ئېلىشنى يولغا قويغان كارخانىلار 276 بولۇپ، ھۆددە ئېلىنغان كارخانىلارنىڭ 13.5% نى ئىگىلەيدۇ، ئائىلىلەر ھۆددە ئالغان كارخانىلار 170 بولۇپ، ھۆددە ئېلىشنى يولغا قويغان كارخانىلارنىڭ 8.3% نى ئىگىلەيدۇ.

يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىقتىسادىي ھۆددىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، زور بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئىشقا قويۇپ، كارخانىنى جانلاندۇردى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتەردى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشراپ، كاچۇڭ كۆمۈر كانلىرى مەھسۇلاتقا قاراپ ھەق ھېساپلاشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، كۆمۈر مەھسۇلاتى يىلمۇ - يىل ئاشتى، 1982 - يىلى كۆمۈر مەھسۇلاتى ئاران 11.800 توننا بولغان بولسا، 1983-يىلى ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويغاندىن كېيىن، كۆمۈر مەھسۇلاتى ناھايىتى تېز ئېشىپ 23.400 توننىغا يەتتى، 1984 - يىلى كۆمۈر مەھسۇلاتى 36.200 توننىغا يېتىپ،1982-يىلدىكىدىن 24.400 توننا ئېشىپ، مەھسۇلاتى ئىككى يېرىم ھەسسىدىن كۆپرەك كۆپەيدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىممۇ ناھايىتى كۆپ ئاشتى.

1984 - يىلى ئاپتونوم رايون يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قەشقەر ۋىلايىتىگە 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى، بۇ مەبلەغ بىلەن قەشقەردە 6 كارخانا يېڭىدىن قۇرۇلدى، 4 كارخانا كېڭەيتىلىپ قۇرۇلدى. بەزى ناھىيىلەر يەنە ئۆزى

مەبلەغ توپلاپ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇردى. مارالۋېشى ناھىيىسى 3 قۇرۇلۇش ئەترىتى، بىر مېھمانخانىنى يېڭىدىن قۇردى، بىر كىنوخانا، بىر باغ زاۋۇدىنى كېڭەيتىپ قۇردى. پوسكام ناھىيىسى ئۆزى مەبلەغ توپلاپ بىر ياسما زاۋۇدى، بىر ئىنفىرا نۇرلۇق قاقلاش مېشىنى يېڭىدىن قۇردى. قەشقەر شەھەرى يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى بىلەن شېرىكلىشىپ 3 كارخانا قۇردى. يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى بىناكارلىق شىركىتى قەشقەر شەھەرى نەزەرباغ يېزىسىنىڭ ماشىنا بىلەن قۇيۇلغان خىشنى پىشۇرۇش خۇمدىنىغا 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسىنىڭ تەمىنات-سودا بۆلۈمى دۆلەتۋاغ كونسېرۋا زاۋۇدىغا 30 مىڭ يۈەن، دۆڭتۇغ سودا سارىيىغا 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان 3 كارخانىغا 3 نەپەر زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور)، 3 نەپەر مالىيە بوغالتىر خادىمى، بىر نەپەر تېخنىك، 12 نەپەر پىركازچىك ئەۋەتىپ، بۇ كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە تېخنىكا كۈچىنى تولۇقلاپ كۈچەيتتى.

1984 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان كۆمۈر 30 مىڭ 40 توننا، خىش 10 مىليون 482 مىڭ دانە، تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى 121.900 دانە، توك 6 مىليون 412 مىڭ 400 كىلوۋات سائەت، چىقىرىلغان پاختا 852 مىڭ 400 دەن، ئۇن 420 مىليون جىڭ، شېخىل 360 مىڭ كۇبمېتىر، سېمونت تورۇبا 5432 دانە، گەج 100 كىلوگىرام، سىر 30 توننا، كاۋچۇك سۇيى 10 توننا، كىسلاتا 30 توننا، ھەسەل 3 مىليون 640 مىڭ جىڭ، سۇ مەھسۇلاتلىرى 55.3 توننا، يىپەك غوزىسى 7 دەن، ھەر خىل مېۋە-چېۋە 940 مىڭ دەن، ئۆي-ئىمارەت كۆلىمى 117 كۋادرات مېتىر، سۇيىمەي 193 توننا، جىياڭيۇ، ئاچچىقسۇ 240 توننا، تۇز 856 توننا، ھەر خىل مېۋە كونسېرۋاسى 310 مىڭ قۇتا بولدى.

ناھىيەدە تۈرلۈك چارىلار بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرىدا ئىختىساسلىق كىشىلەر كەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1984 - يىلى 4 ئادەم ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا 20 ئادەم ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، 58 ئادەم باشقا جايلارغا تەكشۈرۈشكە باردى، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەكلىپ قىلىندى، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش خادىملىرى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا كېلىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىندى، باشقا جايلاردىكى بىگتۇەن بىلەن شېرىكلىشىپ كارخانا قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىملىرى قوبۇل قىلىنىپ خىزمەتكە قويۇلدى، كەسىپ ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلدى. 1984 - يىلى جەمئىي 703 نەپەر تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى تەربىيىلەندى.

1984 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى تەمىنات - سودا شىركەتلىرىدىن 12 سى قۇرۇلدى، 62 يېزىدا يېزا - بازار كارخانىلىرى تەمىنات-سودا جىڭلىبۇسى قۇرۇلۇپ، 28 دۇككان ئېچىلدى. ئۇلارنىڭ كۆچمە مەبلىغى 410 مىڭ يۈەن، 1984 - يىلى سېتىۋېلىنغان تاۋارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 652 مىڭ يۈەن، سېتىلغان تاۋارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 487 مىڭ يۈەن بولدى. (جاڭ جىنشيۇ)

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1984 - يىللىق ئاساسى ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| ناھىيە ئىسمى | كارخانا سانى | | كارخانىدىكى خادىملار | | ئومۇمى كىرىمى | | | پايدىسى | | | يەككە كارخانىلار | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 83 - يىل | 84 - يىل | 83 - يىل | 84 - يىل | 83 - يىل پۇل بىرلىكى مىڭ | 84 - يىل پۇل بىرلىكى مىڭ | % | 83 - يىل پۇل بىرلىكى مىڭ | 84 - يىل پۇل بىرلىكى مىڭ | % | كارخانا سانى | ئادەم سانى | ئومۇمى كىرىمى پۇل بىرلىكى مىڭ | باج پۇل بىرلىكى مىڭ | پايدا پۇل بىرلىكى مىڭ |
| قەشقەر شەھىرى | 160 | 129 | 794 | 943 | 2285 | 4396 | +65 | 497 | 763 | +70.6 | 119 | 4118 | 1542 | 34 | 910 |
| يېڭىشەھەر | 364 | 402 | 1637 | 1994 | 2954 | 41076 | +39 | 451.8 | 708.6 | +56.8 | 460 | 810 | 227.8 | 26.8 | 462 |
| كونىشەھەر | 227 | 247 | 2314 | 2132 | 3657.9 | 4045 | +10.6 | 805.3 | 794 | −1.4 | 157 | 318 | 366.6 | 202 | 1159 |
| يېڭىسار | 136 | 179 | 1138 | 1234 | 1641 | 2181 | +35.1 | 535 | 550 | +2.18 | 170 | 193 | 554 | 17 | 225 |
| يوپۇرغا | 127 | 121 | 2488 | 1947 | 3113.3 | 3399 | +9.17 | 490.6 | 500.9 | +2.09 | 127 | 220 | 1708 | 33 | 496 |
| پەيزىۋات | 135 | 135 | 1188 | 659 | 2480.2 | 34815 | +3.04 | 476 | 297.1 | -37.58 | 517 | 865 | 619 | 49.4 | 324.6 |
| يەكەن | 387 | 384 | 5334 | 5604 | 10406.5 | 12336 | +17.7 | 1537.7 | 1436.2 | −6.6 | 523 | 1140 | 1342.2 | 65.5 | 447.1 |
| پوسكام | 200 | 197 | 4334 | 4107 | 13100 | 12113 | −7.53 | 3365 | 2573.4 | −23.5 | 90 | 202 | 284 | 19.9 | 64.1 |
| قاغىلىق | 156 | 95 | 3115 | 2440 | 4814 | 34959 | -27.38 | 967 | 666.5 | -31.07 | 459 | 831 | 1003.1 | 87 | 407.8 |
| مەكىت | 185 | 178 | 1968 | 1724 | 2445 | 3217 | +3157 | 714 | 930 | +30.25 | 77 | 143 | 207 | 12 | 107 |
| مارالبېشى | 308 | 326 | 2255 | 1818 | 4765 | 4771 | +0.125 | 1155 | 1209 | +4.67 | 4033 | 13047 | 6221 | 82 | 1165 |
| تاشقۇرغان | 33 | 22 | 102 | 87 | 15.4 | 72.9 | +405 | 1.4 | 7 | +400 | | | | | |
| جەمئىي | 2418 | 2491 | 26667 | 24689 | 51578.3 | 56614.4 | +9.6 | 10995.8 | 10435.7 | − 5.09 | 6732 | 22.187 | 14674.7 | 446.8 | 10308.7 |

# سانائەت

**[قەشقەر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول بولۇپ، سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. لېكىن، كونا جۇڭگودا سانائىتى ناھايىتى قالاق بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن بىر نەچچە ئېغىز كىچىك تىپتىكى يەككە قول سانائەت دۇككىنى بار ئىدى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى چەت جايلاردىن يۆتكەپ كىرەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەشقەر ۋىلايىتىدە كەڭ كۆلەملىك سانائەت قۇرۇلۇشى باشلاندى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 210 مىليون يۈەندىن ئاشتى، يېڭىدىن كۆپەيگەن مۇقىم مۈلۈك 195 مىليون يۈەندىن ئاشتى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى 140 دىن، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 19.000 دىن ئاشتى. كۆمۈر، ئېلېكتىر كۈچى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، توقۇمىچىلىق، كۆن - خۇرۇم، پار - پۇر، قەغەز، ئاشلىق، ماي، ئىستېمال، پاختا چىقىرىش قاتارلىق 10 نەچچە كەسىپ بولۇپ، 300 خىلدىن كۆپرەك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ. كۆمۈر، ئېلېكتىر كۈچى، سېمونت، يىپ رەخت، كۆن-خۇرۇم، پار - پۇر، سوپۇن قاتارلىق ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى بىرىنچى بەشيىللىق، ئىككىنچى بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن بىر نەچچە ھەسسىدىن، بىر نەچچە يۈز ھەسسىگىچە ئاشتى. مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، بىر قىسىم مەھسۇلاتلار پۈتۈن شىنجاڭدا، باشقا ئۆلكە بازارلىرىدا ۋە خەلقارا بازارلارغا چىقىرىلىپ شۆھرەت تاپتى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ تېز راۋاجلىنىشى بىلەن بىرگە، سانائەتنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ھەممە ناھىيىلەردە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلدى. يەكەن، قەشقەر، مارالبېشى ۋە قاغىلىقتىن ئىبارەت 4 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 1984 - يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋىلايەت سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 10% چىسىنى ئىگىلىدى، ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ 19% گە



كون-خۇرۇم زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار. مەھەممەت ھوپىت فوتوسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 1 ـ جەدۋەلنىڭ (1)

| | ئومۇمى جەمئى | ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | قەشقەر شەھرى | يەكەن | يېڭىشەھەر | كونىشەھەر |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى | 235215400 | 60224800 | 20561500 | 44873200 | 15853200 | 7160600 |
| ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت | 120168500 | 60224800 | 4833700 | 10805900 | 4892800 | 3803000 |
| كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت | 115046800 | | 15727800 | 34067300 | 10960400 | 3357600 |
| يېنىك سانائەت | 196134000 | 44604400 | 14533900 | 40504300 | 14072000 | 5810600 |
| ئېغىر سانائەت | 39081400 | 15620400 | 6029600 | 4368900 | 1781200 | 1350000 |
| ئومۇمى جەمئى ئىچىدە: | | | | | | |
| ئېلېكتىر سانائىتى | 7376000 | 4562100 | | 1038300 | 5900 | 261000 |
| كۆمۈر سانائىتى | 6565000 | 1847500 | 244200 | 1585700 | 473100 | |
| ماشىنىسازلىق سانائىتى | 13830800 | 3356100 | 4185800 | 1478100 | 6410 | 434000 |
| خىمىيە سانائىتى | 3158100 | 998800 | 2029000 | 130300 | | |
| قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى | 11445000 | 2278800 | 3565300 | 381900 | 896200 | 959000 |
| بۇنىڭ ئىچىدە سېمونت | 3354000 | 2278800 | 103500 | 59000 | 314000 | |
| ئورمانچىلىق سانائىتى | 5947800 | 3522900 | 1170200 | 613200 | | 65000 |
| يېمەكلىكلەر سانائىتى | 56682200 | 14759200 | 2192900 | 9409500 | 3343200 | 5110500 |
| توقۇمىچىلىق سانائىتى | 114870800 | 25236800 | 1963300 | 27459200 | 10004900 | 154000 |
| بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىق | 25224800 | 24010000 | 1026000 | 188800 | | |
| تىككۈچىلىك سانائىتى | 7340300 | 116000 | 3585700 | 1060700 | 191900 | 92000 |
| خۇرۇم سانائىتى | 3203500 | 247400 | 438100 | 149600 | | |
| مەدەنىي ـ مائارىپ، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى | 3373800 | 829000 | 962800 | 756300 | 75800 | 85100 |
| بۇنىڭ ئىچىدە باسمىچىلىق | 2256900 | 829000 | 417000 | 384 | | |
| قەغەز سانائىتى | 221200 | | | | 221200 | |
| باشقا سانائەتلەر | 1200900 | 143300 | 224200 | 810400 | | |

ئىزاھات: 1949 ـ يىلدىكى سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 442 مىڭ يۈەن.

جەدۋەل تۈزگۈچى: ( خۇالا ئەترۇللا )

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1980 - يىللىق سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى  1 - جەدۋەلنىڭ (2)

| | قاغىلىق | پەيزىۋات | مارالبېشى | مەكىت | پوسكام | يېڭىسار | يوپۇرغا | تاشقورغان |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى | 20427000 | 7030900 | 20431600 | 12974500 | 9610700 | 6332900 | 9552500 | 182000 |
| ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت | 9583000 | 2131900 | 3137300 | 3579300 | 4187300 | 3715700 | 9211800 | 62000 |
| كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت | 10844000 | 4899000 | 17294300 | 9395200 | 5423400 | 2617200 | 340700 | 120000 |
| يېنىك سانائەت | 19083000 | 6719000 | 19872900 | 12226600 | 5106300 | 4350000 | 9133000 | 120000 |
| ئېغىر سانائەت | 1344000 | 311900 | 558700 | 747900 | 4504400 | 1982900 | 419500 | 62000 |
| ئومۇمى جەمئى ئىچىدە: | | | | | | | | |
| ئېلېكتىر سانائىتى | 274000 | 18200 | 38200 | 103700 | 792800 | 231600 | 39200 | 11000 |
| كومۇر سانائىتى | 118000 | | | 236500 | 924500 | 951300 | 184200 | |
| ماشىنىسازلىق سانائىتى | 716000 | 383500 | 502500 | 568100 | 811500 | 393100 | 310100 | 51000 |
| خىمىيە سانائىتى | | | | | | | | |
| قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى | 525000 | 23100 | 294300 | 21300 | 1975600 | 524300 | | |
| بۇنىڭ ئىچىدە سېمونت | 174000 | | | | | 424700 | | |
| ئورمانچىلىق سانائىتى | 76000 | 11900 | | 381500 | | | | |
| يېمەكلىكلەر سانائىتى | 6609000 | 1914900 | 3170100 | 2926500 | 2665800 | 2049200 | 2531400 | |
| توقۇمىچىلىق سانائىتى | 10601000 | 4333500 | 16130200 | 8238500 | 2310800 | 2017900 | 6320700 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىق | | | | | | | | |
| تىككۈچىلىك سانائىتى | 1193000 | 120500 | 120400 | 429200 | 129700 | 75200 | 106000 | 120000 |
| خۇرۇم سانائىتى | 38000 | | 58100 | 18500 | | 26900 | | |
| مەدەنىي - مائارىپ، گۈزەل سەنئەت بويۇملىرى | 254000 | 118200 | 117600 | 50700 | | 63400 | 60900 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە باسمىچىلىق | | | | | | | | |
| قەغەز سانائىتى | | | | | | | | |
| باشقا سانائەتلەر | 23000 | | | | | | | |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى      1 ـ جەدۋەلنىڭ (I)

| ئاساسلىق مەھسۇلات ئىسمى | ھېساپلاش بىرلىكى | يىللىق ئەمەلىي مەھسۇلات | | |
|---|---|---|---|---|
| | | جەمئى | ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت | كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت |
| كوكس | توننا | 7761 | 7761 | |
| كومۇر | توننا | 292736 | 257777 | 34959 |
| توك مىقدارى | كىلوۋات سائەت | 115355600 | 105999400 | 9566200 |
| سېمونت | توننا | 6134336 | 61343.36 | |
| سېمونت تۇرۇبا | مېتىر/توننا | 654/3464 | | 654/3464 |
| سېمونتتىن ياسالغان سىتولبا | تال/توننا | 12655/17841 | | 12655/17841 |
| سېمونت قۇرۇلمىلار | $m^3$ | 7782 | 3619 | 4163 |
| خىش | دانە | 151799000 | 22020000 | 129779000 |
| كېسىلگەن ياغاچ | $m^3$ | 5778.7 | 5349 | 429.7 |
| تەييارلانغان ياغاچ | $m^3$ | 3652 | 3313 | 339 |
| كىسلاتا | توننا | 288 | 288 | |
| پاختا يىپ | توننا | 4358.95 | 4358.95 | |
| پاختا رەخت | $m/m^2$ | 28949800/26120200 | 28949800/26120200 | |
| بويالغان رەخت | m | 15949800 | 15949800 | |
| ئەلما-توقۇلما ماللار نەقلىيىدىكى سۇنەدۇرۇلمىشى | توننا | 106.56 | 106.56 | |
| پاختا يۇڭدىن توقۇلغان كوينەك ئىشتان | دانە | 124800 | 124800 | |
| ئىچ مايكا | دانە | 246700 | 246700 | |
| ماشىنا قەغىزى | توننا | 122 | 122 | |
| كۆندىلىك پار ـ جۈپ بويۇملار | دانە | 124870 | 96000 | ،32100 |
| سوپۇن | توننا | 596.2 | 579.5 | 16.7 |
| ئىش قوشۇلمىغان تۇز | توننا | 1285 | 400 | 850 |
| ئىش قوشۇلغان تۇز | توننا | 1117 | 1117 | |
| چەككىلەنگەن گېلەتسىرىن | توننا | 11.63 | 11.63 | |
| ئوكسىگېن | $m^3$ | 31.677 | 31.677 | |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 1 ـ جەدۋەلنىڭ (2)

| ئاساسلىق مەھسۇلات ئىسمى | ھېسابلاش بىرلىكى | يىللىق ئەمەلىي مەھسۇلات | | |
|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت |
| ئىچىملىك | توننا | 664.64 | 664.64 | |
| ئاق ھاراق | 〃 | 514.34 | 514.34 | |
| پىۋا | 〃 | 20.2 | 20.2 | |
| ئۈزۈم ھارىقى | 〃 | 130.10 | 130.10 | |
| كونسېرۋا | 〃 | 78.66 | 74.66 | 4 |
| سۈيپەك | 〃 | 9003.91 | 7951.16 | 1052.75 |
| گۈرۈچ | 〃 | 887.5 | 549.3 | 1012.45 |
| ئۇن | 〃 | 10509.41 | 70269.96 | 34821.45 |
| قوناق ئۇنى | 〃 | 10569.09 | 9890.65 | 678.44 |
| يېرىم ماشىنىلاشقان دېخانچىلىق سايمانلىرى | دانە | 3095 | 3095 | |
| ھەر خىل ئۆي جاھازلىرى | دانە/يۈەن | 601400/123752 | | 601400/123752 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل | دانە | 215 | 215 | |
| تۇنىكىدىن ئىشلەنگەن بويۇملار | دانە/توننا | 252.28/94367 | | 252.28/94367 |
| تۆمۈردىن ئىشلەنگەن دېخانچىلىق سايمانلىرى | دانە | 211.800 | | 211800 |
| پىچاق | دانە | 7102 | | 7102 |
| خۇرۇم ئۆتۈك | جۈپ | 85218 | 65000 | 20218 |
| خۇرۇم كەش | جۈپ | 64040 | 60000 | 4040 |
| كۆن ـ خۇرۇم | پارچە | 26142 | 22198 | 4044 |
| خەي | جۈپ | 39877 | | 39877 |
| گىلەم | $m^2$ | 7645.61 | 1195 | 6450.61 |
| ئىش قوشۇلغان يۇڭ ـ تېرە | پارچە | 1238 | | 1238 |
| يۇڭ ـ تېرىدىن ئىشلەنگەن بويۇملار | دانە | 16165 | 424 | 15741 |
| كىيىم ـ كېچەك | دانە | 381124 | | 381124 |
| ھەر خىل باش كىيىم | دانە | 16211 | | 16211 |

يەتتى. 1958 - يىلدىكىدىن 1.5 ھەسسىدىن 6 ھەسسىگە قەدەر ئاشتى. ئىگىز تاغلىق رايونغا جايلاشقان تاشقورغان ناھىيىسى ئىلگىرى ھەتتا ئاتنىڭ تاقىسىنىمۇ باشقا جايلاردىن يۆتكەپ ئاپىراتتى، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ ئېلېكتىر كۈچى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ئاشلىققا ئىش قوشۇش ھەمدە ئىككىنچى يېنىك سانائەت قاتارلىق كارخانىلىرى بارلىققا كەلدى.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائەت سېپى «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش يولىغا سالدى. بولۇپمۇ، 1984 - يىلى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - سانلىق يىغىنى روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، سانائەت سېپىدە كەسكىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ئىقتىسادىي سىياسىتىنى پائال يولغا قويۇپ، ئالاقىنى كېڭەيتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا جۇشقۇن، جانلىق ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. ۋىلايەت بويىچە 1984 - يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 235 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 4.6% ئاشتى، 1978-يىلغا سېلىشتۇرغاندا 84.3% ئاشتى؛ 1949 - يىلدىكىدىن 35.5 ھەسسە ئاشتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 10.83% دىن ئېشىپ باردى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە تۇتقان سالمىقى 1949 - يىلدىكى 7% دىن 24% گە چىقتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە كۆمۈر مەھسۇلاتى 292.736 توننىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18% ئاشتى؛ تارقىتىلغان توك 115 مىليون 356 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.5% ئاشتى؛ سېمونت مەھسۇلاتى 61.343 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19% ئاشتى.

**[كەسكىن ئىسلاھ قىلىپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائىتىنىڭ پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە تۇتقان سالمىقى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئاران 4 تىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ تېز ياكى ئاستا بولۇشى پۈتۈن ۋىلايىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ۋەزىپە. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى بويىچە، قەشقەرنىڭ سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا «ئىككى پۇت» بىلەن مېڭىش فاڭجېنىنى يولغا قويۇش كېرەك. يەنى بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ھازىر بار بولغان كارخانىلاردىكى يوشۇرۇن كۈچنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىلگىرىكى ئاساستا زور بىر قەدەم ئۆستۈرۈش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كونكرېت ئەمەلىيەت ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتقا بىرلەشتۈرۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت ئېنېرگىيە مەنبەسىنى تولۇق قېزىپ، ئىستىقبالى بار يېڭى سانائەت كارخانىلىرىنى

پائال قۇرۇپ، ئىككى تەرەپتىن تەڭ قول سېلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائىتىدە قىسقا بولغان بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان يېڭى - يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

ئالدىنقى بىر باسقۇچلۇق ئەھۋالدىن قارىغاندا، ۋىلايىتىمىزدە شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇ ئاساسىي ئېقىم. لېكىن، كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئەمدى باشلاندى، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئەمەللەشتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، ئومۇمىي كەۋدە ئومۇمىي دائىرىلىك ئىسلاھات ئۈستىدە تازا كۈچ سەرپ قىلىنمىدى. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش - كارخانا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا كونىغا يېپىشىۋالىدىغان، كونا قائىدە - يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالىدىغان، تېچ بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، قالايمىقان چېتىشتىن قورقىدىغان ھالەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرچاغدا، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ھەم دادىل بولۇش، ئىدىيىنى ئازات قىلىش ھەم ئىسلاھاتنىڭ ئىلمىي، مۇۋاپىق بولۇشىنى تەكىتلەش كېرەك. ھازىر ۋىلايىتىمىزدە 319 چوڭ-كىچىك كارخانا بولۇپ، ھازىر بار بولغان كارخانىلارنىڭ ئاكتىپ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلسا ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۆۋەتتە، بىز ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ئاپپاراتى قۇرۇشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ۋىلايەت، ۋىلايەت خاراكتېرلىك ئېچىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇشى، ناھىيە (شەھەر) لەرمۇ مۇناسىپ ئاپپاراتلارنى قۇرۇشى لازىم. مەھسۇلات ئوبوروتى جەھەتتە، ئىلگىرىكىدەك يېپىق، يوللىرى ئاز، ھالقىلىرى كۆپ بولغان توپ تارقىتىش قۇرۇلمىسىنى ئوچۇق، كۆپ يوللۇق، ھالقىلىرى ئاز بولغان ئوبوروت تۈزۈلمىسىگە پەيدىن - پەي ئۆزگەرتىپ، ۋىلايەت بويىچە شەھەرنى مەركەز قىلغان، شەھەرلەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا راۋان بولغان ئوبوروت تورلىرىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نوقۇل ھالدا دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خام ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىشىگە تايىنىدىغان، مەھسۇلاتنى دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، سېتىشنى ھۆددە ئالىدىغان ئۆتلۈك، قاتمال ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى كارخانىلارنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تىپىدىكى كارخانىلارغا ئۆزگەرتىش - نۆۋەتتە كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە. كارخانىلار ئۈچۈن، بازار ئەھۋالى، خېرىدارلارنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشنى ئىگەللەشنى ئۆگىنىۋېلىپ، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغاندىلا ئاندىن يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايدۇ. مەسىلەن: سوپۇن زاۋۇتى ئىلگىرى سوپۇن ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلاتتى، لېكىن، ئائىلىلەردە كىر ئالغۇنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە جەمئىيەتتە پاكىزە بولۇشنى، چىرايلىق بولۇشنى تەكىتلەيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئەلا سۈپەتلىك سوپۇن پاراشوكىنى كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كەلدى. ھەر بىر كارخانا خېرىدارلارنىڭ تەلىپىگە، بازار ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى ئېلىپ بارالايدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يەنىمۇ ئۆستۈرەلەيدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، يېڭى سانائەت تۈرلىرىنى قۇرۇش كېرەك. سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا ھەر قايسىسىنىڭ موھىم نۇقتىسى بولۇش كېرەك. ۋىلايەت رادىئاتسىيە ئىقتىدارىغا ئىگە كۆمۈر، ئېلېكتىر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى ياكى بىلىم، تېخنىكا كۆپ جۇغلانغان سانائەتنى نۇقتىلىق قۇرۇشى كېرەك. ناھىيىلەر بىر تۈركۈم غوللۇق سانائەت ۋە نۆۋەتتە خەلق تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان يېمەك - ئىچمەك، يەل - يېمىش، قوغۇن - تاۋۇزغا ئىش قوشۇش، كىيىم - كېچەك، كۈندىلىك بويۇملار، بىناكارلىق بويۇملىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتى ھەم كان ئىشلىرىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. يېزا - بازار سانائىتىدە دېخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا ئىش قوشۇش سانائىتى، يەم - خەشەك ئىش قوشۇش سانائىتى ھەم ئۇششاق تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇشى ھەم راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا تېخىمۇ كەڭ ساھە ئېچىشى لازىم. سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا «دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسى تەڭ تۇتۇش قىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇلۇش باشلاشتىن بۇرۇن ئىمكانىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، خام ئەشيا، تېخنىكا، بازار، مەبلەغ، ئۈنۈم قاتارلىق تەرەپلەردىن دەلىللاپ، قۇرۇلۇش تەرتىۋى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. قارىغۇلارچە ئىش باشلاپ، ھە - ھۇ بىلەن ئىش كۆرۈپ، زاۋۇتلارنى تەكرار قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى ئىسراپ قىلىشقا، دۆلەتكە زىيان سېلىشقا بولمايدۇ. قىسقىسى ئاز مەبلەغ سېلىش، تېز ئۈنۈمىنى كۆرۈش، جۇغلانما كۆپ بولۇش دېگەن پىرىنسىپقا ئاساسەن، سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، كەڭ دائىرىلىك مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېپىق شەكىلدىكى ئىگىلىكنى ئوچۇق شەكىلدىكى ئىگىلىككە ئايلاندۇرۇپ، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، مالىيە مەنبەسىنى كەڭ ئېچىپ، باشقا جايلارنىڭ ۋىلايىتىمىزگە كېلىپ 2 - سانائەت، 3 - كەسىپنى يولغا قويۇشىغا ئىلھام بېرىپ ۋە ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قوغۇن - تاۋۇز، ھۆل يېمىش كۆپ بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىگە ئاساسەن، جايلار ئارقا - ئارقىدىن قوغۇن - تاۋۇز، ھۆل يېمىشكە ئىش قوشۇش كارخانىلىرىنى قۇرسا بولىدۇ. ۋاقىتىنچە كارخانا قۇرۇش ئىقتىدارى بولمىسا، چارە قىلىپ ئىچكى ئۆلكىلەر ياكى چەتئەل سودىگەرلىرى بىلەن خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، سېتىش توختىمى ئىمزالىسا بولىدۇ. مەبلەغ تولۇقلانغاندىن كېيىن، تېخنىكا، ئۈسكۈنە كىرگۈزۈپ ئاندىن ئۆزى قۇرۇش كېرەك. قاغىلىق نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇئەييەن ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. نېفىتلىكنى ئېچىشقا بىرلەشتۈرۈپ خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتى، ئازوتنى سۇيۇقلاندۇرۇش زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، بىر تەرەپتىن كۆپ خىل پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشى خاراكتېرلىك دەۋرىيلىكنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش كېرەك. يەنە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات قارا يىلىم، ئاپتۇ-

چىلاپچا، ئەتلەس، كىرىپتەشمىن ۋە نەققاش قويۇلغان- مىللى چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 3 - كەسىپ جۈملىدىن توپ تارقىتىش بىلەن پارچە سېتىش سودىسى، ساقلاش، يېمەك - ئىچمەك، ساياھەت، تىرانسپورت، پۇل مۇئامىلە، خەۋپسىزلەندۈرۈش، مەسلىھەت بېرىش، تېخنىكا مۇلازىمەت، تىببىي داۋالاش، ساقلىقنى-ساقلاش، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق تۈرلۈك مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم. تۈرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈرمۇشتا بولغان تەلىۋى بارغانسېرى ئۆسمەكتە. لېكىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مۇلازىمەت كەسپى كىشىلەرنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. بەزى مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ ئۆسكۈنىلىرى تولىمۇ ئاددىي، قالاق، شەرت - شارائىتى ناچار، ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس. ۋىلايىتىمىزنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت ۋە تۈرمۇشتا جىددىي ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى يۆتكەپ كەلگەن ۋە تەمىنلىگەندىن باشقا، يەنە ساياھەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنىنى قەتئى ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغانلا بولساقۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى ساھەلىرى ئىنتايىن كەڭ. ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، ئەستايىدىل ئىسلاھ قىلىپ، ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)، كەنت، ئائىلىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچىدىغان كۈنلەر يېتىپ كېلەي دەپ قالدى.

**[شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى]**

1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەھەر سودا - سانائەت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ قىلىندى. گوۋۇيۈەننىڭ«دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بەزى باشقۇرۇش تارماقلىرى پىلان، مەھسۇلاتلارنى سېتىش، مەھسۇلاتنىڭ باھاسى، ماددىي ئەشيالارنى تاللاپ سېتىۋېلىش، كادىرلار ۋە ئىشچىلارنى باشقۇرۇش، مالىيە پۇل مۇئامىلە قاتارلىق جەھەتلەردە دەسلەپكى قەدەمدە ھوقۇقىنى كارخانىلارغا بېرىپ، بوغۇچىنى يېشىۋېتىپ كارخانىلارنى ھاياتى كۈچقا ئىگە قىلىشقا باشلىدى. ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىكى دەسلەپكى ئىسلاھات ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتە كۆرۈلىدۇ:

تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتە، كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، قىلغان ئىشىنى ھېساپلاپ ھەق بېرىش، تۇراقسىز مۇئاش، ئىش ئورنىسى ياردەم پۇلى ۋە مەھسۇلات (سېتىش)قا بىرلەشتۈرۈپ ھەق بېرىش قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى تەقسىمات تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نەتىجىسىنى بىۋاستە چېتىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. ۋىلايەتلىك بىرىنچى تىرانسپورت شىركىتى تۇراقسىز مۇئاشنى يولغا قويۇپ 1984 - يىلى 1 مىليون 202.000 يۈەن پايدا ئېلىپ، 1983 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا بىر-

دىن كۆپرەك قاتلاندى؛ ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇدى قىلغان ئىشنى ھېساپلاپ ھەق بېرىشنى يولغا قويۇپ 1984 - يىلى 650 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىپ، 1983 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا پايدىنى 2.6 ھەسسە ئاشۇردى؛ يېڭىسار كۆمۈركان مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق بېرىشنى يولغا قويۇپ 1984 - يىلى زىياننى تۈگىتىپ 173 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. مۇكاپاتنى تەقسىم قىلىشتا، نۇرغۇن كارخانىلار پايدا بىلەن مۇكاپاتنى چېتىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، مۇكاپات پەرقىنى چوڭايتىپ، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تۈگەتتى. بۇ ئىشچىلارنى مۇكاپاتلاش، ھورۇنلارنى جازالاش رولىنى ئوينىدى.

باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتە، قەشقەرنىڭ مەركىزىي شەھەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ۋىلايەت «1 - ئاۋغۇست» تىراكتور رېمونت زاۋۇدى، سوپۇن زاۋۇدى، تېرە زاۋۇدى، چىنە زاۋۇدى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇدى، ئۇلاغ تىرانسپورت شىركىتى قاتارلىق 6 كارخانىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. كارخانىلار تۈرلۈك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇدى يولغا قويغان مۇئاشنى قوشۇپ ھۆددە بېرىش چارىسىنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولدى، ئۆتكەن يىلى ئالغان پايدىسى ئۇلۇشۇن يىلى ئالغان پايدىسىدىن 81% ئاشتى. قەشقەر شەھەرلىك باسما زاۋۇدى، پوسكام ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كاللونى، يەكەن ناھىيىلىك ئىستېمال شىركىتىنىڭ بىرىنچى ئاشخانىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك تەن، تاماكۇ، ھاراق شىركىتىنىڭ يىمەكلىكلەر زاۋۇدى ۋە قاغىلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يىمەكلىكلەر زاۋۇدى قاتارلىق ئورۇنلار شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن كارخانىلارغا جان كىرىپ روھلۇق بولۇپ قالدى.

ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت جەھەتتە، نۇرغۇن كارخانىلار بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۆپەيتتى. مەھسۇلاتنى سېتىپ بېرىشنى ھۆددە ئېلىشتەك تىجارەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، پىلان ئىچىدە، نىسبەت بويىچە ئۆزىگە قالدۇرۇلغان مەھسۇلات، پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات، سودا تارماقلىرى سېتىۋالمىغان مەھسۇلات ۋە ئامباردا بېسىلىپ قالغان مەھسۇلاتنى ئۆزى ساتتى. قەشقەر (سوپۇن زاۋۇدى ئۆتكەن يىلى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزى سېتىشقا تايىنىپ ياراتتى؛ قەشقەر تېرە زاۋۇدى ۋە داكا توقۇش كارخانىسىنىڭ ئۆزى ساتقان مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 80% ۋە 50% تىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

ئوبوروت ساھەسىدە تۈپ تارقىتىش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش باشلاندى. ۋىلايەت ئىككىنچى دەرىجىلىك پونكىت بىلەن ئىككىنچى دەرىجىلىك يېرىم تۈپ تارقىتىش پونكىتلىرىنى بىرلەشتۈرۈۋېتىش بىلەن بىللە، 5 كەسپىي شىركەتنى شەھەرنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ھالقىلارنى ئازايتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بەزى كىچىك تىپتىكى سودا ۋە مۇلازىمەت كەسپىدە كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە ھۆددە بېرىش يولغا قويۇلدى.

كادىرلار تۈزۈمى جەھەتتە، ۋىلايەتلىك پارتكوم كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بەردى، ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋىلايەتلىك پارتكوم باشقۇرىدىغان،

باشقا كادىرلارنى باشقۇرغۇچى تارماقلار ياكى زاۋۇت باشلىقلىرى، جىڭلىلار باشقۇرىدىغان بولدى. كارخانىلار كارخانا ئىچىدىكى ئاپپاراتلارنى ئۆزى تەسىس قىلىشقا هوقۇقلۇق بولدى. بەزى كارخانىلار دېموكراتىك ئاساستا سايلاش، ئاشكارە تەكلىپ قىلىش، شەخسلەر ھۆددە ئېلىش قاتارلىق كۆپخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بەزى كارخانىلار ئىمتىھان ئېلىش چارىسىنى قوللىنىپ ئىشچى قوبۇل قىلىشتا ياخشىلارنى تاللاپ قوبۇل قىلادىغان ھەم توختامىلىق ئىشچى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. كارخانىلاردا «پارتكوم كوللىكتىپ رەھبەرلىك قىلىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر دېموكراتىك باشقۇرۇش، زاۋۇت باشلىقلىرى مەمۇرىي قوماندانلىق قىلىش» تىن ئىبارەت رەھبەرلىك تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئازساندىكى كارخانىلاردا «زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى» سىناق قىلىنىپ، ئىلگىرىكى رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى پەيدا قىلغان كارخانىلاردا مەسئۇل بولىدىغان ئادەم بولماسلىق، ئەمەلىيەتتە مەسئۇل بولۇشقا ئامالسىز قېلىشتەك نۇقسانلار تۈگىتىلىپ، پارتكوم مەمۇرىيەت، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ كارخانىلارغا بولغان رەھبەرلىك قىلىش، قوماندانلىق قىلىش ۋە نازارەت قىلىش رولى كۈچەيتىلدى. (خۇاڭ تەنرۇڭ)

**[كۆمۈر سانائىتى]** ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەشقەرنىڭ كۆمۈر سانائىتى بوش كېتەكچە ئىدى. دۆلەتنىڭ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت كۆمۈر زاپىسىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆمۈر سانائىتىنى بەرپا قىلىش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلدى. 1954 - يىلى يەكەن كۆمۈر كېنى قۇرۇلدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن 1964 - يىلىدىن كېيىن، يەنە پوسكام، يېڭىسار، يوپۇرغا، مەكىت، قاغىلىق، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆمۈر كانلىرى ۋە ۋىلايەتلىك كۆمۈر كان قۇرۇلۇپ كۆمۈر مەھسۇلاتى تېزدىن ئاشتى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كۆمۈر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون 5 مىليون 700 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ نۇقتىلىق ھالدا ۋىلايەتلىك كۆمۈر كانىنىڭ 3 - نومۇرلۇق تىز قۇدۇغىغا ئىشلىدى. 5 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ قۇدۇق پۈتتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، يېڭىدىن ئاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 90 مىڭ توننا بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق كۆمۈر بازىسى بولۇپ قالدى.

1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى كۆمۈر كانلار ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، كارخانىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىلەشتۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 293 مىڭ تونناغا يېتىپ، پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى 27% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. 1983 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 18% ئاشتى. 1955 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 33 ھەسسە ئېشىپ تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يارىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە ھەر بىر ئادەمگە توغرا كەلگەن كۆمۈرنىڭ مىقدارى 1955 - يىلىدىكى 5.3 كىلودىن كۆپىيىپ 1984 - يىلىغا كەلگەندە 110 كى-


لىدىن ئېشىپ كەتتى. قەشقەر ۋىلايىتىدە كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇشتەك پاسسىپ ۋەزىيەت پەيدىن - پەي ئۆزگەرمەكتە.

30 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ۋە تىرىشچانلىق ئارقىلىق قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارنىڭ بولۇپ جەمئىي 14 كۆمۈركان، 2000 دىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىگە ئىگە كۆمۈرچىلىك قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈشىچە، 36 مىليون توننىدىن كۆپرەك كۆمۈر زاپىسىنىڭ بارلىقى ئېنىقلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كۆمۈر سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كەڭ ئىستىقبالى نامايەن بولدى. (خۇاڭ تەنرۇڭ)

**[ئېلېكتىر سانائىتى]** بۈگۈنكى دۇنيادا «گۈزەللەرنىڭ گۆھىرى» دەپ ئاتالغان ئېلېكتىر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۆتكەنكى 30 نەچچە يىل داۋامىدا، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە بارلىققا كەلگەن تەرەققىيات ۋەزىيىتى كىشىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدۇ.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېلېكتىر سانائىتىدە ھېچنېمە يوق ئىدى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ شەھەر، يېزىلىرى شام ياكى جىن چىراق يېقىش دەۋرىدە تۇراتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئېلېكتىر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1959 - يىلى ۋە 1966 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر 3-بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە قەشقەر ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ توك بېرىش مىقدارى 31 مىليون 60 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى. ۋىلايىتىمىزنىڭ مول سۇ مەنبەسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئېلېكتىر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا 1980 - يىلى ماشىنا سىغىمچانلىقى 19500 كىلوۋات كېلىدىغان تەشقەر بىرىنچى بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ دەسلەپكى قەدەمدە ئېلېكتىر تورى ھاسىل بولدى: قۇراشتۇرۇلغان ماشىنا سىغىمچانلىقى 31500 كىلوۋاتقا يەتتى. 110000 ۋولتلۇق بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتىدىن بىرسى بولۇپ، بۇنىڭ سىغىمچانلىقى 40 مىليون ۋولت ئامپېر؛ 35000 ۋولتلۇق بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتىدىن 5 ى بولۇپ، بۇنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 24 مىليون 700 مىڭ ۋولت ئامپېر؛ 110000 ۋولتلۇق 45 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر توك ئۇزۇتۇش بېسىم يولى بار؛ 35000 ۋولتلۇق بېسىم يولىدىن 8 ى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 175 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ 1984 - يىلى توك تارقىتىش مىقدارى 70 مىليون 180 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپ ساندىكى ناھىيىلەرنىڭ سۇ ئېلېكتىر ئىشلىرىمۇ تېز تەرەققىي قىل-

دى. يەكەن، پوسكام، قاغىلىقتىن ئىبارەت 3 ناھىيە 35000 ۋولتلىق توك بېسىمىدا ئىگە 3 مۇستەقىل ئېلېكتىر تورىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇلاردا 35000 ۋولتلىق بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتىدىن 4 ى بولۇپ، ئومۇمى سىغىمچانلىقى 15 مىليون 650 مىڭ ۋولت - ئامپېر؛ 35000 ۋولتلىق بېسىم يولىدىن 4 ى بولۇپ، ئۇزۇنلىقى 100 كىلومېتىر. باشقا ناھىيىلەرمۇ مۇۋەييەن كۆلەمدىكى ئېلېكتىر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەت بويىچە بار بولغان چوڭ - كىچىك ئېلېكتىر ئىستانسىسى جەمئىي 138، ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئومۇمى ماشىنا سىغىمچانلىقى 54618 كىلوۋات بولۇپ، 1959 - يىلدىكىدىن 7.6 ھەسسە ئاشتى. مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 95 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ 1959 - يىلدىكىدىن 8.5 ھەسسە ئېشىپ، بىر قەدەر پۇختا ماددىي، تېخنىكا ئاساسى يارىتىلدى. ناھىيە بازارلىرىنىڭ ھەممىسىدە توك بىلەن تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېزىلاردا 58.2% كەنت توك ئىشلىتىدىغان بولدى. ئېلېكتىر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋىلايىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.



قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي ترانسفورماتور ئىستانسىسى

گۈلەنىملىق فوتوسى

1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتىر سېپىدە كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش، كارخانىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىدىكى ئىسلاھ قىلىش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئېلېكتىر تورلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ياخشى يولغا قويۇلۇپ ئېلېكتىر ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. يىلبويى يېڭىدىن قۇرۇلغان كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى 9 بولۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماشىنا سىغىمچانلىقى 306 كىلوۋات؛ ۋىلايەت بويىچە يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 115 مىليون 356000 كىلوۋاتقا يېتىپ 1983 - يىلدىكىدىن 18.5% ئاشتى؛ 1955 - يىلدىكىدىن 822 ھەسسە ئاشتى. ھازىر يېرىم كۈن تارقىتىلغان توكنىڭ مىقدارى 1955 - يىلدىكى يىللىق توك تارقىتىش مىقدارىغا تەڭ كېلىدۇ. ( خۇاڭ تەنروڭ )

**[ سېمونت سانائىتى ]** دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سېمونت سانائىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە سېمونت ئومۇمى مەھسۇلاتى 61 مىڭ 343 توننىغا يېتىپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى 13.6% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. 1983 - يىلدىكىدىن 17.5 % ئېشىپ تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى.



قەشقەر ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇدىنىڭ ئىشچى – خىزمەتچىلىرى خام ئەشيا توشۇش ئالدىدا

لى جۈنماڭ فوتوسى

ۋىلايىتىمىز بويىچە تۇنجى سېمونت زاۋۇدى — ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇدى 1961 – يىلى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە يىللىق مەھسۇلاتى ئاران 2 مىڭ توننىدىن كۆپرەك بولۇپ، سانى ئاز بولۇپلا قالماستىن، سۈپىتىمۇ ناچار ئىدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش، 4 لەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن 1964 – يىلدىن 1984 – يىلغىچە بولغان 20 يىل داۋامىدا دۆلەت جەمئىي 15 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىنى ئۆزگەرتتى ھەم كىچىك تىپتىكى سېمونت سانائىتىنى بەرپا قىلدى. بەزى ناھىيە ( شەھەر ) لەر ئارقا – ئارقىدىن كىچىك تىپتىكى سېمونت زاۋۇتلىرىنى قۇردى. سېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى يېڭىدىن – يېڭى مۇۋاپىقلاشتى.

1984 – يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇدى ۋە قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىدە 7 سېمونت زاۋۇدى بارلىققا كەلدى. ھەر بىر زاۋۇت مۇئەييەن تېخنىكا ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە بولدى. سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 90 مىڭ توننىغا يەتتى، سېمونتنىڭ زاۋۇتتىن چىقىشتىكى ئوتتۇرىچە نومۇرى 325 تىن يۇقىرى بولدى. ۋىلايىتىمىز بويىچە سېمونتتا تايانچ كارخانا بولغان ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىدا 1984 – يىلى سېمونت مەھسۇلاتى 42 مىڭ 7 توننىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.4% ئېشىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت ياراتتى. ۋىلايەت بويىچە ھەر بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرا كەلگەن سېمونت 23 كىلو، بۇ 1961 – يىلدىكىنىڭ 14 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ( خۇاڭ تەنرۇڭ )

**[ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتى ]** ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىدىن پەقەت قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىلا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، تېخنىكىسى قالاق بولۇپ، پەقەت ئاددىي دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىنىلا ئىشلەپچىقىرالايتتى ۋە رېمونت قىلالايتتى. يەنە تۆمۈردىن ياسىلىدىغان بەزى سايمانلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قول سانائىتى بار ئىدى. 1955 – يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئاران 450 مىڭ يۈەن ئىدى. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا ئىش قوشۇش كەسپىي يىلسايىن راۋاجلىنىپ، 12 ناھىيە ( شەھەر ) دە ئارقا – ئارقىدىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، يا-

ساش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى كۆلـ
سايىن مۇۋاپىقلاشتى. 1978 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىمـ
مىتى 3 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان سېلىركا ماتورى
2 مىڭدىن كۆپ. قەشقەر سوقىسى 12 مىڭ، يېرىم ماشىنىلاشقان يېزا ئىگىلىك سايمانلىرـ
ىنىڭ سەپلىنىدىغان زاپچاسلىرى 88 مىڭ دانىگە يەتكەن ئىدى. كېيىن خەلق ئىگىلىكى ئوـ
مۇمىيۈزلۈك تەڭشەلگەنلىكتىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
ۋەزىيىتى ئازىيىپ كېتىپ، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا دۇچ كەلدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىـ
لىك ماشىنىلىرى سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى تۆۋەنلەپ 1981 - يىلى 2 مىليون
700 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. كارخانا 480 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. لېكىن، 1982 -
يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە
ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىـ
لىرى پائال تۈردە لايىقلىشىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ ئاخىرى ئوڭۇشسىز شارائىت ئىچىـ
دىن دەس تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى يىلمۇ - يىل ئەسلىگە كەلتۈردى، كارخانىلار قىيىن شاـ
رائىتتىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى.

1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېستىمىسى دادىل ئىسلاھ قىلىنىپ، ئىلگىرىـ
كى «ئىشلەپچىقىرىشتا پىلانغا تايىنىدىغان، ماتېرىيالدا تەقسىماتقا تايىنىدىغان، مەھسۇـ
لاتتا ھۆددە قىلىپ سېتىپ بېرىشكە تايىنىدىغان» تىجارەت ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، پىلانـ
لىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش فاڭجېنى يولغا قويۇلـ
دى. كارخانىلار بازار تەكشۈرۈش ۋە ئالدىن مۆلچەرلەشنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش
يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، مۇلازىمەت ساھەسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ كوللېكتىپقا يۈزـ
لىنىشتىن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرگە يۈزلىنىشكە ئۆتتى؛ ئىلگىرى ئاساسى جەھەتـ
تىن يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن يېنىك سانائەت، سودا، ئاساسى قۇرۇلۇش،
قاتناش قاتارلىق ساھەلەرگە خىزمەت قىلىشقا كېڭەيدى؛ زور تۈركۈمدىكى باھاسى ئەرزان،
كۆركەم، بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. شۇ ئارقىلىق يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىدە ناھايىتى تېزلىكتە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئىقـ
تىسادىي ئۈنۈمى روشەن ئۆستى، كارخانىلار ھاياتى كۈچكە ئىگە بولدى. 1984 - يىلى يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە
يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 5.8% ئاشتى. مالىيە كۆرسەتكۈچىدە ئالدىنقى يىلى 57 مىڭ
يۈەن زىيان تارتقان ئەھۋال ئۆزگۈرۈپ 287 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. قەشقەر يېزا ئىگىـ
لىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان كۆزنى مەھسۇلات كىچىك تىراكتور سىرتقى جايـ
لاردا سېتىلىپ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ، ئۇدا 17 يىل زىيان تارتقان ۋەزىيەتنى
ئۆزگەرتىپ 100 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» تىراكتور رېمونت
زاۋۇتى 1983 - يىلى 18 يىل زىيان تارتتى دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلاپ 10 مىڭ يۈەنـ
دىن كۆپرەك پايدا ئالغان ئاساستا، 1984 - يىلى يەنە 61 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

ھازىر ۋىلايەت بويىچە 14 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىسى بولۇپ، نوقۇل ھالـ
دا رېمونت قىلىش، قوراشتۇرۇشتىن ئۆزى ياساشقا، تەقلىد قىلىپ ئىشلەشتىن ئۆزى لايىھـ

يىلىشكە تەرەققى قىلىپ 100 خىلغا يېقىن تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچى-قىرالايدىغان بولدى. 1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەھ-سۇلات مىقدارى: يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ماشىنىلىرى 215 دانە، 10 قۇرلۇق سېيالكا 501 دانە، 5 قۇرلۇق سېيالكا 500 دانە، ئورۇش ماشىنىسى 50 دانە، يېرىم ماشىنىلاشقان يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى 3095، تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك تىپتىكى دېھقان-چىلىق سايمانلىرى 210 مىڭ دانە. ( خۇالق تەنرولق )


**[ يېمەكلىكلەر سانائىتى ]** قەشقەر ۋىلايىتىدە تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا جەمئىي 12 يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى بار بولۇپ، قەن - تاماكۇ - هاراق شىركىتىلىرىگە قارايدىغانلىرى 9 ( قەشقەر شەھەرلىك مۇسۇلمانلار يېمەكلىكلىرىنى پىششىق-لاپ ئىشلەش زاۋۇتى ۋە كونىشەھەر، پەيزىئاۋات ناھىيىلىك يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىش-لەش زاۋۇتلىرى سودا ئىدارىسىنىڭ يېمەكلىكلەر شىركىتىگە بىۋاسىتە قارايدۇ ). يىل ئاخىرىدا 9 زاۋۇتتا ئەمەلىيەتتە بار بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى 376 كىشى، يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 327.700 يۈەن. يېمەكلىكلەرنى سې-تىپ قىلغان كىرىمى 2 مىليون 960 مىڭ يۈەن، ئاشقان پايدىسى 45.800 يۈەن، ئورۇنلانغان هەر خىل كۆرسەتكۈچلەر ئاساسىي جەھەتتىن 1983 - يىلدىكىگە تەڭلەشتى.

قەشقەر ۋىلايىتىدە سودا باشقۇرغان يېمەكلىكلەر سانائىتىنىڭ 1984 - يىلدىكى ئومۇمىي ئەھۋالى

| زاۋۇت ئىسمى | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يېمەكلىكلەرنى سېتىشتىن قىلغان كىرىم | باج | پايدا + ، - |
|---|---|---|---|---|
| شەھەرلىك قىزىل بايراق يېمەكلىكلەر زاۋۇتى | 603.162.- | 712.863 - | 34.212.- | - 8985.- |
| يېڭىشەھەر ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر زاۋۇتى | 229.808 | 216.340 | 7.829 | + 12.234 |
| مارالبېشى ″ ″ | 136.415 | 147.252 | 92.66 | - 1.387 |
| يەكەن ″ ″ | 669.381 | 1139.823 | 14.490 | + 22.501 |
| قاغىلىق ″ ″ | 205.659 | 203.403 | 9.101 | + 22.751 |
| پوسكام ″ ″ | 152.623 | 182.124 | 8.506 | + 5.146 |
| مەكىت ″ ″ | 147.943 | 161.475 | 10.180 | - 11.399 |
| يېڭىسار ″ ″ | 97.565 | 109.899 | 5.074 | + 6.144 |
| يوپۇرغا ″ ″ | 85.117 | 86.654 | 3.970 | - 1.197 |
| جەمئىي | 2.327.673 | 2.959.833 | 102.628 | + 45.808 |

ئىزاھات: ھەر قايسى زاۋۇتلاردا جەمئىي 376 ئىشچى - خىزمەتچى بار، پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان ئىش-چى - خىزمەتچىلەر 100، جەمئىي 476 كىشى.

[2 - يېنىك سانائەت] ئازاتلىقتىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايىتىدە 2 - يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىرەر زاۋۇت يوق ئىدى. ئازاتلىقتىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، 2 - يېنىك سانائەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە 2 - يېنىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 601.300 يۈەن ئورۇنلىنىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 18% ئاشتى، پايدىسى 663 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يۇقۇرىغا 828 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. مىللىي كىيىم - كېچەك، ياغاچتىن ياسالغان ئۆي - جاھازلىرى، پولاتتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، دوپپا، مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى، زىننەت بويۇملىرى، مىخ، تۆنىكىدىن ياسالغان بويۇملار، پىچاق، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يالتىراق قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئۆتكەنكى ھەر قانداق يىلدىكىدىن بىر قەدەر زور ھەجىمدە ئاشتى.



قەشقەرلىق مۇقەررەر سەنئەت بويۇملىرى.
مەھەممەتئىمىن مەمەت فوتوسى.

ناھىيە (شەھەر) لىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىلىرى ئۆزى مەبلەغ جۇغلاش، يۇقۇرى مەبلەغ سېلىش، بانكا قەرز بېرىش قاتارلىق چارىلارنى قوللىنىپ، بىر تۈركۈم يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنى كۆپەيتتى، بىر قىسىم زاۋۇت بىنالىرىنى ئۆزگەرتتى، يېڭىدىن بىر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئاشۇردى. بازىرى ئىتتىك بىر قىسىم مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلىپ چىقىرىلىپ پەسەيدى. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلاتلار ۋە گۈزەل ھۈنەر - سەنئەت بويۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلار 25 خىلغا يەتتى، دەسلەپكى قەدەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر تۈركۈم تايانچ كارخانىلار قۇرۇلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت، كوپېراتىپلار 60 قا يەتتى، مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مەھسۇلات سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، بەزى داڭلىق مەھسۇلاتلار ئەسلىگە كەلدى، يەنە بەزى يېڭى تۈرلەرمۇ قوشۇلدى. قەشقەر شەھەرلىك گۈزەل ھۈنەر - سەنئەت بويۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان پار - پۇر بويۇملار، دوپپا، راۋاپ ۋە باشقا چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئۇدا ئىككى يىل دۆلەتلىك يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

1984 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى 2 - يېنىك سانائەت كارخانىلىرى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە قاراتقان فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يۆنىلىشى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلـ


مىسىنى يەنىمۇ تەڭشەپ، بازار ئېھتىياجى بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا دىق-
قەت قىلىپ، ئىلگىرىكىدەك بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا مەھسۇلات قىممىتى، مەھسۇلات مىقدا-
رىنى قوغلىشىپ، سۈپەتكە، مەھسۇلاتنىڭ تۈرىگە سەل قارايدىغان خاھىشلارنى ئۆزگەرتىپ
«مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭ ھاياتى، رەڭ تۈرلىرى ئۇنىڭ ئىستىقبالى» دىگەن شوئار-
نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن
بىر چاغدا، ناھىيە (شەھەر) لىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىلىرى كارخانىلارنى تەر-
تىپكە سېلىشنى تۇتتى، كارخانىلاردا ھەر خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈ-
مىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. زۆرۈر بولغان قائىدە - تۈزۈملەر تۇرغۇزۇلۇپ ۋە مۇ-
كەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشىلىنىپ، «چوڭ قازان تامىقى» نى يىمەي،
دۆلەت كۆپ ئېلىپ، كارخانا كۆپ قالدۇرۇپ، شەخسلەر كۆپ ئىگە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش-
نىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. قەشقەر شەھەرلىك ياغاچ ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى،
قاغىلىق ناھىيىلىك مېتال بويۇملار زاۋۇتى تەرتىپكە سېلىنىش ئارقىلىق، سانائەت ئومۇ-
مى مەھسۇلات قىممىتى ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 28% ۋە بىر
ھەسسە ئاشتى. ھازىر كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنى ئاساسى گەۋدە قىلغان 2 - يېنىك سانا-
ئەت قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى بىر مۇھىم سانائەت تارمىقى بولۇپ قالدى.
ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىلگىرىكى پۈتۈنلەي قول بىلەن مەشغۇلات قىلىشتىن پەيدىن - پەي
ماشىنىلاشقان، يېرىم ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشقا تەرەققى قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك
سىجىللىقى يېنىكلىتىلىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۆستۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققى-
ياتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۆسۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1984 - يىلى 2 - يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش داۋامىدا ساقلانغان
ئاساسى مەسىلىلەر: بىرىنچى، ھەر قايسى ناھىيىلەر 2 - يېنىك سانائەت ئاپپاراتلىرىنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى. ئايرىم ناھىيىلەر كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ مەبلەغ ۋە مال -
مۈلكىنى داۋاملىق تەڭشەپ ۋە يۆتكەپ ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزدى. ئىككىنچى،
ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار، پايدىنىڭ ئېشىشى تېز بولمىدى. ئۈچىنچى، بەزى كارخانىلار بازار
ئۆچۈرىنى ئىگەللىمەي، ئىشلەپچىقىرىشنى قارىغۇلارچە راۋاجلاندۇرۇپ، مەھسۇلاتنىڭ تۈر-
لىرى ۋە سۈپىتىگە سەل قارىدى. بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى كاسات، سۈپىتى نا-
چار، تەننەرقى يۇقۇرى، رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى ئاجىز، بىر قىسىم مەھسۇلاتلار بېسىلىپ
قالدى. (لى بېخۇي)

**[مىللى قول ھۈنەر - سەنئەت بويۇملىرى]** قەشقەرنىڭ مىللى قول ھۈنەر-
سەنئەت بويۇملىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. 30 نەچچە تۈرلۈك مەھسۇلات 500 نەچچە خىل رەڭدە
قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللى ئۇسلۇپتا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇلار تىيانشاننىڭ
جەنۇبى ۋە شىمالىدا شۆھرەت تېپىپلا قالماستىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىمۇ نام چى-
قارغان. بۇلار ئاساسەن:

دوپپا: قەشقەر دوپپىسى شىنجاڭدىكى ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ دوپپىسى ئىچىدە سانى، سۈپىتى، رەڭگا - رەڭلىكى جەھەتتە 1 - ئو-

رۇندا تۇرىدۇ. قەشقەر دوپپىسىنى تىكىشتە ماتېرىيالنى ئالاھىدە تاللايدۇ، كۆكمۈل قويۇپ تىكىدۇ، ئەنئەنىۋى كەشتىلەش، گۈل چېكەش، ئاق، سېرىق كالىۋوتۇن يىپلاردا مەرۋايىت قاتارلىقلارنى قوندۇرۇش ھۈنەر-سەنئىتى قوللىنىلىدۇ. تىكىلگەن دوپپىلار چىرايلىق رەڭگا-رەڭ بولۇپ، ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. رەئىس ماۋزېدۇڭ، رەئىس ليۇشاۋچى قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى خەلقلەرنىڭ قەدىرلەپ سوۋغا قىلغان دوپپىسىنى خۇشال-خۇراملىق بىلەن قوبۇل قىلغان ئىدى.



قەشقەر شەھەرلىك ھۈنەر-سەنئەتلىك نەپىس بويۇملار كارخانىسى ئىشلەپچىقارغان چىمەن دوپپا 1983-يىلى دۆلەت ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇنەۋۋەر يېڭى مەھسۇلاتلار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سۈرەتتە: چىمەن دوپپا ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇكاپات مېدالى.
جېن شيۇ فوتوسى

1983-يىلى 10-ئايدا بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ساياھەت خاتىرە بويۇملىرىنى سېلىشتۇرۇپ-باھالاش يىغىنىدا، قەشقەرنىڭ «چىمەن دوپپىسى» مۇنەۋۋەر مەھسۇلات بولۇپ باھالىنىپ، يېزىلىك سانائەت مىنىستىرلىكى بىلەن مەملىكەتلىك ساياھەت باش ئىدارىسىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

چالغۇ ئەسۋابلىرى: ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئۇزۇن يىللىق ئەمگەك ۋە تۇرمۇشتا قارامتۇل، كۆركەم، ھەر خىل مىللىي مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، دۇتتار، راۋاپ، تەمبۇر، خۇشتار، داپ، ساپايى، ساتار، قالۇن قاتارلىق ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى بار. بۇ مۇزىكىلارغا تۆگە سۆڭىكى، قوتاز سۆڭىكىدىن گۈرۈچ چوڭلۇقىدا ئاق ئارىسىغا قارا قىستۇرۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈل نۇسخىلىرى نەقىش قىلىنغان. بۇنى ھەقىقەتەن نەپىس ھۈنەر-سەنئەت بويۇمى دەپ ئاتاشقا ئەرزىيدۇ. 1983-يىلى 10-ئايدا بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي ھۈنەر-سەنئەت بويۇملىرىنى باھالاش يىغىنىدا راۋاپ ئېسىل مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

پىچاق: ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىچىقى كۆپخىل ھۈنەر-سەنئەت بويۇملىرى ئىچىدە كىشىلەرنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭىسار پىچىقى ئالاھىدە داڭلىق، بۇ 400 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئۇ قېتىقسىنىپ، كۆكمۈل قويۇپ ياسالغانلىقتىن چىرايلىق، تىغى تەكشى، پاقىراپ تۇرىدۇ، ساپ قويۇچتىن ياسىلىدۇ. بىسى ناھايىتى ئۆتكۈر. پىچاق دەستىسى ھەر خىل، ھەر ياغزا بولۇپ، كۈمۈش، ياقۇت قويۇلىدۇ، غىلاپى يىپنىك، غىلاپقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن.

ساپال بويۇملار: ساپال بويۇملار ئاز سانلىق مىللەتلەر ياخشى كۆرىدىغان تۇرمۇش مۇلازىمەتلىكلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر قەدەر يۇقۇرى ئىستېتىك قىممىتىگە ئىگە بو-

يۇم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ساپال بويۇملارنىڭ شەكلى ئالاھىدە، گۈللىرى ھەر خىل بولىدۇ. بېسىش، ئويۇش، چاپلاش، سىزىش ئارقىلىق گۈل چىقىرىلىدۇ، تەبىئىي، ئازادە، پاقىراق بولۇپ ئاددەمنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرىدۇ. يېڭى زېلاندىيەلىك دوست ئەرباپ لۇئى ئەلى قەشقەر شەھەرلىك ساپال بويۇملىرى كارخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: "بۇ خەلق ئارىسىدىكى كىچىك گۈزەل سەنئەت مەركىزى ئىكەن. بۇ مەرۋايىت ئۇزاق ۋاقىت ساقلاپ قېلىشقا ئەرزىيدۇ". 1983-يىلى 10-ئايدا مەملىكەتلىك ساياھەت خاتىرە بويۇملىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش يىغىنىدا، قەشقەرنىڭ ھۈنەر-سەنئەت بويۇمى بولغان، نەپىس ئىشلەنگەن ساپال بويۇم ئېسىل مەھسۇلات بولۇپ شۆھرەت تاپتى.

سېلىنچا: گىلەم — قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئېكسپورت مىقدارى ئەڭ كۆپ مەھسۇلات. ئۇنىڭ گۈلى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، «شەرق گىلىمى» دېگەن نامى بار. بۇ خىلدىكى گىلەمنىڭ گۈللىرى سىمېترىك، رەتلىك، لېكىن قاتمال ئەمەس، كۆپ، لېكىن قالايمىقان ئەمەس، ئالىي سۈپەتلىك قوي يۇڭى بىلەن پاختا يىپتا توقۇلىدۇ. چىدامىلىق بولىدۇ. ھەشەمەتلىك تۈس بېرىدۇ. شىرداق — ئاز سانلىق مىللەتلەر سوۋغا سالىدىغان نەرسە، سوغۇقتىن ساقلىنىش، ئۆينى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پالاس — پاختا يىپتا قول بىلەن توقۇلىدىغان، ھەر خىل يول چىقىرىلغان، رەڭگارەڭ نەپىس توقۇلمىدۇر. ئۇنىڭ رەڭگى ئوچۇق بولىدۇ. پالاس يۇڭ پالاس، يىپ پالاس دەپ 2 گە ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى تاللانغانلىقى، كۆڭۈل قويۇپ توقۇلغانلىقى ئۈچۈن پۇختا، چىدامىلىق بولىدۇ.

زىننەت بويۇملىرى: قەدىمدىن تارتىپ كۇئېنلۇن تېغىدىن چىرايلىق قاشتېشى چىقىدۇ، تيانشان، ئالتاي، كۇئېنلۇن تاغلىرىدا 70 خىلدىن كۆپرەك ياقۇت چىقىدۇ، بۇلار زىننەت بويۇملىرىنى ياسايدىغان ئەڭ ياخشى ماتېرىيال. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زىننەت بويۇملىرى تاقايدىغان ئادىتى بار. بۇ بىرىنچىدىن، گۈزەللىك ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن پۇلنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچىنچىدىن، مۇھەببەتلەشكەندە ياخشى كۆرگەنلىرى بەرگەن سوۋغا بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زىننەت بويۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. زىننەت بويۇملىرى ئىشلەش ئۈچۈن ھەر يىلى 10 نەچچە سەر ئالتۇن، بىر نەچچە مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ بېرىپ كەلدى. قەشقەردە ئىشلىنىدىغان زىننەت بويۇملىرى ئاساسەن: ئۈزۈك، بىلەيزۈك، بولاپكا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئالتۇندا ۋە ئالتۇن ھەل بېرىپ ياسىلىدۇ. جەمئىي نەچچە 10 خىل بولۇپ، ھەر يىلى 10 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ياسىلىدۇ.



ئاپتۇۋا — 1984-يىلى قەشقەر قول ئۈپ زاۋۇتى مىساق قەرەقسىدە ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يېڭى مەھسۇلات

جىن لىۋ فوتوسى

يەنە كەشتە، كىيىم - كېچەك، سەگەز، ياغاچ ئۆي جاھازلىرى، ئۆتەك، بەتىنگە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قول ھۈنەر - سەنئەت بويۇملىرىنىڭ مول ئالاھىدىلىكى بار، ئۇسلۇبى ھەرقايسىسىنىڭ باشقىچە. (ئىۋلىچىك)

**ئاز سانلىق مىللەتلەر بويۇملىرى، نەپىس سەنئەت بويۇملىرى ئىشلەيدىغان پىشقەدەم ھۈنەرۋەنلەر ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنى** 1984 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە قەشقەر سەمەن مېھمانخانىسىدا، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر بويۇملىرى، نەپىس - سەنئەت بويۇملىرى ئىشلەيدىغان پىشقەدەم ھۈنەرۋەنلەر ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا پىشقەدەم ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن جەمئىي 56 كىشى قاتناشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇستا ھۈنەرۋەن - كاسىپلار بولۇپ، بۇلار گىلەم، شىرداق، جۇۋا، تۇماق، كىيىم-كېچەك، مىللىي چالغۇ ئەسۋاپ، دوپپا، كەشتە - زەردىيە، يەرلىك پار - بۇر، پىچاق، ئەتلەس توقۇش ۋە ئۇنىڭغا گۈل چىقىرىش، بوياش، ياغاچ ئۆي جاھازلىرى، مېتال بويۇملىرى، ئىگەر، ھارۋا-جابدۇق قاتارلىق كەسىپلەردىن تەركىب تاپقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭلىرى 85 ياشتا، ئەڭ كىچىكلىرى 22 ياشتا. يىغىنغا يەنە چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساشتا داڭقى چىققان ئەيساخان ئۇستام، داڭلىق پىنەدوز كۇلال - يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ھاشىم ئىمايىللار ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلدى.

1983 - يىلى مەملىكەتلىك نەپىس - سەنئەت بويۇملىرى ئىچىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن چىمەن دوپپىنىڭ تىككۈچىسى — قەشقەر شەھەرلىك نەپىس - سەنئەت كارخانىسىنىڭ داڭلىق دوپپىچىسى پاشائىمىن ھاجى، قەشقەر شەھەرلىك مىللىي بويۇملار كارخانىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان پىشقەدەم ئىشچىسى داۋۇت ئاخۇن ئۇستام يېتىشتۈرگەن داڭلىق ئىگەرچى ناسىرجانمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا 500 دانىدىن كۆپرەك سىلىق، چىرايلىق، قەدىمىي ياڭزىدا، مىللىي ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت بويۇملىرى ۋە نەپىس - سەنئەت بويۇملىرى كۆرگەزمە قىلىندى.


قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق يىغىنغا كېلىپ تەبرىك نۇتقى سۆزلەپ، كۆپچىلىكنى يەنىمۇ غەيرەت قىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر بويۇمى ۋە نەپىس - سەنئەت بويۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشنى تە-

رىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئامما ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن ھەمدە سەيلە-ساياھەت ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

ۋەكىللەر، يىغىندا مۇزاكىرە قىلىش، تېخنىكا، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ئېلىپ باردى. ھەمدە بۇندىن كېيىنكى ئۆمرىدە ئاكتىپ شاگىرت تەربىيلەپ، ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرنى ئېچىش ۋە قۇرۇش، قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. پېشقەدەم ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت بويۇملىرى، ھۈنەر-سەنئەت بويۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆرسەتكەن غايەت زور تۆھپىلىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن يىغىندا ھەر بىر ۋەكىلگە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 2-يېنىك سانائەت سېستىمىسى بويىچە پېشقەدەم ھۈنەرۋەنلەرنىڭ شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ۋە خاتىرە بويۇملىرى تارقىتىپ بېرىلدى. (لىيۇ لىنچىڭ)

[قەشقەر بوستانلىقىدىكى مەرۋايىت — قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق بوياقچىلىق زاۋۇدى] قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ كەڭ، ئازادە ئاسفالت يولىنى بويلاپ شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرىپىگە قاراپ 3 كىلومېتىر ماڭغاندا ھەممە جايىنى يېشىللىق قاپلىغان، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىنالاردىن ھاسىل بولغان زاۋۇت كۆزگە چېلىقىدۇ، مانا بۇ — ئۇيغۇر خەلقى قەشقەر بوستانلىقىدىكى مەرۋايىت دەپ تەرىپلىگەن قەشقەر پاختا رەخت بوياش زاۋۇدى. بۇ زاۋۇت 1958-يىلى قۇرۇلۇش باشلاپ 1960-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق بوياقچىلىق زاۋۇدىدا 30.400 يىك، 1.260 دەستىگاھ ماشىنىسى بار. بۇ پاختا رەخت توقۇش، بوياش بىرلەشمە كارخانىسىنىڭ بىر يىللىق پاختا يىپ مەھسۇلاتى 5.000 توننا، پاختا رەخت 35 مىليون مېتىر، يىلىغا گۈل بېسىلىدىغان، بويۇلىدىغان رەخت 26 مىليون 400 مىڭ مېتىر، ئىلما توقۇلما كىيىم 1 مىليون دانە. ھازىر 4201 ئىشچى - خىزمەتچى بار. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ، شىبە، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق 8 مىللەت بار. ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى زاۋۇت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 42.09% ىنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ زاۋۇت ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 461.600 كۇۋادىرات مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى- خىزمەتچىلەر تۇرمۇش رايونىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي كۆلىمى 218.100 كۇۋادىرات مېتىر، جامائەت پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 14.700 كۇۋادىرات مېتىر. ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، پەرزەنتلەر مەكتىپى، بالىلار يەسلىسى، مىللىي ئاشخانا، خەنزۇ ئاشخانا، قىرائەتخانا، ۋاكالىتەن كىتاب سېتىش دۇكىنى، زىيالىي ياشلار مۇلازىمەت دۇكىنى، كىنوخانا، سەتىراچخانا، مېھمانخانا، مۇنچا، ۋاسكىتبول مەيدانى، غالتەكلىك كونكا تېيىلىش مەيدانى قاتارلىق ئەسلىھەلەر بار.




قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق زاۋۇتىنىڭ بىر ئىشچى

مەھەممەت ھېيىت فوتوسى

زاۋۇت قۇرۇلغان 24 يىلدىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىلغان يىپ 322.591 توننا، يىپ رەخت 480 مىليون 920 مىڭ مېتىر، بويالغان رەخت 224 مىليون 50 مىڭ مېتىر، دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا، باج 91 مىليون 833 مىڭ يۈەن.

بۇ زاۋۇت يىللىق ئىشلەپچىقىرىشتا 122.600 دەن پاختا سەرپ قىلىدۇ. ئېلىن چىت، خادانى، شەبنەزە، كاجى، چېپەرقۇت ۋە ھەر خىل گۈللۈك رەخت، ئىلما - توقۇلما ئىچ كىيىم، ئىشتان، تىۋىتلىق كۆينەك، تىۋىتلىق ئىشتان، قاتارلىق مەھسۇلاتلار بار. بۇ زاۋۇتتا توقۇلغان ۋە بويالغان رەختلەر جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە گۇاڭجۇ، شاڭخەي، چاڭچۈ، دالىيەن، شىنياڭ، خاربىن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردە سېتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى، پاكىستان قاتارلىق خەلقارا بازارلاردىمۇ سېتىلىدۇ.



قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتى.

مەھەممەت ھېيىت فوتوسى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، بۇ زاۋۇت 1982- يىلى 11- ئايدىن باشلاپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزدە دەۋر قىلىنىپ، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، ئاساسلىقى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ئەمگەك ئىنتىزامى، مالىيە ئىنتىزامى، ئەمگەك تەشكىلى، رەھبەرلىك بەنزىدىن ئىبارەت 5 جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق (پىلان، ئىقتىسات، سۈپەت) باشقۇرۇش مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تۇراقلىق قائىدە - تۈزۈملەر تۇرغۇزۇلۇپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

1983- يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، باج، پايدا 6 مىليون 690 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. تەرتىپكە سېلىشتىن ئىلگىرىكى يىلەن سېلىشتۇرغاندا باج، پايدا 14.89% ئاشتى؛ پاختا يىپ مەھسۇلاتى 4.56% ئاشتى؛ پاختا رەخت مەھسۇلاتى 4.56% ئاشتى. 12 تۈرلۈك ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەممىسى خوتقا چۈشۈپ بىر قەدەر ياخشى سەۋىيىگە يەتتى. 1984- يىلى 4- ئايدا تەرتىپكە سېلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدىكى بازاردا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىلما توقۇ-

ما بويۇملىرى بىلەن تەمىنلەشتە، بازار ساتمىغان تەرەپنىڭ بولماسلىقىنى ئالدىغان تەرەپنىڭ بولۇپ قالدى، خەلق تەقۋالما بويۇملىرىنى تاللايدىغان، تەلەپنى بارغانسىرى يۇقىرى قويىدىغان بولدى، بازاردىكى رىقابەت كەسكىنلەشتى. مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەتتە ئىسلاھ قىلمىسا چىقىش يولى تاپقىلى بولمايتتى. بۇ ۋەزىيەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بۇ زاۋۇت 1984-يىلى 7-ئايدا زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ئورگان ۋە كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، زاۋۇت باشلىقى كابىنېت تەشكىللەپ 4 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىقىغا قويدى، 4 نەپەر ئوتتۇرا باشلىق ئىنژېنېرنى مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرلىققا كۆتەردى.

1984-يىلى 10-ئايدا تەشكىلىي ئاپپاراتلار ئىسلاھ قىلىنىپ، باش ئىنژېنېر ئىشخانىسى، باش ئىقتىسادچى ئىشخانىسى، باش بۇغالتېر ئىشخانىسى قۇرۇلدى. باش ئىنژېنېر ئىشخانىسى ئاستىدا 8 گۇرۇپپا قۇرۇلدى ھەمدە 13 ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى، ئىشخانا «6 بۆلۈم، 2 ئىشخانا» قىلىپ بىرلەشتۈرۈلدى، يەنە 10 ئىشلەپچىقىرىش سېخى 6 ئىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. زاۋۇت باشلىقى ئىش ئورنى مۇدىرلىرىنى ۋە بۆلۈم، ئىشخانا مەسئۇللىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتى. ھەر قايسى ئىش ئورنى ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدىنى ھۆددە ئېلىپ، مۇستەقىل ھېساب يۈرگۈزۈپ پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتىنى بەلگىلەپ تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، باشقا جەھەتلەردىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ باردى. تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق دۆلەت كۆرسەتكەن ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ئاستىدا، پاختا يىپ مەھسۇلاتى 4358.95 توننا ئورۇنلاندى، بىرىنچى سورت، بىرىنچى دەرىجىدىن يۇقىرى مەھسۇلات 99.48% گە يەتتى؛ پاختا رەخت 28 مىليون 908.000 مېتىر ئورۇنلىنىپ، ئامبارغا كىرىم قىلىنغان بىرىنچى سورتلۇق مەھسۇلات 94.75% كە يەتتى؛ بويالغان رەخت 15 مىليون 949.800 مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان گۈللۈك چىت 3 مىليون 14 مىڭ مېتىر بولۇپ، ئېكسپورتقا لاياقەتلىك دەرىجىسى 51.58% كە يەتتى. 1984-يىلى پاختا رەختنىڭ بازىرى كاسات بولغان، تۈرلۈك راسخوتلار ئېشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 4 مىليون 52 مىڭ يۈەن بولدى. (ياڭ جۇشىن)

**[كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش]** قەشقەر ۋىلايىتىدە كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى 1982-يىلى باشلانغان. مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، كارخانىلار پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا تەرتىپكە سېلىندى. ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە تەرتىپكە سېلىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان كارخانا 213 كە يېتىپ، تەرتىپكە سېلىش پىلانىدىكى ئومۇمىي كارخانا سانىنىڭ 67% تىنى ئىگىلەپ يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ۋەزىپە ئورۇنلاندى.

1984-يىلى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر، ھەر قايسى سىستېمىلار ئىقتىسادىي ئۈنۈم-

نى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ ئىسلاھات روھى بويىچە رەھبەرلىك بەنزە، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئاساسىي خىزمەتتىن ئىبارەت 3 ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ كارخانىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سالدى.

كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشتا رەھبەرلىك بەنزە ئالدىن تەرتىپكە سېلىندى. ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى كادىرلارنى «4لەشتۈرۈش» تەلىپى ۋە «چاققان» بولۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىندى، تەڭشەلدى ۋە تولۇقلاندى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ۋىلايەت بويىچە خامچوت ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ 90%ىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشىلىپ بولدى. بۇ بەنزىلەر 4 لەشتۈرۈش تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى. ئۆتكەن يىلى تەرتىپكە سېلىنىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان 61 سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، تەڭشەلگەندىن كېيىنكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى ئەسلىدىكى 48.4 دىن 41.2 گە چۈشتى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلارنىڭ سالمىقى ئەسلىدىكى 36.4% دىن 53.4% گە كۆتۈرۈلدى. كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغانلارنىڭ نىسبىتى ئەسلىدىكى 26.8% دىن 44.2% گە كۆتۈرۈلدى. نۇرغۇن كارخانىلار بۇنىڭغا ماس ھالدا ئوتتۇرا قاتلام بەنزىلىرىنى تەڭشىدى، ئوتتۇرا قاتلام بەنزىلىرىدە قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى ۋە ئىگىلىك باشقۇرىدىغان كادىرلارنىڭ سالمىقىمۇ ئاشتى. يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ماسلىشىپ، قۇرۇلما مۇۋاپىقلىشىپ كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشتى. رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەڭشەلگەندىن كېيىن كارخانىلارنىڭ قىياپىتىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بولدى. قەشقەر سوپۇن زاۋۇتىدا ئىقتىدارلىقلار ئىش بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇدا 17 يىل داۋاملىشىپ كەلگەن «زىيان تارتىش» قېلىپىنى بىر يولىلا چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆتكەن يىلى 80 نەچچە مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پايدا ئالدى.

كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش — كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشنى ياخشى ئىشلەپ بېرىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. ۋىلايەت بويىچە كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ھەرخىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ دۆلەت ئالدىدا ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنى سېخ، سودا دۇكىنى، بەن ـ گۇرۇپپا ۋە شەخسلەرگىچە قاتلاممۇ ـ قاتلام ئەمەللەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنى سۈپەت، مەھسۇلات، تەننەرق، سەرپىيات، راسخوت، سېتىش، خىزمەت ئۆتەش پوزىتسىيىسى بىلەن باغلاپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق، «چوڭ قازاننىڭ تامىقى» نى يېيىش قاتارلىق نۇقسانلارنى ئۈنۈملۈك ھالدا تۈگىتىپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. قەشقەر «1 ـ ئاۋغۇست» تىراكتور رېمونت زاۋۇتى 1983 ـ يىلدىن باشلاپ تۇراقسىز مۇئاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۇدا 18 يىل زىيان تارتىپ كەلگەن ۋەزىيەتنى شۇ يىلىلا ئۆزگەرتىپ 14 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. يەنە كېلىپ 1984 ـ يىلى ئالغان پايدىسى 1983 ـ يىلدىكىدىن 3 ھەسسىدىن كۆپ ئاشتى. يېڭىسار ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كالونى نورما بەلگىلەپ

مۇددەت بىرىنچى يولغا قويۇلۇپ، 1984 ـ يىلى 1983 ـ يىلغا سېلىشتۇرغاندا مال توشۇش مىقدارى %6.5 ئاشتى، ئوبوروت مىقدارى %2.5 ئاشتى، تىرانسپورت كىرىمى %36.8 ئاشتى، پايدا %44 ئاشتى. 4 كۆرسەتكۈچ ئوخشاش قەدەم بىلەن ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. يوپۇرغا ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى ئىقتىسادىي مۇددەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقتىن مال كىرگۈزۈش ئالدىنقى يىلدىكىدىن %72.8، سېتىش ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.2 ھەسسە، پايدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.2 ھەسسە ئاشتى، چىقىم ئالدىنقى يىلدىكىدىن %1.3 تۆۋەنلىدى.

تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق كارخانىلار زۆرۈر ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئومۇميۈزلۈك تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ رىئايە قىلىدىغان قائىدە ـ تۈزۈم بولۇش، ئىش ئورنىدا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بولۇش، خىزمەتتە ئۆلچەم بولۇش، سىناقتا كۆرسەتكۈچ بولۇش، تۆھپە قوشسا مۇكاپاتلاش، خاتالىق سادىر قىلسا جازالاشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. تەشكىلىي ئىنتىزام يەنىمۇ كۈچەيدى، زاۋۇت ئىستىلى، زاۋۇت قىياپىتى، دۇككان مۇھىتى، دۇككان قىياپىتى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ۋە خىزمەت تەرتىپى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئۈنۈم قولغا كەلدى، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق پايدا قولغا كەلدى. ئۆتكەن يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلۈشتە لاياقەتلىك بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيە باشقۇرغان 28 سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن ئىشقا چىقىش ئۈنۈمى %5، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى %25.5 ئاشقان. پايدا نىسبەتەنمۇ ئاشقان، تەرتىپكە سېلىشتا لاياقەتلىك بولغان 10 قاتناش كارخانىسىنى مىسالغا ئالساق، 1984 ـ يىلى ئالغان پايدىسى تەرتىپكە سېلىشتىن بۇرۇنقى 1983 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا %56 ئاشقان. (خۇۋاڭ تەنروڭ)

**[كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى]** 1984 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرى تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتە مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1983 ـ يىلى ۋە 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى ئورۇنلاشتۇرغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى (مۇقىم مۈلۈكنى يېڭىلاش تۈرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەمئىي 63 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 ـ يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 18، 1984 ـ يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 45، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 14 مىليون 473 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 ـ يىلى سېلىنغىنى 8 مىليون 776 مىڭ يۈەن، 1984 ـ يىلى سېلىنغىنى 5 مىليون 597 مىڭ يۈەن. ئورۇنلانغان تۈر 32، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 ـ يىلى ئورۇنلانغىنى 14، 1984 ـ يىلى ئورۇنلانغىنى 18. سېلىنغان مەبلەغدىن ئىككى يىلدا جەمئىي ئورۇنلانغىنى 10 مىليون 720 مىڭ يۈەن. جەمئىي ئورۇنلانغان مەبلەغ پىلان بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %74.1 نى ئىگىلىدى. پۈتكەندىن كېيىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بويىچە ھېسابلىغاندا، پۈتكەندىن كېيىن كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 160 مىڭ يۈەن، پۈتكەندىن كېيىن ئاشقان پايدا 930 مىڭ يۈەن. شۇنداقلا، بىر قىسىم كونا ئۈسكۈنىلەر، زاۋۇتنىڭ خەتەرلىك بىنالىرى ۋە ئىشچى-

خىزمەتچىلەرنىڭ ياتاقلىرى يېڭىلىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى.

ئىلگىرى كارخانىلار تېخنىكا ئۆزگەرتىش جەھەتتە يۇقۇرىدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشكە تايىنىپ، «چوڭ قازان» نىڭ تامىقىنى يېگەن، بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىپ تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى خالىمىغان. 1984 - يىلى بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەردى، 5 تۈر ئۈچۈن بانكىدىن 1 مىليون 655 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى. قەشقەر سوپۇن زاۋۇتى 45 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ ئېلېكتىرولىزلانغان سۇدىكى ئوكسىگېننى يېغىۋېلىشنى يولغا قويۇپ، 3 ئايدا پۈتۈن قۇرۇلۇشنى تاماملاپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ئوكسىگېن ئىشلەپچىقاردى، ئۈنۈمى تېز بولدى، قىسقا مۇددەت ئىچىدە قەرزنى قايتۇرۇپ بولالايدۇ. 5 ناھىيىنىڭ ماشىنا كالۇزى بانكىدىن 130 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، ئۆزلىرى 100 مىڭ يۈەن تەييارلاپ 15 ماشىنىنى يېڭىلاپ ئۆزگەرتىپ 15 چاتما كوزۇپ چېتىپ بىر يىلدا 100 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىپ كارخانىلاردا تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە بىر ياخشى باشلىنىش بولدى.

بىر يىلدىن بۇيان، كارخانىلار ئۈچ خىل يەتكۈزۈش، بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئارقىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، يېڭى تېخنىكا، ئەلا سورت، يۇقۇرى سەۋىيىنى كېڭەيتىپ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. ۋىلايىتىمىزدىكى يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، يېمەكلىكلەر سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى 1984 - يىلى يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ كۆپەيتكەن يېڭى رەڭ، يېڭى تۈرلەر 150 نەچچىگە يەتتى. بۇ يېڭى مەھسۇلات، يېڭى سورتلارنىڭ كۆپ قىسمى ماسلىشىشچان بولۇش، ئىشەنچىلىك بولۇش، ئېچەشلىك بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان 30 × 30 گۈللۈك چىتنىڭ 56 خىل گۈل تۈرى بار بولۇپ، ئېكسپورت ئۆلچىمىگە يەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا 3 مىليون مېتىر ئېكسپورت قىلىندى. قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى 9 قۇرلۇق سەيالكىنى سىناق قىلىپ ياساپ 50 - يىللاردىكى كونا مەھسۇلاتنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، كونا سەيالكا يېڭىلىنىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىپ، 1984 - يىلى 10 - ئايدا ۋىلايەتنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. قەشقەر كونسېرۋا يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، كونسېرۋا تېپچۇي هارۇبىنى ئىشلەپچىقاردى، ۋىلايەت بويىچە هاراق باھالاش يىغىنىدا باھالاش ئارقىلىق رەڭگى، پۇرىقى، تەمى لاياقەتلىك، بازارغا سېلىشقا بولىدۇ دەپ قارالدى. قەشقەر تېرە زاۋۇتى يېقىندىن لايىھىلىگەن خىروم چاپاننىڭ پوسۇنى يېڭى بولۇپ، شەرقىي شىمالدا سېتىلىۋاتىدۇ، ئۇ هازىر قىس تۇۋارغا ئايلىنىپ قالدى. قەشقەر ئەتلەس - توقۇلما زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان تور كۆينەك، تور ئىشتان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كەڭ يېزىلىرىدا سېتىلىۋاتىدۇ.

ئۇرغۇتۇلغان سانائەت كارخانىلىرى يېڭى ئىلغار تېخنىكىلارنى كېڭەيتتى. يىراقتىن ئىنفىرا قىزىل نۇر ئارقىلىق قاقلاپ قۇرۇتۇش يېمەكلىكلەر ساھەسى، يېنىك سانائەت ساھەسىدە رەسمى قوللىنىلماقتا. ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان بېسىلىق ئەسۋاپلارنى ماشىنا ئارقىلىق ياساشنىڭ كېڭەيتىلىشى بىر قەدەر تېز بولدى. قۇياش ئېنېرگىيە تېخنىكىسى قوللىنىلىشقا باشلىدى. قەشقەر شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى كىسىر گۈزگەن سېمونت

تۇرۇۋېلىنى چۈگىلىتىپ چىگداش ئارقىلىق ياساش ھۈنەر-سەنئىتى خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا كېڭەيتىلدى. 1983-يىلىدىن بۇيان 19 پەن-تېخنىكا تۈرى ۋىلايىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ باھالاندى. قەشقەر تېرە زاۋۇدىنىڭ ئاممۇنىي ھىدروكاربونات كىسلاتاسى ئارقىلىق ئاھاكنى قايتۇرۇپ زەمچە بىلەن يۇشۇرۇش بىرلەشمە ھۈنەر-سەنئىتى؛ قەشقەر سوپۇن زاۋۇدىنىڭ ماي كىسلاتاسىنى دىستىرلەش تېخنىكىسى؛ قەشقەر شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ دوپپا، زىننەتلىك ساپال بويۇملىرى قاتارلىق 4 تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە يېنىك سانائەت سىستېمىسىنىڭ 1984-يىللىق پەن-تېخنىكا مۇۋاپپەقىيىتى بولۇپ باھالاندى. قەشقەر توقۇمىچىلىق زاۋۇدى ئىشلەپچىقارغان 42×42 گۈللۈك نېپىز چىت ئاپتونوم رايوننىڭ 1984-يىللىق پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بويىچە 4-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ سۈپەت باشقۇرۇشتىكى ئاساسىي خىزمەتلەر يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ئاز بولمىغان كارخانىلار سۈپەت باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى. كارخانىلار ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان «سۈپەت ئېيى» پائالىيىتىگە بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىپ خېلى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. 1984-يىللىق «سۈپەت ئېيى» پائالىيىتىدە قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇدى سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، يىپ پاتلاشنى، سۈپەتسىز توقۇلغان رەختلەرنى تەكشۈرىدىغان ئىككى سۈپەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى سايلاپ چىقىپ، ئاپتونوم رايون ئاچقان توقۇمىچىلىق كەسپى بويىچە سۈپەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتۇردى، ئۇلار ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. 1984-يىلى قەشقەر سېمونت زاۋۇدى، يېڭىشەھەر سېمونت زاۋۇدى ۋە يېڭىسار سېمونت زاۋۇتلىرىدىن چىققان سېمونتنىڭ ئۆلچەملىك بولۇش نىسبىتى 100% كە يەتتى. قەشقەر شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسى ئىشلەپچىقارغان دوپپا، زىننەتلىك ساپال بويۇملار، راۋاپ مەملىكەتلىك يېنىك سانائەت، ساياھەت خاتىرە بويۇملىرىنى باھالاش يىغىنىدا ئېسىل مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. قەشقەر شەھەرلىك مىللىي ئىشلىتىدىغان ياغاچ بويۇملىرىنى ياساش زاۋۇدى ۋە گۈزەل سەنئەت بويۇملىرىنى ياساش زاۋۇدى ئىشلەپچىقارغان بويۇملارنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مىللىي ئىشلىتىدىغان بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى. 1984-يىلى 11-ئايدا قەشقەر شەھەرلىك زىننەتلىك گۈزەل سەنئەت بويۇملىرى زاۋۇدى گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك نەفىس گۈزەل سەنئەت كەسپىي بويىچە ئىلغار كارخانىلارنى باھالاش يىغىنىدا ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى. (لىۇ يەنخۇي)

[ **ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق** ] قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكە، رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى 1983-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاندى. شۇ يىلى 10-ئايدا ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىغا رەھبەرلىك

قىلىش گۇرۇپپىسى ھەمدە ھەمكارلىق ئىشخانىسى قۇرۇلدى. "سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش" فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى 3 جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى: 1-، تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىش، سىرتقا ئېۋەتىش. تەكلىپ قىلىشتا، مەدەت بېرىپ ھەمكارلىشىدىغان ئورۇننىڭ تېخنىك خادىملارنى ئېۋەتىپ ياردەم بېرىشىنى تەكلىپ قىلدى. سىرتقا ئېۋەتىشتە ئىككى خىل ئەھۋال بولدى: بىر خىلى، ئۇنىۋېرسال، كەسپىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى سىرتقا ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئېۋەتتى. 1984-يىلى 8-ئاي ۋە 10-ئايلاردا ۋىلايىتىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئايرىم ھالدا ناھىيە (شەھەر) لەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى باشلاپ ئىچكى ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ ئۆگىنىپ، تەكشۈرۈپ نەزەر دائىرىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بەزى ناھىيە (شەھەر) لەر كەسپىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېۋەتىپ ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. يەنە بىر خىلى، بەزى كارخانىلار ياكى ئورۇنلار ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، كەسپىي خادىملارنى سىرتقا ئۆگىنىشكە، تەربىيىلەشكە ئېۋەتىپ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. 2-، كۆپ خىل يول، كۆپ قاتلام، كۆپ خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. 3-، ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، سىرتقى كۈچلەرنى قەشقەر ۋىلايىتىگە ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇردى ۋە جەلپ قىلدى. 4-، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەر خىل كارخانىلارنى قۇرۇش شەرت-شارائىتلىرىغا ئاساسەن، ھەمكارلىشىش تۈرلىرىنى بېكىتتى. مۇشۇ بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتلەر ئارقىلىق ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىشىكنى تاقىۋېلىش ھالىتى بۇزۇپ تاشلاندى، يېپىق شەكىلدىكى ئىگىلىك ئوچۇق شەكىلدىكى ئىگىلىككە ئايلاندى. قەشقەر شەھىرى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شاشى شەھىرى بىلەن قېرىنداش شەھەر بولدى، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ دەندۇڭ شەھىرى بىلەن دوستانە ھەمكارلىشىدىغان شەھەر بولدى، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنتوڭ شەھىرى بىلەن دوستلۇق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىكىگە ئۈچۈن يېڭى ھاياتىي كۈچ ۋە جانلىنىش ئېلىپ كەلدى. بىر يىلدىن بۇيان، بىز ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شاڭخەي، تيەنجىن ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدۇق، شىنجېن شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى ھەمدە كارخانا رەھبەرلىرىنى كۆپ قېتىم كۈتۈۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شياڭگاڭ، ياپونىيە، ئامېرىكا سودىگەرلىرى بىلەن ئىككى تەرەپ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەشتۇق. 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن بولغان 30 دىن ئارتۇق ئىقتىسادىي-تېخنىكا ھەمكارلىق خادىملىرىنى كۈتۈۋالدۇق. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، غۇلجا، يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە، سانجى، شاڭخەي، تيەنجىن، بېيجىڭ، نەنجىڭ، گۇاڭجۇ، شىنجېن، ۋۇشى، نەنتوڭ، سۇجۇ، جىنەن، چىڭداۋ، يەنتەي، ۋېيفاڭ، خاربىن، دەندۇڭ، شاشى بىلەن 78 تۈرلۈك ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە پىكىرنامە ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 16 تۈر بويىچە توختام

ئىمزالاندى . توختام ئىمزالانغان تۈرلەر ئىچىدە توقۇمىچىلىق ، يېنىك سانائەت ، يەمەك - ئىچمەك ، مېۋە - چېۋىگە ئىش قوشۇش ، ماشىنىسازلىق ، خىمىيەۋى سانائەت ، بىناكارلىق ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ، قاتناش تىرانسپورت ، كىيىم - كېچەك ، باسمىچىلىق ، گۈزەل ھۈنەر - سەنئەت قاتارلىق 10 نەچچە ساھە بار . بەزى تۈرلەردە دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈلدى . مەسىلەن: ۋىلايەتلىك تىرانسپورت شىركىتى 10 دانە سېلىركا موتۇرى كىرگۈزۈپ « ئازات » ماركىلىق ماشىنىنى ئۆزگەرتىپ قوراشتۇردى ، 8 ماشىنا ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، 1984 - يىلى جەمئىي 8 توننا ماي تېجەپ قېلىندى، مۇشۇ تۈردىلا كىرىم 40 مىڭ يۈەن ئاشتى. قەشقەر شەھەرلىك ئۈسكۈنە قوراشتۇرۇش شىركىتى ئۈرۈمچىدىن ۋېركۇلىت ( بىر خىل خىمىيەۋى دورا ) ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ ، شۇ يىلى 100 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى . قەشقەر شەھەرلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى سۇ سىڭدۈرمەيدىغان پەردە ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى كىرگۈزۈپ، قەشقەرنىڭ يالتىراق شايى ئىشىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپلا قالماستىن ، يەنە 67 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى . قەشقەر كونىپىلون يىمەكلىكلەر زاۋۇدى لۈجۇ ، بېيجىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلىشىپ كونىپىلون تېچۇي ھارىقى ، قوغۇن ، ئەنجۈر قېقى ، ئۆرۈك ، ئامۇت ، شاپتۇل مۇرابباسى ، ئەنجۈر ، ئوتياش كونسىرۋاسى قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى كېڭەيتتى : قوغۇن قېقى ، ئەنجۈر قېقى ، ئامۇت قېقى ، شاپتۇل قېقىنىڭ مىقدارى 30 توننىدىن 100 توننىغا يەتتى . قەشقەر ئىلما - توقۇلما زاۋۇدى تيەنجىن بىلەن تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇپ تېۋۇت توقۇش ئەستانوك ئىشچىسىنىڭ ئەستانوك ئەشغۇلات ئىقتىدارىنى 6 ھەسسە ئاشۇردى ، ھەر بىر ئىشچىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئىلگىرىكى 15 كىلوگىرامدىن ئۆسۈپ 35 كىلوگىرامغا يەتتى ؛ توق قىزىل رەڭلىك رەختلەرنىڭ رېڭىنىڭ چىداملىقلىقى ئىلگىرىكى 4 - دەرىجىدىن 2 - دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى ؛ ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭى مەھسۇلات تور كۆينەك ، تور ئىشتاننىڭ پوسونى يېڭى ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن تەلەپنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ . ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتىدۇ .

ۋىلايىتىمىز غەربىي چېگرىغا جايلاشقانلىقى ، قاتناش قولايلىق بولمىغانلىقى ، ئۇچۇر راۋان بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى . ئىقتىسادىي ئۇچۇرنى راۋانلاشتۇرۇش ، بازارنى ئېچىش ، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن بېيجىڭ ، تيەنجىن ، شەندۇڭ ، جياڭسۇ ، شاڭخەي ، گۇاڭجۇ ، شىنجىن قاتارلىق جايلاردا مۇناسىۋەت باغلاش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى ۋە قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈلمەكتە . ( خۇاڭ تەنرۇڭ ، لى بىڭ )

# قاتناش

**[ تاشيول قۇرۇلۇشى ]** ئازاتلىقتىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايىتىدە تاشيول يوق دېيەرلىك ئىدى ، ۋىلايەت بويىچە پىيادە كېلىپ قەشقەر ئارقىلىق خوتەنگە بارىدىغان بىر غول لىنىيىنىڭ 650 نەچچە كىلومېتىرى ۋىلايىتىمىز چېگرىسى ئىچىدە ئىدى ، يەرلىك تاشيول 300 نەچچە كىلومېتىر ئىدى. بۇ يوللار بەك ئىگىز - پەس بولۇپ ، قاتناش ناھايىتى ئەپسىز بولغاچقا ئاپتوموبىللار تەسلىكتە ئاران ئۆتەتتى . دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر - بازارلار ئوتتۇرىسىدا ئاساسلىقى ئات ، ئېشەك ، تۆگە قاتارلىق قاتناش قوراللىرىغا تايىنىپ ئالاقە قىلىناتتى ، چەت تاغلىق رايونلار يىلبويى سىرت بىلەن ئالاقىلىشالمايتتى .

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى تېز تەرەققى قىلدى . 1955 - يىلغا بارغاندا ئەسلىدىكى تاشيولنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى . ئۇنىڭدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىل ئىچىدە دۆلەت تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جەمئىي 117 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سالدى شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ھەر قايسى ناھىيە ( شەھەر ) لەر « خەلق ئەمگەك چىقىرىپ يول ياساش ، خەلق ئۆزى ئىشلەش ، دۆلەت ياردەم بېرىش » سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ ، پائال تۈردە ئۆزى مەبلەغ توپلاپ ، ئۇنىمگۈلغان ئەمگەكچىلەرنى تەشكىللەپ تاشيول ياسىدى ، ۋىلايەت بويىچە ئىلگىرى بار بولغان لىنىيە ئۈزلۈكسىز ئۇزاردى ، يېڭى لىنىيە يىلسايىن كۆپەيدى . پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىغە جايلاشقان تاشقورغان ناھىيىسىنى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ ، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4 مىڭ مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ ، قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز . 1958 - يىلى دۆلەت مەبلەغ سېلىپ ئۇزۇنلۇقى 294 كىلومېتىر كېلىدىغان قەشقەر - تاشقورغان يولىنى ياساپ ، بۇ ناھىيىدە تاشيول يوق بولۇشتەك تارىخقا خاتىمە بېرىپ ، ئېگىز تاغلىق رايوننى كۈندىن - كۈنگە ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى . يوپۇرغا ، مەكىتتىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىدىكى تاشيول ئىشچىلىرى ۋە خەلق ئىشچىلىرى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئىككى يىل ئىچىدە قاقاس چۆللۈكتە 90 كىلومېتىردىن ئارتۇق يوپۇرغىدىن مەكىتكە بارىدىغان يولنى ياساپ چىقتى . بۇ يول ياسىلىپ ماشىنا قاتنىغاندىن كېيىن ، ئىلگىرى قەشقەردىن يەكەنگە بېرىپ ئاندىن مەكىتكە بارىدىغان يولنى 135 كىلومېتىر قىسقارتىپ ، ھەر يىلى دۆلەتكە 200 نەچچە مىڭ يۈەن راسخوت ، 60 نەچچە توننا ماي تېجەپ بەردى .

1984 - يىلى تاشيول تارماقلىرى دادىل ئىسلاھات قىلىپ ، يول ئاسراش سىستېمىسىدا يول ئاسراش ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ ، ياخشى يول نىسبىتىنى 55% كە يەتكۈزۈپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5% ئۆستۈرۈپ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى .

1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە تاشيولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6998

## قەشقەر شەھرىنىڭ يەرلىك يوللىرى مۇساپىسى جەدۋىلى

### قەشقەر ـ يېڭىئۆستەڭ

بەشكېرەم ~ 9 ~ ئاۋات

| | قەشقەر | ئاۋات |
|---|---|---|
| ئاۋات | 16 | |
| يېڭىئۆستەڭ | 26 | 10 |

### قەشقەر ـ مۇش

| | قەشقەر | سەمەن | لەڭگەر |
|---|---|---|---|
| سەمەن | 6 | | |
| لەڭگەر | 15 | 10 | |
| مۇش | 36 | 31 | 21 |

### قەشقەر ـ دۆلەتۋاغ

قەشقەر 5 دۆلەتۋاغ

### قەشقەر ـ نەزەرۋاغ

قەشقەر 4 نەزەرۋاغ

### قەشقەر ـ پاختەكلە

| | قەشقەر | قەشقەر ـ قاغىلىق يولى ئاچىلى |
|---|---|---|
| قەشقەر ـ قاغىلىق يولى ئاچىلى | 2 | |
| پاختەكلە | 6 | ٨ |

### قەشقەر ـ بەشكېرەم

| | قەشقەر | قوغان |
|---|---|---|
| قوغان | 4 | |
| بەشكېرەم | 16 | 12 |

### قەشقەر ـ شامالۋاغ

قەشقەر 5 شامالۋاغ

كىلومېتىرغا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە تاشيول غول لىنىيىسى 5 ، ئۇزۇنلۇقى 1184 كىلومېتىر ، يەرلىك تاشيول 558 بولۇپ ، ئۇزۇنلۇقى 5814 كىلومېتىرغا يەتتى . ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 81% ۋە 16 ھەسسە ئاشتى . ئاسفالت يول 438 كىلومېتىر ( بۇنىڭ ئىچىدە مارالۋېشى ـ قەشقەر ـ خوتەن ئاساسى غول لىنىيىسىگە پۈتۈنلەي ئاسفالت ياتقۇزۇلدى ) . شېغىل ياتقۇزۇلغان يول 1275 كىلومېتىر ، كۆۋرۈك 160 ، سۇڭگۈچ 2224 . تاشيول ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى تېز كۆپەيدى ، يول ئاسراش ئورگانلىرى ۋە كۈلىمى يىلسايىن كېڭەيدى . 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە ( شەھەر ) دە 20 يول ئاسراش ئۇچاستكىسى ( ئەترەت ) لەرى ۋە 146 يول ئاسراش بەنى قۇرۇلدى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرى 1776 گە يەتتى ، يول ئاسراش لىنىيىسى 26، ئاسراش مۇساپىسى 2279 كىلومېتىر بولۇپ ، ئاساسلىق يوللارنىڭ راۋان ، توساقسىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى .

ھازىر ۋىلايەت بويىچە ناھىيە بىلەن ناھىيە ئوتتۇرىسىدا ئاپتوموبىل قاتنايدىغان ، 96% يېزىغا ئاپتوموبىل ، ھەممە كەنتكە ھارۋىلار بارالايدىغان بولۇپ ، قەشقەر شەھرىنى مەركەز قىلغان ، ھەممە تەرەپكە تۇتاشقان تاشيول تورى شەكىللىنىپ ئىقتىسادنى قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۆسۈشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى .

( خۇالق تەنرۇق )

**[ ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىشلىرى ]** ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاپتوموبىل ترانسپورتى ئىنتايىن قالاق ئىدى. 1953 - يىلى كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن ئاپتوموبىلدىن ئاران 20 سى بار ئىدى. شەھەر - يېزا ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلىشىشتا، تۇراق قۇرۇلۇش ئەشيالىرىنى يۆتكەشتە ئاساسلىقى ئۇلاغ كۈچىگە تايىناتتى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتوموبىللارنىڭ سانى، يۈك توشۇش ئىقتىدارى ۋە ترانسپورت باشقۇرۇش ئاپاراتلىرى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە ئاپتوموبىللار 1983 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 8%، 1953 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 64 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي مال توشۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتوموبىللار 1394 (مال توشۇش ئىقتىدارى 8212 توننىغا يەتتى) دانە، يولۇچىلارنى توشۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتوموبىل 157 دانە بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1983 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 3% ۋە 76% ئاشتى. يېزىلاردا تۈۋار ئىگىلىكى راۋاجلانغانلىقتىن پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يېزىلىرىدىكى يەككە كەسپىي ترانسپورتتا ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولدى. ھازىرغا قەدەر ۋىلايەتنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا شەخسىي ئاپتوموبىل، تراكتور، كىچىك تراكتور 3425 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل 396. ۋىلايەت بويىچە ئاپتوموبىل ترانسپورتىدا ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ترانسپورت كارخانىلىرىنى يېتەكچى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ترانسپورت كارخانىلىرىنى ياردەمچى، يەككە ترانسپورتنى تولۇقلىغۇچى قىلغان كۆپ قاتلاملىق، ماسلىشىشچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ترانسپورت قۇرۇلمىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كەسپىي ترانسپورت باشقۇرۇش ئورگانلىرى ۋە رېمونت قىلىش كارخانىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ماس ھالدا راۋاجلاندى. ۋىلايەت بويىچە ھازىر 4 كەسپىي ترانسپورت شىركىتى، 34 كەسپىي ئاپتوموبىل كالوننى، بىر ئاپتوموبىل نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئورنى، 7 ئاپتوموبىل باشقۇرۇش پونكىتى ۋە 4 ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، 15 ئاپتوموبىل ئاسراش زاۋۇتى ياكى سېخى بار. 12 ناھىيە (شەھەر) دە يولۇچىلار قونالغۇسى ۋە يۈك توشۇش بېكەتلىرى ۋۇجۇتقا كېلىپ دەسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ترانسپورت سېستېمىسى شەكىللەندى.

1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ترانسپورت سېپىدە "توشۇشتا بىخەتەر بولۇش، ئەلا سۈپەتلىك بولۇش" فائالىيىتىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە تىجارەت ئىستىلىنى تۈزىتىپ ياخشىلاپ، توشۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مال مەنبەلىرىنى پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، ترانسپورت ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشنى تازا چىڭ تۇتۇپ، ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى. ۋىلايەت بويىچە توشۇش كەسپىنىڭ يىللىق توشىغان مال مىقدارى 293 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 3.3% ئاشتى؛ ئوبوروت مىقدارى 251 مىليون 310 مىڭ توننا-كىلومېتىر بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 10% ئاشتى؛ پايدا 7 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 1983 - يىلدىكىدىن 39% ئاشتى؛ يولۇچىلارنى توشۇش مىقدارىمۇ ئۈزلۈكسىز ئاشتى، پۈتۈن يىللىق يولۇچىلارنى توشۇش مىقدارى 280 مىڭ ئادەم-قېتىمغا يېتىپ 1983 - يىلدىكىدىن 21.7% ئاشتى. ھازىر يولۇچىلارنى توشۇش لىنىيىسى 18 گە، يولۇچىلارنى توشۇيدىغان نۆۋەتچى ئاپتوموبىللارنىڭ مۇساپىسى 2200 كىلومېتىرغا يېتىپ، ھەممە ناھىيىگە نۆۋەتچى ئاپتوموبىل قاتنايدىغان بولدى، قەشقەر شەھىرى ۋە بەزى ناھىيىلەر يېزا - بازارلارغا نۆۋەتچى ئاپتوموبىل سالدى. (خۇاڭ تەنرۇڭ)

# پوچتا - تېلېگراف

**[پوچتا-تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان]** ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاران يېڭىشەھەر، يەكەن، كونىشەھەر، مارالبېشى، قاغىلىق، پەيزىۋات، تاشقورغان قاتارلىق يەتتە ئورۇندا پوچتا ئورگىنى بار ئىدى. كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يەكەن 3 ناھىيىدە تېلېگراف ئورنى بار ئىدى، پوچتا - تېلېگراف خىزمەتچىلىرى يۈز كىشىگە يەتمەيتتى. پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 650 كىلومېتىر، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم يولى پەقەت 50 كىلومېتىر ئىدى. كونىشەھەر، يېڭىشەھەرنىڭ شەھەر ئىچىدە پەقەت 57 تېلېفون بولۇپ، كەڭ يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرى پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىشتىن ئاق قالغان نۇقتا ئىدى.



قەشقەر پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىستانسىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تۈردە مۇلازىمەتچىلەرنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، ئەربېيجىڭدىن ۋە قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئۇلانغان تېلېفون بويىچە قىزىل بايراق ئىنىمىسى قىلىپ باھالاندى.

30 نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 151 ئورۇندا پوچتا - تېلېگراف مۇلازىمەت ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ، پوچتا .. تېلېگراف مۇلازىمەت ئورۇنلىرى شەھەرلەردە ئومۇملاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە 12 گە، تارماق ئىدارە ( پونكىت ) 131 گە، ۋاكالىتەن بېجىرىش پونكىتلىرى 8 گە يېتىپ دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 20.6 ھەسسە كۆپەيدى. پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ( غول لىنىيە، تارماق لىنىيە ۋە يېزا - كەنت پوچتا يەتكۈزۈش لىنىيىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) جەمئىي 15000 كىلومېتىردىن ئاشتى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 24 ھەسسە كۆپەيدى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون - تېلېگرامما لىنىيىسى 2.572 جۈپ كىلومېتىرغا يېتىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 51.4 ھەسسە كۆپەيدى. يېزا ۋە شەھەر تېلېفونلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 10.180 گە يېتىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 145 ھەسسە ئاشتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتوماتىك تېلېفون، يۈكلىمە دولقۇنلۇق 12 لىنىيە قوش باشلىق تېلېگرامما بېرىش ئاپپاراتى، تېلېگراممىدىكى خەنزۇ يېزىقىنى ئاپتوماتىك ھالدا سىپىرغا تەرجىمە قىلىش ماشىنىسى، پوسۇلكىنى ئاپتوماتىك قوبۇل قىلىش-ئېۋەتىش ماشىنىسى قاتارلىق كۆپلىگەن زامانىۋى خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، مۇشكۈل قول مەشغۇلاتىنىڭ ئورنىنى بارغانسېرى كۆپلەپ ئىگىلل-

مەكتەپ، پوچتا ئاپتوموبىللىرى، موتوتسىكلىت ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيە ئۆۋەتچى ئايروپىلان - لىرى ئىپتىدائىي شەكىلدىكى ئات هارۋىسى بىلەن تېلېگىرامما يەتكۈزۈش، ئېشەك بىلەن خەت - خالتا توشۇشنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. پوچتىنىڭ يەتكۈزۈش سۈرئىتىمۇ زور دەرىجىدە تېزلىشىپ خەلق ئاممىسىنىڭ خەۋەرلىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇردى. دۆلەت مۇداپىئەسى، ئاشقى ئىشلار، نېفىت قېزىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە پەن - تەتقىقات خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنىڭ توسالغۇسىز بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. يېقىندا دۆلەت ئىككى مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قەشقەر تېلېگىراف خەۋەرلىشىش تۈگۈنى بىناسىنى ياسىدى، هازىر ئاپپاراتلار قوراشتۇرۇلماقتا، 1985 - يىلى 10 - ئايدا رەسمىي ئىشقا چۈشىدۇ. ئۇ ۋەتتە قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ پوچتا - تېلېگىراف ئالاقىلىشىش تۈگۈنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.


قوشۇمچە: 1. پوچتا - تېلېگىراف ئالاقىلىشىشدىكى ئاساسلىق ئىستاتىستىكا جەدۋىلى.

2. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوچتا، تېلېفون لىنىيىسىنىڭ ئاددىي خەرىتىسى.

پوچتا - تېلېگىراف ئالاقىسىغا دائىر ئاساسلىق ئىستاتىستىكا ماتېرىيالى

| ئىسمى | بىرلىكى | 1983 - يىلى | 1984 - يىلى | 1984 - يىلى 1983 - يىللاردىكىدىن ئاشقان ( + ) ياكى كەملىگىنى ( - ) |
|---|---|---|---|---|
| پوچتا - تېلېگراف ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئومۇمىي سانى | ئادەم | 1650 | 1641 | ئادەم 9 - |
| كەسپىي خىزمەت ئىشلىق ئومۇمىي مىقدارى | يۈەن | 342.896 | 3.623.652 | + 5٠7% |
| خەت - چەك ئالاقىسى | دانە | 3.920.649 | 4.277.239 | + 9.1% |
| خالتا | دانە | 70.533 | 71.165 | + 0.9% |
| K بېلەت | ۋاراق | 306.709 | 316.104 | + 3.1% |
| تېلېگرامما | ۋاراق | 483.612 | 412.472 | - 14.8% |
| ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون | ۋاراق | 336.273 | 364.784 | + 8.5% |
| يىل ئاخىرىغىچە شەھەرلەردە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلگەن تېلېفون | ئائىلە | 2.650 | 2.885 | + 8.9% |
| يىل ئاخىرىغىچە يېزىلاردا ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلگەن تېلېفون | ئائىلە | 2316 | 2438 | + 5.3% |
| يېزىدىكى تېلېفون | ۋاراق | 367.587 | 393.870 | + 7.1% |
| تېلېگرامما لىنىيىسى | | 56 | 57 | + 1.8% |
| ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لىنىيىسى | | 114 | 115 | + 0.9% |

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوچتا، تېلېفون لىنىيىسىنىڭ ئاددى خەرىتىسى



**[پوچتا - تېلېگراف كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش]** ۋىلايەتتىكى پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى ئىسلاھات تەلەپكە ماسلىشىش ئۈچۈن 1984 - يىلنى كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش يىلى قىلىپ بېكىتكەن ئىدى. يىلنىڭ بېشىدىلا ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ بىرسى كۈندىلىك خەۋەرلىشىشنى، بىرسى كارخانىنى تەرتىپكە سېلىشنى تۇتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن كونىشەھەر ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنى كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش سىناق نۇقتىسى قىلدى ۋە تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ كېڭەيتتى. ئاندىن ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك پوچتا - تېلېگراف كارخانىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. بىر يىل تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ۋىلايەتتىكى 12 پوچتا - تېلېگراف كارخانىسى تەرتىپكە سېلىشتا لاياقەتلىك بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا، ھەر دەرىجىلىك پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى خەۋەرلىشىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، ئىشنى ئەنزىنى تەكشۈرۈش، رەھبەرلىك بەنزىنى تۈزۈش، ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىشتىن باشلاپ «ئىش ئورنىغا خادىم بېكىتىش، خادىمغا مەسئۇلىيەت بېكىتىش، مەسئۇلىيەتكە قاراپ مۇكاپاتلاش»، قاتلاممۇ - قاتلام ھۆددىگە بېرىشتەك ئۇزۇنىسىدا، توغرىسىدا كەتكەن بىر يۈرۈش زەنجىرسىمان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت ۋە دۆلەت، كارخانا، شەخسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، «چوڭ قازاننىڭ تامىقى»نى يېيىش ۋە تەڭ تەقسىماتچىلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى. تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ كومىتېتىنى دەرىجىمۇ - دەرىجە تۇرغۇزۇپ چىقتى. خىلغا ئايرىپ تەربىيىلەش، كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەش، ئىش ئورنىدا ماھارەت مەشىق قىلدۇرۇش بىلەن ئۇستىلار شاگىرت يېتەكلەش قاتارلىق جانلىق، كۆپخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسپىي تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەشنى كۈچەيتتى. ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، جەمئىي ئاچقان كەسپىي تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسى 15 قارار، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تولۇقلاش كۇرسى 5 قارار، كەسپىي تېخنىكىدىن لېكسىيە سۆزلەش 7 قېتىم، ياش ئىشچىلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا دەرسى تولۇقلاش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 91%، مەدەنىيەت بىلىملىرىدىن دەرس تولۇقلاپ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 78% بولدى.

كارخانىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ۋىلايەتتىكى پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى كادىرلارنىڭ ئۆمۈرۋايەت ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى. ئۇلار 1984 - يىلدىن باشلاپ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە مۇددەت بويىچە ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ۋىلايەتلىك ئىدارىنىڭ سېكرېتارى، ئىدارە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، ناھىيىلىك ئىدارىلارنىڭ باشلىقلىرى 3 يىل ۋەزىپە ئۆتەشنى، بۆلۈمچە باشلىقى 2 يىل ۋەزىپە ئۆتەشنى، گۇرۇپپا باشلىقى، پونكىت مۇدىرلىرى بىر يىل ۋەزىپە ئۆتەشنى، ئۇدا سايلانسا داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشنى، كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە ئادەتتىكى كادىرلارنى تەكلىپ قە-

لىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 41 ياش بولۇپ، بۇرۇنقىدىن 8 ياش تۆۋەنلىدى. ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 48% نى ئىگەللىدى، كەسپىي بىلىمى بارلار 52% نى ئىگەللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى ئىشلىتىش تۈزۈمىدە ئۇلار شاگىرت ئىشچىلىق تۈزۈمىنى تەدرىجى ھالدا توختىتىپ تۈزۈمگە ئۆزگەرتىپ، " تۆمۈر تاۋاق " نى پاچاقلاپ تاشلاشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئۇلار ئاساسىي قاتلام كارخانىلىرىغا قارىتا بوغۇچىنى يېشەۋېتىپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈردى؛ كادىرلار خىزمىتى، مالىيە ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام كارخانىلىرىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ھەر قايسى پوچتا - تېلېگىراف كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش سۈپىتىدە، كەسپىي تېخنىكا سۈپىتىدە، ئىچكى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سۈپىتىدە، رەھبەرلىك سۈپىتىدە تەرتىپكە سېلىنىشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا چوڭراق ئۆزگىرىش بولدى. خەۋەرلىنىش سۈپىتى تۇراقلىق ھالدا يۇقىرى ئۆرلىدى، مۇلازىمەت سەۋىيىسى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچىدىكى 21 خىل سۈپەت كۆرسەتكۈچى ئۆتكەن يىلدىكىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ( جەدۋەل جى ).

(پوچتا - تېلېگىراف ئىشلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى قوشۇمچە قىلىندى).

قوشۇمچە :

پوچتا - تېلېگىراف ئىشلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

| ئىسمى | بىرلىكى | 1983 - يىل | 1984 - يىل | 1984 - يىلى 1983 - يىلدىكىدىن ئاشقان، كەملىگىنى ( + ، − ) |
|---|---|---|---|---|
| كەسپىي كىرىم | يۈەن | 3.937.619 | 4.604.248 | +16.9% |
| كەسپىي چىقىم | 〃 | 3.526.800 | 4.378.516 | +24.1% |
| كىرىم - چىقىم پەرقى | 〃 | 152.490 | −149.507.67 | |
| ھەق ھېسابلىنىدىغان كەسپىي خىزمەت مىقدارى | 〃 | 3.280.182 | 3.452.857 | +5.3% |
| 100 يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك ئىچىدە كۆچمە مەبلەغنىڭ نىسبىتى | 〃 | 4.93 | 4.07 | −17.5% |
| ھەر بىر ئادەمگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە پايدا | 〃 | 113 | 90 | |
| ھەر بىر ئادەمگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم | 〃 | 2.492 | 2.846 | +14.2% |
| ھەر بىر ئادەمگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە پايدا، باج | 〃 | 170.95 | 5 | |
| كىرىم - چىقىم كوئېففىتسىيېنتى | 〃 | 89.57 | 95.10 | +6.2% |
| كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت كۈن سانى | كۈن | 55 | 45 | كۈن 10 − |

**[خەلقئارا پوچتا - تېلېگىراف خەۋەرلىشىشى]** قەشقەر قەدىمدىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى ھەر قايسى مەملىكەتلەر بىلەن دوستانە بېرىش-كېلىش قىلىدىغان جايلىرىدىن بىرى. ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن ئىلگىرىلا قەشقەردىكى ئاھالىلار، بەزى مەملىكەتتىكى ئاھالىلار بىلەن خەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ بۇ خىل خەت ئالاقىسى كۈنسېرى كۆپەيدى. بولۇپمۇ 1984-يىلى ئېلىمىز ھۆكۈمىتى قەشقەر شەھىرىنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن دۇنيادىكى بەزى مەملىكەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى، خەلقئارا دوست تەشكىلاتلار، مۇھاجىرلار ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئۈزلۈكسىز ھالدا قەشقەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدى، ساياھەت قىلىش، تۇغقان يوقلاش، سودىلىشىش ۋە تاققا چىقىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. خەلقئارا پوچتا - تېلېگىراف كەسپى زور مىقداردا كۆپەيدى. خەلقئارا دوستلارنىڭ خەۋەرلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگىراف ئىدارىسى خەلقئارا پوچتا - تېلېگىراف كەسپى خادىملىرىنى تولۇقلاپ تېلېفون-تېلېگىرامما كەسپى ۋە تېز يەتكۈزۈش كەسپىنى يولغا قويدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تورغات خەلقئارا خەت - خالتىلارنى ئالماشتۇرۇش پونكىتىنى كېڭەيتتى. 1983 - يىلى 6 - ئايدا ئېلىمىزنىڭ قونجىراپ ئېغىزىدىن پاكىستاننىڭ دىخ ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىقتا خەلقئارا خەۋەرلىشىش سىم لىنىيىسى تارتىلدى ۋە جۇڭگو - پاكىستان خەلقئارا خەت - خالتىلارنى ئالماشتۇرۇش پونكىتى يېڭىدىن قۇرۇلدى. 1985 - يىلى خەلقئارا پوچتا كەسپى يولغا قويۇلدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1984 - يىلى خەلقئارا پوچتا - تېلېگىراف كەسپ مىقدارى 1983 - يىلدىكىدىن، ئادەتتىكى خەت - چەك 63.4%، زاكاس خەت 76.9%، خالتا 123.1%، بىرلەشتۈرۈلگەن خالتا 38.6%، تېلېگىرامما 4.6 ھەسسە، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىككى ھەسسە كۆپەيدى.

ھازىر قەشقەر تەرەققىي قىلىپ، ئاسىيادا چاۋشيەن، ياپونىيە، ھىندىستان، پاكىستان، سىرىلانكا قاتارلىق 29 دۆلەت ۋە رايون بىلەن؛ ئافرىقىدا مىسىر ۋە تانزانىيە بىلەن؛ ياۋروپادا يۇگوسلاۋىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق 22 دۆلەت بىلەن؛ شىمالىي ئامېرىكىدا ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق 5 دۆلەت بىلەن؛ ئوكيانىيىدە ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن پوچتا ئالاقىسى ئورنىتىپ، دۇنيا خەلقى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىدىكى كۆۋرۈك بولۇپ قالدى. (جېڭ جۈ)

**[گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ئىشلىرى]** شەھەر - يېزا ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىم ئېلىشقا بولغان تەشنالىقىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىشى، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1984 - يىلى ۋىلايىتىمىزدە جەمئىي تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال 278 خىل، تارقىتىلغان قەرەللىك ژۇرنال 2076 خىل، تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال ئومۇمىي سانى 366.027 سان بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 24% ئاشتى. ۋىلايىتىمىز بويىچە ھەر بىر ئادەمگە ئوتت-

ئۇرا ھېساپ بىلەن توغرا كەلگەن گېزىت ـ ژورنال 108 سان. تارقىتىلغان گېزىت ـ ژورناللىڭ چۇغلانما سانى 31.722.160 بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 34% ئېشىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1984 ـ يىلدىكى گېزىت ـ ژورناللغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى 1983 ـ يىلغا سېلىشتۇرغاندا 5 جەھەتتە ئۆزگىرىش بولدى: ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى گېزىت ـ ژورناللىڭ تارقىلىش مىقدارى 39.5% ئۆرلىدى، ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتى (« خەلق گېزىتى »، « شىنجاڭ گېزىتى »، « قەشقەر گېزىتى ») نىڭ تارقىلىش مىقدارى 14.4% ئۆرلىدى، سىياسىي ـ نەزەرىيىۋى ژورناللار، مەسىلەن: «قىزىل بايراق» ژورنىلى، « يېرىم ئايلىق سۆھبەت »، « نەزەر » قاتارلىقلارنىڭ تارقىلىش مىقدارى 41.4% ئۆرلىدى، پەن ـ تېخنىكا ۋە ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 38.5% ئۆرلىدى. گېزىت ـ ژورناللغا شەخسىي مۇشتىرى بولغانلارنىڭ سانى 45% ئۆرلىدى. ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا ۋىلايەت بويىچە 960 كەسىپىي، ئۇقتىلىق ئائىلىلەر 3 ساندىن كۆپ گېزىت ـ ژورناللغا مۇشتىرى بولغان.

ھەر قايسى تەرەپلەردىكى كىتابخانىلارنى ئۆزىگە ئېھتىياجلىق گېزىت ـ ژورناللارنى چۈشىنىش ۋە مۇشتىرى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، پوچتا ـ تېلېگىراف تارماقلىرىدىكى مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى خادىملار ئورگانلارغا، مەكتەپلەرگە، زاۋۇت ـ كانلارغا بېرىپ مۇشتىرى قوبۇل قىلدى. مۇشتىرىلارنى چۈشۈرۈپ قويمىغان، خاتا مۇشتىرى قىلىپ قويمىغان ئىشلار ئازايدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يەككە مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ۋە پارچە سېتىش كەسپىنى يولغا قويۇپ، كەڭ كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگىراف تارماقلىرى جەمئىيەتتىكى كوچىلارغا تولۇق تايىنىپ گېزىت ـ ژورنال تارقىتىش كەسپىنى كېڭەيتتى. ۋىلايەتتە جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق ئىجتىمائىي گېزىت ـ ژورنال تارقىتىش پونكىتى، 2500 دىن كۆپ ئىجتىمائىي گېزىت ـ ژورنال تارقاتقۇچى بار. كەڭ كىتابخانىلار ئىدارە دەرۋازىسىدىن چىقماي تۇرۇپ گېزىت ـ ژورناللارغا مۇشتىرى بولالايدۇ، ھەم تاپشۇرۇپ ئالالايدۇ. (جېڭ جۈ)

## شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش

[ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى] پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى زور ھەجىمدە ئاشتى، ئاساسىي قۇرۇلۇشتىمۇ يىپ ـ يېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى.

تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1981 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئورۇنلانغان مەبلەغ 22 مىليون 25 مىڭ يۈەن، ئىش باشلانغان ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 119.777 كۋادرات مېتىر، يىل ئاخىرىدا پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگىنى 81.967 كۋادرات مېتىر؛ 1982 ـ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشتا جەمئىي ئورۇنلانغان مەبلەغ 24 مىليون 260 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە

تۇرار جاي قۇرۇلۇشىدىن پۈتكىنى 4 مىليون 160 مىڭ يۈەن، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 34.780 كۇۋادرات مېتىر؛ 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون مەبلەغنى ئازايتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ كۆلىمىنى 9 مىليون 690 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە 31 مىليون 710 مىڭ يۈەن ئورۇنلاندى. ئىش باشلىغان كۆلەم 192 مىڭ كۇۋادرات مېتىر، پۈتكۈزۈلگەن كۆلەم 112 مىڭ كۇۋادرات مېتىر؛ 1984 ـ يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەبلىغى 15 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 55.73% ئاشتى، سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان قۇرۇلۇش تۈرى 11. ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ پەيدىن ـ پەي تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىناكارلىق ـ لايىھەلەش كۈچى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش قوشۇنى ماس ھالدا زورايدى، قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسىمۇ ئۆسۈپ باردى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك بىناكارلىق ـ لايىھەلەش ئىشخانىسى 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر 54 ئادىمى بار. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك خادىملار 47 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي خادىملار سانىنىڭ 87%نى ئىگىلەيدۇ. ياردەمچى ئىنژېنېردىن يۇقىرى ئۇنۋان ئالغانلار 14 كىشى بولۇپ، ھەر يىلى 40 ـ 50 مىڭ كۇۋادرات مېتىرلىق لايىھەلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالايدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدە خەلق ئىشلىتىدىغان بەزى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلارنى، مەسىلەن: پوچتا تېلېگىراف بىناسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت بىناسى، مەمۇرى مەھكىمە خىزمەت بىناسى، يېمەك ـ ئىچمەك تىجارەت بىناسى، ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇدى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ۋىلايەتلىك بىناكارلىق لايىھەلەش ئىشخانىسى لايىھەلىگەن.

ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىدى. كېسەك بىلەن ياغاچ ياكى خىش بىلەن ياغاچتىن قۇرۇلىدىغان ئاددىي ئۆيلەرنى سالالايتتى، بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ سانى ۋىلايەت بويىچە 2000 گە يەتمەيتتى. 1984 ـ يىلغا كەلگەندە قۇرۇلۇش كارخانىلىرى (گۇڭشې، دۈي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆپىيىپ 116 گە يەتتى، ئادىمى 15 مىڭدىن ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق شىركىتىدىن 4 ى بار (جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە بىناكارلىق شىركىتى، قەشقەر شەھەرلىك بىرىنچى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، يەكەن بىناكارلىق شىركىتى). كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادىمى 5000 دىن ئاشىدۇ. قۇرۇلۇش تېخنىكا سەۋىيىسى 50 ـ يىللاردىكى كېسەك ۋە ياغاچتا ئاددىي ئۆيلەرنى سالىدىغان ھالەتتىن 80 ـ يىللاردىكى پولات چىۋىقلىق كۆپ قەۋەتلىك بېتون قۇرۇلۇشلارنى قىلىشقا ئۆستى.

قەشقەر ۋىلايىتىدە 1984 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش:

1. قەشقەر 3 ـ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىيىسى. بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1957 ـ يىلى باشلىنىپ 1960 ـ يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماشىنا سىغىمچانلىقى 3000 × 2 كىلوۋات. ئىستانسىنىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرىدىن 16 كىلومېتىر كېلىدۇ. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ لەنگەر يېزىسىدا. ئۇ چاغدا بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ كۆلىمى پۈتۈن غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ

چوڭ ئىدى. يوروشلەشتۈرۈپ قۇرۇلغان ئۇزۇنلۇقى 18.6 كىلومېتىر كېلىدىغان 35000 ۋولتلۇق توك ئۇزاتقۇچ لىنىيىسى ۋە 7 مىليون 500 مىڭ ۋولتلۇق بېسىم تۆۋەنلەتكۈچ پونكىتىدىن بىرسى بار. بۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 12 مىليون 150 مىڭ يۈەن.

2. قەشقەر پاختا رەخت توقۇش-بوياقچىلىق فابرىكىسى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1958-يىلى قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك جىددىي قۇرۇلۇش ئارقىلىق 1960-يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى (رەخت توقۇش قىسمى). ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 30 مىڭ 400 يىك ۋە 42 دىيۇملۇق 1260 دانە دەستگاھدىن ئىبارەت بولۇپ، سېلىنغان مەبلەغ 41 مىليون 80 مىڭ يۈەن، يىللىق مەھسۇلاتى 30 مىليون مېتىر ئىدى. 1966-يىلى يەنە يىللىق مەھسۇلاتى 20 مىليون مېتىر بولغان بوياقچىلىق زاۋۇتى قۇرۇلدى.

3. قەشقەر ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى. زاۋۇت ئورنى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان يېزىسىدا بولۇپ، 1958-يىلى تەييارلىق قىلىپ، 1959-يىلى رەسمىي قۇرۇلۇش باشلاپ 1960-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 2 مىليون 680 مىڭ يۈەن، لايىھەدىكى يىللىق مەھسۇلاتى #325 سىلىكاتلىق سېمونت 32 مىڭ توننا. يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق 1984-يىللىق مەھسۇلاتى 59700 توننىغا يېتىپ ئەسلىدە لايىھەلەنگەن مەھسۇلات مىقدارىدىن 17 مىڭ توننا ئاشتى.

4. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسى. ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا 1964-يىلى تەييارلىق قىلىنىپ، 1966-يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 13 مىليون 470 مىڭ يۈەن، ماشىنا گورۇپپىلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 3000 × 2 كىلوۋات. ئۇ چاغلاردا قەشقەردە سانائەت ۋە خەلق ئىشلىتىدىغان توكقا بولغان ئېھتىياجنىڭ يىلدىن-يىلغا ئېشىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ ھەر يىلى قىشتىكى سۇ كېمىيىپ قالغان مەزگىللەردە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بېرەلەيدىغان توك مىقدارىنىڭ چەكلىك بولىدىغانلىقىنى، ھەمىشە توك توختاپ قالىدىغان ياكى قىسمەن جايلاردا توك بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككىنچى توك مەنبەسى قۇرۇلغان ئىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئورنى قەشقەر پاختا رەخت توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق زاۋۇتىنىڭ يېنىدا بولۇپ، توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. بىراق، بۇ زاۋۇت يېقىلغۇ كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ئەتراپلىق ئويلاشمىغانلىقتىن ھەمىشە كۆمۈر يېتىشمەسلىك ھادىسىسى كۆرۈلۈپ توك ۋە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئاماللىسىز قېلىپ، بەزى توك بار، بەزى توك يوق بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىسىدى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ توكى يېتىشمىگەن چاغلاردا توكنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

5. قەشقەر 1-بالداق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى. پۈتۈن قۇرۇلۇش 6500 × 3 كىلوۋاتلىق ۋە 1600 × 3 كىلوۋاتلىق يۇقىرى-تۆۋەن ئىستانسىدىن تەركىب تاپقان. ئىستانسىدىن قەشقەرگە كەلگىچە 110 مىڭ ۋولتلۇق توك يولى 46.6 كىلومېتىر،

2×20.000.000 ۋولتلىق مەركىزى؛ بىرىنچى تۆۋەنلىتىش ئىستانسىدىن بىرسى بار، لېكىن مەبلەغ مەسىلىسى تۈپەيلىدىن 1600×3 كىلوۋاتلىق - تۆۋەنلىكى ئىستانسىنىڭ قۇرۇلۇشى توختىتىپ قويۇلدى. بۇ قۇرۇلۇشقا 1976 - يىلى تەييارلىق قىلىنىپ، 1977 - يىلى 1 - ئايدا ئىش باشلاپ، 1980 - يىلى 11 - ئايدا ماشىنىنى سىناق قىلىشقا كىرىشتى، پۈتۈن قۇرۇلۇش 1981 - يىلى 12 - ئايدا ئاخىرلاشتى، جەمئىي 5 يىل ۋاقىت كەتتى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 50 مىليون 180 مىڭ يۈەن.

6. قەشقەر خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى. ئەسلىدىكى ئايرودرومنىڭ ئايروپىلان ماڭىدىغان يولى 2200 مېتىر بولۇپ، پەقەت كىچىك تىپتىكى ئايروپىلانلار چۈشەلەيتتى، قەشقەر شەھىرى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئايرودروم تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت پىلان كومىتېتى قەشقەر ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن پۇل بەردى، بىرىنچى يىل ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەنگەندىن كېيىن 1984 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بېتون قۇيۇش باشلاندى، قۇرۇلۇش 101 كۈن داۋاملىشىپ، 21960 كۇۋادرات مېتىر يەرگە بېتون قۇيۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇرۇلۇش تاماملاندى، قۇرۇلۇش پىلاندىن 7 كۈن بۇرۇن ئورۇنلاندى. بۇ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تارىخىدا بىرىنچى قېتىملىق ئىش بولۇپ، ئۇقتىملىق قۇرۇلۇشتا شۇ يىلى لايىھىلەش، شۇ يىلى ئىش باشلاش، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش جەھەتتە رېكورت ياراتتى.

7. قەشقەر پوچتا-تېلېگراف بىناسى، مەمۇرىي مەھكىمە خىزمەت بىناسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت بىناسى. بۇ ئۈچ قۇرۇلۇش قەشقەر ۋىلايىتىدە خەلق ئىشلىتىدىغان قۇرۇلۇش ئىچىدە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭراق بولغان تۈرلەر. پوچتا-تېلېگراف بىناسىنىڭ كۆلىمى 4965 كۇۋادرات مېتىر، پۈتۈن قۇرۇلمىغا پولات چىۋىق، بېتون ئىشلىتىلگەن، ئاساسىي گەۋدە قىسمى 4 قەۋەت، بىر قىسمى 5 قەۋەت. 1980 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قۇرۇلۇش باشلىنىپ ئارىلىقتا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇرۇلۇش كېچىكتۈرۈلگەن ئىدى. 1984 - يىلى 8 - ئايدا ئاندىن پۈتتى. سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون يۈەن. ئۈسكۈنىلەرنى قوراشتۇرۇش تاماملانمىغانلىقتىن قۇرۇلۇش پۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىشكە باشلىمىدى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خىزمەت بىناسىغا 1981 - يىلى 8 - ئايدا ئىش باشلىنىپ 1983 - يىلى 10 - ئايدا پۈتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5868 كۇۋادرات مېتىر، خىش، بېتون قۇرۇلما بولۇپ، قۇرۇلۇش ۋاقتى 24 ئاي بولدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت بىناسى 3779 كۇۋادرات مېتىر. 1984 - يىلى 4 - ئايدا ئىش باشلىنىپ، 11 - ئايدا قۇرۇلۇش تاماملاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 173 كۈن ۋاقىت كەتتى، بۇ شۇ يىلى ئىش باشلاپ، شۇ يىلى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن تىپىك قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. (ساۋۇ نەيىي)

[ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىشنى ئىسلاھ قىلىپ، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش] ئۆتكەندە. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشتا ئىش باشلاشتىن بۇرۇن خامچوت قىلىش، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن نەقچوت قىلىپ قۇرۇلۇش ھېساۋىنى بوغۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، نەقچوت ھامان خامچوت ھېساۋىدىن كۆپ بولۇپ كېتىپ مەبلەغنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالغان ئىدى. 1984 - يىلى ئاھالىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن كۋادرات پۈتۈش قىممىتى بويىچە ھۆددىگە بېرىش، باشقا قۇرۇلۇشلارنى مەبلەغ بويىچە ھۆددىگە بېرىپ ھېساۋىنى بوغۇش، ئىش باشلىنىشتىن بۇرۇن بىر قېتىمدىلا ھۆددىگە بېرىۋېتىش، چىقىم ئېشىپ كەتسە تولۇقلاپ بەرمەسلىك، ئېشىپ قالسا قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن ئۆزلىرى ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 400 تۈرلۈك قۇرۇلۇشتا تۈرلۈك ھۆددىگە بېرىش، ھۆددە ئېلىش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، سېلىنغان مەبلەغ 73 مىليون 790 مىڭ يۈەن (مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار بەرگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، بۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ 1984 - يىلىدىكى ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى ئۈچۈن كېتىدىغان 112 مىليون 690 مىڭ يۈەننىڭ 67% نى ئىگىلەيدۇ. دۆلەت ئۈچۈن ئىقتىسات قىلىپ بېرىلگەن مەبلەغ 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق.

ئاھالىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنى كۋادرات مېتىر پۈتۈش قىممىتى بويىچە ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى، قۇرۇلۇش بانكىسى قەشقەر ۋىلايىتىدە 1980 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە ياسالغان ئىشخانا بىناسى، تۇرالغۇ جاي، ئوقۇتۇش بىناسى قاتارلىق تۈرلۈك ئوخشىمايدىغان شەكىللەردىكى قۇرۇلۇشلار ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ باردى. نامۇۋاپىق ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، كۋادرات مېتىر پۈتۈش قىممىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن پۈتۈش قىممىتى بىلەن 1980 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرىچە پۈتۈش قىممىتىنى سېلىشتۇرغاندا 5% تۆۋەنلىدى. مۇشۇ ئاساستا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 200 دىن ئارتۇق ئاھالىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە (قۇرۇلۇش كۆلىمى 320 مىڭ كۋادرات مېتىر) كۋادرات مېتىر پۈتۈش قىممىتى بويىچە 30 مىليون يۈەن مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئۈچۈن بىر مىليون 500 مىڭ يۈەن ئىقتىسات قىلىپ بېرىلدى.

ئاساسىي قۇرۇلۇشتا خېرىدار تاللاپ ھۆددە بېرىش چارىسىنى قوللىنىش — قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىنىڭ ئىلگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى بىر يېڭى تەدبىر. قۇرۇلۇش بانكىسى، ۋىلايەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتى، پىلان كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىدىكى ئىككى كورپۇس تۇرالغۇ جايدا ئۇ ۋاقتىدا سىناق قىلىشنى قارار قىلدى، ھەر بىر كۋادرات مېتىر ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلنى بېكىتكەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتى، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە بىناكارلىق شىركىتى، قەشقەر شەھەرلىك 1 - بىناكارلىق شىركىتى، قەشقەر شەھەرلىك

2 - بىناكارلىق شىركىتى ھەر بىر كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇشنى قانچىلىك پۇلغا پۈتتۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، نەتىجىدە يېزا ئىگىلىك 3 - دۇيجىيە بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن كۋادرات مېتىر پۈتتۈش قىممىتى بويىچە ھۆددە ئالدى. 6½ ئاي قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق 2.223 كۋادرات مېتىرلىق ئىككى كورپۇس تۇرالغۇ جاي مۆددەتتىن 15 كۈن بۇرۇن پۈتتى. قۇرۇلۇش مۆددىتى يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە قۇرۇلۇش مۆددىتىدىن 10 ئاي قىسقاردى. پۈتتۈش قىممىتى 1982 - يىلدىكى ئوخشاش شەكىلدىكى تۇرالغۇ جاينىڭ ھەر بىر كۋادرات مېتىر باھاسىدىن 12 يۈەن تۆۋەن بولدى، قۇرۇلۇش قىلغان كارخانا تەننەرقىنى 4.5% تۆۋەنلەتتى، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى ئەلا بولدى، تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر بويىچە تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك رايونى، دېھقانچىلىق، ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ھەر يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 40% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ تەلىپى جىددىي بولغانلىقتىن ئادەتتە بىر تەرەپتىن ئۆلچەپ، بىر تەرەپتىن لايىھىلەپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش قىلىناتتى. قۇرۇلۇشلارنىڭ تەخمىنىي ھېساۋاتى يۈزەكى بولۇپ قالغانلىقى، قۇرۇلۇش داۋامىدىكى مەسىلىلەرنىڭ كۆپلىكى تۈپەيلىدىن پۇل كەڭ قوللۇق بىلەن خەجلىنىپ، ئىسراپچىلىق زور بولاتتى. 1984 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى «شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال» ئەنياتە ئۇرۇمنى، ئاتۇش - پەيزىۋات غول زەيكىشى، ئۈچ كۆۋرۈك سۇ تەقسىملەش تۈگۈنى قاتارلىق ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرى، ئورمان ئەھيا قىلىش ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە يۇقۇرىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن مەبلەغ سانى بويىچە ھۆددە بېرىپ خاجۇتنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىلگەن پۇل ۋە كۆپ ھېسابلانغان ماتېرىيال باھاسى قاتارلىقلاردىن بىر مىليون 200 مىڭ يۈەننى ئېلىپ تاشلاپ، سېلىنىدىغان مەبلەغنى كونترول قىلىپ، پۇلنى تېجەپ قالدى. قۇرۇلۇش مۆددىتىدىن تەخمىنەن بىر يىل بۇرۇن ئورۇنلاندى. (كى جيەن شىن)



قەشقەر شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى شەھەرنى كۆكەرتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن كۆچەتلەرنى تەييارلىماقتا.
جېن نيۇ فوتوسى

**[شەھەر قۇرۇلۇشى]** قەشقەر شەھىرىدە ھازىر 138 مىڭ شەھەر نوپۇسى بار. ئىشچى - خىزمەتچىلەر 52 مىڭ. 1949 - يىلى ئازات بولغاندىن بۇيان، 35 يىللىق پىلانلاش، قۇرۇلۇش ئارقىلىق شەھەر كۆلىمى 9.6 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. شەھەر رايونى ئىچىدە توقۇمىچىلىق، ئېلېكتىر كۈچى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، سېمونت، خىمىيە سانائىتى، كۆن - خۇرۇم، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، قول سانائەت، گۈزەل ھۈنەر - سەنئەت بويۇملىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 104 كىچىك تىپتىكى زاۋۇت بار. سانائەتنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات

قىممىتى 72 مىليون 660 مىڭ يۈەن. شەھەر مەنزىرىسىنىڭ ئاممىۋى نەسلىلىرىۋە مەدەنىيەت
تۈزۈمىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەسلىھەلىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. مۇۋ-
لىك، مۇۋسىز دەرەخلەرنى قويۇش، كۆكەرتىش بىلەن - يىل ئىلگىرىلەپ بېرىلىپ، ئوتتۇرا ھېسا-
ساپ بىلەن ھەر بىر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان كۆكەرتىلگەن كۆلەم 5.1 كۋادرات مېتىرغا،
دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 12% گە يەتتى. مۇھىت تازىلىقى ياخشىلىنىپ، شەھەر
قىياپىتى يېڭىچە كۆزەللەشتى.


چىنىكاردا يەكشەنبە.
مۇھەممەت ھېيت فوتوسى

قەشقەر شەھەرلىك پىلانلاش - لايىھە-
لەش ئىشخانىسى ۋىلايەت ۋە شەھەردىكى رەھ-
بەرلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى ئارقى-
سىدا ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى پىلان - تېخنىكا
خادىملار بىلەن بىرلىكتە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ،
كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا،
1983 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر شەھىرىنىڭ
ئومۇمىي گەۋدە پىلانىنى ئىشلەپ بولدى. ئاپ-
تونوم رايونلۇق شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇ-
ھىت ئاسراش نازارىتى 1983 - يىلى 12 -
ئايدا قەشقەر شەھىرىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانىنى باھالاپ بېكىتىش يىغى-
نى ئاچتى، يىغىنغا شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە قېرىنداش
ئۆلكە، شەھەر ھەمدە ئالىي مەكتەپلەردىكى شەھەر قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش تېخنىكا خادىملى-
رى ۋە مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى. باھالاش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىنىڭ
ئومۇمىي گەۋدە پىلانىغا دائىر ماتېرىياللار تولۇق، پىلان مەزمۇنى مول، شەھەر قۇرۇلۇش
پىلانىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق، پىلانىنىڭ چوڭقۇرلىقى تەلەپكە ئۇيغۇن،
تەرەققىي قىلدۇرۇش، قۇرۇلۇش كۆلىمى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، يولغا
قويۇشقا بولىدۇ، بىر قەدەر ياخشى پىلان لايىھىسى بوپتۇ، - دەپ قارىدى. شۇنىڭ بى-
لەن بىر چاغدا، تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى بەردى. ئۆزگەرتىش، تولۇقلاش-
تىن كېيىن 1984 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا
يوللاندى.

1977 - يىلىدىن بۇيان، دۆلەت قەشقەر شەھىرىگە 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ
سالدى، شەھەرلىك ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇش ئىدارىسى 589 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ
14504.5 كۋادرات مېتىر تۇرار جاي سالدى، 412 ئائىلە يېڭى ئۆيلەرگە كۆچتى.

1984 - يىلى 5 - ئايدا قاسقان بازىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ،
ئاستى سودا دۇككىنى ياكى قول ساناتەت دۇككىنى قىلىنىدىغان، ئۈستىدە ئائىلىلەر
ئولتۇرىدىغان مىللىي بىناكارلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە 2 قەۋەتلىك 5 كورپۇس بىنا پۈتتى.



قەشقەر شەھىرىدىكى ئاھالىلەر ئۆزى سالدۇرغان يېڭى ئۆيلەر.
[illegible] فوتوسى

1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دۆڭكۆۋرۈك كۆۋرۈكىنى ياساش ئۈچۈن 600 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەرگەن ئىدى، يىل ئاخىرىغىچە كۆۋرۈكنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ۋە سېمونت تۈۋرۈكلەرنى قۇيۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىپ بولدى. شەھەر بويىچە ئۈچ جايدا كۆۋرۈك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى جايدىكىسى پۈتتى ياسالغان.

قەشقەر شەھەر رايونىدىكى يوللىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى شەكىللىنىپ بولدى، ياسالغان شەھەر يوللىرى 38 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە بېتون يول 5.8 كىلومېتىر، ئاسفالت يول 13.2 كىلومېتىر، بۇ ئىككى تۈر جەمئىي 19 كىلومېتىر بولۇپ، يول ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 43% نى ئىگىلەيدۇ. شەھەر رايونىدىكى يوللارنىڭ كۆلىمى 0.78 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەھەر رايونىدا ئىشلىتىلگەن يەرنىڭ 8.21% نى ئىگىلەيدۇ. ھەر بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېسابتا 6.34 كۋادرات مېتىردىن توغرا كېلىدۇ. 1984 ـ يىلى سېلىنغان مەبلەغ 430 مىڭ يۈەن، ئۆزى جۇغلىغان مەبلەغ 350 مىڭ يۈەن، ياسالغان ئاسفالت يول 4، ئۇزۇنلۇقى 7 كىلومېتىر، جەمئىي 80 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكىنى 4 كىلومېتىر.

1984 ـ يىلى 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ جۇغلاپ 1.3 كىلومېتىر غول سۇ تۇرۇبىسى كۆمۈلدى، 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 1.1 كىلومېتىر كونا غول تۇرۇبا ئۆزگەرتىلدى، يىل ئاخىرىغىچە كۆمۈلگەن غول سۇ تۇرۇبىلىرى 27.7 كىلومېتىر، سۇ قۇدۇقى 3، كۈندىلىك تەمىنلىنىدىغان سۇ مىقدارى 3500 كۇب مېتىر، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 8880 كۇب مېتىر، سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 90% گە يەتتى.



قەشقەر خەلق باغچىسى.
بالا يۈۋۈ فوتوسى

1980 ـ يىلىدىن بۇيان، شەھەر رايونىغا كۆمۈلگەن سۇ چىقىرىش غول تۇرۇبىلىرى 11.7 كىلومېتىر، پاسكىنا سۇ 2 ـ دەرىجىلىك بىر تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. پۈركۈپ ھاۋاغا ئايلاندۇرۇپ تازىلاش ئۈسكۈنىسى قۇرۇلۇۋاتىدۇ. بىرىنچى قارارلىق كۈنلۈك ئىقتىدارى 3000 كۇب مېتىر بولغان قۇرۇلۇشقا ھازىر ئىش باشلاندى، يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى. (جاڭ گۇلياڭ)

**[ يېزا - بازار گۈيخۋا قۇرۇلۇشى ]** قەشقەر ۋىلايىتىدە 135 يېزا بازىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بازار دەرىجىلىك تەشكىلى ئاپارات تەسىس قىلىنغىنى 21. 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا " 5 تە ياخشى " يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان چاغدا، يېزا - كەنتلەر دەسلەپكى قەدەمدە پىلانلاندى ۋە مەھەللىلەرنى جايلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى. 20 نەچچە يىل قۇرۇلۇش ئارقىلىق يېزا - بازارلار يېزىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى.

1981-يىلى مەملىكەتلىك 2-قېتىملىق يېزا ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشى يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايەت كەنت - بازارلارنى پىلانلاش بويىچە ئىككى قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، كەنت - بازارلارنى پىلانلاش تېخنىك خادىملىرىدىن 62 كىشىنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىلار 37 كىشى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەربىيىلىگەن كەنت - بازارلارنى پىلانلاش تېخنىك خادىملىرى 16 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىلار 4 كىشى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون 1982-يىلدىن 1984-يىلغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيە ( شەھەر ) لىرىدىكى كەنت - بازارلارنى پىلانلاش كەسپى راسخودى ئۈچۈن 220 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى. 1984-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ يېزا - كەنت باشقارمىسى ھەر قايسى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىلىرىغا بىر يۈرۈش ئۆلچەش ئەسۋاپلىرى سەپلەپ بەردى. 1983-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا 11.140 ئائىلە 37.234 ئېغىز شەخسىي ئۆي سالدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 929.734 كۋادرات مېتىر. 1984-يىلى يېزىلاردا 13.605 ئائىلە 40.789 ئېغىز شەخسىي ئۆي سالدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 1.393.256 كۋادرات مېتىر.

1983-يىلى قاغىلىق ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش بۆلۈمى پىلانلاپ لايىھىلەپ چىققان چاۋاغ بازىرىنىڭ پىلانى ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلارنى پىلانلاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1984-يىلى كونىشەھەر ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى ئوغۇساق، زەمىن، سايۋاغ، بۇلاقسۇ قاتارلىق 4 يېزا بازىرىنى پىلانلاش خىزمىتى ۋە كەنت - بازارلارنى پىلانلاپ قۇرۇش ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى.

دۆلەتنىڭ 6-بەش يىللىق پىلانىدا مەملىكەت بويىچە كەنت - بازارلارنى پىلانلاشنىڭ چوقۇم 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن تاماملىنىشى تەلەپ قىلىنغان. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ناھىيە ۋە يېزىلاردا ئىلگىرى پىلانلاش - باشقۇرۇش ئاپاراتى بولمىغانلىقتىن بۇ خىزمەت قانات يايدۇرۇلمىغان. شۇڭا بۇ خىزمەت ھازىر تېخىمۇ جىددىي ۋە ئېغىر بولماقتا. 1984-يىلى 6-ئايدا ناھىيىلەردە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش - مۇھىت ئاسراش ئىدارىلىرى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش باشقارمىسى ۋە ناھىيە (شەھەر) لىك قۇرۇلۇش ئىدارىلىرىدا ھازىر بار ئىشچى - خىزمەتچىلەر 136 كىشى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار 45 كىشى بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 33% ىنى ئىگىلەيدۇ. ( جاڭ گولىياڭ )

[ ناھىيە بازارلىرىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى ] سۇ بىر خىل قىممەتلىك تەبىئىي بايلىق، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ماددىي ئاساس، بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان موھىم شەرت.

ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 11 ناھىيە بازىرىنىڭ ھەممىسىدە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرى — تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئورنى (پونكىتى) قۇرۇلدى. لېكىن كۆپ ساندىكى ناھىيىلەردە سۇنىڭ سۈپىتى ناچار، فىتور مىقدارى كۆپ، يود مىقدارى ئاز، سۇدا $Mg^{++}$، $Ca^{++}$، $Cl^-$ $So_4$ ″ نىڭ مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۇ گۈڭگۈرت كىسلاتا تۇزى ۋە خلورىدلار تىپىدىكى ئارىلاشما سۇغا كىرىدۇ.

ۋىلايىتىمىزنىڭ ناھىيە بازارلىرىدا سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسلىق ئاچقۇچى — «دۆلەتنىڭ تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان سۇ ئۆلچىمى» گە ئۇيغۇن كېلىدىغان سۇ مەنبەلىرىنى تاللاشتا.

1984 - يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون قەشقەر ۋىلايىتىگە قاغىلىق ناھىيىسى، تاشقورغان ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازارلىرىدا سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 740 مىڭ يۈەن.

قاغىلىق ناھىيە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي خامچوتى 1 مىليون 240 مىڭ يۈەن، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورنىنىڭ لايىھىلەنگەن كۆلىمى كۈنىگە 2500 توننا. بۇ قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ 300 مىڭ يۈەن. ئۇ ئاساسلىقى يېڭى سۇ مەنبەنى تېپىشقا ئىشلىتىلدى. ھازىر سۇ مەنبەنى قىلىنغان ئورۇندا قۇرۇلىدىغان تۈرلۈك يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇشلارغا پائال ماتېرىيال تەييارلانماقتا.

تاشقورغان ناھىيىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورنىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ئېھتىياجنى قاندۇرالماي قالدى ھەمدە يەر شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورنى پەقەت ناھىيە بازىرىنىڭ يېرىمىنىلا تەمىنلىيەلىدى، ناھىيە بازىرىنىڭ قالغان يېرىمىنىڭ يېرى ئېگىز، سۇ ئورنى پەس بولغانلىقتىن سۇ بىلەن تەمىنلەشكە ئامالسىز قالدى. شۇڭا، يېڭى سۇ مەنبەنى تاللاپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە سۇنىڭ سۈپىتىنى خىمىيىۋىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق يېڭى مەنبەنىڭ ئورنى شىڭگۈەن دېگەن يەرگە مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، شۇ جايدىكى سۇنى ئېرىق ئارقىلىق ئەكىلىپ تەمىنلىدى. سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكىلىق ئېقىن يولى بىر قەدەر مۇكەممەل بولدى، ئۇنىڭدا پۈتۈنلەي يۇقىرى بېسىم بىلەن سۇ ئاققۇزۇپ تەمىنلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، قۇرۇلۇشنىڭ باھاسى تۆۋەن، بىخەتەرلىكى ياخشى بولىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ لايىھىلەنگەن كۆلىمى كۈنىگە 1500 توننا، قۇرۇلۇشتا كېتىدىغان ئومۇمىي پۇل 680 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇ قېتىم 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. ھازىر سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورنىنىڭ سۇ سۈزۈلدۈرۈش كۆلچىكى دەسلەپكى قەدەمدە پۈتتى.

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىككى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى 1985 - يىلى دۆلەت بايرىمىدىن ئىلگىرى پۈتتۈرۈپ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلىش پىلانلاندى.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورنىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاساسلىقى تارماق تۇرۇبىلارنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا ئىشلىتىلدى، كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن تەمىنلەيدىغان سۇ مىقدارى ھازىرقى 6000 ئادەمنى تەمىنلەشتىن 13 مىڭ ئادەمنى تەمىنلەيدىغان ھالەتكە يېتىدۇ. كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشى بۇ يىل ئىچىدە ئورۇنلىنىشى پىلانلانغان ئىدى، بىراق تۇرۇبا كەمچىل بولغاچقا قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا تەسىر يەتتى.

ئۇندىن باشقا، 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون ناھىيە بازارلىرىدا سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن چۈشۈرۈپ بەرگەن پۇل ئىچىدىن 100 مىڭ يۈەن يەكەن ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسىگە بېرىلدى، ئۇنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئورنىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك راسخودى قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ ۋە سۇ مەنبەئەسىنى تېپىپ، قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى پۈتتۈرۈلدى، ماتېرىيالنى يۇقۇرىغا يوللىغاندىن كېيىن 1985 - يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ.
( شۈگومىن )

[ **ھېيتكار مەسچىتى** ] تارىخى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، 10 - ئەسىردىن باشلاپ، ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا تەدرىجى تارقالمىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ چوڭ-كىچىك مەسچىتلەر شىنجاڭنى، بولۇپمۇ جەنۇبى شىنجاڭنى قاپلىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھېيتكار مەسچىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنى مىمارچىلىقىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىرسى. ئۇ ئۆزىگە خاس قۇرۇلما جايلاشتۇرۇلۇشى ۋە مىمارچىلىق ئۇسلۇبى بىلەن دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر مىمارچىلىق ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ قۇرۇلما ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرەپتىن نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق قىلىپ بەلگىلەندى.

ھېيتكار مەسچىتى مىلادى 1442 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلانغان بولۇپ، ئەسلىدە كىچىكرەك ئىدى. شەھەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە سىياسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، 1874 - يىلىغا كەلگەندە ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرقى كۆلەمگە كەلگەن ئىدى. 1937 - يىلى ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى يەنە بىر مەسچىت چېقىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھېيتكار مەسچىتى شەھەرنىڭ دىنىي مەركىزى ۋە پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندى.

ھېيتكار مەسچىتى ناماز ئوقۇش قىسمى، دىنىي مەكتەپ، مەسچىتكە كىرىش ئېغىزى قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەشكىل تاپقان. ئىشلىتىش تەلىۋىگە ئاساسەن ناماز ئوقۇش قىسمى غەرب تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كىرىش ئېغىزى شەرقى جەنۇپ ئاۋات بازار تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. جەنۇبى، شىمالى ئىككى تەرەپكە دىنىي مەكتەپ ۋە ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مۇشۇنداق قىلىپ بىر قەدەر جىپسىلاشقان چوڭ ھويلا پەيدا قىلىنغان، شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىدە تېنچ ئىبادەت قىلىش شارائىتى ھازىرلانغان.

كۆپ ساندىكى مەسچىتلەر سىممېتىرىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللانغان. ھېيتكار مەسچىتىنىڭ كىرىش ئېغىزى بىر تەرىپى ئاۋات بازارغا، يەنە بىر تەرىپى مۇھىم قاتناش يولىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقاچقا، ئىككى تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىش لازىم بولۇپ قېلىپ سىممېتىرىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئادىتىنى قوللانمىغان، بەلكى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش شەكلىنى قوللانغان ھەمدە بىر قەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن.

ھېيتكار مەسچىتىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى قۇرۇلمىلارمۇ بىر ئىشىك ئۈستى بىناسى ۋە ئىككى قوبىبە مۇنارىسىدىن تەشكىل تاپقان. ئىشىك ئۈستى بىناسى ئۇزۇن تىك 4 بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، ئۈستى تەرىپى سەل ئىچىگە تارتىلغان ھالەتتە بولغاچقا كىشىگە ناھايىتى ئېگىز، كەڭ تەسىرات قالدۇرىدۇ، كىرىش ئېغىزىنىڭ ئۈستى خېلى چوڭ گۈمبەز بولۇپ، گۈمبەز سىرتى گۈمبەزگە ئوخشايدىغان كىچىك دۈمبە بىلەن دائىرىلەنگەن. چوڭ - كىچىك گۈمبەزلەر بىر تەكشىلىككە جايلاشتۇرۇلغان، نىسبەت مۇناسىۋىتى يېقىنلاشتۇرۇلغان، شۇڭا كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلالايدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاپسالىيوت ئۆلچەملىكىنى تېخىمۇ چوڭايتىدۇ. كىرىش ئېغىزىدىكى ئوتتۇرا ئوق سىزىق سىممېترىيىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئىككى مۇنار ئوڭ - سول ئىككى تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى مۇنار مەسچىتنىڭ ھويلىسىدىكى دەل-دەرەخلەرنى توسىۋالماسلىق ۋە ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇش ئۈچۈن ئىشىككە يېقىنراق سېلىنغان، سىرتقى كۆرۈنىشى ھەيۋەتلىك، قامەتلىك؛ سول تەرەپتىكى مۇنار ھېيتكار مەيدانى بىلەن ئاۋات بازارنىڭ بۇرۇلۇش بۇلۇڭىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شەرق، غەرپ تەرەپتىكى نامازخانلار ئۇنى كۆرەلەيدىغان بولسۇن ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئوق سىزىقىدىن يىراق تارتىپ يولبويىغا ئىتتىرىلگەن، ھەمدە ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن، ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىدۇ. بۇ بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشنىڭ قۇرۇلۇش سىخېمىسى جەھەتتىكى تەڭپۇڭلىقى ئۈچۈن، سول تەرەپتىكى مۇنار ئوڭ تەرەپتىكى مۇناردىن ئېگىزرەك، ئىنچىكىرەك ياسالغان ھەمدە ئىككى تەگمە دىۋارى بىلەن ئىشىك بىناسى بىرلەشتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن ھېيتكار مەسچىتىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى قۇرۇلمىلار ئېگىز-پەسلىك، ھەۋھۇملۇق مەۋجۇتلۇق سېلىشتۇرمىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ۋە ياراشقان تاشقى كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىنغان، مۇستەھكەم بولۇش، تەڭپۇڭ بولۇش مەقسىتىگە يېتىلگەن. ئۆزگىچە خاس بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە قىلىنغان.

ھېيتكار مەسچىتىنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان يېرى ئىچكىرىكى مەسچىت، تاشقارقى مەسچىت دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ئىچكىرىكى مەسچىت تام ئارقىلىق تاشقارقى مەسچىتتىن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ يېپىق زالنى شەكىللەندۈرگەن، بۇنى قىشتا ئىشلىتىدۇ. تاشقارقى مەسچىت تۈۋرۈك بىلەن توختۇتۇلغان ئۇزۇن پېشايۋاندىن ئىبارەت بولۇپ تەكشىلىكتە كۆپۈنكى ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئۇزۇنلىقى 104 مېتىر، ئوتتۇرا قىسمىدىكى پېشايۋاننىڭ كۆپۈنكى قىسمى بولسا، مېھراپ بولۇپ دەل غەرپكە قارايدۇ ھەمدە كەڭ كۆلەملىك رەڭلىك گەج بىلەن نەقىشلەنگەن. تۈۋرۈستىكى خاتارلىقىدىكى 4 چاسا ئاراش تۈجۈپىلەپ گۈل چېكىلگەن بولۇپ، ھەيۋەت سىرلانغان.

ھويلا ھېيتكار مەسچىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ناماز ئوقۇيدىغان يەردىن 10 مېتىر يىراقتا ئۇزۇن يېشىل ۋادەك بېكىتىلگەن، بۇ ۋادەك ھويلىنى ئىچكىرىكى ھويلا،

تاشقىرقى ھويلا دەپ ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. تاشقارقى ھويلا ئىنتايىن كەڭ بولۇپ دەل-دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، كۆك بىلەن بويى تالاشقان تېرەك، لەرزان يېپىلغان ئۈژمە، كەڭ ئورۇنغا يېيىغ سوزۇپ بارغانچە ئىنچىكىلىشىپ بارىدىغان رىدە، سۈپ-سۈزۈك كۆل سۈيى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن قۇرۇلۇشقا زىننەت تۈسى بېرىپ، مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى، ناماز ئوقۇيدىغان زال قىسىملىرى بىلەن جىپسىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ئەگمىسى، كۆككە تاقاشقان مۇنارىسى ئىغاڭلاپ تۇرغان دەل-دەرەخلەر ئىچىدە غايىب بولىدۇ.

ھېيتكار مەسچىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنىي مىمارچىلىقىدىكى داڭلىق ۋەكىلى دېيىشكە مۇناسىپ. (لى لىشىن)

**[مۇھىت ئاسراش ھەققىدە ئومۇمىي بايان]** 1984-يىلى 3-ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتى بىلەن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مۇھىت ئاسراش ئىشخانىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك شەھەر-يېزا قۇرۇلۇش، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى قۇرۇلدى. مۇھىت ئاسراش ئورگانلىرى، مۇھىمى پىلانلاش، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، قوللاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇھىت ئاسراش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

1984-يىلى 5-ئاينىڭ 22-كۈنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مۇھىت ئاسراش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، 13 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە(شەھەر)لەردە شەھەر-يېزا قۇرۇلۇش، مۇھىت ئاسراش ئىدارىلىرى قۇرۇلدى. قەشقەر شەھىرى ۋە پوسكام ناھىيىسىدە يەنە مۇھىت تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى.

1984-يىلى 5-ئايدا قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش خىزمەت يىغىنى ئاچتى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش يىغىنىنىڭ روھى بويىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ۋىلايەتلىك مۇھىت تەكشۈرۈش پونكىتى قەشقەر شەھىرى مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈردى، تەكشۈرۈش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1. بۇلغىنىشنىڭ مەنبەسى:

(1) كېرەكسىز سۇ بىلەن بۇلغىنىش: قەشقەر شەھرىدە يىلىغا چىقىرىۋېتىلىدىغان ئومۇمىي كېرەكسىز سۇنىڭ مىقدارى 10 مىليون 516.300 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز سۇ 5 مىليون 886.300 توننا بولۇپ، چىقىرىۋېتىلىدىغان ئومۇمىي سۇنىڭ 55،97% نى ئىگىلەيدۇ؛ تۇرمۇشتىن چىققان كېرەكسىز سۇ 4 مىليون 630 مىڭ توننا بولۇپ، چىقىرىلىدىغان ئومۇمىي كېرەكسىز سۇنىڭ 44.03% نى ئىگىلەيدۇ؛ كۆپ جايلاردا كېرەكسىز سۇ چىقىرىۋېتىلىدىغان يەر ئاستى تۇرۇبىسى بولمىغاچقا 9 مىليون 460.700 توننا پاسكىنا سۇ چېچىش، تۆكۈش شەكلى بىلەن چىقىرىۋېتىلىدۇ، 76.600 توننا پاسكىنا سۇ يېزا ئىگىلىكىنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ياكى قۇدۇق ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدۇ.

قەشقەر شەھرىدە سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز سۇ بىلەن ئاساسلىق بۇلغاش مەنبەسى بولۇپ قالغان ئورۇنلار: قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، قەشقەر ئىلما-توقۇلما زاۋۇتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تېرە زاۋۇتى، قەشقەر تاشقى سودا شىركىتىنىڭ كېلە-

چىلىك زاۋۇتى، 6 – تىرانسپورت شىركىتى ھەم قەشقەر تاشقى سودا شىركىتىنىڭ ئۈچەي زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار. تۇرمۇشتىن چىققان پاسكىنا سۇ بىلەن ئاساسلىق بۇلغاش مەنبەسى: قەشقەر شەھىرىدىكى پاسكىنا سۇلار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەشقەر 1 – خەلق دوختۇرخانىسى، تىببىي مەكتەپ قارمىقىدىكى دوختۇرخانا، قەشقەر شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، ئۆپكە سىل كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى قاتارلىق داۋالاش ئورۇنلىرىمۇ بار. سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز سۇلار ۋە تۇرمۇشتىن چىققان پاسكىنا سۇلار بىر تەرەپ قىلىنمايلا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا تۈمەن دەرياسى ۋە قىزىل دەرياسىغا قويۇپ بېرىلمەكتە ياكى مۇھىتنى بۇلغىماقتا.

(2) ئاتموسفېرانى بۇلغاش مەنبەسى: ئاساسلىقى، يېقىلغۇ، قاتناش ۋە سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز گازدىن ئىبارەت 3 جەھەتتىكى بۇلغاش مەنبەسى تەكشۈرۈلدى.

1 ) يېقىلغۇ جەھەتتىكى بۇلغاش مەنبەسى: 1984 – يىلى قەشقەر شەھەر رايونىنىڭ كۆمۈر سەرپىياتى جەمئىي 192.279 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتە ئىشلىتىلگەن كۆمۈر 78.560 توننا، تۇرمۇشتا ئىشلەتكەن كۆمۈر 113.719 توننا. يېقىلغۇ ماي 56.207 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتتە ئىشلىتىلگەن ماي 31.445 توننا، قاتناشتا ئىشلىتىلگەن ماي 24.762 توننا. شەھەر بويىچە ھەر خىل پار قازان 118، بۇ سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان 69 پار قازاننى، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان 49 پار قازاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوچاق 31.925، تۇرخۇن 98، ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ پار قازىنى 2. يېقىلغۇدىن ھاسىل بولغان كېرەكسىز گازنىڭ يىللىق ئومۇمىي مىقدارى 3 تىرلىيون 43 مىليارت 400 مىليون ئۆلچەملىك كۇب مېتىر، گۈڭگۈرت 4 ئوكسىدى 1715.44 توننا، نىترت ئوكسىدلىرى 3784.95 توننا، چاڭ – توزاڭ مىقدارى 1906.7 توننا، كاربون چالا ئوكسىدى 3784.95 توننا.

2 ) قاتناشنىڭ بۇلغاش مەنبە ئىگىلىكى: قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر خىل موتورلۇق ماشىنىلار 10.361 دانە، يىللىق بېنزىن سەرپىياتى 9.706 توننا، دىزېل 19.417 توننا.

قاتناشنىڭ بۇلغىشى كۆچمە خاراكتېردىكى بۇلغاش مەنبەسىگە مەنسۇپ، ئاساسلىقى، نىترو ئوكسىدى، كاربون چالا ئوكسىدى، قورغۇشۇن قاتارلىق زەھەرلىك گازلار تارقىلىدق بۇلغىنىدۇ.

3 ) سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز گازنىڭ بۇلغىشى: تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، قەشقەر شەھەر رايونىدا جەمئىي 365 كارخانا، كەسپىي ئورۇن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تىپتىكىلىرى 3، كىچىك تىپتىكىلىرى 362، ( گۈڭشې – دۈي، مەھەللە كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئۇلار قويۇپ بېرىدىغان ئاساسلىق بۇلغىغۇچىلار گۈڭگۈرت 4 ئوكسىدى، نىترو ئوكسىدلىرى، كاربون چالا ئوكسىدى، چاڭ – توزاڭ قاتارلىقلار.

2 . قىزىل دەريا، تۈمەن دەريا سۈيى ( قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ): قەشقەر شەھىرىدە سانائەت تېخى تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن سانائەتتىن چىققان زەھەرلىك، زىيانلىق ماددىلارنىڭ سۇنى بۇلغىشى يېنىك دەرىجىدە بولۇۋاتىدۇ. سۇنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، دۆلەت بەلگىلىگەن 2 – دەرىجىلىك يەر ئۈستى سۈيى ئۆلچىمىگە چۈشىدۇ. لېكىن، سۇنىڭ ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ كەندە، قىغلىرى بىلەن بۇلغىنىشى ئېغىر بولغانلىقتىن، باك-

ئېرولوگىيە ئۆلچىمىدىن قارىغاندا سۇنىڭ سۈپىتى 3 - دەرىجىلىك يەر ئۈستى سۈيى ئۆلچىمىگە چۈشىدۇ.

3. يەر ئاستى سۈيى: 1984 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ 25 قۇدۇق سۈيىنى تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، گۈڭگۈرت كىسلاتا تۇزلىرىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان زەھەرلىك، زىيانلىق ماددىلار ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمىگەن. بۇ، قەشقەر شەھىرىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن سانائەتنىڭ بۇلغىشىغا ئۇچرىمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، سېمونت زاۋۇتى، كىلەمچىلىك زاۋۇتى، چىخ باشقارمىسىنىڭ سۇ قۇدۇقلىرىدىكى مىكروب ئومۇمىي سانى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە مىكروبى ئۆلچەمدىن ئازراق ئېشىپ كەتكەن. بۇ بىر نەچچە قۇدۇقنىڭ سۈيى بەلكىم ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كەندە-قىغلىرى بىلەن بۇلغانغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك. قەشقەر شەھىرىنىڭ يەر ئاستى سۈيىدە $SO_4''$ ، $C\bar{l}$ ، $C\ddot{a}^{+}$ ، $M\ddot{g}^{+}$ نىڭ مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى، بۇ گۈڭگۈرت كىسلاتا تۇزى ۋە ئوكسىدلار تىپىدىكى ئارىلاشما تىپلىك سۇدىن ئىبارەت

4. ھاۋا: 1984-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاسمىنىنى تەكشۈرگەندە، قەشقەر شەھىرىدە يىللىق چاڭ - توزاڭ يېغىش مىقدارىنى ھېساپلىغاندا ھەر ئايدا ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەردە 34 ~ 30 توننا بولۇپ، ئۆلچەمدىن 0.9 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن (ئۆلچەم بويىچە بولغاندا، يىللىق چاڭ - توزاڭ يېغىش مىقدارى، ھەر ئايدا، ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەردە 16 توننا بولسا بولاتتى).

دانچە ماددىلار: يىل بويى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق دەرىجىسى 2.02 مىللىگرام/كۇپ-مېتىر بولۇپ، ئۆلچەمدىن 5.74 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن ( 0.3 مىللىگرام/كۇپمېتىر بولسا ئۆلچەملىك بولاتتى ).

گۈڭگۈرت ئوكسىدى: يىل بويى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممىتى 0.055 مىللىگرام/كۇپ-مېتىر، قويۇقلۇق دائىرىسى 0.470 — 0.000 مىللىگرام/كۇپمېتىر بولۇپ، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 9.58% ( 0.15 مىللىگرام/كۇپمېتىر بولغان بولسا ئۆلچەملىك بولغان بولاتتى). لېكىن، شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلار رايونىدا قىشلىق ئىسسىنىش مەزگىلىدىكى گۈڭگۈرت 4 ئوكسىدىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى 0.17 مىللىگرام/كۇپمېتىر بولۇپ، ئۆلچەمدىن 13% ئېشىپ كەتكەن. ئاھالىلار بىر قەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا گۈڭگۈرت 4 ئوكسىدى بىلەن بۇلغىنىش يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بۇنى مۇھىمى ئاھالىلار قالىغان كۆمۈر كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلىنىدىغان رايونلاردا مەيلى ئىسسىنىش مەزگىلى بولسۇن ياكى ئىسسىنمايدىغان مەزگىل بولسۇن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمىگەن. ئاھالىلار رايونىدا ئىسسىنىش مەزگىلىدە گۈڭگۈرت 4 ئوكسىدىنىڭ مىقدارىنىڭ كۈنلۈك ئۆزگىرىشى مۇنداق: ئەتىگەن سائەت 9 دىن 10 غىچە بولغان ئارىلىقتا قويۇقلىقى 0.171 مىللىگرام/كۇپمېتىر، كەچ سائەت 19 دىن 20 گىچە 0.259 مىللىگرام/كۇپمېتىر، ئەتىگەن ۋە كەچلىك قويۇقلۇقى ئەڭ يۇقىرى.

نىترو ئوكسىدلىرىنىڭ يىل بويى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممىتى 0.024 مىللىگرام/كۇپ-مېتىر، قويۇقلۇق دائىرىسى 0.078 — 0.000 مىللىگرام/كۇپمېتىر، 480 دانە يىللىق ئەۋ-

رىشكىنىڭ بىرسىنىڭ تەركىبى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمىدى.

قىسقىسى، قەشقەر شەھىرىنىڭ ھاۋاسىدا چاڭ - توزاڭ كۆپ ياققانلىقتىن، دانچە ماددىلارنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى يۇقىرى، ئىسسىنىش مەزگىلىدە ئاھالىلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا، گۆڭگۈرت 4 ئوكسىدى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، ئازوت ئوكسىدلار ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمىگەن، دوپ دەرىجى چوققىسىدىكى ھاۋا كۆرسەتكۈچى بويىچە باھالىغاندا قەشقەر شەھىرىنىڭ ھاۋا قاتلىمى مۇھىتىنىڭ سۈپىتى "بىر قەدەر ناچار" چىقىپ قالدى.

5 . قاتتىق ئاۋاز:

1 . قاتناشتىن پەيدا بولغان قاتتىق ئاۋاز: قەشقەر شەھىرىنىڭ قاتناش پەيدا قىلىدىغان ئوخشاش ئۆلچەملىك ئاۋاز دەرىجىسى 71.3 دېتسىبېل (دۆلەت چوڭ قاتناش يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتناشتىن پەيدا بولىدىغان قاتتىق ئاۋاز 70 دېتسىبېلدىن ئېشىپ كەتمىسە بولمايدۇ دەپ ئۆلچەم بەلگىلىگەن). قەشقەر شەھىرىدە تەكشۈرۈلگەن 8 چوڭ يولنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 6 چوڭ يولدا قاتناشتىن پەيدا بولىدىغان قاتتىق ئاۋاز دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمەن يولدىكى قاتتىق ئاۋاز ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 76 دېتسىبېل، ئازاتلىق شىمالىي يولدا 73.7 دېتسىبېل، ئازاتلىق جەنۇبىي يولدا 72.2 دېتسىبېل، قىزىل دۆۋە يولدا 72 دېتسىبېل، سەمەن يولدا 70.9 دېتسىبېل، خەلق غەربىي يولدا 70.8 دېتسىبېل. ئۇندىن باشقا، خەلق شەرقىي يولدا 66.5 دېتسىبېل، جەنۇبىي تيانشان يولدا 68 دېتسىبېل بولۇپ، بۇ ئىككى يولدىكى ئاۋاز دەرىجىسى ئۆلچەمگە يېقىنلىشىدۇ.

2 . مۇھىتتىكى قاتتىق ئاۋاز: قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇھىتتىكى قاتتىق ئاۋاز دەرىجىسى 54.3 دېتسىبېل (مۇھىتتىكى قاتتىق ئاۋازنىڭ ئوتتۇرىچە ئوخشاش ئۆلچەملىك ئاۋاز دەرىجىسى بويىچە 55 - 51 دېتسىبېل بولسا، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىر قەدەر كۆپ جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ) قەشقەر شەھىرى ئىچى تېنچسىز، ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق رايون قاتارىغا كىرىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 12.6 كۋادرات كىلومېتىر جاينى تەكشۈرگەندە، 9.18 كۋادرات كىلومېتىر جايدىكى قاتتىق ئاۋاز 51 دېتسىبېلدىن ئېشىپ كەتكەن، بۇ تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 72.9% نى ئىگىلەيدۇ، مۇشۇ دائىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاھالە 76.681 كىشى بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 72.9% نى ئىگىلەيدۇ. 51 دېتسىبېلدىن تۆۋەن بولغان كۆلىمى پەقەت 3.42 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 27.1% نى ئىگىلەيدۇ، مۇشۇ دائىرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاھالە 28.566 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئاھالە ئومۇمىي سانىنىڭ 27.1% نى ئىگىلەيدۇ.

قىسقىسى، قەشقەر شەھىرىدە قاتناشتىن پەيدا بولىدىغان قاتتىق ئاۋاز، مۇھىتتىكى قاتتىق ئاۋاز ئارقىلىق بۇلغىنىش بىر قەدەر كۆپ.

1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى بىلەن ئاساسىي كەۋدە قۇرۇلۇشىنى تەڭ لايىھىلەش، تەڭ ئىش باشلاش، تەڭ پۈتتۈرۈشتىن ئىبارەت "3 تەڭ" فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىپ، يېڭىدىن بىنا بولىدىغان

بۇلغۇنۇشنى ئاساسى جەھەتتىن تىزگىنلىدى. پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇدىنىڭ پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسىنى بېكىتىش ۋاقتىدا، قۇرۇلۇش باشقارمىسى ئادەم ئەۋەتىپ ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇپ، مۇھىت ئاسراش جەھەتتە ئۈنۈملۈك مۇھاكىمە ئېلىپ باردى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش باشقارمىسى مۇھىت تەكشۈرۈش پونكىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇدىنىڭ مۇھىتىنىڭ تەگتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە مۇھىتقا بولىدىغان تەسىرىگە باھا بەردى. بۇ، نېفىت - خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشىنىڭ ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇشنى قاتتىق تىزگىنلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. قەشقەر 1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشى 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلۇش (كېڭەيتىپ قۇرۇش) تۈرى بولۇپ، 6 مىليون 400 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى. "3نى تەڭ ئېلىپ بېرىپ" چىقىرىندى سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشى ئالدىنقى مەزگىللىك قۇرۇلۇش ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. قۇرۇلۇش باشقارمىسى ۋە دوختۇرخانا ئۆگىنىش ۋە چىقىرىندى سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى لايىھىسىنى تاللاش ئۈچۈن ئىچكىرىگە ئادەم ئەۋەتتى ھەمدە چىقىرىندى سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالدى.

1984 - يىلى قۇرۇلۇش باشقارمىسى مۇھىت تەكشۈرۈش پونكىتى پەيزىۋات، پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇدى، قاغىلىق، يەكەن، يېڭىشەھەر، قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر، تاشقورغان ناھىيىلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچۇقلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، سۇنى تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنى سانلىق ئاساسقا ئىگە قىلدى ھەم باھالاپ چىقتى.

ئۇندىن كېيىنكى مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى - سانائەتتىن بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ داۋاملىق ياماناللىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىت ئاسراش خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت قۇرۇلۇشىدا تەڭ پىلانلاش، تەڭ يولغا قويۇش، تەڭ راۋاجلاندۇرۇش دېگەن فاڭجېن ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن، ئىقتىسات، ئىجتىمائىيەت، مۇھىتتىن ئىبارەت 3 ئۈنۈمنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ماسلاشتۇرغىلى، شەھەرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتىنى پاكىزە، گۈزەل، تېنچ قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا قەشقەر ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك رايونى، شۇڭا ئۇ چۆل سۇ مەنبەئىنى ئاسراش، چۆللىشىپ كېتىشنىڭ ۋە شورلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئورمان، يايلاقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە ياخشىلاش كېرەك. (جاڭ يىڭ)

# مالىيە پۇل مۇئامىلىسى

[مالىيە ئومۇمى ئەھۋالى] 1984 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مالىيە ئومۇمى كىرىمى 35 مىليون 37 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، 42 مىليون 142 مىڭ يۈەنلىك يىللىق ۋەزىپە 83.14% ئورۇنلاندى؛ ئالدىنقى يىلى نەقچوت قىلىنغان 44 مىليون 13 مىڭ يۈەندىن 20.39% تۆۋەنلەپ كەتتى. ئومۇمى چىقىم 196 مىليون 765 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، بېكىتىلگەن يىللىق خامچوت 185 مىليون 952 مىڭ يۈەن 105.81% ئورۇنلاندى؛ بۇ، يەرلىكتىن تەڭشەيدىغان خامچوت 220 مىليون 179 مىڭ يۈەننىڭ 89.37% نى ئىگىلەيدۇ، ئالدىنقى يىلى نەقچوت قىلىنغان 164 مىليون 913 مىڭ يۈەندىن 19.31% ئاشتى. كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندىن كېيىن چىققان پەرق 161 مىليون 728 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن تولۇقلاپ بەرگەن پۇل 150 مىليون يۈەن بولۇپ، تولۇقلاپ بېرىلگەن پۇلنىڭ كۆپلىگى يىللاردىكىدىن ئېشىپ كەتتى. خامچوتنى ئىجرا قىلىش نەتىجىسىدە كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭ بولدى، ئازراق ئېشىنچا قالدى.

مالىيە كىرىم ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزگەن ئاساسلىق سەۋەبلەر:

1. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، سودا نازارىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق ئالاقىدار ھۆججەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئامبار تەكشۈرۈشتىن كېلىپ چىققان زىيان 6 مىليون 691 مىڭ يۈەن بولۇپ، غەزىنىدىن كۆتۈرۈش يولىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

2. 6 خىل پاختا رەخت ( خادانى، كاجى، بەمزە، لاۋدۇگبۇ، فۇچۇ، رەڭلىك فۇچۇ ) نىڭ باھاسى چۈشۈرۈلۈپ غەزىنىدىن كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن بولغان زىيان 1 مىليون 468 مىڭ يۈەن.

3. يەرلىكتە ئىشلەنگەن پاختا توقۇلما بۇيۇملاردىن بىر قىسىملىق باھا چۈشۈرۈشتە بولغان زىيان ئۈچۈن غەزىنىدىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن پۇل 1 مىليون 101 مىڭ يۈەن.

4. پاختا رەختلەرنىڭ بازىرى كاسات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ـ سودا ئىشخانىسىنىڭ قارارى بويىچە قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن پاختا رەختلەرنى سېتىشتا ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېتىلغانلىرىغا توشۇش راسخودى ياردەم بېرىش يولىغا قويۇلدى، ۋىلايەت ئىچى ۋە سىرتىدا سېتىلغانلىرىغا توپ تارقىتىش باھاسى ئاساسىدا 12.5% دىن 25% كىچە پىرسەنت باھا چۈشۈرۈلدى. يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرگە مالىيىدىن بەرگەن ياردەم 2 مىليون 120 مىڭ يۈەن.

5. سودا توقۇلما ماللار شىركىتىنىڭ ئامباردا ساقلانغان پاختا رەختنىڭ ۋاقتى ئېشىپ كېتىپ ئۆسۈم ئۈچۈن مالىيىدىن ياردەم بېرىپ، غەزىنىدىن كۆتۈرۈۋېتىپ بىر تەرەپ قىلىنغان پۇل 1 مىليون 149 مىڭ يۈەن.

6. ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ئۇقتۇرۇشلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈر باھاسى تەڭشەلدى، كارخانىلارنىڭ يېقىلغۇ راسخودى ئۆستى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىدا ئىشلىتىدىغان كۆمۈر ئۈچۈن ياردەم پۇلى بېرىش يولغا قويۇلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا زىيالىيلارنىڭ ۋە چەكرا رايوندا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ياخشىلاش قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن كەملەپ كەتكەن كىرىم 1 مىليون 578 مىڭ يۈەن.

يۇقۇرقى 6 تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن كەملىگەن كارخانا كىرىمى جەمئىي 14 مىليون 107 مىڭ يۈەن.

كارخانىلارنىڭ كىرىمىدە بولغان زىيان 2 مىليون 24 مىڭ يۈەن، كەم قىلىنغان كىرىم 10 مىليون 690 مىڭ يۈەن، يۇقۇرىدىكى سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان 14 مىليون 107 مىڭ يۈەندىن ئىبارەت ئامىلنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئەمەلىي قىلىنغان كىرىم 12 مىليون 83 مىڭ يۈەن.

مالىيە كىرىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

بىرلىكى: ئون مىڭ يۈەن

| تۈرى | پىلان | ئورۇنلانغان سان | پىلانلىق پىلاننىڭ % نى ئىگىلىگەنلىكى | ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئاشقان ياكى كەملىگەن % |
|---|---|---|---|---|
| كارخانا كىرىمى | 866.6 | 1208.3 | 139.43 | 26.14 |
| سودا - سانائەت بېجى | 2230 | 2516.9 | 112.87 | 7.12 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى | 1057.6 | 1062.2 | 100.43 | 5.86 |
| باشقا كىرىم | 60 | 118.3 | 197.17 | 39.5 |
| جەمئىي | 4214.2 | 4509 | 106.9 | |

مالىيە كىرىمى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئوخشاش قەدەمدە ئۆرلەپ ماڭدى. سودا - سانائەتتىن ئېلىنىدىغان ھەر خىل باج ۋىلايەت مالىيە كىرىمىنىڭ 51.22% نى ئىگىلىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۇختا - قەدەم بىلەن داۋاملىق ئېشىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ، مالىيە كۈچىمىزنىڭ كېلىش مەنبەسى بويىچە ئاساسلىق تۈۋرۈك ۋە مالىيە چىقىمىدا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئامىل.

## مالىيە چىقىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەنلىك يۈەن

| تۈرى | پىلان | ئورۇنلانغىنى | يىللىق پىلاننىڭ % نى ئىگىلەيدۇ | ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئاشقان ياكى كېمەيگەن % ى |
|---|---|---|---|---|
| ئاساسىي قۇرۇلۇش | 1894.3 | 1750.7 | 92.41 | 35.51 |
| كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە تۈپلۈك ئۆزگەرتىش مەبلىغى | 670.7 | 594.2 | 88.59 | 41.1 |
| ئاددىي قۇرۇلۇش راسخودى | 53.9 | 43.7 | 81.07 | −29.63 |
| ئۈچ تۈرلۈك پەن-تېخنىكا راسخودى | 85.4 | 71.2 | 83.37 | 96.68 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ، ھاۋا رايى تارماقلىرىنىڭ كەسپىي راسخودى | 2034.9 | 1752.5 | 86.12 | |
| يېزا كوللېكتىپى-دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك چىقىمىغا بېرىلىدىغان ياردەم | 1881.6 | 1531.8 | 81.41 | |
| سانائەت، قاتناش قاتارلىق تارماقلارنىڭ كەسپىي راسخودى | 297.9 | 241.2 | 80.97 | 46.98 |
| شەھەر ئاسراش راسخودى | 47.3 | 72.9 | 154.12 | 124.30 |
| شەھەر-بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش راسخودى | 313.6 | 272.1 | 86.77 | 13.26 |
| مەدەنىيەت-مائارىپ، ئىلىم-پەن، سەھىيە ئىشلىرى راسخودى | 8047.2 | 7711.5 | 85.83 | 24.33 |
| باشقا تارماقلارنىڭ كەسپىي راسخودى | 109.4 | 93.1 | 85.10 | 33 |
| دەپنە ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش راسخودى | 484.4 | 460.1 | 94.98 | −0.023 |
| مەمۇرىي باشقۇرۇش راسخودى | 4089.2 | 3858.1 | 94.35 | 36.50 |
| باشقا چىقىملار | 1530.4 | 1223.4 | 80.46 | −12.17 |
| جەمئىي چىقىم | 22017.9 | 19676.5 | 89.37 | 19.31 |

1984-يىلى مالىيە چىقىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بىلەن خامچوتنىڭ ئورۇنلىنىش نىسبىتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يىل بولدى. پۈتۈن يىللىق مالىيە چىقىمى ئالدىنقى يىللىق نەق پۇل ھېساۋاتىدىن 31 مىليون 852 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 19.31% ئاشتى. چىقىم كۆپىيىپ، ۋىلايەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىش-لىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ

تۇرمۇشىدىمۇ ياخشىلىنىش بولدى. ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مۇئاشى 1983 - يىلدىكى 978.48 يۈەندىن كۆپىيىپ 1984 - يىلى 1143.72 يۈەنگە يەتتى. كۆپەيگەن قىسمى 165.24 يۈەن بولۇپ، 16.89% ئاشتى؛ دېھقانلارنىڭ ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 23.57% ئاشتى. ئاساسى قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ ۋە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك ھەر خىل چىقىملار زور دەرىجىدە ئاشتى. ئاساسى قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل 17 مىليون 507 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 مىليون 588 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 35.51% ئاشتى؛ كارخانىلاردا يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق تەرەپلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 942 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 732 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 41.1% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىلىدىغان كەسپىي راسخوت ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىلىدىغان تۈرلۈك چىقىملار 32 مىليون 893 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئازراق ئاشتى. سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ مۇنداق ئېشىپ بېرىشى — قەشقەرنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، كارخانىلاردا تېخنىك ئۆزگەرتىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ھەر قايسى تارماقلاردا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى زۆرۈر بولغان مەبلەغ بىلەن تەمىن ئەتتى. كىچىك تىپتىكى ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە سۇ، تۇپراقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ياردەم پۇللىرىنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، تۈرلەر بويىچە باشقۇرۇش، سۈرئەتكە قاراپ پۇل بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، چوڭ، ئوتتۇرا تۈرلەردە ئالدىن قەرز بېرىش، كېيىن تولۇقلاپ بېرىش يولغا قويۇلۇپ، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمى تېگىشلىك يوسۇندا جارى قىلدۇرۇلغانلىقتىن، گەرچە نەتىيازدا قۇرغاقچىلىق، يازدا كەلكۈن ئاپىتى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن يەنىلا بىر قەدەر زور مول - ھوسۇل ئېلىندى.

مائارىپ راسخودى 51 مىليون 764 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 25.62% ئېشىپ، 10 مىليون 556 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ئوقۇتىلىق ھالدا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىش تۇتۇلدى. يىل بويى يېڭىلانغان، ئۆزگەرتىلگەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 106.300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، خەتەرلىك ئۆيلەر مەسىلىسى ئاساسى جەھەتتىن ھەل قىلىندى.

(گاۋ دىڭشەن)

قوشۇمچە قىلىندى :

## مالىيە كىرىم ـ چىقىمىدا ئاچقۇچلۇق بولغان يىللارنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: ئون مىڭ يۈەن

| تۈرى | 1984 - يىل | 1983 - يىل | 1984 - يىلى 1983- يىلدىكىدىن ئاشقان، كېمەيگەن % | 1978 - يىل | 1984 - يىلى 1978- يىلدىكىدىن ئاشقان، كېمەيگەن % | 1950 - يىل | 1984 - يىلى 1950- يىلدىكىدىن ئاشقان، كېمەيگەن % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| (1) تۈرلۈك باج | | | | | | | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: سودا ـ سانائەت بېجى | 2516.9 | 2355.2 | 6.8 | 2082.7 | 20.8 | 130.6 | 19 ھەسسە |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى | 1062.2 | 1003.4 | 5.9 | 938 | 13.2 | 7.8 | 136 ھەسسە |
| (2) كارخانا كىرىمى | -2024 | 957.9 | | 86.8 | | | |
| (3) باشقا كىرىم | 118.3 | 84.8 | 39.5 | 121.7 | -2.8 | 90.7 | 30.4 |
| جەمئىي كىرىم | 3587.8 | 4401.3 | -18.5 | 3229.2 | 11.1 | 229.1 | 15 ھەسسە |
| (1) ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل | 1750.7 | 1291.9 | 35.5 | 4196.5 | -58.3 | | |
| (2) كارخانىلاردىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى | 594.2 | 421 | 41.4 | 764.5 | -22.3 | | |
| (3) ئاددىي قۇرۇلۇش راسخودى | 43.7 | 62.1 | -29.6 | 94.3 | -53.7 | | |
| (4) 3 تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا راسخودى | 71.2 | 36.2 | 96.7 | 24.3 | 104.9 | | |
| (5) دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، ھاۋا رايى تارماقلىرىدىكى كەسپىي راسخودى | 1757.5 | 2688 | 34.6 | 3529.4 | -50.2 | | |
| (6) يېزىلاردىكى كۆكلەش ـ دۆلەتلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىش چىقىمى | 1531.8 | 519.7 | 194.7 | 615.3 | 148.9 | | |
| (7) سانائەت، قاتناش قاتارلىق تارماقلارنىڭ كەسپىي راسخودى | 241.2 | 164.1 | 47 | 64.2 | 275.7 | | |
| (8) شەھەر ئاسراش راسخودى | 72.9 | 32.5 | 124.3 | 112.6 | -35.3 | | |
| (9) شەھەر ـ بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش راسخودى | 272.1 | 313.7 | -13.3 | 123.4 | 120.5 | | |
| (10) مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ كەسپىي راسخودى | 7711.5 | 6202.3 | 24.3 | 3355.5 | 129.8 | 35.6 | 216 ھەسسە |
| (11) باشقا تارماقلارنىڭ كەسپىي راسخودى | 93.1 | 70 | 33 | | | 0.1 | 930 ھەسسە |
| كوچمە مەبلەغ | | | | 593.1 | | | |
| (12) لەپقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش راسخودى | 460.1 | 470.7 | -2.3 | 297.2 | 54.8 | | |
| (13) مەمۇرىي باشقۇرۇش راسخودى | 3858.1 | 2826.3 | 36.5 | 15035 | 156.60 | 978.1 | 294.4 |
| (14) باشقا چىقىملار | 1223.4 | 1392.8 | -12.2 | 146.9 | 732.8 | | |
| جەمئىي چىقىم | 19676.5 | 16491-3 | 19.3 | 15552.7 | 26.5 | 1033.9 | 19 ھەسسە |

[مالىيەدىن ئەقىل بۆلىشنى ئېچىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ] قەشقەر ۋىلايىتى خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ھەر خىل پەن - تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش بويىچە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەشنى تېزلىتىش ئۈچۈن مالىيە مەبلىغىنى كۆپەيتتى. 1984 - يىلى مالىيەدىن ئەقىل بۆلىشنى ئېچىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ جەمئىي 55 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ 28.35% ىنى ئىگەللىدى، 1983 - يىلى ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان 44 مىليون 470 مىڭ يۈەندىن 25.45% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپنىڭ كەسپىي راسخودى 1984 - يىلى 51 مىليون 760 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ 1983 - يىلى ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان 41 مىليون 190 مىڭ يۈەندىن 25.62% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەلىم - تەربىيە راسخودى 4 مىليون 598 مىڭ يۈەن. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر قايسى كارخانا، مەمۇرى، كەسپىي ئورۇنلار ئومۇمىي مائاش ئىچىدىن 1.5% پۇلنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەشكە چىقىم قىلدى. ۋىلايەت بويىچە تەربىيەلەشكە چىقىم قىلىنغان پۇل 1 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەلىم - تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

بىرلىكى: ئون مىڭ يۈەن

| ئىسمى | بىرلىكى | يىل ئاخىرىدا مەكتەپتە بار ئوقۇغۇچىلار سانى | چىقىم قىلىنغان راسخوت | سىنىپ |
|---|---|---|---|---|
| سەنئەت سىنىپى | 1 | 37 | 6 | 1 |
| قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى | 1 | | 586 | |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مائارىپى | - | 3.384 | 429.5 | |
| (1) ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىفەن مەكتىپى | 2 | 1006 | 151.9 | 24 |
| (2) مالىيە - سودا مەكتىپى | 1 | 522 | 45 | |
| (3) تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | 1 | 729 | 68.9 | 12 |
| (4) يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى | 1 | 370 | 12.4 | 8 |
| (5) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكومى | 1 | 160 | 39.2 | 4 |
| (6) تىببىي مەكتەپ | 1 | 597 | 112.1 | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: مەللى ئالىي تېخنىكوم سىنىپى | | 160 | | 4 |

[ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى ياخشىلاندى] پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون چېگرا رايوندىكى ئىشچى-

خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئىمكانىيەن كۆڭۈل بولدى. بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاز بولمىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كۆپ خىزمەت ئىشلەپ كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە زىيالىيلارنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقىنى ئىشقا سالدى.

ۋىلايەت بويىچە 1984-يىلى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مالىيەدىن بەرگەن ۋە كارخانىلار تەقسىم قىلىپ بەرگەن كىرىمى 114 مىليون 327 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983-يىلدىكى 102 مىليون 179 مىڭ يۈەندىن 11.89% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تارماقلىرىدا 20.30%، مەدەنىيەت-سەنئەت تارماقلىرىدا 22.52%، مەمۇرى تارماقلاردا 15.09%، سانائەت، قاتناش كارخانىلىرىدا 17.63% ئاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1984-يىلدىكى ئالاقىدار ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن 1984-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە زىيالىيلار ياردەم پۇلى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ چېگرا رايوندا خىزمەت قىلغان يىلىغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇل ۋە تۇراقسىز مۇئاش يولغا قويۇلدى.

مالىيەدىن «3 خىل» راسخوتنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى

پۇل بىرلىكى: مىڭ يۈەن

| تارماقلار | تۇراقسىز مۇئاش | | چېگرا رايوندا خىزمەت قىلغان يىلىغا بېرىلگەن ياردەم | | زىيالىيلار ياردەم پۇلى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئادەم سانى | چىقىم قىلىنغان پۇل | ئادەم سانى | چىقىم قىلىنغان پۇل | ئادەم سانى | چىقىم قىلىنغان پۇل |
| كارخانىلار چىقىمى | 3,665 | 293 | 22,973 | 1,085 | 748 | 82 |
| يېزا ئىگىلىك سۇ ئىنشائاتى كەسپىي راسخوتى | 2,312 | 246 | 6,580 | 329 | 1,022 | 107 |
| مەدەنىي-مائارىپ، ئىلىم-پەن، سەھىيە راسخوتى | 17,402 | 1,408 | 25,890 | 1,162 | 6,113 | 626 |
| مەمۇرى باشقۇرۇش راسخوتى | 6,408 | 502 | 13,544 | 760 | 1,912 | 210 |
| باشقا چىقىملار | 415 | 45 | 129 | 54 | 123 | 13 |
| جەمئىي | 30,319 | 2,505 | 70,581 | 3,407 | 9,939 | 1,042 |

يۇقىرىدىكى 3 تۈر ئۈچۈن مالىيىدىن جەمئىي 6 مىليون 954 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى.

ئۇندىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈرلۈك باھاسى تەڭشەلگەنلىكتىن، ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان كۆمۈر ۋە ئىسسىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كۆمۈر باھاسىغا ياردەم بېرىش يولغا قويۇلۇپ، مالىيىدە چىقىم 3 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەمگە قوشۇپ بېرىلگەن پۇل 30 يۈەنگە يەتتى. مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارغا بېرىلگەن مۇددەتتىن يىل ئاخىرىدا ئېشىنغان پۇلنى مۇكاپات قىلىپ بېرىش ۋە شەخسلەرگە ئازلىق پۇلى تارقىتىپ بېرىش قاتارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان بۇ تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مالىيە تارماقلىرى تەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە ئاساسىي جەھەتتىن مەخسۇس تۈر بويىچە ياردەم بەرمىدى. ئاساسلىقى ۋىلايەتنىڭ مالىيە جۇغلانمىسىغا ۋە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، راسخوتنى تېجەشكە تايىنىپ ھەل قىلدۇق. (گاۋ دىڭشەن)

**[خامچوت سىرتىدىكى مەبلەغ]** 1984-يىلى خامچوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى 49 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى 43 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن 14.17% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە تارماقلىرى باشقۇرىدىغان كىرىم 3 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 12.85% ئاشتى؛ كەسپىي ئورۇنلار ۋە مەمۇرىي ئورۇنلار باشقۇرىدىغان كىرىم 12 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 43.61% ئاشتى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە باشقۇرغۇچى تارماقلار باشقۇرىدىغان ھەر خىل مەبلەغ 33 مىليون 880 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.23% ئاشتى.

خامچوت سىرتىدىكى مەبلەغ ئىچىدىن قىلىنغان چىقىم 44 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.81% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش چىقىمى 14 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.7% كەملىدى؛ پاراۋانلىق، مۇكاپات چىقىمى 6 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 47.55% ئاشتى؛ شەھەر ئاسراش چىقىمى 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 39.66% ئاشتى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 4 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 107.56% ئاشتى؛ مەمۇرىي، كەسپىي راسخوت چىقىمى 7 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3% ئاشتى.

سېتىۋېلىنغان غەزىنە چېكى جەمئىي 2 مىليون 670 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى جۇغلانما قالدۇق 49 مىليون 710 مىڭ يۈەن. (گاۋ دىڭشەن)

**[مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى]** قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇپەتتىش باشقارمىسى 1984-يىلى 3-ئايدا قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ مالىيە-پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىمىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قى-

لىش، 4 ـ لەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش. «بىر تەرەپتىن تەشكىللىنىش، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، مۇپەتتىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن دەرھال خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. بىرىنچىدىن مۇپەتتىشلىك ئاپاراتى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى تۇتتى. ۋىلايەتلىك مۇپەتتىش باشقارمىسىغا 14 ئادەم سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋانى بارلار 11 كىشى بولۇپ، ئومۇمى سانىنىڭ %78.6 نى ئىگىلىدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە مۇپەتتىش ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا 70 ئادەم سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل ئۇنىۋانى بارلار جەمئىي 54 كىشى بولۇپ، سەپلەنگەن خادىملارنىڭ %77.7 نى ئىگىلىدى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلار ۋەمەركەز ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ھەر قايسى ئورۇنلىرىدا پەيدىن ـ پەي مۇپەتتىش بۆلۈمى قۇرۇلدى ۋە مەخسۇس ئادەم قويۇلدى. بوغالتىر كۆۋالىق خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ۋىلايەتلىك بوغالتىرلار مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇلۇپ 40 كىشى ئىجرائى ھەيئەتلىككە سايلاندى. بۇ شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلاردا قۇرۇلغان تۇنجى بوغالتىرلىق مۇلازىمەت ئورنى. ئىككىنچىدىن، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇپەتتىش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، مۇپەتتىش باشقارمىسى ۋىلايەت بويىچە مۇپەتتىش كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنىڭ 3 يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك مۇپەتتىش باشقارمىسى بىرىنچى قارارلىق مۇپەتتىش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ئۇگىنىشكە 66 كىشى قاتناشقان بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە مۇپەتتىش كادىرلىرى ئومۇمى سانىنىڭ %78.6 نى ئىگىلىدى. ئۈچىنچىدىن، دەسلەپكى قەدەمدە مۇپەتتىشلىك كەسپىي خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 22 ئورۇندا سىناق تەرىقىسىدە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ 20 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەسىلە بار مەبلەغنى تېپىپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغىنى 2 مىليون 984 مىڭ يۈەن. مەسىلە سېزىلگەن مۇشۇ مەبلەغ ئىچىدە قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا ياتىدىغىنى 9 مىليون 574 مىڭ يۈەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ياتىدىغىنى 6 مىليون 108 مىڭ يۈەن، ھېساۋاتتىكى خاتالىققا ياتىدىغىنى 4 مىليون 388 مىڭ يۈەن. بوغالتىرلار مۇلازىمەت ئورنىمۇ مەسىلە بار مەبلەغدىن 150 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى تېپىپ چىقتى.

## مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرەيلى

مەمۇرى مەھكىمە مۇپەتتىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جۇشيەن

ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، مەمۇرى ئورگانلارنى ئىخچاملاش، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، كارخانىلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىش كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇپەتتىش، مالىيە، بانكا، باج قاتارلىق تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىش ۋە

باشقۇرۇشتىكى رولىنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى ئەس-
تايىدىل تەكشۈرۈش ۋە جىددى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ — تۈرلۈك ئىسلاھاتنىڭ ساغ-
لام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان زۆرۈر كاپالەت. مۇپەتتىشلىك 4 لەشتۈرۈش قۇرۇ-
لۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسى، باش نىشانى ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدۇ. مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىك ئارقىلىق مالىيە ئىنتىزامىنى قوغداپ، پارتىيە ئىس-
تىلىنى توغرىلاپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىق-
تىسادنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ،
ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئەڭ
ئاخىرقى مەقسىتى. شۇڭا تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، مۇپەتتىشلىك ئىسلاھات ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىدۇ، مۇپەتتىشلىك قىلغۇچى ئورۇن بىلەن نازارەت قىلىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ نىشا-
نى، مەنپەئەتى بىردەك. مۇپەتتىشلىك ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتكەندىلا ئىقتىسادىي ئىسلا-
ھاتنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتا مۇپەتتىش-
لىك، نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىمىزنىڭ بىر پىرىنسىپى بار، ئۇ بولسىمۇ، چوڭ تەرەپ-
لەرنى باشقۇرۇش، ياخشى باشقۇرۇش، كىچىك تەرەپلەرنى قويۇۋېتىش، جانلىق بولۇش،
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشقا، ئۈنۈمنى
ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغانلىرىنى كەڭ قويۇۋېتىش؛ مالىيە ئىنتىزامىنى قوغداشقا، زىيان
ۋە ئىسراپچىلىقنى ئازايتىشقا، ناچار ئىللەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق بولغان چا-
رە، بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، مۇۋاپىق قاتتىق بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئىسلاھات.

ھازىرقى ئىسلاھات دولقۇنى ئىچىدە بىر خىل يېڭى ناتوغرا كەيپىيات ئوتتۇرىغا
چىقتى. ئۇ بولسىمۇ، ئاز ساندىكى ئادەملەر ئىسلاھات بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ،
مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، پۇل ۋە ماددى ئەشيانى
قالايمىقان تارقىتىپ، ئومۇمنى شىلىپ ئۆزىنى سەمرىتىپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئە-
تىگە زىيان سالدى، ئىسلاھاتقا كاشىلا بولدى. بۇ خىل ناتوغرا كەيپىياتقا قارىتا ئىسلاھات
داۋامىدا مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش تېخىمۇ مۇھىم. دۆلىتىمىزدە
مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئاساسى قانۇندا بەلگىلەنگەن. ئىسلا-
ھات داۋامىدا مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك، بۇ — ئاساسى قانۇن مۇپەت-
تىشلىك تارماقلىرىغا تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋەزىپە. مەلۇم مەنادىن ئېيتقاندا، ئىقتىسات
قانچە جانلانسا نازارەتنى شۇنچە كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. خۇددى گوۋۇيۈەندىكى رەھبە-
رى يولداشلار ئېيتقاندەك «خەلق ئىگىلىكى قانچە راۋاجلانسا، تۈرلۈك ئىسلاھاتلار قانچە
چوڭقۇرلاشسا، ئىقتىسادىي پائالىيەت قانچە كۆپخىل بولسا، سىرتقا قارىتىلغان ئىقتىسات قان-
چە كېڭەيسە، مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى شۇنچە كۈچەيتىش كېرەك».

نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىدە، مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىكنى
قانداق قىلغاندا توغرا يولغا قويغىلى بولىدۇ؟ گوۋۇيۈەننىڭ 1984- يىلدىكى ئالاقىدار ھۆججەت-
لىرىدە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «نۆۋەتتە، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى
ئىنتايىن ئېغىر بولماقتا، دائىرىسى كەڭ بولۇپلا قالماستىن مىقدارىمۇ كۆپ، شۇنداقلا ئۇسۇ-
لىمۇ كۆپ، قايتا - قايتا تەكشۈرۈلۈۋاتسىمۇ يەنە قايتا سادىر بولماقتا. بۇ — پارتىيە ئىس-

تىلى توغرا بولماسلىقتەك، جەمئىيەت كەيپىياتى توغرا بولماسلىقتەك بىر مۇھىم تەرەپ، جايلار، تارماقلار بۇ ئىشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم». مالىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش، ئومۇمىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن بىر يۈرۈش پۇختا مۇپەتتىشلىك سىستېمىسى ۋە مالىيە نازارەتچىلىك سىستېمىسى قۇرۇش بەكمۇ زۆرۈر. بىز گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشىمىز، چەكلەشكە تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى چەكلىشىمىز كېرەك. بەزى ئورۇنلار سىنىڭ سىياسىتىڭ بار بولسا، بىزدە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسى بار دەپ قارىماقتا، گەرچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن قايتا-قايتا تەكىتلىگەن بولسىمۇ، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ، قايتا-قايتا تەكشۈرسە قايتا-قايتا سادىر قىلماقتا. مۇپەتتىش تارماقلىرى مۇنداق ناتوغرا كەيپىياتنى تۈزىتىشقا، باشقۇرۇشقا، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، قانۇن بويىچە مۇپەتتىشلىك، نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك، ھەم تارماقلارنىڭ، كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ھەم دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا تېخىمۇ كاپالەتلىك قىلىش، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ جانلىق، رەتلىك، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەت كىرىمىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

مۇپەتتىش ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى، مالىيە، ئىقتىسادىي قانۇن-تۈزۈم بويىچە مۇپەتتىشلىك قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن بىز نازارەتچىلىك قىلىشتا رىئايە قىلىدىغان نەرسە بولماي قالىدۇ. ئەلۋەتتە، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ بەزىلىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەممىسىنى نامۇۋاپىق دېگىلى بولمايدۇ. مۇۋاپىق، توغرا بولغان ئەمرى-پەرمان، تۈزۈملەر، بولۇپمۇ، مەركەز ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش، بەلگىلىمىلىرى مۇپەتتىشلىكنىڭ ئاساسى. مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى دۆلەت، يەرلىك، كارخانا، شەخسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، ھەر قايسى تارماق، كارخانىلارنىڭ مالىيە نەقچوتى راس بولىدىمۇ - يوق، ئۆزى خالىغانچە تەننەرق، راسخودىنى كۆپەيتىدىغان، چىقىم ئۆلچىمىنى ئۆستۈرىدىغان، يالغانچىلىق قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ كىرىمىنى ئىگەللەپ كېتىدىغان ئەھۋالنىڭ بار-يوقلۇقىنى؛ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باج-پايدىنى ۋە ئېنېرگىيە فوندىنى تاپشۇرماي ئېلىپ قالىدىغان، مۇكاپات پۇلىنى تاپشۇرماي ئېلىپ قالىدىغان ئەھۋالنىڭ بار-يوقلۇقىنى نازارەتچىلىك قىلىپ تەكشۈرىدۇ؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تاپشۇرغان مەخسۇس ئەندىزىلەرنى تەكشۈرىدۇ؛ كارخانىلارنىڭ كىرىمىدە دۆلەت چوڭراق، كارخانىلار ئوتتۇرا ھاللىراق، شەخسلەر ئازراق مەنپەئەتلىنىش دېگەن سىياسەت، پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىدىغان ئەھۋالنىڭ بار-يوقلۇقىنى، مالىيىگە دائىر ئەمرى-پەرمان، تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىدىغان ئەھۋالنىڭ بار-يوقلۇقىغا نازارەتچىلىك قىلىپ تەكشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلەتنىڭ مالىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سۈرىدۇ. مالىيە ئىنتىزامىغا

بىرىپ ئاقىلىدىغان بۇنداق زور مەسىلىلەردە چوقۇم پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئەستايىدىل ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.

بىزنىڭ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىمىزدە پرىنسىپ جەھەتتە، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە خىلاپلىق قىلماسلىق، دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، بەزى جانلىق ئىشلەش ئۇسۇلى بولىدۇ، ئىسلاھات داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى شەيئى، يېڭى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، كونكرېت مۇئامىلە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، ھەم قانۇن بويىچە تەكشۈرىدۇ ھەم ئۆلۈك ھالدا ئىجرا قىلمايدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەقىلغە مۇۋاپىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. مۇپەتتىش ئورگانلىرىمىز ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە مۇئەييەن سۈپەتكە ئىگە مۇپەتتىش خادىملىرىنى چىقىرىپ كارخانىلارنىڭ ئىسلاھ قىلىش چارىلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا ياردەم قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، قەشقەر ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

[ **باج خىزمىتى** ] 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باج خىزمىتىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ 2 - باسقۇچى ۋە سودا-سانائەت باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. باجنىڭ پىشاڭلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلگىرى سۈرۈلدى. تۇراقلىق باج يىغىش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە مالىيە ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇئەييەن تۆھپە قوشۇلدى.

1984 - يىلى 8 - ئايدا ۋىلايەتلىك مالىيە ئاپاراتى بىلەن باج ئاپاراتى ئايرىم-ئايرىم تەسىس قىلىنىپ، مەمۇرى مەھكىمە باج ئىشلار باشقارمىسى قۇرۇلدى. باج ئىشلىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

بىر يىلدىن بۇيان ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە ( شەھەر ) 25 مىليون 160 مىڭ يۈەن سودا - سانائەت بېجى يىغىپ، ئەسلى پىلاندىكىدىن 11.4% ئاشۇردى. 2 مىليون 860 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇلۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.16% كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولغان قۇۋۋەت مەنبەئى، قاتناش فوندى ئۈچۈن 3 مىليون 830 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.6% ئارتۇق. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن يىغىۋېلىنغان ئاپاۋەت بېجى 12 مىليون 720 مىڭ يۈەن، ماي كۆيدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ئالاھىدە باج 608 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش بېجى 830 مىڭ يۈەن.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش چارىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدىسى باجغا ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن ئاپاۋەت بېجى يىغىۋېلىندى. سودا-سانائەت باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئەسلىدىكى سودا - سانائەت بېجى، مەھسۇلات بېجى، تىجارەت بېجى، قىممىتىنى ئۆستۈرۈش بېجى، بايلىق مەنبەئى بېجى ۋە تۇز بېجى،

چىغا ئۆزگەرتىلدى . بىر يىلدىن بۇيان باج ئىشلىرى تارماقلىرى يىغىۋالغان كىرىم جەم-
ئى 43 مىليون 160 مىڭ يۈەن ( سودا كارخانىسىنىڭ ئەزنىسىدىن كۆتىرىۋەتكەن 9 مىليون
يۈەن پۇلنى ئەسلى ھېساپتىن چىقىرىۋەتكەندە ، شۇ يىلقى 42 مىليون 88 مىڭ يۈەن مالى-
يە كىرىمىنىڭ 85% تىنى ئىگىلىدى).

ۋىلايەت بويىچە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچتىكى ئىسلاھات ۋە-
زىپىسى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاندى. پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش چارىسى ئەمەلىيەتتە باج يىغىش
تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى مۇھىم بىر تەدبىر، شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان
ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشتىكى بۇسۇپ ئۆتۈش ئېغىزى. پايدىنى باجغا
ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار دۆلەتكە پايدا تاپشۇرىدىغان
ئەھۋال ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەت كارخانىلارنىڭ پايدىسىنى دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئېلىنىدى-
غان تاپاۋەت بېجى قىلىپ يىغىۋالىدىغان بولدى. باجدىن كېيىنكى پايدا پۈتۈنلەي كار-
خانىنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت مالىيە كىرىمىنىڭ مۇقىم ئۆسۈشى
كاپالەتلەندۈرۈلدى، ھەم كارخانىلار ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش
جەھەتتە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى؛ شۇ-
نىڭ بىلەن بىر چاغدا باجنىڭ ئىقتىسادىي پىشاڭلىق رولى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى. ۋى-
لايەت بويىچە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتكەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت-قاتناش، سودا،
تەمىنات-سودا، مەدەنىيەت-مائارىپ قاتارلىق كارخانىلار 236 گە يەتتى. 1983-يىلد-
كى ئاساسىي سان بويىچە ھېساپلىغاندا ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار-
دىن يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك تاپاۋەت بېجى 8 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولۇپ، يۇقۇرىغا تاپ-
شۇرۇشقا تېگىشلىك تەڭشەش بېجى 728 مىڭ يۈەن، ئىككىسىنى قوشقاندا يىغىۋېلىشقا تې-
گىشلىك باج 9 مىليون 568 مىڭ يۈەن. ئەسلىدىكى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باجدىن 2 مىل-
يون 300 مىڭ يۈەن ئازايدى ( يەنى كارخانىغا كۆپ قالدۇرۇلدى ). يىغىۋېلىنغان باج-
نىڭ ئېشىشى ۋە كېمىيىشىنى تەڭشەش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ 1983-يىلدىكى پايدا قال-
دۇرۇش سەۋىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىندى، دۆلەتنىڭ كارخانىلارغا بولغان ياردىمى كەۋ-
دىلەندۇرۇلدى. پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش چارىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، باج يىغىش
تەڭشەلگەندىن كېيىن ۋىلايەتنىڭ 1983-يىللىق كارخانىلاردا ئەمەلىي قالدۇرۇلغان پاي-
دىسى 10 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىپ ھېساپلاپ چىق-
قاندا كارخانىغا باجدىن كېيىن قالدۇرۇلغان پايدا 12 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولدى. كار-
خانىلارغا قالدۇرۇلغان پايدا 16% ئۆستى؛ يەنى 16 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولدى. ھەر
بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن قالدۇرۇلغان پايدا 501 يۈەن بولۇپ، 69 يۈەن كۆپەي-
دى. مۇكاپاتنى ھېساپلاشتا ھەر بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرا كەلگىنى
143 يۈەن بولۇپ 45.9% ئۆستى. ( ۋاڭ زۇڭشى )

**[پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پۇل
مۇئامىلە سىستېمىسى جۇڭگو خەلق بانكىسى ۋە جۇڭگو سودا-سانائەت بانكىسى، جۇڭگو يېزا
ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى، جۇڭگو خەلق خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى-
نىڭ تارماق ئورگىنى ھەمدە يېزا ئىناۋەتلىك قەرز كوپىراتىپلىرىدىن تەشكىل تاپقان.

خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر تارماق بانكىسى مەخسۇس جۇڭگو بانكىسىنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان مۇكەممەل بانكىسى، بانكىنىڭ بانكىسى. ئۇنىڭ باشقا كەسپىي بانكىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەمۇرى جەھەتتە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى، كەسپىي جەھەتتە رەھبەرلىك قىلىش مۇناسىۋىتى بولماستىن ئاساسلىقى ئىقتىسادىي ۋاستە ھەم زۆرۈر تېپىلغان مەمۇرى ۋاستە، قانۇنى ۋاستە ئارقىلىق بولىدۇ، ماكرولۇق جەھەتتە ياخشى باشقۇرىدۇ، قاتتىق تىزگىنلەيدۇ، مىكرولۇق جەھەتتە قويۇۋېتىدۇ، جانلاندۇرىدۇ. ۋىلايەتتىن تۆۋەندە تارماق ئاپارات تەسىس قىلىنمايدۇ، بەزى زۆرۈر كەسپىي ئىشلار ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلىنىدۇ.

سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكىسىغا قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لىك تارماق بانكىلار 13، بانكا كادىرلار مەكتىپى 1، ئامانەت قويۇش ئورنى، تىجارەت پونكىتى 37، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 900 دىن ئارتۇق، سودا - سانائەت ئىنئاۋەتلىك قەرز ۋە پۇل ئامانەت قويۇش كەسپىنى كونكرېت بېجىرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكىسىغا تەۋە ناھىيە (شەھەر) لىك تارماق بانكا 12، مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى 1، بانكا كادىرلار مەكتىپى 1، تىجارەت ئورنى 134، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 1100 دىن ئارتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنئاۋەتلىك قەرز كوپراتىپى 138، گۇڭشې ئىنئاۋەتلىك قەرز كوپراتىپى 878، ئىنئاۋەتلىك قەرز كوپراتىپىنىڭ كادىرلىرى 1150 دىن ئارتۇق. ئىنئاۋەتلىك قەرز كوپراتىپى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، يېزا پۇل مۇئامىلە كەسپىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولۇپ، دۆلەت پۇل مۇئامىلە ئاپاراتىنىڭ يېزىلاردىكى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل ھېساۋات يۈرگۈزىدۇ، پايدا-زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. ئۇ پۈتكۈل پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان يېزا كوللېكتىپ پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىدۇر.

جۇڭگو بانكىسى قەشقەردە ئىش باشقارمىسى قۇردى، ئۇ چەتئەل پېرېۋوتى، تاشقى سودا جەھەتتىكى كەسپلەرنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكىسىغا تەۋە ناھىيىلىك تارماق بانكا 6، ئۇ مەخسۇس ئاساسىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى كەسپىنى بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالغان. ھازىرچە مەمۇرى جەھەتتە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىۋاتىدۇ.

جۇڭگو خەلق خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى قەشقەر مەركىزىي تارماق شىركىتىگە تەۋە ناھىيىلىك شىركەت 5، ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنى 26، بۇ نۇرغۇن ئەگرى-توقايلىقلار ئارقىلىق 1982- يىلى ئەسلىگە كەلگەن پۇل مۇئامىلە ئورگىنى بولۇپ، تۈرلۈك خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپلىرىنى بېجىرىدۇ.

ۋىلايەت بويىچە سودا - سانائەت بانكا سىستېمىسى 1984- يىلى توپلىغان تۈرلۈك ئامانەت قالدۇقى 220 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ (ئىنئاۋەتلىك قەرز فوندى بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ)، ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 42 مىليون 850 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ 24% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر-بازارلاردىكى پۇل ئامانەت 29 مىليون 240 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 27.9% ئاشتى. كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 13 مىليون 570 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ

18.9% ئاشتى. تۈرلۈك قەرز قالدۇقى 180 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئۈچۈن قەرز بېرىلگەن پۇل 4 مىليون 570 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئۈچۈن قەرز بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ئاشلىق ئۈچۈن قەرز بېرىلگەن پۇل 6 مىليون 580 مىڭ يۈەن كېمەيدى. كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە قەرز بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. پەرقلىق سوممىسىغا قاراپ ھۆددە بېرىلگىنى بويىچە ھېساپلىغاندا قەرزدىكى پەرق 25 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، يۇقۇرىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن كۆرسەتكۈچتىكىدىن 38 مىليون 860 مىڭ يۈەن تېجەپ قىلىندى. خەلق بانكىسىدىن قەرز ئېلىنغان پۇل 5 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنغان ئامانەت مەبلىغى 5 مىليون 510 مىڭ يۈەن. سودا - سانائەت ئىناۋەتلىك قەرز جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت ساھەسىدىكى كارخانىلارغا قەرز پۇل تارقىتىشتا بۇرۇنقى كونا رامكىلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، مەدەنىيەت، پەن - تەتقىقات، ساياھەت، مۇلازىمەت قاتارلىق ئورۇنلارغىمۇ پۇل قەرز بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا كوللېكتىپ ۋە شەخسى ئىگىلىككە ياردەم بېرىش كېڭەيتىلدى. ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە ئۈچۈن قەرز بېرىش يېقىندا يولغا قويۇلغان يېڭى كەسىپ بولۇپ، 1984- يىلى 40 تۈر ئۈچۈن قەرز پۇل تارقىتىلدى. دەسلەپكى ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 850 مىڭ يۈەن، يېڭى كۆپەيگەن باج پايدا 1 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولۇپ، سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇلدى.

يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسى توپلىغان تۈرلۈك پۇل ئامانىتى 234 مىليون 740 مىڭ يۈەن (ئىناۋەتلىك قەرز فوندى بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 38 مىليون 570 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ 24% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا-بازارلاردىكى پۇل ئامانىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8 مىليون 540 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ 29.8% ئاشتى. تۈرلۈك قەرز بېرىلگەن قالدۇق سومما 225 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 71 مىليون يۈەن كۆپىيىپ 45.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا سودىسى ئۈچۈن قەرز بېرىلگەن پۇلنىڭ قالدۇق سوممىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 68 مىليون 740 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ 49.4% ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئۈچۈن قەرز بېرىلگەن پۇل ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 مىليون 330 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ 58% ئاشتى. پەرقلىق سوممىسىغا قاراپ ھۆددە بېرىلگىنى بويىچە ھېساپلىغاندا ئامانەت پەرقىنىڭ 8 مىليون 815 مىڭ يۈەن بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىناۋەتلىك قەرز كوپىراتىۋىغا كۆڭشې، دۆي كوللېكتىپ ئامانەت قويغان پۇل ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 مىليون 960 مىڭ يۈەن كېمىيىپ، 8% ئازايدى. كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15 مىليون 540 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 27.6% ئاشتى. ئىناۋەتلىك قەرز كوپىراتىۋى بەرگەن تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 مىليون 990 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ 118% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ قەرز ئالغان پۇلى 4 مىليون 760 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 122% ئاشتى.

ۋىلايەت بويىچە پۇلنىڭ تارقىلىش مىقدارى 139 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلغاندىن بۇيان پۇل ئەڭ كۆپ تارقىتىلغان بىر يىل بولدى. ئالدىنقى يىلدىكى-

گە قارىغاندا 43 مىليون 200 مىڭ يۈەن، %44.9 كۆپ تارقىتىلدى. سودا - سانائەت بانكا سىستېمىسى ھەزىنىگە يىغىۋالغان پۇل 44 مىليون490 مىڭ يۈەن بولۇپ، ۋەزىپىدىن 4 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئاشۇردى. يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسى 183 مىليون 890 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىپ ۋەزىپىدىن 43 مىليون 890 مىڭ يۈەن ئاشۇردى، %31.3 كۆپ تارقاتتى.

پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى 1984 - يىلىدا ئاساسەن 2 چوڭ ئىش قىلدى: بىرسى، شىنجاڭ بويىچە 18 شەھەرلىك بانكىلارنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى 8 - ئايدا قەشقەردە ئېچىلدى. سودا - سانائەت بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئۇچۇر تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مودىرى شاۋچيۈمىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تارماق بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ ۋى يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. باھالاشتا قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا ئىناۋەتلىك قەرز خىزمىتىدە بىرىنچى بولدى. ئىككىنچىسى، شىنجاڭ خەۋپسىزلەندۈرۈش خىزمىتى بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇچاستكا يىغىنى 5 - ئايدا قەشقەردە ئېچىلدى. بۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.
(ۋۇ ليەنشاڭ)

**[پۇل ئوبوروتى]** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھەر - يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئىسلاھات قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى پۇل ئوبوروتىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرى:

1 . پۇل ئوبوروتىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە ئۆزگىرىش بولدى، شەھەر - يېزىلاردىكى كارخانىلارغا قارىتا «بوغۇچ يېشىۋېتىش، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىش» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ئورۇنلار نەق پۇل ئىشلىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، نەق پۇل سودىسى ۋە نەق پۇل ئوبوروت يوللىرىنى كۆپەيتتى. دىخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا نەق پۇل بېرىش نىسبىتى يۇقىرى بولدى. 1981-يىلى %30 ئەتراپىدا بولغان بولسا، 1982 - يىلى %50 كە ئۆستى، 1983-يىلدىن كېيىن يېزىلاردا پۈتۈنلەي ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىش يولغا قويۇلغانلىقتىن، ئاساسەن ھەممىسىگە نەق پۇل بېرىلدى؛ يەككە تىجارەتچى ئائىلىلەر سىرتقا چىقىپ مال سېتىۋالغاندا پۈتۈنلەي نەق پۇل بىلەن سودا قىلدى؛ ھەر قايسى ئورۇنلار ئىشخانا بويۇملىرىنى سېتىۋالغاندىمۇ نەق پۇل ئىشلەتتى. 1984-يىلى مەمۇرى مەھكىمە، كارخانا، كەسپىي باشقۇرۇش راسخودى ئۈچۈن كىرىم - چىقىم قىلىنغان نەق پۇل ئالدىنقى يىلدىكىدىن %32.1 ئاشتى.

2 . پۇل ئوبوروتىنىڭ زىچلىقى ئاشتى. شەھەر - يېزىلاردىكى كارخانىلارنى باشقۇرۇشتا ھۆددە تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، يېزىلاردىكى «ئىككى ئائىلە» نىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ شەھەرلەردىكى يەككە ئائىلەرنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئالاھىدە تېز بولدى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ قولىدىكى ئوبوروت مەبلىغى ئاشتى، چارۋا ئېلىپ ساتىدىغان كەسپىي ئائىلەر ھەمىشە 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ. بېلىق ئېلىپ ساتىدىغان كەسپىي ئائىلەر مىڭ نەچچە يۈەن، نەچچە مىڭ يۈەن پۇل كۆتىرىپ يۈرىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋالىنى تېپىك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، 65 يەككە سودا-سانائەتچىلەر ئائىلىسى تەكشۈ-

رولگەن كۆپى ئۇلارنىڭ ساقلاپ قالغان پۇلى ئوتتۇرىچە ھېساپ بىلەن ھەر بىر ئائىلىگە 434.62 يۈەندىن توغرا كەلگەن (ئەمەلىيەتتە بەزىلەرنىڭ بۇ ساندىن يۇقۇرى).

3. پۇل ئوبوروتى ۋاقىت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى. قەشقەر ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان ۋىلايەت، پۇل يېزىغا تارقىتىلىپ شەھەردە يىغىۋېلىنىدىغان بۇ قانۇنىيەت يەنىلا رول ئوينىماقتا. لېكىن، يېزىلاردا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتىن كېيىن دىخانلارنىڭ كىرىمى پەسىل خاراكتېرىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇچراپ ئاشىدىغان ياكى كېمىيىدىغان ئەھۋال پەيدىن - پەي ھالدا ئىنىقلىق، بىر قەدەر تەكشۈك بولغان كىرىمگە ئۆزگەردى. ۋىلايەت بويىچە 1953 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە بولغان 22 يىل جەريانىدا پۇل ئوبوروت قانۇنىيىتى ئادەتتىكى يېرىم يىلدا يىغىۋېلىش، كېيىنكى يېرىم يىلدا تارقىتىش بولۇپ كەلگەن ئىدى، 1976 - يىلدىن كېيىن يىل بويى تارقىتىشقا ئۆزگەردى. 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقنى ئايلارغا بۆلۈپ قارىغاندا، 9- ئايدىن 12- ئايغىچە بولغان ھەر قايسى ئايلارنىڭ تارقىتىلىش نىسبىتى، سانىدا ئۆزگىرىش بولۇپ مۇددەتتىن بۇرۇن تارقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. 1981 - يىلى 9- ئايدا تارقىتىلغان پۇلنىڭ سالمىقى شۇ يىلى تارقىتىلغان پۇل ئىچىدە 37% نى ئىگىلىگەن، 1984 - يىلى 9 - ئايدا 54% كە ئۆرلىگەن، 10-ئايدا 15% دىن 17% كە ئۆرلىگەن. 1984 - يىلى 9-، 10- ئايدا تارقىتىلغان پۇل 92 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇ يىل بويى تارقىتىلغان ئومۇمى پۇلنىڭ 66% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 9- ئايدا تارقىتىلغىنى 70 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇ 1953 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە بولغان 16 يىل جەريانىدا تارقىتىلغان پۇلنىڭ ئومۇمى يىغىندىسىغا تەڭ كېلىدۇ.

4. پۇل ئوبوروت سۈرئىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. ماركسنىڭ پۇل توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىدىن قارىغاندا، پۇل ئوبوروت سۈرئىتى پۇلنىڭ ئومۇمى مىقدارىدىن تاۋار باھاسىنىڭ ئومۇمى سوممىسىنى چىقىرىۋەتكەنگە تەڭ. 1984 - يىلى پۇل ئوبوروت سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن موھىم ئامىللار: شەھەر - بازارلاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارى كۆپەيدى، تەخمىنەن ھېساپلاشتىن قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە 1984 - يىلى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى تەخمىنەن 180 مىليون يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 30 مىليون يۈەن، 1982 - يىلدىكىدىن 50 مىليون يۈەن، 1981 - يىلدىكىدىن 60 مىليون يۈەن، 1980 - يىلدىكىدىن 80 مىليون يۈەن ئارتۇق. ئوبوروت دائىرىسى كەڭ بولدى. كۆپخىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، 1984 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە يەككە سودا - سانائەتچىلەر جەمئىي 17.797 ئائىلە، شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 26.534 كىشى بولۇپ، 1980 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 8 ھەسسە ۋە 8.8 ھەسسە ئاشتى، 1984 - يىلى بازار سودىسىدا پۈتكەن سودا مىقدارى 243 مىليون 948 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.92% ئېشىپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمى سوممىسىنىڭ 45.5% نى ئىگىلىدى، ئوبوروت دائىرىسى كۆپ كېڭەيدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ ئامبارلىرىدىكى تاۋارلىرى ئىچىدە مەسىلە بار تاۋارلار كۆپ بولدى، سودا باشقارمىسىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، 1984 - يىلىنىڭ 3- پەسىل ئاخىرىدا ئامباردا ساقلانغان ئومۇ-

مى تۇۋار تەمىنلىمىنىڭ 34% ىندە مەسىلە بار ئىكەن، تەمىنلەشكە بولىدىغان تۇۋارلارنىڭ مىقدارى ئازراق ئىكەن؛ ۋىلايەت بويىچە 1984 - يىلدىكى شەكىللەنگەن سېتىۋېلىش كۈچى 1983 - يىلدىكىدىن 33% ئاشتى، ئەمەلىيەتتىكى سېتىۋېلىش كۈچى ئاران 17.8% ئاشتى، كېچىكتۈرۈلگەن سېتىۋېلىش كۈچى 26.8% ئاشتى؛ ھەر 100 يۈەن نەق پۇل چىقىمى ئىچىدە تۇۋار خاراكتېرلىك يىغىۋېلىنغان پۇل ئاران 35.79 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.1% ئازىيىپ كەتتى (تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيە 58 يۈەن بولغان ئىدى). دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ مال سېتىپ تاپقان نەق پۇل كىرىمى 15.8% ئاشتى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپ سېتىقىدا 6.2% ئاشتى، تۇۋار خاراكتېرلىك يىغىۋېلىش ئىقتىدارى تۆۋەن، ماللىشىشچانلىقى ناچار بولدى. مۇشۇ ئامىللاردىن قارىغاندا، پۇل ئوبوروت سۈرئىتى رۇشەن ھالدا ئاستىلاپ كەتكەن، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرى ھەر بىر يۈەن پۇل بىلەن تۇۋار باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى 1:4.06 بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 0.11 يۈەن تۆۋەنلەپ كەتكەن، 1982 - يىلدىكىدىن 0.31 يۈەن تۆۋەنلەپ كەتكەن. (ۋو لېشىلىڭ)

**[شەھەر - يېزىلاردىكى پۇل ئامانىتى]** خەلقنى پۇلنى تېجەش، ئامانەت قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش دۆلەتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئىقتىسادىي سىياسىتى، بانكىنىڭ پۇلنى ئامانەت قويۇشقا جەلپ قىلىپ، ئامانەت توپلىشى دۆلەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەبلەغ جۇغلاشنىڭ مۇھىم مەنبەسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك بانكىلار «پۇل ئامانەت قويۇش ئىختىيارى، پۇل ئېلىش ئەركىنلىك، ئامانەت قويغان پۇلغا ئۆسۈم بېرىش، ئامانەت قويغۇچىلار ئۈچۈن سىر ساقلاش» پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پۇل ئامانەت قويۇشقا دائىر تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاپ، خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈردى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ قالدۇقى 171 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا 37 مىليون 790 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ 28.4% ئېشىپ، يەنە تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيە ياراتتى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى 6 يىل ئىچىدە ئامانەت قويۇلغان پۇل ناھايىتى تېز كۆپەيدى، ساپ ئاشقان مۇتلەق سان ئالدىنقى 28 يىل ئىچىدە ساپ ئاشقان سانىنىڭ 2.79 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. يېزىلاردا گوڭشې ئەزالىرى ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقىنى قوشۇپ، ھەر بىر نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندا، 1984 - يىلدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەمگە 99 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا 20 يۈەن ئاشتى، 1982 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 38 يۈەن ئاشتى. پۇل ئامانىتى كەسپىي بانكىلارنىڭ قەرز مەبلىغىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغى ئىچىدە تۇتقان سالمىقى پۇختا قەدەملەر بىلەن ئۆرلىمەكتە، 1978 - يىلى 44.5% نى، 1983 - يىلى 55.1% نى، 1984 - يىلى 57.6% ئىگىلىدى.

ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار 1984 - يىلى پۇل ئامانەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يېڭىچە قولاي ئۇسۇللاردا «باشقۇرۇش» (باشقۇرۇشنى تازا چىڭ تۇتۇش، قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھېسابلاش سۈ-

پەتمىنى ئۆستۈرۈش) نى ئازا چەك تۈزدى؛ «مەشىق» (ئاساسىي ماھارەت مەشىقىنى كۈچەيتىش، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش) نى كۈچەيتتى؛ «ياخشى» بولۇش (5 بولۇش، 4 گۈزەل، 3 نى قىزغىن سۆيۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە پائالىيىتىنى كۈچەيتىپ، ھەر قايسى ئامانەت توپلاش ئورۇنلىرى «ئىككى ياخشى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى) نى گەۋدىلەندۈردى؛ «تەشۋىقات» (پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا پۇل ئامانەت قويۇشقا دائىر تەشۋىقاتنى ياخشى قىلىش) نى ياخشى ئېلىپ باردى؛ مەۋقەنى «ئىسلاھات» (مەۋقەنى ئىسلاھاتقا قويۇپ، يېڭى كەسپلەرنى يولغا قويۇپ، پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ تەرەققىياتىنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىستېمالغا يېتەكلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش) قا قويدى. (ۋۇ لېشىڭ)

**[يېزا پۇل مۇئامىلىسى]** 1984 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى يېزا پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1983-، 1984 - يىللىرىدىكى ئىككى 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭ تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، زور كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، مەبلەغ توپلاپ، يېزا ئىگىلىكىگە قەرز مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تاۋار ئوبوروتى يوللىرىنىڭ راۋانلىشىشىنى قوللىدى. 1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 234 مىليون 747 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 24.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ قالدۇقى 130 مىليون 963 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.4% ئاشتى. يېزا ئامانىتى 37 مىليون 152 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29.9% ئاشتى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارقاتقان تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 225 مىليون 932 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 45.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا سودىسى ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇل 207 مىليون 791 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 49.9% ئاشتى. كوممۇنا، ئەترەتلەرگە قەرز بېرىلگەن پۇل 10 مىليون 867 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر مىليون 27 مىڭ يۈەن ئازايدى.

1984 - يىلى ئىناۋەتلىك قەرز كوپىراتىپىدا تۈرلۈك ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 125 مىليون 653 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپنىڭ ئامانەت قويغان 53 مىليون 853 مىڭ يۈەن پۇلى بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 مىليون 967 مىڭ يۈەن ئازايدى. كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى 71 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.6% ئاشتى. ئىناۋەتلىك قەرز كوپىراتىپلىرى تارقاتقان تۈرلۈك قەرز پۇللىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 9 مىليون 228 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 117.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كوممۇنا ئەزالىرى قەرز ئالغان پۇل 8 مىليون 647 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 122.5% ئاشتى.

1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدىكى بىر قانچە ئالاھىدىلىك:

1. «ئىككى ئائىلە» نىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۆپخىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. يېزىلارغا پۇل قەرز بېرىش سىياسىتى كەڭ قويۇۋېتىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى، ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ «ئىككى ئائىلە» گە پۈتۈن يىل ئىچىدە قەرز بەرگەن ئومۇمىي پۇلى 56 مىليون 121 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 48.6% ئاشتى ھەمدە ھېساپ ئېچىش، ھېساپنى بوغۇش جەھەتتە «ئىككى ئائىلە» گە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى.

2. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىۋىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىغا پۈتۈن يىل ئىچىدە قەرز بەرگەن ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 745 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.1% ئاشتى.

3. يالتىراق يىپەك كېۋەز تېرىشنى كېڭەيتىشكە مەدەت بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى، ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپلىرى 1984 - يىلى يالتىراق يىپەك كېۋەز تېرىش ئۈچۈن، 9 مىليون 909 مىڭ يۈەن قەرز تارقاتتى. بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9 مىليون 760 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. سېتىۋېلىنغان يالتىراق 581.6 توننا.

4. سودا تارماقلىرىنىڭ ئوبوروت ھالقىلىرىنى جانلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىلدى. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تارقىتىلغان قەرز 396 مىليون 206 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 68.7% ئاشتى. يېزىلاردىكى كوللېكتىپ، شەخسىي سودا-سانائەتچىلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل 6 مىليون 588 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 72.1% ئاشتى.

5. ئىناۋەتلىك قەرز سوممىسى ھەم بېيىشقا ياردەم بېرىش ھەم نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. 1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە 23.406 قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە 2 مىليون 430 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 7872 قىيىنچىلىقى بار ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى 1982 - يىلى باشلانغان ئىدى، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 285 ئورۇن تەرتىپكە سېلىنىپ بولدى. بۇ تەرتىپكە سېلىشقا تېگىشلىك ئورۇنلار سانىنىڭ 98% نى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان ئورۇن 145 بولۇپ، بۇ تەرتىپكە سېلىنغان ئورۇنلارنىڭ 50% نى ئىگىلەيدۇ، يەكەن ناھىيىلىك تارماق بانكا ۋىلايىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا ئەڭ بالدۇر لاياقەتلىك بولغان ئورۇن بولۇپ قالدى. كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپلىرىدىمۇ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. «3 خاراكتېر» ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ۋىلايىتىمىز بويىچە يېڭى قوبۇل قىلىنغان پايچىك 11.200 گە، كۆپەيتىلگەن پاي پۇلى 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. (ۋاڭ يۈكاڭ)

**[ جۇڭگو بانكىسىنىڭ قەشقەر ئىش باشقارمىسى ]** جۇڭگو بانكىسىنىڭ قەشقەر ئىش باشقارمىسى 1969 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇ 1967 - يىلى «جۇڭگو-پاكىستان چېگرا سودا

كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن چېگرا سودىسىنىڭ ھەمراۋات ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان. 15 يىلدىن بۇيان، ئۇ تۈرلۈك چەتئەل پىرۇۋوت كەسپىنى بېجىرىش ئارقىلىق چېگرا رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئۇنىڭ كەسپىي ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى. ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ۋىلايىتىمىزنىڭ غەيرى سودىدىن بولغان چەتئەل پىرۇۋوت كىرىمى 1979 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە جەمئىي 1 مىليون 828 مىڭ يۈەن (1 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چەتئەل پۇلىغا تېگىشلىگىنى 563 مىڭ يۈەن، مۇھاجىرلار پىرۇۋوتى 1 مىليون 265 مىڭ يۈەن بولۇپ، تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى.

ئۇندىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تورغات ئېغىزى جۇڭگو - سوۋېت سودىسىدا مال ئالماشتۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى. 1955 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك خەلق بانكىسى مۇشۇ ئېغىزدا ئىش بېجىرىش ئاپاراتى قۇرۇپ، مەخسۇس ئېلىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋرۇپا دۆلەتلىرىگە ئېكسپورت قىلغان ماللىرىنىڭ ھەمراۋاتىنى قىلاتتى. 1969 - يىلى بۇ ئېغىزدا مال ئالماشتۇرۇش توختىدى، بۇ بانكا ئاپاراتىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمەلدىن قالدى. 1982 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت سۆھبىتىدە مۇشۇ ئېغىزدا مال ئالماشتۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، ئىككىنچى يىلى مۇشۇ ئېغىزدىكى بانكا ئاپاراتىمۇ ئەسلىگە كېلىپ، سىرتقا قارىتا جۇڭگو بانكىسىنىڭ تورغات ئىش باشقارمىسى دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ، سىرتقا قارىتىلغان كەسپىي خىزمەتلەرنى داۋاملىق بېجىرىپ، جۇڭگو - سوۋېت سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ۋىلايىتىمىزدىكى ئىش باشقارمىسىنىڭ كونكرېت كەسپىي ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. چەتئەل پۇلىنى تېگىشىپ بېرىش كەسپى. سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشكە ئەگىشىپ چەتئەللىكلەر، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، شياڭگاڭ - ئاۋمېنلىق قېرىنداشلاردىن قەشقەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىدىغانلار، تۇغقان يوقلايدىغانلار يىلسايىن كۆپەيدى. بۇ يىل 3000 دىن ئاشتى. چەتئەل پۇلى ۋە ساياھەت چېكىنى تېگىشىش كەسپىمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1982 - يىلى قونجىراپ ئېغىزى ئېچىلغاندىن كېيىن، بىز يەنە تاشقورغان ناھىيىسىدە پۇل تېگىشىش توچكىسى قۇرۇپ، چېگرىدىن كىرگەن مېھمانلارغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردۇق. خىزمەتتە قىزغىن كۈتۈۋېلىش، قاچان كەلسە شۇ چاغدا بېجىرىپ بېرىش، توغرا ھېسابلاش، رەسمىيەت ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىلىدىغان پىرۇۋوت ئىسپات قەغىزى بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو، چەتئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتۇق، ۋىلايىتىمىزنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

مۇھاجىرلارنىڭ پىرۇۋوتىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش كەسپى. ئالدىنقى يىلدىكى ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ۋىلايىتىمىزدا ئېرىسىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى 10 مىڭغا يېقىن،

ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ تۇغقانلىرى 2825 ئائىلە، 14،579 نوپۇس، ئازات بولغاندىن كېيىن، مۇھاجىرلار پېرېۋوتىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە مۇھاجىرلار پېرېۋوتى جەمئىي 183 مىڭ يۈەن بولغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى بانكىلار «مۇھاجىرلار پېرېۋوتىنى قوغداش، مۇھاجىر قېرىنداشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈردى ھەم مۇھاجىرلارنىڭ پېرېۋوتى ئۈچۈن ماددىي ئەشيا سېتىپ بېرىش، ئامانەت قويغان پۇلغا ئۆسۈم بېرىشتە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش قاتارلىق چارىلارنى يولغا قويۇپ، ۋەتەنگە قايتقان كەڭ مۇھاجىرلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن مۇھاجىرلار پېرېۋوتى زور ھەجىمدە ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

3. تاشقى سودا ئىناۋەتلىك قەرز كەسپى. بىز تاشقى سودا ئىناۋەتلىك قەرز خىزمىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئىشلىدۇق: بىرىنچىدىن، مال سېتىۋېلىشتا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلىدۇق. شۇ يىلى تارقىتىلغان قەرز پۇل 5 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، تاشقى سودىنىڭ مال كىرگۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىلدى؛ ئىككىنچىدىن، ئىناۋەتلىك قەرزنى باشقۇرۇش قاتتىق بولدى، سېتىلىشىغا قاراپ مال كىرگۈزۈش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تاشقى سودىنىڭ مال كىرگۈزۈش بىلەن مال سېتىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىلىپ، بېسىلىپ قېلىش ئازايتىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي پائالىيەت تەھلىلى قانات يايدۇرۇلۇپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى؛ تۆتىنچىدىن، تاشقى سودا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ماسلىشىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش كەسپىنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەريانىدا، قەرز پۇلنى يۆتكەپ بېرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى؛ بەشىنچىدىن، تاشقى سودا يېپەكچىلىك زاۋۇتىغا مەخسۇس تۈر بويىچە 319 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلىپ، بۇ زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلىۋېلىشىغا مەدەت بېرىلدى، ھازىر ئىشلەپچىقىرىش، ئېكسپورت ئەسلىگە كېلىپ، ۋىلايىتىمىز تاشقى سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

4. چېگرا سودىسىنىڭ ھېساۋات خىزمىتى. 1969 - يىلى جۇڭگو - پاكىستان چېگرا سودىسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز شۇ كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، چېگرا سودىسىنىڭ ھېساۋىنى خاتىرىلەش، ھېساپ سېلىشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىدۇق. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگو - پاكىستان ئىككى تەرەپنىڭ مال ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى ياخشى بولدى، ئالدىنقى يىلدا كەم قالغان قىسمى كېيىنكى يىلدا تولۇقلاندى. جۇڭگو - پاكىستان ئىككى تەرەپ بانكىسىنىڭ ھېساۋاتى يىلمۇ - يىل ئېنىق سېلىشتۇرۇلۇپ، تۇردى. 1984 - يىللىق سودىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 500 مىڭ پاكىستان رۇپىيىسى بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.65% ئاشتى، مۆلچەرلىشىمىزچە بانكا پائال ماسلاشقانلىقتىن ۋەزىپە ئورۇنلىنىشى مۇمكىن، بۇ - جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇقىنى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ياخشى رول ئوينايدۇ.

# خەۋپسىزلەندۈرۈش خىزمىتى

**[ خەۋپسىزلەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ]** قەشقەر ۋىلايەتلىك خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى 1982 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلدى ھەم دۆلەت ئىچىدىكى خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ( دۆلەت ئىچىدىكى خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپى 1958 - يىلى توختۇتۇلغان ئىدى ). 1984 - يىلى ۋىلايەتلىك خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى 11 ناھىيەدىكى خەلق بانكا، يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىدا خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە ( شەھەر )دە كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش، ماتورلۇق ماشىنىلارنى خەۋپسىزلەندۈرۈش، ئائىلە مال - مۈلۈكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش، ۋېلسىپىتنى يۈتۈپ كېتىشتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش، دۆلەت ئىچىدە توشۇلىدىغان مالنى خەۋپسىزلەندۈرۈش، كىشىلەرنى جىسمانى جەھەتتىن كوللېكتىپ خەۋپسىزلەندۈرۈش، كىشىلەرنىڭ جىسمانى جەھەتتىن ئۇشتۇمتۇت زەخىملىنىشىنى كوللېكتىپ خەۋپسىزلەندۈرۈش، تاشيول يولۇچىلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەخىملىنىشىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپىنى يولغا قويدى؛ يەنە يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلە، ئۇقتىدارلىق ئائىلىلەرنىڭ توخۇ بېقىشىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش ۋە بۇغداي خامىنىنى ئوت كېتىشتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپىنى پائال تۈردە سىناق قىلىپ يولغا قويدى. ۋىلايەت بويىچە مال - مۈلۈكنى خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشقان ئورۇنلار 296، مال - مۈلۈكنى خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشقان شەخسلەر 5384 ئائىلە، جىسمانى جەھەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشقان كىشىلەر 21897 نەپەر. خەۋپسىزلەندۈرۈلگەن ئومۇمىي قىممىتى 320 مىليون يۈەن بولۇپ، خەۋپسىزلەندۈرۈشكە بولىدىغان مال - مۈلۈكنىڭ 40% نى ئىگىلىدى. خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشقان ماشىنا 3860 دانە بولۇپ، خەۋپسىزلەندۈرۈشكە بولىدىغان ماشىنىلارنىڭ 29% نى ئىگىلىدى. ھەر خىل خەۋپسىزلەندۈرۈشتىن قىلىنغان ئومۇمىي خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى 1 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققىدىن ئاشقان كىرىم 990 مىڭ يۈەن، كۆپىيىش نىسبىتى 283% . بىر يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن ھەر خىل زىيان ئەنزىسى 1983 - يىلدىكى 126 دىن كۆپىيىپ 460 گە يەتتى. خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى " تەشەببۇسكار بولۇش، تېز بولۇش، توغرا بولۇش، مۇۋاپىق بولۇش " دېگەن بىر تەرەپ قىلىش، تۆلەپ بېرىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، 393 پارچە ئەنزىنى تەكشۈرۈپ خۇلاسە چىقاردى، تۆلەپ بەرگەن پۇلنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۆلەپ بېرىشنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتى 1983 - يىلدىكى 26% دىن 44% گە چىقىپ، ئىقتىسادنى تولۇقلاش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى تېچلاندۇردى. يەكەن ناھىيە بازىرىدىكى توخو باققان كەسپىي ئائىلە مۇدبېجۇن توخۇ بېقىشنى خەۋپسىزلەندۈرۈش رەسمىيىتى ئۆتەپ 450 يۈەن خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى تۆلىگەن ئىدى. 1984 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى توخو ۋاباسى تۈپەيلىدىن 2375 توخۇسى ئۆلگەن، خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا 9500 يۈەن تۆلەپ بېرىپ، ئۇنى ۋەيران بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى. ئۇ كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا: " ئاپەت رەھىمسىزلىك قىلىۋىدى، پارتىيە رەھىم قىلدى، خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى مېنى قۇتقۇزىۋالدى، خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى راستىنلا خەۋپسىزلەندۈرىدىكەن " دېدى. ( خوي جۇنگۋاڭ )

# سودا

## سودا ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بارايلى

قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى: سەيدىخان بارات

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدە پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش سودا ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئىزدىنىش ئارقىلىق مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بولۇپمۇ 1984 - يىلى ۋىلايىتىمىزدە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى ئاممىۋىلىقى، باشقۇرۇش جەھەتتىكى دېموكراتىيىسى ۋە تىجارەت جەھەتتىكى جانلىقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش مەزمۇن قىلىنغان يېزا سودا تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ قىلىنىش، كۆپخىل ئىگىلىك شەكلى، تىجارەت شەكلى ئورنىتىش، كۆپخىل ئوبوروت يولىنى تۇرغۇزۇشتەك سودا ئوبوروت تۈزۈلمىسىگە ئىگە شەھەر سودا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) ئىچىدە قەشقەر شەھىرىدىن باشقا ناھىيىلەردە بىرلەشمە كوپېراتىپ قۇرۇلدى؛ ۋىلايەت بويىچە 14 ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلاردا دەسلەپكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى؛ 83% دىخان ئائىلىسى پاي قوشتى، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ ئەزالىرى قوشقان پاي سومىسىنىڭ كوپېراتىپنىڭ كۆچمە مەبلىغىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن بۇرۇنقى 6% دىن 10% كە ئۆرلىدى؛ تىجارەت دائىرىسى ۋە مۇلازىمەت ساھەسى كېڭەيدى ۋە يېڭىدىن ئېچىلدى. يېزىلاردىكى "ئىككى ئائىلە، بىر گەۋدە"گە يار - يۆلەك بولۇش، ھەر خىل شەكىلدىكى بىرلەشمە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، دىخان - چارۋىچىلارنى كۆپخىل مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش، ئۇلارنىڭ ئەمگەك بىلەن بېيىشىغا ياردەم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا جەھەتتە، 1984 - يىلى پائال تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا، 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئايرىۋېتىلدى، ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسىغا بىۋاسىتە قارايدىغان سودا، توقۇمىچىلىق، مېتال بويۇملار، قەن - شېكەر، ھاراق، تاماكا، ئىستېمالدىن ئىبارەت 5 شىركەت بۇ يىلى 1 - ياۋاردىن باشلاپ قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوبوروت ھالقىلىرى ئازايتىلىپ، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش، پايدا-زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشقا قاراپ مېڭىشتا خوشاللىنارلىق قەدەم تاشلاندى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرى سودا مەركىزىي قورۇۋاتماقتا؛ كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تېخىمۇ ئەمەلىلەشتۈرۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. مالىيە، باج، بانكا ئىشلىرى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش، پۇل ئاجرىتىشنى پۇل قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش قاتارلىق كونكرېت كەسپىي سىياسەت جەھەتلەردە بىر قاتار زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، پۈتكۈل شەھەر ئىقتىسادىي تۈ-

زۇلمە ئىسلاھاتى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىتلارنى تەييارلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلىپ، ئوبوروت ئىلگىرى سۈرۈلدى.

بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن سودا خىزمەتلىرىدە ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلدى. 1984 - يىلى ۋىلايەتنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمى سوممىسى 420 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22% ئاشتى؛ تاۋار سېتىش ئومۇمى سوممىسى 471 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.4% ئاشتى؛ ئىجتىمائى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمى سوممىسى 507 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13% ئاشتى؛ ئاشلىق، پاختا قاتارلىق دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە سېتىۋېلىش - تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. مالىيە كىرىمى (سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغان ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە) 49 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكى نەق چوتتىن 11.6% كۆپەيدى، مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجمى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات ھەجمىدىن ئېشىپ كەتتى؛ شەھەر - يېزىلاردىكى يىل ئاخىرىدىكى پۇل ئامانەت سوممىسى 171 مىليون 80 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى يىل شۇ مەزگىلدىكىدىن 28.3% كۆپەيدى.

1985 - يىلى - پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، شەھەر مەركەز قىلىنغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قانات يايدۇرۇلىدىغان تۇنجى يىل. بىز «يولۇق تېخىمۇ چوڭ بولۇش، قەدەم تېزىرەك بولۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. يېزا سودىسى جەھەتتە، دەسلەپكى ئىسلاھات ئاساسىدا، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تەمىنات سودا كوپىراتىپلىرىنى ئىدىيە، تەشكىلى - تۈزۈم جەھەتتىن ھەقىقىي تۈردە كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى ھەمكارلىق سودىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش؛ ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرىنى ئىقتىسادىي رايونلارغا ئاساسەن تەسىس قىلىش ۋە ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەڭشەشنى داۋاملىق تۈردە ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى تىجارەت قىلىش ئاساس قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال سودا مەركەزلىرىنى تۇرغۇزۇش، تىجارەتنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا، كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ھالقىنى دەۋر قىلىنغان ھالدا، يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش؛ ھەر قايسى توپ تارقىتىش كارخانىلىرى، چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تىجارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدا چوڭراق تەرەققىيات بولۇش، بىر قانچە تىپىك تەجرىبىلەرنى تۇتۇپ، ئاكتىپ تۈردە تەشكىللەپ يولغا قويۇش، يېمەك - ئىچمەك كارخانىلىرى ۋە كىچىك تىپتى-

كى پارچە سېتىش كارخانىلىرىدىكى «ئۆزگەرتىش، يەڭگۈشلەش، ئىجارىگە بېرىش» خىزمىتىدە يېڭى بۆسۈش بولۇش كېرەك. دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش جەھەتتە، بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنى پەيدىن - پەي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، توختام بويىچە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىش لازىم. مالىيە، باج جەھەتتە، 2 - قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە، «باج تۈرىنى ئايرىش، كىرىم - چىقىمنى بېكىتىش، دەرىجىگە ئايرىپ ھۆددىگە بېرىش» تىن ئىبارەت يېڭى مالىيە تۈزۈلمىسىنى ئىجرا قىلىش؛ يېزىلىق ھاكىمىيەت قۇرۇش سىنىقىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم.

ۋىلايىتىمىزدە ئۆتكەن بىر يىلدىكى سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا بەزى ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە مەسىلىلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن نىشان توغرا. نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى — يېڭى شەيئى بولغاچقا، تەجرىبىلىرىمىز يېتەرسىز. شۇڭا، ئىسلاھات داۋامىدا بەزى ئوڭۇشسىزلىقلاردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. مەسىلە — ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىش، بىر قەدەم ئالغا مېڭىپ، بىر قەدەم قاراپ بېقىش، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرىنى سەزگەن ھامان تېزدىن تۈزىتىشتە. بىز ئۇلۇغ ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە باتۇرلۇق بىلەن ئاتلىنىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، ئىجات قىلىشىمىز، يېڭىلىق يارىتىشىمىز كېرەك. ئومۇمىلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىر تۇتاش قەدىمى بويىچە، نۇقسانلارنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ ۋە ئۈنۈمدىن ساقلىنىپ، ئىسلاھات خىزمىتىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، «دەسلەپكى چەكتە ئېھتىياتچان بولۇپ، چوقۇم غەلىبە قىلىشىمىز» لازىم. سودا ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك.

**[قەشقەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىۋاتقان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىسى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىدە 1984 - يىلى يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى.

11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە 62 ناھىيىلىك شىركەتتىن يۇقۇرى كارخانىلار، ئوتتۇرا قاتلامدىن يۇقۇرى رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشىلىپ بولدى. بۇ قېتىمقى تەڭشەش خىزمىتىنىڭ مۇنداق 4 ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچى، دائىرىسى كەڭ بولدى، تەڭشىلىپ ئۆستۈرۈلگەنلەر ۋە ۋەزىپىسىدىن قالغان كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 60% نى ئىگەللىدى؛ ئىككىنچى، دېموكراتىك يوسۇندا كۆرسىتىش بىلەن جىگلىلار تاللاپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلدى؛ ئۈچىنچى، ياش قۇرامى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتە يېڭى بۆسۈپ ئۆتۈش بولدى؛ تۆتىنچى، كۆپ قىسىملىرى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەزىلىرىدە بىر يىل، بەزىلىرىنىڭ ئىككى يىل بولۇپ «تۆمۈر ئورۇندۇق» ئېلىپ تاشلاندى. ۋىلايەتتىكى 6 شىركەتنى مىسال ئالساق، يېڭىدىن سەپلەنگەن بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار 107 نەپەر، ئوتتۇرىچە يېشى 40.4 ياش بولۇپ،

ئەسلىدىكىدىن 9.3 ياش تۆۋەنلىدى؛ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە داشۆ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 53.27% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئىلگىرىكىدىن 22.71% ئۆستى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەر قايسى تارماقلاردىكى كەسپىي تايانچىلار، ھەم رەھبەر ھەم كەسپىي خىزمەت ماھىرلىرى بولۇپ، خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقى ناھايىتى ئۈستۈن.

كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنىڭ قەدىمى تېزلەشتى. يىل بويى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشقان كارخانىلار سانى 48 بولۇپ، كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ 76.1% نى ئىگىلەيدۇ. بىر يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق 12-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە، ۋىلايەت بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ناھىيىدىن يۇقىرى كەسپىي شىركەتلەر 48، سودا ئىدارىسى باشقۇرغان زاۋۇت بىر بولۇپ، پىلان 102% ئورۇنلاندى، بۇ، كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ 77.8% نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە چۈشۈرگەن كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋەزىپىسى 7.8% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. 1984-يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «شەھەرلەردە سودا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە» دېگەن ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھى بويىچە ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى قەشقەر شەھرىدە سودا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى پائال يولغا قويدى.

مەمۇرىي مەھكىمىگە يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، ئەسلىدە سودا باشقارمىسىغا بىۋاستە قاراشلىق بولغان ئىلما-توقۇلما ماللار سودا شىركىتى، مېتال بويۇملار شىركىتى، قەنت-تاماكو، ھاراق شىركىتى، يېمەك-ئىچمەك شىركىتى قاتارلىق 5 شىركەت ۋە كوئېنلون يېمەكلىكلەر زاۋۇدىنى قەشقەر شەھرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ ۋەزىپە، مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش بويىچە ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاپ بولدى. ئىككىنچى قەدەمدىكى ئىسلاھات ۋەزىپىسى باشقۇرۇش تىپىنى مۇلازىمەت تىپىگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

گوۋۇيۈەن ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە ھەر خىل تىپتىكى سودا كارخانىلىرى كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئوخشاش بولمىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ " ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش ، ئىجارە بېرىش" بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ باردۇ. بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىجارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇكاپات بىلەن ئىجارەت نەتىجىسىنى بىر-بىرىگە چېتىپ، ئىشچانلارنى مۇكاپاتلاش، ھورۇنلارنى جازالاش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈردى. يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت كارخانىلىرى ۋە كىچىك تىپتىكى پارچە سېتىش كارخانىلىرىدا ئىجارەتنى ھۆددىگە بەردى، ئىجارىگە ئېلىپ ئىجارەت قىلىشنى سىناق قىلىپ يولغا قويدى. مەسىلەن: يەكەن ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىل شوپىرى ماۋيېجىڭ خەنزۇ ئاشخانىسىنى ھۆددىگە ئالدى، قاغىلىق ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ يېمەك-ئىچمەكنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇدىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچىسى ۋاڭ جىنچۈەن يېمەك-ئىچمەكنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇدىنى ھۆددىگە ئالدى.

تاقىلىپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بۇ ئىككى كارخانا ئۇلار ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن 2 ـ 3 ئاي ئىچىدە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ چوڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئىسلاھات كارخانىلارغا ھاياتى كۈچ ئېلىپ كەلدى. يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە يىللىق سېتىش پىلانى 110.79% ئورۇندىلىپ، ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 8.29% ئاشتى. ئالغان پايدىسى 11 مىليون 167 مىڭ يۈەن بولۇپ ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 24.68% ئاشتى. يېڭىشەر، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت، يېڭىسار قاتارلىق 5 ناھىيىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا زىيىنىنى تۈگەتتى. مارالبېشى ناھىيىلىك قوي فېرمىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك يېمەك- ئىچمەك شىركىتى گۆش كەسپى، پوسكام ناھىيىلىك يېمەك- ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى، پەيزىۋات ناھىيىلىك يېمەك- ئىچمەكنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇدى، گۆش كەسپى، يېمەك- ئىچمەك كەسپى، قەشقەر شەھەرلىك مۇسۇلمانلار يېمەك- ئىچمەك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇدى زىيىنىنى تۈگىتىپ پايدا ئېلىپ، سودا خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. (جو شىننۇ)

**[ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىپ بېرىشتىكى ئۆزگىرىش]** قەشقەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ۋىلايىتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلارغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى ناھايىتى تېز ئاشتى، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىدىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

1984-يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش خىزمىتىدە ئاساسلىغى تۆۋەندىكى 3 جەھەتتە ئۆزگىرىش بولدى:

1. ساپ بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغان ئاشلىق كۆپەيدى. 1984-يىلى ساپ بىر تۇتاش سېتىۋالغان ئاشلىق 226 مىليون 440 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1978 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 42 مىليون 70 مىڭ جىڭ كۆپىيىپ، 23% ئاشتى. ھەم دۆلەتكە تۇۋار ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىر تۈركۈم ئۆتكەملىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئائىلىلەر مەيدانغا كەلدى. بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرىم قىلىنغان ئاشلىق نىسبىتى ئاشتى، 1984-يىلى 82% بولۇپ، 1983-يىلدىكىدىن 13%، 1978 - يىلدىكىدىن 29% ئاشتى.

2. ئاشلىقنى زىيادە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشتىن ئاساسىي جەھەتتىن ساقلىنىلىپ، كۆپرەك ئېشىنغان بولسا مۇۋاپىق سېتىۋېلىش، ئازراق ئېشىنغان بولسا ئازراق سېتىۋېلىش ياكى سېتىۋالماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەردىن زادى سېتىۋېلىنمىدى، دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئەقلىغا مۇۋاپىق بولۇشقا يۈزلىنىپ ھەم دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىندى ھەم دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئۆسۈشكە تەسىر يەتمىدى. 11- نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 1978-يىلدىكى 230 مىليون جىڭدىن 1979-يىلدىن 1983-يىلغىچە بولغان 161 مىليون جىڭغا چۈشۈرۈلدى، سېتىۋېلىشتىكى ئاساسىي سان (ئاختاي باھاسى بويىچە سېتىۋېلىنىدىغىنى) 1978 - يىلدىكى 103 مىليون 600 مىڭ جىڭدىن

35 مىليون جىڭغا چۈشتى، يېزىلارغا سېتىپ بېرىلىدىغىنى 40 مىليون جىڭدىن 60 مىليون جىڭغا كۆپەيتىلدى. دۆلەت ھەر يىلى چەت جايلاردىن 100 مىليون جىڭ ئەتراپىدا ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ سېتىۋېلىش بىلەن سېتىپ بېرىش ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. يېزىلاردا ھەر بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن ئاشلىق كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاشلىق باھاسى ئۆستى، بىر تۇتاش سېتىۋېلىشتىكى ئاساسىي سان تۆۋەنلىدى، باھا قوشۇلغان ئاشلىق نىسبىتى كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن 1984-يىلى 1978-يىلىدىكىدىن دېھقانلارنىڭ كىرىمى 24 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى. دۆلەت بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تەقسىم قىلىش مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغۇتۇلدى، ۋەزىپىنى كونكرېت بېكىتىش ۋاقتىدا، ئىلگىرىكىدەك ۋەزىپىنى تەڭ چېچىش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىلدى. 1984-يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ تارىخىدا ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ بولۇپ يەنە قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىدىغان يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش ھادىسىسى ئەڭ ئاز كۆرۈلگەن بىر يىل بولدى. بەلكى خامان ئىشلىشتىن بۇرۇن ئازبولمىغان يېزا (كومۇنا)، كەنت (ئەترەتلەر) بىرقېتىمدىلا كونا ئاشلىقى بىلەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتەك يېڭى ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىقتى.

3. بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ئوبيېكتى ئىلگىرىكى ئەترەتلەر تاپشۇرۇش، ئەترەتلەر ھېساپلىشىشتىن ئائىلىلەر تاپشۇرۇش، ئائىلىلەر ھېساپلىشىشقا ئۆزگەردى. ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرىم قىلىشتا 4 كۆپ (ئادەم كۆپ، ھارۋا كۆپ، جىڭلاش قېتىم سانى كۆپ، تالون يېزىپ بېرىلىدىغان ئادەم كۆپ)، بىر ئۇزاق (دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇش ۋاقتى ئۇزاق)، بىر كۆپ (كەسىپي خادىملارنىڭ خىزمەت مىقدارى كۆپ) بولۇشتەك ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا «ئوتتۇرىچە باھا بويىچە ھېساپلاش»، «سۈپەت تەكشۈرۈش، جىڭنى تەكشۈرۈش، تىزىملاش، ھېساپ بوغۇش، ئامبارغا كىرىم قىلىش، پۇل قايتۇرۇش قاتارلىقلارنى بىر يولىلا ھېساپلاپ چىقىش ئۇسۇلى»، «ۋاقىت بەلگىلەپ دائىرىلەرگە ئايرىش» تەك ھەر خىل ئۈنۈملۈك ھېساپلاش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدەندى ۋە ئۇنى يەكۈنلەپ چىقتى. دېھقانلارنىڭ «ئاشلىق تاپشۇرۇشى قىيىن بولۇش» مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. ئىلگىرى دۆلەت دېھقانلارنى ئاشلىق تاپشۇرۇشقا ھەيدەيتتى، ئەمدى دېھقانلار دۆلەتنى ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ھەيدەيدىغان بولدى. 1984-يىلى ۋىلايىتىمىزدە ئاساسلىق ئاشلىق تۈرى بولغان بۇغداينى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرىم قىلىش خىزمىتى يازلىق يىغىم باشلانغاندىن تارتىپ 7-ئاينىڭ 31-كۈنىگىچە بولغان بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلاندى. ئىلگىرىكى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا مۇددەتتىن 20 كۈندىن 50 كۈنگىچە بۇرۇن ئورۇنلاندى، ئۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ تارىخىدا يازلىق ئاشلىقنى ئامبارغا كىرىم قىلىش ۋاقتى ئەڭ قىسقا، سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولغان بىر يىل ھېساپلىنىدۇ.

1984-يىلى، قەشقەر ۋىلايىتى 20 يىلدىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىم سېتىۋېلىش بىلەن سېتىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۆتكەپ كىرگەن ئاشلىق

نى يەيدىغان تارىختا خاتىمە بەردى. يىل بويى بىر تۇتاش سېتىۋالغان ئاشلىق 249 مىليون 820 مىڭ جىڭ، شەھەر-يېزىلارغا سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىق 225 مىليون 120 مىڭ جىڭ، ئامباردا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق 24 مىليون 700 مىڭ جىڭ كۆپەيدى. 1984-يىلى پەقەت ئاشلىق يۆتكەپ كىرىش راسخودى 1983-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا دۆلەت ئۈچۈن 23 مىليون 580 مىڭ يۈەن تېجەپ بېرىلدى. ئىلگىرى ئاشلىق ئامبارلىرى ئاشلىققا تولۇشمايتتى، ئەمدى ئاشلىق پاتمايدىغان بولدى.

1984-يىلى يېزىلاردا قالدۇرۇلغان ئاشلىق مىقدارى جەھەتتە تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا قالدۇرۇلغان ئاشلىق 1 مىليارت 442 مىليون 720 مىڭ جىڭغا يېتىپ 1980-يىلدىكىدىن 501 مىليون 560 مىڭ جىڭ ئاشتى. يېزىلاردا قالدۇرۇلغان ئاشلىق ئىچىدە ئاق ئاشلىقنىڭ نىسبىتى ئېشىپ 58% نى ئىگىلىدى، 1980-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 8% ئاشتى. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى قوساق تويغۇزۇشنىلا كۆزدە تۇتۇشتىن ئاق ئاشلىق يېيىش، جەۋھەرلىرىنى يېيىشكە قاراپ ئۆزگەرمەكتە. يېزىدا قالدۇرۇلغان ئاشلىق ئىچىدە يەم-بوغۇز ئاشلىقى ئاشتى؛ 1984-يىلى 218 مىليون 850 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1980-يىلدىكىدىن 94 مىليون 430 مىڭ جىڭ ئاشتى. دېھقانلارنىڭ بىر قىسمى ئېشىنچە ئاشلىقنى گۆش، سۈت، تۇخۇمغا ئايلىنىپ، يېمەكلىكلەر قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، گۆش، سۈت، تۇخۇم تەركىۋىنى ئۆستۈرۈشكە باشلىدى.

1984-يىلى مەھسۇلات ئېشىپ دېھقانلارنىڭ يۈكى مۇقىملاشقانلىقتىن تاۋار نىسبىتى 15 ~ 16% ئارىلىقىدا مۇقىملاشتى. دېھقانلارغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق كۆپەيگەنلىكتىن بازاردىكى ئاشلىق باھاسى مۇقىم بولۇش ئاساسىدا تۆۋەنلىمەكتە. بۇغداينىڭ جىڭى 0.23 يۈەندىن 0.36 يۈەنگىچە، كۆممە قوناق 0.12 يۈەندىن 0.22 يۈەنگىچە بولماقتا. بەزى ناھىيە، يېزا بازارلىرىدا ئاشلىقنىڭ باھاسى دۆلەتنىڭ ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن بولماقتا. بۇ، 20 نەچچە يىلدىن بېرى بازاردىكى ئاشلىقنىڭ باھاسى ئەڭ مۇقىم، ئەڭ تۆۋەن بولغان بىر يىل.

1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە شەھەر-بازارلاردا سېتىلغان ئاشلىق 225 مىليون 120 مىڭ جىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا سېتىلغىنى 23 مىليون 380 مىڭ جىڭ، شەھەرلەردە سېتىلغىنى 201 مىليون 740 مىڭ جىڭ.

يېزىلارغا قايتۇرۇپ سېتىلىدىغان ئاشلىق تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشتى. يېزىلاردا ئاشلىققا قەھەتچىلىككە ئۇچرايدىغانلار ئازايدى، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان دۆلەتكە تايىنىدىغانلار ئازايدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىر تۇتاش سېتىۋېلىش مۇۋاپىق بولدى، مەھسۇلاتى ئاشقان ئائىلىلەرنىڭ سېلىقى مۇۋاپىق بولدى. مەھسۇلات، كىرىم، ئۆزىگە قالدۇرۇلىدىغىنى ئەڭ ئاشتى. تۆۋەن ھوسۇل ئالغانلاردىن ئارتۇق ئاشلىق سېتىۋالماي، ئاشلىق كەملەيدىغان دائىرە كىچىكلىتىلدى؛ ئۇندىن باشقا، بازاردىكى ئاشلىقنىڭ باھاسى مۇقىم بولۇش ئاساسىدا تۆۋەنلەپ ماڭدى، ئاشلىق بازىرى ئاشلىق سېتىۋېلىش-سېتىشتا تولۇقلىغۇچىلىق رولىنى ئوينىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى دۆلەت ئورۇقلۇق، ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، يەم-بوغۇز بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلار-

نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشىغا، ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، ئامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يار - يۆلەك بولدى.

1984-يىلى شەھەرلەردە سېتىلىدىغان ئاشلىق تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. ئاھالىلارنىڭ ئۆزۈقلۇق ئاشلىقى نورمال ئېشىپ بارغاندىن تاشقىرى، يەم-بوغۇز ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەشمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ 18 مىليون 310 مىڭ جىڭغا يەتتى. بۇ، توۋار ئاشلىقنىڭ پەيدىن-پەي ھالدا گۆش، سۈت، تۇخۇمغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر كۆپەيگەنلىكتىن شەھەر ئاھالىلىرى ئۆزۈقلۇق ئاشلىقىنى ئېشىنىدى، 1984- يىلى جەمئىي 11 مىليون جىڭ ئاشلىق ئېشىنىپ قالدى. (جاڭ زىلى)

[يەككە سودىگەرچىلىك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا] پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى يەككە سودىگەرچىلىك تېز راۋاجلاندى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە يەككە سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئائىلىلەر 17.797 گە يېتىپ، 1980 - يىلىدىكىدىن 8 ھەسسە ئاشتى. مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 26.534 كىشىگە يېتىپ 1980 - يىلىدىكىدىن 8.8 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى يەككە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر 52.70% نى ئىگىلەيدۇ، مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 54.44% نى ئىگىلەيدۇ. يەككە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇشتا، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتا، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشتە، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىشتە، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى رول ئوينىدى.

يەككە سودىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى پارتىيىنىڭ يەككە ئىگىلىك توغرىسىدىكى سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، يېشىل چىراق يېقىپ بېرىپ، كىنىشكە تارقىتىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، تىجارەتكە قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، يەككە ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا پائال يار -يۆلەك بولدى. تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تاجىك خەلقىدە يەككە سودىگەرچىلىك قىلىش ئادىتى يوق ئىدى، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش ۋە سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق ھازىر 38 ئائىلە يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى بازار سودىسىنى جانلاندۇرۇپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارغا تۇۋار سېتىۋېلىشتا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى 1984 - يىلى يەككە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشتا گوۋۇيۈەننىڭ توشۇپ ئەكېلىپ سېتىشقا ئالاقىدار سىياسەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدە بولغانلىرىنى ساقلاپ قالىدىغان، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە بولغانلىرىغا چەكلىمە قويمايدىغان، شەخسنىڭ ئىگىلىكىدە بولغانلىرىنى سېتىپ چىقىرىۋېتىدىغان ناتوغرا ئەمەلىيەتلەرنى تۈگىتىپ، قاتناش-ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە ئائىلىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 166 ئائىلە، 283 كىشىگە يەتكۈزدى. يەنە 87 ئائىلە، 142 كىشى يىراق يەرلەردىن توشۇپ ئەكېلىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ يېزىلاردا ئېشىپ قالغان ئەمگەك كۈچلىرى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش، تە-

جارەت يولى ئېچىپ بەردى. ئۇلار تۇشۇپ كېلىپ ساتىدىغان ئاساسلىق نەرسىلەر قوي، كالا، قوغۇن- تاۋۇز، يەل - يېمىش قاتارلىق دىخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، بازارنىڭ گۆش ۋە يېڭى قوغۇن - تاۋۇز، يەل -يېمىشلەر بىلەن تەمىنلىنىشى مول بولدى.

يەككە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى قول سانائەت، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت، تۈرلۈك ماللارنى سېتىش، رېمونتچىلىق قاتارلىق مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار تىجارەتتە ئىشقا چىقىش، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، كۈنبويى تىجارەت قىلىپ، ئەتىگەنلىك، كەچلىك ئەنئەنىۋى بازارلارنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ تىجارەت قىلىش ئۇسۇلى جانلىق، تارقىلىشى كەڭ، ھەممە جايدا يايما يېيىپ، بوتكا ئېچىپ، سەييارە سودا قىلىپ، كەنتلەرنى ئارىلاپ ئائىلىلەرگىچە بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

مەدىنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى داۋامىدا 65 مىڭدىن ئارتۇق يەككە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر سودا - سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىلىرىغا ياردەملىشىپ بازارنى تۈزلەپ، بازارنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ، بازارنىڭ تەرتىپىنى قوغدىدى.

ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش تارماقلىرى يەككە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا يار-يۆلەك بولۇش بىلەن بىرگە، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ كىنىشكىسىنى تەكشۈرۈپ ۋە ئۇلارغا نازارەت قىلىپ، بىر تۈركۈم قانۇنسىز تىجارەت قىلغان كىنىشكىسى يوق سودىگەرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئالتۇن - كۈمۈش، زەھەرلىك بويۇم، مەدەنىي يادىكارلىق، بېلەت، كىنىشكە قاتارلىقلار بىلەن ھايانكەشلىك قىلغان، ئەتكەسچىلىك قىلغانلارغا ئۆقتىسلىق زەربە ۋە تەربىيە بەردى. 1984- يىلى ۋىلايەت بويىچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 4035 ئائىلە، 4991 كىشى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەنقىت - تەربىيە بېرىلگەنلەر 4279 كىشى، جەرىمانە قويۇلغانلار 212 كىشى، مۇسادىرە قىلىنغانلار 92 كىشى، كىنىشكىسىز بولغاچقا تىجارىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلار 78 كىشى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلەر 1 كىشى، تەربىيە بېرىش ۋە قانۇنغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرگە زەربە بېرىش ئارقىلىق قانۇنلۇق تىجارەت ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدىلىپ، يەككە سودىنىڭ ساغلام تەرەققى قىلىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى.

ناھىيە ( شەھەر) لىك سودا - سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىلىرى يەنە يېزىلاردىكى يەككە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرگە بازار ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ، مەسلىھەت-مۇلازىمەت كەسپىنى قانات يايدۇرۇپ، سېتىۋالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنى ئۇچراشتۇرۇپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش، ئۆزى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە تاشقورغاندىن باشقا ناھىيە (شەھەر) لەردە تۈرلۈك مال، يەرلىك مەھسۇلات، يېمەك - ئىچمەك، ئوتياش، مېتال بويۇملىرى، قاتناش، ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى، قول سانائەت قاتارلىق يەتتە

كەسپىدىكى يەككە سودا ــ سانائەتچىلەرنىڭ جەمئىيىتى قۇرۇلدى. يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىگە قاتناشقان جەمئىيەت ئەزالىرى 26.534 كىشى. جەمئىيەت، جەمئىيەت ئەزالىرىنى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئۇلارغا كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ۋە قانۇن ــ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ. كۆپسانىدىكى يەككە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئالدى ــ ساتتىدا ئادىل بولۇش، سودا قىلىشتا مەدەنىيەتلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خېرىدارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1984 ــ يىلى 11 ــ ئايدا ۋىلايەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى. جەمئىيەت 20 نەپەر ئەزا سايلاپ چىقتى ھەم مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى يولداش سەيدىخان باراتنى پەخرى مودىرلىققا، ۋىلايەتلىك سودا ــ سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش يەھياجان بابايوپنى مودىرلىققا سايلىدى. (ياڭ شۇگاۋ)

**[ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرى ]** 1984 ــ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرى بەنىمۇ تېز ئاۋاتلاشتى ۋە راۋاجلاندى، شەھەر ــ يېزىلاردىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا بولغان سودا مىقدارى 243 مىليون 948 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 ــ يىلدىكىدىن 22.92% ، 1978 ــ يىلدىكىدىن 5.7 ھەسسە ئاشتى. شەھەر ــ يېزىلاردىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا بولغان سودا مىقدارى ئىجتىمائىي تاۋارلارنى پارچە سېتىش سوممىسىنىڭ 45.5% نى ( بازار باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا مۇشۇنداق، ئەگەر دۆلەتنىڭ تاختاي باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا 16.9% نى) ئىگەللەيدۇ.



قەشقەر شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرى، لۈيىپېيەن فوتوسى

سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى يەنىمۇ ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 1984 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ بېشىدا ۋىلايەت ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك سودا ــ سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارە باشلىقلىرى خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىن مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قانداق قىلىپ ئىگىلىكنى ياخشى يولغا قويۇش، بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا نورۇتلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. يىغىن ھەر دەرىجىلىك سودا ــ سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ "سول" ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى داۋاملىق تازىلاپ، رەھبەرلىك ئىدىيىسى، ئىستىل ۋە خىزمەت ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە تولۇقتىن ئۆزگىرىش ياساپ، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىپ شەھەر ــ يېزا بازارلىرىنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. يىغىننىڭ نورۇتلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك سودا ــ سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش ئىدارىلىرى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىزمەتلەرنى تۇتتى:

1. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ

لىپ، باج ئېلىش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، مال ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن قۇلايلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى؛ 3- خىلدىكى تاۋارنى ھەممىدە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغان 1-، 2- خىلدىكى تاۋارلارنىمۇ پۈتۈنلەي قويۇۋېتىپ بازارغا سېلىشقا يول قويدى.

2. بازارلاردىكى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلىدى. 1984- يىلى ۋىلايەت بويىچە بازار قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 220 مىڭ يۈەن. قۇرۇلغان بازار كۆلىمى 80 مو. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ياسالغان لاپاس 9267 كىۋادرات مېتىر، مال سېتىش مەيدانى 5694 كىۋادرات مېتىر، بازارغا سېلىنغان ئۆي 6796 كىۋادرات مېتىر، يەنە 12 ئورۇندا دېھقانلارنىڭ تاۋارلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئورنى قۇرۇلدى، دېھقانلار بازار كۈنى سېتىپ بولالمىغان تاۋارلىرىنى ساقلاپ بېرىش ئورنىغا ئامانەت قويىدۇ، كېيىنكى بازار كۈنى تاۋارلىرىنى ئېلىپ چىقىپ سېتىدۇ، مۇشۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ماللىرىنى ئەكىلىپ، ئەكېتىش جەھەتتىكى ترانسپورت قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. شەھەر-يېزىلاردىكى بازارلاردا ئاممىۋى ھاجەتخانا ۋە ۋېلسىپىت ساقلاپ بېرىش ئورنى قۇرۇلدى. بەزى بازارلارغا تۇرۇبا ئارقىلىق سۇ ئەكىلىنىپ، سودا قىلغۇچىلارنىڭ سۇ ئىچىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. ئىلگىرىكىدەك بازار قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىپ سودىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان قالايمىقان ھالەت ئاساسەن پەسەيدى.

3. يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاساسىي قاتلام سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش كادىرلىرىدىن 160 كىشىنى قەشقەر مالىيە-سودا مەكتىپىگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ ئۇلارنىڭ كەسپىي سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

4. كەڭ ئاممىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەنئەنىۋى بازارلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. تۇرغۇن تامبىلەردە ناھىيە دائىرىسى ئىچىدە ھەر كۈنى بازار بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 113 شەھەر-يېزا بازىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ بازارغا 100 مىڭدىن كۆپ ئادەم سىغىدۇ. بازارلاردا دېھقانلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق، چارۋا، قوغۇن-تاۋۇز، يەل-يېمىش، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدىن ئەكەلگەن سانائەت بۇيۇملىرى، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قول سانائەت بۇيۇملىرى بار. ئامما ياخشى كۆرىدىغان تاۋارلارنىڭ ھەممىسى بار. يەنە شۇ جاينىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ھەر خىل يېمەكلىكلەر بار.



«بادىرى كاۋاپ!»
[illegible] فوتوسى

5. ھەر دەرىجىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى بىر تەرەپتىن تاۋار ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھايانكەشلىك، قانۇنغا خىلاپ ھەركەتلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. 1984-يىلى ۋىلايەت

بويىچە 1109 پارچە ھايادىكەشلىك ئەنزىسى پاش قىلىنىپ، 62360.22 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، توغرا تىجارەت قوغدالدى، دۆلەت ۋە كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدالدى.

1984‐يىلى ۋىلايەت بويىچە شەھەر‐بازارلاردا سېتىلغان تۆۋار 1972‐يىلدىكى 100 خىلدىن كۆپىيىپ، 530 نەچچە خىلغا يەتتى. دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان بەزى بويۇملار ۋە 3‐خىل سانائەت بويۇملىرىمۇ بازارغا كۆپلەپ كىردى. بازار باھاسى مۇقىم بولۇش ئاساسىدا تۆۋەنلىدى، 1978‐يىلدىكىدىن گۈرۈچ 69%، بۇغداي 62.5%، كومىقوناق 60%، سۈيۈيمى 61.5% تۆۋەنلىدى. 530 نەچچە خىل يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە 15 خىل تۆۋارنىڭ باھاسى دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن. (ياڭ شۇگاۋ)


## تەمىنات ‐ سودا

**[تەمىنات ‐ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىش شەكلىدىكى ئۆزگىرىش]** قەشقەر ۋىلايىتىدە تەمىنات ‐ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، سېتىۋېلىش، سېتىش شەكلىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئىلگىرىكى تىجارەت تىپىدىكى كارخانا مۇلازىمەت تىپىدىكى كارخانىغا ئۆزگەردى. بۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈپ، نۆۋەتتىكى يېزا تۆۋار ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: بىرىنچىدىن، ئەمەلدارلارچە سودا ئىستىلىنىڭ ئاساسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تۆۋار ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، شۇ جايدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئىلگىرىكى تىجارەت تىپىدىن ئومۇملاشقان مۇلازىمەت تىپىغا ئۆزگەردى؛ ئىككىنچىدىن، ئىچكى قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، مەۋقەنى سانائەت بويۇملىرى تىجارىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشقا سەل قاراشتىن ئۆزگەرتتى، 1984‐يىلى خەلق ئاممىسى ئېھتىياجلىق بولغان كۈندىلىك سانائەت بويۇملىرى بىلەن تەمىنلەشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىگەندىن تاشقىرى، ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى تۆۋار سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي سوممىنىڭ 72% نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 45.73% ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئومۇمىي قىممىتىمۇ ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 50% ئاشتى؛ ئۈچىنچىدىن، ئاساسىي قاتلام تەمىنات‐ سوداكوپېراتىپلىرى ۋە ئىككى ئائىلە (يەككە سودا ئائىلىسى، ھەمكارلاشقان سودا ئائىلىلىرى) ئاساس بولدى، ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى بولسا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق گەۋدىسى بولدى. نۆۋەتتە، كۆپ ساندىكى ناھىيىلەردە مەخسۇس مۇلازىمەت ئورگانلىرى قۇرۇلۇپ، سانائەت بويۇملىرىنى بىرلىشىپ سېتىۋېلىش، ئايرىم سېتىش ۋە

دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئايرىم سېتىۋېلىش، بىرلىشىپ سېتىشنى يولغا قويۇپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا يېزىلاردا ئوتتۇرىغا چىققان سېتىۋېلىش، سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى؛ ئۈچىنچىدىن، سودىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش، رېمونت قىلىش، يېمەك- ئىچمەك قاتارلىق مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى سانائەت زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى. مەسىلەن: يەكەن ناھىيە ئىتتىپاق ئاساسى قاتلام تەمىنات- سودا كوپېراتىۋى ئىلگىرى تۇۋار سېتىۋېلىش- سېتىش بىلەنلا شۇغۇللانغان بولسا، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، شۇ جايدىكى دېھقان، چارۋىچى ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، ئۇن تارتىش، پاختا ئېتىش، شال تىلىش، ياغ تارتىش، چاچ ئېلىش، كىيىم- كېچەك تىكىش، ئىجارىگە بېرىش، ناۋايخانا، يېمەك- ئىچمەك، دەك قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرىنى يېڭىدىن قۇردى؛ بەشىنچىدىن، تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، تېخنىكا يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئېچىپ ۋە مەسلىھەت بېرىش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش فوندى تارقىتىپ، تۈرلۈك دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن سېتىپ، يېزىلاردىكى «ئىككى ئائىلە» ۋە دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى ئىشلاردا ئۈزۋىرسىز مۇلازىمەت قىلدى؛ ئالتىنچىدىن، شۇ جايدىكى سودا توپ تارقىتىش شىركەتلىرى، يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيە سودا باشقارمىسى توپ تارقىتىش پونكىتى، ۋىلايەتتىكى كۆن- خۇرۇم زاۋۇتى، سوپۇن زاۋۇتى ھەمدە يېزىلاردىكى ترانسپورت ئائىلىلىرى، يەككە ئائىلىلەر، كەسپىي ئائىلىلەر بىلەن كۆپ شەكىللىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل بولغان كەڭ دائىرىلىك سودا بىلەن سودىنىڭ بىرلەشمە تىجارىتىنى، سانائەت بىلەن سودىنىڭ بىرلەشمە تىجارىتىنى، سودا بىلەن تاشقى سودىنىڭ بىرلەشمە تىجارىتىنى، يېزا ئىگىلىكى بىلەن سودىنىڭ بىرلەشمە تىجارىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تارماق ۋە ساھەلەرنىڭ چەكلىمىسىنى بۆسۈپ تاشلاپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈپ؛ تارقاق ھەم راۋان بولغان تور مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر قايسىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈردى . (ۋىلايەتلىك تەمىنات- سودا كوپېراتىۋى)

**[يېزا تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى]** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېزا تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى 50 - يىللارنىڭ باشلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يەر ئىسلاھاتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان چاغدا، يېزا ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ تەشەببۇس قىلىشى ۋە مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىشى، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ پاي قوشۇپ مەبلەغ جۇغلىشى بىلەن قۇرۇلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كوپېراتىپ سودا تەشكىلى ئىدى. ئۇ چاغلاردا يېزىلاردىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنى، كارخانىلارنى

ئاممىنىڭ ۋەكىلى باشقۇراتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئامما كۆرسىتەتتى. تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرىچان - دىل بىلەن شۇ جايدىكى دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئالدى-ساتتىدا ئادىل، مۇلازىمەتتە قىزغىن بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشكەن ئىدى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى مال ئالماشتۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مال ئېلىش، مال سېتىش ئىشلىرىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئاكتىپ، مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. بىراق، كېيىن "سول"چىللىقنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى كوپېراتىپ سودىسى ئومۇمخەلق مۈلكچىلىكىدىكى كارخانىغا پەيدىن - پەي ئۆزگەرتىلدى، خەلق باشقۇرۇشتىن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشقا ئۆزگەردى، ئاممىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە نازارىتىدىن ئايرىلىپ قالدى، كوپېراتىپ قۇرۇلۇشى شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى. ئامما قوشقان پايغا ئۇزۇنغىچە ئۆسۈم بەرمەي، ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۆمۈر تاۋاق كۆتىرىپ يۈرىدىغان، كارخانىلار داش قازاننىڭ تامىقىنى يەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى. مۇشۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە، يېزا سودا ئوبوروتى توسۇلۇپ قېلىپ، كارخانىلارنىڭ پايدىسى تۆۋەنلەپ كەتتى.



قەشقەر يېزىلىق مەھسۇلاتلار شىركىتى خىزمەت تەجرىبىسى بار پېشقەدەم يولداشلار ياش نەۋقىرانلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۈندەۋاتىدۇ.
چېن فېڭ فوتوسى

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېزا تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈزىتىپ، تەشكىلىي جەھەتتە ئاممىۋىلىقىنى، باشقۇرۇش جەھەتتە دېموكراتىيىنى، تىجارەتتە جانلىقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكىتلىدى ھەم ئۇنى يېزا سودا ئوبوروتىنى ياخشىلاش، پۈتكۈل يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر قاتار توغرا فاڭجېن - سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋىلايەت بويىچە تەمىنات - سودا تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىرىنچى، قوشقان پاينى ئېنىقلاپ ئۆسۈمىنى بېرىپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى؛ ئىككىنچى، پاينى كۆپەيتىپ مەبلەغ توپلاپ خەلق باشقۇرۇشتىكى ئامىللارنى ئاشۇردى؛ ئۈچىنچى، كوپېراتىپ ئەزالار قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، ئىشلارنى ۋە تەپتىش ھەيئىتىنىڭ رەھبەرلىك ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىپ، كارخانىلارنىڭ ئەمگەكچىلەر باشقۇرۇشىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتتى؛ تۆتىنچى، تاۋارلارنىڭ تارقىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇش دېگەن پىرىنسىپقا ئاساسەن

ئەسلىدىكى سودا مۇلازىمەت تۈرلىرى تەڭشەلدى؛ بەشىنچى، تىجارەت ئىستىلى ۋە مۇلازىمەت شەكلى ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى؛ ئالتىنچى، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى تىجارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋىلايەت بويىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ سودا تور تۈگۈنلىرى 2323، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 10 مىڭ كىشى بولۇپ، تاۋار سېتىۋېلىش ـ سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 637 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شەھەر بىلەن يېزا ئىقتىسادىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر مۇھىم ۋاستىغا ئايلاندى. كارخانىلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ھاياتى كۈچى ئۆستۈرۈلدى، ئىسلاھات ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە 114 ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنى تەشكىلىي جەھەتتە ئاممىۋىلىقنى، باشقۇرۇش جەھەتتە دېموكراتىيىنى، تىجارەتتە جانلىقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇنلىدى، 11 ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى. دەسلەپكى ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار يېڭىدىن قوشقان پاي فوندى ئىلگىرىكىدىن 74.9% ئاشتى، پاي قوشقان دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي دېھقان ئائىلە سانىنىڭ 82% نى ئىگىلىدى، مەكىت ناھىيىسىدىن كەسپىي ئائىلە ئەمەت ھەسەن پاي كۆپەيتىش ۋاقتىدىلا بىر قېتىمدىلا 10 مىڭ يۈەن پاي قوشتى. ناھىيىلىك، يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىدا رەھبەرلىك بەنزە دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق تۇرغۇزۇلدى، ئىككى دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي ئەزالار ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار ئەسلىدىكى 10.1% ۋە 7.3% دىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھازىرقى 54.7% ۋە 21.4% كە ئۆستى، يېشى ئەسلىدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5.8% ۋە 5.9% تۆۋەنلىدى.

يېزا تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى تەشكىلىي جەھەتتە ئاممىۋىلىقنى، باشقۇرۇش جەھەتتە دېموكراتىيىنى، تىجارەتتە جانلىقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان ئۆزلۈكسىز ئىسلاھاتتىن كېيىن، مۇھىم نۇقتىنى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتكە يۆتكەپ تىجارەت دائىرىسى ۋە مۇلازىمەت ساھەسىدە يېڭى تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ھەم ھەرخىل تاۋارلار بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇردى ھەم پىششىقلاپ ئىشلەش، تەمىنات ـ سودا، ترانسپورت، تېرىقچىلىق، بېقىش، ئىجارىگە بېرىش، ساقلاش، ئۇچۇر، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارغا ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى، ئىشلەپچىقىرىش ئارىلىقىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى ئىشلاردا خىزمەت قىلدى ھەم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار ۋە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كەسپىي ئائىلىلەر بىلەن كۆپ شەكىللىك، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ بىرلەشمە تىجارەتنى راۋاجلاندۇردى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 1110 كەسپىي ئائىلە بىلەن ھەرخىل شەكىلدىكى بىرلەشمە تىجارەت توختامى تۈزۈلۈپ، ئۇلارغا 1 مىليون 90 مىڭ يۈەن تەرەققىيات مەبلىغى يەتكۈزۈپ بەردى. مۇشۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە ھەم ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى ھەم تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇردى. كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشتى. (لياۋ دۇجېن)

# مال باھاسى

[مال باھا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى] ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەشقەر ۋىلايىتىدە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىز بويىلىرىدىكى شەھەرلەردىن يۆتكەپ كېلىنەتتى، ترانسپورت لىنىيىسى ئۇزۇن بولغاچقا، ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ باھا ئېشىپ باراتتى. لېكىن، دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ كېمىيىپ باراتتى. باھا ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، سانائەت، دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىكى قايچا پەرق ناھايىتى چوڭ ئىدى. قاتناش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، يەرلىك سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى پەيدىنپەي تۆۋەنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت پىلانلىق ھالدا دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈردى، سانائەت، دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىكى قايچا پەرق ئۈزلۈكسىز تۈردە كىچىكلىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 1966- يىلدىن باشلاپ، دۆلەت ۋىلايىتىمىزدە قوغداش باھاسىنى يولغا قويدى، يەنى قەشقەر شەھىرىدىن يىراق بولغان 8 ناھىيىنىڭ ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلىرىدا سېتىلىدىغان چوڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدا قەشقەر شەھىرىدىكى سېتىلىش باھاسى ئىجرا قىلىنىپ، زىياننى دۆلەت مالىيىسى تولۇقلاپ بەردى. ئاش تۇزىدا ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى يولغا قويۇلدى. 1980- يىلدىن باشلاپ قەشقەر شەھىرىدە سېتىلغان ئوتياش ئۈچۈن مالىيىدىن ھەر يىلى 600—700 مىڭ يۈەن تولۇقلاپ بەردى (گۆش، ئاشلىق باھا پەرقىگە قوشۇپ بېرىلگەن پۇل بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس)، بۇ تەدبىرلەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىمۇ مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش، مال باھاسى ئاساسەن مۇقىم بولۇش ئاساسىدا، ئازراق ئۆرلىدى، 1952- يىلنى ئاساس قىلساق، 1984- يىلغىچە بولغان 32 يىل ئىچىدە قەشقەر شەھىرىدىكى پارچە سېتىش باھا كورسەتكۈچ 81% ئۆرلىدى، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.87% ئېشىپ باردى.

1966- يىلدىن 1976- يىلغىچە بولغان 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، تۇۋار قىس، بازارنى تەمىنلەش جىددى، مال باھا ئورگانلىرىدىكى خادىملار ئاجىز بولغاچقا (ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە [شەھەر] دىكى مال باھاسىنى باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ 7 سىدە مەخسۇس مال باھا خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ئادەم يوق ئىدى) ئاز بولمىغان سودا- سانائەت تارماقلىرى ۋە كارخانا ئورۇنلارنىڭ مال باھا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغان ئادەم بولماسلىقتەك ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. ئاز بولمىغان ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئۆزلۈكىدىن ئۆرلەپ كېتىدىغان ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ئۆرلەپ كېتىدىغان ئەھۋال ساقلاندى. 30 خىل ئاساسلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، باھا 1979- يىلى 1965- يىلدىكىدىن 14.47% ئۆرلىگەن؛ قەشقەر شەھىرىدە ھەر

بىر ئىستىمالچى ھەر ئايدا 2.18 يۈەن ئارتۇق چىقىم قىلغان. لېكىن، مۇشۇ 10 يىل ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشى پەقەت ئۆزگەرمىدى. بۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مۇھىم نۇقتىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى، مال باھا خىزمىتى كۈچەيتىلدى، مال باھا ئورگانلىرى ۋە مال باھا خادىملىرى تولۇقلاندى ۋە كۈچەيتىلدى. ۋىلايەتتە مال باھا باشقارمىسى قۇرۇلدى، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە مال باھا ئىدارىلىرى قۇرۇلدى. مەخسۇس مال باھا خادىملىرى 1982- يىلى 1966- يىلدىكى 82 كىشىدىن كۆپىيىپ 167 كىشىگە يەتتى، قوشۇمچە مال باھا خادىملىرى 27 كىشىدىن كۆپىيىپ 216 كىشىگە يەتتى. دېھقانلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، دېھقانلارغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بېرىش ئۈچۈن دۆلەت 1979- يىلى پىلانلىق ھالدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈردى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق: بۇغداي باھاسى 22% ئۆستۈرۈلدى، كۆممە قوناق باھاسى 26% ئۆستۈرۈلدى، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاق ئاشلىققا قوشۇلغان باھا 60%، قارا ئاشلىققا قوشۇلغان باھا 40%، ھەر خىل ياغلىق دانلىقنىڭ باھاسى 50% — 20 گىچە ئۆستۈرۈلدى، كېۋەز باھاسى 20% ئۆستۈرۈلدى، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ھەر بىر جىڭ ساپ پاختا ئۈچۈن قوشۇلغان باھا 0.40 يۈەن، ساماق باھاسى 40% ئۆستۈرۈلدى، تېرىك چوشقا سېتىۋېلىش باھاسى 10% ئۆستۈرۈلدى، قوينىڭ باھاسى 13.8% ئۆستۈرۈلدى، قوتازنىڭ باھاسى 46% ئۆستۈرۈلدى، كالىنىڭ باھاسى 17% ئۆستۈرۈلدى، تۇخۇمنىڭ باھاسى 25% ئۆستۈرۈلدى، قىزىلچىنىڭ باھاسى 25% ئۆستۈرۈلدى، ئەچكۈ تېرىسىنىڭ باھاسى 41.5% ئۆستۈرۈلدى، پىلە غوزىسىنىڭ باھاسى 20% ئۆستۈرۈلدى، ئەلتېرىنىڭ باھاسى 39% ئۆستۈرۈلدى، ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ باھاسى 12% ئۆستۈرۈلدى، قۇرۇتۇلغان بېدىنىڭ باھاسى 30% ئۆستۈرۈلدى. زىرىنىڭ باھاسى 36% ئۆستۈرۈلدى، كالا تېرىسىنىڭ باھاسى 75% ئۆستۈرۈلدى. 1979- يىلى دۆلەت سېتىۋالغان ئەمەلىي باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ۋىلايەت بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ باھانىڭ ئۆستۈرۈلۈشى بىلەن كۆپەيگەن كىرىمى 20 مىليون 500 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىنىڭ ئۆستۈرۈلگەن باھادىن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ئالغان پايدىسى 11 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىگە يەتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ جۇغراپىيە شارائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، باھانىڭ ئۆستۈرۈلۈشى بىلەن ئاشقان كىرىمىمۇ تەڭ ئەمەس. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، 1979- يىلى يېڭىشەھەر ناھىيە شەھەر كوممۇنىسى 3- چوڭ ئەترىتىدە ھەر بىر يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ باھا ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئالغان پايدىسى 15.51 يۈەن بولغان، كونىشەھەر ناھىيە سايۋاغ كوممۇنىسى 7- چوڭ ئەترىتىدە 4.84 يۈەن بولغان، لېكىن كونىشەھەر ناھىيە زەدىن كوممۇنىسىدا ئاران 1.80 يۈەن بولغان.

مال باھا سىياسىتىنى كەڭ قويۇۋەتكەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ياكى شىمالىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېلىنگەچكە، ترانسپورت لىنىيىسى ئۇزۇن، قوشۇمچە يېمەكلىكلەردە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج

ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەۋدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى تاۋارلار باھاسىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى چوڭراق بولۇپ كەتتى. 1984 - يىلى باھا ئومۇمى سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈش دەرىجىسى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە ئۆسۈش دەرىجىسىدىن يۇقىرى بولۇپ كەتتى.

1984 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۈتكۈل ئېھتىياجى ئۈچۈن تۇرمۇش راسخودىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.4% ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 5.9% ئۆرلىدى، مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 1.1% ئۆرلىدى. ئىستېمال بۇيۇملىرى باھا كۆرسەتكۈچى ئىچىدە: يېمەك-ئىچمەك تۈرلىرىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 10% ئۆرلىدى (ئوتياشنىڭ 19.6% ئۆرلىدى)، كىيىم - كېچەك باھا كۆرسەتكۈچى 0.6% ئۆرلىدى، كۈندىلىك بۇيۇملار باھا كۆرسەتكۈچى 1.6% تۆۋەنلىدى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى باھا كۆرسەتكۈچى 0.90% تۆۋەنلىدى، دورا، تىببىي داۋالاش بۇيۇملىرى باھا كۆرسەتكۈچى 4.7% ئۆرلىدى، يېقىلغۇ باھا كۆرسەتكۈچى 0.2% تۆۋەنلىدى. باھا كۆرسەتكۈچى ئۆرلەپ كېتىشتىكى ئاساسىي سەۋەپ - كېلىشىم باھا بىلەن بازار باھاسىنىڭ نىسبىتى ئۆرلەپ كەتتى، دۆلەتنىڭ تاختاي باھا كۆرسەتكۈچى ئاران 2.5% ئۆرلىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئوتياشنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى كۈن سانىغا يىغىندىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىنى قوشۇش ئارقىلىق چىقىرىلغان بولۇپ، سانىغا يىغىندىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىنى قوشۇپ ھېساپلاش نەتىجىسىدىن يۇقىرى بولۇپ كەتتى. ئاشلىق، قوشۇمچە يېمەكلىك، ئوتياشنىڭ بازاردا سودا بولغان ئوبوروت سوممىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى دىخانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولغاچقا ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ؛ ئەگەر دىخانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالماشتۇرۇشنى چىقىرىۋەتكەندە، قەشقەر شەھىرىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇش راسخودىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى تەخمىنەن 4% ئەتراپىدا ئۆرلىگەن بولىدۇ.

1984 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە دىخانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش تاختاي باھاسىنىڭ ئومۇمى كۆرسەتكۈچى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.6% ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئاشلىقنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى ئۆزگەرمىدى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ 32.3% ئۆرلىدى. بامبۇك، ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ 36.7% ئۆرلىدى، تېرىنىڭ 0.9% ئۆرلىدى، يايلىقنىڭ 5.7% ئۆرلىدى، باشقا چارۋا مەھسۇلاتلىرى 4.4% تۆۋەنلىدى. قۇرۇق ، ھۆل مېۋىلەرنىڭ 65.3% ئۆرلىدى، قىشلىق ، يازلىق ئوتياشنىڭ 13.1% ئۆرلىدى، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ 13.8% ئۆرلىدى.

1984 - يىلى بازار سودىسىدىكى باھا ئومۇمى كۆرسەتكۈچى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.4% ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئاشلىق 4.3% تۆۋەنلىدى، سۇماي 1.7% ئۆرلىدى، يېڭى ئوتياش 25.4% ئۆرلىدى، قىشلىق ئوتياش 18.6% ئۆرلىدى، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم 11.3% ئۆرلىدى، سۇ مەھسۇلاتلىرى 4.7% ئۆرلىدى، يېڭى مېۋە - چېۋە 7% تۆۋەنلىدى، قۇرۇق مېۋە 25.6% ئۆرلىدى، كۈندىلىك چەرچەن ماللار 74.9% ئۆرلىدى، ئوتۇن - سامان 19% تۆۋەنلىدى.

1984 - يىلى ھەر خىل تاۋارلارنىڭ بازار سودىسىدىكى باھاسىنىڭ تاختاي باھادىن

يۇقىرى بولغان كۆرسەتكۈچى: ئاشلىق 123.3%، سۇ ماي 62.7%، يېڭى ئوتياش 38.9%، قىشلىق ئوتياش 89%، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم 168.8%، سۇ مەھسۇلاتلىرى 42.5%، يېڭى مېۋە - چېۋە 15.5%، قۇرۇق مېۋە - چېۋە 0.7%، كۈندىلىك چەرچەن مال 73.1%، ئوتۇن - سامان 156.7%. (جۇتۇجەن)

[قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مال باھا سىياسىتىنى كەڭ قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى] ئىسلاھاتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئىگىلىكنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قەشقەر ۋىلايىتى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مال باھا سىياسىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، كارخانىلارنىڭ باھا بەلگىلەش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشنى قارار قىلدى.

1. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى توغرىسىدا.

(1) سانائەت كارخانىلىرى ئۆزى ساتىدىغان مەھسۇلاتنىڭ باھاسى:

ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، نىسبەت بويىچە ئۆزى ساتىدىغان ياكى پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپ ئۆزى ساتىدىغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، كارخانىلار پىلان سىرتىدا ئۆزى خام ماتېرىيال تېپىپ ئىشلەپچىقارغان، خەلق ئىشلىتىدىغان ئېلېكتىر - ماشىنا مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى 20% ئۈستۈرۈشكە ياكى تۆۋەنلىتىشكە، مۇشۇ دائىرە ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئۆزى باھا قويۇشىغا ياكى ساتىدىغان تەرەپ بىلەن ئالىدىغان تەرەپنىڭ كېلىشىپ باھا قويۇشىغا يول قويۇلىدۇ.

ئاز ساندىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا قارىتا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدە بەلگىلىمە چىقىرىلدى:

پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقارغان ھەر بىر توننا كۆمۈرگە قوشۇلىدىغان باھا كۆمۈر قىس بولۇۋاتقان رايونلاردا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 5 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ؛ تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەن رايونلاردا باھا مۇۋاپىق چۈشۈرۈلىدۇ؛ تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان كۆمۈر يۆتكىلەي پىلان ئىچىدە تەمىنلىنىدۇ؛ كۆمۈرنىڭ خالىغاندا سېتىلىدىغان باھاسىغا باھا قوشۇلمايدۇ. پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقارغان ھەر بىر توننا پىششىق كۆمۈرگە 10 يۈەن قوشۇلىدۇ. پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقارغان ھەر بىر توننا سېمونتقا قوشۇلىدىغان باھا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 25 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ياغاچ سانلاش مەيدانلىرى ئورمان ئاسراش ئۈچۈن تاقلاپ كېسىۋېتىلگەن ياغاچلارنى ساتقاندا يۆتكەپ بېرىش باھاسى ئاساسىدا باھا قوشۇش نىسبىتى 30% دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

تۇرمۇش ۋاستىلىرى ئىچىدىكى سودا تارماقلىرى سېتىۋالمايدىغان ياكى سېتىۋېلىش نىسبىتى سانائەت كارخانىلىرى ئۆزى ساتىدىغان نىسبەتتىن تۆۋەن بولغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى سانائەت كارخانىلىرى دۆلەت بەلگىلىگەن باھادىن تۆۋەنرەك بېكىتىپ ساتىدۇ. سانائەت كارخانىلىرى پىلان سىرتىدا يۇقىرى باھادا خام ماتېرىيال سېتىۋېلىپ

ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ ئەسلىدىكى زاۋۇتتىن چىقىش باھاسىنى ساقلاپ قېلىش قىيىن بولسا، دەسمايىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئاز پايدا ئېلىش پرىنسىپىدا ئاساسەن، مال باھاسىنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە يۇقۇرىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن يۇقۇرى باھادا سېتىۋېلىپ، يۇقۇرى باھادا ساتسا بولىدۇ.

(2) سۈپەتكە قاراپ باھا قويۇش، سۈپىتى ياخشىلىرىنىڭ باھاسى يۇقۇرى بولۇش، سۈپىتى ناچارلىرىنىڭ باھاسى تۆۋەن بولۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش؛

ئومۇمەن دۆلەتنىڭ ئالتۇن مېدال، كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەم مەركەزدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ياكى ئاپتونوم رايون باھالاپ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دەپ بېكىتكەن مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى يۇقۇرىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن دۆلەت بەلگىلىگەن دائىرىدە ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. مالنىڭ باھاسى ئەرزان، ئۆزى كۆركەم بولۇش جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ باھا قوشمىسىمۇ بولىدۇ.

بازىرى كاسات، رەڭ خىللىرى كونا بولغان مەھسۇلاتلارنىڭ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى كۆپ، ئۈنۈمى تۆۋەن بولغان ئېلېكتېر - ماشىنا مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسىنى تۆۋەنلىتىشكە بولىدۇ، تۆۋەنلىتىش دەرىجىسى چەكلەنمەيدۇ.

(3) سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئالاقىدار تارماقلار باھالاپ مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، سىناق قىلىپ سېتىش مەزگىلىدە پرىنسىپ جەھەتتە باھانى كارخانا ئۆزى بېكىتىدۇ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا ۋە مال باھا تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ، ئاز ساندىكى مۇھىم بولغان يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ سىناپ سېتىش باھاسىنى يۇقۇرىغا يوللاپ تەستىقلىتىش كېرەك.

(4) يېزا - بازار كارخانىلىرى پىلان سىرتىدا خام ئەشيا، يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىپ ئىشلەپچىقارغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ياتىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىدا، شۇ جايدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئوخشاش خىلدىكى مەھسۇلاتنىڭ باھاسىنى ئاساس قىلىپ، دەسمايىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئاز پايدا ئېلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، شۇ جايدىكى مال باھا تارماقلىرى بەلگىلىگەن دائىرىدە باھانى ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىدا، دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ياكى سېتىۋېلىش - سېتىش توختىمى تۈزۈلگەنلىرىدىن باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى كارخانا ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

2 . سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى توغرىسىدا.

(5) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون قويۇۋېتىشنى بەلگىلىگەن كۈندىلىك ئۇششاق تاۋارلارنىڭ باھاسىنى سودا - سانائەت كارخانىلىرى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئۇششاق تاۋارلاردىن باشقا، سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىدا دۆلەت بەلگىلىگەن باھا ئىجرا قىلىنىدۇ. ھالقىلار، راسخوتلار ئازايغانلىقتىن بەزى تاۋارلارنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىشكە يول قويۇلىدۇ. ئوخشاش خىلدىكى تاۋارنىڭ ئوخشاش بىر بازاردا باھاسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا يول قويۇلىدۇ. ئۆستۈرۈش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىغا چەكلىمە قويۇلىدۇ.

تۆۋەنلىتىش باھاسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىغا چەكلىمە قويۇلمايدۇ. لېكىن، مەملىكەت ياكى ئاپتونوم رايون بويىچە بىر باھادا سېتىلىدىغان، مەخسۇس سېتىلىدىغان، مالىيە ياردىمى بېرىلىدىغان، دۆلەتنىڭ ئايرىم بەلگىلىمىلىرى بولغان ھەمدە داڭلىق ۋېلىسىپىت، داڭلىق كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ئىمپورت قىلىنغان تېلېۋىزور، رادىيولۇق ئۈنئالغۇ قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. باشقا رايونلاردىن پىلان سىرتىدا باھا قوشۇپ سېتىۋالغان، بازىرى ئىتتىك ئايرىم تاۋارلاردا دەسمايىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئاز پايدا ئېلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن تاختاي باھاسىدىن ئۈستۈنرەك سېتىشقا بولىدۇ.

(6) بەزى تاۋارلاردا رەڭ خىللىرىغا قاراپ باھا پەرقى بولۇش يولغا قويۇلىدۇ: ساپ پاختىدىن توقۇلغان گۈللۈك رەخت، دېبلون رەخت ۋە ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان گۈللۈك رەختلەردە رەڭ خىللىرىغا قاراپ باھا پەرقى يولغا قويۇلىدۇ. 3 - دەرىجىلىك توپ تارقىتىش كارخانىلىرىدا باھانى ئۆستۈرۈش ياكى چۈشۈرۈش 10 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، پارچە سېتىش كارخانىلىرىدا ئۆستۈرۈش 10 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، چۈشۈرۈش 20% تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، پار-پۇر بۇيۇملارنىڭ سېتىلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش ياكى چۈشۈرۈش 10% تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، كىيىم-كېچەك، بەتىنكىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش دەرىجىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 15% — 10 دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. چۈشۈرۈش دەرىجىسىگە چەك قويۇلمايدۇ.

(7) بىر قىسىم تاۋارلاردا پەسىل باھا پەرقى يولغا قويۇلىدۇ: پەسىل خاراكتېرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان تاۋارلار، مەسىلەن: ئىچ مايكا، تور كۆينەك، تور ئىشتان، پاختىلىق خەي، بەتىنكە، شامالدۇرغۇچ، سەندەل كەشلەردە ئەقىلغا مۇۋاپىق ھالدا پەسىل باھا پەرقىنى ئىگەللەپ يولغا قويۇشقا بولىدۇ. سودا كارخانىلىرى تاۋارنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى ياكى سېتىۋېلىشتىكى پەسىل باھا پەرقى نىسبىتى بويىچە مۇۋاپىق ھالدا باھا قوشسا ھەم جانلىقراق ئىگەللىسە بولىدۇ.

(8) تاۋارلارنىڭ مىقدارىغا قاراپ ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىش باھاسى يولغا قويۇلىدۇ: توپ تارقىتىش كارخانىلىرى پارچە سېتىش كارخانىلىرىغا ۋە كوللېكتىپ، شەخسىي تىجارەت قىلىدىغان ئائىلىلەرگە، پارچە سېتىش كارخانىلىرى ئىستېمال ئورۇنلىرىغا، شەخسلەرگە ئوخشاش بولمىغان تاۋارلار بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇلارغا بولغان ئېھتىياج ئەھۋالى ۋە سېتىۋېلىش مىقدارىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ، ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىش باھاسىنى يولغا قويىدۇ.

(9) سۈپىتى ياخشى مەھسۇلاتقا يۇقىرى باھا، سۈپىتى ناچار مەھسۇلاتقا تۆۋەن باھا قويۇلىدۇ: ئالتۇن مېدال، كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ھەم ئەلا مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش باھاسى باھا قوشۇلغاندىن كېيىنكى زاۋۇتتىن چىقىش باھاسىغا بەلگىلىمىدىكى سېتىۋېلىش پەرقىنى، مىقدار پەرقىنى قوشۇش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. سۈپىتى تۆۋەن مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈشكە بولىدۇ.

(10) ۋىلايەت سىرتىغا يۆتكەلمەيدىغان پىلان سىرتىدىكى تاۋارلار ۋە غەيرىي پىلانلىق تاۋارلار ھەمدە پىلان ئىچىدىكى بېسىلىپ قالغان، كاسات تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ساتقۇچى تەرەپ بىلەن سېتىۋالغۇچى تەرەپ كېڭىشىپ بېكىتىدۇ، ئۆستۈرۈشكە ياكى چۈشۈرۈشكە يول قويۇلىدۇ.

(11) تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرى دېھقانلارنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن سىرتقى جايلاردىن پىلان سىرتىدا يېزىلارنىڭ ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ماتېرىيال ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا-سايمانلىرى قاتارلىقلارنى ۋاكالىتەن سېتىۋالغاندا مۇۋاپىق رەسمىيەت پۇلى ئالىدۇ، رەسمىيەت پۇلىنىڭ نىسبىتىنى ھاۋالە قىلغان تەرەپ بىلەن كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

3. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، سېتىش باھاسى.

(12) دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، بازارغا سېلىنىدىغان بىرىنچى، ئىككىنچى خىلدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدا كېلىشىپ سېتىۋېلىش، سېتىشقا يول قويۇلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا، كالا، قوي ئىچ يۈرۈشلىرىنىڭ باھاسىدا كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېڭىشىپ سېتىش يولغا قويۇلىدۇ، تاتلىق سۇدا بېقىلغان بېلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن ئاشۇرغان قىسمىنى كېڭىشىپ سېتىۋېلىش، كېڭىشىپ سېتىشقا يول قويۇلىدۇ، ئۆي قۇشلىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش باھاسىنى 20 پىرسەنت ئۆستۈرۈشكە ياكى چۈشۈرۈشكە بولىدۇ، تۇخۇمنىڭ باھاسىنى 10 پىرسەنت ئۆستۈرۈشكە ياكى چۈشۈرۈشكە بولىدۇ.

(13) تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرى ۋە يەككە ئائىلىلەرنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش — سېتىش رەسمىيەت پۇلىنىڭ نىسبىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ؛ دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بولمىغانلىرىدا ئوخشاش خىلدىكى مەھسۇلاتنىڭ رەسمىيەت پۇلى ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

4. پىلاندىن سىرت تەمىنلىنىدىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ باھاسى توغرىسىدا.

(14) پىلاندىن سىرت ھەمكارلىشىپ تەڭشىگەن ماددىي ئەشيا ۋە ئېلېكتىر-ماشىنا سايمانلىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە خىمىيە سانائەت ئۈسكۈنىلىرى ئىچىدىكى 3-خىل ماددىي ئەشيانى سانائەت كارخانىلىرى ئىشلىتىدىغان تارماقلار بىلەن بىۋاستە سودىلىشىدۇ، ماددىي ئەشيا تارماقلىرى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ماددىي ئەشيالاردا ماددىي ئەشيا تارماقلىرى سېتىۋېلىش باھاسىغا بەلگىلەنگەن ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى قوشۇپ تەمىنلەش باھاسىنى بېكىتىدۇ.

(15) يەرلىك ئورۇنلار چەتئەل پىروۋوتىغا ئىمپورت قىلغان ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش باھاسى: پولات ماتېرىياللىرى قاتارلىق مەخسۇس بەلگىلىمىلىرى بارلىرىدىن باشقا، قالغانلىرىدا كىم ئېھتىياجلىق بولسا شۇ ئۈستىگە ئېلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىمپورت قىلىنىدىغان تەننەرخىگە مۇۋاپىق رەسمىيەت قوشۇلۇپ باھا قويۇلىدۇ.

5. ئاپتوموبىل ترانسپورت باھاسى.

(16) ئومۇمخەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت باھاسىنى كارخانىلار ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش بەلگىلىگەن ترانسپورت باھاسى ئاساسىدا مۇۋاپىق چۈشۈرسە بولىدۇ؛ ئاپتوموبىل ترانسپورت باھاسىنى ئۆستۈرۈشتە، ئاپتونوم رايونلۇق مال باھا ئىدارىسىغا يوللاپ تەستىقلىتىش كېرەك.

6. يەمەك ـ ئىچمەك باھاسى.

(17) يەمەك-ئىچمەككە ۋىلايەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن ئوپچە ئومۇمى پايدا نىسبىتى ۋە تۈرلەرگە ئايرىلغان ئومۇمى پايدا نىسبىتى بويىچە باھا قويۇلىدۇ. باھاسىنى چۈشۈرۈشكە يول قويۇلىدۇ، خۇرۇچى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىپ ئىشلىگەن تاماق، سەيگە تاختاي باھانىڭ ساپىسىز ئومۇمى پايدا نىسبىتى بويىچە باھا قويۇلىدۇ.

(18) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار خام ماتېرىيالنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ ئىشلەپچىقارغان پېچىنە ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرگە دەسمايىسىنى ساقلاپ قېلىش، ئاز پايدا ئېلىش پرىنسىپى بويىچە ئۆزلىرى باھا قويسا بولىدۇ.

7. غەيرى تاۋارلار ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ھەق.

(19) مېھمانخانا، رېستورانلارنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان دۆلەت بەلگىلىگەن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ئاساسىدا ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى چۈشۈرۈشكە يول قويۇلىدۇ. چاچ بۇدرە قىلىش باھاسىنىڭ چۈشۈرۈلۈشىگە يول قويۇلىدۇ.

8. يېزىلاردىكى «ئىككى ئائىلە» گە ئالاقىدار باھا توغرىسىدا.

(20) يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر ئىشلەپچىقارغان سانائەت، دىخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ۋەزىپە، توختام ئىچىدە دۆلەتكە سېتىپ بەرسە جايلار بەلگىلىگەن باھا قويۇش چارىسى بويىچە ئىجرا قىلىنغاندىن باشقىلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئۆزى ساتىدۇ، باھاسىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

(21) يېزىلاردىكى كەسپىي ترانسپورت ئائىلىلىرىنىڭ قىسقا ئارىلىقتىكى ئاپتوموبىل ترانسپورت (40 كىلومېتىردىن تۆۋەن) باھاسىنى مال توشىغان تەرەپ بىلەن مال توشۇتقان تەرەپ ئۆزلىرى كېلىشىدۇ.

(22) يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر غەيرى تاۋار كەسىپتىن ھەق ئېلىشتا، تىجارەت قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى بېكىتسە بولىدۇ. (جۇ تۇجىن)

## 1984 - يىلى ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا كۆمۈرنىڭ خاڭدىن چىقىش باھاسىنى تەڭشەشنى تەستىقلىدى، 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن باشلاپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەربىر توننا كۆمۈرنىڭ خاڭدىن چىقىش باھاسى 17 يۈەندىن 24 يۈەنگە، كۆكىس كۆيدۈرۈلىدىغان كۆمۈرنىڭ ھەر بىر توننىسى 17 يۈەندىن 29 يۈەنگە، كاللەك كۆمۈرنىڭ ھەر بىر توننىسى 24 يۈەندىن 35 يۈەنگە، كۆكىس كۆيدۈرۈلىدىغان ئوۋاق كۆمۈرنىڭ ھەربىر توننىسى 13 يۈەندىن 20 يۈەنگە، ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوۋاق كۆمۈرنىڭ ھەر بىر توننىسى 13 يۈەندىن 17 يۈەنگە، كۆكىسنىڭ ھەر بىر توننىسى 42 يۈەندىن 80 يۈەنگە تەڭشەلدى. شەھەرلەردە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈرنىڭ باھاسى ئۆزگەرمىدى. كۆمۈر سەرپىياتى كۆپ بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تاۋار-

لاردا زۆرۈر تەڭشەش بولدى، 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلاپ ۋىلايەتلىك سەمونت زاۋۇدى ئىشلەپچىقارغان 400 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى ھەر بىر توننا سەمونتنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى 110 يۈەندىن 120 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. قەشقەر شەھەر دائىرىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر مىڭ پىششىق خىشنىڭ خۇمداندىن چىقىش باھاسى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ 42 يۈەندىن 55 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

سېلىركا بىلەن بېنزىننىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقىدىكى پەرق چوڭ ئەمەس، سېلىركىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمدارلىقى تېخى بېنزىننىڭكىدىن 30% يۇقىرى، لېكىن ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان باھاسى بېنزىن باھاسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ، شۇڭا سېلىركا ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قۇۋۋەت مەنبەسىنى تېجەپ قىلىش ئۈچۈن توپ تارقىتىلىدىغان ھەر بىر توننا 0 - نومۇرلۇق سېلىركىنىڭ باھاسىنى 450 يۈەندىن 561 يۈەنگە ئۆستۈرۈش، 10 - نومۇرلۇق سېلىركىنىڭ ھەر بىر توننىسىنى 473 يۈەندىن 589 يۈەنگە ئۆستۈرۈش، 35 - نومۇرلۇق سېلىركىنىڭ ھەر بىر توننىسىنى 585 يۈەندىن 729 يۈەنگە ئۆستۈرۈش قارار قىلىندى. سېلىركىنىڭ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى باھاسى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئەڭ يۇقىرى باھا چېكىگە توغرا كېلىدۇ. كەسىپ، كارخانا ئورۇنلار، ئىدارە، تەشكىلاتلار، قىسىملار، يېزا - بازار كارخانىلىرى پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئىشلىتىدىغان ماي ھەمدە شەخسىي ماشىنا - سايمانلارغا ئىشلىتىدىغان مايلارنى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يۇقىرى باھادا تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. قەشقەر شەھرىدە ھەر بىر توننا 70 - نومۇرلۇق يۇقىرى باھالىق بېنزىننىڭ باھاسى 1285 يۈەن، ھەر بىر توننا 0 - نومۇرلۇق يۇقىرى باھالىق سېلىركىنىڭ باھاسى 970 يۈەن بولدى.

گوۋۇيۈەن دۆلەت مال باھا ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ تاۋارلارنىڭ باھاسىنى يەنىمۇ قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى دوكلادىنى تەستىقلىدى، بىرىنچى تۈركۈمدە 179 خىل ئۇششاق تاۋارنىڭ باھاسىنى قويۇۋەتكەن ئاساستا، ئىككىنچى تۈركۈمدە 369 خىل ئۇششاق تاۋارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى. باھاسى قويۇۋېتىلگەن ئۇششاق تاۋارلار جەمئىي 548 خىلغا يەتتى. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ كۆپەيتسە ياكى ئازايتسا بولىدۇ. بۇ بىر قىسىم ئۇششاق تاۋارلارنىڭ باھاسىدا، دۆلەت سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بازار ئارقىلىق تەڭشەش، كارخانىلار باھا بېكىتىش يولغا قويۇلۇشى كېرەك. 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ قويۇۋېتىلگەن ئۇششاق تاۋارلارنىڭ باھاسى قوغداش دائىرىسىدىن چېكىندۈرۈلدى. جايلارنىڭ پەرق باھاسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىن قەشقەردىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر، بازارلارغا بارغىچە بولغان پەرقىنىڭ ئۆزىچە نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7% ئەتراپىدا كېڭەيتىلدى؛ كەڭ قويۇۋەتكەندىن كېيىنكى توپ تارقىتىش پەرقى قوشۇلسا قەشقەر شەھرىدە ئۇششاق تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى تەخمىنەن 11% ئۆسىدۇ.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ كالا، قويلارنى سېتىۋېلىشتا ئاساسىي ساندىن ئاشقان قىسمىغا باھا قوشۇپ سېتىۋېلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نىسبەت بويىچە باھا قوشۇش چارىسى يولغا قويۇلدى، كالىنىڭ 30% تى تاختاي باھاسى بويىچە، 70% ي باھا قوشىدىغان باھا بويىچە سېتىۋېلىنىدى.

قوينىڭ 50% ى تاختاي باھاسى بويىچە، 50% ى باھا قوشۇلغان باھا بويىچە سېتىۋېلىنىدى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن باشلاپ چوشقا، كالا، قوي ۋاسۇلىرىنى كېلىشىم باھادا سېتىش يولغا قويۇلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە گۆش مەنبەسى قىسراق بولغانلىقتىن، كېلىشىم باھا يولغا قويۇلغاندىن كېيىن باھا بىر ئاز ئۆسۈۋالدى. مەسىلەن: چوشقا كاللىسى تاختاي باھادا ھەر بىر كىلوسى 1.05 يۈەن ئىدى، كېلىشىم باھادا 1.80 يۈەنگە چىقتى؛ چوشقا جىگىرى، بۆرىكىنىڭ بىر كىلوسى تاختاي باھادا 1.50 يۈەن ئىدى. كېلىشىم باھادا 2.00 يۈەنگە چىقتى؛ چوشقا پاقالچىقىنىڭ بىر كىلوسى تاختاي باھادا 0.70 يۈەن ئىدى. كېلىشىم باھادا 1.30 يۈەنگە چىقتى؛ قوينىڭ جىگىرى، بۆرىكىنىڭ بىر كىلوسى تاختاي باھادا 0.90 يۈەن ئىدى، كېلىشىم باھادا 1.50 يۈەندىن تارتىپ 2.00 يۈەنگە قەدەر سېتىلىۋاتىدۇ.

ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇراھال يۈز جىڭلىق پۇرچاقنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 36.80 يۈەندىن 32 يۈەنگە چۈشتى. يېڭى سېتىۋېلىش باھاسى 1984 - يىلى يېڭى پۇرچاق بازارغا كىرگەن چاغدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتىكى زىياننى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پىتونېرلار كالاستۇكىنىڭ مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئاپتونوم رايوندا بىر تۇتاش سېتىلىش باھاسىغا ئۆزگەرتىلدى. 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ قەشقەر شەھىرىدە 33 سانتىمېتىرلىق ھەر بىر كالاستۇكنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 0.34 يۈەندىن 0.46 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

تۆمۈر يولدا مال توشۇش باھاسى ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن، سودا تىجارىتىنىڭ تەننەرقىنى كۆپەيتىۋېتىپ، ئىچكىرىدىن سېتىۋېلىنغان بەزى سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى مۇناسىپ ھالدا تەڭشەلدى. مەسىلەن: 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن باشلاپ شاڭخەيدە ئىشلەنگەن 5 باغلىق چايدان شىشىسىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 0.29 يۈەن ئۆستۈرۈلدى، شاڭخەيدە ئىشلەنگەن 5 باغلىق چىنى چايداننىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 0.70 يۈەن ئۆستۈرۈلدى، شاڭخەيدە ئىشلەنگەن ئۆلچەملىك كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە پارچە سېتىلىش باھاسى 7 يۈەن ئۆستۈرۈلدى؛

دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن مېخانىزىملىق قول سائىتىنىڭ بازىرىنى كېڭەيتىش، يېڭى تۈر، يېڭى رەڭ، يېڭى شەكىلدىكى قول سائەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، قەشقەر شەھىرىدە 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن باشلاپ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن مېخانىزىملىق قول سائىتىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى، بىرىنچى دەرىجىلىك قول سائەتنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 90 - 70 يۈەندىن 70 - 55 يۈەنگىچە چۈشۈرۈلدى، 2 -، 3 -، 4 - دەرىجىلىك قول سائەتلەر ئەسلىدىكى پارچە سېتىلىش باھاسى ئاساسىدا 10 - 5 يۈەنگىچە چۈشۈرۈلدى.

1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى ئۆسۈپ دىخانلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكىنى ئېغىرلىتىپ قويدى؛ تور پاختا باھاسى ئۆسۈپ، ۋىلايەت بويىچە دىخانلارنىڭ چىقىمى 614 مىڭ يۈەن ئېشىپ كەتتى؛ خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ با-

ھاسى ئۆسۈپ، 6 مىليون 670 مىڭ يۈەن چىقىم كۆپەيدى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان كۆڭگۈرت كىسلاتانىڭ باھاسى ئۆسۈپ، 43 مىڭ يۈەن چىقىم كۆپەيدى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سېلىتىركا ئۈچۈن بېرىلىدىغان ياردەم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن باشقا باھاسى ئۆستۈرۈلۈپ 3 مىليون يۈەن چىقىم كۆپەيدى؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ باھاسى ئۆسۈپ 558 مىڭ يۈەن چىقىم كۆپەيدى؛ كېۋمزە رايونلار بويىچە باھا پەرقى يولغا قويۇلۇپ، كەملەپ كەتكەن كىرىم 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن؛ ئۇششاق توۋارلار قوغداش باھاسى دائىرىسىدىن چىكىندۈرۈلۈپ 264 مىڭ يۈەن چىقىم كۆپەيدى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماددى ئەشيالارنى توشۇشتا ئېتىبار بېرىلىدىغان باھا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 2 مىليون 166 مىڭ يۈەن چىقىم كۆپەيدى؛ جەمئى كۆپەيگەن چىقىم 14 مىليون 715 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا بىر يىلدا كۆپەيگەن چىقىم 8 يۈەن ئەتراپىدا توغرا كېلىدۇ. (جۇ تۈجىن)

**[مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئورنى]** دۆلەتنىڭ مال باھا فاڭجېنىنى، سىياسىتىنى ۋە مال باھا قانۇن-بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش، دۆلەتنىڭ، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، مال باھاسىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، دۆلەتلىك مال باھا ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئورنى ۋە دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرقىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1984-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى رەسمى قۇرۇلدى. مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئورنى ۋە تەكشۈرۈش ئەترىتى 2 ۋىۋىسكىلىق بىر ئاپارات. ئۇ ۋىلايەتلىك مال باھا باشقارمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى بولۇپ، كەسپىي ئورۇن ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا 9 ناھىيە (شەھەر) دىمۇ ئارقا-ئارقىدىن مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ۋە تەننەرقىنى تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. كەسپىي شتاتتىكى خادىملار كۆپىيىپ 70 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك تەكشۈرۈش ئورنىدىكىلەر 8 نەپەر.

مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ مەسئۇلىيىتى: (1) ھەر قايسى كەسىپ ۋە باشقۇرغۇچى تارماقلارنى، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنى نازارەت قىلىپ، دۆلەتنىڭ مال باھا فاڭجېنى، سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى ۋە مال باھا قانۇن-بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش؛ (2) ھەر قايسى كەسىپ ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنى، كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلارنى نازارەت قىلىش، مال باھاسىدا خىزمەت تەقسىم قىلىۋېلىپ، باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئىجرا قىلىش، دۆلەت بېكىتكەن باھا قويۇش پىرىنسىپىنى ۋە باھا قويۇش چارىسىنى ئىجرا قىلىش؛ (3) ھەر قايسى كەسىپلەر ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنى، كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلارنى نازارەت قىلىپ، دۆلەت بەلگىلىگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش باھاسى، قاتناش-ترانسپورت باھاسى، غەيرى تاۋاردىن ئېلىنىدىغان پۇل ئۆلچىمى ۋە ماددى ئەشيالارنى باشقۇرۇش راسخوت ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىش؛ (4) ھەر قايسى كەسىپ ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار، كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا مال باھاسىنى تەك-

شۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى مال باھاسىنى ئۆزى تەكشۈرۈش ۋە ئۆز ئارا تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش؛ (5) ھەر قايسى كەسىپ ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار، كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى مال باھا ئىنتىزامىغا خىلاپ ھەركەتلەرنى مەسئۇل بولۇپ تۈزىتىش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن جازالاش؛ (6) ھەر قايسى كەسىپ ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار، كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مال باھاسىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش، مال باھاسىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىش؛ (7) شەھەر-بازار سودىسىنى، يەككە سودا-سانائەتچىلەرنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، دۆلەتنىڭ مال باھا سىياسىتىنى ۋە بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىپ، مال باھا ئىنتىزامىغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاش.

دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرقىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ۋەزىپىسى: ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئۆز رايونىنىڭ دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرقىنى تەكشۈرۈش ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ خۇلاسىلاش، ئانالىز قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش. (جۇ تۇ جىن)

## تاشقى سودا

**[ تاشقى سودا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ]** قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان. غەربىي شىمالدا سوۋېت ئىتتىپاقى، غەربىي جەنۇپتا پاكىستان، ئافغانىستان بىلەن چېگرىداش خوشنا. ئۇ، تارىختا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىسات ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى بولغان. "يىپەك يولى" مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن. نۇرغۇن ئالىملار، ئەلچىلەر ۋە سودىگەرلەر مۇشۇ قەدىمىي يىپەك يولىدا جاپا چېكىپ، ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئىگىلمەي، پۈكۈلمەي باتۇرانە روھ بىلەن جۇڭگو ۋە ئاسىيا، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىسات ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان. قەشقەر ئۇزۇندىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئەنئەنىۋىي سودا ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. 1949-يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن، تاشقى سودا ئىشلىرى راۋاجلاندى. 1953-يىلى تاشقى سودا ئاپپاراتى رەسمىي قۇرۇلدى. 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئېكسپورتنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 720 مىليون يۈەندىن ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار ئىچىدە سۈپىتى ياخشى، تۈرلىرى تولۇق ھەر خىل چارۋا مەھسۇلاتلىرى، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە مەشھۇر شىنجاڭ پاختىسى، قولماق، ھەر خىل قۇرۇق مېۋە، زىرە ۋە چۈچۈكبويىلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ماتېرىياللىرى خىل، نۇسخىلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان، ھۈنەر-سەنئىتى ياخشى، يېڭى نۇسخىدىكى گىلەم ۋە باشقا ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى بار. تۈرلۈك رەڭلىك مېتاللار ھەم سىرەك مېتاللاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ناھايىتى زور نىسبەتنى ئىگەللەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭىدىن سانائەت توقۇلما مەھسۇلاتلىرى، مېتال سايمانلار ۋە ماشىنا-

ھازىرلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆستى، شۇنىڭدەك تەدرىجىي ھالدا خەلقارا بازارغا كىردى. قەشقەر ئېغىزى ئارقىلىق نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى ئىمپورت قىلىندى، يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقىدىنلا ئىمپورت قىلىنغان مالنىڭ قىممىتى 120 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپ قىسمىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، ئېھتىيات مەھسۇلاتلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچلۈك ياردىمى بولدى. بازارلارنى نورمىللاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆپ يىللاردىن بۇيان قەشقەر ئېغىزىدىن يەنە خېلى كۆپ مىقداردا مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلار، توقۇلما ماللار ۋە خىمىيىۋى تالادىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار، كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك چەرچىن ماللار ۋە تىببىي دورا، ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار ئىمپورت قىلىندى.



يەكەن ئەتلەسچىلىك كارخانىسى بىر مەۋسۇم قىلماقتا.
مەھەممەت دېيىت فوتوسى

مۇندىن كېيىن، قەشقەر تاشقى سودا ئورگىنى «ئوبوختامغا ئېتىۋار قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، باراۋەرلىك، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا، خەلقارادا بىر تۇتاش قوللىنىلىۋاتقان تۈرلۈك سودا شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، چېگرىداش، خوشنا دۆلەتلەر ۋە دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي-سودا مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىدۇ ۋە قويۇقلاشتۇرىدۇ.

قوشۇمچە: 1984- يىلى قەشقەر ئېغىزىدىن ئىمپورت ۋە ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار:



قەشقەر شەھەرلىك گىلەمچىلىك كارخانىسى.
چېن لىۋ فوتوسى

ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار:

| ئىسمى | مىقدارى | سانى |
| --- | --- | --- |
| سېمونت | توننا | 19،418 |

| | | |
|---|---|---|
| ئورمىيا | توننا | 24.937 |
| ئەينەك | كۋادرات مېتىر | 207.154 |
| پولات ماتېرىياللىرى | توننا | 4.178 |

( يۇقۇرىدىكىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تورغات ئېغىزى ئارقىلىق ئىمپورت قىلىندى)

| | | |
|---|---|---|
| خىمىيىۋى تالادىن توقۇلغان ماللار | رۇپىيە/مېتىر | 69.813/2.360.931 |
| قۇرۇق مېۋە | رۇپىيە/توننا | 34/278.200 |
| تاماكۇ | رۇپىيە/مىڭ تال | 9000/602.500 |
| بېرىتۋا | رۇپىيە/ئون مىڭ دانە | 50/300.000 |
| دورا ئۆسۈملۈك (39 خىل) | رۇپىيە/توننا | 4.5/575.581 |
| رەڭلىك تېلېۋىزور (ئەۋرىشكە) | رۇپىيە/دانە | 2/12.200 |

(يۇقۇرقىلار پاكىستاندىن خۇنجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق ئىمپورت قىلىنغان)

ئېكسپورت ئەھۋالى:

| ئىسمى | مىقدارى | سانى |
|---|---|---|
| پاختا رەخت | مېتىر | 3.014.010 |
| قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كۆينەك | دانە | 50.500 |

(يۇقۇرقىلار تورغات ئېغىزى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىندى)

| | | |
|---|---|---|
| توقۇلما تۈرلەر | رۇپىيە | 2.487.844 |

(تاۋار، دۇردۇن، پاختا رەخت، كارۋات ئەدىياللىرى قاتارلىقلار)

| | | |
|---|---|---|
| كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان چەرچەن ماللار | رۇپىيە | 390.742 |

(لامپۇچكا، سائەت، پار-پۇر، ئالىيومىندىن ئىشلەنگەن بويۇم قاتارلىقلار)

| | | |
|---|---|---|
| پار-پۇر بويۇملار | رۇپىيە | 269.997 |
| مىبىستال سايمانلار<br>سو ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى | رۇپىيە | 848.299 |
| نەپىس سەنئەت بويۇملىرى | رۇپىيە | 87.072 |

( يۇقۇرقىلار خۇنجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق پاكىستانغا ئېكسپورت قىلىندى)

| | | |
|---|---|---|
| توقۇلما تۈرلەر | يۈەن | 7.638.276 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: پاختا | كىلوگىرام | 1.273.046 |
| ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى | يۈەن | 8.828.000 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئۈرۈك مېغىزى | كىلوگىرام | 6.332 |
| شاپتۇل مېغىزى | كىلوگىرام | 1.970 |
| زىرە | كىلوگىرام | 1.049.158 |
| چۈچۈكبۇيا | كىلوگىرام | 4.550.196 |
| قۇلاق | كىلوگىرام | 6.000 |
| چۈچۈكبۇيا مەلھىمى | كىلوگىرام | 100.000 |
| گىلەم تۈرلىرى | يۈەن | 1.168.489 |

| | | |
|---|---|---|
| بۇنىڭ ئىچىدە: 360 ئۇرۇشلۇق گىلەم | كۋادرات مېتىر | 3.517.99 |
| 540 " " | " " | 2.926.16 |
| 720 " " | " " | 276.17 |
| چارۋا مەھسۇلات تۈرلىرى | يۈەن | 4.378.726 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: تىۋىت | كىلوگرام | 279.015 |
| ئۆچكە تىۋىتى | ساندۇق | 204 |
| ئات ياپىلىسى | ساندۇق | 99 |
| ئۆچەي | باغلام | 150.738 |
| تېرە | دانە | 107.108 |

( يۇقۇرقىلار يۇقىرىقى كېلىشىمگە ئاساسەن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىن يەنە باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىندى).

**[ پاكىستانغا قارىتىلغان چېگرا سودىسى ]** جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا ئەنئەنىۋى دوستلۇق مەۋجۇت. تارىختا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئىنتايىن قويۇق بولغان. 1969 - يىلى جۇڭگو - پاكىستان ھۆكۈمەتلىرى كېلىشىم تۈزۈپ، پاكىستاننىڭ شىمالى رايونى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن بولغان چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇردى. جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ پۈتۈشى ۋە خونجىراپ ئېغىزىنىڭ رەسمىي ئېچىلىشى بىلەن سودا مىقدارى يىلدىن-يىلغا ئېشىپ باردى. 16 يىلدىن بۇيان ئىمپورت ۋە ئېكسپورت مىقدارى 18 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.



جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن پاكىستاننىڭ شىمالىي رايونى چېگرا سودىسى قانات يايدۇردى. سۈرەتتە: جۇڭگو-پاكىستان ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىدىكى سودىيەت مەسىلىسى. سۈرەتتە ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتى ئەۋەتكەن

جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سودىسى توغرىسىدا ئىككى تەرەپ قەشقەر بىلەن گىلگىتنى مال ئالماشتۇرۇش ئورنى قىلىپ بېكىتتى. خونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق كۆپىنچە تېغىدىن ئۆتۈپ بارىدىغان بۇ سودا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 700 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ھەر قېتىم باھار كىلىپ چېچەكلەر ئېچىلغان پەسىلدە ئىككى تەرەپ تۈرلۈك تەۋرىشكە ماللىرىنى ئېلىپ نۆۋەت بىلەن قەشقەر ۋە گىلگىتتە دوستانە سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. باراۋەرلىك، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە بار - يوقىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش روھىغا ئاساسەن، ھەر يىللىق سودىنىڭ مىقدارى ۋە باھاسىنى بېكىتىدۇ. يۈك ئاپتوموبىللىرىدىن تەشكىللەنگەن سودا ئەترىتى جۇڭگو - پاكىستان ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقىنى ئېلىپ يىلبويى قار بىلەن قاپلانغان كۆپىنچە تاغلاردا قاتناپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆز ئارا ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇش بولۇپلا قالماستىن مۇھىمى جۇڭگو

پاكىستان ئىككى مەملىكەت ئەھلىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ بەلگىسى. دۆلىتىمىز ئىمپورت قىلىدىغان تاۋارلار ئىچىدە كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى، سۇ ئېلىپ كېتەر ئۈسكۈنىلىرى، تاۋار - دۇردۇن، پار - پۇر بويۇملار ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان چەرچەن ماللار بار. ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار مىللىي ئالاھىدە ئېھتىياجلىق خىمىيىۋى تالادىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار، قاپلىق تاماكا، يەرلىك ماللار ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار. (دەي شىن)

## [ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان سودىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ]

ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، قەشقەر ئارقىلىق بولىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مال ئالماشتۇرۇش سودىسى پائال تۈردە قانات يايدۇرۇلغان ئىدى. بۇ، ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خەلق تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. جامائەتچىلىككە مەلۇم بولغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 1969 - يىلى بۇ مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. قەشقەر ئارقىلىق بولىدىغان ئىككى تەرەپ سودا مۇناسىۋىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ياخشىلاندى. جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى 1982 - يىلى تورۇغات ئېغىزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق مال ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى ھەمدە 1983 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلدى.

تورۇغات - قەشقەردىن 160 كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراق بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتىر ئېگىز جايغا ئورۇنلاشقان. ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كېلىماتى ئىنتايىن ناچار. بۇ ئېغىزدىكى خىزمەتچى خادىملار مال ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئوڭۇشلۇق بولسۇن ئۈچۈن قىسقىغىنا بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئىچىدە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ نۇرغۇن ئەسلىھەلەرنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە يېڭىدىن ياسىدى. ھازىر بۇ ئېغىزنىڭ يوللىرى، مال مەيدانى، ئىسكىلاتى، قاچىلاش - چۈشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى، ئىش بېجىرىش، كۈتۈۋېلىش ئىشلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆيلىرى، مەيدانلىرىنىڭ كۆلىمى بويىچە ئېيتقاندا ھەر يىلى 100 مىڭ توننا مال كىرگۈزەلەيدۇ ۋە چىقىرالايدۇ.

1984 - يىلدىكى جۇڭگو - سوۋېت سودىسىنىڭ ئەھۋالى: تورۇغات ئېغىزى ئارقىلىق جەمئىي ئىمپورت قىلىنغان تۈرلۈك مال 50 مىڭ تونناغا يېقىن. ئاساسلىقى پولات ماتېرىياللىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، سېمونت، ئەينەك قاتارلىقلار، ئېكسپورت قىلىنغان ماللار پاختا رەخت 3 مىليون مېتىر، قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كۆينەك 50 مىڭ دانە.

**[تاشقى سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى]** گوۋۇيۈەن بېكىتكەن تاشقى سودا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى - مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىۋېتىش، تاشقى سودىنى باشقۇرۇشتا ۋاكالىتەن بېجىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، سانائەت بىلەن سودىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىمپورت بىلەن ئېكسپورتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

تۈرلۈك تاشقى سودا كارخانىلىرى تەدرىجىي ھالدا ئۆزى تەۋە بولغان ھەر دەرىجىلىك ئابباسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلاردىن مۇستەقىل بولۇپ چىقىپ، مۇستەقىل باشقۇ -

رۇپ، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇپ، كەسپلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش نىشانىسىغا قاراپ راۋاجلىنىشى لازىم.

«ئىمپورت بىلەن ئېكسپورتنى ۋاكالىتەن بېجىرىش» تۈزۈمى ــ ئاساسلىقى تاشقى سودىنى باشقۇرۇشتا «داشقازاننىڭ تامىقىنى يېيىش» ۋە مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، پايدىنىڭ بىردەك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئالاقىدار كارخانىلارنى خەلقارا بازاردىكى تىجارەتكە بىۋاسىتە قاتناشتۇرۇش، تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەمدە تىجارەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاش، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

سانائەت بىلەن سودىنى، تېخنىكا بىلەن سودىنى، ئىمپورت بىلەن ئېكسپورتنى بىرلەشتۈرۈش ــ ئېلىمىزنىڭ تاشقى سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم بىر ھالقىسى. بۇ خىل بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى ــ تاشقى سودا كارخانىلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە پەن ـ تەتقىقات ئورۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇنى ئورتاق ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

قەشقەردىكى تاشقى سودا كارخانىلىرى نۆۋەتتە تاشقى سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ روھىنى پائال تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ خاراكتېرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆزگەرتتى، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشىدى ۋە سەپلىدى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە ئىچكى جەھەتتە سېتىش كەسپىنى ئالاقىدار تارماقلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئىمپورت ۋە ئېكسپورت كەسپىنى كېڭەيتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالاقىدار ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلىرى بىلەن بولغان يەرلىك چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرۇپ، تولۇقلىما سودىنى يولغا قويۇش، بىرىكمە مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىش، شىرىكلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق كەسپلەرنى قانات يايدۇرۇشتا پائال تەييارلىق كۆرمەكتە. يەنە تۈرلۈك يوللارنى راۋانلاشتۇرۇپ، چەتئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ كارخانىلاردىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىپ، شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېكسپورت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مال مەنبەسى تەييارلىماقتا.

## [ ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلار ]

ـ [ **قەشقەر گىلىمى** ] قەشقەر گىلىمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش تارىخى مىلادى بىرىنچى ئەسىردىكى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان، بۇ بىر قەدىمىي كەسپ. 1900 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق راۋاجلىنىپ بۈگۈنكىدەك مۇكەممەل دەرىجىگە يەتتى.

قەشقەر گىلىمى ــ يەرلىك ئەلاسۈپەتلىك قوي يۇڭىنى خام ئەشيا قىلىپ، قول بىلەن توقۇش، مويلىرىنى قايچىلاپ تەكشەش قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئەت جەريانلىرىدىن كېيىن پۈتۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى كۆپ ۋە كۆركەم بولۇپ، گىلەم توقۇلۇپ پۈتكەندىن

كېيىن يەنە خېمىيىۋىلىك سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گىلەمنىڭ گۈللىرى ئېچىلىپ چاقناپ تۇرىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇنى يەرگە سېلىشقا بولۇپلا قالماستىن تاملارغا ئېسىشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق گىلەملەر تام گىلىمى دېيىلىدۇ.

قەشقەر گىلىمىنىڭ نۇسخىلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇنىڭدا گۈللەرنىڭ ماس كېلىشى، رەڭلىك بولۇشى، گۈل تالالىرىنىڭ رەڭلىك توقۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. قەشقەر گىلىمى ئەنئەنىۋى ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاسىيادىكى 10 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونغا توشۇلىدۇ. ئۆلچەملىرى نىسبەتەن تولۇق، خېرىدارلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، خېرىدارلار كۆرسەتكەن نۇسخىلار بويىچە رەڭ ۋە ئۆلچىمىنى تەڭشەپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

قەشقەر گىلىمى ئەنئەنىۋى 360 تۈرۈشلۈك بولۇشتىن باشقا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېخىمۇ كۆركەم، رەڭدار نۇسخىلارغا كۆچتى. رەڭلىرى كۆركەم 540 تۈرۈشلۈك ۋە 720 تۈرۈشلۈك ئوتتۇرا ۋە يۇقۇرى سورتلۇق گىلەملەر ئىشلىنىپ خېرىدارلارنىڭ سېتىۋېلىشى ئۈچۈن بازارغا سېلىنىدى.

بىر قانچە يىل ئىلگىرى، غەرپ دۇنياسىدىكى ئىقتىسادى كىرىزىسنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، خەلقارا گىلەم سودىسىنىڭ مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ گىلەم ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېكسپورت ئىشلىرى بىر مەھەل خاراپلاشقان ئىدى، نۆۋەتتە غەرپتىكى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى كۆتىرىلىشكە باشلىدى. ئەگەر بىزنىڭ گىلەملىرىمىزنىڭ نۇسخىلىرى، رەڭلىرىنىڭ تەڭشىلىشى، مويلىرىنىڭ تەكشى قىرقىلىشى، يۇيۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ھۈنەر-سەنئىتى داۋاملىق ياخشىلىنىدىغان بولسا، ۋىلايىتىمىزنىڭ گىلەم ئېكسپورتىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش تامامەن مۇمكىن. ( دەي شىن )

[ زىرە ] زىرە — يېمەكلىكلەرنىڭ تەمىنى تەڭشەيدىغان بىر خىل قىممەتلىك دورا-دەرمەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، كۈررى پاراشۇكى ياساشقا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، كالا، قوي گۆشىدىن ئېتىلگەن يېمەكلىكلەرنىڭ تەمىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ شىنجاڭدا مېزىلىك كاۋاپلارنى پۇشۇرۇشتا زىرە كەم بولسا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئەنشى — قەدىمقى پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ۋىلايىتى ( ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقى شىمال قىسمى ) بولۇپ، ئۇ "يىپەك يولى" نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان، ئۇيەردىن زىرە ناھايىتى كۆپ چىقاتتى. تەخمىنەن بۇنىدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن بۇ زىرە جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا كىرگەن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا تېرىلغان. قەشقەردە تېرىلغان زىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، پۇراقلىق، رەڭگى ساغۇچ، دېنى تولۇق بولۇپ، بۇزۇلغان قارا دان بولمايدۇ، قۇم-توپا ئارىلاشمايدۇ (ھەرخىل كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ نىسبىتى 3% دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ)، ئۇ ئېكسپورت قىلىنىپ ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ئون يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىز 6500 توننىدىن ئارتۇقراق سۈپەتلىك زىرە ئېكس-

پورت قىلىپ، ئۇن نەچچە دۆلەت ۋە رايونلارغا ساتتى. پەقەت پەيزاۋات داھىيسىدىن ئېكسپورت قىلىنىدىغىنى 4000 توننىغا يېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تاشقى پېرېۋوتنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن دېھقانلارنىڭ كىرىمىمۇ 12 مىليون يۈەن ئاشتى. (دېي شىن)

**[قۇلماق]** قۇلماق ــ پىۋە ئىشلەپچىقىرىشتا مۇھىم خام ئەشيانىڭ بىرى، شۇنداقلا بولكا سانائىتى ۋە دورىگەرلىك سانائىتى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

شىنجاڭ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ھاۋا كىلىماتى تىپىك خاراكتېردىكى چوڭ قۇرۇغلۇق خاراكتېرلىك ھاۋا كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، قۇلماقنىڭ ئۆسۈشىگە باپ كېلىدۇ. ئۇ ئېلىمىزدىكى قۇلماق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ مۇھىم بازا (ئۇنىڭ تېرىلىش كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 95% دىن كۆپرەكىنى ئىگەللەيدۇ). 4 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 20℃، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى تەخمىنەن 15℃، نىسپىي نەملىك دەرىجىسى تەخمىنەن 50%، ئاتموسفېرانىڭ سۈزۈكلىكى ۋە نۇرنىڭ كۈچلۈكلىكى چوڭ، ئولترا بىنەپشە نۇرنىڭ چېچىلىش مىقدارى نىسبەتەن يۇقىرى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ياخشىلاش ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن، تۇپراقنىڭ كالتسىيلىق تەركىبى يۇقىرى، تۇپراق سەل شورلۇق خاراكتېردە، شۇڭا بۇنداق تۇپراق قۇلماق تېرىشقا باپ كېلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىلغان قۇلماقنىڭ چېچەكلىرى كۆپ، جۈغى چوڭ بولۇپ ئۈنۈملۈك تەركىبى يۇقىرى. لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا ئېكسپورت قىلىنغان شىنجاڭ «641» قۇلماقنىڭ فورمىك كىسلاتا مىقدارى ئادەتتە 7 ـ 8 % گىچە، بەزىلىرىنىڭ 10% گىچە بولغان، قۇلماقنىڭ رەڭگى سۇس مايسىرەڭ، پۇراقلىق كېلىدۇ. قەشقەردىن چىقىدىغان قۇلماق ئالاھىدە تەبىئىي ھاۋا كىلىماتى شارائىتىدا ئۆسىدۇ، ئۇ شىنجاڭ قۇلمىقى ئىچىدە تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

شىنجاڭ «641» قۇلماق 1964 ـ يىلى ئېكسپورت قىلىنىپ سېتىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئېكسپورت مىقدارى يىلمۇ ـ يىل ئېشىپ بارماقتا. شەرقىي ياۋرۇپادىكى رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، پولشا قاتارلىق دۆلەتلەرنى تەمىنلىگەندىن باشقا، يەنە ياۋرۇپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ھەمدە ئامېرىكا، مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ سېتىلماقتا. مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ۋە قاچىلىنىشى خېرىدارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ياپونىيىنىڭ قۇلماق ساتىدىغان سودا ئورۇنلىرى ۋە ھەر قايسى چوڭ ھاراق زاۋۇتلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تېخنىكلىرىنى كۈتۈۋالدى. غەربىي ياۋرۇپانىڭ، ئامېرىكىنىڭ قۇلماق مۇتەخەسسىسلىرى، سودىگەرلىرى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. نۆۋەتتە شىنجاڭ قۇلماق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى ئەسلىدىكى سورتىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈپ، پىششىقلاپ، ئىشلەش ھۈنەرسانائىتىنى ياخشىلاپ، ئۇنى چەتئەل بازارلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ماسلاشتۇرماقتا.

قەشقەردە قۇلماق ئىشلەپچىقىرىش كېيىنرەك باشلاندى، ئۇنىڭ سورتلىرىنى يېڭىلاش، ئۈزۈش، تاللاش، قۇرۇتۇش تېخنىكىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە تولۇق ئېتىۋار بېرىلسە، قەشقەر قۇلمىقىنىڭ ئېكسپورت ئىستىقبالى پارلاق.

[قەشقەر تاموژنىسى] جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قەشقەر تاموژنىسىنىڭ شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىسى جەمئىي 39 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 18 نەپەر، ئۇيغۇر 17 نەپەر، تاجىك 2 نەپەر، شىبە 1 نەپەر، چاۋشيەنزۇ 1 نەپەر، قەشقەر تاموژنىسىنىڭ قارمىقىدا ئىككى تارماق تاموژنا تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭ ئىچىدە خونجىراپ تاموژنىسى دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ مېتىر يۇقىرى پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تاجىك چارۋىچىلىرى ئولتۇراقلاشقان؛ تورغات تاموژنىسى دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر يۇقىرى تورغات ئېغىزىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن قىرغىز چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان. ئۇزاقتىن بۇيان قەشقەر تاموژنىسى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال تۈردە قانات يايدۇردى. 1982 - يىلدىن بۇيان ئۇدا 3 يىل قەشقەر شەھىرى بويىچە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1983 - يىلى تاموژنا پارتىيە ياچېيكىسى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار بويىچە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالاندى.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىشلىرى كۈنسايىن كۆپەيمەكتە. ھازىر قەشقەرنىڭ 40 تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايون بىلەن پوچتا ۋە ساياھەت ئالاقىسى بار. 1984 - يىلى قەشقەر تاموژنا 9.807 دانە چەتئەلدىن كىرگەن ۋە چىقىرىلىدىغان خەتلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە چەتئەلگە چىقىرىلىدىغان خەتلەر 1.137 دانە، چەتئەلدىن قوبۇل قىلىنغان خەتلەر 8.470 دانە بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 2.15 ھەسسە كۆپەيدى. غەيرى سودا خاراكتېرلىك پوچتا بويۇملىرىدىن ئېلىنغان باج 131.735 يۈەن. چەتئەلدىن كىرگەن ۋە چەتئەلگە چىقىرىلغان باسما ماتېرىيالدىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلغىنى 4.968 دانە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چەتئەلدىن كىرگىنى 4.921 دانە، چەتئەلگە چىقىرىلغىنى 47 دانە، بۇ 1983 - يىلدىكىگە قارىغاندا 133% كۆپەيدى. جەمئىي نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلغان ئېكسپورت، ئىمپورت قىلىنغان مال 51.931 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت قىلىنغىنى 350 توننا، ئىمپورت قىلىنغىنى 51.581 توننا، يىغىۋېلىنغان تاموژنا بېجى 1.496.472 يۈەن، سودا - سانائەت بېجى 955.059 يۈەن؛ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلغان ئاپتوموبىللار 5.790 ئاپتوموبىل (قېتىم). بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرگەن ئاپتوموبىل 2.898 ئاپتوموبىل (قېتىم)، چېگرادىن چىقىرىلغان ئاپتوموبىل 2.892 ئاپتوموبىل (قېتىم). تەكشۈرۈپ چېگرىدىن كىرىشكە ۋە چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغان ساياھەتچىلەر 4.499 ئادەم(قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغانلار 2242 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغانلار 2.257 ئادەم (قېتىم). ئېلىنغان يۈك - تاق بېجى 223.913 يۈەن، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئەتكەسچىلىك، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسى 178 قېتىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئەتكەسچىلىك قىلىپ سىرتتىن مال ئېلىپ كىرىش ئەنزىسى 103 پارچە، ئەتكەسچىلىك قىلىپ سىرتقا مال ئېلىپ چىقىش ئەنزىسى 50 پارچە، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسى 25 پارچە، جەمئىي قىممىتى 148.206 يۈەن.

( ماقالىنى قەشقەر تاموژنىسى ئەۋەتكەن ).

# ماددى ئەشيا

**[ماددى ئەشيا ئوبوروتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى]** 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى ماددى ئەشيا سېپىمىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى مۇنداق: مال كىرگۈزۈش ئالدىنقى يىلدىكىدىن داۋاملىق ئېشىپ، سېتىش مۇقىم ھالدا يۇقىرى ئۆرلىدى؛ ماددى ئەشيانىڭ ئامبار قالدۇقى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، ماددى ئەشيانىڭ تۈرى، ئۆلچىمى كۆپەيدى، بازىرى ئىتتىك ماددى ئەشيالار تولۇق بولدى. ئامباردىكى ماددى ئەشيالارنىڭ قۇرۇلمىسىدا بىر قەدەر چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ماددى ئەشيا كىرگۈزۈش پىلانى 30 مىليون 580 مىڭ يۈەن، ئەمەلىيەتتە ئورۇنلانغىنى 32 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلان 105.8% ئورۇنلىنىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.75% ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك شىركەتلەرنىڭ پىلانى 17 مىليون 210 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئورۇنلانغىنى 18 مىليون 580 مىڭ يۈەن، يىللىق پىلان 108% ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15% ئاشتى. سېتىش پىلانى 30 مىليون 587 مىڭ يۈەن، ئورۇنلانغىنى 32 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلان 106.3% ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك شىركەتنىڭ پىلانى 17 مىليون 527 مىڭ يۈەن، ئورۇنلانغىنى 19 مىليون 80 مىڭ يۈەن، يىللىق پىلان 109% ئورۇنلىنىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا ماددى ئەشيانىڭ ئامبار قالدۇقى 6 مىليون 440 مىڭ يۈەن، ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 360 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، 5.3% چۈشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك شىركەتلەرنىڭ 106% چۈشتى. مەبلەغ ئوبوروت پىلانى 79 كۈن، ئەمەلىيەتتە 67 كۈن بولدى، سۈرئەت 12 كۈن تېز بولدى، تېز بولۇش نىسبىتى 15%، ماددى ئەشيا ئوبوروت راسخوت سەۋىيىسى پىلانى 20.65%، ئورۇنلانغىنى 19.24% بولۇپ، 7% تۆۋەنلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8% تۆۋەنلىدى؛ پايدا پىلانى 700 مىڭ يۈەن، ئەمەلىيەتتە ئورۇنلانغىنى 1 مىليون 117 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلان 159.6% ئورۇنلىنىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30.6% ئاشتى.

ھەر دەرىجىلىك ماددى ئەشيا تارماقلىرى كونكرېت كەسپى پائالىيەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىپ، بازار ئەھۋالىنى ئالدىن خەۋەر قىلىشنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلەپ، ماددى ئەشياغا بولغان ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك چارە-ئاماللارنى قوللىنىپ پىلان سىرتىدىكى ماددى ئەشيا مەنبەسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. 1984 - يىل ماددى ئەشيا سېستىمىسىدا ئەمەلى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن پايدا 3.975 يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن 3190.30 يۈەندىن 784.70 يۈەن كۆپىيىپ، 24.6% ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك شىركەتلەردە بىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن 4555.60 يۈەندىن 1329.40 يۈەن كۆپىيىپ 29.2% ئاشتى. پىلان بويىچە تەقسىم قىلىنغان ماددى ئەشيادىكى يوچۇقنى تولدۇرۇپ، خېرىدارلار جىددى ئېھتىياجلىق مالنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پىلان سىرتىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل ماددى ئەشيانىڭ قىممىتى 2 مىليون 880 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1187 توننا پولات ماتېرىيالى، 13 يۈك ئاپتوموبىلى، پار قازان، توك چە-

قىرىش ماشىنىسى گۇرۇپپىسى، ئېلېكتىر سىستېم، سۇۋارگا چوكىسى قاتارلىق چەددى بولۇۋاتقان ماددى ئەشيالار بار.

ئەشتەر ۋىلايىتىدىكى ماددى ئەشيا تارماقلىرى بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق بىر يۈرۈش چارىلىق بولغان، ماددى ئەشيالارنى كىرگۈزۈش، سېتىشنى قاتتىق كونترول قىلالايدىغان پىلانلىق باشقۇرۇش چارىسىنى تاپتى. ماددى ئەشيالارنى كىرگۈزۈش پىلانىدا «سېتىلىشقا قاراپ كىرگۈزۈش، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىشنى بىرلەشتۈرۈش، تېز كىرگۈزۈپ تېز سېتىش» ئۇسۇلىنى قوللاندى. رەھبەرلىك، پىلان خادىمى، مال چىقىم قىلغۇچى، بوغالتىر، ئامبارچىدىن ئىبارەت 5 تەرەپ ئورتاق تەكشۈرۈپ بېكىتىش تەرتىۋىدە چىڭ تۇرۇلدى. مال كىرگۈزۈش ئۆتكۈلىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ماددى ئەشيا كىرگۈزگەن تارماقلارنىڭ ۋاقتىدا رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 4 نى كىرگۈزمەسلىك: يەنى ئامباردا ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلىنىۋاتقان ماللارنى كىرگۈزمەسلىك؛ ئېھتىياجلىق ئورۇن مەبلەغ ئەمەللەشمىگەن چوڭ تىپتىكى ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزمەسلىك؛ سۈپىتى تۆۋەن، باھاسى يۇقىرى، دۆلەتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتمىگەن ماددى ئەشيانى كىرگۈزمەسلىك؛ پىلانى، توختامى بولمىغان ماددى ئەشيانى كىرگۈزمەسلىك ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ماددى ئەشيا ئوبوروتى داۋامىدا مال سېتىۋېلىش، يۆتكەش، ئامبارغا كىرىم قىلىش، باھا قويۇش قاتارلىق 4 ھالقا نۇقتىلىق تۇتۇلدى. 2-خىلدىكى ماشىنا-ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆزى كىچىك، مىقدارى كۆپ بولۇش، تۈرى، ئۆلچىمى كۆپ بولۇش، ئىشلىتىش دائىرىسى كەڭ بولۇش، يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشى كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، «پۈتۈن كىرگۈزۈپ پۈتۈن سېتىش» چارىسى قوللىنىلدى. ھەم ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇلدى. بۇ چارىلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئالدىنقى پىلان ئىچىدىكى ماددى ئەشيا يېتىشمەيدىغان ياكى ماددى ئەشيا بېسىلىپ قالىدىغان پاسسىپ ھالەتنى ئۆزگەرتتى. ماددى ئەشيا بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ھەر خىل ماددى ئەشيانىڭ مەنبەسى ۋە ئىشلىتىلىش يولىنىڭ ئوخشاش بولماسلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا پىلان بويىچە تەقسىم قىلىش، پارچە-پۇرات تەمىنلەشنى ئەمەللەشتۈرۈش، كەڭ قويۇۋېتىپ تەمىنلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر قوللىنىلىپ، كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياج قاندۇرۇلۇپ بىر قەدەر ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلىندى.

ماددى ئەشيا تارماقلىرى يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، ئىقتىسادى ھېساۋاتنى كۈچەيتىش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ماددى ئەشيا ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. ۋىلايىتىمىزدىكى ناھىيىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ماددى ئەشيانىڭ يۆتكىلىشىنى مۇۋاپىق ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىگە تەقسىم قىلىنغان چوڭ تىپتىكى ماددى ئەشيالارنى سېتىۋېلىشتا بىۋاستە ئۈرۈمچى شەھىرى، كورلىدىن سېتىۋېلىپ، يۆتكەپ ئۇدۇل ناھىيىگە يۆتكەپ ئەكېلىنىدىغان بولدى، مالنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈيدىغان ئەھۋالدىن قۇتۇلدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ بىر قىسىم ئورۇنلىرى ۋە جەنۇپ تەرەپتىكى 4 ناھىيىنىڭ ماددى ئەشيالىرىنىڭ كۆپ قىسمى بىۋاستە ناھىيىگە، زاۋۇتقا يۆتكەپ كېلىنىدى. بىر يىلدىن بۇيان بىۋاستە تەمىنلىگەن ماددى ئەشيا 2100 توننىدىن ئېشىپ، ئارىلىق ھالقىلار ئازايدى، مەبلەغ

ئوبوروتى تېزلەشتى، ماددىي ئەشيالارنىڭ ئايلىنىشى تېزلەشتى، تەخمىنەن 60 نەچچە مىڭ يۈەن راسخوت تېجەپ قېلىندى. خېرىدارلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى بەزى نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ئېھتىياجلىق بولغان بىر قىسىم ماددىي ئەشيالاردا ھۆددە ئېلىش، يۈرۈشلەشتۈرۈپ تەمىنلەش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، يەكەن كاچۇڭدىكى سۇ باشلاش تۇڭگۈنى، سەنداۋچاۋنىڭ ئاخىردىكى تۈزۈش قۇرۇلۇشى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ خىزمەت بىناسى، سەمەن مېھمانخانىسىنىڭ چەتئەللىكلەر بىناسى، تېرە زاۋۇتىنىڭ سېخ قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرگە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

مەركەزنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نىڭ روھىدىن قارىغاندا ماددىي ئەشيا تۈزۈلمىسىدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان تەرەپلەر بار، بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىپ، ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ماددىي ئەشيا تۈرلىرى ۋە خادىملارنىڭ ئەھۋالى: 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا سىستېمىسىدا بار بولغان ماددىي ئەشيا تىجارەت تۈرلىرى 28، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەردە قۇرۇلغانلىرى ۋىلايەتلىك مېتال ماتېرىياللىرى شۆبە شىركىتى، ماشىنا-ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى شۆبە شىركىتى، يېنىك سانائەت، خىمىيە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى شۆبە شىركىتى، 4 مۇلازىمەت، يىغىۋېلىش كەسپى شۆبە شىركىتى ۋە ۋىلايەت (شەھەر) لىك ئىككى دۇككان بار؛ 12 ناھىيە (شەھەر) دە 12 ئۇنىۋېرسال ماددىي ئەشيا شىركىتى ۋە 8 ماددىي ئەشيا دۇككىنى ۋە كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش دۇككىنى بار. يېزىلاردا ماددىي ئەشيانى ۋاكالىتەن سېتىش دۇككىنىدىن بىرسى بار. ماددىي ئەشيا سىستېمىسىدا 281 ئىشچى - خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك شىركەتتە 121 كىشى، 12 ناھىيە (شەھەر) لىك شىركەتتە 160 كىشى بار، ماددىي ئەشيا سىستېمىسىدىكى خادىملار 60 - يىللارغا سېلىشتۇرغاندا تەخمىنەن ئىككى يېرىم ھەسسە ئاشتى. (بەي جۈيىن)

1984 - يىلى كىرگۈزۈلگەن ۋە سېتىلغان ئاساسلىق ماددىي ئەشيالار

| ماددىي ئەشيا ئىسمى | مىقدار بىرلىكى | كىرگۈزۈلگەن مال | سېتىلغان مال | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| پولات ماتېرىياللىرى | توننا | 12.287 | 12.256 | |
| كويدۇرگۇچ ئىشقار | 〃 | 595.8 | 538.7 | |
| ساپ ئىشقار | 〃 | 45.8 | 42.1 | |
| پالون | يۈرۈش | 6.392 | 7.070 | |
| سېمونت | توننا | 50000 | 51000 | |
| تاختا ئەينەك | تۆلچەملىك ساندۇق | 31.559 | 32.997 | |
| ئاپتوموبىل | دانە/ئونمىڭلىق يۈەن | 337/135 | 327.3/131 | |

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىنىڭ 1984-يىللىق سېتىۋېلىش، سېتىش، ساقلاش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| مەزمۇنى | بىرلىكى | يىل بېشىدىكى قالدۇق | سېتىۋالغىنى: جەمئىي | سېتىۋالغىنى: بۇنىڭ ئىچىدە سېتىشنى ئىچىدىكىسى | ساتقىنى: جەمئىي | ساتقىنى: بۇنىڭ ئىچىدە ماپ ساتقىنى | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1. سېتىۋېلىنغان، سېتىلغان قىممىتىنىڭ سوممىسى | | | | | | | | |
| ۋىلايەت بويىچە جەمئىي | | 6.800.000 | 32.360.000 | 25.290.000 | 32.810.000 | 22.550.000 | 6.440.000 | |
| ۋىلايەتلىك شىركەتلەر | | 3.736.000 | 18.580.000 | 13.780.000 | 19.080.000 | 9.110.000 | 3.340.000 | بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن مال 1 مىليون 397 مىڭ يۈەن. |
| ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ جەمئىي | | 3.064.000 | 13.780.000 | 11.510.000 | 13.730.000 | 13.440.000 | 3.100.000 | |
| ۋىلايەتنىڭ جەمئىي ئىچىدە: مېتال ماتېرىيال | | 1.953.000 | 10.340.000 | 8.660.000 | 10.150.000 | 6.270.000 | 2.232.000 | |
| يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرى | | 2.179.000 | 5.460.000 | 5.060.000 | 6.090.000 | 4.240.000 | 1.554.000 | |
| بىناكارلىق ماتېرىياللىرى | | 603.000 | 7.370.000 | 3.320.000 | 7.390.000 | 5.240.000 | 580.000 | |
| ماشىنا-ئېلېكتر ماتېرىياللىرى | | 1.947.000 | 8.750.000 | 8.240.000 | 8.680.000 | 6.340.000 | 2.021.000 | بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك شىركەتلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋالغان مال 772 مىڭ يۈەن. |
| 2. ئاساسلىق ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش، سېتىش ئەھۋالى | | | | | | | | |
| پولات ماتېرىياللىرى | توننا | 2059 | 12,287 | 11209 | 12256 | 7939 | 2271 | بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك شىركەتلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋالغان مال 460 توننا، باھاسى 625 مىڭ يۈەن. |
| كۆيدۈرگۈچ ئىشقار | ″ | 111 | 595.8 | 578.8 | 538.7 | 320 | 172 | |
| بالون | يۈرۈش | 2583 | 6392 | 5817 | 7070 | 5136 | 1964 | |
| سېمونت | توننا | 1.000 | 50.000 | 14.000 | 51.000 | 40.000 | | |
| تاختا ئەينەك | ساندۇق | 6047 | 31559 | 30610 | 32997 | 19465 | 4786 | |
| ئاپتوموبىل | دانە | | 135 | 107 | 131 | 78 | 4 | |

قوشۇمچە ماتېرىياللار: ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت ئورۇنلىرى: ۋىلايەتلىك شىركەتتىن 4، ۋىلايەتلىك شىركەتلەرنىڭ ئۇكىكىنى 2، ناھىيىلىك شىركەتلەر 12، ناھىيىلەردىكى دۇكانلار 10، جەمئىي 28.

# ھەربىي ئىشلار

## قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى — قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئالىي ھەربىي رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئورگان ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋىلايىتىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئە، خەلق ئەسكەرلىرى ۋە زاپاس ئەسكىرى ھەربىيلەرنى تەربىيىلەش، ئەسكەر ئېلىش، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلىش ھەم ئەسكەر تولۇقلاش، يەرلىك ھاكىمىيەتنى قوغداش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش قاتارلىق ھەربىي خىزمەتلەرگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش ھەم رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

**[تارىخى تەرەققىيات جەريانى]** 1958 - يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭ "خەلق ئەسكەرلىرى دىۋىزىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇش" چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، قەشقەر ۋىلايىتىدە دەرھال ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1959 - يىل 8 - ئايدىن 1960 - يىل 3 - ئايغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى قۇرۇلدى، ئۇلار مەخسۇس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلىدىغان شتابى بولۇپ قالدى. 1962 - يىلىنىڭ بېشىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى ئىشخانىسىنى قۇردى، بۇ شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ ۋاڭ جىيىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 11 - ئايدا يەنە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. 1963 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پىلاق تاۋ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا، گاۋ دۇشى قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاپ باشلىقلىقىغا، ۋاڭ جۈيىڭ سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. 1964 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى شتاتىنى رەسمىي چۈشۈرۈپ بەردى. 1966 - يىل 7 - ئايدا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە (شەھەر) لىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوتتۇرا ئەترەتلىرى يەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترىتىگە بىۋاستە قاراشلىق ئوتتۇرا ئەترەت ھەم شۆبە ھەربىي رايون مۇھاپىزەت - خەۋەرلىشىش يېزى بىرلەشتۈرۈلۈپ، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇستەقىل ليەنى بولدى. 1970 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى يېڭى شتات چۈشۈرۈپ، شۆبە

ھەربى رايون ئورگىنى تەرتىپكە سېلىنىدى. 1975 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)لىك ئوتتۇرا ئەترەتلەر يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. 1976 - يىلى 12 - ئايدا باشسەنمۇبۇ چېۋشۇرگەن شتات بويىچە، شۆبە ھەربى رايون ئورگىنى يەنە تەرتىپكە سېلىنىدى. 1977 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ " 36922 " قىسىم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شور بۇلاق چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى شۆبە ھەربى رايونىغا مەنسۇپ بولدى. 1982 - يىلى 7 - ئايدا شور بۇلاق چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى خونجىراپ چېگرا ئۆچرۈشۈش پونكىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەندى. ھەمدە 1983 - يىلى 6 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1983 - يىلى 4 - ئايدا بۇلۇڭكۆل ھەربى بېكىتى قەشقەر شۆبە ھەربى رايونىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا مەنسۇپ بولدى. 1984 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەر شۆبە ھەربى رايونى قوراللىق ساقچىلار قەشقەر تارماق ئەترىتىگە ئۆزگەپ بىۋاستە قارايدىغان ئوتتۇرا ئەترەتنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۆبە ھەربى رايوننىڭ مۇستەقىل ليەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۆبە ھەربى رايون چارلاش ئەترىتى مۇھاپىزەت ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

[ **ھازىرقى تۈزۈلمە** ] شۆبە ھەربى رايون ئورگىنى: قوماندانلىق شتابىدا مەشىق قىلدۇرۇش قاتارلىق 7 بۆلۈمچە بار؛ سىياسىي بۆلۈمدە تەشكىلات قاتارلىق 5 بۆلۈمچە بار؛ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمدە ئالدىنقى سەپ لاۋازىمەت ئىشلىرى قاتارلىق 5 بۆلۈمچە بار.

شۆبە ھەربى رايونغا: خەۋەرلىشىش پونكىتى، مۇھاپىزەت ئەترىتى، تەلىم - تەربىيە ئەترىتى، ترانسپورت ئەترىتى، مېھمانخانا، دوختۇرخانا، رېمونتخانا، ئامبار، خەلق ئەسكەرلىرى جابدۇقلىرى ئىسكىلاتى، دېخانچىلىق مەيدانى بىۋاستە قارايدۇ.

شۆبە ھەربى رايونغا قارايدىغان ئورۇنلاردىن " 36922 " قىسىم، ئۇرۇمچى ھەربى رايونىنىڭ خونجىراپ چېگرا ئۆچرۈشۈش پونكىتى، بۇلۇڭكۆل ھەربى پونكىتى، 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى بار.


قەشقەر شۆبە ھەربى رايون رەھبەرلىرى قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ خىزمەت تەكشۈرمەكتە. جاۋيامىڭ فوتوسى

## [ رەھبەرلىك ئورگانلىرى ]

شۆبە ھەربى رايون رەھبەرلىكى

قوماندان: دۇەن شەكاڭ

1 - سىياسى كومىسسار: گوگاڭ

سىياسى كومىسسار: روزى ھوشۇر

مۇئاۋىن قوماندانلىرى: سوڭ فاڭ، چېن چىڭدى، تۇردى قادىر

مۇئاۋىن سىياسى كومىسسارلىرى: جاڭ شىنمىياۋ، ليۇ باگجې

مەسلىھەتچى : سوڭ جيۈچىڭ

قوماندانلىق شتابى

سەنمۇجاڭ : چى مىڭجياڭ

مۇئاۋىن سەنمۇجاڭلار : ئەن شىكۇاڭ، ئەزىز دۆلەت

سىياسى بۆلۈم

مۇدىر : چېن چۇڭشاڭ

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى : نىي ۋېنجۇن، تۇرسۇن قادىر

ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى : تيەن ۋىنرۇي

سىياسى كومىسسارى : ۋاڭ جىنماڭ

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى : فۇخۇاچى

قەشقەر شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى: لى زۇڭشۇ

1 - سىياسى كومىسسارى : جاڭ جېنشۇ

سىياسى كومىسسارى : سۇڭ شۇبىن

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى : سابىر ئىسمائىل

يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى : تۇرسۇن ئەمەت

1 - سىياسى كومىسسارى: چېن دېمىن

سىياسى كومىسسارى : لى جىنچاڭ

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى : ساقى رېھىم

كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى: تۇرسۇن سىدىق

1 - سىياسى كومىسسارى : ياڭ جەنشى

سىياسى كومىسسارى : چېن مېڭشاۋ

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: تەۋەككۇل مامۇت

مۇئاۋىن سىياسى كومىسسارى : لى سۇڭشىن

يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى : ئابلەھەت ئابدۇرېھىم

1 - سىياسى كومىسسارى: ۋاڭ شىگېسۇ

سىياسى كومىسسارى: لى يۇشىن

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: لى شافەن

يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى : ئابدۇللا مامۇت

1 - سىياسى كومىسسارى : سوپى روزى

سىياسى كومىسسارى : يۈجىنخۇا

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: ئىمىن زىمىن

پەيزىۋات ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى : ئابدۇرېھىم ئابدۇۋايىت

1 ـ سىيارى كومىسسارى لۈيۇڭچاڭ

سىياسى كومىسسارى: جاۋفۇيۇ

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: ئابلىمىت ئايۈپ

يەكەن ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى : ئىسمائىل خېلىل

1 ـ سىياسى كومىسسارى چېن جېنچاۋ

سىياسى كومىسسارى : شې جىجۇڭ

مۇئاۋىن سىياسى كومىسسارى: دېي شىفۇ

پوسكام ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى: ئىمام مۇسا

1 ـ سىياسى كومىسسارى: يۈجياپىڭ

سىياسى كومىسسارى : ۋاڭ خېشۇ

قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى : تۇردى تۇرسۇن

1 ـ سىياسى كومىسسارى : يۈاڭ ئەنچاڭ

سىياسى كومىسسارى: ماخەيىڭ

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: گوجەنزىڭ

مەكىت ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى:ئۆمەر ئەلى

1 ـ سىياسى كومىسسارى : لى كېي

سىياسى كومىسسارى : جاڭ قيەنلۇ

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: سەپەر سەمەر

مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى : غوپۇر تالىپ

1 ـ سىياسى كومىسسارى : شۇشياۋچېڭ

سىياسى كومىسسارى : لودېشەن

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى : تۇرسۇن پازىل

تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى

بۆلۈم باشلىقى : ليۇ جاۋشەن

1 ـ سىياسى كومىسسارى: ئىسمائىل ئەزىز

سىياسى كومىسسارى رەھمىتۇللا

مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى : بادالىك

(يۇقۇرقى ماتېرىياللار 1985 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە )

(كوۋۇزۇڭفۇ )

[ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ] يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى قىسىمغا تەربىيە بېرىش ۋە مەشق قىلدۇرۇشنى ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، مەركىزىي خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ قىسىمنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتەردى .

تەلىم ـ تەربىيە نۇقتىسى يۆتكەلدى : تەلىم ـ تەربىيە ئوبيېكتى جەھەتتە ، مۇھىم نۇقتا قىسىمنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى تۇتۇشتىن كادىرلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىنى تۇتۇشقا يۆتكەلدى، باشلىقلار ۋە ئورگان كادىرلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلدى . تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنى جەھەتتە ، مۇھىم نۇقتا يەككە ئەسكىرىي خىللىرىنىڭ تېخنىكىلىق ، تاكتىكىلىق تەربىيىلىنىشىدىن تۈرلۈك ئەسكىرىي خىللىرى بىرلىكتە ماسلىشىپ جەڭ قىلىش تەلىم ـ تەربىيىسى ۋە تەشكىللەش، قوماندانلىق قىلىش، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە يۆتكەلدى.

سەنمۇلۇق كەسپىي بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش : 1983 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە شۆبە ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى خادىملار ئاز ، ۋەزىپە ئېغىر بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ، كىچىك دائىرىدە مەركەزلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ ، سەنمۇلۇق كەسپىي بويىچە 4 قارار كۇرس ئاچتى . كۇرس ۋاقتى جەمئىي 8 ئاي بولۇپ ، كۇرسقا قاتناشقۇچىلار 54 ئادەم ـ قېتىمغا يەتتى . تەربىيىلەش ئارقىلىق خىزمەتتىكى سەنمۇ خادىملارنىڭ ئوقۇش ، يېزىش ، سىزىش ، ھېساپلاش ، خاتىرىلەش ، ئۆگىتىش ئىقتىدارى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى .

سەنمۇلۇق كەسپىي مۇسابىقىسىدا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى : 1983 ـ يىلى « 36922 » قىسىم قوماندانلىق شتابى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونغا ۋاكالىتەن ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆتكۈزگەن سەنمۇلۇق كەسپىي مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى ؛ كېيىن ، بۇ ئورۇن يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا ۋاكالىتەن ، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئۆتكۈزگەن مۇسابىقىغا قاتنىشىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى . بۇ قىسىم چېگرىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن سەنمۇلۇق كەسپىي جەھەتتە ، نۇرغۇن دالا قىسىملىرىدىن ئېشىپ كەتتى . 1984 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆتكۈزگەن سەنمۇلۇق كەسپىي مۇسابىقىسىدا ، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى، 7 يەككە تۈر ئىچىدە ئىرادە لايىھىسى، ماسلاشتۇرۇش پىلانى، بۆسۈپ كىرىش پىلانىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي تۈر بىرىنچىلىككە ئېرىشتى ھەمدە شەخسلەرنىڭ ئومۇمىي نومۇرى بويىچە بىرىنچى ۋە ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى.

تەدبىر تەلىم ـ تەربىيىسىنى كۈچەيتىش: 1984 ـ يىل 2 ـ ئايدا شۆبە ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى ئورگان كادىرلىرىنى تەشكىللەپ، «باشلىقلار ۋە ئورگانلارنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى مۇداپىئە جېڭى » بويىچە قوش مودېل مانېۋىرى تەلىم ـ تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. تەلىم ـ تەربىيىگە قاتناشقان خادىملار نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، سەنمۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىرادە لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، خەرىتە مەشغۇلاتى ۋە قوش مودېل مانېۋىرى ئېلىپ باردى،

ھەربى ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش: 1984 - يىلى شۆبە ھەربى رايونغا قاراشلىق ئورگان ۋە قىسىملار ھەربى ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى. شۆبە ھەربى رايون ئورگىنى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، تىما تاللاپ، يولىكتىن يۇقىرى ئورۇنلارغا ئىلمىي ماقالا يېزىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. ھەر قايسى ئورۇنلار كۈچىنى ئاكتىپ تەشكىللەپ، قىسىم ۋە خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات روھى بىلەن، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا ئائىت تەجرىبىلەرنى تەتقىق قىلدى ھەم ئىزدەندى. شۆبە ھەربى رايون ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ يىل بويى يېزىپ چىققان ئىلمىي ماقالىلىرى 58 بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربى رايونى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. بەش پارچە ماقالىنىڭ ئاپتورى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربى رايونى ئاچقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلدى، بىر پارچە ماقالە ئۈرۈمچى ھەربى رايونىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى تۈزگەن «خەلق ئەسكەرلىرىگە قارىتىلغان سىياسىي خىزمەتكە ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» دا ئېلان قىلىندى. (كوۋزۇگۇ)



قەشقەر شۆبە ھەربى رايون رازۋېدكا ئەترىدى نۆۋەتچىلىك، قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئالاھىدىلىكىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دائىملىق ئوخشىمىغان جەڭ ئىلىم - تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. جاۋ ياڭلىق فوتوسى

**[ ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىش، ئالدىن تەشكىللەش مەشقى بويىچە سىناق نۇقتىسى ]** ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى، سانىنى ۋە سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش ھەم مۇھاكىمە قىلىش، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنى تېز سەپەرۋەر قىلىش، تولۇقلاشتا يول تېپىش، تەجرىبە ۋە ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن قەشقەر شۆبە ھەربى رايونى 1983 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىش، ئالدىن تەشكىللەش مەشقى بويىچە سىناق نۇقتىسى قۇردى.

سىناق نۇقتىسىدا قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى شىتات بويىچە، "36127" قىسىم ئۈچۈن جەمئىي ئالدىن تەشكىللىگەن × × × × نەپەر ئەسكەرنى سەپەرۋەر قىلىپ تولۇقلىدى.

ئالدىن تەشكىللىگەن ئەسكەرلەرنىڭ تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ھەم جەڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن سىناق نۇقتىسىدا پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونى بولۇپ تېز يىغىلىپ، قىسىم ماڭغان جايغا بېرىپ مەشىق قىلدى. جىددىي سەپەرۋەرلىك

بۇيرۇغى چۈشكەندىن كېيىن ئالدىن تەشكىللەنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يىغىلىش ئۈنۈمى % 100 بولدى. قىسقا مۇددەتلىك جەڭدى مەشق ئارقىلىق، ئالدىن تەشكىللەنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي سۈپىتى ياخشىلاندى، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئورۇنلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى.

ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ھەم كېڭەيتىپ قۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن، تەشكىللى تەييارلىق باسقۇچى، ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىش باسقۇچى ۋە قىسىمنى كېڭەيتىپ قۇرۇش باسقۇچىدىن ئىبارەت 3 باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

سىناق ئۆتكۈزۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قەشقەردە نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى، ئۆزگىچە قاراشلىق ھەر قايسى شۆبە ھەربىي رايونلىرى، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا، ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، ھەربىي رايون باشلىقلىرى سىناق ئۆتكۈزۈشتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ھەم تەجرىبىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ( كوۋزۇگفۇ )

## سىياسىي خىزمەت

**[سىياسىي تەربىيە]** قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى 1984-يىلى 4 قېتىم پەلسەپە كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئاچتى. كۆپ قىسىم پولكتىن يۇقىرى كادىرلار ھەم باتالىيوندىن تۆۋەن سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى خىزمەتتىن بىر ئاي ئايرىپ تەربىيىلىدى. كىتاب ئوقۇش كۇرسىغا قاتناشقان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش ھەمدە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتتە دۇچ كەلگەن كونكرېت مەسىلىلەرنى پەلسەپە نۇقتىسىنەزەرى بويىچە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە ئىدىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

باش سىياسىي بۆلۈم تۈزگەن سىياسىي تەربىيە پروگراممىسى بويىچە 1984 - يىلى جەڭچىلەرگە ئاساسەن، ماركسىزملىق ساۋاتتىن تەربىيە بېرىلدى. شۆبە ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈم ئالدى بىلەن، «36922» قىسىم پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنىدە تەربىيە سىناق ئۆتكۈزۈش قۇرۇپ، 37 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلىدى، ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن پروگراممىدا بەلگىلەنگەن تەربىيە مەزمۇنلىرى ئورۇنلاندى؛ جەڭچىلەرنىڭ دەرسكە قاتنىشىش ئۈنۈمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80% تىن ئاشتى، يىللىق ئىمتىھان نەتىجىسى ياخشى بولدى. قىسىمدا يەنە شېنشەنۋېن قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆگىنىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - سانلىق يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرى ئۆگىنىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «جكپ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» ئۆگىنىلدى.

پۈتۈن ئارمىيە بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن شۆبە ھەربىي رايون قىسىملىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئۈزۈل - كېسىل ئىنكار قىلىش تەربىيىسىنى ئەستايىدىل ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق:

1. نەزەرىيە جەھەتتىن ئىنكار قىلىش. ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنى تەدبىق قىلىپ، ئاتالمىش "پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى" تەھلىل قىلىنىپ، كۆپچىلىك نۇقتىلىق ھالدا: "يېتەكچى ئىدىيە خاتا بولدى، مەقسەت خاتا بولدى، كۈرەشنىڭ ئوبيېكتى خاتا بولدى، كۈرەشنىڭ ئۇسۇلى خاتا بولدى" دېگەن 4 جەھەتتىن تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلەندى. كۆپچىلىك كونكرېت تەھلىل قىلىش ئارقىلىق خاتا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغىتىلغان "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ مۇقەررەر خاتا بولغانلىقىنى تونۇۋالدى.

2. ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئىنكار قىلىش. كۆپچىلىك "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ئېلىپ بېرىلغان 10 يىل ۋە 11-نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزى كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىككى تارىخىي دەۋرنى ئەسلەش ھەم سېلىشتۇرۇشقا يېتەكلىنىپ، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" پەيدا قىلغان يامان ئاقىۋەتلەرگە 10 جەھەتتە مىسال كەلتۈرۈلدى، بۇ ئارقىلىق "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ ھەرقانداق مەنىدىكى ئىنقىلاب ئەمەسلىكى ئېنىق تونۇۋېلىندى.

3. شەخسلەرنىڭ ئىدىيە، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ تەسىرى 6 جەھەتتە تازىلاندى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ "سول" نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرى تازىلاندى، مەن "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"غا قاتناشمىغان، زەھەرلىنىشكە ئۇچرىمىغان دېگەن خاتا تونۇشلار تازىلاندى، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ ئاز-تولا نەتىجىسى بار دېگەن خاتا قاراش تازىلاندى، يالغانچىلىق قىلىش، چوڭ گەپ قىلىش، قۇرۇق گەپ قىلىشنىڭ تەسىرى تازىلاندى، زىيانلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش ھەم "قانچە نامرات بولغانسېرى شۇنچە ئىنقىلاب قىلىدۇ" دېگەن خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرى تازىلاندى. (كې شىڭلى، كوۋ زۇڭفۇ)


**[مەدەنىيەت ئۆگىنىش]** ئارمىيىدىكى، يەرلىكتىكى يارامىلىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش، قىسىمنىڭ زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىغا ۋە ئېلىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى پۈتۈن ئارمىيىدىكى 40 ياشتىن تۆۋەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن كادىرلارغا نۆۋەت بىلەن مەدەنىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1984-يىلى شۆبە ھەربىي رايونى 2 قارار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 77 نەپەر كادىر قاتناشتى، ئۇلار ئىمتىھان ئارقىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى. 1983-يىلدىن 1984-يىلغىچە شۆبە ھەربىي رايونى جەمئىي 3126 نەپەر كادىرنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. شۇنداق قىلىپ، تەربىيىلەش ۋەزىپىسى تولۇق ئورۇنلاندى. 1984-يىلى 1968-يىلدىن 1980-يىلغىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن كادىرلارغا نىسبەتەن خىزمەتتە تۇرۇپ ئۆگىنىش، بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش، قايسى دەرسنى ئۆگەنسە شۇ دەرستىن ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلاندى ھەم ئىمتىھان ئېلىندى. 4 قېتىم بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش ۋە بىر قېتىم قايتا سىناق ئېلىش ئارقىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 60 نەپەر كادىر ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 90 نە-

پەر كادىر لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى . دەرس تولۇقلاش ئوقۇشى ئايرىم - ئايرىم هالدا 66% ۋە 90% بولدى .

ئىختىسالىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىپ ، ھەربىي مەكتەپلەرنىڭ بىر تۈركۈم ئىمتىھانىدا كاپالەتلىك قىلىنىدى . كادىرلارنى ، جەڭچىلەرنى ۋە قىسىمدىكى كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھەربىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىشكە تەشكىللەش خىزمىتىدە ، شۆبە ھەربىي رايوننى تەجرىبىلىك 11 ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ ، ئىمتىھان بېرىدىغان 65 كىشىگە مەدەنىيەت دەرسىنى تولۇقلاپ ئۆتتى . ئۇلار بىر تۈركۈم ئىمتىھاندا قاتناشقاندىن كېيىن 22 كىشى قوبۇل قىلىندى ، يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىش نىسبىتى 33.8% بولدى . شۆبە ھەربىي رايوندا بولغان قاراشلىق شۆبە ئەترەتلەردىن ئىمتىھان بەرگەن 22 نەپەر جەڭچىنىڭ 12 نەپىرى ھەربىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى . « 36922 » قىسىم جەڭچىسى شىن خۇگىچۈن ئۈرۈمچى ئىمتىھان رايونىدا 1 - بولدى . ( كې شىڭلى )

## قەشقەر شەھىرىدە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتتى

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسسارى جاڭ شىنمياۋ



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، قەشقەر شەھىرى ، قەشقەر قىسىملىرى ۋە جايلار 19 ئورۇندا ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ، قانات يايدۇرۇلغان ۋاقىت ئۇزاق بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ زور ھاياتى كۈچى نامايەن بولۇپ ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى .

1 . ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ، ئارمىيە بىلەن خەلق مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتۇرۇلۇپ ، ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى . بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىدە ئارمىيە بىلەن يەرلىك بىرلىكتە پىلان تۈزۈپ ، بىرلىكتە ياسىنىشچانلىق ، قالايمىقانچىلىق ، ناچارلىقنى ئوڭشاپ ، بىرلىكتە تۈرلۈك ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ ، چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى ، دوستلۇقنى چىڭىتىپ ، ئىدىيە ئالماشتۇرۇپ ، مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇردى . شۆبە ھەربىي رايون چارلاش ئەترىدى بىلەن شەھەرلىك كوتۇپخانا بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىدە چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتتى ، چارلاش ئەترىدىكى يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىدە تۇغۇلۇن پەيدا بولسا شەھەرلىك كۇتۇپخانىدىكى يولداشلارنى تېپىپ سۆزلىشىدىغان بولدى ، كۇتۇپخانىدىكى يولداشلار 1984 - يىلى چارلاش ئەترىدىكىلەرگە ياردەملىشىپ ، 30 نەچچە ئادەم - قېتىم سىردىشىپ ، ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى . « 36992 » قىسىمنىڭ 37 - فېندۇيى بىلەن ۋىلايەتلىك تىببىي دورا شىركىتى بىرلىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىدە ئۆز ئارا ياردەملە-

شىپ، ئۆز ئارا كۆيۈنۈپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، بىر ئائىلىدەك يېقىن مۇئامىلە قىلىشقانلىقتىن جەڭچىلەر ۋىلايەتلىك تىببىي دورا شىركىتىنى سەمىمىي ھالدا «ئىككىنچى ئائىلىمىز» دەپ ئاتاشتى.

2. خىزمەتلەر ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. ۋىلايەتلىك تىببىي دورا شىركىتىنىڭ ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىن ئىلگىرىكى مۇھىت تازىلىقى بىر قەدەر ناچار، خىزمەت پوزىتسىيىسى ئانچە قىزغىن ئەمەس ئىدى. 1983 - يىلى ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنى باشلىغاندىن كېيىن تازىلىق قىياپىتى ئۆزگەردى، خىزمەت پوزىتسىيىسى قىزغىن بولدى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مال يەتكۈزۈپ بەردى، 1984 - يىلى 200 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالدى. ئايرودۇرۇم 2 - باشلانغۇچ مەكتىۋى ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش جەريانىدا رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ ئىنتىزامىنىڭ ئۆزگىرىشىگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت ئارقىدا قالغان قىياپەتنى بىراقلا ئۆزگەرتتى. 12 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىدە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خۇلق - مىجەزىنى تاۋلاپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. پۈتۈن شەھەر تەشكىللىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلى ئىقتىدارى مۇسابىقىسىدا ئالدىنقى 8 دەرىجىنىڭ ھەممىسىنى 12 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىگىلىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى مەكتەپكە چىقىش نىسبىتى 100% گە يەتتى.

3. مەدەنىيەت، پەن ئۆگىنىش كۈچەيتىلىپ، ئىككى جەھەتتىن يارامىلىق ئىختىساسلىق كىشىلەر تەربىيىلەندى، شۆبە ھەربىي رايون خەۋەرلىشىش پونكىتى 12 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە «ئەقلى قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا ياردەملەشتى. ھەمدە «رادىيو ئىلمىي تەربىيە ئۆگىنىش كۇرسى» ئېچىپ، ھەم ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈردى ھەم كادىر، جەڭچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىمىنى بېيىتتى. شۆبە ھەربىي رايون چارلاش ئەترىدى شەھەرلىك كۈتۈپخانىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا 1984 - يىلى 3 نەپەر كادىر ۋە جەڭچى ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى، 2 نەپەر جەڭچى كۈتۈپخانا باشقۇرۇش كەسپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىدى، ئىككى نەپەر جەڭچىنىڭ رەسىم سىزىش ماھارىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئايرودۇرۇم 2 - باشلانغۇچ مەكتىۋى «ئەقلى قابىلىيەت ئارقىلىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش»نى پائال قانات يايدۇرۇپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئەترىدى ئۈچۈن دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ بەردى، ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇتۇشقا ياردەملىشىشكە ئەۋەتىپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئەترىدىنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشى ھەل قىلىش لازىم:

1. 3نى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيا-

لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىدە « يەرلىكنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىش، ئاممىنى قوزغاپ ئۆزى قۇرۇشنى ئاساس قىلىش، ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى ئاساس قىلىش» پرىنسىپىدا چوقۇم چىڭ تۇرۇش لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى ئاساسلىق بولۇپ، شۇلارغا تايانغاندىلا، ئاندىن مەدەنىيەتلىك كوچا، مەدەنىيەتلىك سودا دۇككانلىرى قاتارلىقلارنى قۇرغىلى بولىدۇ، ئاندىن ئۇنى مۇستەھكەملىگىلى ھەم راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئارمىيە ـ خەلق ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىگە يەرلىك بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشى، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم، قىسىم ئاساسەن مەسلىھەتچى ھەم ياردەمچى بولۇشى لازىم، خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا يەرلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆپرەك ئەھۋال ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم. بۇ ئارمىيە ـ خەلق ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنىڭ قانات يېيىش ياكى يايالماسلىقىدىكى ھالقا.

2. ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇش لازىم. ماددىي مەدەنىيەت يارىتىش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساس. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەت يارىتىشتا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماستىن بەلكى، ئۇنىڭ توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىنىمۇ كاپالەتلىك قىلىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىلا تۇتۇپ ئۇنى ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ، ماددىي مەدەنىيەتنىلا تۇتۇپ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ، ئىككىسىنى تەڭ تۇتقاندىلا ئاندىن ھەر ئىككىسى تەڭ يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. بەزى ئورۇنلاردا پائالىيەت ئۈنۈمىنىڭ چوڭ بولماسلىقىدىكى مۇھىم بىر سەۋەپ شۇكى، ئۇلار ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغان، « ئىككى مەدەنىيەت » نى تەڭ تۇتمىغان.

3. پائالىيەتنى مەركەزنى چىڭ چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش لازىم. ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى ئاساسىي ۋەزىپە: كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى يادرو قىلىپ، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق ھەم پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەش، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. شۇڭا، قەشقەر شەھرىنى « ئىتتىپاقلاشقان، باياشات، مەدەنىيەتلىك » يېڭى تىپتىكى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ مەركىزى قىلىش ئۈچۈن مەركەزنى چىڭ چۆرىدىگەندىلا، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنى توغرا يۆنىلىشكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

4. ئورتاق قۇرۇش بىلەن ئورتاق تەربىيىلەشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە ئىككى جەھەتتىن يارامىلىق ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش — ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا « 4 لەشتۈرۈش » قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى.

5. ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈپ، قىسقا مۇددەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىنى تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ پۇختا قانات يايدۇرۇش، دولقۇن قوزغىماسلىق ياكى دەسلەپتە ئوتتەك قىزىپ، كېيىن سوۋۇپ قېلىپ ئۈنۈمگە تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش لازىم.

پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قەشقەر شەھەردىكى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى چوقۇم تېخىمۇ چىرايلىق چېچەك ئاچىدۇ. ساقچىلار بىلەن خەلق، زاۋۇت بىلەن خەلق ۋە ئۆزى مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان ئورۇنلارنىڭ پائالىيىتى چوقۇم يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك، قەشقەرنىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا قەدەر كېڭىيىپ، رەڭگا - رەڭ گۈللەر تولىدۇ.

## [ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش]

3- قېتىملىق ئومۇمخەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىدە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى قىسىملار جامائەت پاراۋانلىقى ئەمگىكىگە پائال قاتناشتى. 200 گە يېقىن ئاپتوموبىل (قېتىم)، 3 مىڭ ئادەم (قېتىم) چىقىرىپ، باغچا، بېكەت، سودا دۇككانلىرى، مەكتەپ قاتارلىق 70 نەچچە ئورۇنغا بېرىپ تازىلىق قىلىپ، 700 توننىدىن ئارتۇق ئەخلەتنى تازىلاش، 9 مىڭ مېتىردىن ئۇزۇن يولنى تۈزلەش، 17 مىڭ تۈپ مەجبۇرى كۆچەت تىكىش، شۆبە ھەربىي رايون ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق قىسىملار خالىسانە خىزمەت ئۆتەش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، كوچىلارغا بېرىپ ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىش، چاچ ئېلىش، ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، كېسەل كۆرۈش، ئوكۇل ئۇرۇش، ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

باۋدىڭ رايونىنىڭ تەجرىبىلىرى ئۆگىنىلدى، شۆبە ھەربىي رايونى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە قۇرۇش نۇقتىلىرىنى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ ئاساسى ئۇسۇلى قىلدى. شۆبە ھەربىي رايونى قارمىقىدىكى ھەر قايسى قىسىملار يەرلىك ئورۇنلار بىلەن 53 ئورتاق قۇرۇش نۇقتىسى بەرپا قىلدى.

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىغا قاراشلىق قىسىملار ئورتاق قۇرۇش پائالىيىتىدە ئارمىيە - خەلق، ئارمىيە - ھۆكۈمەت ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلدى. تاشقورغان ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق «36922» قىسىمنىڭ رەھبەرلىكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ناھىيىگە بېرىپ دوكلات قىلىپ، ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ پىكىر ئېلىپ، ۋەزىپە تەلەپ قىلدى. ناھىيە رەھبەرلىكىمۇ قىسىم قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، قىسىمنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق مۇناسىۋىتى كۈنسايىن قويۇقلاشتى.

ئارمىيە - خەلق ئورتاق قۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ ئورتاق تەربىيىلىشىنى ياخشى يولغا قويدى. شۆبە ھەربىي رايون مۇھاپىزەت ئەترىتى قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ پايدىلىق شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، كەسپىي، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى

ئىلىم گۇرۇپ، كادىر، جەڭچىلەرنى ئىمرا ئەتخانا باشقۇرۇش كەسپىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، بۇ قىسىم يەنە خەتتاتلىق، رەسىم سىزىش، فوتو سۈرەت گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، مەدەنىيەت يۇرتىدىكى يولداشلارنى كەسپىي بىلىملەرنى سۆزلەپ، كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ قىسىمدىن چېكىنگەن 50 نەپەر جەڭچىنىڭ 35 نى يەرلىك قوبۇل قىلىپ ئىشلەتتى.

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قارمىقىدىكى قىسىملارنىڭ 1984 - يىلى ئارمىيىدىن، يەرلىكتىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

| | | |
|---|---|---|
| پۈتۈن يىللىق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ئەھۋالى | تەسىس قىلىنغان كەسىپ تۈرلىرى | فوتو سۈرەتچىلىك، ئاشپەزلىك، ياغاچچىلىق، كىنو قويۇش، خەتتاتلىق، رەسىم سىزىش، سەھىيە، كىيىم تىكىش، ھەل بېرىش، تېلېۋىزور، رادىيو، سىرچىلىق، ھاۋارايى، ئاپتوموبىل ھەيدەش، ئاخبارات، ئاممىچىلىق، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ياساش |
| | قۇرۇلغان كەسپىي بەن- گۇرۇپپىلار | 113 |
| | قاتناشقان كىشى | 900 (71% ى ئىگىلىدى) |
| | ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش خىراجىتىگە سېلىنغان مەبلەغ | 5,750 يۈەن |
| | سېتىۋېلىنغان تۈرلۈك ئوقۇتۇش سايمانلىرى | 808 دانە |
| | تەكلىپ قىلىنغان ئوقۇتقۇچى | 166 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكتىن ئىككى نەپەر) |
| | يەرلىكنىڭ تەربىيىلىشىگە ئەۋەتكەن كىشىلەر سانى | 12 نەپەر |
| | ئۆزى ئۆگەنگۈچىلەر سانى | مەتبۇئات داشۆسىدە ئوقۇغانلار سانى 20 كىشى، سىرتتىن ئوقۇش داشۆسىدە ئوقۇغانلار 13 كىشى |
| | بىردىن كۆپ كەسىپ ئۆگەنگۈچىلەر-نىڭ سانى | بىر كەسىپ ئىگىلىگەنلەر 291 كىشى، ئىككىدىن كۆپ كەسىپ ئىگىلىگەنلەر 171 كىشى |
| | ئىككى يىلدىن بۇيان يەرلىك قوبۇل قىلغان كىشىلەر | 129 نەپەر |
| | ئارمىيە بىلەن يەرلىك بىرلىكتە تەربىيىلەش ئوقۇتۇشى قۇرغانلار | قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن مۇھاپىزەت ئەترىتى، قەشقەر پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بىلەن خەۋەرلىشىش پونكىتى |
| كونا ئەسكەرلەرنى ھەربىي سەپتىن قايتىشتىن ئىلگىرى يىغىپ تەربىيىلەش ئەھۋالى | تەسىس قىلىنغان كەسىپ تۈرلىرى | تېلېۋىزور، رادىيو، فوتو سۈرەت، ئاخبارات، خەتتاتلىق، رەسىم سىزىش، كىنو قويۇش، ياغاچچىلىق، ئاشپەزلىك، كىيىم تىكىش، ھەل بېرىش، سىرلاش، سائەتچىلىك، سەھىيە، سەكتەراچىلىق، توك كەپشەر، گاز كەپشەر، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش |
| | كەسىپ ئالماشتۇرغان كونا ئەسكەرلەردىن تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ سانى | تەربىيىلىنىشكە تىزىملاتقىنى 212 نەپەر، ئەمەلىي تەربىيىلەنگىنى 263 نەپەر |
| | تەربىيىلىنىش ۋاقتى | 32 كۈندىن 35 كۈنگىچە |
| | تېخنىكا دەرىجە گۇۋاھنامىسى ئالغانلار | بىرنى ئالغانلار 118 نەپەر، ئىككىدىن كۆپىنى ئالغانلار 102 نەپەر |

(كې شەكلى)

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىدا قاراشلىق مەلۇم قىسىم 8- روتىسى ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىتىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. سۈرەتتە جەڭچىلەر خەتتاتلىقنى مەشىق قىلىۋاتقان.

جاۋ ياۋمىڭ فوتوسى



ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىتىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. شۆبە ھەربىي رايون قىسمى جەمئىي 6 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەخسۇس پۇل چىقىرىپ، 10 كەسىپنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 277 نەپەر كىچىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ چىقتى. 1984-يىل 5-ئايدا ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىتىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ نەق مەيدان يىغىنىنى چاقىرىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلىدى.



ئىشتىن سىرتقى ھاۋارايى جەڭچىلىرى ھاۋارايى ماتېرىيالىنى خاتىرىلىمەكتە.

جاۋ ياۋمىڭ فوتوسى

**[قېرىنداش مىللەت كادىرلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش]** قەشقەر شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى ھەم داۋاملىق ئىشقا قويدى. ھازىر ئۇيغۇر، تاجىك، خۇيزۇ، جۇاڭزۇ، زاڭزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن 135 كىشى بار. بۇلار ئىچىدە لىيەن، پەي دەرىجىلىك كادىر 57 نەپەر، باتالىيون دەرىجىلىكلەر 55 نەپەر، پولك دەرىجىلىكلەر 21 نەپەر، دىۋىزىيە دەرىجىلىكلەر 2 نەپەر.

يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر بىر نەپەر، مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر بىر نەپەر، نەنجىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيە پىيادە قىسىملار مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر بىر نەپەر، شۈيجۇ سانائەت شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر 3 نەپەر، يەنە 56 يولداش مەدەنىيەت، سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرسىدا ئوقۇدى. (كې شىڭلى)

**[ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى]** 1984 - يىلى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي خىزمەت قىلىپ تۇتۇپ، يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى : يىلنىڭ بېشىدا شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى جاڭ شىنمياۋ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ "36922" قىسىم 8- لىيەنگە بېرىپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشنىڭ سىناق نۇقتىسى قىلىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلدى ھەم نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار جاڭ شىنمياۋ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش دوكلادىدا چېگرا مۇداپىئە لىيەندۈيلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاساسەن، 6 جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى : 1 . پارتىيە ياچېيكىلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش ، 2 . مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش، 3. تەلىم - تەربىيە ، مەشىقىنى ياخشى يولغا قويۇش، 4 . چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنلاش، 5. ۋەقەلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، 6 . ئارقا سەپ قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش لازىم.

ئورتاق ئۇستاپنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، قىسىم خىزمەتلىرىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش يولغا قويۇلدى : ئاساسەن 4 نۇقتا تۇتۇلدى : 1 . مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ، مەزمۇن ئايدىڭلاشتۇرۇلدى ، بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، 4 خاراكتېرنى يېتىشتۈرۈش تەلىۋى بويىچە ، 4 تەرتىپ ئورنىتىش ، 3 قىياپەت بولۇش مۇھىم نۇقتا قىلىندى . ئۇلار قوماندانلىق ، تۈزۈم ، شتات ، ئىنتىزام ، تەلىم - تەربىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، تەشكىلچانلىق ، پىلانچانلىق، توغرا، ئىنتىزامچان بولۇش خاراكتېرىنى يېتىشتۈرۈش ، مۇنتىزىملاشقان تۇرمۇش ، خىزمەت ، تەلىم - تەربىيە، ئۇرۇش تەييارلىقى تەرتىۋىنى ئورنىتىش ، قىسىملارنىڭ قىسىم قىياپىتى، گەزەرمىلەرنىڭ گەزەرمە قىياپىتى، ھەربىيلەرنىڭ ھەربىي قىياپىتى بولۇشتىن ئىبارەت ، 2. قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلدى ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈلدى . ئۇستاپ ئاساس قىلىنىپ ، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىرقاتار قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ ، ئۇستاپ-نىزاملارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، 3 . يېتىشتۈرۈش تەربىيىسى ياخشى تۇتۇلدى ، 4 . ئۆلچەم تۈزۈلۈپ ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ - باھالاپ سېلىشتۇرۇلدى ھەم ئۈتكۈزۈۋېلىندى.

ئىستىلنى ئۆزگەرتىپ ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى: شۆبە ھەربىي رايونى، "36922" قىسىم رەھبەرلىكى ھەم ئورگان كادىرلىرى 1 - سەپ لىيەندۈيلەرگە بېرىپ ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا 3 خىل ئۇسۇل قوللاندى : 1 . نۇقتا بەلگىلەپ ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ، ھەر بىر چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىدا شۆبە ھەربىي رايون ياكى تۇەندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ بىر نەپەر رەھبىرى نۇقتا تۇتۇپ ئالاقە ئورناتتى ۋە خىزمەتلەرگە ياردەم بەردى ، 2 . لىيەنگە چۈشۈپ ۋەزىپە ئۆتىدى . يىل بويى 35 نەپەر كادىر لىيەنگە چۈشۈپ ۋەزىپە ئۆتەپ ، 1 - سەپ لىيەندۈيلىرىدە قوماندان ۋە كادىرلارنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى نىسبىتىنىڭ كەم بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدى ،

3. ئومۇمىي دائىرىگە بېرىپ يېتەكلەش. شۆبە ھەربىي رايون ھەم پولكلار خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 6 قېتىم ئاساسىي قاتلاملارنىڭ خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. ئورگان كادىرلىرى يىل بويى جەمئىي 6664 كۈن ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پولكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ۋاقتى 1108 كۈن.

تىپلار تۇرغۇزۇلۇپ، ئىلغارلار تەقدىرلەندى: «1 - ئىيۇل» خاتىرىلەش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، 6 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 58 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى تەقدىرلەندى، «4 - ماي» خاتىرىلەش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، 7 ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسى، 170 نەمۇنىچى ئىتتىپاق ئەزاسى تەقدىرلەندى. تەكشۈرۈپ-باھالاپ سېلىشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، 9 ياخشى لىيەندۈي تەقدىرلەندى. يىللىق خۇلاسىدا خىزمەتتە ئەلا نەتىجە ياراتقان 23 يولداش 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ خاتىرىگە ئېلىندى. 4 نەپەر نەمۇنىچى جۇڭداۋيۈەن (گۇي شاۋلو، سۇ رېنشياڭ، جاڭ رېن، ۋۇ زېمىڭ)، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان لىيەنجاڭدىن 6 نەپەر (چېن سەنگاڭ، جاڭ چېڭ، ۋاڭ شۈرېن، لى يەنچۈن، ۋۇ جاۋخەي، ۋېن شۈيگېن)، ئىنچىكە ئىشلەشكەن سىزۇجاڭدىن 5 نەپەر (چاڭچۈن، تەنچى، لى مىڭشۈي، شۇ خۇۋچېن، جاڭ يۈەنپېڭ)، «ماڭا تۇغرىلان» نامىغا ئىگە پەيجاڭ 2 (پېڭ چېڭ، خېۋاڭ شەنگو) تىكلەندى.

ئادەم ئۆلۈش ۋەقەلىرىنى قەتئىي سادىر قىلمىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىخەتەرلىك خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، بوشاشماستىن دائىم تۇتتى. 1984 - يىلى ئاساسەن، قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى باشقۇرۇش ھەم ئاپتوموبىل باشقۇرۇشنى تۇتتى، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئادەم ئۆلۈش ۋەقەلىرىدىن قەتئىي ساقلىنىپ، ئادەتتىكى ۋەقەلەرنى ئازايتتى. (كوۋزۇگفۇ)

**[ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى تەقدىرلەندى]**

1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى شۆبە ھەربىي رايون خەۋەرلەشمىش پونكىتىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى، پەيزۇات ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئورگىنىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى، "36922" قىسىم 2 - ئىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، 10 لىيەن پارتىيە ياچېيكىسى، پىيادە ئەسكەرلەر ليەنى پارتىيە ياچېيكىسى، ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى پارتىيە ياچېيكىسى قاتارلىق 6 ئىلغار ئورۇننى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلەشنى قارار قىلدى.

ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى: ياچېيكىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلغان، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولى كۈچلۈك بولغان، پارتىيە ئىستىلى توغرا، ئىنتىزامى چىڭ بولغان، ئىدىيىۋى خىزمىتى ئىنچىكە تۇتۇلغان، قىسىمنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشى ئورۇنلىشىغا باشلامچىلىق قىلغان.

شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى يەنە 58 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلىدى. (كې شەڭلى)

**[ئاخبارات-خەۋەرچىلىك]** 1984 - يىلى شۆبە ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ ئاخبارات - خەۋەرچىلىك خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، 315 پارچە ماقالە گېزىتلەرگە بېسىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى بويىچە 1 - بولدى. (كې شەڭلى)

# ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى

**[ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى]** 1984 - يىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ مەسىلە ھەل قىلىندى: شۆبە ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلاملارغا يۈزلەندۈرۈش، لىيەندۈيلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇردى. بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېنرۇي پامىرغا 3 قېتىم چىقىپ، چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، نەق مەيدانىدا كەسكىن قارار چىقىرىپ، مەسىلە ھەل قىلدى. تەمىنات بۆلۈمى خادىملار ئاز، ۋەزىپە ئېغىر بولغان ئەھۋالدا، ئۆۋەت بىلەن تاققا چىقىپ، بارلىق چېگرا مۇداپىئە لىيەنلىرىنى ئارىلاپ چىقتى، بۇ يىل ئارقا سەپ تەمىنات ئورگان كادىرلىرىدىن ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشكەنلەر 31 ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، جەمئىي 2178 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىندى. بۇ 1983 - يىلدىكىدىن 40% ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا ھۆججەتكە تايىنىش، ئەھۋال توپلاشتا تېلېفونغا تايىنىشتەك ھادىسىلەر ئۆزگەردى.

چېگرا مۇداپىئە لىيەنلىرىنى ئوتياش بىلەن تەمىنلەش ياخشىلاندى: بۇرۇن «36922» قىسىم ئوتياش بىلەن تەمىنلىنىشتە ترانسپورت قىيىنچىلىقىغا ئۇچراپ، ئوتياشنىڭ تەبىئىي خورىشى چوڭ بولغان ئىدى، بىر ئاپتوموبىل ئوتياش لىيەندۈيگە يەتكۈزۈپ بېرىلسە، ئۇنىڭ پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىنىلا يېگىلى بولاتتى. 1984 - يىلى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پىلان بويىچە سېتىۋېلىش، تۈرلىرى بويىچە سۆۋەتكە قاچىلاش، ھەممە سۆۋەتنى قۇلۇپلاش، كۆكتات تەقسىم قىلغاندا جىڭلاش، ئەمەلىي مىقدارى بويىچە ھېساۋات قىلىش چارىسى قوللىنىلدى، يوچۇقلار ئېتىۋېتىلىپ، تەبىئىي خوراش ئازايتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قىسىمنىڭ كۆكتات بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆتكەن يىلدىكىگە قارىغاندا 40 نەچچە مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى. چېگرا مۇداپىئە رايونىنىڭ كېلىمات ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ھەر قايسى چېگرا مۇداپىئە لىيەنلىرىگە تارقىتىپ بېرىلگەن پارنىك ھەم سولياۋ چېدىرلار بەلگىلەنگەن نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلدى، تېرىلغۇ ئېلىپ بېرىلغان يىلى پايدا ئېلىنىپ، 29 مىڭ جىڭ تۈرلۈك ئوتياش يىغىۋېلىنىپ، قىسىمنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى.

ئائىلە بىنالىرى سېلىندى: شۆبە ھەربىي رايون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1984 - يىلى تۆتىنچى ئائىلە بىناسىنى سالدى. ئۇنىڭ كۆلىمى 2 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، كادىرلارنىڭ تۇرالغۇ جاي شارائىتى ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۆبە ھەربىي رايوننى يەنە گەزرەم رايونىنىڭ زەي تاچۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش پىلانلىدى ھەم ئورۇنلىدى.

تۇرمۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى: ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى مەبلەغ توپلاپ، تۇرمۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇردى. ئىنفىرا قىزىل نۇرى بىلەن تاقلاش ساندۇقى، گۆش

تۇغراش ماشىنىسى، ئاش كېسىش ماشىنىسى، دۇخۇ ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى سې-
تىۋېلىپ، تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپ، ئاساسىي ھەم قوشۇمچە يېمەكلىك دۇكىنى تە-
سىس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ھەم قىسمەن ئائىلە تەۋەلىرى قولايلىق يېمەكلىك بىلەن تەمىن-
لەندى ھەم كادىرلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى.



پامىر ئېگىزلىكىدىكى سايىق چېگرا مۇداپىئە لىۋىم قىسمى ئۆزى قول قەۋرىتىپ پارنىك سېلىپ ئوتياش تېرىدى.
جاۋ يامىڭ فوتوسى

ترانسپورت ئەترىتى ئۇدا 8 يىل ۋەقە تۇغدۇرمىدى: شۆبە ھەربىي رايوننىڭ تر-
انسپورت ئەترىتى 1977 - يىلى قۇرۇلغان-
دىن بۇيان 3616491 كىلومېتىر يول بې-
خەتەر ئاقتىپ، ئۇدا 8 يىل ئۆلۈم، يارىلىنىش ھەم ماشىنا كېرەكتىن چىقىش ۋەقەلىرىنى
سادىر قىلمىدى، ئاپتوموبىللارنىڭ ساق بو-
لۇش نىسبىتى ئىزچىل تۇراقلىق 90% دىن
يۇقىرى بولۇپ كەلدى. (كې شىگلى)

## خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى

### [خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى]

1958 - يىل 8 - ئايدا ماۋزېدۇڭ جۇشى «ئومۇمىي خەلق ئەسكەر بولۇش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايىتى ئالدى بىلەن قاتناش قولايلىق، ئاھالىلەر توپ-لاشقان، ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر بىر قەدەر كۆپ بولغان قەشقەر شەھىرى ھەم يەكەن، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىلىرىدە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قو-يۇپ، جەمئىي 123 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمى بولغان خەلق ئەسكەرلىرى دىۋىزىيىسىدىن 4 نى، پولكىدىن 40 نى قۇردى، بۇلار ئىچىدە 34 مىڭدىن ئارتۇق تايانچ خەلق ئەسكىرى بار. 8 مىڭدىن ئارتۇق تايانچ خەلق ئەسكىرىگە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى.

1960 - يىلى 3 - ئايدىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون-لۇق خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى تاھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى، ۋىلايەت بويىچە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 560 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى 250 مىڭ. تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىگە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، زەمبىرەك، ئىنشائات، خەۋەرلىشىش، خىمىيە، سەھىيە، قورال - جابدۇق رېمونتى قاتارلىق كەسپىي تېخنىكا خەلق ئەسكەرلەر شۆبە ئەترەتلىرى-نى تەشكىللەپ تەربىيىلىدى.

1981 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كو-

مىتىنى تەستىقلاپ تارقاتقان باش شتاب، باش سىياسىي بۆلۈم، باش ئارقا سەپ تەمى-
نات بۆلۈمىنىڭ «خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى دوك-
لات» ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھازىر بار بولغان خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە
سېلىندى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن ۋىلايەت بويىچە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي
سانى 447 مىڭ كىشىدىن 199 مىڭ كىشىگە ئازايدى، بۇ تەخمىنەن ئومۇمىي ئاھالىنىڭ
8.4% ىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى 255 مىڭ كى-
شىدىن 85 مىڭ كىشىگە ئازايدى، بۇ ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 3.6% ىنى تەشكىل قىلىدۇ.
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن
200 مىڭ كىشىگە مۇقىملاشتى.

يېقىنقى يىللاردا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - جابدۇقلىرى، يېڭىلىنىپ كونا قوراللار شاللىۋېتىلدى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - جابدۇقلىرى ياخشىلاندى ھەم كۈچەيتىلدى.



ئېغىزلىكتىكى خەلق ئەسكەرلىرى تەلىم - تەربىيەدە.

مەھەممەت ھېيت فوتوسى

ۋىلايىتىمىزنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى تەشكىلىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىنىش، سىياسىي خىزمەت، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق چېنىقتۇرۇلۇش، تۈزۈملىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنىنىڭ ھەربىي، سىياسىي سۈپىتى تۈزلۈكسىز ئۆستى، كەڭ خەلق ئەسكەرلىرى چېگرا مۇداپىئەسىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش جەريانىدا ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

(گو زۇڭفۇ)

**[خەلق ئەسكەرلىرى ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتى يىغىنى]** 1984 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى خەلق ئەسكەرلىرى ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا ئىككى دەرىجىلىك ھەربىي رايون خەلق ئەسكەرلىرى ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ 1984 - يىللىق خەلق ئەسكەرلىرى ھەم سەپەرۋەرلىك خىزمىتىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1. خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇستەھكەملەش، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى مەركەزنىڭ (1981) 11 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە تەلەپ قىلىنغان نىسبەتكە يەتكۈزۈش لازىم، 2. ئەسكەرلەر ماددىي ئەشيالار، ئوقچى ئىشلىتىدىغان سايمانلارنى تەكشۈرۈپ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن

خادىملارنى زاپاستىكى ھەربىلىككە تىزىملاپ، ئىستىلاتىستىكا قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ بېرىش لازىم، 3. 2 - قارارلىق خەلق ئەسكەرلىرى ھەربىي تەلىم - تەربىيە-سى ۋەزىپىسىنى سان - سۈپەتتە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئورۇنلاش لازىم، 4. خەلق ئەس-كەرلىرىنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىش لازىم، 5. خەلق ئەسكەرلىرىنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ھەم تەشكىللەشنى خەلق ئەسكەرلىرى سىياسىي خىزمىتى-نىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىش لازىم. ( كوۋزۇگنۇ )

[ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك كەنت قۇرۇشى ] 1984 - يىلى قەش-قەر شۆبە ھەربىي رايونى ئاپتونوم رايون ھەم ئۈرۈمچى ھەربىي رايوننىڭ ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغ-ىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، باۋدىڭ رايونىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەن قوللىنىپ، كەڭ خەلق ئەسكەرلىرىنى مەدەنىيەتلىك يېزا قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ھەم تەش-كىللىدى. ئاساسەن، تۆۋەندىكى بىر قانچە پائالىيەت قانات يايدۇرۇلدى: 1. ئامانلىق ساق-لاشنى ۋە تەربىيە بېرىشنى ھۆددىگە ئېلىش. 1) يېزىلاردا يامان قىلمىشلىرى باربولغان-لارغا ئېلىپ قانۇن بويىچە چارە كۆرۈشكە شەرتى توشمىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن، خەلق ئەس-كەرلىرى تەربىيە بېرىپ چەكلىمەك مۇددەت ئىچىدە تۈزۈتۈشنى ھۆددە ئالدى، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرۇشتا ئادەم، مال - مۈلۈك، ۋاقىت، مۇكاپات ۋە جازانى بېكىتتى. ۋى-لايەت بويىچە ئامانلىق ساقلاش ۋە تەربىيە بېرىشنى ھۆددە ئالغان 6051 گۇرۇپپا قۇرۇل-دى. 8378 نەپەر خەلق ئەسكىرى 3672 نەپەر ئازغان ئادەمنى تەربىيىلەشنى ھۆددە ئال-دى. بۇلارنىڭ 2147 نەپىرىدە روشەن ئۆزگىرىش بولدى. 2) مەدەنىيەت، پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش. ياش خەلق ئەس-كەرلىرى ئائىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىل-دى، ۋىلايەت بويىچە 41 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرى ساۋاتسىزلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى. زىرائەت ئۆستۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، يالتىراق يې-پىپ كۆچەت ئېرىش، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن مۇداپىئەلىنىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەش قاتارلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرس-لىرى ئومۇميۈزلۈك ئېچىلدى، بۇ ئارقىلىق 36 مىڭدىن كۆپرەك تېخنىكا تايانچلىرى يېتىش-تۈرۈلدى. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى ليەنىنىڭ ليەن-جاڭى داۋۇت ھەسەن ئۆگەنگەن پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى قوللىنىپ، شال ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىشنى ياخشىلاپ، بىر مو يەردىن 2000 جىڭدىن ھوسۇل ئېلىشتەك يۇقىرى مەھ-سۇلات رېكورتىنى ياراتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخ-نىكا قۇرۇلتىيىغا شەرەپ بىلەن قاتناشتى. 3) ياش خەلق ئەسكەرلىرى ئائىلىسى ياخشى باشقۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي ياش خەلق ئەسكەرلىرى ئائىلىسىدىن 1610 ى قۇرۇل-دى. بۇ كەنتلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 77% نى ئىگىلەيدۇ. ياش خەلق ئەسكەرلىرى ئا-ئىلىسى ئادەتتە كۈتۈپخانا، كۇلۇب ئېچىش ئۆيى، ۋاسكېتبول مەيدانى، ۋالېيبول مەيدا-

نى، مەشرەپچىلەر قوشۇنى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى، ئۇلار يېزا ياشلىرى ۋەخەلق ئەس-
كەرلىرىنى ئىشتىن سىرتقى ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىش، دەم ئېلىش سورۇنلىرى بىلەن تەمىن-
لىدى. 4) ئامراتلارنى يۆلەپ، ئۆز ئارا ياردەم بەردى. 1984 - يىلى 20 مىڭغا يېقىن خەلق
ئەسكىرى ئامراتلارنى يۆلەش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ئەمگەك كۈ-
چى، دېخانچىلىق سايمانلىرى، مەبلەغ، ئۇرۇق، ئوغۇت، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى قاتارلىق
جەھەتلەردە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تۇرمۇش
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بەردى. قىيىنچىلىقى بار 8 مىڭ ئائىلە ئامراتلىقتىن قۇ-
تۇلدى. 5) لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى خىسلەت تىكلەپ، ئاممىنى غەم .. ئەندىشە، قىيىنچى-
لىقتىن خالاس قىلىپ، كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلدى. (كې شىڭلى)

**[ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى باشقۇرۇشتا 100 كۈن ۋەقەتۇغ-
دۇرماسلىق پائالىيىتى]** 1984 - يىلى ۋىلايىتىمىز يۇقىرىدىن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇر-
غان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى باشقۇرۇشتا 100 كۈن ۋەقە تۇغدۇرماسلىق پائالى-
يىتى جەريانىدا نەتىجىسى ئەلا بولۇپ، ئىلغار ئورۇن باھالاندى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي
رايونىنىڭ ماختىشى ھەم تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئۈچ.

1. رەھبەرلەر خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چۆكتى. شۆبە
ھەربىي رايونى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 4 خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئاساسىي قاتلاملارغا بې-
رىپ، خىزمەتلەرگە ياردەم بېرىش، يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ خىزمەتكە مەسئۇل
مۇئاۋىن قوماندان تۆردى قادىر خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ماشىنا بىلەن 38 كۈن ئى-
چىدە 4 مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ 11 ناھىيە (شەھەر) سىدىكى
200 گە يېقىن قورال ئامبىرىنى تەكشۈردى. ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئومۇم-
يۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشقا دىققەت قىلدى. تو-
لۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلارغا جەمئىي 92 خىزمەت گۇرۇپ-
پىسى ئەۋەتىلگەن. بۇنىڭغا قاتناشقان ئادەم 630 ئادەم (قېتىم) غا يەتكەن. 2. بىخەتەرلىك
ئەسلىھەلىرى كۆپەيتىلىپ، ساقلاش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. قىسقا مۇددەت تىرىشىش
ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە بارلىق قورال - ئامبارلىرىنىڭ ئىشىكى، دېرىزىسى تۆمۈردىن
ياسالدى. ئاشكارا، يوشۇرۇن قۇلۇپ بېكىتىلىپ بولدى. ھەر قايسى قورال ئامبارلىرىغا
قارايدىغان مەخسۇس ئادەم بولۇش، كېچە - كۈندۈز ساقلايدىغان ئادەم بولۇش ئىشقا ئا-
شۇرۇلۇپ، ساقلاش، مۇھاپىزەت قىلىش تۈزۈمى ئەمەللەشتۈرۈلدى. 3. ھېساپ سىرتىدىكى
ئوق - دورىلار يىغىۋېلىنىپ، ۋەقە پەيدا بولۇش ئامىللىرى تۈگىتىلدى. تەكشۈرۈپ سېلىش-
تۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق يېڭىسار، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ۋە پەيزىۋات ناھىيىلىرى ئىلغار نا-
ھىيە بولۇپ باھالاندى. يەنە ئىلغار يېزىدىن 35، ئىلغار زاۋۇت، كارخانا - كەسپىي ئو-
رۇنلىرىدىن 7 سى، 40 نەپەر مۇنەۋۋەر ئامبارچى باھالاندى. شۆبە ھەربىي رايونى تەقدىر-
لەش يىغىنى چاقىرىپ، ئىلغار ئورۇنلارغا تەقدىرنامە تارقاتتى. (كوۋزۇڭغۇ)

### [خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى]

1984 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى قۇرۇلۇشى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق ھەر قايسى شۆبە ھەربىي رايونلار، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئەزىزۇپ قاسىم يىغىنغا قاتناشتى.

1982 - يىلدىن بۇيان، كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بەش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1. مۇنتىزىملاشقان خىزمەت، تۇرمۇش، تەلىم - تەربىيە، ئۇرۇش تەييارلىقى تەرتىپى ئورنىتىلدى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلدى ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 2. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە نەتىجىسى ئەلا بولدى. 1983 - يىلى 2 - قارارلىق خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى بىر قېتىمدىلا ئورۇنلاپ، ئىككى دەرىجىلىك ھەربىي رايون بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ سىنىقى ئارقىلىق مۇنەۋۋەر بولدى، 3. "ئىككى مەدەنىيەت" يارىتىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى، 4. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراق، جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە 21 يىل ئىچىدە ۋەقە كۆرۈلمىدى، 5. يەرلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، ناھىيىلىك پارتكومغا ياخشى مەسلىھەتچى بولۇپ، ئۇدا 3 يىل مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، بۇ ناھىيىنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئۇدا 3 يىل خەلق قوراللىق بۆلۈمى بولۇپ باھالاندى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئۇنىڭغا "خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال، جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن" دەپ لەۋھە تەقدىم قىلدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىغا قاتناشتى.

جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى گاۋ خۇەنچاڭ، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئۇلاتايۇپ يىغىندا سۆز قىلدى. قوماندان گاۋ خۇەنچاڭ خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ھەربىي ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش تۈزۈمى ئورناتقانلىقىنى، بۇ نۇقتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ كېڭەيتىش لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. (كوۋ زۇڭفۇ)

### [كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى تەلىم - تەربىيىسى بازىسى]

1984 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسى مەبلەغ يېتىشمەسلىك قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان تۇنجى خەلق ئەسكەرلىرى تەلىم - تەربىيە بازىسىنى قۇردى.

بازىنىڭ يەر كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، تەلىم - تەربىيە

رايونى ۋە تۇرمۇش رايونىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. تەلىم - تەربىيە رايونىدا قارىغا ئېتىش مەيدانى ۋە تاكتىكا مەيدانى بار. قارىغا ئېتىش مەيدانىدا ئۇزۇنلۇقى 70 مېتىر، ئېگىزلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان تام توساق ۋە يوشۇرۇنۇش خەندىكى سېلىنغان، قارىغا ئېتىش ئارىلىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 100 مېتىر، 150 مېتىر، 200 مېتىر كېلىدىغان 3 قارىغا ئېتىش سۇپىسى بار. تۇرمۇش رايونىدا خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق دەرسخانا، ياتاق، ئاشخانا، ئامبار ۋە باشقا قوشۇمچە ئەسلىھەلەر قۇرۇلدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 650 كۋادرات مېتىر بولۇپ 100 كىشى سىغىدۇ. (كوۋزۇڭفۇ)

**[تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىپ نۆۋەتلىك تەلىم - تەربىيە ئىلگىرى سۈرۈلدى]** 2 - قارارلىق (1983 - 1984 - يىللىق) خەلق ئەسكەرلىرى تەلىم - تەربىيىسىدە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى 1 - قارارلىق تەلىم - تەربىيىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىدى، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، دېھقانلارغا يەتكەن ئىشقا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1984 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىدىن 13292 كىشى تەربىيىلەندى. بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغانلىرى 11836 كىشى بولۇپ، ۋەزىپە 11.3% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى ئىككى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىندى: بىرسى، نۆۋەتلىك تەلىم تەربىيىنىڭ ئومۇمىي ۋاقتىدىن (30 كۈن) مەركەزلىك پايدىلىنىلدى، تەلىم - تەربىيە پىروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن دەرسلەر بىر قېتىمدىلا ئۆتۈلۈپ بولدى. ئىككىنچىسى، مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش (يېزىلارنى ئاساسىي بىرلىك قىلىپ تەربىيىلەش) نى ئاساس قىلىش، تارقاق تەربىيىلەش (كەنتلەرنى بىرلىك قىلىپ تەربىيىلەش) نى قوشۇمچە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇنىڭ 4 پايدىسى بولدى: 1. تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىنىڭ ئىزچىل، سىستېمىلىق بولۇشىغا، تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولدى، 2. ئەمەلىي پايدىلىنىلىدىغان تەلىم - تەربىيە ۋاقتى ئاشۇرۇلدى، 3. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتۇش كۈچى ۋە تەلىم - تەربىيە ئۈسكۈنىلىرىنى مەركەزلىك ئىشقا سېلىشقا، تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولدى، 4. قورال - ياراق، ئوق - دورىلار، تەلىم - تەربىيە ئۈسكۈنىلىرىنى باشقۇرۇشقا، تەلىم - تەربىيە راسخوتىنى تېجەپ، بىخەتەرلىك كاپالىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولدى. (كوۋزۇڭفۇ)

**[پولك مەيدانلارنىڭ قوراللىق خىزمىتى يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى]** ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ قوراللىق خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى 1984 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق 18 پولك - مەيدانىنىڭ قوراللىق خىزمىتىنى يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسىنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بەردى. (كوۋزۇڭفۇ)

# چېگرا مۇداپىئەسى خىزمىتى

**[مۇداپىئە رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى]** تاشقورغان مۇداپىئە رايونى شىنجاڭنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېگرىسىدا، دۇنيا ئۆگزىسى دەپ ئاتىلىدىغان پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان. قىسىمنىڭ مۇداپىئە رايونى دېڭىز يۈزىدىن 3 مىڭ مېتىردىن 5 مىڭ مېتىرغىچە بولغان ئېگىزلىكتە، بۇ جاينىڭ تاغلىرى ئېگىز، جىلغىلىرى چوڭقۇر، ھاڭلىرى تۈز - تىك ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، يەر شەكلى مۇرەككەپ، ھاۋاسى شالاڭ، كىلىماتى سوغۇق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0 دىن تۆۋەن 4 گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ.

مۇداپىئە رايونى غەرىپتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن غەربىي جەنۇبتا ئافغانىستان بىلەن جەنۇبىي پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا باشقۇرۇش ئوچاستكىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1277.55 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسى 586 كىلومېتىر، جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسى 599.1 كىلومېتىر جۇڭگو - ئافغانىستان چېگرىسى 92.45 كىلومېتىر. مۇداپىئە قىسىملىرىغا شۆبە ھەربىي رايون رەھبەرلىك قىلىدۇ. چېگرا لىنىيىسىدە مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بىر قانچە چېگرا مۇداپىئە پونكىتى بار.

مۇداپىئە رايونى دائىرىسىدە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ مۇجى يېزىسى، بۇلۇڭكۆل يېزىسى ۋە قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شىخشۇ يېزىسى بار. ئومۇمىي كۆلىمى 45 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي ئاھالىسى تەخمىنەن 31 مىڭ كىشى، ئاساسىي ئاھالىسى تاجىك، قىرغىز بولۇپ، ئازساندا ئۇيغۇرلارمۇ بار. ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ چېگرا رايونىدا كۆپلەپ ھەركەت قىلىپ، دائىم ئىغۋاگەرچىلىك تۇغدۇرۇپ، جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىنى ئىزچىل تۈردە جىددىي ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەركەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىشپىيونلىرىنى چېگرا لىنىيىمىزگە ئىچكىرىلەپ كىرىش، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي ئاخباراتلىرىمىزنى تىڭ - تىڭلاشقا ئەۋەتىشنى ئاساسىي ۋاستە قىلىپ كەلمەكتە.

ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىدە ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى "36922" قىسىم چېگرا مۇداپىئە ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1. مۇداپىئە پوزىتسىيىلىرىنى قۇردى ھەم مۇستەھكەملىدى. 2. چېگرا مۇداپىئە ئاشىيانىسى ياسىدى ھەم رېمونت قىلدى. ھازىر پۈتۈن مۇداپىئە رايونىنىڭ يېرىمىدىكى چارلاش، كۆزىتىش نۇقتىلىرىغا ئاپتوموبىللار بارالايدىغان بولدى، 3. ھاۋاغا تارتىلغان تۈۋرۈكلۈك ئالاقىلىشىش لىنىيىسى 348.3 كىلومېتىرغا يەتتى. قەشقەردىن تاشقورغانغىچە ئۈچ يۈكلىمە دولقۇن يول تارتىلدى. قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىدىن مۇداپىئە رايونى قوماندانلىق شتابى، چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىغا قەدەر، چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىدىن ئالدىنقى سەپ قاراۋۇللۇق بەنلىرى، ۋەزى-

پە ئۆتەش ۋاقىتلىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىق راۋانلاشتى، 4. چېگرا تەكشۈرۈش، شۆبە ھەربىي رايونى بىلەن «36922» قىسمىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرى ئورگان خىزمەتچىلىرىنى باشلاپ، 104 كۈن ئىچىدە 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، چېگرىنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 7 قېتىم تەكشۈرۈپ، كۆپلىگەن 1-قول ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇپ، چېگرا مۇداپىئەسىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈردى، 5. ماتېرىيال توپلاپ، رەتلەپ، تاشقورغان مۇداپىئە رايونىنىڭ ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش خىزمىتى ئورۇنلاندى. ئالدىنقى سەپ چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى يەنە پونكىت تەزكىرىلىرىنى يېزىپ چىقتى. (كوۋزۇگۇۋ)

**[ئارمىيە، ساقچى، خەلق 3 تەرەپ بىر گەۋدە بولغان بىرلەشمە مۇداپىئە تۈزۈلمىسى]** قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى 1977-يىل 6-ئايدا، «36922» قىسمىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، چېگرا مۇداپىئە شۆبە ھەربىي رايونىغا ئۆزگەردى. ئوخشاشلا، ۋىلايەت ۋە شۆبە ھەربىي رايونىدا، تاشقورغان ناھىيىسى ۋە «36922» قىسمىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك چېگرا مۇداپىئە رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى، مالىيە، پىلان، تاشقى ئىشلار قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپتى.

چېگرا مۇداپىئە رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئارمىيە-خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىدىكى زور ھەرىكەتلەرنى بىر تۇتاش تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىش، ھەر قايسى بىرلەشمە مۇداپىئە رايونلىرىنىڭ ئارمىيە-خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى ھەم چېگرا باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئارمىيە-خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە يىغىنلىرىنى چاقىرىش، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك مەلۇم قىلىش، بىرلەشمە مۇداپىئە ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش، بىرلەشمە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش، سىرتقا قارىتىلغان كۈرەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

قىسىمنىڭ مۇداپىئەلىنىشى ۋە ئاھالىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، تاشقورغان مۇداپىئە رايونى 6 بىرلەشمە مۇداپىئە رايونىغا بۆلۈندى. ھەر قايسى بىرلەشمە مۇداپىئە رايونلىرى قىسىم تۈزۈلۈشلۈك جايىنىڭ چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى، جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر، چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسولىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرلەشمە مۇداپىئە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. ئۇلار قىسىم، قوراللىق ساقچىلار، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭ ھەرىكەتلىرىنى بىر تۇتاش تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىدۇ، ئارمىيە، ساقچى، خەلق 3 تەرەپ بىر گەۋدە بولغان بىرلەشمە مۇداپىئە تۈزۈلمىسىنى يولغا قويىدۇ.

قىسىملارنىڭ چېگرىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، تاشقورغان مۇداپىئە رايونى 1980-يىلدىن باشلاپ، چېگرا لىنىيىسىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى قاراۋۇلخانىسىدىن بىر نەچچىنى تەشكىللىدى. بىرلەشمە مۇداپىئە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ھەربىي ئەشقىنى بىر-

لەشتۈرۈپ، قىسىمنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى، پوستتا تۇرۇشىغا زىچ ماسلىشىپ، دۈشمەن ئەھ-
ۋالىنى ۋاقتىدا نازارەت قىلىپ كەلمەكتە.

ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى ياخشى يولغا قويۇش — چېگرا مۇ-
داپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، چېگرىنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. 1977 - يىلدىن
بۇيان، تاشقورغان مۇداپىئە رايونى ئىشپىيونلارنىڭ بىر نەچچە قېتىم يوشۇرۇن كىرگەن-
لىكىنى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ دوكلات قىلىشى بىلەن سېزىپ ئۇلارنى ئارمىيە، ساقچى ۋە خەلق
ئەسكەرلىرىنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئارقىسىدا تۇتۇۋالدى ياكى ئېتىپ ئۆلتۈردى. (كوۋ زۇگۇۋ)

**[چارلاش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش]** 1984 - يىلى "36922" قىسىمنىڭ
ھەر قايسى مۇداپىئە پونكىتلىرى ۋاقىت - ۋاقىت قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، چارلاشنى يىل بويى
قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، يىللىق چارلاش ۋەزىپىسىنى 64% ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. ھاۋا ئەڭ
سوغۇق بولىدىغان 1 - ئايدىمۇ ھەر قايسى پونكىتلار چارلاشنى توختىتىپ قويمىدى.
(كوۋ زۇگۇۋ)



مۇز ئۆڭكۈردىكى چېگرىدىن يولىدا
جاڭ يامىڭ فوتوسى



چەكچىلەر چېگرىدىن ئاپتوموبىلنى ئۆتكۈزۈپ چېگرىدا چېگرا ساقلىماقتا.
جاڭ يامىڭ فوتوسى

**[چېگرا مۇداپىئە سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش]** چېگرا مۇداپىئە سىياسەتلىرى
توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش، "36922" قىسىم 4 تەدبىر قوللاندى: 1. بىر ئايدا بىر كۈن

ئۆگىنىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، قىسىمنى سېپتەمەسلىك، ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، 2. ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى ۋەزىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، دەلىللىكى بولغان ھالدا ئۆگەندى، 3. دۈچ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، چېگرا مۇداپىئە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش بويىچە مەشق ئېلىپ باردى، 4. سىناق ئالدى، باھالاپ سېلىشتۇردى. بۇ قىسىم تاشقورغان مۇداپىئە رايونىدا 15 يىل تۇرغان بولسىمۇ، چېگرا مۇداپىئە سىياسىتىگە خىلاپ بىرەرمۇ چوڭ ۋەقە سادىر بولمىدى. 1984 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆز قارىمىقىدىكى ھەر قايسى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ چېگرا مۇداپىئە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشىنى تەكشۈرگەندە، بۇ قىسىم ئورگانلار بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

(كوۋ زۇڭفۇ)

**【 چېگرا مۇداپىئە گەزەرمە قۇرۇلۇشى 】** تاشقورغان مۇداپىئە رايونىنىڭ چېگرا مۇداپىئە گەزەرمە قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى ئۇدا ئىككى يىل جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئاز ساندىكى گەزەرمىلەرنىڭ قوشۇمچە قۇرۇلۇشىدىن باشقا، قالغانلىرى 1984 - يىل ئۆكتەبىردە تامامەن پۈتتى.

بۇ قېتىمقى گەزەرمە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

مۇداپىئە رايونىدىكى قىسىملارنىڭ ئەسلىدىكى گەزەرمىلىرى 50-، 60 - يىللاردا ياسالغان. ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرى ھەم سۈپىتى ئىگىز، سوغۇق رايوننىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە زۆرۈر تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى كەمچىل بولغاچقا شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. سۇ ئىچىشنىلا مىسالغا ئالساق، 1 - سەپ لىيەندۈيلىرى ئىزچىل ھالدا ئادەم كۈچىگە تايىنىپ غالتەك - ھارۋا، ھارۋا بىلەن سۇ توشۇيتتى، بەزى لىيەندۈيلەر قىش پەسلىدە نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىن مۇز ئەكېلىپ ئېرىتىپ ئىچەتتى. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى 1 - سەپكە بېرىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ تۇرالغۇ جاي، ئىسسىنىش، سۇ ئىچىش، يورۇتۇش، يۇيۇنۇش قاتارلىق تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

گەزەرمە قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى 1985 - يىلى پۈتتى.

بۇ قېتىم ياسالغان گەزەرمىلەر ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرىنچى، يېڭى تىپتىكى ئىسسىق ساقلاش بىناكارلىق ماتېرىيالى — كان پاختا تاختىسى ئىشلىتىلىپ، ئىسسىق ساقلاش مەسىلىسى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى. ئۆلچىگەندە ئۆي تېمپېراتۇرىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8—10°C قا يەتتى. ئىككىنچىسى، گەزەرمىگە ئاساسىي تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇقلاپ بېرىلدى. ھەر قايسى چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى قۇدۇق قازدى، سۇ مۇنارىسى ياكى ئېگىز كۆل ياسىدى، يەنە كۈن نۇرى بىلەن سۇ ئىسسىتىش ئەسۋابى ۋە پار قازانىدىن تەڭ پايدىلىنىدىغان يۇيۇنۇش كۆلچىكى ياسىدى. ئەرەنباۋدەي (يەنى شىڭگەن) چېگرا مۇداپىئە پونكىتىدا كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ياسالدى، ھەر قايسى

لىيەللەر قۇۋۋىتى چوڭراق دۆڭگادىل نۇر بېرىپ، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلمەيدىغان توكقا كاپالەتلىك قىلالايدىغان بولۇۋاتىدۇ. (كوۋزۇڭفۇ)

**[چېگرا مۇداپىئەسىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى]** 1983 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى "36922" قىسىمىدا چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتەش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. شۆبە ھەربىي رايون ئورگىنىدىكى شتاب، سىياسىي باشقارما، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىرى ھەم مۇداپىئە رايونىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، خەلق ئەسكەرلىرى ۋەكىللىرى بولۇپ 60 كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا باش سەنبۇ ئىچكى موڭغۇل ھەربىي رايونىدا چاقىرغان چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىكى تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ ۋە ئالماشتۇرۇلۇپ، چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن 16 ئىلغار ئورۇن ۋە 14 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى، قاراسۇ چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىدە ۋەزىپە ئۆتەشنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشتىن ئۈلگە كۆرسىتىش مەشقىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى.

شۆبە ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى دۆۋەن شىكاڭ يىغىندا دوكلات بېرىپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ، چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ياخشى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىن چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ياخشى يولغا قويۇش توغرىسىدا 4 كونكرېت تەدبىر ئوتتۇرىغا قويدى: 1. ئارمىيە، ساقچى، خەلق ئەسكەرلىرى قاتناشقان بىرلەشمە چارلاش ھەم كۆزىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى بىلەن پەيچۇسۇ، خەلق ئەسكەرلىرى قاراۋۇلخانىلىرىنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش، ئۆز - ئارا ئاخبارات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، زىچ ماسلىشىش لازىم، 2. چەكلەنگەن رايونلارغا بارىدىغانلارنى تېزگىنلەش ۋە چېگرا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم، 3. ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرىنىڭ كادىرلىرىنى سەپلەش، كادىرلار، جەڭچىلەرنى تەربىيىلەش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم، 4. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىتتىپاق قىلىشىپ ھەمكارلىشىشى ۋە ئورگانىك ھالدا ماسلىشىشىنى يەنىمۇ ياخشى يولغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك چېگرا مۇداپىئە رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. (كوۋزۇڭفۇ)

## ھەربىي خىزمەت ئۆتەش

**[يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەر يەتكۈزۈپ بېرىشى]** 1983 - يىللىق ئەسكەر ئېلىش خىزمىتىدە قەشقەر ۋىلايىتى تۇنجى قېتىم قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى ۋە مەكىت

ناھىيىسىدە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەر يەتكۈزۈپ بېرىشىنى سىناق قىلدى. قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى قىسىم ئۈچۈن جەمئىي 52 نەپەر خەنزۇ ئوغۇل ئەسكەر، مەكىت ناھىيىسى قىسىم ئۈچۈن 35 نەپەر ئۇيغۇر ئوغۇل ئەسكەر يەتكۈزۈپ بەردى. ئەسكەر ئاپىرىپ بەرگەن ئورۇنلار يېڭى ئەسكەرلەرنى ئوڭۇشلۇق ھالدا قىسىمغا تاپشۇرۇپ بەردى.

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەر يەتكۈزۈپ بېرىشىنىڭ پايدىسى: 1. يەرلىك كادىرلارنىڭ ئەسكەر ئېلىش خىزمىتىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچىيىپ، ئەسكەرلەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق بولدى، 2. قىسىمنىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىدىغان كادىرلىرى ئازايتىلىپ، قىسىمنىڭ سېلىقى يەڭگىللىدى، 3. يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇش مەزگىلىدە ئەسكەرلىككە سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن يول تېپىشىغا ۋە تەجرىبە توپلىشىغا پايدىلىق بولدى.

(كوۋ زۇڭفۇ)

**[بوشانغان ھەربىيلەرنى زاپاستىكى ھەربىيلىككە تىزىملاش، ئىستاتىستىكا قىلىش]** ۋىلايىتىمىزنىڭ بوشانغان ھەربىيلەرنى زاپاستىكى ھەربىيلىككە تىزىملاش، ئىستاتىستىكا قىلىش خىزمىتى 1963 - يىلى باشلانغان ئىدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 6 قېتىم تىزىملىنىپ، ئىستاتىستىكا قىلىندى. 1982 - يىلى يەنە 1980 - يىلدىن ئىلگىرى بوشانغان، كەسپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەرنى تىزىملاش، ئىستاتىستىكا قىلىش ھەم گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە بوشانغان ھەربىيلەر جەمئىي 7806 نەپەرگە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 4966 نەپەر كىشى زاپاستىكى ھەربىي خادىم بولدى. (كوۋ زۇڭفۇ)

## تاشقى ئىشلار

**[قوماندان دۆن شىكاڭ پاكىستان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ شتاپ باشلىقى، گېنېرال پولكوۋنىك ھارىپنى دوستانە كۈتىۋالدى]** 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى دۆن شىكاڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىمىزنىڭ مەسئۇلى سۈپىتىدە خونجېراپ چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللۇق بېكىتىدە پاكىستان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ شتاپ باشلىقى گېنېرال پولكوۋنىك ھارىپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قىزغىن دوستانە كۈتىۋالدى.

سائەت 15 دىن 18 مىنۇت ئۆتكەندە گېنېرال پولكوۋنىك ھارىپ خونجېراپ داۋىنىنىڭ پاكىستان تەرىپىگە قونغان تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، چېگرىنىڭ بىز تەرىپىدە كۈتۈپ تۇرغان قوماندان دۆن شىكاڭ تەرەپكە چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەلدى. گېنېرال پولكوۋنىك ھارىپ قوماندان دۆن شىكاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ سالام بەردى. گېنېرال پولكوۋنىك مۇنداق دېدى: "مېنىڭ خېلى بۇرۇنلا خونجېراپقا كېلىش ئويۇم بار ئىدى. سىلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى خوش بولدۇم. بۈگۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ كاتتا بايرىمى، مەن سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇق تاشيولى ئىككى دۆلەت خەلقىنى تېخىمۇ چىڭ بىرلەشتۈردى. بۇ تاشيولنى ياساش

ئۈچۈن جۇڭگولۇق دوستلار ۋە پاكىستاننىڭ يول ياسىغۇچى ئىشچىلىرى قان ئاققۇزدى. بىز بۇلارنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارمايمىز.»

گېنېرال پولكوۋنىك ھارىپ قوماندان دوۋەن شىكاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن پاكىستان تەرەپ ۋاقىتلىق قۇرغان چېدىرغا بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە پېچىنە - پىرەنىدىك قاتارلىق مول يېمەكلىكلەر بىلەن جۇڭگولۇق مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. ئىككى تەرەپ قىزغىن، دوستانە كەيپىيات ئىچىدە پاراڭلاشتى. گېنېرال پولكوۋنىك ھارىپ مۇنداق دېدى: «جۇڭگوغا بارسام ئۆيۈمگە بارغاندەك بولىمەن. مەن جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. ئۇ ئېغىزنىڭ ئېچىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختۇلۇپ مۇنداق دېدى: «سۈرئەت يەنىلا ئاستا، يەنە كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ماشىنا ۋە ئادەملەرنى ئەركىن كىرىپ-چىقالايدىغان قىلىپ 2 مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىش لازىم.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «جۇڭگو - پاكىستان ئارمىيىلىرىنىڭ ھەمكارلىقى قويۇق بولۇۋاتىدۇ.» ئۇ سەممىي ھالدا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ دوستلۇقىمىز مەيلى تېچلىق مەزگىلىدە بولسۇن، ياكى قىيىنچىلىق مەزگىلىدە بولسۇن ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن.» قوماندان دوۋەن شىكاڭ مۇنداق دېدى: مەن «قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى نامىدىن گېنېرال شىتاپ باشلىقىنى قارشى ئالىمەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان خۇنجىراپ ئېغىزىدا شىتاپ باشلىقى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمگە ئىنتايىن خۇشالمەن.» قوماندان دوۋەن شىكاڭ يەنە ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: «خۇنجىراپ ئېغىزىنىڭ ئېچىلىشى ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى.» ئۇ چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «جۇڭگو - پاكىستان ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى - مۇھەببەت چوڭقۇر، بۇ خىل دوستلۇقنىڭ تاغ - دەريالار بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ، كۈن بىلەن ئايدەك نۇرلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمىز.» ئۇ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «بىز پاكىستاننىڭ ئىمكانقەدەر تېز قۇدرەت تېپىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. گېنېرالنىڭ بىزنىڭ پاكىستان خەلقى ۋە ئارمىيىسىگە بولغان سالىمىمىز ۋە مىننەتدارلىقىمىزنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى سورايمىز.»

قوماندان دوۋەن شىكاڭ شىتاپ باشلىقى ھارىپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئالدىنقى قاراۋۇللۇق بەنىمىزگە كېلىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. پاكىستانلىق دوستلار ئاپتوموبىللىرىمىزغا ئولتۇرۇپ، ئالدىنقى قاراۋۇللۇق بەنگە يېتىپ بارغاندا چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىمىز دەرۋازا ئالدىدا قاتار تۇرۇپ قارشى ئالدى. گېنېرال پولكوۋنىك ھارىپ قوماندان دوۋەن شىكاڭنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋاقىتلىق مېھمانخانىمىزغا كىرىپ كەلدى. مېھمانخانىنىڭ تېمىغا يېڭىدىن ئاق قەغەز چاپلانغان، ئۇدۇلىغا مەنزىرە سۈرەت ئېسىلغان ئىدى، ئۇزۇن شىرەگە پېچىنە - پىرەنىدىك، تاتلىق مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇزلارمۇ مول تىزىلغان ئىدى. بىر قانچە دەستە چىرايلىق يالتىراق گۈل مېھمانخانىدىكى دوستلۇق كەيپىياتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغان ئىدى. سائەت 16 دىن 24 مىنۇت ئۆتكەندە گېنېرال پولكوۋنىك ھارىپ بىز تەرەپنىڭ خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەندىن كېيىن ئاپتوموبىل بىلەن قايتتى. ئايرىلىش ئالدىدا ئۇ قىزغىن ھالدا قوماندان دوۋەن شىكاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا: سە-

# بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

## يېقىن ئىتتىپاقلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەيلى

يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، قەشقەر ۋىلايەتلىك
پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى: ۋاڭ چۈنجاۋ

قەشقەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئائىلىسىدە تۇرۇۋاتقان يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيەسى 1966 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئارمىيە پارتكومىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى، بولۇپمۇ پارتىيەنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مالىيە ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالى پەيدىن ـ پەي ياخشىلىنىپ، زىيان پايدىغا ئۆزگىرىشتەك يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ قىزغىن قوللىغانلىقى ۋە ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيەسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى يولداش مىڭ شۈلىن يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، ۋىلايەتتىكى باشقا رەھبىرى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئومۇمىيلىقىنى چىقىش قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئېتىۋار بېرىپ، قەشقەردە «بوز يەر ئېچىش، چېگرىنى قوغداش» ئىشلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، يەكەن، گەز، قىزىل دەريالىرىنىڭ سۈيىنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ھەقسىز ئاجرىتىپ بەردى؛ كەلكۈن مەزگىلىدە ئۈچ دەريا قىرغىقىدىكى خەلقنى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە مۈرىسىنى ـ مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، كەلكۈن سۈيىنى ئېتىزلارغا باشلاپ، سۇ مەنبەسىدىن

---

لەرنىڭ پاكىستانغا بېرىپ مېھمان بولۇشۇڭلارنى قارشى ئالىمىز» دېدى. ئاندىن ئايروپىلانغا چىقىپ قايتىپ كەتتى.

قوماندان دۈمن شىكاڭغا ھەمرا بولۇپ پاكىستانلىق دوستلارنى كۈتۈۋالغانلار ئىچىدە خونجىراپ ئۇچرىشىش پونكىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى دۈتيەنسەي، «36922» قىسمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى گاۋ يۈگۈي، خونجىراپ ئۇچرىشىش پونكىتىنىڭ تەرجىمانى جاڭ جىنشاۋ، «36922» قىسىم تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ رېنجۈلار بار. پاكىستان تەرەپنىڭ ھەمراھلىرى ئىچىدە گېنېرال سەيفۇل، گېنېرال مايور ئاخبار، بىرىگادىر يۈسۈپخان، بىرىگادىر شافى، قۇرۇلۇش قىسىملىرىدىن بىر پودپولكوۋنىك، بىر مايور، 2 نەپەر شوپىر بار. (كوۋ زۈگۈي)

تولۇق پايدىلىنىپ، دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسى دەسلاپ قۇرۇلغان كۈنلەردە، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئاشلىق، ياغ قاتارلىق ماددى ئەشيالار بىلەن پائال ياردەم قىلىپ، كۆپ جەھەتتىن قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1966 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرى يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسىنى 100 مىليون 340 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 2 مىليون 850 مىڭ جىڭ ياغ بىلەن تەمىنلىدى. 1967 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسى «7 - ماي يېڭى كەنتى» دە دۈيزىيە شتابىنى قۇرغان چاغدا قىممەتلىك قوللاشقا ئېرىشتى، مەسىلەن: مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال كوممۇنىسى يەر ئاجرىتىپ بەردى، ئۇلارنىڭ 5 - داددۈيى يەر بىكارلاپ بەردى. 1969 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى شوركۆلنى يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىللە مارالبېشى تۇمشۇق باش مەيدان، شاۋۇ كوممۇنىسىنىڭ كەڭ يەرلىرىنى يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسىنى مۇشۇ ئاساستا تېز راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە شوركۆل بوز يەر رايونى يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسى بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئاھالىسى ئەڭ كۆپ، دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئىشلىرى ئەڭ تېز راۋاجلانغان بوز يەر رايونىغا ئايلاندى.

يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغان 19 يىل ئىچىدە، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قەشقەرنى قۇرۇش، جەنۇبىي شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا بەزى تۆھپىلەرنى قوشتى؛ بىر قىسىم سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىنى ياسىدى، يەرلىك كوممۇنا - ئەترەتلەرگە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق، داۋالاش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلەپ خىزمەت قىلدى، ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىش، يېتەرسىزلىكنى تولدۇرۇش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش داۋامىدا ئورتاق راۋاجلىنىپ باردى.

1982 - يىلدىن بۇيان، "سىرتقا نىسبەتەن ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇش" فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىگىلىك ئۇچقاندەك يۈكسىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇخوپۇر سىدىق يولداشلار يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسىنىڭ قەشقەرنى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈشتىكى رولىغا ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسى يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن خۇمدانىنى، قەشقەر شەھرى بىلەن دۆڭۋاغ سودا - سارىيىنى ۋە پوسكام ناھىيىلىك سودا سارىيى قاتارلىق سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. كىشىنى خوشال قىلىدىغىنى شۇكى، ئورغۇن ناھىيە - شەھەرلەر داۋاملىق يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيزىيىسىگە ئېچىۋېتىلدى، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرى ئورتاق ئېلىپ بېرىلىپ، بىرلىشىپ باشقۇرىدىغان تۈرلەر ئۈستىدە داۋاملىق مەسلىھەت ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇنداق قىلىش بار - يوقنى ئالماشتۇرۇش، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنىش، پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا پايدىلىق، 2 -، 3 - خىل كەسىپنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇپ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاش-

تۇرۇشقا پايدىلىق؛ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە غەربىي - شىمالنى ئېچىش، ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى جەنۇبقا يۆتكەش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىشقا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىق كۈچەيتىلىشىگە تېخىمۇ پايدىلىق.

لېكىن ماكرو جەھەتتىن قارىغاندا، يېڭى ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى تۈرلۈك شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقى، تەدبىر كۈچلۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، قەشقەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا قوشقان تۆھپىسى ئاز بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئاپتونوم رايون ۋە ئارمىيە پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمى ئاستىدا، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا قارارى» نى يېتەكچى قىلىپ، مەركەزنىڭ ئۈچ بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات يولىنى بويلاپ، تەۋرەنمەستىن قەتئىي ئالغا ئىلگىرىلەيمىز، "بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرىنى قوغداش" ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يېڭى باسقۇچقا يۈكسەلدۈرۈپ، غەربىي - شىمالنى ئېچىش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، جەنۇبىي شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

**[گۈللىنىۋاتقان يېڭى ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى]** ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىش؛ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرىنى قوغداش، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى پارتكومى 1965 - يىل 11 - ئايدا، ھەر قايسى دىۋىزىيىلەردىن ئادەم، ماددىي كۈچلىرىنى ئاجرىتىپ، يېڭى ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ 4 - باشقارمىسى ئاساسىدا يېڭى ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلغان ئىدى. يېڭى ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇيرۇققا بىنائەن، تەكلىماكان چۆلىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە يۈرۈش قىلىپ، يەكەن دەرياسى ۋادىسىدا يېڭى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئاچتى. 1966 - يىل 1 - ئايدىن بۇيان، 16 مىڭ كىشىلىك ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى قار - شىۋىرغانغا قارىماي، يەكەن دەرياسى بويىدىكى "ئۇچرۇشۇش چېكى" نىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى ۋە سۇ قۇرۇلۇش، بوز يەر ئېچىپ، ئېتىز بەرپا قىلىش جەريانىدا جاپا - مۇشەققەتلەرنى يەڭدى. ئۇلار 1984 - يىلغا قەدەر جەمئىي 524 مىڭ 500 مو يەر ئاچتى. 882 كىلومېتىر تاشيول ياسىدى، 43457 مو ئورمان ئەھيا قىلدى. سۇ سىغىمچانلىقى 800 مىليون كۇب مېتىر كېلىدىغان 4 چوڭ سۇ ئامبىرى ياساپ، سۇ ئېقىتىش پىياچىنى ئاساسەن قامدىدى. 1467 كىلومېتىر ئاساسىي غول ئۆستەڭ ياساپ، سۇغۇرۇش، سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە يۈرۈشلەشتۈردى. ئىككى ۋىلايەت، 12 ناھىيە (شەھەر) گە چاپلاشقان كەڭ ئىش مەيدانىدا چوڭ تىپتىكى 16 دېھقانچىلىق بولۇك - مەيدا-

نى ۋە سانائەت، قۇرۇلۇش، ترانسپورت، بىناكارلىق، كان قېزىش، سودا دۇكانلىرى، مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىق كارخانا، كەسىپى ئورۇنلارنى قۇرۇپ، 11 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 136 مىڭ كىشىلىك چوڭ ئائىلە بولۇپ راۋاجلاندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 50% نى ئىگىلەيدۇ).

10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى قاتتىق بالايى - ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇزاق مۇددەت بىر ئىزدا توختاپ قالدى، تەرەققىياتى ئاستا بولدى، راۋاجلاندۇرۇش، قۇرۇش ئىشلىرىمۇ ئاساسەن توختاپ قالدى. 1975 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيە تۈزۈلمىسى ئۆزگىرىپ، يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرى يېڭىۋاشتىن گۈللىنىپ راۋاجلىنىش يولىغا ماڭدى. 1978 - يىلدىن1983 - يىلغىچە دېۋىزىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 13% دىن ئېشىپ باردى.



يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى شياۋ فېڭرۇي (ئوڭدا)، سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ جۈنجاۋ (سولدا).
جاڭ ... فوتوسى



شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى بولغان شياۋ فېڭرۇي كۆتۈنلۈن تېغىدا ... چارۋىچىلارنى يوقلاپ، ئوتلاق ... ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

... فوتوسى

1982 - يىل 5 - ئايدا يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى ئەسلىگە كەلدى. قۇرۇلۇش ئارمىيە پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، تۈرلۈك ئىشلار ئىسلاھات جەريانىدا ئالغا ئىلگىرىلىدى. 3 يىل ئىچىدە 3 چوڭ قەدەم تاشلاندى. 1984 - يىلى ئالدىنقى ئىككى يىلدا ئاشلىق، پاختىدىن ئۇدا مەھسۇلاتنى ئاشۇرغان، مالىيىدە زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرغان ئاساستا، تېخىمۇ زور قەدەم تاشلاپ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 96 مىليون 880 مىڭ جىڭغا يەتكۈزۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7 مىليون 710 مىڭ جىڭ، يەنى 8.64% ئاشۇردى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مۇ يەرنىڭ مەھسۇلات 233 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15 جىڭ ئاشتى. پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 13 مىليون 710 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 مىليون

120 مىڭ جىڭ يەنى 42.9% ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلات ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 95 جىڭغا يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21 جىڭ ئاشتى. 9 پولك – مەيدانىنىڭ پاختا بىرلىك مەھسۇلاتى 100 جىڭدىن ئاشتى. پۈتۈن دېۋىزىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 102 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمى پايدا 5 مىليون 730 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1980 – يىلدىكىدىن بىرگە يېقىن قاتلاندى.



مەشرەپ ئاتلاندى

يېزا ئىگىلىك 3 – دۆلەت مەيدانىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق، كوللېكتىپ چوڭ ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى. سۈرەتتە: ئۇلار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ، مول ھوسۇلنى تەبرىكلىمەكتە.

جاڭ خەنجيېن فوتوسى

بۇ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1983 – يىل، 1984 – يىللىق 2 بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىپ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھ قىلىنىپ، تۈرلۈك ئىشلار بىر قەدەر زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. پۈتۈن دېۋىزىيىدىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئائىلە چارۋىچىلىق مەيدانلىرى يىلنىڭ بېشىدىكى 271 دىن كۆپىيىپ 8531 گە يەتتى. يەرنى 15 يىلغىچە ھۆددىگە بېرىپ مۇقىملاشتۇرۇش، تۇراقلىق جاي، ئۆزى ئىشلىتىدىغان جاينى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 114 ى بارلىققا كەلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شور كۆل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىدا ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1875 يۈەنگە يېتىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى.




ئۇيغۇر، خەنزۇ قىزلار ئاپپاق سىنچىلاردەك ئەمگەكچىلەر ئۇلار كېۋەز تېرىپ بارا تاللاشماقتا.

جاڭ خەنجيېن فوتوسى

چارۋىچىلىقتا ئۇدا 18 يىل زىيان تارتىشتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى، بېقىلىۋاتقان چارۋا سانى 287374 تۇياققا يېتىپ ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىدىن 56 مىڭ تۇياق ئاشتى. شەخسلەر باققان چارۋا 110 مىڭ تۇياققا يەتتى.

1984 – يىلى 9926 مو يەرگە ئورمان ئەھيا قىلىندى، 2707 مو يەردە كىشمىش ئۈزۈم، 950 مو يەردە كىشمىش ئۈزۈم كۆچىتى ئۆستۈرۈلدى. 46 مىڭ 600 مو توغراق ئورمىنى

ئاسراپ پەرۋىش قىلىندى، 105 مىڭ مو توغراق ئورمىنى مۇھاپىزەت قىلىندى. يىل بويى 10 مىليون جىڭ مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىلدى.



يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى بىر قەدەر كۈچلۈك ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە ئىگە. سۈرەتتە: كەڭ ئېتىزلارغا ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىنماقتا.

جاڭ خەنجىيەن فوتوسى

سانائەت - قاتناش، بىناكارلىق كەسىپلىرى ئىسلاھات جەريانىدا چوڭ قەدەم تاشلىدى. ترانسپورت شىركىتى شىزاڭ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ترانسپورت ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، 3 مىڭ توننا يۈكنى بىخەتەر توشۇدى. پۈتۈن يىللىق ترانسپورت پايدىسى 1 مىليون 364 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ يۇقىرىدا 545 مىڭ 400 يۈەن ئاشۇردى. بىناكارلىق شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇش قىممىتى 10 مىليون يۈەن بولۇپ، 1980 - يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى، پايدىسى 1 مىليون يۈەنگە يەتتى.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۇدا يۈكسەلدى، مائارىپ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. دىۋىزىيە بويىچە ھازىر 188 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ (154 باشلانغۇچ مەكتەپ، 22 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 12 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ) بار. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 30761 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 12469 نەپەر). ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 2376 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 719 نەپەر). 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە دىۋىزىيىمىزدىكى ھەر قايسى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەنلەر 436 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومغا ئۆتكەنلەر 644 نەپەر، 1984 - يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەنلەر 94 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومغا ئۆتكەنلەر 55 نەپەر بولدى.

① ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى «يەكەن دەريا گىرۋەكلىرى» ناملىق ماقالىلار توپلىمىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدى، ئۇ جەمئىي 5 سان نەشر قىلىندى. «ياركەنت گېزىتى» 1985 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ نەشر قىلىنماقچى، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى ئۇنىۋېرسال گېزىت.

دىۋىزىيە قوماندانلىق شىتابى، سىياسىي بۆلۈمنىڭ ھەر قايسى باشقارمىلىرى، ئىش-

خانىلىرى ، سىياسى-قانۇن ، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى قەشقەر شەھرىدە تەسىس قىلىنىدى . ئۇنىڭ قارىمىقىدا 16 ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك پولك-مەيدانى بولۇپ ، شوركۆل (7پولك-مەيدان) ، قەشقەر ( 5 پولك- مەيدان ) ، مەكىت (4 پولك- مەيدان) ،3بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى سۇ باشقۇرۇش ئورنى ،يەنى شوركۆل سۇ باشقارمىسى ، ئالغا سۇ باشقارمىسى بار . ئىككى چارۋىچىلىق مەيدانى، يەنى قاغىلىق 2 - چارۋىچىلىق مەيدانى ، قىزىلسۇ ئوبلاستى چارۋىچىلىق مەيدانى بار .كارخانا كەسپىي ئورۇنلىرىدىن تىرانسپورت شىركىتى ، قۇرۇلۇش پولكى ، بىناكارلىق شىركىتى ، ئۆلچەش - لايىھىلەش ئەتىرىدى، يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنى ، دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى قاتارلىقلار بار.

يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ ھازىرقى ئاساسىي رەھبەرلىرى:

دىۋىزىيە باشلىقى : شاۋفېڭشۈي ( ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى بولۇپ، قوشۇمچە ئۆتەيدۇ).

دىۋىزىيىنىڭ 1-مۇئاۋىن باشلىقى: ياڭ خېۋېن

دىۋىزىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى: قادىر ئەھمەت، ياڭ جېنفېڭ

سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭ چۈنجاۋ

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: تەن شەنجى، ۋاڭ خۇيمىن

شتاب باشلىقى : جاۋشەنجاڭ، مۇئاۋىن باشلىقى : سۇڭ فېيلىن

سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى : لى جۈنپۇ، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى : چېن ۋېنلى ، ئوسمان روزى

(بۇ ماقالە « شىنجاڭ ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش»، « ياركەنت گېزىتى »گە بېسىلغان ماقالە - خەۋەر ، پىلان - مالىيە باشقارمىسىنىڭ ئىستاتىستىكا سانلىرىغا ئاساسەن رەتلەنگەن) . (جاۋ ۋېيجاۋ)

## شوركۆل بوز يەر رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شوركۆل بوز يەر رايونى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، جەنۇبىي تەرىپى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتاشقان ، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىدىكى لايلاتما تۈزلەڭلىك بولۇپ ، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدە قۇرۇلغان ، گۈللەندۈرۈلىدىغان مۇھىم جايى. ئۇنىڭ شوركۆل سۇ ئامبىرى ۋە يوغىنىبا جەنۇبىي سۇ ئامبىرى ، شىمالىي سۇ ئامبىرى بولۇپ 3 سۇ ئامبىرى بار ، ئۇنىڭ سۇ ساقلاش ئىقتىدارى 700 مىليون كۇب مېتىر. بۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى 44 - ، 49 - ، 50 - ، 51 - ، 52 - ، 53 - پولك- مەيدانى قۇرۇلۇش پولكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانى قاتارلىق 7 پولك-مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، شوركۆل سۇ باشقارمىسى ، 1 - ۋە 2 - رېمونت زاۋۇتى قاتارلىق 3 ئورۇنمۇ بار.

**[ 44 - پولك ]** 1966 - يىلى بېكىتىلگەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنى تەش

كىملەش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك 4 - دىۋىزىيەسىدىن بىر پولك - مەيداننى ئاجرىتىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنگەن، ئۇلار مەكىت تەۋەسىدە ئالغا 4 - مەيداننى قۇردى؛ يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيەسى بىر پولك - مەيداننى ئاجرىتىپ ئالغا 7 - مەيداننى قۇردى. 1969 - يىلى ئىككى مەيدان بىرلەشتۈرۈلۈپ، كۆپ قىسمى مەكىتتىن مارالۋېشىغا يۆتكىلىپ، ئەسلىدىكى ئۈمشۇق دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ شور قوتان شۆبە مەيدانى بىلەن بىرلىشىپ، 44 - پولك بولۇپ تەشكىللەندى.

بۇ پولك مارالۋېشى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدە 59 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، غەربىدە داۋان تېغى بار، شەرقى پىلانلىنىۋاتقان شاقۇ سۇ ئامبىرىغا تۇتۇشىدۇ، شىمالى شاقۇ دەرياسىغا، جەنۇبى يەكەن دەرياسىغا تۇتۇشىدۇ. پىلاندىكى ئومۇمىي كۆلىمى 281 مىڭ 500 مو، ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يېرى 94 مىڭ 400 مو، ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 31 مىڭ 600 مو. تەرەققىيات دائىرىسى ناھايىتى چوڭ. مۇشۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى باشقا پولك - مەيدانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۇپرىقىنىڭ شور تەركىبى يۇقىرى ئەمەس، يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى.

ھازىر 12 ئىشلەپچىقىرىش لىيەندۈيى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 9 دېخانچىلىق لىيەنى، 1 چارۋىچىلىق لىيەنى، 1 سانائەت لىيەنى، 1 ئاساسىي قۇرۇلۇش لىيەنى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىسى 6312 كىشى، ئەمگەك كۈچى 3478 كىشى. 12 ئاپتوموبىلى، 39 چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى تىراكتورى، 4 قول تىراكتورى، 2 كومبايىنى بار.

1984 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 429 مىڭ يۈەن، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 194 مىڭ 500 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 553 مىڭ 400 جىڭ، پايدىسى 225 مىڭ 500 يۈەن بولدى. (دىڭ ۋېي)

**[ 49 - پولك ]** ئەسلىدە مارالۋېشى ناھىيىلىك دېخانچىلىق مەيدانى بولۇپ، كەمىلىك مەيدان دەپ ئاتىلاتتى. 1961 - يىلى بوز يەر ئازارىتىگە قوشۇۋېتىلگەن. مارالۋېشى باش مەيدانىنىڭ 2 -، 4 - شۆبە مەيدانلىرى ئومۇمەن خەلق مۇلۇكچىلىكى تۈزۈمىدىكى ئورۇنلار. 1969 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، باشقا پولك - مەيدانلاردىن بىر قانچە لىيەندۈيلەر يۆتكەپ كېلىنىپ، ھازىرقى 49 - پولك تەشكىللەنگەن.

بۇ پولك مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي يەكەن دەرياسىغا، شىمالى كەمىلىك دەرياسىغا تۇتۇشىدۇ. غەربىي شوركۆل سۇ باشقارمىسىغا خوشنا، شەرقىي يۇقىرىدا سۇ ئامبىرى، 44 - پولك بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

يەر كۆلىمى تەخمىنەن 208 كۋادرات كىلومېتىر، 312505 مو كېلىدۇ، ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 73 مىڭ 200 مو، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بوز يەر 74 مىڭ 500 مو. ئورمان كۆلىمى 36366 مو (بۇنىڭ ئىچىدە 32738 موسى توغراق، 3628 موسى سۈنئىي ئورمان).

تۇپرىقىنىڭ سىڭدۈرۈشچانلىقى مۇۋاپىق، تۇپراق قەۋىتى چوڭقۇر، شورى يېنىك بول-

غاچقا يەرنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، تۇپراقنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولۇپ كۆپخىل زىرائەتلەرنى تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. لېكىن، تۇپرىقى ئۇنۇمسىز، قۇۋۋىتى تۆۋەن، ئۇستۈنكى قاتلىمى كۆپىنچە قاتتىق چالما، پولك مەيدانىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى چۆكمە زەي بولغاچقا تۇپرىقىنىڭ شورى كۆپرەك.

بۇ پولكتا ھازىر 20 ئىشلەپچىقىرىش لىيەندۈيى (بۇنىڭ ئىچىدە 16 دېھقانچىلىق لىيەنى، بىر چارۋىچىلىق لىيەنى، بىر سانائەت لىيەنى، بىر ترانسپورت لىيەنى، بىر ئاساسىي قۇرۇلۇش لىيەنى) بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىسى 12105 كىشى، بىر كىشىگە 8.28 مودىن يەر توغرا كېلىدۇ. دەسلەپكى كۆلەمدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، سانائەت، قاتناش، سودا ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلانغان، كۆپخىل ئىگىلىك يولغا قويۇلغان ھەمدە ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ 8 ئاپتوموبىلى، 27 چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورى، 6 قول تراكتورى، 8 كومبايىنى بار. 1984 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 505 مىڭ 700 جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 200 مىڭ 900 جىڭغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 130 مىڭ 400 يۈەنگە، پايدىسى 25600 يۈەنگە يەتتى. ( دىڭ ۋېن )

**[ 50 - پولك ]** بۇ ئەسلىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىنىڭ مارالۋېشى باش مەيدان مازار غوجام شۆبە مەيدانى بىلەن شاقۇ شۆبە مەيدانى بولۇپ، 1969 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەندىن كېيىن قۇرۇلۇش پولكى بىلەن بىرلىشىپ ھازىرقى 50 - پولك تەشكىللەنگەن.


بۇ مەيدان يەكەن دەرياسى، شاقۇ دەرياسى بىلەن تۆلەمەت دەرياسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، پىلاندىكى كۆلىمى 392 كۋادرات كىلومېتىر. ھازىر 83200 مو تېرىلغۇ يېرى بار، بوز يەر ئېچىشقا بولىدىغان 100 مىڭ مو يېرى بار. پىلان دائىرىسىدە نەچچە 10 مىڭ مو قايتا كۆكلەپ چىققان توغراقلىقى بار، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور.

پولك بويىچە ھازىر 29 ئىشلەپچىقىرىش لىيەندۈيى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىسى 12105 كىشى. ئەمگەك كۈچلىرى 5158 كىشى. ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى 4345 ئات كۈچىگە تەڭ. چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى 40 تراكتورى، 8 كومبايىنى، 16 ئاپتوموبىلى، 15 قول تراكتورى، پەسىل خاراكتېرلىك 75.5 × 3 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن بىرسى بار. بۇ جاينىڭ كېلىماتى كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىگە ئىنتايىن پايدىلىق. تەكشۈرۈپ بېكىتىلىشىچە، بۇ پولك كېۋەز تېرىغاندا ئۈششۈكتىن ئىلگىرى كېۋەزنىڭ 95% تىن كۆپى ئېچىلىپ بولىدۇ. 1 - ، 2 - دەرىجىلىك كېۋەزلەر 80% دىن ئاشتى.

1984 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9 مىليون 29.100 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 229700 جىڭ، سېتىپ بەرگەن ئاشلىقى 1 مىليون 986100 جىڭ، پاختا 1 مىليون 60 مىڭ جىڭ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 475400 يۈەن، پايدا 201700 يۈەن بولدى. ( دىڭ ۋېن )

**51 - پولك** 1965 - يىلىنىڭ بېشىدا مارالۋېشىنىڭ تۇمشۇق كوممۇنىسى بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئازارىتىنىڭ مارالۋېشى باش مەيدانى قوشۇۋېتىلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئازارىتىنىڭ مارالۋېشى شوركۆل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى بولغان ئىدى. 1969 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى، ئەسلىدىكى ئاقتام، يېڭى مەھەللە شۆبە مەيدانلىرى ۋە باش مەيداننىڭ چارۋىچىلىق مەيدانى 3 ئورۇن ھازىرقى 51 - پولك بولۇپ تەشكىللەنگەن.

يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان، شەرقتە 53 - پولك بىلەن، غەربتە مارالۋېشىنىڭ چاۋاغ يېزىسى، جەنۇبتا تۆلەمەت دەرياسى ۋە 50 -، 52 - پولكلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالى تەرىپى سايلىق بىلەن تۇتىشىدۇ، پولك شتابى ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولىدىن 40 كىلومېتىردىن ئارتۇغراق كېلىدۇ.




دۆۋىلەنگەن قات - قات پاختا تاغلىرى.

يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى 51 - پولكى پاختىدىن مول ھوسۇل ئالدى.

جاڭ خېنجيەن فوتوسى

پولك دائىرىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئوقۇر مازار تېغى ۋە توققۇز ساراي تېغى بار، تاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە تارىختىكى «تاڭ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ سېپىلى» («9 ساراي» كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ خارابىسى بار. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جايدا تۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتىلگەن ئىكەن. قەدىمقى زاماندىكى «يىپەك يولى» موشۇ جايىنى كېسىپ ئۆتكەن. بۇ ئاسرىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار رايونى.

پولكنىڭ پىلاندىكى ئومۇمىي كۆلىمى 349700 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان يەر 227800 مو، باغ - ئورمانلىقى 13600 مو، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىگەللىگەن يېرى 41 مىڭ مو، ئوتلاق ۋە پايدىلىنىشقا بولمايدىغان يېرى 67300 مو، ھازىر 121700 مو تېرىلغۇ يېرى بار. كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى تېرىلغۇ يېرى 81 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.



تاتلىق!

يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى 51 - پولكنىڭ 10 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقارغان، 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە ئەمەت ئۇستام تېرىغان قوغۇندىن مول ھوسۇل ئېلىندى.

جاڭ خېنجيەن فوتوسى

51 ـ پولكنىڭ سۇ، تۇپراق بايلىقى مول بولۇپ، «مارالۋېشىنىڭ ئاشلىق ئامبىرى» دېگەن نامى بار. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قومۇش، چۈچۈكبۇيا، ياۋا كەندىر، يانتاق، يۇلغۇن قاتارلىقلار، ئۇ ئورمان ئەھيا قىلىشتا، ئوتلاق قىلىشتا باپ كېلىدىغان جاي. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. ھازىر 7700 مو كېلىدىغان ئورمان، باغ بار. بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك باغ 3700 مو. 1984 ـ يىلى 1 مىليون 890 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق مېۋە ئىشلەپچىقاردى. ئالما، ئامۇتلىرى تاتلىق ھەم سۇلۇق بولۇپ، ئۈرۈمچىگىچە ئاپىرىپ ساتىدۇ. نەشپۈت 1984 ـ يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە رايونغا ئاپىرىپ سېتىلدى.

بۇ پولك ـ مەيداننىڭ مۇلۇكچىلىكى ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىن تەركىب تاپقان، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق 13 مىللەت بار. 1984 ـ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 22857 كىشىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر 20890 كىشى بولۇپ 91.4% نى، خەنزۇلار 1967 كىشى بولۇپ، 8.6% نى ئىگىلەيدۇ. ئەمگەك كۈچلىرى 7368 كىشى (ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 1673 كىشى بولۇپ 22.7% نى ئىگىلەيدۇ)، پولك بويىچە 37 ليەندۈي، بىر ئاساسىي قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى بار، ئۇلارنىڭ 12 ئاپتوموبىلى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 39 تىراكتورى، 4 قول تىراكتورى بار.

1984 ـ يىلى پولك بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 25190000 جىڭ بولۇپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 351.8 جىڭغا يەتتى، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 200 مىڭ جىڭ بولۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 112.2 جىڭغا يەتتى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 589 مىڭ يۈەن، پايدا 203800 يۈەن بولدى. سېتىپ بەرگەن ئاشلىقى 4 مىليون 700 مىڭ 100 جىڭ، پاختا 2 مىليون جىڭ بولۇپ، دىۋىزىيە بويىچە بىرىنچى بولدى. ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 175.64 جىڭدىن كۆپرەك ئاشلىق، 102 جىڭدىن كۆپرەك پاختا ئىشلەپچىقاردى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان كىرىم 381.13 يۈەنگە يەتتى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر ئەمگەك كۈچىگە توغرا كېلىدىغان كىرىم 1288.06 يۈەنگە يەتتى. پولك بويىچە 10 مىڭ يۈەنلىك 40 ئائىلە بارلىققا كەلدى (1983 ـ يىلى 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە 9 ئىدى). 1984 ـ يىلى 526500 تۈپ تۈرلۈك چىرىم تىكىلدى، 108 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. (51 ـ پولك)

**[52-پولك]** 1965 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان، ئەسلىدە بۆزيەر نازارىتى مارالۋېشى باش مەيدانىنىڭ چىغانچۆل شۆبە مەيدانى بولۇپ، 1969 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن كېڭەيتىلىپ ھازىرقى 52 ـ پولك بولغان. ئۇ مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، 44 ـ پولك دىۋىزىيىنىڭ 2 ـ رېمونت زاۋۇدى، 50 ـ پولك، 51 ـ پولكلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 181464 مو، ئېچىشقا بولىدىغان بىنام يەر 149 مىڭ مو، ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 70 مىڭ 300 مو. سۇغۇرۇشتا سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىگە تايىنىدۇ، سۇ كۆپ بولغان يىللىرى ئېھتىياجنى قامدىيالايدۇ، سۇ قىس بولغان يىللىرى يەرلىرى قاغجىراپ كېتىدۇ؛ يەر ئاستى سۇلىرى مول بولسىمۇ، سۈيىنىڭ سۈپىتى ناچارراق.

پولك بويىچە 22 ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيى (بۇنىڭ ئىچىدە 18 دېھقانچىلىق ليەنى، بىردىن چارۋىچىلىق، سانائەت، ترانسپورت، ئاساسىي قۇرۇلۇش ليەنى) بولۇپ، نوپۇسى 9270 كىشى، ئەمگەك كۈچلىرى 3520 كىشى، بىر نوپۇسقا 7.73 مودىن تېرىلغۇ يېرى توغرا كېلىدۇ. مەيدان قۇرۇلغان 14 يىلدىن بۇيان، جەمئىي 44 مىليون 700 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. 1983 - يىلى زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇپ، 149 مىڭ 400 يۈەن ساپ پايدا ئالدى، ئۇلارنىڭ 31826 ئات كۈچىگە ئىگە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى بولۇپ تراكتۇردىن 52.2 ئۆلچەملىك تراكتورى، 8 ئاپتوموبىلى بار.

1984 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7 مىليون 120 مىڭ جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون جىڭغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 89 مىڭ 300 يۈەنگە، پايدا 159600 يۈەنگە يەتتى. (دىڭ ۋېن)

**[53-پولك]** ئەسلىدە مارالۋېشى ناھىيە تۇمشۇق كوممۇنىسىنىڭ پىچاق سۇندى باشقۇرۇش رايونى ئىدى. 1965 - يىلى بوز يەر ئازارىتىنىڭ مارالۋېشى باش مەيدانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1969 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە قوشۇۋېتىلىپ 53 - پولك بولۇپ تەشكىللەنگەن. ئۇ تەكلىماكان چۆلىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە، يەكەن، قەشقەر دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى لايلاتما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، جەنۇبتا 50 - پولك، غەربتىن 51 - پولك بىلەن خوشنا، شىمال تەرىپى كەلپىن تېغى ئېتىكىدىكى تۈزلەڭلىك بولۇپ، شەرقىي جاڭگال - توغراقلىقتا تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى 19 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 509 مىڭ مو، ئېچىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمى 207 مىڭ مو، ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 54800 مو كېلىدۇ.

پولك بويىچە 29 ئورۇن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇن 18، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇن 11. ھازىرقى نوپۇسى 11500 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 8156 كىشى، خەنزۇلار 3344 كىشى، ئەمگەك كۈچى 4487، 13 ئاپتوموبىلى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 49 تراكتورى، 22 قول تراكتورى، 3 كومباينى بار.

53 - پولك - مەيدانىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى 3 مەزگىلنى باشتىن كۆچۈردى:

1. ئىگىلىك تۆۋەنلىگەن مەزگىلى (1969 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە). «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كاشىلىسى، بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش غايەت زور زىيانغا ئۇچرىدى. بۇ 7 يىل ئىچىدە 10 مىڭ مو يەر ئېچىلدى، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى مەيدان قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 3 مىليون 839 مىڭ جىڭدىن ئازىيىپ، 1976 - يىلى 3 مىليون 414 مىڭ جىڭغا چۈشۈپ قالدى. مالىيەدە جەمئىي 7 مىليون 65590 يۈەن زىيان كۆرۈلدى. زىيان بولغان پۇل ئومۇمىي ئىش ھەققى پۇلىدىن 765590 يۈەن ئارتۇق.

2. ئىگىلىك بىر ئىزدا ئايلىنىپ تۇرغان مەزگىل (1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1981 - يىلىغىچە). بۇ پولك - مەيدانىنىڭ تەبىئىي بايلىق شارائىتىغا بولغان تونۇشى ئېنىق بولماي قارىغۇلارچە «تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىپ ئومۇمىي مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىش» فاڭجېنى يولغا قويۇلغاچقا يەرنىڭ قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، سۇ قىس بولدى، ئۇنىڭ

ئۈستىگە زەي سۇ بىلەن تاتلىق سۇ بىللە ئېقىپ كېلىپ زەي - شور زىيان سالدى، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئىزچىل تۆۋەن 86 جىڭ بىلەن 146 جىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقالمىدى. بەش يىل ئىچىدە جەمئىي 2 مىليون 930 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى.

3 . ئىگىلىك گۈللەنگەن مەزگىل (1982 - يىلدىن كېيىن) يۆتكەنبالى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇش قۇرۇلمىسىنىڭ يۆتكىلىشى، بۇ پولك-مەيدانىنىڭ يەر ئاستى سۈگۈچىنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن پولك-مەيدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سۈيى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئىقتىسادىي ھۆددە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىزچىل ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىندى، 1982 - يىلدىن بۇيان، ئۇدا زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. 1983 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون 320 مىڭ جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 660 مىڭ جىڭغا، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9 مىليون 300 مىڭ جىڭغا، پاختا بىر مىليون 6100 جىڭغا، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پاختا 120 مىڭ يۈەنگە، سېتىپ بەرگەن ئاشلىقى 1 مىليون 649600 جىڭغا، پاختا بىر مىليون جىڭغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 7300 يۈەنگە، پايدا 151300 يۈەنگە يەتتى.

ئورمانچىلىق: جەمئىي 430 مو يەرگە ئورمان ئەھيا قىلدى، 210 مىڭ تۈپ دەرەخ قويۇلدى، 90 مو يەردە كىشمىش ئۈزۈم ئۆستۈرۈلدى.

چارۋىچىلىق: چارۋىچىلىق ئومۇمىي تۇياق سانى 24354 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي 6492 تۇياق، ئۆچكە 10930 تۇياق، چوشقا 588 تۇياق، كالا 1099 تۇياق، ئات 815 تۇياق، سېغىن كالا 11 تۇياق.

ماشىنا ئىشلىرى: چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 44 دانە تىراكتورى ياكى 46.4 دانە ئۆلچەملىك تىراكتورى بار. يەنە 7 قول تىراكتورى، توك ھاسىل قىلىدىغان 8 موتور گۇرۇپپىسى بولۇپ، توك بېرىش ئىقتىدارى جەمئىي 417 كىلوۋات. سانائەت قوشۇمچە كەسىپ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 890 مىڭ يۈەن.

پولك مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئىشقا قويۇشقا ئەھمىيەت بەردى. يولداش قادىر بەكرى پولك - مەيدانىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ھەم سىياسىي كومىسسارى. باتالىيون، پەي دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرلار، ئۇيغۇر دوختۇرلار، خىزمەتچىلەر، تېخنىكلار ۋە تېخنىكا ئىشچىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي مىڭغا يېقىن كىشى بار.

[ **قۇرۇلۇش پولكىنىڭ شوركۆل دېھقانچىلىق مەيدانى** ] ئەسلىدە سۇ قۇرۇلۇشى پولكى دەپ ئاتىلاتتى. 1979 - يىلى مەكىتتىن مارالۋېشىنىڭ قاقبەلگە يۆتكىلىپ ئۇلتا قۇردى، ئاساسلىقى، شور كۆل سۇ ئامبىرىنى ياساپ، قوشۇمچە يەر ئېچىپ تېرىدى. 1982 - يىلى شور كۆل دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللاندى. 1983 - يىلى قۇرۇلۇش پولكى بىلەن سۇ باشقارمىسى ئايرىۋېتىلدى، قۇرۇلۇش پولكى سىرتنىڭ قۇرۇلۇشىنى قىلدى، ئۇنىڭغا قاراشلىق شور كۆل دېھقانچىلىق مەيدانى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇ-

غۇللاندى. دېخانچىلىق مەيدانىدا 11 ليەنسدۇي، 2857 كىشى بار، ئەمگەك كۈچلىرى 808 كىشى. ئۇلارنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 22 تىراكتورى، 32 قول تىراكتورى، 3 كومبايىنى بار.

شوركۆل دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ شىتابى مارالۋېشى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدا، 45 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 380 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تەخمىنەن 570 مىڭ مو. 170 كۋادرات كىلومېتىر شوركۆل سۇ ئامبىرى، تاغ، ساي، چۆل - جەزىرىلەرنى چىقىرىۋەتكەندە ئېچىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمى 45700 مو. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىستاتىستىكا قىلىنغان تېرىلغۇ يەر 29300 مو.

1984 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 976100 جىڭ، پاختا 413900 جىڭ بولۇپ، دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 800700 يۈەنگە يەتتى. (دىڭ ۋېن)

**[ شوركۆل سۇغۇرۇش قۇرۇلۇشى ]** يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا شوركۆل قاتارلىق 3 سۇ ئامبىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان سۇغۇرۇش، سۇ ساقلاش سىستېمىسى قۇرۇلۇپ، شوركۆل بوستانلىقىغا ئايلاندى.

بۇ سۇغۇرۇش سىستېمىسى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ شوركۆل سۇ ئامبىرىنى، يوڭئەنبا جەنۇبىي ئامبىرى ۋە شىمالىي ئامبىرىنىڭ يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە ئۆستەڭ سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ مازار تاغ باغرىغا جايلاشقان شوركۆل سۇ ئامبىرىنىڭ داۋبا ئۇزۇنلۇقى 56 كىلومېتىر، سۇ يۈزى 145 كۋادرات كىلومېتىر، كۆل ھەجمى 500 مىليون كۇبمېتىر كېلىدۇ. شوركۆل سۇ ئامبىرىنىڭ شەرقىدىن 25 كىلومېتىر يىراقتىكى جايغا يوڭئەنبا شىمالىي كۆلى ۋە جەنۇبىي كۆلى ياسالغان: شىمالىي كۆلنىڭ كۆلىمى 40 كۋادرات كىلومېتىر، سىغىمچانلىقى 90 مىليون كۇبمېتىر كېلىدۇ؛ جەنۇبىي كۆلنىڭ كۆلىمى 60 كۋادرات كىلومېتىر، سىغىمچانلىقى 110 مىليون كۇبمېتىر كېلىدۇ. شىمالىي كۆل بىلەن جەنۇبىي كۆل ئوتتۇرىسىدىكى توسما بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق سۇ مىقدارىنى تەڭشەپ تۇرغىلى بولىدۇ. شىمالىي كۆلنىڭ سىرتىغا ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر كېلىدىغان زەيكەش چېپىلغان. پۈتكۈل سۇغۇرۇش رايونىدا جەمئىي 60 دىن ئارتۇق كۆۋرۈك، سۇ كۆچ، توما - تاقاق بار، ئاساسلىق ئۆستەڭ، غول ئۆستەڭ ھەم ئېرىقلار بىر - بىرىگە كىرەلىشىپ، 7 دېخانچىلىق مەيدانى ۋە بىر - بىرىنى قاپلىغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 285 كىلومېتىر كېلىدۇ.

شوركۆل سۇ ئامبىرى 1959 - يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەشكىللىشى ئارقىسىدا لايىھىلىنىپ قۇرۇلغان، 1964 - يىلى پۈتۈپ 250 مىليون كۇبمېتىر سۇ ساقلانغان. 1969 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن 2 - قاتارلىق قۇرۇلۇش لايىھىسى ھەم قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان، 1980 - يىلغا كەلگەندە 400 مىليون كۇبمېتىر سۇنى بىخەتەر سۇغۇرالايدىغان بولغان. 1981 - يىلى شوركۆل رايونىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، يوڭئەنبا سۇ ئامبىرىنى قۇرۇش

بىلەن بىر ۋاقىتتا، شور كۆل سۇ ئامبىرى 3 - قارارلىق كېڭەيتىلدى، 1984 - يىلى 6 - ئايدا 500 مىليون كۇپمېتىرلىق يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پۈتتى.

يوڭخەنبا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى 12 تەشمىلىك توما - ئاقاق، 11 كىلومېتىرلىق زەيكەش، 6 قۇرۇلما ۋە 14 كىلومېتىرلىق دامبىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1980 - يىلى قىشتا ئىش باشلىنىپ، 1981 - يىلى 7 - ئايدا پۈتتى.

يوڭخەنبا جەنۇبىي ئامبىرى قۇرۇلۇشى كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىۋېتىش تۈزگىنى بىلەن شىمالىي ئامبارنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئامبار ئوتتۇرىسىدىكى تاشيول ۋە 18 كىلومېتىرلىق توپا دامبا قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1981 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلىنىپ 1982 - يىلى 5 - ئايدا پۈتتى.

3 سۇ ئامبىرىنى تەڭشەپ ئىشلىتىش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ سۇ ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 1983 - يىلى شور كۆل سۇغۇرۇش رايونى سۇ باشقارمىسى تەشكىللەندى، ئۇلار سۇ ئامبىرىنى رېمونت قىلىش، كەلكۈن مەزگىلىدە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇغۇرۇشنى بەلگىلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بېلىقچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، بېلىقچانلارنى كۆپەيتىش، بېلىق تۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا. 1984 - يىلى شور كۆل سۇ ئامبىرى 497 مىليون كۇپمېتىر، يوڭخەنبا شىمالىي ئامبىرى 92 مىليون كۇپمېتىر، يوڭخەنبا جەنۇبىي ئامبىرى 95900000 كۇپمېتىر، 3 ئامبار جەمئىي 685 مىليون كۇپمېتىر سۇ ساقلىدى. 1985 - يىل ئەتىيازغا كەلگەندە 3 ئامباردا جەمئىي 433 مىليون كۇپمېتىر سۇ ساقلىنىپ، ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. شوركۆل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى 450 مىڭ مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يەردىكى زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى.

شوركۆل سۇغۇرۇش رايونىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ يۇرۇشلەشتۈرۈلۈشى، ئۇزاق مۇددەت مۇقىم ھالدا ئىشلىتىلىشى چوقۇم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ بېيىشى ھەم گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (جۇڭ لىپىڭ)

## مەكىت بوز يەر رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مەكىت بوز يەر رايونى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرداۋىدىكى مەكىت ناھىيىسىگە جايلاشقان. 1966 - يىلىنىڭ باشلىرىدا يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى جەڭ — يەكەن دەرياسى ئېقىمىدىكى چوڭ ئۆزگىرىش جەڭگىنىڭ مۇھىم ئۇقتىسى مۇشۇ يەردە بولغان.

شۇنىڭدىن بۇيان، شوركۆل بوز يەر رايونىنى ئوقتىلىق ئېچىش ئۈچۈن، بىر قىسىم پولك مەيدانلار 1979 - يىلى ئارقا - ئارقىدىن مارالۋېشىغا كۆچۈپ كەتتى، بۇ بوز يەر رايونىدا ھازىر 43 - پولك، 45 - پولك، 48 - پولك، جەمئىي 4 دېھقانچىلىق مەيدانى بار.


**43 - پولك** ئالغا 3 - مەيدان بىلەن ئىتتىپاق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بىرلىشىشى ئارقىسىدا تەشكىللەنگەن. ئالغا 3 - مەيدانى 1953 - يىلى قۇرۇلغان، ئىتتىپاق دې-

خانچىلىق مەيدانى 1957- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە بوز يەر ئازارىتىشكە تەۋە ئىدى. 1968- يىلى ئىتتىپاق دېخانچىلىق مەيدانى يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئالغا 3- مەيدانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ 43- تۇەن بولۇپ تەشكىللەندى.

بۇ پولك يەكەن دەرياسىنىڭ لايلاتما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان، پولك شىتابى مەكىت ناھىيىسى بازىرىدىن 27.4 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرق تەرىپى تەكلىماكان قۇملىقىغا تۇتىشىدۇ. ئالغا سۇ ئامبىرىنىڭ ئاساسىي غول ئۆستىڭى جەنۇبتىن شىمالغا بولغان يۆنىلىش بويىچە مەيدان رايونىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئېتىزلىرى جەنۇبتىن شەرقىي - شىمال تەرەپكە قاراپ تاسما شەكىل ھاسىل قىلغان. سۇ مەنبىئى ئىككى: تورمەن رايونى يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن بىۋاستە سۇغۇرىلىدۇ؛ زاۋات رايونى ئالغا سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدۇ. يەكەن دەرياسىدا سۇنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى چوڭ بولغاچقا، ھەمىشە ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىدۇ.

يېلاندىكى كۆلىمى 304 مىڭ مو بولۇپ، ياخشىلاش ياكى ئاز - تولا ياخشىلاش ئارقىلىق پايدىلىنىشقا بولىدىغان بوز يەر 80 مىڭ مودىن 100 مىڭ موغىچە كېلىدۇ. 1984 يىلدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 70300 مو (ئوتلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). ئېچىلغان يەرلەرنىڭ تۇپراق قۇۋۋىتى يېتەرسىزلىكى، قۇمساق، ئازوت كەمچىل بولغانلىقى، ئورگانىك ماددا تەركىبى ئاز، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى سەل ئېگىز بولغاچقا قايتىدىن شورلىشىپ كېتىش ھادىسىلىرى ئاسانلا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

پولك بويىچە 24 ئىشلەپچىقىرىش لىيەندۈيى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 10617 كىشى، ئەمگەك كۈچلىرى 4011 كىشى. ئۇلارنىڭ 21 ئاپتوموبىلى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 43 تىراكتورى، 67 قول تىراكتورى، 10 كومبايىنى بار.



ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلغار "بەش - تېخنىكا خادىمى"، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەسى 43- پولكنىڭ تېخنىكى يولداش لىيۇ كۈن (سولدا) ۋە ئۇ ئىجاد قىلىپ ياسىغان (43) 8 - 2BMG تىپلىق يالتىراق يېيىش ماشىنىسى.

جاڭ خېڭجيەن فوتوسى

43 - پولك 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە ھەر يىلى زىيان تارتىپ كەلگەن ئىدى. 1980- يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇدا زور ھەجىمدە ئاشۇردى. 1981 - يىلى زىياننى توختىتىپ پايدا ئالدى. 1984 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7 مىليون 848900 جىڭ، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 980500 جىڭ، سېتىپ بەرگەن ئاشلىقى 709 مىڭ جىڭ، پاختىسى بىر مىليون 730 مىڭ جىڭ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 550800 يۈەن، پايدا 685300 يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك، دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق پولك - مەيدانلىرى ئىچىدە پايدا مىقدارى بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدۇ. (دىڭ ۋېن)

**[45 - پولك]** 1966 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئەسلىدىكى ئالغا 5- مەيدان، ئالغا 6- مەيدان، ئالغا 8- مەيدان 3 مۇستەقىل ئورۇن ئىدى. 1968 - يىلى 10- ئايدا 5-، 8- مەيدانلار بىرلىشىپ ئەسلىدىكى 45- پولك بولغان. 1970-يىلى 9- ئايدا 45- پولك يەنە 46 - پولك (ئەسلىدىكى ئالغا 6- مەيدان) بىلەن بىرلىشىپ، ھازىرقى 45- پولك بولۇپ قۇرۇلدى.

بۇ پولك يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغاق ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىدىكى لايلىق تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا، شەرقىدە مەكىت ناھىيىلىك توغراق ئورمان مەيدانى، غەربى شىمالى تەرەپتە مەكىت ناھىيىسىنىڭ تۆمەنتال يېزىسى، شىمالىدا قىزىلنۇر دېخانچىلىق مەيدانى ۋە ھەربى رايوننىڭ چاپسا قىسىم دېخانچىلىق مەيدانى بار، غەربى جەنۇبىدا 43- پولك بىلەن خوشنا، جەنۇپ تەرىپى ئۆدۆل چولۇق قۇملۇققا تۇتىشىدۇ.

تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم بولدى. 18 يىلدىن بۇيان سۇ قۇرۇلۇشى بويىچە ئىشلەنگەن توپا قۇرۇلۇش مىقدارى 383900 كۇپمېتىر، جەمئى سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليون 714 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كۇپمېتىر توپا ئۈچۈن 96 فۇڭ 7 لىدىن توغرا كەلدى. بۇ پۈتۈن پولكقا سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمى مىقدارىنىڭ 12.78% نى ئىگەللىدى، سۇغۇرۇش ئۆستەڭلىرى 264.5 كىلومېتىر، زەيكەش 193 كىلومېتىر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئومۇمى سۇ باشلاش مىقدارى (ئەڭ يۇقىرى بولغان 1978 - يىلى) 59 مىليون 675 مىڭ كۇپمېتىر بولدى. 1984 - يىلى سۇ باشلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سېكونتىغا 2.0 كۇپمېتىر سۇ ئاقىدىغان، ئۇزۇنلىقى 9.8 كۇپمېتىر كېلىدىغان ئايرىم تارماق ئۆستەڭنىڭ قۇرۇلۇشى يېڭىدىن باشلاندى، ئۇنىڭ لايىھىدىكى توپا - تاش قۇرۇلۇش مىقدارى 90 مىڭ كۇپمېتىر بولۇپ، 1985 - يىلى 7- ئايدا پۈتتۈرۈشنى مۆلچەرلىمەكتە.

ھازىر ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 49 مىڭ مو، ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيلىرى 32 بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسى 6745 كىشى، ئەمگەك كۈچى 3478 كىشى، ئۇلارنىڭ 11 ئاپتوموبىلى، چوڭ ، ئوتتۇرا تىپتىكى 32 تىراكتورى، 18 قول تىراكتورى، 8 كومبايىنى بار.

1982 - يىلدىن بۇيان، تۈرلۈك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى پەيدىن - پەي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەر يىلى پايدا ئېلىندى، پولك بويىچە زىيان تارتىدىغان ئورۇن ئاساسەن قالمىدى، 1984 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 7 مىليون 848900 جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 1 مىليون 180500 جىڭغا ، سېتىپ بەرگەن ئاشلىقى 3 مىليون 320 مىڭ جىڭغا، پاختىسى بىر مىليون 224 مىڭ جىڭغا، سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 788400 يۈەنگە، پايدا 459 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسىنىڭ ھەر قايسى دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق پولك-مەيدانلىرى بويىچە 43 - پولكتىن قالسا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. (45- پولك)

**[چىڭگىلىك دېخانچىلىق مەيدانى]** بۇ دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ تەكتى 1966- يىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان ئالغا 4- مەيدان ۋە ئالغا 7- مەيدان بولۇپ، 1968 - يىلى بىر-

لىشىپ ئالغا 4- مەيدان بولغان. 1969 - يىلى ئالغا 4 - مەيدان يۆتكىلىپ، 4- لىيەندۈيى قوپقالغان، ئۇنىڭغا 43 - پولك رەھبەرلىك قىلىپ، 43 - پولكنىڭ 1 - باتالىيونى بولۇپ تەشكىللەنگەن ئىدى. 1976 - يىلى 1 - ئايدا مەكىت ناھىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، ئىسمى چىگىلىك دېخانچىلىق مەيدانى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1979 - يىلى يېزا ئىگىلىك بىويەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1982 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن.

ئۇ مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا، تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى لايلاتما ئۆزلەڭلىككە جايلاشقان. يەر تۈزلۈكى تۈز، تۇپراق قاتلىمى قېلىن بولۇپ، كۆپىنچە قۇملۇق، قۇمساز يەرلەر. ئۇنى سۇغۇرىدىغان چىگىلىك، بەشبۇقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئۆستەڭ بار. ئۇلارنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىقى 54 كىلومېتىر بولۇپ، تىزناپ دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىن سۇ باشلاپ كېلىپ يەر سۇغۇرىدۇ.

«تاڭ ۋاڭچۈي» («تاڭ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ ئۆستىڭى» دېگەن مەنىدە) ئۆستىڭى غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئالغا سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلۇپ، بۇ مەيداننىڭ تەبىئى زەيكىشى بولۇپ قالغان. «تاڭ ۋاڭچۈي» ئۆستىڭى رىۋايەتتىن قارىغاندا، تاڭ دەۋرىدە چېگرىدا بوز يەر ئاچقاندا ياسالغان ئۆستەڭ ئىكەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇ تىزناپ دەرياسىنىڭ قەدىمقى ئېقىنلىرىدىن بىرى.

چوڭ قۇملۇقنىڭ گىرداۋىغا جايلاشقان 1-، 2- لىيەنلەرنىڭ يېرى سەل ئېگىز، كۆپىنچە توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقلاردا بىنام ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىنمىغان بولغاچقا تۇپرىقى بىر قەدەر ئۈنۈملۈك، شورى ئاز، سۈپىتى ياخشىراق. شۇڭا، ئاشلىق، پاختا بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقۇرى، ئومۇمى مەھسۇلاتى مۇشۇ مەيدان ئومۇمى مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگەللەيدۇ.

پۈتۈن مەيداننىڭ پىلاندىكى يەر كۆلىمى 370 مىڭ مو، بوز يەر ئېچىشقا بولىدىغان يېرى 180 مىڭ مو، ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 12400 مو، ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش لىيەندۈيلىرى 7، ئومۇمى نوپۇسى 1672 كىشى، خىزمەتتىكى ئەمگەك كۈچى 760 كىشى. ئۇلارنىڭ 2 ئاپتوموبىلى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 6 تىراكتورى، 8 قول تىراكتورى، بىر كومبايىنى، بىر تۆمۈر بۇقىسى بار. 1984 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 1 مىليون 354 مىڭ جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 360 مىڭ جىڭغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 862200 يۈەنگە، پايدا 116 مىڭ يۈەنگە يەتتى. (دىڭ ۋېن)

**[48 - پولك]** 1966 - يىلى تەشكىللەنگەن. ئادەملىرى ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيە سانائەت-قاتناش بۆلۈملىرىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان، كېيىن يەنە ئالغا 4 - مەيداندىن بىر لىيەندۈي، ئالغا 7 - مەيداندىن 4 لىيەندۈي، ئەسلىدىكى 8- مەيداندىن 2 لىيەندۈي يۆتكەپ كېلىنىپ، ھازىرقى 48 - پولك قۇرۇلغان.

بۇ پولك مارالۋېشى ناھىيىسىگە جايلاشقان، يەكەن دەرياسى بىلەن زەي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرى بار. پىلاندىكى ئومۇمى يەر كۆلىمى 243 مىڭ مودىن كۆپ، ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 40 مىڭ مودىن كۆپرەك بولۇپ، بىر نوپۇسقا 13.8 مودىن يەر توغرا كېلىدۇ؛ ئورمان مەبنىسى

80 مىڭ موغا يېتىدۇ ھەمدە 2820 مو كېلىدىغان قايتا كۆكلىگەن 423 مىڭ تۈپ توغراقلىقى بار، ئۇلارنىڭ قولى 5 سانتىمېتىردىن 10 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، 5 مېتىردىن ئېگىزرەك؛ 1400 مو ئىقتىسادىي ئورمىنى ( ئاساسلىقى، ئالما، شاپتۇل، ئامۇت، ئۈزۈم قاتارلىقلار ) بار؛ ھازىر 4600 مو يايلىقى بولۇپ، پىلان بويىچە 180 مىڭ مودىن 190 مىڭ موغىچە كېمەيتمەكچى. يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دائىرىسى كەڭ بولغاندىن باشقا، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق جەھەتتىمۇ ئىستىقبالى بار. ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چۈچۈكبۇيا، لوپ كەندىرى، چوڭ سىزاپ، شومبۇيا، ئالقات، بۇدۇشقاق، سۈتلۈك ئوت قاتارلىقلار بولۇپ، كۆپىنچىسىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ، ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى.

پولك بويىچە 17 ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 5140 كىشى، ئەمگەك كۈچى 2468 كىشى. ئۇلارنىڭ 9 ئاپتوموبىلى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 20 تىراكتورى، 4 كومبايىنى بار.

سۇغۇرۇشتىكى سۇ مەنبەسى ئۈچ: كەلكۈن مەزگىلىدە يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدۇ، سۇ قىس مەزگىلدە ئالغا سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدۇ؛ يەتمىسە قۇدۇق سۈيى ئىشلىتىدۇ ( 211 دانە ماشىنىلاشقان قۇدۇقى بار ).

1984 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليون 46500 جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 92100 جىڭغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 788400 يۈەنگە، پايدا 85400 يۈەنگە يەتتى. (دىڭ ۋېن)

## قەشقەر بوز يەر رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قەشقەر شەھرىگە يېقىن بولغان يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى 41 - پولك، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى 42- پولك ھەمدە پەيزىۋات ناھىيىسى دائىرىسىدىكى پەيزىۋات باش مەيدانى، يېڭىسار ناھىيىسى دائىرىسىدىكى شەرق شامىلى دېھقانچىلىق مەيدانى، ئاتۇش بازىرىنىڭ شەرقىدىكى قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدانى ئادەتتە "قەشقەر بوز يەر رايونى" دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**[41 - پولك]** پولك شتابى ئەسلىدىكى "ماتىتەي باغچىسى" نىڭ خارابىسى ئۈستىگە جايلاشقان، 1950 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - كورپۇسىنىڭ ئالاقىلىشىش شتابى بۇ يەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بوز يەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىپ، ھەربىلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دەسلەپكى قىياپىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. كېيىن يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ 4 - باشقارمىسىغا ئايرىپ بېرىلىپ ئۇنىڭغا ئالغا 1 - مەيدان دەپ ئىسىم قويۇلدى. 1966 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە قوشۇۋېتىلىپ، 41 - پولك بولۇپ تەشكىللەندى. ئادەتتە، كىشىلەر ئۇنى ساۋۇخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتىشىدۇ، پىشقەدەملەر ئىچىدە "ماتىتەي باغچىسى" دەپ ئاتايدىغانلارمۇ بار. ئۇ قەشقەر دېلتىسىدىكى يېزا ئىگىلىك رايونىغا جايلاشقان، شەرقى - شىمال تەرىپتىن يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن خوشنا، غەربىي - جەنۇب تەرىپتىن ئاقتۇ ناھىي-

يەنىگە تۇتىشىدۇ. كىچىك ساۋخۇ، چوڭ ساۋخۇ ۋە يۇلغۇنلۇقتىن ئىبارەت 3 رايوندىن تەركىب تاپقان.

دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ پىلاندىكى دائىرىسى 141208 مو، هازىرقى تېرىلغۇ يېرى 54282 مو، ئورمان كۆلىمى 4247 مو، مېۋىلىك باغ 2230 مو، ئېچىش ئالدىدا تۇرغان بوز يەر 86296 مو كېلىدۇ. يوپۇرغا، خانېرىق، تازغۇن ئۆستەڭلىرى دېخانچىلىق مەيدانىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئاساسەن گەز دەريا سۈيى بىلەن ئېتىزلىرىنى سۇغۇرىدۇ، ئۇنىڭ 3 غول ئۆستىڭى ( 11 - ليەنىنىڭ ئايرىم بىر ئۆستىڭى بار ) بولۇپ، سۇنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، سۇ مەنبەسى تولۇق، لېكىن پەسىل خاراكتېرلىك تەڭسىزلىك بار، 5 -، 6 - ئايلاردا سۇ قىس بولىدۇ.

پولك بويىچە 12 ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيى، باغ - ئورمان ليەنى، چارۋىچىلىق ليەنى، بىر ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى ھەمدە ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ليەنى، ماشىنا رېمونت ليەنى، كاسىنا ئىشلەش ئەترىتى، سەھىيە ئەترىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، مەكتەپ، ئورگان، تەشۋىقات ئەترىتى، كۆمۈر كان، قەشقەر ئۇنىۋېرسال سودا دۇكىنى ۋە يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئېلېكتىر ماشىنىلىرى زاۋۇتىدىن ئىبارەت 30 ئورنى بار، ئومۇمىي نوپۇسى 5779 كىشى، ئەمگەك كۈچى 2775 كىشى، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز بولۇپ جەمئىي 6 مىللەتتىن تەركىب تاپقان.

دېخانچىلىق مەيدانىنىڭ يېزا ئىگىلىكى بويىچە ماشىنىلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان 31 تراكتورى بولۇپ، 70.2 ئۆلچەملىك تراكتورغا توغرا كېلىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئۈچۈن 12.93 دىن ئۆلچەملىك تراكتور توغرا كېلىدۇ؛ 6 كومبايىنى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ موغا 2.12 دىن توغرا كېلىدۇ. 15 يۈك ئاپتوموبىلى، 47 قول تراكتورى، 4 توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، 2 چۆنەك ئېچىش، قىر سېلىش ماشىنىسى، 4 يەر تۈزلەش ماشىنىسى، 2 ئۇسسۇپ توشۇش ماشىنىسى، 31 يەم - خەشەك ئۇششاقلاش ماشىنىسى، 8 ئوت ئورۇش ماشىنىسى، 23 موتورلۇق دورا چېچىش ماشىنىسى، 2 قۇدۇق كولاش ماشىنىسى، 45 دانە توك دۋىگاتېلى، 2 ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى، 6 پاختا چىقىرىش ماشىنىسى بار.

پولك بويىچە 1984 - يىللىق ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 53500 جىڭغا، پاختا 669 مىڭ جىڭغا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 354200 يۈەنگە، سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 281200 يۈەنگە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 635400 يۈەنگە يەتتى. چوڭ - كىچىك چارۋىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 8459 تۇياققا، بىر يىل ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل گۆش 26 مىڭ جىڭغا، يىللىق سۈت 240 مىڭ جىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە، يىللىق ئالما مەھسۇلاتى 343940 كىلوگىرامغا، ئامۇت مەھسۇلاتى 51580 كىلوگىرامغا، ئۈزۈم مەھسۇلاتى 54440 كىلوگىرامغا، شاپتۇل، ئۆرۈك مەھسۇلاتى 5930 كىلوگىرامغا يەتتى. 1984 - يىلى پولك بويىچە 123 مىڭ 500 يۈەن پايدا ئالدى.

( چيەن سەيمىڭ )

**[ «ما ئائىلىسىنىڭ بېغى» نىڭ يېڭى قىياپىتى ]** ئىپتىدائىي ئىشلارغا قارىغاندا، «ما ئائىلىسىنىڭ بېغى» دىگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ ئەمەلدارى ماتېتەيىنىڭ چاھار بېغى بولۇپ، كېيىن يېغىلىقلاردا خارابىلىققا ئايلانغان ئىكەن. 1950 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2- كورپۇسىنىڭ ئالاقىلىشىش قىسىملىرى بۇ جايغا ئورۇنلاشقان، ئۇلار بوز يەر ئېچىپ، ئېتىز بەرپا قىلىپ، ھەربىلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى قۇردى، «ما ئائىلىسىنىڭ بېغى» قايتىدىن تىرىلدى.

پولك شتابىنىڭ ئىشخانا بىناسى «ما ئائىلىسىنىڭ بېغى» نىڭ خارابىسى ئۈستىگە سېلىنغان، ھازىر بۇ يەردە يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى 41 - پولكىنىڭ شتابى جايلاشقان. بىنانىڭ ئالدى - كەينىدىكى بۈك - باراقسان ئاكاتسىيە دەرەخلىرى گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان، مۇنار شەكىللىك قارىغايلار يول بويىدا كۆكىرىپ تۇرىدۇ. بىنانىڭ ئالدىدىكى شىمالى چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تىك كۆتىرىلىپ تۇرغان ئاق تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، يولنىڭ سول تەرىپىدە يازلىق كىنوخانا، توپ مەيدانى، مىللىي ئاشخانا، بانكا، پەيچوسۇ، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بار، ئوڭ تەرىپىدە تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، يەرلىك مەھسۇلاتلار دۇكىنى، مېتال بويۇملار ماگىزىنى، يىمەكلىكلەر ماگىزىنى ۋە سۈرەتخانا بار. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئەتراپتىكى دېھقانلار ۋە مەيداننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئاچقان يايمىچىلىق دۇكانلىرى بار. ئۇلار قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چىۋە، كۆكتاتلارنى لىق تىزىۋېتىدۇ. سېمىز قوي گۆشلىرى دەرەخكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كانارلارغا ئېسىۋېتىلىدۇ.

بىنانىڭ شەرقى تەرىپىدە يىراق بولمىغان جايدا يۈزگە يېقىن كارۋىتى بار پولك سەھىيە ئەترىتى بولۇپ، ئۆز پولكىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى كېسەللىكتىن ساقلاش ۋە داۋالاش ئىشىنى قىلىپلا قالماي، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كېسەللىكىنىمۇ قىزغىنلىق بىلەن داۋالايدۇ.

سەھىيە ئەترىتىگە خوشنا بولغان 41 - پولكنىڭ پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپىدە 1500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر مۇنچىسى ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى؛ خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەر ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىنىپ خىزمەتلەرنى زىممىسىگە ئالدى؛ تېخىمۇ كۆپلىرى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تايانچلىرى بولۇپ قالدى.

**[ 42 - پولك ]** 1950 - يىلى تەشكىللەنگەن ئەسلىدە 2 - كورپۇس 4 - دىۋىزىيە 12- پولكىنىڭ 1 - باتالىيونى ئىدى. 1952 - يىلى يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ 3-پولك 1- ليەنىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1953 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 1 - دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن بىرلىشىپ، يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئالغا مەيدانى بولۇپ، مۇغال، گۈلباغ ئىككى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىغا كېڭەيگەن،

1959 - يىلى شىتاتى كۆپەيتىلىپ، ئالغا 2 - مەيدان بولغان. 1965 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دۇيزىيىسىگە قوشۇۋېتىلىپ، ئىسمى 42 - پولك بولۇپ ئۆزگەرتىلگەن.

بۇ پولك يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاشقان، ئۇ يوپۇرغا دېلتىسىغا مەنسۇپ، 3 تەرىپى يوپۇرغا ناھىيىسىگە خوشنا، شىمالى تەرىپى قۇملۇق. پىلانلانغان كۆلىمى 127 مىڭ مو، تېرىلغۇ يېرى 20 مىڭ مو. ئاساسەن، يەكەن، گەز دەريالىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، غول ئۆستەڭلىرىدىكى ئۆتۈملۈك سۇ 14 مىليون 440 مىڭ كۇب مېتىر، مەيداندا جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 72 كىلومېتىر كېلىدىغان 2 غول ئۆستەڭ بار، ئۇنىڭغا چوڭ ئېرىق، كىچىك ئېرىقلارنى قوشساق 150 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر ئاستى سۈيى ئادەتتە 2 مېتىردىن تۆۋەن، شورى كۆپ، ئېچىشتا قىيىنچىلىق زور.

پولك بويىچە 10 ئىشلەپچىقىرىش لىيەندۇيى (بۇنىڭ ئىچىدە 8 يېزا ئىگىلىك لىيەندۇيى) بار، ئومۇمىي نوپۇسى 2716 كىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 1288 كىشى، 9 ئاپتوموبىلى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 10 تىراكتورى، 14 قول تىراكتورى بار.

1984 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 208900 جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 452400 جىڭغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 718900 يۈەنگە يەتتى. مالىيە كىرىم - چىقىمى تەڭپۇڭلاشتى. (دىڭ ۋېن)

**[پەيزىۋات باش مەيدانى]** پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ئەڭ شەرقىدە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىدىن 90 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ قىزىل دەرياسىنىڭ لايىلىتىما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان، مەيدان ئەتراپلىرىدا ئىگىز - پەس قۇم بارخان رايونى بار. جەنۇبى قىسمى 2 -، 3 -، 4 - شۆبە مەيدانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. سۇ شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، ئاساسلىقى شال تېرىيدۇ. قۇرۇق زىرائەتلەر بىلەن سۇ زىرائەتلىرىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىيدۇ. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى كەڭ؛ شىمالى قىسمىدىكى 1 - شۆبە مەيداندا توغراق كۆپ، نۆۋەي توغراقمۇ كۆپ، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا باپ كېلىدۇ. ھازىر 141 مىڭ مو تەبىئىي ئورمىنى، 8195 مو سۈنئىي مۇھاپىزەت ئورمىنى، 1232 مو مېۋىلىك بېغى بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 20% نى ئىگىلەيدۇ.

سۇغۇرۇشتا شىكەر كۆل سۇ ئامبىرى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيىگە تايىنىدۇ.

بۇ يەردىكى ئەڭ زور ئاپەت — شورلىشىپ كېتىش. شورلىشىپ كەتكەن تۇپراق تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 94.6% تىنى ئىگىلەيدۇ.

كۈن نۇرى بايلىقى مول، يازدا قۇرغاق ئىسسىق بولىدۇ، قىشتا ئانچە سوغۇق بولمايدۇ، قىراۋسىز مەزگىلى 250 كۈنگە يېتىدۇ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.6℃ بولۇپ ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى كۆپ بولمايدۇ.

ئومۇمىي يەر كۆلىمى 590 مىڭ مو، تېرىلغۇ يېرى 83 مىڭ مو.

ئۇنىڭ 4 شۆبە مەيدانى، 35 ئىشلەپچىقىرىش لىيەندۇيى (بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق لىيەندۇيى 30) بار، ئومۇمىي نوپۇسى 8441 كىشى، ئەمگەك كۈچى 3190 كىشى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى 3760 ئات كۈچىگە ئىگە. چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى 47 تىـ

راكتورى، 14 قول تىراكتورى، سۆرىتىلىدىغان تۈرلۈك دىخانچىلىق سايمىنى 51 دانە، 5 كومبايىنى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان 14 ئاپتوموبىلى، تىراكتور كوزۇيىدىن 20 سى بار.

1984 ـ يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 21900 جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 344300 جىڭغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 73900 يۈەنگە، پايدا 4600 يۈەنگە يەتتى. (دىڭ ۋېن)

**[ شەرق شامىلى دىخانچىلىق مەيدانى ]** 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، غەربىي ساغان چىلغىغا، شەرقىي شىمالى ساغان سۇ ئامبىرىغا تۇتىشىدۇ.

بۇ مەيداننىڭ تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، يەرلىرى تۈز، تۇپرىقى ئۇنۇملۇك، سۇ مەنبەسى تولۇق ( دەريا، بۇلاق، قۇدۇق سۇلىرى بىلەن سۇغۇرۇشقا باپ كېلىدۇ )، ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى.

ھازىر 4 ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيى بار، نوپۇسى 1419 كىشى. ئەمگەك كۈچلىرى 495 كىشى. 1984 ـ يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 150 مىڭ جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 42 مىڭ جىڭغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 519 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 38400 يۈەنگە يەتتى. ( دىڭ ۋېن )

**[ قىزىل بايراق دىخانچىلىق مەيدانى ]** بۇ مەيدان 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان. 1969 ـ يىلى خۇبېي، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىدىن چېگرا رايونغا ياردەم بەرگىلى كەلگەن ياشلار مەيدانغا قوبۇل قىلىندى. كەسپىي جەھەتتىن بوز يەر ئازارتى باشقۇردى، مەمۇرىي جەھەتتىن قىزىلسۇ ئوبلاستى رەھبەرلىك قىلدى، 1983 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى.

ئۇ ئاتۇش ناھىيە بازىرىدىن شەرقتە 42 ـ 23 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بوغۇز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى لايلاتما تۈزلەڭلىككە تەۋە.

دىخانچىلىق مەيدانى بوغۇز دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، مەيداننىڭ توغراق سۇ ئامبىرى بار، لايىھىدىكى سۇ سىغىمچانلىقى 53 مىليون كۇب مېتىر، ئۇنىڭغا كەلگەن سۈيى كىرىپ لايلاپ كېتىپ 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە سۇ سىغىمى 15 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالدى.

پىلانلانغان كۆلىمى 86.7 كۋادرات كىلومېتىر، ئېچىشقا بولىدىغان يەر 85 مىڭ مو، ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 15 مىڭ مو، 17 ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيى بار، ئومۇمىي نوپۇسى 2528 كىشى، ئەمگەك كۈچى 953 كىشى.

1984 ـ يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 90 مىڭ جىڭغا، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 145 مىڭ جىڭغا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 862300 يۈەنگە، پايدا 19400 يۈەنگە يەتتى. ( دىڭ ۋېن)

# چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئەھۋالى

**[قاغىلىق 2 - چارۋىچىلىق فېرمىسى]** كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىگە، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا جايلاشقان، شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى مەيدانىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 4850 - 2200 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئومۇمى كۆلىمى تەخمىنەن 780 مىڭ مو، تاغ باغرى چوڭ قۇرۇقلۇق كېلىماتىغا، تاغ ئۈستى ئېگىز - سوغاق تاغلىق را - يون كېلىماتىغا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزاق، ياز پەسلى قىسقا، كۈن نۇرىنىڭ چۈ - شۈش ۋاقتى ئاز.

بۇ مەيداندا 6 ئىشلەپچىقىرىش لېيەندۈيى بار، 3 دېخانچىلىق لېيەندۈيى، 3 - 2 چار - ۋىچىلىق لېيەندۈيى بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسى 1177 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 422 كىشى، ئەمگەك كۈچى 427 كىشى. بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچى 106 كىشى. 1984 - يىلى چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى قالدۇق سانى 11811 تۇياق بولۇپ، 83% دىن كۆپرەكىنى ئۆچكە ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 150 كىشىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى بار، ئۇلار سىرتتىن ئىش كۆتىرە ئالىدۇ، يىل - لىق مەھسۇلات قىممىتى 900 - 800 مىڭ يۈەن. بىر كىچىك كۆمۈر كېنى بار. يىلىغا 3 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئاساس قىلىدۇ.

1984 - يىللىق ئومۇمى كىرىمى 372200 يۈەن، پايدىسى 54200 يۈەنگە يەتتى. سېتىپ بەرگەن گۆشى 32500 جىڭ.

**[قىزىلسۇ ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق فېرمىسى]** ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە جايلاش - قان، شىمالى تەرىپى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسى بىلەن، شەرق، جەنۇپ، غەرپ تەرەپ - لىرى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ 3 كوممۇنىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئەسلىدىكى مەيدان شىتابى تورغات كوممۇنىسىغا ئىنتايىن يېقىن ئىدى. 1983 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 6.8 بال يەر تەۋرەپ، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ 90 پىرسەنتى ئۆرۈلۈپ چۈشتى ياكى خەتەرلىك ھا - لەتكە كېلىپ قالدى، شۇڭا، دېڭىز يۈزىدىن 4300 - 2000 مېتىر كېلىدىغان قاتمۇ - قات تاغلار بىلەن ئورالغان، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، شىمالى تەرىپى ئېگىز، جەنۇبى تە - رىپى پەس بولغان بايقۇرۇت دېگەن يەرگە يۆتكەلدى.

چارۋىچىلىق فېرمىسىنى ئەسلىدە 1951 - يىلى 2 - كورپۇس ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى مىللى ئارمىيىنىڭ 13 - دىۋىزىيىسى قۇرغان. 1954 - يىلى يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىپ 3 - چارۋىچىلىق فېرمىسى بولغان، 1966 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دى - ۋىزىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئۆزگەرگەنلىكتىن ياپلاق كۆلىمى ئەسلىدىكى 310 نەچچە مىڭ مودىن ئازىيىپ ھازىرقى 215 مىڭ موغا چۈشۈپ قالدى. ھازىر ئۇلارنىڭ 600 مو تېرىلغۇ يېرى، 105 مو مۇھاپىزەت ئورمىنى، 115 مو تۇتاش ئورمىنى بار.

ھازىر 6 ئىشلەپچىقىرىش لېيەندۈيى (2 چارۋىچىلىق لېيەندۈيى، 3 دېخانچىلىق لېيەندۈيى، بىر ئاساسى قۇرۇلۇش لېيەندۈيى) بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسى 817 كىشى، ئەمگەك كۈچى 305 كىشى، چارۋىنىڭ قوتان قالدۇقى 12352 تۇياق. بىر كىچىك كۆمۈر كېنىمۇ بار. ئىشلەپچىقىرى -

دېھقان يېلىلىق كۆمۈرى 2500 توننا . 1984 - يىلى سانائەت ، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 382300 يۈەنگە ، پايدىسى 23600 يۈەنگە يەتتى . 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا چوڭ ، كىچىك چارۋىنىڭ قالدۇقى 12352 تۇياققا ، سېتىپ بېرىلگەن گۆش 90300 جىڭغا يەتتى . ( دىلى ۋېن )

## [ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرى]

يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيىدىسى — دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىپ دېخانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت، سودا، تىرانسپورت، بىناكارلىق، مۇلازىمەتنى قوشۇمچە ئېلىپ بارىدىغان كارخانا. بۇرۇن "سول" ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغان، ئىگىلىك بىر ئىزدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇزاققىچە زىيان تارتىپ كەلگەن. ئاشلىقنى قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىشكە، پۇل خەجلەشتە ياردەم بېرىشكە تايانغان.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر قاتار ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى، بولۇپمۇ مەركەزنىڭ 1983 - يىل ۋە 1984 - يىلدىكى ئىككى 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېخانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ گۈللىنىش يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

مەركەز ھۆججىتىنىڭ روھى ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيە پارتكومىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك 3 - دۈيىدىسى 1984 - يىلى ئوقتىلىق ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۆي ئورنى، قالدۇرۇق بەر ئاجرىتىپ بېرىش خىزمىتىنى تۇتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىقتىسادىي كەڭ ئېچىشقا پائال يېتەكلىدى ۋە ئۇلارغا يار يۆلەك بولدى. يىل بېشىدا پۈتۈن دۈيىدىدە بويىچە قۇرۇلغان ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرى، ئائىلە چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، ئائىلە ئورمانچىلىق مەيدانلىرى 271 ئىدى. يىل ئاخىرىدا راۋاجلىنىپ 8531 گە يەتتى. دېخانچىلىق مەيدانى قۇرغان ئومۇمىي ئائىلە سانى 9150 ئائىلە بولۇپ، دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 42.1% نى ئىگىلەيدۇ، ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەيدىغان ئەمگەك كۈچى 14.512 كىشى بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 41.2% نى ئىگىلەيدۇ. ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تېرىلغۇ يېرى 334907 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرىنىڭ 41.4% نى ئىگىلەيدۇ. ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىلەن شەخسلەرنىڭ كىرىمى روشەن كۆپەيدى.



يېزا ئىگىلىك 3-دۈيىدىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قادىر ئەمەتلىيە ئىدۇيلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە.

جالال ئىنگىچىدىن فوتوسى

53 ـ تۇەننىڭ 10 ـ لىيەندىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە ئالغان ۋە ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانى قۇرغان 103 كىشىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا 1984 ـ يىلى كىرىمى ئاشقانلار 90 كىشى بولۇپ، ئومۇمى سانىنىڭ 87.4% نى ئىگىلەيدۇ، پايدا ئومۇمى سوممىسى 104470 يۈەن، ھەر بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ئاشقان كىرىم 116078 يۈەن؛ زىيان تارتقانلار 13 كىشى بولۇپ، 12.6% نى ئىگىلەيدۇ، زىيان ئومۇمى سوممىسى 12597 يۈەن، ھەر بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرا كەلگەن زىيان 969 يۈەن.

تەقسىماتتا ئىلگىرىكى كونا رامكىلار بۇزۇۋېتىلىپ شەخسنىڭ مەنپەئەتى بىلەن تىجارەت نەتىجىسى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكتىن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كارخانىنىڭ «داش قازان تامىقى» نى يەيدىغان، كارخانا دۆلەتنىڭ «داش قازان تامىقى» نى يەيدىغان ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، كارخانا ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1983 ـ يىلى پۈتۈن دېۋىزىيە ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى، زىياننى تۈگىتىپ، پايدا ئالدى. 1984 ـ يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 102 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 96 مىليون 880 مىڭ جىڭغا، ساپ پاختىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلاتى 13 مىليون 700 مىڭ جىڭغا، مالىيە پايدىسى 6 مىليون 295 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۆپ ساندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى ئاشتى، تۇرمۇشى ياخشىلاندى.

ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇش ـــ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى. يېزا ئىگىلىك 3 ـ دېۋىزىيىسىدە گەرچە بۇ ئىش ئەمدىلا باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن كۈچلۈك ھاياتى كۈچىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى:

1 . ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېخانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئالغا سىلجىتتى. چوڭ دېخانچىلىق مەيدانلىرىغا كىچىك دېخانچىلىق مەيدانلىرىنى جۈپلاشتەك يېڭىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ھەم بىرلىككە كەلگەن ھەم تارقاق بولغان، بىرلىككە كېلىش بىلەن تارقاق بولۇش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالەتكە قاراپ ئۆزگەرتىش كېرەك؛ 3 دەرىجىلىك باشقۇرۇشنى دېخانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرى ( ھۆددە ئالغان ئائىلە) دىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش كېرەك؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە مەمۇرى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، باشقۇرۇش قاتلاملىرىنى ئازايتىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش ۋە مەيدان باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، مۇلازىمەت سىستېمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، يەنى ھەر خىل تىپتىكى مۇلازىمەت شىركەتلىرىنى قۇرۇش، ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق مەيدان باشقۇرۇش لازىم.

2 . ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرى ئىلگىرىكى يالغۇز بولغان ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئومۇمخەلق، كوللېكتىپ، شەخسىدىن ئىبارەت كۆپخىل ئىگىلىك تەركىبى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، كۆپخىل ئىگىلىك تەڭ راۋاجلىنىدىغان بولدى. ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1984 ـ يىلى شۆر كۆل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى 7 پولك ـ مەيداننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليون410 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 174 مىڭ يۈەن بولۇپ، 58.2% نى ئىگىلەيدۇ؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 73400 يۈەن بولۇپ، 31.14% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئائىلە ھويلا ئىگىلىكى 5 مىليون 91600 يۈەن بولۇپ، 10.5% نى ئىگىلەيدۇ. ھەمكارلىق ئىگىلىكى ھازىر توپلىغان مەبلەغ 6 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىگىلىكىنى كەڭ تۈردە راۋاجلاندۇرۇپ 3 ـ كەسىپنى گۈللەندۈرمەكتە.

3 . ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرى تۇۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردى. ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرى مەخسۇس تۇۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، تۇۋار نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى 49 ـ پولكنىڭ 11 ـ لىيەندىكى 8 نەپەر كادىر، ئىشچى ھۆددە ئالغان 460 مو بۇغداي ۋە ئۇنىڭ ئېگىز ئورنىغا تېرىغان كۆممە قوناقتىن جەمئى 118964 جىڭ ھوسۇل ئالدى، 3 نى قالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىنكى تۇۋار نىسبىتى 85% گە يەتتى.


4 . ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانى يەرنى ئۇزاقىچە ھۆددە ئالغۇچىلارنىڭ قولىغا مۇقىملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تېجەپىلەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئىنتايىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى يەرلەرنىڭ ھۆددە ۋاقتىنى 15 يىلغىچە ئۆزگەرتىسلىك قارار قىلىندى ھەممە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن ۋە ئۆي سېلىش ئۈچۈن جەمئى 4673.4 مو يەر ئايرىپ بېرىلدى. بۇ ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 7.1% نى ئىگىلەيدۇ. يەر ئايرىپ بېرىلگەن ئائىلەر 20094 ئائىلە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 94.2% نى ئىگىلەيدۇ، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توغرا كەلگەن يەر 2.33 مو. بۇ تەدبىرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزى مەبلەغ توپلاپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1984 ـ يىلى ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانلىرىغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 781200 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى توپلىغان مەبلەغ 546400 يۈەن، بانكىدىن بەرگەن ئىناۋەتلىك قەرز 106 مىڭ يۈەن، مەيدانلار قەرز بەرگەن پۇل 129800 يۈەن. ئائىلە دېخانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مۇشۇ مەبلەغنى يەرگە ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش جەھەتكە سەرپ قىلدى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئېچىلغان يەر 1798.4 مو، تاشلىنىپ قالغان تېرىلغۇ يەردىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى 1800 مو، ئېچىلغان سۇ يولى 2882 مو، قېزىلغان ماشىنىلاشقان قۇدۇق 83، سېتىۋېلىنغان ئاپتوموبىل 28، ھەر خىل تىراكتورلار 52، چاچما كوزۇپ 57، كىچىك تىراكتور 139، ھەر خىل ئات، كالا ھارۋىلىرى 9487، سېتىۋېلىنغان چارۋا 110 مىڭ تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 10247 تۇياق، ئات 197 تۇياق، ئېشەك 5958

تۇياق، خېچىر 30 تۇياق، تۆگە 35 تۇياق، چوشقا 3051 تۇياق، قوي 95341 تۇياق، سېـغىۋالغان توخۇ 109316 دانە. ئۇنىڭدىن باشقا 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئائىلە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرغانلار 21434 ئائىلە بولۇپ، يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانمىغان نوپۇسى ئائىلە سانىنىڭ 98.5% نى ئىگىلەيدۇ. ھەر بىر ئائىلىگە توغرا كەلگەن قوشۇمچە كىرىم 213 يۈەن بولۇپ، ئائىلىنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 18.68% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كىرىمى 500 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلار 16814 ئائىلە، كىرىمى 500 يۈەندىن 999 يۈەنگىچە بولغانلار 3783 ئائىلە، كىرىمى 1000 يۈەندىن ئاشقانلار 337 ئائىلە. يىل بويى 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلىدىن 114 ئائىلە مەيدانغا كەلدى. شەخسىي ئۆي سالغانلار 307 ئائىلە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 24584 كۋادرات مېتىر.

( جاڭ شۈچى )

**[پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى]** يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيەسىنىڭ پەن-تېخنىكا تەتقىقاتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

پاختا ئىشلەپچىقىرىش: "شىنجاڭ 3- نومۇرلۇق" ئۇزۇن تالالىق پاختا — يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيەسى يېتىشتۈرگەن ئەلا سورت بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇ ئىسىمنى ئاپتونوم رايونلۇق سورت باھالاپ تەكشۈرۈش كومىتېتى قويغان. ئۇ يېزا ئىگىلىك 2- دىۋىزىيەسىدە ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە كېڭەيتىلدى. يېزا ئىگىلىك 2- دىۋىزىيەسىنىڭ 34- پولكىدىن كىرگۈزگەن "ھەربىلەر پاختىسى 1- نومۇر" ناملىق قۇرغاقلىق پاختىسى غوزىلايدىغان شېخى قىسقا، تۈپى ئىخچام، غوزىلىشى ياخشى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچى چوڭ بولۇش قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولغاچقا، دىۋىزىيە بويىچە كېڭەيتىلدى ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىگە 780 مىڭ كىلو چىگىت ياردەم بېرىلدى.



تاغدەك دۆۋىلەنگەن «ئاق ئالتۇن» ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، «قول ئوسۇل ئۈستىدە شات - خۇرام سۆزلىشىش».
جاڭ خېڭجيەن فوتوسى

يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش — كېۋەز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىدىكى زور ئىسلاھات. ئۇ 1982 - يىلدىن باشلاپ ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1984 - يىلى دىۋىزىيە بويىچە 44 مىڭ موغا يېپىپ، كېۋەز كۆلىمىنىڭ 30.6% نى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەھسۇلاتى 41.1% نى ئىگىلىدى، بىرلىك مەھسۇلاتى 128 جىڭغا يېتىپ ئادەتتە تېرىغان كېۋەزگە قارىغاندا 46.2 جىڭ ئارتۇق.

43-، 45- پولكلار يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش ئەمەلىيىتىدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، يەر تۈزلەش، يالتىراق يېپىش، تۆشۈك ئېچىش، ئۇرۇق سېلىش، تۇپا بىلەن كۆمۈشتەك بىر يۈرۈش مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ماشىنىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ خىل تەتقىقات خىزمىتى ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسىنىڭ ئىلھام بېرىشكە (10 مىڭ يۈەن

پۇل ئاجرىتىپ بەردى) ۋە يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن تېز كۆملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. دىۋىزىيىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن باشقا، يەرلىكنىڭ كەڭ كۆلەمدە يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىشى ئۈچۈن بىر قەدەر ئىلغار ماشىنا-سايمان بىلەن ياردەم بېرىلدى.

ئۆسۈملۈك ئاسراش: ئۇلترا بىنەپشە نۇر چېچىش، جىنسىي ئۇچۇر ئىلمىنىڭ ئىشلىتە-لىشى بىلەن ھاشارات ئەھۋالىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە مۇداپىئە قىلىش - تىزگىنلەش-تە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى؛ يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن كاربوفۇرات، دىيوشاتۇ-يۈن، شىلق مەنباۋ، سۇمىستىرانىڭ ئىشلىتىلىشى ئارقىلىق كېۋەزلەردىكى ھاشارات ئا-پەتلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى؛ ئۆسۈشنى تىزگىنلەش دورىسى بوغۇم ئارىلىقىنى قىسقارتىش ئامىنىنىڭ ئومۇمييۈزلۈك قوللىنىلىشى ئارقىسىدا كېۋەزنىڭ بولاقتا ئارتىپ كېتىشى تىزگىنلەندى؛ ئېتىلىنىنىڭ كېڭەيتىلىشى ئارقىسىدا ئۈششۈكتىن بۇرۇن ئېچىلىدىغان كېۋەزنىڭ مەھسۇلاتى ئاشتى. ئوت-چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئارقىسىدا يې-زا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى يەڭگىللىدى.

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش: ئۈنۈمسىز يەرلەردە مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدىغان چىلگە كۈزگى بۇغداي سورتى «قەشقەر بوز يەر 1- نومۇرلۇق» (ئەسلىدىكى «34- نومۇرلۇق») بۇغ-داي دىۋىزىيە بويىچە 100 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلىپ، دىۋىزىيە بويىچە تېرىلىغۇ كۆلى-مى ئەڭ زور بولغان بۇغداي سورتى بولۇپ، ھازىر مارالبېشى ناھىيىسىگىچە كېڭەيدى؛ «قەش-قەر بوز يەر يەككە شالغۇت 1- نومۇرلۇق» كۆممە قوناق ئۆلگە كۆرسىتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق دىۋىزىيە بويىچە كېڭەيتىلدى.

سىرتقى جايلاردىن كىرگۈزۈلگەن كۈزگى بۇغداي سورتى «تاڭشەن-6898» كۆممە قو-ناق سورتلىرىدىن «ئاق يەككە شالغۇت 4- نومۇرلۇق»، «ئاق سېرىق تاق شالغۇت»، دادۇر سورتلىرىدىن «تېغىلىق 18- نومۇر»، «خېغىلىق 15- نومۇر» قاتارلىقلار ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتا رول ئوينىدى.

سۇ ئىشلىرى جەھەتتە: ئىلمىي ئۇسۇل ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئارقىلىق شوركۆل سۇ ئامبىرىنىڭ جەنۇبىي تۇسمىسىدىن ئوبدان سۇ چۈشۈرۈلۈپ، يۇقىرىدا شىمالىي سۇ ئام-بىرىدىكى شور سۇ بىلەن تەڭشىلىپ، 70 مىليون كۇبمېتىر سۇنىڭ سۈپىتى سۇغۇرۇش تە-لىپىگە يەتكۈزۈلۈپ، سۇ ھەققى 310 مىڭ يۈەن ساپ كۆپەيدى، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇ-لاتنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىدى. بۇ تەدبىر يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسىنىڭ 1985- يىل-لىق پەن-تېخنىكا يىغىنىدا 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يالتىراق ئارقىلىق ئېرىق-ئۆستەڭلەر سىڭىپ سىلەشتۈرۈلۈپ، ئۈنۈمى ياخشى بولدى. دىۋىزىيە بويىچە 3 يىل ئىچىدە 574 كىلومېتىر سىڭىپ سىلەشتۈرۈلگەن ئېرىق-ئۆستەڭ ياسىلىپ، تەخمىنەن 20 مىليون كۇبمېتىر سۇ سىڭىپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىندى.

ئورمانچىلىق جەھەتتە: ئۇلار توغراقلارنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ھەم ئاسراشتا 1985- يىللىق پەن-تېخنىكا يىغىنىدا 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئورمانچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. 48-، 50- پولك قاتارلىق ئورۇنلار دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

باشقىلار: ئوزاق مۇددەت كەڭ كۆلەمدە (162948) مو كۆك ئوغۇت، قاشقابىدە تېرىلدى، ئېگىز ئورنىغا قىچا، ياغلىق ئاپتاپپەرەس تېرىپ كۆك ئوغۇت قىلدى، تۇپراق قۇۋۋەتلەندى، كەسمىش ئۈزۈمنىڭ شاخلىرى كۆمۈلۈپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلۈپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش سۈرئىتى تېزلىتىلدى، 45- پولك پۈتۈن دىۋىزىيە ۋە ۋىلايەتنى 499925 تۈپ كۆچەت بىلەن تەمىنلىدى، تۇتۇش نىسبىتى 85% دىن ئاشتى، كۈندىن پايدىلىنىدىغان پارنىك ۋە يالتىراق يېپىلغان لاپاسلاردا ئوتياش يېتىشتۈرۈلۈپ، ئېنېرگىيە مەنبەنى تېجەپ قېلىندى، بۇ ئارقىلىق ئوتياش قىس بولغان چاغلاردا ئوتياش بىلەن تەمىنلەش ياخشىلاندى؛ يالتىراق يېپىلغان لاپاسلاردا يېتىشتۈرۈلگەن تەرخەمەكتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىش، ئائىلە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا يېڭى يول ئېچىپ بەردى؛ يالتىراق يېپىپ تېرىلغان تاۋۇزلار بالدۇر پىشتى، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولدى؛ يايى كۆزلۈك چوڭ پىلە كېپىنىكى ۋە ئالما ئىنچىكە كېپىنىكى ئۈستىدىكى تەتقىقات بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسىنىڭ يەن - تېخنىكا تارماقلىرى يەن - تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىلمىي - يەن خادىملىرىنى تەشكىللەپ كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى: 1. دىۋىزىيە مىقياسىدا تېخنىكا خادىملىرىنى تەشكىللەپ، پاختىدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش بويىچە بىرلىشىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسەتتى، 2. تېخنىكا ھۆددىگە بېرىلدى. مەسىلەن، دىۋىزىيە يېزا ئىگىلىك يەن - تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇش پولكىنىڭ دىخانچىلىق مەيدانى بىلەن كېۋەزنىڭ ئوتىنى خىمىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق يوقىتىش تېخنىكىسىنى ھۆددىگە ئېلىپ توختام ئىمزالاپ، ئوت - چۆپ يوقىتىش نىسبىتىنى 85% دىن ئاشۇردى، مەھسۇلاتى 10.6% ئاشتى، 3. تۈرلۈك كۇرسلارنى ئېچىپ يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتتى، 4. يەن-تېخنىكا خادىملىرىنى تەشكىللەپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈردى، يەن - تېخنىكا خادىملىرى ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇردى، 5. ئۆزى يەن- تېخنىكا ژورنىلى چىقىرىپ، ليەندۇيلەر ھەم ھۆددە ئالغۇچى ئائىلىلەر ئۈچۈن بىۋاستە خىزمەت قىلدى.

دىۋىزىيە بويىچە ھازىر ئۇنۋانى بار يەن-تېخنىكا خادىمىدىن 1488 كىشى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاگرانوم، مال دوختۇر، ئىنژېنېر، باش دوختۇر، يېزا ئىگىلىك ئىقتىساتچىسى قاتارلىقلار 204 كىشى؛ ياردەمچى ئاگرانوم، ياردەمچى ئىنژېنېر قاتارلىقلار 390 كىشى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكى، قۇرۇلۇش - تېخنىكى قاتارلىقلار جەمئىي 894 كىشى. 2 كىشى مەملىكەت بويىچە ئىلغار يەن - تېخنىكا خادىمى دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇلاردىن يولداش سۈي شىمىڭ بۇ نامغا ئىككى قېتىم ئېرىشتى. 6 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار يەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالاندى (بۇلاردىن ئىككى كىشى مەملىكەت بويىچە ئىلغار يەن - تېخنىكا خادىمى)، 3 كىشى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بويىچە ئىلغار يەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالاندى. 504 كىشى "شىنجاڭدا 20 يىل خىزمەت قىلغان شەرەپ گۇۋاھنامىسى" ئالدى. 38 تۈرلۈك يەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ۋىلايەتنىڭ،

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ، ئاپتونوم رايونىنىڭ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئارال پاختىسىنىڭ يېڭى سورتى بولغان «شىنخەي 3 - »نى ئۈستىدىكى تەتقىقات يېزا ئىگىلىك ، چارۋىچىلىق ، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ 1983 - يىللىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. (خەن گۇاڭشى)

**[يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتى ئورنى]** 1965-يىلى يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيە قۇرۇلىدىغان چاغدا، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيە يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى 16 نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمىنى ياردەمگە ئەۋەتىپ، دىۋىزىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنىنى قۇرۇشقا باشلىدى . 1966 - يىلىدىن بۇيان ، بۇ پەن - تېخنىكا خادىملىرى جاپالىق، قىيىن شارائىتتا چۆل - جەزىرىلەردە كۈرەش قىلىپ كەلدى. 1973 - يىل 5 - ئايدا مارالبېشىنىڭ ئاقسارال كوممۇنىسىدىكى زەي دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدا «يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە پەن- تەتقىقات ئورنى» رەسمىي قۇرۇلدى . 1974 - يىلى ئەتىيازدا پەن-تەتقىقات ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىۋەتتى .

1975 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، بۇ ئورۇن يەرلىكنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1976 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۇنىڭ ئىسمىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك دەريا شەرقىدىكى يېزا ئىگىلىك تەتقىقات ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى .

1980 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيە تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كېلىپ ، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە پارتكومى يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنىنى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قويخانىسى ئەتراپىغا يۆتكەشنى قارار قىلدى ، تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق 1983 - يىلى ئاساسەن قۇرۇلۇشى پۈتتى.

بۇ ئورۇندا بىر ئىشخانا، 7 پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى بار: پەن - تېخنىكا ئىشخانىسىنىڭ قارمىقىدا بۇغداي گۇرۇپپىسى، كۆممە قوناق گۇرۇپپىسى ، ئىقتىسادى زىرائەت گۇرۇپپىسى ، تېرىلغۇ تېرىتچىلىق ئىسلاھاتى ۋە دادۇر گۇرۇپپىسى ، ياغلىق دان گۇرۇپپىسى ، ئۆسۈملۈك ئاسراش گۇرۇپپىسى ، باغ - ئورمان گۇرۇپپىسى بار. 100 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا خادىمى 16 كىشى، مەمۇرى كادىر 6 كىشى، تېرىلغۇ يېرى 665 مو.

يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنىدىكى پارنىكلارنىڭ كۆلىمى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ زور.

جاڭ خېكېيەن فوتوسى



يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغاندىن بۇيان، جەمئىي 38 تۈردە پەن - تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆلكە، مىنىستىرلىك باشقۇرىدىغان دەرىجىدىكى مۇۋەپپەقىيەت 4 تۈرلۈك، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى باشقۇرىدىغان دەرىجىدىكى مۇۋەپپەقىيەت 7 تۈرلۈك، ۋىلايەت، دىۋىزىيە باشقۇرىدىغان دەرىجىدىكى مۇۋەپپەقىيەت 27 تۈرلۈك. 1979 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇنجى ئىلىم - پەن يىغىنىدا بۇ ئورۇننىڭ 13 پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1983-يىلى «شىنخەي 3 - نومۇرلۇق» تەتقىقات "كۈن نۇرى پارنىكىنى ياخشىلاش ھەم كېڭەيتىش" ئايرىم - ئايرىم ھالدا دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. "خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىش ئۇسۇلىنى تاللاشتا ئۆلگە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىش" قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق پەن - تېخنىكا مۇكاپاتلاش يىغىنىدا بۇ ئورۇن يەنە 17 تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە "كۆممە قوناق قەشقەر بوز يەر يەككە شالغۇت 1 - نومۇرلۇق سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش" 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، "قەشقەر بوز يەر رايونىدىكى دىخانچىلىق، ئورمانچىلىق ھاشارەتلىرىنىڭ دەسلەپكى ئىسىملىكى"، "يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەسىنىڭ تۇپراقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش" 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، "كۈن نۇرى پارنىكىدا بۇغداي، كۆممە قوناق ئۆستۈرۈپ ئەۋلات يېتىشتۈرۈش ۋاقتىنى قىسقارتىش ئۈستىدىكى تەجرىبە تەتقىقاتى" قاتارلىق 13 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئورۇن يەنە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيە يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىدا تەھرىرلەنگەن «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بوز يەر ئېچىش رايونىدىكى زىرائەتلەردە بولىدىغان زىيانداش ھاشارەتلار ۋە ئۇلارنىڭ كۈشەندىلىرى توغرىسىدىكى سۈرەتلەر قوللانمىسى»، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بوز يەر ئېچىش رايونىدىكى زىرائەتلەردە بولىدىغان كېسەللىك ھاشارەتلىرىنىڭ كۈشەندىلىرى ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ ئىسىملىكى» نى تۈزۈش خىزمىتىگە ئادەم قاتناشتۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى پەن - تېخنىكىدا ئۆلگە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىش جەھەتلەردىمۇ مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1981 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى پەن - تېخنىكا كومىتېتى 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بۇ جايدا كۈن نۇرى پارنىكىدىن 9 نى ياساپ، قوياش قۇۋۋىتىدىن پايدىلىنىپ، قىش پەسلىدە ئوتياش ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن يېڭى يول ئاچتى.

1984 - يىلى "كۈن نۇرى پارنىكىنى ياخشىلاش ۋە كېڭەيتىش" مۇۋەپپەقىيىتى دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق كېڭەيتىش تۈرى قىلىپ بەلگىلەندى. 1983 -، 1984 - يىللىرى بۇغداي گۇرۇپپىسىدىكى ئىككى كىشى تاللاپ يېتىشتۈرگەن ئەلا سورتنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ، 51 -، 52 - پولكلارغا بېرىپ، ليەندە نۇقتىدا تۇرۇپ، بۇغداينىڭ تېخنىكا ھۆددىگەرلىك توختامىنى

ئۆمۈزلىدى، ئەلا سورتلۇق بۇغداينى جايلاردا بىر تەرەپتىن تەجرىبە قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆلگە كۆرسىتىپ، بىر تەرەپتىن كېڭەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۆسۈملۈك ئاسراش گۇرۇپپىسى سىرتتىن فولېلون، ئىگولوڭ قاتارلىق 4 خىل خىمىيىلىك ئوت - چۆپ يوقىتىش يېڭى دورىسىنى كىرگۈزدى.

1981- يىلى مەكىت ناھىيىسىدە، مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال كوممۇنىسىدا، 45- پولكتا 540 مو يەردە تەجرىبە قىلىپ ئۆلگە كۆرسەتتى. 1982- يىلى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مەكىت، مارالۋېشى ناھىيىلىرىدىكى 43-، 45-، 52-پولكلاردا، سۇ قۇرۇلۇش پولكىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىقلاردا ئۆلگە كۆرسىتىش، قوللىنىش دائىرىسىنى 19 مىڭ موغا كېڭەيتتى، ئوت - چۆپ يوقىتىش نىسبىتى 97% - 85 گە يەتتى، بىر موسىمدىن 20 يۈەن ئەتراپىدا پايدا ئېلىنىپ، ناھىيە، پولك- مەيدانلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1984- يىلى دۆۋىزىيە دېھقانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باش بولۇپ بېرىشى ئاستىدا 4 كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىپ پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گورۇپپىسى قۇرۇپ، 51 -، 52-پولكلاردا يېرىپ يالتىراق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش تېخنىكا خىزمىتىگە قاتنىشىپ، يېزا ئىگىلىك 3- دۆۋىزىيىسىنىڭ كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشىدا ئۆلگە كۆرسىتىش، ئالغا يېتەكلەش رولىنى ئويناشتا تۈرتكە بولدى. (پەن - تېخنىكا ئىشخانىسى)

**[ئۆلچەش لايىھىلەش ئەترىتى]** يېزا ئىگىلىك 3- دۆۋىزىيىسىنىڭ ئۆلچەش لايىھىلەش ئەترىتى 1965- يىلى قۇرۇلغان، ئۇ ئەسلىدە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ 4-، 7-، دۆۋىزىيە، 8- دۆۋىزىيە قاتارلىق ئورۇنلىرىدىن ئاجرىتىلغان بىر قىسىم تېخنىكا كادىرلىرىدىن تەركىپ تاپقان. 1969- يىلى ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ لايىھىلەش ئورنىدىن بىر تۈركۈم تېخنىكا خادىملار ئاجرىتىلدى، 1972- يىلى يېزا ئىگىلىك 3- دۆۋىزىيىسى لايىھىلەش ئەترىتىنىڭ كۆپ قىسىم تېخنىكا خادىملىرى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، سۇ قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش، يەرلەرنى پىلانلاش، گىئولوگىيە، ئۆلچەش، تۇپراق يېزا ئىگىلىك خىمىيىسى، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش - لايىھىلەش كەسپىي قوشۇنى بولۇپ تەشكىللەندى.

1975- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ - ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ لايىھىلەش ئەترىتىگە قوشۇۋېتىلدى. 1979 - يىلى يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كېلىپ، يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1982 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دۆۋىزىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، شىتاتى 80، ھازىر 52 ئادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك كادىر 36 كىشى، ئالى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى بارلار 27 كىشى، ئىنژېنېر 11 كىشى، ياردەمچى ئىنژېنېر 9 كىشى، تېخنىك 8 كىشى، پىراكتىكانتلار 7 كىشى.

بۇ ئورۇن قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاساسەن يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىنىڭ مەيدانلىرىنى قۇرۇش، ئۆلچەش-لايىھىلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، يەنە بىر قىسىم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش لايىھىلىرىنى ئورۇندىدى. يەرلىككە ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن 4 يىل ئىچىدە ۋىلايەتلىك لايىھىلەش ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە كونىشەر ناھىيىسىنىڭ ئوغۇساق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، پوسكام ئېلېكتىر ئىستانسىسى، قەشقەر 1-بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسى قاتارلىقلارنىڭ لايىھىسىنى پۈتتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە قەشقەر ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆلچەش ۋەزىپىسىنى، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلىرىدىكى قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان جايلارنىڭ ھۇلىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. 1981-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش كومىتېتى تارقاتقان "تەكشۈرۈش، لايىھىلەش گۇۋاھنامىسى"غا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ 1983-يىللىق سۇ ئىنشائاتى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەش بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

بۇ ئەترەتتە 6 دانە ھەر خىل ئاپتوموبىل، ئىمپورت قىلىنغان نۇرغۇن ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، تۇپراقلارنىڭ يېزا ئىگىلىك خىمىيىسىگە ئائىت تۈرلۈك ئۈسكۈنىلەر، نازۇكلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان تارازا قاتارلىقلار بار. 1.500 لىك ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدىن ئىككىسى، باشقا تۈرلۈك ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچتىن 30 نەچچىسى، بېسىم كۈچى ماشىنىسى قاتارلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى تەجرىبە قىلىش ئۈسكۈنىلىرى، خەرىتە قۇرۇتۇش ماشىنىسى، خەت بېسىش، سۈرەت تارتىش قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرى، خەرىتە كۆچۈرۈش، ماتېرىيال، كىتاب، پەن-تېخنىكا ئاخباراتلىرى قاتارلىق تېخنىكا كەسپىي تارماقلار بار.

**[قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قوشۇن]** يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش پولكى 1966-يىلى قۇرۇلغان، ھازىر 3 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، بىر مۇنتىزىم سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى قوشۇنى بولۇپ قالدى. 18 يىلدىن بۇيان، ئۇلار ئىزچىل تۈردە قەشقەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بىنا قۇرۇلۇش مەيدانلىرىدا، ئۆستەڭ، دامبا، توما، ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى ياساپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ، ئېلېكتىر، قاتناش ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى.

1966-يىلدىن 1969-يىلغىچە قۇرۇلۇش پولكى ئالغا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن دەرھال ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئامبىرى بولغان شوركۆل سۇ ئامبىرىنىڭ داۋاملىق ياساش قۇرۇلۇشىنى زىممىسىگە ئالدى، بۇ كۆلنىڭ سىغىمچانلىقى 250 مىليون كۇبدىن 500 مىليون كۇبقا چوڭايدى. 1981-يىلى ئىككى يىل جەڭ قىلىپ، قېرىنداش پولك-مەيدانلار بىلەن بىرلىكتە 200 مىليون كۇبمېتىر سۇ سىغدۇرىدىغان يۇڭچەنبا جەنۇبىي، شىمالىي ئىككى سۇ ئامبىرىنى ياساپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن شوركۆل سۇغۇرۇش رايونىدىكى ئامبارغا قاچىلانغان سۇنىڭ مىقدارى 700 مىليون كۇبمېتىرغا يېتىپ، شوركۆل بوز يەر رايونىدىكى 450 مىڭ مودەك تېرىلغۇ يېرىنىڭ سۇ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

قۇرۇلۇش پولكى يەكەن دەرياسىنىڭ بويلىرىدا جەڭ قىلىپ، قىسىمنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يەرلىك ئۈچۈن چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى 15 قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈپ بەردى. پەيزىۋاتنىڭ قەشقەر دەرياسىدىكى سۇ ئېلىش تۈگۈنى ۋە مارالۋېشىنىڭ گەملىك دەرياسىدىكى چوڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى— بۇ ئىككى ناھىيىنىڭ 2 جايدىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشى ئىدى. قەشقەر 1 - بالداق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ پۈتۈشى بىلەن قەشقەر شەھىرى كۈچلۈك توك مەنبەسىگە ئىگە بولدى. 3 كۆۋرۈك سۇ ئېلىش تۈگۈن قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈشى بىلەن يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يوپۇرغا ناھىيىلىرىنىڭ 800 نەچچە مىڭ مو يېرى مەنپەئەتلەندى. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تۇۋەن بەلدىر تاشيول كۆۋرۈكىدە ئاپتوموبىل قاتناپ، تاجىك خەلقىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېگە بولدى. ھازىر قۇرۇلۇش پولكى زىممىسىگە ئالغان شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئېلىش تۈگۈن قۇرۇلۇشى— كاچۇڭ توغىنىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى 1984-يىلى پۈتتى. بۇ زور قۇرۇلۇش يەكەن، مەكىت قاتارلىق 5 ناھىيىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىدۇ.

قۇرۇلۇش پولكى ئاساسى قۇرۇلۇش سېپىدە جەڭ قىلىشقا كىرىشكەندىن بۇيان، جەمئى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 26 قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈپ، 60 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئاساسى قۇرۇلۇش مەبلىغىنى تاماملىدى، جەمئى 13 مىليون كۇب مېتىر تۇپا - تاش قازدى. ئەگەر بۇنى بىر مېتىر ئېگىزلىكتە، 10 مېتىر كەڭلىكتە يارىتسا، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارىدۇ.
(جوڭ لىپىڭ)

[ **بىناكارلىق شىركىتى** ] يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ بىناكارلىق شىركىتى 1966 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيە قۇرۇلۇش دىۋىزىيىسىدىن ئاجرىتىلغان ئادەملەر بىلەن قۇرۇلغان، ئۇ چاغدا يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش 1 - ئارماق ئەترىتىنىڭ قۇرۇلۇش پولكى دەپ ئاتىلاتتى. 1975 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى، 1979 - يىلى يەنە قەشقەر ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.1982 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ بىناكارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ 3 - دەرىجىلىك قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىسى قىلىپ بېكىتكەن، ھازىر 70 دىن ئارتۇق تۈرلۈك كەسپىي خادىمى بار، تەربىيىلەش ئۈچۈن 50 دىن ئارتۇق ئىختىساسلىق خادىم سىرتقا ئەۋەتىلدى. مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچىسى 1220 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 - دەرىجىدىن يۇقىرى ئىشچى 70گە يېتىدۇ؛ يەنە 700 نەپەر توختاملىق، ۋاقىتلىق ئىشچى بار. 4 قۇرۇلۇش رايونى، 3 شۆبە شىركەت، بىر قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇدى ۋە 3 - دەرىجىلىك بىناكارلىق لايىھەلەش ئورنى تەسىس قىلىنغان. تېخنىكا جابدۇقلىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە 82 ئات كۈچىدىن توغرا كېلىدۇ. بۇ شىركەت لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشتۈرۈلگەن بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ئوتتۇرا تىپتىكى بىنالارنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشى، تازىلىق، پار بېرىش، ئېلېكتىر بىلەن بۇرۇتۇش قۇرۇلمىلىرى ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدۇ.

بۇ شىركەت قۇرۇلغاندىن بۇيان يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتى. 1966 -

يىلىدىن 1969 - يىلىغىچە مەكىت، مارالۋېشى ناھىيىلىرىدە ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىش، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىرىنى قوغداش قاتارلىق قۇرۇلۇشنى زىممىسىگە ئالدى؛ يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى شىتاب قۇرۇلۇشىنىمۇ زىممىسىگە ئالغان ئىدى. 1976 - يىلى قىزىل دەريا 1 - بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى، 4 يىل جەڭ قىلىپ، قېرىنداش ئورۇنلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئىشچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ۋىلايەت بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىش مىقدارى 10 مىليون يۈەن بولدى، ئۇلار 18 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان زاۋۇت بىناسى، زاۋۇت رايونى، تۇرالغۇ جاي رايونى ۋە تۈرلۈك پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنى ياسىدى.

1980 - يىلى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى ۋىلايەت، قەشقەرنىڭ 100 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان زاۋۇت بىناسى، ئوقۇتۇش بىناسى، ئىشخانا بىناسى ۋە تۇرالغۇ جاي بىناسىنى ياسىدى.

1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە 3 يىل ئىچىدە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن كارخانا زىيان تارتتى. 1983 - يىلى كارخانا ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن سۈپەت بىرىنچى، شۆھرەت بىرىنچى، خېرىدار ھەممىدىن ئەلا ئۇقتىسىنى زېرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىلغار كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى تەدبىقلاپ، زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئالدى. 1984 - يىلى جەمئىي 10 مىليون 940 مىڭ يۈەنلىك قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈپ 1982 - يىلدىكىدىن ئىككى قاتلىدى. بارلىق خادىملار ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى بويىچە تۈنجى قېتىم 6.485 يۈەن قىممەت ياراتتى، مۇشۇ ۋىلايەتنىڭ ئوخشاش كەسپى ساھەسى بويىچە بىر قەدەر يۇقۇرى سەۋىيە ياراتتىلدى. مەھسۇلات قىممىتى بىلەن پايدا تەڭ قەدەملىك ئېشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

1984 - يىلى ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ 2 تۇرار جاي بىناسى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۈنجى قېتىم خېرىدار تاللاپ ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇش ئىدى. بۇ ئىككى بىنا 3 قەۋەتلىك خىش، بېتون ئارىلاش قۇرۇلۇش بولۇپ، بىنا كۆلىمى 2356 كۋادرات مېتىر، ھەر بىر كۋادرات مېتىرنىڭ تەننەرقى 17899 يۈەن بولدى. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىش باشلىنىپ 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى رەسمى تاپشۇرۇپ بېرىلدى، توختامدا بەلگىلەنگەن كۈندىن 23 كۈن بۇرۇن پۈتۈپ، تەننەرقى 5.58% تۆۋەنلىدى، قۇرۇلۇشنى ئۆتكۈزۈۋېلىش يىغىنىدا سۈرئەت، سۈپەت، مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى باھاغا ئېرىشتى. (سۈي جىنمېڭ، سۈي كېيىڭ، چېن شاگجۇن)

## 3 يىل ئىسلاھ قىلىنىپ، 3 يىل ئۆزگەرىش ياساش

— يېزا ئىگىلىك 3 دىۋىزىيىسى بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ ئالدى-كەينىدە

يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى بىناكارلىق شىركىتى 1975 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە جەمئىي 1 مىليون 876 مىڭ 400 يۈەن زىيان تارتتى. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1983 - يىلغىچە كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش، رەھبەرلىك بەنزىنى تەڭشەش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھ قىلىندي. 1984 - يىلي ئومۇمي مەھسۇلات قىممىتي 10 مىليون 940 مىڭ يۈەن

ئۆرۈنلۈنۈپ، 1979 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان 4 يىلنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىليون 830 مىڭ يۈەن) گە تەڭلەشتى، 1980 - يىلدىكى 2 مىليون 426100 يۈەندىن 2 دىن كۆپرەك قاتلاندى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى 1983 - يىلغا قارىغاندا 1984 - يىلى 20% ئەتراپىدا ئاشتى. بۇ شىركەت ئاساسەن، بىر قانچە جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ باردى:

1. داشقازان تامىقىنى يېيىشنى كورپۇس بويىچە كۆتىرە بېرىشكە ئۆزگەرتتى. داشقازان تامىقى يەيدىغان چاغدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشقا بالدۇر - كېيىن كەلسە ھېچگەپ بولمايتتى، ياخشى - يامان ئىشلىسە ھېچگەپ بولمايتتى، سۈپىتى ياخشى - يامان، سۈرئىتى تېز - ئاستا بولسا ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى، ماتېرىيال تېجەش ۋە ئىسراپ قىلىش بىلەنمۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى، ۋاقتى كەلگەندە پۇل قولىغا تېگەۋەردى. 1983 - يىلى بىنا كورپۇس بويىچە كۆتىرە بېرىش سىناپ يولغا قويۇلۇپ، ئىش ۋە ماتېرىيال، سۈپىتى، ئىش ۋاقتى كۆتىرە بېرىلىپ، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولغاچقا ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1984 - يىلى 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئىشتا چىقىش ئۈنۈمى 94.2% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.7% ئۆستى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 6485 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1045 يۈەن ئۆستى. 3 - ئەترەتنىڭ 4 - بەندە 32 كىشى 1983 - يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 400 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 12.500 يۈەن بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ۋىلايەتلىك تاشقى سودىنىڭ 300 مىڭ يۈەنلىك 1068 كۋادرات مېتىرلىق بىناسىنى ھۆددىگە ئېلىپ 110 كۈندە پۈتكۈزدى.

2. "تۆمۈر تاۋاق" تۇراقسىز مۇئاشقا ئۆزگەرتىلدى. شىركەت ياش ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن تۇراقسىز ئىش ھەققى تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئەسلىدىكى مۇئاش دەرىجىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېڭىۋاشتىن دەرىجە باھالاپ بېكىتىلدى، 5 دەرىجىگە ئايرىلدى: 1 - بىلەن 2 - دەرىجىنىڭ پەرقى 6 يۈەن، 2 - بىلەن 3 - دەرىجىنىڭ پەرقى 15 يۈەن، 3 - بىلەن 4 - دەرىجىنىڭ، 4 - بىلەن 5 - دەرىجىنىڭ پەرقى 12 يۈەن بولغان، يۇقىرىسىغا چەك قويمىدى، تۆۋىنىگە كاپالەتلىك قىلمىدى، قەرەللىك ھالدا بىر قېتىمدىن باھالاپ ماڭدى.

3. بىر ئاكتىپلىق ئىككى ئاكتىپلىققا ئايلاندى. ئىلگىرى، شىركەت ۋەزىپىنى تاپقاندىن كېيىن ھەر قايسى ئەترەتلەرگە تەقسىم قىلاتتى، تاپالمىسا دەم ئېلىپ، ئىش ھەققىنى ئوخشاشلا تارقىتىۋېرەتتى. بۇنداقتا، ۋەزىپىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى بىلەن ئىشچىلارنىڭ كارى بولمايتتى، ئالدىراپ كەتمەيتتى. شىركەت رەھبەرلىكى ئالدىرىغىنىدىن پاي - پېتەك بولۇپ كېتەتتى. 1982 - يىلدىن باشلاپ ئەترەتنىڭ ئۆزىگە ۋەزىپىنىڭ 50% ىنى تېپىش تاپشۇرۇلدى، قۇرۇلۇش تاپسا مۇكاپات بېرىشنى ئېنىق بەلگىلىدى. ۋەزىپە تاپالماي، ئۆيدە ئولتۇرسا ئىش ھەققى تارقاتمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان كىشىلەر قەيەردە قۇرۇلۇش بارلىقىنى ئاڭلىسا ھامان پاتال ئالاقىلىشىپ، شىركەتكە قول سۇنۇپ ئامال قىلمايدىغان، كۈتۈپ تۇرمايدىغان، يۆلىنىۋالمايدىغان، تەلەپ قىلمايدىغان بولدى.

4. ئەترەت باشلىقىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن سايلاشقا ئۆز-

گەرتىلدى. ئىلگىرى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىدىكى كادىرلار، كومپارتىيە ئەزالىرى ۋەزىپىگە تەيىنلىنەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر بولۇپ، بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قوماندانلىرى بولالماستىن مەمۇرى رەھبەرلەر ئىدى. 1983 - يىلى بارلىق قۇرۇلۇش ئەترەت باشلىقلىرىنى دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن سايلاشنى يولغا قويدى، نەتىجىدە سايلانغان يېڭى ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا، ياش پېشقان ئىشچىلار بولۇپ، ئۇلار ئىشلەشنىمۇ، قوماندانلىق قىلىشنىمۇ بىلىدۇ، ئادەملەرنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئەمەس، بەلكى ئىقتىدارلىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدى.

5. مۇقىم ئىشچى تۈزۈمى ھەرىكەتچان ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى. 1983 - يىلدىن بۇيان، يۇقۇرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بىر قىسىم ئىشچىلار ۋاقىتلىق ياللاپ ئىشلىتىلدى، ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىلغا بۆلىنىدۇ: (1) بەن-گۇرۇپپىلارغا بىنا ھۆددە بېرىلگەندىن كېيىن ئەمگەك كۈچى يېتىشمىگەندە، ئاز ساندىكى ۋاقىتلىق ئىشچى ياللاندى، ئۇلارنى خالىغان چاغدا بوشىتىش مۇمكىن بولىدى، ئالدىراش بولغاندا تەكلىپ قىلدى، ئالدىراش بولمىغاندا ئۇلارنى قايتۇردى. (2) توختام ئىشچى تەكلىپ قىلدى. ئۆز شىركىتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بىلەن توختام ئىشچىلار ھەمكارلاشتى، ئۇچاستىكىلار بويىچە ھۆددىگە ئالدى، ئەمگەك-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يولغا قويدى. (3) ۋاقىتلىق شوگۇت ياللاپ ئىشلەتتى. مۇشۇنداق بولغاندا قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش مۇمكىن بولدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى كېڭەيتىلدى، شۇنداقلا مەمۇرى باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئازايتالىدى.

6. مەمۇرى ئەترەت تەشكىللەش تۈزۈمىنى ئەترەت ئەزالىرىنى ئەترەت باشلىقى تاللىۋېلىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى. ئىلگىرى بىر لىيەندۇي بىر قانچە ئارىلاشما ئەترەتلەرگە بۆلۈنگەن، كىمنىڭ قايسى ئارىلاشما ئەترەتكە بېرىپ ئىشلىشىنى لىيەندۇي بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا بەلگىلەيتتى. بەزى «چاتاقچى» لارغا ئۇچرىغاندا ئارىلاشما ئەترەتنىڭ باشلىقى دەرت - ئەلەمىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن زېھنى قۇۋۋىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرگە تاقابىل تۇرۇشقىلا سەرپ قىلىناتتى. 1984 - يىلدىن باشلاپ، ئارىلاشما ئەترەتنىڭ باشلىقى بېكىتىلگەن (ياكى سايلانغان) دىن كېيىن، ئارىلاشما ئەترەتنىڭ باشلىقى ئۆزى تاللايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ئارىلاشما ئەترەتنىڭ باشلىقلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، ئەمدى باشقۇرۇش كۆپ ئاسانغا چۈشىدىغان بولدى، -دەپ ئىنكاس قىلىشتى.

7. مەمۇرى ئورۇنلار كارخانا خاراكتېرىدىكى ئورۇنلارغا ئايلاندى. ماتېرىيال بۆلۈمى ئەسلىدە مەمۇرى ئورۇن ئىدى، 1983 - يىلى كارخانا ئىگىلىكىگە ئايلاندۇرۇپ، مۇستەقىل ھېساۋاتنى يولغا قويۇپ، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولدى. بۆلۈم بويىچە ھەممە يىلەن مەسئۇل بولۇپ، ئامالىنىڭ بېرىچە ماتېرىيال سېتىۋېلىنىشتى، بىر قىسىم ماتېرىياللار نەق مەيدانغا بىۋاستە ئاپىرىپ بېرىلدى. بەزىلىرىنىڭ توشۇش ئارىلىقى يېقىن بولغاندا، ئۆزى قاچىلاپ توشۇپ، ئۆزى چۈشۈردى. 1984 - يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە 4مىليون200 مىڭ يۈەنلىك ماتېرىيال سېتىپ 40 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، يىل ئاخىرىدا 50 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. (ۋاڭ لياڭ)

**[ترانسپورت شىركىتى]** يېڭى ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەسىنىڭ ترانسپورت شىركىتى 35 يىللىق تارىخقا ئىگە كونا كارخانا. 1949 - يىل 9 - ئايدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى گەنسۇنىڭ جيۇچۈەنىنى ئازات قىلغاندىن كېيىن 2 - كورپۇسنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىر خېچىر ترانسپورت چوڭ ئەترىتىنى ئاساس قىلىپ، غەنىمەت ئېلىنغان گومىنداڭ ئارمىيىسى، تاشيول ئىدارىسى، بايلىق مەنبە كومىتېتى قوغداش 3 - ليەنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى 5 ئاپتوموبىل ترانسپورت ليەنى، بىر شۆبە رېمونت زاۋۇتى قىلىپ، 2 - كورپۇس ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ترانسپورت باشقارمىسى قىلىپ تەشكىللىگەن ئىدى، بۇ مەزكۇر شىركەتنىڭ تەكتى.

شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغانلىقى جاكالاندى، ئەمدىلا قۇرۇلغان بۇ ئاپتوموبىل قىسىملىرى قىسىمنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ۋە باندىت تازىلاشتىكى ئېغىر ترانسپورت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە قىسىمغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەردە قارارگاھ قۇردى.

1955 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئاپتوموبىل مۇستەقىل 3 - باتالىيونى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتوموبىل مۇستەقىل 3 - باتالىيونى ئارمىيە خىزمىتىدىن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا بولۇپ قالدى. 1969 - يىلى ئۆزگەرتىلىپ يېڭى ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەسىنىڭ ئاپتوموبىل باتالىيونى بولدى. 1975 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل كالونى بىلەن يېڭى ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەسىنىڭ ماشىنا ترانسپورت باتالىيونى بىرلەشتۈرۈلۈپ ۋىلايەتلىك ترانسپورت شىركىتى بولدى. 1979 - يىلى 12 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن يەنە قەشقەر 2 - ترانسپورت شىركىتىگە ئۆزگەردى. 1985 - يىلى 1 - ئايدا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 3 - ترانسپورت شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ھازىر بۇ شىركەت ئوتتۇرا تىپتىكى بىر كارخانىغا ئايلاندى. ئاپتوموبىل ترانسپورتىنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە ئاپتوموبىلنى چوڭ رېمونت قىلىش، رېزىنكە، تۇزلانغان ئۈچەي، ھاراق چىقىرىش، گىلەمچىلىك، تىكىنچىلىك، ياتاق بىناسى سېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ قارمىقىدا 4 ئاپتوموبىل ترانسپورت كالونى، 3 زاۋۇت (ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى، رېزىنكە زاۋۇتى، ھاراق زاۋۇتى)، 2 شىركەت (تۇرمۇش مۇلازىمەت شىركىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى) ۋە دوختۇرخانا، مەكتەپ، يەسلى قاتارلىق مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئورگانلىرى بار.

ترانسپورت شىركىتىنىڭ جەمئىي 230 تىجارەت ئاپتوموبىلى بار، 890 نەپەر خادىمى بار، يىللىق توشۇش قىممىتى 10 مىليون 500 مىڭ يۈەن. رېمونت زاۋۇتى يىلىغا 150 ئاپتوموبىلنى چوڭ رېمونت قىلىش، ئاپتوموبىلنىڭ 360 موتورىنى چوڭ رېمونت قىلىش، ئاپتوموبىللارنى ئوتتۇرا، كىچىك رېمونت قىلىش ھەمدە ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۇلارنىڭ ئادىمى 244 نەپەر، يىللىق رېمونت قىممىتى 2 مىليون يۈەن.

رېزىنكە زاۋۇدىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى: 5 مىڭ بالوننى يېڭىلىيالايدۇ، 100 مىڭ مېتىر ھەر خىل ئېچىتقۇ رېزىنكە تۇرۇبا، 7 توننا رېزىنكە بويۇملىرى، 100 مىڭ دانە شامالدۇرغۇچ تاسمىسى، 150 مىڭ A مېتىر 3 بۇرجەك تاسما ياسايدۇ، 152 نەپەر ئادىمى بار، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 580 مىڭ يۈەن؛ ھاراق زاۋۇدى، ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ، ھازىر تۈرلۈك ئەلا سۈپەتلىك ئاق ئۈزۈم ھارىقى، شامپان، ئۈزۈم پورتىسى قاتارلىق 15 خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 500 توننا، 62 نەپەر ئادىمى بار، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 800 مىڭ يۈەن. ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئۈچەي تۇزلاش سېخى يىلىغا ئەلا سۈپەتلىك 350 توننا تۇزلانغان ئۈچەي ئىشلەپچىقىرىدۇ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 160 مىڭ يۈەن، 33 نەپەر ئادىمى بار (ھەممىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى). گېلەمچىلىك كارخانىسى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان، يىلىغا 630 كۋادرات مېتىر گېلەم توقۇيدۇ. بىناكارلىق ئەترىتى ئۆز ئورنىنىڭ تۇرار جاي بىنالىرىنى زىممىسىگە ئالغان، ئۇلارنىڭ يىللىق ياساش قىممىتى تەخمىنەن 220 مىڭ يۈەن.

ئومۇمى ئاھالىسى 3865 كىشى، 1700 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، بۇلار ئىچىدە ياش ئىشچىلار 654 نەپەر، ئايال ئىشچىلار 690 نەپەر.

زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىناسى 1647 كۋادرات مېتىر، مەكتەپ، كىنوخانا قاتارلىق پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى 12681 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ جايى 22078 كۋادرات مېتىر.

بۇ شىركەت بويىچە ھازىر ساپ قىممىتى 6 مىليون 63900 يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك بار.

35 يىلدىن بۇيان بۇ تىرانسپورت شىركىتى ئارمىيەمىزنى شىنجاڭغا توشۇپ كېلىش، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا ياردەم بېرىش، جۇڭگو-سوۋېت سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، توپىلاڭنى تىنچىتىش ۋە چەگگە قاتنىشىش ھەمدە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش داۋامىدا، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنلاپ، بوز يەر مىنىستىرلىكى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيەسىنىڭ كۆپ قېتىملىق مۇكاپاتى ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1984 - يىلى شىركەت بويىچە 56126 توننا توشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى، 362854 كىلوگىرام ماي، 261 بالون تېجەپ قالدى. 1 مىليون 364900 يۈەن پايدا ئېلىپ، دىۋىزىيە بويىچە بىرىنچىلىكنى ئالدى، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەسى بويىچە ئىلغار ئورۇن، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيەسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيەسىنىڭ قوش ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشتى. (قەشقەر 2 - تىرانسپورت شىركىتى)

**[سېتىپ بېرىش شىركىتى]** يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەسىنىڭ سېتىپ بېرىش شىركىتى يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك كوپىراتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىسى بولۇپ، 1980 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلغان، شىركەت قۇرۇلغان چاغدا بىر يېڭى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بەلگىلەندى، يەنى:

1) مەبلەغ توپلاش چارىسى: 1. «پاي قوشۇپ سېرىدىغا قاتنىشىش، پايدىغا ئاپالەتلىك قىلىپ دارامەت تەقسىم قىلىش» دارامەتنى پايدىغا قاراپ تەقسىم قىلىش، سېلىنغان مەبلەغنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %8 دىن %12 كىچە بولۇش؛ بۇ پائىكىنىڭ پايدا پىرسەنتىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى بولۇپ، پاي قوشۇش جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىنىدى. 2 - چارۋىچىلىق فىرمىسى، ترانسپورت شىركىتى، بىناكارلىق شىركىتى 225 مىڭ يۈەن پاي قوشتى، ئۇنىڭغا قەرز ئېلىنغان 100 مىڭ يۈەننى قوشقاندا، 1981 - يىلى تىجارەتنى باشلىغان يىلى 325 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلانغان ئىدى؛ 2. يېڭى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى، پاي قوشقان كارخانىلار مۇدىر ئەۋەتتى، مۇدىرىيەت يىغىنى باش مۇدىرنى سايلاپ چىقتى. باش مۇدىر دىرېكتور تەكلىپ قىلدى. دىرېكتورغا ئىختىسالىق كىشىلەرنى تاللاش ھوقۇقى بېرىلدى. شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ ئاشلىق، نوپۇس مۇناسىۋىتى يۆتكەلمىدى. ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلار قايتۇرۇلدى؛ 3. سېتىپ بېرىش شىركىتىدە 3 خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

2) 1. پارچە سېتىش سودىسىدا چىڭلىبۇ، ماگىزىن ۋە تىجارەتچىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ھېساۋات يولغا قويۇلدى، ۋەزىپە ئۈلۈك بېكىتىلدى، ئاشۇرغان قىسمىدىن پىرسەن ئايرىپ بېرىلدى، ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىسا تۆلەپ بېرىلىشچا جازالاندى. يەككە - ئىچكى ماگىزىن ۋە كىچىك ماگىزىن شەخسلەرگە ھۆددە بېرىلدى؛ 2. توپ تارقىتىش بۆلۈمىدە يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان نورما بەلگىلەندى، ئاشۇرغان قىسمىدىن پىرسەن ئايرىپ، 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىگىچە باھالاپ مۇكاپاتلاش يولغا قويۇلدى. ھەر 10 مىڭ يۈەن پايدىغا 200 يۈەن مۇكاپات بېرىلدى، بۇنىڭ %50 نى سېتىۋالغۇچى خادىملارغا، %50 نى قالغان خادىملارغا بېرىلدى؛ 3. شىركەت دىرېكتورى «مۇكاپاتنى قوش ئالدى، جازانىمۇ قوش تارتتى»، يەنى ھۆددە %130 دىن ئارتۇق ئورۇنلانسا مۇكاپات ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلدى، ئەگەر %50 دىن تۆۋەن ئورۇنلانسا جازا ھەسسىلەپ كۆپەيتىلدى، ھەتتا تەكلىپنى بىكار قىلدى.

سېتىپ بېرىش شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىگىلىك ياخشى باشقۇرۇلغانلىقى، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن تەرەققىيات ئىنتايىن تېز بولدى. ھازىر پاي قوشقان كارخانىلار 8 گە يەتتى، 4 يىلدىن بۇيان ئىگىلىك باشقۇرۇش نەتىجىسى تۆۋەندىكىدەك بولدى:

| يىل | توپلانغان مەبلەغ | سېتىلغىنى | پايدىسى |
|---|---|---|---|
| 1981 | 412000 | 869000 | 44000 |
| 1982 | 764000 | 3710000 | 113000 |
| 1983 | 662000 | 4240000 | 13000 |
| 1984 | 412000 | 7130000 | 235000 |
| جەمئىي | 1750000 | 15949000 | 522700 |

سېتىپ بېرىش شىركىتى دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدا 12 ئادىمى، كونا ئاشخانىدىن ئۆزگەرتىلىپ ياسالغان بىر ماگىزىنى بار ئىدى، ھازىر تەرەققىي قىلىپ توپ تارقىتىش بۆلۈمى، چىڭلىبۇسى، يەرلىك مەھسۇلاتلار پونكىتى، داخىيەندىن يۆتكەش - توشۇش پونكىتى ھەم

9 سودا دۇكىنى، بىر زىيالىي ياشلار ماگىزىنى، جەمئىي 93 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ھالەتكە يەتتى.

سېتىپ بېرىش شىركىتى كۆپ پەل ئىگىلىك شەكلىگە ئىگە، ئالماشتۇرۇش يولى كۆپ، ھالقىلىرى ئاز بولغان توۋار ئالماشتۇرۇش سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. كەسپىي جەھەتتە، مەملىكەت بويىچە 23 ئۆلكە - شەھەرنىڭ 213 شىركىتى (زاۋۇدى) بىلەن توۋار كىرگۈزۈش ئالاقىسى ئورناتتى. ئالاقە ئورناتقان ئاساسىي زاۋۇتلار (سودا ئورۇنلىرى) ئىچىدە: فۇجيەن ئۆلكىسى فۇجۇ شەھەرلىك ئېلېكترونلۇق ھىساپلىغۇچى زاۋۇدى، شامەن ئىستېمال بويۇملىرى زاۋۇدى، گۇاڭجۇ شەھىرى بەييۈن يېزا ئىگىلىك سانائەت توۋارلىرىنى سېتىش شىركىتى، شاڭخەي شەھەرلىك تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، مېتال بويۇملىرى، قەن، تاماكۇ، ھاراق، توقۇمىچىلىق بويۇملىرى توپ تارقىتىش بۆلۈمى قاتارلىقلار بار.

سېتىپ بېرىش شىركىتى يەنە سودا ئالماشتۇرۇشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پولك - مەيدانلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرىدىكى زاۋۇت (سودا ئورۇنلىرى) بىلەن ئالاقىلىشىپ سېتىشنى تەشكىللىدى، 4 يىلدىن بۇيان، سېتىپ بېرىش شىركىتى ئىچكىرىگە ھەم شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكىگەن يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ئىچىدە: 300 توننىدىن ئارتۇق چۈچۈكبۇيا، 400 توننا چۈچۈكبۇيا مەلھىمى ھەمدە گۆلە، مۇرابباسى، قوغۇن قېقى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار بار. سېتىلىش مىقدارى 3 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 615500 يۈەن پايدا ئالدى.

سېتىپ بېرىش شىركىتى يېزا ئىگىلىك، سانائەت ۋە سودىنى بىر گەۋدە قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سېتىشتا، كەسپىي تارماق چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يەرلىك بىلەن بىرلەشمە تىجارەتنى كەڭ قانات يايدۇردى. 1982 - يىلى پوسكام ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك مەيدانى بىلەن شىرىكلىشىپ سودا دۇكىنى ئاچتى؛ 1984 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ كوممونا - ئەترەت كارخانا باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق سودا شىركىتى بىلەن شىرىكلىشىپ شەرق قىزاردى مۇراببا زاۋۇدى قۇردى؛ دۆڭگۇۋاغ سودا بىناسىنى باشقۇردى. سودا شىركىتى يەرلىك بىلەن بىرلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۈچۈن بىر مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆڭگۇۋاغ سودا بىناسى ئۈچۈن 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ھازىر يەنە 10 نەچچە تۈر مەسلىھەتلىشىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. (چېن پىڭ)

**[ 8 - مارت قىزىلبايراق كوللېكتىۋى - ترانسپورت شىركىتىنىڭ خىمىيە سانائىتى ئۇنىۋېرسال زاۋۇدى ]** يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە ترانسپورت شىركىتىنىڭ خىمىيە سانائىتى ئۇنىۋېرسال زاۋۇدى - ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان 150 نەچچە كىشىلىك كىچىك زاۋۇت ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ 10 خىل 100 نەچچە تۈرلۈك ئەلا سۈپەتلىك رېزىنكە بويۇملىرى بازارغا بۆسۈپ كىردى؛ 1984 - يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، 120 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئالدى.

بۇ زاۋۇتنى 1971 - يىلى ئائىلە تەۋەلەر تەشكىللىگەن، 1979 - يىلى ئومۇمخەلق

مۇاۋكچىلىكىگە ئۆزگەرگەن كىچىك كارخانا بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 80% تى ئايال. كۆپ يىللاردىن بۇيان، باشقۇرۇش قالايمىقان، ئۈسكۈنىسى قالاق، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ كەلدى. 1981-يىلى زاۋۇت بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئالىدىغان ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاش 30 يۈەنگە يەتمەيدىغان تۇرۇقلۇق ئايىمۇ-ئاي زىيان كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

پارتىيە كۆرسەتكەن ئىسلاھات يولى ئۇلارغا ئۆز ئىستىقبالىنى كۆرۈش ۋە ئۈمىدلىك بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ياچېيكا شۇجىسى شۇي جىڭخۇي كۆپچىلىكنى ئىلغار كارخانىلارنىڭ ئىسلاھ قىلىش روھى ۋە تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. كارخانىلار رىقابەت جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سۈپەت ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش لازىم. ئەسلىدە رېزىنكە زاۋۇدى مەلۇم قىسمىغا ئىشلەپ بەرگەن 400 بالۇننىڭ ھەممىسى دىگىدەك يارامسىز مال بولۇپ چىققان. مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن زاۋۇت يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى دەرھال ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. بىر تەرەپتىن رېزىنكە ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلاتلارنى تەكشۈرۈش يېڭى تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە سىرتقا ئادەم ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېڭى پار قازان، يېڭى رېزىنكە چەكلەش ماشىنىسى، يېڭى گۈڭگۈرتلاشتۇرۇش قېلىپلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىش ئورنى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادەم كىچە ھەمساۋات ئېلىپ بېرىلىپ سۈپەتنى ئۆز ئارا تەكشۈرۈپ، ياخشىلىرىنى مۇكاپاتلاپ، ناچارلىرىنى جازالاشنى نەق مەيداندا ئەمەلىلەشتۈردى. 3 بۇرجەكلىك تاسما بەندىكى بىر قانچە ئايال ئىشچى مەھسۇلات سۈپىتىگە ئېتىبار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن پۈتۈن ئايلىق مۇكاپات پۇلى تۇتۇپ قېلىنىش جازاسىغا ئۇچراپ پۈتۈن زاۋۇتنى زىل-زىلىگە كەلتۈردى. سۈپەت ھادىسىلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، تەننەرقى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، سۈپىتى تېز ئۆستى. 1982-يىلى ئاپتونوم رايون يېڭىلانغان بالونلارنىڭ يول مېڭىش مۇساپىسى بويىچە تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىۋېرسال زاۋۇدىدا يېڭىلانغان بالون 1-بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى مەھسۇلات سېتىشتا دەسلەپكى يولىنى ئېچىپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى ئىلگىرىكى 520 مىڭ يۈەندىن بىر سەكرەپلا 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى، زىياننى تۈگىتىپ 72 مىڭ يۈەن پايدا ئالىدىغان بولدى.

مەھسۇلات سۈپىتى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى تۇراقلىق ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىۋېرسال زاۋۇت كارخانا ئابرۇيىنى تىكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مەھسۇلات ئۈچۈن سېتىش يولى ئېچىشقا تىرىشتى. قاغىلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ شوپىرى جاڭ ئۇستا بۇ زاۋۇتتا يېڭىلانغان بالۇننى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئاجراپ كەتكەن، زاۋۇت بۇ مەھسۇلاتنى قايتۇرۇۋېلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، خېرىدارغا بالۇننى ئالماشتۇرۇپ بەردى. ئۇنىۋېرسال زاۋۇتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ۋە كەسپىي خادىملار مەيلى خېرىدارلار قاچان كېلىپ كەسپ ئۈستىدە مەسلىھەتلەشسۇن، ھەممىسىنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار يەنە مال ئېلىپ كەلگەن خېرىدارلار ئۈچۈن يۈك قاچىلاپ ۋە يۈك چۈشۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ھەق ئالمىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھەر يىلى 300 نەچچە ئاپتوموبىل يۈك چۈشۈرۈپ خېرىدارلار ئۈچۈن 2 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تېجەپ بەردى.

بىر قېتىم قەشقەر تېرە زاۋۇتىنىڭ رېزىنكە پوزىسى بۇزۇلۇپ قالىدۇ، ئىچكىرىگە مال زاكاس قىلسا ۋاقتىدا كېلەلمىگەچكە، ئۇلار ئىش توختاپ قېلىش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ. ئۈنۈۋېرسال زاۋۇت ئىسمىنى ۋە ۋاقىت كۆپەيتىپ ئىشلەپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، ئۇلارچە مۇۋاپىق بولغان مەھسۇلاتنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپ ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ ھەمدە تەننەرقى بويىچە ھېساپلاپ ئالغان پۇلى ئىچكىرىدىن ئېلىپ كەلگەنگە قارىغاندا نەرزان توختايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈنۈۋېرسال زاۋۇت جەمىيەتنىڭ ئىشەنچ - ئابرويىغا ئېرىشىدۇ. ھازىر شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرى بۇ زاۋۇتقا مال زاكاس قىلىدۇ، يېڭىلانغان بالونلار زاۋۇت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە قارىغاندا 10 ھەسسە ئاشتى.

ئاپال ئىشچىلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى تەشكىللەپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆگىنىش ھەمدە ئۆز زاۋۇتىنىڭ ماللىرىنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئەۋەتىپ بەردى. خېرىدارلار بۇ زاۋۇتنىڭ يېڭىلانغان بالونلىرىنى ئىشلىتىپ 40 نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈردى، بۇ بەلگىلىمىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق، بۇنىڭ بىلەن ئارقا-ئارقىدىن مال زاكاس قىلىشتى. ئۇلار ئىجتىمائى تەكشۈرۈش ئارقىلىق مۇھىت كۆكەرتىش، باغ - ۋارانلاشتۇرۇش ئۈچۈن سۇ قۇيۇشقا ئىشلىتىدىغان يېنىك سايمانلارغا كۆپلەپ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى، ئۇلار دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ھاۋا بىلەن ھەركەتلىنىدىغان رېزىنكە تۇرۇبا سوزۇش ماشىنىسىنى ئۆزى ياساپ رېزىنكە تۇرۇبىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، سېتىش يولىنى ياخشىلىدى. شەھەرنى جەلدى ئېھتىياجلىق مەھسۇلات بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلىدى. ئۇلار پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار سىرتقى جايلارنىڭ يېڭى ھۆنەر، ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ، شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنىڭ چىداش دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغانلىقىنى بايقاپ، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ سېتىۋېلىپ ئەپكېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا تېزلىكتە ئىشلەتتى، نەتىجىدە، شامالدۇرغۇچ تاسمىسىنىڭ سۈپىتى ئۆز جايىدىكى ئوخشاش مەھسۇلاتلاردىن ئېشىپ، بازار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۈنۈۋېرسال زاۋۇت ئەككى قەۋەتلىك ئىشخانا بىناسى، كەڭ زاۋۇت بىناسى ياسىدى. مەھسۇلاتلىرى كېرەككە كېلىدىغان بولغاچقا بازىرى تېز بولماقتا، يىللىق ساپ پايدىسى 30% دىن كۆپرەك سۈرئەت بىلەن ئاشماقتا، مەھسۇلات قىممىتى يېقىنقى 3 يىلدا بىر قاتلاندى. ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ ھازىرقى ئايلىق كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دۆلەتنىڭ مەمۇرى 22 - دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ ئايلىق مۇئاشىدىن ئېشىپ كەتتى. (فاڭ جېشىڭ)

**[ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسى دوختۇرخانىسى]**

يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى مارالبېشىدا بولۇپ، مارالبېشىدىن يەكەنگە قاراپ 40 كىلومېتىر ماڭغاندا مارالبېشى، يەكەن تاشيولىنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئۇنىڭ كارۋاتلىرى 200 دىن ئاشىدىغان بۇ دىۋىزىيىدىكى 100 نەچچە مىڭ كىشىنىڭ كېسەللىنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋە ئۇنى داۋالىغاندىن باشقا، يەنە يېقىن ئەتراپتىكى 3 ناھىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلدى. 10

نەچچە يىلدىن بۇيان، جەمئى ئاز سانلىق مىللەت كېسەللىرىدىن 212 مىڭ ئادەم (قېتىم)نى داۋالىدى، ياتاققا ئېلىپ داۋالىغانلىرى 1600 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئېغىر، خەتەرلىك كېسەل بولۇپ قۇتقۇزۇلغانلار 6300 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، ئومۇمى قۇتقۇزۇلغان ئېغىر، خەتەرلىك كېسەللەر ئادەم (قېتىم) نىڭ 70% نى ئىگەللىدى.

ئېغىزلاردا قاتناش قولايسىز، داۋالاش شارائىتى ناچار بولغاچقا، ئاز سانلىق مىللەت بىمارلىرى دوختۇرخانىغا كىرگەن چاغدا كۆپىنچىسى، كېسەللىك خەتەرلىك ۋە ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان ھالەتتە بولۇپ، قۇتقۇزۇش خېلى قىيىنغا توختايتتى. كەڭ تېببىي خادىملار قەھرىتان سوغۇق، تومۇز ئىسسىقلىرىغا پىسەن قىلماي، كېسەللەر يېتىپ كەلگەن ھامان بارلىق كۈچى بىلەن داۋالاشقا ئاتلاندى. سەل- پەل ئۈمىت بولغان تەقدىردىمۇ ئامالىنىڭ بېرىچە تىرىشىپ قۇتقۇلدۇردى، ھەر بىر ئوكۇل يىڭنىسى، ئوپېراتسىيە پىچىقى ھەم قايچىسىغا قېرىنداش مىللەتلەرگە بولغان چوڭقۇر مېھرى- مۇھەببەت سىڭگەن ئىدى. قۇتقۇزۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 75% دىن 90% گە كۆتىرىلدى. خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان نۇرغۇن ئۇيغۇر بوۋاي، موماي، ئاياللار، بالىلارغا 2- قېتىم ھايات بەردى، بۇنىڭ بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت ھەم مىللىي يولداشلارنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

1973- ۋە 1981- يىللىرىنىڭ 7-، 8- ئايلىرىدا قىسىم تۇرۇشلۇق جايغا يېقىن بولغان ئېغىزلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ 2 قېتىم جىددىي خاراكتېرلىك ئۈچەي يولى يۇقۇملىنىش كېسىلى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، زور تۈركۈمدىكى كېسەللەر خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. دوختۇرخانا شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان تېلېفونىنى ئالغاندىن كېيىن جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، بىر قانچە "تېز قۇتقۇلدۇرۇش، داۋالاش ئەترىدى" تەشكىللەپ كېسەللىك تارقالغان رايونغا ئاتلاندى. تېببىي خادىملار ئۆزلىرىگە يۇقۇملىنىپ قېلىش خەۋپىدىن قورقماي داۋالاش شارائىتى ناچار ھەم تېببىي دورا، ئەسۋاپ- سايمانلار قىس بولۇش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كېچىنى- كۈندۈزگە ئۇلاپ خىزمەت قىلىپ، قىسقىغىنا مەزگىل ئىچىدە كېسەللىكنى تېزگىنلىدى ھەم يوقاتتى. 2 قېتىم 650 نەپەر بىمارنى بىرلىكتە قۇتقۇزدى، بىرمۇ ئۆلۈم ۋەقەسى كۆرۈلمىدى. بۇ ئىككى قېتىمدا يۇقۇرى دەرىجىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق تارماقلىرى ھەم شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى.

دوختۇرخانا پارتكومى ھەم ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى بىر چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتتى. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان بىر كوممۇنا دوختۇرخانىسىنىڭ سېلىنىشىغا ياردەملەشتى؛ زور تۈركۈمدىكى داۋالاش ئەترەتلىرىنى كوممۇنا ۋە ناھىيەلىك دوختۇرخانىلىرىغا ئەۋەتىپ خىزمەتكە ياردەملەشتۈردى، يەرلىك دوختۇرخانىلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تېببىي خادىملىرىنى ئەكېلىپ تەربىيىلىدى، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئاز سانلىق مىللەت تېببىي خادىملىرىدىن 30 نەچچە كىشىنى تەربىيىلىدى. كەڭ تېببىي خادىملار خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، داۋالاش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىپ، ئۆيلىرىدە ياتاق يارىسى پەيدا بولغان نۇرغۇن كېسەللەرنى سەل-

لىمازا ساقايتتى، دوختۇرخانا بازار كۆلىمى ئەتراپتىكى دېخانلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى ھەم دورا ئاپىرىپ بەردى، ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى رەھبەرلىك بۆلۈم- ئىدارىلەر خادىملىرىنى باشلاپ ئەتراپتىكى دېخانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇبارەكلىدى، ئۆز خىزمىتىنى تەكشۈرۈش، ياخشىلاش ئۈچۈن ئاممىدىن پىكىر ئالدى.

**[سىياسى - قانۇن، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى]** يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسى-قانۇن، ج خ ئورگىنى 1966- يىلى يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسى قۇرۇلغان چاغدىلا قۇرۇلغان. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دا پاچاقلىۋېتىلگەن، ئارقىدىنلا يەنە يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسى بىلەن بىرلىكتە يەرلىككە قوشۇۋېتىلگەن ئىدى. ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسى-قانۇن ئورگىنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى پارتكومىغا تەستىقلىتىپ 1984 - يىل 4 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ تەشكىللەندى. ئۇ دۆلەتنىڭ سىياسى - قانۇن، ج خ سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايون، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى سىياسى - قانۇن، ج خ ئورگانلىرى رەھبەرلىك قىلىدۇ، شىتات ۋە راسخودىنى ئاپتونوم رايون ئاجرىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ج خ باشقارمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شۆبىسى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە باشقارمىسى ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساۋخۇ بوز يەر ئېچىش رايونى سىياسى-قانۇن، ج خ ئورگىنى قۇرۇلغان تۇنجى سىياسى-قانۇن ئورگىنىمۇ يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق ھەر قايسى پولك-مەيدانلاردا ج خ ئورگىنى پەيچۇسو قۇردى ياكى ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق ج خ ۋاكالەتچىلىرىنى ئەۋەتتى، ئەدلىيە ئورگىنى ئەدلىيە ياردەمچىلىرىنى سەپلىدى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سىياسى-قانۇن ئورگانلىرىنى قۇردى. پۈتۈن دىۋىزىيىنىڭ سىياسى-قانۇن، ج خ خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسى پارتكومى سىياسى-قانۇن كومىتېتى ۋە ئىشخانىسى قۇردى. ھازىر دىۋىزىيە بويىچە سىياسى-قانۇن، ج خ كادىرلىرىدىن 300 دىن ئارتۇق كىشى بار (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىسىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ).

يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسى-قانۇن، ج خ ئورگىنى ئەسلىگە كېلىپ تەشكىللەنگەندىن بۇيان، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىگە پائال ئاتلاندى، "ئېغىر ھەم تېز بولۇش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇرىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قەشقەر ۋىلايىتى ھەم ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيەلەر بىلەن زىچ ماسلىشىپ، بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى تۇتۇپ، ئېغىر جازا كۆرۈپ ناھايىتى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، دېخانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جەمئىيەت ئامانلىقى ھەم ئىجتىمائىي كەيپىيات روشەن ھالدا ياخشىلاندى، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1984-يىلى 7 پولك-مەيدانغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدىغان بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. "ئۆزگەرتىش بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئىككىنچى" فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىپ، قىسقىغىنا مەزگىل ئىچىدە زور كۆپ ساندىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسى تۇراقلاشتى، ئۇلار ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپ، ئاكتىپ ئەمگەك قىلىپ، كونا يولدىن يېڭى يولغا مېڭىشقا، جىنايىتىنى يۇيۇپ، ياخشى ئادەم بولۇشقا باشلىدى. جىنايەتچىلەرنىڭ 20 % ىنىڭ جازا ۋاقتى قىسقارتىلدى. (ۋاڭ تىمك)

# پەن - تېخنىكا

## ئاساسىي ئەھۋال

**[پەن - تېخنىكا كومىتېتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى]** قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1975- يىلى ئەسلىگە كەلگەن. 1984- يىلى ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەرتىپكە سېلىندى، زىيالىيلارنىڭ نىسبىتى ئاشۇرۇلدى، 28 نەپەر رەھبەر ئىچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار ياكى ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە تەڭ كىشىلەر 16 نەپەر بولۇپ 57.1% نى ئىگىلىدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر ياكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سەۋىيىسىگە تەڭ كىشىلەر 10 كىشى بولۇپ 35.7% نى ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 43.6 ياش. ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى كۆپىيىپ 100 كىشىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 44 كىشى بولۇپ 44% نى ئىگىلەيدۇ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 30 كىشى بولۇپ، 30% نى ئىگىلەيدۇ، كەسپىي پەن - تېخنىكا خادىملىرى 74 كىشى بولۇپ 74% نى ئىگىلەيدۇ.

پەن - تېخنىكا ئىقتىسادىي خىزمەتكە يۈزلىنىشى لازىم دېگەن روھقا ئاساسەن، 1984- يىلى پەن - تېخنىكا كومىتېتى 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا راسخودىنى ماس ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېچىش خاراكتېرلىك تۈرلەرنى نۇقتىلىق قوللاپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. مەسىلەن، قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئېكسپورت قىلىنىدىغان 30 × 30 لىك ئېپەز چىتنى سىناق تەرىقىسىدە توقۇپ، شۇ يىلى تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا 3 مىليون مېتىر سېتىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ قەشقەر سوپۇن زاۋۇدى ئوكسىگېن ياساش ھۈنەر - سەنئىتىنى سىرتتىن كىرگۈزۈپ، شۇ يىلى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ 7562 كۇب مېتىر ئوكسىگېن ئىشلەپچىقاردى؛ ئوتياشنى ساقلاش يېڭى تېخنىكىسى كىرگۈزۈلۈپ، ئوتياشنى توڭلۇتۇشتا دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلدى ھەمدە بازارلار تەمىنلەندى؛ يەكەن پەن - تېخنىكا كومىتېتى يېتىشتۈرگەن «301 — 79» كۈزگى بوغداينى ئاپتونوم رايون ئۇرۇق خىللىرىنى رايونلاشتۇرۇش ئورنىنىڭ بېكىتىشى ئارقىسىدا «قەشقەر كۈزگىسى 5 - نومۇرلۇق» دەپ رەسمىي ئىسىم قويۇلدى؛ يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ سەمەت ئۆرۈكى كۆلىمى كۆپەيتىلدى. 300 مىڭ تۈپ ئۇلىنىپ، تۇتۇش ئۈنۈمى 86% گە يەتتى؛ يەكەن نەسىللىك قوش مەيدانى گۆش توخۇسىنىڭ يەم - بوغۇز رېتسېپىنى تەجرىبە قىلىپ، ئېغىرلىقى 63 كۈندە 2 كىلوگرام ئېشىشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى؛ كونىشەھەر ناھىيىسى نىلۇپەر يىلتىزىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش تېخنىكىسىنى سىرتتىن كىرگۈزۈپ ئۆستۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؛ قۇياش قۇۋۋىتىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە 340 كۇۋادرات مېتىرلىق 5 قۇياش قۇۋۋىتى مۇن

چىسى ياسىدى، يېغىنشەر ناھىيىسى 2.2 m² لىك تۇياش ئوچىقىدىن 150 نى ئۆزگەرتىپ ياسىد-
دى، مارالۋېشى تۇياش قۇۋۋىتى ئارقىلىق مېۋە قۇرۇتۇشتا مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى، قاغىلىق
ناھىيىسى شامال كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىشنى سىناق قىلىش نۇقتىسى قۇردى.



ئېتىزدا سورت كۆرۈش.

يەكەن ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومى-
تېتى پەن - تېخنىكا كەسپىي ئائىلىلىرى-
نى تەشكىللىدى، يوپۇرغا ناھىيىلىك پەن-
تېخنىكا كومىتېتى پەن - تېخنىكىنىڭ ئا-
راتلارنى يۆلەشكە خىزمەت قىلدۇرۇشنى قول-
لاپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تە-
دىرلىشىگە ئېرىشتى، يېڭىسار ناھىيىلىك
پەن - تېخنىكا كومىتېتى گۆلە قۇرۇتقىلى-
دىغان ئۈزۈكنىڭ كۆپەيتىشىنى ئىلگىرى
سۈردى، پوسكام ناھىيىلىك پەن- تېخنى-
كا كومىتېتى ئاشلىق، پاختىدىن كەلگۈ-
لەمدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش بويىچە تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى كې-
ڭەيتىپ قوللىنىپ پايدىلىق تۆھپە قوشتى. ئۇندىن باشقا، ئىككى دەرىجىلىك پەن - تېخ-
نىكا كومىتېتلىرى يەنە راسخوت چەمەتتە تاۋۇز، قوغۇن سورتلىرىنى تەكشۈرۈش، تاللاپ
يېتىشتۈرۈشنى قوللىدى؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئا-
لدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچلىرى تەكشۈرۈپ بەلگىلەندى؛ يەنە كۆلدە
بېلىق بېقىپ بىر موسىدىن 800 جىڭدەك يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش، ئورمانلارنى تېز ئۆستۈ-
رۈش تېخنىكىلىرى، شور-زەي يەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش، قەشقەر تېرە زاۋۇتىنىڭ
خۇتەر - سەنئەت ئىسلاھاتى، قەشقەر سېمونت زاۋۇتىنىڭ سىرتتىن كىرگۈزگەن سېمونت يا-
ساش تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار بار.

پەن-تېخنىكا راسخودىنى كۆپ مەنبەگە ئىگە
قىلىش يولىنى ئېچىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك پەن - تېخ-
نىكا كومىتېتى ھەر قايسى تۈر، مەسىلىلەر بويىچە
مەخسۇس راسخوتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت
بەردى، مەركەزدىن قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پاي-
دىلىنىش ئۈچۈن 400 مىڭ يۈەن مەخسۇس
پۇلنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم را-
يونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ
قۇياش ئېنېرگىيىسى تەتقىقات ئورنىدىن قۇياش
ئوچىقىنى سىناق تەرتىپىدە ياساش ئۈچۈن مەخ-
سۇس 22500 يۈەن قولغا كەلتۈردى. 3 خىل



ھەۋەسكارلار. ياۋىي فوتوسى

راسخوتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پىلاننى تور تۇغرىسىدىكى تىمىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە دەملىلەش ۋە توختام تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چىڭىتتى، تىما تەتقىقاتىنى ئاساس قىلىشتىن سىرتتىن كىرگۈزۈپ ھەزىم قىلىش، تەدبىقلاش، ئىچىشنى ئاساس قىلىشقا يۆتكەلدى، بۇنىڭ بىلەن ساناتەت ۋە كاسىپ ئىشلىرىنىڭ راسخودىنى ئىشلىتىش نىسبىتى ئاشۇرۇلدى. 3 خىل راسخوت ھەقسىز توختامدىن ھەقلىق توختامغا يۆتكەلدى. 1984- يىلى ھەقلىق توختام 102400 يۈەن بولۇپ راسخوتنىڭ 73.6% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ بىلەن ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان ئورۇن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، تەتقىق قىلىش، سىناق قىلىشتىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىچە بولغان ۋاقىت قىسقارتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىش، كۆتۈرۈلۈش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، سىرتتىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىلەن بولغان ئالاقە ئورنىتىلدى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق مەشھۇر ئالىمغا ئۈچۈش تېخنىكى مۇتەخەسسىسى دەي جاۋيۈ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى گوگۇاڭشەن، مەملىكەت بويىچە مەشھۇر ئاشلىق مۇتەخەسسىسى، خېبېي ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى لى دۇڭخۇي، دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ياڭ ۋېيجى قاتارلىقلار كۆتۈرۈلمىدى. (لى ۋېنمىڭ)

[پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى] قەشقەر ۋىلا - يىتىنىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 1980- يىلى 7- ئايدا تەشكىللەنگەن، ئۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى تەبىئىي پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلەشمە تەشكىلات. 1984- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت ھەم 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرىگە ھەر مىللەت كەسپىي كادىرلىرىدىن 48 كىشى سەپلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە 39 كىشى بار. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر 23 بولۇپ، ئۇلارنىڭ 2877 ئەزاسى بار. ناھىيە دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر 74 بولۇپ 3272 ئەزاسى بار. يېزىلىق پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتلىرى 46 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسى 1981 يىلى 12- ئايدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ يېزىلىق پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرغان ئىدى. ھازىر يېزىلىق پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرغانلار ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي يېزا سانىنىڭ 33.6% نى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت بويىچە 112 كەنتتە پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى.

1984- يىلى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ كۈندىلىك كەسپىي خىزمەتلىرى ئاساسەن ئىلمىي جەمئىيەتلەر پائالىيىتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، ياش - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ۋە پارتىيىنىڭ پەن - تېخنىكا سېپىدە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بولدى.

ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن، زىرائەت ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇدا ئىككى يىل دەرس سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ

8 ناھىيىگە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك پەن-بىلىملىرى ھەم ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى سۆزلىدى. ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى 8- ئايدا ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، 12 ئىلمىي ماقالە يازدى ھەم توپلىدى. ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئورمان سېستىمىسىدىكى تېخنىكا كادىرلىرىنى تەشكىللەپ 9- ئاينىڭ ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېقىلغۇ ئورمانلىرىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، ئورمان تەھيا قىلىش تېخ- نىكىسىنىڭ ئەڭ ياخشى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۈسۈملۈك ئاسراش ئىلمىي جەم- ئىيىتى ۋىلايەت بويىچە 10 نەچچە نۇقتىدا 10 نەچچە خىل يېڭى دېخانچىلىق دورىسىنى ئىلمىي يوسۇندا تەجرىبە قىلىپ، مۇداپىئە ئۈنۈمى يۇقىرى، قالدۇق زەھىرى تۆۋەن يېڭى دېخانچى- لىق دورىسىنى تەجرىبە قىلدى. چوت ئىلمىي جەمئىيىتى پۈتۈن يىلدا جەمئىيەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، 13 قېتىم چوت مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئوچاستكىسى مۇسابىقىسىدا قەشقەر ۋىلايىتى 3 - لىككە ئېرىشتى. سۇ ئىلمىي جەمئىيىتى يىل ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقلىرى پەن- تېخنىكىسى بويىچە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت مەركىزى قۇردى.

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەر ۋە ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ پەن - تېخنىكا جەمئى- يەتلىرى 15 خىل پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرنىلىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلدى، ئۇنىڭ تار- قىتىلىش تىراژى 13470 نۇسخىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1984 - يىلى «يېڭىشەھەر پەن - تېخ- نىكىسى» ، «قاغىلىق ئۇچۇرلىرى قىسقا خەۋەرلىرى» نەشر قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە 3 ناھىيىدە پەن - تېخنىكا ئىلمىي تەربىيەۋى فىلىمى جەمئى 37 مەيدان قويۇلدى. ئۇنى كۆرگۈچىلەر 13 مىڭ ئادەمدىن ئاشتى. 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى- گە قەدەر غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىنىڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرىگە ماسلىشىپ، «پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، فېئودال خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش» كۆرگەزمىسىنى بىرلە- شىپ ئۇيۇشتۇردى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەردە كۆرگەزمە قىلدى، ئۇنى كۆرگۈچىلەر 44371 ئادەمگە يەتتى.

ياش - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ئاساسەن، 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئايال- لار بىرلەشمىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى، يەر تەۋرەش ئىشخانىسى ھەم شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ 2 - چوڭ ئەترىتى بىرلىشىپ مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر گېئولوگىيە يازلىق لاگېرى شىنجاڭ لاگېرىنىڭ قەشقەر شۆبە لاگېرى پائالىيىتىنى تەشكىللىدى. لاگېر ئەزالىرى 10 ناھىيە (شەھەر) دىن كەلگەن «3 تە ياخشى» ئوقۇغۇچىلار، مۇنەۋۋەر تەربىيىچىلەر ۋە قىزىلسۇ ئاپ- تونوم ئوبلاستىنىڭ ۋەكىللىرى، ئازاتلىق ئارمىيە ۋەكىللىرىدىن بولۇپ جەمئى 78 كىشىدىن تەركىب تاپتى. 10 - ئايدا ۋىلايەت خاراكتېرلىك ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەننى سۆيۈش ئېيى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نام بېرىلگەن

تۇنجى ياش ـ ئۆسمۈرلەر بىئولوگىيە پەن ـ تېخنىكا يىلى بولدى، ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەر ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىدا «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر بىئولوگىيە ئەۋرىشكىلىرى كۆرگەزمىسى»نى ئېچىپ، 3500 ئەۋرىشكىنى كۆرگەزمىگە قويدى، ئۇنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار 9 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. كەسپىي ـ تېخنىكا خادىملارنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىلىق، قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، قەشقەر 10 ـ باشلانغۇچ مەكتىپى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، ئىلغار شەخسلەردىن 1 ـ دەرىجىلىكلەر 10 نەپەر، 2 ـ دەرىجىلىكلەر 20 نەپەر، 3 ـ دەرىجىلىكلەر 40 نەپەر بولدى.

پارتىيىنىڭ پەن ـ تېخنىكا سېپىدە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەملەشتى: 1984 ـ يىلى ئىچىدە ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى پەن ـ تېخنىكا جەمئىيەتلىرى ئادەم ئەۋەتىپ پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. 1 ـ ئايدا ۋىلايەت ھەم ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پەن ـ تېخنىكا تەقدىرلەش يىغىنلىرىنى چاقىردى، چېگرا رايوندا خىزمەت قىلغىنىغا 20 يىلدىن ئاشقان 1773 نەپەر پەن ـ تېخنىكا خادىمىغا تۇنجى قېتىم شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىنى تارقىتىپ بەردى. چېگرا رايوندا خىزمەت قىلىپ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 86 نەپەر ئىلغار پەن ـ تېخنىكا خادىمى تەقدىرلەندى ھەم مۇكاپاتلاندى. بۇلار ئىچىدە 32 كىشى دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى، ئەمگەك ـ كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ تەقدىرلىشى، مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. 2 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى، يوپۇرغا، مارالبېشى، تاشقورغان، پەيزاۋات ناھىيىلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەمئىيەتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1983 ـ يىللىق ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، ۋىلايەتلىك ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى، ھاۋارايى ئىلمىي جەمئىيىتى، سۇ ئىلمىي جەمئىيىتى، بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، زىرائەت ئىلمىي جەمئىيىتى، سېستىرالىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەربىيىچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ئىلغار ئىلمىي جەمئىيەتلەر بولۇپ باھالاندى. 10 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى يېزىلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى چاقىردى، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ سېيەك يېزىلىق پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى مەملىكەتلىك يېزا پەن ـ تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاناركۆل يېزىسىدىن ئىمىن يۆڭگى، كونەنەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسىدىن توختى جۇمە مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئىلغار شەخسلەر بولۇپ باھالاندى. (چېن سۇشۇن)

## [جانلىنىۋاتقان يېزىلىق پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى]

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاناركۆل يېزىلىق پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى 1982 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، دېخانچىلىق

ئېلىمى، سۇ ئىنشائاتى، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، ئۆسۈملۈك ئاسراشتىن ئىبارەت 7 ئىلمىي گۇرۇپپا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، جەمئىي 380 ئەزاسى بار. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا خادىمى، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھۈنەرۋەنلەر ۋە يېزىغا قايتقان زىيالىي ياشلاردىن تەركىب تاپقان.

ئاتاركۆل يېزىلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى يېزىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپخىل شەكىل قوللىنىپ، دېھقانلار ئارا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پەن-بىلىمنى تەشۋىق قىلىپ ھەم ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەم تۇۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 1984 - يىلى بىلەن 1978 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8 مىليون 320000 جىڭ بولۇپ، بىردىن كۆپرەك قاتلاندى، پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8100 دەن بولۇپ بەشتىن كۆپرەك قاتلاندى. ياغلىقدان 120 مىڭ جىڭ بولۇپ تۆتتىن كۆپرەك قاتلاندى، بىر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان كىرىم ۋە ئوزۇقلۇق ئاشلىقمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككىدىن كۆپرەك قاتلاندى. ئىككى يىل ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئاساسى قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى 30 يىللىق ئومۇمىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپرەككە توغرا كەلدى.

ئاتاركۆل يېزىلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسەن 3 ئىشنى تۇتتى:

(1) پەن - تېخنىكا خادىملىرى پىلان - تەدبىر، چارە - تەدبىر كۆرسىتىشكە، يېزىلىق پارتكومغا پەن - تېخنىكا مەسلىھەتچىسى بولۇشقا تەشكىللەندى. يېزا ئىگىلىك ئىلمىي گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاتاركۆل يېزىسىنىڭ تۇپرىقىنىڭ قىزىل سېغىز تۇپراق بولۇشى، زەي، شورى ئېغىر بولۇشى، كۈزدە سۇ كۆپ، ئەتىيازدا سۇ قىس بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاشلىق ھەم ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە نىسبىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، ئاشلىق تېرىشقا ماس كەلمەيدىغان جايلارغا پەيدىن - پەي كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، ئوت - چۆپ ياكى باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىش ئارقىلىق چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر قىسىم يەرنى ئاجرىتىپ باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاشلىق، ئىقتىسادىي زىرائەت، ئورمان - مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ 3 تىن بىر قىسىم يەرنى ئىگەللەشنى تەكلىپ قىلدى. يېزىلىق پارتكوم ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندۇردى. يېزا 44 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر سۇ ئۆتكۈزگۈچ ياسىماقچى بولغاندا، ناھىيىنىڭ سۇ ئىنشائاتى تارماقلىرى بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن تەخمىنەن 35000 يۈەن كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن ئىدى. يېزىلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قارمىقىدىكى سۇ ئىنشائاتى گۇرۇپپىسى ئۆزى تەكشۈرۈش، لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىشنى قارار قىلىپ، پەقەت 15000 يۈەنلا خەجلەپ، 31 كۈندىلا

قۇرۇلۇشنى پۈتتۈردى. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق بۇ قۇرۇلۇشنىڭ سۈ-
پىتى تەلەپكە تامامەن ئۇيغۇن بولدى.

(2) يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ «ئىككى ئائىلە»لەرگە زور كۈچ بىلەن
يار - يۆلەكتە بولۇپ، يېزا تۇۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. يېزىلىق
پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى «ئىككى ئائىلە» لەرنى جەمئىيەتكە پائال قو-
بۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قوللىدى، ئۇلارنىڭ ئۆلگە كۆر-
سىتىشى ئارقىلىق، دېھقانلار ئارىسىدا يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇردى ھەم كېڭەيتتى. 1983-
يىلى يېزا بويىچە يازلىق ئاشلىقتىن 10 مىڭ جىڭ ھوسۇل ئالغان ئائىلە ئاران 3، يىل-
لىق ئاشلىقتىن 10 مىڭ جىڭدىن ھوسۇل ئالغان ئائىلە ئاران 6 بولغان بولسا، 1984 - يى-
لى يازلىق ئاشلىقتىن 10 مىڭ جىڭ ھوسۇل ئالغان ئائىلە 29 غا، يىللىق ئاشلىقتىن 10 مىڭ
جىڭ ھوسۇل ئالغان ئائىلە 70 نەچچىگە يەتتى. يېزىلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش
جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىدە، ئاز بولمىغان دېھقانلار سورتلۇق ئۇرۇقلۇق ئىشلى-
تىپ، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن پەرۋىش قىلدى. 1984 - يىلى يېزا بويىچە دۆلەتكە تاپشۇرۇل-
غان تۇۋار ئاشلىق بىر مىليون 590 مىڭ جىڭ بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 28% ئاشتى.

(3) كۆپخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى
زور كۈچ بىلەن قانات ياي دۇردى. يېزىلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى
پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى جانلىق، تېتىك قانات ياي دۇردى. ئۇلار
قوللانغان ئاساسىي شەكىللەر: 1. پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش قىرائەتخانىسى قۇردى؛
2. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كىنولىرىنى قويدى؛ 3. پەن -
تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەسىم كۆرگەزمىسى كارىدورى ياسىدى؛ 4. پەن -
تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش سىملىق رادىيو لېكسىيىسى، پەن - تېخنىكا كۇرسى ھەم نەق
مەيدان تېخنىكا دەرسى ئۇيۇشتۇردى. 1984- يىلىلا 28 قېتىم تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تەر-
بىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، قاتناشقان خادىملار 18765 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

ئانار كۆل يېزىلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قىسقىغىنا ئىككى
يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى ئۆزىگە خاس رولىنى ھەم ئۇرغۇپ
تۇرغان ھاياتى كۈچىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايەن قىلدى. (لى يىچۈەن)

**[قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى]** ۋىلايەتلىك يېزا
ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنى 1959-يىلى 1-ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان. 1984-يىلىدىن باش-
لاپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە قەشقەر مەمۇرى مەھكى-
مىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر ئۇنۇېرسال يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنىغا ئايلاندى،
ئۇ كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەھبەر-
لىكىدە، مەمۇرى جەھەتتىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ھازىر تۇپراق -
ئوغۇت، ئاشلىق - زىرائەت، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، ئۆسۈملۈك ئاسراش، باغۋەنچىلىك،
پەن - تېخنىكا ئاخباراتى قاتارلىق 6 تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە بىر ئىشخانا، بىر تەجرىبە
قىلىپ كۆپەيتىش مەيدانىدىن ئىبارەت 7 ئىشخانا، بىر مەيدان تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ

300 مودىن ئارتۇق تەجرىبە يېرى، 100 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار، بۇلار ئىچىدە تېخنىكا كادىرى 32 نەپەر، مەمۇرى كادىر 11 نەپەر، پەن ـ تەتقىقاتى ياردەمچىلىرى ۋە ئىشچىلىرى 57 نەپەر، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەنلەر بىر نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەنلەر 8 نەپەر.

قەشقەر يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقاتى ئورنى ئاساسەن، ئاشلىق، زىرائەت، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئوتياشلارنىڭ يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مول ھوسۇل ئېلىش، تېكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، تۇپراق ياخشىلاش، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، ئۆسۈملۈكلەرگە لازىم بولىدىغان قۇۋۋەت، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش، تېزگىنلەش، ئاخبارات، ئۇچۇر قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ئۈلگە كۆرسىتىش، تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تېخنىكىلىق تەربىيىلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، پەن-تەتقىقاتنى ئاساس قىلىدۇ.



ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقاتى ئورنىدىكى پەن-تەتقىقاتى خىزمەتچىسى خىزمەت ئۈستىدە.

بۇ ئورۇن قۇرۇلغان 25 يىل مابەينىدە 25 پەن-تەتقىقاتى تۈرى بويىچە نەتىجىگە ئېرىشتى، ئاشلىق، كېۋەز، ياغلىق دانىنىڭ يېڭى سورتىدىن «قەشقەر كۆزگىسى 1 ـ نومۇرلۇق»، «قەشقەر كۆزگىسى 2 ـ نومۇرلۇق»، «قەشقەر كۆزگىسى 3 ـ نومۇرلۇق»، «قەشقەر 601 قىزىل قولاق پاختىسى»، «قەشقەر 7331 زىغىر»دىن ئىبارەت 5 خىل يېڭى سورتنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، بۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بويىچە 7 تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا 22 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى، بۇ تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغان 25 يىل مابەينىدە سېلىنغان مەبلەغنىڭ 7.7 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. (جاڭ يۇلىن، لۇجىيشىڭ)

**[ يېزا ئىگىلىك پەن ـ تەتقىقاتى ئورنىنىڭ پەن ـ تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيىتى ]**

(1) مۇكاپاتلانغان پەن-تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنىڭ تۈرلىرى:

1978 ـ يىلدىن بۇيان، پەن-تەتقىقاتى ئورنىمىزنىڭ پەن تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىچىدە ئاپتونوم رايون مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 7؛ ۋىلايەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 14 (بۇنىڭ ئىچىدە 4 مۇھىم مۇكاپات بار)؛ ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 3.

مۇكاپاتلانغان تۈرلەرنىڭ ئىسمى، مۇكاپاتلىنىش دەرىجىسى، مۇكاپاتلىغان ئورۇن ۋە

تەتقىقات ئىسمىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى ھەم ھەمكارلاشقۇچى خادىملار جەدۋىلى تۆۋەندىكىچە :

| نومۇرى | يىل | مۇۋەپپەقىيەت ئۇتۇقنىڭ ئىسمى | مۇكاپات دەرىجىسى | مۇكاپاتلىغان ئورۇن | تەتقىقات ئىسمىغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى | ھەمكارلاشقۇچى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| 1 | 1978 | ئالما قۇرۇتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلەنچىدىن مۇداپىئەلىنىش | 3 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى | جاۋ گۇيجىي | غوجى مەمەت |
| 2 | 1978 | كۆزگى بۇغداي ھالكېسەللىكىنىڭ تار - قىلىش قانۇنىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات | | 〃 | 〃 | لىۋ پەيجىن |
| 3 | 1978 | «قەشقەر 1- نومۇرلۇق كۆزگى بۇغداي سورتى» نى يېتىشتۈرۈش | | ۋىلايەتلىك پەن تېخنىكا كومىتېتى | ۋاڭ جۇلىيەن | شۈي لىڭ |
| 4 | 1978 | «قەشقەر 2- نومۇرلۇق كۆزگى بۇغداي سورتى» نى يېتىشتۈرۈش | | 〃 | 〃 | |
| 5 | 1978 | «قەشقەر 3 - نومۇرلۇق كۆزگى بۇغداي سورتى» نى يېتىشتۈرۈش | | 〃 | 〃 | |
| 6 | 1979 | بۇغداينىڭ ھالكېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش توغرىسىدا تەتقىقات | | 〃 | جاۋ گۇيجىي | غوجى مەمەت |
| 7 | 1979 | خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمى توغرىسىدا تەتقىقات | | 〃 | جاڭ يۇلىن | |
| 8 | 1979 | بۇغداي كۈك توغرىسىدا تەتقىقات | | 〃 | جاۋ گۇيجىي | غوجى مەمەت |
| 9 | 1979 | قەشقەر كومىيە قوناقنىڭ بەقسەم يول كېسەللىكى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتىن دەسلەپكى مەلۇمات | | 〃 | | جېن ماۋرۇڭ<br>غوجى مەمەت |
| 10 | 1983 | جۇڭگونىڭ كەندىر سورتلىرى توغرىسىدىكى تەزكىرە | 2 | خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى | | يى يۇيۈن |
| 11 | 1983 | زەي، شورلۇق يەرلەرنى ياخشىلاش ۋە قۇۋۋەتلەندۈرۈش توغرىسىدا تەتقىقات | 3 | ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى | جاڭ يۇلىن | |
| 12 | 1983 | «قەشقەر 601- نومۇرلۇق قۇرۇقلۇق پاختىسى» نىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش | -2 | 〃 | لو جېيشىڭ | تۇرغۇن<br>لىيۇلەنفاڭ |
| 13 | 1983 | «قەشقەر 7331 زىغىر» يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش | 1 | 〃 | يى يۇيۈن | |
| 14 | 1983 | خىمىيەۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش توغرىسىدا تەتقىقات | 2 | 〃 | جاڭ يۇلىن | دوڭ يۇكۇن |
| 15 | 1983 | قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوسۇملۈكلەرنى ئاسراش توغرىسىدىكى ماتېرىياللار توپلىمى | 2 | 〃 | | ياڭ لېيشىڭ |
| 16 | 1983 | كومىيە قوناق بەقسەم يول كېسەللىرى توغرىسىدا تەتقىقات | 3 | 〃 | ياڭ لېيشىڭ | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 17 | 1983 | كىچىك دائىرىدە يۇقۇرى مەھسۇلاتلىق شال يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى | 3 | ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى | قادىر سىدىق | |
| 18 | 1983 | مۇزلىماي دەرەخ قۇرۇتىدىغان پەيدا بولۇش ھەم ئۇنىڭدىن ساقلىنىش، ئۇنى يوقىتىش توغرىسىدا تەتقىقات | 3 | 〃 | جاۋ كۈيجىيى | غوجى مەھمەت |
| 19 | 1984 | خىمىيەۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق پايدىلىنىش توغرىسىدا تەتقىقات | 4 | ئاپتونوم رايون | جاڭ يۈلىن | دوڭ يۈكۈن |
| 20 | 1984 | قەشقەر 601- نومۇرلۇق قۇرۇقلۇق پاختىسىنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈلىشى | 4 | 〃 | لو جېيشىلىق | تۇرغۇن ئىبۇلەيتاق |
| 21 | 1984 | قەشقەر 7331 - نومۇرلۇق زىغىر يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈلىشى | 4 | 〃 | | |
| 22 | 1984 | مۇزلىماي دەرەخ قۇرۇتىدىغان پەيدا بولۇشى ھەم ئۇنىڭدىن ساقلىنىش | 4 | ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى | جاۋ كۈيجىيى | غوجى مەھمەت |
| 23 | 1984 | يۇقۇرى مەھسۇلاتلىق شال يېتىشتۈرۈش | 2 | كونىشەھەر ناھىيىسى | | جاڭ يۈلىن |
| 24 | 1984 | جەنۇبىي شىنجاڭدا يېتىشتۈرۈلگەن كېۋەز ۋە قەشقەر 601- نومۇرلۇق كېۋەزنى يېتىشتۈرۈش | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق ئۇرۇقچىلىق شىركىتى | لو جېيشىلىق | تۇرغۇن |
| 25 | 1984 | جەنۇبىي زىغىرنى يېتىشتۈرۈش ۋە قەشقەر 7331-نومۇرلۇق زىغىرنى يېتىشتۈرۈش | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق ئۇرۇقچىلىق شىركىتى | يې يۈيۈن | |

(2) مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ئۆلگە كۆرسىتىش ھەم ئۇنى كېڭەيتىش.

ئەڭ چوڭ دائىرىدە ئۆلگە كۆرسىتىلگەن ھەم كېڭەيتىلگەن يېڭى بۇغداي سورتى — قەشقەر 1- نومۇرلۇق كۈزلۈك بۇغدىيى 1972 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىلگەن، كېڭەيتىلگەندىن بۇيان، ھەر يىللىق كۆلىمى 400 مىڭ مو ئەتراپىدا بولىدى، يىللىق كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغاندا 690 مىڭ موغا يەتتى؛ ھازىر يەنىلا كۆپ ئوغۇتلاپ يۇقۇرى ھوسۇل ئېلىشقا باپ كېلىدۇ، ھازىر يىلىغا 200 مىڭ مودىن ئارتۇق كېڭەيتىۋاتىدۇ. ئادەتتە، مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 10% دىن كۆپرەك.

خىمىيەۋى ئوغۇت مۇۋاپىق ئىشلىتىلدى، 1976 - يىلدىن بۇيان، ئۆلگە كۆرسىتىش دائىرىسى 200 مىڭ مو، يېتەكلەش دائىرىسى 3 مىليون موغا يەتتى.

قەشقەر 601 - نومۇرلۇق قۇرۇقلۇق پاختىسىنىڭ بىر چاناقكېۋىزىدىن چىقىدىغان پاختىسى كۆپ، تولۇقلۇقى ياخشى، ئىنچىكە «108» پاختىسىغا قارىغاندا ئۇزۇن بولغاچقا ئىشلىتىش قىممىتى 0.13 يۈەن كۆپ، ئۈنۈملىكى - كېيىن بولۇپ قاغىلىق، كونىشەھەر، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەردە ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش ئارقىلىق جەمئىي 50 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردە كېڭەيتىلدى.

قەشقەر 7331 - نومۇرلۇق زىغىرى ۋىلايىتىمىزنىڭ يەكەن، قاغىلىق، كونىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زىغىر ئىشلەپچىقىرىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭدا

نىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە، باشقا رايونلاردىكى بېيجىڭ، تيەنجىن، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكە-شەھەرلەردە جەمئىي 50 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلدى.

ئالما كېپىنەك لىچىنكىسى ۋە مېۋىلىك دەرەخ قۇرۇتلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ھەم ئۇنى يوقىتىش بويىچە ئۆلكە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش خىزمىتى 1978-يىلدىن بۇيان ناھايىتى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

پەن-تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. 1984-يىلى خىمىيىۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم 600 مىڭ يۈەندىن ئاشتى؛ قەشقەر 601-نومۇرلۇق پاختىسى كېڭەيتىلىپ بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم 500 مىڭ يۈەندىن ئاشتى؛ قەشقەر 7331-نومۇرلۇق زىغىرنى كېڭەيتىپ بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم 300 مىڭ يۈەندىن ئاشتى؛ ئالما كېپىنەك لىچىنكىسى ھەم مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قۇرۇتىدىن مۇداپىئەلىنىش ھەم ئۇنى يوقىتىشنى كېڭەيتىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم 100 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. يۇقىرىدىكى 4 نى قوشقاندا، 1984-يىلى بىر يىللىق مۇۋاپپەقىيەتلەرنى كېڭەيتىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىر مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، شۇ يىلى يۇقىرى بىزگە بەرگەن مەبلەغنىڭ 5 ھەسسىسىدىن كۆپرەككە تەڭلەشتى.

**[ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئىلىم-پەن چوڭ يىغىنىدا مۇكاپاتلانغان مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ]**

قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت: «M-655» تىپلىق تىۋىت كېسىش ماشىنىسىنىڭ سەكرىگۈچ يىغىنىسىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈش قۇرۇلمىسى (مەملىكەت بويىچە يېڭىلىق سانائەت ئىلغارلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)؛

قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

(1) ئېلىمىزنىڭ يادرو سىنىقى پەيدا قىلغان رادىئاكتىپلىق توزۇندىلارنىڭ چۈشۈش ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشى؛

(2) شىنجاڭدىكى قاناشلىق قىزىتما ئۈستىدىكى تەتقىقات.

يەكەن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

قۇملۇقلاردا كەڭ دائىرىدە كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش تېخنىكىسى.

ۋىلايەتلىك ھاۋارايى ئىدارىسى ئىستانسىسىنىڭ ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى:

شىنجاڭنىڭ چوڭ تىپتىكى ھاۋارايى جەريانىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدىكى تەتقىقات.

## [ 1978 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىلىم - پەن چولپ يىغىنىدا مۇكاپاتلانغان مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ]

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە دەريا شەرقىدىكى يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە 43 - پولكى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

« شالغۇت 2 - نومۇرلۇق » ئۈزۈن تالالىق پاختىنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە 45 - پولكى قەشقەر يېزا ئىگىلىك شۆبىسىنى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

قاشتا يىمىدىنىڭ ئۆسۈش ئادىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات.

يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

ئاق ئۈزمە كۆچىتىنى قەلەمچە قىلىپ يېتىشتۈرۈش.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇما كۆكشىپى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

10 مىڭ مولۇق سىزنى يايلاق قورۇش سىنىقى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

(1) قەشقەر 1 -، 2 - نومۇرلۇق كۆزگى بۇغدىينىڭ يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش؛

(2) بۇغدايلارنىڭ ياپراق سىزىقچە ھال كېسىلىدىن مۇداپىئە قىلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈستىدىكى تەتقىقات.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۈلچەش - لايىھىلەش ئەترىتى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

ئۇششاق قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان بېتون توفرىسىدىكى تەتقىقات ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش.

قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 - بالداق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

توك تورلىرىنىڭ پارىسىنى تەڭشەش ماشىنىسىنى ياسىدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 51-پولكى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

شىنجاڭدىكى يىپەكشاق كېپىنەكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى يوقىتىش توغرىسىدىكى تەتقىقات.

يەكەن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتى ھەمكارلىشىپ قولغان كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

قۇملۇقلاردا كەلگ دائىرىدە كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش تېخنىكىسى.

يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

« يەكەن قورۇقلۇق 1 - نومۇرلۇق » يېڭى كۆۋەز سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش.

قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، يەكەن ناھىيىلىك 2 - ئورمان مەيدانى، يېڭىسار ناھىيىلىك ئورمان پونكىتى، يېڭىسار ناھىيىلىك بادام تەتقىقات پونكىتى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

شىنجاڭنىڭ ئەلا سورتلۇق بادام‌لىرىنى تەكشۈرۈش.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ھاۋارايى ئىدارىسى ھاۋارايى ئىستانسىسى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

(1) شىنجاڭنىڭ چوڭ تىپتىكى ھاۋارايى جەريانىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدىكى تەتقىقات؛

(2) ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ھاۋا كىلىماتى تەزكىرىسى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ھاۋارايى ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش توغرىسىدا تەتقىقات.

يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ھاۋارايى پونكىتى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

ئۆزگەرتىلگەن يېزا ئىگىلىك ھاۋارايى تەجرىبىسى ۋە يېزا ئىگىلىك كىلىماتى ئۈستىدىكى تەھلىل.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

سىمسىز گېزىت فوتو تېلېگراف ئاپاراتى.

قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

1. «M - 655» تىپلىق تۆۋەت كېسىش ماشىنىسىنىڭ سەكرىگۈچ يىغىندىسىنى ئاپتوماتىك ھالدا ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈش قۇرۇلمىسى؛

2. قوش يۈزلۈك ئىگىرىش ماشىنىسىنىڭ يىپ ئۈزۈلگەندە ئېلېكتىر سايمىنىنى ئۆزى توختىتىدىغان قۇرۇلمىسى؛

قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

شار گىراپىتلىق چۆيۈن توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

بېرىم بوغۇمنى يۆتكەپ ئۇلاش جەھەتتىكى بىر مىسال توغرىسىدا دوكلات.

قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

1. تۇنجۇقۇپ يۈرىكى سوقۇشتىن، نەپەس ئېلىشتىن توختىغىنىغا 16 مىنۇت بولغان بىر كىشىنى قۇتقۇزۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىق توغرىسىدا دوكلات؛

2. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى مىللەتلىرىدىكى تاجىسىمان قان تومۇر قېتىشىش كېسەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى داۋالاش.

قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

1. شىنجاڭنىڭ پاراخولېرا كېسىلى سەۋەبلىرى ئۇمۇمىي ئۈستىدىكى دەسلەپكى تەتقىقات؛

2. شىنجاڭدىكى قاناشلىق قىزىتما ئۈستىدىكى تەتقىقات؛

3. قارا تەمرەتكە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا تەتقىقات؛

4. ئوتخور ھايۋاناتلارنىڭ قالقانسىمان بەزلىرىدىكى رادىئاكتىپلىق يود بىلەن يادرو سىنىقىنىڭ مۇناسىۋىتى؛

5. ئېلىمىزنىڭ يادرو سىنىقى پەيدا قىلغان رادىئاكتىپلىق توزۇندىلارنىڭ چۆكۈش ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشى.

قەشقەر شەھەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، يەكەن ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، يېڭىسار ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

شىنجاڭنىڭ پاراخولېرا كېسىلى سەۋەبلىرى ئىلمىي ئۈستىدىكى دەسلەپكى تەتقىقات.

يەكەن ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، يەكەن ناھىيىلىك دوختۇرخانا ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

قارا تەمرەتكە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا تەتقىقات.

يەكەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

ئوڭ بېغىش سۆڭىكى مۇجەيرە ئۆسمىسىنى كېسىپ تاشلاش ۋە ئۇنى قايتا ئۇلاش مۇۋەپپەقىيىتى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي دوختۇرخانا ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى ئاق كېسەلنى داۋالاشنىڭ كىلىنىكىلىق ئۈنۈمىنى كۆزىتىش.

قەشقەر ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت:

1. شىنجاڭدىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنى ئەنسىلەش خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش؛

2. سوزۇلما خاراكتېرلىك كاناي ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدىكى تەتقىقات.

## [ 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇكاپاتلىغان پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ]

يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى ( 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات ):

« تاڭشەن-6898 » كۆزگى بۇغدىينى تاللاش، باھالاش مۇۋەپپەقىيىتى

يېڭىشەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى ( 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات ):

« يېڭىشەھەر 501 - نومۇرلۇق » يېڭىشەھەر ئاق قونىقى؛

يەكەن ناھىيىسىنىڭ تومۇستەك كۆكشىسى، يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى ( 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات):

ئېگىز ئورنىغا كۆك ئوت تېرىپ يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى.

يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىر-
كىتى، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى ( 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات):
شالغۇتلاشتۇرۇلغان كۆممە قوناق سورتىنى كىرگۈزۈش، باھالاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش.
ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى ( 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات):
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئالما كېپىنەك لىچىنكىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش توغرىسىدا تەتقىقات.

قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى دەريا شەرقى يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى ( 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات).
يېپىشقاق قۇرۇت توغرىسىدا تەتقىقات

قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسى ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى دەريا شەرقى يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى ( 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات).
تېرەك ياپرىقى كېپىنىكىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە كۆزىتىلىشى.

## [ 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇكاپاتلىغان پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ] (10 تۈر)

يەكەن ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى ( 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات):
قۇرغاق زىرائەتلەر بىلەن شالنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىپ، 2 يىل ئىچىدە 3 نۆۋەت تېرىپ،4 قېتىم ھوسۇل ئېلىش تېرىلغۇ تۈزۈمى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئۇنى كېڭەيتىش.
قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى ( 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات):
قەشقەرنىڭ «601» قۇرۇقلۇق پاختىسىنىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، قەشقەر «7331» زىغىر يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، مۆلنىڭ دەرەخلەردىكى تەشمە قۇرۇت توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقات.

قەشقەر ۋىلايەتلىك تەمىنلەش - سودا كوپېراتىپى ( 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات ):
خىمىيەۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى ھەمكارلىشىپ ئورۇنلىغان.
قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ( 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات ): 42×42 گۈللۈك نېپىز چەكمە
قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتر باشقارمىسى ( 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات ):
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ مەنبەلىرى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش.
قەشقەر ھاۋارايى ئىستانسىسى ( 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات ):
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاتتىق يامغۇرى توغرىسىدىكى تەتقىقات.
يەكەن ناھىيىلىك ۋوپا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى ( دە-
رىجىلىك مۇكاپات ):
يېڭى تىپتىكى سۇ چىقىرىش سىستېمىسىنى لايىھىلەش.
يوپۇرغا ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ( 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات ):
فەرغانە «108» قۇرۇقلۇق پاختىسىنى سايلاشتۇرۇش ۋە ياشارتىش.

# ھاۋا رايى

## [ھاۋا رايى پەن - تېخنىكىسى خىزمىتىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى]

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايىتىدە ھاۋا رايى كۆزىتىش ئىشلىرى يوق ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر بولغان 10 يىل ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قەشقەر، مارالبېشى، يەكەن، تاشقورغان، مەكىت، قاغىلىق، يوپۇرغا، تويۇن، يېڭىسار، پوسكام، پەيزىۋات قاتارلىق 11 ئورۇندا ھاۋا رايى ئىستانسىسى، پونكىتى ۋە بىر يېزا ئىگىلىك ھاۋارايى تەجرىبە پونكىتى ( يەكەندە ) قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايەتلىك ھاۋا رايى ئىستانسىسى، مارالبېشى ھاۋا رايى پونكىتى، يەكەن ھاۋا رايى پونكىتى، تاشقورغان ھاۋارايى پونكىتى ۋە تويۇن ھاۋا رايى پونكىتى قاتارلىق دۆلەتنىڭ 5 ئاساسىي ئىستانسا، پونكىتى بار. يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ھاۋا رايى تەجرىبە پونكىتى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ھاۋا رايى ئاساسىي پونكىتى بولدى. قەشقەر ھاۋا رايى پونكىتى مەركەز قىلىنغان، كۆپخىل كەسپىي تۈر ھەم مۇلازىمەت خىزمەت تۈرىگە ئىگە ھاۋا رايى ئىستانسا، پونكىت تورلىرى شەكىللەندى، ئۇلار ھاۋا رايى ( كىلىماتى ) ماتېرىياللىرىنى توپلاش ۋە ھاۋا رايى مۇلازىمەت خىزمىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھاۋا رايى پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھاۋا رايى ئىشلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندى، پەن - تېخنىكا قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى، تېخنىكا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە ھاۋا رايى خىزمەتچىلىرى 247 كىشىگە يەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى ئىچىدە ئالىي ھەم ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار 51% نى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي خادىملىرى 29.2% نى ئىگىلەيدۇ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ھاۋا رايى ئىستانسىسى كۆپخىل كەسپىي تېخنىكىغا ئىگە ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ھاۋا رايى مۇلازىمەت ئورگىنى بولۇپ، كەسپ تۈرلىرى ئىچىدە يەردە كۆزىتىش، رادار بىلەن كۆزىتىش، ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، شار بىلەن شامالنى ئۆلچەش، يېزا ئىگىلىك ھاۋا رايى، سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق تارقىتىلغان بۇلۇت رەسىملىرىنى قوبۇل قىلىش، فوتو تېلېگىراف، تېلېگىرامما، ئېلېكترونلۇق تارقىتىش، ماشىنا ئىشلىرى، ھاۋا رايى تىلىدا ئاڭلىتىش، ھاۋا رايى بويىچە مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە رەسىم تولۇقلاش قاتارلىقلار بار. ئۇ تۈرلۈك ھاۋا رايى، كىلىماتىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە تۈرلۈك ھاۋا رايى ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنى تەھلىل قىلىش ھەم بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھەم سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى تۈرلۈك ھاۋا رايىغا ئائىت ئالدىن مەلۇماتلار، ئاخباراتلار ھەم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. قەشقەر ھاۋا رايى ئىستانسىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ ھاۋا را-

يى كەسپى، مۇلازىمەت ھەم ھاۋا رايى ئىلمى ـ تېخنىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلىش مەركىزى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ھاۋا رايى كەسپى سېستىمىسى ـ تىپىك بولغان ئاتوسفېرا ئۇچۇر سېستىمىسى. ھاۋا رايى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەم ھاۋا رايى ئۇچۇر مۇلازىمەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېقىندىن بۇيان ئاز بولمىغان ئىلغار ئۈسكۈنىلەر كىرگۈزۈلۈپ، ئاز بولمىغان يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلدى. بۇ ھاۋا رايىدىن ئالدىن بېرىلىدىغان مەلۇماتلارنىڭ توغرا بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، ھاۋا رايى مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. ھازىر ۋىلايەتلىك ھاۋا رايى ئىستانسىسى رادار سېستىمىسى قۇرۇپلا قالماستىن يەنە ھاۋا رايى سۈنئىي ھەمراسىنىڭ مەلۇماتلىرىنى قوبۇل قىلىش پونكىتىنى قۇرۇپ، ھاۋا رايى سۈنئىي ھەمراسى تەمىنلىگەن بۇلۇت رەسىملىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان بولدى؛ ھەر قايسى ئىستانسا، پونكىتلار يەردىكى شامالنىڭ يۆنىلىشى ھەم سۈرئىتىنى كۆزىتىش ئاساسىدا يەردە يىراقتىن كونترول قىلىپ شامالنى ئۆلچەش تېخنىكىسىنى ئومۇميۈزلۈك قوللاندى؛ ۋىلايەتلىك ئىستانسىدا ھەم 4 ناھىيىنىڭ پونكىتىدا ھاۋا رايىغا ئائىت رەسىملەرنى يەتكۈزىدىغان فوتو تېلېگراف ئاپاراتى بار. بۇ ئارقىلىق بېيجىڭ ھاۋا رايى مەركىزى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋا رايى ئىدارىسى تەمىنلىگەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھاۋا رايىغا ئائىت تۈرلۈك سۈرەت ـ جەدۋەللەرنى، ماتېرىياللارنى ۋە ئۇچۇرنى بىۋاستە قوبۇل قىلالايدىغان بولدى. ھېساپلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى ئىگىز بوشلۇقتىكى سانلىق مەلۇماتلارنى ئېنىقلاپ، بېرىم ئاپتوماتىك ھېساپلاش، مەلۇمات تۈزۈش جەھەتتە، شار بىلەن شامالنى ئۆلچەپ چىقىرىلغان سانلىق مەلۇماتلارنى ھېساپلاپ مەلۇمات تۈزۈش، يەردە كۆزىتىلگەن مەلۇماتلارنى ھېساپلاپ، تېلېگرام بېرىش ھەم ھاۋا رايىدىن يوللانغان جەدۋەللەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا قوللىنىلىدىغان بولدى. يېقىندا يەنە مىكرولۇق بىر تەرەپ قىلىش ماشىنىسى تولۇقلىنىدۇ، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى تېخنىكىسىنىڭ كىرگۈزۈلىشى ھەم قوللىنىلىشى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاۋا رايى پەن ـ تېخنىكىسى بويىچە زامانىۋىلىشىش كەڭ ئىستىقبالىنى نامايەن قىلدى.

ھاۋا رايى خىزمىتى ھاۋا رايى، كېلىماتنى سۈنئىي كونترول قىلىشنى ئالىي نىشان قىلغان. ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە توغرا بولۇش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەر قايسى ھاۋا رايى ئىستانسا، پونكىت قاتارلىقلار تېخنىكا ئۆتكۈلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەم تەتقىقات تەجرىبە خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ھەربى ئىشلارغا ئائىت ھاۋا كېلىماتى تەزكىرىسى» نى ھەم ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ «يېزا ئىگىلىك ھاۋا كېلىماتى بويىچە رايونلاشتۇرۇش قوللانمىسى» نى يېزىپ چىقىپ نەشر قىلدۇردى ھەمدە كۆپلەپ تەجرىبە دوكلاتلىرىنى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماقالىلىرى ھەم مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ چىقتى، بەزىلىرى ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قەشقەر ھاۋا رايى ئىستانسىسى يازغان «جەنۇبى شىنجاڭنىڭ غەربى

قىسمىدىكى قاتتىق يامغۇر توغرىسىدىكى تەتقىقات » نەتىجىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخ
نىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ
تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى بويىچە 4 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. نۆۋەتتە ھەر قاي ـ
سى سەپلەر زور كۈچ بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەزىيەتتە ۋىلايىتىمە ـ
مىزنىڭ ھاۋا رايى ئارماقلىرىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلار ھەق ئېلىنىدىغان مۇلازىمەت ئىش ـ
لىرىنى پائال قانات يايدۇرماقتا، بەزى مەملىكەتلىك نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ھەم
ۋىلايىتىمىزدىكى ناھىيىلەر، شەھەرنىڭ كارخانا ئورۇنلىرى ھاۋا رايى ئىستانسىلىرى،
پونكىتلىرى بىلەن تېخنىكا مۇلازىمەت توختامى تۈزۈپ، روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھەم ئىج
تىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ( زىلك گولياك، فەن جىپىڭ)

**[ھاۋارايى خىزمىتى ئىسلاھاتى]** 1984 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاۋارايى
ئارماقلىرى بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. 3 ـ ئايدا باشقارما دەرىجىلىك رەھبە ـ
رى كادىرلارنى تەكشۈرۈش تاماملاندى. 4 نەپەر باشقارما باشلىقى 3 كە قىسقارتىلدى. يېڭى
باشقارما باشلىقى ھەم مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن ئۈچ كىشى ئىچىدە ئىككى كىشى ئالىي تېخنى ـ
كوم ئوقۇش تارىخىغا، بىر كىشى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇپ، ئۈچەي ـ
لەننىڭ ھەممىسى ئىنژېنېر، يارىدەمچى ئىنژېنېر ئۇنۋانىغا ئىگە.

4 ـ ئايدا ھاۋارايى سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانا، ئىستانسا، پونكىتلارنىڭ
باشلىقلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلاندى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۆلۈم، ئىشخانا، ئىستانسا،
پونكىت باشلىقلىرىدىن جەمئىي 27 كىشى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز ۋەزىپى ـ
سىدە قالغانلار 15 كىشى، يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەنلەر 12 كىشى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
يېشى ئەسلىدىكىدىن 3.5 ياش تۆۋەنلىدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومدىن يۇقىرى مە ـ
دەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەر 74.6% دىن 88.8% گە كۆتۈرۈلدى، تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار
90% نى ئىگىلىدى، كەسپىي بىلىدىغانلار % 78 دىن 100% گە كۆتۈرۈلدى.

يېڭى بەززە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن تۈرلۈك كەسپ باشقۇرۇش خىزمەتلىرى،
ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش چارىلىرىنى تۈزۈپ
چىقتى، تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى مۇكاپاتلاش، جازالاش چارىسىنى يولغا قويۇپ، ھاۋا
رايى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈردى؛ ئىلگىرىكى يەككە ھالدىكى
ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىنى ھەر قايسى سەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېھتىيا ـ
جىغا ماسلىشالايدىغان كۆپخىل ئۈنۈملۈك ھاۋارايى مۇلازىمىتىگە ئۆزگەرتىپ، روشەن ئىق ـ
تىسادىي ئۈنۈم ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

پارتىيىنىڭ 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشقارما
رەھبەرلىكى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئىلمىي بول ـ
غان، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئىسلاھات لايىھىلىرى ئىچىدە "ھا ـ
زىرقى باسقۇچتىكى خادىملارنىڭ شىتاتى ھەم ئىش ئورنىنىڭ بېكىتىلىشى"، "كادىر،
ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تاللاپ تەكلىپ قىلىش ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتىنى سىناق قىلىش تۈزۈ ـ
مى"، "شىتاتتىن ئېشىپ قالغان خادىملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى"، "ئورۇن ۋە شەخ ـ

سىلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش چارىسى»، «ئىستاتىستىكا، پىلان باشلىقلىرىغا بېرىلىدىغان ۋەزىپە ياردەم پۇلى مۇكاپاتى»، «ئادەم ھوقۇقى، مالىيە ھوقۇقىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشى توغرىسىدا»، «ئالاھىدە تۆھپىلەرنى مۇكاپاتلاش چارىسى» قاتارلىقلار بار، ھەر بىر خىزمەتكە نىسبەتەن نومۇر باھالاش، نومۇر بېرىش چارىسى قوللىنىلىپ نەتىجىلەر باھالاندى، بۇنىڭ بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى سانغا، ئۇچۇرغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇ ئىسلاھات لايىھەلىرى 1985- يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. (پەن جېمىڭ)

**[قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاۋا كىلىماتى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغ، چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك، قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا مەنسۇپ بولۇپ، يەر شەكلى مۇرەككەپ، ھاۋا كىلىمات پەرقى چوڭراق. ئۇنى ئاساسەن، 5 خىل ھاۋا كىلىماتى رايونىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1. قەشقەر تۈزلەڭلىكى ھاۋا كىلىماتى رايونى: بۇ شىمالىي قىسىم ۋە ئوتتۇرا قىسىمدىكى كەڭ تۈزلەڭ رايونلار ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4℃ ~ 11:7 بولىدۇ. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 39 ~ 64 مىللىمېتىر بولۇپ، ئەتىياز، ياز، كۈز ۋە قىش پەسىللىرى روشەن پەرقلىنىدۇ. ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىش ۋە كۈندىلىك ئۆزگىرىش پەرقى چوڭ، ھۆل-يېغىن ئۆزگىرىشى كۆرۈنەرلىك، كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق، پارلىنىش مىقدارى كۆپ، كىلىماتى قۇرغاق. قىش پەسلىنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا مەزگىلى ئۇزۇن، ياز ۋاقتى ئۇزۇن ھەم قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەيدۇ، پات-پات سوغۇق تەكرارلىنىدۇ، كۈز پەسلى قىسقا، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى تېز بولىدۇ. ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە بوران كۆپ چىقىدۇ، قۇم-بورانلىق، چاڭ-توزاڭلىق كۈنلىرى خېلى كۆپ بولىدۇ.

2. قۇم-جەزىرە كىلىماتى رايونى: مارالبېشىنىڭ جەنۇبى، مەكىتنىڭ شەرقى ۋە قاغىلىقنىڭ شەرقى-شىمال قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ جايلار تەكلىماكاننىڭ قۇم-جەزىرە رايونىغا تەۋە، بۇ رايوننىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن روشەن، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11℃ دىن يۇقىرى، قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق، ياز پەسلىدە قاتتىق ئىسسىق بولۇپ، ئىسسىق-سوغۇق ئۆزگىرىشى ناھايىتى قاتتىق. ھۆل-يېغىن ئىنتايىن شالاڭ ھەم ئاز، كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ، يىللىق يېغىن مىقدارى 40 مىللىمېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ. بۇ جاينىڭ قۇم-بورىنى كۆپ، كۈن نۇرى كۈچلۈك.

3. تاغ، دۆڭلۈك كىلىماتى رايونى: بۇ قاغىلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، مارالبېشى ۋە پەيزىۋاتنىڭ شىمالى قىسمى، كونىشەھەر، يېڭىسار ۋە يەكەننىڭ غەربىي قىسمى دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىردىن 3 مىڭ مېتىرغىچە ئېگىز بولغان تاغ-دۆڭلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11℃ دىن تۆۋەن بولىدۇ، بۇ جايلارنىڭ قىش پەسلى ئۇزاقراق، ياز پەسلى قىسقا بولۇپ، ھۆل-يېغىن مىقدارى 70 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، ئاساسەن، ياز پەسلىگە مەركەزلەشكەن، بەزىدە قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ، ھەتتا قارا يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن پەيدا بولىدۇ. تاغ جىلغىلىرىنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۇۋاپىق بولۇپ، ياز پەسلىدە مۆتىدىل، قىش پەسلىدە بىر ئاز ئىسسىق بولىدۇ.

4. پامىر ئېگىزلىكى كېلىماتى رايونى: ئۇ تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5℃ دىن تۆۋەن، قىش پەسلى ئۇزاق، ياز ۋاقتى مۆتىدىل، ھۆل-يېغىن بىر قەدەر ئاز، ئاساسەن ئەتىياز، ياز پەسىللىرىگە مەركەزلەشكەن. بوران چىقىدىغان كۈنلىرى كۆپ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق ۋە كۈچلۈك، ھاۋاسى ساپ بولىدۇ.

5. كوئېنلۈن تېغى كېلىماتى رايونى: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كوئېنلۈن تاغلىق رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0℃ دىن تۆۋەن، تاغ چوققىلىرىدا يىل بويى قار ئېرىمەي توپلىنىپ تۇرىدۇ، كېلىماتى قاتتىق سوغاق، ھاۋاسى قۇرغاق، ئاتموسفېرا بېسىمى تۆۋەن، كىسلاروت كەمچىل بولۇپ، قار - شىۋىرغان كۆپ، كېلىماتى ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. پۈتۈن يىلنى سوغۇق ھەم ئىللىق مەۋسۇمى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ، ئىللىق مەۋسۇمدا ھۆل-يېغىن كۆپرەك، سوغۇق مەۋسۇمدا بوران كۆپرەك بولىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كەڭ تۈزلەڭ جايلىرى ياپ - يېشىللىققا پۈركەنگەن، ئۇ ئاساسىي يېزا ئىگىلىك رايونى. مەسىلەن، 5 كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≤0℃ بولغاندا قىش، >20℃ بولغاندا ياز، 0℃ دىن 20℃ غىچە بولغاندا ئەتىياز، 20℃ دىن 0℃ گىچە بولغاندا كۈز پەسلىگە تەۋە بولىدۇ. تۈزلەڭ رايونلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئاخىرى ئەتىياز، 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ياز، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى كۈز، 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قىش باشلىنىدۇ. ياز پەسلى ئەڭ ئۇزاق بولۇپ، 4 ئايغا يېقىن داۋاملىشىدۇ، كۈز پەسلى ئەڭ قىسقا بولۇپ، ئاران 2 يېرىم ئاي داۋاملىشىدۇ، قىش، ئەتىياز پەسىللىرى ئوخشاش بولۇپ، تەخمىنەن 3 ئايدىن داۋاملىشىدۇ.

تۈزلەڭ رايونلارنىڭ 4 پەسىللىك كېلىمات ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئەتىياز پەسلى (3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە) تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەيدۇ، ھاۋا رايى ئۆزگىرىشچان، ھۆل-يېغىن مىقدارى كۆپرەك، قۇم، چاڭ - توزاڭ كۆپ بولىدۇ.

ئەتىياز پەسلىدە ئىسسىق - سوغۇق ھاۋانىڭ ئالمىشىشى كۆپ، ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ. 5 باھاردا كۆپرەك ھاۋا ئۇچۇق بولىدۇ. ھاۋا تېز ئىسسىيدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 5 كۈندە 1℃ ئۆرلەيدۇ. ئەتىيازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ھاۋا رايى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ھېمىشە سوغۇقنى تەكرارلايدۇ. ئەتىياز پەسلىدە ھۆل-يېغىن مىقدارى كۆپىيىدۇ، جايلاردا 11 مىللىمېتىردىن 23 مىللىمېتىرغىچە يېغىن يېغىپ، تەخمىنەن يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ 28% دىن 43% گىچە بولغان قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. نىسپىي نەملىك دەرىجىسى 37% دىن 47% گىچە بولىدۇ. كۈن نۇرى چۈشۈش نىسبىتى 52% دىن 60% گىچە بولىدۇ، 3 كۈندىن 9 كۈنگىچە بوران چىقىدۇ، قۇم - بوران، چاڭ-توزاڭ بولىدىغان كۈنلەر ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەرنىڭ توڭى

ئېرىيدۇ، 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇز توڭلاشتىن توختايدۇ، 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەشكە باشلايدۇ.

2. ياز پەسلى (6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە) كېلىماتى قاتتىق ئىسسىق ھەم قۇرغاق بولىدۇ. پات ـ پات ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك جۇدۇنلۇق يامغۇر ياغىدۇ.

جايلاردا ياز پەسلىدىكى ھەر بىر ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 23℃ دىن 26℃ گىچە بولىدۇ، 7 ـ ئايدا ئىسسىق ئەڭ قاتتىق بولىدۇ. قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان مەزگىل (كۈندىلىك ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ⩾30℃ بولغان كۈنلەر) تۈزلەڭ جايلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70 كۈندىن 97 كۈنگىچە بولىدۇ، بوپۇرغىدا ئەڭ ئۇزاق بولىدۇ. تومۇز ئىسسىقى مەزگىلى (كۈندىلىك ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا⩾35℃ بولغان كۈنلەر) ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 كۈندىن 23 كۈنگىچە بولىدۇ. يەر يۈزى تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 40℃ دىن 43℃ گىچە بولىدۇ. ياز پەسلىلىك ھۆل-يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 مىللىمېتىردىن 30 مىللىمېتىرغىچە بولۇپ، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ 28% دىن 66% گىچە بولغان قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، نىسبىي نەملىكى 39% دىن 50% گىچە بولىدۇ. كۈن نۇرى چۈشۈش نىسبىتى 64% دىن 72% گىچە بولىدۇ، 3 كۈندىن 12 كۈنگىچە بوران چىقىدۇ. ياز پەسلىدە ھاۋارايى مۇقىم بولمايدۇ، چۈشتىن كېيىندىن تارتىپ كېچىگىچە كۆپ قېتىم ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك جۇدۇنلۇق يامغۇر ياغىدۇ. تومۇز مەزگىلىدە ھېمىشە، يۇقىرى ھارارەتلىك تېمپېراتۇرا ئۇزاق داۋاملىشىپ ئىگىز تاغلارنى قاپلىغان كۆپلەپ قار ـ مۇزلار ئېرىيدۇ، دەريالارنىڭ سۈيى تېز كۆپىيىدۇ، يازلىق تاشقىن پەيدا بولىدۇ.

3. كۈز پەسلى (9 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە) تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەيدۇ، غۇر ـ غۇر شامال چىقىدۇ، ھاۋا سۈزۈك بولىدۇ، قۇياش نۇرى تولۇق چۈشىدۇ.

كۈز پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ پەسىيىشى تېز، تېمپېراتۇرىنىڭ كۈنلۈك پەرقى چوڭ بولىدۇ، ئەڭ زور بولغان كۈنلۈك پەرق جايلاردا 21℃ دىن 24℃ گىچە بولىدۇ. كۈز پەسىللىك ھۆل ـ يېغىن مىقدارى جايلاردا 5 مىللىمېتىردىن 9 مىللىمېتىرغىچە، نىسبىي نەملىك 50% دىن 60% گىچە، كۈن نۇرى چۈشۈش نىسبىتى 70% دىن 75% گىچە بولۇپ، پۈتۈن يىل ئىچىدە ئەڭ ئۈستۈن بولىدۇ، بوران ئازىيىپ ھاۋا سۈزۈلىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا چاقماق چېقىش توختايدۇ، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قىرو چۈشىدۇ، 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇ مۇز تۇتۇشقا، يەر توڭلاشقا باشلايدۇ.

4. قىش پەسلى (12 ـ ئايدىن كېلەر يىلىنىڭ 2 ـ ئېيىغىچە) ھاۋا ئۇچۇق بولىدۇ، قار ئاز ياغىدۇ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، شامال كۈچى ئاجىزلايدۇ، نەملىك دەرىجىسى يۇقىرىراق بولىدۇ.

قىش پەسلىدىكى 3 ئاي ئىچىدە جايلارنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7℃~1℃ غىچە بولۇپ، 1 ـ ئايدا ئەڭ قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. سوغۇق مەزگىلى (كۈنلۈك ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ⩽10 گىرادۇس بولغان كۈنلەر) تۈزلەڭلىكتىكى جايلاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 35 كۈندىن 54 كۈنگىچە بولىدۇ، مارالۋېشىدا ئەڭ ئۇزاق بولىدۇ. قەھرىتان سوغۇق مەزگىلى (كۈندىلىك ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ⩽ ـ20 گىرادۇس بولىدىغان كۈنلىرى)

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 ـ 2 كۈن بولمىدى. يىللىق ئىنتايىن تۆۋەن تېمپېراتۇرا جايلاردا 22- گرادۇستىن 25 گرادۇسقىچە بولدى. پەسىللىك ھۆل-يېغىن مىقدارى 3 مىللىمېتىردىن 11 مىللىمېتىرغىچە، نىسبىي نەملىك 57% دىن 67% گىچە، كۈن نۇرى چۈشۈش نىسبىتى 53% دىن 64% گىچە بولدى. قار ئاز ياغدى، ئايرىم يىللاردا قار مۇقىم يېغىلىپ ياتىدۇ، يېغىلىپ قالغان قارنىڭ كۆپ بولغاندا قېلىنلىقى 9 سانتىمېتىردىن 46 سانتىمېتىرغىچە، توڭلىغان يەرنىڭ قېلىنلىقى 56 سانتىمېتىردىن 98 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنگە قايتۇرۇش قاتلىمى قېلىن، شامال كۈچى ئاجىز، ئاتموسفېرا قاتلىمى مۇقىم، ھارارەت ئۆرلەپ تۇرىدۇ، شەھەر-بازارلاردا ئەتىگەن ـ ئاخشىمى ئىس ـ تۈتەك كۆپ بولىدۇ.

## 1984 - يىللىق ھاۋا كېلىماتى

1. كېلىمات ئەھۋالى:

1984 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىللىق ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10.8 گرادۇستىن 11.7 گرادۇسقىچە بولدى، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 33 مىللىمېتىردىن 97 مىللىمېتىرغىچە بولدى. يىل بېشىدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولدى، باش باھار كېچىكىپ كەلدى، ئەتىيازدا ھۆل-يېغىن بىر قەدەر كۆپ ياغدى، زامان بىلەن ماكاننىڭ ماسلىشىشى مۇۋاپىق بولمىدى، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى تۇراقسىز بولۇپ، ھاۋا يېگىمۇاشتىن سوۋۇپ كەتتى؛ يازدا قۇرغاق ئىسسىق بولۇپ، يامغۇر ئاز ياغدى، ئىسسىق قاتتىق بولۇپ، كۈن نۇرى تولۇق چۈشتى؛ كۈزدە كېلىمات نورماللاشتى، ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك جۇدۇنلۇق يامغۇر تۆپىلىمىدىن تېمپېراتۇرا بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، دەسلەپكى قىرو مۇددەتتىن بۇرۇن چۈشتى؛ يىل ئاخىرىدا ھاۋا تۇتتۇلۇپ، قار كۆپ يېغىپ، سوغۇق قاتتىق بولدى. قىشتا دەسلەپكى قار ئالدۇر، ئاخىرقى قار كېچىكىپ ياغدى، يىل بويى بوران ئاز چىقتى. يىللىق كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى جايلاردا 2500 سائەتتىن 3200 سائەتكىچە بولۇپ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى 60% ئەتراپىدا بولدى.

2. ھەر قايسى پەسىللەردىكى كېلىمات ئالاھىدىلىكى:

(1) يىل بېشىدا تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولۇپ، باش باھار كېچىكىپ كەلدى. 1 ـ ئايدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نورمال بولدى، 2 ـ ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تېمپېراتۇرا 2℃ گرادۇس تۆۋەن بولدى، 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېمپېراتۇرا ئۆزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. جايلاردا باش باھار 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا باشلاندى، ئۇ ئۆتكەندىكى يىللاردىكىدىن 10 كۈن ئەتراپىدا كېچىكتى، پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان تاشقورغان ناھىيىسىدە باش باھار 15 كۈن بۇرۇن كەلدى، يەنى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى باشلاندى، تاغلىق رايونلاردا 1 ـ، 2 ـ ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ ئۆتكەندىكى يىللاردىكىگە قارىغاندا كۆپرەك بولغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان جايلاردا بىر قەدەر ئاز بولدى.

(2) ئەتىيازدا قايتا سوغۇق بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن كۆپەيدى. ئەتىيازدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى تۇراقسىز بولدى، 3 ـ ئايدا تۈزلەڭلىك رايونلاردا بىر گرادۇس

يۇقىرى، تاغلىق رايونلاردا ۋە ئېگىزلىكلەردە 2-3 گرادۇس يۇقىرى بولدى. 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا ھەر قايسى ناھىيىلەردە تېمپېراتۇرا ئومۇميۈزلۈك 2-3 گرادۇس تۆۋەن بولدى، 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەنە رۇشەن ھالدا ئۆرلىدى. 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە ۋە 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە جايلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم قاتتىق ھۆل - يېغىن بولدى، شىمال تەرەپتىكى بىر قىسىم جايلاردا قارايامغۇر ياغدى ھەمدە مۆلدۈر يېغىپ، تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەپ، قەھرىتان سوغۇق بولۇپ، تېمپېراتۇرا 10 گرادۇسقا چۈشتى. 5 - ئايدىكى ئۈچ قېتىملىق تېمپېراتۇرا 3-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى تېمپېراتۇرىغا يېقىنلاشتى، بۇ تارىختا ئاز كۆرۈلگەن.

ئەتىيازدا ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولدى، لېكىن ۋاقتى، ئورنىنىڭ جايلىشىشى تولىمۇ تەڭشەمسىز بولدى. جايلاردىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى 5 مىللىمېتىردىن 85 مىللىمېتىرغىچە بولدى، ئاساسەن، 4-، 5-ئاي ئوتتۇرىلىرىغا مەركەزلەشتى، جەنۇبىي قىسمىغا قارىغاندا شىمالى قىسمىدا، تۈزلەڭلىككە قارىغاندا تاغلىق رايونلاردا كۆپرەك بولىدى، شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايون تويۇندا ئەڭ كۆپ يېغىپ 85 مىللىمېتىرغا يەتتى، يېڭىسار، پەيزاۋات قاتارلىق جايلارنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئۆتكەن يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىنىڭ 3 ھەسسىگە توغرا كەلدى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەتىگەندە قەشقەر، يوپۇرغا، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەردە 5 سائەت داۋاملاشقان قويۇق تۇمان پەيدا بولدى، 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يەنە دەسلەپكى گۈلدۈرماما پەيدا بولدى، قىسمەن جايلاردا مۆلدۈر ياغدى، بۇمۇ تارىختا ئىنتايىن ئاز كۆرۈلگەن.

(3) يازدا يامغۇر ئاز يېغىپ، ئىسسىق قاتتىق بولدى. 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ناھىيىلەردە يېغىن مىقدارى 60% دىن 99% گىچە ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەردە ئاران 0.2 مىللىمېتىر ياغدى، ئۇ خاتىرىگە ئېلىنغاندىن بۇيان ئەڭ ئاز ياققان بىر يىل. پۈتكۈل ياز ئىچىدە يۇقىرى ھارارەت داۋاملاشتى، يامغۇر ياغمىدى، شامال ئاجىز بولۇپ، ھاۋارايى تۇراقلىق بولدى. ئىنتايىن يۇقىرى ھارارەت، كۆپىنچە، 8 - ئايدا پەيدا بولدى. يوپۇرغا ناھىيىسىدە 8-ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىنتايىن قاتتىق ئىسسىق بولۇپ، تېمپېراتۇرا 40.5 گرادۇسقا يېتىپ، ۋىلايەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولدى. كۈنلۈك تېمپېراتۇرا ≥35 گرادۇس بولغان تومۇز ئىسسىقى مەزگىلى تارىختىكى ھەر قانداق يىللاردىكىدىن بىر ھەسسە ئۇزاق بولدى، يۇقىرى تېمپېراتۇرا مەزگىلى بالدۇر كېلىپ، كېچىكىپ ئاياقلاشتى، يازدىكى ئۇزاق داۋاملاشقان قاتتىق ئىسسىق تارىختا ئاز كۆرۈلگەن.

(4) كۈز پەسلىدىكى كېلىمات نورمالسىز بولدى. 9 - ئاي كىرگەندە جايلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، يېغىن كۆپەيدى، مۆلدۈر يېغىپ، كۈز بالدۇر كەلدى ھەمدە ئاز كۆرۈلىدىغان قاتتىق بوران چىقتى. 9 - ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ 1 گرادۇس ئەتراپىدا بولدى، كۈز مۇددەتتىن 7 كۈندىن 10 كۈنگىچە بالدۇر كەلدى. 7 -، 8 - چېسلا ۋىلايەت بويىچە ھۆل - يېغىن بولۇپ قىسمەن جايلاردا قاتتىق يامغۇر ياغدى، تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. 18-چېسلادىن 20 - چېسلاغىچە چاقماق چېقىپ قىسمەن جايلاردا مۆلدۈر ياغدى، يوپۇرغا، يەكەن قاتارلىق جايلاردا مۆلدۈر يېغىپ، يېزا ئىگىلىكى زىيانغا ئۇچرىدى. 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ۋىلايەت بويىچە ئاز كۆرۈلگەن بوم

ران چىقىپ، شىمالىي رايونلاردا ئەڭ زور شامال كۈچى 9 ـ 10 بالغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يوپۇرغىدا شامالنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۈرئىتى سېكۇنتىغا 36 مېتىرغا يېتىپ، شامال سۈرئىتى بويىچە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى.

(5) يىل ئاخىرىدا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، قار كۆپ ياغدى. قىش پەسلى كىرگەندىن كېيىن جايلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، ھاۋا تۇتۇلۇپ، قار كۆپ يېغىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن قەھرىتان سوغۇق پەيدا بولدى. 12 ـ ئايدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 20% ئەتراپىدا ئاز بولۇپ، تارىختىكى شۇ مەزگىللەر ئىچىدە ئەڭ ئاز بولغان يىل بولدى. ئاي ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، جايلاردا ئۇدا قار يېغىپ، قېلىنلىقى 3 مىللىمېتىردىن 8 مىللىمېتىرغىچە بولۇپ، 4-5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى مۇقىم قار دۆۋىلەندى، ئۇدا 15 كۈن ئىچىدە كۈنلۈك تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 10 گىرادۇستىن ئاشتى، جايلاردا ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق بولغان مەزگىلدە نۆلدىن تۆۋەن 20 گىرادۇستىن ئاشتى. يوپۇرغىدا 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نۆلدىن تۆۋەن 23.2℃ گىرادۇس بولۇشتەك ئەڭ قاتتىق سوغۇق بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئەڭ تۆۋەن بولۇش رېكورتى يارىتىلدى.

3. ئاساسىي ھاۋارايى ئامىللىرى قىممىتى توغرىسىدىكى جەدۋەل

| بونكىت ئىسمى / تۈرى / خىلى | ھاۋا تېمپېراتۇرىسى (℃): يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | پەرقى | ئەڭ يۇقىرى | ئەڭ تۆۋەن | مول-يېغىن مىقدارى: يىللىق مىقدارى (مىللىمېتىر) | پەرق نىسبىتى | كۆپلىكى ئۆلچىمى | كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى: سائەت سانى | نىسبىتى | ھاۋارايى ئەھۋالى: بوران چىققان كۈن سانى | مۆلدۈر ياغقان كۈن سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قەشقەر | 11.2 | -0. | 37.5 | -21.4 | 69.6 | 13 | 20.2 | 2663.5 | 60 | 11 | 0 |
| مارالبېشى | 11.7 | 0.0 | 40.0 | -20.9 | 38.1 | -15 | 11.8 | 2795.9 | 63 | 6 | 0 |
| پەيزىۋات | 11.0 | -0.7 | 38.6 | -21.6 | 72.4 | 34 | 27.3 | 2891.9 | 65 | 3 | 0 |
| يوپۇرغا | 11.3 | -0.4 | 40.5 | -23.2 | 62.5 | 31 | 17.2 | 2613.1 | 59 | 10 | 1 |
| يېڭىسار | 11.0 | -0.4 | 39.2 | -20.1 | 97.3 | 53 | 22.9 | 2866.6 | 64 | 5 | 2 |
| مەكىت | 11.1 | -0.6 | 38.7 | -21.1 | 53.8 | 37 | 14.9 | 2996.9 | 67 | 1 | 0 |
| يەكەن | 11.2 | -0.2 | 38.0 | -22.1 | 33.2 | -23 | 9.6 | 3003.5 | 68 | 0 | 0 |
| پوسكام | 10.9 | -0.5 | 37.9 | -20.2 | 42.6 | 0 | 12.3 | 2548.3 | 57 | 1 | 0 |
| قاغىلىق | 10.8 | -0.6 | 38.0 | -21.9 | 48.1 | -10 | 12.7 | 2924.6 | 66 | 0 | 0 |
| تورغات | -3.3 | 0.4 | 22.8 | -29.1 | 172.2 | -24 | 24.6 | 3187.7 | 72 | 63 | 0 |
| تاشقورغان | 4.3 | -0.5 | 30.6 | -24.8 | 25.8 | -62 | 8.4 | 2898.7 | 65 | 47 | 1 |

**[ئاز ئۇچرايدىغان قەھرىتان قىش]** سىبىرىيە تەرەپتىن كېلىدىغان كۈچلۈك سوغۇق ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن 1984 - يىلى 12 - ئايدا ۋىلايىتىمىزدە ئاز ئۇچرايدىغان سوغۇق ھاۋا پەيدا بولدى.

قىش پەسلى كىرگەندىن كېيىن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن باشقا جايلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆتكەنكى ھەر قانداق يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3-4 گىرادۇس تۆۋەن بولدى. كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئۇدا 15 كۈن ئەتراپىدا نۆلدىن تۆۋەن 10 گىرادۇستىن تۆۋەنلىدى، جايلاردا ئايلىق ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 0 دىن تۆۋەن 20 گىرادۇستىن تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يوپۇرغىدا 12- ئاينىڭ 21 - كۈنى نۆلدىن تۆۋەن 23.2 گىرادۇس بولۇشتەك رېكورت مەيدانغا كېلىپ، ۋىلايەت بويىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا بولدى. يەكەن، مەكىت ناھىيىلىرىدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا بويىچە تارىختىكى رېكورت بۇزۇپ تاشلاندى. ھاۋارايى مەلۇماتلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، كۈنلۈك ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن ⩽ 10 گىرادۇس بولىدىغان سوغۇق مەزگىللەر جايلاردا تارىختىكى يىللارغا قارىغاندا 2 كۈندىن 6 كۈنگىچە ئۇزاق بولدى، ئەڭ ئۇزاقلىرى 17 كۈنگە يەتتى؛ كۈنلۈك ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ⩽ — 20گىرادۇس بولىدىغان سوغۇق مەزگىللەر جايلاردا تارىختىكى يىللارغا قارىغاندا 2 كۈندىن 4 كۈنگىچە ئۇزاق بولدى، ئەڭ ئۇزاقلىرى 5 كۈن بولدى. بۇ قېتىملىق تۆۋەن تېمپېراتۇرا 1962 - يىل 12 - ئاي ۋە 1974 - يىلدىن بۇيانقى 3 - قېتىملىق تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغان يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىش كىرىپ 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قار ياققان كۈنلەرنىڭ سانى 15 كۈندىن 20 كۈنگىچە بولدى، ئەڭ زور قار مىقدارى 7 مىللىمېتىر، ئەڭ زور قار قېلىنلىقى 5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇقىم قېلىن قار ھاسىل بولدى. بۇ قېتىمقى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ھاۋانىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب.

1976 - يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدە ئارقا - ئارقىدىن قىش پەسلىدە ھاۋا ئىللىق بولۇپ كەلگەن ئىدى، لېكىن 1984 - يىللىق كېلىمات نورمالسىز بولۇپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرا بالدۇر، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى، كىشىلەردە تېگىشلىك ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىغاچقا، مۇداپىئەلىنىشكە ئۈلگۈرەلمەي، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، قاتناش - تىرانسپورت، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەرگە بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. شۇڭا، قەھرىتان سوغۇقتا، سۇ ۋە توك بىلەن تەمىنلەش ئېغىر ھالدا جىددىيلىشىپ كەتتى، نۇرغۇن زاۋۇت، كان، كارخانىلار تاقىلىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى، بىر قىسىم ئىدارىلار، مەكتەپلەر نورمال خىزمەت ۋە ئوقۇشنى توختىتىپ قويدى. بەزى جايلاردا سۇ تۇرۇبىسى مۇزلاپ يېرىلىپ كېتىپ، ئىلاجىسىز سۇ توختىتىپ قويۇلدى.

ھاۋارايى مەلۇماتلىرى، كۆزىتىش خاتىرىلىرىگە قارىغاندا بۇ قېتىم ھاۋارايىنىڭ قاتتىق سوغۇق بولۇشى يەرشارى خاراكتېرلىك ئىكەن. (جۇ لياڭچى)

[هاۋارايى ماتېرىياللىرىنى خەلقارادا ئالماشتۇرۇش] هاۋارايى خىزمىتى هاۋارايى، هاۋا كېلىماتىنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تىزگىنلەشنى ئالىي نىشان قىلغان، هاۋارايى تارماقلىرىنىڭ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئورگىنى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ هاۋارايى كەسپىي سېستىمىسى ئارقىلىق ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ۋاقىتتىكى هاۋارايى ماتېرىياللىرىنى ئۆلكە (رايون)، جايلارنىڭ هاۋارايى مەركەزلىرى ۋە دۆلەتلىك هاۋارايى مەركىزىگە يەتكۈزۈپ بېرىپلا قالماستىن بەلكى يەنە دۇنياۋى هاۋارايى تەشكىلاتىغا ئەزا هەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ هاۋارايى مەركەزلىرى ۋە رايونلۇق هاۋارايى مەركەزلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالاقىدار دۆلەت، رايون ۋە ئېلىمىزنىڭ ئۆلكىلىك (رايونلۇق) هاۋارايى مەركەزلىرىنىڭ ئەمەلىي ۋاقىتتىكى هاۋارايى ماتېرىياللىرىنى ئۆز ۋاقتىدا توپلاپ، يەر شارى ئاتموسفېراسى ئۇچۇرىنى ئىگىلەش، ئاتموسفېرانىڭ هەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، هاۋارايى ئۇچۇرلىرى مۇلازىمەتلىرىنى يولغا قويۇش مەقسىتىگە يېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ هاۋارايى كەسپىي سېستىمىسى 4 هاۋارايى ئىستانسىسى، پونكىتىغا ئىگە بولۇپ، مەملىكەت ئىچى هەم خەلقارادىكى هاۋارايى ماتېرىياللىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان، ئۇلار هەر كۈنى قەرەللىك هالدا دۇنيا هاۋارايى تەشكىلاتلىرىغا ئالاقىدار ئەزا دۆلەتلەرنى ۋە رايونلارنى 8 سائەت ـ قېتىملىق يەر يۈزى هاۋارايى ماتېرىياللىرى، 2 سائەت ـ قېتىمدىن 4 سائەت ـ قېتىمغىچە بولغان ئېگىز بوشلۇق هاۋارايى ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. قەشقەر ۋىلايەتلىك هاۋارايى ئىستانسىسى هەر كۈنى يۇقۇرىدىكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدۇ: ئامېرىكىنىڭ هاۋارايى سۈنئىي هەمراسى تەمىنلىگەن 2 قېتىملىق سۈنئىي هەمرادا تارتىلغان بۇلۇت خەرىتىسىنىڭ سۈرەتلىرىنى قوبۇل قىلىش؛ ئۈرۈمچى هاۋارايى مەركىزى ئارقىلىق، ياۋروپا هاۋارايى مەركىزى تەمىنلىگەن دىئاگراممىلاشتۇرۇلغان سانلىق مەلۇماتنى فوتوگرافىيە ئارقىلىق بىر قېتىم قوبۇل قىلىش، بېيجىڭ هاۋارايى مەركىزى تەمىنلىگەن دىئاگراممىلاشتۇرۇلغان تۆرلۈك سانلىق مەلۇماتنى فوتوگرافىيە ئارقىلىق بىر قېتىم قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. هاۋارايى ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى يېتىشمەسلىكنى تولدۇرۇش ئۈچۈن دۆلەتلىك هاۋارايى مەركىزى قەشقەردە خەۋەرلىشىش ئىستانسىسى (ئەسلىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق خەت ساندۇقى) قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئافرىقىدىكى ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ هاۋارايى ماتېرىياللىرىنى بىۋاستە توپلىدى.

هاۋارايى ماتېرىياللىرىنى خەلقارادا ئالماشتۇرۇشنى دۇنياۋى هاۋارايى تەشكىلاتى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن، ئۇنىڭغا خەلقارا ئەھدىنامە ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىنغان، هەرقانداق دۆلەت هەم رايون ماتېرىياللىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلەپ ئالماشتۇرۇشى شەرت، دەخلى قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، قانۇنى جازاغا تارتىلىدۇ.

(زىلفا گولياك)

# گېئولوگىيە، يەر تەۋرەش، ئۆلچەم

**[گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى]** شىنجاڭ گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ 2-گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ۋە 3-گىدرو-گېئولوگىيە قۇرۇلۇشى گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى — شىنجاڭ گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىككى ئورنى. ئۇلار قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ گېئولوگىيە ۋە گىدرو قۇرۇلۇشى بويىچە گېئولوگىيىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

2-ئەترەتنىڭ تەكتى — قەشقەر گېئولوگىيە ئەترىتى 1958-يىلى قۇرۇلغان؛ 1961-يىلى خوتەن، ئاقسۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال چوڭ ئەترىتى ۋە گىدرو 3-شۆبە ئەترىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ 467 ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، بۇلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 32% نى ئىگىلەيدۇ. تۈرلۈك قۇرۇلۇش — تېخنىكا خادىملىرى 108 كىشى، ئىنژېنېرلار 31 كىشى. 3-گىدرو-گېئولوگىيە قۇرۇلۇشى گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى 1979-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر 291 ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، بۇلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 17.9% نى ئىگىلەيدۇ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى 42 كىشى، ئىنژېنېرلار 4 كىشى.

20 نەچچە يىلدىن بۇيان، 2-گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ھازىرقى خىزمەت دائىرىسىدىن باشقا، يەنە ئاقسۇ، خوتەن، ئالى رايونلىرىنىڭ گېئولوگىيە خىزمىتىگىمۇ مەسئۇل بولغان ئىدى. ئۇلار قەشقەر ۋىلايىتىدە جەمئىي 15 خىل مېتال كانى، 29 خىل مېتاللوئىد كانى، 223 كان نۇقتىسى ۋە مەدەن كانى تاپتى، 24 رودا خىلى زاپىسىنى، جەمئىي 49 كان مەھسۇلاتى ئورنىنى ئېنىقلىدى. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىلغانلىرى ئىچىدە كۆمۈر، نېفىت، چىرىمتال، گەج، ھاك تېشى، پېئىز توپا، ئاش تۇزى قاتارلىق 8 خىل نەرسە چىقىدىغان جەمئىي 32 كان مەھسۇلاتلىرى ئورنى بار. 1978-يىلى مارالۋېشىدا كېمبرلەي تېشى تېپىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئالماس كانى ئىزدەشتىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى. 1984-يىلى كۆمۈرنىڭ يولچىغىدىكى تەبىئىي گۈڭگۈرتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاۋاتقان چاغدا، نېفىت گاز ئالامىتى پەيدا بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا نېفىتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۈچۈن تۈز سىزىقلىق گىمراپا بىلەن تەمىنلىدى. 3-گىدرو چوڭ ئەترىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان پەيزىۋاتنىڭ شەھەر بازىرىنى تەمىنلەيدىغان سۇنى ئېنىقلاش ۋە ئېچىش، كونىشەر ناھىيىسى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش، پەيزىۋاتتىكى يەرلىك كېسەللىكنى تەكشۈرۈش، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەر ئىسسىقلىقى نۇقتىسىنى تەكشۈرۈش، قەشقەر شەھىرى تەمىنلەيدىغان سۇنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

1984-يىلى 2-ئەترەت ئۆز خىزمەتلىرىدە مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

مارالۋېشى رايونىدا 2-ئەترەت 1:5000 ماسشتابلىق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھەمدە يەر يۈزىنى ماگنىتلىق ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەنە كېمبرلەي تاش تىزمىلىرىدىن 3 نى ۋە ئىككى كېمبرلەي تاش غارنى تاپتى. بۇ 1978-يىلدىن بۇيان بۇ رايون-

دا 28كېپېرالەي تاش تىزمىسى، ئۆڭكۈرلىرىنى تاپقاندىن كېيىن قولغا كەلتۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى. ئاقتۇنىڭ ساسلىق كان رايونىدا گېئولوگىيىلىك خەرىتىگە ئېلىش، ئۆزۈلدە ئېلىپ تۈزۈش ۋە خاتىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ تىزگىنلىشى ئارقىلىق كۆمۈر قاتلىمىنىڭ قاتلام تەرتىۋى، سانى، قېلىنلىقى ۋە ئاساسلىق كەسمە يۈز قۇرۇلمىلىرى ھەم ئۇنىڭ كۆمۈر قاتلىمىدا بولغان تەسىرى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. كۆمۈرنىڭ $D$ دەرىجىلىك زاپاس مىقدارىنىڭ 45مىليون توننا ئىكەنلىكى دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلەندى، بۇ ئالدىنقىلارنىڭ ماتېرىياللىرىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى بولۇپ، قەشقەرنى زاپىسى مول بولغان كۆمۈر بازىسى بىلەن تەمىنلىدى. 2 ـ ئەترەتنىڭ ئونئۈچ يىل تەتقىقات گۇرۇپپىسى 4 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقان «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى 1:500.000 ماسشتابلىق گېئولوگىيە خەرىتىسى»، «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى 1:500.000 ماسشتابلىق كان مەھسۇلاتلىرى خەرىتىسى» نى تۈزۈش شۇنداقلا 400 نەچچە مىڭ خەتلىك چۈشەندۈرۈش ماتېرىيالىنى يېزىشنى ئورۇنلىدى. بۇ تارىم رايونىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى يەر قاتلىمى ۋە تارىم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسىم چېگرا سىزىقىدا بولغان يېڭى تونۇشنى ئەكس ئەتتۈردى، ئالدىنقىلارنىڭ كونىلۇن ياي پېشىدىكى كۆنىگەي تېغى يەر قاتلىمىنى ئايرىشتىكى قالايمىقانچىلىقلىرىنى تۈزەتتى؛ كونىلۇن تېغىنىڭ ماگما جىنىسلىرى دەۋرىنى يېڭىۋاشتىن بەلگىلەپ، بۇرۇنقى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلىدى؛ قوغۇشۇن، سىنىك، مىس، تۆمۈرنىڭ پەيدا بولۇش تىپلىرىنى يېڭىۋاشتىن بەلگىلىدى. چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى 79 مەدەن كانى، 143 جايدىكى كان نۇقتىسىنى كۆپەيتىپ تولۇقلىدى. خەرىتە سىزغاندا 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىلدى، بۇ 1964 ـ يىلدىكى خەرىتىگە قارىغاندا بىر قەدەر زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كانلارنى ئالدىن مۆلچەرلەش، گېئولوگىيە تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3 ـ گىدرو ئەترىتى قەشقەر شەھىرىدىكى يەر ئاستى سۇ مەنبەلىرىنىڭ تىك ھەم توغرىسىغا بولغان يۆتكىلىشتىكى رايون يۆتكىلىشى قانۇنىيىتى، يەر ئاستى سۇ مەنبەلىرىنىڭ سۇ سۈپىتى ھەم ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى شۇنداقلا مۇھىت گىدرو- گېئولوگىيە شارائىتىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش، شەھىرىمىزنىڭ يەر ئاستى سۇلىرىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش، شەھەر ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، سۇ كۆچى مەنبەسى، مۇھىت ئاسراش تەدبىرلىرىنى تۈزۈشتە ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. يەنە كونىشەھەر ناھىيىسى يېڭىئۆستەڭ كومىنا ئاھالىسى ئىچىدىغان سۇنى تەكشۈردى ھەم ئاچتى. يەرلىك ئاھالىلارنىڭ يەر پوستىدىكى پاسكىنا سۇنى ئىچىش مەسىلىسىنى تۈگىتىپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. (شۈي چۈن)

**[قەشقەرنىڭ يەر تەۋرەش خىزمىتى ھەققىدىكى ئومۇمىي بايان]** قەشقەر ۋىلايىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى يەر تەۋرەش بەلۋىغى ۋە غەربىي كونىلۇن يەر تەۋرەش بەلۋىغىنىڭ كېسىشىش قىسمىغا جايلاشقان، گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، يەر

تەۋرەش كۆپ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئەسىردىن بۇيان، تەشقەر ۋىلايىتىدە 5 بالدىن يۇقىرى بولغان جەمئىي 53 قېتىم يەر تەۋرىگەن. بۇلار ئىچىدە 1949 - يىلدىن بۇيان 43 قېتىم تەۋرىگەن. ۋىلايىتىمىزنىڭ مارالۋېشى دائىرىسىدە 5 بال ئەتراپىدا بولغان قاتتىق يەر تەۋرەش نىسبىتى بويىچە پۈتۈن شىنجاڭدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

1902 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاتۇشتا 8.25 بال قاتتىق يەر تەۋرىدى، قەشقەر شەھەر ئەتراپى 9 دەرىجىدە بۇزۇلدى. 1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋە 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى تويۇن كىرمونىسىدا ئۇدا 6.8، 6.2 بال يەر تەۋرىدى، ۋىلايىتىمىزنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى يەر تەۋرىگەنلىكنى سەزدى، تەۋرەش مەركىزىگە يېقىنراق بولغان رايون تەشقەر ۋىلايەتلىك كۆمۈر كېنى مەلۇم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر تەۋرەش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 1970 - يىلى دۆلەتلىك يەر تەۋرەش ئىدارىسى تەشقەردە ئاساسلىق يەر تەۋرەش ئىستانسىسى قۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ يەر تەۋرەش ئىستانسا، تورلىرىنىڭ غەربىي قىسىم چېگرا رايونىدىكى يەر تەۋرەش ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى قارار قىلدى. " ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئامما بىرلىشىش، مەھەللىۋىلىرى بىلەن زامانىۋىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، كەڭ ئاممىغا تايىنىپ ئالدىن ئۆلچەش، ئالدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى " فاڭجېنىغا ئاساسەن، 1976 - يىل 10 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ۋىلايەتلىك يەر تەۋرەش ئىشخانىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ھۆكۈمەتنىڭ يەر تەۋرەشكە بولغان تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا ياردەملىشىش؛ يەر تەۋرەش ۋە تەۋرەش ئاپىتىگە ئالدىن مۇداپىئە كۆرۈش، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە قارشى تۇرۇش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش؛ كەسپىي توشۇنىغا ماسلىشىپ، ئاممىنى يەر تەۋرەشنى ئالدىن مۆلچەرلەش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش بويىچە يەن - تېخنىكا تەتقىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەشتىن ئىبارەت.



ئاشۇرغان ئاممىۋىلىك يەر تەۋرىشنى كۆزىتىش ئىستانسىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئوقۇغۇچىلارغا يەر تەۋرىشنى ئالدىن مەلۇم قىلىشنى سۆزلەپ بەرمەكتە.

باۋدى فوتوسى

كۆپ يىللاردىن بۇيان، مۇتەخەسسىسلەر ھەم ئاممىدىن تەركىب تاپقان يەر تەۋرەش خادىملىرى جاپالىق خىزمەت قىلىپ، تۇرغۇزۇلغان قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى ھەمدە بىر قىسىم يەر تەۋرەشنى ئالدىن مەلۇم قىلدى. 1982 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن " 1983 - يىللىق شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ۋەزىيىتى ئۇستىدىكى مەسلىھەت يىغىنى" دا قەشقەرنىڭ يەر تەۋرەش ئىشخانىسى، قەشقەر يەر تەۋرەش ئىستانسىسى ئاممىنى ئېنىقلىغان

ئامما ئالدىن مۇداپىئە قىلغان ماتېرىياللارغا، يەر تەۋرەش پائالىيىتى ئىستانسىسىنىڭ ۋە يەر ماگنىتىنىڭ نورمالسىزلىشىشىغا ئاساسەن: «1982 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1983 - يىلنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەرنىڭ ئۆلۈغچات رايونىدا قاتتىق يەر تەۋرەش خەۋپىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بېرىش پىكرى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ دۆلەتلىك يەر تەۋرەش ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ ئالدىن مەلۇمات بېرىش پىكرى بىلەن ماسلاشتى. 1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۆلۈغچاتنىڭ قويۇن رايونىدا 6.8 بال يەر تەۋرەپ، ئالدىن بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. 1982 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مارالبېشى پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن شاۋ لىشۈي مارالبېشىنىڭ ھەر قايسى كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا كۆزىتىلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، تەھلىل قىلىپ ھېساپلاپ 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە مارالبېشىنىڭ غەربىي - شىمال يۆنىلىشىدە قاراپ 4.7 بالدىن 5.6 بالغىچە يەر تەۋرەيدىغانلىقىنى ئالدىن قىياس قىلدى. نەتىجىدە، 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مارالبېشىنىڭ غەربىي - شىمالىدا 4.8 بال يەر تەۋرىدى. ئالدىن مەلۇمات بېرىش توغرا بولغاچقا ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مەمۇرى مەھكىمە يەر تەۋرەش ئىشخانىسىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر تەۋرەش خىزمىتىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، يەر تەۋرەش ئاپپاراتلىرى ۋە ئادەمنىڭ ئىشتىن سىرتقى كۆزىتىپ مەلۇم قىلىش نۇقتىلىرى تەڭشەلدى. ئەسلىدىكى قاغىلىق، يەكەن، پەيزىۋات، مارالبېشى، تاشقورغان ناھىيىلىرىدە يەر تەۋرەش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان، جەمئىي 20 كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە ماكرولۇق كۆزىتىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان ئىدى. 1984 - يىل 4 - ئايدا ئالاقىدار ھۆججەتلەردىكى يەر تەۋرەش خىزمىتىدە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىسپى ھالدا مەركەزلەشتۈرۈش، مۇھىم نۇقتىسىنى كۈچەيتىش روھىغا ئاساسەن، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ يەر تەۋرەش ئىشخانىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ يەر تەۋرەش ئىشخانىسى تولۇقلاندى ھەم كۈچەيتىلدى، كۆزىتىش نۇقتىلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ 12 بولدى.

ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كەسپىي يەر تەۋرەش ئىستانسا، پونكىتلىرىدىن: قەشقەر يەر تەۋرەش ئىستانسىسى، مارالبېشى شوركۆل يەر تەۋرەش ئىستانسىسى، تاشقورغان يەر تەۋرەش ئىستانسىسى بار، قەشقەر يەر تەۋرەش ئىستانسىسى مەملىكەت بويىچە 24 ئاساسلىق يەر تەۋرەش ئىستانسىسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي كۆزىتىش تۈرلىرى يەر تەۋرەشنى، يەر ماگنىتىنى كۆزىتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە «573» ۋە ئاساسلىق يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ماتېرىياللىرى خەلقارادىكى يەر تەۋرەش ماتېرىياللىرىنى ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى. مارالبېشى شوركۆل يەر تەۋرەش ئىستانسىسى ۋە تاشقورغان يەر تەۋرەش ئىستانسىسى يەككە ئىستانسىلار بولۇپ پەقەت بىر يۈرۈش يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرى بار، ئۇلار تەرەللىك ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش ئىدارىسىغا سانلىق مەلۇماتلارنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇشقا مەسئۇل. (جاڭ لىشىڭ)

**[ ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ]** ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم باشقۇرۇش ئورنى 1958 - يىلى قۇرۇلغان. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 12

نامىيە (شەھەر) دە ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم باشقۇرۇش پونكىتلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ خادىملىرى ئۇ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 3 كىشىدىن كۆپىيىپ ھازىرقى 139 كىشىگە يەتتى. ئۆلچەم تەكشۈرۈش، سىناش ئۈسكۈنىلىرىدىن ئەينى زاماندا بىر قانچە ئادەتتىكى كىچىك تەخپۇك جىڭ بار ئىدى، ئاران ياغاچ چوكىلىق جىڭ رېمونت قىلىش ۋە ياساش ھەم بىر قىسىم ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى رېمونت قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش كەسپى بىلەنلا شۇغۇللىنالايتتى؛ بۈگۈنكى كۈندە ۋىلايەت بويىچە 180 دانە نازۇك ئىلمىي ئۆلچەش، سىناش ئۈسكۈنىسى، دۆلەت ۋە مىنىستىرلىك تارقاتقان 2512 نۇسقا مەھسۇلاتنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ماتېرىيالى بار. ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۆلچەم باشقۇرۇش سەۋىيىسى ھەم ئۆلچەم تەكشۈرۈش، سىناش تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، كەسىپ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، تەسلىمدىكى ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئۆلچەم خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈشنى باشقۇرۇشقا قاراپ يۈكسەلدى. ئۇنىڭدا كەسىپ، ئۆلچەش سايمانلىرى، ئۆلچەملەشتۈرۈش بۆلۈمچىلىرى ھەم ئۆلچەش، سىناش ئىشخانىسى ھەم مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش پونكىتلىرى تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئۆلچەملەشتۈرۈش ئاخباراتلىرى، مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ھەم ئۇزۇنلۇق، دىنامىكا، ئىسسىقلىق ئۆلچەش سانائەتلىرى، ئېلېكتىر بىلەن ھەل بېرىش ئېلېكترو-ماگنىت، ۋاقىت چاستوتىسى، فىزىكا - خىمىيە، ئىچىش مىقدارى قاتارلىق كەسىپ تېخنىكىلار قانات يايدۇرۇلغان. بۇ ئار قىلىق دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئۆلچەم بىرلىكى ۋە ئۆلچەم قىممىتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا يولغا قويۇش ۋە يەتكۈزۈش سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆلچەمدىكى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ھەم شەھەر بازارلىرىنىڭ ئۆلچەملىرىنى نازارەت قىلىش ئىشلىرىنى ئورۇنلىدى. «باشقۇرۇش بىلەن ئۆلچەشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، تازىلىق ھەم مۇھىت شارائىتىنى ياخشىلاش، دۆلەتنىڭ بايلىق، قۇۋۋەت مەنبەلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ھەم تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم باشقۇرۇش خادىملىرى كەسپىي سۈپىتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 20 پىرسەنتى تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. تۈرلۈك زورنال، گېزىت، رادىيو ئىستانسىلىرىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 8 پارچە كەسپىي خۇلاسە ۋە ماقالە ئېلان قىلىندى. ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم باشقۇرۇش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. بىر كىشى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەن - تېخنىكا چوڭ يىغىنىدا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم باشقۇرۇش ئورنى ۋىلايەت بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم باشقۇرۇش ئورنىغا پەن - تېخنىكىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. (چېن ۋېنگۇاڭ)

**[ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن (يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش)قىلىش]** قەشقەرنىڭ ھايۋانات-ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئورنى 1965-يىلى 4-ئايدا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىنغان ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كارانتىن قىلىش، تەكشۈرۈش ھەمدە زۆرۈر بولغان مۇھاپىزەت تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خەتەرلىك كېسەللىك، ھاشارات، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئېلىمىزگە كىرىشىدىن ساقلىنىش، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئېلىمىزنىڭ تاشقى سودىدىكى ئىناۋىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

1982 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش باش ئىدارىسى قۇرۇلدى، ھەر قايسى چېگرا ئېغىزلىرىدىكى كارانتىن ئورۇنلىرىنىڭ كەسپىي ئومۇمەن، باش ئىدارىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، مالىيە ئىشلىرى جەھەتتە باش ئىدارە پۇل ئاجرىتىپ بېرىدىغان، تەكشۈرىدىغان بولدى. 1984 - يىلى كارانتىن ئورنى بويىچە 13 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. بۇلار ئىچىدە كارانتىن ئورنىنىڭ بىر باشلىقى، بىر مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، ھەر ئىككىسى كەسپىي كادىر ئىدى. مەخسۇس كارانتىن قىلغۇچى خادىم 8 نەپەر بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلغۇچى ئۈچ كىشى، ھايۋاناتلارنى كارانتىن قىلغۇچى 5 كىشى، بۇلاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار بىر كىشى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 2 كىشى.

قەشقەرنىڭ ھايۋانات - ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئورنى ئاساسەن، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

(1) ئاموژنا، چېگرا مۇداپىئە قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ماسلىشىپ، ئېغىزلارنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ھەم چېگرىدىن كىرگەن ئاپتوموبىللارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش خىزمىتىنى بېجىردى، بۇ ئارقىلىق كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىرىنىڭ كىرىشىدىن مۇداپىئە قىلىندى.

(2) ئىمپورت، ئېكسپورت قىلىنغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى كارانتىن قىلىش، تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ھەر يىلى تەخمىنەن 900 توننا قۇلماق ئېكسپورت قىلىدۇ، بۇلار ئاساسەن، قورغاس، ئەرلىيەن ئېغىزلىرى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى، رۇمىنىيە، تاشقى موڭغۇل، ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە، چېخوسلوۋاكىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ، كېلىشىمدىكى تەلەپكە ئاساسەن، ئېكسپورت قىلىنىدىغان بارلىق قۇلماق كارانتىن قىلىندى ھەم تەكشۈرۈلدى. 1983 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇزۇن تالالىق پاختىدىن 5 مىڭ توننا ئېكسپورت قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1240 توننىدىن كۆپرەكى قەشقەر كارانتىن ئورنى تەرىپىدىن كارانتىن قىلىندى.

(3) يولۇچىلارنى كارانتىن قىلىش يولغا قويۇلدى. خۇنجىراپ ئېغىزى 1982 - يىلى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ھەر يىلى پاكىستانغا تۇققان يوقلاشقا، سەئۇدى ئەرەبىستانغا

ھەجگە بارىدىغان كىشىلەر پەيدىن-پەي كۆپەيدى. 1982-يىلىدىكى بىر قانچە يۈز كىشىدىن كۆپىيىپ ھازىرقى بىر قانچە مىڭ كىشىگە يەتتى. پاكىستان تەرەپتىن ئېلىمىزگە تۇغقان يوقلاش، سەيلى-ساياھەت ئۈچۈن كېلىدىغانلار ھەم چەتئەللەرگە ياردەم بېرىپ ۋەتەنگە قايتقان خادىملار ھەر يىلى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. كارانتىن قىلىشقا تېگىشلىك بولۇپ سېزىلگەن ھايۋاناتلار ئىچىدە بۈركۈت، شاتۇتى، مايمۇن قاتارلىقلار بار، ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە ئالما، جۇزە، تەشتەكتە ئۆستۈرۈلگەن گۈل قاتارلىقلار بار.

(4) خەلقارا پوچتا خالتىلىرى كارانتىن قىلىنىدى.

(5) ئىچكى تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى، ئاشلىق ھەم ئۇرۇقلۇق چىگىتنى كارانتىن قىلىش جەھەتتە، ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىلغان جايلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ رەسمىيەت ئۆتەپ بېرىلدى. ئىچكىرىدىن ھەم چەتئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن ئۇرۇق، كۆچەتلەر سىناق تەرىقىسىدە تېرىلغان باسقۇچلاردا بىر قەدەر تەپسىلى تەكشۈرۈلدى، شىنجاڭدا قىزىل غوزا پىتى تارقالمىغانلىقى ئۈچۈن سىرتتىن چىگىت كەلتۈرۈش تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىنىدى.

(6) نۇقتىلىق كارانتىن قىلىنىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئورنىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تەكشۈرۈلدى. 1976-يىلى قەشقەر غازىنىڭ تىز ناپكومەو نىسىدىكى تەجرىبە ئېتىزىغا تېرىلغان 6 مو بۇغدايدا قارا پاچاق كېسەللىكى بايقالغان ئىدى، ئۇ تەدبىر قوللىنىلىپ يوقىتىلدى. كېۋەزنىڭ يېرىگلەش كېسەلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، بۇ كېسەللىكنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ئاساسى جەھەتتىن ئىگەللەندى. قەشقەر قاتارلىق 7 ناھىيە (شەھەر) دە تەشمە قۇرۇت پەيدا بولۇش، تارقىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. ئۇندىن باشقا، مەستەكنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش ئىككولوگىيىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىدى.

(7) 1982-يىلدىن 1984-يىلغىچە ئالاقىدار ئورۇنلار بىرلەن ماسلىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلىرىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك ھەم زىيانلىق ھاشاراتلار، شۇنداقلا ئوت-چۆپلەرنىڭ تۈرلىرى 3 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى ھەمدە يازما ماتېرىيال قىلىنىپ رەتلەپ چىقىلدى: نەزىرىيە مۇھاكىمىسى جەھەتتە، شىنجاڭنىڭ تەبىئى ئىككولوگىيىلىك شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، كارانتىن قىلىنىدىغان بىر قانچە ئاساسى ئۆسۈملۈك ئوبيېكتلىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىق مەسىلىسى تەھلىل-تەتقىق قىلىنىدى، جەمئىي 12 پارچە ماقالە يېزىپ چىقىلدى، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش ئوبيېكتلىرىنى بېكىتىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يۇقۇملۇق كېسەللىك رايونىنى ئايرىش ھەم قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئاساس ھازىرلاندى.

(8) يەرلىكتىكى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، ئادەتتە، يېزا ئىگىلىكىدە بولىدىغان زىيانلىق ھاشاراتلار ھەم ھايۋاناتلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەش يولغا قويۇلدى.

خەلقارا سودا، سەيلى-ساياھەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ،

ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى كاراتىن قىلىش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشماقتا. شۇڭا، كاراتىن قىلىش، تەكشۈرۈش ۋاسىتىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. (دۇ يىڭچېن)

**[ قاغىلىق سېرىق شاپتۇلىدىن ياسالغان كونسېرۋا ]** شېكەر سۈيىدە چىلانغان سېرىق شاپتۇل كونسېرۋاسى خەلقئارا بازارلاردا كەڭ - كۆلەمدە سېتىلماقتا. ئەمما بىزدە ئۆتكەندە 10 نەچچە توننىلا ئەتراپىدا ئىشلەپچىقىرىلىپ، دەسلەپكى چەتئەلگە چىقىرىلغان بولسىمۇ ئېھتىياجىنى قامداپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى: ئىچكىرىدىكى شاپتۇل تېرىلىدىغان رايونلاردا ئېسىل كونسېرۋا ياساش سورتى ۋە يېتىلىش مەنبەسى كەمچىل، شىنجاڭدا ئىنتايىن مول بولغان سېرىق شاپتۇل سورتلىرى يېتىلىش بار، شۇڭا بىز 1977 - يىلى بىر تەتقىقات تېمىسىنى تاللاپ 8 يىل ئىچىدە كونسېرۋا ياسىلىدىغان سېرىق شاپتۇلنىڭ ئېسىل تۈپ سېپەتلىرىنى تاللىۋېلىپ، كونسېرۋا ياساش ھۈنەر - سەنئىتى بويىچە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزدۇق، ئۇنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرى لويىدانىڭ فىگۇرا، ياپونىيىنىڭ كونسېرۋا K، 14 - سورتلىرى، «ىمىڭ شىمىڭ» (چولپان) سورتىدىن ئېشىپ كېتىپ، دۆلىتىمىزدىكى كونسېرۋا ياسايدىغان سېرىق شاپتۇلنىڭ جاغدا سورتى بويىچە بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، كونسېرۋا ياساش ۋاقتىنى ئۇزارتتۇق.



شاپتۇلدىن مول ھوسۇل. باۋدىن فوتوسى

1977 - يىلى ئەسلىدىكى ئېتىز كوماندىنا 3 - دادۈيىدە سېرىق ئەتلىك ئەششاپتۇل تېپىلدى، ئۇ چاغدا تېپىلىش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ئۇنىڭغا 4 نومۇر سېلىندى. يەنى قاغىلىق 1-، 2-، 3-، 4- نومۇرلۇق ئەششاپتۇلى دەپ ئاتالدى. كېيىن خوتەن، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا 100 لىگەن مىۋىلىك باغ، نەچچە ئون مىڭ تۈپ شاپتۇل دەرىخى تەكشۈرۈلدى، 1979 - يىلدىن باشلاپ ئېتىز كۆزلىسىمنىڭ 8 - دادۈيىۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىنىڭ تەجرىبە يېرىدە پەيدىن - پەي سېرىق ئەششاپتۇل سورتلىرى ئۆستۈرۈلگەن باغ بەرپا قىلىنىپ، ئىلى يېڭشاك، ئىلى توگىچۈن يولداشلار تاللاپ توپلىغان 27 تۈپ سېپەتتىكى سېرىق ئەششاپتۇل ساقلاپ قېلىنىپ، ھازىر ئارقا - ئارقىدىن مېۋىلىمەكتە. دەسلەپكى قەدەمدە يېتىلىنىپ كېلىپ چىققانلىرى تۆۋەندىكى تۈپ سېپەتلىرى: ئېتىز "3-1" نومۇرلۇق بورنى تۈز يۇمشاق ئەتلىك سېرىق ئەششاپتۇل، ئېتىز "4-1" نومۇرلۇق بورنى ئۇچلۇق يۇمشاق ئەتلىك سېرىق ئەششاپتۇل، ئېتىز "8-1" نومۇرلۇق بورنى ئىنچىكە ئۇچلۇق يۇمشاق ئەتلىك سېرىق ئەششاپتۇل، تۆگىچى "0-1" نومۇرلۇق بورنى تۈز يۇمشاق ئەتلىك سېرىق ئەششاپتۇل، تۆگىچى "0-2" نومۇرلۇق بورنى تۈز يۇمشاق ئەتلىك سېرىق ئەششاپتۇل ۋە چاۋاغ "9-1" نومۇرلۇق بورنى كىچىك يۇمشاق ئەتلىك سېرىق ئەششاپتۇل.

يۇقىرىدىكى سېرىق ئەششاپتۇل سورتلىرى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا چېچەكلەشكە باشلايدۇ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ. ئۇنىڭ ئېتى سېرىق، يۇمشاق، ئەتلىك، پۇراقلىق

بولىدۇ، ئەتىنىڭ ئۇچىكىگە يېقىن قىسمى قىزىل بولمايدۇ، قايىنىتىشقا چىدامىلىق، رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تېپىمىز «8-1» نومۇرلۇقىنىڭ مېۋىسى چوڭ، ئەتلىرى توق سېرىق بولۇپ، رەڭگى تۇراقلىق، ئۇ بىر قەدەر ياخشى سورت بولۇپ، ئالدى بىلەن كېڭەيتىش لازىم. تۆگىچى «0-2» ئەشتاپتۇلىنىڭ رەڭگى توق سېرىق ھەم تۇراقلىق بولۇپ، تەمى ياخشى، ئۇنىمۇ كېڭەيتىش لازىم.

سېرىق ئەشتاپتۇل كونسېرۋاسى ئىزدىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلىمەكتە، 1980 - يىلى كونسېرۋا ياساش ماشىنىسى بولمىغاچقا، چوڭ ئېغىزلىق شىشىدە سىناق تەرىقىسىدە بىر نەچچە شىشە مۇراببا ياسالغان ئىدى، 1981 - يىلى شاڭخەيدىن كونسېرۋا ئاغزىنى بېكىتىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، 500 گىراملىق شىشىگە قاچىلاپ سىناق تەرىقىسىدە ياساشقا باشلىدى، تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن تەمىنلەنگەن سورت سېپتېمىسى 5 كە يەتتى، 1982 - يىلى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن تەجرىبىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، تەجرىبە قىلىپ ياسالدى، تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن تەمىنلەنگەن سورت سېپتېمىسى 6 بولدى. 1983 - يىلى تەجرىبە سېپتېمىسى 7 بولدى. كونسېرۋا ياساش ھۈنەر - سەنئىتىنى يولداش لى يېڭشاڭ ئىگىلىگەن.

ئومۇمەن ئالغاندا، ناھىيىمىزنىڭ سېرىق ئەشتاپتۇلىنىڭ مېۋىسى چوڭ، تۈز، چىرايلىق، رەڭگى سېرىق، يۇمشاق، ئۇچىكىگە يېقىن ئەتلىرىنىڭ تەلىپى قىزىل ئەمەس، ئەت قىسمى پۇختا، قېلىن بولۇپ، ئاسان ئېزىلىپ كەتمەيدۇ، قايىنىتىشقا چىدامىلىق، كونسېرۋا ياسىسا شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ، كونسېرۋاسىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ سېرىق كېلىدۇ. ئۇزاق ۋاقىتقىچە رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ. ساقلاش ۋاقتى ئۇزاق. لۈيدانىڭ فېڭخۇالا، ياپونىيىنىڭ «كونسېرۋا 5»، «كونسېرۋا 14» قاتارلىق سورتلىرى تۇخۇمسىمان سوقۇچاق شەكىلدە بولۇپ، تەلپىنىڭ ئۇچىكىگە يېقىن قىسمى قىزىل بولىدۇ، رەڭگى ئاسان ئۆزگىرىدۇ، يېرىم ئېرىۋېچان بولۇپ قايىنىتىشقا چىدامىلىق ئەمەس، قاغىلىق سېرىق ئەشتاپتۇلى كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. لېكىن قاغىلىقنىڭ قەشقەر، ئاپتونوم رايون، مەملىكەتنىڭ ئىستېمال مەركەزلىرى بىلەن بولغان قاتناش لىنىيىسى ئۇزاق بولغاچقا مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونسېرۋا يىمەكلىكىنى تورمۇش، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىنتايىن ئاز ئىستېمال قىلغانلىقى ئۈچۈن سېتىش مەسىلىسىنى جىددىي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇندىن قالسا، بوتۇلكا، شىشىلەرنى بېيجىڭدىن ئەپكەلگەندە تەننەرقى بەك يۇقىرى بولىدۇ، كونا شىشىنى سېتىۋالغان تەقدىردىمۇ ھەر بىرىنىڭ تەننەرقى يەنىلا بىر يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھازىر شەھەردە سېتىلىۋاتقان كونېپلون ئىستېمال زاۋۇتىنىڭ كونسېرۋالىرى قاغىلىقتا خېلى سېتىلىۋاتىدۇ، ئۇنى ئاساسەن، شىنجاڭغا بارىدىغان كىشىلەر ئالىدۇ، يەكەن، پوسكاملاردا ئاساسەن دېگىدەك سېتىلمايدۇ. ئەگەر ئىچكىرىدىكى كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىسە، ئىچكىرى ۋە خەلقارا بازارلاردا سېرىق ئەشتاپتۇل بايلىقىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا بولىدۇ.

( قاغىلىق ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى )

قوشۇمچە: ئاساسى كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئىچكى جايلاردىكى مەھسۇلاتلار بىلەن سېلىشتۇرمىسى:

| ۋاقتى | زاۋۇت ئىسمى | سېرىق ئەشقاپتۇل سورتى | ئەتلىرىدىن پەيدا-لىنىش نىسبىتى | ھەر بىر توننىدا خوراش نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|
| 1978 | غۇلجا كونسېرۋا زاۋۇتى | ئەنگخۇالا | 70.35% | 16.38 |
| 1979 | لەنجۇ بەھەكلىمكلەر زاۋۇدى | «كونسېرۋا 5» | 52.35% | 1.26 |
| 1979 | 〃 | قىزىلۇچ سېرىق | 59.6% | 1.04 |
| 1982 | قاغىلىق | توكىجى «0-2» نومۇرلۇق | 75.4% | 0.62 |
| 1982 | 〃 | تېتىر «3-1» نومۇرلۇق | 83.3% | 0.7 |
| 1982 | 〃 | تېتىر «8-1» نومۇرلۇق | 74.3% | 0.7 |
| 1983 | 〃 | توكىجى «0-2» نومۇرلۇق | 66.13% | 0.62 |
| 1983 | 〃 | تېتىر «3-1» نومۇرلۇق | | 1 |
| 1983 | 〃 | تېتىر «8-1» نومۇرلۇق | | 0.89 |
| 1983 | 〃 | تېتىر «4-1» نومۇرلۇق | 82.73% | 0.73 |

## (تەبىئى پەنلەرگە دائىر تۈرلۈك ئىلمىي جەمئىيەتلەر)

ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: دېخانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى

باش لېشى: شۈي دېيەنۇي

مۇئاۋىن باش لېشى: تىلمۇئالدى ھاممت

باش كاتىپ: تۇرغۇن

مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى: لىۋيى، جىماق يۈلىن، شىن جىنچېلىق

ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى

باش لېشى: ۋاڭ جۈ

مۇئاۋىن باش لېشلىرى: گو فېڭشەن، تۇرسۇن، جاڭ جىقىڭ، ئىمىن يۈسۈپ،

باش كاتىپ: يۈسۈپ مامۇت

مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى: چېيۇيۇمۇ، شۈي كەيچىڭ (يۆتكەلدى)

دائىمى لېشلىرى: ۋۇيۇەنجاۋ، خۇ تىڭخەي، پىڭ چىڭچى، لى شۇەنجۇ، مېھەمەتسا-

ۋۇت، ئابدۇجېلىل، ئەمەت ھوشۇر،

ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: پىلىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى

باش لېشى: ئابلەت

مۇئاۋىن باش لېشلىرى: شۈي رۇيىڭ، شاڭ جۇنپىڭ، لياڭ ۋېنيۇ، ۋۇ جېڭجۇن،

باش كاتىپ: خۇاڭرۇيشى

ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: چۆپ جەمئىيىتى

پەخرىي رەئىسى: لى دېڭجېي
باش لېيشى: شۈڭ چۈەن
مۇئاۋىن باش لېيشى: ليۇشۇەنلى
باش كاتىپ: ۋاڭ زۇڭشى
مۇئاۋىن باش كاتىپ: جۇشافېي
دائىمىي لېيشىلىرى: شىن زىشاڭ، جۇن لىمىڭ
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: جۇڭگو دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى
باش لېيشى: ماچۈەنياۋ
مۇئاۋىن باش لېيشىلىرى: ياڭ كۇاڭ شىڭ، جاڭ جىمىن
باش كاتىۋى: شۈي يۇڭچۈەن
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: جۇڭخۇا سىستېمىرالىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى
باش لېيشى: لى رۇيفىڭ
مۇئاۋىن باش لېيشىلىرى: چېن لىبىڭ، رەيھان قادىر
باش كاتىپ: ۋاڭ شاۋلۇڭ
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: ياش - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى
پەخرىي باش لېيشىلىرى: ئىيسا شاكىر، ۋاڭ ۋېنچى
باش لېيشى: يېن لىمىڭ.
مۇئاۋىن باش لېيشىلىرى: ئىلمۇالدى ھامىت، سۇلتان، ئوبۇلقاسىم، جاپپار، ۋاڭ چياڭ باڭ.
باش كاتىپ: ئىلمۇالدى ھامىت (قوشۇمچە)
مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى: جاڭ شاۋجېن، مەمەت روزى، پەرھات، پەزىلەت، باۋدى
دائىمىي لېيشىلىرى: ئابدۇراخمان، تۇراپ، رېن نىشىڭ، ئابدۇقادىر، چېن رۇلى
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: ھاۋارايى ئىلمىي جەمئىيىتى
باش لېيشى: چېن چىڭشۇ
مۇئاۋىن باش لېيشىلىرى: ۋاڭ خۇڭجېي، زېڭ گولياڭ
باش كاتىپ: زېڭ گولياڭ (قوشۇمچە)
دائىمىي لېيشىلىرى: تۇراپ، جاڭ گوجۇڭ، چېن شۈيدى
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: ئۆسۈملۈك ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى
پەخرىي باش لېيشى: ئابلەت
باش لېيشى: ۋاڭ سۇلىن
مۇئاۋىن باش لېيشىلىرى: سۇلايمان ئىملى، جاۋ كۇيجېي، ۋاڭ يۈجىڭ، ۋاڭ خۇڭچى
باش كاتىپ: ۋاڭ خۇڭچى (قوشۇمچە)
دائىمىي لېيشىلىرى: دۇ بىڭچەن، ۋاڭ ۋېنبىن، يۈرۈلۇڭ.
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى
باش لېيشى: مەھەممەت قادىر
مۇئاۋىن باش لېيشىلىرى: جاۋ زۇڭكى، جاۋ دېيۈي

باش كاتىپ: جېن بىڭرۇڭ
مۇئاۋىن باش كاتىپ: مەھەممەت بەردىن، چېن ياۋكۇن
دائىمىي لىشىسى: پېي شىندىن، ئەھەت ھەسەن، زوراخان
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: زىرائەت ئىلمىي جەمئىيىتى
باش لىشى: ئابلەت قۇربان
مۇئاۋىن باش لىشىلىرى: يۈ جۈ چېن، غوپۇر، لى شىچىڭ
باش كاتىپ: ۋۇ ۋېنچى، شېن جىنچىڭ، مىجىت، مەھەممەت، لىيۇ لىيەنفاڭ
مۇئاۋىن باش كاتىپلار: لى شىچىڭ (قوشۇمچە)، غوپۇر (قوشۇمچە)
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: تۇپراق ئىلمىي جەمئىيىتى
باش لىشى: شۈي دىيەنۋېي
مۇئاۋىن باش لىشى: خې خۇڭشىڭ
باش كاتىپ: جاڭ يۇلىن
دائىمىي لىشىلىرى: چېن جىڭ، يەن شىڭشى، پىڭ لۇڭخې
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: سۇ ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى
باش لىشى: ئۇجيا خىڭ
مۇئاۋىن باش لىشى: ئابدۇكېرىم
باش كاتىپ: جاڭ ۋېن يى
مۇئاۋىن باش كاتىپ: سۇ جىن مىن
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى
باش لىشى: ئىسمايىلجان تۇراپ
مۇئاۋىن باش لىشىلىرى: جاڭ يۇڭئەن، فاڭ زۇڭشېن، جاڭ زۇڭشاڭ.
باش كاتىپ: جاڭ گولياڭ
دائىمىي لىشىلىرى: ۋېن چىيۇ، فاڭ زۇڭشېن، ئىسمايىلجان تۇراپ، تۇرقاسىم، لى لىشىڭ، جاڭ يۇڭئەن، جاڭ زۇڭشاڭ، جۇفۇچۈن، كې جېنشىڭ، لۇيىنۇڭ، خوكېپىڭ
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى
باش لىشى: گۇەن شىخىڭ
مۇئاۋىن باش لىشى: ياۋ ۋېنجۇن
باش كاتىپ: شېي لىيۇن
مۇئاۋىن باش كاتىپ: لى داچاۋ
دائىمىي لىشىلىرى: چېن چيەن، جاڭ جىشىڭ
ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: باغۋەنچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى
باش لىشى: لى باۋلياڭ
مۇئاۋىن باش لىشىلىرى: لى يۈچۈن، ۋاڭ ۋېن، لىيۇ دىجۇ، جياڭ چىڭ تۇڭ.
باش كاتىپ: ۋاڭ ۋېن
مۇئاۋىن باش كاتىپ: لى جۈنجې

دائىمىي لىشلىرى: گاۋ باۋيۈن، فۇ مىڭلاڭ، زېڭ شۈيۈن، لى جېنى، خۇيىۋزېڭ، لى جاۋجىن، لياۋچاڭ زۇڭ، جاڭ شۈبياۋ.

ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى

باش لىشى: شى گۇشى

مۇئاۋىن باش لىشلىرى: قۇربان مۇسا، شۈي گويىڭ، لىن شۇزۇي.

باش كاتىپ: لى شىڭجۇ

دائىمىي لىشلىرى: جاڭ جەنجې، خۇاڭ زەيخۇا، خۇاڭ شۈي مىن، شۈپىڭ شەن

ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى

باش لىشى: ليۇ يەنخۇي

مۇئاۋىن باش لىشلىرى: خې فۇشاڭ، چېن يۈگېياۋ، ۋاڭ پېيفا

باش كاتىپ: خې فۇشاڭ ( قوشۇمچە )

مۇئاۋىن باش كاتىپ: چەن جۇفاڭ

ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى

باش لىشى: چېن شەنچىن

مۇئاۋىن باش لىشلىرى: خۇاڭ لى، ۋۇيەن

باش كاتىپ: خۇاڭلى

دائىمىي لىشلىرى: قۇربان، مىجىت

ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئىلمىي جەمئىيىتى

باش لىشى: رەخمان رېھىم

مۇئاۋىن باش لىشلىرى: سايىم موللا، ئابدۇنادىر مەمەت

باش كاتىپ: مەھەممەت سىدىق

مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى: ئىبراھىم بارات، مەمتىلى مامۇت

دائىمىي لىشلىرى: ئەزىز كەنجى، زىياۋۇدىن قارى، مەھەممەت سىدىق، ئوبۇلقاسىم، ئابلىمىت ھەمرا، ئىبراھىم بارات، رەھمان رېھىم، سايىم موللا، ئابدۇقادىر مەمەت.

ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: جۇڭخۇا تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى

باش لىشى: جىياڭ ۋېيىڭ

مۇئاۋىن باش لىشلىرى: شالىيەنچى، جۇگۇاڭ خۇا، جۇباۋشېن، جاڭ يىڭۇ، فۇيۇگېيۈي

ئىلمىي جەمئىيەت ئىسمى: يېزا ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى

باش لىشى: جۇشاۋزۇ

مۇئاۋىن باش لىشلىرى: ليۇ يۈەنشىڭ، لىن چىڭيۇ


باش كاتىپ: ئابدىرىشىت قۇربان

دائىمىي لىشى: جۇڭ چاڭ يى

# مەدەنىيەت ـ مائارىپ

## ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

قەشقەر — «ئاخشا-ئۇسۇل ماكانى». بۇ يەردە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى ئاخشا-ئۇسۇلغا ماھىر بولۇپ، ئۆز تۇرمۇشىنى شېئىر، قوشاقلار بىلەن كۈيلەشنى، ئۆيلىرىنى نەقىش بىلەن بېزەشنى ياقتۇرىدۇ. بىراق، ئازاتلىقتىن بۇرۇن، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى تۇرمۇشتا قورسىقى تويغۇدەك ئاشقا، ئۈچىسى ئىسسىغۇدەك كىيىمگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تەدرىجى ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، فوتو سۈرەت، ئۇسۇل، تىياتىر، ئەلنەغمە، كىنو ئىجادىيەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. ھازىر ۋىلايىتىمىزدە مەملىكەتلىك ھەر قايسى جەمئىيەتلەرگە ئەزا بولغانلار 13 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن 9 نەپەر، مەملىكەتلىك ھەر قايسى جەمئىيەتنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە جەمئىيىتىگە ئەزا بولغانلار 103 نەپەر بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر 72% نى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى جەمئىي 370 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر 249 نەپەر بولۇپ 63.7% نى ئىگىلەيدۇ.



دارىلفۇنۇننىڭ سەنئەت سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىجادىيەتتە. جورى قادىر فوتوسى

پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەدەبىيات، سەنئەتتە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، كەڭ ئەدەبىيات- سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى مىسلىسىز ئۇلغىيىپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان 28 قىسىم (پارچە) ئەدەبىي ئەسەر نەشر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە شېئىرلار توپلىمى 20 پارچە، رومان 2 پارچە، بالىلار ئەدەبىياتى 1 پارچە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى 5 پارچە، بىر كىنو سىنارىيىسى، بىر تېلېۋىزىيە سىنارىيىسى ئىجاد قىلىندى. 12 قېتىم گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى، 3 قېتىم خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. نۇرغۇنلىغان مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قېزىلدى ۋە رەتلەندى. ۋىلايىتىمىزنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئۇسسۇلدىن 73 خىلى توپلاندى. مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نۇرغۇن ئۇسۇل ۋە مۇزىكا نو-

ۇرلىرى ئېچىلدى. گۈزەل سەنئەت، ئۇسسۇل، ئەدەبىيات، مۇزىكا، كىنو سەنئىتىدە جەمئىي 23 پارچە ئوبزور ماقالىسى ئېلان قىلىندى.



ئىشچىلار رەسىم سىزىۋاتقان.

مەھەممەت ھېيت فوتوسى

ۋىلايىتىمىزدە چىقىرىلىۋاتقان ئىككى ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ پۈتۈن ۋىلايەت ۋە پۈتۈن شىنجاڭدا بولغان تەسىرى خېلى زور. بۇنىڭغا ئىنكاس خېلى ياخشى. ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ژۇرنال «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1971-يىلى نەشر قىلىنىپ، شىمىگەراپتا بېسىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنال ئىدى. كېيىن مىخ مەتبەدە بېسىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1982-يىلدىن باشلاپ قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئاشكارا تارقىتىلدى. ھەر بىر سانىنىڭ تىراژى 8500 نۇسقا چامىسىدا بولدى. بۇ ژۇرنال چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش، بىلىم تارقىتىش جەھەتتە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.




بوبۇرغا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى درامىغا رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقان.

مەھەممەت ھېيت فوتوسى.

1979-يىلى «قەشقەر» ناملىق خەنزۇچە ئەدەبىي ژۇرنال نەشر قىلىنىپ، يىلدا 4 سان چىقىرىلدى. 1982-يىلدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتكە ئاشكارا تارقىتىلدى. 1984-يىلى نامى «يىپەك يولى»غا، 1985-يىلى قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلىپ، ھەر بىر سانىنىڭ تىراژى 4000 نۇسخىدىن ئاشتى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ۋە «يىپەك يولى» پارتىيىنىڭ "بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايرىسۇن" — دېگەن فاڭجېنىنى ۋە "سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش"، "خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش" يۆنىلىشىنى ئىزچىل ئىجرا قىلدى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇردى. پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈردى، ھەم رۇشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، ھەم كۈچلۈك مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت ئاپتورلىرىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشىنى باغچا بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ ئىككى ژۇرنال ئەڭ ئەۋۋەل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاشكارا تارقىتىلغان ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئاساس قىلىنغان، پۈتۈن شىنجاڭ ۋە

ئەمەلىيەتكە يۈزلەنگەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ چەتكە قارىتا ئېچىۋېتىلىشىگە، خەلقارا دوستلارنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، «يىپەك يولى» چەتئەللەر ۋە شياڭگاڭدىمۇ مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى. ئامېرىكا ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خوۋەر تەتقىقات ئورنى ۋە شياڭگاڭدىكى بىر كۇتۇپخانا ئالاقە ئەۋەتىپ مۇشتەرى بولدى. جۇڭگو خەلقارا كۇتۇپخانىسىمۇ ئالاقە ئەۋەتىپ بۇ ژورنالنى چەتئەلگە تارقىتىشنى تەلەپ قىلدى.



كىنوغا ئېلىش.
مۇھەممەت ئەھمەت فوتوسى

1984 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا: ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتى، گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، ئۇسۇلچىلار جەمئىيىتى، تىياتىرچىلار جەمئىيىتى، كىنوچىلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت 8 جەمئىيەت ۋە «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى، «يىپەك يولى» تەھرىر بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئىككى ئەدەبىي ژورنال تەھرىر بۆلۈمى بار.

1984 - يىلى 5 - ئايدا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ ھەيئەتلىرىدىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە سوۋغا قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ 10 ماددىلىق كەسپىي ئەخلاق قائىدىسى ماقۇللىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئۈچۈن كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى بېكىتىلدى. قەشقەر ئۆزىگە خاس بولغان يەرلىك تۈسكە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ غەزنىسى، بۇ مۇنبەت بوستانلىق نۇرغۇن ئەدەبىياتچىلار ۋە سەنئەتكارلارنى يېتىلدۈردى. ئۇلار سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى.

(شۇ دېڭجۇ)

## قوشۇمچە: قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى:
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئېزىز خۇداۋەردى، چى مىڭ، جۇگۋاڭخۇا.
ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتى:
رەئىسى: مامۇت ھوشۇر.
مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇگۋاڭخۇا، قۇربان ئىمىن، ئابلىمىت ھاجى،

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى: مامۇت ھوشۇر، جۇگۇاڭخۇا، قۇربان ئىمىن، ئابلىمىت ھاجى، چۇيۇنلياڭ، دېي دېپىڭ، ھاجى ئەخمەت، ئابلىز ئۆمەر.

ھەيئەت ئەزالىرى: مامۇت ھوشۇر، جۇگۇاڭخۇا، قۇربان ئىمىن، ئابلىمىت ھاجى، چۇيۇنلياڭ، دېي دېپىڭ، ھاجى ئەخمەت، ئابلىز ئۆمەر، مەمتىلى زۇنۇن، چىن چىڭ، دىلبەر قېيۇم، قاۋسىلقان قامىجان، گۇاڭ جەنشى، لى لىڭ سىڭ، مۇنى تابىلدى، نىمەتاللا ئەبەيدۇللا، سەمەت دۇگايلى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ــ سەنئەتى تەتقىقات جەمئىيىتى:

رەئىس: ئېزىز خۇدا ۋەردى.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لوجىڭتاۋ، ئۆچقۇنجان.

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى: ئېزىز خۇدا ۋەردى، لوجىڭتاۋ، ئۆچقۇنجان، مەھەممەت زۇنۇن، ۋاھىتجان غوپۇر.

ھەيئەت ئەزالىرى: ئېزىز خۇدا ۋەردى، لوجىڭتاۋ، ئۆچقۇنجان، مەمەت زۇنۇن، مەھەممەت ئوسمان، سىيىت زۇنۇن، ئابلا ئەخمىدى، ۋاھىتجان غوپۇر، نۇردۇن مۇسا، مۇنى تابىلدى، ئابدۇسەمەت خېلىل، مۇتەللىپ سىيىت، سەي سەنجىن.

گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى (خەتتاتلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ):

رەئىسى: جاڭ زەن.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مەھەممەت ھېيت، شۇدىڭجۇ، ئابلىمىت زۇنۇن.

ھەيئەت ئەزالىرى: جاڭ زەن، مەھەممەت ھېيت، شۇدىڭجۇ، ئابلىمىت زۇنۇن، فەن گوشياڭ، يەن كېچىڭ، ئەبەيدۇللا مەھەممەت، ۋاڭ جىڭ، تۇرسۇن ئېزىز، سۇن جيالياڭ، خۇاڭ دالېي، تۇردى ئىمىن، مەھەممەت يۈسۈپ.

فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى:

رەئىسى: تيەن فاشىڭ.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۈرى قادىر، لى جىزتىڭ.

ھەيئەت ئەزالىرى: تيەن فاشىڭ، جۈرى قادىر، لى جىزتىڭ، چېن دېۋ، ئامىنە، باۋدې، تۇرسۇن تۇردى، چۇەندېپىڭ، ياڭ يىجۇ.

ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى:

رەئىسى: بەھرىنىسا.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: غېنى، ئابلىمىت توختى، دۇجىنچۇەن، ئاتىكەم.

ھەيئەت ئەزالىرى: بەھرىنىسا، غېنى، ئابلىمىت توختى، دۇ جىنچۇەن، ئاتىكەم، خەيرىنىسا تۆلەندى، ئۆمەرجان، جامال، رابىيەم، دەريا بەگ، تۇرسۇن جېلىل، ماشىڭ، رېھىم، مەخسەت تۇردى.

مۇزىكانتلار جەمئىيىتى:

رەئىسى: سەپەر ھۈسەيىن.

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئابلەت ئابدۇللا، ليۇچىڭشىڭ، ئوبۇل ھاشىم، پاتەم قۇربان.

ھەيئەت ئەزالىرى: سەپەر ھۈسەيىن، ئابلەت ئابدۇللا، ليۇچىڭشىڭ، ئوبۇل ھاشىم، پاتەم قۇربان، تۇرسۇن قادىر، ئابدىرېھىم، ئايشەم قېيۇم، نۇر ئامىنە، مەھەممەت ئېزىز، ئىمىن غوپۇر، جياڭ جىڭ چىڭ، پاتىمە، ئىسمايىل ئەھمەت، تالىپ ئابدۇللا، جاڭ جىخۇا.

# ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى

[ھېكايىچىلىق] ئازاتلىقتىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزدە ھېكايە ئېلان قىلىنىشى بولىدىغان ئورۇن — پەقەت ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە «قەشقەر گېزىتى» نىڭ قوشۇمچە بېتى ئىدى. سىياسىي جەھەتتىكى سەۋەب ۋە بەت يۈزى تۇپەيلىدىن، ھېكايىلارمۇ سىياسىي ھەركەتكە ماسلاشقان شوئار شەكلىدىكى ياكى قاملاشمىغان ماقالىلار بولۇپ، ھېچقانچە ئەدەبىي قىممىتى يوق ئىدى، ئاممە ئىچىدىمۇ ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. بەلكى ئاپتورلارمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇڭا، زامانغا ماسلاشقان ھېكايە ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە بىخلىنىش باسقۇچىدىلا تۇرغان ئىدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشر قىلىنىدىغان ئەدەبىي ژۇرنال بارلىققا كەلگەنلىكتىن، ھېكايە ئىجادىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان ئورۇن تېپىلدى، ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىن ۋە سىرتقى جايلاردىن نۇرغۇن ماقالىلار كېلىپ تۇردى. ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، 1979 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايىتىمىزدە 600 گە يېقىن ھېكايە ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇرچە بىلەن خەنزۇچە ھېكايىنىڭ سانى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلىشىدۇ، لېكىن ئۇيغۇرچە ھېكايىلاردىن «بىخ» ، «يولدا» قاتارلىق 5 توپلام نەشر قىلىندى. ئۇيغۇرچە ھېكايىلاردىن ئاممە ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىرى، ئابلىمىت ھاجى قاتارلىقلارنىڭ «گۆھەر ئوت» ، «ئۇ تۇرغان جاي» قاتارلىق 6 پارچە ھېكايە، خەنزۇچە ھېكايىلاردىن ياۋمىننىڭ «قاپ قارا كۆز» دېگەن ئەسىرى ئاپتونوم رايوننىڭ بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. پوۋېست ئىجادىيىتى جەھەتتە، ئابلىمىت ھاجىنىڭ «مېھمانىنىڭ ئىزى» ناملىق بىر پارچە ئەسىرىلا بار.

1984 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان ھېكايە جەمئىي 206 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغىنى 95 پارچە، خەنزۇچە «يىپەك يولى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغانلىرى 67 پارچە، «قەشقەر گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسىنىڭ قوشۇمچە بېتىدە ئېلان قىلىنغىنى 29 پارچە، خەنزۇچىسىنىڭ قوشۇمچە بېتىدە ئېلان قىلىنغىنى 15 پارچە. 1984 ـ يىلى ۋىلايىتىمىزدە چىۋۇەنلياڭنىڭ «سۈزۈك ئاي دولان دەرياسى بويىدىن كۆتۈرۈلدى» ، گويىۋىننىڭ «دەشتى باياۋان پەرزەنتى» دېگەن ئىككى پارچە پوۋېستى ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇرچىدىن «گۆھەر ئوت»، «بۇزۇلغان تەسەم»، «ياخشى خوشنا» ناملىق 3 پارچە ھېكايىلار توپلىمى دۇنياغا كەلدى. ماقالىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، «يىپەك يولى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، بۇ بۆلۈم تاپشۇرۇۋالغان خەنزۇچە ھېكايە ماقالىلىرى 840 پارچە، تەخمىنەن 4 مىليون خەتلىك، ئىشلىتىلىش نىسبىتى 8% بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئاپتورلارنىڭ يازغان ماقالىسى 72 پارچە بولۇپ، ئومۇمىي ماقالە سانىنىڭ 8.4% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئىشلىتىلگەن سانى ئومۇمىي ماقالە سانىنىڭ

11.8% نى تەشكىل قىلىدۇ. ۋىلايىتىمىزدە يېزىلغان ھېكايىلارنىڭ ۋەقەلىكلىرىدىن قارىغاندا، رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغىنىمۇ بار، تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى تەسۋىرلەيدىغىنىمۇ بار، مەزمۇنى كەڭ، كونا سۆزلەر ئاز بۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

(فاڭ يۈەنلياڭ)

**[ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ]** قەشقەر تارىختا غەربىي دىيارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى، ھەر مىللەت خەلقى ناخشا، ئۇسسۇلغا ماھىر، شېئىر قوشاققا ئۇستا. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى داۋامىدا ياراتقان.

ئازاتلىقتىن كېيىن، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى قازدى. ھەر مىللەت خەلقى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئەمەلىيىتى داۋامىدا، يېڭى ئىدىيىلەرنى توپلاپ، يېڭى قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، خاس گۈزەللىك ھەۋەسلىرى بىلەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى ساھەلىرىنى ئاچتى. بۇ ساھەدە ئېيسا شاكىر، قۇربان ئىبىن، نۇرمەھەممەت ئېركى، مەتتۇرسۇن توختىنىياز، قاسىمجان، مەيمىياۋ قاتارلىق شائىرلار، خەيرىنىسا توختى، داۋۇت راۋاپ، روزەك باشى، روزى قاسىم ھوشۇر، سەمەت ئابدۇللا، نېمەتۇللا ( ئۆزبېك )، تابىلدى ھوشۇر ( تاجىك ) قاتارلىق ناخشىچىلار ۋە سازەندىلەر بارلىققا كەلدى. 1962 - يىلىغىچە ۋىلايىتىمىزدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ «رابىيە - سەيدىن»، «غېرىپ - سەنەم»، «توختى چولاق» قاتارلىق ئون نەچچە داستانى ۋە تاجىكلارنىڭ «قوشاق»لىرى دېگەن داستانى توپلاندى ۋە رەتلەندى. «نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدە ھېكايە»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى توپلىمى»، «قەشقەر خەلق قوشاقلىرى»، «تاجىك خەلق قوشاقلىرى توپلىمى»، «قىرغىز خەلق قوشاقلىرى توپلىمى» شىنجاڭگېراپىتا بېسىلىپ نەشر قىلىندى، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر خىل گېزىت ژۇرناللىرىدا خەلق قوشاقلىرى، خەلق چۆچەكلىرى، ماقال - تەمسىل قاتارلىق نۇرغۇن مۇنەۋۋەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغىنى 1954 - يىلى كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى تەدكۆتەرگەن ئۇيغۇر دېخانلارنىڭ داستان شەكلى بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭغا يازغان، يەر ئىسلاھاتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھۆرمەت خېتىدۇر، بۇ خەتنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى رەئىس ماۋزېدۇڭ مەدھىيىلىدى ھەمدە شەخسەن جاۋاپ خەت يازدى.

ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىقتا، ۋىلايىتىمىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمىتى باشقا ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئوخشاش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. ناھىيە ( شەھەر ) لىك مەدەنىيەت يۇرتلىرىغا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىردىن ئىككىگىچە كەسپىي كادىر سەپلەندى، خەلق ئېغىز ئەدەب-

دېبىياتى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش كۆيخواسى تۈزۈپ چىقىلدى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئىجات قىلىش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. كونىشەھەر ناھىيىسى 1982-يىلى 9 داستان، 2400 كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاق، 41 چۆچەك توپلىدى. يەكەن ناھىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقام پىرى ئامانىساخانغا ئائىت كۇپلېگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى ۋە رەتلىدى. مەكىت ناھىيىسى «دولان قوشاقلىرى»، «دولان خەلق چۆچەكلىرى»نى توپلاپ شېپىرىگىرافتا بېسىپ چىقتى. 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە، ۋىلايەت 3 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئازاتلىقتىن بۇيانقى ئىككىنچى قېتىملىق خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ ئىككى مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرىنى توپلىدى ۋە رەتلىدى، 380كۇپلېتتىن ئارتۇغىنى تاللاپ شېپىرىگرافتا بىراشور قىلىپ باستى.

1983 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ۋىلايىتىمىزدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمەتچىلىرىنىڭ تەخمىنەن 550 نەچچە مىڭ خەتلىك جەمئى 15 پارچە كىتاۋى نەشىردىن چىقتى. بۇلار ھاجى ئەخمەت يازغان بالىلار ئەدەبىياتى «نەسردىن ئەپەندى ھەققىدە ھېكايىلەر»، ھاجى ئەخمەت بىلەن مەمەت سىدىق تۈمۈر بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، بۇ ئەسەر ئاپتونوم رايوننىڭ 1983 - يىللىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئۇچقۇنجان يازغان ئۇيغۇرلارنىڭ «تارىخى قوشاق»لىرى ۋە «سەلەي چاققان ھەققىدە ھېكايىلار»؛ نۇردۇن مۇسا توپلاپ رەتلەپ چىققان «ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى»؛ سىيىت زۇنۇن، ئابدۇراخمان مۇمىن بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (4 - قىسىم)، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ 1983 - يىللىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئۆزبېك شائىرى نىمەتىللا رەتلەپ چىققان ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانى «يۈسۈپ زۇلەيخا»، توختى ئابىخان يازغان ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «چاھار دەرۋىش» ۋە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن «ھاتەم ھەققىدە قىسسە»؛ ئىمىر مەمەت توپلاپ رەتلەپ چىققان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «قامۇسى»؛ مەمتىلى زۇنۇن يازغان ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «سىيىت نوچى»، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ 1983 - يىللىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ مەدەلقان بىلەن تابىلدى ھوشۇر رەتلەپ تاللاپ تۈزگەن «تاجىك خەلق ئەدەبىياتى»، «خۇشال پامىر» قاتارلىقلار بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمەتچىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر خىل ژۇرناللىرىدا 20 نەچچە پارچە دىسسېرتاتسىيە ئېلان قىلدى. (لۇ جىڭتاۋ)

**[«چېكرا يېزىسىدىكى مۇھەببەت» فىلىمىنىڭ ئىجات قىلىنىشى ۋە فىلىمگە ئېلىنىشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى]** رەڭلىك ھېكايە فىلىم «چېكرا يېزىسىدىكى مۇھەببەت» تىيانشان كىنو ستودىيىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنغان، شائخەي كىنو تەرجىمە ستودىيىسى تەرىپىدىن ئاۋاز بېرىلگەن. ئاپتور: جۇگۇنخۇا. رېژىسسور: جاڭ چاڭ يۈەن، ئەن خەيىڭ، ئوپېراتور: خالىقجان، خۇدۇژنىك: جۇڭ جۇاڭ، كومپوزىتور: ئابدىرىشىت، يۈتيەنخۇ، خۇگۇاڭ. ئاساسلىق ئارتىستلار: ئابدىرېھىم، سادەت كېرىم.
بۇ فىلىمنىڭ بارلىق ئارتىست - خىزمەتچىلىرى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىم

لىرىدۇر، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئارتىستلار ئېكرانغا تۇنجى قېتىم چىقتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كادىرى ئابلاجان فىلىمدە رول ئالدى.

«چېكرا يېزىسىدىكى مۇھەببەت» ئازاتلىقتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاپتور يازغان تۇنجى سىنارىيە، ئاپتور جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كىنو سىنارىيىسىنىڭ ئاساسلىق سيۇژىتى ۋە مۇھىم پېرسوناژلىرى ۋىلايىتىمىزنىڭ "ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا مەسئۇلىيەت ئېتىزى قوشۇلغان" تۈزۈمنى ئەڭ ئاۋۋال يولغا قويغان يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئاچچىق كوممۇنىسىدىن، ۋىلايىتىمىز بويىچە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىشنى ئەڭ ئاۋۋال يولغا قويغان يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر كوممۇنىسى 13 - ئەترىتىدىن ۋە ۋىلايىتىمىز بويىچە يېڭى نىكاھ قانۇنىنى بىر قەدەر ياخشى ئىزچىللاشتۇرغان مەكىت ناھىيىسىنىڭ 4 كوممۇنىسىدىن ئېلىنغان، ئاپتور ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارغا ئاساسلىنىپ، «ئوزۇقلۇق ئېتىزى ھەققىدىكى ھېكايە» («قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1981 - يىل 6 - ئىيۇن سانىدا ئېلان قىلىنغان)، «زەرەپشان بويىدىكى مۇھەببەت ناخشىسى» (1980 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قۇملۇقتىكى گۈل - چېچەكلەر» گە بېسىلغان) ناملىق ئىككى ئەدەبىي ئاخباراتنى يازغان ئىدى. 1981 - يىلى كۈزدە ئاپتور بۇ ئىككى ئەدەبىي ئاخبارات ئاساسىدا «چېكرا يېزىسىدىكى مۇھەببەت ناخشىسى» ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى ئىجاد قىلغان. 1982 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتور تيانشان كىنو ستۇدىيىسىگە سىنارىيىنى تۈزىتىشكە بارغان. 1933 - يىلى 4 - ئايدا فىلىم كۈچار ناھىيىسىدە سۈرەتكە ئېلىنغان. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گوۋۇيۈەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى كىنو ئىدارىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ ماقۇللانغان. 1984 - يىلى كۈزدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە تارقىتىلىپ قويۇلغان.

بۇ فىلىم جەمئىي 9 چاس، 614 كۆرۈنۈش، 7945 فوت بولۇپ قويۇشقا بىر سائەت 20 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ. (لۇيى)

قوشۇمچە:

**[«چېكرا يېزىسىدىكى مۇھەببەت» كىنوسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى]** جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەلۇم يېزىسىدا ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، ئەمگەكچان، تىرىشچان، ئومۇر خاتىرىلىگۈچى ئابلەت بىلەن ناخشا - ئۇسۇلغا ماھىر، سالاپەتلىك، چىرايلىق قىز پاتىمە ئەمگەك جەريانىدا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئابلەتنىڭ دادىسى نىياز ياۋاش ئادەم، ماھىر قوغۇنچى ئىدى، ئۇ "سول" لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن، تېخنىكىسى ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرالماي، ئائىلىسى نامراتلىشىپ كېتىدۇ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا كۆپ قېتىم پىپەن، كۆرەش قىلىنىپ، يېزىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، غەزەپلەنگەن ھالدا تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىدۇ، پاتىمىنىڭ دادىسى ئېلاخۇننى كىشىلەر "چېچەن ئادەم" دېيىشەتتى. ئۇ، ئىلگىرى سىياسەتنىڭ تولا ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ دەردىنى تارتقانلىقى ئۈچۈن، يېڭى يېزا سىياسەتلىرى-

گە قارىتا دەرگۇمانىدا بولىدۇ. پۈتۈن ئىسىيىتى بىلەن قىزىغا شەھەردىن لايىق تېپىپ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېزىدىن ئايرىلىپ، شەھەرگە بېرىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. شۇڭا قىزى بىلەن ئابلەتنىڭ نىكا ئىشىغا چېنىنىڭ بېرىچە قارشى چىقىدۇ. ئىلاخۇننىڭ ئاچىسى مۇسا ھاكىمنىڭ خوتۇنى ئىدى. ھاكىمنىڭ ئوغلى ئەركىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلاخۇن ئاچىسى بىلەن يوشۇرۇن مەسلىھەت قىلىپ، بىر باھانە بىلەن پاتىمىنى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە ئېۋەتىپ، ئەركىننى كۆيئوغۇل قىلماقچى بولىدۇ. پاتىمە دادىسى ۋە ھامىسىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن يېزىسىدىن ئايرىلىدۇ.

ئابلەت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن يېزىسىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلايدۇ. ئۇ پاتىمىنىڭ شەھەرگە كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىر نىيەتتە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، مۇھەببەت سوۋغىسىنى كەسكىن ھالدا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئاياللار چوڭ ئەترەت باشلىقى ئايشەم، ھارۋىكەش ھاشىم قاتارلىق كادىر ۋە ئاممىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا كىچىك ئۈن زاۋۇتى قۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئۈن تارتتۇرۇشى قىيىن بولۇۋاتقان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدۇ. يەنە مۇسا ھاكىمنىڭ ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا، ئۇ، ئامما بىلەن بىرلىكتە، پائال يوسۇندا ھۆددە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. پاتىمە شەھەرگە كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەندەك، دائىم ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنىغا بېرىپ، تېخنىك، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى گۈلناردىن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىنىدۇ ھەمدە ئۇنى بىر نەۋرە ئاكىسى ئەركىننىڭ دەرس تەكرارلىشىغا فۇداۋ قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئابلەت يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى جەھەتتە قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققان بولۇپ، پاتىمە ۋە گۈلنارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاشىق - مەشۇقلار ئوتتۇرىدىكى چۈشەنمەسلىكنى تۈگىتىپ، قايتىدىن ئەپلىشىپ، يۇرتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ.

چوڭ ئەترەت باشلىقى ئامان ئىنتايىن سول لۇشيەننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ھوقۇقتىن مەھرۇم قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، ھۆددە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا تەرسالىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ھۆددە بېرىش كۆرسەتكۈچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، سۇنى ئۈزۈۋېتىپ قويۇش، خىمىيىۋى ئوغۇتنى قىسىپ قويۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ۋاسىتىلارنى قوللىنىدۇ. ئابلەت ئاممىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئامان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىنى تارمار قىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ يېڭى سىياسىتىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، ئىياز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇرۇق - تۇققانلىرى بىلەن جەم بولىدۇ. ئىلاخۇن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، يېزىدا خاتىرجەم بولۇپ، ئاكتىپ ئەمگەك قىلىدۇ ھەمدە ئاياللار چوڭ ئەترەت باشلىقى ئايشەم بىلەن ئەر - خوتۇن بولىدۇ. گۈلنار بىلەن ئەركىن ئۆگىنىش جەريانىدا مۇھەببەت باغلايدۇ. ئەركىن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ماڭىدۇ.

ئالتۇندەك كۈز پەسلىدە، مول - ھوسۇلغا تەنتەنە قىلىنىۋاتقان ۋە يېڭى توي تەبرىكلىنىۋاتقان ئاندا، دېھقانلار قانغىچە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، گۈزەل كەلگۈسىگە تەلپۈنىدۇ. (جۇ گۇاڭخۇا)

[تىياتىر] قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تىياتىرلىرى ئەزەلدىن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى، ئەۋرىشىم ئۇسۇللىرى، لەرزان ناخشىلىرى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭغا داڭلىق.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە تىياتىر ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى تىياتىرلار ئاساسىدا، كونىلىرى چىقىرىۋېتىلىپ يېڭىلىرى يارىتىلىپ، ھازىرقى زامان سىيۇژېتىدىكى تىياتىر ئەسەرلىرى ئوينالدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزنىڭ تىياتىر ئىشلىرىدا يېڭىچە يۈزلىنىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش، مىللىي سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتلەردە بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ھازىر ۋىلايەت بويىچە 13 كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئوپېرا ئەترىتى بولۇپ ھەممىسى يېڭى تىياتىر ئەسەرلىرىنى ئوينىيالايدۇ. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى تىياتىر قوشۇنىدا ئاپتور، رېژىسسور، ئارتىست، خۇدوژنىك، چىراقچى، گىرىمچى قاتارلىقلار يۈرۈشلەشكەن بولۇپ 100 گە يېقىن كەسپىي ئىختىساسلىق كىشىلەر بار. بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن 20 تىياتىر ئەسىرى ئىجاد قىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھازىرقى زامان تىياتىرى «مەسلىھەت چېيى»، «كىچىككەن توي»، «يېزىدىن كەلگەن كېيوغول» ۋە يېقىندىن تۈزۈلگەن تارىخىي تىياتىر «رابىيە-سەيدىن» قاتارلىق 10 تىياتىر ئەسىرى، ۋىلايىتىمىزدىكى ئاپتورلارنىڭ قولىدىن چىققان. قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى مەتتىلى زۇنۇن يازغان «مەسلىھەت چېيى» دا، رېئال تۇرمۇش سىيۇژېت قىلىنىپ، نىكا مەسىلىسىدىكى ھەرخىل كونا ئادەت-يوسۇنلار پاش قىلىنغان ۋە ئەيىپلەنگەن، بۇ تىياتىرنىڭ ئۇسلۇبى يېڭى، ۋەقەلىكى جانلىق، قۇرۇلمىسى ئىخچام، كومېدىيىلىك تىلى قويۇق بولۇشتەك مىللىي خۇسۇسىيىتى، مەلۇم بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئارقا - ئارقىدىن 200 مەيدان قويۇلۇپ ئاممىنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا ئېرىشتى.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇزىكىلىق دىراما، يېنىك ئوپېرا، ناخشا - ئۇسۇل تىياتىرى بولۇپ، شەكلى يېڭى، پېرسوناژلار قىزىقارلىق، ئوينىلىشى تەبىئىي، پەردە ئارىلىقلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئەپچىل، مۇزىكا، ئۇسۇل ۋە سۆزى يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدە قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەردە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىپادىلەش كۈچى خېلى كۈچلۈك بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت تىياتىر ئىجادىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغان. پۈتۈن شىنجاڭ ۋە مەملىكەتتىكى تىياتىر ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. (مەھەممەت)

[مۇزىكا] قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ زېمىنى كەڭ بولغاچقا، مۇزىكىسى رۆشەن رايون پەرقىگە ئىگە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «پادىشانىڭ تاجىسى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن كىلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» قەشقەردە ئىجاد قىلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلدى؛ ھالبۇكى، يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى يەكەن، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا خەلق ئارىسىدا «دولان توققۇز مۇقامى» كەڭ تارقالغان ئىدى؛ بۇنىڭدىن باشقا، تاشقورغاندا ۋە ئۆزبېكلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئۆزىگە خاس ناخشا ۋە مۇزىكىلار بار. ئازاتلىقتىن بۇرۇن، جايلاردىكى مۇزىكا ئىشلىرى سازەندىلەرنىڭ ئۆزلىكىدىن ئىزدىنىشىگە تايىنىلغان؛ ئۇ-

لارنىڭ نەزىرىيەۋى بىلىمى بولمىغاچقا، ھەتتا نوتا بىلمىگەچكە، مۇزىكا ئىشلىرى توختاپ قېلىش، ئارقىدا قېلىش ھالىتىدە تۇرغان ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مۇزىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، زور تۈركۈمدىكى ئىختىساسلىق مۇزىكا خادىملىرى ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇلار مىللىي ئەنئەنىۋى مۇزىكىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. ۋىلايەتتە سەنئەت سىنىپى تەسىس قىلىندى، سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى، مۇزىكانتلار يېتىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇزىكا كادىرلىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ زورايدى. ھازىر ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە مۇزىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 200 دىن ئارتۇق كەسپىي خادىم بار؛ بۇنىڭدىن سىرت ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپ، زاۋۇت ـ كانلاردا 350 دىن ئارتۇق ئىشتىن سىرتقى مۇزىكا خىزمەتچىسى بار.

مۇزىكا كادىرلار قوشۇنىدا ئايال، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 30% نى تەشكىل قىلىدۇ، ۋىلايەتتە مۇزىكانتلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى، 54 نەپەر ئەزاسى بار.

ۋىلايىتىمىزدىكى مۇزىكانتلاردىن 5 كىشى جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ، 13 كىشى شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

1950 ـ يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدە جەمئىي 800 دىن ئارتۇق ھەر خىل ناخشا ـ مۇزىكا ئىجاد قىلىندى، ھەر مىللەتنىڭ خەلق ناخشىلىرى مۇزىكىسىدىن 500 نەچچىسى رەتلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە 12 سى مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇزىكا ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى، 98 ى مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 14 نەپەر مۇزىكانت چاۋشيەن، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئىراق، ئافغانىستان، پاكىستان، تۈركىيە، يەمەن، كۇۋەيت، تۇنىس، يۇگوسلاۋىيە، ماراكەش، فىرانسىيە، شىۋىتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە زىيارەتكە بېرىپ ئويۇن كۆرسەتتى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

**[ئۇسسۇل ]** قەشقەرنىڭ قەدىمقى ئىسمى سۇلى دەپ ئاتىلىدۇ، قەدىمقى خەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىمۇ ئۇنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى دېگەن چىرايلىق نامى بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت «10 نەغمە» ئىچىدە «سۇلى نەغمىسى» قەشقەردە بارلىققا كەلگەن. قەدىمقى سۇلى دۆلىتىنىڭ سودىسى راۋاجلىنىپلا قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ گۈزەل ئۇسسۇللىرىمۇ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. «كونا تاڭ سالنامىسى» دا ئۇچىسىغا ئاق كىمخاپ كۆينەك كىيىپ، بېلىگە قىزىل پوتا باغلاپ، پۇتىغا قىزىل ئۆتۈك كىيىپ، مەردانە قىياپەتتە ئوينىلىدىغان سۇلى ئۇسسۇللىرى تەسۋىرلەنگەن. سۇلىلىقلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان تارىخىي پاكىتلار بار. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سۇلى سەنئەتكارلىرىدىن فېي چىڭمىسى، فېي دانىياڭ ئۆزلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن سەنئەت ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ يېپەك يولىدا داڭ چىقارغان، ھەم چاڭئەندە تەرىپلەنگەن ئىدى. سۇلى ئۇسسۇلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، «ناغرا توغرىسىدىكى خاتىرىلەر»دە خاتىرىلەنگەن ناغرا ئۇسسۇلى — «سۇلى قىزى» سۇلى ئۇسسۇلىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ ھېساپلىن-

ئىدى. مىلادى 10 – ئەسىردىن 13 – ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە قەدەر قەشقەر قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سىياسى، ئىقتىسات، مەدەنىيەت مەركىزى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەشقەرنىڭ يەرلىك ئۇسسۇللىرىمۇ موھىم ئۆزگىرىش باسقۇچىغا قەدەم باستى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭى بەدىئى ئۇسلۇبى پەيدىن – پەي شەكىللىنىپ، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسىي يادروسىغا ئايلاندى. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەشقەرنىڭ يەرلىك چوڭ مۇزىكىسى «12 مۇقام» يەكەن خانلىقى مەزگىلىدە ئاساسىي جەھەتتىن بارلىققا كېلىپ بولغان. «12 مۇقام» دا خەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى چوڭ نەغمە-ناۋا، ئۇسسۇللىرىنىڭ يۇرۇقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ بەردى، ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىلى. ئۇنى ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن، قەشقەرگە مەركەزلەشكەن. مەزمۇت، سالماق، مەردانە، جۇشقۇن ھالدا ئوينىلىدىغان «دولان ئۇسسۇلى»، لەرزان، گۈزەل، يېڭىلىق «قەشقەر سەنىمى»، يېنىك، چاققان ئوينىلىدىغان «شادىيانە»، بۇتۇن دىققىتى بىلەن ئوينىلىدىغان «ساما» ئۇسسۇلى بۇجايدا كەڭ تارقالغان.


ئېتىزدا ئويۇن قويۇش.
ئۆبىيتىيەن فوتوسى

قەشقەرلىقلار ئۇسسۇل سەنئىتىگە قاتتىق ئامراق بولۇشتەك ئەنئەنىۋى مىللى ئۆرپ – ئادەتكە ئىگە، بۇ يەر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىزلارنىڭ نەغمە – ناۋا، ئۇسسۇللىرى، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، ھېيت – بايرام ئۆتكۈزۈش، مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش مەرىكىلىرى، مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشى ھەم ئۇزىتىش، شۇنداقلا دىنىي مۇراسىم قاتارلىق ئىجتىمائى پائالىيەتلىرىنىڭ موھىم مەزمۇنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ يىگىت قىزلارنىڭ مېھرى – مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشتىكى ئاساسلىق ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.


تاجىكچە ئۇسسۇل. جورى قادىر فوتوسى

قەشقەرنىڭ ئۇسسۇللىرىدا قەدىمقى دەۋردىكى غەربى دىيارنىڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ كۆپلىگەن يۇرنى، ساقلىنىپ قالغان، مەسىلەن: «مەشرەپ» تە سېرىك خاراكتېرىگە ئىگە ئۇسسۇل ماھارىتى بار. «تەخسە ئۇسسۇلى»، «چىنە ئۇسسۇلى» قاتارلىقلاردا قەدىمقى دەۋردىكى غەربى دىيار ئۇسسۇلىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى يەنىلا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان داپ ئۇسسۇلى – «قەشقەر قىزى» نىڭ ئۇسسۇل ماھارەت شەكلىدىن ئۇسسۇلۇپ

ئالاھىدىلىكىگە قەدەر، ھەممىسىدە بۇ ئۇسۇلنىڭ تاك سولالىسى دەۋرىدىكى ناغرا ئۇسۇلى بولغان «سولى قىزى» بىلەن يىلتىزى بىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كەيپىياتى جۇشقۇن، ھەركىتى تېز بولغان ئاتۇش ئۇسۇلىدا تاك سولالىسى دەۋرىدىكى "توجۈ" ئۇسۇلىنىڭ قىياپىتى نامايەن بولىدۇ. پامىر ئېگىزلىكىدە ياشايدىغان تاجىكلارنىڭ قۇشنىڭ ئۇچۇشىنى دورايدىغان «بۈركۈت ئۇسۇلى» دا قەدىمقى دەۋردىكى غەربىي دىيار ئۇسۇلىنىڭ مەلۇم شەكىللىرى تامامەن دېگۈدەك ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. قەشقەرنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرىدىن قەدىمقى دەۋرلەردە غەربىي دىياردا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئۆزگىرىشىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.



دولان ئۇسۇلى.
جورى قادىر فوتوسى

تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ناخشا - ئۇسۇل ماكانىمىز كۆپ قېتىملىق ئۆزگىرىشنى باشتىن كۆچۈردى. ئازاتلىقتىن كېيىن قەشقەرنىڭ مىللىي ئۇسۇللىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا كەسپىي سەنئەت خىزمەتچىلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى سەنئەتكارلار رەتلەش، قېزىش، كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش جەھەتتە شىنجاڭنىڭ خەلق ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇسۇللاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ «پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىل گۈل»، «قەشقەر سەنىمى» قاتارلىق كوللېكتىپ ئۇسۇللىرى ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسۇلى ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پۇختا، رېتىملىق ئوينىلىدۇ، كۆپلىگەن ئۇسۇلدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمگەك تۇرمۇشى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت، غايە، ئۈمىدى، بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان مەدھىيىسى ھەم تەلپۈنۈشى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى: «تاجىك توي ئۇسۇلى»، تاجىكچە يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇل «مالچى قىز»، «پوچتالىيون»، ئۇيغۇرچە كوللېكتىپ ئۇسۇللاردىن «خامان شاتلىقى»، «پاختىكار قىزلار»، قىرغىزچە كوللېكتىپ ئۇسۇللاردىن «بەختىيار يايلاق» قاتارلىقلار بار. قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئىجات قىلغان ئۇيغۇرچە كوللېكتىپ ئۇسۇل «شوخ يىگىتلەر» دە ئېنىق تۇس، تەڭكەشلەر ئارقىلىق، ئەمگەك، دەم ئېلىش جەريانىدىكى شات - خوراملىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا تېتىك، شوخ يىگىتلەر ساز چېلىشىپ ئوينىشىپ، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى قوزغىتىپ، ئەمگەك شاتلىقىنى ئىپادىلىگەن.

مەملىكەت بويىچە ئۇسۇل ساھەسىدە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن تاجىكچە ئۇسۇل «يايلاق خەلق ئەسكەرلىرى» دە قەشقەردىكى كەسپىي ئۇسۇل خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۇسۇل سەنئىتىدە مۇكەممەللەشكەنلىكى نامايەن بولدى. بۇ ئۇسۇلدا مۇكەممەل بولغان پىكىر - ھېسسىيات، پىشىپ يېتىلگەن ماھارەت، توغرا، جانلىق ھەم ئۇسلۇبتا قويۇق بولغان ئۇسۇل تىل-

لى ئارقىلىق تاجىك خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قاۋۇل قەددى - قامىتى يارىتىلىپ، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىشىپ، چېگرا رايونىنى ئورتاق قوغداشتىكى ئۇلۇغۋار نىيەت، جەسۇرانە ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئېيتىمكى ئۇسسۇللۇق تىياتىرى «بەخت بۇلىقى»، «ئالتۇن بۇلاق»، تاجىكلارنىڭ ئۇسسۇللۇق تىياتىرى «پامىر بۈركۈتى» قاتارلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى قەشقەر ئۇسسۇل ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇسسۇللۇق تىياتىر «بەخت بۇلىقى»دا قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئەركىنلىك، بەختكە ئىنتىلىشتەك كۈچلۈك ئارزۇسى، قەيسەر مېھرى - مۇھەببىتى ئىپادىلىنىپ، تاماشىبىنلارغا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

10 يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق مەزگىلىدە قەشقەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى نابۇت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ شەرق شامىلى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. ئۇسسۇل ئىجادىيىتى، نەزەرىيە تەتقىقاتى، خەلق ئۇسسۇللىرىنى قېزىش - رەتلەشتە جانلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ مەزگىلدە سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان نۇرغۇن ئۇسسۇللار بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «جۇزۇگلى قەشقەردە» شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىسىدە ئىنقىلاپ داھىيلىرىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى. ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، دادىل قوبۇل قىلىش، پايدىلىنىش ئارقىلىق قەدىمقى خەلق ئۇسسۇلى يېڭى ھاياتى كۈچكە ئېرىشتى. بۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى قەشقەرنىڭ ئۇسسۇل ساھەسىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. تاجىكچە 3 كىشىلىك ئۇسسۇل «مۇز تاغدىكى رىۋايەت»دە ئاڭ - پىكىرنى ئىپادىلەش ۋاستىسى ئۇسسۇلنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى قىلىنىپ، ئۇسسۇل لېرىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاساسىي مەزمۇن قويۇقلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇلنىڭ مەنىۋى مەزمۇنى بېيىدى. ئۇسسۇل تىلىنى بېيىتىشتا يېڭى سىناق ئېلىپ بېرىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇسسۇلى ۋە باشقا مىللەت ئۇسسۇللىرىنىڭ تىلى دادىل قوبۇل قىلىندى، ھەمدە ئۇ ئەپچىللىك بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ جىپسىلىشىپ، مىللىي ئۇسسۇلنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى بېيىتىش ۋە ئۆستۈرۈش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق بىر قەدەم تاشلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ 3 كىشىلىك ئۇسسۇلى «كېپىنەك تۇتۇش»، «2 كىشىلىك ئۇسسۇل»، «رابىيە - سەيدىن»، تاجىكچە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «بۈركۈت ئۇسسۇلى» قاتارلىق زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر ئۇسسۇللارنىڭ يېڭى ۋاستىلىرى، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان سىيۇژىتى كىشىلەرنى گۈزەل مەنزىلگە باشلاپ كىردى. 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئىجاد قىلغان چوڭ ئېيتىمكى ئوپېرا «ئامانىيساخان» يەكەن خانلىقى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي تۈسىنى قايتا نامايان قىلىپ، كەڭ تاماشىبىنلار ئالدىدا بىر قەدەر ياخشى ئىنكاس قوزغىدى.

ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇسسۇل نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدىمۇ يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇسسۇل جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى - يولداش ئاتىكەم، يولداش دۇججۇەن، ھازىر ساقلىنىپ قالغان خەلق ئۇسسۇللى-

ري ھەم قەدىمقى زامان غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىنى بىر قەدەر كەڭ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكەتلىك ھەم شىنجاڭنىڭ نەزەرىيە ژۇرناللىرىدا ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم ماقالىلار ئېلان قىلىنىپ، ئۇسسۇل ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇلار «دولانلىقلار ۋە دولان ئۇسسۇلى»، «تاجىك خەلق ئۇسسۇللىرى»، «ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلى — ساما»، «كۆسەن ئۇسسۇلى ئۈستىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «تاقىلما ئۇسسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «كۆسەن ئۇسسۇلىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىشىشى» قاتارلىقلاردۇر. بۇنىڭ ئىچىدە «تاقىلما ئۇسسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىش» دېگەن ماقالە «يىپەك يولى چېچەكلىرى» نىڭ 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1983-يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، قەشقەر ناخشا-ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بەردى، قىسقىغىنە ئىككى يىلدا ئۇسسۇل جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئۇسسۇل ئەسەرلىرىنى توپلاش گورۇپپىسى 8 ناھىيە، 29 يېزىدا خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئومۇملۇق تەكشۈردى. 27 نەپەر خەلق ئۇسسۇلچىسىنى سىنئالغۇغا ئالدى، بۇنىڭ بىلەن خەلق ئۇسسۇلىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. كەسپىي ھەم ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرەكلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۇسسۇل كۆرسىلىرى ئېچىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۇسسۇل خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1983-يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كەسپىي سەنئەت كۆرىكىدە سەھنىلەشتۈرۈلگەن ناخشا-ئۇسسۇل ئەسەرلىرى يۈزدىن ئاشتى. بۇلار قەشقەر ئۇسسۇل ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ يۈكسىلىۋاتقان ئاۋات مەنزىرىسىنى تولۇق نامايەن قىلدى. (شاۋخې)

## تاقىلما ئۇسسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىش

دۇجىچۈەن

تاقىلما ئۇسسۇل جىددىي ھەرىكەتلىك، يېنىك ئورۇنلىنىدىغان، تاقلاپ قەدەم بېسىلىدىغان، لەرزان ھەرىكەت، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان، لىرىكىلىقى مۇھەببەت ئىپادىلەيدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا غەربىي دىيارنىڭ قەدىمىي ئۇسسۇلىغا خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىك، مەرتلىك، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مىللىي خۇسۇسىيىتى، قىزىقارلىق مىللىي خۇلقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىكى ئەنە شۇنداق خۇشاللىققا چۆمۈپ تاقلاپ ئويناش ھەرىكىتى، ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان روھىي ھالىتى، بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن ئاۋات قىياپىتىنى كىشىگە زاھىر قىلىدۇ، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان دەۋر روھىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تاقىلما ئۇسسۇلىنىڭ ئېلىمىز ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ تارىخىدىكى ئورنىنى توۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئۇ، يالغۇز ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى ئۇسسۇللىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە يىپەك يولى ئارقىلىق ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگىمۇ تارقالغان ئىدى. تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇسسۇللاردا ھەمدە كېيىنكى شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللاردا ئۇنىڭ تەسىرىنى تېپىش قىيىن ئەمەس. تاقىلما ئۇسسۇل جۇڭگونىڭ قەدىمقى ئۇسسۇل تارىخى ۋە يىپەك يولى مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخىنى

تەتقىق قىلىشتىكى بىر مەزمۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا.

يېقىنقى زاماندا، تاقلىما ئۇسۇل توغرىسىدا بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل مۇھاكىمىلەر بولۇپ تۇردى. بەزىلەر "تاقلىما ئۇسۇل (خەنزۇچە خۇتىڭ ئۇسۇلى دېيىلىدۇ-ت) خوتەن دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداشمىكىن" دەپ گۇمان قىلسا، بەزىلەر "تاشبالىق مەملىكىتىنىڭ ئۇسۇلى" دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر "تاقلىما ئۇسۇل غەربىي لياڭ مۇزىكىسىغا تەئەللۇق" - دېيىشكەن. ئۇنداقتا تاقلىما ئۇسۇل قانداق بىر تىپقا كىرىدىغان ئۇسۇل؟ ئۇ، ئەسلى قەيەردە پەيدا بولغان؟ قايسى مىللەتنىڭ ئىجادىيىتى؟ تاقلىما ئۇسۇل بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نامى-نىشانىسىز، تاپقىلى بولماس بولۇپ كەتتىمۇ-قانداق؟ مەن بۇ ماقالەمدە بىلىدىغانلارنىڭ تۈزىتىپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىلىش يۈزىسىدىن يۇقۇرقى بىر قانچە مەسىلىلەر ئۈستىدە يۈزەكى بولسىمۇ ئىزدىنىپ باقتىم.

1. تارىختا يېزىلغىنى.

تارىخى ھۆججەتلەردە يېزىلغانلاردىن قارىغاندا، تاقلىما ئۇسۇل ھەقىقەتەن غەربىي دىياردا كېلىپ چىققان. دۇەن ئەنجى يازغان: «مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىتا، ئۇ تاڭ دەۋرى ئۇسۇللىرى ئىچىدىكى سالامەتلىككە پايدىلىق بولغان ئۇسۇللار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر لى رۇيىنىڭ «پىتىرما ئۇسۇلچى» ۋە ليۇ يەنشىنىڭ «ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ قەسرىدە تاقلىما ئۇسۇلىنى كۆرگەنلىكىم» دېگەن شېئىرلىرىدا، تاقلىما ئۇسۇلىنىڭ تارىخىي قىياپىتى تېخىمۇ چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن ۋە يىغىنچاقلاپ بايان قىلىنغان. لى رۇيىنىڭ شېئىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: "لياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسۇل ئوينىغان، قاڭشا بۇرۇن، ئەتلىرى ئاپپاق قاشتېشىمىسان"، بۇ، شائىر لى بەينىڭ «بولۇت نەغمىسى» دە غەربىي دىيارلىقلارنىڭ: "قىياقتەك قاشلىرى بويلار كىرپىكنى، ياراشقان قاڭشىرى بويلار كالپۇكنى" - دەپ تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشاش. ئۇلارنىڭ سىرتقى ئالاھىدىلىكى ئارىيانلار ئىرقىدىكى ئىرانلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ليۇ يەنشىنىڭ شېئىرىدا بايان قىلىنغان تاقلىما ئۇسۇلچى غەربىي دىيارلىق ئەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىنىشى، ياسىنىشىمۇ تىپىك ھالدىكى غەربىي دىيار شەكلىدە بولغان. "يۇمشاق كىگىز ئۈستىدە ئۇيغۇرچە بوغما يەڭلىك كۆينەك كىيىپ" - دېگىنى ئۇسۇل ئوينىغۇچىنىڭ تار يەڭلىك ئۇيغۇر كىيىمىنى كەيگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل كىيىمى ئەينى چاغدا غەربىي دىياردا ئومۇملاشقان بولۇپ كۆسەنلىكلەر كىيىدىغان تار يەڭلىك ئۇزۇن كۆينەككە بىر قەدەر يېقىن كېلىدۇ. "كاناپ كۆينەك پەشلىرى قايرىلىپتۇ ئىككى يان، يەرگە تېگىپ سۆرۈلۈپ تۇرسا شۇڭدەك بەلۋېغى"، ئۇسۇل ئويناشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئۇسۇل ئوينىغۇچى ئۇزۇن كاناپ كۆينىكىنىڭ پەشىنى ئۈستىگە قايرىۋالاتتى. بىلىگە ئۈزۈم شەكلى چۈشۈرۈلگەن بەلۋاغ باغلايتتى. بۇ خىل ئۇسۇل كىيىمى لياڭجۇنىڭ "كەيگىنى تۇتۇلما ئۈچلۈق تەلپەك" نىڭ تىپىك ئۇسلۇبى. ئۇسۇل ئوينىغۇچىلار بېشىغا كىيىدىغان بۇ خىل ئۈچلۈق تەلپەك كۈچار (كۆسەن) نىڭ تاش ئۆڭكۈر تام سىزمىلىرىدە دائىم ئۇچرايدۇ. تەلپەكنىڭ ئۈستىگە شەكىللەر كەشتىلەنگەن، رەڭگى ئېنىق ۋە

رۇشەن. تاقلىما ئۇسلۇبىنىڭ ئورۇنلىغۇچىلىرى كەيگەن تەلەپ بىلەن تاشبالىق ئۇيغۇر-
لىرى كەيگەن تەلەپ ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇسۇل ئوينىغۇچىلار يۇمشاق ئۆتۈك
كىيەتتى. بۇ ئەسلى، غەربىي دىيارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى. شېئىردا تەسۋىرلەنگەن
كىشىلەرنىڭ ئوبرازى، كىيىنىشى، ياسىنىشى، تاقلىما ئۇسۇلىنىڭ بىزگە غەربىي دىياردىن
كىرگەن ئەرەبلەرنىڭ بىر خىل يەككە ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

بىز شېئىردىكى تەسۋىردىن شۇنى بىلەلەيمىزكى: تاقلىما ئۇسۇلىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولۇپ، خاس ئىپادىلەش شەكلىگە ئىگە. ئۇسۇل، ئەدەپلىك شەكلىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىدۇ. بۇ تىل ئارقىلىق مەدھىيىلەش ۋە ئەنئەنىۋى ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «چېدىرنىڭ ئالدىدا ئۇ، ئۆز تىلىدا شېئىرلاپ»، بۇ، ئۇسۇل ئالدىدىكى مۇراسىمدىن ئىبارەت. غەربىي دىياردىكى ئۇسۇلنىڭ مۇنداق ئەنئەنىۋى شەكلىنى بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئۇسۇللىرىدىن ئىزناسىنى تاپقىلى بولىدۇ. بەزى ئەنئەنىۋى يەككە ئۇسۇللارنى ئورۇنلىغاندا، يەنىلا ئەدەپنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىشتەك ئالاھىدە شەكىل ساقلىنىپ قالغان. رۇشەنكى ئۇلار ئارىسىدا تومۇرداشلىق، مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. تاقلىما ئۇسۇلىنىڭ رىتىمى بىر قەدەر تېز بولۇپ، تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكىلار باشتىن - ئاخىر خۇشال، سەكرەتمە مېلودىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي پەدىسى قىلىدۇ. ئۇ، قەدىمقى غەربىي دىيار ئۇسۇللىرىدا، ئومۇمەن ئادەتلىنىپ كەلگەن ھېلىقىدەك ئېغىر - بېسىق لەرزانلىقتىن چەندىلىككە ئۆتۈش، تەدرىجىي كۆتىرىلىش تۈرۈۋاما شەكلىگە ئوخشىمايدۇ. تاقلىما ئۇسۇل باشلىنىشى بىلەنلا قىزغىن تەنتەنە كەيپىياتىغا چۆمىدۇ. «يەرگە قويۇپ قولىدىكى ئۈزۈم تولغان سۈۋىتىنى» - دېگەن تەسۋىر، ئۇسۇل باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى پارتلاش بولۇشى مۇمكىن. ئۇسۇلنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلىش ئالدىدىكى قىسمەن بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇسۇل ئوينىغۇچى، رومكىدىكى مەينى بىرلا كۆتىرىپ ئىچىۋېتىپ، رومكىنى تاشلىۋېتىپلا سەكرەپ ئۇسۇلغا چۈشىدۇ. كەيپىياتى تېخىمۇ روھلۇق، جۇشقۇن بولىدۇ. غەربىي دىيارلىقلار تارىختىن بۇيان مەي ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى. قەدىمقى غەربىي دىياردىكى ئورغۇن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى، مۇسەللەس ئىشلەپچىقىراتتى. تاقلىما ئۇسۇل مەي ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرىدۇ ۋە مەپتۇن قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بۇمۇ، شۇ ئۇسۇلنىڭ ئەنئەنىسى مۇھىم بىر ئىپادىلىنىش نۇقتىسىدۇر. «مەس كىشىدەك ئۆزىنى تاشلىغاندا ھەر قامان» - بۇنىڭدا ئۇسۇلدا گەۋدىلەنگەن مەستلىك ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. بۇ يالغۇز قىزىتچىلىق بولۇپ كۆرۈنۈپلا قالماستىن، بەلكى ئادەمگە ئۇسۇلنىڭ قالدۇرىدىغان ھېسسىياتىنىڭ مەيگە ئوخشاش قويۇق ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلدۇرىدۇ، ئۇنى كۆرگەن ئادەم مەستخۇش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئۇسۇل چەكسىز يۈكسەكلىككە كۆتىرىلىدۇ. تاقلىما ئۇسۇلىنىڭ «مەس تاقلىما» دېگەن نامى مۇشۇنىڭدىن قالغان بولۇشى مۇمكىن.

تاقلىما ئۇسۇلغا نەي، پىپا، مىس چاقاتارلىقلار ئاساسلىق تەڭكەش قىلىنىدۇ. «يۈزىنى قىياش تۇتۇپ گەر كۆككە پىپا قويۇپ، چالسا مىڭلاپ ئۈن - سادا شۇنداق راۋان

بوپ ياڭرىغاي» دا ئۇسۇل ئەۋجىگە كۆتىرىلىدۇ. مۇزىكىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بولسا، تېخىمۇ جىددى مەرغۇلغا كۆچىدۇ. ئۇسۇلنىڭ قەدەملىرى تېخىمۇ تېز ئېلىنىپ، «ئاق ھەم قىزىل گۈللۈك زىلچا ئۈستىدە قايناپ ئۇسۇل» دېگەندەك مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ. خوشاللىق كەيپىيات ئەڭ ئەۋجىگە چىققاندا، ئۇسۇل ئۈزۈلمىگەندىن توختايدۇ. «مەيلەر تۆگەپ ساز توختىدى، ئاياقلاشتى ئۇسۇلمۇ ھەم»، ئۇشتۇمتۇت تەڭكەش قىلىنغان بارلىق سازلار تەڭلا زۇۋانغا كېلىپ، تاقلىما ئۇسۇلىنىڭ ئورۇنلىنىشى، سوزۇپ چېلىنغان ھەيۋەتلىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئاياقلىشىدۇ. ئۇسۇلنىڭ پۈتكۈل ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىخچام، نازۇك بولۇپ، قول ھەركىتى ئىنتايىن يېغىنچاقلانغان. پەدىلىرى ئېنىق بولۇپ، ساغلام، پىششىق، بەدىئى ماھارەتنى نامايەن قىلىدۇ.

لى رۇي ۋە ليويەنشىنىڭ تاقلىما ئۇسۇلىنىڭ ھالىتى توغرىسىدىكى جانلىق تەسۋىرى بۇ ئۇسۇلنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ تۆۋەنكى ئەزا ھەركىتىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى، قەدەم ئېلىش شەكلىنىڭ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى راستلىق بىلەن كۆرسىتىپ بەردى. تاقلىما ئۇسۇلدا ئاساسلىق تەكىتلەنگەن، خاسلاشتۇرۇلغان ناخشا تېكىستلىرى، ئۇنىڭ خاس قاپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى. شېئىردىكى «زەرباپ چەككەن يۇمشاق رەڭدار ئۆتىكىدە تېپىپ سەكرەپ»، «تەسۋىر قىلدى چىمەنلىكتە كەچتە ياڭىغان شام ئوتىنى» — دېگەن مىسرالار كۆپ ئۆزگىرىشلىك ھەر خىل قەدەملەر توغرىسىدىكى ھەقىقىي تەسۋىردىن ئىبارەت. غەربىي دىيار ئۇسۇللىرىدا، ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن قەدەملەر، ئالايلى، مەسخۇش قەدەم، يۆتكەلمە قەدەم، يىقىلما قەدەم، ئورۇندا قەدەم، ئادونوشكا قەدەم ھەممىدە تۈرلۈك سەكرەش قەدىمى قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ خىلى كۆپ، ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ بولىدۇ. تاقلىما ئۇسۇلىنىڭ ھەركىتى جىددى، چاققان بولۇپ، ئۇسۇل قەدىمىنى ئېلىش تەڭكەشلىكى بىر قەدەر تېز بولىدۇ. شائىر بۇنداق ھالەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ تېپىك ئالاھىدىلىكىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆرۈۋېلىپ، ئىنتايىن چەن ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

تاقلىما ئۇسۇلىنىڭ قەدەم ئېلىشى كۆپ، مۇرەككەپ، ئۇسۇلىنىڭ ھەركەت ماھارەت چانلىقىمۇ بىر قەدەر يۇقۇرى بولىدۇ. «دەم ئولتۇرۇپ، دەم قوپۇپ ئويناشلىرى قۇشلار كەبى» . بۇ يەردە، قۇشلارنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق تىزلىرىنى ئېگىپ زوڭ ئولتۇرۇشى، قەدەم ئېلىشنى تېز يورغىلىتىپ ئالماشتۇرۇش ھەركىتى تەھلىل قىلىنغان، ئورۇنلىغۇچىنىڭ ناھايىتى پىششىق، ئەپچىل ئۇسۇل ماھارىتى نامايەن قىلىنغان. بۇ مىسرادا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋالدىن بىز ئۇسۇل ھەركىتى ھالىتىدىكى ھېسسىياتىنىڭ ئوتتەك قىزغىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ئىپچىل بېرىلگەن ئۇسلۇبىنىڭ ئەنە شۇنداق يۇمۇرلۇق ۋە قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىنى، ئۇسۇل ھەركەتلىرىنىڭ بىر قەدەر بەدىئى تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. شىنجاڭدىكى تاتارلارنىڭ مىللى ئۇسۇللىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئۇسۇلى «نازىركوم» دا يۇقۇرىقىدەك ئۇسۇل ھەركەتلىرى تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. تاقلىما ئۇسۇل ئەرلەرنىڭ چاققان، سەزگۈر، سەكرەش ۋە تاقلىشى يېنىك، سۈرئىتى تېز، كۈچلۈك بولۇشى قاتارلىق

ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. ئۇسۇلدا يەنە، ئورۇنلاش قىيىن بولغان ھاۋادا تاقلاش ماھارىتى قوللىنىلغان. «پېقىرىسا، تېز قويسا چۈشەر چالغان پەدىگە، بەلكە قويسا قولىنى خۇددى ئايغا ئوخشىغان» — دېگىنى ئۇسۇل ئوينىغۇچىنىڭ سەكرەپ كۆتىرىلىپ ھاۋا ئوقىدەك پېقىراپ دەسسەش ھالىتىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئوق — ھاۋا چاقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇمىلاق ياغاچ، ھاۋادا تاقلىغاندا ئوقتا ئوخشاش چۆگىلەيدىغان ئۇسۇل ھەرىكىتى ئورۇنلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇسۇلىدا قوللىنىدىغان بىر سەكرىۋېتىپ پېقىراش ماھارىتى، ياكى بېلىقچە سەكرەپ پېقىراش ھەرىكەت ماھارىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر شائىر ئوق ئارقىلىق ھاۋا چاقىنىڭ چۆگىلىشىنى كۆرسەتتى — دېسەك، ئۇ ھالدا ئۇسۇل ھەرىكىتىنى ئۆز ئورنىدا موللاق ئېتىش ماھارىتىگە ئوخشىتىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: تاقلىما ئۇسۇلنىڭ ئورۇنلىغۇچىسى، ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى خەلق سەنئەتكارلىرى بولماستىن، بەلكى مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن سەنئەتچىلەردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئۇسۇل ماھارىتى تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە ئىنتايىن جەلپ قىلىۋالغان، ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلانغان ئۇسۇل ئىنتايىن ياخشى بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. تاقلىما ئۇسۇل يۇقىرى دەرىجىدىكى قىيىن ماھارەتلىك ئۇسۇل بولۇپ، رۇشەنكى ئۇنىڭدا سىرلىك ئالامەتلىرىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان. قەدىمقى زاماندا غەربىي دىيار ئەسلىدىن سىرلىكچىلىك ئەۋج ئالغان جاي بولۇپ، ئۇسۇل بىلەن سىرلىك يەنە كېلىپ دائىم بىرلىشىپ ئايرىغىلى بولماس دەرىجىدە چىرمىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ غەربىي دىيار ئۇسۇللىرىنىڭ تىپىك بىر ئالاھىدىلىكى.

«بەلكە قويسا قولىنى خۇددى ئايغا ئوخشىغان» — ئۇسۇل قىياپىتى، بىلىكىنىڭ ئەۋرىشىملىكى بىلەن پۈتكۈل تەن ئېگىلىپ بىر يايسىمان ھالەتكە كىرگەن. پۇتلىرى ئۇنىڭغا ماس ھالدا بىر قىياپەت شەكىللەندۈرۈپ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ھىلال ئاينى كەلتۈرگەن. ئۇسۇل جىددىي سەكرەش، تاقلاش داۋامىدا، بەدەننى رۇسلاش، بەلنى ئېگىش، تەننى ئەۋرىشىم ھالەتكە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان ھالەتلەرنى ئىپادىلىگەن.

قەيسەرلىك ئىچىدە گۈزەللىك ئىپادىلەنگەن، سېلىشتۇرما ئىنتايىن روشەن بولۇپ، ئۆزئارا شولا تاشلىشىپ نۇرلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇسۇلنىڭ ئىپادىلەش كۈچى تېخىمۇ كۈچەيگەن. رۇشەنكى تاقلىما ئۇسۇل — مەرتلىك، باتۇرلۇقنىلا قوغلىشىدىغان ئۇسۇل بولماستىن، بەلكى كۈچلۈكلىك ئىچىدە ئەۋرىشىملىك بولغان، كۈچلۈكلىك بىلەن ئەۋرىشىملىك ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇلغان ئۇسۇل. شۇ سەۋەبلىك تاڭ دەۋرىدىكى شېئىرلاردا «تاقلىما ئۇسۇلى ئوينىغان مەسخۇش بولۇپ، ئېگىلدى بەدەنلىرى، سۆڭىكى چىۋىق بولۇپ» دەپ تەسۋىرلەنگەن. تاقلىما ئۇسۇل قەدىمقى غەربىي دىياردىكى باشقا ئۇسۇللارغا ئوخشاش، چىرايى-قىياپىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. «قاش ئېتىپ، كۆز ئوينىتىپ...» دېگىنى كۇسەن ئۇسۇلىدىكى «كۆز تاشلاش» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت. بۇ ئۇسۇلنى ئوينىغاندا كۆز ئارقىلىق ھېسسىيات يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ، بىر خىل ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىپادىلەش ۋاستىسى.

تاڭ دەۋرىدىكى شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگەن تاقلىما ئۇسۇل ئۆزىنىڭ قۇرۇلما شەكلى،

بەدىئى ۋاستىسى، ئىپادىلىنىش ئۇسلۇبى، خۇلقى ھەمدە ئۇسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ تېمپى دائىرىسى، تەڭكەش ناۋاسى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى قەدىمقى غەربى دىيار ئۇسۇللىرىنىڭ مىلودىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

2. تاقلىما ئۇسۇلنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى.

تاقلىما ئۇسۇل — قەدىمقى غەربى دىيار ئۇسۇللىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تىپىك ئۇسۇل. تاڭ دەۋرىدە غەربى دىيارلىقلار "خۇ" دېگەن ئومۇمى نام بىلەن ئاتىلاتتى. "تاقلىما" دېگىنى ئۇسۇلنىڭ ھالەت ئالاھىدىلىكى يىغىنچاقلانغان سۆز. "تاقلىما" دېگەن بۇ سۆز تەبىئىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلغا قويغان نامى، ھەرگىزمۇ باشقا تىلنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئەمەس. غەربى دىيارنىڭ ئۇسۇل تەرەققىيات تارىخىنى ئاختۇرىدىغان بولساق، سەنئەتنىڭ ھەر بىر نامايەندىسىنى ئىزدەيدىغان بولساق، تاقلىما ئۇسۇلنىڭ تارىخى مەنبەسىنى تەبىئى ھالدا تاپالايمىز.

قەدىمقى دەۋردىكى غەربى دىيار بوستانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىنى يەكۈنلەش — قەدىمقى غەربى دىيار ئۇسۇللىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيىتىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزدىكى ئاچقۇچ. قەدىمقى غەربى دىيارنىڭ مەدەنىيىتىنى قەدىمقى دەۋردە غەربى دىياردىكى بىر نەچچە بوستانلىق بىلەن قاپلانغان جايلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئورتاق شەكىللەنگەن. غەربى دىيارنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەب. ئەشۇ چەكسىز كەتكەن دېڭىز — مىسالى كەڭ كەتكەن دەشتە لەيلەپ تۇرغان چوڭ-كىچىك ئاراللارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئۇتاش كەتكەن بوستانلىقلاردا ناھايىتى بۇرۇنلا شەھەرنى مەركەز قىلغان شەھەر ئاھالىلىرى جەمئىيىتى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بوستانلىق مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن ئىدى. ھەر قايسى چوڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى سىستېمىسى مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئايرىلماس زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. غەربى دىيار تارىخىدا كۇسەن، قەشقەر، خوتەن، ئىدىقۇت ۋە سىر، ئامۇ دەرياسىغا تەدىر كەڭ زېمىندىكى توققۇز چاۋۇپ دۆلەتلىرى ۋەكىللىكىدىكى ھەر قايسى چوڭ بوستانلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ھەممىسى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتەڭلىرىگە جايلاشقان، سىياسى، ئىقتىسادى، مىللى، دىنى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆپخىل ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادى بېرىش-كېلىش قويۇق ئىدى. مەدەنىيەت، سەنئەت جەھەتتە بولىدىغان تەسىر تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۆز ئارا سىڭىشىپ كەتكەن، ھەتتا بىۋاستە قوبۇل قىلىدىغان دەرىجىدە ئىدى. شۇڭلاشقا ئوخشايدىغان، يېقىنلىشىدىغان نۇرغۇن ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر شەكىللىنىپ، بىر جاينىڭ سەنئىتىگە سىڭدۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ قەدىمقى دەۋردە غەربى دىياردىكى چوڭ بوستانلىقلار مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق، تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى شەكىللەنگەن ئىدى. بۇ ۋەكىللىك خاراكتېردىكى مىلودىيىلىك ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى. تەخمىنەن مىلادى 4 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە غەربى دىيارنىڭ ئۇسۇل ۋە مۇزىكىلىرى پارلاق، گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويدى. ئۇسۇل سەنئىتى ساھەسىدە، ئىككى خىل رۇشەن ئۇسۇل سەنئىتى ئۇسلۇبى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشتى. بىر تەرەپتىن جىددى سەكرەيدىغان، تاقلاپ چەققىپ چۆگىلەيدىغان ئۇسۇل؛ يەنە بىر تەرەپتىن ناخشىسى يېقىملىق ئوقۇلىدىغان، ئۇسۇلى ئاستا ئوينىلىدىغان، تال - چىۋىقتەك تولغىنىدى-

خان نازلىق ئۇسسۇل ئىدى، بۇ غەربىي دىيارنىڭ گۈللەنگەن دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈردى.

تاقلىما ئۇسسۇل مۇشۇنداق بىر دەۋر مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن، ئۇ غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىدىكى "دىم تاقلاش، دىم سەكرەش" دىن ئىبارەت ئۇسسۇل ھەركىتى ۋە ناۋائىلىق ئالاھىدىلىكىنى كەۋدىلىك ھالدا تەرەققىي قىلدۇرغان، بولۇپمۇ پۇت ھەركىتىنىڭ جىددىي، چاققان بولۇشىغا، يېنىك، چاپلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان مول لاچىلىق ماھارىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان. مەھلىيالىقتىن مەستخۇش بولىدىغان قاتتىق خۇشاللىق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىشقا تىرىشقان، قەدىمقى دەۋردىكى غەربىي دىيارلىقلارنىڭ ئەشۇنداق مەرتلىك، غورۇرلۇق، غەيۇرلۇق مىللىي خىسىيىتى، قىسمىناس، قورۇنماس، خۇشاللىقىنى چەكسىز ياخشى كۆرىدىغان مىجەزى تەلتۆكۈس ئىپادىلەنگەن.

خان سارىيى مۇزىيخانىسىدا ساقلانغان شىمالىي سۇلالىلەرگە ئائىت يېشىل ئىمال سىر بىلەن ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ياپىلاق كوزىلاردا، تاقلىما ئۇسسۇل سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر دانە رەسىم بولۇپ، ئۇنىڭدا تېز سەكرەۋاتقان مومەنتتىكى ھالەت، تاقلىما ئۇسسۇلنىڭ تارىخى ھالىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. مۇنداق ھاياتىي كۈچكە باي جىددىي ھەركەت، دەل تاقلىما ئۇسسۇل زاھىر بولغان دەۋرنىڭ ناۋاسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنداقلا تاقلىما ئۇسسۇلنىڭ غەربىي دىيار ئۇسسۇلىنىڭ گۈللەنگەن باسقۇچقا كىرگەن چاغدا بارلىققا كەلگەن، مەۋج ئۇرغان رەڭدار گۈل ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇ، ئۆزىنىڭ پىشقان، يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئۇسسۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇشۇ دەۋردىكى غەربىي دىيار ئۇسسۇلىنىڭ ئاتاغلىق ۋەكىلىگە ئايلانغان.

تارىم ئويمانلىقى گىرۋىكىدىكى بوستانلىقلاردا ئۇيغۇر ئەرلىرى ئورۇنلايدىغان بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى تارالغان. ئۇنىڭ ئىسمى شادىيانە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا شات - خۇراملىق دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى بۇ شادىيانە ئۇسسۇلىدا، تاقلىما ئۇسسۇلنىڭ بەزى تەۋەررۈكلىرى ساقلىنىپ قالغان، ياكى قەدىمقى دەۋردىكى غەربىي دىيار ئۇسسۇلىنىڭ تاقلاش، سەكرەش، تېپىش ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى شادىيانە ئۇسسۇل بىلەن قەدىمقى دەۋردىكى غەربىي دىيارنىڭ تاقلىما ئۇسسۇلى ئوتتۇرىسىدا تومۇرداشلىق، مەنبەداشلىق مۇناسىۋەت بار.


شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇل خىللىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئىچىدە تاقلىما ئۇسسۇلنىڭ تەۋەررۈك ئۇسلۇبى بار ياكى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇسسۇل ھەركىتىمۇ بىرلا شادىيانە ئەمەس، مەسىلەن: تاتارلارنىڭ ئوغۇللار ئۇسسۇللىرىدىمۇ پۇتنىڭ سەكرەش ھەركىتى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك قىلىنىدۇ، ئۇسسۇل قىزغىن ئوينىلىدۇ، قەدەم جىددىي ئېلىنىدۇ، قاڭقىش، سەكرەش يېنىك بولىدۇ. ھەر خىل سەكرەش قەدەملىرىنىڭ ماھارەت تەلىۋى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، تاقلىما ئۇسسۇلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تېخىمۇ كۆپ ساقلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئۇسسۇللار ئىچىدىن بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىزكى: تاقلىما ئۇسسۇل قەدىمقى دەۋردىكى غەربىي دىياردا ئومۇملاشقان ئۇسسۇل تىپى بولۇپ، پۈتكۈل غەربىي دىيار ئۇسسۇل تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

---

ئىزاھات: «تاقلىما ئۇسسۇل ھەققىدە ئىزدىنىش» ئەسلى «شىنجاڭ سەنئىتى» (خەنزۇچە) نىڭ 1984 - يىل 3- سانىغا بېسىلغان.

**[فوتو سۈرەت]** يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ۋىلايىتىمىزنىڭ فوتو سۈرەت ئىشلە-رىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولۇپ، كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى فوتو سۈرەت تارتىش قوشۇ-نى كۈنسېرى زورايدى. 1983 - يىلى 1 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جە-مىيىتى قۇرۇلۇپ، 45 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 12 نەپەر. 1984 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو فوتو سۈرەت-چىلەر جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ قاراپ چىقىپ تەستىقلىشى ئارقىلىق ۋىلايىتىمىزدىن باۋدې، لى جۈتىڭ ئىككى يولداش جۇڭگو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قى-لىنىپ، ۋىلايىتىمىز بويىچە باش جەمئىيەتكە تۇنجى تۈركۈمدە ئەزا بولدى.

1984 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى فوتو سۈرەتچىلەر دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللى-قىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا، ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ كۆرگەزمە زالىدا «قەشقەر مەنزىرىلىرى» ناملىق فوتو سەنئىتى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. جەمئىي 54 نەپەر ئاپتورنىڭ 125 پارچە ئەسىرى كۆرگەزمىگە قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە رەڭ-لىك سۈرەت 67 پارچە، ئەسەرنىڭ سىيۇژىتى كەڭ، ئۇسلۇبى كۆپخىل بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايونىدىكى گۈزەل تاغ - دەريالار ۋە ئۆزىگە خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر تەسۋىرلەندى. پۈتكۈل فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى كۈچلۈك يۇرت پۇرىقى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ماختىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىم كۆرگەزمىگە قويۇلغان رەڭلىك سۈرەتلەر، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۆز تېخنىكا كۈچىگە ۋە ئاددىي ئۈسكۈنىلىرىگە تايىنىپ تۇنجى قېتىم ئىشلىگەن سۈرەتلەر.


تاجىك بالىلار.
مەھەممەت ھېيت فوتوسى

10 - ئاينىڭ بىرىنچى ئونكۈنلىرىدە، ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى «قەشقەر مەنزىرىلىرى» ناملىق فوتو سۈرەتلەردىن 100 پارچە ئەسەرنى تاللاپ، ئاپتو-نوم رايونلۇق فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان «شىنجاڭ فوتو سۈرەت سەنئىتى كۆرگەزمىسى»گە قاتناش-تۇردى. كۆرگەزمە جەريانىدا، ۋىلايىتىمىزدىكى ئاپتور-لاردىن لى جۈتىڭ، باۋدې، جاڭ يۇڭ، گوجۈن، چىيۇلىن، يەن يۇكۈي، موشۇ جىڭ، ياڭ يىۋۇ يولداشلارنىڭ 14 پار-چە ئەسىرى 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈ-لىدىغان فوتو سۈرەت سەنئەت كۆرگەزمىسىگە تاللاندى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسى-دىن ئاپتونوم رايونىدا ئۆتكۈزگەن «شىنجاڭ ئالغا باسماقتا» ناملىق ئاخبارات فوتو سۈرەتلى-رى مۇسابىقىسىدا، ۋىلايىتىمىزدىن باۋدې ۋە لى جۈتىڭلارنىڭ ئەسەرلىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، ئايال-لار تارتقان فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى مۇسابىقىسىدا، موشۇ جىڭنىڭ «ئۆز كۆڭلىنى خوش

قىلىش» ناملىق ئەسىرى 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «داۋام قايتىپ كەلدى»، «ئاكا-ئۇكىلار ۋە ئاچا-سىڭىللار» ناملىق ئەسىرى رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. پەيزىۋات ناھىيىلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 13 ياشلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى مەھەممەتجاننىڭ «پىشتىمۇ؟»، «ئۇيغۇر پىشانەدەم دېھقان» ۋە 13 ياشلىق لى يۈڭنىڭ «كىچىك مەمرالار» ناملىق 3 پارچە ئەسىرى مەملىكەتلىك 1- نۆۋەتلىك ئۆسمۈر-بالىلار فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىگە تاللاندى.

فوتو سۈرەت ئىجادىيىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئالماشتۇرۇش، ۋىلايىتىمىزنىڭ فوتو سۈرەت ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 3- ئايدا ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ تەكلىۋى بىلەن «تۇرپان مەنزىرىلىرى» ناملىق فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ۋىلايىتىمىزدە ئېچىلدى. 8- ئايدا تەكلىپ بىلەن «لوشاۋيۈن فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» ۋىلايىتىمىزدە ئېچىلدى ھەمدە ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلدى. 11- ئايدا ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشقارىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى 19 نەپەر كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى فوتو سۈرەتچىلەر بېيجىڭغا بېرىپ، 13- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك فوتو سۈرەت سەنئىتى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇلار يەنە دالىيەن، باۋجى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئۆگەندى. «قەشقەر مەنزىرىلىرى» فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى تەكلىپكە بىنائەن بېيجىڭ، دالىيەندە ئېچىلىپ يەرلىك تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. (باۋدى)

**[خەتتاتلىق ۋە ئويمىچىلىق]** ئازاتلىقتىن بۇرۇن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتى خاراپلاشقان ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. خەتتاتلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلار يىلدىن-يىلغا كۆپەيدى. ھازىر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە 25 خەتتات ئەزا بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 13، ئۇيغۇر 12. 1983- يىلى قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىرلىشىپ ۋىلايەت بويىچە باھارنى كۈتىۋېلىش يۈزىسىدىن "خەتتاتلىق مۇسابىقىسى" ئۆتكۈزدى. 30 كىشى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەتتاتلىق، ئىلىمىز خەتتاتلىق سەنئىتىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سەنئەت بولۇپ، ئۇنىڭ قوليازما شەكلى، باسما شەكلى، ھۆسنىخەت شەكلى قاتارلىقلار بار. بۇ خىل خەتتاتلىق سەنئىتى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى تېز تەرەققىي قىلدى. يېزىش شەكلىمۇ كۆپخىل بولدى. 1983- يىلى باھارنى كۈتىۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە "خەتتاتلىق مۇسابىقىسى" دا، ئازسانلىق مىللەتتىن 30 كىشى مۇكاپاتلاندى. 1984- يىلى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەر خەتتاتلىق مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى ھەمدە باھالاپ مۇكاپاتلىدى.

ئويمىچىلىق — ئىلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى سەنئەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇ، خەتتاتلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئىش بىرلەشتۈرۈلگەن تەسۋىرى سەنئەت، ئۇنى «ميتال ۋە تاش ئويمىچىلىقى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، ئويمىچىلىق سەنئىتى قەشقەردە بىر قەدەر تەرەققى تاپتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، ئويمىچىلىق سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېشى 60 تىن ئاشقان پېشقەدەم خەتتات، ئويمىچىلار بار، ئوتتۇرا ياشلىق خەتتات، ئويمىچىلارمۇ بار. يېقىنقى يىللاردا ياش ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا، خەتتاتلىق ۋە ئويمىچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبى ئارقىلىق، ئويمىچىلىق سەنئىتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنى ۋە سوتسىيالىزمنى كۈيلەيدىغان، چېگرا رايوننىڭ قۇلرۇلۇشىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان 100 گە يېقىن ئويما ئەسەرلىرىنى ياراتتى. 1984 - يىلى 21 پارچە ئەسەر «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر مائارىپى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. (شۆدىڭكې)

## مەدەنىيەت - سەنئەت تەشكىلاتلىرى

### [كەسپىي سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى]

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، قەشقەر ۋىلايىتىمىزدە، خەلق باشقۇرغان بىرلا كەسپىي سەنئەت تەشكىلاتى، يەنى يېڭى ئىتتىپاق جەمئىيىتى تىياتىر ئۆمىكى بار ئىدى. بۇ ئۆمەكنىڭ گەرچە 30 - 20 ئادەمى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەملىرى مۇقىم ئەمەس ئىدى. ئاساسلىقى ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنلايتتى. 1953 - يىلى بۇ ئۆمەك باشقا سەنئەت ئۆمەكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى بولدى. 1956 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى.

1956 - يىلدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر، قەشقەر ۋىلايىتىمىزدىكى كەسپىي سەنئەت تەشكىلاتلىرى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، قاغىلىق ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق باشقۇرغان سېرىك ئۆمىكىدىن ئىبارەت 5 ئۆمەككە، ئارتىست ۋە خىزمەتچىلىرى ئەسلىدىكى 65 تىن 250 گە كۆپەيدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تەرەققىياتى توختاپ قالدى، يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق باشقۇرغان سېرىك ئۆمىكى تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىمىزدىكى كەسپىي سەنئەت تەشكىلاتلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، 1984 - يىلىغىچە 14 كە

يەتتى. يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق باشقۇرغان سېرىك ئۆمىكى ئەسلىگە كېلىپلا قالماستىن، يەنە قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، پەيزىۋات، يوپۇرغا، يېڭىسار، مارالبېشى، مەكىت، پوسكام قاتارلىق 9 ناھىيە (شەھەر) دە سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، ئارتىست، خىزمەتچىلىرى 533 كە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ھەممىسىدە كەسپىي سەنئەت تەشكىلاتلىرى تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەملىكەت بويىچە ئىلغارلار قاتارىدا قوشۇلغان يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدا داڭلىق بولغان قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بار.

سەنئەت تەشكىلاتلىرىدىن، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى تاجىك مىللىتىنى ئاساس قىلغاندىن باشقا، باشقا ئۆمەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان. ئاز ساندا ئۆزبېك، تاجىك، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار، ئوينالغان نومۇرلار، ئەسلىدىكى نوقۇل ناخشا - ئۇسسۇلدىن ئوپېرا، ئۇسسۇللۇق تىياتىر، ئەلنەغمە، دراما قاتارلىقلارغا راۋاجلاندى.

**[قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى]** قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، 1934 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ تەكتى قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى (كېيىن يېڭى ئىتتىپاق جەمئىيىتى) نىڭ تىياتىر ئۆمىكى ئىدى. 1950 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئۆمەكنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا ھەربىي ۋەكىل ئەۋەتتى. 1951 - يىلى مەي مياۋ ئۆمەكنىڭ ئۇدجىي سىياسىي رەھبەرلىكىگە تەيىنلەندى (مەي مياۋ ھازىر جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى)، 1953 - يىلى 3 - ئايدا بۇ ئۆمەك يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 13 - دىۋىزىيىسىنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى دەپ ئاتالدى. 1956 - يىلى 6 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، يەنە قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى. 1980 - يىلى ناخشا - ئۇسسۇل ئەترىتى، ئوپېرا (دراما) ئەترىتىدىن ئىبارەت ئىككى مۇستەقىل ئەترەت قۇرۇلدى. 1976 - يىل 2 - ئايدا سابىق بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى مەزكۇر ئۆمەككە بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر مۇستەقىل ئەترەت — خەنزۇچە دراما ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن ئىدى، 1983 - يىلى 8 - ئايدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.


قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى دۆلەتنىڭ كەسپىي ئورنى، ئۇنىڭدا ناخشا - ئۇسسۇل ئەترىتى ۋە ئوپېرا (دراما) ئەترىتىدىن باشقا، ئىجادىيەت ئىشخانىسى ۋە مەمۇرىيەت ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان، ئويۇن نومۇرلىرىنىڭ شەكلى جەھەتتە، ناخشا - ئۇسسۇل ئاساس قىلىنىدۇ. ئوپېرا، دراما، ناخشا - ئۇسسۇللۇق دراما ۋە ئەلنەغمە قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلىنىدۇ. ئاتاغلىق خەلق ناخشىچىسى پاتەم قۇربان، شائىر، دراماتورگ مەمتىلى زۇنۇن، جۇڭگو ئەلنەغمىچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى يولۋاسخان، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى تۇرسۇن قادىر، ليۇ چىڭشىڭ، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئابلىمىت توختى، دۇ جىچۈەن، بەھرىنىسا، ناخشىچى ئايشەم قەييۇم، نۇرگۈل، كومپوزىتور ئابلەت ئابدۇللا قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ ئۆمەكتە ئىشلەيدۇ.

بۇ ئۆمەك 1953- يىلى 9 - ئايدا ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەك مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. 1959- يىلى ئىجات قىلغان «بايرام خۇشاللىقى»، «كەشتىچىلىك ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار كىنوغا ئېلىندى. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، قىسمەن ئارتىستلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چاۋشيەنگە بېرىپ ھال سوراش ئۆمىكىگە قاتناشتى. جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى، ئىراق، فىرانسىيە، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرگە بارغان ئويۇن قويۇش ئۆمىكىگە قاتناشتى. قىسمەن ئارتىستلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «بوستانلىقتا تەنتەنە»، «قۇملۇقتىكى يېشىل دولقۇن»، «ئانارخان»، «يول باشلىغۇچى»، «نەسىردىن ئەپەندى» قاتارلىق كىنو فىلىمىنى ئىشلەشكە قاتناشتى. مەزكۇر ئۆمەكتىكى ياش سازچى ئەكرەم 1982 - يىللىق مەملىكەتلىك مىللىي ساز مۇسابىقىسىدا ئەلا مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئاخۇنەك ۋە نۇرئامىنە مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەت ياش ناخشىچىلار كۆرىكىدە ئويۇن كۆرسىتىش بويىچە ئەلا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1984 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك «تەيانشان ئاۋازى» مۇزىكا يىغىنىدا، بۇ ئۆمەك ئويۇن كۆرسىتىش ۋە ئىجادىيەت بويىچە جەمئىي 10 مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇ يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن «3 ياش» ناملىق تۇنجى تېلېۋىزيە تىياتىرىنى ئىشلەشكە قاتناشتى. بۇ تېلېۋىزيە فىلىمىنىڭ سەھنە ئەسىرى، مۇزىكا ئىجادىيىتى ۋە قىسمەن ئاساسلىق ئارتىستلىرى قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىدىن بولدى، 1984 - يىلى 9 - ئايدا رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلدى، «ئامانىساخان» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئوپېرا، «مېنىڭ دادام» ۋە «توختاڭ! توختىمەت» ناملىق كومېدىيەلەر قويۇلدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ ئۆمەك نۇرغۇن ئېسىل نومۇرلارنى ئىجات قىلىپ، مىللەتلەر مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى، بۇنىڭدىن ئاساسلىقى 25 نومۇر ساقلاپ قېلىندى، ھازىر سەنئەت ئۆمىكى ھۆددە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا باشلىدى. ( ليۇ چىڭشىڭ )

**[يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى]** يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئەسلىدە ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇرۇلغان، ئازسانلىق مىللەتنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلىنى ئاساس قىلىپ ئويۇن كۆرسىتىدىغان سەنئەت تەشكىلاتى ئىدى، كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. 1956- يىلى يەنە قايتا تەشكىل قىلىندى. ھازىر بار بولغان ئارتىست، خىزمەتچى 33 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئارتىست 28 نەپەر، كادىر 3 نەپەر، ئىشچى 2 نەپەر. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ئۆمەك ئۈچ قېتىم قۇرۇلۇپ، ئۈچ قېتىم تارقىتىلىپ بىر نەچچە قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پۈتۈن ئۆمەكتىكىلەر پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىپ، بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە، پارتىيىنىڭ تۆت ئاساسىي پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل قائىدە-تۈزۈمنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەشكىلىي ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىپ، كەڭ ئام-

مەشىلاق ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى.



يەكەن سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان ئەتلەس توقۇش ئۇسسۇلى.
مەھەممەت ھېيىت فوتوسى

ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ ئۆمەك 1978-يىلىدىن 1982-يىلىغىچە بولغان بەش يىلدا پۈتۈن ناھىيىنىڭ بارلىق يېزا-بازار، كەنتلىرىگە ۋە جەمەت يىراققا جايلاشقان زاۋۇت، كانلىرىغا بېرىپ، جەمئىي 1503 مەيدان ئويۇن قويدى (بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 1101 مەيدان ئويۇن قويدى). تاماشىبىنلار 2 مىليون 120 مىڭ ئادەم-قېتىمغا يەتتى. 1978-يىلىدىن 1983-يىل 5-ئايغىچە ئويۇن قويۇپ جەمئىي 290 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇزلىرى ئىجات قىلىپ قويغان ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا، كىچىك ئومۇرلىرى 180 دىن ئارتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «غۇنچەم»، «غېرىب-سەنەم»، «ئاماننىساخان» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى مىللىي ئوپېرانى ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ ئوينىدى. يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى 1978-يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ، ۋىلايەتنىڭ، ناھىيىنىڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. ھەممىدە 1981-يىلى مەملىكەت بويىچە يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىلغار سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ باھالاندى. (ما يۈي شى)


**[ۋىلايەتتىكى كۇتۇپخانىلار]** 1955-يىلىدىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىدە، يەكەن، قاغىلىق، مارالبېشى، كونىشەھەر، پەيزىۋات ناھىيىلىرىدە ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدە كۇتۇپخانىلار تەدرىجىي قۇرۇلدى، بۇ 7 كۇتۇپخانىدا 40 تىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 20 دىن ئارتۇق، ساقلانغان ئومۇمىي كىتاب 270 مىڭ پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئەدەبىي كىتابلار 5000 پارچىغا يېقىن، قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن 100 مىڭ پارچىغا يېتىدۇ. (ۋاڭ خۇڭتاۋ)



مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قىرائەتخانىسى.
لى جۇ تىلىك فوتوسى

**[قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەتسارىيى]** قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى — قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى قارمىقىدا تەسىس قىلىنغان ئاممىۋى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا يېتەك-

چىلىك قىلىدىغان مەدەنىيەت ئاپپاراتى. ئۇ 1982-يىلى 8-ئايدا قۇرۇلغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1309 كۋادرات مېتىر، كۆرگەزمە زالىنىڭ كۆلىمى 291 كۋادرات مېتىر. بۇنىڭدىن باشقا ئىشخانا، ئۇسۇل رېپېتىتسىيە قىلىش ئۆيى، مۇزىكا رېپېتىتسىيە قىلىش ئۆيى، رەسىم سىزىش ئۆيى، فوتو سۈرەت يۇيۇش ئۆيى ۋە سىنىپلار بار.



قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى. مەھەممەت ھېيت فوتوسى

ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسلىقى — ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مەدەنىيەت سارىيى (پونكىت) نىڭ كەسپىي كادىر ۋە ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش، ئاممىۋى ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت-سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت ئارىسىدىكى مەدەنىيەت-سەنئەت مىراسلىرىنى ۋە ھازىرقى زامان سېيوژىتىدىكى ھەر خىل ئىجادىي ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش، نۆۋەتتىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت-سەنئەت پائالىيىتىنىڭ قانات يېيىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، سېستىمىلىق نەزەرىيە تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا ھازىر فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت، ئۇسۇل، تىياتىر ۋە مۇزىكا قاتارلىق گۇرۇپپا تەسىس قىلىنىدى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 16، كەسپىي كادىر 8، كەسپىي كادىر ئىچىدە ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 2، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگىنى 5.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى 1984-يىلى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

1. ئاممىۋى سەنئەت سارىيى گۈزەل سەنئەت گۇرۇپپىسى ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە نۇقتىلىق ھالدا 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە قەشقەر ۋىلايىتىدىن قويۇلىدىغان ئەسەرلەرنى توپلاش خىزمىتىنى ئۆتتى، ئاساسلىقى ئاپتورلارنى ئەسەر بىلەن تەمىن ئېتىشكە تەشكىللىدى. ۋىلايىتىمىزدىن 1984-يىلى ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە 19 پارچە ئەسەر تاللاپ ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن 5 پارچە ئەسەر كۆرگەزمىگە تاللاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئاپتورى: ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىكى مەھەممەت ھېيت، خۇالق دائىسەي، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىكى تۇردى ئىسمىن، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى تۇرسۇن ئېزىز، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى جۇمە يۈسۈپ، بۇلار ئىچىدە 4 نەپەر ئاپتور ئاز سانلىق مىللەت.

2. فوتو سۈرەت خىزمىتى جەھەتتە ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىگە ماسلىشىپ لۇ شياۋ يۈن (جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى) نىڭ فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى

كۆرگەزمىسىنى ۋە «قەشقەر مەنزىرىلىرى» فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇردى.

3. ئىشچى – خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئۆركەستىرىنى تەشكىللەپ، زاۋۇت-كان، مەكتەپ، قىسىم قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ ھال سوراش يۈزىسىدىن 8 مەيدان ئويۇن قويۇشتۇردى، بۇ ئۆركەستىر 1984-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىدە مۇكاپاتلاندى.

4. ئامېمۇي سەنئەت سارىيى ئۇسسۇل گۇرۇپپىسى «خەلق ئارىسىدىكى مىللىي ئۇسسۇللار توپلىمى» نىڭ شىنجاڭ تەھرىر بۆلۈمى قەشقەر خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئارىسىدىكى ئۇسسۇللارنى تەكشۈرۈش، قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئىشلىدى، بۇ مەزگىلدە نۇقتىلىق ھالدا 29 يېزا-كوممۇنىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى. خەلق ئارىسىدىكى 207 ئۇسسۇلچىنى زىيارەت قىلدى. (مەخەممەت ھېيت)

## مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئاسارە-ئەتىقىلەر


**[قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئاسارە-ئەتىقىلەر]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەشقەر شەھىرى ۋە يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، تاشقورغان، قاغىلىق، مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلىرى ئۇزاق تارىختا ھەم قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئاسارە-ئەتىقىلەر ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرىدىن قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرى، ئەسكىھىسار قەدىمقى قەلئە خارابىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى خانئۆي قەدىمقى قەلئە خارابىسى، يەكەن ناھىيىسىدىكى بايدۆۋە، قاغىلىق ناھىيىسىدىكى شەھىتيا قەدىمقى قەلئە خارابىسى، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى توققۇز ساراي قەدىمقى قەلئە خارابىسى قاتارلىقلار بار. بۇ 8 ئورۇندىكى قەدىمقى قورۇلۇشلار، قەدىمقى قەلئە خارابىسى ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ مازارلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئورنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان، 11-ئەسىردە ئۆتكەن تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرىمۇ 1984-يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر ۋىلايىتىدە يەنە تارىخ تەتقىقاتىدا پايدىلىنىلىدىغان بىر قىسىم ئاسارە-ئەتىقىلەر بار. ئۇلار قەشقەر شەھىرىدىكى سۇلى قەدىمقى قەلئەسى، يۇمۇلاقشەھەر، مەدرىس ساجىيە، سەييىت جالالىدىن



ھېيتگاھ

لى جۇ تىلاق فوتوسى

مازىرى، كونىشەھەر ناھىيىسى دائىرىسىدىكى توققۇز ھوجرا، مورا بۇددا مۇنارىسى،
ئوپالات قەدىمقى قەلئەسى، ئاقتالادىكى يەتتە تاش قورااللار دەۋرىگە ئائىت ئىزلار، خوجا-
قونارىدىكى نەپىس تاش قورااللار دەۋرىگە
ئائىت ئىزلار، ھەزرىتى مەۋلام تېغى ئېتە-
كىدىكى توققۇز قازناق بۇددا ئىبادەتخا-
نىسى خارابىسى، تاشقورغان ئاپتونوم نا-
ھىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى تاشقورغان قەدىم-
قى قەلئەسى، «قىز قورغان»، شائىبابا، يەتتە-
تە گۈمبەز قەدىمقى قەبرىستانلىقى، يەتتە
گۈمبەز قەدىمقى ئىنسانىيەت پائالىيەت
ئىزلىرى، يەكەن ناھىيىسىدىكى نورۇز دۆڭ
قەدىمقى مۇنارىسى، قەدىمقى ئالتۇن ما-
زىرى، ھەم سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مازىرى،



كونىشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىدىكى ھەزرىتى
مەۋلام تېغىدا جايلاشقان، ئۇيغۇر تىلشۇناسى، «تۈركىي
تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرى مازى-
رىنىڭ كۆرۈنۈشى. چېن لىۋ فوتوسى

جامە مەسچىتى، ئازنا مەسچىت، ئاي جاڭجۈن ھەربىي قورغىنى خارابىسى، سۇلتانىم قەدىم-
قى قەلئە خارابىسى، كاچۇڭ چامۇسال قەدىمقى قەبرىستانلىقى، مارالۋېشى ناھىيىسىدىكى
چوڭ تىم قەدىمقى قەلئەسى ھەم قەدىمقى تىم، يورىچى تاغ قەدىمقى
بۇددا ئىبادەتخانىسى، تاغىلىق ناھىيىسىدىكى بۇت بورھان قەدىمقى بۇددا دىنى تام سۈ-
رەتلىرى، چىپاندىكى كىمىر ئۆيلەر، ھەربىي قورغانلار، بوبۇرتا ناھىيىسىدىكى خىتاي قە-
دىمى شەھىرى خارابىسى ۋە پەيزىئاۋات ناھىيىسىدىكى تاش تىم، چالتىم قەدىمقى كەنتلەر
خارابىسى قاتارلىقلار بار.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دائىرىسىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان مەدەنىي يادىكارلىقلار،
ئاسارە ئەتىقىلەر بۇ رايوننىڭ قەدىمقى دەۋرلەردىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت
تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە ھازىرقى زامان سەيلى-ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاپپاق خوجا مازىرى ۋە ھېيت-
كار جامەسى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ جامە مەسچىتى ۋە ئازنا مەسچىتى ئۇيغۇر
بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم نەققاشچىلىق تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قى-
لىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپپاق خوجا مازىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چەنلۇڭ زامانىسى-
دىكى پادىشاھنىڭ كىچىك خانىشى ئىپارخاننىڭ مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسى-
دىكى رىۋايەتلەر بىلەن مەشھۇر، ئۇ ئىچكى-تاشقى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان زىيارەت-
گاھ. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر شەھىرىدىكى سۇلى قەدىمقى قەلئەسى مەركەز قىلىنغان ئاسارە-
ئەتىقىلەر، چۆللەردىن ئەسكىرىسار، خانئۇي قەدىمقى قەلئەسى قاتارلىق خارابىلار قە-
دىمقى زاماندىكى قەشقەر بوستانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بىزنى مۇھىم ما-
تېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىپ بېرىدۇ؛ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى
مەركەز قىلىنغان ئوپال قەدىمقى قەلئەسى، ھەزرىتى مەۋلام

تېغىسى كېسەك تېمىدىكى قەدىمقى قەلئە، ئوپالات قەدىمقى قەلئەسى قاتارلىق خارابىلەر ئوخشاشلا، ئوپال بوستانلىقىنىڭ قەدىمقى تارىخي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماددى ئىسپات بولۇپ ھېساپلىنىدۇ؛ يەكەندىكى بايدۇۋە، نورۇزدۆڭ، ئاي جاڭجۇن دۆۋىسى، سۇلتانئەم قەدىمقى قەلئەسى يەكەن بوستانلىقىنىڭ تارىخى تەرەققىيات جەريانىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تەتقىقات ماتېرىيالى بولىدۇ. مارالۋېشىنىڭ 9 ساراي قەدىمقى قەلئەسى ۋە ئۇنىڭ شەرقى- شىمال قىسمىدىكى چوڭ تىم قەدىمقى قەلئەسى ھەم بىر قاتار تىم تۇرا خارابىلىرى قىممەتلىك مەدەنى يادىكارلىقلار ئىنتايىن باي بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر، سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى تۇمشۇق دىيارىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە. شۇنداقلا ئۇ قەدىمقى زامان «يىپەك يولى» نىڭ مۇشۇ قىسمى دائىرىسىدىكى مۇھىم تارىخىي ئىزلاردۇر. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تاشقورغان قەدىمقى قەلئەسىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، غەربىي خەن دەۋرىدىن باشلىنىدۇ، ئۇ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ئىجتىمائى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە. (لى كەي)

# مائارىپ

## ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بارايلى

قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى **ئېيسا شاكىر**

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش نۆۋەتتىكى جىددى ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشتىن مەقسەت مائارىپنى پارتىيىنىڭ باش لۇشيەنى، باش ۋەزىپىسى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇش، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتىرىش، ئىختىساسلىق خادىملارنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

مائارىپ ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. مائارىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نۆۋەتتە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشى بىزگە "مائارىپنى قانداق ئىسلاھ قىلىش لازىم" دىگەن سوئالنى قويدى.

1984 - يىلى، ۋىلايىتىمىز بويىچە مەكتەپلەردە جەمئى 358800 ئوقۇغۇچى بولۇپ، ۋىلايىتىمىز ئومۇمى نوپۇسىنىڭ 15.2% نى ئىگىلىمىدى؛ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 25603

بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي كادىرلار سانىنىڭ 47.4% نى ئىگىلىدى. مائارىپ ئىسلاھاتى بۇ قوشۇننىڭ ئاكتىپلىقىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى قانداق يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئىستىقبالىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىيىتى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. ھازىر ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، داۋام نىسبىتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى ياخشىلاندى. 1984 - يىلى، يوپۇرغا ناھىيىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرغان تۇنجى ناھىيە بولۇپ باھالاندى. قاغىلىق ناھىيىسى ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ 85% تىدىن كۆپرەكىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ پىششىق خىش بىلەن ياساپ چىقتى، 1984 - يىلى بۇ ناھىيىدىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 95.6% كە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 21.6% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆچۈش نىسبىتى 59.2% كە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 24% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى جەھەتتە، ۋىلايەت بويىچە ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 82.5% كە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 13.5% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاممىنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتى ۋە ياش ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاش خىزمىتىدىمۇ مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. ۋىلايەتتە مائارىپ ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋە مائارىپتىكى مەمۇرىي كادىرلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. ناھىيىلەردە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، يېزىلاردا ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى، ھەر يىلى 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى خىزمەتتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇپ، كەسپىي سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتەردى.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا غەمخورلۇق قىلىشى ۋە زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ئۆز خىزمىتىدە خاتىرجەم بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنى سۆيۈپ، تىرىشىپ ئىشلىمەكتە.

ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى گەرچە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا تېخى ناھايىتى ئوبدان لايىقلىشالمايۋاتىدۇ. ئاساسلىقى، نۆۋەتتە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئىختىساسلىق قۇرۇلۇش خادىملىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بۇ ئېھتىياجنى ھازىر تېخى قاندۇرالمايدۇ. مەكتەپلەردە بىلىمى چوڭقۇر، خىزمەت ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقۇرۇش خادىملىرى خېلى كەمچىل بولۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تەسىر يەت-

مەكتەپ: باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسى ئەمەلگە تېخى تولۇق ئاشمىدى، يېڭى ساۋاتسىزلار داۋاملىق پەيدا بولۇۋاتىدۇ. ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسى بىر خىللا بولۇپ ئالدى، كەسپىي مەكتەپلەر يوق دېيەرلىك. ۋىلايەت بويىچە شەھەر ۋە يېزىلاردا يەنە 30% كە يېقىن ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتلار بار. بۇ يېڭى پەن-تېخنىكىلارنى ئۆگىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشقا زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا لايىقلىشالماسلىقتەك پاسسىپ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ۋىلايىتىمىزدە مائارىپ خىزمىتىنىڭ تۈۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى — ئىسلاھاتنى پۇختا، ھەقىقىي رەۋىشتە ئېلىپ بېرىپ، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مائارىپ ئىسلاھاتى كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ ئىشقا سېلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى، ھەر ساھەلەرنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم.

ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى نەدىن باشلاش كېرەك؟ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋىلايىتىمىز مائارىپ خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرغاندىلا، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى، كەسپىي مائارىپنى پەيدىنپەي ئومۇملاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئومۇمخەلقنىڭ پەن-مەدەنىيەت بىلىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياخشى ئاساس سېلىپ، پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يوپۇرغا ناھىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تۇتۇشقا كىرىشىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ سۈپىتىگە قارىتا بىر قەدەر يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئاساستا، ئۇلار ئاممىنى پەن ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، يېزىلاردا كەسپىي سىنىپلارنى تەسىس قىلىپ، دېھقانلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ ئىسلاھاتىنى تۈۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن ئېلىپ بېرىش لازىم: يەنى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشىنىڭ مۇۋاپىقسىزلىقىنى داۋاملىق تەڭشەپ، يېزىلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى بىر قەدەر تارقاق بولغان ئەھۋالغا لايىقلاشتۇرۇش لازىم. مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن شۆبە مەكتەپنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ۋە رەھبەرلىك مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش، مۇۋاپىق ھالدا تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەپ، مەكتەپ مۇھىتىنى ۋە مەكتەپ شارائىتىنى ئۆزگەرتىپ، مەكتەپنى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرۇش. يېزىلارنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پەسىللىك خاراكتېرىگە لايىقلاشتۇرۇپ، دەرس ۋاقتى بىلەن قىشلىق ۋە يازلىق تەتىل ۋاقتىنى مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم. تاغلىق رايون ۋە چەت-يىراق جايلاردىكى مەكتەپلەردە تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا دەرسىنىلا ئۆتۈشنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى جەھەتتە: ھازىر، ۋىلايىتىمىزدا ئوتتۇرا مەكتەپلەر تېخى كۆپ ئەمەس، يەنە داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرىمىز دەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. شارائىت پىشىپ يەتكەندىن كېيىن، نۇقتىلىق ھالدا بىر تۈركۈم كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا بولىدۇ. لېكىن، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە كەسپىي سىنىپ ياكى كەسپىي دەرس تەسىس قىلىشنى ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك.

ھازىرقى ئىككى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى كۈچەيتىش كېرەك. بولۇپمۇ كۆز ئالدىمىزدا بەك قىس بولىۋاتقان خەنزۇ تىل، تەنتەربىيە، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم.

مائارىپ ئىسلاھاتىدا قەشقەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش لازىم. شەكىلۋازلىق قىلىشقا، ئىشنىڭ بېشىدا چىڭ تۇتۇپ، ئايغىدا بوشاپ قېلىشقا بولمايدۇ. ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپى ئاساسلىقى مىللىي مائارىپ، مەملىكەتتىكى باشقا جايلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرى بار ھەم ئۆز ئالاھىدىلىكىمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا جايلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگەنگەندە ئۆز ئەمەلىيىتىمىزنى چىقىش قىلىپ، ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ كېلىشتىن ساقلىنىشىمىز، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك.

مائارىپ ئىسلاھاتى مائارىپ خىزمىتىنى كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش—مائارىپنىڭ نىشانىسى، ھالبۇكى ئىسلاھات قىلىش كۆز ئالدىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بولىدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى بىلەن ھازىرقى ھالىتىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش ئويلىنىش، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم.

پارتىيە ۋە خەلق مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى زور ئۈمىت باغلاپ، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى قىلدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە بەزى زور تەدبىرلەرنى قوللاندى.

بارلىق مائارىپ خىزمەتچىلىرى ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ شانلىق ئەتىسىنى كۈتىۋېلىش لازىم.

**[مائارىپ خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇيانقى مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتى ئومۇمەن 3 باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.

1. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 17 يىللىق مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، خەلق ھۆكۈمىتىمىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن قېپقالغان ھەر خىل مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۋالدى، ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە بار بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ 213 (ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرغان 107 باشلانغۇچ مەكتەپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە). مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 49337؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 124؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن 1، تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن 1، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى378. ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئو-

ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرى 2316 ئىدى. مەكتەپلەر ئوتتۇز ۋۇ بىلىمگاندىن كېيىن، فىم - ئودالىق، فاشىستىك كونا مائارىپ تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، مىللىچە ئىلمىي بولغان ئاممىۋى يېڭى مائارىپ تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائى ساۋات دەرسى ئېلىپتاشلىنىپ، سىياسى دەرس تەسىس قىلىندى. بەزى قالاق بولغان دىنىي مەكتەپلەر مەنئى قىلىندى. ئەسلىدىكى مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى ھەممە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يەر ئىسلاھاتى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش كۆرۈشىگە بىراشتۇرۇلۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزىملىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى 5 يىللىق پىلان مەزگىلىدە، مائارىپ ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىندى ۋە تەرەققى قىلدۇرۇلدى. 1953- يىلدىن 1957- يىلغىچە ۋىلايەت بويىچە 20 ئوتتۇرا مەكتەپ يېڭىدىن قۇرۇلدى، 1957- يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىسى 10836 بولۇپ، 1949- يىلدىكىدىن 387.3 ھەسسە كۆپەيدى. باشلانغۇچ مەكتەپ 1952- يىلدىكى 257 دىن 409 غا كۆپەيدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 141458 بولۇپ، 1949 - يىلدىكىدىن 2.86 ھەسسە كۆپەيدى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 1949- يىلدىكى 25 تىن 387 گە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 1949- يىلدىكى 2222 دىن 3810 غا يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 4275 گە يېتىپ، 1949- يىلدىكىدىن 1.84 ھەسسە كۆپەيدى. 1956- يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىۋى بىلەن قەشقەر تىببىي مەكتىۋى قۇرۇلدى، 1957-يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 763 گە يەتتى.

1958- يىلى، رەئىس ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان "تەربىيىلىنىۋاتقانلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانى جەھەتلەردىن ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش لازىم" ۋە "مائارىپنى پرولېتارىيات سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىراشتۇرۇش لازىم" دېگەن مائارىپ فاڭجېنىغا ئەمەل قىلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 742 گە يېتىپ، 1957- يىلدىكىدىن 339 ى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلق باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ 261، بۇ- ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئۆتكۈۋالغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن كوممونا، ئەترەتلەردىكى خەلق باشقۇرىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەردۇر. 1958- يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا 101664 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ 1957- يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 3 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. 1960- يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 250175 گە يەتتى. 1960- يىلى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر مۇ تېز تەرەققى قىلىپ 69 غا، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 46787 گە يەتتى. كوممونىلاردا 116 يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىۋى قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 8125 گە يەتتى. ئوقۇتۇشنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىراشتۇرۇش يولىغا قويۇلۇشقا باشلىنىپ، كۆلىمى بىر قەدەر زور بولغان ئوتتۇرا مەكتەپلەردە زاۋۇت، دېخانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلىدى ھەمدە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەپتىدە 8 سائەت، باشلانغۇچ مەكتەپ 3-يىللىقىدىن يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەپتىدە 2 سائەتتىن ئەمگەك دەرسى ئورۇنلاشتۇرۇش بەلگىلەندى.

1961- يىلى «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت تۆت سۆزلۈك فاڭجېن ئىزچىل ئىجرا قىلىندى، 1962- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ قىسقارتىلىپ ۋە بىرلەشتۈرۈلۈپ 1960- يىلدىكى 880 دىن 803 گە كەلتۈرۈلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 250 مىڭدىن 195 مىڭغا قىسقارتىلدى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ سانى 1960- يىلدىكىدىن گەرچە ئىككىسى كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1960- يىلدىكى 46787 دىن 1962- يىلى 29191 غا قىسقارتىلدى؛ يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىۋى 112 دىن 4 كە قىسقارتىلدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم 10 (ئىككى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋى ئۆز ئىچىگە ئېلىنمايدۇ) دىن 3 كە قىسقارتىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ دۆلەت باشقۇرغان ۋە خەلق باشقۇرغان مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىدىن 2200 ى ئىخچاملاندى. 1963- يىلى «ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 50 ماددىلىق قائىدىسى» ۋە «باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 40 ماددىلىق قائىدىسى» ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش مەركەز قىلىنغان ئومۇميۈزلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ مائارىپ خىزمىتى ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا سېلىندى. 1966- يىلى ۋىلايەت بويىچە دۆلەت باشقۇرغان ۋە خەلق باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ كۆپىيىپ 1584 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 244532 گە يەتتى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 78 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 26517 گە يەتتى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملار 6 گە (ئىككى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋى ئۆز ئىچىگە ئېلىنمىدۇ)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2382 گە يەتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 17 يىلدا ۋىلايەت بويىچە يېتىشتۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 279379، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 52134، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 6142، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 8016.


2. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قىلغان بۇزغۇنچىلىقى. ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋىلايىتىمىزنىڭ پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە «تاشقى جاراھەت» ۋە «ئىچكى جاراھەت» نى پەيدا قىلدى. بىر ئەۋلات كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى مائارىپنىڭ سەۋىيىسىنى ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش 4 يىل توختىدى، ئوتتۇرا دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش 5 يىل توختىدى. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە گەرچە 1969- يىلدىن باشلاپ «دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىنغان» بولسىمۇ، لېكىن «سول» چىل پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن «ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش»، «سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۆگىنىش» كەڭ تۈردە يولغا قويۇلۇپ، ئاتالمىش «ئەقلىي تەربىيە بىرىنچى»، «ئۇستازلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى» پىپەن قىلىنىپ، «بېشىدا مۈڭگۈزى بولۇش»، «بەدىنىدە تىكەن بولۇش»، «ئىمتىھان قەغىزىنى ئاق تاپشۇرىدىغان قەھرىمان بولۇش» تەرغىپ قىلىنىپ، مائارىپ تەرتىۋى ئىنتايىن قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلدى. مائارىپ سۈپىتى، كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار پىپەن قىلىندى، قارا چاپلاندى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلىندى، 1400 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىز-

مەتچى خىزمەتتىن چىقىرىۋېتىلدى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى، كىتابلار، تەجرىبە سايمانلىرى پۈتۈنلەي دىگۈدەك ۋەيران قىلىندى.

3. مائارىپ خىزمىتىدىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ۋە تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۈستۈرۈش ئەھۋالى. 1976- يىلى 10- ئايدا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ خىزمىتىدە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش، «سولچىل» خاتالىقنىڭ تەسىرىنى تازىلاش، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۈستۈرۈش» دىن ئىبارەت 4 سۆزلۈك فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىككى مىڭدىن كۆپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلىرى يېشىلگەن قىلىندى. خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى دۆلەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا رەسمىيلەشتۈرۈلدى، كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىندى. ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەر تەدرىجىي ھالدا ساغلام تەرەققىي قىلىش ئىزىغا چۈشتى.

1979 - يىلى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە «مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى» ئاچتى. 1982- يىلى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە «باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى» ئېچىپ، نۇقتىلىق ھالدا 3 ئىلغار ناھىيىنى مۇكاپاتلىدى، ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئالاقىدار ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيە (شەھەر)، كومـمۇنا، ئەترەتلەردىن سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى تۇتقاندەك مائارىپ خىزمىتىنى تۇتۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى. 3 يىل داۋامىدا، ۋىلايەت، ناھىيىلەر يەرلىك مالىيە كۈچىدىن مائارىپقا 5 مىليون 123 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. كوممۇنا، ئەترەتلەر مائارىپ ئۈچۈن 3 مىليون 159 مىڭ يۈەن خىراجەتنى ئۆزلىرى تەييارلىدى، مەكتەپلەرنىڭ 295000 كۋادىرات مېتىرلىق خەتەرلىك سىنىپلىرىنى ياخشىلاپ بەردى، 30 مىڭ يۈرۈش پارتا، ئورۇندۇق تولۇقلاپ بەردى. 1984- يىلى دۆلەتتىن ئاجرىتىپ بەرگەن مائارىپ خىراجىتى 54 مىليون930 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1949- يىلدىكىنىڭ 472 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ھازىر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 14 مىليون 240 مىڭ كۋادىرات مېتىرلىق ئۆي - ئىمارەتلىرى ۋە 100 مىڭ يۈرۈشتىن ئوشۇق پارتا، ئورۇندۇقى بار. 1984- يىلى يوپۇرغا ناھىيىسى «ھەممە مەكتەپلەر خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلەردىن خالى بولۇش، ھەممە سىنىپنىڭ دەرىزىسى بولۇش، ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ پارتا - ئورۇندۇقى بولۇش» دىگەن تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇردى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق لاياقەتلىك بولۇپ ئاپتونوم رايون بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان تۇنجى ناھىيە ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەن ئىككىنچى ناھىيە بولدى. قاغىلىق ناھىيىسى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 70% دىن كۆپرەكىنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرىنى پىششىق خىش بىلەن ياساشنى ئەمەلگە ئا-

شۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئوقۇشتا ئىلغار ناھىيە بولدى. يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، پوسكام قاتار - لىق ناھىيىلەردە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئامما پائال تۈردە مەكتەپ قۇرۇش دولقۇنى بارلىققا كەلگەنىدى. 1984 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئالىي مەكتەپ 3 كە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2636 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 816 غا يەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپ 169 غا، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 63857 گە، ئو - قۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 6416 غا يەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 186 غا (شۇنىڭدا مەكتەپلەر ئۆز ئىچىگە ئالمىنىدۇ)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 294951 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەت - چى 15619 غا يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 95.96% بولدى. بۇ قۇرقىلارنىڭ ھەممىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



1984-يىل 8- ئاينىڭ 15- كۈنى، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ژاڭ بويىلى (سولدىن ئالدىدىكى 1- كىشى)، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى يۈجېجۇن (ئوڭدىن ئالدىدىكى 1- كىشى) قاتارلىق يولداشلار قەشقەر 2- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كۈتۈپخانىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شېي لەنشۇڭ فوتوسى

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 35 يىلدا، ۋىلايەت بويىچە يېتىشتۈرۈلگەن ئوقۇغۇچى- لار ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 826971 بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت- تىن 746084؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 254614، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سان- لىق مىللەتتىن 215391؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 65045، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن 49244؛ ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 22194، بۇنىڭ ئىچىدە دارىل- مۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەر 12074، بۇلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئۈن- چۈن تۆھپە قوشتى. (يىن لىمىن)

قوشۇمچە: مائارىپ خىزمىتى ھەققىدىكى ئىستاتىستىكا جەدۋەللىرى:

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 35 يىلدىن بۇيانقى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

### 1 - جەدۋەل

| يىل ئايرىمىسى | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى سانى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى | خىزمەتچى | ئىشچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 - يىل | 213 | 1061 | 49337 | 2222 | 1844 | 131 | 247 |
| 1950 - يىل | 252 | 1485 | 74776 | 2422 | 2001 | 147 | 274 |
| 1951 - يىل | 256 | 2961 | 80591 | 2484 | 2065 | 188 | 234 |
| 1952 - يىل | 257 | 3931 | 83773 | 2738 | 2281 | 204 | 253 |
| 1953 - يىل | 314 | 8255 | 96034 | 3026 | 2702 | 199 | 125 |
| 1954 - يىل | 339 | 10635 | 103249 | 3232 | 2855 | 246 | 131 |
| 1955 - يىل | 349 | 10881 | 109446 | 3410 | 3045 | 151 | 214 |
| 1956 - يىل | 280 | 12191 | 131719 | 3842 | 3491 | 161 | 190 |
| 1957 - يىل | 409 | 15627 | 141458 | 4155 | 3810 | 202 | 143 |
| 1958 - يىل | 742 | 19516 | 224308 | 5593 | 5406 | 120 | 67 |
| 1959 - يىل | 784 | 20669 | 239504 | 6061 | 5814 | 139 | 108 |
| 1960 - يىل | 880 | 29675 | 250175 | 6655 | 6373 | 194 | 89 |
| 1961 - يىل | 847 | 26750 | 229308 | 6418 | 6163 | 187 | 68 |
| 1962 - يىل | 803 | 38391 | 195257 | 5886 | 5626 | 160 | 100 |
| 1963 - يىل | 732 | 20901 | 199209 | 6080 | 5731 | 237 | 112 |
| 1964 - يىل | 739 | 10427 | 218337 | 6523 | 6230 | 182 | 111 |
| 1965 - يىل | 1821 | 21502 | 245388 | 7804 | 7457 | 217 | 130 |
| 1966 - يىل | 1584 | 24501 | 244532 | 7881 | 7559 | 161 | 161 |
| 1967 - يىل | 905 | 30833 | 198371 | 6069 | 5747 | 161 | 161 |
| 1968 - يىل | 905 | 29465 | 183200 | 6069 | 5747 | 161 | 161 |
| 1969 - يىل | 905 | 39035 | 176125 | 6628 | 6306 | 161 | 161 |
| 1970 - يىل | 905 | 33884 | 186293 | 6388 | 6066 | 161 | 161 |
| 1971 - يىل | 1127 | 8358 | 213229 | 9112 | 8790 | 161 | 161 |
| 1972 - يىل | 1427 | 25489 | 232284 | 9575 | | | |
| 1973 - يىل | 1510 | 21125 | 248034 | 10666 | 9520 | 1084 | 62 |
| 1974 - يىل | 1545 | 23052 | 256465 | 11410 | 10061 | 1263 | 86 |
| 1975 - يىل | 1886 | 28155 | 284194 | 12423 | 11787 | 1546 | 90 |
| 1976 - يىل | 1950 | 36591 | 296551 | 12735 | 11131 | 1505 | 99 |
| 1977 - يىل | 1629 | 35979 | 289009 | 12189 | 10800 | 1256 | 133 |
| 1978 - يىل | 1637 | 34915 | 288286 | 12551 | 11184 | 1256 | 111 |
| 1979 - يىل | 1431 | 29795 | 282215 | 13162 | 11506 | 1502 | 154 |
| 1980 - يىل | 1267 | 32727 | 280609 | 14721 | 12558 | 1736 | 427 |
| 1981 - يىل | 1221 | 35811 | 265119 | 15741 | 13603 | 1855 | 283 |
| 1982 - يىل | 939 | 35223 | 250993 | 15206 | 12977 | 1847 | 382 |
| 1983 - يىل | 1010 | 25979 | 264804 | 15420 | 13103 | 1790 | 527 |
| 1984 - يىل | 1004 | 32071 | 294951 | 15619 | 13029 | 1882 | 708 |
| جەمئىي | | 826971 | | | | | |

ئىزاھات:

1. 1975- يىلدىن 1981- يىلغىچە بولغان ئارىدا يېزا ئىگىلىك 3-دەرىجىلىك مەكتەپ سانى ۋە ئوقۇغۇچىلار سانى ئۆز ئىچىگە ئېلىنمىدى.
2. 35 يىلدىن بۇيان باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 826971 ئوقۇغۇچى ئىچىدە مىللىلار 746084 بولۇپ، 90.2% نى ئىگەللەيدۇ.
3. 1984 - يىلى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى مىللىلار 14640 بولۇپ، 93.7% نى ئىگەللەيدۇ.
4. 1984 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە يەتكەنلەر 49.92% نى ئىگەللەيدۇ.
5. 1965-، 1966 - يىللاردىكى مەكتەپ سانى ئىچىدە خەلق باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 1124.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 35 يىلدىن بۇيانقى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

2 ـ جەدۋەل (1)

| يىل ئايرىمىسى | مەكتەپ سانى: جەمئىي | مەكتەپ سانى: بۇ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | بۇلارنىڭ ئىچىدە: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | بۇلارنىڭ ئىچىدە: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | بۇلارنىڭ ئىچىدە: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | بۇلارنىڭ ئىچىدە: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى: جەمئىي | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى | خىزمەتچى | ئىشچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 ـ يىلى | 1 | | | | | 124 | 95 | 29 | 25 | 11 | 10 | 4 |
| 1950 ـ يىلى | | | 22 | 22 | | 67 | 138 | 29 | 10 | 10 | | |
| 1951 ـ يىلى | | | 45 | 21 | 24 | 267 | 267 | | 10 | 10 | | |
| 1952 ـ يىلى | | | | | | 180 | 180 | | 7 | 7 | | |
| 1953 ـ يىلى | 3 | | | | | 1328 | 1328 | | 87 | 44 | 20 | 23 |
| 1954 ـ يىلى | 5 | | | | | 2468 | 2468 | | 167 | 86 | 39 | 42 |
| 1955 ـ يىلى | 8 | 1 | 131 | 131 | | 4208 | 4128 | 80 | 261 | 144 | 50 | 67 |
| 1956 ـ يىلى | 13 | 2 | 785 | 785 | | 7723 | 7400 | 323 | 454 | 266 | 87 | 101 |
| 1957 ـ يىلى | 20 | 2 | 733 | 733 | | 10836 | 10349 | 487 | 671 | 387 | 136 | 128 |
| 1958 ـ يىلى | 32 | 9 | 1443 | 1380 | 63 | 18882 | 17828 | 1054 | 988 | 667 | 161 | 160 |
| 1959 ـ يىلى | 45 | 13 | 3133 | 2936 | 197 | 30036 | 27597 | 2439 | 1500 | 1047 | 216 | 237 |
| 1960 ـ يىلى | 69 | 13 | 5957 | 5812 | 145 | 46787 | 42914 | 3873 | 2278 | 1570 | 365 | 343 |
| 1961 ـ يىلى | 70 | 15 | 7115 | 6546 | 569 | 43730 | 39032 | 4698 | 2664 | 1865 | 397 | 402 |
| 1962 ـ يىلى | 71 | 14 | 9737 | 8507 | 1230 | 29191 | 25581 | 3610 | 2005 | 1313 | 389 | 303 |
| 1963 ـ يىلى | 71 | 15 | 9346 | 8297 | 1049 | 26151 | 22598 | 3553 | 1834 | 1272 | 330 | 232 |
| 1964 ـ يىلى | 72 | 14 | 6343 | 5459 | 884 | 26441 | 22668 | 3773 | 1895 | 1311 | 354 | 230 |
| 1965 ـ يىلى | 75 | 13 | 5767 | 4943 | 824 | 29355 | 25284 | 4071 | 1997 | 1369 | 392 | 236 |
| 1966 ـ يىلى | 78 | 2 | 7719 | 6544 | 1175 | 31052 | 26517 | 4535 | 1767 | 1316 | 273 | 178 |
| 1967 ـ يىلى | 78 | 2 | 5971 | 5971 | | 25105 | 20570 | 4535 | 2595 | 2144 | 273 | 178 |
| 1968 ـ يىلى | 78 | 2 | 8238 | 8238 | | 16857 | 12322 | 4535 | 2595 | 2144 | 273 | 178 |

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 35 يىلدىن بۇيانقى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

2 ـ جەدۋەل (2)

| يىل ئايرىمىسى | مەكتەپ سانى | | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى | | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | جەمئىي | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى | خىزمەتچى | ئىشچى |
| 1969 ـ يىل | 78 | 3 | 16514 | 12450 | 4064 | 9782 | 9617 | 165 | 2755 | 2289 | 284 | 182 |
| 1970 ـ يىل | 81 | 1 | | | | 22830 | 22436 | 394 | 2721 | 2252 | 298 | 171 |
| 1971 ـ يىل | 101 | 1 | 3107 | 2989 | 118 | 40856 | 33099 | 7757 | 3166 | 2643 | 359 | 164 |
| 1972 ـ يىل | 107 | | 9474 | 9309 | 165 | 42563 | 34500 | 8063 | 3106 | 2498 | 428 | 180 |
| 1973 ـ يىل | 117 | 8 | 14786 | 12630 | 2156 | 34388 | 25929 | 8459 | 2918 | 2107 | 464 | 347 |
| 1974 ـ يىل | 123 | 5 | 13251 | 9197 | 4054 | 36696 | 28151 | 8545 | 3049 | 2115 | 505 | 429 |
| 1975 ـ يىل | 175 | 44 | 13442 | 10693 | 2749 | 51130 | 40228 | 10902 | 3722 | 2651 | 599 | 472 |
| 1976 ـ يىل | 176 | 38 | 15500 | 11525 | 3975 | 60413 | 50263 | 10150 | 4172 | 2988 | 627 | 557 |
| 1977 ـ يىل | 176 | 42 | 18464 | 14485 | 3979 | 80108 | 65904 | 14204 | 5003 | 3471 | 653 | 879 |
| 1978 ـ يىل | 189 | 55 | 19045 | 15095 | 3950 | 84270 | 71201 | 13969 | 5684 | 3999 | 874 | 811 |
| 1979 ـ يىل | 213 | 54 | 23759 | 18288 | 5471 | 78986 | 66886 | 12100 | 6303 | 4124 | 1066 | 1113 |
| 1980 ـ يىل | 201 | 47 | 24466 | 19047 | 5419 | 72594 | 60102 | 12492 | 6500 | 4304 | 1070 | 1126 |
| 1981 ـ يىل | 199 | 39 | 22310 | 17099 | 5211 | 66694 | 52022 | 14670 | 6961 | 4663 | 1171 | 1121 |
| 1982 ـ يىل | 165 | 17 | 17999 | 12026 | 5973 | 57999 | 45554 | 12445 | 6271 | 4316 | 1023 | 932 |
| 1983 ـ يىل | 168 | 41 | 17986 | 11902 | 6084 | 59770 | 47678 | 12092 | 6483 | 4605 | 961 | 917 |
| 1984 ـ يىل | 169 | 54 | 17071 | 11854 | 5217 | 63857 | 49703 | 14154 | 6416 | 4627 | 1027 | 762 |
| جەمئىي | | | | | | | | | | | | |

ئىزاھات: 1. 1975 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە بولغان ئومۇمىي ساندا يېزا ئىگىلىك 3 ـ دەۋرىيلىك مەكتەپ سانى ۋە ئوقۇغۇچى سانى ئۆز ئىچىگە ئېلىنمىدى؛ 2. 35 يىلدىن بۇيانقى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 254614، ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن 215391؛ 3. 1984 ـ يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن 5339؛ 4. 1984 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە يەتكەنلەر 823 بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 22.34% نى ئىگىلەيدۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە يەتكەنلەر 216 بولۇپ، 22.9% نى ئىگىلەيدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 35 يىلدىن بۇيانقى دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

3 - جەدۋەل

| يىل ئايرىمىسى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى | | | | | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى سانى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئى | ئۇنىڭ ئىچىدە | | | | | جەمئى | ئۇنىڭ ئىچىدە | | جەمئى | ئۇنىڭ ئىچىدە | | |
| | | تولۇق دارىلمۇئەللىمىنى | تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىنى | قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنى | يەكەن دارىلمۇئەللىمىنى | ناھىيىلەردىكى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى | | تولۇق دارىلمۇئەللىمىنى | تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىنى | | ئوقۇتقۇچى | خىزمەتچى | ئىشچى |
| 1949 - يىل | 36 | | 36 | | | | 378 | 57 | 420 | 69 | 18 | 26 | 25 |
| 1950 - يىل | 45 | | 45 | | | | 477 | 20 | 569 | 76 | 38 | 13 | 25 |
| 1951 - يىل | 124 | 18 | 106 | | | | 589 | 26 | 1132 | 77 | 38 | 17 | 22 |
| 1952 - يىل | 27 | | 27 | | | | 1158 | 89 | 1158 | 107 | 57 | 19 | 31 |
| 1953 - يىل | 110 | | 110 | | | | 1247 | 177 | 900 | 120 | 62 | 29 | 29 |
| 1954 - يىل | 400 | | 400 | | | | 1077 | 318 | 714 | 107 | 50 | 29 | 28 |
| 1955 - يىل | 324 | 17 | 307 | | | | 1032 | 425 | 796 | 101 | 45 | 27 | 29 |
| 1956 - يىل | 288 | 62 | 226 | | | | 1221 | 546 | 814 | 113 | 57 | 23 | 33 |
| 1957 - يىل | 339 | 72 | 267 | | | | 1360 | 503 | 644 | 119 | 64 | 24 | 31 |
| 1958 - يىل | 272 | 137 | 135 | | | | 1147 | 981 | 853 | 104 | 56 | 26 | 22 |
| 1959 - يىل | 257 | 23 | 224 | | | | 1834 | 1426 | 1378 | 151 | 90 | 30 | 31 |
| 1960 - يىل | 500 | 184 | 316 | | | | 2804 | 1415 | 1135 | 181 | 119 | 33 | 29 |
| 1961 - يىل | 356 | 274 | 82 | | | | 2550 | 745 | | 167 | 111 | 32 | 24 |
| 1962 - يىل | 1041 | 398 | 643 | | | | 745 | | | 90 | 55 | 20 | 15 |
| 1963 - يىل | 263 | | | | | | 543 | | | 80 | 44 | 21 | 15 |
| 1964 - يىل | 308 | | | | | | 560 | | | 124 | 72 | 29 | 23 |
| 1965 - يىل | 38 | | | | | | 910 | | | 137 | 74 | 35 | 28 |
| 1966 - يىل | 269 | | | | | | 1009 | | | 174 | 123 | 28 | 23 |
| 1967 - يىل | 562 | | | | | | 513 | | | 174 | 123 | 28 | 23 |
| 1968 - يىل | 265 | | | | | | 263 | | | 174 | 123 | 38 | 23 |
| 1969 - يىل | — | | | | | | — | | | 173 | 122 | 28 | 23 |
| 1970 - يىل | — | | | | | | — | | | 173 | 122 | 28 | 23 |
| 1971 - يىل | — | | | | | | — | | | 173 | 122 | 28 | 23 |
| 1972 - يىل | — | | | | | | 515 | | | 186 | 112 | 30 | 44 |
| 1973 - يىل | — | | | | | | 1019 | | | 186 | 112 | 30 | 44 |
| 1974 - يىل | 395 | | | | | | 1144 | | | 194 | 115 | 30 | 49 |
| 1975 - يىل | 499 | | | | | | 822 | | | 198 | 124 | 32 | 42 |
| 1976 - يىل | 600 | | | | | | 1271 | | | 185 | 115 | 40 | 30 |
| 1977 - يىل | 547 | | | | | | 1404 | | | 218 | 134 | 42 | 42 |
| 1978 - يىل | 613 | | | | | | 1392 | | | 206 | 119 | 40 | 47 |
| 1979 - يىل | — | | | | | | 2806 | | | 230 | 132 | 48 | 50 |
| 1980 - يىل | 669 | | | | | | 1955 | | | 253 | 140 | 55 | 58 |
| 1981 - يىل | 779 | | | | | | 1907 | | | 294 | 165 | 58 | 71 |
| 1982 - يىل | 1137 | | | | | | 1148 | | | 288 | 144 | 58 | 86 |
| 1983 - يىل | 625 | | | | | | 883 | | | 289 | 140 | 66 | 83 |
| 1984 - يىل | 386 | | | | | | 953 | | | 294 | 146 | 68 | 80 |
| جەمئى | 10074 | | | | | | | | | | | | |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 35 يىلدىن بۇيانقى مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

4 ـ جەدۋەل

| يىل ئايرىمىسى | جەمئىي | دۆلەتتىن سېلىنغان مائارىپ خىراجىتى | | | ۋىلايەت، ناھىيە،شەھەر يەرلىك مالىيە كۈچىدىن سېلىنغان مەبلەغ | كومۇنا، ئەترەتلەر ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ | ئىرىشچانلىق ۋە ئىقتىسادىي جانلىق بىلەن كىرگەندىن سېلىنغان مەبلەغ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: كەسپىي خىراجەت | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى | | | |
| 1950 ـ يىل | 116000 | 116000 | 116000 | | | | |
| 1951 ـ يىل | 177000 | 177000 | 177000 | | | | |
| 1952 ـ يىل | 215000 | 215000 | 171000 | 44000 | | | |
| 1953 ـ يىل | 4013000 | 4013000 | 3503000 | 510000 | | | |
| 1954 ـ يىل | 5127000 | 5127000 | 4453000 | 674000 | | | |
| 1955 ـ يىل | 5452000 | 5452000 | 4616000 | 836000 | | | |
| 1956 ـ يىل | 6997000 | 6997000 | 6006000 | 991000 | | | |
| 1957 ـ يىل | 6870000 | 6870000 | 6226000 | 644000 | | | |
| 1958 ـ يىل | 7609000 | 7609000 | 6960000 | 649000 | | | |
| 1959 ـ يىل | 7997000 | 7997000 | 7545000 | 45200 | | | |
| 1960 ـ يىل | 10310100 | 10310100 | 10129000 | 181100 | | | |
| 1961 ـ يىل | 9054000 | 9054000 | 858000 | 474000 | | | |
| 1962 ـ يىل | 7163000 | 7163000 | 7163000 | | | | |
| 1963 ـ يىل | 8080000 | 8080000 | 7888000 | 192000 | | | |
| 1964 ـ يىل | 9699000 | 9699000 | 9699000 | | | | |
| 1965 ـ يىل | 10558600 | 10558600 | 10325000 | 233600 | | | |
| 1966 ـ يىل | 11376000 | 11376000 | 11376000 | | | | |
| 1967 ـ يىل | 11391000 | 11391000 | 11391000 | | | | |
| 1968 ـ يىل | 10047000 | 10047000 | 10047000 | | | | |
| 1969 ـ يىل | 7282000 | 7282000 | 7282000 | | | | |
| 1970 ـ يىل | 7733000 | 7733000 | 7733000 | | | | |
| 1971 ـ يىل | 9943000 | 9943000 | 9943000 | | | | |
| 1972 ـ يىل | 14219000 | 14219000 | 14219000 | | | | |
| 1973 ـ يىل | 16393000 | 16393000 | 16393000 | | | | |
| 1974 ـ يىل | 16738000 | 16738000 | 16738000 | | | | |
| 1975 ـ يىل | 17750000 | 17750000 | 17750000 | | | | |
| 1976 ـ يىل | 20180000 | 20180000 | 18980000 | 1200000 | | | |
| 1977 ـ يىل | 21200000 | 21200000 | 20400000 | 800000 | | | |
| 1978 ـ يىل | 24403000 | 24403000 | 23603000 | 800000 | | | |
| 1979 ـ يىل | 26070000 | 26070000 | 25370000 | 700000 | | | |
| 1980 ـ يىل | 33726000 | 33344000 | 324440000 | 900000 | 97000 | | 285000 |
| 1981 ـ يىل | 35843000 | 35678000 | 3345000 | 222800 | | | 165000 |
| 1982 ـ يىل | 42918000 | 40028000 | 37300000 | 2728000 | 2700000 | | 190000 |
| 1983 ـ يىل | 47757000 | 44859000 | 40130000 | 4729000 | 1010000 | 1412000 | 476000 |
| 1984 ـ يىل | 58482000 | 54930000 | 50800000 | 4130000 | 1316000 | 1747000 | 489000 |
| جەمئىي | 532888700 | 523001700 | 498906000 | 240957000 | 5123000 | 3159000 | 1605000 |

[باللار مائارىپى] ئازاتلىقتىن بۇرۇن قەشقەر ۋىلايىتىدە باللار مائارىپى يوق ئىدى. 1954- يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمە تۇنجى باللار باغچىسىنى، يەڭى ھاـ



قەشقەر شەھەرلىك ئىمەنلى باللار باغچىسىدىكى كىچىك دوستلار ھەۋەس ئويۇنى ئويناشماقتا.
ياۋدې فوتوسى

زىرقى ۋىلايەتلىك باللار باغچىسىنى قۇرـ غان. 1984- يىلى ۋىلايەت بويىچە باللار باغچىسى جەمئىي 25 گە، باغچىدىكى باللار 2389 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 346 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تارماقلىرى قۇرغان باللار باغچىسى 11، باغچىدىكى باللار 1737، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 263؛ باشقا تارماقلارـ نىڭ قۇرغىنى 4، باغچىدىكى باللار 299، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 55؛ كولـ لېكتىپتىن قۇرغىنى 10، باغچىدىكى باللار 353، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 28.



يوپۇرغا ناھىيىلىك باللار باغچىسى.
نۇرى قادىر فوتوسى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باللار مائارىپى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىـ نىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشالمايدۇ. (يىن لىمىڭ)

[باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش] 1979- يىلى 3- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە مائاـ رىپنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەدبىرلەش يىغىنـ نى ئاچتى. 1980- يىلى 12- ئايدا جۇڭگو مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» تارقىتىلـ غاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇـ رى مەھكىمە 1982- يىل 2- ئايدا باشلاـ نغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئەمەلىي تەدبىرلەش يىغىنىنى ئېچىپ، قائىدىلىق، يوپۇرغىدىكى ئىبارەت ئىككى ناھىيىنىڭ تەجرىبىسىنى «ئوقۇتۇش» چەمبىرىكى قايسى ناھىيە (شەھەر)، كومونا، ئەترەتلەردىن ساناـ ئەت، يېزا ئىگىلىكىنى تونۇتقاندەك مائارىپـ نى تونۇشنى، ئۇنىڭ مۇھىملىقى تەدبىر قوللىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى. 1982- ، 1984- يىلىغىچە بولغان 3 يىلدا، ۋىلايەت، ناھىيىلەر مائـ



قەشقەر 3- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يەتتىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.
ياۋدې فوتوسى



ئەترەتكە كىرىش مۇراسىمى        لى جۇڭتىماق فوتوسى

لىرى كۈچىدىن مائارىپ ئۈچۈن 5 مىليون 123 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. كوممونا، ئەترەتلەر 3 مىليون 159 مىڭ يۈەنلىك ئۆزلىرى تەييارلىدى. مەكتەپلەرنىڭ 295000 كۋادرات مېتىرلىق خەتەرلىك سىنىپلىرى ياخشىلاندى. 30 مىڭ يۈرۈش پارتا ـ ئورۇندۇق تولۇقلاندى. بۇ يۇرتتا ئادەمسىز "ھەممە مەكتەپ خەتەرلىك ئۆي ـ ئىمارەتلەردىن خالى بولۇش، ھەممە سىنىپنىڭ دەرسخانىسى بولۇش،

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق باللار باغچىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

| تۈرلەرگە بۆلۈنۈش | | باغچە سانى | باغچىدىكى باللار سانى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | جەمئىي | باغچە باشلىقى | ئوقۇتقۇچى | ساقلىغۇچى | تەربىيەچى | باشقا خادىملار |
| ئومۇمىي جەمئىي | | 25 | 2389 | 364 | 25 | 136 | 9 | 109 | 67 |
| تارماقلار بويىچە | مائارىپ تارماقلىرى باشقۇرغىنى | 11 | 1737 | 263 | 15 | 116 | 7 | 73 | 52 |
| | كوللېكتىپ باشقۇرغىنى | 10 | 333 | 28 | 5 | 10 | | 18 | 5 |
| | باشقا تارماقلار باشقۇرغىنى | 4 | 299 | 55 | 5 | 10 | 2 | 28 | 10 |
| شەھەر ۋە يېزا بويىچە | شەھەردىكىسى | 7 | 966 | 180 | 9 | 85 | 5 | 47 | 34 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تارماقلىرى باشقۇرغىنى | 7 | 966 | 180 | 9 | 85 | 5 | 47 | 34 |
| | ناھىيە بازاردىكىسى | 9 | 1116 | 138 | 11 | 41 | 4 | 54 | 28 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تارماقلىرى باشقۇرغىنى | 4 | 771 | 83 | 6 | 31 | 2 | 26 | 18 |
| | يېزىلاردىكىسى | 9 | 307 | 28 | 5 | 10 | | 8 | 5 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تارماقلىرى باشقۇرغىنى | | | | | | | | |
| ئومۇمىي جەمئىي ئىچىدە | ئاز سانلىق مىللەتلەر | 2 | 1228 | 150 | 11 | 97 | 3 | 19 | 20 |
| | قىز | | 1199 | 310 | 19 | 133 | 8 | 108 | 42 |

ئەسكەرتىش: 3 ياشتىن تۆۋەن باللارنى قوبۇل قىلىدىغان باللار يەسلىسى بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىدى.

ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ پارتا- ئورۇندۇقى بولۇش» دېگەن تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇردى. قاغىلىق ناھىيىسى يېزىلاردا 70% مەكتەپنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنى پىششىق خىش بىلەن ياساشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، پوسكام قاتارلىق ناھىيىلەردە ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىش ئارقىسىدا، ئامما مەكتەپ باشقۇرۇش دولقۇنى بار- لىققا كەلمەكتە. 1984- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت- مائارىپ باشقارمىسى باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەك- شۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مەمۇرى مەھكىمە رەھبەرلىكىدىكى يەتتە كىچىك ناھىيىلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بار- غاندىن كېيىن، ۋىلايەت بويىچە مائارىپ خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مائا- رىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەھۋالى- نى يەكۈنلىدى، ئىلغار ناھىيىلەرنى مۇكا- پاتلىدى. ۋىلايەتنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆيخۋاسىنى، يەنى ناھىيە (شەھەر) لەر 1987 - يىلغا بار- غاندا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولۇش (تاش- قورغان ئاپتونوم ناھىيىسى 1990 - يىلغىچە ئورۇنلاپ بولۇش) كۆيخۋاسىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئو- مۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى 20 ماددىلىق بەلگىلىمىسىنى تارقاتتى. 1984 - يىل 10 - ئايغىچە ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 294951 گە يەتتى. ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 95.96% گە يېتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى يۇ- قىرى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى. 1984 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە باشلان- غۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈ- ۋېلىش خىزمەت يىغىنى يوپۇرغا ناھىيىسىدە چاقىرىلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق يوپۇرغا نا- ھىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىپىگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان تۇنجى ناھىيە بولدى. (يىن لىمىڭ)



ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ئۇزاتتى.

مۇھەممەت ھېيىت فوتوسى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى

"4 نىسبىتى" نى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى


| ئورۇن | مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى | داۋام نىسبىتى | ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى | ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 95.96% | 97.5% | 94% | 90.6% |
| قەشقەر شەھىرى | 93.8% | 99% | 95% | 72% |
| يېڭىشەھەر | 98.4% | 99.2% | 93.4% | 92% |
| كونىشەھەر | 94.6% | 93.5% | 95.4% | 81% |
| مارالبېشى | 96% | 98% | 96.5% | 83.7% |
| پەيزىۋات | 93.7% | 93.7% | 91.9% | 83.2% |
| يوپۇرغا | 98.9% | 98.6% | 98.5% | 98.8% |
| تاشقورغان | 89% | 87% | 81% | 71.3% |
| يېڭىسار | 95.7% | 99% | 93.8% | 92.7% |
| يەكەن | 95.54% | 99.2% | 95.6% | 96.8% |
| قاغىلىق | 98% | 97.6% | 96.4% | 93.8% |
| پوسكام | 98.4% | 99.2% | 91.4% | 96% |
| مەكىت | 96.5% | 95.2% | 83.2% | 90.2% |

ئىزاھات:

1 . ئاھالىلەرنىڭ ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىدە 1984 - يىللىق مائارىپ ئىستاتىستىكا جەدۋىلى ئاساس قىلىندى.

2 . يىللىق داۋام نىسبىتى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى، ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى مەركىزىي ھۆكۈمەت مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش بۆلۈمىنىڭ 1981 - يىل 11 - ئايدىكى تەكشۈرگەن سان بويىچە جەدۋەللەشتۈرۈلدى.

[ ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ] 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 169 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتىپى 150، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 63857، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 47258 بولۇپ، 74% نى ئىگىلەيدۇ. ئازاتلىقتىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 515 ھەسسە كۆپەيدى. ۋىلايەتنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى گەرچە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزى مەسىلىلەر ساقلاندى. ئاساسلىقى، شەھەر ئىچىدە ئوقۇغۇچى كۆپ، مەكتەپ ئاز، مەكتەپكە كىرىش قىيىن. يېزىلاردا نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشنى خالىمايدۇ ياكى مەكتەپكە زورمۇزور كېلىپ، يېرىم يولدا چېكىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: 1980 - يىلى ۋىلايەت بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 23000 ئىدى، 1983 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگىنى ئاران 11900



قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ ... يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىمزىكا تەجرىبىسى ئېلىپ بارماقتا. [illegible] فوتوسى

بولدى، 3 يىلدا 11100 ى چېكىنىپ كەتتى، چېكىنىپ كېتىش نىسبىتى 48.2% كە يەتتى. 1981-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 20399 ئىدى. 1984 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگىنى 11854 بولۇپ، 3 يىلدا 8545 ى چېكىنىپ كەتتى، چېكىنىپ كېتىش نىسبىتى 42% كە يەتتى. 1984 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە 20 مىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانلانغان ئىدى، ئەمەلىيەتتە 18996 سى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى: بىرىنچىدىن، يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن بولغانلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى مەكتەپلەرگە كۆچۈش نىسبىتى يۇقىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا بولغان ئىشەنچىسى كەم بولدى. ئىككىنچىدىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ قۇرۇلمىسى ئاساسى جەھەتتىن بىرخىللاشقان ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ. ئۈچىنچىدىن، يېزىلاردىكى قىزلاردىن بالدۇر توي قىلىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ، بۇنىڭدىن باشقا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ سىنىپلىرى كونىراپ كەتكەن، ئۈسكۈنىلىرى ناچار، ئوقۇتۇشقا بېرىلگەن ياردەم پۇلىنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەن، ۋاھاكازالار. بۇمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارىدىغان بىر سەۋەب. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋاملىق مۇستەھكەم بولۇپ، ئاساسى جەھەتتىن چېكىنىپ كەتمىدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇقىرى مەكتەپكە كۆچۈشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى كۆپ بولۇشتىن ئىبارەت. 1983 - يىلى ۋىلايەت بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 33% تى، 1984 - يىلى 31.8% تى ئالى مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومغا قوبۇل قىلىندى. (يىن لەنىڭ)



قەشقەر 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەرس تەييارلىغاندا. مەھەممەت ھېيت فوتوسى

**[نۇقتىلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر]** مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ 1978 - يىل 1 - ئايدا ئېلان قىلغان «بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى سىناق تەرتىپتىكى يولغا قويۇش لايىھىسى» ۋە ئالاقىدار نۇقتىلىق ئۇقتۇرۇشنىڭ تەلىۋىگە ئەمەل قىلىپ، ئاپتونوم رايون شىنجاڭ بويىچە 28 ئوتتۇرا مەكتەپ، 42 باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ 3، باشلانغۇچ مەكتەپ 6.

قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ: بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرىدە بولۇپ، 1956-يىلى قۇرۇلغان. ئەسلى نامى قەشقەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىۋى ئىدى. ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتىلىدىغان، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان، تاجىك قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى قوشۇمچە قوبۇل قىلىنىدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوقۇش مۇددىتى 6 يىل. 1984- يىلىدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 34 (تولۇقسىز 16، تولۇق 18)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1823، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 150.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

| ئورۇن | مەكتەپ سانى | | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | | | مەكتەپلەر ئىچىدە | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى ئىچىدە | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | مىللىي مەكتەپ | خەنزۇ مەكتەپ | مىللىي ئوقۇغۇچى | | خەنزۇ ئوقۇغۇچى | |
| | | تولۇقسىز | تولۇق | | تولۇقسىز | تولۇق | | | تولۇقسىز | تولۇق | تولۇقسىز | تولۇق |
| ئومۇمىي يىغىندى | 169 | 115 | 54 | 63857 | 49703 | 14154 | 150 | 19 | 36515 | 10743 | 13188 | 3411 |
| ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورۇنلار | 71 | 3 | 4 | 6043 | 3781 | 2262 | 3 | 4 | 1323 | 1008 | 2456 | 1251 |
| قەشقەر شەھىرى | 14 | 8 | 6 | 9970 | 5167 | 1803 | 10 | 4 | 3877 | 1376 | 1290 | 427 |
| كونىشەھەر | 22 | 14 | 8 | 6193 | 4932 | 1261 | 21 | 1 | 4751 | 1154 | 181 | 107 |
| يېڭىشەھەر | 14 | 12 | 2 | 4675 | 3656 | 1019 | 13 | 1 | 3011 | 726 | 645 | 293 |
| مارالبېشى | 13 | 10 | 3 | 4301 | 3083 | 1218 | 12 | 1 | 2718 | 1060 | 365 | 158 |
| پەيزىۋات | 12 | 10 | 2 | 3291 | 2411 | 880 | 11 | 1 | 2305 | 803 | 106 | 77 |
| يېڭىسار | 12 | 10 | 2 | 2507 | 1900 | 607 | 11 | 1 | 1689 | 479 | 211 | 128 |
| يوپۇرغا | 11 | 9 | 2 | 2212 | 1711 | 501 | 10 | 1 | 1562 | 417 | 149 | 84 |
| تاشقورغان | 12 | | 1 | 490 | 360 | 130 | | 1 | 347 | 130 | 13 | |
| يەكەن | 22 | 10 | 12 | 11521 | 9596 | | 20 | 2 | 8721 | 1577 | 875 | 348 |
| قاغىلىق | 21 | 15 | 6 | 8852 | 7802 | 1050 | 20 | 1 | 1915 | 841 | 887 | 209 |
| پوسكام | 11 | 9 | 2 | 3348 | | 711 | 10 | 1 | 2243 | 548 | 394 | 163 |
| مەكىت | 9 | 5 | 4 | | 2667 | 787 | | 1 | 2053 | 622 | 614 | 165 |

قەشقەر 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ: بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرىدە بولۇپ، 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان. ھازىر خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان، خەنزۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان تولۇقسىز ۋە تولۇق سىنىپلىرى بولغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ. ئوقۇش مۇددىتى 6 يىل. 1984 ـ يىلدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 37 (تولۇقسىز 19، تولۇق 18)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2001، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 133.

يەكەن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ: بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى يەكەن ناھىيىسىدە بولۇپ، 1953 ـ يىلى قۇرۇلغان. ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان تولۇق ۋە تولۇقسىز سىنىپلىرى بولغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ. ئوقۇش مۇددىتى 6 يىل. 1984 ـ يىلدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 24 (تولۇقسىز 7، تولۇق 17)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1259، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 109.

قەشقەر شەھەرلىك 1-، 3- باشلانغۇچ مەكتەپ: بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرىدە. ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوقۇش مۇددىتى 5 يىل، بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ 1984 - يىلدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 45، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2247، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 141.

قەشقەر 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ: بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرىدە بولۇپ، 1954- يىلى قۇرۇلغان. ئەسلى نامى جەنۇبىي شىنجاڭ باشلانغۇچ مەكتىۋى، قەشقەر باشلانغۇچ مەكتىۋى ئىدى. ھازىر خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان، خەنزۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ. ئوقۇش مۇددىتى 5 يىل. 1984 - يىلدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 33، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1458، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 81، (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلىق ئىستاژى 20 يىلدىن ئاشقىنى 29، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى بولغىنى 42). مەكتەپ ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 70 مو، مەكتەپنىڭ ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 8738 كۋادرات مېتىر.

يەكەن ناھىيىلىك كەيشاڭ باشلانغۇچ مەكتەپ: بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى يەكەن ناھىيىسىدە، ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ. ئوقۇش مۇددىتى 5 يىل. 1984 - يىلدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 26، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1056، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 59.

قاغىلىق ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ: بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى قاغىلىق ناھىيىسىدە. ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ. ئوقۇش مۇددىتى 5 يىل. 1984 - يىلدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 18، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 886، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 41.

تاشقورغان ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ: بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى تاشقورغان ناھىيىسىدە، ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان، تاجىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىنغان، قىرغىز، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش قوشۇمچە قىلىنغان مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ. ئوقۇش مۇددىتى 5 يىل. 1984 - يىلدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 13. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 490. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 23.

يۇقۇرقى 9 مەكتەپتىن باشقا، ۋىلايەت ۋە ناھىيە (شەھەر) لەر ئوقۇتقۇچىسى، سىنىپلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر ياخشى بولغان بىر تۈركۈم مۇكەممەل ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تاللاپ ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ نۇقتىلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتىۋى قىلدى. (شې لىن دۇڭ، جاڭ لەنفاڭ)

**[ ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى]** 1949 - يىلى قەشقەر ئازات بولغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن ۋە يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە ئىسلاھ قىلدى، تولۇقلىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 1956 - يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىۋى ۋە قەشقەر تىببىي مەكتىۋى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى قەشقەر مالىيە سودا مەكتىۋى قۇرۇلدى. 1960 - يىلى قەشقەرنىڭ

ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا زور تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. يەكەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق مەكتىپى، قەشقەر كان مەكتىپى ۋە قەشقەر توقۇمىچىلىق مەكتىپى قۇرۇلدى. تەرەققىيات بەك تېز، كۆلىمى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، 1962 - يىلى مەركەزنىڭ تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت 4 سۆزلۈك فاڭجېنىغا ئاساسەن، تەڭشەش، قىسقارتىش، بىرلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، يەكەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، قەشقەر كان مەكتىپى، قەشقەر توقۇمىچىلىق مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1966 - يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 6 بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2382 گە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا 1967 - يىلىدىن 1970 - يىلىغىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توختىدى. 1977 - يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ۋە قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق مەكتىپى ئاساسىدا قەشقەر يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ، 1979 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىككى ئوتتۇرا تېخنىكوم يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم 6 بولۇپ (قەشقەر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئۇنىڭ ئىچىگە ئېلىنمايدۇ)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2634 كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 2894 كە يەتتى.

قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى: ئۇنىڭ تەكتى ئۆلكىدىن باشقۇرىدىغان تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن ئىدى. 1935 - يىلى قۇرۇلغان. مەكتەپنىڭ ئورنى بىر نەچچە قېتىم ئۆزگىرىپ، ھازىر قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدا بولدى. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بۇ مەكتەپ بىر قەدەر ئاددىي ھەم كونىراپ كەتكەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئىدى. ھازىر ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 160 موغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 13018 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئايلاندى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، ئوقۇتقۇچىلىرى خىل بولۇپ، دۆلەت ئۈچۈن ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 1963 يىلدىن 1968 - يىلىغىچە ئۇيغۇر تىل كەسپىنى ئۆگەنگەن، 300 نەپەردىن ئارتۇق ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. بۇ مەكتەپتە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى، بىئو-خىمىيە، مۇزىكا، تەنتەربىيە، گۈزەل سەنئەت، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقى، باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىقى قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنىدى. 1984 - يىلدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 21، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 667، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 198، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 98، لېكتور 15.

يەكەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى: ئۇنىڭ تەكتى ئۆلكىدىن باشقۇرىدىغان يەكەن تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن ئىدى. 1947 - يىلى قۇرۇلغان. ئورنى يەكەندە. 1984 - يىلدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 7، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 286، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 96، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 48، بۇ مەكتەپتە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقى، تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، گۈزەل - سەنئەت، تەنتەربىيە، خەنزۇ تىلى كەسپلىرى تەسىس قىلىنىدى.

قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىۋى: مەكتەپنىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدە. 1956-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تەجرىبە مەيدانى ئاساسىدا قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپتە هازىر دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق مەيدانى، باغ ۋە ئوقۇتۇش ئېھتىياجىنى ئاساسەن قاندۇرالايدىغان تەجرىبە - سايمان، ئۈسكۈنىلەر بار. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دېھقانچىلىق كەسپى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش، سۇ، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىقى، يېزا ئىگىلىك بوغالتىرلىقى، يىلچىلىك، باغۋەنچىلىك قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنىدى. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1984 - يىلغىچە جەمئىي 3058 نەپەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكىنى يېتىشتۈردى. 908 نەپەر يېزا ئىگىلىك كەسپىي كادىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. مەكتەپ پەن - تەتقىقات خىزمىتىدىمۇ مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇلار يېتىشتۈرگەن «ئوتتۇرا پىشار قەشقەر 601-نومۇرلۇق قورۇقلۇق كېۋەزى»، «قەشقەر 4-نومۇرلۇق بۇغداي» قاتارلىق سورتلار ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ۋىلايەتنىڭ پەن - تەتقىقاتى نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، هازىر كېڭەيتىلىپ تېرىلماقتا. 1984 -يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 366، ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىلگەنلەر ۋە بىلىم ئاشۇرغۇچىلار 94، بۇلار ئايرىم - ئايرىم هالدا دېھقانچىلىق كەسپى، مال دوختۇرلۇق، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى قاتارلىق كەسپلەردە ئوقىدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 150، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 56، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى 1، لېكتور 19.

قەشقەر مالىيە - سودا مەكتىۋى: مەكتەپ ئورنى قەشقەر شەھىرىدە، 1958 - يىلى قۇرۇلغان. 1962 - يىلى قەشقەر مالىيە-سودا كادىرلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1970 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ: سودا بوغالتىرلىقى، سودا ئىستاتىستىكىسى، مال باهاسى، مالىيە قاتارلىق 24 كەسپ تەسىس قىلىنىدى. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 1833 نەپەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مالىيە بوغالتىر يېتىشتۈرۈلدى. 10458 نەپەر مالىيە - بوغالتىر كەسپىي كادىرى تەربىيىلەپ بېرىلدى ياكى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى. 1984 - يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 516 نەپەر بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم هالدا مال باهاسى، مالىيە، كارخانا مالىيىسى قاتارلىق 7 كەسپتە ئوقىدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 127، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 55، لېكتور 10.

قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق مەكتىۋى: مەكتەپ ئورنى يېڭىشەھەر ناهىيىسىدە، 1965 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلدى. ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش، ماشىنا بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت 4 كەسپ تەسىس قىلىنىدى. 1491 نەپەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي تېخنىكىنى يېتىشتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر تۈركۈم دېھقانلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىدى. 1984 - يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 120، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 89، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 35، لېكتور 17.

قەشقەر تىببىي مەكتەپ ( سەھىيە قىسمىغا قارالسۇن ). ( جۇدېشىڭ )

**[ چوڭلار مائارىپى ]** چوڭلار مائارىپى ( ئىشچى - دېھقانلار مائارىپى ) نىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ۋىلايەتلىك ئىشچى - دېھقانلار مائارىپى كومىتېتى. مەمۇرىي مەھكىمىسە

مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسىدا چوڭلار مائارىپى بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ كۈندىلىك خىزمەتكە مەسئۇل قىلىندى. ناھىيە ( شەھەر ) لەردە ئىشچى ـ دېخانلار مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلدى. يېزا (كوممۇنا ) لاردا كەسپىي كادىر قويۇلدى. كان، زاۋۇت، كارخانا، مەمۇرى، كەسپىي ئورۇنلاردا مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى ياكى مەخسۇس كەسپىي كادىر قويۇلدى. 1984 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 17 بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 14588 ( بۇنىڭ ئىچىدە خەنشۇدا سىرتتىن ئوقۇيدىغانلار 13735 ، ئىشلەپچىقىرىشتىن تولۇق ئايرىلىپ ئوقۇيدىغانلار 853 )، كەسپىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 169 ( بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 86 )، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى 393 ، چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپى 93 بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 5130 ( بۇنىڭ ئىچىدە خەنشۇدا سىرتتىن ئوقۇيدىغانلار 4716 ، ئىشلەپچىقىرىشتىن تولۇق ئايرىلىپ ئوقۇيدىغانلار 414 ). چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپى 3798 بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 111593 ( بۇنىڭ ئىچىدە خەنشۇدا سىرتتىن ئوقۇيدىغانلار 111290 ، ئىشلەپچىقىرىشتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ ئوقۇيدىغانلار 303 ). چوڭلار ئالىي مائارىپى جەھەتتە، ئاساسلىقى قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ، رادىيو فىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى خەنشۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى بار.



يوپۇرغا ناھىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇردى.

مەھەممەت ھېيت فوتوسى

1984 ـ يىلى، چوڭلار مائارىپى خىزمىتىدە، يېزىلاردا ئاساسلىقى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى تۇتۇلدى. 1983 ـ يىلى قىشتىن 1984 ـ يىل ئەتىيازغىچە ۋىلايەت بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۆگىنىشىگە قاتناشقانلار 125484 ، بۇنىڭدىن ساۋاتلىق بولغانلار 55047. ھازىر ۋىلايەت بويىچە 16 ياشتىن 40ياشقىچە بولغان ياش-ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى % 83.4 كە يەتتى. يوپۇرغا ناھىيىسىدە ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %93 كە يېتىپ، ئاپتونوم رايوندىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق لاياقەتلىك ھېساپلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە ساۋاتسىزلىقنى ئاساسى جەھەتتىن تۈگەتكەن ئىككىنچى ناھىيە بولدى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ تومئۆستەڭ يېزىسى دېخانلار مائارىپىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆگىنىپ بېرىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. شەھەر ـ بازارلاردا ئاساسلىقى، ياشلارغا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەدەنىيەت دەرسىنى تولۇقلاش خىزمىتى تۇتۇلدى. 1983 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1984 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە مەدەنىيەت دەرسىنى تولۇقلاش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغان ياشلار 5508 كە يەتتى. ھازىرغىچە ۋىلايەت بويىچە ياشلاردىن مەدەنىيەت دەرسىنى تولۇقلاپ لاياقەت-



[illegible]

[illegible] فوتوسى

لىك بولغىنى جەمئىي 11000 بولۇپ، دەرس تولۇق ـ
لاش ئوبيېكتلار سانىنىڭ % 50 ى ئىگىلەيدى.
1418 ئىشچى ـ خىزمەتچى چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا
تېخنىكوم ئىمتىھانىدا ئاتتىنا ئاشتۇرۇلۇپ، 608 ى قوبۇل
قىلىندى (ئالىي مەكتەپلەرگە 402، ئوتتۇرا تېخ-
نىكومىغا 206). 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنىس-
تىتۇتى خەنشۇ ئۇنىۋېرسىتېتى قەشقەر شۆبىسىنىڭ
دېھقانچىلىق پاكولتېتىدا 99 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش
پۈتتۈرۈپ، ئالىي تېخنىكوم دىپلومىغا ئېرىشتى. بۇ-
نىڭدىن باشقا يەنە، مائارىپ ئىنستىتۇتى، رادىيو
پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرس-
تېتى، ۋىلايەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەكتىپى،
كادىرلارنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم بىلىم ئاشۇرۇش



دېھقانلار كەچكۈرۈسى.

ئۆبېيدەيان فوتوسى

سىنىپى ۋە ئائىلە (شەھەر) لەردە ئوقۇت-
قۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى.
ئىنستىتۇتى، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەر-
كىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيان، ۋىلايىتىمىزنىڭ چوڭلار مائارىپ
خىزمىتىدە ناھايىتى زور تەرەققىيات
بولۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا
كەلتۈرۈلدى.

ئاساسىي ئەھۋاللار تۆۋەندىكى ئىس-
تاتىستىكا جەدۋەللەردە كۆرسىتىلدى.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق چوڭلار ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ

## ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىستاتىستىكىلاش جەدۋىلى

| | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى: بۇنىڭدىن خەتلىشىپ سىرتتىن ئوقۇغانلار | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى: بۇنىڭدىن خەتلىشىپ سىرتتىن ئوقۇغانلار | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى: ئىشلەپچىقىرىشتىن تولۇق ئايرىلغانلار | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى: خەتلىشىپ سىرتتىن ئوقۇغانلار | ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن ئوقۇغۇچى سانى: بۇنىڭدىن خەتلىشىپ سىرتتىن ئوقۇغانلار | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى سانى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى سانى: بۇنىڭدىن مەخسۇس ئوقۇتقۇچى | قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | | | | | | | | | | | | |
| 1. چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپى | 93 | 1419 | 1294 | 3388 | 3079 | 5530 | 414 | 4716 | 1436 | 1201 | 50 | 38 | 234 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مىللىي | 83 | 933 | 808 | 2570 | 2553 | 3867 | 300 | 3567 | 1236 | 1041 | 41 | 28 | 204 |
| (1) ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتىپى | 26 | 1319 | 1194 | 1820 | 1511 | 2793 | 414 | 2379 | 719 | | 79 | 37 | 64 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مىللىي | 18 | 833 | 708 | 1107 | 885 | 1635 | 300 | 1335 | | 374 | 40 | 27 | 38 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 5 | 200 | 200 | 326 | 250 | 716 | 146 | 570 | 40 | | 15 | 12 | 17 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 21 | 1119 | 994 | 1494 | 1261 | 2077 | 268 | 1809 | 679 | 484 | 34 | 25 | 47 |
| (2) دېھقانلار مائارىپى | 67 | 100 | 100 | 1588 | 1568 | 2337 | | 2337 | 717 | 717 | 1 | 1 | 170 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مىللىي | 65 | 100 | 100 | 1463 | 1468 | 2232 | | 2232 | 667 | 667 | 1 | 1 | 166 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | | | | | | | | | | | | | |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 67 | 100 | 100 | 1568 | 1568 | 2337 | | 2337 | 717 | 717 | 1 | 1 | 170 |
| 2. چوڭلار باشلانغۇچ مەكتىپى | 3798 | 53876 | 53876 | 19314 | 19314 | 111593 | 303 | 111290 | 55748 | 55748 | 31 | 31 | 3797 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مىللىي | 3796 | 53876 | 53876 | 19314 | 19314 | 111593 | 303 | 111293 | 55688 | 55688 | 31 | 31 | 3789 |
| (1) ئىشچى-خىزمەتچىلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1 | | | 15 | 15 | 15 | | 15 | 15 | 15 | | | 1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مىللىي | 1 | | | 15 | 15 | 15 | | 15 | 15 | 15 | | | 1 |
| (2) دېھقانلار باشلانغۇچ مەكتىپى | 74 | | | 2214 | 2214 | 2214 | | 2214 | 1469 | 1469 | 18 | 18 | 128 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مىللىي | 72 | | | 2154 | 2154 | 2154 | | 2154 | 1409 | 1409 | 18 | 18 | 120 |
| باشلانغۇچ سىنىپى | 450 | 3453 | 3453 | 8822 | 8822 | 11915 | 303 | 11612 | 5722 | 5722 | | | 471 |
| ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى | 3273 | 50423 | 50423 | | | 97449 | | 97449 | 49542 | 49542 | 13 | 13 | 3177 |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى
ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

| | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | بۇلاردىن ئىچىدە: مىللىي | بۇلاردىن ئىچىدە: ئىشلەپچىقىرىشتىن تولۇق ئايرىلغىنى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | بۇلاردىن ئىچىدە: مىللىي | بۇلاردىن ئىچىدە: ئىشلەپچىقىرىشتىن تولۇق ئايرىلغىنى | بۇلاردىن ئىچىدە: خەتتۇدا سىرتتىن ئوقۇغىنى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | بۇلاردىن ئىچىدە: مىللىي | بۇلاردىن ئىچىدە: ئىشلەپچىقىرىشتىن تولۇق ئايرىلغىنى | بۇلاردىن ئىچىدە: خەتتۇدا سىرتتىن ئوقۇغىنى | كەسپىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى سانى: جەمئىي | بۇلاردىن ئىچىدە: مىللىي | بۇلاردىن ئىچىدە: مەخسۇس ئوقۇتقۇچى | قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى: جەمئىي | بۇلاردىن ئىچىدە: مىللىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 17 | 541 | 541 | 541 | 14553 | 13793 | 818 | 13735 | 14588 | 13828 | 853 | 13735 | 169 | 164 | 86 | 393 | 372 |
| رادىيو - تېلېۋىزور ئوتتۇرا تېخنىكومى | 1 | | | 40 | 40 | 40 | | 40 | 40 | 40 | | 40 | | | | | |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى | 1 | 14 | 14 | 14 | | | | | | | | | | | | 2 | 2 |
| كادىرلار ئوتتۇرا تېخنىكومى | 1 | 76 | 76 | 76 | | | | | | | | | | | | 8 | 8 |
| دېھقانلار ئوتتۇرا تېخنىكومى | 2 | | | 356 | 356 | 356 | 256 | 100 | 356 | 356 | 256 | 100 | 5 | 5 | 5 | 10 | 10 |
| ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى | 12 | 451 | 451 | 451 | 14157 | 13397 | 562 | 13595 | 14192 | 13432 | 597 | 13595 | 164 | 159 | 81 | 373 | 352 |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984- يىلدىن1985 - يىلىغىچە بولغان ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

| | ئومۇمىي پەنلەر بويىچە | | | | | يەككە پەن بويىچە | | | | كەسپىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئوقۇتۇش سىنىپى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | 85 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغىنى | ئوقۇتۇش سىنىپى | ئوقۇشنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچى سانى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | جەمئىي | بۇلارنىڭ ئىچىدە: كەسپىي ئوقۇتقۇچى | قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى |
| ئومۇمىي جەمئىي | 13 | | 216 | 416 | 86 | 44 | 976 | 870 | 1106 | 22 | 8 | 23 |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: مىللىي | 6 | | 80 | 165 | | 7 | | 64 | 300 | 11 | 7 | 2 |
| سانائەت پەنلىرى | 4 | | | 88 | 24 | | | | | | | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: مىللىي | 3 | | | 64 | | | | | | | | |
| تەبىئىي پەن | 1 | | | 21 | | 3 | 12 | | 84 | | | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: مىللىي | 1 | | | 21 | | 3 | | | 84 | | | |
| ئىجتىمائىي پەن | 6 | | 156 | 247 | 62 | | | 24 | 24 | | | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: مىللىي | 2 | | 80 | 80 | | | | 24 | 24 | | | |
| ئىقتىسادىي پەن | 2 | | 60 | 60 | | 37 | | 806 | 806 | | | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: مىللىي | | | | | | | | | | | | |
| باشقىلار | | | | | | 4 | 92 | 40 | 192 | | | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: مىللىي | | | | | | 4 | | 40 | 192 | | | |
| ئومۇمىي سانىنىڭ ئىچىدىكى جەمئىيەت باشلىرى | | | 63 | 63 | | | | | | | | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: مىللىي | | | 61 | 61 | | | | | | | | |
| ئومۇمىي سانىنىڭ ئىچىدىكى ئاياللار | | | 67 | 130 | | | | 410 | 539 | 11 | 3 | 4 |

1984 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ چوڭلار مائارىپىدا تۆۋەندىكىچە 10 چوڭ ئىش قىلىندى:

1983 - يىلى قىشتىن 1984 - يىل ئەتىيازغىچە ۋىلايىتىمىز بويىچە 153402 كىشى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ئۆگىنىشكە قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 125484، ساۋاتلىق بولغانلار 55047. ۋىلايەت بويىچە 16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن ساۋاتلىق بولغانلارنىڭ نىسبىتى %83.4 گە يەتتى.

قوش دەرس تولۇقلاش خىزمىتى داۋاملىق تۇتۇلدى. 1983 - يىل 9 - ئايدىن 1984 - يىل 10 - ئايغىچە، مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلاشتا لاياقەتلىك بولغانلار 5508. ۋىلايەت بويىچە، مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلاشتا لاياقەتلىك بولغانلار جەمئىي 11000 دىن ئارتۇق بولۇپ، مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ % 50 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

ۋىلايەت بويىچە 1418 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى چوڭلار ئالىي مەكتىپى ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومى ئىمتىھانىغا قاتناشتى. بۇلاردىن قوبۇل قىلىنغىنى 608 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنغىنى 402، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغىنى 206. ئاپتونوم رايون يوپۇرغا ناھىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش يىغىنىنى ئاچتى. يوپۇرغا ناھىيىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرغان ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەن ناھىيىلەرنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى. (بۇ ناھىيىدىكى ياش - ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 93% گە يەتتى). شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى خەنزۇ ئۇنۋېرسىتېتى قەشقەر شۆبىسىنىڭ دېھقانچىلىق پاكۇلتېتىدىكى 101 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن 99 ى ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئۇنۋېرسىتېت دىپلومىغا ئېرىشتى. 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ مائاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت لۇچېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار مائارىپى ئىدارىسىنىڭ مائاۋىن باشلىقى جاڭ شىنخەي قاتارلىق 7 يولداش قەشقەرگە كېلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، خەنزۇ ئۇنۋېرسىتېتى قەشقەر شۆبىسىنىڭ مۇدىرى گوگاڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ۋىلايەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بېرىلدى. تەقدىرلەش يىغىنىدا 13 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 55 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ تومۇستەڭ يېزىسىنىڭ ئىلىم - پەنگە تايىنىپ، قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەنلىك تەجرىبىسىنى يەكۈنلەش، تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش ئۈچۈن كەسپىي كادىرلار نەق مەيدان يىغىنىنى چاقىردى. غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇبتىكى چوڭلار مائارىپ ھەمكارلىق يىغىنىدا بۇ يېزىنىڭ ماتېرىيالى تونۇشتۇرۇلۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوندىكى «شىنجاڭ گېزىتى»، «چوڭلار مائارىپى»، «چوڭلار مائارىپى خەۋىرى»، «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر مائارىپى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ يېزىنىڭ ماتېرىيالى بېسىلدى.

ئاپتونوم رايوندىكى 3 ئورۇننىڭ بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى بىرلىشىپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ۋىلايەت بويىچە 100 كۈنلۈك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

1985 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن بۇرۇن ئاپتونوم رايون 60 ئىلغار شەخسنى، ۋىلايەت 100 ئىلغار شەخسنى مۇكاپاتلىماقچى بولدى.

ۋىلايەتلىك ئىشچى - دېھقانلار مائارىپى كومىتېتى تولۇقلاندى ۋە كۈچەيتىلدى. ئېھسان شاكىر مۇدىر ھەيئەتلىكنى، مەتمەمىن ھەلىمدىن، ئابدىرېھىم قۇربان، ئابدىكېرىم ئوبزارى، مايىڭشىڭ، جۇۋ زېجۇڭ قاتارلىق يولداشلار مائاۋىن مۇدىر ھەيئەتلىكنى ئۈستىگە ئالدى.

**[ تومۈزستەگىنداك دېخانلار مائارىپى ھەققىدىكى تەجرىبىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ]** يەكەن ناھىيىسىنىڭ تومۈزستەڭ يېزىسى يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا جايلاشقان بولۇپ، يەرلىرى شورلىشىپ كەتكەن. تەبىئى شارائىتى ناچار، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ئارقىدا قالغان ئىدى. كۆپ يىللاردىن بېرى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزىلىق پارتكوم ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە مەدەنىيەت، تېخنىكا تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1979 - يىلى، يېزا بويىچە ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار جەمئى 3780، باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 7717 ئىدى. يېزىلىق پارتكوم ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، مەدەنىيەت، تېخنىكا تەربىيىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن دېخانلار مائارىپىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر نەپەر مۇئاۋىن شۇجىنى بۇ خىزمەتنى تۇتۇشقا بەلگىلىدى، ھەم 7 قېتىم ھۆججەت چىقىرىپ، تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ باردى، خىزمەت جەريانىدا سېزىلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ھەل قىلىپ ماڭدى. ئۇلار ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بىلەن دېخانچىلىق تېخنىكىلىرىنى ئۆگىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، «دېخانلار ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا مەكتىپى» قۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، بىر تەرەپتىن تېخنىكا ئۆگىنىش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئىشلەمچى 2 - چوڭ ئەتىرەتتىكى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، 1979 - يىلى ئالدى بىلەن «دېخانلار ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا مەكتىپى» قۇردى. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، مالىيە - بوغالتىرلىق، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاشتىن ئىبارەت 4 كەسىپ، 6 سىنىپ تەسىس قىلىپ، تۈنجى قېتىم 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. مەكتەپ ناھىيە ۋە يېزىدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى. دېخانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەۋسۇمىدا ئاز ئۆگىنىش، ئارىسال مەۋسۇمىدا كۆپ ئۆگىنىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەش چارىسىنى قوللاندى، ئۆگەنگەن مەدەنىيەت، پەن بىلىمى بىلەن زىرائەتلەرنىڭ سورتلىرى ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ باردى. 10 خىل شال، 210 خىل بۇغداي سورتىنىڭ تۇپراق، سۇ، ئوغۇت قاتارلىق جەھەتتىكى ماسلىشىشچانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ پىشىش ۋاقتى، مەھسۇلات مىقدارى قاتارلىق جەھەتتىكى ئەھۋالى ئۈستىدە تەكرار تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ماس كېلىدىغان سورتلارنى تاللاپ چىقتى. تاللانغان سورتلار ئىچىدە «301»، «215» قاتارلىق بۇغداي سورتلىرىنى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ رايونلۇق تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەندە، ئۈنۈمى ياخشى بولدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئىز ئوقۇغۇچىسى سەمەر ئوسمان، سادىق قاتارلىقلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەمەلىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش جەھەتتە كەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلىقتىن، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن

ئۇلارغا «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دېگەن نام بېرىلدى. ھەمدە مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك يەن ـ تېخنىكا چوڭ يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. دېخانچى 6 ـ چوڭ ئەترەت قۇرغان «دېخانلار ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا مەكتىۋى» مۇ ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، دۆلەت يېزا ئىگىلىك كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، بۇنىڭغا «مەملىكەتلىك يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدار ئەترەتى» دېگەن نام بېرىلدى. بۇ ئىككى دېخانلار ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا مەكتىۋىنىڭ نەتىجىسى ۋە تەجرىبىسى پۈتۈن يېزىنى يېتەكلىدى. بىر نەچچە يىل ئىچىدە، چوڭ ئەترەتلەر دېخانلار ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا مەكتىۋىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇپ چىقتى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە تەربىيىلەنگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار 1895 كىشى، بۇنىڭدىن 904 كىشى يېزىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شوپۇرلۇق، ساقمىنى ـ ساقلاش قاتارلىق ھەر خىل كەسىپلەردە تېخنىكا تايانچىلىرى بولۇپ، دېخانلار تېخنىكا قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدىكى 3780 نەپەر ساۋاتسىزلار ئىچىدىن 95% ى ساۋاتلىق بولدى. يېزا بويىچە ساۋاتلىقلار نىسبىتى 92% گە يەتتى.

يەن ـ مەدەنىيەت سۈپىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. 1983 ـ يىلى، يېزا بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1979 ـ يىلدىكىدىن 57.5% ئاشتى. ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىم 118.5% كۆپەيدى. 1984 ـ يىلى، يېزا بويىچە 270 ئائىلىلىك دېخان بېيىدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقى 20 مىڭ جىڭدىن، كىرىمى 7500 يۈەندىن بولدى. دېخانلار خۇشاللانغان ھالدا: ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىز ئۈچۈن باي بولۇش يولىنى ئېچىپ بەردى، يەن ـ تېخنىكا بىزنىڭ پۇتىمىزغا ئۇچار چاق بېكىتىپ بەردى، «4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نىڭ داغدام يولىدا چوڭ قەدەم تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەيدىغان بولدۇق دېيىشتى. (ئۆمەر ئوسمان)

**[ پەۋقۇلئاددە مائارىپ (ئەما، گاس، گاچىلار مەكتىۋى)** قەشقەر ۋىلايىتىدە ئەما، گاس، گاچىلار مەكتىۋى 1978 ـ يىل 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئاقسۇدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت (ئوبلاست) تىكى ئوقۇش يېشىدىكى ئەما، گاس، گاچىلارنى ئوقۇتىدىغان بىردىن ـ بىر مەكتەپ. تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سىياسى ساۋات، گۈزەل سەنئەت، تەنتەربىيە، تېخنىك ئىچىلىكى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئېغىزچە ئاساس، ئىشارەت قوشۇمچە قىلىنىدۇ. ئوقۇش مۇددىتى 8 يىل.

1984 ـ يىلى، بۇ مەكتەپتە 1 ـ يىللىقتىن 6 ـ يىللىققىچە 9 ئوقۇتۇش سىنىپى، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، تاجىك مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 103 ئوقۇغۇچى بار. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە يېتىپ ـ قوپۇپ ئوقۇيدۇ.

1984 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 44 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 20، تۇرمۇش ئوقۇتقۇچىسى 3، ئىشچى ـ خىزمەتچى 21، پارتىيە ـ

ئىتتىپاق ئەزالىرى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ئومۇمىي سانىنىڭ 72.7% نى ئىگەللەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي كەسپىي ئوقۇتقۇچى سانىنىڭ 35% نى ئىگەللەيدۇ.

مەكتەپ — ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كەلدى. 1983 — 1984 - يىللىق ئوقۇش يىلىدا مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بىر تۇتاش ئىمتىھاندا بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى 75 نومۇر بولدى. 1982 - يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن رەسىملەر كۆرگەزمىسىدە 7 ئوقۇغۇچىنىڭ 7 پارچە ئەسىرى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 پارچە ئەسىرى ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1984 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مېيىپلار تەنھەرىكەت يىغىنىغا 10 ئوقۇغۇچى قاتناشتۇرۇلدى. ئۇلار 5 ئالتۇن مېدالغا، 1 كۈمۈش مېدالغا، 4 مىس مېدالغا ئېرىشتى ۋە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇغۇچى ئاۋسۇخۇڭ 3 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. ئاۋسۇخۇڭ، جۇ يىڭ مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىپ 2 مېدالغا ئېرىشتى. 1984 - يىل 4 - ئايدا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار دۆلەتنىڭ گۆھىرى بولغان مۈشۈك ئېيىقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 96 يۈەن ئىئانە قىلدى. 1984 - يىل ئەتىيازدا 5000 تۈپ كۆچەت تىكىپ، ئىلغار بولۇپ باھالىنىپ قىزىل بايراققا ئېرىشتى. 1984 - يىل 6 - ئايدا خەلق ئىشلار سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

( ۋاڭ شياڭياڭ، جۇجىۋ ئەن )

**[قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى]** قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تەكتى قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىدى. مەكتەپ 1962-يىلى 9-ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئالىي مەكتەپلەرنى تەڭشىگەندە، سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىرقىسىم ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە تەجرىبە - سايمانلىرى، ئۈسكۈنىلەر ۋە كىتاب ماتېرىياللار ئاجرىتىلىپ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر قەشقەر شەھرىدە قۇرۇلغان ئىدى.

ئۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئالىي مەكتەپ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئۇ پۈتۈن شىنجاڭغا نۇقتىلىق ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستقا يۈزلەندى. بۇ مەكتەپتە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، موڭغۇل، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، شىبە، مانجۇ، رۇس، زاڭزۇ قاتارلىق 13 مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ سانىنى ئىگەللەيدى.

قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلغان چاغدا 4 پاكۇلتېت، 5 كەسپ، 3 ئومۇمىي پەن كافېدراسى تەسىس قىلىنغان، يەنى:

جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتى: ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپى، ئۇيغۇر تىلى كەسپى (خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارلا قوبۇل قىلىنىدۇ)

ماتېماتىكا پاكۇلتېتى: ماتېماتىكا كەسپى

فىزىكا پاكۇلتېتى: فىزىكا كەسپى

خىمىيە پاكۇلتېتى: خىمىيە كەسپى
ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم كاپېدراسى
ئومۇمى خەنزۇ تىل كاپېدراسى
ئومۇمى تەنتەربىيە كاپېدراسى

بۇ مەكتەپ 1962 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 155 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ رەسمىي دەرس باشلىغان. بۇ مەكتەپتە 132 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 60 تىن ئارتۇق. كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب 45.903 پارچە (خەنزۇچە كىتاب 36076 پارچە، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتاب 7760 پارچە، چەت ئەل يېزىقىدىكى كىتاب 1967 پارچە)، مەكتەپ ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 12765 كۇۋادرات مېتىر ئىدى.

قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" جەريانىدا 6 يىل توختاپ قېلىپ، 1972 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى تەنتەربىيە پاكولتېتى، 1975 ـ يىلى سىياسىي ـ مائارىپ پاكۇلتېتى قۇرۇلدى. 1976 ـ يىلى خەنزۇ تىل كەسپى (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ) سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى. 1977 ـ يىلى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا، خەنزۇ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1984 ـ يىلى تىل پاكۇلتېتى قۇرۇلدى. 1978 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. پارتىيە توغرا لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، 1984 ـ يىلغا كەلگەندە 7 پاكۇلتېت، 8 كەسپ، بىر كاپېدرا تەسىس قىلىندى. يەنى:

جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتى: ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى، خەنزۇ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى
ماتېماتىكا پاكۇلتېتى: ماتېماتىكا كەسپى
فىزىكا پاكۇلتېتى: فىزىكا كەسپى
سىياسىي ـ مائارىپ پاكۇلتېتى: سىياسىي ـ مائارىپ كەسپى
تەنتەربىيە پاكۇلتېتى: تەنتەربىيە كەسپى
تىل پاكۇلتېتى: خەنزۇ تىل كەسپى
خىمىيە پاكۇلتېتى: خىمىيە كەسپى
ئومۇمى تەنتەربىيە كاپېدراسى

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى 1962 ـ يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندىن تارتىپ، 1984 ـ يىلغىچە، ئاساسىي يەن ۋە كەسپىي يەن ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن 2722 نى يېتىشتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2080، خەنزۇ ئوقۇغۇچى 642، ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىلگەن ۋە بىلىم ئاشۇرغانلار 412.

1984 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1833، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 1493 بولۇپ، مەكتەپتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 81.45% ىنى ئىگەللىدى. مەكتەپتىكى ئومۇمىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 685 بولۇپ، بۇنىڭ

ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 59.7% نى ئىگىلىدى. كەسپىي ئوقۇتقۇچى 308 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە دوتسېنت 2، لېكتور 83، ئاسسىستېنت 44، ئوقۇتقۇچى 179.

1983 ـ يىلى مەكتەپ قارىمىقىدا ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، 1984 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 179 بولدى.

1984 ـ يىلى ئىنستىتۇتنىڭ سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇپ، ماتېماتىكا، خەنزۇ تىلى كەسپلىرى تەسىس قىلىندى. ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 64 بولدى.

ئىنستىتۇت نەشر قىلىۋاتقان ژورناللاردىن: «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمى ژورنىلى» خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا بېسىلىدۇ. «پەن ۋە تېخنىكا» (تەرجىمە)، «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇشى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى» ئۇيغۇرچە بېسىلىدۇ.

ئىنستىتۇتنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ھازىر ساقلانغان كىتاب 355949 پارچە (خەنزۇچە كىتاب 272743 پارچە، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتاب 44035 پارچە، چەتئەل يېزىقىدىكى كىتاب 16695 پارچە): گېزىت ـ ژورناللار توپلىمى 22476 پارچە. جۇڭگو ـ چەتئەل يېزىقىدىكى ژورنال 1008 خىل، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تارقىلىدىغان ژورنال 70 خىل.

ئىنستىتۇتنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 125874 كۋادرات مېتىر، مەكتەپ ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 367344 كۋادرات مېتىر. (مىڭ شاۋچۈن)

**[قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى]** ئەسلى نامى «قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى» ئىدى. 1980 ـ يىل 6 ـ ئايدا قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان. 1981 ـ يىل 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى، 1984 ـ يىل 6 ـ ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئەنگە ئېلىپ تەستىقلىشى ئارقىلىق نامى «قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى»غا ئۆزگەرتىلدى. ئورنى قەشقەر شەھەر مەدەنىيەت يولىنىڭ غەربى ئېغىزىدا.

ئىنستىتۇت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ۋەزىپىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مائارىپ مەمۇرى كادىرلىرىنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت. بۇ ئىنستىتۇت دۆلەت بەلگىلىگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئالىي پېداگوگىكا كەسپىي پەنلىرىدىن بىلىم ئاشۇرۇش بويىچە ئوقۇتۇش پىلانىنى ئىجرا قىلىپ، مائارىپ مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن ئالىي پېداگوگىكا كەسپىي پەنلىرىدىن سىستېمىلىق دەرس ئۆتۈپ، بىلىم ئاشۇرغۇچىلارنى تەربىيەلەپ، ئالىي پېداگوگىكا كەسپىي پەن سەۋىيەسىگە يەتكۈزىدۇ.

ۋىلايەتنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى 60 ـ يىللاردا ۋىلايەتلىك خەنزۇ دارىلمۇئەللىمىن ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ دارىلمۇئەللىمىن 1960 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، 1971 ـ يىلى تارقىتىۋېتىلدى، 1973 ـ يىلى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ئاپپاراتى قايتىدىن قۇرۇلۇپ، «قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى» دەپ ئاتالدى. 1980 ـ يىلى مائارىپ ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلدى (شۇ

چاغدا بىلىم ئاشۇرۇش ئىنىستىتوتى دەپ ئاتىلاتتى). 1984 - يىلى ئىنىستىتوتتا تەسىس قىلىنغان كەسپىي دەرسلەردىن: خەنزۇ تىل-ئەدەبىيات كەسپى (مىللى، خەنزۇ)، ماتېماتىكا كەسپى (مىللى، خەنزۇ)، مەمۇرى مائارىپ كەسپى (مىللى، خەنزۇ)، ئەنگلىز تىلى كەسپى (خەنزۇ)، فىزىكا كەسپى (مىللى)، خەنزۇ تىل كەسپى (مىللى) ۋە ئوتتۇرا دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى (خەنزۇ) بار. ھازىر مەكتەپ ئىچىدە 8 سىنىپ، 299 ئوقۇغۇچى، مەكتەپ سىرتىدا 5 سىنىپ، 150 ئوقۇغۇچى، جەمئىي 449 ئوقۇغۇچى بار. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 102، يىل بويى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغانلار 30 دىن ئارتۇق. مەكتەپ قۇرۇلغان 4 يىلدىن بۇيان، خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇپ ئالىي تېخنىكوم سىنىپىنى پۈتتۈرگەنلەر 163 كە، رادىيو ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنلەر 200 گە، مەمۇرى مائارىپ سىنىپى (يېرىم يىللىق) نىڭ 3 قارارىدا ئوقۇشنى تۈگەتكەنلەر 89 غا ۋە باشقا ئىشتىن سىرتقى دەرس ئاڭلىغان ۋە قىسقا مۇددەتلىك كۇرسنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلار 1500 گە يەتتى. ئىنىستىتوتتا ساقلانغان كىتاپ، ماتېرىيال 20 مىڭ پارچە، ئىنىستىتوتنىڭ ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى 24000 كۋادرات مېتىر، ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5200 كۋادرات مېتىر. (ليۇ يۈبو)

**[شىنجاڭ رادىيو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى]** شىنجاڭ رادىيو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى 1982 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلدى. ۋەزىپىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە تەڭ بولغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ۋىلايەت تەۋەسىدىكى خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە زىيالىي ياشلار قوبۇل قىلىنىدۇ، ئوقۇش مۇددىتى 2 يىلدىن 3 يىلغىچە بولۇپ، ئوقۇتۇش سائىتى بويىچە ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئوقۇغۇچىلار بەلگىلەنگەن دەرسنى ئوقۇپ بولغان، بەلگىلەنگەن ئوقۇتۇش سائىتى توشقاندىن كېيىن، شىنجاڭ رادىيو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن دىپلوم ياكى يەككە پەنلەر بويىچە ئوقۇشنى تۈگەتكەنلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

شۆبە مەكتەپكە مەمۇرى جەھەتتە مەمۇرى مەھكىمە ۋە مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسى رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئوقۇتۇش كەسپى جەھەتتە شىنجاڭ رادىيو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى رەھبەرلىك قىلىدۇ. مەركىزىي رادىيو تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، ئوقۇتۇش پىلانى، دەرسلىكى ۋە ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ ۋە قوبۇل قىلىنىدۇ. تېلېۋىزور، خەنشۇ (جۇملىدىن ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سىنئالغۇ لېنتىسى ۋە يازما دەرسلىكلەر) قاتارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق يىغىپ ئوقۇتۇش ۋە يىراقتىن ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ھازىر 24 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 8، بۇنىڭدىن باشقا مەكتەپ سىرتىدىن 21 قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىندى.

مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئومۇمى پەنلەر بويىچە ماشىنىسازلىق، ماتېماتىكا، تىل-ئەدەبىياتتىن ئىبارەت 3 كەسپ تەسىس قىلىندى؛ خەنزۇ تىلىدا ئومۇمى پەنلەر بويىچە پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، تىل - ئەدەبىيات، مالىيە، سودا بوغالتىرلىقى، ئېلېكترون، ماشىنىسازلىق، فىزىكىدىن ئىبارەت 7 كەسپ

تەسىس قىلىنىدى؛ يەككە پەنلەر بويىچە خەنزۇ تىلى، يېزىقچىلىق، بوغالتىرلىق ئاساسى، سانائەت بوغالتىرلىقى، سودا بوغالتىرلىقى، *BASIC* تىلى، ئەنگلىز تىلى قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىنىدى. 1984 - يىلى ئومۇمىي پەنلەر بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 416 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن 165، خەنزۇ 251؛ يەككە پەنلەر بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1106، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن 300، خەنزۇ 806 بولدى.
(شېن جىڭگۇاڭ)

**[ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومىلارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى]** 1977 - يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى 8 يىل داۋامىدا، قەشقەر ۋىلايىتىدىن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە 4341 ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 3086 بولۇپ، 71% نى ئىگىللىدى؛ ھەر خىل ئوتتۇرا تېخنىكومىلارغا 14285 ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەتتىن 10465 بولۇپ، 73.2% نى ئىگىللىدى. ۋىلايەتنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئىشلەندى. ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە 1980 - يىلدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغانلارنى تاللاش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بېرىلدى. تاللاشتا "4 بولۇش" (يەنى: كۆرسەتكۈچ مەكتەپكە چۈشۈرۈپ بېرىلگەن بولۇش، مەكتەپكە خىزمەت ئىشلەنگەن بولۇش، مەكتەپكە ھوقۇق بېرىلگەن بولۇش، مەسئۇلىيەت مەكتەپكە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن بولۇش) چارىسى يولغا قويۇلدى. مەكتەپلەردە تاللاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. تاللاش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغان ئوقۇغۇچىلارلا شۇ يىللىق مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى، ئىمتىھان قەغىزى بىر تۇتاش تەكشۈرۈلدى، ئوقۇغۇچىلار بىر تۇتاش قوبۇل قىلىنىدى.

1984 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە تەييارلىق ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئوقۇغۇچى سانى 7245، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن 4667 بولۇپ، 64.8% نى ئىگىللىدى. ئاپتونوم رايوندىن چۈشۈرگەن تاللاش كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، تاللاش ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 3059، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن 2178 بولۇپ، 71% نى ئىگىللىدى. يۇقىرى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغىنى 2203 بولۇپ، بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ 72% نى، تەييارلىق ئىمتىھانغا قاتناشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 23.3% نى ئىگىللىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغىنى 925 (ئاز سانلىق مىللەت 74.9% نى ئىگىللىدى)، ئوتتۇرا تېخنىكومىلارغا قوبۇل قىلىنغىنى 1278 (ئازسانلىق مىللەت 78.2% نى ئىگىللىدى). (شېن جىڭگۇاڭ)

قوشۇمچە: 1977 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ۋىلايەت بويىچە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى جەدۋىلى

| يىل ئايرىمىسى / سانى | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي سان | 621 | 2200 | 3597 | 3652 | 1991 | 1424 | 2280 | 2203 |
| ئالىي مەكتەپكە | 376 | 256 | 301 | 617 | 444 | 384 | 1007 | 925 |
| ئوتتۇرا تېخنىكومغا | 245 (ئىچكىرى ئۆلكىگە) | 1944 | 3296 | 3005 | 1547 | 1010 | 1273 | [illegible] |

**[ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشى]** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، 1980 ـ يىلدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ۋىلايەتتە: قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى، ناھىيە (شەھەر) لەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ۋە يېزىلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تەربىيلەش تورى قۇرۇلدى. بۇ 3 دەرىجىلىك ئاپاراتنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ئېنىق بولدى؛ قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مەمۇرىي كادىرلىرىنى تەربىيلەشنى؛ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، بالىلار ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ رەھبىرىي كادىرلىرىنى تەربىيلەشنى؛ بىلىم ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتلىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىنى ئۈستىگە ئالدى.



ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشى.
مەھەممەت ھېيت فوتوسى

1984 ـ يىلى، 3 دەرىجىلىك بىلىم ئاشۇرۇش ئاپاراتلىرىدىكى كەسپىي كادىر، ئوقۇتقۇچى 279، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى 1005. ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) دە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى، بىلىم ئاشۇرۇش خىزمەتچى خادىمى 209 (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 96)غا، مەكتەپلەرنىڭ ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 8348 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يېزىلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتى 276 بولۇپ، قوشۇمچە كادىر، ئوقۇتقۇچى 840 غا، يېتەكچىلىك قىلىش سىنىپى 845 كە يەتتى. بىلىم ئاشۇرۇشقا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار 16533 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئومۇمىي ئوقۇتقۇچى سانىنىڭ 93.6% نى ئىگىلىدى.

شىنجاڭ رادىيو پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ كەلدى. 1981 ـ يىلى بىرىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان

ئىمتىھانىدا ۋىلايەت بويىچە 120 ئوقۇغۇچى دىپلوم ئالدى. 1984 ـ يىلى ئىككىنچى قاراردىكى ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن دەرسنى ئوقۇپ بولدى، مۆلچەرلىنىشىچە 156 ئوقۇغۇچى دىپلوم ئېلىشى مۇمكىن. ئۈچىنچى قاراردىكى خەنزۇ تىل ـ ئەدەبىيات سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان 300 ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا. رادىيو پىداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) ئىككى دەرىجىدە خىزمەت پونكىتى تەسىس قىلىندى، بۇ ھەربىر يىل ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. قەشقەر مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا دەرسلىك بىلەن تەمىنلەش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە رادىيو پىداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا دەرسلىك تەمىنلەش ـ يېتىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

1984 ـ يىلى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەر قايسى پەنلەر ئوقۇتقۇچىلىرى دەرسلىك ۋە ئوقۇتۇش مېتودىدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى. سەۋىيىلىك ۋە تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار ھەر قايسى پەنلەر بويىچە ئىمتىھان ئېلىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئاجرىتىلدى، ۋىلايەت بويىچە 14776 ئوقۇتقۇچىغا يېتەكچىلىك قىلىندى. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 9200 ئوقۇتقۇچى ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2006، بۇلاردىن 809 ى لاياقەتلىك تەلىۋىگە يەتتى ( تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 161، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 648 ). لاياقەتلىك نىسبىتى 40.33% بولدى. دەرسلىك جەھەتتە ئۆتكەلدىن ئۆتكەن ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش مېتودى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشكە قاتناشتى، ھەممە مەكتەپتە ئوقۇتۇش مېتودى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، دەرس ئاڭلاش ـ دەرس باھالاش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، 793 ئوقۇتقۇچى دەرسلىك ۋە ئوقۇتۇش مېتودىدىن ئىبارەت قوش ئۆتكەلدىن ئۆتتى (باشلانغۇچ مەكتەپ قىسمىنىڭ ئىستاتىستىكا سانى كەم ). (ليۇ يۈيۈ)

## ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىق

**[قەشقەر گېزىتخانىسى]** 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى بەلگىلىگەن ھەربىي ۋەكىل قورچاق شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە شۇ يىلى 1 ـ مايدا يېرىم ئاۋاقلىق، 4 بەتلىك، ھەپتىدە 6 سان چىقىرىلىدىغان « جەنۇبىي تيازشان گېزىتى » ( ئۇيغۇرچە نەشرى ) چىقىرىلدى.

ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ قارارى ئارقىلىق، 1953 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ خەنزۇچە « جەنۇبىي تيانشان گېزىتى » نەشر قىلىندى، بۇ گېزىت 4 ئاۋاقلىق، 4 بەتلىك بولۇپ، ھەپ-

ئىدە 3 سان چىقىرىلدى. يۇقۇرقى ئىككى خىل يېزىقتىكى «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1956 ـ يىل 6 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدى ھەمدە سابىق يەكەن ۋىلايىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ قەشقەر ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى. «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى» مۇ 1956 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا نەشردىن توختۇتۇلدى ھەمدە شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ «قەشقەر گېزىتى» نەشر قىلىنىپ، ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى قىلىندى.

"مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى" مەزگىلىدە ئاممىۋى تەشكىلاتلار 1967 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گېزىتخانىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالدى ھەمدە ئىسيان نومۇرلۇق «قەشقەر گېزىتى» نەشر قىلىپ، خەنزۇچىدىن 41 سان، ئۇيغۇرچىدىن 42 سان چىقاردى. شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى گېزىتخانىغا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يۈرگۈزۈپ، ھەربىي نومۇرلۇق «قەشقەر گېزىتى» نەشر قىلدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە خەنزۇچىدىن 411 سان، ئۇيغۇرچىدىن 406 سان چىقاردى.

1969 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلاۋى كومىتېت قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا «قەشقەر گېزىتى» ۋىلايەتلىك ئىنقىلاۋى كومىتېتنىڭ ئورگان گېزىتى قىلىنىپ نەشر قىلىندى. 1971 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگە قەدەر خەنزۇچىدىن 530 سان، ئۇيغۇرچىدىن 510 سان چىقىرىلدى. 1971 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، «قەشقەر گېزىتى» نىڭ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى بولۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. گېزىت چىقىرىلغاندىن تارتىپ تا 1984 ـ يىل12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرچىدىن جەمئىي 5632 سان، خەنزۇچىدىن جەمئىي 5407 سان چىقىرىلدى.

ئۆتكۈزۈۋېلىنغان چاغدىكى جەنۇبىي تيانشان گېزىتخانىسىنىڭ ئورنى ھازىرقى مەمۇرى مەھكىمىگە تۇتاش كوچىدىكى بىر كىچىك قورۇدا ئىدى، 1952 ـ يىلى ئادەم كۆپەيگەنلىكتىن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسى (ھازىرقى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ شىمالىي تەرىپى) دە 3 جايدىكى ئۆيىنى جەنۇبىي تيانشان گېزىتخانىغا باسما زاۋۇتىغا بۆلۈپ بەردى، كېيىن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ شۆبىسى (ھازىرقى شەھەرلىك مېتال بۇيۇملار شىركىتى ۋە ۋىلايەتلىك ئىش ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەكتىپىنىڭ ئورنى) بىلەن ئالماشتۇرۇلدى. 1953 ـ يىلى جەنۇبىي ئازاتلىق يولىدىكى ھازىرقى ئورۇنغا كۆچۈپ كەلدى.

1952 ـ يىلى، ئۇرۇمچى ئالىغا گېزىتخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بارلىق خادىم، ئۈسكۈنىلىرى جەنۇبىي تيانشان گېزىتخانىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1953 ـ يىلى، ئاقسۇ گېزىتخانىسى ۋە يېڭى خوتەن گېزىتخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىر قىسىم خادىملىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى جەنۇبىي تيانشان گېزىتخانىسىغا يۆتكەپ بېرىلدى؛ 1956 ـ يىلى جەنۇبىي

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «خەلق ئارمىيىسى گېزىتى» نەشردىن توختىتىلىپ، بۇ گېزىتخانىنىڭ باسما زاۋۇتى جەنۇبىي تيانشان گېزىتخانىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

«قەشقەر گېزىتى» چىقىرىلىۋاتقاندىن بۇيان، تا ھازىرغا قەدەر ئىچكى ژورنال — «قەشقەر گېزىتى مۇخبىرلار ئىشى» نەشر قىلىنىپ كەلدى. خەنزۇچە «مۇخبىرلار ئىشى» ئايلىق ژورنال بولۇپ، 32 فورماتلىق، ھەر سانى 48 — 32 بەتلىك قىلىپ چىقىرىلدى، 1984 — يىل 11 — ئايدىن باشلاپ 16 فورماتلىق، 4 بەتلىك كىچىك گېزىت شەكلىگە ئۆزگەرتىلىپ، يېرىم ئايدا بىر سان چىقىرىلدى. ئۇيغۇرچە «مۇخبىرلار ئىشى» قوش ئايلىق ژورنال بولۇپ، 32 فورماتلىق، ھەر سانى 64 بەتلىك قىلىپ چىقىرىلدى. ئىككى خىل يېزىقتىكى «مۇخبىرلار ئىشى» نىڭ ھەر قايسىسىنىڭ تىراژى مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئىختىيارىي مۇخبىرلارغا ۋە ناھىيە، شەھەر، ئورۇنلارنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرىغا ھەقسىز ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. (دىلى گۈلشەن)

[ئىسلاھات يىللىرىدىكى «قەشقەر گېزىتى»] 1984 — يىلى، «قەشقەر گېزىتى» ھەر ھەپتىدە 3 سانىدىن، ئۇيغۇرچە — خەنزۇچە نەشر قىلىندى. گېزىتخانىدا جەمئىي 285 ئىشچى — خىزمەتچى بار. ئىسلاھات يىللىرىدا، «قەشقەر گېزىتى» تەشۋىقات — خەۋەرچىلىك خىزمىتىدە ئىسلاھاتنى قوللاش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قەشقەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 — نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ۋە پارتىيە 12 — نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 — ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىنى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ، ئاپارات ئىسلاھاتى، تاۋارلارنىڭ ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇنداقلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ ۋىلايىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىگە ۋە ئىككىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى چېگرا رايونغا بېغىشلاپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ياخشى كادىر يولداش شۈي دىيەنۋېي، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان — دىلى بىلەن خىزمەت قىلغان ياخشى ھەربىي دوختۇر يولداش جاڭ يۈخۇانىڭ ئىلغار ئىش — ئىزلىرىنى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى توغرىسىدىكى لېكسىيىنى، ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىش — ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى. بۇلاردىن باشقا، يەنە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى مەخسۇس ماۋزۇدا خەۋەر قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەننى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، قەشقەرنى قىزغىن سۆيۈش، ئۆزىنى چېگرا رايونغا، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بېغىشلاش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

ئۇيغۇرچە «قەشقەر گېزىتى» بىر يىل داۋامىدا 45 مىليون 120 مىڭ نۇسخە تارقىتىلدى. يەرلىك خەۋەر 404 بەت، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرى 183 بەت بولۇپ، ئايرىم — ئايرىم ھالدا پۈتۈن بەت سانىنىڭ 69% نى ۋە 31% نى ئىگىلىدى.

جەمئىي 154 سان نەشر قىلىنىدى، 4281 پارچە ماقالە بېسىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈرەت 440 پارچە، ئوبزور ماقالىسى 46 پارچە، ئەدەبىيات - سەنئەت ماقالىسى 343 پارچە، ئاخبارات ماقالىسى 3399 پارچە، مۇشتەرىلاردىن كەلگەن خەت 53 پارچە. خەنزۇچە «قەشقەر گېزىتى» بىر يىل داۋامىدا 1 مىليون 784 مىڭ نۇسخە تارقىتىلدى، جەمئىي 155 سان نەشر قىلىندى، 3873 پارچە ھەر خىل ماقالە بېسىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈرەت 660 پارچە، ئوبزور ماقالىلىرى 100 پارچە، ئەدەبىيات - سەنئەت ماقالىسى 187 پارچە، ئاخبارات ماقالىسى 2824 پارچە، مۇشتەرىلاردىن كەلگەن خەت 102 پارچە.

ئاخباراتچىلىقنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە، 1984 - يىلى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ماقالە باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى؛ ئۇيغۇرچە گېزىتتىن يىل داۋامىدا ياخشى ماقالىدىن 199 ى، ياخشى ماۋزۇدىن 74 ى، ياخشى مەخسۇس بەتتىن 16 سى، ياخشى بەتتىن 5 ى، ياخشى سۈرەتتىن 5ى باھالاپ چىقىلدى. خەنزۇچە گېزىتتىن 6 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ياخشى ماقالىدىن 87 سى، ياخشى ماۋزۇدىن 21 سى، ياخشى مەخسۇس بەتتىن 11 ى، ياخشى سۈرەتتىن 7 سى باھالاپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەۋەرلەر يېڭى بولۇش، ماقالىلار قىسقا بولۇش، ۋاقىت ئۈنۈمى تېز بولۇش، بەتلەرنىڭ مەزمۇنى جانلىق بولۇش، ئىشانچىلىقى كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى كۈچ سەرپ قىلىنىپ، تەھرىر خادىملارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى ۋە خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن گېزىتنىڭ بەتلىرى تېخىمۇ جانلىق، چىرايلىق، مەزمۇنى تېخىمۇ مول، كۆپخىل، تىلى تېخىمۇ توغرا، ئىخچام بولدى. ئۇيغۇرچە گېزىتكە پەن - تېخنىكا بىلىملىرى ۋە تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىغان تىپلارنى تەشۋىق قىلىش بېتى قوشۇلدى. خەنزۇچە گېزىتتە مەخسۇس «پامىر پەن - تېخنىكا گۈلزارى» ناملىق مەخسۇس بەت ئېچىلدى. 1984 - يىل 5 - ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم 1986 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ گېزىتنى ھەپتىدە 3 سان چىقىرىشتىن ھەپتىدە 6 سان چىقىرىشقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. مۇخبىر - تەھرىرلىك كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى گېزىتخانا مۇخبىر - تەھرىر خادىملىرى قوبۇل قىلىش ھەققىدە «قەشقەر گېزىتى» گە ئېلان چىقاردى، ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 23 نەپەر مۇخبىر - تەھرىر خادىمى، 15 نەپەر دوگۇار ئىشچىسى قوبۇل قىلىندى.

گېزىتخانا-ناھىيە، شەھەر، پولك - مەيدان، قىسىملاردىكى ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى ۋە گېزىتخانىدىكى مۇخبىر - تەھرىر خادىملارنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بىر قارار ئاخباراتچىلىق ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ 66 كىشىنى تەربىيەلىدى، ۋاقتى ئىككى ئاي بولدى.

باسما زاۋۇتى تۇراقلىق قائىدە - تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 829 مىڭ يۈەنگە، كىرىمى 1 مىليون 146 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدىسى 278 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى يۇقىرى سەۋىيىدىن ئاشۇرۇۋېتىلدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» نى ۋاكالىتەن بېسىش ئۈچۈن سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش 1984 - يى-

لى ئېلىپ بېرىلدى، 1062 كۋادرات مېتىرلىق تەنەز ئىسكىلاتى ۋە 1392 كۋادرات مېتىر- لىق ياتاق بىناسى پۈتۈپ بولدى، ۋاكالىتەن بېسىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ كۆپ قىسمى 1984 - يىلى زاكاس قىلىندى ياكى كەلتۈرۈلۈپ بولدى. ( دىلى گۈلشەن )

« قەشقەر گېزىتى » نىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر سانىنىڭ تارقىتىلىشىنى يىل بويىچە ئىستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

| يىل ئايرىمىسى | ئۇيغۇرچە | خەنزۇچە | يىل ئايرىمىسى | ئۇيغۇرچە | خەنزۇچە |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 - يىل | 1042 | | -1968 | 12990 | 8660 |
| 〃 -1951 | 4391 | | -1969 | 18800 | 11500 |
| 〃 -1952 | 2340 | | -1970 | 20097 | 13398 |
| 〃 -1953 | 2974 | 1673 | -1971 | 21500 | 14000 |
| 〃 -1954 | 4569 | 2109 | -1972 | 22300 | 14800 |
| 〃 -1955 | 6060 | 2447 | -1973 | 24600 | 16500 |
| 〃 -1956 | 12102 | 3143 | -1974 | 26800 | 17200 |
| 〃 -1957 | 9529 | 2757 | -1975 | 28200 | 18500 |
| 〃 -1958 | 12375 | 3318 | -1976 | 24990 | 19951 |
| 〃 -1959 | 19848 | 2981 | -1977 | 26984 | 20656 |
| 〃 -1960 | 15738 | 3365 | -1978 | 26750 | 16987 |
| 〃 -1961 | 10306 | 2970 | -1979 | 25151 | 15939 |
| 〃 -1962 | 10216 | 3986 | -1980 | 21410 | 9620 |
| 〃 -1963 | 14188 | 5862 | -1981 | 22739 | 9885 |
| 〃 -1964 | 14243 | 5261 | -1982 | 23237 | 9449 |
| 〃 -1965 | 20080 | 7375 | -1983 | 27743 | 10744 |
| 〃 -1966 | 22019 | 14513 | -1984 | 29590 | 11076 |
| 〃 -1967 | 24667 | 16444 | | | |

**[سىملىق رادىيو]** دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 35 يىلدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىملىق رادىيو ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى.

ئازاتلىقتىن بۇرۇن، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى يوق ئىدى، رادىيو ئىشلىرىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رادىيو ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. دۆلەت ئاخبارات باش مەھكىمىسىنىڭ «رادىيو تورلىرى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» ىغا ئاساسەن، ۋىلايە- تىمىزدە 1950 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر رادىيو قوبۇللاش ئۆزىلى قۇرۇل- غان ئىدى، ئۇ چاغدا توك بولمىغاچقا قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان گېنېراتور بىلەن توك چىقىرىپ، رادىيو قوبۇللىغۇچنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شىنجاڭ رادىيو ئىستانسىسىدىن بەرگەن يازما خەۋەرلەرنى خاتىرىلەشكە ئۇيۇشتۇرغان ھەمدە قارا تاختاي گېزىتى چىقىرىش، شېمىگراپتا كىچىك گېزىت بېسىش ئارقىلىق تەشۋىقات دائىرى- سىنى كېڭەيتكەن، شۇندىن كېيىن ناھىيە ( شەھەر ) لەردە رادىيو قوبۇللاش ئۆزىللىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان ئىدى.

1955 - يىلى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بەزى ناھىيە ( شەھەر ) لىك رادىيو قوبۇللاش ئۆزىللىرىگە 750 ۋاتلىق بېنزىن گېنېراتور، 100 ۋە 30 ۋاتلىق مىكرافون ۋە بەزى چوڭ - كىچىك كانايلارنى تارقىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن، ھەر قايسى ناھىيە ( شەھەر ) لىك رادىيو قوبۇللاش ئۆزىللىرى ئەسلىدىكى ئاساستا ئار- قا - ئارقىدىن سىملىق رادىيو ئۆزىلىگە ئۆزگەرتىلدى.

1984 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە ( شەھەر ) نىڭ ھەممىسىدە رادىيو ئۆزىلى بارلىققا كەلدى. 135 يېزا - بازاردا سىملىق رادىيو كۈچەيتىش ئۆزىلى قۇرۇلدى، بۇ ۋى- لايەت بويىچە يېزا - بازارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 95.74% ىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ 171 كەنتتە رادىيوخانا قۇرۇلدى؛ 1203 كەنت ۋە 4164 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى رادىيو ئۇلاندى؛ 133.776 دېخان، چارۋىچى ئائىلىسىگە كىچىك كاناي بېكىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە ناھىيە- دىن يېزىغا تارتىلغان مەخسۇس رادىيو سىمى جەمئىي 1135 سىتولبا - كىلومېتىر، يېزا - بازاردىن تۆۋەن ئورۇنغا تارتىلغان مەخسۇس رادىيو سىمى 8850 سىتولبا - كىلومېتىر بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە شەھەر - بازار بىلەن يېزىلار تۇتاشتۇرۇلغان سىملىق رادىيو تورلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

ناھىيە ( شەھەر ) لىك رادىيو ئۆزىللىرىنىڭ ھەممىسى سىملىق رادىيو ئۆزىلىدۇر. بۇلار مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ كۈندىلىك « مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە گېزىتلاردىن خەۋەرلەر » پروگراممىسىنى، « بىرلەشمە ئاڭلى- تىش » پروگراممىسىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىدۇ ھەمدە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئاڭلىتىش بېرىدۇ. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تاجىكچە، خەنزۇچە ئاڭلىتىش بېرىدۇ. بۇ يەرلىك پروگراممىلار سىملىق رادىيونى ھەر دەرىجىلىك پارتكومنىڭ تىلىغا ئايلاندۇردى، يەر- لىك پروگراممىلاردا يېڭى خەۋەر، ئوبزور، ھەر خىل مەخسۇس ئەدەبىيات - سەنئەت، ھاۋا رايىدىن مەلۇمات، ئېلان قاتارلىقلار بار.

سىملىق رادىيو ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ تولۇقلىمىسى ۋە تەرەققىياتى سۈپىتى- دە، 1982 - يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەتتىكى ناھىيىلەر چاستوتا تەڭشەش ئۆزىللىرىنى

ئارقا - ئارقىدىن قۇردى. بۇنىڭ بىلەن رادىيو سىمى تارتىشقا قولايسىز بولغان بەزى چەت، يىراق يېزىلار چاستوتا تەڭشەيدىغان رادىيو قوبۇللىغۇچ ئارقىلىق، ناھىيىلىك رادىيو ئۇزەلىنىڭ پىروگىراممىلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ھازىر، كونىشەھەر، يەكەن ناھىيىلىرىنىڭ چاستوتا تەڭشەش ئىستانسىسى خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

ناھىيە، شەھەرلىك رادىيو ئۇزەللىرىنىڭ پىروگىراممىسى سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 1982 - يىلىدىن ئېتىبارەن، ۋىلايەتلىك رادىيو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ھەر 3 يىلدا بىر پىروگىراممىلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. 1984 - يىلدىكى سېلىشتۇرۇپ باھالاش يىغىنىدا قاتناشتۇرۇلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تاجىكچە بولۇپ جەمئىي 104 يۈرۈش نومۇر، 326 پارچە ماقالىدىن باھالاپ تاللانغان نادىر پىروگىراممىسى 36 (پارچە)، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 12 (پارچە). قاغىلىق ناھىيىلىك رادىيو ئۇزەلى ۋە قەشقەر شەھەرلىك رادىيو ئۇزەلى يېڭى خەۋەرلەر بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، مەكىت، كونىشەھەر، يەكەن، پەيزىۋات، يېڭىشەھەر، قاغىلىق، يېكسار ناھىيىلىك رادىيو ئۇزەللىرى باشقا مەخسۇس پىروگىراممىلار بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. (ۋاڭ شىچۈن)

**【سىمسىز رادىيو】** 1965 - يىلىدىن بۇرۇن، قەشقەر ۋىلايىتىدە سىمسىز رادىيو ئاڭلاش ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. سىزىچانلىقى يۇقىرى بولغان رادىيونى ئىشلىتىپ قىسقا دولقۇنلۇق چاستوتا خەۋەرلىرىنى ئاڭلاش ئۈنۈمى ناھايىتى ناچار ئىدى. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1963 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق رادىيو ئىشلىرى ئىدارىسى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قۇۋۋىتى ئەڭ چوڭ بولغان ئوتتۇرا دولقۇندا ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ ئىستانسا 1965 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلۇپ خىزمەتكە كىرىشتۈرۈلدى. ئىستانسىنىڭ نامى شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ قەشقەر ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى دەپ بېكىتىلدى. ئىستانسىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تىلدا شىنجاڭ رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پىروگىراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشتىن ئىبارەت. ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋە قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىشىنى ئوتتۇرا دولقۇندا ئاڭلىيالايدىغان بولدى، ئاڭلاش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. 1979 - يىلى بۇ ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى شىنجاڭ رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پىروگىراممىلىرىنى داۋاملىق ئۇلاپ ئاڭلاتقاندىن باشقا، يەنە مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ بىرىنچى يۈرۈش پىروگىراممىلىرىنى ئوتتۇرا دولقۇندا ئۇلاپ ئاڭلىتىشنى قوشتى. 1983 - يىلى يەكەندە ئوتتۇرا دولقۇندا ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ ئىشقا سېلىندى. بۇنىڭ بىلەن قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلارنىڭ مەركىزىي رادىيو ئىستانسىسىنىڭ بىرىنچى يۈرۈش پىروگىراممىلىرىنى ۋە شىنجاڭ رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پىروگىراممىلىرىنى ئوتتۇرا دولقۇندا ئاڭلاش مەسىلىسى ھەل بولدى. 1983 - يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆج-

جىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قەشقەر شەھرىدە سىمسىز رادىيو ئىستانسىسى قۇرۇش قارار قىلىندى. نامى قەشقەر خەلق رادىيو ئىستانسىسى دەپ ئاتالدى. چاستوتىسى ئوتتۇرا دولقۇندىكى 801 كىلوگېرتس بولدى. 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تارقىتىش قىسمىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 11 ـ ئايدا پۈتتۈرۈلدى، 12 ـ ئايدا ماشىنىلىرى سىناق قىلىنىشقا باشلاندى. (ۋاڭ شىچۈن)

[ تېلېۋىزىيە ] 1980 ـ يىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە قەشقەر تېلېۋىزىيە (سىنئالغۇغا ئېلىپ) تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى تارقىتىشتىن ئىبارەت. قەشقەر تېلېۋىزىيە (سىنئالغۇغا ئېلىپ) تارقىتىش ئىستانسىسى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، 1981 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 5 ـ قانالدا ئاپاراتنى سىناپ پروگراممىدا تارقىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تاللاپ كۆرۈشى ئۈچۈن، قەشقەر تېلېۋىزىيە (سىنئالغۇغا ئېلىپ) تارقىتىش ئىستانسىسى 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، چاشەنبە، جۈمە، يەكشەنبە كۈنى 9 ـ قانالدا پروگراممىدا بىرىنى كۆپەيتتى، بىرلا ۋاقىتتا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى يۈرۈش تېلېۋىزىيە پروگراممىسى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تېلېۋىزىيە (سىنئالغۇغا ئېلىپ) تارقىتىش ئىستانسىسى ھەر ھەپتىنىڭ 1ـ كۈنىدىن 6ـ كۈنىگىچە تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسلىكىنى تارقىتىشنى يولغا قويدى.

ۋىلايەتتىكى رەھبەرلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، قەشقەر تېلېۋىزىيە (سىنئالغۇغا ئېلىپ) تارقىتىش ئىستانسىسى 1984 ـ يىلى 6 ـ ئاي ۋە 11 ـ ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە باغ سەيلە يىغىنى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ خەۋىرىنى مەزمۇن قىلىپ، يەرلىك پروگراممىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، 4 قېتىمدا تەخمىنەن 60 مىنۇت تارقاتتى.

1984 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىيو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەھرىر، ئوپېراتور، خودوژنىك ۋە دىكتور قوبۇل قىلىش ھەققىدە گېزىتكە ئېلان چىقىرىپ، يەرلىك پروگرامما بۆلۈمى قۇرۇپ، يەرلىك پروگراممىلارنى يولغا قويۇش ئۈچۈن پائال تەييارلىق قىلدى، يىل ئاخىرىغىچە بۇ خىزمەت ئاساسى جەھەتتىن ئىشلىنىپ بولدى.

ۋىلايەت بويىچە تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1982 ـ يىلىدىن باشلاپ يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزىئاۋات، يوسكام شىخېۋ تېلېۋىزىيە (كۈچەيتىش) ئىستانسىسى ۋە كۆيۋاغ، يەكەن، تاشقورغان، مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىدە تېلېۋىزىيە (سىنئالغۇغا ئېلىپ) تارقىتىش ئىستانسىسى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇپ چىقىلدى. بۇ ئىستانسىلار 1984 ـ يىلدا خىزمەتكە كىرىشتۈرۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ھەممە ناھىيە (شەھەر) رەڭلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى نوپۇس بويىچە ھىسابلىغاندا، تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 80% گە يەتتى. ھازىر ۋىلايىتىمىزدە تېلېۋىزىيە (سىنئالغۇغا ئېلىپ) تارقىتىش ئىستانسىسى 6 گە، تېلېۋىزىيە (كۈچەيتىش) ئىستانسىسى 5 كە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ تەشۋىقات

خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىتىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. (ۋاڭ شىجۈن)

[ **قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى** ] قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1981 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقى - جەنۇبى تەرىپىدىكى خەلق شەرقى يولى بىلەن ئار بوغۇز يولىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە جايلاشقان. كۆلىمى 29 مو. بۇ نەشرىيات كەسپ جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاستە قارايدۇ، مەمۇرى جەھەتتە قەشقەر ۋىلايىتى ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ. يېزا ئاممىباپ ئۇيغۇرچە ھەرخىل كىتابلارنى نەشر قىلىش ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. مەتبۇئات ھوقوقى نومۇرى 264. نەشرىياتتا تەھرىر بۆلۈمى، ئىشخانا، پىلان، مالىيە بۆلۈمى، باسما زاۋۇدى، نەشر قىلىش - تارقىتىش بۆلۈمى قاتارلىق ئاپاراتلار تەسىس قىلىنىدى. ھازىر 101 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە نەشرىيات باشلىقى 1، باش مۇھەررىر 1، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر 1، ئۇيغۇرچە تەھرىر - تەرجىمە، باسما قوشۇنى بارلىققا كەلدى. نەشرىيات 10147 كۇۋادرات مېتىر كۆلىمىدە قۇرۇلۇش قىلىشنى پىلانلىغان ئىدى. ھازىر 1500 كۇۋادرات مېتىرلىق ئىشخانىسى، 1204 كۇۋادرات مېتىرلىق ھەرپ قۇيۇش ۋە ئابۇر سېخى، 1953 كۇۋادرات مېتىرلىق ياتاق بىناسى ۋە پار قازىنى ئۆيى پۈتۈپ ئىشلىتىلمەكتە.

1983 - يىلىدىن باشلاپ كىتاب نەشر قىلىندى، 1984 - يىلىغىچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە ھەر خىل كىتاب 100 نەچچە خىل بولۇپ يېزا سىياسەتلىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، پەلسەپە، پەن - تېخنىكا، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق بىر نەچچە چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. (ماقالىنى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى بەرگەن)

[ **قەشقەر شىنخۇا كىتابخانىسى** ] ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى تارىختا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كىتاب تارقىتىدىغان مەخسۇس كىتابخانا يوق ئىدى. قەشقەر شىنخۇا كىتابخانىسى 1950 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ تەكتى ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبىسى بولۇپ، ئورنى يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئىدى. كىتابخانىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدا كىتابخانا بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە كىتابخانىسى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1950 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا ئاقسۇ، يەكەن، خوتەنگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىلىش بىلەن ۋىلايەتلىك كىتابخانىلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى ھەممىدە ناھىيىلەردە كىتاب ماگىزىنلىرى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە كىتابخانىسى قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈپ كىردى. 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ قەشقەر مەركىزىي تارماق كىتابخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىدىكى كىتاب ماگىزىنلىرىمۇ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئارقا - ئارقىدىن ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى بولۇپ قۇرۇلدى. 1958 - يىلى تۈزۈلمە ئۆزگەرتىلىپ، كى-

تاپخانىلار يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

قەشقەر شىنخۇا كىتابخانىسى قەشقەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خەنزۇچە كىتابلارنى نورمال تارقاتقاندىن سىرت، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتابلارنى تارقىتىشنى ئۆزىنىڭ موھىم ۋەزىپىسى قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇن، ۋىلايەت كەڭ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىتاب سېتىۋېلىش، كىتاب كۆرۈش تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 12 ئادەمنى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىتاب تارقىتىش خىزمىتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىشقا قويدى. ھەممە شەھەر-يېزا كىتاب تارقىتىش نۇقتىسىدىن 95 ى (جۈملىدىن ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى) قۇرۇپ چىقىلىپ، ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسى نۇق مەركىزى قىلىنغان شەھەر-يېزا كىتاب تارقىتىش تورلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. 1963-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇنقى كىتابنىڭ سېتىلىش ئومۇمى سوممىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يىل بولۇپ 180 مىڭ يۈەنگە يەتكەن ئىدى. 10 يىللىق مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، «سول» لۇشيەننىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، ۋىلايەت بويىچە كىتاب تارقىتىش خادىملىرى كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىتاب تارقىتىدىغان كەسپىي خادىملار ۋە كىتاب تارقىتىش تور نۇقتىلىرى ئازىيىپ كېتىپ، جەمئى 63 مىڭ يۈەن زىيان بولدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كىتاب تارقىتىش تور-نۇقتىلىرى پەيدىن-پەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە كېڭەيتىلدى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، يەنە يۆتكىلىپ ئېچىپ بېرىپ كىتاب سېتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ھەر مىللەت كىتابخانلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى، كىتاب تارقىتىش ئومۇمى سوممىسى يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ، زىيان يىلدىن-يىلغا ئازايدى. 1979-يىلى ۋىلايەت بويىچە 980 مىڭ يۈەنلىك كىتاب تارقىتىش پىلانلاندى. 1984-يىلى ۋىلايەت بويىچە كىتاب تارقىتىش خادىمى 113 كە يەتتى، ھەرخىل كىتابلارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 6 مىليون 135 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتاب 3 مىليون 434 مىڭ بولۇپ، 56% نى ئىگىلىدى. تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەردە كىتابخانا قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. كىتابنىڭ سېتىلىش ئومۇمى سوممىسى 2 مىليون 454 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتابلارنىڭ تارقىتىلىش ئومۇمى سوممىسى 1 مىليون 98 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، 44.8% نى ئىگىلىدى. كىتابخانىدىكى كىتاب خىللىرى بىر نەچچە مىڭ خىلدىن ئون نەچچە مىڭ خىلغا يەتتى. بۇ كىتابخانا ۋىلايىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىگىلىمەكنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. (فەن يەنجۇ، جاڭ جىڭجۇڭ)



قەشقەر شىنخۇا كىتابخانىسى يۆتكىلىپ ئېچىۋېتىپ كىتاب سېتىشنى يولغا قويدى.

شياچۈەن فوتوسى

قوشۇمچە: 1979 - يىلى ۋە 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە كىتابلارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى

| مىقدار / يىل | خەنزۇچە كىتاب | ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتاب ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدا تارقىتىلغان كىتاب | ئومۇمىي جەمئىي |
|---|---|---|---|
| 1979 - يىل | 1789000 پارچە<br>940700 يۈەن | 2004000 پارچە<br>461300 يۈەن | 3883000 پارچە<br>1302000 يۈەن |
| 1984 - يىل | 2699000 پارچە<br>1355200 يۈەن | 3434000 پارچە<br>1098800 يۈەن | 6135000 پارچە<br>2454000 يۈەن |

# تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار خىزمىتى ۋە تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت

[ تاشقى ئىشلار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ] 1984 - يىل 2 - ئايدا ھۆكۈمىتىمىز قەشقەر شەھىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە B تىپتىكى ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى سىرتقا رەسمىي جاكارلىدى. ھەر قايسى ئەللەردىن مېھمانلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بەس - بەس بىلەن تۇققان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاشقا، سەيلى - ساياھەت قىلىشقا كېلىشتى. بىر يىل ئىچىدە بىز 30 نەچچە دۆلەت ھەم رايوندىن كەلگەن ھۆكۈمەت تەرەپ ھەم خەلق ئىچىدىن كەلگەن مېھمانلار ھەم مۇھاجىر قېرىنداشلاردىن بولۇپ، 3500 دىن ئارتۇق كىشىنى كۈتۈۋالدۇق، بۇ، 1983 - يىلىغا قارىغاندا ئىككىدىن كۆپرەك قاتلاندى.

« يىپەك يولى » دىكى « مەرۋايىت » دەپ شۆھرەت قازانغان قەشقەر ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارغا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئۇلار قەشقەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك ياقتۇرۇپ، قەشقەر پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپتۇ، بازار سودىسى گۈللىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر مىللەت ئاممىسى قىزغىن ھەم مېھماندوست ئىكەن، بۇ يەرگە كېلىپ ساياھەت قىلغىنىمىزدىن خۇشالمىز، دەپ ھېساپلاشتى. بەزىلىرى بىزگە مەبلەغ سېلىشنى، شىركەتلىشىپ كارخانا ئېچىشنى خالايدىغانلىقىنى ئارقا - ئارقىدىن بىلدۈرۈشتى. تەكلىپكە بىنائەن ۋىلايىتىمىزگە ئېكسكۇرسىيە ھەم زىيارەتكە كەلگەن تۈركىيە ۋەتەن پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

سىغكىن قاتارلىقلار ۋىلايىتىمىزنىڭ سىرتقا نىسبەتەن ئېچىۋېتىشتىكى كونكرېت پىلانلىرىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىپ، قەشقەرگە مەبلەغ سېلىپ، شېرىكلىشىپ كارخانا ئېچىشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى ئارقا-ئارقىدىن بىلدۈردى.

چېگرىدىكى تاشقى ئىشلار خىزمىتىدە خۇنجىراپ ئېغىزىنى قۇرۇش ھەم باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، خوشنا دۆلەت پاكىستان بىلەن دوستلۇشۇش پائالىيىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلدى. جۇڭگو-پاكىستان چېگرا سودىسىدىكى بېرىپ-كېلىشلەرمۇ كۆپەيدى؛ مۇھىم بايراملاردا بىز پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسىم رايونى گىلگىت ۋە پاكىستان ئېغىزىدىكى ئەمەلدارلارنى ئېلىمىزنىڭ چېگرا ئېغىزى ھەم تاشقورغان ناھىيىسىگە تەكلىپ قىلىپ، ئىككى قېتىم بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو-پاكىستان ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتتۇق.

1984-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە مۇھاجىرلار سىياسىتى داۋاملىق ئەمەلىلەشتۈرۈلدى، چەتئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ۋاقتىلىق ئىگىلىنىپ، مۇھاجىرلار مەبلىغىنى جەلپ قىلىنىپ ۋىلايىتىمىزنىڭ 4 لەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا شەرت-شارائىت يارىتىلدى.

1984-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىدە ئېغىز ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش، نەق مەيداننى كۆرۈش، كۆرگەزمە ئېلىپ كېزىت چىقىرىش، سۈرەت جازىلىرى ئورنىتىش، دوستانە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، زىيارەت قىلىش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

1984-يىلى جەمئىي 730 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىنىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ غەيرى سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىمى بويىچە ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى.

**[كۈنسايىن راۋاجلىنىۋاتقان ساياھەت ئىشلىرى]** قەشقەر شەھىرى ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرگە ئائىت مەشھۇر يادىكارلىقلار بىر قەدەر كۆپ، ئۇ سەيلى-ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى پايدىلىق شەرت-شارائىت. ھازىر شەھەر ئەتراپىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ساياھەت نۇقتىلىرى 20 گە يېقىنلاشتى. «يىپەك يولى» نى بويلاپ غەرپكە سەپەر قىلسىڭىز، دۇنيا ئۆگزىسىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى، مۇز تاغ ۋە قار-مۇز بىلەن قاپلانغان كۆككىمر چوققىنى كۆرەلەيسىز. بولۇپمۇ دېڭىز يۈزىدىن 3600 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلار بىلەن ئورالغان، تىلسىم تۈس ئالغان قارا كۆل تۇرغۇن چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. ئېلىمىزنىڭ قەشقەر شەھىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى رەسمىي جاكالىشى ئارقىسىدا، «دوستلۇق يولى» دىكى بۇ «مەرۋايىت» كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارى ۋە تەلپۈنۈشىنى تېخىمۇ قوزغىماقتا.

1984-يىل باش باھار 3-ئاي مەزگىلىدە، قار-مۇز ئېرىپ، گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، چەتئەللىك توپ-توپ ساياھەتچىلەر بەس-بەس بىلەن

قەشقەرگە يېتىپ كېلىشتى، بۇلارنىڭ كېلىشى ئالدىنقى يىللاردىكىگە قارىغاندا تۆپ-توغرا 3 ئاي بالدۇر بولدى. يىل بويى قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەن چەتئەللىك مېھمانلار ھەمشياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار 3300 كىشىدىن ئېشىپ، 1983-يىلدىكى 300 نەچچە كىشىنىڭ 10 ھەسسىگە توغرا كەلدى. ئۇلار ياپونىيە، ئامېرىكا، غەربىي گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، ئاۋستىرالىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق 30 نەچچە مەملىكەت ھەم رايونلاردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، دىپلوماتىيە ئەلچىلىرى، يازغۇچىلار، مۇخبىرلار، چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، پېنسىيىگە چىققانلار قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئەرباپلار بار، ئۇلار قەدىمقى شەھەر — قەشقەرگە ئىنتايىن قىزىقىدىكەن.

چەتئەللىك مېھمانلار ئېكىسكۇرسىيە ۋە ساياھەتتىن كېيىن مۇنداق دەپ ھېساپلىدى:

1. قەشقەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بار، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ياپونىيىلىك مېھمانلار مۇنداق دېيىشتى: "قەشقەر — بىز كۆپ يىللار مابەينىدە تەلپۈنۈپ كەلگەن جاي"، "بۇ ھەقىقەتەن نامىغا لايىق بولغان، ياقا يۇرت پۇرىقىغا تولغان جاي ئىكەن". ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بۇ جاينىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ قويۇق، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ بازار سودىسى، مىللىي ناخشا-ئۇسسۇللىرىنىڭ "ھېچقانداق جايدا ئۇچراتقىلى بولمايدىغان" دەرىجىدە "ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە" ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى؛ 2. قىزغىن، مېھماندوست، ئۇلار بىزنىڭ ھەر مىللەت ئاممىمىزنى "چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان" كىشىلەر ئىكەن، "بۇ يەرنىڭ خەلقى ئىنتايىن دوستانە ئىكەن" دېيىشتى. غەربىي گېرمانىيىلىك ساياھەتچىلەر: قەشقەر ھەقىقەتەن گۈزەل بوستانلىق دېيىشكە مۇناسىپ ئىكەن، بۇ جاينىڭ زېمىنى گۈزەل، ئېقىن سۇلىرى گۈزەل، ئۆي-ئىمارەتلىرى گۈزەل ئىكەن، ئادەملىرى تېخىمۇ گۈزەل ئىكەن" دېيىشتى. نۇرغۇن مېھمانلار بۇ يەردىن كەتكىسى كەلمىدى. بەزىلىرى يەنە كېلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى؛ 3. ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە پارتىيىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى يۇكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەشتى. ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «تايمس» گېزىتىنىڭ بىر مۇخبىرى ماقالە يېزىپ: "قەشقەر يېزىلىرىدا گۈللىنىش بارلىققا كەلدى" دېدى. ياپونىيىلىك بىر ساياھەتچى: "قەشقەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى، ھېمىشە، قەشقەر غەربىي دىياردىكى بىر قالاق، كىچىك بازار، دەپ ھېساپلىغان ئىدىم، كەلگەندىن كېيىن قەشقەرنىڭ شۇنچە ۋالا گۈللەنگەن بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى سەزدىم" دېدى.

مەملىكەت ئىچىگە نىسبەتەن جانلاندۇرۇش، سىرتقا نىسبەتەن ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سەيلە-ساياھەت ئىشلىرىدا كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بارلىققا كەلدى.

## قوشۇمچە: قەشقەردىكى ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئاپپاق خوجا مازىرى: قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان، ئۇ ئىسلام دىنى خوجا ئەۋلاتلىرىنىڭ قەۋرىسى بولۇپ، 1640-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىلىرىدە ياسالغان. مازارنىڭ ئىچىدە بەش ئەۋلاتتىن بولغان 72 كىشىنىڭ قەۋرىسى بار. بىرىنچى ئەۋ-

لادى ئىسلام دىنىنىڭ مەشھۇر تارقاتقۇچىسى ھاجى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجا بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئاپپاق خوجا دادىسىنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، داۋاملىق دىن تارقاتقان ھەمدە يەكەن خانلىقىنىڭ دەھرى ھاكىمىيىتىنى بىر مەھەل قولغا ئېلىۋېلىپ، 17 – ئەسىردە ئۆتكەن تارىختىكى مەشھۇر ئىسلام دىنى ئاق تەقىيلىكلەر گۇرۇھىنىڭ كاتەۋشى بولغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئابرويى دادىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پۈتكۈل مازار ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

بۇ مازار ئىنتايىن نەپىس، ھەشەمەتلىك قەدىمقى بىنا تۈسىنى ئالغان بولۇپ، گۈمبەز، خانىقا، چوڭ مەسچىت، پەشتاق، كۆل ۋە باغ قاتارلىق قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گۈمبەز كۆپ بىنالار ئىچىدىكى ئاساسىي بىنا بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدۇ، گۈمبەزنىڭ دىئامېتىرى   مېتىر بولۇپ، ھېچقانداق تۈۋرۈك ئورنىتىلمىغان، بۇ گۈمبەز شەكلىنىڭ ئالاھىدە بولۇشى، قۇرۇلما سەنئىتىنىڭ نەپىسلىكى جەھەتتە جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە داڭقى چىققان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان خوجا ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئىپارخان ئىسىملىك بىر ئايال بولۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى چيەنلۇڭنىڭ كىچىك خانىشى ئىدى. ئىپارخان ئۆلگەندىن كېيىن سۇدىشاڭ ئۇنىڭ جەسەدىنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلغان ئىكەن، سۇدىشاڭ بۇ مازارنى كېڭەيتىپتىكەن، شۇڭا، بۇ مازار «ئىپارخان مازىرى»① دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

ھېيتكار جامەسى: قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ھېيتكار مەيدانىنىڭ غەربىي – شىمال قىسمىدىكى مەسچىت بولۇپ، ھوجرىسى غەرپ تەرەپكە، پەشتىقى شەرق تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 1442 – يىلىدىن باشلاپ ياسىلىپ، ھازىرغا قەدەر 500 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولدى. بۇ مەسچىت ھوجرا، خانىقا، پەشتاق، كۆل ۋە مەسچىتكە قاراشلىق باشقا قۇرۇلۇشلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ بىر پۈتۈن بىنانىڭ قۇرۇلمىسى گۈزەل – كۆركەم بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىمارچىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە ئەقىل – پاراسىتى گەۋدىلەنگەن. بۇ مەسچىت، ئادەتتە، مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇيدىغان جاي. ھېيت كۈنلىرى مەسچىت پەشتىقىدا ناغرا، دۇمباق، سۇناي سادالىرى ياڭراپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرىدۇ. مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ھېيتلىق كىيىنگەن كىشىلەر يىغىلىپ ساما ئۇسۇلى ئوينايدۇ.

ئۈچ ئۆڭكۈر: قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى بىر يارغا جايلاشقان. بۇ قاتار – قاتار جايلاشقان ئۈچ ئۆڭكۈردىن تەركىب تاپقان. ئۆدەريا قىسمىدىن ئون نەچچە مېتىر ئېگىز. ھەر بىر ئۆڭكۈر ئىككى مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز، بىر مېتىردىن كۆپرەك كەڭ بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى ئۆڭكۈردە بۇزۇۋېتىلگەن بىر بۇت بار. غەرپ تەرەپتىكى ئۆڭكۈردە ھېچنەرسە يوق، شەرق تەرەپتىكى ئۆڭكۈردە

① 香妃墓 ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى، «ئىپارخان مازىرى» دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ — ت.

قىممەتلىك تام سۈرەت ھەم رەڭدار نەقىشلەر بار. ئۆڭكۈرنىڭ 4 تېمىغا چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان 70 نەچچە بۇتنىڭ سۈرىتى سىزىلغان. ئۆڭكۈرنىڭ تورۇسىغا بىر نىلوفەر گۈل رەڭدار قىلىپ نەقىشلەنگەن، نىلوفەر گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە تال ئورۇقى بار. ئۆڭكۈرنىڭ 4 تېمىدا ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان، ئولتۇرغان بۇتنىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بۇددا دىنى قەشقەرگە ئەمدىلا كىرگەن چاغدا قېزىلغان ئۆڭكۈرلەر بولۇپ، ھازىرغا قەدەر مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە ئىكەن.

دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، بۇ ئۆڭكۈرلەر شەرقىي خەن دەۋرىدە قېزىلغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان، ئېلىمىزنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى ئەڭ يىراق جايغا جايلىشىپ ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قەدىمقى ئۆڭكۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەدىمقى قەشقەر رايونىدىن ساقلىنىپ قالغان بۇددا دىنى خارابىسى بولۇپ، ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقتۇر.

مەھمۇد قەشقەرى مازىرى: قەشقەرنىڭ غەربىي-جەنۇپ تەرىپىگە 45 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوپال يېزىسىغا جايلاشقان. مەھمۇد قەشقەرى 11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىم، تىلشۇناس بولۇپ، 1008-يىلى ھازىرقى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ قاراخانىلارنىڭ خاقانى بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى. ئۇنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق جاسارەت بىلەن تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئەينى چاغلاردا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر ئارىسىدا خىزمەت قىلىپ، كۆپلىگەن تىل ماتېرىياللىرىنى توپلىغان. شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ مول ئىجتىمائى بىلىملىرى ئارقىلىق ئۇنى ئىلمىي يوسۇندا تۈرگە ئايرىپ رەتلەپ چىققان. مىلادى 1076-يىلى ئۇ ئۆز ئەسىرىنى ئەرەپ يېزىقى ئارقىلىق باغداتتا يېزىپ پۈتتۈرگەن. بۇ ئەسەر دۇنيادىكى تۇنجى تۈرك تىل لۇغىتى «دىۋان لۇغەت تۈرك» (تۈركى تىللار دىۋانى) بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى تىل، يېزىق، ئەدەبىيات، مۇزىكا قاتارلىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، بايلىق، خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ھەم ئىچكىرى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى تەتقىق قىلىدىغان «قامۇس» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغا قەدەر بۇ ئەسەر دۇنيادا 10 نەچچە خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ غەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بويۇم بولۇپ قالدى.

1080-يىلى مەھمۇد قەشقەرى يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئوپال يېزىسىدا مەدرىس قۇرۇپ، بىر قانچە يىل مۇدەررىسلىك تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇ 1105-يىلى ۋاپات بولغاندا ئوپالدىكى بىر تاغ باغرىغا دەپنە قىلىنىدۇ. ئاران 40 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ تاغ باغرى ياپ-يېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ھەممىلا يەردە تاغ چوققىسىغا چىقىدىغان چىغىر يوللىرى بار. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئېگىز تاغ،

قالغان ئۈچ تەرىپىدە ياپ ـ يېشىل ئېتىزلىقلار بار. بۇ چاڭچياڭنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ يۈزلىرىنىڭ مەنزىرىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان.

مازارنىڭ شىمالى تەرىپىدە بىر مەدەنىي يادىكارلىقلار كۆرگەزمىخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا «دىۋان لۇغەت تۈرك» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورىغا ئائىت كىتابلار ھەم تاشقا ئايلانغان بىر قىسىم ئۈچار قاناتلار، بېلىقلار قاتارلىقلار كۆرگەزمە قىلىنغان، مازارنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر بۇلاق، ئالدىدا بىر كىچىك مەسچىت بار. تاغ چوققىسىدىكى بۇلاق سۈيى دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى ئاستىدىن ئۈزۈلمەي چىقىپ پەسكە ئاقىدۇ. بۇلاقتىن پات ـ پات چىقىپ تۇرىدىغان كۆپۈكچىلەر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. (بۇ مازارنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا بولىدۇ).

قەدىمقى شەھەر خانئۆيى ۋە مورا مۇنارىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان، 23 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خانئۆيى ــ قەدىمقى قەشقەر قارىمىغىدىكى بازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 كىلومېتىر، كەڭلىكى بىر كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى توپا تاملارنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان، ساپال پارچىلىرى ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ. قەدىمقى شەھەر ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى تاغ دۆمبىلىكىگە جايلاشقان مورا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى ــ مورا مۇنارىسى قەدىمقى زاماندا بۇ جاينىڭ خېلى ئاۋاتلاشقان ھەم بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دىيار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ بەزى خاقانلىرى جەنۇبقا كەلگەندە تۇرىدىغان جايى ئىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە، 11 ـ ئەسىردىن كېيىن خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. شىمالىدىكى تاغ ئېتىكىدە يەنە تاشلىنىپ كەتكەن قەدىمقى كارىز بار (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا بولىدۇ).

شەھەرلىك ئاز سانلىق مىللەت باللىرى يەسلىسى: ھېيتكار مەيدانىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئاساسەن، 3 ياشتىن 6 ياشقىچە بولغان، ئوقۇش يېشىدىن ئىلگىرىكى ئاز سانلىق مىللەت باللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ 400 نەپەردىن ئارتۇق بالىنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدۇ، يەسلىگە كىرگەن باللار ياش ـ قورامىغا قاراپ، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك سىنىپلارغا بۆلۈنگەن، 56 نەپەر ئوقۇتقۇچىسى بار. باللارنى تەربىيىلەش دەرسلىرى ھېساپلاش، تىل، مۇزىكا، ئۇسۇل، رەسىم، نەپىس سەنئەت ھەمدە تۈرلۈك ئويۇن ۋە تەنتەربىيە چېنىقىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مېھمانلار ھەر قېتىم ئېكىسكۇرسىيىگە بارغاندا، باللار مېھمانلارغا مول مەزمۇنلۇق ئىگە ئاز سانلىق مىللەت ناخشا ـ ئۇسۇللىرىنى قويۇپ بېرىپ، جۇڭگولۇق ھەم چەتئەللىك مېھمانلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

مىللىي دارىلمۇئەللىمىن: قەشقەر شەھىرى مەركىزىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن 130 مو كېلىدىغان كۆلەمدىكى يەرنى ئىگىلىگەن. مەكتەپ بويىچە 197 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى بار، 700 نەپەرگە يېقىن ئوقۇغۇچىسى بار. بۇ مەكتەپ، ئاساسەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدۇ.

مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن ھەم تەبىئىي پەندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدا 8 كەسپىي سىنىپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، دەرسلىكلەرنى ئۆزى تۈزگەن. ئوقۇتۇش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، ئۈسكۈنە-سايمانلىرى بىر قەدەر تولۇق بولۇپ، بىر قەدەر كۈچلۈك ئوقۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. 100 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىچىدە لېكتورلار 23 نەپەر، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار 50% تىن ئاشىدۇ.

بۇ مەكتەپ 1935 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق بولغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم. ئۇ قەشقەر، قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ، قاراماي قاتارلىق جايلار ئۈچۈن كۆپلىگەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ھەسسە قوشتى.

قول سانائەت بۇيۇملىرى كارخانىسى: ئازات شىمالىي يولىنىڭ غەرپ تەرىپىگە جايلاشقان. ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ چالغۇ ئەسۋاپلىرى، دوپپا، كەشتە قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىككى قول سانائەت بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش بۆلۈمى بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاز سانلىق مىللەت دوپپىلىرى، چالغۇ ئەسۋاپلىرى، كىيىم - كېچەك، كەشتە، ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، گىلەم ھەم پىچاق قاتارلىق تۈرلۈك قول سانائەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىلىدۇ. ئۇلار نەپىسلىك دەرىجىسى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگەللەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بىردەك قارشى ئېلىنىشقا ھەم ماختاشقا سازاۋەر بولدى.

پاختەكلى يېزىسى: قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان. 1952 - يىلى 3 - ئايدا بۇ يېزىدىكى بارلىق دېھقانلار ماۋجۇشىغا خەت يېزىپ، يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىنكى شاتلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا ماۋجۇشى ئۆز قولى بىلەن جاۋاپ خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈپ مول ھوسۇل ئېلىش شوئارى ئاستىدا «تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىنى، مۇشۇ ئاساستا، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى قەدەممۇقەدەم ئۆستۈرۈشىنى» ئۈمىد قىلدى. پاختەكلى يېزىسىدىكى دېھقانلار 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ماۋجۇشىنىڭ ئۇلۇغ چاقىرىقىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، ماددىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى.

بۇ يېزىدا ئاساسەن شال، بۇغداي، كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز، بېدە قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە مو مەھسۇلاتى 700 جىڭدىن ئاشتى. يېزا بويىچە يەرلەر سالالاشتۇرۇلدى. ئېتىز - ئېرىق، ئۆستەڭ، يول بويلىرىغا بىر مىليون 300 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق جىرىم تىكىلدى. يېزىدا شال ئاقلاش زاۋۇتى، كەنتلەردە ئۇن تارتىش زاۋۇتى بار. يېزا بويىچە 3 ئائىلىلىك دېھقان ئاپتوموبىل، 12 ئائىلىلىك دېھقان تىراكتور، 30 نەچچە ئائىلىلىك دېھقان قول تىراكتورى سېتىۋالدى، بانكىدا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئامانەت قويغان دېھقانلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيمەكتە. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلار يېڭى ئۆي سېلىۋېلىپ، ئوتياش ھەم باغ يېرىگە ئىگە بولۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 7 باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98% كە يەتتى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پاختەكلى يېزىسى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەن ئىلغار ئورۇنلىرى قاتارىغا ئۆتتى.

بەشكېرەم باغلىرى: قەشقەرنىڭ ئەزەلدىن "مېۋە - چىۋە ماكانى" دېگەن چىرايلىق نامى بار، بەشكېرەمنىڭ مېۋىلىرى قەشقەردە بىرىنچى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇ يېزىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى 70 مو يەر كۆلىمىدىكى بىر بېغىدا ئۈزۈم، ئالما، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئامۇت، ئانار، ئەنجۈر، گىلاس قاتارلىق مېۋىلەر بار. باققا كىرسىڭىز قاتار - قاتار ئۈزۈم تاللىرى سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، قاتار - قاتار كەتكەن چەكسىز مېۋىلىك دەرەخلەر كىشىگە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. مېۋىلەر پىشىپ مەي باغلىغان يازكۈز پەسىللىرىدە مېۋىلەرنىڭ شاخلىرى ئۆزىنى كۆتىرەلمەي ئېگىلىپ كېتىدۇ. ھەر قېتىم مېھمانلار بارسا، قىزغىن، مېھماندوست ساھىپخانلار ھەممە مېھمانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەرگە تارتىنماي ئېغىز تېگىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىشىدۇ. نۇرغۇن ساياھەتچىلەر مەي باغلاپ پىشقان بۇ مېۋىلەرنىڭ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىشى بىلەن كەتكىسى كەلمەي قالىدۇ.

مۇز تاغ ۋە كۆڭگۈر مۇز تېغى: قەدىمقى شەھەر قەشقەردىن پامىرغا نەزەر سالسىڭىز، قېلىن قار بىلەن قاپلانغان مۇز تاغ ھەم كۆڭگۈر تېغىنىڭ بۇلۇت - تۇمان ئىچىرە قەد كۆتىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. مۇز تاغنىڭ "مۇز تاغلار ئاتىسى" دېگەن نامى بار. ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتىر ئېگىز بولۇپ، يېكىسار، ئاقتو، تاشقورغان ناھىيىلىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، پامىر ئېگىزلىكىدىكى 3 - ئېگىز چوققا، تاغدا مەشھۇر جانبولاق مۇزلۇقى بار. كۆڭگۈر پامىر چوققىسىدىكى 2 - ئېگىز چوققا بولۇپ، قارا قورۇم تاغلىرى تىزمىسىدىكى چوگىر چوققىسىدىن قالسا 2 - ئورۇننى ئىگەللەيدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7719 مېتىر بولۇپ، 1981 - يىل 7 - ئايدا تۇنجى قېتىم ئىنسانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن قالسا، كۆڭگۈر تۆپىلىكى دېڭىز يۈزىدىن 7595 مېتىر ئېگىز، "يىپەك يولى" نى بويلاپ غەرب تەرەپكە دېگىپ پامىردىن ئۆتكەندە ماڭىدىغان يول دەل مۇشۇ ئىككى مۇز تاغ باغرىغا جايلاشقان. شۇڭا، كۆكنارتقا چىقىپ، كۆكنارتنىڭ مۇز داۋانلىرىغا نەزەر تاشلاپ، قەدىمقىلارنىڭ كۆكنارتتىن ئۆتكەن جاپا - مۇشەققەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش-ئىمكانىيىتى قىزىقتۇرارلىق ئىش (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ساياھەت قىلىشقا بولىدۇ).

قارا كۆل: مۇز تاغ داۋىنى باغرىغا جايلاشقان، قەشقەر شەھىرىدىن 190 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3600 مېتىردىن كۆپرەك. ئۇ دۇنيادا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ئېگىز تاغ كۆلى. بۇ كۆلنى قاتمۇ - قات تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، ئومۇمى يەر كۆلىمى 10 كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭراق بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 30 مېتىر كېلىدۇ. كۆلنىڭ سۈپ-سۈزۈك سۈيىدە قاتمۇ - قات ئاقۋاش تاغلارنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ياپ - يېشىل يايلاق، ئاپپاق قوي پادىلىرى كۆل سۈيىدە ئەكس ئېتىپ

دۇ. ھاۋا ئېچىلىپ، كۈن نۇرى چۈشكەن، كۆل سۈيى تېنىچ ھالەتتە تۇرغان چاغلاردا، ئاسمان - زېمىن تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئالىدۇ. كۆل بويلىرىدىكى ئوت - چۆپ، گۈل - گىيالار قايتىدىن ياشىرىشقا باشلايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۆلدە ئۇزۇنلىقى 6 مىڭ مېتىردىن ئۇزۇنراق بىر لەھەڭ بېلىق بارمىش. ھەر كۈنى چۈشتە ھەر قانداق ئادەم كۆلدىن ئۆتەلمەيدۇ، شۇڭا، يەرلىك چارۋىچىلار ئۇنى «تىلسىم كۆل» دەپ ئاتىشىدۇ.

كۆل بويىدا كىگىز ئۆي ھەم ياغاچ ئۆيدىن ئىبارەت ئىككى خىل مېھمان ياتىقى بار. ساياھەتچىلەر كەلسە، ئازادە قونالغۇدا دەم ئالالايدۇ ھەم مېزىلىك تاماق بىلەن تويۇقلىنالايدۇ. ساياھەتچىلەرنى كۆلدە ساياھەت قىلىش ئۈچۈن تەمىنلەيدىغان ۋېزىنكە قېيىق بار، ئۇ ساياھەتچىلەرنى بەھوزۇر تاماشا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن ساياھەت قىلىشقا بولىدۇ).

**[چېگرىغا ئائىت تاشقى ئىشلار]** 1984- يىلى چېگرىدىكى تاشقى ئىشلار خىزمىتى كۆپەيدى.

(1) جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسى ئېچكى جەھەتتىن تەكشۈرۈلدى، لېكىن 1982 - يىلىدىن كېيىن يېڭى بىر قانچە ئەسلىمە كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى جۇڭگو - پاكىستان ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ قوشۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان.

(2) يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چېگرا ئېغىزىغا بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ھەم باشقۇرۇشى كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ۋىلايىتىمىزدە مۇئاۋىن ۋالىي يولداش لى دېڭجيېنىڭ باشچىلىقىدىكى چېگرا ئېغىزى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، خونجىراپ ئېغىزى ئىشخانىسىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى تەيىنلەندى.

(3) جۇڭگو - پاكىستان ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ۋە چېگرا ئالاقىسى كۆپەيتىلدى. 1984 - يىلى خونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چەتكە چىقىپ پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تۇغقان يوقلاش، ھەج قىلىش ھەم ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن بارغانلار جەمئىي 1457 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چەتئەل تەۋەلىكىدىكى كىشىلەر 164، چېگرىسىدىن كىرگەن كىشىلەر جەمئىي 1083 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە چەتئەل تەۋەلىكىدىكىلەر 188 كىشى.

جۇڭگو - پاكىستان ئەللىرى ھەم خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەت ھەم چېگرا ئالاقىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەرلىك ئەمەلدارلىرىمىز ھەم چېگرا ئېغىزىدىكى ئەمەلدارلىرىمىز ئايرىم - ئايرىم ھالدا پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسىم رايونى گىلگىت ۋە سوستقا بېرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. پاكىستان تەرەپ چېگرا ئېغىزى ئەمەلدارلىرى ھەم گىلگىت يەرلىك ئەمەلدارلىرىنى بىزنىڭ چېگرا ئېغىزىمىز ۋە تاشقورغان ناھىيىسىگە كېلىپ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىشقا ئىككى قېتىم تەكلىپ قىلدۇق. پاكىستان تەرەپتىن تەكلىپكە بىنائەن ئېلىمىزنىڭ چېگرا ئېغىزىغا كېلىپ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا جەمئىي 11 كىشى گىلگىت خارجى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ياردەمچى باج ئەمەلدارى ئىبراھىم ھۆسەيىننىڭ باشلامچىلىقىدا كەلدى. تەكلىپكە بىنائەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغان-

لىغىنىنىڭ 35 يىللىقىنى خاتىرىلەش بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە قاتناشقان جەمئىي 24 كىشى پاكىستان شىمالىي قىسىم رايونى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ئاجىمىز تاسىنىنىڭ باشلامچىلىقىدا كەلدى. بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە پاكىستانلىق مېھمانلار مۇنداق دېيىشتى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىزنىڭ ئەڭ يېقىن خوشنىمىز ھەم دوستىمىز ، جۇڭگو دۆلەت قۇرغان 35 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەققىدە بىزنى قايىل قىلدى، بىز جۇڭگودەك مۇشۇنداق سادىق دوستىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىمىز.»

پاكىستان ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا 150 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسىم رايونىغا 200 كىلوۋاتلىق بىر يۈرۈش سۇ كۈچى بىلەن توك چىقىرىش ماشىنىلىرى گورۇپپىسىنى تەقدىم قىلدى.

**[مۇھاجىرلار خىزمىتى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە ھازىر ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىدىن بولۇپ 15 مىڭغا يېقىن كىشى بار. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىدە 3085 كىشى، كونىشەھەر ناھىيىسىدە 4000 كىشى، يەكەن ناھىيىسىدە 1735 كىشى، يېڭىسار ناھىيىسىدە 1758 كىشى، ۋىلايەتتىكە قاراشلىق ئورۇنلاردا 868 كىشى بولۇپ، قالغانلىرى ھەر قايسى ناھىيىلەردە بىر قانچە يۈزدىن بار. چەتئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن ۋىلايىتىمىزدىكىلەر بىلەن ئۇرۇق-تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بارلار تەخمىنەن 40 مىڭ كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي ئاسىيا ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر ئەڭ كۆپ.

مەركەزنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئىچىدىكى زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىلەشتۈرۈشكە ئالاقىدار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1984 - يىلى بىز ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ خىزمەتنى ئىشلىدۇق: 1. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئىچىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگەللىدۇق. ۋىلايىتىمىزدىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئىچىدە ھازىر 259 نەپەر زىيالىي بار، بۇلار ئىچىدە ئالىي تېخنىكۇم سەۋىيىسىدىكى كىشىلەر 91 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكۇم سەۋىيىسىدىكىلەر 149 نەپەر، باشقىلار 19 نەپەر بولۇپ، ئۇنۋانى بارلار 112 نەپەر (ئالىي دەرىجىلىك زىيالىيلار 2 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىيلار 54 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىك زىيالىيلار 56 نەپەر)؛ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى 148 نەپەر، خەنزۇلار 111 نەپەر، پارتىيە ئەزالىرى 62 نەپەر؛ 2. مۇھاجىرلار خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ سىياسەت سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈردۇق. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى بىر قەدەر كۆپ بولغان قاغىلىق، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى ھەم قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرلىرىنى قەشقەر شەھىرىگە يىغىپ، ئۆگىنىش، چۈشەندۈرۈش، تەكشۈرۈش، مەسىلە ھەل قىلىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ۋىلايەتتىكە قاراشلىق 150 نەچچە ئورۇننىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئۇرۇق -تۇققانلىرى ئىچىدىكى زىيالىيلارغا قارىتىلغان سىياسەتنى ئەمەلىلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، ئۇلارنى ئەمەلىي چىنىقتۇرۇپ، مۇھاجىرلار خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردۇق؛

3. سىياسەت ئەمەللەشتۈرۈلۈپ، كونكرېت مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. تەكشۈرۈش جەريانىدا سېزىلگەن مەسىلىلەر ھەم پىكىرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن ئەمەللەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرىلەشتۇق، ئومۇمەن، ئورۇنلاردا ھەل قىلىش مۇمكىن بولسىلا دەرھال ھەل قىلىندى؛ ۋاقتىنچە ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىسا، ھەل قىلىش ۋاقتى ھەم چارىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ئۆز ئورۇنلىرىدا ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەل قىلىش شەرت بولسا، ئالاقىدار تارماقلار ياكى ۋىلايەت ئارقىلىق ھەل قىلىندى. سىياسەت، بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولمىغان بىر قىسىم پىكىرلەرگە نىسبەتەن سەۋر-تاقەتلىك بىلەن ئۆزگىچە چۈشەندۈرۈش بېرىپ، سىياسەتنى، داۋاملىق ئېنىق سۆزلەپ ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلدۇق. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەر ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىچىدىكى زىيالىيلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش، ئۇنۋان باھالاش، ئۆستۈرۈش، دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش، بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئۆگىنىشى، تۇرالغۇ جاي تەقسىم قىلىش، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ھەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قەرەللىك تەن سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردە كۆڭۈل بۆلدى ھەم غەمخورلۇق قىلدى. قەشقەر شەھىرى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن 25 ئائىلىنىڭ 112 ئېغىز ئۆيىنى قولىغا قايتۇرۇپ بەردى. بىر يىل ئىچىدە بىز مۇھاجىرلار سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈش جەھەتتە يەنە قېپقالغان ئۆي-مۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش، كادىرلار ئارخىۋىنى ئېنىقلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنىمۇ تۇتتۇق (چېن يۇۋ)

**[تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت]** 1976-يىلى "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز 80-يىللاردىكى 3 چوڭ ۋەزىپىنىڭ بىرسى — "تەيۋەننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش"نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1981-يىل 4-ئاينىڭ 29-كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىمىن توختى باشچىلىقىدىكى تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇردى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى باشقۇرىدىغان بولدى. 1984-يىلى - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)لەردىمۇ تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەتنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس كادىرلار سەپلەندى.

خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىقىلدى: تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن 45 ئائىلە بار، ئۇلار ئىچىدە تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىر ئائىلە، تەيۋەنگە كەتكەن خادىملارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى 44 ئائىلە، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىچىدە دۆلەت كادىرلىرى 41 نەپەر، بۇلارنىڭ 15 نەپىرى كومپارتىيە ئەزاسى، رەھبىرىي كادىرلار

# سەھىيە، تەنتەربىيە

## سەھىيە


[سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان] ئازادلىقتىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 1984-يىلغا كەلگەندە، ۋىلايىتىمىز يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى، 174 دوختۇرخانا، بىر سانائورىيە، 419 ئامبۇلاتورىيە، داۋالاش پونكىتى، 13 يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، 4 ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، 2 دورا تەكشۈرۈش ئورنى، بىر روھىي كېسەللەرنى يىغىۋېلىش ئورنى، بىر داۋالاش سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ئورنى، بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي مەكتىۋى بار ۋىلايەتكە ئايلاندى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 615 ھەر خىل تىپتىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى بار (يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق پولك-مەيدان دوختۇرخانىلىرى ۋە ئىلىندىكى دوختۇرخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، كېسەل كارىۋىتى 8133 دانە، سەھىيە پەن-تېخنىكا خادىملىرى 6554 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 78% نى تەشكىل قىلىدۇ)؛ ۋىلايەت بويىچە كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا جەمئىي 2089 داۋالاش پونكىتى، 79 نەپەر يېزا-كەنت دوختۇرى، 1634 سانىتار، 765 نەپەر تۇغۇت قو-

---

15 نەپەر. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بولغان سىياسەتنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، شەخسىي تارىخىي مەسىلىسى ۋە چەتئەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن كېسىم چىقىرىلىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگەن ھەم ئىشچىلىقتىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن 8 كىشى ئاقلاندى ھەم مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ۋىلايىتىمىز يەنە تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بولغان تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتتى. يىغىندىن بۇيان، ھەر قېتىم دۆلەت بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى ۋە باھار بايرىمى يېتىپ كەلگەندە، بىز تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ چاي يىغىنى ياكى سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەيۋەنگە قارىتىلغان تەشۋىقاتقا ئائىت ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدۇق. 1984-يىل ئاخىرى ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتۇق، ۋىلايەتلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەت خادىملىرى 10 ئائىلىدە تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قارىتىلغان سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. (جاۋ يىجېي)

بول قىلغۇچى، شەھەر - بازارلاردا يەككە تىجارەت قىلىۋاتقان 94 نەپەر دوختۇر بار. ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى داۋالاش ئورۇنلىرىدىن باشقا، يەنە يېزا باشقۇرغان داۋالاش، يېزا باشقۇرغان ھەمكارلىشىپ داۋالاش، كەنت باشقۇرغان داۋالاش، دوختۇرلار بىرلىشىپ باشقۇرغان داۋالاش ۋە يەككە داۋالاش قاتارلىق 5 خىل شەكىل بار.



تىببىي خادىملار جىددىي ئوپېراتسىيە ئۈستىدە

1984 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتى ئىنقىلابلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىملەشتۈرۈش، كەسىپلەشتۈرۈش پىرىنسىپى بويىچە سەھىيە تارماقلىرىدىكى دوختۇرخانا، پونكىت ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشىدى ھەمدە سەھىيە خىزمىتىدە رەھبەرلىكى بۇزۇلغان، قەدەم-باسقۇچلىرى بولمىغان ھالدا دەسلەپكى ئىسلاھات ئېلىپ باردى. بۇ جەھەتتە ئاساسلىقى ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا قۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. تىببىي مائارىپ جەھەتتە تەڭشەش يولغا قويۇلدى، سەھىيە تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، 2 - نومۇرلۇق كېسەللىكنى تەكشۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ۋە يېزا سەھىيە تەشكىلاتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر كۈچەيتىلدى.

1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا "ئومۇميۈزلۈك باھالاش، نومۇر ھېساپلاپ مۇكاپاتلاش" قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدىكى ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. يەكەن ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە قەشقەر شەھەرلىك دوختۇرخانا كادىرلار تۈزۈمى ۋە خادىملار تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ قىلىپ، "ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى" نى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى؛ بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتلىرى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى؛ يېزا دوختۇرخانىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق باشقۇرۇش، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە "5 نى بېكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش" تەدبىرلىرى قوللىنىلدى، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار ئىچىدە يېڭىشەھەر، يېڭىسار، تاشقورغان ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن باشقىلىرىنىڭ كېسەل كىرىم ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.



بىمار شىپاخانىسى [illegible]

سەھىيە تارماقلىرىغا قاراشلىق ناھىيەدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك 17 دوختۇرخانا 1984 - يىلى 1033793 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلىنى كۆردى. 22523 جىددىي كېسەلنى قۇتقازدى. 56831 كېسەلنى دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلىپ داۋالىدى، ساقىيىش نىسبىتى 70.7% گە يەتتى.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرى تارقىلۇچان كېسەللىكلەر ۋە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پىلان بويىچە ئىممۇنىتېتلاشتۇرۇش، ئەمگەك تازىلىقى، مەكتەپ تازىلىقى، يېمەكلىك تازىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1984 - يىلى 2 - نومۇرلۇق كېسەل تارقالمىدى. قەشقەر شەھىرى ئاساسلىق كوچىلاردىكى 250 دىن ئارتۇق ئورۇن بىلەن "ئىشىك ئالدىنى 3 جەھەتتە ھۆددىگە بېرىش" توختامى ئىمزالاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە 11 شەھەر ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلار تۈرۈشلۈك ناھىيىلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەركىتى كۆچمە قىزىل بايراق مۇسابىقىسىدا بىرىنچىلىككە ئېرىشتى ھەمدە مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەركىتى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا مۇكاپاتلاندى.

داۋالاش ۋە سەھىيە قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، قەشقەر تىببىي مەكتىپىدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئالىي تېخنىكوم سىنىپىدىن 4 ى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي تېخنىكوم سىنىپى بىر) ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىدىن بىرسى يېڭىدىن تەسىس قىلىندى، سېستىرالىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانى كۆپەيتىلدى، ئۇندىن باشقا، ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى ئاشقازان ئەينىكى بىلەن ئاشقازاننى تەكشۈرۈش، ئۇيغۇر تىبابەت، ماخاۋ كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، رېنتگېن، بەش ئەزا، سۈنئىي ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە 17 قارار نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

مارالبېشى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى ۋە ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇردى. ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى داۋالاش پونكىتى فابرىكا دوختۇرخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى 16 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئۇنىۋېرسال بىنا قۇرۇلۇشىنى باشلىۋەتتى. ھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار يېڭى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىپ، يېڭى تېخنىكا قوللىنىپ، ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. 3 - ئايدا خەلق دوختۇرخانىسى يۈرەك تەسۋىرى ئەسۋابى، ئاۋازدىن تېز يۈرەك ھەرىكەت

سىڭدۈرۈشى، تالالدۇق بوغۇملۇق ئۈچەي ئەينەكى ئارقىلىق تەكشۈرۈشنى تۇنجى قېتىم يولغا قويدى. 6 - ئايدا B تىپتىكى ئاۋازدىن تېز دولقۇنلۇق سۈرەت ھاسىل قىلىش ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇشنى تۇنجى قېتىم قوللاندى؛ تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى يېپىق زەنجىرلىك تېلېۋىزور رېنتگېن ئاپاراتىنى تۇنجى قېتىم ئورۇنلاشتۇردى. تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى ئىچكى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جەن فېڭگۈي شىنجاڭ قەشقەردىكى 5028 ئۇيغۇر، 909 ئۆزبېكنىڭ تېنىدىكى غەيرى نورمال قان قىزىل ئاقسىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا ئىككى دوكلات يېزىپ چىقىپ، مەملىكەت بويىچە 1 - قېتىملىق كىلىنىكىلىق ئىچكى بۆلۈم ئېپىدېمىيەت ئىلمىي تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويدى. خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن تىببىي مەكتەپ قارمىقىدىكى دوختۇرخانا ئايرىم - ئايرىم ھالدا "ئىلمىي كومىتېت" قۇردى. 7 - ئايدا، «قەشقەر سەھىيەسى» ژۇرنىلى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىشقا باشلىدى. 12 - ئايدا سەھىيە باشقارمىسى بىر قىسىم ناھىيەلەرنىڭ سەھىيە بۆلۈم باشلىقلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى (لايىھە) نى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى.

ئاپتونوم رايون 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىگە جەمئىي 13 مىليون 135 مىڭ يۈەن سەھىيە كەسپىي خىراجىتى، 2 مىليون 437 مىڭ يۈەن دۆلەت ھىمايىسىدىن داۋالىنىش خىراجىتى چۈشۈرۈپ بەردى. ۋىلايىتىمىزدە دۆلەت ھىمايىسىدىن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئادەم سانى 61438 نەپەر بولۇپ، داۋالاش خىراجەتلىرىنىڭ يىلدىن - يىلغا ئۆسۈپ بېرىشى، باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ۋىلايەت بويىچە 867666 يۈەن ئارتۇق چىقىم قىلىنىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر كىشىنىڭ ئەمەلىي چىقىمى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن 180% ئېشىپ كەتتى. (چىڭ ئەيدى)

**[پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى]** 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە بىر تەرەپتىن ئاپاراتلارنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، بىر تەرەپتىن تەشۋىقات-تەربىيىنى كۈچەيتىپ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش پىرىنسىپى بويىچە، مەركەزنىڭ "بىر ئەر - خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆرۈش" ۋە "ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك، كونكرېت تەلەپ جەھەتتە، مۇۋاپىق ھالدا كەڭرەك قويۇۋېتىشكە بولىدۇ" دېگەن سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە بىر قەدەر ياخشى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

1984 - يىلى ئاپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 45 نەپەر مەخسۇس خادىم سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ۋە تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغانلار 35 نەپەر بولۇپ، 77.8% نى تەشكىل قىلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ مۇناسىپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئاپاراتلىرىغا 148 نەپەر پىلانلىق تۇغۇت ياردەمچىسى تەكلىپ قىلىنىپ ۋە سەپلىنىپ، 3 دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

## قوشۇمچە : قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاساسى ئەھۋالى

| | ئاپارات سانى | كارۋات سانى | ئادەم سانى | | تېببى تېخنىكا خادىملار سانى | | | | | | | | | | | | | مەمۇرى خادىملار | | خىزمەتچىلەر | | باشقا يەنە تەتقىقات خادىملىرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئى | بۇندىن ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر | جەمئى | بۇندىن ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر | ئالى دەرىجىلىك: جەمئى | ئالى دەرىجىلىك: باش ۋە مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ | ئوتتۇرا دەرىجىلىك: جەمئى | ئوتتۇرا دەرىجىلىك: باش ۋىراچ | تولۇقسىز دەرىجىلىك: جەمئى | تولۇقسىز دەرىجىلىك: ۋىراچ دەرىجىلىك | تولۇقسىز دەرىجىلىك: دوختۇر دەرىجىلىك | تولۇقسىز دەرىجىلىك: ئوتتۇران بېكىتىلمىگەنلەر | دوختۇر | تېبابەت دوختۇرى | سېستىرا | جەمئى | بۇندىن ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر | جەمئى | بۇندىن ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر | جەمئى | بۇندىن ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر |
| جەمئى | 615 | 8133 | 8442 | 5144 | 6554 | 4078 | 20 | 20 | 181 | 181 | 6353 | 907 | 3516 | 1930 | 2082 | 160 | 1543 | 763 | 438 | 1125 | 609 | 27 | 19 |
| سەھىيە ئارگانلىرى | 39 | 2575 | 3876 | 2296 | 2851 | 1715 | 17 | 17 | 137 | 137 | 2697 | 531 | 1697 | 469 | 913 | 88 | 823 | 384 | 194 | 614 | 368 | 27 | 19 |
| كوللېكتىپ مۇلۈك چىلىكىدىكى | 142 | 3838 | 2423 | 2376 | 1960 | 1924 | | | 42 | 42 | 1918 | 127 | 971 | 820 | 595 | 46 | 353 | 249 | 240 | 214 | 212 | | |
| سانائەت ۋە باشقىلار | 434 | 1720 | 2143 | 472 | 1743 | 439 | 3 | 3 | 2 | 2 | 1738 | 249 | 848 | 641 | 394 | 18 | 365 | 103 | 4 | 297 | 29 | | |
| يەككە ئىگىلىكتىكىلەر | 92 | | 92 | | 92 | | | | | | 92 | | | | | 14 | 2 | | | | | | |

ئەتىياز پەسلىدىكى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىدە، تەشۋىقات ماشىنى-
سى، كىنو، لوزۇنكا، پىروئېكسىيە پىلاستىنكىسى، مەخسۇس سۈرەت قاتارلىق تۈرلۈك تۈ-
زۈملۈك تەشۋىقات شەكىللىرى ئارقىلىق، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمى-
يىتى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشى ئىلگىرى
سۈرۈلدى. تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى داۋامىدا ئۇرغۇن كىشىلەر پىلانلىق تۇغۇت
تەدبىرلىرىنى قوللاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 2140 ئادەم ھالقا سالدۇردى، 257 ئادەم بوغدۇ-
رۇۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى. 3864 ئادەم ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشنىڭ يېڭى دورى-
سى ۋە ئوكۇلى ئىشلەتتى.

1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پەرزەنت كۆرۈش يېشىدىكى ئەر - خوتۇنلار ئىچىدە،
تۇغۇتقا چەك قويۇش بويىچە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللانغانلار 19994 ئادەمگە يېتىپ،
تۇغۇتقا چەك قويۇش نىسبىتى 80.09% كە يەتتى. تۇغۇتقا چەك قويۇش بويىچە تۈرلۈك
ئوپېراتسىيە قىلدۇرغانلار 12022 ئادەمگە يەتتى. شۇ ئىچىدە يالغۇز پەرزەنت شەرەپ
كۈۋانامىسى ئالغانلار 4147 ئادەمگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە خەنزۇلار كۆرگەن پەرزەنت
1782 گە يېتىپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى 10% بولدى، خەنزۇلاردىن تەبىئىي كۆپەيگەن نوپۇس
1318 گە يېتىپ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.2% بولدى.

"ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك بېقىش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش"-
نى يولغا قويۇش—پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى تۈپ مەزمۇن. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويى-
چە 2000 دىن ئارتۇق بالا يالغۇز پەرزەنتلەر تەنھەرىكەت يىغىنى، ئەقلىي قابىلىيەت سى-
نىقىغا ۋە مەزمۇنغا باي ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىگە قاتناشتى. 2600 نەپەر يال-
غۇز پەرزەنتنىڭ سالامەتلىكى 2 - 1 قېتىمدىن تەكشۈرۈپ چىقىلدى. مارالۋېشى ناھىيىسى
تېخنىكىسى ياخشى دوختۇرلارنى ئاجرىتىپ، توي قىلغان 758 نەپەر تۇغۇش يېشىدىكى ئايال-
نى بالىياتقۇ بويۇنىراكى بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتى.

ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 11 - ئايدا ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك
پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ
ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرە قىلدى، ئالدىنقى مەزگىلدىكى خىزمەت-
لەرنى يەكۈنلىدى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش تەدبىرلىرىنى مۇ-
ھاكىمە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى.

پىلانلىق تۇغۇت ئومۇمىي ئەھۋالى:

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە، بىر تە-
رەپتىن ئاپپاراتلارنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن پى-
لانلىق تۇغۇت توغرىسىدىكى تەشۋىقات- تەربىيىنى كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش پىرىنسىپى
يولغا قويۇلۇپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ "بىر ئەر - خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆ-
رۈش" ۋە "ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك،
لېكىن ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ مۇۋاپىق كەڭرەك بولسا بولىدۇ" دېگەن سىياسەت
بەلگىلىمىسى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەي-
تىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇ يىل قى-
لىنغان بىرىنچى ئىش شۇ بولدىكى، ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەر دەرىجىلىك

پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 45 نەپەر مەخسۇس خادىم سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي كادىرلارمۇ خېلى زور نىسبەتنى ئىگىلىدى. كوممۇنالاردا 148 نەپەر پىلانلىق تۇغۇت ياردەمچىسى سەپلىنىپ، 3 دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. مەخسۇس خادىملار ئىچىدە ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە ۋە ئۇنۋانى بارلار 35 كىشىگە يېتىپ، 77.8% نى تەشكىل قىلدى.

10 ـ ئايدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ناھىيە (شەھەر) لىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنى چاقىردى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ (1984) 7-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ۋە مەركەز، ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ تونۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىدىيىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش ئىشەنچىسى ئاشتى.

11- ئايدا، ئۇقتۇرۇلۇق ھالدا پىلانلىق تۇغۇت ياردەمچىلىرىنى تەكلىپ قىلىش خىزمىتى تۈزۈلدى، جايلار ئالاقىدار ھۆججەتلەردىكى بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا، ئىدىيىسى ياخشى، ئىستىلى توغرا، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدىغان، تېنى ساغلام، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە 148 نەپەر ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق مىللىي ئاياللارنى تاللاپ كوممۇنا (يېزا) لارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ياردەمچىلىك خىزمىتىگە قويۇپ، پىلانلىق تۇغۇت سېپىدىكى كۈچلەرنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى.

ئەتىياز پەسلىدىكى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىدە، ھەجۋى رەسىم، كېزىت، لوزۇنكا، پىروجېكسىيە پىلاستىنكىسى ۋە تەشۋىقات ماشىنىسى قاتارلىق تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تەشۋىقات شەكىللىرىدىن پايدىلىنىلىپ، پىلانلىق تۇغۇتنىڭ پايدىسى، ئۇنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشى ئاساسى جەھەتتىن ئالغا سىلجىتىلدى. تەشۋىقات ئېيى ئىچىدىلا 2140 ئادەم ھالقا سالدۇردى، 257 ئادەم بوغدۇرۇۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، 296 ئايال بالىسىنى ئالدۇرىۋەتتى، 1624 ئادەم- قېتىم بالىسىنى قىردۇرىۋەتتى، 3864 ئادەم ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشنىڭ يېڭى دورىسى ۋە ئوكۇلى ئىشلەتتى.

«ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك بېقىش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش» — پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ تۈپ مەزمۇنى. يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ مەكتەپكىچە كىرىشتىن بۇرۇن ياخشى تەربىيە كۆرۈشى ئۈچۈن، ناھىيە (شەھەر)لەردە ئانىلار ياتقۇزىدىغان ھەر خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. مەسىلەن، يالغۇز پەرزەنتلەر ئۈچۈن 6 قېتىم تەنتەربىيە يىغىنى، ئەقىل ئىقتىدارىنى سىناش مۇسابىقىسى ۋە مەزمۇنغا باي ئەدەبىي- سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، 2000 ئادەم- قېتىمدىن ئارتۇق يالغۇز پەرزەنت

بۇ پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. بۇ پائالىيەتلەر يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

جايلار تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئاھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. بۇ يىل 2600 نەپەر يالغۇز پەرزەنت 2 ـ 1 قېتىمدىن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلۈپ، كېسەلى بارلار ۋاقتىدا داۋالىتىلدى، مارالبېشى ناھىيىسى يەنە تېخنىكىسى ياخشى دوختۇرلارنى ئاجرىتىپ، توي قىلغان 758 نەپەر تۇغۇش يېشىدىكى ئايالنى بالىياتقۇ بويىنى راكى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتى.

ۋىلايەت بويىچە تۇغۇش يېشىدىكى ئاياللارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كارتوچكىسى ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا سايمانلىرىنى باشقۇرۇش ھېساۋاتى ئاساسى جەھەتتىن تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

1984 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات يېتەكچىلىك پونكىتى قۇرۇلۇپ، رەھبەرلىكى ۋە خىزمەتچى خادىملىرى دەسلەپكى قەدەمدە سەپلەندى.

1984 ـ يىللىق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئەھۋالى.

19994 ئادەم تۇغۇتقا چەك قويۇش بويىچە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۇغۇتقا چەك قويۇش نىسبىتى 80.09% كە يەتتى؛

12022 ئادەم (مىللى، خەنزۇ) تۇغۇتقا چەك قويۇش بويىچە تۈرلۈك ئوپېراتسىيە قىلدۇردى؛

4147 ئادەم (شەھەردە) يالغۇز پەرزەنت شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالدى؛

1984 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە خەنزۇلار 1782 پەرزەنت كۆرۈپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى 10% بولدى؛

1984 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە خەنزۇلاردىن تەبىئىي كۆپەيگەن نوپۇس 1318 نەپەر بولۇپ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.2% بولدى.

**[ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى]** 1984-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىدە، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بويىچە 3 دەرىجىلىك تور قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسلىقى ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بىلىملىرى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋە يېتىشتۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش كادىرلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەكەن، پوسكام، مەكىت، تاشقورغان ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، يېڭىچە تۇغۇت قوبۇل قىلىش، ھامىلە ئورنى خاراكتېرلىك قىيىن تۇغۇت، يۇقىرى ھامىلە ئورنىدا زەھەرلىنىش كېسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش، تۇغۇت ئالدى ـ كەينىدىكى ساقلىقنى ساقلاش، ئاياللارنىڭ «بەش مەزگىل» دىكى تازىلىقى، بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق جەھەتتىكى ساۋاتلارنى سۆزلەپ چۈشەندۈردى. بۇ ئۆگىنىش كۇرسلىرىدا تەربىيىلەنگەنلەر 82

ئادەم ( قېتىم ) گە يەتتى . ناھىيە ( شەھەر ) لەر 175 قارار تەربىيلەشكۇرسى ئېچىپ، 1003 ئادەمنى تەربىيلىدى .

بۇ يىل يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلغانلار 87% كە يېتىپ، بۇلتۇرقىغا قارىغاندا 2% كۆپەيدى . ھامىلدار ئاياللارنىڭ قىيىن تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 7.4‰ بولۇپ، بۇلتۇرقىغا قارىغاندا 6.4‰ تۆۋەنلىدى. بوۋاقلارنىڭ تىتانوس كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 0.3‰ ، زاكا ئىسسىقى بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 1.5‰ بولدى.

بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىدە، بالىلاردىكى ئىككى خىل كېسەل ( راخىت كېسەللى ۋە ئوزۇقلىنىش خاراكتېرلىك قان ئازلىق كېسەللى ) نى تەكشۈرۈپ داۋالاش ئاساس قىلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە 7 ياشتىن تۆۋەن 342383 بالىدىن 24510 بالا تەكشۈرۈلۈپ، 3208 بالىنىڭ كېسەللى بارلىقى ئېنىقلاندى، 1081 بالا داۋالاندى . 1- ئىيۇن ئەرپىسىدە ۋىلايەت بويىچە يەنە 42 يەسلى، بالىلار باغچىسىدىكى 1908 نەپەر بالىنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى .

ئاياللاردىكى « ئىككى خىل كېسەل » ( بالياتقۇ چۈشۈش، سۈيدۈك ئاقمىسى ) گە قارىتا داۋالاش ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەش خىزمىتى ئىشلەنگەندىن تاشقىرى، يەنە ساقايماي كەلگەن كېسەللەر داۋالاندى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ قوللىشى ۋە يارىدىمى ئارقىسىدا، بۇ يىل 9 - ئايدا، ۋۇشى ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ سۈيدۈك ئاقمىسىنى داۋالاش مۇتەخەسسىسى ياڭ يىۋىن، باش سېسترا گۇلمىچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى كۆك شىيائېچى تەكلىپكە بىنائەن ۋىلايىتىمىزگە كېلىپ 30 قېتىملىق سۈيدۈك ئاقمىسى ئوپېراتسىيىسى ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەككەپ سۈيدۈك ئاقمىسى ئوپېراتسىيىسى 18 . ئۇندىن باشقا ئۇلار يەنە لېكسىيە سۆزلىدى .

كەڭ تېببىي خادىملارنىڭ ئاياللاردىكى « ئىككى خىل كېسەل » نى داۋالاش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، سەھىيە باشقارمىسى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر يىغىنىنى چاقىرىپ، تېببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى ئاياللار بۆلۈمى، مارالبېشى ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، يەكەن ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىنىڭ ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش گورۇپپىسى قاتارلىق 17 ئىلغار كوللېكتىپ، 50 نەپەر ئىلغار خىزمەتچىنى مۇكاپاتلىدى . ( چىڭ ئەيدى )

**[ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ]** 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى . ناھىيە، يېزا، كەنت 3 دەرىجىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تورلىرى داۋاملىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوشۇنى تېخىمۇ كۈچەيدى، تۈرلۈك تەدبىرلەر داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى .

1 . پىلان بويىچە ئىممۇنىتېتلاشتۇرۇش خىزمىتى جەھەتتە، 1984 - يىلى ۋىلايەت بو-

يىچە 7 ياشتىن تۆۋەن 344417 بالىدىن 271930 بالىغا سالامەتلىك كارتوچكىسى تۇرغۇزۇلۇپ، ئومۇمى بالىلار سانىنىڭ 79%نى تەشكىل قىلدى؛ قىزىل ۋاكسىنىسى ئەملەنگەنلەر 316609 نەپەر، قىزىل چىققانلار 4242 نەپەر بولۇپ، ئەملەنگەن ئادەم سانىنىڭ 1.3%نى تەشكىل قىلىپ، 1983 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 1.7% تۆۋەنلىدى؛ بالىلار پالەچى شېكەر يالىتىلغان كومۇلىچىنى يىگەن بالا سانى 257828 ئادەم (قېتىم)، كېسەل يۈز بەرگىنى 6 ئادەم بولۇپ، ئۆلۈش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى؛ كۆك يۆتەل ۋاكسىنىسى سېلىنغان ئادەم سانى 482770 نەپەر بولۇپ، كېسەل كۆرۈلگىنى 2795 نەپەر. ئۆلگىنى 2 نەپەر. كېسەل بولۇش نىسبىتى 5.8%، 1983 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 3.3% ئازايدى؛ بوغما كېسەلى كۆرۈلگەنلەر 26 نەپەر بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 1983 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 0.15% ئازايدى؛ كالىپەت ـ گىزبىرىن ۋاكسىنىسى ئەملەنگەنلەر 68689 ئادەم (قېتىم) بولدى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋە 9 ئاھالە كومىتېتىدىكى 2000 ئادەم تۇبېركولىيوز كېسىلى بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. ۋىلايەت دائىرىسىدە 19760 تۇياق چارۋىغا "زەھەرسىز كۆيدۈرگە سپورىلىق جانلىق باكتېرىيە" ۋاكسىنىسى سېلىندى. ۋاكسىنا سېلىنىشتىن بۇرۇن، 1982 ـ يىلى كۆيدۈرگە كېسەللىكىنىڭ ئادەمدە كۆرۈلۈش نىسبىتى $\frac{517}{100000}$ بولغان بولسا، 1984 ـ يىلى $\frac{193}{100000}$ كە چۈشۈپ، 61.85% تۆۋەنلىدى، بۇ پاكىت چارۋىدا بولىدىغان كۆيدۈرگە كېسىلى نىسبىتى ۋە ئۆلۈش نىسبىتىنى ئازايتقاندا، ئادەمدە بولىدىغان كۆيدۈرگە كېسىلى نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

2. ئەمگەك ـ ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى جەھەتتە، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىتتىكى 21 زاۋۇت، كان، كارخانىدىكى قوغۇشۇنلۇق بېنزول مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 118 نەپەر ئىشچىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى 15 ئورۇندىكى 442 نەپەر كىشى كىرەمنىيلىق ئۆپكە كېسىلى بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە زەھەرلىك، زىيانلىق ماددىلار ئارىسىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان ئىشچىلار ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە ئەمگەك سۇغۇرتا ئارخىپى ئورنىتىلدى.

3. مەكتەپ ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى جەھەتتە، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئۆيىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى يېقىننى كۆرۈش كېسىلى، مەدە كېسەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش خىزمىتى نۇقتىلىق ھالدا ئىشلىنىپ، 284 كىشى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. كۆرۈش ئىقتىدارى 0.8 — 0.3 گىچە دائىرىدە بولغانلارغا پار ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلۇپ، ھەر بىر كىشى 30 قېتىم داۋالانغاندىن كېيىن، ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 70% كە يەتتى. 1501 كىشى مەدە قۇرۇتى بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، 63 نەپەر كىشىدە كېسەل بارلىقى ئېنىقلاندى، بۇلارنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 4.2% بولۇپ، 1983 ـ يىلدىكى 18.99% گە قارىغاندا 77.88% تۆۋەنلىدى. بۇ، ئۇدا ئىككى يىل ئېلىپ بېرىلغان ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش ئارقىلىق يۇقۇملىنىش مەنبەئىنىڭ ئازايتىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

4. يېمەكلىكلەر تازىلىقى خىزمىتى جەھەتتە، 1984-يىلى 10-ئايدا يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىرى قوشۇنى رەسمىي تەشكىللىنىپ، ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 27 نەپەر مەخسۇس نازارەتچى، 15 نەپەر قوشۇمچە نازارەتچى، 20 نەپەر تەكشۈرگۈچى بېكىتىپ چىقىلدى. قارا تەمرەتكە كېسىلى بويىچە مۇداپىئە خاراكتېرلىك دورا بېرىلگەنلەر 13980 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 1983-يىلىدىكى 0.66% تىن 0.48% كە تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، قەشقەر شەھىرىدىكى يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش بويىچە 18 مۇلازىمەت كەسپىنىڭ يېمەكلىك تازىلىقى ئەھۋالى ئۇقتىملىق تەكشۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى ۋە مەملىكەتنىڭ شەھەر تازىلىقى بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

5. كالا ئازار كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى جەھەتتە، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، قەشقەر شەھىرىدىكى 20 كوممۇنا، 87 كەنتتىكى 6 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان 23750 نەپەر ئۆسمۈر-بالىلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلىنىپ، يېڭىدىن كېسەللىك كۆرۈلگەن 20 كىشى ۋە كېسىلى قايتا قوزغالغان 4 كىشى تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ھەقسىز داۋالىتىلدى. 7 كوممۇنا، 13 چوڭ ئەترەتتىكى 1170 ئائىلىنىڭ 221400 كۋادرات مېتىرلىق ئاھالىلار رايونىدىكى ئېغىل-قوتانلارغا ھەدرو بېرومىد مېيى چېچىلدى.

6. باش تەمرەتكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى جەھەتتە، ۋىلايەت بويىچە باش تەمرەتكىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 85416 كىشى تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتى 94.25% گە يەتكۈزۈلدى. تانا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى جەھەتتە، 8 ناھىيە (شەھەر) دە جەمئىي 8498 ئادەم ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، كېسەللىك نىسبىتى 7.87% بولۇپ چىقتى. بۇ، ۋىلايىتىمىزدە تانا سىل كېسەللىكىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىنىڭ خېلىلا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ماخاۋ كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى بويىچە قاغىلىق، تاشقورغان ناھىيىسىدە 2 دىن چوڭ ئەترەت ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقىلدى ھەمدە پەيزىۋات، مارالبېشى، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيەلەردە كېسەللىك يىپ ئۇچى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

7. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، تەبىئىي رادىئاكتىپلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان يادرولۇق ئېلېمېنت ئۇران تورى رادىي تەجرىبىخانىسى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئورۇنلىنىپ، ۋىلايىتىمىز شىنجاڭ بويىچە رادىئاكتىپلىق يادرو ئېلېمېنتلىرىنى ئانالىز قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىيەلەيدىغان 2 ئورۇننىڭ بىرى بولۇپ قالدى. سېرىقسۇ موھىتىدىكى كاما نۇرىنىڭ يورۇتۇش نىسبىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلىنىپ، جەمئىي 22575 سان-سىپىر توپلىنىپ، تاشقورغان، ئاقچى ناھىيىلىرىدىكى رادىئاكتىپلىق سېرىقسۇ يورۇتۇش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلدى. پامىر ئېگىزلىكىدىكى ھەدرو ئامىنونىڭ ئۆزىنىڭ

ئېچى ۋە سىرتىدىكى قويۇقلۇق دەرىجىسى ئۆلچەپ چىقىلدى، 324 سايتلىك كېچە ـ كۈن ـ دۈز ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ئەگرى سىزىق چېرتيوژى سىزىپ چىقىلدى. بۇ، دۆلەت ئىچىدە ئۆلچى قېتىملىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا، 144 سائەت گورۇپپا ـ قېتىم سان ـ سېغىر ئىگىلەندى، ئۆي ئىچى ۋە تالادىكى چۈغلانما مىقدارى ۋە سۇ تەركىبىدىكى رادىئاكتىپلىق ئۇران تۈرى ۋە رادىيىنى ئانالىز قىلىش بويىچە 101 قېتىم ئۆلچەش خىزمىتى ئىشلەندى؛ كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربى رايون 12 ـ دوختۇرخانىسىنىڭ ئىزوتوپلار بۆلۈمى مۇداپىئەلىنىش بويىچە نازارەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى؛ ۋىلايىتىمىزدىكى نا- ھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك 4 دوختۇرخانىدا ئىشلىتىلىۋاتقان رېنتگېن ئاپپاراتىنىڭ چاس- توتىسىنى ئۆلچەش تەكشۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاندى. (سۇڭ شەنۋېن)

## [يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى]

ۋىلايىتىمىز يەرلىك كېسەللىكلەر كۆپ يۈز بېرىدىغان رايون بولۇپ، 1983 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان يەرلىك خاراكتېرلىك قالقانسىمان بەز ئىششىقى، بىروتسېللىيوز، ئاياقچە مىكروپ كېسىلى، سۇدىكى فتور بىلەن زەھەرلىنىش، بې- غىر قۇرۇتى كېسىلى قاتارلىق يەرلىك كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغۇچىلارنىڭ سانى 270 مىڭدىن ئېشىپ ۋىلايىتىمىزدىكى ئومۇمى نوپۇسنىڭ 12% نى تەشكىل قىلدى، يەرلىك كېسەللىكلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بىۋاستە زىيان يەتكۈز- مەكتە.

1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدىلا، ۋىلايىتىمىزدە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىقى تېرە كېسەللىكلىرى، باش تەمرەتكىسى، موخۇ، قارا تەمرەتكە كېسىلى، يەرلىك خاراكتېرلىك قالقانسىمان بەز ئىششىقى قاتارلىق كېسەل- لىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان ئىدى. 1959 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش بۆلۈمى قۇرۇلدى (ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئىچىدە)، 1982 ـ يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومدا يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، 5 نەپەر كەسپىي كادىر بۇ ئىشقا مەخسۇس قويۇلدى، نۇقتىلىق ناھىيە، شەھەر- لەردىمۇ ئىشخانا قۇرۇلۇپ، جەمئىي 10 نەپەر كەسپىي كادىر بۇ ئىشقا قويۇلدى.

1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، يەكەن ناھىيىسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى، مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىس- مايىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى؛ مۇئاۋىن ۋالىي ئېيساشاكىر يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپ- پىسىغا ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلادى بەردى؛ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋېنچى يىغىن ئاخىرلاشقاندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە، ۋەكىللەر كېسەللىك

يۈز بەرگەن رايونىنى كۆردى. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش بويىچە پەننىي تەربىيە كىنوفىلىملىرىنى كۆردى. يىغىندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئىشخانىسىدىكى بارلىق يولداشلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، 11 ناھىيىگە بېرىپ، يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ، باشقۇرغۇچى رەھبەرلىككە دوكلات قىلدى ۋە يوليورۇق سورىدى. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يەرلىك كېسەللىكلەرگە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشقا ئائىت ھەر خىل كىتابلاردىن 3000 نۇسخە بېسىپ تارقىتىلدى، ھەر قايسى ناھىيىلەردە پەننىي تەربىيە كىنو فىلىملىرى نۆۋەت بىلەن 41 مەيدان قويۇلدى.

ۋىلايەت دائىرىسىدىكى تۈرلۈك يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش پونكىتىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، مەكىت، يوپۇرغا، پەيزىۋات، مارالبېشى، يېڭىسار، يەكەن 6 ناھىيىدە (ھەربىر ناھىيىدە بىردىن يېزا تاللاندى) يەرلىك خاراكتېرلىك قالقان بەز ئىششىقى كېسەللىكلىرىنىڭ سانى توغرىسىدا يىغىۋاشتىن ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئادەم سانى 34305 نەپەر، كېسەللى بارلار 4096 نەپەر بولۇپ، كېسەللىك نىسبىتى 11.94% بولغان. 1983-يىلى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان پوسكام ناھىيىسىنى مىسال ئالساق (بۇ ناھىيە نۇقتىلىق كېسەللىك رايونى)، ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى ئىشلىنىشتىن ئىلگىرىكى 1972-يىلى تەكشۈرۈلگەن 403 ئادەمدىن كېسەللى بارلار 317 نەپەر بولۇپ، كېسەللىك نىسبىتى 63.02% بولغان. ئىككى يىل داۋام قىلغان ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمەتلىرى ئارقىلىق، كېسەللىك نىسبىتى 12.9% گە چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، 9 ناھىيىدىكى 30664 ئادەمنىڭ سۇ ئارقىلىق يۇقۇملىنىش ۋە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى قاتارلىقلار بويىچە ئەسلىمە خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. فىتور بىلەن زەھەرلىنىش ئەھۋالى بويىچە تەكشۈرۈلگەن ئادەم سانى 40246 نەپەر، چىشىدا فىتورلۇق داغ چۈشكەن ئادەم سانى 11854 نەپەر، كېسەللىك نىسبىتى 29.45% بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە، يېڭىسار، ناغىلىق، پەيزىۋات، يەكەن، يوپۇرغا، پوسكام قاتارلىق 6 ناھىيىنىڭ ھەر قايسىسىدىن 100 نەپەردىن جەمئىي 591 ئالاتان بەز ئىششىقى بار كېسەللەرگە يودلۇق ماي ئوكۇلى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئۈنۈمىنى كۆزەتكەندە، ئوكۇل ئۇرۇپ 3-2 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قالقان بەز ئىششىقى كېسەللى نىسبىتى 53.6% گە تۆۋەنلىگەن، كېسەللىك نىسبىتى ئەسلىدىكى 48.22% تىن 24.36% گە تۆۋەنلىگەن. بۇ، قالقان بەز ئىششىقى كېسەللىكىنى يودلۇق ماي ئوكۇلى بىلەن ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۈنۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. 1984-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش پونكىتىنىڭ تەشكىللىشى، ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق، 27 ئىتنىڭ ئورگانلىرىدىكى [illegible] قۇرۇت كېسىلى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

[ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەركىتى ۋە مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى ئەھۋالى] 1984 - يىلىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەركىتى مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى ئېيى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تازىلىق ھەركىتى بۆسۈش نۇقتا قىلىنغان ھالدا، بىر ئايلىق پائالىيەت ئارقىلىق پۈتۈن يىللىق خىزمەتلەر ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تازىلىقتا ياخشى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىگە تۈرتكە بولدى. يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئارمىيە بىلەن خەلق مەنىۋى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە يارىتىش بويىچە 152 كەنت، 21 ئورۇن، 10500 "بەشتە ياخشى" ئائىلە قۇرۇلدى. يەكەن ناھىيىسىدە ئارمىيە بىلەن خەلق مەنىۋى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە يارىتىش بويىچە 20 ئورۇن قۇرۇلدى، مەدەنىيەتلىك ئورۇنلاردىن بەشى قۇرۇلدى. قەشقەر شەھىرى "ئىشىك ئالدىدىكى 3نى ھۆددىگە بېرىش"، "قورو كۆرسەتكۈچى" نى تازىلىقتا ياخشى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسلىق كوچىلاردىكى 250 دىن ئارتۇق ئورۇن بىلەن "ئىشىك ئالدىدىكى 3نى ھۆددىگە بېرىش" توختامى ئىمزالىدى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئەلا نەتىجە ياراتقان 128 ئورۇن باھالاپ بېكىتىلدى.

ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە تەخمىنەن 8 قېتىمدىن ئارتۇق زەربىدارلىق تازىلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، بىر مىليون 500 مىڭ ئادەم تازىلىق ئەمگىكىگە قاتناشتى، 70 نەچچە مىڭ توننا ئەخلەت تازىلاندى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 11 شەھەر ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلار تۇرۇشلۇق ناھىيىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەركىتى بويىچە كۆچمە قىزىل بايراق مۇسابىقىسىدا قەشقەر شەھىرى بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، 1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مەملىكەت بويىچە 27 ئۆلكە، شەھەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەركىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، 10 مىڭ يۈەن مۇكاپات ئالدى.

مۇھىت تازىلىقىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلار يەنە يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتى. سەھىيە باشقارمىسى ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 26 نەپەر كىشىنى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىكىگە، 15 نەپەر كىشىنى قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىكىگە، 20 نەپەر كىشىنى تەكشۈرگۈچى خادىم قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ، تىجارەت رۇخسەت گۇۋاھنامىسىنى يېڭىۋاشتىن تارقاتتى. ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى باكتېرىيە ۋە فىزىكىلىق خىمىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش ۋە يېمەكلىكلەر تازىلىقى سۈپىتى بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇردى. قەشقەر شەھىرى گۆش، پېچىنە - پىرەنىك، سوغۇق ئىچىملىكلەر قاتارلىق 32 خىل يېمەكلىكتىن 245 نۇسقا ئېلىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى.

جايلار تازىلىقنى ياخشىلاش بويىچە تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. يېڭىسار، مەكىت ناھىيىلىرى كوچا يوللىرىغا ماي ياتقۇزۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. قەشقەر شەھىرى كونا تاملارنى چېقىپ، ئاستىدىكى خىلاپ قۇرۇلۇشلارنى كۆچەردى ھەمدە 2400 مېتىر ئۇزۇن-

لىۋىقىمكى كۆكەرتىش بەلۋېغىنى ئۆزگەرتىپ چىقتى، 187 مو يەرگە گۈل تېرىلدى، شەھەر ئىچىدە 10 جايدا گۈللۈك ياسىدى.

**[قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى]** ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى قەشقەردە ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇ جۇڭگو تىبابەتچىلىكى، زاڭزۇ تىبابەتچىلىكى، موڭغۇل تىبابەتچىلىكى، ھىندىستان تىبابەتچىلىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى، ئەرەب خەلقىنىڭ تىبابەتچىلىك تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك خەزىنىسىنى بېيىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە ئىنتايىن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتى ۋە جۇڭگوچە داۋالاش سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، 1957 - يىلى 8 - ئايدا ھۆكۈمەت يۈسۈپ ھاجى، مامۇتخان، ئىمىنجان، زۇنۇن قارى، ئابدىراخمان كېرىم قاتارلىق پىشقەدەم تېۋىپلارنى تەشكىللەپ، قەشقەر شەھرىدە بىرىدىن - بىر ئۇيغۇر تىبابەت بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى قۇردى. 1959 - يىلى 40 كېسەل كارىۋىتى ۋە 50 نەپەر خىزمەتچى خادىم كۆپەيتىپ، ئامبۇلاتورىيىنىڭ نامىنى قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى، 1976 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.



مەشھۇر ئۇيغۇر پىشقەدەم تېۋىپ زۇنۇن قارى دا- ۋالاش تەجرىبىسىنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىۋاتـ- سۈرەتتە: ياشلار جۇڭيى دوختۇرلىرى ئۇقۇماق تېببىي كىتاۋىنى رەتلەپ نەشىر قىلدۇرۇشقا ياردەملەشمەكتە- لى جۇۋتىماڭ فوتوسى

ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى 20 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كۆچۈرۈش ئارقىلىق، ھازىر مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولدى. بۇ شىپاخانىدا ھازىر بار كېسەل كارىۋىتى 156، خىزمەتچى خادىم 176 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېببىي تېخنىكا خادىم 109 بولۇپ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 62%نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ شىپاخانىدا 1 نەپەر ئۇيغۇر تىبابەت مۇدىر ۋىراچ، 2 نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ، 9 نەپەر باش ۋىراچ بار. ۋىراچ ئۇنۋانىنى ئالغانلار 18 نەپەر. دورىگەر 40 نەپەر. بۇ شىپاخانىدا ئامبۇلاتورىيە، تاشقى - ئاياللار بۆلۈمى ( ئىچكى كېسەللىكى بۆلۈممۇ بۇنىڭ ئىچىدە )، ئىچكى - باللار بۆلۈمى، دورا بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمى، دورا زاۋۇدى قاتارلىق ئاپاراتلار بولۇپ، ئاساسلىقى ئاشقازان كېسىلى، بوغۇم ياللۇغى، نېرۋا ئاجىزلىق، يۈرەك كېسىلى، ئاق كېسەل، تەمرەتكە، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاياللار كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنى داۋالايدۇ. ئاق كېسەللىكنى داۋالاش ئۈنۈمى 1979 - يىلى 13% كە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 1979 - يىللىق پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ شىپاخانا ھەر يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىن داۋالىنىش ئۈچۈن كەلگەن ئاق كېسەللەرنى قوبۇل قىلىدۇ.

شىپاخانىنىڭ دورا زاۋۇتى تاپلېت، كۇكۇلاچ، تالقان، سۇيۇقلۇق، ئوكۇل، مەلھەم ۋە قىيام شەكلىدىكى دورىلارنى ياسىيالايدۇ. بۇ دورىلارنى ئۆزى ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، يەنە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيىلەرنىمۇ تەمىنلەيدۇ. 1964-يىلىدىن بۇيان، بۇ شىپاخانا ئايرىم-ئايرىم ھالدا «قانۇنچە» (ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك كىتابى)، «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىببىي دورىگەرلىك قوللانمىسى»، «ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ ياسالمىلار قوللانمىسى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى، ھازىر بىر قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى، بىر رېنتگېن ئاپاراتى، يۈرەك ھەرىكىتىنى توك ئارقىلىق چىرتىيوزلاشتۇرۇش ئاپاراتىدىن 2 سى، 3 دانە توڭلاتقۇ، لازىر نۇرى بىلەن داۋالاش ماشىنىسى، قىسمىش ماشىنىسى، شېكەر يالىتىش ماشىنىسى، ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى، ئايرىش ماشىنىسى، ئۇۋاش ماشىنىسى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئۈسكۈنىلەر بار. ئۇيغۇر تىبابەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە، شاگىرت يېتەكلەش چارىسىنى قوللىنىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 15 نەپەر تېۋىپ ۋە دورىگەر يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ شىپاخانا يەنە تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىبابەت، دورىگەرلىك خادىملىرىدىن 189 كىشىنى يېتىشتۈردى.


**[قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى]** قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى 1934 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 - دوختۇرخانا دەپ ئاتالغان. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بۇ دوختۇرخانىدا ئاددىي جاھازلانغان بىرلا ئامبۇلاتورىيە ۋە 30 كېسەل كارىۋىتى، 20 نەچچە نەپەر خىزمەتچى خادىمى بار ئىدى. 1950 - يىلى بۇ دوختۇرخانا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، نامى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 1961 - يىلىدىن باشلاپ ھازىرقى نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، بۇ دوختۇرخانا تەرەققىي قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئاپاراتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بۇ دوختۇرخانىدىكى خىزمەتچىلەر 535 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 55.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. 398 نەپەر تىببىي تېخنىكا خادىمى ئىچىدە، 7 نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ، 33 نەپەر باش ۋىراچ بار. ھازىر بۇ دوختۇرخانىدىكى كېسەل كارىۋىتى 380 گە يەتتى، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 24320 كۋادرات مېتىر بولۇپ، دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدىكىنىڭ 7.9 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى.

بۇ دوختۇرخانىدا ھازىر پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى دوختۇرخانا باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلماقتا، ئۇندىن باشقا، 2 - سەپكە چېكىنگەن مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچلاردىن تەركىب تاپقان پەن - تېخنىكا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر خىزمىتىنى ئىشلەشكە مەسئۇل. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1983 - يىلىدىن بۇيان، بۇ دوختۇرخانا داۋالاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاشنى مەر-

كەڭ قىلىنغان ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقتىن، ئىلمىي ئاساستا باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مۇلازىمەت سۈپىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا قۇرۇش پائالىيىتى داۋامىدا، بۇ دوختۇرخانا سەھىيە مىنىستىرلىكى تارقاتقان دوختۇر-خانا خىزمەت نىزامىغا ئاساسەن، تۇراقلىق ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنات-تى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، كېسەللىك رايونىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قورۇلتىيى ئۆتكۈزۈپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى-نى ئىشقا سالدى، 1983 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 1984 - يىلى كېسەل كارۋاتلىرىنىڭ ئىش-لىتىلىش نىسبىتى 90% تىن 101.5% گە كۆتۈرۈلدى. دىئاگنوز لاياقەتلىك نىسبىتى 94% تىن 96% گە كۆتۈرۈلدى. كېسەللەرنىڭ ساقىيىش نىسبىتى 76.7% تىن 79.3% گە كۆتۈرۈلدى، جىددى قۇتقۇزۇشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلىش نىسبىتى 82% تىن 86% گە كۆتۈرۈلدى، خاتا دا-ۋالاش نىسبىتى 1983 - يىلدىكىگە قارىغاندا 31% تۆۋەنلىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ دوختۇرخانا يۈرەك تەسۋىرى چىرتيوژ ئاپاراتى، M تىپلىق ۋە B تىپلىق ئاۋازدىن تېز سۈرئەت ھاسىل قىلىپ دىئاگنوز قويۇش ئەسۋابى، تالالىق ئاشقازان ئەينىكى، 12 بارماق ئۈچەي ئەينىكى، بوغماق ئۈچەي ئەينىكى، كانايـچە ئەينىكى، تويۇق زەنجىرلىك تېلېۋىزور - رېنتگېن ئاپاراتى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى نازۇك داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، دىئاگنوز قويۇش سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.



1- خەلق دوختۇرخانىسىدىكى ئاياللار تۇغۇت بۆلۈمى ئەمدىلا تۇغۇلغان يالغۇز بوۋاقلارنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىۋاتىدۇ.

لى جىزتىڭ فوتوسى

كوبالت 60 لىق داۋالاش ئاپاراتىمۇ ئىشلىتىلىش ئالدىدا تۇرماقتا، بۇنىڭ بىلەن يامان سۈپەتلىك ئۆسمە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلـدى.

بۇ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش تېخنىكا سەۋىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆرۈنەر-لىك ھالدا ئۆستى، ئۆتكۈر يۈرەك موسكۇلى تىقىلمىسى كېسەللىكىنى جىددى قۇتقۇزۇش بويىچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى جەھەتتە دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يې-قىنلاشتى. ئىچكى بۆلۈمدە ھوشىدىن كەتكىنىگە 84 كۈن بولغان، زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك تارقىلۇچان مېڭە ياللۇغى كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بىر كىشىنى جىددى قۇتقۇزۇپ مۇۋەپ-پەقىيەت قازاندى. تاشقى بۆلۈمدە سۇدا تۇنجۇقۇپ، يۈرىكى سوقۇشتىن 16 مىنۇت توخ-تاپ قالغان بىر بالىنى جىددى قۇتقۇزۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. مىكروسكوپلۇق تەك-شۈرۈش تاشقى بۆلۈمى ھايۋاناتلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىدىن كېيىن كلىنىكىدا كۆچ-

تى. ئايانلار بۆلۈمىدە بىر ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدىكى 13 جىڭ ئېغىرلىقتىكى ئۆسمە كېسىپ ئېلىۋېتىلدى. باللار بۆلۈمىدە ئۈچەي كۆيدۈرگە كېسەلى بىلەن ئاغرىغان بىر بالىنى جىددىي قۇتقۇزۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بەش ئەزا بۆلۈمىدە كېكىرتەكنى كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى ئىشلەندى. كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە تور پەردىسىدىن كۆز ئېقىمىنى ئاجرىتىش ئوپېراتسىيىسى ئىشلەندى، ئۇنىڭدىن باشقا كۆرۈش تور پەردىسىدىكى سېرىق داغ يېرىشىنى لازېر نۇرى بىلەن داۋالاش يولغا قويۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىلىنىكىلىق تېخنىكىدا جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تىببىي تېخنىكا بۆلۈمى 17- كېتون، 17 - ھىدروئوكسىدنى ئۆلچەش - كەسمە يۈزى بويىچە رەسىمگە ئېلىش ۋە تۈيۈق زەنجىرلىك تېلېۋىزور رېنتگېن ئاپپاراتى ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇشنى يولغا قويۇپ، كىلىنىكىلىق داۋالاشنى ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ دوختۇرخانىنىڭ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش سەۋىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

بۇ دوختۇرخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق 5 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، «ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ئۆز ئارا كۆيۈنۈش»نى تەشەببۇس قىلىپ، ۋىلايەتنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپى ۋە ۋىلايەت بويىچە مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا بولۇپ باھالاندى. بۇ دوختۇرخانا يەنە ئۇدا 4 يىل پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

1984 - يىلى ئاپتونوم رايون 6 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، بۇ دوختۇرخانىدا 16000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 500 كارۋاتلىق ئۇنىۋېرسال بىنا سېلىشنى قارار قىلدى. قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى تەييارلىق خىزمەتلىرى ھازىر ئىشلىنىۋاتماقتا. (لىيۇ شىچىڭ، دۇجىيۇڭ)

**[ قەشقەر تىببىي مەكتەپ ]** قەشقەر تىببىي مەكتەپ 1956 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مەكتەپ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىغا يۈزلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلىرى بىر تۇتاش قوبۇل قىلىنىپ، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدۇ.

مەكتەپ قۇرۇلغان 28 يىلدىن بۇيان، كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتى. ھازىرغا قەدەر 2 ئوقۇتۇش بىناسى، بىر كۇتۇپخانا بىناسى، بىر زال سېلىنىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياتاق، ئاشخانا، ئىشخانا، ئامبار قاتارلىقلار بار، قۇرۇلۇش كۆلىمى 15293 كۋادرات مېتىر، 800 - 600 ئوقۇغۇچى سىغىدۇ.

مەكتەپتە ئايرىم تەسىس قىلىنغان 22 كافېدرا بولۇپ، بۇلار سىياسىي، تەنتەربىيە، خەنزۇ تىلى، فىزىكا، خىمىيە، ئاناتومىيە، مىكرو ئورگانىزملىق پارازىتلار، فىزىئولوگىيە، دورىگەرلىك، فاتولوگىيە، گىگىيېنا، ئاز سانلىق مىللەتلەر تېبابەتچىلىكى، را-

دىئاگنوستىكىلىق كىلىنىكىلىق تەكشۈرۈش، كېسەللەرنى كۆزىتىش، ئىچكى كېسەللىك، تاشقى كېسەللىك، بالىلار كېسەللىكى، ئاياللار كېسەللىكى، بەش ئەزا كېسەللىكى، جۇڭگوچە داۋالاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەر قايسى كاپېدرالاردا مۇناسىپ ھالدا تەجرىبىخانا ۋە كىلىنىكىلىق پىراكتىكا قىلىش بازىسى بار. ئوقۇتۇش سايمانلىرى تەخمىنەن 399 دانە بولۇپ، قىممىتى 42322896 يۈەن.

مەكتەپ كۇتۇپخانا بىناسىدا ماتېرىيال ئۆيى، چەتئەل يېزىقىدىكى كىتاب - ژۇرنال ئۆيى، ئوقۇتقۇچىلار قىرائەتخانىسى، ئوقۇغۇچىلار قىرائەتخانىسى كىتاب ئامبىرى بار.

بۇ مەكتەپنىڭ قارمىقىدا يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىلىنىكىلىق پىراكتىكا بازىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان دوختۇرخانىسى بار.

قەشقەر تىببىي مەكتەپتە ھازىر جەمئىي 214 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار (مەكتەپ قارمىقىدىكى دوختۇرخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). ئوقۇتۇش خىزمىتىگە بىۋاسىتە قاتنىشىدىغان 131 ئادەم ئىچىدە، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ 3 نەپەر، باش ۋىراچ 20 نەپەر، لېكتوردىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 35 نەپەر، مەمۇرىي خادىملار 40 نەپەر، خىزمەتچى خادىملار 43 نەپەر.

بۇ مەكتەپتە دوختۇرلۇق، لابوراتورىيە، گىگىيېنا، تۇغۇت قوبۇل قىلىش، دورىگەرلىك، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك، ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىك قاتارلىق 8 كەسىپ بار. 1984 - يىلىدىن باشلاپ، يەنە تىببىي ئالىي تېخنىكوم، ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكوم قاتارلىق 2 ئالىي تېخنىكوم كەسپى ئېچىلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 900 دىن ئاشىدۇ. بۇ مەكتەپ يەنە قارارسىز ھالدا تۈرلۈك شەكىلدىكى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ تۇرىدۇ.



قەشقەر تىببىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە خىزمەت ئورنىدا تەجرىبە ئېلىپ بارماقتا. جېن دېۋ فوتوسى

1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەر تىببىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى 3113 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى تەخمىنەن 80% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى يېزا، ناھىيە، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك داۋالاش، سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پەن - تەتقىقات تارماقلىرىدىكى تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالدى، بەزىلىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى ياكى ۋىراچلىققا ئۆستى.

[قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى] قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىي يولى بولغان جەنۇبىي ئازات يولىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، 1961 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - دوختۇرخانا دېگەن نام بىلەن قۇرۇلغان. 1964 - يىلى سابىق تىببىي مەكتەپ شۆبە دوختۇرخانىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش خاراكتېرلىك بۇ دوختۇرخانا قۇرۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كېسەل كارىۋىتى 300 گە يەتتى ھەمدە كادىرلار بالىنتسىيىسى تەسىس قىلىندى. ھازىر بۇ دوختۇرخانىدا 33 بۆلۈم، ئىشخانا، 344 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. دوختۇرخانا بويىچە مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ 2 نەپەر، باش ۋراچ (جۈملىدىن رېنتگېن بۆلۈمىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ۋراچ ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى دورىگەر) 27 نەپەر، ۋراچ 29 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي خادىملار 193 نەپەر، مەمۇرىي خادىملار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 92 نەپەر. دوختۇرخانىنىڭ مۇقىم مۈلكى 2 مىليون 283 مىڭ 834 يۈەن.

بۇ دوختۇرخانا داۋالاش، ئوقۇتۇش ۋە پەن-تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئۈچ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەھىيە ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى، بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بۇ دوختۇرخانىنىڭ خىزمەت ئۆتەش پوزىتسىيىسى ياخشىلانماقتا، داۋالاش - كۈتۈش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلنىڭ مابەينىدە مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا قۇرۇپ چىقىش پائالىيىتى داۋامىدا، «بىمارلار بىرىنچى، سۈپەت بىرىنچى، ئىناۋەت بىرىنچى» بولۇش ۋە دوختۇرخانا ئىستىلى جەھەتتە «مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، تىرىشچان بولۇش، قەتئىي بولۇش»نى كەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە يېڭى يۈكسىلىش بولدى. كېسەللىكلەرنىڭ ساقىيىش، ياخشىلىنىش نىسبىتى يىلدىن-يىلغا ئۆسۈپ باردى. بالىلار بۆلۈمى، رېنتگېن بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى سەھىيە ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە خېلىلا يۇقىرى شۆھرەت قازاندى. تاشقى بۆلۈمدە يۈرەك ئوپېراتسىيىسى ۋە جىگەر قانىتىنى كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى تېخى قانات يايدۇرۇلمىغاندىن تاشقىرى، باشقا ئوپېراتسىيەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. بولۇپمۇ تاشقى بۆلۈمدىكى بىرۋا ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئىشلىنىشى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. ئىچكى بۆلۈمدە ھەر قايسى سىستېمىلاردىكى ئىچكى بۆلۈم كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئاساسىدا، ئۇلترا قىسقا ئاۋاز دولقۇنىدا يۈرەك ھەركىتىنى چىرتىيوزلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ۋە قاندا بولىدىغان كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش تېخنىكىسى جەھەتتە خېلىلا يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئاياللار بۆلۈمىدە ئۇچرايدىغان كېسەللەرگە ئائىت تۈرلۈك ئوپېراتسىيەلەرنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەل-

تۈزۈلدى. رېنتگېن بۆلۈمى تۇراۋاك سايە پەيدا قىلىپ رەسىمگە ئېلىپ تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش تېخنىكىسىنى ئىگىلىدى، ئالغان رەسىملىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، دىئاگنوز قويۇش سەۋىيىسى يۇقىرى بولدى. 1984 - يىلى تۇيۇق زەنجىرلىك تېلېۋىزور رېنتگېن ئاپاراتى قوراشتۇرۇلۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ رېنتگېن ئارقىلىق تەكشۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە يەنە بىر يېڭى ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. تەكشۈرۈش بۆلۈمى 205 خىل تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن كېسەللىكلەرنى دىئاگنوز قويۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. دورا بۆلۈمى دوختۇرخانىدىكى دورىلارنى تەمىنلەش جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپ، كېسەللەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەرنى كۈتۈش خىزمىتى سۈپىتىمۇ پەيدىن - پەي يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە.

تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى تىببىي مەكتەپنىڭ فېلشېرلىق، سېستىرالىق، تەكشۈرۈش، رادىئاكتىپ، دورىگەرلىك قاتارلىق كەسپلەر بويىچە ئوقۇتۇش ۋە پىراكتىكا ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالماقتا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاشقى بۆلۈم، بالىلار بۆلۈمى، رېنتگېن، ئاشقازان ئەينىكى ئارقىلىق تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ھەر مىللەت تىببىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تۆھپە قوشماقتا. پەن-تەتقىقات جەھەتتە ئەمەلىي تەتقىقاتنى ئاساس قىلىش، شۇنداقلا، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېغىر بولغان داۋالاش ۋە ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىي 7 توپلام، 100 نەچچە پارچە پەن-تەتقىقات ئىلمىي ماقالىسى يېزىپ چىقتى، بۇنىڭ كۆپ قىسمى دۆلەت ۋە يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك تىببىي مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ئىلمىي يىغىنلاردا ئالماشتۇرۇلدى.

**[ مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا قۇرۇش ]** 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانىلاردا «مۇلازىمەت سۈپەتلىك بولۇش، كېسەل كۆرۈشتە مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەلا تەرتىپ ئورنىتىش، گۈزەل مۇھىت بەرپا قىلىش، مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا قۇرۇش» مۇسابىقە پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ھەر قايسى دوختۇرخانىلار مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «پاسكىنىچىلىق» نى تۈگىتىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلغان ھالدا، دوختۇرخانىدىن ئامبۇلاتورىيە ۋە بالىنىستىچە، دوختۇر - سېستىرا خادىملاردىن خوجىلىق، مۇلازىمەت خادىملىرىغىچە، تاشقى مۇھىتتىن تارتىپ ئىچكى مۇھىتقىچە ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىنىپ، دوختۇرخانا ئىچىدىكى 4468 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ماي ياتقۇزۇلدى، 67060 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 2200 تەشتەك گۈل ئۆستۈرۈلدى، 20 گۈللۈك باغچا ياسالدى، 2200 توننا ئەخلەت تازىلاندى، ھەر قايسى دوختۇرخانىلار سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنى تۇتۇپ، دوختۇرلۇق كەسپىي ئەخلاقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرغانلىقتىن، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى. 3 - ئايدا ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىدە، ھەر قايسى دوختۇرخانىلار كېسەللەرنىڭ ئۆيىگە

بېرىپ كېسەللەرنى داۋالاش ۋە دورا يەتكۈزۈپ بېرىشنى يولغا قويدى. كوچا، زاۋۇتكان، مەكتەپ، يېزىلارغا چۆكتۈرۈپ چۈشۈپ 31939 ئادەم (قېتىم) كېسەل كۆردى. 5-ئايدا ئېلىپ بېرىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ ئاياللار بۆلۈمى تۇغۇتتىن كېيىن يۇقۇملىنىپ شوك بولۇپ قالغان بىر ئايالنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 90 يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى. 2-ئاينىڭ 16-كۈنىدىكى پاتۇس بايرىمى كېچىسى رەئىس مۇنىيرنىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى پائال تۈردە جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىپ، نۇرغۇن ئادەمنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالدى. تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى 16-فېۋرال ۋەقەسىدە جىددىي قۇتقۇزۇش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى، ئىككى دوختۇرخانىدىن جەمئىي 84 كىشى مۇكاپاتلاندى.

ھەر قايسى دوختۇرخانىلار خىزمەت تەرتىۋىنى، ئامبولاتورىيە تەرتىۋىنى ۋە بالنىتسا تەرتىۋىنى تەرتىپكە سېلىپ، تېخنىكا ماھارىتى جەھەتتە مەشىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. جىددىي قۇتقۇزۇش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، سۈپەتلىك خىزمەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەللەرنى كۈتۈش بۆلۈمى 200 كۈن بىخەتەر مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش بويىچە مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. كۆپ ساندىكى دوختۇرخانىلار 20-مايدىكى سېستىرالار بايرىمىدا ئىلغارلارنى مۇكاپاتلىدى، سۈپەتلىك خىزمەت ئۆتەشنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار ئەسلىدىكى ئاساستا بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتتى. سەھىيە باشقارمىسى يەكەن، قاغىلىق، مارالبېشى، مەكىت، پەيزىۋات، يېڭىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەرگە 2 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئۈسكۈنە يەتكۈزۈپ بەردى. ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى، يەكەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالاش سايمانلىرى بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، سايمانلارنى رېمونت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج پىلانىنى كۈچەيتتى. يەكەن ناھىيىلىك دوختۇرخانا، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى بالىلار ئىچىدىغان بەدەن قۇۋۋەتلىگۈچى سۇيۇقلۇقىنى كىلىنىكىدا ئىشلىتىپ، داۋالاش ئۈنۈمىنى 90% تىن ئاشۇردى.

8-ئايدا، ۋىلايەت «مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا قۇرۇش بويىچە دوكلات قىلىش يىغىنى» چاقىردى. خەلق دوختۇرخانىسى، مىللىي شىپاخانا، يەكەن، مارالبېشى، قاغىلىق ناھىيىلىك دوختۇرخانىلار مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا قۇرۇش بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## دىسسېرتاتسىيىدىن تاللانما

**[شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 909 نەپەر ئۆزبېكنى قىزىلقان ئاقسىللىق كېسىلى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات]**

شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، 2 مىليون 300 مىڭ نوپۇسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزبېك نوپۇسى 3016 بولۇپ،

ئۇلار قەشقەر شەھىرى، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەرگە ئورۇنلاشقان. قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلى رۇشەن ئىرقى ئالاھىدىلىك ۋە تارقىلىش پەرقىگە ئىگە. 1982 - يىلى 14 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) نىڭ غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا، 1070 نەپەر ئۆزبېكنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلىنى ئۇچراتمىغانلىقى يېزىلغان. ۋىلايىتىمىزدىكى ئۆزبېك مىللىتى ئارىسىدا قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1983 - يىلى 5 - ، 6 - ئايدا قەشقەر شەھىرى ۋە يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرىدىكى 909 نەپەر ئۆزبېكنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتۇق، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تۆۋەندىكىچە دوكلات قىلىمىز.

ماتېرىيال ۋە ئۇسۇل.

تەكشۈرۈش ئوبيېكتى: ئۆزبېكلەر ئائىلىسىدىكى بىر قىسىم ئەزالار. ئەڭ كىچىكى 4 ئايلىق، ئەڭ چوڭى 88 ياش؛ تەكشۈرۈلگەن ئەر 427 نەپەر (46.97% نى تەشكىل قىلىدۇ)، ئايال 482 نەپەر (53.03% نى تەشكىل قىلىدۇ). ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەنلەر ئۆزبېكلەر ئومۇمى نوپۇسىنىڭ 30% چامىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىشلەتكەن ماتېرىيال ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلى: مەملىكەتلىك غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى تەتقىقات ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى تۈزگەن «غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى» بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

1. تاللاش: قاننى سوپۇنلاشتۇرۇپ ئېرىتىش ئۇسۇلى بويىچە قىزىل قان ئاقسىلى ئېرىتمىسى تەييارلىنىپ، سىركە كىسلاتا تالالىق ئېپىز پەردىسى ($pH$ ئېرىتمىسىنىڭ كىسلاتالىق ئىشقارلىق قىممىتىنىڭ بەلگىسى — ت) $pH$ 8.6 بۇفېر ئېرىتمىسىدە ناھايىتى ئاز مىقداردا ئېلېكترولىزلاشتۇرۇلدى.

2. قانشۇناسلىق بويىچە تەكشۈرۈش: غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلى بار دەپ تاللانغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۈستىدە ھۈجەيرە مورفولوگىيىسى بويىچە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلىپ، قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ مىقدارى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كۆك قان تومۇردىن قان ئېلىنىپ تۆۋەندىكى تەجرىبىلەر ئىشلەندى:

(1) قىزىل قان ئاقسىلى $A_2$ نى ئۆلچەپ بېكىتىش؛

(2) غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنى ئۆلچەپ بېكىتىش؛

(3) ئىزوپروپىل ئالكوھولنى تەجرىبە قىلىش؛

(4) ئىشقارغا قارشى قىزىل قان ئاقسىلىنى ئۆلچەپ بېكىتىش؛

(5) ئېرىش دەرىجىسىنى تەجرىبە قىلىش؛

(6) ئورالغان تەنچە ئۈستىدە تەجرىبە قىلىش؛

(7) Heiuz كىچىك تەنچىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى تەجرىبە قىلىش؛


(8) كىسلاتا ئارقىلىق يۇيۇپ چىقىرىۋېتىش تەجرىبىسى قىلىش؛

(9) پەپتىد زەنجىرىنى پارچىلاش تەجرىبىسى.

نەتىجىسى


1 . قىزىل قان ئاقسىلى كېسەللىكى پەيدا بولۇش چاستوتىسى : 909 نەپەر تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ئىچىدە ، غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسەللى سېزىلگەنلەر جەمئىي 5 نەپەر بولۇپ ، كېسەل يۈز بېرىش نىسبىتى 3.3% . بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 2 نەپەر ، ئايال 3 نەپەر، بۇلار ئايرىم - ئايرىم 3 جەمەتتىن تەركىپ تاپقان .

2 . غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ ئېلېكتروفورېزلىق ئورنى : غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ قاندىكى ئېرىتمىسى بىلەن نورمال قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ قاندىكى ئېرىتمىسىنى $pH$ 8.6 بۇففېر ئېرىتمىسىدە ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئېلېكتروفورېزلاشتۇرۇپ سېلىشتۇرغاندا ، ئورنى قىزىل قان ئاقسىلى $A$ بىلەن $A_2$ نىڭ ئوتتۇرىسىدا جايلاشقان غەيرى بىر بەلۋاغنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ ئاستا ئېلېكتروفورېز دائىرىسىگە تەۋە بولۇپ، ئورنى $D_2$ گورۇپپىسىنىڭ ئورنىغا ئوخشاش بولىدۇ. ( 1 - رەسىمگە قارالسۇن )




1 - رەسىم: غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ ئېلېكتروفورېزلىق ئورنى .

3 . پېپتىد زەنجىرىنى پارچىلاش تەجرىبىسى: ئىشقارلىق شارائىتتا (ئۇرېئا- مېركاپتو ئېتانول — $TEB$ بۇففېر ئېرىتمىسى $PH$8.6 ) پېپتىد زەنجىرىنى پارچىلاش: قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ قاندىكى ئېرىتمىسىدىن 50 مىكرو لىتىر مېركاپتو ئېتانول بىلەن ئۇرېئانىڭ بۇففېرلىق ئېرىتمىسىدىن 50 مىكرولىتىرنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆي ئىچى تېمپېراتۇرىسىدا 2 - 1 سائەت چايقىغاندىن كېيىن، ئاز مىقداردا نۇسخە قوشۇش سايىمىنى ئارقىلىق $TEB$ بۇففېر ئېرىتمىسىگە چىلانغان سىركە كىسلاتا تالالىق پەردىسىگە قويۇپ، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ 45 مىنۇت ئېلېكتروفورېزلاشتۇرغاندىن كېيىن، رەڭگى قىزىللىنىدۇ، ئۇنى 3% لىك سىركە كىسلاتاسىدا يۇيۇپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن نورمال بولغان $\alpha$ زەنجىرى $\beta$ زەنجىرىنى، شۇنداقلا، غەيرى پېپتىد زەنجىرىنىڭ مۇسبەت قۇتۇپ تەرەپتە نورمال $\beta$ زەنجىرگە يېقىن تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ مۇشۇ تىپتىكى غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ $\beta$ زەنجىرلىك غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ( 2 - رەسىمگە قارالسۇن).




2 ـ رەسىم: پېپتىد زەنجىرىنى PH 8.6 بۇففېر شارائىتىدا پارچىلاش

4 . بىئو خېمىيىلىك تەكشۈرۈش ( تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قارالسۇن ):


| [illegible] % | [illegible] % | كىسلاتاغا چىداملىق [illegible] | Heinz كىچىك تەنچىسى % | [illegible] تەنچە | ئىشقارغا قارشى Hb % | [illegible] | غەيرى HP% | HbA % | $HbA_2$ % | نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 101.75 | — | — | 21.5 | — | 0.76 | ± | 30.65 | 66.59 | 2.8 | 556 |
| | — | قىزىلىراق | 28.5 | — | 0.5 | — | 29.74 | 67.74 | 2.52 | 593 |
| | 7.4 | — | | — | 3.76 | + | 45.6 | 52 | 3.4 | 680 |
| | 3.8 | — | | — | 8 | + | 38.38 | 59 | 2.62 | 683 |

5 . ھۈجەيرە مورفولوگىيىسى بويىچە كۆزىتىش: 683 ـ نومۇردا قىزىل ھۈجەيرە بويالغان رايونىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھالدا كېڭىيىپ بىر تۇتاشلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

6 . جەمەت بويىچە تەكشۈرۈش ۋە كلىنىكىلىق ئىپادىسى: 680 ـ نومۇر، ئايال، 25 ياش، ئاتا ـ ئانىسى ئۆزبېك، يولدىشى ئۇيغۇر، 3 بالا تۇغقان. ئادەتتە ھەمىشە باش ئاغرىش، باش قېيىش، ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلغان، ئەمما ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ داۋالاشتۇرۇۋەرگەن. ئۇنىڭ 9 ئايلىق بولغان 3 ـ بالىسى 683 ـ نومۇرنى تۇغۇلۇش تەرتىپى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگەندە يېتىلىشى ئارقىدا قالغان، چىرايىدىن يېنىك دەرىجىدە قان ئازلىق ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، 6 چىش چىققان، بۇرنى پاناق، ئالقىنى ئۆتۈشۈپ كەتكەن، جىگىرى بىر بارماق چوڭلۇقتا يوغىناپ كەتكەن ھەمدە ئوتتۇرا دەرىجىدە قېتىشقان، روھى ھالىتى تېتىك ئەمەس. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە ئوڭايلا گىرىپتار بولۇپ كەلگەن، يېقىنقى بىر يىل ئىچىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم ئۆپكە ياللۇغى كېسىلى بىلەن ئاغرىغان. بۇ بالا 16 ئايلىق بولغاندا زىيارەت قىلغىنىمىزدا ئۆپكىسى يەنە بىر قېتىم يۇقۇملانغان، يېنىك دەرىجىدە قان ئازلىق كۆرۈلگەن، قىزىل قان ئاقسىلى مىقدارى 9 گىرام بولغان؛ كېسەللىك تارىخىدا قارا رەڭلىك سىيىش قاتارلىق قالدۇق ئىپرىتىمە خاراكتېرىدىكى قان ئازلىق ۋە سۈزۈك رەڭلىك كۆكەرتمە كۆرۈلمىگەن. 593 ـ نومۇر 680 ـ نومۇرنىڭ بىر تۇغقان ئاچىسى بولۇپ، ۋىجىك ـ ئورۇق، چىرايىدىن يېنىك دەرىجىدە قان

ئازلىق ئالامىتى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە جىسمانى جەھەتتىن ئاجىزلىق بار، تېزراق يول ماڭسىلا دېمى سىقىلىپ، يۈرىكى سوقۇپ كەتكەندەك بولىدۇ. دائىم يۆتىلىدۇ، بېشى قايىدۇ، چىرايىدىن قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. جىگەر ـ تال چوڭ ئەمەس. غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلى بار، قالغان ئىككى كىشىدە ھېچقانداق كېلىنىكىلىق ئالامەتلەر كۆرۈلمىگەن ( 3 ـ رەسىمگە قارالسۇن).

3 ـ رەسىم: جەمەتلەر بويىچە كۆرسىتىش رەسىمى




مۇزاكىرە

1 . كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش چاستوتىسى.

قەشقەر شەھىرىدىكى 3 كوچا باشقارمىدىن 251 ئادەم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلى بار ئادەمدىن 4 ى چىقتى، بۇلار 2 جەمەتنىڭ كىشىلىرى. يەكەن ناھىيىسىدىن 512 ئادەم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ ( ئۆزبېكلەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 50%نى تەشكىل قىلىدۇ)، غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلى بارلار چىقمىدى. قاغىلىق ناھىيىسىدىن 106 كىشى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلى بار ئادەمدىن بىرسىلا چىقتى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن 909 ئادەم ئىچىدە غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلى بارلار 3 جەمەتتىن 5 كىشى بولۇپ، كېسەللىك يۈز بېرىش چاستوتىسى 3.3% بولدى. بۇ نىسبەت شۇرايوندىكى ئۇيغۇرلاردا بولىدىغان غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يۇقۇرىراق. بۇ 1982 ـ يىلى 14 ئۆلكە ( ئاپتونوم رايون ) نىڭ غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلادىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 1070 نەپەر ئۆزبېك ئىچىدە غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلار يوق، دېگەن ھۆكۈم بىلەن ئوخشىمايدۇ. بۇ ئەھۋال رايونلار ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە ئولتۇراقلاشقان ئۆزبېكلەر ئىچىدە غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ تېپىلغانلىقى غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلىنىڭ رايون ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېرقى ئايرىمىسى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن. كىلىنىكىلىق خىزمەت جەريانىدا قان ئازلىق كېسىلى بار كىشىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

2 . غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېسىلىنىڭ تۈرى: 5 نەپەر غەيرى قىزىل قان ئاقسـ

لى كېسەللىكىنىڭ ئېلېكتىروفورېزلىق ئورنى قىزىل قان ئاقسىلى A بىلەن $A_2$ نىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، $D_2$ گورۇپپىسى بىلەن تەڭ كېلىدۇ. ئىككىللىنىدىغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، قىزىل قان ئاقسىلى A بىلەن $A_2$ ئوتتۇرىسىدىكى ئاستا ئېلېكتىروفورېزلىق غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى بىر قانچە خىل بولىدۇ. قىزىل قان ئاقسىلى S بىلەن D نىڭ ئىشقارلىق شارائىتتىكى ئېلېكتىروفورېزلىق ئورنى ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما كىسلاتالىق شارائىتتا قىزىل قان ئاقسىلى S نى A بىلەن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ، D نى بولسا تولۇق پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئېلېكتىروفورېز نەتىجىسى مۇشۇ گورۇپپىدا سېزىلگەن غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ S بولماستىن، بەلكى D بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ مىقداردىن قارىغاندىمۇ D نىڭ مىقدارىغا يېقىنلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. قىزىلكىلىق خىمىيە ھالىتى، پېپتىد زەنجىرىنىڭ پارچىلىنىشى، سىزىقچە خەرىتىسى ۋە ئامىنو كىسلاتا تەركىۋى بويىچە ئانالىز قىلغاندا $\beta^{(1)}$ Glu → Glu بولىدىغانلىقى، دەسلەپكى تەسىرىنىڭ Hbo Los Angeles بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. مۇناسىۋەتلىك سۈرەت ۋە سان-سىفىرلار كېيىن ئېلان قىلىنىدۇ.

3 . غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا ئىزدىنىش: قەشقەر، يەكەن ۋە قاغىلىقتا ئولتۇراقلاشقان ئۆزبېكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆچۈپ كەلگەن. بۇ مىللەت سودىگەرچىلىكنى ياخشى كۆرىدۇ، باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ كەڭ، يېقىن تۇققانلار ئۆز ئارا توي قىلىدىغان ئەھۋالمۇ كۆپ، گەرچە ئاياللار ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئانچە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆز ئارا توي قىلىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئۆزبېكلەر بىلەن تويلاشقاندىن كېيىن غەيرى قىزىل قان ئاقسىلنى ئۆز ئەۋلاتلىرىغا قالدۇرۇپ كېتىدىغانلىقى سېزىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ ئېلېكتىروفورېزلىق ئورنىدىن قارىغاندا ئۆزبېكلەر ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش. ئىككى مىللەتنىڭ غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ قاندىكى ئېرىتىلمىسى ئوخشاش شارائىتتىكى ئوخشاش قاچىدا ئېلېكتىروفورېزلاشتۇرغاندا، ئۇلاردىكى غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى بەلۋېغى تامامەن بىردەك. بۇ خىل ئەھۋال بۇ ئىككى مىللەتتىكى غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنىڭ ھەقىقەتەن بىر خىل تىپقا ياتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۆزبېكلەر ھەقىقەتەن 1920-يىللىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆچۈپ كىرگەن بولۇپ، غەيرى قىزىل قان ئاقسىلىنى توشۇپ يۈرگۈچىلەرنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تا ھازىرغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىماقتا. شۇڭا ۋىلايىتىمىزدىكى ئۆزبېكلەردە ئۇچرايدىغان غەيرى قىزىل قان ئاقسىلى كېنىلىرى ئېھتىمال سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىدىن باشقا، كىلىنىكىلىق تەكشۈرۈشتە قاننىڭ قايتا ئىشلەپچىقىرىلىشى توسالغۇغا ئۇچراش، ئاق قان كېسىلى، ئىلىك تۈگۈنلىرى زىيادە ئۆسۈپ كېتىش خاراكتېرلىك بەزى كېسەللىكلەر، قاندا ئېرىتىشچان خوسۇسىيەتكە ئىگە بەزى قان ئازلىق ۋە قوغۇشۇن بىلەن زەھەرلىنىش قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان،

كېيىن پەيدا بولغان فەيرى كېلىنلىق كېسەللىكلەرنى تامامەن تۈگەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغۇچىلارمۇ بۇ خىل قاراشنى ياقىلايدۇ.

ئاساسلىق پايدىلىنىلغان ماتېرىياللىرى: قىسقارتىلدى.

ئىزاھات: 3 - رەسىمدىكى شەرتلىك بەلگىلەر:

□: ئەر، ○: ئايال.

◺: ياكى Ø: ئۆلگەنلەر.

◑: كېسەل توشۇغۇچىلار.

(جەن فېڭگۈي، سۇڭ باۋرۇڭ، خۇدا بەردى)

## تەنتەربىيە

**[ تەنتەربىيە خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان ]** ئازاتلىقتىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1956 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە ئورگانلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1973 - يىلىغا كەلگەندە ناھىيە (شەھەر) لەردە تەنتەربىيە كومىتېتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى. كوممۇنالارنىڭ 80% دە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە خىزمىتى پونكىتى، بىر قىسىم كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيلىرى قۇرۇلۇپ، قوشۇمچە تەنتەربىيە خادىمى سەپلەندى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ۋىلايىتىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرى بىر قەدەر تېز راۋاجلاندى. ۋىلايەتتە جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەنتەربىيە باش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبىسى قۇرۇلدى. قۇرۇلغان يەككە تۈردىكى جەمئىيەتلەر ئىچىدە يېنىك ئاتلېتكا، پۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالېيبول، تېنىس - تاك توپ، چېپلىنىش، سۇ ئۈزۈش، شاخمات، قارىغا ئېتىش، چامباشچىلىق، ئاتقا چىقىش، بېلىق تۇتۇش قاتارلىق 13 جەمئىيەت بار. بىر قىسىم زاۋۇت-كان كارخانىلار ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردا يەنە ئاساسىي قاتلام تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى. تەنتەربىيە مەيدانلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرىمۇ بىر قەدەر زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە جەمئىي ئونىۋېرسال چوڭ تىپتىكى تەنتەربىيە مەيدانلىرىدىن 15 ى (مەكتەپ ۋە باشقا سىستېمىلارنىڭمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 24 پۇتبول مەيدانى، 3 قارىغا ئېتىش مەيدانى، 2 سۇ ئۈزۈش كۆلى، 5 ئورۇندا تېنىس - تاك توپ مەشىق ئۆيى، 3 ئورۇندا چېلىشىش مەشىق



تىرېنېر بالىلار پۇتبول كوماندىسىدىكى ئەزالىرىغا پۇتبول تېپىشنى ئۆگەتمەكتە.
جېۋالىق فوتوسى


ئۆيى، 3 ئورۇندا شاخمات پائالىيەت ئۆيى، بىر ئورۇندا ئاددى مەشىق ئۆيى، 3 قورۇق مۇز مەيدانى ياسالدى.



مەكىت ناھىيىسىدىكى دېھقانلار ... ئارىسالا مەزگىلىدە ھېيتتە ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ.
باۋدۇن فوتوسى


پارتىيىنىڭ خەلققە يېقىنلىشىش سىياسىتى ۋىلايىتىمىزنىڭ تەنتەربىيە ھەركىتىدە جانلىنىش پەيدا قىلدى، ئىلگىرى شەھەرلەردە توپ، شاخمات، ئۇزۇنغا يۈگرەش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئاساس قىلىناتتى؛ يېزىلاردا چېلىشىش، ئارغامچا تارتىشىش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيىتى ئاساس قىلىناتتى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن چامباشچىلىق، چىگۈك (گۆپا)، تەيجىچۈەن، قىلىچۋازلىق، تاقا چىقىش، بېلىق تۇتۇش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ۋېلسىپىت مىنىش قاتارلىق تەنتەربىيە ھەركىتى ۋىلايىتىمىزنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدى.

ۋىلايىتىمىزنىڭ تەنتەربىيە ھەركىتى تېخنىكا سەۋىيىسى بىر قەدەر تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1971-يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدە جەمئىي ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىنىڭ ئاتلېتىكا، قارىغا ئېتىش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق تۈرلىرى بويىچە 77 رېكورت بۇزۇپ تاشلاندى، 189 ئالتۇن مېدال، 125 كۈمۈش مېدال، 105 مىس مېدال قولغا كەلدى، كوللېكتىپ تۈردىكى ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پۇتبول جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 48 قېتىم چېمپىيونلۇققا، 24 قېتىم 2-لىككە ئېرىشىلدى؛ ئوغۇل-قىزلارنىڭ ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پۇتبول تۈرلىرىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 18 قېتىم شىنجاڭغا ۋەكىل بولۇپ مەملىكەتلىك مۇسابىقىغا قاتناشتى. ئۆسمۈرلەرنىڭ مەملىكەتلىك شۆبە رايونلار ئارا پۇتبول مۇسابىقىسىدا 2 قېتىم 2-لىككە ئېرىشىلدى؛ ئوغۇللار ۋاسكېتبول كوماندىسى 1974-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى بويىچە لەنجۇ مۇسابىقە رايونىدا 2-بولۇش، ئوغۇل-قىزلار ۋاسكېتبول، ئەر-ئاياللار ۋالىبول مۇسابىقىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك شۆبە مۇسابىقە رايونى بويىچە 3-بولۇشتەك ياخشى نەتىجە قولغا



قەشقەر شەھەرلىك 12-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى گىمناستىكا ئويناۋاتىدۇ.
باۋدۇن فوتوسى

كەلدى؛ 45 نەپەر تەنھەرىكەتچى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك سۇ ئۈزۈش، يېنىك ئاتلېتىكا، تىك ـ تاك توپ، شاخمات، پەي توپ مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى.



جىددىي مۇسابىقە. ـــ باۋدى فوتوسى

ۋىلايىتىمىزنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىدە* يەنە بىر قىسىم قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ساقـ لانماقتا. تەنتەربىيە مەيدانلىرىنى قۇرۇشتا بىز باشقا ۋىلايەت (ئوبلاست)لارنىڭ كەينىدە قالدۇق. بۇ ھەم مەشىق ۋە مۇسابىقىگە تەسىر يەتكۈزدى، ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلا ـ يىتىمىزدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، تەنھەرىكەتچىلەر ـ نىڭ يۈكسىلىشىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. تەسادىپىي بىزشىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگەل ـ لەپ كەلگەن ۋاسكېتبول، قارىغا ئېتىش، پۇتبول، ۋالېبول، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق تۈرلەرد ـ كە ھازىر باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ يېتىشىۋالدى. چېلىشىش، چوڭلار ۋاسكېتبولى تۆۋەن ـ لەپ كېتىش ۋەزىيىتىدە تۇرماقتا، يېنىك ئاتلېتىكىنىڭ كۆپ قىسىم تۈرلىرى شىنجاڭ بويىـ چە ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمدىكى سەۋىيىدە تۇرماقتا. گىمناستىكا، پىلانېر، قار ـ مۇز تېيـ ىلىش قاتارلىق تۈرلەردە ۋىلايىتىمىز يەنىلا ئاق ھالەتتە تۇرماقتا. (جاڭ جىنسەي)

**[1984 - يىللىق تەنتەربىيە نەتىجىلىرى]** 1984 ـ يىلى ۋىلايىتىمىز تەنتەر ـ بىيە مۇسابىقىلىرىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن بىر يىل بولدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى دا ـ ئىرىسى كەڭ، ئادىمى كۆپ، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇشتىن ئىبارەت.

بۇ يىل ئىچىدە ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋاسكېتبول، ۋالېبول، پۇتبول، يېـ نىك ئاتلېتىكا، تىك ـ تاك توپ، چېلىشىش، شاخمات، ۋېلسىپىت، قارىغا ئېتىش، بېلىق تۇت ـ تۇشتىن ئىبارەت جەمئىي 10 تۈردىكى 23 قېتىملىق مۇسابىقىنى ئۆتكۈزدى ( بۇنىڭ ئىـ چىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈشىگە ھاۋالە قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋالېبول مۇسابىقىسى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتـ چىلەر ۋاسكېتبول شۆبە رايون مۇسابىقىسى بار ). مۇسابىقىگە قاتناشقانلار ئىچىدە ئىشـ چى ـ خىزمەتچىلەر، دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇشقا كىرمىگەن ئۆسمۈر ـ باللار ھەم يەسلى باللىرى بار. تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ سانى 2673 كىشىگە، تاماشىبىنلارنىڭ سانى 50 مىڭ ئادەم ( قېتىم ) گە يەتتى.

1984 ـ يىلى ۋىلايىتىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 420 تەنھەرىكەتچىنى 27 تەنتەر ـ بىيە ۋەكىللەر كوماندىسى قىلىپ تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئۆتكۈزگەن پۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالېبول، يېنىك ئاتلېتىكا، تىك ـ تاك توپ، قارىغا ئېتـ ىش، چېلىشىش، ۋېلسىپىت، شاخمات، بېلىق تۇتۇش، مېيىپلارنىڭ تەنتەربىيە كۆرىكىدىن ئىبارەت 11 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى؛ ۋىلايىتىمىزنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى جەمئىي 9 تۈر بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ، 36 ئالتۇن مېدالغا، 32 كۈمۈش مېد ـ


دال ۋە 30 مىس مېدالىغا ئېرىشتى، رېكورتى بۇزۇپ تاشلانغان تۈرلەر: ياشلار گۇرۇپپىسى بويىچە ئەرلەر 200 مېتىرغا ئەركىن ئۈزۈش، 700 مېتىرغا پاقىچىلاپ ئۈزۈش، 100×4 مېتىرغا كۆچ ئۆلاپ ئۈزۈش، 400 مېتىرغا ئارىلاش ئۈزۈش، ئوغۇللار B گۇرۇپپىسى بويىچە 100×4 مېتىرغا كۆچ ئۆلاپ ئۈزۈش، ياش ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە 100×4 مېتىرغا كۆچ ئۆلاپ ئۈزۈش ۋە قىز ئۆسمۈرلەر B گۇرۇپپىسى بويىچە ئېگىزلىككە سەكرەشتىن ئىبارەت.

ۋىلايەتلىك ئىشچىلار سېرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ئۆسمۈر قىزلار ۋالېيبول كوماندىسى، پۇتبول كوماندىسى، مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ دېھقانلار ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلاردا چېمپىيون بولدى. ئۆسمۈر قىزلار ۋالېيبول كوماندىسى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ۋىنجاڭ مۇسابىقە رايونىدا 5- لىككە ئېرىشتى، شۇنداقلا مەنىۋى مەدەنىيەتتە ياخشى كوماندا بولۇپ باھالىنىپ، چوڭ يىغىندا تەقدىرلەندى. ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپىدا پۇتبول كوماندىسى شىنجاڭدا مەملىكەتلىك ئىشچىلار سېرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ «سەكرەپ ئىلگىرىلەش لوڭقىسى» ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ 12- بولدى. قەتئىي ھالدا بەلگىلەنگەن ياش چەكلىمىسى بويىچە كوماندا تەشكىللىگەنلىكىنى «تەنتەربىيە گېزىتى» نىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى. مارالۋېشى ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى مەملىكەتلىك «مول ھوسۇل لوڭقىسى» ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش جەريانىدا مەنىۋى مەدەنىيەتتە ياخشى كوماندا بولۇپ باھالىنىپ، مۇسابىقە رايونى تاماشىبىنلىرى ۋە «دېھقانلار گېزىتى» نىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشتى. كونىشەھەر ناھىيىلىك 1- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پۇتبول كوماندىسى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى شاڭخەيدە ئۆتكۈزگەن «مەملىكەتلىك يازلىق لاگېر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇتبول مۇسابىقىسى» غا قاتنىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەتتە ياخشى كوماندا دېگەن نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى ھەم تەقدىرلەندى.

1984- يىلى ۋىلايىتىمىزدە جەمئىي 51 نەپەر تەنھەرىكەتچى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى، ۋاسكېتبول، ۋالېيبول، پۇتبولدىن ئىبارەت 3 كوللېكتىپ تۈر، 4 ۋەكىللەر كوماندىسىدىن باشقا يەنە يېنىك ئاتلېتىكا، خەلقارا شاخمات، مېيىپلار تىك- تاك توپ مۇسابىقىسى، مېيىپلارنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. ۋىلايىتىمىزنىڭ خەلقارا شاخمات ماھىرى مېجىت مەتتىمىن خېفېي شەھىرىدە خەلقارا شاخمات مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش جەريانىدا باشقا سەپداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كوللېكتىپ مۇسابىقىدا 14- لىككە ئېرىشتى. ئۇ يەنە خەلقارا شاخمات ئۇستىلىرىنىڭ 1982- يىللىق مەملىكەتلىك مۇسابىقىسىدا چېمپىيون بولغان سەنشىلىك ماھىر يې جاڭ چۈەن بىلەن تەڭلىشىپ قېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شاخمات ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، «تەنتەربىيە گېزىتى» نىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ياش- ئۆسمۈرلەر B گۇرۇپپىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى خۇئە يىلى مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش جەريانىدا توساق ئاتلاشتا 8- بول-

دى. خۇالىجۇن بىر يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاياللار B گورۇپپىسىدا ئىگىزگە سەكرەش رېكورتىنى 2 قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى. مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا كۆرىكى مۇسابىقىسىدە قاتناشقان جەرياندا سەكرەشتە ئومۇمىيۈزلۈك ماھارەت كۆرسىتىپ 11 - بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. (جاڭ جىنسەي)

**پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىگە يېڭى ھايات ئېلىپ كەلدى** ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئەزەلدىن بۇيان تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە، ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شاۋلىق نۇرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى راۋاجلاندى ھەم ئومۇملاشقان ئىدى، بىراق، كېيىنكى "سول" چىل خاتا سىياسەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئات بەيگىسىدىن ئىبارەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى پەيدىن - پەي تاشلىنىپ قالغان ئىدى، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دېھقانلار پەيدىن - پەي بېيىدى، ئۇلار ۋاقىتنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىشتەك تەشەببۇسكارلىققا ئېرىشتى، بۇنىڭ بىلەن، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، ئارقان تارتىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئەسلىگە كەلگەندەك ھالدا قانات يايدى. ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە تارماقلىرى ئۇلارنى تەرەققىياتقا يېتەكلەپ، پائال تەشكىللەپ، تۈرلۈك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلتۈردى، ئومۇملاشتۇرۇدى ۋە راۋاجلاندۇردى.



سائايدى — مەكىت ناھىيىسىدىكى دېھقانلار ياقتۇرىدىغان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن بىرى.

باۋدىن فوتوسى

1980 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چېلىشىش قاتارلىق مۇسابىقىلەر جەمئىي 1700 مەيدان (قېتىم) ئۇيۇشتۇرۇلدى، مۇسابىقىگە قاتناشقان كىشىلەر سانى 160 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، تاماشىبىنلار 1 مىليون ئادەم (قېتىم)گە يەتتى. بۇ 1700 نەچچە قېتىملىق مۇسابىقە ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە كومىتېتلىرى تەشكىللىگەنلەر پەقەت 28 قېتىم بولۇپ، قالغان 98% دىن كۆپرەك مۇسابىقىنى دېھقانلار مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق ياكى كەسپىي ئائىلىلەر، يەككە ئائىلىلەر ئۇيۇشتۇرغان. كونىشەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا بىر يىل ئىچىدە 24 قېتىم ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، 85 قېتىم چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ دېھقانلىرى 1984 يىلى 230

قېتىم ئوغلاق تارتىش، 5 قېتىم ئات بەيگىسى، 304 مەيدان چېلىشىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بارىدى. مۇسابىقىغا قاتناشقان كىشىلەر 35800 ئادەم (قېتىم) دىن، تاماشىبىنلار 458 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئومۇمى ئاھالىنىڭ 3 ھەسسىگە تەڭلەشتى.

1984 - يىلى مەمۇرى مەھكىمە مىللى دىنى ئىشلار باشقارمىسى بىلەن ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى پەيزىۋات ناھىيىسىدە بىرلىشىپ ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، 150 نەچچە نەپەر ماھىر مۇسابىقىغا قاتناشتى، ھەر كۈنى 30-40 مىڭ كىشى مۇسابىقىنى كۆردى، يوپۇرغا، مارالبېشى، يېڭىشەھەر، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى دېھقانلار تىراكتور، ۋېلسىپىت بىلەن نەچچە ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايلاردىن مۇسابىقىنى كۆرگىلى كېلىشتى. 6 كۈن ئېلىشىش ئارقىلىق پەيزىۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرى ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش بويىچە چېمپىيون بولدى.

**[ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى]** ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيىتى كەڭ ئاساسقا ئىگە. ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئىچىدە ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، ئارغامچا تارتىش قاتارلىقلار بار. ھازىرقى زامان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پۇتبول، يېنىك ئاتلېتىكا، ۋېلسىپىت، تېنىس - تاك توپ، پەي توپ قاتارلىق تۈرلەر ئومۇملاشتى. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسى ئىچىدە تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان كىشىلەر 800 مىڭدىن ئېشىپ، تەخمىنەن پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 1/3 قىسمىنى ئىگىلىدى.

مەكتەپلەردە تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى ئارقىلىق ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 1984 - يىلى ئۆلچەمگە يەتكەن كىشىلەر سانى 12777 كىشى بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە بالىلار گۇرۇپپىسى 6345 كىشى، ئۆسمۈرلەر B گۇرۇپپىسى 6002 كىشى، A گۇرۇپپىسى 430 كىشى.

زاۋۇت، كان، كارخانا، ئورگانلار ئۇزۇنغا يۈگۈرەش، ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پۇتبول، يېنىك ئاتلېتىكا، ۋېلسىپىت، پەي توپ، تېنىس-تاك توپ، تەيجىچۇەن، قىلىچۋازلىق، چامباشچىلىق، چىكۈك (گومپا)، تاققا چىقىش، سۇ ئۈزۈش، چېلىشىش، ئارغامچا تارتىش، شاخمات قاتارلىق تۈرلەردىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەخمىنەن 81 مىڭ كىشى بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمى سانىنىڭ 80% تىنى ئىگىلىدى.

يېزىلاردا چارۋىچىلار ئاز سانلىق مىللەت ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن باشقا، ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە تارماقلىرى يەنە دېھقانلارنى ۋاسكېتبول، ۋالىبول، ۋېلسىپىت، يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق ھازىرقى زامان تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا يېتەكلىدى. تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشقان دېھقانلار 630 مىڭ كىشىگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئومۇمى ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 30% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا (بازار) لارنىڭ 80% تىدە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە

خىزمىتى پونكىتلىرى قۇرۇلدى، قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى، يېڭىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەردە قۇرۇق مۇز مەيدانلىرى ياسالدى، نۇرغۇن يېزا (بازار)لاردا ۋە كەنتلەردە ئۆزلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى بارلىققا كەلدى، مەكىت ناھىيىسىدە يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، يېزىلارنىڭ 118 ۋاسكېتبول مەيدانى، چىراقلىق توك مەيدانىدىن ئىككىسى، 23 ۋالېبول مەيدانى ۋە ئاددىي چېلىشىش مەيدانلىرى ھەممە دۆيلەردە بارلىققا كەلدى، ئەمما ئۆزى ئۇيۇشتۇرغان تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى كۆپىيىپ بارماقتا. ئەمما كوللېكتىپ مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق ھەم يەككە ئائىلىلەر، كەسپىي ئائىلىلەر ئۆتكۈزگەن مۇسابىقە 1500 مەيدان - قېتىمدىن ئاشتى. مۇسابىقىگە قاتناشقان كىشىلەر سانى 160 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا، تاماشىبىنلار 1 مىليون ئادەم (قېتىم)غا يەتتى.

1984 - يىلى ۋىلايەتتە يەنە "9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى"دىكى چۇڭياڭ بايرىمىدا پىشقەدەم كادىرلارنىڭ ئىگىزلىككە چىقىش پائالىيىتى، مېيىپلارنىڭ تەنتەربىيە كۆرىكى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ "ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش لوڭقىسى" شاخمات مۇسابىقىسى، «1 - ئىيون» بالىلار تەنتەربىيە كۆرىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى لوڭقىسى ئېچىلىش بويىچە ئارغامچا تارتىشىش مۇسابىقىسى، بېلىق تۇتۇش مۇسابىقىسى قاتارلىقلار ئۇيۇشتۇرۇلدى. «4 - ماي» ياشلار بايرىمىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 250 نەپەر تەنھەرىكەتچى قاتناشقان ياشلارنىڭ تاققا چىقىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى، تاماشىبىنلار 20000 كىشىگە يېقىنلاشتى، ۋىلايەتنىڭ پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى رەھبىري يولداشلارمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى.

ۋىلايىتىمىزدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر كۆرۈنەرلىك بولدى. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، يەكەن ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك تەنتەربىيىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. توقۇمىچىلىق فابرىكىسى مەملىكەتلىك 4-نۆۋەتلىك تەنتەربىيە كۆرىكىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. 1975 - يىلى قەشقەر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ مەملىكەت بويىچە مەكتەپلەرنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. كېيىن، قەشقەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مائارىپ مىنىستىرلىكى ياڭجۇدا چاقىرغان مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە، سەھىيە خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى. مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق كوممۇنىسى 3 قېتىم مەملىكەتلىك يېزا تەنتەربىيىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. مەكىت ناھىيىسى ۋە بۇ ناھىيىنىڭ يانتاق كوممۇنىسى، غازكۆل كوممۇنىسىدىكى تەنھەرىكەتچىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3-، 4-، 5-، نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كۆرىكىگە قاتنىشىپ، دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئۇلارنىڭ يېزا تەنتەربىيە پا-

ئالىيىتىنى قازانات يايدۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن 2 قېتىم بۇ ناھىيىدە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېزا تەنتەربىيە خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىنى چاقىردى. 1984 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئەرلەر ۋالىبول كوماندىسى ئاپتونوم رايون بويىچە چېمپىيون بولدى، ئەرلەرنىڭ پۇتبول، ئاياللار ۋاسكېتبول، ئاياللار ۋالېبول مۇسابىقىلىرىدا 2 - لىككە ئېرىشتى، يېڭىلىق تۇتۇش ئاپتونوم رايون بويىچە كوللېكتىپنىڭ ئومۇمى نومۇرىدا 1 - لىككە ئېرىشتى، دېخانلارنىڭ ئەرلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدا چېمپىيونلۇققا ئېرىشىلدى. مېيىپ تەنھەرىكەتچىلەر ئاپتونوم رايوندا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن مېيىپلار تەنتەربىيە كۆرىكىدە 5 ئالتۇن مېدالغا، 1 كۈمۈش، 5 مىس مېدالغا ئېرىشتى. گاس - گاچا تەنھەرىكەتچى خاۋسۇخۇڭ يالغۇز 3 ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مېيىپلارنىڭ تەنتەربىيە كۆرىكىگە قاتناشتى. (جاڭ جىنسەي)

**[ئۈسمۈر-بالىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى]** ۋىلايىتىمىزنىڭ تۇنجى ئۈسمۈر بالىلار ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى 1958 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇ چاغدا مەكتەپتە پەقەت يېنىك ئاتلېتكا، ۋاسكېتبول تۈرلىرى بويىچە 3 سىنىپ بار ئىدى. ئۇنىڭغا 7 نەپەر قوشۇمچە تىرېنېر تەكلىپ قىلىنغان ئىدى، جەمئىي 50 نەپەر ئۈسمۈر-بالا مەشىققە قاتناشتى. 1974 - يىلىدىن كېيىن پەيدىن - پەي 3 دەرىجىلىك مەشىق تۈزۈمى شەكىللەندى. ئۈسمۈرلەر $B$، $A$ گورۇپپىلىرى، بالىلار گورۇپپىسى قاتلاملىق - قاتلام بىرلەشتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى 13 كە كۆپەيدى. ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپى يەنە بىر نۆۋەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى قۇردى. مەشىق سىنىپى 3 تىن كۆپىيىپ 106 گە يەتتى، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ۋىلايىتىمىزنىڭ مەشىق تەلەۋۇرۇشىنى چۈشۈرۈپ بەرگەن 5 نۆۋەتلىك سىنىپ بار، مەكتەپتە 1546 ئوقۇغۇچى، 76 نەپەر تىرېنېر بار. مەشىق تۈرلىرى ئىچىدە يېنىك ئاتلېتكا، پۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالېبول، قارىغا ئېتىش، چېلىشىش، ياپونچە چېلىشىش، سۇ ئۈزۈش، تىك-تاك توپ، چامباشچىلىق، خەلقارا شاخمات قاتارلىق 11 خىل تەنھەرىكەت بار.

ۋىلايەتنىڭ نۆۋەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى 1983 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى مەشىق خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى ۋە مەملىكەتلىك مەشىق خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇنلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشى ھەم مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

1984 - يىلى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى بويىچە مەشىق خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ قىلىنىپ، تىرېنېرلارنىڭ خىزمەت ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى مۇكاپاتلاش پۇلى ۋە تىرېنېرلارنىڭ مۇكاپاتلىنىش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى.

1971 - يىلىدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزنىڭ ياش - ئۈسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىدە مەشىق قىلىۋاتقان تەنھەرىكەتچىلەر يېنىك ئاتلېتكا، قارىغا ئېتىش، سۇ ئۈزۈش، ۋېلسىپىت مىنىش قاتارلىق مۇسابىقىلاردا ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى جەمئىي 42 قېتىم بۇزۇپ، 125 ئالتۇن مېدالغا، 88 كۈمۈش مېدالغا، 65 مىس مېدالغا ئېرىشتى. كوللېكتىپ تۈرلەردىن ۋاسكېتبول، ۋالېبول، پۇتبول مۇسابىقىلىرىدا 35 قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ

چەمپىيونلۇقىدا، 21 قېتىم 2 ـ ئىككە ئېرىشتى. ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسى 5 قېتىم شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى؛ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى 4 قېتىم، ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسى 5 قېتىم شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىغا قاتناشتى؛ ئەرلەر ۋالېبول كوماندىسى 3 قېتىم، ئاياللار ۋالېبول كوماندىسى 4 قېتىم شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىغا قاتناشتى. ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ 45 نەپەر تەنھەرىكەتچىسى يېنىك ئاتلېتىكا، قارىغا ئېتىش، سۇ ئۈزۈش، پەي توپ، تېك ـ تاك توپ قاتارلىق شەخسلەرنىڭ تەنتەربىيە تۈرلىرى مۇسابىقىسىدە شىنجاڭنى ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىغا قاتناشتى.

1984 ـ يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن شىنخۇادا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى «سەككىز ئىلگىرىلەش لوڭقىسى» ھەل قىلغۇچى مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، مەملىكەت بويىچە 12 ـ ئىككە ئېرىشتى؛ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ئاياللار ۋالېبول كوماندىسى يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا ۋاكالىتەن سىچۈەننىڭ ۋېنجياڭ رايونىدىكى مۇسابىقىغا قاتنىشىپ 5 ـ ئىككە ئېرىشتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە ياخشى ۋەكىللەر كوماندىسى بولۇپ باھالاندى؛ بالىلار پۇتبول كوماندىسى شىنجاڭغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يازلىق لاگېر پۇتبول مۇسابىقىسى شاڭخەي مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقىغا قاتنىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەتتە ياخشى كوماندا دېگەن نامغا ئېرىشتى.



ئارغامچا تارتىشىۋاتقان بالىلار.
مەھەممەت ھېيت فوتوسى

يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۆسمۈر ـ بالىلار ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىۋى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي كوماندىسى، قىسىمنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتى كوماندىسى، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ كەسپىي كوماندىلىرى ئۈچۈن تەنتەربىيە كەسپىي خادىملىرىدىن 94 كىشىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ھەرىكىتى مەكتىۋىگە 20 كىشىنى تاللاپ ئەۋەتتى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 25 كىشىنى تەربىيىلىدى، تەنتەربىيە تايانچلىرىدىن 105 كىشىنى تەربىيىلەپ بەردى. 79 كىشى ئالىي، تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ تەنتەربىيە فاكۇلتېتلىرىغا قوبۇل قىلىندى، 125 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ تەنتەربىيە سىنىپلىرىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى.

1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي كوماندىغا، باشقا ئۆلكىلەرنىڭ كەسپىي كوماندىلىرىغا، قىسىمنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتى كوماندىسىغا ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەنتەر ـ

بىيە مەكتەۋىگە 35 نەپەر تەنتەربىيە خادىمى يەتكۈزۈپ بەردى. 4 كىشى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ تەنتەربىيە پاكولتېتلىرىغا قوبۇل قىلىندى. 4 كىشى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تەنتەربىيە سىنىپلىرىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. (جاڭ جىنسەي)

**[ تاقتا چىقىش ھەركىتى ]** تاقتا چىقىش ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇشتا تەشقەر ۋىلايىتى ئىنتايىن ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان بىز جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ نۇرغۇن مەشھۇر تاقتا چىقىش تەنھەرىكەتچىلىرىنى كۈتۈۋالدۇق. 1980 ـ يىلى گوۋۇيۈەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇزتاغ، كوڭگۇر تېغى، كوڭگۇر تۆپە چوققىسىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىنى تەستىقلىدى، ئارقىدىنلا دۇنيا بويىچە 2 ـ ئېگىز چوققا چوگىرى چوققىسىمۇ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن چوققىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ چوققىلار زور تۈركۈمدىكى جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ تاقتا چىقىش تەنھەرىكەتچىلىرى ھەم ئېگىز تاغ، ساياھەت ھەۋەسكارلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بىز "مەۋقەنى دۆلەت ئىچىگە قويۇش، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش" سىياسىتى بويىچە 4 يىلدىن بۇيان ئاسىيا، ياۋروپا، ئاۋستىرالىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت 4 قىتئەنىڭ 7 دۆلىتىدىن كەلگەن تاقتا چىقىش تەنھەرىكەتچىلىرى ۋە شاڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنى، جەمئىي 59 تاقتا چىقىش ۋە ئېگىز تاغدا ساياھەت قىلىش كوماندىلىرىنى كۈتۈۋېلىپ، دۆلەتكە 1 مىليون 767 مىڭ يۈەن تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىپ بەردۇق. (جاڭ جىنسەي)

**["چېلىشىش ماكانى"دا يەنە ۋاسكېتبولغا ھەۋەس قوزغالدى]** مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ "چېلىشىش ماكانى" دېگەن نامى بار، ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي كوماندىسىغا 13 نەپەر چېلىشچىنى يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ ناھىيىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى ئۇدا 22 يىل ۋىلايەتتە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 ـ لىككە ئېرىشىپ كەلدى، ئۇلار كۆپ ساندىكى چېمپىيونلۇقنىمۇ ئېرىشكەن. مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنى ئاساس قىلىپ تەشكىللەنگەن ۋىلايەتلىك چېلىشچىلار كوماندىسى ئاپتونوم رايوندىكى مۇسابىقىلەردىمۇ كۆپ قېتىم چېمپىيون بولدى. 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كۆرىگىدە راخمان بىلەن غېنى ساماق ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېغىر دەرىجىلىكلەر ۋە 2 ـ يېنىك دەرىجىلىكلەر بويىچە 3 ـ بولدى، ئابدۇجېلىل ئېغىر دەرىجىلىكلەر بويىچە 4 ـ بولدى. بۇ 3 نەپەر ماھىرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر دېخان تەنھەرىكەتچى. 1984 ـ يىلى مارالۋېشى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىۋى ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قىزلار ياپونچە چېلىشىش سىنىپى تەشكىللىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىگىلىكنىڭ كۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، چېلىشچىلار ماكانىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدا يەنە ۋاسكېتبول ھەركىتىگە ھەۋەس قوزغىلىشقا باشلىدى. شەھەر ـ يېزىلاردا ۋاسكېتبول قىزغىنلىقى پەيدا بولدى. پۈتۈن ناھىيىنىڭ ۋاسكېتبول تېخنىكا سەۋىيىسى پەيدىن ـ پەي ئۆستى. ئوغۇللار ۋاسكېتبول كوماندىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 5 قېتىم ۋىلايەتتە 1 ـ لىككە ئېرىشتى، ئاپتونوم رايون ئۈچۈن 5 نەپەر تەنھەرىكەتچى، ۋىلايەتنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئۈچۈن 20 نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بەردى. 20 نەچچە نەپەر كوماندا ئەزاسى ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىغا قاتناشتى.

# چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984- يىللىق چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

### 1 - ئاي

4- 5-كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، مەملىكەتلىك مەدەنىيەت نازارەت نازىرلىرى، ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى، مەملىكەتلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى، مەملىكەت بويىچە يېزىلاردا مەدەنىيەتلىك يېزا، بازار قۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، مەنىۋى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى تازىلاش مەسىلىسى مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلىندى.

5- 6-كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش گوگاڭ مەركەز چاقىرغان يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلىندى ھەم ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلغان يېزىلارنىڭ "5 تە ياخشى" قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش، "ئىككى



چېلىشچىلار قاتتىق چېلىشىش مەشقى ئېلىپ بارماقتا.
جۈۋلىڭ فوتوسى

1984 - يىل 8- ئايدا ئاپتونوم رايوندا دېخانلارنىڭ «مول - ھوسۇل لوڭقىسى»غا ئېرىشىش بويىچە ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىغا قاتناشقۇچىلارنى تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا يېزىسىدىكى 10 نەپەر ئۇيغۇر دېخاندىن تەشكىللەنگەن ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى 1 - بولۇپ تاللاندى. ئۇلار مەملىكەتلىك ئۈچىنچى نۆۋەتلىك دېخانلارنىڭ «مول-ھوسۇل لوڭقىسى» خېنەن ئۆلكىسى رۇيياڭ ناھىيىسىنىڭ مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى، ئۇلار مۇسابىقىدا كەمەر، تىرىشچان، ئىتتىپاق ھەم دوستانە بولۇپ، تاماشىبىنلار، تىرېنېرلار ۋە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشتى ۋە مەنىۋى جەھەتتە ياخشى كوماندا دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولدى. جۇڭگو «دېخانلار گېزىتى»، «شىنجاڭ رايوندىكى قېرىنداشلار ئوتتۇرا جۇڭگو تۈزلەڭلىكىگە كەلدى» دېگەن سەرلەۋھىدە ماقالە ئېلان قىلىپ ئۇلارنى تەقدىرلىدى.

ئائىلە» قۇرۇلۇشى ۋە تۇۋار ئوبورۇتى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش، مەسئۇلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەم ئۇنى ئورمانچىلىق، كوممونا، ئەترەت كارخانىلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگىچە كېڭەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

5 ـ 9 ـ كۈنلىرى ۋىلايەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 3 ـ سانلىق يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى "10 ـ نۆۋەتلىكى» نىڭ روھىنى يەتكۈزدى؛ ۋىلايىتىمىزنىڭ 1983 ـ يىللىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مۇندىن كېيىنكى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

9 ـ 14 ـ كۈنلىرى: ۋىلايەتسىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تىلىۋالدى توختى ۋە يولداش گوگالىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يىغىندا سۆز قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۆرەشنىڭ بىرىنچى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى بىرىنچى جېڭىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى ھەم بىرىنچى ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىڭ ئىككىنچى جېڭىنى ئورۇنلاشتۇردى.

10 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىشىپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، پەيزىۋات ناھىيىسىدە ئادەم ۋە ھايۋان ئىچىدىغان سۇ قۇرۇلۇشى داۋامىدا مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان ئالاقىدار خادىملارغا قاتتىق چارە كۆردى.

11 ـ كۈنى: مەمۇرىي مەھكىمە مالىيە ئىناۋەتلىك قەرز خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپلا كىرىم ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشنى، ھەر خىل مالىيە چىقىملىرىنى قاتتىق كونترول قىلىشنى، پۇلنىڭ تارقىلىشىنى، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىدىكى كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ 17 ـ كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، 1984 ـ يىللىق ئاياللار خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

17 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى يولداش گوگالىڭ، سابىق دىخانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەرھۇم يولداش شۇي دېيەنۋېينى چوڭقۇر سېغىنىپ ماتەم ئېلان قىلدى. «قەشقەر گېزىتى» خەۋەر قىلدى: 1983 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم يولداش شۇي دېيەنۋېيدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقارغاندىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يولداش شۇي دېيەنۋېيدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلغان، ھەر مىللەت خەلقى شۇي دېيەنۋېينى ئۆلگە قىلىپ شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشتە يېڭى خىزمەت كۆرسىتىشكە بەل باغلىغان.

19 ـ 23 ـ كۈنلىرى: ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى 3 ھال سوراش ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىدىن، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئورگانلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ قەشقەر تارماق ئەترىتىدىن ھال ـ سورىدى.

19 ـ كۈنى: ۋىلايىتىمىزدىن شاڭخەي، شېنجېن قاتارلىق جايلارغا تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە تەكشۈرۈشكە بارغان گۇرۇپپا قەشقەرگە قايتتى. شۇ جاي بىلەن ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق مەسىلىسى ئۈستىدە كونكرېت سۆزلەشتى ھەم ئىقتىسادىي ھەمكارلىققا دائىر 10 تۈرنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

21 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىدىن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى تەييارلىقنى ياخشى قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

23 ـ كۈنى: ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى «5 تە ياخشى» قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتى ئاخىرلاشتى. مەكىت ناھىيىسى بىرىنچى بولدى، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەر تەقدىرلەندى. يىغىن جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ غەيرەت قىلىپ، يېزىلاردىكى «5 تە ياخشى» قۇرۇلۇش بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى.

31 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك سىياسىي ـ قانۇن ئىشخانىسى قاتارلىق 14 ئورۇن بىرلىشىپ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش بويىچە قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

## 2 ـ ئاي

2 ـ كۈنى: گوگاڭ، ياڭ جيەنجاڭ، تىلىۋالدى توختى، لى دىڭجې، تۇردى سوپى، ئېيسا شاكىر، سەيدىخان بارات، لۇ جەنبىڭ، تالىپ داۋۇت قاتارلىق ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېلېكتىر ئىستانسىسى، سېمونت زاۋۇتى، پوچتا ـ تېلېگىراف ئىدارىسى، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى ۋە بىر قىسىم سودا دۇكانلىرىغا بېرىپ، باھار بايرىمى مەزگىلىدە خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرغان ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى يوقلىدى ھەم ۋىلايەتتىكى بەزى مەشھۇر زىيالىيلارنى يوقلىدى.

7 ـ كۈنى: ۋىلايەت چوڭ يىغىن ئېچىپ، ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېز ھەرىكەتكە كېلىپ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداشقا چاقىردى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تىلىۋالدى توختى يىغىندا سۆز قىلدى.

11 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن مەركەزنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

14 ـ كۈنى: ۋىلايىتىمىزدىن ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 60 نەپەر ۋەكىل قەشقەردىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە كەتتى.

15 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، 1983 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى، 1984 ـ يىللىق ۋەزىپىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

16 ـ كۈنى ۋەقەشاھەر شەھىرى تۇنجى قېتىم پاراۋس بايرىمى ئۆتكۈزدى، خەلق مەيدا ـ
نىدىكى پارات قوبۇل قىلىش سەھنىسىنىڭ ھولى ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەنلىكى، ئۆينىڭ ئۈس ـ
تىگە ئادەم بەك قىستىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پارات قوبۇل قىلىش سەھنىسىنىڭ ئال ـ
دى تېمى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، 8 ئادەم ئۆلۈپ كېتىش، ئادەم يارىلىنىشتەك ئېغىر ۋەقە يۈز
بەردى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە ۋە قەشقەر
شەھەردىكى رەھبەرلەر بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش
خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە كېيىنكى ئىشلىرىنى ئەستايىدىل، ياخشى بىر تەرەپ قىلدى،
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقە توغرىسىدا ئومۇمى ئۇقتۇرۇش
چىقاردى ھەم سەۋەبىنى ئېنىق تەكشۈرۈپ، ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، مۇشۇ ۋەقەنىڭ يۈز بې ـ
رىشىدە زور مەسئۇلىيىتى بار رەھبەرلەرنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليو ـ
رۇق بەردى.

20 ـ 24 ـ كۈنلىرى: ۋىلايىتىمىزدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول،
ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

20 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن قەشقەر شەھىرىنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن رايون قى ـ
لىشنى بەلگىلىدى.

24 ـ كۈنى: مەمۇرى مەھكىمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلارنىڭ ئېتىيازلىق كۆچەت
تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

25 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە ۋىلايەت پىلان خىزمىتى يىغىنى چاقىردى.
يىغىنغا مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، قوشۇمچە پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى ـ
دىڭجې رىياسەتچىلىك قىلدى. مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىق
دوكلات بېرىپ، ۋىلايەتنىڭ 1983 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھ ـ
ۋالىدىن خۇلاسە قىلدى ھەم 1984 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى ئورۇنلاشتۇردى. يى ـ
غىندا ۋىلايىتىمىزنىڭ 1984 ـ يىللىق پىلان كۆرسەتكۈچلىرى ئەمەللەشتۈرۈلدى؛ سانائەت
قاتناش، مالىيە سودا خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىندى؛ پىلاننى ئورۇنلاشنىڭ كونكرېت
تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش جاڭ چىڭيۈن يى ـ
غىندىن خۇلاسە قىلدى.

27 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلات ـ
لىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەركەتكە كېلىپ ئومۇمخەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك
بولۇش ئېيى پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى.

29 ـ كۈنى: قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن شەھەر بىرلىشىپ سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى
ئېچىپ، ھەر مىللەت ئارمىيە ۋە خەلقنى ئومۇمخەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش
پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىشىپ سوتسىيالىستىك
مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشقا چاقىردى.

**3 ـ ئاي**

2 ـ كۈنى: كونشەھەر ناھىيىسىدە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىك ـ
تە قۇرۇپ چىققان بىرىنچى مەدەنىي پائالىيەت مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى.

4 - كۈنى: قەشقەر شەھىرىدە 20 مىڭغا يېقىن ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرى كوچىلارغا چىقىپ كەڭ كۆلەمدە ياخشى ئىش قىلدى.

5 - 10 - كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. كۆپچىلىك بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ، پارتىيە قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

8 - كۈنى: ۋىلايەت ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش بويىچە قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىدىن خۇلاسە قىلىش چوڭ يىغىنى ئاچتى. 50 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 150 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

10 - كۈنى: ئاپتونوم رايون قەشقەردە پىلىچىلىك يىغىنى ئېچىپ، جايلارنىڭ پىلىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئالماشتۇردى.

12 - 13 - كۈنلىرى: قەشقەر ۋىلايىتىدىكى نەچچە 100 مىڭلىغان ھەر مىللەت كادىر، ئاممە ۋە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىلىرى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 6 - قېتىم ئوممىخەلق كۆچەت تىكىش بويىچە قىزغىن دولقۇن قوزغىۋەتتى. ۋىلايەت ۋە شەھەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇللىرى ھەر مىللەت ئاممە بىلەن بىرلىكتە كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى، ئىستاتىستىكا مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، كۆچەت تىكىش بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ۋىلايەت بويىچە 10 مىليون 720 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلگەن.

15 - كۈنى: ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق «تىيانشان ئاۋازى» مۇزىكا يىغىنىغا قاتناشقان قەشقەر ۋەكىللىرى غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇلار جەمئىي 6 ئورۇنلاش مۇكاپاتى، 4 ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

16 - كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىدىكى 8 نەپەر رەھبىرىي يولداش ئايرىم - ئايرىم ھالدا خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى باشلاپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، مەركەزنىڭ 1984 - يىللىق 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. جايلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

17 - 19 - كۈنلىرى: شياڭگاڭ پاختىچىلىق باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جۇ شاۋشيەن، ياپونىيە پاختىچىلىق شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى بېيسۈن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەرگە ساياھەتكە كەلدى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سەيدىق قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ئايرودرومغا چىقىپ قارشى ئالدى ھەم مېھمانلارغا زىياپەت بەردى.

17 - كۈنى: «قەشقەر گېزىتى» «قىزىل يۇلتۇز يېڭىسەرنى يورۇتتى، ئاق خالات دىخانلارنىڭ ئۆيىگە كىردى» دېگەن ماۋزۇدا خەۋەر ئېلان قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەر-

بىرايوننى مەلۇم دوختۇرخانىسىنىڭ ھەربىي دوختۇرى جاڭ يۈخۇاڭنىڭ ئاز سانلىق مىل-
لەت ئاممىسى ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلغان تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى.

19- كۈنى: مەمۇرى مەھكىمە ئومۇمى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يوپۇرغا ناھىيىلىك پارت-
كوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق 10 ئورۇننىڭ 1983 - يىللىق ھۆددىدىن ئېشىپ قال-
غان كوللېكتىپ پاراۋانلىق راسخوتىنى تەڭ تەقسىم قىلىۋېتىشتەك خاتا قىلمىشىنى تەن-
قىت قىلىپ، بۇنىڭ مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ھەركەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

21 - كۈنى: ۋىلايىتىمىزنىڭ يەرلىك تەزكىرە يېزىش خىزمىتىنى چىڭ، ياخشى تۇ-
تۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتتىكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى رەھبىري
كادىرلارنىڭ يىغىنىنى ئاچتى. مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىسى، يەرلىك تەزكىرە يېزىش كو-
مىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇغوپۇر سىدىق، ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە يېزىش كومىتېتىنىڭ
بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ۋاڭ ۋېنچى سۆز قىلدى.

22 - 25 - كۈنلىرى: ئىتالىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دىڭ ئەنيۇ ۋە
ئۇنىڭ رەپىقىسى قەشقەرگە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىسى
ئابدۇغوپۇر سىدىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

25- كۈنى: ۋىلايىتىمىز ئۆتكۈزگەن ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ چېلىشىش تەنھەركەت يە-
ڭىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. مارالۋېشى تەنھەركەتچىلىرىنىڭ نەتىجىسى گەۋ-
دىلىك بولدى.

28 - 30 - كۈنلىرى: ۋىلايەت مەكىت ناھىيىسىدە يەرگە يالتىراق يېپىپ كېۋەز تې-
رىش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. مەكىت ناھىيىسىنىڭ ماشىنا بىلەن يالتىراق ياپقان نەق
مەيدانىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، 1983 - يىللىق يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىشتىكى تەجرى-
بىلىرىنى يەكۈنلىدى. 1984 - يىلى يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل
ياخشى ئىشلەش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. يولداش گوگاڭ يىغىنغا قاتناشتى.

29 - كۈنى: ۋىلايىتىمىزدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەڭ-
شىلىپ بولدى، يېڭى رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى تۆۋەنلىدى. مە-
دەنىيەت سەۋىيىسى ئۆستى. كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلدى. قوشۇمچە ۋە-
زىپە ئازايدى.

## 4 - ئاي

5- كۈنى: ۋىلايەتلىك مىللى ئىشلار باشقارمىسى، ئەمگەك-كادىرلار باشقارمىسى، پەن-
تېخنىكا جەمىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار چوڭ يىغىن ئېچىپ، 85 نەپەر ئىلغار پەن - تېخنىكا
خادىمىنى تەقدىرلىدى.

6- كۈنى: قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكتە ھەرقايسى
ئورۇنلاردىكى رەھبىري كادىرلارنىڭ چوڭ يىغىنىنى ئېچىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى مەدەنىيەت-
لىك شەھەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىش-
لەشكە چاقىردى.

9- كۈنى: پاكىستاننىڭ شىمالىي رايون ۋە كەشمىر ئىشلىرى مىنىستىرى، گېنېرال لېيتېن

ئانت جامال سەيئىدى ئومان باشچىلىقىدىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلىش دوستلۇق ئۆمىكىدىكى 7 كىشى قەشقەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىددىق ئۇلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە مەمۇرى مەھكىمە نامىدىن مېھمانلارغا زىياپەت بېرىپ كۈتىۋالدى.

11 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرى مۇدىرلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، يېزا تاۋار ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېزىلاردا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەم ۋەزىپە ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەللەشتۈردى.

13 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىن ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

14 ـ كۈنى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى يولداش گوگاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى؛ يولداش جاڭ چىڭيۈننى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باشقىدىن خىزمەت تەقسىم قىلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

16 ـ 18 ـ كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، لاياقەتلىك دەپ قاراپ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

19 ـ كۈنى: ئاپتونوم رايونلۇق «ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش» بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىدىن دوكلات قىلىش ئۆمىكىدىكى 14 كىشى جەنۇبىي شىنجاڭدا سەييارە تەسىرات سۆزلەش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سۇ نازارىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى يولداش ۋاڭ خېيتىڭ گوگاڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يەكەن دەرياسى كاچۇڭ سۇ باشلاش تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش مەيدانىنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كۆچۈردى.

قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئېكسپورت قىلىنىدىغان گۈللۈك چىتنى تۇنجى قېتىم ئىشلەپچىقاردى.

19 ـ 21 ـ كۈنلىرى: ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇھەممەت ئەبتى ناسىر ئابىت باشچىلىقىدىكى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 6 كىشى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەنشۆي قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىددىق مېھمانلارنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

23 ـ 29 ـ كۈنلىرى: ۋىلايەت ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ئاچتى. ھەر دەرىجىلىك

رەھبەرلەردىن ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدە تېزدىن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق «ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتىرىشنى مەركەز قىلىپ، تىرىشىپ ئىقتىسادىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن ماۋزۇدا دوكلات بەردى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگالىڭ يىغىندىن خۇلاسە قىلدى.

27 - كۈنى: بىخەتەرلىك تەربىيە تەپتىشىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلقنىڭ جىسمانى بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمە "بىخەتەرلىك ئېيى" پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بويىچە سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئاچتى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق يىغىنغا بېرىپ سۆز قىلدى.

28 - كۈنى: ۋىلايەت بىلەن قەشقەر شەھىرى بىرلىشىپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئاچتى. ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىسىنى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يەنىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا چاقىردى. يولداش گوگالىڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىقلار سەپەرۋەر قىلىپ سۆز قىلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ۋىلايىتىمىزدە باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، چوڭلار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پىلان ۋە تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. گوگالىڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، ئېيسا شاكىر قاتارلىق يولداشلار سۆز قىلدى.

## 5 - ئاي

1 - كۈنى: قەشقەردىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوسكا گېزىتى چىقىرىش، ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئېچىش، ئەدەبىيات-سەنئەت بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق «1 - ماي» خەلقارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

2 - كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە تېلېفون يىغىنى ئاچتى. يولداش گوگالىڭ سۆز قىلىپ، جايلاردىن ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بۇغداي، كېۋەز پەرۋىشىنى ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

ۋىلايەتلىك يېنىك ئاتلىق تەنتەربىيە يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. 5 كىشى 5 قېتىم ۋىلايەتنىڭ 3 تۈردە رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

3 - كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەردىن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، قۇرغاقچىلىققا قارشى بىر مەيدان ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنىڭ داۋاملىق ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

4 - كۈنى: ۋىلايىتىمىزدە تۇنجى قېتىم «4 - ماي» كۈنى ياشلارنىڭ تاققا چىقىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

12 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم «يولداش جاڭ يۈخۇادىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش» توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

16 ـ كۈنى: ۋىلايەت بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۈنجى قېتىملىق يالغۇز كىشىلىك ناخشا، يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا مۇسابىقىسى ئاخىرلاشتى. ئورۇنلاش مۇكاپاتى ئالغان 58 كىشى، ئىجادىيەت مۇكاپاتى ئالغان 33 كىشى باھالاپ چىقىلدى.

16 ـ 18 ـ كۈنلىرى: ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يىغىن چاقىرىپ مۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلدى. گوگاڭ، ۋاڭ ۋېنچى، ئېيسا شاكىر قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار يىغىنغا بېرىپ سۆز قىلدى.

19 ـ كۈنى: ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىسى يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىق «جاڭ يۈخۇادىن ئۆگىنىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن ماۋزۇدا رادىيو نۇتقى ئېلان قىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قەشقەر شەھىرى بىرلىشىپ جاڭ يۈخۇانىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرى بويىچە دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تىلىۋالدى توختى سۆز قىلدى. ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىشىپ جاڭ يۈخۇادىن ئۆگىنىش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە چىقاردى.

23 ـ 28 ـ كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە قاغىلىقتا ناھىيە(شەھەر) لىك پارتكوم شۇجىلىرى ۋە ھاكىم، شەھەر باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، جايلاردىن مەركەزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

23 ـ 26 ـ كۈنلىرى: ۋىلايەت ۋە شەھەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 40 تىن ئارتۇق ئورۇن، 2500 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى مۇسابىقىغا قاتناشتى.

25 ـ 29 ـ كۈنلىرى: ئاپتونوم رايون يەكەن ناھىيىسىدە كۆك ئوغۇت ئارقىلىق تۇپراقنى ئۆزگەرتىش خىزمەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇسۇپ مۇھەممەدى يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى.

30 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن ۋىلايەتلىك مىللىي ئىشلار باشقارمىسى بىرلىشىپ 40 نەچچە نەپەر مىللىي، دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ۋە باشقا تەرەپتىكى ۋەكىللەر قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ئۈستىدە كەڭ ئاشا سۆزلەشتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويىدىغان ئورتاق ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاسىم قارى ھاجى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئابدىرېشىت ئەلەم يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى.

31 - كۈنى: «1 - ئىيۇن» ئەرپىسىدە خەلق مەيدانىدا پىئونېرلار پاراتىنى ئۆتكتى. 10 مىڭدا يېقىن ھەر مىللەت پىئونېرلىرى ۋە بالىلار قاتار بولۇپ رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ۋىلايەت ۋە شەھەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىنىڭ كۆزدىن كۆچۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئالىي چارۋادوختۇرى يولداش يۈسۈپ مۇھەممەدى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنلىرى قەشقەرگە كېلىپ خىزمەت تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۈگۈن قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قايتتى. قەشقەردە 15 كۈن تۇردى. قەشقەردىكى مەزگىلدە مەركەزنىڭ (1984) 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنى روھىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى، ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سۇنى تىزگىنلەش، تۇپراقنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ۋە تەكشۈردى.

## 6 - ئاي

2 - كۈنى: قەشقەر شەھەر رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى خەلق باغچىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە داغدۇغىلىق بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ رەسمىي ئېلان قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. يىغىندىن كېيىن ۋىلايەت بويىچە ھەر مىللەت خەلقى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، مۇزاكىرە قىلىش شەكلى ئارقىلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.

7 - كۈنى: يەكەن دەرياسى كاچۇڭ توسمىسىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملاندى ھەم بۈگۈن سۇ باشلاندى. ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشتا دەرھال ئىش باشلاندى.

قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى دىلون بىلەن پاختا يىپنى ئارىلاشتۇرۇپ توقۇشنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

15 - 18 - كۈنلىرى: ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئوچاستىكا خىزمەت يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى، خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە قەشقەردىن 300 نەپەر ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۇي يىغىنغا قاتناشتى.

16 - كۈنى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي ئوقتۇرۇش چىقىرىپ قاچقان جىنايەتچى ساۋخۇڭ گۇاڭ، تاڭ كېچۈەنلەرنى قوغلاپ تۇتۇش، قورشاپ يوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىغان قەشقەر، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق جخ، قوراللىق ساقچى قىسمى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى تەقدىرلىدى.

18 - 21 - كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىش يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش يىغىنى ئاچتى. شۇ مەيداندىلا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش بويىچە 5 مىليون 700 مىڭ يۈەنلىك توختام تۈزۈلدى.

22 ـ 29 ـ كۈنلىرى: ئاپتونوم رايونلۇق تۇغراق ئورمان نەق مەيدان يىغىنى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مارالۋېشى ناھىيىسىدە چاقىرىلدى. جۇڭگو تېرەك جەمئىيتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىدىكى رەھبىرى يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

29 ـ كۈنى: قەشقەر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ دەرىجىسى كۆتىرىلىپ، قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

مارالۋېشى ناھىيىلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسى ۋە پەيلو دىخانچىلىق مەيدان پارتكومى، مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات كوممۇنىسىدا بىرلىشىپ چوڭ يىغىن ئېچىپ، قاچقان جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ، تۇتۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش تىلىۋالدى توختى يىغىنغا بېرىپ سۆز قىلدى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى 4 مىڭ 900 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك بولغان قەشقەر پوچتا ـ تېلېگىراف خەۋەرلىشىش بىناسى يېقىندا پۈتتى.

## 7 ـ ئاي

1 ـ كۈنى: قەشقەردىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى روزى ھېيتنى شات ـ خورام ئۆتكۈزدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمىدىكى رەھبىرى يولداشلار بىر قىسىم دىنىي زاتلار، ئازسانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان رەھبىرى كادىرلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ پەتە ئوقۇدى.

3 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئومۇمى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ۋىلايەتلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يولداش مىڭ شىگزۇنىڭ مال سېتىۋېلىشنى باھانە قىلىپ، ھەممە جايدا سەيلە ـ تاماشا قىلىپ دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ چاچقان ئىنتىزامغا خىلاپ ھەركىتىگە قارىتا پارتىيە ئىچىدە ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەردى ھەم ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ ھېساپقا ئۆتكۈزگەن پۇلنى قايتۇرۇۋالدى.

5 ـ كۈنى: قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن مەمتىلى زۇنۇن يازغان، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالغان تېلېۋىزىيە فىلىمى «ئۈچ ياش» ئىشلەندى. بۇ ئېلىمىز بۇيىچە 1 ـ قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى.

7 ـ كۈنى: ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چوڭ تىپتىكى مەركىزى قۇرۇلۇش ـ گەز دەرياسىنىڭ ئۈچ كۆۋرۈك سۇ باشلاش تۈگۈنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى گەۋدە قۇرۇلۇشى غەلىبىلىك تاماملاندى. بۇ كۈن سۇ باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى كوكاڭ ۋە مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىسى ئابدۇغوپۇر سىدىق قاتارلىق يولداشلار لېنتا كەستى.

9 ـ كۈنى: ۋىلايەت ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق سانائەت ـ قاتناش ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش يىغىنىنى ئاچتى. مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىسى يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىق يىغىندا «ئىسلاھاتقا ئىرادە باغلاش روھى بىلەن 1984 ـ يىللىق سانائەت ـ قاتناش ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنلايلى ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنلايلى» دېگەن ماۋزۇدا سۆز قىلدى.

13 - كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە جىددىي تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، جايلاردىن تېز ھەركەتكە كېلىپ، كۈزلۈك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. يولداش گوگالڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئابدۇغوپۇر سىدىق سۆز قىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قەشقەر شەھىرى بىرلىشىپ قەشقەر شەھەر رايونى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدىن خۇلاسە قىلىش چوڭ يىغىنى ئاچتى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گوگالڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، ۋاڭ ۋېنچىلار سۆز قىلدى. "ئايلىق پائالىيەت ئارقىلىق يىللىق پائالىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش" قا چاقىردى.

17 - 21 - كۈنلىرى: ۋىلايەت قاغىلىق ناھىيىسىدە مەدەنىيەت خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋېنچى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئېيسا شاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يىغىن چاقىرىپ قەشقەرنىڭ شەھەر خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. قەشقەرنىڭ شەھەر خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشى كېرەك، دەپ بېكىتتى. "ئىككى مەدەنىيەت" نى بىللە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم، دەپ قارىدى.

17 - 23 - كۈنلىرى: دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى بېيەن جىياڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 12 كىشى قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

19 - كۈنى: يېڭىسار ناھىيىسى بۇ يىللىق يازلىق ئاشلىقتىن غەللە-پاراق تاپشۇرۇش، سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تېلېگرامما ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى.

23 - 26 - كۈنلىرى: سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تەن يۈنخى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ئېيسا قىيانىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ مىللىي تىبابەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ۋىلايەتلىك 1 - دوختۇرخانا، 2 - دوختۇرخانا، تېببىي مەكتەپ، مىللىي تىبابەت شىپاخانىسى، يەكشەنبە كوممۇنىسى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، دوكلات ئاڭلىدى ھەم دوختۇرخانىنىڭ قىياپىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

24 - كۈنى: ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ئىتتىپاق كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى ۋە شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ 2-چوڭ ئەترىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جۇغراپىيە يازلىق لاگېرى پائالىيىتى تاشقورغان ناھىيىسىدە باشلاندى. 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاخىرلاشتى.

26 - كۈنى: قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ۋە ۋىلايەتلىك كۆمۈر كانىدا زاۋۇت باشلىقى، كان باشلىقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلدى. بۇ — قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىم زاۋۇت، كان باشلىقلىرىنىڭ ئىسىم كۆرسىتىشى بىلەن رەھبەرلىك بەنزىنى تەشكىللىگەن ئىككى چوڭ كارخانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

31 ـ كۈنى: ۋىلايەت بويىچە يازلىق ئاشلىقتىن غەللە-پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش 153 مىليون 940 مىڭ جىڭغا يەتتى. ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن يازلىق ئاشلىقتىن غەللە ـ پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن ئون كۈن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

## 8 ـ ئاي

1 ـ كۈنى: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ھەر مىللەت ئارمىيە ۋە خەلق تەنتەنىلىك يىغىن ئۆتكۈزۈپ ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون ۋە 20 نەچچە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا بېرىپ تەبرىكلىدى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىۋى سايىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ باۋجاڭ قاتارلىق يولداشلار چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلىغا بېرىپ، پامىر ئېگىزلىكىنى ساقلاۋاتقان خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ۋە خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرىنى يوقلىدى.

6 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم چاقىرغان كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش سۆھبەت يىغىنى بۈگۈن ئاخىرلاشتى. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ساۋجۈ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش چېن شىفۇ يىغىنغا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ياڭ جيەنجاڭ يىغىندىن خۇلاسە قىلدى.

7 ـ كۈنى: دۆلەتلىك ئەمگەك ـ كادىرلار مىنىستىرلىكى كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ شۇشەڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن 6 كىشى قەشقەرگە كېلىپ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

7 ـ 11 ـ كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ۋىلايەت بويىچە بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى چاقىردى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لى دېخۇاڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇپەتتىشى يولداش تالىپ داۋۇتلار يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

ۋىلايەتلىك ئادۇۋكات، جامائەت گۇۋاھلىق خىزمىتى يىغىنى يەكەن ناھىيىسىدە چاقىرىلدى. يىغىن ئادۇۋكات، جامائەت گۇۋاھلىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى. مۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

12 ـ 13 ـ كۈنلىرى: ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى يولداش فاڭ يى قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى.

14 ـ كۈنى: مەمۇرى مەھكىمە 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چاقىرغان كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە يەككە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، شەھەر، بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى، 140 نەپەر ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىسمايىل تىلىۋالدى يىغىندا خىزمەت دوكلادى بەردى ۋە يىغىندىن خۇلاسە قىلدى.

18 ـ 21 ـ كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 3 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ ئومۇمى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگاڭ يىغىن ئاخىرلاشقاندا خۇلاسە سۆزى قىلىپ ۋىلايەتتىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرىنى يېڭىلىق يارىتىشقا باتۇر بولۇپ ئىسلاھاتقا ئىرادە باغلاپ، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە چاقىردى.

21 ـ كۈنى: ۋىلايىتىمىزنىڭ بېلىق تۇتۇش كوماندىسى ئاپتونوم رايون ئاچقان تۇنجى قېتىملىق بېلىق تۇتۇش مۇسابىقىسىغە قاتنىشىپ، كوللېكتىپ مۇسابىقىدە 1 ـ لىككە ئېرىشتى.

22 ـ كۈنى: جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى داغدۇغىلىق نام بېرىش چوڭ يىغىنى ئاچتى. ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى شياۋ چۈەنفۇ ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ جاڭ يۇخۇاغا «جان ـ دىلى بىلەن چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ياخشى ھەربىي دوختۇر» دەپ شەرەپلىك نام بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئوقۇپ ئۆتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى گاۋ خۇەنچاڭ، سىياسى كومىسسارى تاڭ كۇاڭمەي، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگاڭلار يىغىنغا قاتناشتى.

27 ـ 30 ـ كۈنلىرى: مەمۇرى مەھكىمە مۇئەييەن دەرىجىدە يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، پىلان تۈزۈپ، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى تەكىتلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لى دېخۇڭ، مۇپەتتىشى تالىپ داۋۇت قاتارلىق يولداشلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يىغىندا سۆز قىلدى.

28 ـ 31 ـ كۈنلىرى: يېزا ئىگىلىك 3 ـ دەۋىرىيسى چارۋىچىلىق ئىقتىسادى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى.

30 ـ كۈنى: مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لۇجېڭساۋ ئۆمەك باشلىقى بولغان مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى 20 نەچچە كىشى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ رەئىسى ئىسمايىل ياسىنوپ، مۇئاۋىن رەئىسلىرى لى جىگشۈەن، خەن يۈۋېنلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ 6 كۈن تۇردى.

## 7 ـ ئاي

1 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم يېقىندا كادىرلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى دائىرىسىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىش، دەرىجىگە

ئايرىپ باشقۇرۇش، قاتلاممۇ - قاتلام مەسئۇل بولۇش چارىسىنى قوللىنىش، ۋىلايەتلىك پارتكوم باشقۇرىدىغان كادىرلارنىڭ دائىرىسىنى تارايتىش، ۋىلايەتلىك پارتكوم پرىنسىپ جەھەتتە ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولغان ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنى باشقۇرۇشنى قارار قىلدى.

1 - 3 - كۈنلىرى: ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خىڭ ئەنشى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى قەشقەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

4 - 8 - كۈنلىرى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بەنچەن ئېردېنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن 12 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بادەي، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شارشىبېك قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى.

5 - كۈنى: بۈگۈن ئاخىرلاشقان ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - خىزمەتچىلەر لەۋھە تاللىشىش مۇسابىقىسىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئەر - ئايال ۋاللېبول كوماندىسى چېمپىيونلۇققا ۋە 2 - لىككە ئېرىشتى.

6 - كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ چاي ئۆتكۈزۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

8 - 11 - كۈنلىرى: مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 6 - ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋلى، 6 - ئىشخانىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رۇەن جىنشىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋېي ۋىنخۇانىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. ئالدى بىلەن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تۇتقان پارتىيە ئىستىلى بويىچە ئالاقىلىشىش نۇقتىسى — يوپۇرغا ناھىيىسىگە باردى. كېيىن يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى.

10 - كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگاڭ ۋىلايىتىمىزدىكى ناھىيىلەرنىڭ پارتكوم شۇجىلىرىنى باشلاپ ئىچكىرىگە ئېكسكۇرسىيىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ بۈگۈن شىنجاڭدىن ئايرىلدى.

15 - كۈنى: ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ۋىلايىتىمىزدە ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇش مەركىزىي قۇرۇلدى.

17 - 22 - كۈنلىرى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يوپۇرغا ناھىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھاموت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىۋى نەجمىدىن، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى نۇرتېمىپ، مۇئاۋىن نازىرى تىلەۋقان؛ قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋېنچى، مۇئاۋىن ۋالىي ئېيساشاكىر قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. ھەم شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرغان ھەم ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەن يوپۇرغا ناھىيىسىگە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

18 ـ 20 ـ كۈنلىرى: مەمۇرى مەھكىمە ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنىنى ئايرىش، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىن جايلاردىن يېزا قۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى، يېزا قۇرۇش ۋە نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن ۋىلايەت بويىچە ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنىنى ئايرىش، يېزىلىق ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاپ بولۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ، يېزىلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

21 ـ كۈنى: ۋىلايىتىمىزدىن بېيجىڭغا بېرىپ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان 3 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى: ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، قەشقەر ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ كادىرى تۇرسۇن مەمەت، ئىلغار مائارىپچى، يوپۇرغا ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئايشەم، ئىلغار خىزمەتچى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بۇرۇمسال كوممۇنىسى پارتكوم شۇجىسى قارى ماشا قۇربانلار قەشقەردىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

قەشقەر شەھىرى بىلەن خوبېي ئۆلكىسىنىڭ شاشى شەھىرى قېرىنداش شەھەر بولدى. ئىمزا قويۇش مۇراسىمى شاشى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

مەمۇرى مەھكىمە ئاۋات پەسىلدە پۇل يىغىۋېلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى، مۇئاۋىن ۋالىي سەيدىغان بارات يىغىندا بېرىپ سۆز قىلدى.

25 ـ كۈنى: مەمۇرى مەھكىمە، شۆبە ھەربى رايون 1984 ـ يىللىق ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقىنى چىقاردى.

ئېلىمىزنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى ـ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەۋرە قۇرۇلۇشى بۈگۈن باشلاندى.

27 ـ كۈنى: بۈگۈنگە قەدەر مارالۋېشى، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق 7 ناھىيە ئارقا ـ ئارقىدىن رادىيو ئۇلاپ ئاڭلىتىش، چاستوتا تەڭشەپ تارقىتىش مۇنارىسى قۇرۇپ چىقتى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن ئاممىۋى سەنئەت سارىيى بىرلىشىپ «قەشقەر مەنزىرىسى» فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئاچتى.

29 ـ كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمە جىددى تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، جايلاردىن كۈزلۈك بۇغداي تېرىلغۇ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، كۈزلۈك بۇغداي تېرىلغۇ سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق، مۇئاۋىن ۋالىي لى دېخۇڭ يىغىندا سۆز قىلدى.

30 ـ كۈنى: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدا پۇل ئامانەت قويۇش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن 3 ئاي بۇرۇن 10.58% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

1 - كۈنى: قەشقەردە 40 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئارمىيە ۋە خەلق داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر شىتدىق، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى جاڭ شىنياۋ، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلار ۋەكىلى رۇقىيەم، قەشقەر شەھەر نەزەرباغ يېزىسىنىڭ دېھقانلار ۋەكىلى توختى ئوسمان، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى يې شاۋجۇنلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا يىغىندا سۆز قىلدى.

پاكىستان قۇرۇقلۇق ئارمىيە شتاب باشلىقى خالى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن 7 كىشى بىزنىڭ خۇنجىراپ ئېغىزىمىزنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللۇق بەنكىسىگە كېلىپ، چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىمىزدىن ھال سورىدى ھەم دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

5 - 6 - كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە يېزىش كومىتېتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ «قەشقەرنىڭ 35 يىللىقىغا ئاتالغان مەخسۇس توپلام» ۋە «1985-يىللىق قەشقەر يىلنامىسى» نى يېزىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش جوگۋاڭخۇا يازغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان يېزا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەڭلىك ھېكايە فىلىم «چېگرا يېزىسىدىكى مۇھەببەت» يېقىندا ۋىلايىتىمىزدە قويۇلدى.

8 - 11 - كۈنلىرى: مەمۇرىي مەھكىمە كۈز پەسلىدە كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش يىغىنى چاقىرىپ، كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

15 - كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يوپۇرغا ناھىيىسى ۋە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ پاختا سېتىۋېلىش ۋە كۈزگى بۇغداي تېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغانلىقىنى تەقدىرلىدى.

گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى، نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ مەبلەغ سېلىشى ئارقىلىق كۆكيار نېفىت - گاز كانى رەسمىي ئېچىلىشقا باشلىدى ھەم شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پوسكامدا نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇش قارار قىلىندى.

20 - 24 - كۈنلىرى: شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي باللار باغچىلىرى، يەسلىلىرىنىڭ نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى يەكەندە چاقىرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ماھىنۇر قاسىم، مۇئاۋىن مۇدىرى لى گو ھەم قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ياڭ جيەنجاڭ قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا بېرىپ سۆز قىلدى.

21 - كۈنى: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 2 مىليون 740 مىڭ مو كۈزگى بۇغداي تېرىش ۋەزىپىسى سان، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىنغان ھالدا ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاندى.

25 ـ 27 ـ كۈنلىرى : تۈركىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىسى بولغان ۋەتەن پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خالىر شىپكەن ، ئۇنىڭ رەپىقىسى ۋە بىر لەپەر پارلامېنت ئەزاسى ، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك كاتىۋى قاتارلىق 6 كىشى قەشقەرگە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

26 ـ كۈنى : ۋىلايەت چاقىرغان ئورمانچىلىق 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىغا قاتناشقان ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە ( شەھەر ) نىڭ باشلىقلىرى «ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمانلاشتۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» گە ئىمزا قويۇپ ، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمانلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ ، «شەرقى ـ شىمال، شىمالى جۇڭگو ، غەربى شىمال» ئىماتە ئورمانلىقى قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

29 ـ كۈنى : قەشقەر ئايرودۇرومىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاندى . تۈرلۈك تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى لايىھىلەنگەن تەلەپكە ئۇيغۇن بولدى. مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق ، نازارەتچىسى ليۇسىلىن قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار ئايرودۇرومغا چىقىپ ئۇلارنى تەبرىكلىدى .

ۋىلايەت بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. سىياسىي-قانۇن سېپىدىن كەلگەن قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋە ئالاقىدار ۋەكىللەردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى . ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن يولداش گوگاڭ ، ئابدۇغوپۇر سىدىق ، ياڭ جيەنجاڭ ، تىلىۋالدى توختى، ۋاڭ ۋېنچى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

## 11 ـ ئاي

3 ـ كۈنى : ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمە دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى . ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ، ئىچكىرىگە بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ، تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى يولداش گوگاڭ ئىچكىرىگە بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلغان ۋە تەكشۈرگەن ئەھۋالنى دوكلات قىلدى .

6 ـ كۈنى : قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى . يىغىنغا ئۇيغۇر ، خەنزۇ، خۇيزۇ ، تاجىك ، قىرغىز ، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىق ئون نەچچە مىللەتنىڭ 280 دىن ئارتۇق ۋەكىلى قاتناشتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىق ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى يولداش فىڭ داجېن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى ، ئۆمەك باشلىقى مىڭ شۇلىن يۈز تىمادى . جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى . ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگاڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم ، مەمۇرى مەھكىمىگە ۋاكالىتەن « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ ، ۋىلا-

يېزىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن ماۋزۇدا دوكلات بەردى.

10 – كۈنى: ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. چوڭ يىغىن 69 ئىلغار كوللېكتىپ، 129 ئىلغار شەخسكە لەۋھە ۋە تەقدىرنامە تەقدىم قىلدى، چوڭ يىغىننىڭ تەشەببۇسنامىسىنى ماقۇللىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىلمۇۋالدى توختى يېپىش نۇتقى سۆزلىدى.

ۋىلايىتىمىز 872 مىڭ 500 نەچچە دەن ساپ پاختا سېتىۋېلىپ، بۇ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى 7.73% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

13 – كۈنى: مەمۇرى مەھكىمە كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، جايلاردىن ئىسلاھات روھى بويىچە كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

20 – كۈنى: قەشقەر شەھىرى بىلەن بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 – دىۋىزىيىسى ھەمكارلىشىپ قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش تۈرلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى.

22 – كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىق ۋىلايىتىمىزدىكى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى باشلاپ، ئىچكىرىگە ئېكىسكۇرسىيىگە بېرىش ئۈچۈن بۈگۈن شىنجاڭدىن ئايرىلدى.

22 – 24 – كۈنلىرى: ۋىلايەتتە يەككە ئەمگەكچىلەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ۋىلايەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى سايلاپ چىقىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىلمۇۋالدى توختى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئېيسا شاكىر، سەيدىخان بارات قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار يىغىنغا بېرىپ سۆز قىلدى.

29 – كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە يوپۇرغا ناھىيىسىدە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. يىغىن 4 كۈن ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى يولداش ئابدىرىشىت ئوسمان يىغىنغا قاتناشتى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىلمۇۋالدى توختى خۇلاسە سۆزى قىلدى.

30 – كۈنى: قەشقەر ۋىلايىتىدە سىمونت، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن بىر ئاي بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىپ، مەھسۇلاتتا تارىختىكى ئەڭ يۇقۇرى رېكورت يارىتىلدى.

## 12 – ئاي

4 – كۈنى: ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر كۆن – خۇرۇم زاۋۇتى، سوپۇن زاۋۇتى، چىنە زاۋۇتى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ئۇلاغ تىرانسپورت شىركىتىنى قەشقەر شەھرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى.

10 ـ كۈنى : مارالۋېشى ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ شوركۆل بوز يەر رايونىدىكى پولك ـ مەيدانلار بىلەن كېڭىشىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، مارالۋېشىنىڭ ئىقتىسادىي رايونىنى بىرلىكتە ئاچماقچى بولدى .

قەشقەر شەھەرلىك خەلق رادىيو ئىستانسىسى يېرىم يىلدىن كۆپرەك تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق بۈگۈن ئاپپاراتنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى .

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئىنتىزام تەكشۈرگۈچىسى ، بېيجىڭ ئۈنىۋېرسىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋاڭ لۇبىن ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 6 ـ ئىشخانا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چاڭ يۈ قاتارلىقلار 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قەشقەرگە كېلىپ ، پارتىيە ئىستىلى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ، بۈگۈن قەشقەردىن ئايرىلدى :

13 ـ كۈنى : قەشقەر شەھىرى مەملىكەت بويىچە تازىلىقتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى .

18 ـ 26 ـ كۈنلىرى: ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمە 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىرىپ، پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمى يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ سانلىق ئومۇمى ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى . ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، قانداق قىلىپ قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يەنىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوكاڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرى مەھكىمىگە ۋاكالىتەن « ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يەنىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى » دېگەن ماۋزۇدا دوكلات بەردى.

22 ـ كۈنى : ۋىلايىتىمىزنىڭ ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى 99 نەپەر يېزا ئىگىلىك خەنشۇ ئۈنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى .

26 ـ كۈنى : ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ بىئولوگىيە ئەۋرىشكە ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى .

30 ـ كۈنى : قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى چاقىردى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يولداش گوكاڭ سەپەرۋەرلىك دوكلادى بەردى . ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ياڭ جىيەنجاڭ ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

( شى يۈشېڭ تۈزگەن )

# شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش

## ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە قەشقەردە ئىشلىگەن كومپارتىيە ئەزالىرىنى تونۇشتۇرۇش

### جوۇ چۇنلىن

جوۇچۇنلىن ، باشقا ئىسمى جوۇ يۇلۇڭ ، ئەر، خەنزۇ ، 1913 - يىلى ئۆكتەبىردە تۇغۇلغان، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ماچىڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. 1930 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان، 1932 - يىلى ئىتتىپاق ئەزالىقىدىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا ئۆزگەرتىلگەن .

جوۇ چۇنلىن 1930 - يىلى نويابىردا قىزىل گۋاردىيىگە، كېيىن قىزىل 4 - ئارمىيىگە قاتناشقان ، ئۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ خۇبېي، خېنەن، ئەنخۇي تايانچ بازىسىنى قوغداشقا ، گومىنداڭنىڭ 2 -، 3 -، 4 - قېتىملىق قورشاپ يوقىتىشىغا قارشى تۇرۇشقا، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە، سىچۈەن ، شەنشى ئىنقىلاۋىي بازىسىنى قوغداشقا ، گومىنداڭنىڭ 6 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ قورشاپ يوقىتىشىغا قارشى تۇرۇشقا ، خۇاڭخېدىن ئۆتۈش قاتارلىق چوڭ جەڭلەرگە قاتناشقان ، بەن، پەي ، لىيەن ، باتالىيونلارنىڭ باشلىقى ، خەۋەرلىشىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، باتالىيوننىڭ سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1937 - يىلى 5 - ئايدا غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىگە ئەگىشىپ تەرەپ - تەرەپتە جەڭ قىلىپ شىنجاڭغا كەلگەن ، قەشقەر 48- پولكىنىڭ مايۇر دەرىجىلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەن باشلىقى ، كادىرلار چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان . ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە خېنەن ، ئەنخۇي، جياڭسۇ تايانچ بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان . سىشۈي، دۇڭلىڭ ، تەنۋى تايانچ بازىلىرىنى ئېچىشقا قاتناشقان، باتالىيون باشلىقى ، مۇئاۋىن پولك باشلىقى ، ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى بولغان . ئازاتلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە چىڭ -لياڭگو، جياۋخې ، يىلىن، خۇەيخەي ، چاڭجياڭدىن ئۆتۈش قاتارلىق چوڭ جەڭلەرگە قاتنىشىپ ، مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقى ، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى بولغان. ئازاتلىقتىن كېيىن توپچى قىسىملارنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوماندانى، نەنجىڭ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە گارنىزون قوماندانى، شائىخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. پارتىيىنىڭ 9 -، 10 - 11 - قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ

سايلانغان. پارتىيىنىڭ 10 ـ، 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كومىتېت ئەزاسى، مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. (چېن جىن لى)

## گاۋدېڭباڭ

گاۋدېڭباڭ، بۇرۇنقى ئىسمى گاۋيۇچېڭ، ئەر، خەنزۇ، 1914 ـ يىلى تۇغۇلغان، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنچۈەن ناھىيىسىدىن.

1932 ـ يىلى ئىنقىلاپقا قاتنىشىپ، يۇرتىدا يەر ئاستى خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. 1934 ـ، 1935 ـ يىللىرى جىكپ يەنچۈەن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ كاتىپى بولغان. كېيىن غەربىي ـ شىمال خىزمەت كومىتېتى تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ تېخنىكا بۆلۈم باشچىسى، سېكرېتارى، كوررېكتورى بولغان. 1935 ـ يىل 10 ـ ئايدا مەركىزىي خەلق ئىقتىسادىي بۆلۈمى، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايون ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش نازارىتىدە بۆلۈم باشلىقى، نېفىت كانىدا تۇرۇشلۇق مەخسۇس خادىمى بولغان. 1938 ـ يىلى ئۆكتەبىردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن، ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شايار ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتىپ، غەربىي ـ شىمال مالىيە مۇئاۋىن باش كاتىپى، قوشۇمچە ترانسپورت چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، غەربىي ـ شىمال ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (پارتكوم شۇجىسى)، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونى قاتناش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، لۇڭخەي تۆمۈر يولىنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ھەربىي ۋەكىل بولغان. 1950 ـ يىلىدىن كېيىن غەربىي ـ شىمال ھەربىي مەمۇرىي كومىتېتى قاتناش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، غەربىي ـ شىمال تۆمۈر يول قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى، لايىھەلەش باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مىنىستىرلىك پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، گوۋۇيۈەن پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، دۆلەت ئورگانلىرى پارتكومى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، پارتىيە يادرو گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاكادېمىيە پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، خەلق سارىيىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى بولغان. 1979 ـ يىل 11 ـ ئايدا 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا سايلانغان، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقى، ئىدارىلار پارتكومىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. 1982 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى 12 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان.

ئۇ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، خىيانەتچىلەرنى جازالاش، خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كىشىلەركە ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇردى.

## لى يۈنياڭ

لى يۈنياڭ، بۇرۇنقى ئىسمى لى جۇلياڭ، تەخەللۇسلىرى ياڭ يۈڭنيەن، شىمىن رىن، ئەر، خەنزۇ، 1914 - يىلى تۇغۇلغان، گۇاڭدۇڭنىڭ تەيشەن ناھىيىسىدىن، ئەركىن كەسىپدار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان.

ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا گۇاڭدۇڭنىڭ تەيشەن قاتارلىق جايلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1935-يىلى ياپونىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنقىلابىي تەشۋىقات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، لىن جىلۇ باشقۇرغان پەلسەپە لېكسىيىسىگە رىياسەتچىلىك قىلغان ھەمدە ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1936 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قاتناشقان. 1937 - يىلى 5 - ئايدا دۆلەتمىزگە قايتىپ، ئالدى بىلەن شاڭخەيدە مەدەنىيەت ئارقىلىق مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش خىزمىتىگە قاتناشقان، كېيىن جۇۋ ياڭ، خې گەنجى، ئەي سىچى قاتارلىقلار بىلەن بىللە يەنئەنگە كەلگەن، شۇ يىلى 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1938 - يىل 8 - ئايدا پارتىيە ئۇنى لىن جىلۇ قاتارلىقلار بىلەن بىللە شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن. ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان، قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا دەرس سۆزلىگەن، 1939 - يىلىنىڭ باشلىرىدا قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەن، 1940 - يىل 7-ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان، 1942 - يىل 9 - ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، ئۇ تۈرمىدە مەسئۇل كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان. 1946 - يىل 6 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يەنئەنگە قايتىپ لۈلياڭ رايونلۇق پارتكوم، شەنشى - سۈيىۈەن ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كاتىۋى بولغان.

ئازاتلىقتىن كېيىن شىمالى جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگونىڭ ۋيېتنامغا بارغان سىياسىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ كاتىۋى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى سىياسىي مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئالىي مائارىپ مىنىستىرلىكى ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپلەر مەھكىمىسى (1 - مەھكىمە) نىڭ مائاۋىن باشلىقى، باشلىقى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى، جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ 2 - شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىرى، جىياڭشى ئۆلكىلىك 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئۆلكىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە-

كىملى ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان . ھازىر خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىۋاتىدۇ .

لى يۈنياڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى ، ئۇ چاغلاردا ئامما كوممۇنىستلارنى چۆلدىكى يۇلغۇن ياكى يانتاققا ئوخشىتاتتى .

ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھېكمەتلىك سۆزى: "ئادەمنىڭ ھەر بىر سۆز ۋە ھەركەتنى قىلغاندا ئەستايىدىل بولۇشى — قىممەتلىك ئىستىل"، "بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ يۇقۇرى - تۆۋەنلىكى ئۇنىڭ باشقا كىشىلەرگە قىلغان خىزمىتىنىڭ ئاز - كۆپلىكى بويىچە ئۆلچىنىدۇ" ، "ھەر قانداق ۋاقىتتا باشقىلارنى نەزەردە تۇتقان كىشىنىڭ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولىدۇ ، ھاياتى مەنىلىك ئۆتىدۇ". ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى ۋە ماقالىلىرى ئىچىدە «گېڭگىلىنىڭ پەلسەپىۋى تەنقىدىگە تەنقىت» ، "ياپونىيىنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشقا ئومۇمىي نەزەر"، «ئىنقىلاۋىي قۇربان لىن جىلۇنى ئەسلەش»، «جىن يۇڭ ئەپەندىنىڭ يېڭى چامباشچىلىقتا ئات ھېكايىسىغا سىناق تەرىقىدىكى باھا»، «ساۋ مىڭنىڭ يېڭى ئەسىرى»، «جۇڭگو پەرزەنتلىرى» گە باھا ۋە «تۈرمىدە يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى» ، «80 - يىللاردىكى ياشلارغا بېغىشلايمەن» قاتارلىقلار بار.(چېن جىنلى)

## ۋۇنەيىن

ۋۇنەيىن ، ئەسلى ئىسمى ۋۇسۇيۈن، بۇرۇن قوللانغان ئىسىملىرى لى سىياڭ ، چۈي ۋۇ، ۋۇشاڭ مېڭ، ئايال، خەنزۇ ، 1914 - يىلى 11 - ئايدا تۇغۇلغان ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيشەن ناھىيىسىدىن ، ئەركىن كەسىپدار ئائىلىدىن كېلىپ چىققان.

ئۇ 1928 - يىلدىن 1934-يىلغىچە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان. 1931-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىلغار تەشكىلات — «گۇاڭجۇ ئەدەبىيات - سەنئەتى» گە قاتناشقان . 1933 - يىلى 1 - ئايدا ، «جۇڭگو مەدەنىيەت باش ئىتتىپاقىنىڭ گۇاڭجۇ شۆبىسىگە قاراشلىق ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى بىرلەشمىسى» نىڭ پائالىيىتىگە قاتناشقانلىقى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنغان، شۇ يىلى 6 - ئايدا كېپىللىككە بېرىلگەن، 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شاڭخەي ئىجتىمائىي پەن بىرلەشمىسى» گە قاتناشقان . 1935 - يىلى 8 - ئايدا ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇغان ۋە ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ ، "توكيودا قېپقالغان ئاياللار جەمئىيىتى گەزىتلىرى ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كەسپىي بولغان" . 1936-يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1937-يىل 5 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ "شاڭخەي كەسپىي ئاياللار كىلۇبى ،«ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى » گە قاتنىشىپ ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان» شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنئەنگە بېرىپ شىمالىي شەنشى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان . 1938 - يىلى 4 - ئايدا «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى» قىز ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولغان . 1938 - يىلى 3 - ئايدا پارتىيە ئۇنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن . ئۇ قەشقەر يېڭىشەھەر قىزلار باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ، مۇدىرى بولغان . 1940 - يىلى 3 - ئايدا «قەشقەر

ئاياللار جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ، مۇئاۋىن مۇدىر بولغان . 1941 - يىلى مارالۋېشى ناھىيىسىنىڭ «ئاياللار جەمئىيىتى» گە مۇدىر بولۇپ، ئاياللارنى ئىشلەپچىقىرىشقا، ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىشقا تەشكىللىگەن ھەم ئوقۇتقۇچى بولغان. 1942 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. 1942 - يىل 9 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان . 1946 - يىلى 6 - ئايدا قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتقان. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەنشى - سۈييۈەن لۇلياڭ پارتىيە مەكتىپىدە خىزمەت قىلغان . 1948 - يىلى 5 - ئايدا لۇلياڭ رايونىدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتناشقان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەنشى - سۈييۈەن ھەربى رايونىنىڭ «جەڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلغان.

ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇ مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمى مائارىپ بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى ، «جۇڭگو ئاياللىرى» ژورنىلىنىڭ تەھرىرى، جياڭشى خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، جياڭشى سانائەت ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، جياڭشى ئۆلكىلىك 4 - نۆۋەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى خېفېي شۆبىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، جەنۇبىي جۇڭگو دارىلفۇنۇنى (ھازىرقى جەنۇبىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىۋاتىدۇ . (چېن جىنلى)

## شۈلياڭ

شۈلياڭ، باشقا ئىسمى ۋۇ رۇڭجاۋ، تەخەللۇسى جوڭ يۈەن، ئەر، خەنزۇ ، 1913 - يىلى يانۋاردا تۇغۇلغان، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جيەنياڭ ناھىيىسىدىن .

ئۇ 1937 - يىلى سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائى پەنلەر ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1938 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلاپقا قاتناشقان ، شۇ يىلى 2 - ئايدا شىمالى شەنشىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن ، 3 - ئايدا شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن، دەسلەپتە يېڭى ھەربىلەر كازارمىسىدا ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تەھرىر - تەرجىمە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1939 - يىلى پۇلى (ھازىرقى تاشقورغان) ناھىيىسىگە يۆتكەلگەن، مەكىت ناھىيىسىدە ھاكىم بولغان ، 1942 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە سولانغان. 1946 - يىلى قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتقان ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەنئەن «ئازاتلىق گېزىتى»نىڭ ياردەمچى تەھرىرى، شەنشى - سۈييۈەن چېگرا رايونى يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ئۆمىكىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، شۆبە ئۆمەك باشلىقى ، مەركىزىي ئىجتىمائى بۆلۈم كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مائارىپ بۆلۈمچە باشلىقى بولغان . 1949 - يىلدىن كېيىن ھەربى ئىشلار كومىتېتى باش سەنمۇبۇسىنىڭ ھەربى مەلۇمات بۆلۈمى، ئالاقىلىشىش بۆلۈمى كادىرلار مەكتىپى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، مەركىزىي مائارىپ مەمۇرىي ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن

باشلىقى، چېڭدۇ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە ئىنستىتۇت باشلىقى بولغان. 1983 - يىلى 6 - ئايدا خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئۇ پولى، مەكىت ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، چېگرا چارىسى چوڭ ئەترىتىگە ماسلىشىپ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇس، ئىشپىيونلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغدىغان، سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشكە ھەسسە قوشقان. ئۇ مۇندىن كېيىن پۇرسەت تېپىپلا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا يەنە ئاز - تولا تۆھپە قوشۇدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (چېن جىنلى)

## چيەن پىڭ

چيەن پىڭ، ئەسلى ئىسمى چيەن جۇنشىن، ئەر، خەنزۇ، 1915 - يىلى تۇغۇلغان، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇۋجى ناھىيىسىدىن بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا يۇرتىدا مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1937 - يىلى ۋۇخەندە پارتىيىمىز چىقارغان «ئاممىۋى ھەپتىلىك ژورنال»غا كوررېكتورلۇق قىلىش، ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1938 - يىلى يەنئەنگە بېرىپ، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1939 - يىلى پارتىيە ئۇنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن، ئۇ يەكەن، ئاقتۇ، كېرىيە ناھىيىلىرىدە باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. 1943 - يىل 4 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە سولانغان. 1946 - يىل 6 - ئايدا قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتىپ، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونى مۇيەتتىش باشقارمىسىنىڭ مۇيەتتىشى، غەربىي شىمال مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇيەتتىشى، غەربىي شىمال ھەربىي رايون تەمىنات - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ ئەترەت باشلىقى، غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى 4 - بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن.

ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتى پىلان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1951 - يىلدىن بۇيان نېفىت قېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى غەربىي شىمال ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، شەرقىي جۇڭگو نېفىت ئىش باشقارمىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. (چېن جىنلى)

## جېڭ يىشېڭ

جېڭ يىشېڭ، يەنە بىر ئىسمى جېڭ جىڭشىڭ، جېڭ يىرەن، ئەر، خەنزۇ. 1911 - يىلى تۇغۇلغان، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ تۇڭگۇ ناھىيىسىدىن. 1925 - يىلى ئىنقىلاۋىي خىز-

مەتكە قاتناشقان، 1927 - يىلى پىشۋادىرلار ئەترىتىدە ۋە ئېلپىنىدىكى باشلار ئىستىپادىغا قاتناشقان، 1931 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.

1930 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە قىزىل 2 - ئارمىيە پولك باش شتابىدا بۆيرۇق يەتكۈزگۈچى ئەسكەر، سىتارشى سېرژانت، بۆلۈم ئەزاسى، رۇيجىن قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان. 1933 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە ج ك پ گەنشىيەن پەۋقۇلئاددە رايون شۆجىسى، فۇجيەن - جياڭشى ئۆلكىلىرى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پارتكوم ئەزاسى، ئۆلكىلىك مالىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، قىزىل 3 - ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇسادىرە قىلغۇچىسى ۋە ھاشار سالغۇچىسى بولغان، ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. 1936 - يىلى جۇڭخۇا سوۋېت مەركىزىي مالىيە بۆلۈمىنىڭ بىر تۇتاش يىغىۋېلىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە 3 چېگرا پەۋقۇلئاددە رايونىنىڭ مالىيە مەخسۇس خادىمى بولغان. 1938 - يىلى ياز دا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىر كاتىپى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ كۆزدىن كەچۈرگۈچىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك ھەمشىرى ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1943 - يىل 2 - ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1946 - يىلى 6 - ئايدا قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتقان. ئۇ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمىتى مۇپەتتىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سىياسىي كومىسسارى، لەنجۇ غەربىي رايونى پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مالىيە بۆلۈم باشلىقى، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈم باشلىقى، نىڭشيا غەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىۋاتىدۇ. (چىن جىنلى)

## ئازاتلىقتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا شۇجى بولغانلارنىڭ ئىسمىلىكى

زېڭ گۇاڭمىڭ، ۋاڭ دېمىڭ، مېڭ شۇلىن، لى شۇاڭشېڭ، ۋاڭ جېنۇپىن، جاڭ جۇڭتاۋ، جاڭ چىڭيۇن.

## ئازاتلىقتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغانلارنىڭ ئىسمىلىكى

ئابدىكېرىمخان مەخسۇم، سەيپۇللايوپ، ئابدۇرېھىم ئىمىنوپ، ئىمىنوپ ھامىت، لى شۇاڭشېڭ (ئىنقىلاۋى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ۋاڭ جېنۇبىن (ئىنقىلاۋى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ئىمىنوپ ھامىت، ئابدۇللا ئىسمايىل، ماھمۇتوپ قۇربان.

# ئاتاقلىق كىشىلەر

**ئىسمايىل مەمەت** (1962 ـ 1940) ، ئەر، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يېڭىسار ناھىيە ئوچار يېزا ياۋاغ كەنتىدىن، 1960 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان. ئىسمايىل مەمەت ئىشلىگەن مەلۇم قىسىم چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى مەلۇم لىيەنىنىڭ 3 ـ بەنى 1962 ـ يىلى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدە چارلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان چاغدا، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، ئۇ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، مەرتلەرچە قۇربان بولغان. قىسىم پارتكومى ئۇنىڭ ھاياتۋاقتىدىكى ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى دەپ تونۇغان، 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالغان؛ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى «كۈرەش قەھرىمانى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن.

1962 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىر سەھەردە، ئىسمايىل مەمەت بەنجاڭلىقىدىكى 3 ـ بەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، جۇڭگو ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى تاغ ئارىسىدا چارلاش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ھىندىستان ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئاپتوموبىلنىڭ چاقى تېشىلىپ كېتىپ، شوپۇر ئېغىر يارىدارلىنىدۇ، ئاپتوموبىل ئوچۇقچىلىق بىر جايدىلا توختاپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، كەينىكىنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر پىلىموتنىڭ ئاغزى ئالدىغا قارىتىلمىغىلىق بولغاچقا، يان تەرەپتىكى دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ھىندىستان تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمى ۋە ئەسەبىلەرچە ۋاقىراشلىرى ئىسمايىل مەمەتنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇ، دەرھال ئاپتوماتىنى ئېلىپ، سەپداشلىرىغا قاراپ: "مەن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى باشقا تەرەپكە بۇرايمەن، سىلەر دەرھال ئېغىر پىلىموتنى يۆتكەپ، تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىڭلار!" دەپ توۋلايدۇ. ئۇ، دەرھال كوزۇپنىڭ كەينىگە كېلىپ، ئاپتومات بىلەن دۈشمەنگە قاراپ ئوت ئاچىدۇ. دۈشمەننىڭ ئېغىر ـ يېنىك قوراللىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئوق ئېتىۋاتقاندا، بىر تال ئوق ئۇنىڭ ئالقىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كۆكرىكىگە تېگىدۇ. ئۇ، ئاغرىق ئازابىغا چىداپ، بەدىنىنى رۇسلاپ، ئوق دېسكىسىنى يەڭگۈشلەپ، كوزۇپنىڭ ياغىچىغا جاراھەت ئاغزىنى تىرەپ تۇرۇپ، داۋاملىق تۇردە تاجاۋۇزچىلارغا ئوت ئاچىدۇ. تاجاۋۇزچىلارنىڭ 3 ـ پاي ئوقى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تەككەندە، 3 ـ بەننىڭ ئېغىر پىلىموتى غەزەپ بىلەن تىرىلداشقا باشلايدۇ. شىددەتلىك قايتارما ھۇجۇم دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى بېسىۋېتىدۇ. ئىسمايىل مەمەت ئېغىر پىلىموتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھايات ـ ماماتلىقتا بىرگە بولغان سەپداشلىرىغا قاراپ، ئاپتوماتىنى چىڭ تۇتۇپ، تىنچلىقتا كۆز يۇمىدۇ. (چېن خۇيلى رەتلىگەن)

**شۆي دىيەنۆبې** شۆيدىيەنۆبې (1982 ـ 1924) ، سەنشى ئۆلكىسى جياۋچېڭ ناھىيىسىدىن. 1945 ـ يىلى ئىنقىلاپقا قاتناشقان . 1949 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن، شۇ يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن،

1952 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ توپلۇق رايونىغا پارتكوم سېكرېتارى بولغان. 1957 - يىلى ج ك پ يېڭىسار ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل بولغان. 1971 - يىلى يېڭىسار ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1977 - يىلى، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كېيىن دېھقانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. شۈي دېيە نۇبى ھەددىدىن زىيادە كۆپ چارچاپ كەتكەنلىكتىن، 1982 - يىلى 3 - ئىيۇندا يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ، 58 يېشىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.



يولداش شۈي دېيە نۇبى قېرىنداش مىللەت كادىرلىرى بىلەن بىللە. لۇ بېيتيەن فوتوسى

ئۇزۇن يىللاردا، شۈي دېيە نۇبى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىنى ئاۋات قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. يەرلىككە ئالماشقاندىن كېيىن، چېگرا رايونىدا نەچچە ئون يىللاپ خىزمەت ئىشلىگەن. جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلغان. 50 - يىللاردا، قۇرغاقچىلىقتىن غالىبە قىلىش ئۈچۈن، ئۇ يېڭىسار ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرگە چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، سۇ مەنبەسى ئىزدەپ، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، ئىگىز يەر ئۆستىڭى ۋە غالىبىيەت ئۆستىڭىنى پۈتتۈرگەن؛ 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «5 تە ياخشى» يېزا قۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، شەخسەن ئۆزى نوقتىدا تۇرۇپ سىناق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە، پۈتۈن شىنجاڭغا داڭقى كەتكەن «5 تە ياخشى» يېزىلارنىڭ ئۈلگىسى — يېڭىسار ناھىيە ئوچار كوممۇنىسى بوزغۇن چوڭ ئەترىتىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، قۇربىتى يەتكەن دائىرىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىنقىلابىي روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك سېپىدە 4 ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، بولۇپمۇ، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئىشقا سېلىش جەھەتلەردە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

يولداش شۈي دېيە نۇبى قېرىنداش مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت قىلغان بولۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى بويىچە ئىش كۆرگەن.

ئۇ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيگەن، ئۇلارنى ئۆز قېرىندىشى بىلىپ، سەمىمىي مۇئامىلىدە بولغان. ھېچقاچان - ھېچكىمدىن ئايرىلالماسلىقتىن ئىبارەت قان - گۆشتەك مۇناسىۋەت ئورناتقان. 1968 - يىلى، بىر قانچە كوممۇنىدا ئاشلىق ئۆكسۈپ قالغاندا، كوممۇنا رەھبەرلىرى ئاغىنىگە بېرىپ جىددىي مەلۇم قىلغاندا، يولداش شۆي دىيەنۆبى گەرچە خىزمىتىدىن ئېلىۋېتىلگەن، يەنە، كۆرەش قىلىش يىغىنىدا باشقىلار ئۇنى سەھنىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرىۋەتكەن، قوۋۇرغىسى سۇنۇپ، بەل ئومۇرتقىسى زەخىملىنىپ، بىر پۇتى ئاقساپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئامىمىنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ئويلاپ پەقەت ئولتۇرالماي قالغان. قار - شۇۋىرغانلىق بىر كېچىدە، ئۇ، قەھرىتان سوغۇققا ۋە ئاغرىققا قارىماي، نەچچە ئون چاقىرىم يول يۈرۈپ، ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالغان ئامما ئۈچۈن، 200 نەچچە مىڭ جىڭ ئاشلىق تەييارلاپ بەرگەن. 1976 - يىلى، شۆي دىيەنۆبىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سافان كوممۇنىسى 3 - چوڭ ئەترىتىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى يېتەكلەپ، 360 مو بېنام ئاچقان. ئۇ، مۇرىسىگە سۇدانىنى ئېسىپ، بىلىگە زاغرا نانىنى تۈگۈپ، دولىسىغا كەتمىنىنى ئېلىپ، سەھەر قوپۇپ، كەچ يېتىپ، توپا ئىتتىرىدىغان تراكتورنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، بىرەر ئايدىن ئارتۇق ئىشلىگەن ھەمدە 5 كۈن سۇ تۇتقان. شۇ يىلى، 3 - چوڭ ئەترەتنىڭ ئاشلىقى 3 باراۋەر ئاشقان، ئاشقان مەھسۇلات بىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 80 جىڭدىن توغرا كەلگەن. بىر قېتىم، شۆي دىيەنۆبى قىزىل كوممۇنىسىغا بارغاندا، 5 تە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان. يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكى بېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى ئابدۇللانى ياد ئېتىپ كەنتتىن 10 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغا بېرىپ ئۇنى يوقلىغان. ئابدۇللانىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېنىدىن 20 يۈەن پۇل بەرگەن. شۆي دىيەنۆبى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە دىققەت قىلغان. قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە ئۇ كۆپ قېتىم ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپىگە قارىماي، بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى قوغداپ قالغان. ئۇنىڭ سەمىمىي قەلبى ئاز سانلىق مىللەت يولداشلارنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇلار شۆي دىيەنۆبىنى "كومپارتىيە ئەۋەتكەن سىرداشىمىز" دەپ تەرىپلەشكەن.

يولداش شۆي دىيەنۆبى بىر رەھبىرىي كادىر سۈپىتىدە، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە زىيالىيلارغا ھۆرمەت قىلغان، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلغان، زىيالىيلارغا سىياسىي جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلگەن، تۇرمۇش جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلغان. ئۇ: "زىيالىيلار چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا قىممەتلىكتۇر" دەيتتى.

شۆي دىيەنۆبى پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سەمىمىي، سادىق بولغان، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن، چېگرا رايوننىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تاكى ئاخىرقى نەپىسىگىچە تىرىشىپ خىزمەت قىلغان. ئۇيغۇر كادىر ساۋۇت روزى مۇنداق دەيدۇ: "شۆي شۇجى، سىز ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن يۈرەك قېنىڭىزنى سەرپ قىلدىڭىز، تەرلىرىڭىزنى ئاقتۇردىڭىز، سىزنىڭ ئوبرازىڭىز قەلبىمدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!"

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى 1983 - يىلى 16 - دېكابىردا «يولداش شۈي دېيەنۇيېدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كومپارتىيە ئەزالىرى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى يولداش شۈي دېيەنۇيېدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلدى. (جاڭ يۈەنشېڭ)

**جاڭيۈخۇا** (1932 - يىل 2 - ئايدا تۇغۇلۇپ، 1983 - يىل 8 - ئايدا ۋاپات بولغان) خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۈلىن ناھىيىسىدىن. 1949 - يىل ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، جەڭچى، سېستىرا، ئوقۇغۇچى، ياردەمچى دوختۇر، ھەربىي دوختۇر، باش ھەربىي دوختۇر بولغان. 1956 - يىلى 11 - ئايدا غەربىي شىمال ھەربىي رايونى 1 - ھەربىي تىببىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا چىققان. 1960 - يىلى 3 - ئايدا كومپارتىيىگە ئەزا بولغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم دوختۇرخانىسىنىڭ فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمىنىڭ باش ھەربىي دوختۇرى بولۇپ، 5 قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، 7 قېتىم مۇكاپاتلانغان. 1982 - يىلى، ئۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ "ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنى سۆيۈش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىش" بويىچە ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان، 1983 - يىلى ئۈرۈمچى قىسىملىرى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخسى بولۇپ باھالانغان. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ماشىنا ھادىسىسى بىلەن بەختكە قارشى 51 يېشىدا ۋاپات بولدى.

جاڭيۈخۇا شىنجاڭغا چىققان 26 يىلدىن بۇيان، جان - دىلى بىلەن چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت ئارمىيە - خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىغا ھەر تەرەپتىن سەمىمىي غەمخورلۇق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.



يولداش جاڭيۈخۇا ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ نېرۋا ئاجىزلىقى كېسىلىنى داۋالىماقتا.
شياۋجۈەن فوتوسى

يېزا ئىقتىسادى ۋەيران بولغان 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، دېھقانلارنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ، دورا سېتىۋېلىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، جاڭيۈخۇا ۋەتىنىمىزنىڭ قىممەتلىك تىببىي خەزىنىسىنى قېزىپ، خەلق ئارىسىدىكى رېتسېپلارنى كۆڭۈل قويۇپ توپلاپ، ئۇۋۇلاش، يىڭنە بىلەن داۋالاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، يىڭنە ۋە ئوت - چۆپ بىلەن دېھقانلارنىڭ يارىلىرىنى ۋە كېسەللىرىنى داۋالاپ ساقايتتى. ئۇ ئىجات قىلغان نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلىنى "باشتىكى ئۈچ بۆلۈك" كە يىڭنە سانجىپ داۋالاش ئۇسۇلى ئۈرۈمچى قىسىم -

لەرى بويىچە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، «خەلق ھەربىي دوختۇرى» ژورنىلى ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

جالىيۇخۇانىڭ ئۆيى خىزمەت ئورنىدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەشقەر شەھىرىدە ئىدى، ئۇ ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىشقا بېرىش ۋە قايتىش يولىدا دائىم بىمارلارنىڭ كېسەللىكىنى كۆرۈشنى داۋاملاشتۇردى. چۈشلۈك دەم ئېلىشتا، ئۇ كەنت ئارىلاپ، ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ، بىمارلارنىڭ كېسەللىكىنى كۆرەتتى ۋە دورا ئاپىرىپ بېرەتتى، داۋالىنىشنى ئۈزۈپ قويغان بىمارلارغا نىسبەتەن، ئۇ بىر ئامال قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىرىگىنىنى ئېلىپ، سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ داۋالىنىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرەتتى. ئۇ يەنە ئۆيىدە "خالىسانە ئائىلە ئامبۇلاتورىيىسى" ئېچىپ، يۆتكىلىشتە قىيىنچىلىقى بار بىمارلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ۋە كەچتە ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا داۋالىدى. بىر ئۇيغۇر دېخان: "چەتتىن كەلگەن بېتىيون چىققان بولسا، بىزدىن جاڭ دوختۇر چىقتى" دېدى.

جالىيۇخۇا ئۆز ھاياتىنى تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار ئاز سانلىق ئاممىغا نىسبەتەن كەڭ قوللۇق بىلەن ياردەم قىلاتتى. ئۇ ھەمىشە قىيىنچىلىقى بار كېسەللەرگە تاماق - ئوقيالاش توشۇپ بېرەتتى، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى يېمەكلىكلەرنى تەكلىپ بېرەتتى. كىيىم - كېچەك سېتىۋالغا قىلاتتى، بەزىدە يەنە ئۇلار ئۈچۈن بالنىتسا ھەققى ۋە داۋالاش - دورا ھەققىنى تۆلەپ قوياتتى. ئۇ بىمارلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى ۋە ياماپ بېرەتتى. ياشانغانلار دوختۇرغا كۆرۈنگىلى كەلسە، ماشىنا تېپىپ ئۇلارنى ئۆيلىرىگىچە ئاپىرىپ قوياتتى، بالىلار بالنىتسىدا ياتسا، ئۇلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى، كەنپۇت ئېلىپ بېرەتتى. جالىيۇخۇا ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نامايەندىسىنى ياراتتى. بىر ئۇيغۇر ئايال مۇنداق دېدى: "مەن جاڭ دوختۇرنىڭ سۈرىتىنى بېسىپ، شاڭخەينىڭ كوچىلىرىغا ئېسىپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بىلدۈرىمەن".

جالىيۇخۇا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىدىن 300 دىن ئارتۇق كىشى دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. بىر قانچە نەپەر ئۇيغۇر يولداش ئالاقىدار تارماقلاردىن جالىيۇخۇانىڭ ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، جالىيۇخۇانىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرى 1984 - يىل 17 - مارتتىن باشلاپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى»، «ئازاتلىق ئارمىيە گېزىتى»، «جەڭ غەلىبىسى گېزىتى»، «يۇلەن گېزىتى»، «مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى» دا تەشۋىق قىلىندى.

1984 - يىلى 22 - ئاۋغۇست ئۈرۈمچى قىسىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا نام بېرىش چوڭ يىغىنى ئېچىپ، جالىيۇخۇاغا "جان دىلى بىلەن چېگرا رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ياخشى ھەربىي دوختۇر" دەپ شەرەپلىك نام بەردى. (جاڭ يەن)

ئەزىزوپ ئەر، ئۇيغۇر، 1919 - يىلى چەك ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1950 - يىلى كومپارتىيىگە كىرگەن، ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مەسلىھەتچىسى. 1940 - يىلدىن باشلاپ مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچى قىزلار 2 - ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ باشلىقى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (سابىق قەشقەر پېداگوگىكا مەخسۇس كەسپىي مەكتىپى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1962 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنى تەڭشىگەن چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر قەشقەردە قەشقەر پېداگوگىكا مەخسۇس كەسپىي مەكتىپى قۇرۇشنى قارار قىلغان ئىدى. سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەزىزوپ بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى باشلىقى سۈپىتىدە يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىنى باشلاپ، ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ، 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، مەكتەپ قۇرۇشنىڭ مۈشكۈل خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇ چاغدا پېداگوگىكا مەخسۇس كەسپىي مەكتىپى ۋاقىتنچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تۇرار جاي يېتىشمىسە 7-8 ئائىلىلىك ئادەم بىر كىچىك زالدا قىستىلىپ ئولتۇردى، بويتاق ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن بىر قانچە كىشى كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيدە سىقىلىپ ئولتۇردى. كارۋات يېتىشمىسە، ئۇلار يەردە يېتىپ قوپتى؛ شىرە- ئورۇندۇق يېتىشمىسە، خىش ئۈستىدە، ئورۇن-كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىشلىدى. ئەزىزوپ بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىنى يېتەكلەپ، قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە مەكتەپ قۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئالىي مەكتەپ شۇ يىلى 25 - سېنتەبىر رەسمىي دەرس باشلىدى. ئەزىزوپ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۈردە پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

ئەزىزوپ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا مەكتەپ باشقۇرۇش بويىچە مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن سۆزلىرىدە، بولۇپمۇ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان «ئىنستىتۇتىمىزنى ھەم دۆلەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەم ئۆز ئالاھىدىلىكى بولغان سوتسىيالىستىك ئالىي پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قىلىپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» سەرلەۋھىلىك دوكلاتىدا ئۇنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇ ئوقۇتۇش بىلەن پەن-تەتقىقاتنى، سىياسىي خىزمەت، ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى؛ ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ، ئاددىي - ساددا ياشاش، تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئالىي غايە تىكلەشتىن ئىبارەت ياخشى بولغان مەكتەپ ئىستىلىنى جارى قىلدۇردى.

ئەزىزوپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار بىرلىشىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئېچىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئۇ پۈتۈن مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئورتاق ئىلگىرىلەشكە چاقىردى. ئۇ خەنزۇ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1981 - يىلى بەزى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار چېگرا رايوندا ئىشلەشتە خاتىرجەم بولماي، ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكىلىپ كېتىش نىيىتىدە بولغاندا، ئەزىزوپ بۇلارنىڭ كۆڭلى تىنچ - تىنچ بولۇپ، پۈتۈن يۈرەك باغرىنى سەرپ قىلىپ، قايىل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ تەۋەپلىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بەزىدە ھەتتا كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى ئاققۇزغان ھالدا ئۇلارغا خىزمەت ئىشلىدى. بىر قانچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئۆگىنىدىغان ۋە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان چوڭ ئائىلە بولۇپ قالدى. ئەزىزوپنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ۋالىي ئىشخانىسى شۆبىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى يىللاردىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ كەلدى، 1982 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

ھازىر، ئەزىزوپ 60 ياشتىن ھالقىپ، 2 - سەپكە چېكىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى ئەينى يىللاردىكىدەكلا ئۇرغۇپ تۇرماقتا، ئۇ يەنىلا ئىنستىتۇتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل، تەدبىر كۆرسىتىپ، ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىمەكتە.

**ئەيساخان سابىت** 1913-يىلى 6 - ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوغۇساق يېزا غوجىلا كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر شەھىرى قاسقان بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق. ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار ئىچىدە 3 - بالا بولۇپ، بوۋىسى، چوڭ دادىسى ۋە دادىسى سابىت ئىسلاملارنىڭ ھەممىسى مەشھۇر چالغۇ ئۇستىلىرى ئىدى. ئەيساخان سابىت 12 يېشىدىن باشلاپ، بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلسا، بىر تەرەپتىن چالغۇ ياساشنى ئۆگەنگەن. كىچىك ۋاقتىدا، دىنىي مەكتەپتە 5 يىل ئوقۇغان. " ئۇرغۇن پەدىلەرنى چېلىپ، قولاق پۇشۇرۇپ "، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا مۇزىكانتلار ئائىلىسىنىڭ پۇشۇرۇشى ئاستىدا، ھەم ئاۋازنى پەرق قىلىشنى، ھەم مۇزىكىلارنى تاللاشنى ئۆگىنىۋالغان. 1956-يىلى، ئەيساخان سابىت 6 نەپەر ئۇستىنى يېتەكلەپ، چالغۇ ئەسۋاپلىرى ياساش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرغان. كېيىن بۇ گۇرۇپپا كېڭىيىپ قەشقەر شەھەرلىك چالغۇ ئەسۋاپلىرى كارخانىسىغا ئايلانغان. كۆپچىلىك ئەيساخاننى كارخانا باشلىقى قىلىپ سايلىغان.

1957 - يىلى 5 - ئايدا، ئەيساخان سابىت تەكلىپ بويىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى يىغىنىغا قاتناشقاندا، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. شۇ چاغدا ئۇ ئالغاچ بارغان راۋاپ، دۇتتار، ساتار، تەمبۇر، قومۇز قاتارلىق 10 نەچچە خىل چالغۇ ئەسۋاپلارنىڭ ھەممىسى بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى تەرىپىدىن تاللىنىپ، كۆرگەزمە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ قېلىنغان.

ئەيساخان سايمىت چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ياساشتا ماتېرىيالنى ئوبدان تاللايدۇ، شەكلى كۆركەم، ئاۋازى ئەپس، قوتاز مۈڭگۈزى ۋە تۆگە سۆڭىكىدىن ھەر خىل چىرايلىق نەقىشلارنى چىقىرىپ، ئەپس سىرلايدۇ، كىشىلەرنى بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ. ئۇ ياسىغان راۋاپلار «ئەيساخان راۋىپى» دەپ ئاتىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ تارقالغان.

مەركىزىي ئوركېستىر ئۆمىكى، مەركىزىي مىللەتلەر ئانسامبىلى ھەمدە شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرى ۋە نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرىدە ئۇ ياسىغان چالغۇ ئەسۋاپلار بار. ئەيساخان سايمىتنىڭ چالغۇ ئەسۋاپلىرى پاكىستان، ياپونىيە، گوللاندىيە، ئامېرىكا، تۈركىيە، ئەرەب ئەللىرى ۋە شياڭگاڭ قاتارلىق رايونلارغا كەڭ تارقالغان. 1983-يىلى، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكى تۈركىيىگە بېرىپ زىيارەتتە بولغاندا، بۇ دۆلەتتىكى بەزى سەنئەتچىلەر ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكىنىڭ ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن، «ئەيساخان راۋىپى» نى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختاشقان. 1984-يىلى 10-ئايدا، ئامېرىكا مۇزىكا ساھەسىدىكى موردېن خانىم ئالايىتەن كېلىپ ئەيساخان سايمىتنى زىيارەت قىلغان ھەمدە بىر دانە راۋاپ سېتىۋالغان.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەيساخان سايمىت سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەرەب ئەللىرى، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان قېرىنداشلارنىڭ چالغۇ ئەسۋاپلارنى سېتىۋېلىشقا زاكاز قىلغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان.

1972-يىلدىن بۇيان، ئەيساخان سايمىت ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، بىر قانچە قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىگە ۋە مەملىكەتلىك ساياھەتچىلىك ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشقاندا، ئالغاچ بارغان مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئىنتايىن قارشى ئېلىنىشقا سازاۋەر بولغان.

1980-يىلى 10-ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك 2-يېنىك سانائەت سېستىمىسى ئەيساخان سايمىتنى بېيجىڭدە چاقىرىلىدىغان مەملىكەتلىك پىششىقەدەم سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىشقا سايلىغان. يىغىن مەزگىلىدە، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن دېڭ شياۋپىڭ، ئۇلەنفۇ، سەيپىدىن ئەزىزى، ياڭ جىڭرېن قاتارلىق يولداشلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ھەمدە ئۇلار بىلەن سۈرەتكە چۈشكەن.

1982-يىلى، ئەيساخان سايمىت پېنسىيىگە چىقىپ، ئوغلى بىلەن بىرگە ئايرىم كارخانا قۇرغان. تىجارىتى روناق تېپىپ خېرىدارلىرى كۆپەيگەن.

1983-يىلى 3-ئايدا، «ئەيساخان راۋىپى» مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى باھالاش يىغىنىدا بىرىنچى باھالىنىپ، يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى، بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ساياھەتچىلىك خاتىرە بۇيۇملىرى، ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى باھالاش يىغىنىدا، «ئەيساخان راۋىپى» يەنە بىر قېتىم 1-لىكنى ئېلىپ، دۆلەت ساياھەتچىلىك باش ئىدارىسى ۋە يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن.

1984 ـ يىلى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چالغۇ ئەسۋاپلار زاۋۇدى ئۇنىڭغا 10 نەچچە خىل ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئەۋرىشكە ئۈچۈن ياساپ بېرىشكە بۇيرۇتما بەرگەن.

ئەيساخان سابىت 50 يىللىق چالغۇ ئەسۋاپ ياساش ھاياتىدا، جەمئىي 20 دىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلىگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابلەت (ھازىر ئۈرۈمچى چالغۇ ئەسۋاپلار زاۋۇدىدا)، ناسىر ھاجى (ھازىر قەشقەر شەھەرلىك ھۈنەر ـ سەنئەت نەپىس بۇيۇملار زاۋۇدىنىڭ چالغۇ ئەسۋاپلار سېخىدا)، ئابدىرېشىت (ھازىر شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى) قاتارلىق 8 كىشى ھۈنەرنى دەستىگە ئالغان. (ليۇ لىچىڭ، جاۋ بىيەنلىڭ)

**مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پوچتالىيون**— ئەكرەم تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگىراف ئىدارىسىنىڭ پوچتالىيونى ئەكرەم يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىرىنچى ئەۋلات تاجىك پوچتا ـ تېلېگىراف ئىشچىسى. ئۇ 1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ۋاچا رايونىدىكى چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1956 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1976 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان.



ئەكرەم مەملىكەتلىك پوچتا ـ تېلېگىراف يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندە، قەشقەر پوچتا ـ تېلېگىراف ئىدارىسىدىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. چېن لىۋ فوتوسى

يولداش ئەكرەم 29 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە ۋاچادىن داتۇڭ يايلىقىغا بارىدىغان قارلىق تاغدىكى پوچتا يولىغا مەسئۇل بولۇپ كەلدى. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى داتۇڭ يايلىقى پامىر ئىگىزلىكىنىڭ چوڭقۇر ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، يىل بويى مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان قارلىق چوققىلار بىلەن ئورالغان. چارۋىچىلار تارىختىن بۇيان دۇنيادىن بىخەۋەر ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، كەڭ چارۋىچىلار چەكسىز كەتكەن بۇ مۇزلۇق تاغدا ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن ئۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر پوچتا يولىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن ئارزۇ قىلىشىپ كەلگەن ئىدى. 1956 ـ يىلى باھاردا، ۋاچا رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ پوچتا يولىنى ئېچىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئەكرەمگە تاپشۇردى. ۋاچا پوچتا ـ تېلېگىراف پونكىتىدىن داتۇڭ چارۋا فېرمىسىنىڭ ئارىلىقى 140 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن دېڭىز يۈزىدىن 6000 مېتىر ئىگىزلىكتىكى كەندۇر مۇز داۋانىدىن ئېشىپ ئۆتۈشكە ۋە شۇ جايدىكى كىشىلەر «جان ـ جانىۋارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ» دەپ تەسۋىرلەيدىغان بوران ئېغىزىنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ يولدا مۇزلۇق چوققـ

لار كۆپ، يەر تۈزۈلۈشى خەتەرلىك، ھاۋا كىلىماتى سوغۇق ۋە ئۆزگىرىشچان، بىردەم ھاۋا ئوچۇق بولغان بولسا، بىردەم قاتتىق بوران چىقىپ كېتەتتى. 6 ـ ئايدىمۇ دائىم قار يېغىپ تۇراتتى. داۋاندىن ئاشقاندىن كېيىن، يەنە 49 ئېقىندىن كېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. چوڭقۇر جىلغىدا ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى، ئېيىق، يىلپىز قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار دائىم ئۇچرايتتى. 29 يىلدىن بۇيان، يولداش ئەكرەم پوچتا چانا تاقاپ، قولىدا تۆمۈر ئىلمەك تۇتقان ھالدا، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق جاسارەت بىلەن بۇ پوچتا يولىنى 1285 قېتىم بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ باسقان مۇساپىسى يەرشارىنى 8 قېتىم ئايلىنىپ چىققان بىلەن باراۋەر بولدى، ئۇنىڭ توشۇغان خەت ـ پوسۇلكىلىرى 500 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بىرەر قېتىممۇ ۋاقتىدا كېلەلمەي قالمىغان ياكى خاتا يەتكۈزۈپ قويمىغان ھادىسىلەر كۆرۈلمىدى.

ئەكرەم پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇ، خەت ـ پوسۇلكا يەتكۈزۈش خىزمىتىدە ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، چارۋىچىلارغا تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلدى. داتۇڭ ياپلىقىدىكى بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ بالىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. ئەكرەم دەرھال خەت ـ پوسۇلكىلارنى قويۇپ قويۇپ، بالىنى ھاپاشلاپ 200 كىلومېتىر يول بېسىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ، بالىنىڭ ھاياتىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ؛ يەنە بىر قېتىم ئەكرەم يول ئۈستىدە بىر ئايال چارۋىچىنىڭ دەرياغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ ـ دە، قەتئىي ھالدا دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى قۇتقۇزىۋالىدۇ. 1976 ـ يىلى باھاردا، داتۇڭ ياپلىقىدا 100 يىلدىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن قاتتىق قار يېغىپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئېگىز تاغدىكى ياپلاقتا قامىلىپ قېلىپ، ئىنتايىن جىددىي ئەھۋالدا قالىدۇ. كوممۇنا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئادەم تەشكىللىگەندە، ئەكرەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن يول باشلىغۇچى بولۇپ مېڭىپ، شىۋىرغانلىق قار ئارىسىدا قالغان چارۋىچىلارنى ۋە 300 دىن ئارتۇق قوينى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. 1979 ـ يىل يازدا، داتۇڭ ياپلىقى 1 ـ چوڭ ئەترەت تۈگمىنىنىڭ ئوقى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا چارۋىچىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن تۆل ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان بولۇپ، ئۇن تارتماقچى بولسا 40 كىلومېتىر يول بېسىپ كوممۇنىغا بېرىپ تارتىپ كېلىشكە توغرا كەلگەن ئىدى. ئەكرەم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي ۋاچادىن بىر ئوق سېتىۋېلىپ كېلىپ، 1 ـ چوڭ ئەترەتكە ئاپىرىپ بېرىدۇ.

ئەكرەم ھەر قېتىم يولغا چىققاندا، دۈمبىسىگە ئىككى قاپ يۈدۈپ ماڭاتتى، بىرسى پوچتا ـ خەت پوسۇلكىلىرى قاچىلانغان قاپ بولسا، يەنە بىرسى مەخسۇس چارۋىچىلار ئۈچۈن سېتىۋېلىپ كەلگەن كىتاپ، رەخ، تاماكۇ قاتارلىق كۈندىلىك بۇيۇملار قاچىلانغان قاپ ئىدى. چارۋىچىلار ئۈچۈن ئېھتىياجلىق نەرسە بولىدىكەن، بىجىرەلەيدىغان بولسىلا، ئۇ ھەرگىز رەت قىلماي، ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇپ كەلدى.

ئەكرەم ئاددى خىزمەت ئورنىدا بېجانىدىل ھالدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى، شۇڭا پارتىيە ۋە خەلق ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى شان ـ شەرەپ بەردى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 17 قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتلىك پوچتا ـ تېلېگراف

قارماقلىرى تەرىپىدىن چاقىرىلغان نەمۇنىچىلار يىغىنىغا قاتناشتى. 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇنىڭغا «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دەپ نام بەردى؛ 1982 - يىلى، مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر پوچتالىيون» بولۇپ باھالىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىرى يولداشلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

**1 - دەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش نەمۇنىچىسى — قەمبەرگۈل** قەمبەرگۈل، ئايال، ئۇيغۇر، باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. 1961 - يىلى 8 - ئايدا، پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭى مەھەللە يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ھازىر پەيزىۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى.



ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرى قەمبەرگۈلگە سەھىيە ئىنئام بەرمەكتە. لۇ يېڭتيەن فوتوسى

1981 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن قەمبەرگۈل ۋەھشىلەرچە ئەكسىلئىنقىلابچى توپىلاڭچىلاردىن قىلچە قورقماستىن، ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا پىسەنت قىلماي، توپىلاڭچىلاردىن پەم بىلەن قۇتۇلۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە پەيزىۋات ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن، كىشىلەرنى چۆچۈتىدىغان بىر قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋەقەسىنى ئۆز ۋاقتىدا دوكلات قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن ناھىيىنى بىر قېتىملىق بالا - قازادىن ساقلاپ، چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى. 1981 - يىلى 12 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قەمبەرگۈلگە «1 - دەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش نەمۇنىچىسى» دەپ نام بەردى. ئۇ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىسى»، مەملىكەت بويىچە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى»، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» قاتارلىق شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولدى.

1981 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سەھەر سائەت 1 ئەتراپىدا، پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچى كاتىۋاش ھەسەن ئىمايىل ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ تەشكىللەپ، دىنىي ئەسەبىلىكتىن پايدىلىنىپ، يۈزدىن ئارتۇق نادان ياشلارنى توپلاپ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ قورال ئامبىرىنى ئېچىپ، نۇرغۇن قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى بۇلاپ، ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان. «خىتايلارنى ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى قىرىپ تۈگىتىمىز» دەپ بىلجىرلاپ، تىغ ئۇچىنى خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىغا قارىتىپ، ۋەتەننى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشتەك جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئالجىرلىق بىلەن ئېلىپ بارغان. قورال ئامبىرىنىڭ ئامبارچىسى ھامۇتجاننىڭ ئايالى قەمبەرگۈل، تو-

پىلاڭچىلار ئېرىنى باغلاپ قويغان ئەھۋال ئاستىدا ھېچنېمىدىن قورقماي، يېشىغا توشمىغان بوۋىقىنى تاشلاپ، يەم - پاراسەت ئىشلىتىپ دۈشمەن چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، تۈن قاراڭغۇسىدا يالاڭئاياق ھالدا 7 كىلومېتىر يولنى يۈگرەپ مېڭىپ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە بۇ ۋەقەنى دوكلات قىلدى. بۇنى بىلگەن، ناھىيىلىك پارتكوم چەندى تەدبىر قوللىنىپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ناھىيىنى قانغا بويىماقچى بولغان پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىدى. توپىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقىتىش كۈرىشى داۋامىدا، قەمبەرگۈل باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، ج خ كادىرلىرىغا يول باشلاپ، بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى ئوڭۇشلۇق تىنجىتىش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

قەمبەرگۈلنىڭ باتۇرانە ھەركىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. كىشىلەر ئۇنى پارتىيىگە، خەلققە، ۋەتەنگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا سادىق ياخشى ياش دەپ تەرىپلىدى. ( ياڭ جيۇ )

**لېيفېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى ئىستىل تىكلەش بويىچە نەمۇنىچى ياش ئابدۇراخمان ئابدۇللا**

ئابدۇراخمان ئابدۇللا، ئەر، ئۇيغۇر، 1958 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىنىڭ قايراق كەنتىدە تۇغۇلغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، 1977 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1976 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىن، پامىر ئېگىزلىكىدىكى 36922 - قىسىمدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ، جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن ليەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ھازىر كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سەنمۇسى.

ئابدۇراخمان ئابدۇللا ھەربىي سەپكە كىرگەن 10 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك، بىر قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، 3 قېتىم مۇكاپاتلاندى، 2 قېتىم لېيفېڭدىن ئۆگىنىش بويىچە ئىلغار جەڭچى بولۇپ باھالاندى، ئۇ يەنە 36922 - قىسىم، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن "مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى" بولۇپ باھالاندى. 1980 - يىلى 5 - ئايدا، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ئۇنىڭغا "لېيفېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى ئىستىل تىكلەش بويىچە نەمۇنىچى ياش" دەپ شەرەپلىك نام بەردى. 1981 - يىلى ئۇ ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى 6 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە "ئىلغار شەخس، ئىلغار كوللېكتىپ" ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى. 1982 - يىلى "قاراشىۋۇرغانلىق ئېگىزلىكتىكى ئىلغار شەخس" دەپ باھالىنىپ، ئۈرۈمچى ھەربىي رايون تەرىپىدىن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى.

1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئابدۇراخمان ئابدۇللا 5042 - ئېگىزلىكتىكى ئالدىنقى پوستنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ جاي ئېگىز تاغلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئوكسىگېن كەمچىل، ھاۋا كلىماتى سوغۇق ھەمدە ئۆزگىرىشچان، شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. لېكىن ئالدىنقى پوستتىكىلەر ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلاپ، يىل ئاخىرىدا پۈتۈن بويىچە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دىگەن نامغا ئىگە بولدى.

1981 - يىلى، ئۇ 9 قېتىملىق چارلاشقا قاتناشتى؛ بىر قېتىم چارلاش كىچىك ئەترىتىدىكى بىلەن بىللە 4484 - ئېگىزلىككە قاراپ يولغا چىققاندا، يولدا، تۇيۇقسىزلا قاتتىق بوران چىقىپ، ئاخىرىدا شىۋىرغانلىق قارغا ئايلىنىپ، ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇۋېلىپ قويىدۇ. ئابدىراخمان ئابدۇللا خەۋپ - خەتەرگە قارىماي، ئالدىغا ئۆتۈپ، كۆپچىلىك ئۈچۈن يول باشلاپ، چارلاش ۋەزىپىسىنىڭ غەلىبىلىك ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئىنتىلالاۋىي خىزمەتكە نىسبەتەن ئابدىراخمان ئابدۇللا ئەزەلدىن سۆزلىشىپ يۈرمىدى، 6 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ خىزمىتى 6 قېتىم يۆتكەلگەن بولسىمۇ، ئۇ تەقسىماتقا خۇشاللىق بىلەن بويسۇندى. ئۇ قوي باقتى، ئات باقتى، ئاشپەزلەر بەننىڭ باشلىقىمۇ بولدى، مۇشۇ بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئۇ ناھايىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئورۇندىدى.

ئابدىراخمان ئابدۇللا لېيەندۈيدىكى بىردىن - بىر ئۇيغۇر كادىر ئىدى، ئۇ پۈتۈن لېيەندۈيدىكى كادىر - جەڭچىلەر بىلەن چوڭقۇر دوست بولۇپ كەتتى. جىمجىت كېچىلەردە ئۇ ئېچىلىپ قالغان جەڭچىلەرنىڭ يوتقانلىرىنى يېپىپ قويدى، ئۇلارغا جۇۋا يېپىپ قويدى؛ ھەربىي يۈرۈشتە ئۇ جەڭچىلەرنىڭ مىلتىقلىرىنى كۆتىرىشىپ بەردى؛ دالا يۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تالادا قونغان چاغلاردا، ئۇ جەڭچىلەر ئۈچۈن پوستا تۇردى؛ چارلاش يولۇستىدە ئۇ ئېتىنى جەڭچىلەرنىڭ مىنىشى ئۈچۈن ئۆتۈنۈپ بەردى. بىر قېتىملىق چارلاش ئۈستىدە، تېمپېراتۇرا بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتكەندە، يېڭى جەڭچى چېن بىڭخۇانىڭ پۇتىدا لاتا خەيلا بارلىقىنى سەزگەن ئابدىراخمان ئابدۇللا قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزىنىڭ ئىچىگە يۇڭ ئېلىنغان بەتىنكىسىنى شىياۋچېننىڭ كىيىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ لاتا خىيىمىنى ئۆزى كەيدى...... جەڭچىلەر تەسىرلەنگەن ھالدا: «پەيجاڭ ھەقىقەتەن بىزنىڭ غەمگۈزارىمىز» دېيىشتى.

ئابدىراخمان ئابدۇللا ئۆزى تۇرغان جايدىكى خەلق ئاممىسى بىلەن چوڭقۇر دوست بولۇپ كەتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇ پارتىيىنىڭ يېزا - قىشلاقلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى قىزغىن تەشۋىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەندىشىسىنى تۈگەتتى، ئۇلارنىڭ بېيىشىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. تاغلىق رايوندا قاتناش قولايسىز بولغانلىقتىن، ئۇ كاماندىرۋېكىغا چىقىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشىغا ياردەم بەردى، چېگرا بويىدىكى چارۋىچىلارغا چاي، سوپۇن، قەن - شېكەر قاتارلىق كۈندىلىك بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بەردى. ئۇ بىر كېچە - كۈندۈز چارلاش ئېلىپ بېرىپ، ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، دەرھال ئات مىنىپ تاغلاردىن ئېشىپ، سۇ، ئېقىنلاردىن كېچىپ ئۆتۈپ، بىر تاجىك موماينىڭ يۈتۈپ كەتكەن 18 قوزىسىنى تېپىپ ئەكېلىپ بەردى. ئۇ ھەممىشە دوختۇرغا ھەمرا بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە ياردەملىشىپ، ھەم تەرجىمان، ھەم يول باشلىغۇچى بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر خىزمەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى تاشقورغان ناھىيىسى ۋە چېگرا ليەندۈيسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە مەدھىيىلىنىپ كېلىنمەكتە. (كې شىڭلى، جاڭ جيەنشىن)

**دۇبىگچېيەن** (1931 ـ)، شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى، ئالىي دەرىجىلىك ئاگرانوم، مەملىكەتلىك ئۆسۈملۈكلەر كېسەللىكلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ئۆسۈملۈكلەر ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ مائاۋىن باشلىقى.

دۇبىگچېيەن 1954 ـ يىلى غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش فاكۇلتېتىدا تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ دېھقانچىلىق نازارىتىگە تەقسىم قىلىنغان. 1957 ـ يىلى، دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ تەقسىماتى بىلەن، قەشقەرگە كېلىپ ئۆسۈملۈكلەرنى كاراتىن قىلىش پونكىتىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. مۇتەخەسسىس ئۆسۈملۈكلەرنى كاراتىن قىلىش كەسپىنى قانات يايدۇرۇشتىن تاشقىرى، ئۆز ۋىلايىتىمىزدىكى كۆممە قوناقلاردا بولىدىغان بەقەسەم كېسەللىكنى تەتقىق قىلىشنىمۇ قانات يايدۇرغان. 1957 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە بولغان تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، «شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كۆممە قوناقلاردا بولىدىغان بەقەسەم كېسەللىكى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىنى 1963 ـ يىلدىكى «ئۆسۈملۈكلەر مۇھاپىزىتى ئىلمى ژۇرنىلى» نىڭ 2 ـ توم 3 ـ سانىدا ئېلان قىلغان. دۇبىگچېيەن 1965 ـ يىلى «ئۆسۈملۈكلەر مۇھاپىزىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىدا «زىغىردا بولىدىغان سېرىق ئوتنىڭ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە كۆزىتىش» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. دۇبىگچېيەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۆسۈملۈكلەرنى كاراتىن قىلىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىق دائىرىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «ئۆسۈملۈكلەر كاراتىنى» ، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى» ۋە «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى» قاتارلىق ژۇرناللاردا نۇرغۇن ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. ئۇ يازغان «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىت شارائىتى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كاراتىن قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى پىكىر» دېگەن دىسسېرتاتسىيىسى مەملىكەتلىك 1 ـ قېتىملىق ئۆسۈملۈكلەرنى كاراتىن قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن ھەمدە «مەملىكەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنى كاراتىن قىلىش مەسىلىسى ھەققىدىكى دىسسېرتاتسىيىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن.

**يۇسۇپ ھاجى قادىر ھاجى** ( 1876 ـ 1961.3.31 )، ئەر، ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھىرىدىن. ھايات ۋاقتىدا قەشقەر شەھەرلىك مىللىي تىبابەت شىپاخانىسى ئىچكى بۆلۈم بالنىتسىنىڭ مۇدىرى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان ئىشلەپچىقىرىش نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان. كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.

1896 ـ يىلدىن بۇرۇن، قەشقەر شەھىرىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ۋە مەدرىسلەردە ئوقۇغان، ئەرەپ تىلى، پارس تىلى، ئوردۇ تىلىنى ئۆگەنگەن. 20 ياشتىن كېيىن سوپى ئاخۇن، ئا. جېلىلى، مۆيىن ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن. 1899 ـ يىلى، مۇستەقىل ھالدا ئۇيغۇر تىبابەت دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. دادىسى ۋە تاغىسى بىلەن 2 قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان. تۈركى-

يىدە تىببىي دورىگەرلىك جەھەتتىكى تەزكىرىمۇي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن، دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن دوختۇرلۇق قىلىپ، بىر تەرەپتىن قەدىمقى ئەرەب يېزىقىدىكى ۋە پارس يېزىقىدىكى تىببىي كىتاپلارنى ۋە «ئىچكى كېسەللىكلەر ۋە تاشقى كېسەللىكلەرنى پەرق ئېتىش ۋە داۋالاش قوللانمىسى» دېگەن ماتېرىياللىنى تەرجىمە قىلغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلغان، پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان. 1954 - يىلى قەشقەردىكى بىرقانچە ئۇيغۇر تىۋىپلار بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت داۋالاش ئورنىنى قۇرغان. 1959 - يىلى، ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى قەشقەر شەھەرلىك مىللىي تىبابەت شىپاخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، ھەمدە ئىچكى بۆلۈم باشلىقىنىڭ مۇدىرى بولغان.

ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى دورىلار ئارقىلىق ئاق كېسەلنى داۋالاشنى سىناق قىلىش تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس سالغان. «قانۇنچە» ناملىق ئۇيغۇر تىبابەت تىببىي لۇغىتىنى يېزىپ چىققان. پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇيغۇر تىبابەت - دورىگەرلىك ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، قېزىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمى جەھەتتىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، ئۇيغۇر تىبابىتىنى ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى ياراتقاچقا، ئامما ئارىسىدا يۈكسەك ئىناۋەتكە سازاۋەر بولغان ئىدى. (سەھىيە باشقارمىسى تەييارلىغان)

**سەيدۇللا يۈسۈپ** (1938 — ) ئەر، ئۇيغۇر، قەشقەر شەھىرىدىن. كىچىكىدىنلا دادىسىدىن يېتىم قالغان، بالىلىق ۋاقتى قەشقەر دارىلئېتامدا ئۆتكەن. 1951 - يىلى سىنتەبىردە ئىمتىھان بېرىپ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىگە كىرگەن، 1956 - يىلى سىنتەبىردە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، قەشقەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (ھازىرقى 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ) تە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 1964 - يىلى شىنجاڭ خەنزۇ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىنى پۈتتۈرۈپ دىپلوم ئالغان، 1979 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى. 1980 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. 1981 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئۇنىڭغا «ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى» دەپ نام بەردى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى بولدى.



سەيدۇللا يۈسۈپ (ئوڭدا).
مەھەممەت ھېيت فوتوسى

سەيدۇللا يۈسۈپ مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 28 يىلدىن بۇيان، ئوقۇتۇش

جەمئىيەتتە مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان، ئۇ، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر. سىنىپ مۇدىرى بولغان مەزگىللەردە، ئوقۇغۇچىلارنى قانۇنىيەت بويىچە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىتىپ، ئۇلارغا بىلىم سىڭدۈرۈپ، ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلار-نى ئىلھاملاندۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن سىرداش بولدى. 1978 - يىلى ۋىلايەت 10 ئازسانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتىپىنى ماتېماتىكا مۇسابىقىسىگە تەشكىللىگەندە، مۇكاپاتلانغان 15 ئوقۇغۇچىنىڭ 9 نەپىرى سەيدۇللا يۈسۈپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغاندىن باش-قا، ئالدىنقى 3 سانىمۇ سەيدۇللا يۈسۈپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىگىلىدى. ئۇ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 6 قارار سىنىپ مۇدىرى بولۇپ، 203 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋى-يىسىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 177 نەپىرى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا كىردى. مەكتەپ ئاتلاش نىسبىتى 87% كە يەتتى. ئۇ تەربىيىلەپ چىققان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ھا-زىر ئالىي مەكتەپلەردە لېكتور، ئىنژېنېر، باش ۋىراچ بولۇپ خىزمەت قىلىپ، تۆتنى زا-مانىۋىلاشتۇرۇشتىكى تايانچلاردىن بولۇپ قالدى. (شىې لىندۇڭ)

**خې شۇمىن** (1930 —) ئايال، خەنزۇ، خېنەن ئۆلكىسى گۇشى ناھىيىسىدىن. ئازاتلىق-نىڭ دەسلەۋىدە، چۇڭچىڭ قىزلار پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مائاۋىن رەئىسى بولغان. 1950 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1956 - يىلى بېيجىڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كىرىپ، 1960 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئىختىيار قىلىپ شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئىلمى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دىن بۇرۇن، كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىل-غار سىنىپ مۇدىرى بولۇپ باھالاندى. 1979 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى؛ شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. 1981 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئاپتو-نوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئۇنىڭغا «ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇ-چىسى» دېگەن نام بەردى؛ 1981 - يىلى ۋە 1983 - يىلى، مەملىكەت بويىچە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ باھالاندى؛ 1981 - يىلى، مەملىكەت بويىچە ئۆسمۈرلەر خىزمىتى ئىل-غارى بولۇپ باھالاندى؛ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى.

خې شۇمىن 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان 24 يىل ئىچىدە، ئۇقتىدارلىق تۇر-دە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپقا تىل-ئەدەبىيات دەرسىنى بەردى. ئۇ، قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈپ، 10 نەچچە قارارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز-ىنىڭ بارلىق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" داۋامىدا، ئۇ "ئەك-سىيەتچى ئىلمىي نوپۇزلار" قىلىپ قويۇلۇپ، دەرس بېرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، دەرس مۇنبىرىگە قاي-تا چىقىپ، بەدىنى ئاجىز، كېسەل بولسىمۇ يەنىلا ئوقۇتۇش خىزمىتىنى قەتئىي داۋاملاش-

تۇردى. ئۇنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى ئالاھىدىلىكى: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش - يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوقۇتۇشقا تەشكىللەش، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى بالدۇر، توغرا، ئىنچىكە، قاتتىق تۇتۇپ، ھەربىر ئوقۇتۇش ھالقىلىرىدا يەكۈن بولۇش، كونكرېت ئەھۋاللار ھەققىدە خاتىرە بولۇش، "1 دەرس، 1 ئۆنۈم"نى تەشەببۇس قىلىپ، موھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇ يەنە ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىدى.

(شېي لىندۈڭ)

**تۇرانىسا سادىق،** ئايال، ئۇيغۇر، قاغىلىق ناھىيە بازار 1-باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تىل ئەدەبىيات - ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى. 1943 - يىلى 12 - ئايدا، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ تېتىر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1960 - يىلى 7 - ئايدا، يەكەن ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، شۇ يىلى 11 - ئايدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1979 - يىلى، بازار 1-باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كىرگەن ۋە كۆپ قېتىم ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان. 1981 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئۇنىڭغا "ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى" دېگەن نامنى بەرگەن. 1982 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ھازىر، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ۋىلايەتلىك مائارىپچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى.

تۇرانىسا سادىق باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بىلەن شۇغۇللانغان 24 يىلدىن بۇيان، مول بولغان ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى توپلىغان. بولۇپمۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن سىنىپلىرىدا بېرىلىدىغان ساۋات چىقىرىش ۋە ھېساپ-ماتېماتىكا دەرسلىرىنى جانلىق - تەسىرلىك سۆزلىگەن، بالىلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، 200 خىلدىن ئارتۇق مودېل ۋە ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى ياساپ، ئوبرازلىق ھالدا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇندىن باشقا، بالىلار ناخشىسىنى تۈزۈش، ئويۇن ئويناش قاتارلىق چارىلارنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ھەۋىسىنى قوزغىغان. 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىرتۇتاش ئىمتىھاندا، ئۇ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا دەرسى ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش نىسبىتى 100% گە يەتكەن، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار 95% نى ئىگىلىگەن. تۇرانىسا سادىق ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈپ كەلگەن. يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان 21 يىل ئىچىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىمىنى، ئوزۇقلىنىشى، ئىسسىقىنى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى دائىم كۆڭۈلگە پۈكۈپ كەلگەن ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

(شېي لىندۈڭ)

## قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىسىملىكى

### قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېرلار ۋە ئاگرونوملارنىڭ ئىسىملىكى

**چېن بېنجۇ** (ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن)

دۇبىگچيەن ( ئالىي دەرىجىلىك ئاگرانوم، ئۈسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتلارنى كارانتىن قىلىش ئورنىدىن ) .

لوجيەشىڭ ( مۇئاۋىن تەتقىقاتچى، يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنىدىن )

تۇرغۇن ھېلىم ( مۇئاۋىن تەتقىقاتچى، يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنىدىن )

تەن شۇلىن ( ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر، ئۆلچەش-سىزىش ئەترىتىدىن )

**قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مۇدىر ۋىراچ، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچلارنىڭ ئىسىملىكى**

جاڭ ۋېيمىن، سەھىيە باشقارمىسىدىن ، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ ( دەم ئېلىشقا چىققان)

خې جۇفىڭ، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ ( دەم ئېلىشقا چىققان )

ما چۇەنياۋ، خەلق شىپاخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

ئابدىرىشىت قارىم، خەلق شىپاخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

ئابدۇقادىر ھەسەن، خەلق شىپاخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ، 1985 - يىلى 4 - ئايدا كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان.

ئابلىمىت، خەلق شىپاخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

جيىڭ جېنئوۋ، خەلق شىپاخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

لى شىڭخۇا، خەلق شىپاخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

زۇنۇن قارىم، ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدىن، مۇدىر ۋىراچ

ئابدۇقادىر مەمەت، ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

غوپۇر ئىمىن، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانا ئىچكى بۆلۈمىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

داۋۇت سىدىق، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

خې يۇمىڭ، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

لى گۇاڭجۈن، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

جۇباۋ شېن، كادىرلار ساناتورىيەسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

جۇ گۇاڭخۇا، كادىرلار ساناتورىيەسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

چېن مىڭشىن، خەلق شىپاخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ ( يۆتكىلىپ كەتكەن )

رېن چۈەن، يەكەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

خې يۈيچۈن، يەكەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

رېن چىڭجۈن، قەشقەر شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

ئىمىن مامۇت، قەشقەر شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

جاڭ بىڭۋۇ، ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ

ھو جۇرۇڭ، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە شىپاخانىسىدىن، مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ (ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى )

**قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك 8 - مارت قىزىل بايراقدارلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

ئامىنە مەمەت، مەينىسا ئابدىكېرىم، ئايشەم ئەمەت، ئايىمنىسا قادىر، تۇردىخان توختى، ئامىنە يۈسۈپ، ھەمرا بارات، ئاتىكەم ئەمەت، قەمبەرگۈل ناغىچىخان، ئايخان تۇراق ،

تۇللاخان ھوشۇر، بەي ۋېي، لى فېڭيۈن، خې شۇمىن، جۇاڭ گۈيىدى، سۇن چەۋلىڭ، جۇ - رۇڭخېڭ، يۈڭ جاۋياڭ، ئۇ نېك، ( تاجىك )، ياڭ يىچۈن ( خۇيزۇ )، گۈلسارە ئابابەكرى ( قىرغىز )

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 8 - مارت قىزىل بايراقدارلىرى

ئايشەم خۇدابەردى، ئايشەم تۇمۇر، ئايىمنىسا توختى، پاتەم ماموت، تۇنىسا تاھىر، ئازات قاسىم، تۇرانىسا سادىق، سادەتخان ماموت، نۇسرەت ئىبزىز، مەرەمنىسا ئاۋۇت، بۇخان ئەۋىللا، سىلىم مەمەتھاجى، مەرەمنىساخان يۇنۇس، ئايىنۇرخان نۇرەك، تۇخان ئاۋۇت، ئايزىم ئەمەت، ئايگۈل، تۇنىسا كېرىم، خۇماخان ئەخەت، ئايشەم توختى، نىسا ھاشىم، خەيرىنىسا توختى، ئايگۈل، يۇ ۋېنخۇا، جۇ يۈيلەن، چېن شۇبجۈەن، لى مىڭفېن، سەي شىفېڭ، جاڭ سۇۋېن، سۇن يىلىڭ، ۋاڭ يۈيلەن، ياۋجيا چىڭ، شۈي چۈنلەن، گو يۈ خۇاڭ، پاتەم ھاشىم، ھۆرىنىسا باۋىدىن، پاتىمە ئاقچى، ھاۋاخان رەمەت، نىيازىم، گۈلباھار، ئاتىخان ھەسەن، تۇمارخان، ئايشەم ئىمىن، ھاۋا قاسىم، پاتەم ئەمەت، جاڭ يەنتىڭ، ۋاڭ زىشىن، خۇاڭ شۇشياڭ، جۇرۇيجېن، تاڭ شيۇيىڭ، جاۋ يىخۇەن لى يەن، فاڭ خۈيمىن، چېڭ يۈڭ، چېن شىنرۇڭ، فېڭ دىرۇڭ، جاڭ مىڭچېن پاڭ شيۇجېن، زىلەيخا ( تاجىك ).

## قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى

( 129 كىشى )

قەشقەر شەھىرىدىن:

ۋاڭ فېڭ، شۈي شىجيە، لى چېڭيۇڭ، داۋۇت نۇر، قەمەرجان، سېلىم مەمەتھاجى، سوپى ئاۋۇت، سەمەت قادىر، تۇراق سىدىق، سەمەت مەخسۇم، خې جۇيرۇ، جاڭ شۇشېڭ، لى فېڭلەن، جاڭ جاۋۋاڭ.

قاغىلىق ناھىيىسىدىن:

ئابلا تۇرۇپ، ئەخمەت قادىر، ياسىن ياقۇپ، ئابلىكىم مەخسۇم، مەتتىمىن ئوسمان، قاسىم تۇردى، مۇسا ھاجى، ۋاڭ لى، سەي شىفېڭ، سۈي جيەنرۇڭ.

يەكەن ناھىيىسىدىن:

ئابدۇراززاق داۋۇت، روزى ھېيىت، پارىس مەمەت، تۇرسۇنخان سادىق، ئابدۇرېھىم قاسىم، ئابلا ھامىت، تيەن شۇگۇاڭ، ياڭ يۈيجۇڭ، تيەن يۈيجېن، لى سۇنجى، ۋاڭ لەنخۇا.

كونىشەھەر ناھىيىسىدىن:

ھاشىم قاسىم، سەمەت يولۋاس، تۇرسۇن ئۇرايىم، ياسىن ئۇرايىم، سايىم مۇسا، ئابدىكېرىم ئەمەت، بى كېخۇي، جۇ يۈشەي، گو باۋفېڭ.

پەيزىۋات ناھىيىسىدىن:

سالامەت ئوسمان، قەمبەرگۈل، سابىروپ، سۇدىيە، ياۋ لىيەنلىڭ، موسىشېڭ.

مارالبېشى ناھىيىسىدىن:

روزى تۇردى، ئايخان تۇراق، مەمتىمىن نۇبۇل، مىجىت ئابدۇللا، خەن چىڭفا، ياڭ جېڭمىڭ، تۇرسۇن قۇربان.

يېڭىسار ناھىيىسىدىن:

قادىر قاسىم، تۇراق تۇردى، ئابلا يۈسۈپ، ۋۇچاڭۋېن، ۋۇ شياۋباۋ.

پوسكام ناھىيىسىدىن:

گاۋ بىڭشېن، خې رۇڭخۇي، نىياز، سەيدەمەت ھوشۇر، مەمەت توختى.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن:

تۇرايىم كىچىك، ئەيسا يۈسۈپ، تۇراخۇن، تۇرسۇن مەمتىمىن، جاڭ يۈجېن، فاڭ جۈيىڭ، گو مېڭشيۇڭ.

يوپۇرغا ناھىيىسىدىن:

خەن شياۋجۇڭ، جاڭ شۇۋېن، سىدىق ئابدۇرۇسۇل، ئوسمان ئەمەت، روزىگۈل.

مەكىت ناھىيىسىدىن:

گۇڭ فاماۋ، ۋاڭ سۇڭچاڭ، مەمتىمىن سابىر، ئەنۋەر ئوسمان، كامىل ھەسەن.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن:

ۋاڭ چىجېن، شارقان، نۇرەك، ماركەن، ئېزىز قارى روزى.

ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن:

ياسىن قارى ھاجى، تۇرسۇن مەمەت، نۇبۇل سۇلايمان، چېن خەيخۇا، ياۋ چاڭشۇن، ساۋ مىڭجۇي، ۋېن شۇنشىن، جاۋ شۇجىڭ، ناسىپخان، مەمەت سۇلايمان، ۋاڭ يۈيلىن، ئابدۇخېلىل، ھەسەن ئېلى، ئابلا ھېكىم ئەبەيدۇللا، ھىسامىدىن ماموت، ھۆسەنجان، ئابدىرىشىت، رازىق مەمەت، تۇرسۇن ئەبەي، چيۇ گېنفا، ئابلىمىت ئىسلام، لى شۇيى، لۇي خۇا، نيې مىڭيى، لۇي شېڭەن، ئابدۇخېلىل قارى، تەۋەككۇل توختى، تۇرنىسا ئوسمان، ئايشەم ئىسلام، ئابدۇرېھىم، مەمەت ئېلى، مەمەت يۈسۈپ، مەمەت ھېيىت، بەي ۋېي، فېڭ جۇ، يەن جىڭخۇا، جاڭ گۇاڭجۇ، لۇ لەنشياڭ، لى بوفۇ، ما بۇشيا.

22 نەپەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل:

لى ئېنپۇ، مىجىت كېرىم، خو يۈلېيەن، شۇي خەيىڭ، مەرەمخان، نيۇ خەيلىيەن، گو ۋېي، مەمەت رىشات تۇرسۇن، ئالىيە مەمەت، يۈسۈپ ياقۇپ داموللا، ماموت قارى، سۇن جۇلياڭ، مەمتىمىن ئېلى، زۇلال، ياقۇپ ھاجى، سېلىمە تالىپ، ئايىمخان، ۋاڭ يىمېن، ۋاڭ شيۇفېي، سەيدۇللا، خالىدەم، ۋاڭ يىڭشۇن.

## قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۆرىشى جەھەتتىكى ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى

(181 نەپەر)

جخ سىستېمىسىدىن:

جياڭ جيەن، شېن شىنسياڭ، جاۋ داجۇڭ، ليۇ شياۋجۇن، لى فەن، ئاۋۇت داۋۇت،

ئاخۇن ھاجى، سۇن يادۇڭ، ياڭ جيەنشىڭ، جۇشياڭجىن، ئوبۇلقاسىم بەكرى، تۇر-
دى ئابدۇللا، ئوبۇل مەمتىمىن، ئۆمەر مۇسا، تۇرسۇن قەييۇم، مەمتىمىن ئوسمان، يۈسۈپ
ھوشۇر، ھۈسەيىن تۇرسۇن، ئابدىراخمان سۇلتان، ئابدىمامۇت، مەمەت روزى، روزى مەمەت
ھوشۇر، ئوسمان مۇسا، مامۇت ئاۋۇت، تۇرسۇن ھۈسەيىن، قادىر تۇرسۇن، مەخمۇت ھۈ-
سەيىن، سادىر تۇرسۇن، ۋاڭ شياڭدۇڭ، جاڭ يۇخۇەن، زويۈ ئىپ (ئايال)، ئابدۇقادىر
كېرىم، ھېزىم ياقۇپ، سوپى قادىر، مامۇت زۇنۇن، ئابلىز روزى، ئابلا سايىت، ئاۋۇت
ساۋۇر، ۋاڭ لىپىڭ (ئايال)، ليۇخۇي، جۇيىشىن، جاڭ يۇڭ، مەمەت ئىمىن، سىدىق ئابدۇ-
رۇسۇل، تۇرسۇنروزى، ئىسلام تۇرۇپ، مەمەت ھاجى، توختى ئەيسا (تاجىك)، ئادىل مامۇت،
ناسىر ئېيسا، نۇر سېيىت، ئوبۇلقاسىم تاش، تۇرسۇن توختى، ئوبۇل مەمەت، مەخمەت سېلىم.

تەپتىش سېستىمىسىدىن:

ۋاڭ باۋيىن، ھاجى تەلئەت، ھوشۇر زۇنۇن، ئابدۇۋېلى قاسىم، ئۆمەر روزى، سابىر
ياقۇپ، بوزىيگىت، ئابدىراخمان، بەكرى ئەمەت، لى پېينەن، ھاۋاخان، لياۋيەننيەن، توخ-
تىمەت نىياز، مەمەت روزى، ساۋۇت قاسىم، ئابلىمىت ئەخمەت، داۋۇت مەمتىلى، تۇرسۇن پا-
رس، ئوبۇلقاسىم ئۆمەر، گوشىنكې، تۇراپ تۇردى، ئىنايىتۇللا سەلەي، توختى مەمەتئىم-
ىن، ياقۇپ ھاجى، ئابدىرېھىم قادىر، روزى ساۋۇت.

سوت سېستىمىسىدىن:

يۈسۈپ قادىر، ئابلەھەت، گاۋچاڭشىڭ، يۈسۈپ مۇسا، چياۋبۇيۈەن، پەخىردىن زۇنۇن،
ئەيسا مامۇت، ئابدۇرۇسۇل تۇراق، ۋاڭ شىلىڭ، ئابدىكېرىم داۋۇت، سەمەت ئەخمەت، يا-
قۇپ روزى، سابىر سايىم، تىللا غوپۇر، غولام قادىر، غوپۇر تالىپ، سىدىق ھەسەن، روزى
تۇردى، مەمەت نىياز، شېرىپ ھوشۇر، مەمەت ئابدىكېرىم، ئاخۇن ھاجى، ئىبراھىم يۈ-
سۈپ، توختى مامۇت، يۈسۈپ ھاجى، نيۇجىشىڭ

ئەدلىيە سېستىمىسىدىن:

سەي فاشىڭ، خې يۈەنشەن، ئابباس، ياسىن، نۇرمەمەت ئېلى، تۇرسۇن نىياز، ئاي-
شەم، نىياز ئەمەت، جېلىل تۇرسۇن، جاۋدىڭشىن، ۋاسىل ناسىر، خې رۇڭخۇي، ئەركىن ئە-
مەت، ھاشىم ئەيسا، ئېزىز سىدىق، مەمەت ئامان (تاجىك)، ۋاڭ يۇڭبىن، لىن چىڭلۇڭ، پەر-
ھات ھەسەن، ماچۈەنلىن، يۈسۈپ ھېكىم، سەمەت پەيزۇللا، ئەمەتجان ئابدۇللا، لۇي جىن-
گۇاڭ، لى جاۋخۇ، لى جېژيۈەن، ئابلىمىت، مەمەت ئېزىز.

خەۋپسىزلىك سېستىمىسىدىن:

پەن خۇڭ، سەي شيا، ياقۇپ غوجەك.

قوراللىق ساقچى سېستىمىسىدىن:

لۇلىپىڭ، قاسىم، لى رۇشۇاڭ، چى جەنۋېي، دىلدۇر، ۋۇجيەنجۇن، ئەنۋەر، گوۋېيۈەن،
نىجات، جاڭ بىڭ، فاڭ جيەن، چى ئەنيى، كوجۇشىن، مىرزا كېرىم (تاجىك)، ماجۇ كې،

سىياسى - قانۇن كومىتېتىدىن:

ھوشۇر يۇنۇس، لى زىشىڭ، ليۇياۋخۇا، ئوبۇلقاسىم، جاڭ خۇڭيۈەن، شې فارۇڭ،
قۇددۇس قۇربان، ماۋباۋئەن، ياسىن ئەمەت، سۇلايمان ئوبۇل.

ئامما ۋەكىللىرى:

تۇرسۇنخان ئابدۇللا، ياسىن قارى (تاجىك)، تۇردى يۇنۇس، ياسىن ھەسەن، مەمەت بەختى، ئابلىز روزى، ئوبۇل مەمەت، ئېلى ئەمەت، ئامان قۇربان، ئابدىكېرىم ئابدۇللا، مۇمىن مىسكىن، مەخمۇت توختى، ئىسكەندەر ئەرشىدىن، مەمەت قۇربان، ئىسمايىل تۇردى، نەجىمىدىن ئاھىر، يۇسۇپ ئىمىن، ئۇرايىم سوپۇرگە.

**1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شەھەر-بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئىلغار شەخسلەر، كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئىلغار ئىشچى - خىزمەتچىلەر**

قەشقەر شەھىرىدىن:

جاڭ شىيۇن، لۇخەييەن، ئۆكتەبىر، جى جۇن، مۇختار، مەمەتجان، مۇنەۋۋەر قېيۇم، بەختى، خۇجيەنخۇاڭ، جۇڭ يۇشيا، ئېلى مىجىت، شىڭ شيۇلەن، دولقۇن، تيەن جيې، رەيھانگۈل.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن:

يې جىڭگو، پەن شۇخۇا، ئابباس جۇمە، جاڭ يۇنىلىڭ، ئابدىراخمان ياقۇپ.

كونىشەھەر ناھىيىسىدىن:

شېن لىپىڭ، ئامانگۈل كېرىم، ئايتۇرسۇن داۋۇت، ھاجى مەمەت.

يېڭىسار ناھىيىسىدىن:

نۇرگۈل، ھاجى، ئەمەت ئابدىكېرىم، ئەمەر ئېلى ئابلىمىت.

يوپۇرغا ناھىيىسىدىن:

تۇرسۇن ئاي تۇرۇپ، مەمەتجان ھۇسەيىن.

پەيزىۋات ناھىيىسىدىن:

جاڭ يەنفاڭ، مېھرىبان قاسىم، ئايگۈل، ئابدىرىشىت.

يەكەن ناھىيىسىدىن:

ئۆمەر داۋۇت، ئەركىن تۇرسۇن، سۇن خۇا، مېھرىگۈل ئايۇپ، ئوسمان ئابباس، باھارگۈل ئىمىن، نۇرمەمەت ئەبەيدۇللا.

مەكىت ناھىيىسىدىن:

ئايگۈل ئوبۇل، تۇرسۇن تۇراق، باھارگۈل، ليۇجياڭپىڭ، سۇن يۈشې.

پوسكام ناھىيىسىدىن:

ئازاتگۈل، سۇڭ چىڭيۇەن، ئەركىن، چېن خۇيچۇن.

قاغىلىق ناھىيىسىدىن:

جۇشيۇلىڭ، ئامىنەم، جاڭ ياۋپىڭ، قادىر، ئابلىمىت سېيىت.

مارالبېشى ناھىيىسىدىن:

جاۋ شياۋخۇاڭ، ئادىل قادىر، مەمەت ئىمىن، مۇختار.

يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىدىن:

شىڭ شۇيەن

ئىلغار يەككە ئەمگەكچىلەر:

لى فۇجياڭ، ھېمىت ئابدۇللا، تۇختان مەمەت، خوجا ئاخۇن ھاجى، ئەنۋەر ئابدىرىشىت، خەيرەت ياسىن، ئادىل ئابدىرېھىم، مەمەت مىجىت، زۇگۇيپىڭ، نۇردىن ئۆمەر، ئەمەت قادىر، نۇرمەمەت ئۆمەر، مۇتەللىپ مەمەت.

ئىلغار مەسئۇل كادىرلار:

چېن روجېن، دەي چاڭئەن، مەمەت كەنجى، ئىسلام روزى، ۋاڭ جىشۇ، جاڭ يۈيىجېن، ھەسەن سوپى، مۆمىن توختى، ۋاڭ يۈخلى، لى فېڭشياڭ، جاڭ جىزيۈەن، فۇيى، كاۋشىيەنفۇ، ئوبۇل توختى، زورا ئابىت.

ئەمگەكچى ئائىلە باشلىقلىرى:

مەمەت مەخمۇت، ياسىن ۋاسىل، مەمەت ئىبراھىم.

قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە

1984 - يىلى 14 - ئاۋغۇست

## 1984 - يىلى 12 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى "مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى" دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى

1984- يىلى، «خەلق»، «نۇر»، «تەنتەربىيە»، «جۇڭگو ياشلىرى»، «ئەدەبىي مەجمۇئە»، «سالامەتلىك»، «جۇڭگو مائارىپى» قاتارلىق گېزىتلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرلىرى تاللانغاندا، ۋىلايىتىمىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 12 نەپەر ئوقۇتقۇچىسى "مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى" دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

مەرەمنىسا ئابىت، پەيزىئاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزىسى زاغۇت باشلانغۇچ مەكتىپىدىن.

ئەمەت مەمەت، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

سېكىنسا ئەيسا، كونىشەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزا قۇمباغ باشلانغۇچ مەكتىپىدىن.

مەمەت ئىبراھىم، قاغىلىق ناھىيە جايتېرەك ئوتتۇرا مەكتىپىدىن.

نۇرىمان ئىبراھىم، يەكەن ناھىيە بازار ئىچى ھەزرىتىم مەكتىپىدىن.

تۇرۇپ تۇردى، پوسكام ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

شەمسىدىن شېيخ (ئەر)، تاجىك، تاشقورغان مازار باشلانغۇچ مەكتىپىدىن.

ئالتۇنخان سېيىت، مەكىت ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

شېرىپ ھېكىم، يېڭىسار ناھىيە توپلۇق باشلانغۇچ مەكتىپىدىن.

ليۇ ۋېيخۇڭ (ئايال)، قەشقەر شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

ئېلى يۈسۈپ، قەشقەر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

پاتىگۈل نەزەر، يوپۇرغا ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

## قەشقەر ۋىلايىتىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى

ئابدۇللا ئىسمايىل، ئايشەم ياسىن، ئابلىمىت ئوسمان، ۋاڭ جېنۇبىن، ۋاڭ جياروي، ئابلىز

لۇر، چۇ شىرۇلاڭ (خۇيزۇ)، ئامىنە ھاپىز، ئابدۇغوپۇر سىدىق، شىلاڭ ۋېيۇبىن، ئىزىز تەۋەككۇل، مەمەت ئۆمەر، ئامىنە ئىزىز، جياڭ ۋېنفاڭ، گۈلخان كەنجى، مۇسا ئايۇپ، جاڭچىڭيۇن، چېن جېنچياۋ، ئەمەر ھوشۇر، تۇرسۇن ئوسمان، روزىگۈل توختى، دامان داۋۇت، ئابلەت مەت-نىياز، يۈ جياپىڭ، راززاق ھوشۇر، مىڭ شۈلىن، يۇڭ نەنچاڭ، ئاتاۋۇللا غازى، مامۇت ياقۇپ، تۇرانىسا سادىق، لى كېيى، ئابدۇۋەلى ئاۋۇت، قاسىم ھېيت، سوپى روزى، ئوبۇل ئەھ-مەت، ليۇ يۈگۈاڭ، ئەخمەت قاۋۇل، ماگۇر ياقۇپ، مىجىت قاسىم، نورۇز بوۋاق، سابىروپ، پاتەم روزى، ئىسمايىل ئىزىز (تاجىك)، جامال مامۇت (قىرغىز)، ھېسامىدىن مامۇت، لۇشيۇ-چېن (ئايال)، سابىر مامۇت، ماچۇەنياۋ (ئايال)، رەخمەت مامۇت، مەمەت قادىر، ئاتىكە مامۇت، ليۇجېز، توختى تۇرسۇن، مەمەت يۇسۇپ.

### قەشقەر ۋىلايىتىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم را-يونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان كاندىدات ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى

جاڭ جېنۇۋ، سەمەر سەمەت، مەرەمنىساخان، رېزۋان غوپۇر، ۋاڭ شىڭجۇ، يىڭ جىڭجىڭ.

### 1984-يىلى مەملىكەتلىك 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2-سانلىق يىغىنىغا قاتناشقان قەشقەر ۋەكىللىرى

مامۇتتۇپ قۇربان، ئەبزەل (تاجىك)، سەمەت مەخسۇم، پاتەم بارات.

### 1984-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2-سانلىق يىغىنىغا قاتناشقان قەشقەر ۋەكىللەر ئومىكى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (85 نەپەر)

ئابدۇغوپۇر سىدىق، ئابلىمىت ئىبراھىم، بۇرابىيە مەخسۇت، پاتەم قۇربان، تۇردى سو-پى، تۇنىسا تۇرسۇن، جۇاڭ گۇيدى، جۇگۇاڭخۇا، جۇمە روزى، چى كو، جاڭ چىڭيۇن، مامۇ-تۇپ قۇربان، تيەن جۇڭ، خەيرىنگۈل تۇراق، ھارۇنخان ھاجى، ھۆرنىسا قاسىم، ئەسەتۇل-لا ھاجى، روزى ئىمىن، زۇلال ياقۇپ (تاجىك)، سەيدۇللا يۇسۇپ، سەلەي داموللا، مامۇت ئىسمايىل، ئىبراھىم نىياز، ئىمىنوپ ھامىت، مەمەت ئىلى ئىسمايىل، ئەمەتجان ئەخمەت، ئەمەتخان قادىر، ئابدۇۋايىت ساۋۇت، بۇخېلىچە ئىمىن، تۇرەك نۇرەك، ھۆرنىسا نى-ياز، سۇي شىنچىڭ، ياسىن تۇرغۇن، ئەمەت ئابدۇللا، قەمبەرگۈل ئاۋۇت، يۇسۇپ داموللا، مامۇت ئىسمايىل، مەمەت سايىم، تۇرسۇنگۈل سىيىت، ھۈسەيىن ئىمىن، توختىخان چاۋار، ياۋ زىجېن، نىياز كايىت، ئوسمان قاسىم، ئابدۇنەبى قاسىم، ئابلىكىم سايىت، جاڭ جۇن-جيە، چى چېڭدې، خەيرىنىسا ئۆمەر، غولامەت مەمەتخان، ئىبادەت ئىمىن، مەخسۇت مەمەت، مەمەت سىدىق، نۇرنىسا ئايۇپ، ئوسمان ھېيت، مەخسۇت مەمەت، بۇرھان داللوپ، تۇر-نىسا توختى، توختى مەمەت تۇردى، ئابلىمىت مامۇت، قەمەرنىسا تۇرۇپ، سېيىتنىسا تۇرۇپ، نۇرمەت ئۆمەر، مىجىت توختى، مەمەت ئەخلەت، ئەمەر ئېلى بارات، فاڭ لەنتىڭ، زىيا-ۋىدىن توختى، ئىسمايىل مەمەت، مىجىت قايىم، مەرەم ئابدۇروپ، مەمەت ھاشىم، ئامىنە ھاشىم، مامۇت ياقۇپ، ئىمىن مەمەت، ئابدۇغوپۇر زاكىر، زېتىمى بىگېك (ئايال، تاجىك)،

شامەھانشا خۇدابەردى (تاجىك)، ۋاڭ چىچېن، ئابدۇراخمان ھاجى، ئابلىمىت رېھىم، تۇر-
سۇنگۇل موھىدىن، داۋۇت ھەسەن، مامۇت ئىسمايىل، نۇر روزى.

**قەشقەر ۋىلايىتىدىن 1984 - يىلى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ سايلانغانلارنىڭ ئىسىملىكى**

ئابدۇراخمان توختى ھاجى، خې شۇمىن (ئاپال)، توختى مۇللا تەۋەككۇل، ئابلىمىت زۇنۇن، ئابدۇرېشىت ئەلەم، ئېمىرھەسەن قازى، ئامىنە موللاق، مامۇت قازى، ۋاڭ يىرېن، خان سەدىردىن(تاجىك)، ئەمەت ھاجى، تۇرسۇن ھۈسەيىن، نەزەر خەلىفە، ئابلىز مولاباش(تاجىك)، ئاببا س ئۆمەر، ئابدىكېرىم سەمەت، ئۆمەر غازى، شەمشىر (تاجىك)، ياقۇپ ھاجى، سەلىمە تالىپ، ئەزىزوپ، گۈەن شىخېڭ، ئابدۇرېشىت قارى شەمشىدىن، ئابدۇراخمان كېرىم، قۇربان ئىمىن، ئابلىمىت ئېلى، ئىبراھىم ئىسمايىل، ئابدىكېرىم سابىت، ئابلىز مامۇت.

**شەخسلەر ھەققىدە ئىزاھات:**

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە قەشقەردە خىزمەت قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئازاتلىقتىن كېيىنكى تەسىرى بولغان قەھرىمان-نەمۇنىچىلار ھەمدە باشقا ئاتاقلىق ئەرباپلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ماتېرىيالى تولۇق بولمىغاچقا، ۋاقىتىنچە كىرگۈزۈلمىدى. ئۇلارنىڭ ماتېرىياللىرى تولۇق رەتلىنىپ چىققاندىن كېيىن، يىلنامىغا يىلمۇ - يىل كىرگۈزۈپ ماڭىمىز.

## قوشۇمچە : قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق سان ئىستاتىستىكىلىرى

### قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى

| ناھىيە (شەھەر) ئىسمى | بازار | كوچا باشقارمىسى | ئاھالىلەر كومىتېتى | يېزا | يۇرتلۇق ئىچىدىكى مىللىي ئاپتونوم يېزىسى | كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى | كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 22 | 4 | 109 | 133 | 3 | 2163 | 11172 | |
| قەشقەر شەھىرى | | 4 | 40 | 3 | | 33 | 197 | |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 3 | | 8 | 12 | | 167 | 988 | |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 1 | | 3 | 17 | | 221 | 1624 | |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 1 | | 4 | 12 | | 150 | 812 | |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 1 | | 4 | 8 | | 70 | 453 | |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 2 | | 4 | 11 | | 251 | 1454 | |
| يەكەن ناھىيىسى | 4 | | 14 | 16 | 1 | 464 | 2377 | |
| پوسكام ناھىيىسى | 2 | | 4 | 10 | 1 | 124 | 628 | |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 2 | | 8 | 17 | | 300 | 1207 | |
| مەكىت ناھىيىسى | 1 | | 4 | 8 | | 134 | 547 | |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 4 | | 16 | 8 | | 210 | 843 | |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 1 | | | 11 | 1 | 39 | 42 | |

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە خەلق ئىشلار باشقارمىسى
1985 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە

### قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى

| | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەيدانلار: جەمئىي | دېھقانچىلىق مەيدانى | ئورمانچىلىق مەيدانى | چارۋىچىلىق مەيدانى | بېلىقچىلىق مەيدانى | مەيدانلارلىق نوپۇسى | مەيدانلارلىق ئائىلە سانى | مەيدانلارلىق ئەمگەك كۈچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 61 | 23 | 18 | 12 | 8 | 33671 | 6882 | 16996 |
| قەشقەر شەھىرى | 3 | 1 | | | 2 | 410 | 80 | 192 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 5 | 1 | 1 | 2 | 1 | 433 | 122 | 208 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 7 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1531 | 372 | 681 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 5 | 1 | 3 | | 1 | 747 | 204 | 400 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 5 | 3 | 1 | 1 | | 2010 | 468 | 910 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 4 | 1 | 2 | | 1 | 1492 | 148 | 1000 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 5 | 2 | 1 | 2 | | 3544 | 755 | 1421 |
| پوسكام ناھىيىسى | 4 | 2 | 2 | | | 5071 | 1469 | 2203 |
| يەكەن ناھىيىسى | 9 | 5 | 2 | 1 | 1 | 3327 | 789 | 1432 |
| مەكىت ناھىيىسى | 5 | 2 | 2 | | 1 | 1819 | 469 | 733 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 4 | 1 | 2 | 1 | | 2275 | 721 | 759 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 2 | | | 2 | | 545 | 99 | 266 |
| ۋىلايەتلىك ئەسلىلىك چارۋا مەيدانى | | | | 1 | | 1002 | 23 | 472 |
| يەيلو دېھقانچىلىق مەيدانى | | 1 | | | | 6394 | 594 | 4052 |
| قارا قۇلچىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى | | 1 | | | | 3071 | 362 | 2267 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسى

| | 1983 - يىل | 1984 - يىل | |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 2292669 | 2324375 | ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق 3 مەيداننىڭ 83-يىللىق نوپۇسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەكەن، قەشقەر شەھىرى، مارالبېشىغا قوشۇپ ھېسابلانغان |
| قەشقەر شەھىرى | 182057 | 186134 | |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 281414 | 284374 | |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 215053 | 214871 | |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 155464 | 158168 | |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 93164 | 94579 | |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 218304 | 220868 | |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 176392 | 177954 | |
| يەكەن ناھىيىسى | 448710 | 448323 | |
| پوسكام ناھىيىسى | 113225 | 115136 | |
| مەكىت ناھىيىسى | 122297 | 124642 | |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 265710 | 267304 | |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 20879 | 21555 | |
| پەيلو دېخانچىلىق مەيدانى | | 6394 | |
| ۋىلايەتلىك ئەسىللىك چارۋا مەيدانى | | 1002 | |
| قارا قىلچىلىق دېخانچىلىق مەيدانى | | 3071 | |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى

| | ئومۇمىي جەمئىي | جىنسى بويىچە ئايرىلىشى | | شەھەر-يېزا بويىچە ئايرىلىشى | | يېزا ئىگىلىك، غەيرىي يېزا ئىگىلىك بويىچە ئايرىلىشى | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەر | ئايال | شەھەر-بازار | يېزا-كەنت | يېزا ئىگىلىك | غەيرىي يېزا ئىگىلىك | |
| جەمئىي | 2324375 | 1186479 | 1137896 | 328206 | 1996169 | 1902465 | 421910 | |
| قەشقەر شەھىرى | 186134 | 93656 | 92478 | 138820 | 47314 | 43218 | 142916 | |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 284374 | 146473 | 137901 | 7358 | 277016 | 266810 | 17564 | |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 214871 | 109940 | 104931 | 25619 | 189252 | 185896 | 28975 | |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 158168 | 80826 | 77342 | 12965 | 145203 | 141479 | 16689 | |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 94579 | 48386 | 46193 | 7772 | 86807 | 86407 | 8172 | |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 220868 | 114552 | 106316 | | 220868 | 206265 | 14603 | |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 177954 | 91693 | 86261 | 20302 | 157652 | 149521 | 28433 | |
| يەكەن ناھىيىسى | 448323 | 225858 | 222465 | 45331 | 402992 | 389785 | 58538 | |
| پوسكام ناھىيىسى | 115136 | 58133 | 57003 | 17307 | 97829 | 90352 | 24784 | |
| مەكىت ناھىيىسى | 124642 | 62689 | 61953 | 9626 | 115016 | 102141 | 22501 | |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 267304 | 134814 | 132490 | 43106 | 224198 | 216738 | 50566 | |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 21555 | 11155 | 10400 | | 21555 | 16567 | 4988 | |
| پەيلو دېخانچىلىق مەيدانى | 6394 | 5028 | 1366 | | 6394 | 4219 | 2175 | |
| ۋىلايەتلىك ئەسىللىك چارۋا مەيدانى | 1002 | 615 | 387 | | 1002 | 686 | 316 | |
| قارا قىلچىلىق دېخانچىلىق مەيدانى | 3071 | 2661 | 410 | | 3071 | 2381 | 690 | |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىل ئاخىرىدىكى مىللەتلەر نوپۇسى

| مىللەتلەر ئايرىمىسى | بىرلىكى نەپەر | سانى | % ى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي جەمئى | 〃 | 2324375 | 100 | |
| ئۇيغۇر | 〃 | 2155683 | 92.74 | |
| خەنزۇ | 〃 | 134786 | 5.80 | |
| قازاق | 〃 | 159 | 0.01 | |
| خۇيزۇ | 〃 | 3335 | 0.13 | |
| قىرغىز | 〃 | 3924 | 0.17 | |
| موڭغۇل | 〃 | 39 | | |
| تاجىك | 〃 | 23915 | 1.03 | |
| تاتار | 〃 | 12 | | |
| ئۆزبېك | 〃 | 2127 | 0.09 | |
| شىبە | 〃 | 32 | | |
| رۇس | 〃 | 12 | | |
| مانجۇ | 〃 | 107 | | |
| داغۇر | 〃 | 6 | | |
| باشقا مىللەتلەر | 〃 | 238 | 0.01 | |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەر يىللىق خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى جەدۋىلى

( ھەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتى شۇ يىلدىكى تۇرغۇن باھا بويىچە ھېسابلاندى )          بىرلىكى: يۈەن

| يىل | سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى % | جەمئى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى %ى |
| 1949 - يىلى | 93067000 | 6442000 | 7 | 86625000 | 93 |
| 1950 - يىلى | 101372000 | 8278000 | 8 | 93093000 | 92 |
| 1951 - يىلى | 111103000 | 9324000 | 8 | 101779000 | 92 |
| 1952 - يىلى | 120103000 | 10017000 | 8 | 110086000 | 92 |
| 1953 - يىلى | 137957000 | 14163000 | 10 | 123794000 | 90 |
| 1954 - يىلى | 144794000 | 16461000 | 11 | 128333000 | 89 |
| 1955 - يىلى | 157301000 | 19198000 | 12 | 138103000 | 88 |
| 1956 - يىلى | 165125000 | 12066000 | 7 | 153059000 | 93 |
| 1957 - يىلى | 186611000 | 41409000 | 22 | 145202000 | 78 |
| 1958 - يىلى | 232945000 | 26581000 | 11 | 206364000 | 89 |
| 1959 - يىلى | 257959000 | 44327000 | 17 | 213632400 | 83 |
| 1960 - يىلى | 260820000 | 56925000 | 22 | 203895400 | 78 |
| 1961 - يىلى | 257862000 | 63195000 | 25 | 194666900 | 75 |
| 1962 - يىلى | 238479000 | 53026000 | 22 | 185452900 | 78 |
| 1963 - يىلى | 247472000 | 56819000 | 23 | 190652900 | 77 |
| 1964 - يىلى | 276229000 | 54128000 | 20 | 222100900 | 80 |
| 1965 - يىلى | 264443200 | 62371000 | 26 | 202061200 | 74 |

| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يىل |
|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى %ى | جەمئىي | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى %ى | جەمئىي | | |
| 72 | 218652600 | 28 | 83737000 | 302390000 | 1966 - يىلى |
| 71 | 194543300 | 29 | 78376000 | 272919000 | 1967 - يىلى |
| 72 | 180904600 | 28 | 69191000 | 250096000 | 1968 - يىلى |
| 77 | 177928000 | 23 | 52538000 | 230466000 | 1969 - يىلى |
| 74 | 181188900 | 26 | 61962000 | 243151000 | 1970 - يىلى |
| 68 | 188738900 | 32 | 87884000 | 276623000 | 1971 - يىلى |
| 71 | 188166700 | 29 | 78162000 | 266329000 | 1972 - يىلى |
| 75 | 214851000 | 25 | 73245000 | 288099000 | 1973 - يىلى |
| 72 | 205512800 | 28 | 80751000 | 286264000 | 1974 - يىلى |
| 67 | 202797600 | 33 | 98255000 | 301053000 | 1975 - يىلى |
| 68 | 221430400 | 32 | 101965000 | 323395000 | 1976 - يىلى |
| 66 | 224586200 | 34 | 117954000 | 342540000 | 1977 - يىلى |
| 65 | 235836100 | 35 | 127595000 | 363431000 | 1978 - يىلى |
| 65 | 242602200 | 35 | 129760000 | 372362000 | 1979 - يىلى |
| 73 | 416976000 | 27 | 154224000 | 571200000 | 1980 - يىلى |
| 72 | 451460000 | 28 | 178970000 | 630430000 | 1981 - يىلى |
| 73 | 539890000 | 27 | 202920000 | 742810000 | 1982 - يىلى |
| 73 | 624610000 | 27 | 224950000 | 849560000 | 1983 - يىلى |
| 76 | 743270000 | 24 | 235220000 | 978490000 | 1984 - يىلى |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984- يىللىق ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئورۇندىلىنىش ئەھۋالى

| 84 - يىلى 83 - يىلىدىكىدىن كۆپەيگەن، ئازايغان %ى | 1984 - يىلى | 1983 - يىلى | بىرلىكى | مەھسۇلات ئىسمى |
|---|---|---|---|---|
| 15.35 | 293000 | 254000 | توننا | كۆمۈر |
| 23.81 | 78000 | 63000 | 〃 | كوكس |
| 11.79 | 115355600 | 103185000 | كىلوۋات سائەت | توك |
| 22.03 | 63700 | 52200 | توننا | سېمونت |
| —14.53 | 43589500 | 51001000 | توننا | پاختا يىپ |
| —16.18 | 28949800 | 34540100 | مېتىر | پاختا رەخت |
| —18.30 | 15949800 | 19522700 | 〃 | بويالغان رەخت |
| 30.91 | 1065600 | 814000 | توننا | ئىلما-توقۇلما بويۇملار ئىچىدىكى يىپەك سۈلەندۈرۈلۈشى |
| - 3.31 | 514.34 | 531.96 | 〃 | ئاق ھاراق |
| 88.91 | 150.3 | 79.56 | 〃 | ئۈزۈم ھارىقى |
| 32.99 | 26200 | 39100 | دانە | كۆن - خۇرۇم |
| — 1.39 | 85200 | 86400 | كىشىلىك | خۇرۇم ئۇتۇلۇق كەش |
| 49.67 | 7600 | 15100 | كۋادرات مېتىر | گىلەم |
| 59.25 | 211800 | 133000 | دانە | تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى |
| 17.45 | 122.18 | 148 | توننا | قەغەز |
| 4.96 | 596.2 | 568 | 〃 | سوپۇن |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يىللاردىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلىش كۆلىمى

بىرلىكى : مو

| | 1978 - يىلى | 1980 - يىلى | 1984 - يىلى جەمئىي | بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېگىز تۇرغۇنلۇققا تېرىلغىنى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 7682500 | 7520300 | 7199100 | 1647000 | باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەر كەندىر، تاماكا، ئوتياش، بەدە، زىرە، قۇلماق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. |
| شال | 242700 | 225000 | 155800 | 58000 | |
| بۇغداي | 2788300 | 2836300 | 2751200 | | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: كۈزگى بۇغداي | 2659200 | 2710200 | 2680000 | | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: يازغى بۇغداي | 129100 | 126100 | 71200 | | |
| كومىقوناق | 2426100 | 2365300 | 1980700 | 1114900 | |
| ئاق قوناق | 309600 | 225300 | 44200 | 18200 | |
| ئارپا | 210400 | 133500 | 24400 | 200 | |
| چۈجىگۈن قوناق | 100 | 13000 | | | |
| دادۇر | 21800 | 20200 | 9300 | 500 | |
| باشقا قارا ئاشلىق | 183900 | 85200 | 45400 | 33900 | |
| كېۋەز | 828600 | 866900 | 1165500 | | |
| ياغلىق دان | 178300 | 190600 | 157900 | 5300 | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە: زىغىر | 123300 | 128300 | 106800 | 4400 | |
| پەلەس | | | 43800 | 500 | |
| باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەر | 492700 | 559000 | 864700 | 416000 | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە : قوغۇن | 119800 | 106000 | 113300 | 100 | |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يىللاردىكى ئاشلىق مەھسۇلاتى ئەھۋالى

بىرلىكى : جىڭ

| | 1978 - يىلى | | 1980 - يىلى | | 1984 - يىلى | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مەھسۇلات | % | مەھسۇلات | % | مەھسۇلات | % | |
| جەمئىي | 1230840000 | 100 | 1243040000 | 100 | 1660150000 | 100 | |
| شال | 43860000 | 3.56 | 38150000 | 3.07 | 57950000 | 3.49 | |
| بۇغداي | 4455730000 | 37.03 | 505110000 | 40.64 | 834740000 | 50.28 | |
| بۇلارنىڭ ئىچىدە : كۈزگى بۇغداي | 441520000 | 35.87 | 478930000 | 38.53 | 821030000 | 49.46 | |
| يازغى بۇغداي | 14210000 | 1.15 | 26180000 | 2.11 | 13710000 | 0.83 | |
| كومىقوناق | 605410000 | 49.19 | 614020000 | 49.40 | 740060000 | 44.58 | |
| ئاق قوناق | 66170000 | 5.37 | 48760000 | 3.92 | 14480000 | 0.87 | |
| ئارپا | 31040000 | 2.52 | 19740000 | 1.59 | 3150000 | 0.19 | |
| چۈجىگۈن قوناق | 30000 | | 1970000 | 0.16 | | | |
| دادۇر | 4750000 | 0.39 | 3210000 | 0.26 | 1910000 | 0.115 | |
| باشقا زىرائەتلەر | 23850000 | 1.94 | 12080000 | 0.97 | 7860000 | 0.47 | |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئەھۋالى

بىرلىكى: جىڭ

| | 1984 - يىلى | 1978 - يىلى | ئاشقىنى ياكى كېمەيگىنى | ئېشىش %ى | 79 - يىلىدىن 84 - يىلىغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرىچە ئاشقىنى ياكى كېمەيگىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 1660155000 | 1230840000 | 429315000 | 34.9 | 5.1 |
| قەشقەر شەھىرى | 25100000 | 26793000 | -1693000 | -6.3 | -1.1 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 178063000 | 129100000 | 48963000 | 37.9 | 5.5 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 131121000 | 97729000 | 33392000 | 34.2 | 5.1 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 105431000 | 87002000 | 18429000 | 21.2 | 3.2 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 61486000 | 47141000 | 14345000 | 30.4 | 4.5 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 127256000 | 109732000 | 17524000 | 16 | 2.5 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 217061000 | 180510000 | 36551000 | 20.2 | 3.1 |
| پوسكام ناھىيىسى | 141160000 | 95591000 | 45569000 | 47.7 | 6.7 |
| يەكەن ناھىيىسى | 401808000 | 284682000 | 117126000 | 41.1 | 5.9 |
| مەكىت ناھىيىسى | 118911000 | 79377000 | 39534000 | 49.8 | 6.9 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 136953000 | 75274000 | 61679000 | 81.9 | 10.4 |
| تاشقورغان | 5930000 | 6713000 | -783000 | -11.7 | -2.1 |
| ۋىلايەت ئورۇنلىرى | 9875000 | 11196000 | -1321000 | -11.8 | -2.1 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يىللاردىكى ئىقتىسادىي زىرائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

| تۈرلەر | بىرلىكى | 1978 - يىللىق مەھسۇلات | 1980 - يىللىق مەھسۇلات | 1984 - يىللىق مەھسۇلات | |
|---|---|---|---|---|---|
| پاختا | دەن | 327260 | 436490 | 1026390 | |
| بۇلنىڭ ئىچىدە: ئۇزۇن تالالىق پاختا | 〃 | 38350 | 15360 | 35000 | |
| قىچا | جىڭ | 89000 | 235000 | 42000 | |
| خۇاسىڭ | 〃 | | | 47000 | |
| زىغىر | 〃 | 5871000 | 7403000 | 10660000 | |
| كۈنجۈت | 〃 | | | 27000 | |
| پەلەس | 〃 | | | 29170 | |
| باشقا ياغلىق دان | 〃 | 21370 | 18382000 | 7080000 | |
| قىزىلچا | 〃 | 250000 | 850000 | 32000 | |
| كەندىر | 〃 | 89000 | 27000 | 58000 | |
| تاماكۇ | 〃 | 375000 | 30000 | 128000 | |
| قۇلماق | 〃 | | | 171000 | |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئەھۋالى

بىرلىكى : دەن

| | 1984 - يىللىق مەھسۇلات | 1978 - يىللىق مەھسۇلات | ئاشقىنى | ئېشىش %ى | ھەر يىلى ئوتتۇرىچە ئاشقىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 1026390 | 327260 | 699130 | 313.6 | 21 |
| قەشقەر شەھىرى | 3770 | 1081 | 2689 | 348.7 | 23.1 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 72310 | 24039 | 48271 | 300.8 | 20.1 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 88290 | 31880 | 56410 | 267.9 | 18.5 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 38820 | 14540 | 24280 | 266.7 | 17.8 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 74930 | 19830 | 55100 | 377.9 | 24.8 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 49360 | 19520 | 29840 | 252.9 | 16.7 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 100050 | 27350 | 72700 | 365.8 | 24.1 |
| پوسكام ناھىيىسى | 80070 | 23190 | 56880 | 345.3 | 23 |
| يەكەن ناھىيىسى | 220150 | 93030 | 127120 | 236.6 | 15.4 |
| مەكىت ناھىيىسى | 134100 | 53080 | 81020 | 252.6 | 16.7 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 160000 | 17870 | 142130 | 895.4 | 44.1 |
| ۋىلايەت ئورۇنلىرى | 4540 | 1810 | 2730 | 250.8 | 16.5 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق قوغۇن - تاۋۇز مەھسۇلاتى

بىرلىكى : جىڭ

| | 1983 - يىللىق مەھسۇلات | | 1984 - يىللىق مەھسۇلات | |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: قوغۇن | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: قوغۇن |
| جەمئىي | 173924000 | 129972000 | 215770000 | 162794000 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 40488000 | 26992000 | 42112000 | 29478000 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 12824000 | 8428000 | 25269000 | 15090000 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 11699000 | 6880000 | 9862000 | 7802000 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 9940000 | 9450000 | 12386000 | 9000000 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 59643000 | 51643000 | 43572000 | 35965000 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 1757000 | 1123000 | 35224000 | 31224000 |
| يەكەن ناھىيىسى | 19888000 | 13922000 | 21622000 | 17298000 |
| پوسكام ناھىيىسى | 4361000 | 4038000 | 4156000 | 3205000 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 7580000 | 4319000 | 7538000 | 6523000 |
| مەكىت ناھىيىسى | 885000 | 885000 | 5428000 | 3200000 |
| قەشقەر شەھىرى | 4562000 | 2168000 | 4152000 | 2868000 |
| تاشقورغان | | | | |
| پەيلو دىخانچىلىق مەيدانى | 181000 | 38000 | 2834000 | 500000 |
| ۋىلايەتلىك ئەسلىلىك چارۋا مەيدانى | 30000 | | 1029000 | 641000 |
| قارا قىلچىلىق دىخانچىلىق مەيدانى | 86000 | 86000 | 587000 | |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىل ئاخىرىدىكى چارۋىسى

بىرلىكى : تۇياق

| تۇغۇش يېشىدىكى چىشى چارۋا | بۇلۇڭ ئىچىدە: دىخانلارنىڭ ئەمگەككە ئىشلەتكىنى | 1984 ـ يىل ئاخىرىدىكى سان | |
|---|---|---|---|
| 1796800 | 536300 | 3984800 | ئومۇمىي جەمئىي |
| 169500 | 206200 | 487900 | كالا |
| 1200 | | 3200 | ئەسلىلىك بۇقا ۋە ئەسلىلىك سېيىر |
| 7700 | 27500 | 36900 | ئات |
| 88100 | 298000 | 369700 | ئېشەك |
| | 1200 | 1500 | خېچىر |
| 1600 | 3400 | 6300 | تۆگە |
| 4100 | | 16400 | چوشقا |
| 343400 | | 686700 | ئۆچكە |
| 1181200 | | 2376200 | قوي |
| 19000 | | 52600 | بۇلۇڭ ئىچىدە ئەسلىلىك ۋە شالغۇتلاشقان قوي |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1983 ـ ، 1984 ـ يىللىق چارۋا سانىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

بىرلىكى : تۇياق

| % | كۆپەيگىنى، ئازايغىنى | 1984 ـ يىل ئاخىرىدىكى سان | 1983-يىل ئاخىرىدىكى سان | |
|---|---|---|---|---|
| − 3.76 | 155600 | 3984800 | 4140400 | ئومۇمىي جەمئىي |
| 4.81 | 22400 | 487900 | 465500 | كالا |
| 28 | 700 | 3200 | 2500 | ئەسلىلىك بۇقا ۋە ئەسلىلىك سېيىر |
| 2.5 | 900 | 36900 | 36000 | ئات |
| − 1.65 | − 6200 | 369700 | 375900 | ئېشەك |
| − 6.25 | − 100 | 1500 | 1600 | خېچىر |
| − 4.55 | 300 | 6300 | 6600 | تۆگە |
| − 4.65 | − 800 | 16400 | 17200 | چوشقا |
| − 12.98 | 102400 | 686700 | 789100 | ئۆچكە |
| − 2.85 | 69800 | 2376200 | 2446000 | قوي |
| 26.44 | 11000 | 52600 | 41600 | بۇلۇڭ ئىچىدە ساپ ئەسلىلىك ۋە شالغۇتلاشقان قوي |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1983 - ، 1984 - يىللىق گۆش مەھسۇلاتى ئەھۋالى

(1)

بىرلىكى : جىڭ

| | ئومۇمىي گۆش مىقدارى | | ھەربىر تۇياقتىن ئوتتۇرىچە چىققان گۆش | |
|---|---|---|---|---|
| | 1983 - يىل | 1984 - يىل | 1983 - يىل | 1984 - يىل |
| ئومۇمىي جەمئىي | 21814000 | 33842000 | | |
| كالا | 5108000 | 8030000 | 166.7 | 196.2 |
| ئەسىللىك يىلقا ۋە ئەسىللىك سېپىر | 24000 | | 225 | |
| ئات | 366000 | 1022000 | 178.8 | 170 |
| تۆگە | 465000 | 320000 | 284 | 290 |
| گۆش چوشقىسى | 238000 | 857000 | 134 | 144.6 |
| ئۆچكە | 3340000 | 5109000 | 16 | 20.6 |
| قوي | 12273000 | 18504000 | 23 | 28 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1983 - ، 1984 - يىللىق گۆش مەھسۇلاتى ئەھۋالى

(2)

بىرلىكى : جىڭ

| | 1983- يىللىق ئومۇمىي گۆش مىقدارى | 1984- يىللىق ئومۇمىي گۆش مىقدارى |
|---|---|---|
| جەمئىي | 21814000 | 33842000 |
| قەشقەر شەھىرى | 789000 | 822000 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 2394000 | 4467000 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 2347000 | 3411000 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 1223000 | 2021000 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 651000 | 1512000 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 845000 | 1398000 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 1385000 | 5638000 |
| يەكەن ناھىيىسى | 4161000 | 5229000 |
| پوسكام ناھىيىسى | 979000 | 1716000 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 3436000 | 3998000 |
| مەكىت ناھىيىسى | 1820000 | 1922000 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 1447000 | 1225000 |
| پەيلو دىخانچىلىق مەيدانى | 265000 | 415000 |
| ۋىلايەتلىك ئەسىللىك چارۋا مەيدانى | 29000 | 26000 |
| قارا قىلچىلىق دىخانچىلىق مەيدانى | 43000 | 42000 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1983 ـ ، 1984 ـ يىللىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى

| مەھسۇلات ئىسمى | بىرلىكى | 1983 ـ يىلى | 1984 ـ يىلى |
|---|---|---|---|
| قوي يۇڭى | جىڭ | 2881000 | 3197800 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئېلىپ ئەكەتكىنى | 〃 | 129000 | |
| ئۆچكە يۇڭى | 〃 | 1252000 | 490800 |
| ئۆچكە تىۋىتى | 〃 | 67761 | 76067 |
| كالا سۈتى | 〃 | 10307000 | 17843900 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئېلىپ ئەكەتكىنى | 〃 | 953000 | |
| ئۆچكە، قوي سۈتى | 〃 | | 2200800 |
| كالا تېرىسى | دانە | 20298 | 29973 |
| قوي تېرىسى | 〃 | 412904 | 659317 |
| ئۆچكە تېرىسى | 〃 | 181034 | 235237 |
| توگە يۇڭى | جىڭ | 33600 | 24800 |
| ھەسەل ھەرىسى توپى | ساندۇق | 2512 | 2036 |
| ھەسەل مەھسۇلاتى | دەن | 1300 | 11454 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | 1983 ـ يىلى | 1984 ـ يىلى | كۆپەيگىنى، ئازايغىنى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|
| (1) ئەمەلىي قىلىنغان ئورمان كۆلىمى | مو | 180476 | 282698 | 102222 | يىل ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى 40% كە يەتكەن كۆلەم بويىچە ھېسابلاندى |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ماتېرىيال ئورمىنى | 〃 | 16259 | 19969 | 3710 | |
| ئىقتىسادىي ئورمان | 〃 | 2228 | 2523 | 295 | |
| ئىھاتە ئورمىنى | 〃 | 32771 | 52366 | 19595 | |
| يېقىلغۇ ئورمىنى | 〃 | 120835 | 200532 | 79697 | |
| باشقا ئورمانلار | 〃 | 8383 | 7308 | − 1075 | |
| (2) يېپىقلانغان كۆلەم | 〃 | 15463 | 16801 | 1338 | |
| (3) دائىرىگە ئېلىنغان تاغلاردا يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان كۆلىمى | 〃 | 155305 | | 155305 | |
| (4) شۇ يىلى پارچە-پۇرات تىكىلگەن دەرەخ | تۈپ | 34176000 | 51133000 | 16957000 | يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تۇتقان سانى بويىچە ھېسابلاندى |
| (5) يىغىلغان دەل-دەرەخ ئۇرۇقى مىقدارى | دەن | 22690 | 12667 | 10023 | |
| (6) يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي كۆچەت كۆلىمى | مو | 141669 | 135838 | − 5831 | |
| بۇنىڭ ئىچىدە: شۇ يىلى يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەت | 〃 | 711.76 | 59.073 | —12073 | |
| (7) ياش ئورمانلارنىڭ يېتىشتۈرۈلگەن ئەمەلىي كۆلىمى | 〃 | 243006 | 258134 | 115230 | |
| (8) ياش ئورمانلارنى يېتىشتۈرۈش، مەشغۇلات قىلىش كۆلىمى | 〃 | 357989 | 388119 | 30130 | |
| (9) چوڭ ئورمانلارنى يېتىشتۈرۈش كۆلىمى | 〃 | 135148 | 311737 | 176589 | |
| ئېتىز، كوچىلار باشقۇرغان مەيدان ۋە ئېرىقلارغا تىكىلگەن دەرەخ | كۇب مېتىر | 22754 | 49291 | | دەرەخ كېسىلگەن ئورمان مەيدانلىرىدىكى كېسىلگىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق ئورمان مەھسۇلاتى ئەھۋالى

بىرلىكى : جىڭ

| | ياڭاق مەھسۇلاتى | |
|---|---|---|
| جەمئىي | 1570700 | |
| قەشقەر شەھىرى | 3100 | |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 2600 | |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 2000 | |
| يەكەن ناھىيىسى | 235000 | |
| مەكىت ناھىيىسى | 63000 | |
| پوسكام ناھىيىسى | 10000 | |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 1254000 | |
| پەيلو دېخانچىلىق مەيدانى | 1000 | |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق مېۋىلىك دەرەخ كۆللىمى

بىرلىكى : مو

| تۈرلىرى | يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي باغ كۆلىمى: جەمئىي | يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي باغ كۆلىمى: بۇنىڭ ئىچىدە : شۇ يىلى يېڭىدىن قوشۇلغىنى | مېۋە بەرگەن باغ كۆلىمى |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 191547 | 20110 | 148589 |
| ئالما | 17601 | 1035 | 13667 |
| ئامۇت، نەشپۈت | 23339 | 1435 | 20074 |
| ئۈزۈم تېلى | 19318 | 2579 | 14912 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: كىشمىش ئۈزۈم تېلى | — | — | — |
| شاپتۇل | 41601 | 3059 | 33299 |
| ئۆرۈك | 69881 | 9875 | 52742 |
| باشقىلار | 19807 | 2127 | 13895 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 ـ يىللىق مېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

بىرلىكى : جىڭ (1)

| تۈرلىرى | ھەر خىل مېۋە مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە : دېھقانلارنىڭ ئۆزى ساتقىنى |
|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 136596000 | 92258000 |
| ئالما | 10475000 | 4031000 |
| ئامۇت، نەشپۈت | 21759000 | 10659000 |
| ئۈزۈم | 21032000 | 18422000 |
| شاپتۇل | 38846000 | 28760000 |
| ئۆرۈك | 39538000 | 26689000 |
| باشقىلار | 4906000 | 3697000 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق مېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

(2)

بىرلىكى : جىڭ

| | جەمئىي | |
|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 136596000 | |
| قەشقەر شەھىرى | 4067000 | |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 32687000 | |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 13931000 | |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 5898000 | |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 2821000 | |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 15768000 | |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 14914000 | |
| يەكەن ناھىيىسى | 18249000 | |
| پوسكام ناھىيىسى | 1810000 | |
| مەكىت ناھىيىسى | 11902000 | |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 13020000 | |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 103000 | |
| پەيلو دېخانچىلىق مەيدانى | 1293000 | |
| ۋىلايەتلىك ئەسلىمك چارۋا مەيدانى | 90000 | |
| قارا قىلچىلىق دېخانچىلىق مەيدانى | 43000 | |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىللىق سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

بىرلىكى : توننا

| | تۇتۇلغان ئومۇمىي بېلىق مىقدارى | | تۇتۇلغان ئومۇمىي بېلىق مىقدارى ئىچىدە بېقىلغان بېلىق مەھسۇلاتى | |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى |
| ئومۇمىي جەمئىي | 386.8 | 116.6 | 364.8 | 96.7 |
| قەشقەر شەھىرى | 23 | 21 | 23 | 21 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 19.9 | 1 | 18.7 | 1 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 8.4 | 4.3 | 7.7 | 4.3 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 4.5 | 4 | 2 | 1.5 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 4.5 | 4.5 | 4.5 | 4.5 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 7.7 | 7.7 | 3.4 | 3.4 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 85 | 30 | 42 | 30 |
| يەكەن ناھىيىسى | 99 | 1 | 52 | 1 |
| پوسكام ناھىيىسى | 4.2 | 2 | 4 | 2 |
| مەكىت ناھىيىسى | 80.5 | | 73.5 | |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 27 | 18 | 19 | 13 |
| پەيلو دېخانچىلىق مەيدانى | 15 | 15 | 15 | 15 |
| قارا قىلچىلىق دېخانچىلىق مەيدانى | 8.1 | 8.1 | | |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېزا باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1984 - يىللىق　　　(1)　　　بىرلىكى : يۈەن

| | كارخانا ئورۇن سانى (ئورۇن) | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) | سېتىلغان مەھسۇلات كىرىمى | ئومۇمىي پايدىسى (تاپاۋەت بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 174 | 10840000 | 9350000 | 2210000 |
| قەشقەر شەھىرى | 10 | 766000 | 710000 | 130000 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 27 | 2541000 | 210000 | |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 11 | 381000 | 330000 | 110000 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 11 | 110000 | 130000 | 40000 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 11 | 192000 | 330000 | 40000 |
| يەكەن ناھىيىسى | 18 | 2781000 | 2380000 | 540000 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 7 | 380000 | 356000 | 110000 |
| پوسكام ناھىيىسى | 60 | 2763000 | 3970000 | 990000 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 9 | 384000 | 384000 | 100000 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 10 | 542000 | 550000 | 150000 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېزا باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1984 - يىللىق　　　(2)　　　بىرلىكى : يۈەن

| | كارخانا ئورۇن سانى (ئورۇن) | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) | سېتىلغان مەھسۇلات كىرىمى | ئومۇمىي پايدىسى (تاپاۋەت بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) |
|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 174 | 10840000 | 9350000 | 2210000 |
| 1. كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرى بويىچە ئايرىلىشى | | | | |
| 1) يېنىك سانائەت | 106 | 6240000 | 4380000 | 990000 |
| يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىدىغىنى | 102 | 6070000 | 4220000 | 940000 |
| غەيرىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىدىغىنى | 4 | 170000 | 160000 | 50000 |
| 2) ئېغىر سانائەت | 68 | 4600000 | 4980000 | 1220000 |
| قېزىش سانائىتى | 5 | 870000 | 770000 | 180000 |
| خام ئەشيا سانائىتى | 37 | 2130000 | 2920000 | 780000 |
| ياساش سانائىتى | 26 | 1600000 | 1280000 | 260000 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1984 - يىللىق (3) بىرلىكى: يۈەن

| | كارخانا ئورۇنلىرى سانى (ئورۇن) | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) | سېتىلغان مەھسۇلات كىرىمى | ئومۇمىي پايدىسى (تاپاۋەت بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) |
|---|---|---|---|---|
| 2 - سانائەت تارماقلىرى بويىچە ئايرىلىشى | | | | |
| ئېنېرگىيە سانائىتى | 23 | 300000 | 380000 | 120000 |
| كۆمۈر سانائىتى | 4 | 790000 | 750000 | 180000 |
| ماشىنىسازلىق سانائىتى | 17 | 380000 | 480000 | 120000 |
| بۇ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش كەسپى | 13 | 200000 | 290000 | 60000 |
| بىناكارلىق سانائىتى | 27 | 3290000 | 3510000 | 850000 |
| يېمەكلىكلەر سانائىتى | 86 | 4810000 | 3320000 | 730000 |
| توقۇمىچىلىق سانائىتى | 15 | 1150000 | 790000 | 180000 |
| كىيىم - كېچەك سانائىتى | 1 | 2000 | 3000 | 1000 |
| باشقا سانائەتلەر | 1 | 120000 | 120000 | 30000 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارنىڭ 1984 - يىللىق ساپ كىرىمى (ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگىنى)

| | تەكشۈرۈلگەن ئائىلىلەرنىڭ ئائىلىلىق نوپۇسى (ئادەم) | يىللىق ساپ كىرىمى (يۈەن) | ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگىنى (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 157 | 45632 | 291 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 141 | 32113 | 228 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 157 | 44890 | 286 |
| يەكەن ناھىيىسى | 136 | 45224 | 259 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 182 | 88062 | 484 |

ئىزاھات: 5 ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ 150 ئائىلىسى تاللىنىپ تەكشۈرۈلدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارنىڭ 1984 - يىللىق ئومۇمى كىرىمىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى
( ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگىنى )

بىرلىكى : يۈەن

| | 1983 - يىلى | 1984 - يىلى | سېلىشتۇرمىسى | كۆپەيگىنى، ئازايغىنى (%) |
|---|---|---|---|---|
| قاغىلىق ناھىيىسى | 399.87 | 418.86 | 18.99 | 4.75 |
| يەكەن ناھىيىسى | 372.52 | 368.67 | - 3.85 | —1.03 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 427.86 | 421.97 | —5.89 | —1.38 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 302.09 | 358.09 | 56.00 | 18.54 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 614.75 | 734.70 | 119.95 | 19.51 |

ئىزاھات : 5 ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ 150 ئائىلىسى ئاللىنىپ تەكشۈرۈلدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارنىڭ 1984 - يىللىق ئومۇمى چىقىمى
( ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگىنى )

بىرلىكى : يۈەن

| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: تۇرمۇشقا ئىشلەتكىنى | ئائىلىۋى ئىشلەپچىقىرىشقا سالغان مەبلىغى | تاپشۇرغان ھوددە ۋەزىپىسى | مۇقىم مۈلۈك سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكىنى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قاغىلىق ناھىيىسى | 327.95 | 189.53 | 102.38 | 18.34 | 15.49 | 2.21 |
| يەكەن ناھىيىسى | 288.13 | 185.44 | 80.03 | 16.16 | 5.80 | 5.69 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 390.16 | 261.44 | 104.95 | 10.76 | 9.06 | 9.06 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 419.81 | 241.12 | 113.00 | 4.55 | 42.06 | 1.91 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 664.49 | 367.21 | 199.96 | 30.73 | 32.80 | 33.79 |

ئىزاھات : 5 ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ 150 ئائىلىسى ئاللىنىپ تەكشۈرۈلدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارنىڭ 1984 - يىللىق تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمى
( ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگىنى )

| | جەمئىي 100% | يېمەك - ئىچمەك ئۈچۈن % | كىيىم-كېچەك ئۈچۈن % | ئىشلىتىش ئۈچۈن % | ئۆي ئۈچۈن % | باشقا ئىش ئۈچۈن % |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قاغىلىق ناھىيىسى | 100 | 59.33 | 21.79 | 8.29 | 4.22 | 6.37 |
| يەكەن ناھىيىسى | 100 | 61.74 | 19.70 | 9.23 | 3.44 | 5.33 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 100 | 63.13 | 23.41 | 3.79 | 2.74 | 6.93 |
| پەيزىۋات ناھىيىسى | 100 | 65.03 | 21.20 | 5.13 | 1.48 | 7.15 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 100 | 63.56 | 15.49 | 9.16 | 6.84 | 7.94 |

ئىزاھات: 5 ناھىيىدىكى دېھقانلاردىن 150 ئائىلىسى تاللىنىپ تەكشۈرۈلدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارنىڭ 1984 - يىلى ئاساسلىق چىدامىلىق بۇيۇملارغا ئىگە بولۇش مىقدارى
( ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگىنى )

| | بىرلىكى | يەكەن ناھىيىسى | يېڭىشەھەر ناھىيىسى | قاغىلىق ناھىيىسى | پەيزىۋات ناھىيىسى | مارالبېشى ناھىيىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋېلىسىپىت | دانە | 34 | 83 | 53 | 73 | 83 |
| تىككۈچ ماشىنىسى | 〃 | 17 | 43 | 33 | 20 | 57 |
| رادىيو | 〃 | 5 | 43 | 27 | 23 | 60 |
| سائەت | 〃 | 29 | 63 | 40 | 7 | 53 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: قول سائىتى | 〃 | 25 | 57 | 30 | 7 | 53 |
| تېلېۋىزور | 〃 | | | | | |
| ئۈن ئالغۇ | 〃 | | | | | |
| كىر ئالغۇ | 〃 | | | | | |
| توڭلاتقۇ | 〃 | | | 3 | | |
| چوڭ تىپتىكى ئۆي جاھازلىرى | 〃 | 113 | 137 | 183 | 157 | 147 |

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى

# ئاخىرقى سۆز

4-ئاينىڭ 27-كۈنى، قەدىمىي شەھەر قەشقەردە رەڭمۇ-رەڭ چىراغلار يېقىلغان چاغدا، تەھرىر بۆلۈمىمىز 1985-يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاپ بولدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تارىختىن بۇيانقى تۇنجى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك يىلنامىسى دۇنياغا كەلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە بۇ يىلنامىنى نەشر قىلىشنى 1984-يىلى 5-ئايدا قارار قىلدى. ئۇ چاغدا بۇ كىتاب دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 36 يىللىقىغا ۋە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنىدىغان تۈر قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 9-ئايدا يەنە ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەيئەتلىرى يىغىنىدا بىر قېتىم قايتا قاراپ چىقىلدى، 10-ئاينىڭ باشلىرىدا ئالاقىدار ئورۇنلارغا رەسمىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى. گەرچە قەدەم تاشلىشىمىز كېچىككەن بولسىمۇ، لېكىن، ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ناھىيە (شەھەر) لەر، ئورۇنلار يېقىندىن ماسلاشقانلىقى ۋە تەھرىرلەر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ كىتابنى ئاخىر تۈزۈپ چىقىش ۋە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق خاتىرە كۈنىدىن ئىلگىرى نەشر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

تىلغا ئېلىشقا ئالاھىدە ئەرزىيدىغىنى شۇكى: ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى يىلنامە تۈزۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئومۇمىي گەۋدە لايىھەسىدىن تارتىپ مۇھىم ماقالىلارنى تەكشۈرۈشكىچە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى ۋە مەدەت بەردى، تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ يىلنامىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. بۇ دەل 1985-يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى»نىڭ ۋاقتىدا باسمىغا تاپشۇرۇلغانلىقىنىڭ ئاچقۇچى.

بۇ يىلنامىنى تۈزۈش خادىملىرىنى ناھايىتى ئاز دېيىش كېرەك. تەھرىر بۆلۈمىدە ئولتۇرۇپ يىلناما بىلەن شۇغۇللانغانلار دەسلەپتە ئىككى كىشى ئىدى، بۇ يىل 3-ئايدا 3 كىشىگە كۆپەيتىلدى (يەنى: باش تەھرىر، مۇئاۋىن باش تەھرىر ۋە تەھرىرلەردىن ئىبارەت). مەسئۇل تەھرىر چېن جىنلى باشقا بىر كىتاپ تۈزۈۋاتاتتى، ئۇ ۋاقىت چىقىرىپ يىلنامىنىڭ ئىشلىرىنى قوشۇمچە قىلدى؛ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان باشقا تەھرىرلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە ۋەزىپىدە بولدى، ئۇلار ھەر قايسى سىستېمىلارنىڭ تايانچى ياكى رەھبىرى ئىدى، ئۆز خىزمىتى ئالدىراش بولسىمۇ، تولىسى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ماقالە تەكشۈرۈپ، تۈزۈپ، ئىنتايىن جاپا چەكتى. ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان بۇ تەھرىرلەرنىڭ ئىش تەقسىماتى مۇنداق بولدى: يولداش لىۋ ياۋخۇا سىياسىي قىسمىغا مەسئۇل بولدى، يولداش جاڭ يۈەنشىڭ ئىقتىسات قىسمىنىڭ يېزا ئىگىلىك تارمىقىغا مەسئۇل بولدى؛ يولداش خۇاڭ تەنرۇڭ ئىقتىسات قىسمىنىڭ سانائەت، قاتناش، پوچتا-تېلېگراف تارمىقىغا مەسئۇل بولدى، يولداش گۇاڭ جىنشاۋ ئىقتىسات قىسمىنىڭ قۇرۇلۇش، مۇھىت ئاسراش، مالىيە-پۇل مۇ-

ئىملىسى، سودا تارمىقىدا مەسئۇل بولدى، يولداش كۆزۈتنۇ ھەربى ئىشلار قىسمىدا مەس-
ئۇل بولدى، يولداش جاۋيۇچاۋ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسمىدا مەسئۇل بولدى، يولداش
لى ۋېيدۇڭ پەن - تېخنىكا قىسمىدا مەسئۇل بولدى، يولداش چېن چىڭ مەدەنىيەت - ما-
ئارىپ قىسمىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تارمىقىدا مەسئۇل بولدى، يولداش شيې لىندۇڭ
مەدەنىيەت - مائارىپ قىسمىنىڭ مائارىپ تارمىقىدا مەسئۇل بولدى، يولداش جەن ۋەن-
چۈن مەدەنىيەت - مائارىپ قىسمىنىڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق تارمىقىدا مەسئۇل بول-
دى، يولداش جاۋ شىنيۇ سەھىيە، تەنتەربىيە قىسمىدا مەسئۇل بولدى، يولداش جىياڭ
زۈگېيۇ شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش قىسمىدا مەسئۇل بولدى، ئالاھىدە بېرىلگەن ماقالىلار،
ئومۇمى ئەھۋال، تاشقى ئىشلار قاتارلىق قىسىملىرىنى باش تەھرىر، مۇئاۋىن باش تەھ-
رىرلەر ۋە مەسئۇل تەھرىرلەر قوشۇمچە ئىشلىدى.

بۇ يىلنامىنى تۈزۈش ۋاقتىنى قىس دىيىش كېرەك. كىتاب 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا چىقىرىل-
ماقچى ئىدى، زاۋۇت تەرەپ ماقالىنى ئەڭ كېچىككەندە 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يەتكۈزۈپ
بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ماقالە يېزىش خىزمىتى ماتېرىيالنىڭ مۇكەممەل بولماس-
لىقى ۋە ئىستاتىستىكا سانلىرىنىڭ توپلىنىشىنىڭ ئاستا بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەرنىڭ
چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ماقالىلارنىڭ شەكىللىنىشى ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىر قەدەر كېچىك-
تى. كىتاب جەمئىي 426 ماۋزۇ بولۇپ، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، تەھرىر بۆلۈ-
مىمىز ئاران 129 ماۋزۇدىكى دەسلەپكى ماقالىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە خېلىلا لا-
ياقەتسىز بولغانلىرىدىن قايتۇرۇۋېتىپ قايتا يازدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىمۇ بار ئىدى. مۇشۇن-
داق ئەھۋالدا، تەھرىر بۆلۈمىمىز ئاساسلىق زېھنىنى ماقالە سۈيلەشكە ۋە ماقالە يېزىش-
قا يېتەكچىلىك قىلىشقا قارىتىشقا مەجبۇر بولدى. 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنى-
گىچە، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ماقالە يازغۇچىلارنى قەشقەرگە يىغىپ، ئومۇمى ئەھۋال-
غا ۋە تاللانغان ماقالىلارغا كوللىكتىپ ھالدا تۈزىتىش كىرگۈزدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرۋا-
قىتتا، ۋىلايەتتىكە بىۋاستە قاراشلىق ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتۇق.
2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، كەلگەن ماقالىلار كۆپىيىپ 223 كە يەتتى، تېخىچە يېرىمى كەم ئى-
دى. ۋىلايەتلىك پارتكوم مەسئۇللىرى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئالاقىدار ئورۇن-
لارنىڭ رەھبەرلىرىنى شەخسەن چاقىرتىپ، بۇ يىلنامىنى نەشىر قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە
جىددىيلىكىنى چۈشەندۈردى، بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرەمسىلىك خاھىشىنى تەنقىت قىلدى
ھەمدە ماقالە تاپشۇرۇشنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىنى چەك بىلەن بېكىتىپ بەردى. بۇ چاغدا زا-
ۋۇت تەرەپ بەلگىلىگەن باسمىغا تاپشۇرۇش ۋاقتىغا 50 نەچچە كۈن قالغان ئىدى. بىز ھەل
قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ماقالە تۈزدۇق. مۇنداق
تېز، رېتىملىق جىددى خىزمەت 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈنلا، ماقالىنى
ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئاساسى جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىندى.

بۇ يىلنامىنىڭ ماقالىلىرىنى دەرىجىگە بۆلۈپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق: مۇ-
ھىم ماقالىلارنى ۋىلايەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتتى، بىر قەدەر مۇ-
ھىم ماقالىلارنى سېستىمىلارنىڭ رەھبەرلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتتى، ئادەتتىكى ماقالىلارنى
ماقالە يازغۇچى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. تەھرىر بۆلۈمىمـ-

ىمىز يەنە ئېيسا شاكىر، مامۇت ھوشۇر، ئېزىز خۇدابەردى قاتارلىق يولداشلارنى مەسىلىھەتچىلىككە ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى، ئۇلار مىللىي، دىنىي، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتتىكى ماقالىلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ياردەم بېرىشكە مەسئۇل بولدى.

بۇ يىلنامە خەنزۇچە خەت ھېساۋىدا 558 مىڭ خەت بولۇپ، ئاساسىي تېكىستى ئارىسىغا 177 پارچە رەڭسىز سۈرەت قوشۇمچە قىلىندى، يەنە، 52 پارچە رەڭلىك سۈرەت بار. ئومۇمىي گەۋدە لايىھىسى ئېلىپ بېرىلغاندا، ئىجتىمائىي، مىللىي، دىنىي قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭ بەت سانىنىڭ ئازراق بولغانلىقى، يەككە قىسىم بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ قىيىنغا چۈشىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، سىياسىي قىسمىغا قوشۇۋېتىلدى؛ زور كۆپ ساندىكى ماۋزۇلارنىڭ مەزمۇن جەھەتتە 1984-يىللىق ئەھۋالنى ئاساس قىلىش تەلەپ قىلىندى؛ مۇكەممەل بولسۇن ئۈچۈن، بەزى تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئارقا كۆرۈنۈش ئەھۋاللىرىمۇ كىرگۈزۈلدى؛ ماتېرىيال ۋە باشقا ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش قىسمىغا كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك بەزىلىرىنى كىرگۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدۇق، ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، مۇندىن كېيىنكى يىلنامىلەرگە يىلمۇ-يىل كىرگۈزمەكچىمىز.

بۇ يىلنامىگە توپلانغان ماتېرىياللار بىر قەدەر كۆپ، بۇ، خۇددى شىنجاڭنىڭ لىنتېنىدەك، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەينەن خاتىرىلەپ بەردى، بۇ، مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. لېكىن، ۋاقىت قىس بولغانلىقى، تۈزگۈچىلەرنىڭ تەجرىبىسى يېتەرسىز ۋە سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يىلنامىدە روشەن يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلاندى، ئاساسلىقى مۇنۇ تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ: بىرىنچى، ماقالىلارنىڭ قېلىپلىشىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بۇ يىلنامىنىڭ ئاپتورلىرى جەمئىي 200 گە يېقىن، ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ئىچىدە ئېسىل ئەسەرلەر ئاز بولمىسىمۇ، لېكىن سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزى ماقالىلار كۆپ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىقمۇ كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمىدى، يەنە كېلىپ تۈزگۈچىلەرنىڭ بىر-بىرلەپ تۈزىتىپ چىقىشىغا ۋاقتى بولمىغاچقا، سىياسىي جەھەتتە خاتاسىز، ساۋات جەھەتتە نۇقسانسىز بولسىلا چىقىرىۋەردۇق. شۇڭلاشقا، ماقالە تۈرى جەھەتتە بىرلىككە كەلمەسلىك، ئۇسلۇپ جەھەتتە بىردەك بولماسلىقتەك ئىللەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىككىنچى، گىرەلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىشى دېگەندەك ياخشى بولمىدى. مەلۇم ماۋزۇلارنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، بەزى گىرەلەشتۈرۈشلەردىن ساقلانغىلى بولمىدى، بەزىلىرىدىن ساقلىنىش كېرەك ئىدى. ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇ كىتابتا ساقلىنىشقا بولىدىغان ئايرىم گىرەلىشىشلەردىن ساقلىنالمىدى. ئۈچىنچى، ئوخشاش تۈردىكى ئايرىم سانلار بىردەك بولمىدى. ناھىيە (شەھەر) لەر ۋە ئورۇنلار تەمىن ئەتكەن سانلاردىن ئايرىملىرىنىڭ ئىستاتىستىكا باشقارمىسى تەمىن ئەتكەن سانلاردىن پەرق ئېتىپ قېلىشى ھەر قايسىسىنىڭ ئىستاتىستىكا ئۆلچىمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان ئىدى، بىز بىر نەچچە قېتىم سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بىرلىككە كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردۇق، بىرلىككە كەلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىرى ھەققىدە ئىزاھات بەردۇق. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان يېتەرسىزلىكلەرنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ يىلنامىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەرجىمە ۋە تەھرىرلىك خىزمىتىگە يولداش مۇ-
ھەممەت ئابدۇللا ۋە سۇلايمان ھاپىز رىياسەتچىلىك قىلدى، يۈسۈپجان، ئابدىكېرىم رەشىت،
ئابدىكېرىم خالىق، ئابلىز يۇنۇس، جۇجىزۇ، زەيدىنجان مامۇت قاتارلىق يولداشلار تەر-
جىمە ۋە سېلىشتۇرۇشقا قاتناشتى.

بۇ كىتابنى تەھرىرلەش جەريانىدا، بىز يەنە ۋىلايەتلىك ئىستاتىستىكا باشقارمىسى، مالىيە باشقارمىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتۇق، بۇ يەردە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

1985-يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى» نىڭ كىتاب بولۇپ چىقىشى بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، دەس-
لەپكى قەدەمدە قىلىپ باققان بىر ئىش بولدى، بىزنىڭ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساۋاق-
لارنى قوبۇل قىلىپ، مۇندىن كېيىنكى يىلنامىلارنى تۈزۈش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى
كۆتۈرۈشىمىزگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىد-تەكلىپلىرىنى
ۋاقتىدا بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«قەشقەر يىلنامىسى» تەھرىر بۆلۈمى

1985-يىل 6-ماي.

«قەشقەر يىلنامىسى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى

باش تەھرىرى: لۇپېيتيەن

مۇئاۋىن باش تەھرىرلىرى: تۇجىشۇ، جاڭ يۈەنشېڭ

مەسئۇل تەھرىرى: چېن جىنلى

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەھرىرلەر: ليۇ ياۋخۇا، گۇاڭ جىنشاۋ، خۇاڭ تيەنرۇڭ، كۇزۇگۇ، جاۋۋېيچاۋ، لى ۋېيدۇڭ، شېي لىمىندۇڭ، چېن چىڭ، جەنۋەنجۈن، جاۋشىنيۈ، جاڭ زۇگېيۇ

گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: چېن نيۇ

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: جاڭ ياۋجۇ

تەرجىمە تەھرىرلىرى: سۇلايمان ھابىل، مۇھەممەت ئابدۇللا

تەرجىمانلار: مۇھەممەت ئابدۇللا، سۇلايمان ھابىل، يۈسۈپجان، ئابدىكېرىم رىشىت، ئابدىكېرىم خالىق، ئابلىز يۇنۇس، جۇجىمىزۇ، زەيدىنجان ماموت.

خەرىتە سىزغۇچى: مەھەممەت رېھىم ئەخمەت

# قەشقەر يىلنامىسى 1985

ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇن: قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش ھەيئىتى
تەرجىمە قىلىپ تەھرىرلەپ نەشر قىلغۇچى: «قەشقەر يىلنامىسى» تەھرىر بۆلۈمى
رەڭلىك بەتلەر خېبېي شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەسىدە بېسىلىپ تۈپلەندى

فورماتى 787×1092، 1/16. باسما تاۋاق 57.25 قىستۇرما بەت 4
1985 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلدى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قورۇللۇق ژورنال تىزىم نومۇرى 851
باھاسى: (قەتتەرقى) 20 يۈەن
ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ